جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلەر
قىسقىچە تارىخىغا ئائىت مەجمۇئە

# ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى

«ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» نى
يېزىش گۇرۇپپىسى

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



«توققۇز ئۇيغۇر قاغانى ئابىدىسى»

(ئەسلىسى: «ئاي تەڭرى قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان ئابىدىسى»)



قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «قوجو خانىنىڭ تۆھپىلىرى ھەققىدىكى يادنامىلەر»

(1943-يىلى، خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېي ناھىيىلىك

مەدەنىيەت-مائارىپ يۇرتىدا چاپ قىلغان)



قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان «مايترى سىمىت» تىن پارچىلار



قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ قول يازمىلىرىدىن پارچىلار



بسم الله الرحمن الرحيم

ئەرەبچە يېزىقتىكى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ قول يازمىلىرىدىن پارچىلار



«تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ قول يازمىلىرىدىن پارچىلار



بشبالىق قەدىمكى شەھىرىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسىدىكى تام رەسىملىرى



بېزەكلىك مىڭئۆي تام رەسىملىرى  نىرۋانانىڭ رەسىمى



بېزەكلىك مىڭئۆيلىرى 37-غاردىكى تام رەسىمى
ئۇيغۇر پادىشاھىنىڭ رەسىمى



مڭئوي تام رەسملرى

قەدمكى ئۇيغۇرلارنڭ يۇقرى
قاتلام كشلرنڭ رەسمى



مڭئوي تام رەسملرى



مىڭئۆي تام رەسىملىرى

ئايال تېۋىنغۇچى



گىلەم ۋە گىلەم سودىسى



كۇلالىچىلىق بۇيۇملىرى



قەشقەردىكى ھېيتگاھ جامەسى



ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ سۆھبەتلەشمەكتە



يولداش ئەخمەتجان قاسىمى 1948-يىلى ئىلدىكى مەسئۇل كادىرلارغا خىزمەت

ئورۇنلاشتۇرماقتا



**«شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»نىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق تەشكىلىي (دائىمىي) ھەيئەت ئەزالىرى**

ئالدىنقى رەت ئوڭدىن سولغا: سەيپىدىن ئەزىزى، ئەخمەتجان قاسىمى، مۇتئۇەللى خەلپەت. گېنېرال ئىسھاقبېك، قىيۇمبەگ خوجا

كېيىنكى رەت ئوڭدىن سولغا ئەنۋەرجانبابا، تويغۇر سابىرانى، سەيپۇللايېۋ، ئەسھەت ئىسھاقوۋ، ئىبراھىم تۇردى



**مىمارچىلىق گۈل ئۈسخىلىرى**



چالغۇ ئەسۋابلرنى ياسغۇچى



ئوركبستر



تۇرپان ئىمىن ۋاڭ مۇنارى



شايىگە چۈشۈرۈلگەن ئۇيغۇر بۇددىست تېۋىنغۇچى بوۋاي



دوپپىچىلىق بازىرى



مىسكەرلەر



ئاپئاق خوجا مازری



ئۇيغۇر قزلرنىڭ چاچلری



قوجو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۆھۈرى («ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى»)

# «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قىسقىچە تارىخى مەجمۇئەسى» نى نەشر قىلىش ھەققىدە

دۆلىتىمىز بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك بىر دۆلەت. ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى ئورتاق بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئۇزاق تەرەققىيات داۋامىدا، ھەر مىللەت خەلقى ئۆز ھەسسىسىنى قوشقانىدى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تارىخى ۋەتىنىمىز تارىخىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمىدۇر. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز تارىخىغا نىسبەتەن ئىپتىخارلىقىنى قوزغاش، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئورتاق قەدەم تاشلاپ مېڭىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش مەقسىتىدە، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قىسقىچە تارىخى مەجمۇئەسى» دېگەن بىر يۈرۈش كىتابنى رەسمىي نەشر قىلىشنى قارار قىلدۇق.

بۇ مەجمۇئەنى يېزىپ چىقىش ۋە نەشر قىلدۇرۇش ئىشى ئۇزاق مۇددەت، كوللېكتىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىسىدا ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 1956 - يىلىلا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋجۇشىنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مىللەتلەر كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ بىۋاستە

رەھبەرلىكىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلغانىدى. 1958 - يىلى، گوۋۇيۈەن مىللىي ئىشلار كومىتېتى ۋە جوڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەلسەپە ئىجتىمائىي پەن بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقاتى ئورنىنىڭ كونكرېت رىياسەتچىلىكىدە، مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى ۋە بېيجىڭدىكى ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ئاكتىپ قاتنىشىشى ئارقىسىدا، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈش خىزمىتى داۋاملاشتۇرۇلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى ۋە قىسقىچە تەزكىرىسىنى يېزىش باشلاندى. 1959 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، كۆپ قىسمىنىڭ دەسلەپكى كۇپىيىسى يېزىلىپ بولدى، 1963 - يىلى، مىللەتلەر تەتقىقاتى ئورنى كەڭ دائىرىدە پىكىر ئېلىپ، تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئاشكارا نەشر قىلىنىدىغان سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، بۇ دەسلەپكى ئورىگىناللارنى باستۇرغانىدى. لېكىن، لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ پاراكەندىچىلىكى، بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن، مىللەتلەر تەتقىقاتى خىزمىتى ئون يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت توختاپ قالدى. نەتىجىدە، بىزنىڭ بۇ ئارزۇيىمىزمۇ ئەمەلگە ئاشمىدى. ھازىر، بىز ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قىسقىچە تارىخىنى 1949 - يىلى پۈتۈن مەملىكەت ئازاد بولغانغا قەدەر يېزىشنى قارار قىلدۇق. دەسلەپكى ئورىگىنال ئاساسىدا تۈزىتىپ ۋە تولۇقلاپ، ئارقا-ئارقىدىن، ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئاشكارا نەشر قىلدۇرماقچىمىز.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنى، بولۇپمۇ مىللەتلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت يازما ماتېرىياللارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا توپلاش، رەتلەشكە ۋە تەتقىق

قىلىشقا توغرا كەلگەنلىكتىن، بۇ مەجمۇئەنى يېزىپ چىقىشتا ھازىر پايدىلانغىلى بولىدىغان تارىخىي ماتېرىياللارنىلا ئاساس قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىزنىڭ سەۋىيىمىز چەكلىك، شۇ سەۋەبتىن بىخەستەلىك، خاتالىقلاردىن خالىي بولۇش قىيىن، كىتابخانلارنىڭ تۈزىتىش بېرىشىنى سورايمىز.

دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى مىللىي مەسىلىگە ئائىت بەش كىتاب تەھرىرىيىتىنىڭ «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قىسقىچە تارىخى مەجمۇئەسى» تەھرىر گۇرۇپپىسى

TURAN
No:7

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە ........................................ 1

بىرىنچى باب شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ... 12

1 - بۆلۈم شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەر .......................... 12

2 - بۆلۈم ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ...... 46

ئىككىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى ...................... 65

1 - بۆلۈم ئۇيغۇرلارنىڭ گۈللىنىشى ............ 65

2 - بۆلۈم ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى ............ 76

ئۈچىنچى باب قوچو ئۇيغۇر خانلىقى.................. 106

1 - بۆلۈم «قوچو» دېگەن نام ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى ............................ 106

2 - بۆلۈم قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ سىياسىي تۈزۈمى ............ 111

3 - بۆلۈم قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ........................ 124

4 - بۆلۈم قوچو ئۇيغۇر خانلىقى مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشى .............. 138

تۆتىنچى باب قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ........................... 160
1 - بۆلۈم قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە زەئىپلىشىشى ..................... 160
2 - بۆلۈم قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سىياسىي تۈزۈمى ۋە ئىجتىمائىي ئىگىلىكى ... 179
3 - بۆلۈم قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئىدىيە، مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ - ئادەت ......... 194
بەشىنچى باب قاراقىتان خانلىقى، موڭغۇللار ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ........................... 214
1 - بۆلۈم قارا قىتانلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار... 214
2 - بۆلۈم موڭغۇللار ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ........................ 224
3 - بۆلۈم ئىجتىمائىي ئىگىلىك ۋە مەدەنىيەت ئەھۋالى ................................ 239
ئالتىنچى باب چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار................................ 266
1 - بۆلۈم چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ................................ 266
2 - بۆلۈم شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ...... 275
3 - بۆلۈم ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئىگىلىكى، مەدەنىيىتى ۋە دىنىي ئېتىقادى ...... 286
يەتتىنچى باب يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ................................ 304

1 - بۆلۈم  يەكەن خانلىقىنىڭ گۈللىنىشى ۋە هالاك بولۇشى ........................ 304
2 - بۆلۈم  يەكەن خانلىقىنىڭ سىياسىي تۈزۈمى، ئىجتىمائىي ئىگىلىكى ۋە مەدەنىيەت-سەنئىتى ................................ 322
سەككىزىنچى باب  چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئۇيغۇرلار ................ 339
1 - بۆلۈم  چىڭ سۇلالىسى بىلەن جۇڭغارلارنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى كۈرەشلىرى ... 399
2 - بۆلۈم  چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ......................... 347
3 - بۆلۈم  ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ... 358
4 - بۆلۈم  ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتى ............................ 374
5 - بۆلۈم  ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زوراۋانلىققا قارشى كۈرەشلىرى ۋە جاھانگىر خوجىنىڭ پاراكەندىچىلىكى .................. 393
توققۇزىنچى باب  ئەپيۈن ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ... 403
1 - بۆلۈم  XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ فېئوداللىزمغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى .................. 403
2 - بۆلۈم  ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرىشى... 426
3 - بۆلۈم  جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭغا سىيا-

سي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت چەھەتلىرىدىكى تاجاۋۇزى ۋە تەسىرى... 449

ئونىنچى باب — شىنجاڭنىڭ ئۆلكە قىلىپ ئۆزگەرتىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ... 465

1 - بۆلۈم — شىنجاڭنىڭ ئۆلكە قىلىپ ئۆزگەرتىلىش جەريانى ........................ 465

2 - بۆلۈم — شىنجاڭ ئۆلكە قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى ................ 475

ئون بىرىنچى باب — شىنخەي ئىنقىلابى ۋە قۇمۇل، تۇرپانلاردىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ قوزغىلاڭلىرى ............................ 485

1 - بۆلۈم — شىنخەي ئىنقىلابى شىنجاڭدا ...... 485

2 - بۆلۈم — قۇمۇل، تۇرپاندىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ قوزغىلىشى ۋە چىرىيە خەلقىنىڭ چاررۇسىيىگە قارشى كۈرىشى ... 497

3 - بۆلۈم — ياڭ زېڭشىننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان تەسىرى.......... 508

ئون ئىككىنچى باب — «4 — ماي» ھەرىكىتىدىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قەدەر بولغان مەزگىلدىكى شىنجاڭ ......... 520

1 - بۆلۈم — قۇمۇلدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جىن شۇرېنغا قارشى كۈرىشى ......... 520

2 - بۆلۈم — «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ يوقىتىلىشى ......................... 537

3 - بۆلۈم جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە تەسىرى ........................ 543

4 - بۆلۈم شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىل ۋە گومىنداڭنىڭ شىنجاڭغا بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى ......... 570

**ئون ئۈچىنچى باب ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازاد بولۇشى ............ 580**

1 - بۆلۈم ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ............................ 580

2 - بۆلۈم ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى — ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ...................... 592

3 - بۆلۈم شىنجاڭدا مىللىي بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى ...................... 603

4 - بۆلۈم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازادلىقى ......... 610

**ئون تۆتىنچى باب ئۇيغۇر خەلقى سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ ئىلگىرىلىمەكتە ............... 622**

1 - بۆلۈم ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئەھۋالى ............................ 622

2 - بۆلۈم ئۇيغۇر خەلقى سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ ئىلگىرىلىمەكتە ............ 639

**ئون بەشىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ پەن - تېخنىكىسى ۋە مەدەنىيىتى ........................ 655**

1 - بۆلۈم دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكىسى ۋە تىبابەتچىلىك ...................... 655

2 - بۆلۈم ئەدەبىيات، تىياتىر، مۇزىكا، ئۇسسۇل... 667

3 - بۆلۈم هۈنەر - سەنئەت .................... 707
ئون ئالتىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ۋە دىنىي ئېتىقادى .................... 724
1 - بۆلۈم ئائىلە، نىكاھ ۋە دەپنە ............ 724
2 - بۆلۈم كىيىنىش، ئوزۇقلىنىش، ئۆي - جاي ۋە باشقا تۇرمۇش ئادەتلىرى ... 734
3 - بۆلۈم دىنىي ئېتىقادى .................... 748
چوڭ ئىشلار يىلنامىسى .................................. 753

# مۇقەددىمە

ئۇيغۇرلار — ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئەزالىرىدىن بىرى. نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان، ئەمگەكچان، باتۇر ئۇيغۇر خەلقى ۋەتىنىمىزدىكى باشقا ھەر قايسى مىللەت خەلقى بىلەن ئۆزئارا ئۆگىنىپ، بىرلىكتە ئالغا بېسىپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشتا، ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرىسىنى قوغداشتا ۋە گۈللەندۈرۈشتە مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقانىدى.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرى، ئاساسەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدا ۋە تيانشان تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى بەزى جايلاردا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. بۇنىڭدىن باشقا، خۇنەن ئۆلكىسى چاڭدې ۋىلايىتىنىڭ تاۋيۈەن ناھىيىسىدە ۋە خېنەن ئۆلكىسىنىڭ ئايرىم شەھەرلىرىدىمۇ تارقاق جايلاشقان ئاز سانلىق ئۇيغۇرلار بار. 1982 - يىلدىكى نوپۇس ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار 5 مىليون 963 مىڭ 491 بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 45% تىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ، خۇنەندىكى ئۇيغۇرلار 4400 دىن كۆپرەك، خېنەندە ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئاز. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا توپلىشىپ

ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ئالتاي تىلى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە تەۋە بولۇپ، ئۇلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، يەر كۆلىمى 1 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول، ئۇنىڭ شەرقىي شىمال قىسمى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن تۇتىشىدۇ؛ غەربىي قىسمى ۋە غەربىي شىمالىي قىسمى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تۇتىشىدۇ؛ غەربىي جەنۇبىي قىسمى ئافغانىستان، پاكىستان ۋە ھىندىستانلار بىلەن تۇتىشىدۇ. شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدە تارىم ئويمانلىقى ۋە جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئويمانلىق بار؛ تىيانشان، كۇئېنلۇن ۋە ئالتاي تاغلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تاغ تىزمىسى بار. تارىم ئويمانلىقى مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئويمانلىق بولۇپ، ئۇنىڭ كۆلىمى 500 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق. ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقى مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ قۇملۇق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئويمانلىقنىڭ ئەتراپىدا گۈزەل بوستانلىقلار بولۇپ، بۇ بوستانلىقلاردا ئاھالە زىچ جايلاشقان، يېزا ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغان، بۇ يەرلەردىن شال، پاختا، بۇغداي، ئاق قوناق، كۆممىقوناق، پۇرچاق، ياڭيۇ، قوغۇن - تاۋۇز، ئۈزۈم، ئۈجمە، كەندىر چىقىدۇ. بۇ يەرلەردە چارۋىچىلىقمۇ تەرەققىي قىلغان. يەكەن، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلار خېلى چوڭ بوستانلىقلار ھېسابلىنىدۇ. جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ كۆلىمى 300 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى زور كۆلەملىك دېھقانچىلىق رايونلىرى ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش

رايونلىرىدىن باشقا يەنە، كەڭ ۋە مۇنبەت گۈزەل يايلاقلارمۇ بار، ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇھىم چارۋىچىلىق بازىسى ھېسابلىنىدۇ. تيانشان تاغ تىزمىلىرى شىنجاڭنى قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئىككى پارچىگە بۆلۈۋەتكەن. ئۇنىڭ ئاساسىي چوققىسى — تۆمۈر چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 7435 مېتىر ئېگىز. شەرقىي قىسمىدىكى بوغدا چوققىسى (ئېگىزلىكى 5445 مېتىر) مۇ يىل بويى قار ئېرىمەيدىغان، ئاجايىپ ھەيۋەتلىك بىر چوققا. كۇئېنلۇن تېغى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىن جەنۇبىي قىسمىغا سوزۇلۇپ، ئويمانلىقنىڭ غەرب، جەنۇب تەرەپلىرىدىكى ئېنىق چېگرىنى ھاسىل قىلىدۇ. تيانشان، قاراقورۇم ۋە كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ بىر - بىرىگە تۇتىشىدىغان يېرى پامىر ئېگىزلىكى دەپ ئاتىلىدۇ. پامىر ئېگىزلىكىدىكى چوگىرى چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 8611 مېتىر ئېگىز بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئېگىز چوققا ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «مۇز تاغ ئاتا» دەپ ئاتىلىدىغان مۇز تاغ (ئېگىزلىكى 7546 مېتىر) بىلەن قوڭغۇر تېغى (ئېگىزلىكى 7719 مېتىر) چوققىلىرىمۇ دۇنيا بويىچە مەشھۇر چوققىلاردۇر. ئالتاي تاغلىرى جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمى بىلەن شەرقىي شىمال قىسمىنى چۆرىدەپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى تەخمىنەن، 1000 — 3500 مېتىرغىچە بولۇپ، ئاساسىي چوققىسى — دوستلۇق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 4300 مېتىر ئېگىز، ئۇ شىنجاڭنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدىكى ئېگىز چوققىدۇر. تيانشان، كۇئېنلۇن، ئالتاي تاغلىرىدىكى مۇزلۇق - قارلىق چوققىلاردا تۈگىمەس - پۈتمەس قار - مۇزلار بار. بۇ قار مۇزلاردىن ئېرىگەن سۇلار تەرەپ - تەرەپكە سوزۇلغان ئېقىنلارنى ھاسىل قىلىپ، تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى بوستانلىقلارنى ۋە يايلاقلارنى يىل بويى سۇ بىلەن تەمىنلەپ

تۇردۇ. بۇ ئېقىنلار ئىچىدە تارىم دەرياسى ئەڭ ئۇزۇن بولۇپ، 2100 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. ئۇ مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ ئۇزۇن ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا چوڭراق دەريالاردىن قارا شەھەر دەرياسى، ئىلى دەرياسى، كۆنچى دەرياسى، چەرچەن دەرياسى، خوتەن دەرياسى، ماناس دەرياسى ۋە ئېرتىش دەرياسى قاتارلىق دەريالارمۇ بار. بۇ دەريالاردىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق شىمالىي مۇز دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان ئېرتىش دەرياسىدىن باشقا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئىچكى قۇرۇقلۇق دەريالىرىدۇر.

شىنجاڭ ياۋروپا - ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ ھاۋا كىلىماتى تىپىك ئىچكى قۇرۇقلۇق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. تيانشان تاغلىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە يامغۇر، قار كۆپرەك ياغىدۇ. لېكىن، بۇ جايلارنىڭ ھاۋاسى سوغوق؛ تيانشاننىڭ جەنۇبىي تەرىپى بولسا قۇرغاق ھەم ئىسسىق، بۇ جايلاردا يامغۇر - يېشىن بەك ئاز بولىدۇ. تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي چېتىدىكى تۇرپان ئويمانلىقى مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ چوڭقۇر جاي بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يازنىڭ ئەڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە، بۇ يەرنىڭ ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 37°C تىن يۇقىرى بولىدۇ. بۇ يەر قۇرۇق ئىسسىق بولغانلىقتىن، «ئاتەش ماكان» دەپ ئاتالغان. شىنجاڭنىڭ تۇپرىقى ۋە كىلىماتىدىكى مۇشۇنداق ئالاھىدىلىك ئىسسىقنى خالايدىغان، قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەرگەن. بولۇپمۇ تۇرپاننىڭ كىشمىش ئۈزۈمى، پىچان ۋە پەيزىۋاتنىڭ قوغۇنى، يەكەننىڭ ئانارى، كۇچانىڭ چىلىنى ۋە ئۆرۈكى، قەشقەرنىڭ ئانارى ۋە گىلاسى، ئاتۇشنىڭ ئەنجۈرى، خوتەننىڭ ياڭىقى، كورلىنىڭ نەشپۈتى، ئىلىنىڭ ئالمىسى شىنجاڭنىڭ ناھايىتى داڭلىق

ئالەمدە يەرلىك مەھسۇلاتلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ گۈزەل، مۇنبەت زېمىندا ھازىر ئۇيغۇرلاردىن باشقا خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل، قىرغىز، شىبە، تاجىك، ئۆزبېك، مانجۇ، داغۇر، تاتار، رۇس قاتارلىق 12 مىللەت ياشايدۇ. بۇ مىللەتلەر تارىخنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا ئىناق ئۆتۈپ، جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن بىرلىكتە مۇھىم تۆھپە قوشتى.

تارىخىي ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، قەدىمكى شىنجاڭدىمۇ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. مەملىكىتىمىزنىڭ نۇرغۇن قەدىمكى مىللەتلىرى مۇشۇ زېمىندا ئاۋۇپ تىرىكچىلىك قىلىپ، ئىگىلىكنى ۋە مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، بۇ زېمىننى بۇرۇنلا تارىختىكى مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرگۈزگەن. شىنجاڭدىكى قەدىمكى مىللەتلەر بۇنىڭدىن 2000 نەچچە يۈز يىل ئىلگىرىلا سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ۋەتىنىمىزنىڭ باشقا جايلىرى بىلەن زىچ ئالاقە ئورناتقان. ئېلىمىزنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىمۇ شىنجاڭدا مەمۇرىي باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەن. مەسىلەن، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 101 - يىلى (خەن سۇلالىسى ۋۇدى خاننىڭ تەيچۇ 4 - يىلى)، غەربىي خەن ھۆكۈمىتى بۇ يەردە يەرلىك ئەمەلدار — چېرىكچى يالۋاچ قويغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى (خەن سۇلالىسى شۈەندى خاننىڭ شېنجۆ 2 - يىلى)، غەربىي خەن ھۆكۈمىتى بۇ يەردە يەنە ئۆزىگە ۋەكالىتەن غەربىي يۇرتنى بىر تۇتاش ئىدارە قىلىپ، غەربىي يۇرتنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلغانىدى. ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، گەرچە ئىچكى جايلاردىكى خاندان-

لىقلار ئۈزلۈكسىز يەڭگىۋىشلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن غەربىي
يۇرت چېرىكچىبېگى ۋە غەربىي يۇرت دورغاپى قاتارلىق ئەمەل-
دارلىقلار تەسىس قىلىنغانىدى. ئالدىنقى لياڭ پادىشاھلىقى
بۈگۈنكى تۇرپان رايونىدا قۇجۇ ۋىلايىتىنى تەسىس قىلىپ،
غەربىي يۇرتتا تۇنجى قېتىم ۋىلايەت - ناھىيە تۈزۈمىنى يولغا
قويغانىدى. سۈي - تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە، غەربىي يۇرتتا
داۋاملىق تۈردە ۋىلايەت - ناھىيە تەسىس قىلىنغاندىن باشقا،
تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرتتا يەنە
ئېۋىرغول (قۇمۇل)، قۇجۇ (تۇرپان)، بېشبالىقتىن ئىبارەت
ئۈچ ئايماق ۋە ئەنشى، بېشبالىقتىن ئىبارەت ئىككى قورۇقچى
بەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىنى
ۋە چۇ دەرياسى ۋادىلىرىنى ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە ئېلىپ،
تەسىر كۈچىنى ئارال دېڭىزى ۋە ئوكسۇس (ئامۇ) دەرياسىغىچە
كېڭەيتكەنىدى. بەش دەۋر، سۇڭ، لياۋ، جىن، يۈەن، مىڭ
سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدىمۇ غەربىي يۇرت بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ
ئىچكى جايلىرىنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاقىسى
ناھايىتى زىچ بولۇپ كەلدى. چىڭ سۇلالىسى تىيانشاننىڭ
جەنۇبىي بىلەن شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، چىڭ
سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 1762 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 27 - يىلى)
شىنجاڭدا ئىلى قاتارلىق جايلارنى ئومۇمىي جەھەتتىن باش-
قۇرىدىغان جاڭجۈن (ئىلى جاڭجۈن — گېنېرال گوبېرناتور)
قويۇپ، ئۇنى شىنجاڭنىڭ ئالىي ھەربىي، مەمۇرىي باشلىقى
قىلغانىدى. ئىلى جاڭجۈننىڭ قول ئاستىدا مەسلىھەتچى ئامبال،
زەڭگى، خان ئامبال ۋە ئاغلاقچى ئامبال قاتارلىق ھەر دەرى-
جىلىك مەنسەپدارلارنى قويغانىدى. بۇ تۈزۈم 1884 - يىلى
(گۇاڭشۈينىڭ 10 - يىلى) شىنجاڭدا ئۆلكە تۈزۈمى ئورنىتىل-
غانغا قەدەر داۋاملاشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز شىنجاڭ ئۇزاقتىن

بۇيان ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى دەيمىز.

ئۇيغۇر مىللىتى ئىنتايىن ئۇزاق تارىخقا ئىگە بىر مىللەت. ئۇيغۇر مىللىتى ئۆزىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا ناھايىتى ئۇزۇن بىر تارىخىي دەۋرنى ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن قوشۇلۇش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەنىدى. شۇڭا، ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ تارىخىدا باشقا مىللەتلەر بىلەن ئورتاقلىقىمۇ، ئۆزگىچە تەرەققىيات قانۇنىيىتى ۋە باسقۇچلىرىنىمۇ ئىگە. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن بۇ كىتابتا كەڭ كىتابخانلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش جەريانى ۋە قەدىمكى مەدەنىيىتى تونۇشتۇرۇلىدۇ. ئۇ كىتابخانلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتمۈشىنى كۆپرەك بىلىش ۋە چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ئىپتىخارىنى قوزغاپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئالغا سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدا ئالغا ئىلگىرىلەش ئىشەنچىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

«ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» — تارىخ توغرىسىدا يېزىلغان ئىلمىي ئەسەردۇر. بىز بۇ ئەسەرنى يېزىش جەريانىدا، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەردە ۋە ئۇسۇلدا چىڭ تۇردۇق، مىللىي باراۋەرلىك ۋە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىلمىي پوزىتسىيىدە چىڭ تۇردۇق. ئىمكانى قەدەر، تارىخنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى قايتا نامايان قىلىشقا تىرىشتۇق. بۇ كىتابتا ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخىلا سۆزلەنگەن بولغاچقا، رايون تارىخىدىن، دۆلەت تارىخىدىن، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تارىخىدىن پەرقلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. بىز بۇ كىتابنى يېزىپ چىقىش جەريانىدا، ئىخچام بولۇشىنى كۆزدە تۇتتۇق، ئۇيغۇرلارنىڭ تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولمىغان تارىخىي ۋەقەلەرنى، تارىخىي شەخسلەرنى ۋە ھادىسىلەرنى

ئىمكانىقەدەر قىسقارتتۇق، ھەتتا بەزىلىرىنى كىرگۈزمىدۇق.
قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىختا ھەرخىل ھاكىمىيەتلەرنى قۇرغانىدى. بۇ ھاكىمىيەتلەر بەزى ۋاقىتلاردا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى پادىشاھلىقلار بىلەن بېقىندىلىق خاراكتېردە بولغان، بەزى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ بىلەن تەڭ باراۋەر مۇناسىۋەتتە بولغانىدى. ئەمما، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاقىنىڭ كۈچىيىشى شۇ چاغدىكى ئومۇمىي يۈزلىنىش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى پادىشاھلىقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بايان قىلىشتا، شۇ زاماندىكى تارىخىي پاكىتلارنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈردۇق، مۇتلەقلەشتۈرۈپ قويۇشتىن مۇمكىنقەدەر ساقلىنىشقا دىققەت قىلدۇق؛ ئۇيغۇرلار تارىختا باشقا مىللەتلەر بىلەن، بولۇپمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مىللەتلەر بىلەن (ئاساسەن خەنزۇلار بىلەن) سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە قويۇق ئالاقە ئورناتقانىدى. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق ئالاقە ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشىگە، بىر - بىرىنى ئىلگىرىلىتىشىگە تۈرتكە بولغانىدى. شۇڭا، بىز بۇ كىتابنى يازغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىلىرىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈشكە دىققەت قىلدۇق.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى گوبىي چۆللۈكىنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلاردا ۋە تىيانشاننىڭ شىمالىدا ياشىغان قەدىمكى چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ بىر قىسمىنى، شۇنىڭدەك تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى بىرتەرەپتىن مىلادىدىن III ئەسىر ئىلگىرىكى ۋاقىتتىن مىلادى III ئەسىرگىچە گوبىينىڭ

شىمالىدىكى يايلاقلاردا ۋە تىيانشاننىڭ شىمالىدا ياشاپ كەلگەن دىڭلىڭ (تۇرا) ۋە ئۇغۇزلارغىچە سۈرۈشتۈرۈش مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن، تۇرپان ئويمانلىقىدا ۋە تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان بىر قىسىم قەدىمكى دېھقان مىللەتلەرگىچە سۈرۈشتۈرۈش مۇمكىن.

مىلادى IV — VI ئەسىرلەردە خەنزۇچە مەنبەلەردە پەيدا بولغان «يۈەنخې، ۋېيخې» دېگەن سۆزلەر «ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ تۇنجى قېتىم خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار VII ئەسىردىن كېيىن ئاستا - ئاستا قۇدرەت تېپىپ مۇستەقىل بىر مىللەت بولۇپ شەكىللەندى، ھەمدە VIII ئەسىردە قۇدرەتلىك خانلىق قۇردى. 788 - يىلى، خەنزۇچىدىكى «خۇيخې» دېگەن نام «خۇيگۇ» دەپ ئېلىنىدىغان بولدى. ئۇيغۇر خانلىقى شۇ زامانلاردا ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى تىيانشان رايونىغىچە كېڭەيتكەنىدى. IX ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرى شىمالدىكى ئۇيغۇر خانلىقى گوبىنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلاردا يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەت ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يىمىرىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بىر قىسىم كىشىلەر تارىم ئويمانلىقىغا ۋە بۆگۈنكى جىمسار ئەتراپىغا كۆچۈپ كېلىپ، ئەسلىدە بۇ جايلاردا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلار بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى ھەمدە باشقا بەزى قەدىمكى مىللەتلەرنى پەيدىنپەي ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، شىنجاڭ بويىچە ئاھالىسى ئەڭ كۆپ بىر مىللەتكە ئايلاندى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرق تېپى ھازىرغىچە ھۆكۈم قىلىش قىيىن بولۇپ كەلگەن مۇرەككەپ بىر مەسىلە. جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرى مەلۇم

پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن بىز فورمالىسى
تىنىڭ ئانتروپولوگىيە جەھەتتىن تەكشۈرمىگەنلىكتىن، بۇ
مەسىلە ئۈستىدە ھازىر ئېنىق خۇلاسە چىقىرالمايمىز. بۇ
كىتابتا شىنجاڭ تارىخىدا ياۋروپا ئىرقى ۋە موڭغۇلىيە ئىرقى
بولغانلىقىنىلا ئەينەن تونۇشتۇردۇق. باشقىلىرى توغرىسىدا
كۆپ توختالمىدۇق.

شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلار
بىلەنمۇ بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك، باشقا مىللەتلەر بىلەنمۇ
مۇناسىۋەتلىك. شۇنداق بولغانلىقتىن، بۇ كىتابنىڭ
«شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەر ۋە
ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى» دېگەن بابىدا،
ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە قېزىۋېلىنغان مۇناسىۋەتلىك
ماتېرىياللار قىسقىچە تونۇشتۇرۇلدى. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە
تارىخى» دا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە گوبىينىڭ
شىمالىدا قۇرۇلغان ئۇرقۇن - ئۇيغۇر خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر
خانلىقى، قارا خانىيلار سۇلالىسى، قاراقىتان (قارا خىتاي) خانلىقى،
موڭغۇللار ۋە يۈەن سۇلالىسى مەزگىلىدىكى چاغاتاي خانلىقى،
يەكەن — سەئىدىيە خانلىقى، چىڭ سۇلالىسى، شۇنىڭدەك
يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زاماندىكى سىياسىي، ئىقتىساد
ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىيات ئەھۋالى ئىمكانقەدەر
يۇقىرىقى پرىنسىپلارغا ئۇيغۇن قىلىپ يېزىلدى. ئەمما،
ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار ھازىر
قېزىلىش جەريانىدا تۇرماقتا، شۇڭا، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ
تارىخىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئۇچۇر - بۇجۇرىغىچە تازا
كۆڭۈلدىكىدەك تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمىز. بۇ كىتاب «قىسقىچە

تارىخ» بولغاچقا، بىزنىڭ بايان قىلالايدىغانلىرىمىز شۇنچە
لىكلا بولدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنىڭدىنمۇ تەپسىلىي، مۇكەممەل
بولغان ئومۇمىي تارىخىنى يېزىشتا ئۈمىدنى كېيىنكى
ئەۋلادلارغا بېغىشلاشقا توغرا كېلىدۇ. كىتابخانلارنىڭ
بىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلىرىمىزنى چۈشىنى
دىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

**«ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» نى يېزىش گۇرۇپپىسى**

# بىرىنچى باب
# شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى

## 1- بۆلۈم شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەر

ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان شىنجاڭ ياۋروپا - ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان. شىنجاڭنىڭ دائىرىسىدە تارىم ئويمانلىقى بىلەن جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئويمانلىق بار. بۇ ئىككى ئويمانلىقنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ تەبىئىي شارائىتى ئوبدان بولغاچقا، ئويمانلىق ئەتراپىدىكى بوستانلىقلاردا ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدە ئىنسانلار ياشىغانىدى.

ئارخېئولوگىيىلىك ئىختىرالاردىن مەلۇم بولۇشىچە، شىنجاڭدىكى بۇنىڭدىن 6000 — 7000 يىل ئىلگىرىكى يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت مىراسلىرى

تىيانشان (تەڭرىتاغ) نىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا، ئاساسەن قۇمۇلنىڭ تارانچى، قارا دۆۋە سۇ ئامبىرى، يەتتەقۇدۇق دېگەن جايلىرىغا، تۇرپاننىڭ ئاستانە، يارغول دېگەن جايلىرىغا، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ناھىيە شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا، لوپنۇر كۆلى ئەتراپىغا، ئۈرۈمچىنىڭ نەنسەن تېغىدىكى يۇئېرگۇ جىلغىسىغا، ئالغۇي جىلغىسىغا، نىيە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئاقتالا دېگەن يېرىگە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جايلارغا تارقالغان. ئارخېئولوگىيە خادىملىرى بۇ خارابىلەردىن تاش ساقا، ئۇزۇنچاق تاش پىچاق، تاش نەيزە، تاش باشاق قاتارلىق سىپتە ئىشلەنگەن نۇرغۇن تاش قوراللارنى يىغدى ۋە قېزىۋالدى. بەزى خارابىلەردە ساپال قاچىلار سىلىقلانغان تاش قوراللار بىلەن بىللە تېپىلدى. بۇ ئەھۋال شۇ جايلاردىكى ئاھالىنىڭ ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغانلىقىنى، ئەمما ئىپتىدائىي دېھقانچىلىقنىڭمۇ بارلىققا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئاقتالا دېگەن يېرى بىلەن ئاقسۇنىڭ قارا يۇلغۇن دېگەن يېرىدىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت خارابىلەردىن سىلىقلانغان چوڭ تاش قوراللار، قۇم ساپال قاچىلار ۋە ئۇششاق قىزىل مىس ئەسۋابلار تېپىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يەردىن تېپىلغان تاش قوراللارنىڭ كۆپىنچىسى سىلىقلاپ ئىشلەنگەن؛ بۇنىڭ ئىچىدە تاش پىچاق، تاش ئورغاق خېلى كۆپ بولۇپ، خېلى سىپتا ئىشلەنگەن. تاش پىچاقنىڭ ئارقىسى تۈز، بىسى يېرىم ئاي شەكىللىك، تاش ئورغاقنىڭ ھەممىسى ياي شەكلىدە ياسالغان. ساپال قاچىلار ئىچىدە كومزەك، چۆچەك، جاۋۇر، كۇپ، جام قاتارلىقلار بار. ئارخېئولوگىيە خادىملىرى بۇ تاش قوراللارنىڭ شەكلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى يىن سۇلالىسى

خارابىلىرىدە ئۇچرايدىغان تاش ئورغاقلارنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ، دەپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئاسارە - ئەتىقىلەرنىڭ تېپىلغانلىقى شۇ خارابىلەرنىڭ ئاخىرقى دەۋر چېكىنىڭ مېتال قوراللار بىلەن تاش قوراللار تەڭ ئىشلىتىلگەن دەۋرگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى، ئىقتىسادىي تۇرمۇش جەھەتتە بۇ يەرلەردە دېھقانچىلىقنىڭ ئاساس قىلىنغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. قۇمۇل، ئارا تۈرۈك، بارىكۆل، پىچان، تۇرپان، ئۈرۈمچى، خوشۇت، كۇچا، گۇما، گۇچۇڭ، مورى قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلەردىن رەڭدار ساپال قاچىنى مۇھىم ئالاھىدىلىك قىلغان خارابىلەر ياكى قەبرىستانلىقلار تېپىلدى. بۇنداق خارابىلەر ۋە قەبرىستانلىقلار تارقالغان جايلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ مەدەنىيەت فورماتسىيىسى خىلمۇخىل، دەۋر چېكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى يېڭىلىق، چىن - خەن سۇلالىلىرى دەۋرىگىچە بارىدۇ. قۇمۇلنىڭ قارا دۆۋە سۇ ئامبىرى، ئۈرۈمچىنىڭ نەنسەن كان رايونىغا قاراشلىق يۈئېرگۇ، ئالغۇي قاتارلىق جايلىرىدىكى قەدىمكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئائىت قەبرىستانلىقلاردىن قېزىۋېلىنغان قېزىلما مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى برونزا قوراللار دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. يۈئېرگۇدىن ھەتتا ئۇششاق تۆمۈر ئەسۋابلارمۇ تېپىلدى. ئارخېئولوگىيە خادىملىرى پۈتكۈل تەبرىستانلىقنىڭ كۆلىمىنى، بۇ قەبرىستانلىقتىكى جەسەتلەرنىڭ دەپنە قىلىنىش شەكلى ھەم دەپنە بۇيۇملىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، بۇ قەبرىستانلىقلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت ئىزى، دەپ ھېسابلىدى. قۇمۇلنىڭ قارا دۆۋە سۇ ئامبىرى ئەتراپىدىن قېزىلغان 29 قەبرىنىڭ ھەممىسى تىك كولىنىپ ياسالغان بولۇپ، ھەممىسىگە بىردىنلا جەسەت كۆمۈلگەن. جەسەت يېنىچە ياتقۇزۇلۇپ

پۇت - قوللىرى پۈكلەپ قويۇلغان. جەسەت بىلەن بىللە
كۆمۈلگەن ھەمدەپنە بۇيۇملىرى ناھايىتى ئاز. جەسەتنىڭ
قېشىدا تېرە، يۇڭ توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن كىيىم - كېچەك-
لىرىدىن باشقا، ئازغىنە ياغاچ ئەسۋاب، تاش قورال، ساپال
قاچا (رەڭدار)، قۇلۇلە ۋە مىس زىننەت بۇيۇملىرىلا بار.
جەسەتنىڭ بېشىغا ئۇچلۇق كىگىز توماق، ئۇچىسىغا ئۇزۇن جۇۋا
ياكى ئۇزۇن كۆن چاپان، ئىشتان، پۇتىغا ئۇزۇن
قونچلۇق ئۆتۈك كىيگۈزۈلگەن؛ ئاياللارنىڭ، باللارنىڭ
پۇتىدىكى ئۆتۈكلەردە مىس بىزەكلەر بار. ئۇلارغا قىزىل،
بېغىر رەڭ، يېشىل - قارا يىپلار بىلەن چوڭ - كىچىك چاقماق
گۈل ۋە كەڭ - تار يوللۇق گۈل چىقىرىپ توقۇلغان رەڭگا -
رەڭ يۇڭ كۆڭلەكلەر كىيگۈزۈلگەن. بىر ئايالنىڭ جەستىگە
تەكتى قىزىل، ئۈستىگە سېرىق يىپ بىلەن ئۈچ بۇرجەكلىك
كەشتە تىكىلگەن ماشروب چاپان كىيگۈزۈلگەن. بۇنداق ئېسىل
ئەرسىلەر ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا،
بۇ قەبرىستانلىقتىن يەنە نۇرغۇن تېرە - كۆن بۇيۇملار
قېزىۋېلىندى. بۇ كۆن بۇيۇملار ناھايىتى يۇمشاق ئەيلەنگەن،
بۇ ھال شۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ تېرىنى ئەيلەش، تازىلاش
سەۋىيىسىنىڭ خېلى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.
ھەمدەپنە قىلىنغان كالا - قوي، ئېشەكلەرنىڭ سۆڭەكلىرى
شۇ چاغدا چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ تۇرمۇشتا ناھايىتى زور
سالماقنى تەشكىل قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەمما ھەم-
دەپنە بۇيۇملىرى ئىچىدە تېرىق نان ۋە ئارپا باشاقلىرى بول-
غانلىقى بۇ يەرلەردە دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭمۇ تەرەققىي
قىلىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۈرۈمچىنىڭ نەنسەن كان رايونىغا قاراشلىق يۇئېرگۇ
بىلەن ئالغۇي جىلغىسىنىڭ شەرقىي ئېغىزى بىر بىرى

بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئارخېئولو-
گىيە خادىملىرى بۇ يەرلەردە 73 قەدىمكى قەبرىنى قازدى،
قېزىلغان قەبرىلەرنىڭ ھەممىسى تاش تىزىلغان تىك
لەھەت بولۇپ، قەبرىلەرنىڭ تېمىمۇ تاش بىلەن قوپۇرۇل-
غان، ئۈستى ياغاچ بىلەن يېپىلغان. بۇ قەبرىلەرگە قويۇلغان
جەسەتلەرنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك توپ دەپنە قىلىنغان.
قەبرىلەرنىڭ بەزىلىرىگە بىرنەچچە، بەزىلىرىگە ئون نەچچە،
بەزىلىرىگە بولسا نەچچە ئون جەسەت تۆپە - تۆپىسىگە
قويۇلغان، بەزىلىرىدە ھەتتا ئۈچ - تۆت قەۋەت قويۇلغان.
بۇ قەبرىلەردە ئوڭدىسىغا تۈز ياتقۇزۇلغان جەسەتلەرمۇ،
پۇت - قوللىرى كەم جەسەتلەرمۇ ئۇچرىدى. بەزى جەسەتلەر-
نىڭ باش سۆڭىكى ۋە پۇت - قول سۆڭەكلىرىدە چېپىلغان
قىلىچنىڭ ئىزلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ھەمدەپنە قىلىنغان
نەرسىلەرنىڭ كۆپىنچىسى رەڭدار ساپال قاچىلار بولۇپ،
بۇ ساپال قاچىلار سېغىز ساپال قاچا ۋە قۇم ساپال قاچىدىن
ئىبارەت ئىككى خىل ساپال قاچىلاردىن تەشكىل قىلىنغان.
بۇ قاچىلارنىڭ ھەممىسى قول بىلەن ياسالغان. بۇنىڭ ئىچىدە
تەشتەك، كوزەك، چۆگۈن، جام قاتارلىق بۇيۇملار بار.
كېيىنكى دەۋرلەردىكى قەبرىستانلىقلاردىن ساپال ۋازا تېپىلدى.
بۇلاردىن باشقا يەنە ياغاچ تەگنە، پەتنۇس، ياغاچ قوشۇق،
چۆچەك قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان
قاچا - قۇچىلار؛ چۈشەك، چۈلۈك قاتارلىق ئات - ئۇلاغ
جابدۇقلىرى تېپىلدى. قېزىۋېلىنغان بۇيۇملار ئىچىدە ئۇر-
چۇقنىڭ بولغانلىقى يۇڭ يىپ ئىگىرىش كەسپىنىڭ تەرەققىي
قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. چاچ زىخچىسىنىڭ تېپىلغانلىقى شۇ
يەردە ياشىغان ئاھالىدە گۈزەللىك ئىستىكىنىڭ بارلىققا
كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ؛ تۆشۈك تېشىلگەن ئۇرغۇن

تارىخچىلار شۇ يەردە ياشىغان ئاھالىنىڭ ياغاچنى سۈركەپ ئوت چىقارغانلىقىنى؛ ياغاچ جابدۇقلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتا مۇھىم ئورۇن تۇتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ قەبرىلەرگە كۆمۈلگەنلەرنىڭ تولىسى ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچلىق بولۇپ، چېچىنى تورنىڭ ئىچىگە سېلىۋالغان، ئورا كۆز، قاڭشارلىق كەلگەن، ئۇلارنىڭ ئۇچىسىغا ئاساسەن رەڭگا رەڭ يۇڭ توقۇلما ۋە تېرە كىيىملەر كىيگۈزۈلگەن. ئۇلارغا ھەمدەپنە قىلىنغان ئېشەك، قويلارنىڭ ئۇستىخانلىرىمۇ خېلى كۆپ، ئەمما كېيىنكى دەۋرلەرگە ئائىت قەبرىلەردىن رەڭدار ساپال قاچىلار ناھايىتى ئاز چىقتى ياكى چىقمىدى. بۇ قەبرىلەردىن ياغاچ ۋازا ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كەلتۈرۈلگەن سىرلانغان ئەسۋابلار، يىپەك بۇيۇملار چىقتى، ئايرىم قەبرىلەردىن كىچىك تۆمۈر پىچاقمۇ چىقتى، بۇ نەرسىلەرنىڭ ۋە سۇمرۇغ شەكلى كەشتىلەنگەن بىر پارچە توقۇلمىنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقى بۇ قەبرىلەرگە كۆمۈلگەن كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن خېلى قويۇق ئىقتىسادىي، مەدەنىي ئالاقە باغلىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ نەرسىلەر قەدىمكى دەۋردە ياشىغان قوشلىقلارنىڭ مەدەنىي مىراسلىرى بولسا كېرەك. قېزىۋېلىنغان رەڭلىك ساپال قاچىلارغا چۈشۈرگەن گۈل نۇسخىلىرىدىن ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە گەنسۇدىكى قەدىمكى خېشى كارىدورى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە خېلى ئۇچرىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.* يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئارخېئو- لوگىيە خادىملىرى كۆنچى دەرياسى ۋادىسى، قۇمۇلنىڭ قارا دۆۋە يېزىسى قاتارلىق جايلاردىن يەنە بەزى قەدىمكى

---

* شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1983 - يىل، 1 -، 4 - بەتلەر.

جەسەت ۋە نۇرغۇن ھەمدەپنە بۇيۇملىرىنى قېزىۋالدى. ئارخېئولوگلار بۇ قۇرۇپ قالغان قەدىمكى جەسەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى 3000 يىل ئىلگىرى مۇشۇ جايلاردا ياشىغان قەدىمكى مىللەت كىشىلىرى دەپ قارىماقتا. بۇنىڭدىن باشقا، مۇشۇ يېقىندا ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئاغۇ كەنتى ئەتراپىدىن ئادەمنىڭ تاشقا ئايلانغان بىر تال باش سۆڭىكى تېپىلدى. ئارخېئولوگلار بۇ تاشقا ئايلانغان سۆڭەك ئۈستىدە تېخى ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بارمىدى. ھازىر بەزىلەر ئۇنىڭ شەكلى، تاشقا ئايلىنىش دەرىجىسى ۋە يەر قاتلىمى ئۈستىدىكى تەھلىلگە ئاساسلىنىپ، ئۇنى ئون مىڭ يىلدىن ئوتتۇز مىڭ يىلغىچە تارىخقا ئىگە دەپ ھېسابلىدى. تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى تىزناپ يېزىسىنىڭ جىرغال كەنتى ئەتراپىدىن كۆيدۈرۈلگەن نەرسىلەرنىڭ كۈلى تېپىلدى. كۈل ئارىسىدىن كۆيدۈرۈلگەن بىرنەچچە پارچە ئۇستىخان چىقتى، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى توپا ئارىسىدىن ھايۋان سۆڭىكىنىڭ پارچىلىرى ۋە بىسلىق، ئۇچلۇق تاش ئەسۋابلار چىقتى. بەزىلەر بۇ نەرسىلەرنى كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە ئائىت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دەپ ھېسابلىماقتا.

شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار شىنجاڭنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا يېڭى تاش قورال دەۋرىدىلا قەدىمكى ئىنسانلار-نىڭ ياشىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ كىشىلەر ئۇزۇن تارىخىي جەريان ئىچىدە تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى بوستانلىقلاردا يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا يەنىمۇ گۈللىنىشى ۋە

تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشقانىدى. ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى شىنجاڭدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالماي، كېيىنكى ۋاقىتلاردا شەكىللەنگەن ئۇيغۇرلار بىلەن تېخىمۇ بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك.

تارىخ تەرەققىي قىلىپ، چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىگە كەلگەندە، شىنجاڭدا تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى جايلارنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى يەنىمۇ تەرەققىي قىلغانىدى؛ بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان قەدىمكى مىللەتلەرمۇ ئۆزلۈكسىز كۆپەيگەن، شۇنىڭ بىلەن مىللەتلەرنىڭ كەڭ كۆلەمدە قوشۇلۇشىدەك ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى يازما مەنبەلىرىدە شۇ دەۋرلەردە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشىغان ئاھالىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىك جەھەتتە ئوتتۇز نەچچە دۆلەتكە ئايرىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. بۇلاردىن تيانشاننىڭ شىمالىدىكى يايلاقلاردا ياشىغان ئاھالىلەر چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان بولۇپ، تارىختا ئۇلار «كۆچمە دۆلەت» دەپ ئاتالغان. تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدا ياشىغانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان ھەمدە بىر ياكى بىرنەچچە شەھەرنى سىياسىي مەركەز قىلغانلىقتىن، تارىختا ئۇلار «شەھەر دۆلەتلىرى» دەپ ئاتالغان. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە يېزىلىشىچە، شۇ زاماندىكى ئاساسلىق شەھەر دۆلەتلىرى «چارقىلىق، پىشامشان، چەرچەن، كىچىك فەرغانە، رۇڭلۇ، خوتەن، نىيە، گۇما، ياركەنت، سۇلى (قەشقەر)، يېڭىسار، تاشقورغان، قۇم (ئاقسۇ)، ئونسۇ (ئاقسۇ كونىشەھەر)، كۇسەن (كۇچا)، ئاگنى (قارا شەھەر)، بۈگۈر، چۇققو، كورلى، قارا قۇرۇم، قوش، ئالدى قوش، ئارقا قوش» قاتارلىقلاردىن

ئىبارەت، ئاساسلىق «كۆچمە دۆلەتلەر» — توخرى، ئۇسۇنلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ دۆلەتلەرنىڭ چوڭلىرىنىڭ نەچچە ئون مىڭدىن، كىچىكلىرىنىڭ نەچچە مىڭدىن ھەتتا نەچچە يۈزدىنلا ئاھالىسى بار ئىدى. ئەمما، «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە ئېيتىلغان «شەھەر دۆلەتلىرى» ۋە «كۆچمە دۆلەتلەر» تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا ۋە شىمالىدا ياشىغان، شۇ جايلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھاياتىغا قاتناشقان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايتتى. مىللەت مەنىسىدىن ئېيتقاندا، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ئۇيغۇرلاردىن باشقا يەنە، ساك، توخرى، ھۇن، دىڭلىڭ، ئۇغۇز، خەنزۇ، چاڭ قاتارلىق مىللەتلەر ياشايتتى. بۇ مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەينى زاماندا غەربىي يۇرتنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشقان، كېيىنكى ۋاقىتلاردا شەكىللەنگەن شىنجاڭ مىللەتلىرىگە مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەنىدى. ھازىرقى زامان ئىلىم ساھەسىدىكىلەر بۇ قەدىمكى مىللەتلەرنى ئانتروپولوگىيە جەھەتتىن «موڭغۇلىيە ئىرقى»، «ياۋروپا ئىرقى» ۋە «بۇ ئىككىسىنىڭ قوشۇلمىسى» دېگەن تۈرلەرگە ئايرىدى؛ تىلشۇناسلىق جەھەتتىن بولسا ھىندى - ياۋروپا تىلى سىستېمىسىغا، ئالتاي تىلى سىستېمىسىغا ۋە خەنزۇ - تىبەت تىلى سىستېمىسىغا ئايرىدى.

ساكلار ھىندى - ياۋروپا تىلى سىستېمىسىنىڭ شەرقىي ئىران تىلى ئائىلىسىگە كىرىدىغان قەدىمكى بىر مىللەت ئىدى. بۇ مىللەتنىڭ كىشىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى كۆك كۆز بولۇپ، ئات مىنىشكە ماھىر ئىدى، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلاتتى، ئۇلار خېلى كەڭ جايلارغا تارقىلىپ ياشىغانىدى؛ ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ، خېشى كارىدورىدىمۇ ئۇلارنىڭ قەبىلىلىرى بار ئىدى. شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى ساكلارنىڭ بەزىلىرى

تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى ئىلى دەرياسى ۋادىلىرىدا، بەزىلىرى پامىر ئېگىزلىكىدە، بەزىلىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا ئولتۇراقلاشقان. ساكلار مىلادىدىن XX ئەسىر ئىلگىرىلا تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلارغا كەلگەنىدى.* ئۇلار ساكلار مەدەنىيىتىنى ياراتقانىدى. ئۇلارنىڭ تىلى ئالاھىدە ئەمەس، بۈگۈنكى كۈندە خوتەن بىلەن مارالبېشىنىڭ تۇمشۇق قاتارلىق جايلىرىدا قەدىمكى ساكلارنىڭ شۈۋىسى ساقلىنىپ قالغان. دۈڭخۇاڭ (دەشت ئاتا) نىڭ موگاۋكۇ (ئېگىز قۇم) غارلىرىدىن قىزدۇۋېلىنغان يازما يادىكارلىقلار ئىچىدىمۇ «خوتەن - ساك تىلى» دا يېزىلغان بىرمۇنچە ھۆججەت - ۋەسىقىلەر تېپىلدى. بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ بەزىلىرى X ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا (شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ چۇنخۇا يىللىرى) يېزىلغانلىقى مەلۇم بولدى. بىز شۇنىڭغا ئاساسلىنىپ، خوتەن رايونىدا X ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىمۇ ساكلار ياشىغان، ھېچ بولمىغاندا، ئۇلارنىڭ خان جەمەتى ساكلاردىن بولغانىدى، دېگەن قاراشقا كېلەلەيمىز.

توخرىلار تارىخىي ھۆججەتلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، تارىم ئويمانلىقىدا توخرىلار دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر مىللەتمۇ ياشىغان. توخرىلار شەرقىي ئىران نەسلىگە مەنسۇپ بولۇپ، مىلادىدىن ئىلگىرى پامىرنىڭ غەرب تەرىپىدە ئولتۇراقلاشقانىدى. ئۇلارنىڭ زېمىنىنىڭ غەرب تەرىپى ئىرانغا، جەنۇب تەرىپى ھىندىقۇش تاغلىرىغا، شىمال تەرىپى بۈگۈنكى تېرمېزنىڭ شىمال تەرىپى-

* لىتۋىنىسكى: «شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا» 1984 - يىل، موسكۋا (رۇسچە) نەشرى، 11 - بەت.

شىكى بوزغال ئېغىزى (تۆمۈر قوۋۇق) غا تۇتىشاتتى.*

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئارخېئولوگىيە خادىملىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردىن توخرىلارغا ئائىت نۇرغۇن مەدەنىي يادىكارلىقلارنى تاپقانلىقتىن، ھەرقايسى مەملىكەتلەردىكى ئالىملار، ئومۇمەن، قەدىمكى زاماندىن ئوتتۇرا ئەسىرگىچە تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى شەھەرلەرگە جايلاشقان ئاھالىلەر ئاساسەن ھىندى - ياۋروپا تىلى سىستېمىسىغا تالىق بولغان توخرىلار ۋە ساكلاردىن ئىبارەت ئىدى، ئۇلارنىڭ تىلى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى ئالاھىدە تارماق ئىدى، دەپ ھېسابلىماقتا. ئاگىنى (قارا شەھەر) بىلەن كۇسەن (كۇچا) دە «ئاگىنى - كۇسەن تىلى» دەپ ئاتالغان تىل كەڭ قوللىنىلغانىدى (بۇرۇن توخرى تىلى A، توخرى تىلى B دېيىلگەن)، ئۇلار ھىندىستاندىن تارقالغان براھمى يېزىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياچە قىيسىق شەكلىنى قوللانغانىدى. قەشقەر، يەكەن ئەتراپلىرىدا بولسا براھمى يېزىقىنىڭ تىك شەكلى قوللىنىلاتتى. نىيە، ئۇدۇن (ھازىرقى خوتەن)، پىشامشان (ھازىرقى چارقىلىق) ئەتراپىدا ئاساسەن قەدىمكى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال شىۋىسى قوللىنىلاتتى. بۇ ئومۇمەن «نىيا ئاۋام تىلى» دېيىلەتتى. تىلشۇناسلار بۇ تىلنى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ شەرقىي ئىران تارمىقىغا تەۋە دەپ ھېسابلىماقتا. بۇ جايلاردا كەڭ تۈردە قوللىنىلغان يېزىق ئاساسەن قەدىمكى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا قوللىنىلغان يېزىق بولۇپ، بۇ ئادەتتە «كارۇشتى يېزىقى» دېيىلەتتى. كېيىنكى چاغلاردا بۇ يېزىقنىڭ ئورنىغا

* «ئۇلۇغ تاڭ خانلىقى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ھەققىدە خاتىرىلەر» 1 - جىلد، «توخرىلارنىڭ قەدىمكى يۇرتى» غا قارالسۇن.

براھمى يېزىقى قوللىنىلدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شۈەنجۇاڭ «ئۇلۇغ تاڭ خانلىقى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ھەققىدە خاتىرىلەر» دېگەن كىتابىنىڭ 12 - جىلدىدا «كوستانا (خوتەن) يېزىقىنىڭ قائىدىسىدە ھىندىستان يېزىقىغا ھۆرمەت قىلىنىپ، ئۇنىڭ شەكلى ئازراقلا ئۆزگەرتىلگەنىكەن»، «ئۇلارنىڭ تىلى باشقا ئەللەرنىڭ تىلىدىن پەرقلىنىدىكەن» دېگىنىدە دەل مۇشۇنداق ئەھۋالنى كۆزدە تۇتقان. بۇنىڭدىن باشقا لوپنۇر كۆلىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىن دۇڭخۇاڭغىچە بولغان ئارىلىقتا ياشىغان توخرىلار ئارىسىدىمۇ ھىندى - ياۋروپا تىلى سىستېمىسىدىكى ئىككىنچى بىر خىل تىل يەنى شەرقىي ئىران تىلىنىڭ بىر تارمىقى بولغان سوغدى تىلى (سوغدىيانا تىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تارقالغان. بۇ ئادەتتە «قەدىمكى خوتەن تىلى» دېيىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ تىل ئاساسەن، شۇ يەرلەرگە كېلىپ سودىگەرچىلىك قىلغان سوغداقلار ئارىسىدا قوللىنىلغانىكەن. شىنجاڭ رايونىدا ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەر ئىچىدە خەنزۇ - تىبەت تىلى سىستېمىسىدىكى تىلدا سۆزلىشىدىغان چاڭلارمۇ بار ئىدى.

ئەمىنىيە دەۋرىدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ سىياسىي - ئىقتىسادىي تۇرمۇشىغا ۋە كېيىنكى مەزگىللەردە باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن يەنە بىر مىللەت ئۇسۇنلار ئىدى. ئۇسۇنلار تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بىر مىللەت ئىدى*. ئۇلار مىلادىدىن ئىككى ئەسىر ئىلگىرى (غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى) لا، توخرىلار بىلەن بىللە بۈگۈنكى گەنسۇنىڭ غەربىي قىسمىدىكى چىلان تىغى بىلەن دۇڭخۇاڭ ئارىلىقىدا

* «بارتولد ئەسەرلىرى» 2 - توم، 1 - قىسىم: «يەتتىسۇ تارىخىدىن ئوچېركلار» غا قارالسۇن.

كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق قىلغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 174 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە توخرىلار ھۇنلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، ئىلى ۋادىسىغا كۆچۈپ بېرىپ ئۇ يەردە ياشاپ كەلگەن ساكلارنى قوغلىۋەتتى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 161 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە، ئۇسۇن خانى مەرگەن جايمىر ھۇنلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا كېلىپ ئۇ يەردىكى توخرىلارنى ۋە قالدۇق ساكلارنى قوغلىۋېتىپ، توخرىلارنىڭ يېرىنى تارتىۋالدى ھەمدە ئۆز ئالدىغا دۆلەت قۇرۇپ، بۈگۈنكى ئىسسىق كۆلنىڭ جەنۇبىدىكى، نارىن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى ئىسسىقكۆل شەھىرىنى پايتەخت قىلدى. ئۇيسۇنلار غەربكە يېڭى كۆچۈپ بارغاندا ھۇنلارغا بويسۇندى. كېيىنچە ئاستا - ئاستا ئۆزىنىڭ كۈچىنى زورايتىپ، ئاھالىسىنى 630 مىڭغا، ئەسكىرىنى 188 مىڭغا يەتكۈزۈپ، ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ھۇزۇرىغا تەزىمگە بارمايدىغان بولۇۋالدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 138 - يىلى (خەن ۋۇدىنىڭ جيەنيۈەن 3 - يىلى) ۋە 119 - يىلى (خەن ۋۇدىنىڭ يۈەنشۇ 4 - يىلى)، خەن ۋۇدى ھۇنلارنى ھالسىرىتىپ، ئۇلارنىڭ ئوڭ قولىنى ئۈزۈپ تاشلاش ئۈچۈن، جاڭ چيەننى ئىككى قېتىم غەربكە — توخرى، ئۇسۇن خانلىقىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى، كېيىن ئۆز جەمەتىنىڭ قىزلىرىدىن شىجۈن (نازاكەتلىك مەلىكە)، جيېيۇ (غەمخالاس مەلىكە) دېگەن ئىككى مەلىكىنى ئۇسۇنلارنىڭ ئۇلۇغ كۈنبېيىسىگە ياتلىق قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇسۇنلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە باشلىدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 71 - يىلى (خەن شۈەندىنىڭ بېنشى 3 - يىلى)، خەن شۈەندى بىلەن ئۇسۇنلار بىرلىكتە 200 مىڭ ئەسكەر چىقىرىپ، ھۇنلارنى

قاتتىق مەغلۇپ قىلدى ھەمدە ئۇسۇن كۈنبىيسىنىڭ ئوغلى يانغۇبېينى ئۇلۇغ كۈنبېيلىككە تىكلىدى. ھۇنلار مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چاڭلۇ بېگى چاڭ خۇينى لەشكەر بىلەن ئىسسىقكۆلگە ئەۋەتىپ شۇ يەردە تۇرغۇزدى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى (خەن شۈەندىنىڭ شېنجۆ 2 - يىلى)، غەربىي خەن ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى، شۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرتتىكى كەڭ رايونلار غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ تېررىتورىيىسىگە رەسمىي كىرگۈزۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ھۇنلارنىڭ كۈچى ئاجىزلاپ، ئۇيسۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئورنى تېز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. دەسلەپتە، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى يەكەن خانلىقىنىڭ تەكلىپ بېرىشى بىلەن، ئۇسۇن خانى ئوڭغۇبېينىڭ جىيىۇ مەلىكىدىن تۇغۇلغان ئىككىنچى ئوغلى ۋەننيەن يەكەنگە خان بولدى، كۈسەن خانى جامبېن ئوڭغۇبېينىڭ جىيىۇ مەلىكىدىن توغۇلغان چوڭ قىزى دىشىنى خوتۇنلۇققا ئالدى. بۇ ھال ئۇسۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى تۇراقلاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. كېيىنكى چاغلاردا ئۇسۇنلار ئىلى دەرياسى ۋادىلىرىدا تىرىكچىلىك قىلىپ ئاۋۇدى ۋە ئۇ يەردە نەچچە يۈز يىل ياشىدى، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە كەلگەندە، شىمالدا يېڭىدىن روناق تاپقان جۇرجانلارنىڭ قىستاپ كېلىشى بىلەن غەربكە كۆچۈپ پامىر رايونىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيسۇنلار ئاستا - ئاستا باشقا مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ كەتتى.

توخرىلار ئۇسۇنلارنىڭ قوشنىسى ئىدى. ئۇلار «چارۋا بىلەن بىللە كۆچۈپ يۈرۈپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى، ئۆرپ - ئادىتى

ھۇنلارنىڭكىگە ئوخشاتتى»،* ئۇلار يىراق قەدىمكى دەۋردىن بۇيانلا دۆڭخۇاڭ بىلەن چىلان تېغى ئارىلىقىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنىدى. مىلاددىن ئىككى ئەسىر ئىلگىرىكى ۋاقىتقا كەلگەندە، ياۋچىلار 200 مىڭچە ئوقياچىغا ئىگە بولدى. توخرىلار ھۇنلارنىڭ تەڭرىقۇتى باتۇر تەڭرىقۇت (مىلاددىن ئىلگىرى 209 — 174 تەختكە ئولتۇرغان) تەرىپىدىن تارمار كەلتۈرۈلدى. توخرىلار زەربىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، خېشى كارىدورىدا ياشىيالمايدىغان بولۇپ قالدى. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ تولىسى غەرب تەرەپكە كۆچۈپ، ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى تېكەس دەرياسى ۋادىسىغا كەلدى. كەتمەي قالغانلىرى چىلان تاغلىرىدا چاڭلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشتى، توخرىلار كېلىشتىن ئىلگىرى، ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا ئۇزاقتىن بۇيان ساكلار ئولتۇراقلىشىپ كەلگەنىدى. توخرىلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن ساكلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى غەربىي جەنۇبتىكى يىراق جايلارغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىپ، ئىلى دەرياسى ۋادىسىنى تەنھا ئىگىلىۋالدى. توخرىلار ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇزاق ئۆتمەيلا ھۇن تەڭرىقۇتى رۇشات ۋە ئۇسۇنلارنىڭ كۈنبېيى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. مەغلۇپ قىلىنغان توخرىلارنىڭ كۆپ قىسمى ساكلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىن غەربىي جەنۇبقا، بۈگۈنكى ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى جايلارغا بېرىپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى سوغدىلارنىڭ زېمىنىنى بېسىۋالدى. كېيىنكى چاغلاردا يەنە ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ساكلارنى قوغلاپ چىقىرىپ،

* «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»

تەسىر كۈچىنى بەدەخشانغىچە كېڭەيتتى ۋە ئۆزلىرىنى «ئۇلۇغ توخرىلار» دەپ ئاتىدى. جاڭ چيەن تۇنجى قېتىم ئەنە شۇلارنى زىيارەت قىلغانىدى. غەربكە كۆچەلمەي قالغان بىر قىسىم توخرىلار ئاز سانلىق ساكلار بىلەن بىللە ئۆز جايلىرىدا ياشاپ، ئۇيسۇنلارغا ئەل بولدى. دېمەك، ئىلى ۋادىسىنىڭ ئېچىلىشىدا توخرىلارنىڭ تۆھپىسى بار.

ھۇنلار چىن، خەن سۇلالىرى دەۋرىدە شىنجاڭ رايونىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان قەدىمكى بىر مىللەت ئىدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 174 - يىلى ئۆپچۆرىسىدە، ھۇنلارنىڭ تەسىر كۈچى تىيانشاننىڭ شەرقىي قىسمىغا ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى كىروران (ھازىرقى چارقىلىق ناھىيىسى ئەتراپى) غا، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى 26 دۆلەتكە كېڭەيدى.①

باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى روشات تەڭرىقۇت دەۋرىدە (مىلادىدىن بۇرۇنقى 174 — 161 - يىللىرى) ھۇنلارنىڭ تەسىر كۈچى ئىلى دەرياسى ۋادىلىرىغا ۋە تىيانشاننىڭ غەربىگىچە يېتىپ باردى. سۈيۈنگىل تەڭرىقۇت دەۋرىدە (مىلادىدىن ئىلگىرى 161 — 126 - يىللىرى) ھۇنلار بىۋاستە ئەسكەر چىقىرىپ، توخرىلارنىڭ خانىنى قاتتىق مەغلۇب قىلىپ② توخرىلارغا قاراشلىق ماۋرائۇننەھرنى ۋە پامىر ئېگىزلىكىدىكى جايلارنى كونترول قىلدى. شۇنداق قىلىپ شەرقىي تەرىپى لياۋخې دەرياسىدىن باشلىنىپ، غەربىي تەرىپى كۆكئارتقا، شىمال تەرىپى بايقال كۆلىگە، جەنۇب تەرىپى سەددىچىن سېپىلىگە تۇتىشىدىغان كەڭ زېمىن ھۇنلارنىڭ كونتروللۇقىغا

① «تارىخنامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»

② «تارىخنامە. فەرغانە تەزكىرىسى»، «خەننامە. جاڭ چيەننىڭ تەرجىمھالى»

ئۆتتى.① شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ھۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا غەربىي يۇرتنى تالىشىش يۈزىسىدىن كۆپ قېتىم كۈرەش يۈز بەردى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 92 - يىلى (خەن ۋۇدىنىڭ جىڭخې 1 - يىلى)، ھۇنلارنىڭ باتىسقانى بىلىگە تەگرىقۇت چاكارلار كاھىبگى تەسىس قىلىپ، غەربىي يۇرتنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى ھەمدە ئاگىنى (ھازىرقى يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى تەۋەسىدە)، چۇقىقو (ھازىرقى يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا)، قاراقۇم (كورلىنىڭ شەرقىي شىمالىدا) قاتارلىق جايلاردا ئەمەلدار تۇرغۇزۇپ، شۇ دۆلەتلەردىن باج - سېلىق ئالدى.② مىلادىدىن ئىلگىرىكى 71 - يىلىدىن كېيىن، (خەن شۈەندىنىڭ بېنشى 3 - يىلى) بېقىندى قەبىلىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز قارشىلىق كۆرسىتىشى، ھۆكۈمران گۇرۇھ ئىچىدە ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىنىڭ ئەۋج ئېلىشى ۋە خەن سۇلالىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىشى ئارقىسىدا، ھونلارنىڭ كۈچى پەيدىنپەي ئاجىزلاشتى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى (خەن شۈەندىنىڭ شېنجۆ 2 - يىلى)، غەربىي خەن ھۆكۈمىتى ھونلارنىڭ ئوڭ قول ئوقالىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۆرلى (ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسى تەۋەسىدە) دا غەربىي يۇرت قوروقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ «ھونلار زەئىپلىشىپ غەربىي يۇرتنى پاراكەندە قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى، ھونلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى چاكارلار كاھىبگى ئۆز رولىنى يوقاتتى». مىلادىدىن ئىلگىرىكى 58 - يىلى (خەن شۈەندىنىڭ شېنجۆ 4 - يىلى) ۋە مىلادىنىڭ 48 - يىلى (شەرقىي خەن سۇلالىسى

---

① لىن گەن: «ھۇنلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، 1986 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 25 - بەت.

② «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»

گۇاڭۇۋدى خاننىڭ جيەنۋۇ 24 - يىلى) ھۇنلار ئىككى قېتىم پارچىلىنىپ تۆۋەنكى ئوققا ۋە يۇقىرقى ئوققا بۆلۈنۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن شىمالىي ھۇنلار ئالتاي تاغلىرى ۋە تىيانشاننىڭ شىمال تەرىپىدىكى بەزى جايلاردىلا ياشايدىغان بولدى. مىلادى 91 - يىلى (خەن خېدىنىڭ يۇڭيۈەن 3 - يىلى)، خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئالتاي تاغلىرىدا شىمالىي ھۇنلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ 100 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۇسۇنلار تەرىپىگە قوغلىۋەتتى،* شۇنىڭدىن كېيىن شىمالىي ھۇنلار تاكى مىلادىنىڭ 373 - يىلى (شەرقىي جىن سۇلالىسى شياۋۇدى خاننىڭ نىڭكاڭ 2 - يىلى) ياۋروپاغا كەتكەنگە قەدەر، تىيانشاننىڭ شىمالىي قىسمىدا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سوغدىيانا، كانجۇت قاتارلىق جايلىرىدا ياشاپ، بۇ جايلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. بۇلاردىن ئۆزلىرىنى ياپپانلار دەپ ئاتايدىغان بەزى قەبىلىلەرمۇ شۇ رايونلاردا قېلىپ، ئۇزاق جەريان ئىچىدە ئاستا - ئاستا شۇ جايدىكى مىللەتلەر بىلەن سىڭىشىپ كەتتى.

ياپپان دېگەن نام ئەڭ دەسلەپتە «ۋېينامە. ياپپانلار ھەققىدە قىسسە»دە ۋە «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە كۆرۈلىدۇ. خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ياپپانلار «دەسلەپتە شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ قەبىلىلىرى بولۇپ، خەن ئوردىسىنىڭ ھارۋا - ئاتلىقلار سانغۇنى دۇشيەن تەرىپىدىن يىراقلارغا قوغلىۋېتىلگەن. شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتى ئالتاي تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، غەربتىكى كانجۇتقا كەتكەندە، ئۇلارنىڭ يول يۈرۈشكە ماجالى يەتمەي، كۈسەننىڭ شىمالىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇلارنىڭ يېرى نەچچە مىڭ چاقىرىم

* «كېيىنكى خەننامە. يۈەن ئەننىڭ تەرجىمىھالى».

كېلەتتى، ئاھالىسى 200 نەچچە مىڭ ئىدى».① جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىكى جۇرجانلار (ئاۋارلار) نىڭ قىستىشى بىلەن، ئۇسۇنلار «غەربتىكى كۆكتارتقا كۆچۈپ كەتكەن»②، نەتىجىدە ياپپانلار ئىلى- ۋادىلىرىدىكى ئۇسۇنلارنىڭ زېمىنىنى ئىشغال قىلىپ، تىيانشان ئەتراپىدىكى قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندى، ئۇنىڭ زېمىنىنىڭ شەرق تەرىپى ئاگىنىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى يۇلتۇز ۋادىسىدىن باشلىنىپ، غەرب تەرىپى نارىن دەرياسى ۋادىسىغا تۇتىشاتتى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى نارىن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا ئىدى.③

دىڭلىڭ (تۇرا)نىڭ نامى ئەڭ دەسلەپتە مىلادىيىدىن ئۈچ ئەسىر ئىلگىرى يېزىلغان تارىخ كىتابلىرىدا كۆرۈلىدۇ. ئۇلار ئەينى زاماندا، ئاساسەن، شەرق تەرىپى بايقال كۆلىدىن باشلىنىدىغان، غەرب تەرىپى ئېرتىش دەرياسى ۋە بالقاش كۆلىگە تۇتىشىدىغان جايلاردا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بىر قوۋم ئىدى. ئۇلار شەرقىي دىڭلىڭ ۋە غەربىي دىڭلىڭدەپ ئاتىلاتتى. مىلادىيىدىن ئۈچ ئەسىر ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا ھون تەڭرىقۇتى باتۇر تەڭرىقۇت شىمالدا دىڭلىڭلارنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى. كېيىنكى چاغلاردا، دىڭلىڭلار ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى نۇرغۇن قەبىلە ۋە ئۇرۇقلار بىلەن بىرلىشىپ، ھون ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى چىقتى. مىلا-

① «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»

② ماتسۇدا توشىئو(ياپونىيە): «قەدىمكى دەۋردىكى تىيانشان رايونىنىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات». شوۋا 45 - يىلى، 180 -، 205 - بەتلەر.

③ ماتسۇدا توشىئو (ياپونىيە):«قەدىمكى دەۋردىكى تىيانشان رايونىنىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات». شوۋا 45 - يىلى، 180 -، 205 - بەتلەر.

دىدىن ئىلگىرىكى 71 - يىلى (خەن ۋۇدىنىڭ بېنشى 3 - يىلى)، دىڭلىڭلار ئۇسۇن، ئۇغانىلار بىلەن بىرلىشىپ، هۇنلارغا شىمال تەرەپتىن هۇجۇم قىلىپ، هۇنلارنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلدى. مىلادى 85 - يىلى (خەن جاڭدىنىڭ يۈەنخې 2 - يىلى) دىڭلىڭلار سيانپىلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى هەرقايسى دۆلەتلەر شۇنىڭدەك شەرقىي خەن ئوردىسىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ، هۇنلارغا زەربە بەردى ۋە پەيدىنپەي تىيانشاننىڭ شىمالىي قىسمىغا كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلاشتى. مىلادى IV — V ئەسىردە بىر تۈركۈم دىڭلىڭ قەبىلىلىرى تارىم ئويمانلىقىغا كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلاشقان بولسىمۇ لېكىن، ئۇلارنىڭ زور بىر قىسمى بۇرۇنقى جايىدا قالدى.

ئۇغۇزلار شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى. «خەننامە. هۇنلار هەققىدە قىسسە» دە ئۇلار ئەڭ دەسلەپتە ئۇسۇنلارنىڭ شىمال تەرىپىدە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، دېيىلىدۇ. ئەينى زاماندا، ئۇسۇنلار هازىرقى گەنسۇنىڭ غەرب تەرىپىدىكى چىلان تېغى بىلەن دۇڭخۇاڭ ئارىلىقىدىكى جايلاردا ئولتۇراقلاشقانىدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن جاڭ شۇجيېمۇ «تارىخنامە. هەقىقىي شەرھ» دېگەن كىتابىدا: «ئۇسۇنلار بىلەن ئۇغۇزلار دۆلىتى گۇاجۇ ئايمىقى (هازىرقى گەنسۇغا قاراشلىق ئەنشى ناهىيىسىنىڭ شەرق تەرىپىدە) دا ئىدى» دېگەنىدى. مىلادىدىن I ئەسىر ئىلگىرىكى مەزگىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئۇغۇزلار هۇنلارغا بېقىندى هەمدە جۇڭغارىيە ئويمانلىقى ئەتراپىغا كۆچۈپ كەلدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 57 - يىلى (خەن شۈەندىنىڭ ۋۇفېڭ تۆتىنجى يىلى)، ئۇغۇزلار هۇن ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئىچكى نىزالىرىدىن پايدىلىنىپ، «ئۆز ئالدىغا ئۇغۇز تەڭرىقۇتى تىكلىگەنىدى»*. مىلادىدىن ئىلگىرىكى

* «خەننامە. هۇنلار هەققىدە قىسسە»، II

51 - يىلى (خەن شۈەندىنىڭ گەنلۇ 3 - يىلى)، شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتى قۇتتۇش ھۇنلارنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى زېمىنىنى ئىشغال قىلىۋېلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆز قىسىملىرىنى باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئۇيسۇنلارنى مەغلۇپ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا، شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، ئوغۇزلارنىمۇ يەڭدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇزلارنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق خاكاسلارنى مۇنقەرز قىلدى. شىمال تەرەپتە، دىڭلىڭ قەبىلىلىرىنى تارمار كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئوغۇزلار شىمالىي ھۇنلارنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالدى.

خەنزۇلار (خۇاشيالار) شىنجاڭغا ناھايىتى بۇرۇن كەلگەن مىللەتلەرنىڭ بىرى. جۇڭگونىڭ يىپەك مىلى مىلاددىن ئىلگىرىكى VI ئەسىردىلا غەربىي يۇرت ئارقىلىق يۇنانغا ئاپىرىپ سېتىلاتتى، شىنجاڭدىن مىلاددىن ئىلگىرىكى VII ئەسىرگە ئائىت يىپەك توقۇلمىلارمۇ چىقتى. بۇنداق يىراق جايلارغا يىپەك مال توشۇپ سېتىشتا خۇاشيالارنىڭ قاتناشمىغانلىقىنى قىياس قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. غەربىي خەن سۇلالىسى جاڭ چيەننى غەربىي يۇرتقا ئەۋەتكەندىن كېيىن، خەنزۇلار شىنجاڭغا تېخىمۇ كۆپلەپ كىرىشكە باشلىدى. مىلاددىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى، غەربىي خەن ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى. خەن ئوردىسى ھەر قايسى جايلاردا ئەسكەر تۇرغۇزغاندىن تاشقىرى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن غەربىي يۇرتقا خەنزۇلارنى كۆچۈرۈپ يەر ئىگىلىدى. غەربىي ۋە شەرقىي خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە، غەربىي يۇرتنىڭ كورلا، چادىر، چارقىلىق، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلىرىدا خەنزۇ دېھقانلىرى توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ يەر ئىگىلىگەنىدى. بۇ رايونلاردا كۆپ بولغاندا بىرنەچچە مىڭ كىشى، ئاز بولغاندا بىرنەچچە

ئون كىشى ئولتۇراقلاشقانىدى. بۇ دېھقانلارنىڭ ھەممىسى خوتۇن - بالىلىرىنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ كەلگەنىدى. كېيىنكى چاغلاردا بۇ كىشىلەر ئەۋلادمۇ ئەۋلاد شۇ يەردە ياشاپ، ئاۋۇپ، شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى. ۋېي، جىن سۇلالىلىرى مەزگىلىدە ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقىنىڭ باش سانغۇنى لۈي گۇاڭ 70 مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇننى باشلاپ، غەربىي يۇرتقا ھۇجۇم قىلىپ، تۇرپان، ئاگنى، كۇچا قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، نۇرغۇن خەنزۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى تەپرىقىچىلىكتىن قېچىپ شىنجاڭغا كېلىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى خەنزۇلار تېخىمۇ كۆپەيدى. تۇرپان شۇ چاغلاردا خەنزۇلار ئەڭ مەركەزلەشكەن جايلارنىڭ بىرى ئىدى. مىلادى 460 - يىلدىن كېيىن، تۇرپان رايونىدىكى خەنزۇلار مۇستەقىل دۆلەت قۇردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كەن فامىلىلىكلەر، جاڭ فامىلىلىكلەر، ما فامىلىلىكلەر، كۇ فامىلىلىكلەر ھۆكۈمران بولۇپ، ئىلگىرى - كېيىن بىر - ئىككى يۈز يىل ھۆكۈم سۈردى. سۈي، تاڭ دەۋرلىرىگە كەلگەندە، تاڭ ئوردىسى غەربىي يۇرتتا ئەنشى (كۈنپېتىشتىكى جايلارنى ئەمىن قىلغۇچى) قورغىنى قاتارلىق تۆت ھەربىي قورغان تەسىس قىلىپ، بۇ قورغانلاردا 40 مىڭدىن ئارتۇق دائىملىق ئەسكەر تۇرغۇزدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەر يىلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن نۇرغۇن دېھقانلارنى غەربىي يۇرتقا يۆتكەپ كېلىپ يەر ئېگىلەتكۈزدى. خەنزۇ دېھقانلىرىنىڭ سانى كۆپىيىپ، يەرلىرى كېڭەيگەنلىكتىن، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق بىرمۇنچە جايلاردا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىگە ئوخشاش، يەر تەڭشەپ باج ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىدىن كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى خەنزۇلار داۋاملىق تۈردە شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلدى. تارىختا شىنجاڭغا كىرگەن خەنزۇ خەلقىنىڭ كۆپىنچىسى كېيىنكى چاغلاردا يەرلىك

مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ كەتتى.

چاڭلار شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا رايونلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ، چارۋىچىلىقنى ئاساس، دېھقانچىلىقنى قوشۇمچە قىلغان ھالدا تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەنىدى. شاڭ سۇلالىسىدىن كېيىن، چاڭلارنىڭ بىر قىسمى غەربىي جەنۇبتىكى چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىگە، بىر قىسمى غەرب تەرەپتىكى تارىم ئويمانلىقىغا كۆچۈپ كىردى. يىغىلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە — چىن شيەنگۇڭ زامانىسى (مىلاددىن ئىلگىرىكى 384 — 316 - يىللىرى) دىلا، بىر تۈركۈم چاڭلار چىڭخەيدىن غەربكە كۆچۈپ، بىرنەچچە مىڭ چاقىرىم يول بېسىپ، تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى جايلارغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ، «چاڭلار قوۋمىدىن ئالاقىسىنى ئۈزگەن، ئۇلار بىلەن بېرىش - كېلىش قىلمىغان» ئىدى.*

«خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە يېزىلىشىچە، جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بېرىشتىن ئىلگىرى، چاڭلار تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى ۋە پامىر ئېگىزلىكىدىكى ھەرقايسى جايلاردا تارقاق ئولتۇراقلاشقانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، غەربىي شىمالدىكى بىرمۇنچە چاڭ قەبىلىلىرى شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگىچە غەربكە كۆچۈپ تۇردى. چاڭلارنىڭ شىنجاڭدىكى قوۋملىرىنىڭ ئەڭ چوڭ تارمىقىنىڭ نامى «نوپچان»(چارقىلىقلىقلار) دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار شەرق تەرەپتە لوپنۇر كۆلىگە، غەرب تەرەپتە خوتەننىڭ تاغلىق رايونلىرىغىچە بولغان جايلارنىڭ ھەممىسىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغانىدى. لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان چاڭلار «قىزىل سۇ چاڭلىرى» ۋە «ئاق ئاتلىق چاڭلار» دەپ

* «كېيىنكى خەننامە. چاڭلار ھەققىدە قىسسە»

ئاتالغان. مۇشۇ جايلاردىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدىن ئەينى زاماندا چاڭلاردىن قېپقالغان ۋەسىقىلەرمۇ تېپىلدى. شايار ناھىيىسىدىكى ئۈشتى خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان «خەن خاندانلىقىغا بەيئەت قىلغان چاڭلار ئاقساقىلى مۆھۈرى» — چاڭلارنىڭ ئاتامانىدىن قېپقالغان يادىكارلىقتۇر. پامىر ئېگىزلىكى ۋە تارىمنىڭ غەربىي قىسمىدىكى كاۋانتا (تاشقورغان) دۆلىتى، ئورىرى دۆلىتى، يېڭىسار دۆلىتى، يۆلئارىق دۆلىتى قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ ئۆرپ - ئادەتلىرى چاڭلارنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئوششاق دۆلەتلەر ئىدى، بۇ دۆلەتلەرنىڭ چوڭلىرىدا 7000 دىن، كىچىكلىرىدە ئالتە - يەتتە يۈزدىن ئادەم بار ئىدى.

مىلادى IV ئەسىردىن VII ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا يەنە بىر مۇنچە مىللەتلەر كەينى - كەينىدىن شىنجاڭدىكى تارىم ئويمانلىقىغا ۋە جۇڭغارىيە ئويمانلىقىغا كۆچۈپ كەلدى.بۇ مىللەتلەر شۇ جايلارغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يەرلىك مىللەتلەرگە سىڭىشىپ كەتتى، بەزىلىرى بىر مەزگىل تۇرۇپ بېقىپ يەنە كۆچۈپ كەتتى. مەيلى تۇرۇپ قالغانلىرى بولسۇن، مەيلى كۆچۈپ كەتكەنلىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ ئېچىلىشى ۋە شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتتى. بەزىلىرى بولسا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە تېخىمۇ زور تەسىر كۆرسەتتى. بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىقلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا قىسقىچە بايان قىلىمىز.

جۇرجانلار (ئاۋارىلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ). بۇ مىللەت ئەسلىدە توڭغۇس نەسلىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ھۇن، سىيانپىي (بۇلارمۇ توڭغۇسلارنىڭ بىر تارمىقى) لاردىن كېيىن شىمالدىكى داللاردا روناق تاپقان قۇدرەتلىك چارۋىچى مىللەت ئىدى،

مىلادىنىڭ 402 - يىلى، جۇرجان ئاتامانى سەللان تۇغلا دەرياسى ۋادىسىنى مەركەز قىلغان قاڭقىللار (تۆلۆسلەر) غا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ زېمىنىغا بېسىپ كىردى ھەمدە قاڭقىللارنىڭ بىرنەچچە قەبىلىسىنى، شۇنىڭدەك ھۇنلارنىڭ قالدۇق قىسمىلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، تۇغلا دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى ئۆتۈكەن تېغىدا بارگاھ قۇردى ۋە ئۆزىنى «چۇرتۇغ قاغان» دەپ ئاتىدى①. شۇنىڭدىن كېيىن جۇرجانلار دىققەت نەزەرىنى غەربىي يۇرتقا بۇراپ، ئالدى بىلەن ئىلى ۋادىسىدىكى ئۇسۇنلارنى پاراكەندە قىلىپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى غەربتىكى كۆكئارتقا قوغلىۋەتتى. ئارقىدىنلا جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنى كونترول قىلىۋالدى. ئۇلار ئېھۇرىغولدا ھۆكۈمران مىللەت سۈپىتىدە يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك (422 — 488) ھۆكۈم سۈردى②. ئۇلار يەنە غەربىي لياڭنىڭ قالدۇق كۈچلىرىدىن بولغان كەنشۇاڭ، شىمالىي لياڭلىق زۇرچىئۇرغۇ، خەنزۇ كەنبۇجۇلار ئارقىلىق پۈتكۈل تۇرپان ئويمانلىقىنى كونترول قىلدى. 460 - يىلى، جۇرجانلار قۇجۇدىكى زۇرچى فامىلىلىكلەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى ھالاك قىلىپ، كەنبۇ جۇنى ئىدىقۇتنىڭ پادىشاھلىقىغا تىكلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە غەربكە كۆچۈپ شۇ يەرگە كەلگەن قاڭقىللارنى مەغلۇپ قىلىپ، يىپەك يولىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى قۇمۇل بىلەن تۇرپاندىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم تايانچ بازىنى مەھكەم كونترول قىلدى. ئاگىنى، پىشامشان (ھازىرقى چارقىلىق ناھىيىسى دائىرىسىدە)، كۇچا ھەمدە ئىلى ۋادىسى، قۇم (ھازىرقى ئاقسۇ)

---

① «ۋېينامە. جۇرجانلار ھەققىدە قىسسە».

① يۇتەيشەننىڭ «يەپتاللار تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن كىتابىنىڭ 194 -، 195 - بېتىگە قارالسۇن، چىلۇ كىتابخانىسى. 1986 - يىل نەشرى.

قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە ئالدى①.

جۇرجان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق قوۋملەر ئۈستىدىكى زۇلمى ناھايىتى دەھشەتلىك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار ئىچىدىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەر ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۆزلىرىنى تېلى (تۆلۆسلەر) دەپ ئاتاپ جۇرجان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ زۇلمىغا ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە قارشى تۇردى. تۆلۆسلەر ئەڭ دەسلەپتە دىلار، ئۇيغۇر، قوغۇرسۇ، چۆبە، ئۇغۇز، ئىچكىنىدىن ئىبارەت ئالتە قەبىلە ئىچىدىكى بىر ئۇرۇق ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئاساسەن تۇغلا دەرياسى ۋادىسىدا، چۆبەلەر ھازىرقى تىيانشان تاغلىرىدا، ئۇغۇزلار ئانگارا ۋادىسىدا كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا، تۆلۆسلەر ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. بۇ چاغدا موڭغۇل دالاسىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىي قىسمىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر مۇنچە قەبىلىلەرمۇ «قاڭقىللار» دېيىلەتتى. ئەينى زاماندا، قاڭقىللار بۆركلى، تۆرە، ئېلىخان، تارلان، قۇغا، داۋغان، ئايرۇن، مويان، ئېركىن، تۇماغلىق، كىيان، يۈسبىدىن ئىبارەت 12 قەبىلىگە بۆلۈنەتتى②.

مىلادى IV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ داۋۋۇ خانى توغبات گۇي (مىلادى 386 — 409 - يىللىرى) كۆپ قېتىم ئەسكەر چىقىرىپ، رولا دەرياسى ۋە بورۇلتوقاي دەرياسى ئەتراپىدىكى تېلىلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. مىلادى 429 - يىلى، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى بايقال كۆلى ئەتراپىدىكى قاڭقىللارغا ئومۇمىيۈزلۈك

---

① «سۇڭنامە. جۇرجانلار ھەققىدە قىسسە».

② «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە».

ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ 100 مىڭ تۈتۈنىنى گوبىينىڭ جەنۇبىغا كۆچۈشكە مەجبۇر قىلدى. ئەمما مىلادى V ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىن كېيىن، غەربىي تېلىلەر بىلەن شەرقىي قاڭقىللار كۆپ قېتىم قوزغىلاڭ ۋە توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، شىمالىي ۋېي ھۆكۈمرانلىرى گۇرۇھىغا قاتتىق زەربە بەردى.

مىلادى V ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن كېيىن، قاڭقىللار جۇرجان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىدى، ئۇلاردىن بۆركىلىلا جۇرجانلار تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىنىدى. مىلادى 487 - يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسى شياۋۋېندى خانىنىڭ تەيخې 11 - يىلى)، بۆركىلى قەبىلىسىنىڭ يۈز مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى ئۆزلىرىنىڭ يولباشچىلىرى ئاپۇرغۇر بىلەن چوڭچىنىڭ قوماندانلىقىدا، تۇغلا دەرياسى بويىدىن ئالتاي تېغى ئارقىلىق تۇرپان ئويمانلىقىغا كۆچۈپ كېلىپ، قاڭقىل خانلىقىنى قۇردى*. ۋە جۇرجانلار بىلەن ئوتتۇز نەچچە يىل ئۇدا ئۇرۇش قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن گوبىينىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىل قەبىلىلىرى ئاستا - ئاستا خەنزۇ ۋە باشقا يەرلىك مىللەتلەر بىلەن سىڭىشىپ كەتتى. گوبىينىڭ شىمال تەرىپىدىكى شۇنىڭدەك غەربىي يۇرتتىكى تېلىلەرنىڭ كۈچى ئۈزلۈكسىز ئۇلغايدى. شۇنىڭ بىلەن، تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك ئىتتىپاق ياكى ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى بارلىققا كەلدى.

«سۈينامە. تېلىلەر ھەققىدە قىسسە» دە يېزىلىشىچە، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ۋە سۈي سۇلالىسى (581— 618) دەۋرىدە تېلى قەبىلىلىرى شەرق تەرىپى مەملىكىتىمىزنىڭ چوڭ ھىنگان تېغىغا تۇتىشىدىغان، غەرب تەرىپى كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمال تەرىپىگە

* «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» خەنزۇچە نەشرى، 1 - بەت.

ئۆتمىشىدىغان جايلارغىچە تارقالغانىدى، ئۇلار 40 نەچچە قەبىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. تېلىلەرنىڭ بۇ مەزگىلدىكى قەبىلىلىرى ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى ئالتە قەبىلىسىگە تالىق بولغان ئۇيغۇر، چۆبە، ئۇغۇز قەبىلىلىرىدىن باشقا يەنە تۇغلا دەرياسى بويىدا ياشىغان بارغۇت، توڭرا، بايىرقۇ، خۇن ۋە تىيانشان ئەتراپىدىكى ئۇغۇز قەبىلىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. «سۈينامە. تېلىلەر» دە يېزىلىشىچە، شۇ زامانلارغا كەلگەندە، تېلى تىيانشان تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمال تەرەپلىرىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردە يېتەكچىلىك رول ئوينايغان بىر تارماق قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا ئايلانغانىدى.

يەپتاللار (ئېفتالىتلار) يەپتاللار (ئېفتالىت) دېگەن نام «ۋېينامە» دە كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۇ خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ بەزىلىرىدە «غۇز» دېيىلىدۇ. «غۇز» سۆزى قەدىمكى خەنزۇچىدە «هۇن» دەپ ئوقۇلىدىغان بولۇپ، بۇ سۆز دەل «هۇن» (Hun) سۆزىنىڭ ئاھاڭىنى ئىپادىلەيتتى. ۋىزانتىيىلىك تارىخشۇناسلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ۋە قەدىمكى ھىندىچە ۋەسىقە — ھۆججەتلەردە ئۇلار «ئاق هۇن» دېيىلىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ پادىشاھىنىڭ فامىلىسى يەپتال (ئېفتالىت) ئىدى، ئۇ ئەرەبلەرنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا «HephthaLites» دەپ يېزىلاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن، كېيىنكىلەر بۇ فامىلىنى دۆلەت نامى قىلىۋالغان. يەپتاللار ئەسلىدە سەددىچىنىنىڭ شىمالىدا ياشىغان بىر قوۋم بولۇپ، ئاساسەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. مىلادى IV ئەسىرنىڭ 60-، 70 - يىللىرىدا، ئۇلار ئالتاي تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، غەربكە كۆچۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغدىياناغا كەلگەن ۋە ساسانىيلارغا ھۇجۇم قىلغان، شۇنىڭدىن كېيىن يەنە جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلەپ توخارىستان (ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇب تەرىپى) غا بېرىپ، گۇپتاخانلىقىغا

قارشى ئۇرۇش قوزغىغانىدى. ئۇلا ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى بەلخنى ئۆزىگە پايتەخت قىلغانىدى. يەپتاللار غەربىي يۇرتتىكى ناردىم ئويمانلىقىغا قاراپ، داۋاملىق ئىلگىرىلىدى ھەمدە يىپەك يولى* نى بويلاپ، ئىككى يۆنىلىشكە — غەربتىن شەرققە قاراپ سىلجىدى: شىمالىي يۆنىلىش بىلەن ماڭغانلىرى ئاگىنىنىڭ شەرق تەرىپىگە يېتىپ باردى؛ جەنۇبىي يۆنىلىش بىلەن ماڭغانلىرى خوتەنگىچە يېتىپ باردى ھەمدە قەشقەر (سۇلى)، ئاقسۇ (قۇم)، كۇچا (كۇسەن)، تاشقورغان (كاۋانتا) قاتارلىق جايلارنى ئۆزىنىڭ زېمىنىغا قوشۇۋالدى. V ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا، يەپتاللار قاڭقىل خانى چوڭچىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئوغلى مەتەينى ئەسىر ئالدى. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، قاڭقىللارغا يەنە ھۇجۇم قىلىپ، مەتەينى قاڭقىللارغا خان قىلىپ تەيىنلىدى. مىلادى 516 - يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسى شىياۋمىڭدىنىڭ شىپىڭ 1 - يىلى)، مەتەي جۇرجانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، قاڭقىللارنىڭ قالغان قوۋملىرى يەپتاللارغا قوشۇلۇپ كەتتى. يەپتاللار يەنە مەتەينىڭ ئىنىسى ئىلبەگنى قاڭقىللارغا خان قىلىپ تەيىنلەپ، قاڭقىللارنىڭ تىسىانشان ئەتراپىدىكى قەبىلىلىرىنى مەھكەم تىزگىنلەپ تۇردى.

مىلادى VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئەسلىدە ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى جايلاردا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، تېلىلەرگە تالىق بولغان ئاسىنا قوۋمى باش كۆتۈرۈپ چىقتى. مىلادى 546 - يىلى (غەربىي ۋېي سۇلالىسى ۋېندى خانىنىڭ داتۇڭ 12 - يىلى) ئاسىنا قەبىلىسىنىڭ يول-

* «يىپەك يولى» ئاتالغۇسى XIX ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى نېمىس ساياھەتچىسى رىچىتوۋېن تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم قوللىنىلغان. ئۇ «برونزا يولى»، «شاھرايى ئەبرىشىم»، «كارۋان بويۇك»» دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ ئاتالدى — تەھرىردىن.

باشچىسى ئاسىنا تۇمېن جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدىكى تېلىلەرنىڭ 50 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى بىلەن بىرلىشىپ، ئۆزلىرىنى تۈرك دەپ ئاتاپ، جۇرجان ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى تۇردى. مىلادى 552 - يىلى (غەربىي ۋېي سۇلالىسى فېيدى خاننىڭ 1 - يىلى)، ئاسىنا تۇمېن لەشكەر تارتىپ چىقىپ جۇرجانلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، ئۆزىنى «ئىلىك قاغان» دەپ جاكارلاپ، قۇدرەتلىك تۈرك خانلىقىنى قۇردى.

تۈرك خانلىقى يېڭى قۇرۇلغان مەزگىللەردە، تۇمېننىڭ ئوغلى موقان قاغان ئالدى بىلەن گەنسۇنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ۋە چىڭخەي ئەتراپىدىكى ئازارلارنىڭ زېمىنىنى ئىشغال قىلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى شىمالىي جۇ (مىلادىنىڭ 557 — 581 - يىللىرى)، شىمالىي چى (550 — 577 - يىللىرى) ئوردىلىرى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. موقان قاغان يەنە ئۆزىنىڭ تاغىسى ئىستەمى (دەسلەپتە باغا يابغۇ دەپ ئاتالغان) نىڭ ئون ئوق قەبىلىسىنىڭ 100 مىڭ ئادىمىگە قوماندانلىق قىلىپ، مىلادى 562 - يىلى (شىمالىي جۇ ئوردىسى چېڭدى خانىنىڭ باۋدىڭ 2 - يىلى) نىڭ ئالدى - كەينىدە، جۇڭغارىيە ئويمانلىقى ئارقىلىق غەرب تەرەپكە ئۆتۈپ، ئىلى ۋە تالاس ۋادىلىرىدىكى «ئۇسۇنلار يۇرتى»نى بېسىۋالدى. مىلادى 563 — 567 - يىللىرى، ئىستەمىخان غەربىي يۇرتتىكى چوڭ دۆلەت — يەپتاللارنى يېمىرىپ، ساسانىيلارغا ھۇجۇم قىلدى ۋە زېمىنىنى زابولىستان (ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ غەزنە دېگەن يېرى) ۋە پامىر ئېگىزلىكىگىچە كېڭەيتتى. شۇنداق قىلىپ، تۈرك خانلىقىنىڭ زېمىنى «شەرق تەرەپتە لياۋخې دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا، غەرب تەرەپتە كاسپىي دېڭىزىغا، جەنۇب تەرەپتە گوبىنىڭ شىمالىغا، شىمال تەرەپتە بايقال كۆلىگىچە

بولغان 5 - 6 مىڭ چاقىرىملىق دائىرىگە يەتتى»*.
مىلادى 583 - يىلى (سۈي ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ 2 - يىلى)، تۈرك خانلىقى شەرقىي تۈرك خانلىقى ۋە غەربىي تۈرك خانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى خانلىققا بۆلۈنۈپ كەتتى. تىيانشان تاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، پامىر رايونلىرى غەربىي تۈرك خانلىقىغا تەۋە بولدى. دەسلەپتە، تۈركلەر بارگاھىنى تىيانشان تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى يېڭىسۇ (ھازىرقى يۇلتۇز يايلىقى) غا قۇردى. يەپتاللارنى يوقاتقاندىن كېيىن، ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى يەنە ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاشكەنتنىڭ شىمالى تەرىپىدىكى سۇيئاب دەرياسى (ھازىرقى چۇ دەرياسى) ۋادىلىرىدىكى مىڭبۇلاققا كۆچۈردى. مىلادى 627 — 649 - يىللىرى، تارىم ئويمانلىقىدىكى سۇللاغ، ئۇدۇن، كۇسەن قاتارلىق جايلار غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتتى. مىلادى 630 - يىلى (تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 4 - يىلى)، شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ زېمىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىنىغا قوشۇۋېلىندى. 659 - يىلى (تاڭ گاۋزۇڭنىڭ شيەن چىڭ 4 - يىلى) غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ زېمىنمۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىنىغا قوشۇۋېلىندى.

شەرقىي تۈرك خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، گوبىينىڭ شىمالى تەرىپىدە سىر — تاردۇش قەبىلىلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئۇلار سىرلار ۋە تاردۇشلاردىن ئىبارەت ئىككى ئۇرۇقتىن تەركىب تاپقان مىللەت بولۇپ، دەسلەپتە تۇغلا دەرياسى ۋادىسىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، كېيىن تۈركلەرگە بەيئەت قىلغانىدى. 603 - يىلىغا كەلگەندە، ئەسلىدە ئۆتۈكەن تېغىدا ئولتۇراقلاشقان سىر - تاردۇشلارنىڭ بىر قىسمى غەربكە قاراپ كۆچۈپ ئالتاي تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، جۇڭغارىيە ئويمانلىقىغا كەلدى. VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا،

* «جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

غەربىي تۈرك قاغانى ئىل ئاتمىسى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالماقچى
بولۇپ، لەشكەر تارتىپ چىقىپ، تېلىلارغا ھۇجۇم قىلدى ۋە
ئۇلارنى ئېزىپ، ئۇلاردىن ئېغىر ئالۋان - ياساق ئالدى. ئۇ
سىر - تاردۇشلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىدىن ئەنسىرەپ، قەبىلە
ئاقساقاللىرىدىن نەچچە يۈز كىشىنى تۇتۇپ كېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.
تېلىلار قاتتىق زۇلۇم ئاستىدا قالغانلىقتىن، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ
قارشىلىق كۆرسەتتى. 605 - يىلى، تېلىلارنىڭ چۆبە قەبى-
لىسىدىن چۆبەغالىس ئېل ئېتمىش باغا قاغان بولۇپ، تۇرپان-
نىڭ شىمال تەرىپىدىكى تەڭرىخان تېغى (بوغدا تېغى ئەتراپىدا)دا
بارگاھ قۇردى؛ سىر - تاردۇش قەبىلىسى ئىشبارانى ئېلتەبىر
قاغانلىققا تۇرغۇزۇپ، ئىبار تېغى (ئالتاي تاغلىرىنىڭ بىر تار-
مىقى) دا بارگاھ قۇردى. بۇ ئىككى قەبىلە بىرلىشىپ، غەربىي
تۈرك قاغانى نىزۇك قارا (602 — 611 - يىللىرى تەختتە
ئولتۇرغان) ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. 611 - يىلى (سۈي
ياڭدىنىڭ دايې 7 - يىلى)، غەربىي تۈرك خانلىقىدا شېكۈي
قاغان تەختكە چىقىپ (611 — 618 - يىلى) تۈرك
خانلىقىنى قايتا گۈللەندۈردى. كېيىن بۇ ئىككى قەبىلە خانلىق
نامىنى ئۆزلۈكىدىنلا بىكار قىلدى. مىلادى 618 - يىلى
(سۈي سۇلالىسى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئالمىشىۋاتقان مەزگىل-
لەردە)، بۇ قەبىلە تېلىلەرنىڭ باشقا قەبىلىلىرى بىلەن بىر-
لىكتە غەربىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى.
مىلادى 628 - يىلى (تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 2 - يىلى)،
غەربىي تۈرك خانلىقى زور مالىمانچىلىق ئىچىگە چۈشۈپ قالدى.
سىر - تاردۇشلارنىڭ يولباشچىسى ئىشبارانىڭ نەۋرىسى ئىنان-
چى ئۆزىگە قاراشلىق 70 مىڭ چېدىرلىق ئادىمىنى باشلاپ
گوبىينىڭ شىمال تەرىپىدىكى ئورقۇن ۋادىسىغا قايتىپ بېرىپ،
ۋاقتىنچە شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى ئېلىك (620 —

630 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) كە بېقىندى، جۇڭغارىيە ئويمانلىقىغا قايتا ھۇجۇم قىلمىدى. 70 مىڭ چېدىرلىق سىر- تاردۇش قەبىلىسى تىيانشان تاغلىرىنىڭ شىمال تەرىپىدە 20 يىلدىن ئارتۇق تۇرۇپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيا- تىغا تەسىر كۆرسەتتى.

شىنجاڭنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتىغا مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن يەنە بىر مىللەت تىبەتلەر ئىدى. تىبەتلەر زاڭزۇلارنىڭ قەدىمكى نامى ئىدى. ئۇلارنىڭ ياشىغان ماكانى شىنجاڭغا چېگرىداش ئىدى. مىلادى 670 - يىلى، تىبەتلەر تاڭ سۇلالىسىنىڭ قولىدىن ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قاراشلىق تۆت قورغاننى تارتىۋېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا بېسىپ كىردى. 692 - يىلى، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تىبەتلەرنى قوغلىۋې- تىپ، تۆت قورغاننى قايتۇرۇۋالدى. 755 - يىلى پارتلىغان ئۆگلۈك - سۆيگۈن توپىلىڭىدىن كېيىن، تىبەت قوشۇنى تارىم ئويمانلىقىغا يەنە كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىپ، پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىشغال قىلىۋالدى، 866 - يىلىغا كەلگەندە، ئاندىن شىنجاڭدىن پۈتۈنلەي چېكىنىپ كەتتى. تىبەتلەر جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىشغال قىلىۋالغان مەزگىلدە، ھەرقايسى جايلاردا ئۇزاققىچە نۇرغۇن قوشۇن تۇرغۇزدى. نۇرغۇنلىغان ئاددىي تىبەت پۇقرالىرىمۇ جەنۇبىي شىنجاڭغا كەينى - كەينىدىن كىرىپ، چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، يەرلىك مىللەتلەر بىلەن ئارىلاش ئولتۇراقلاشتى ۋە ئۇلارغا سىڭىشىپ كەتتى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەھۋاللار شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، مىلادىدىن ئىلگىرى بىرنەچچە ئەسىردىن باشلاپلا تىيانشان تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا ئىنسانلار مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەنىدى. جەمئىيەت يەنىمۇ تەرەققىي قىلىپ،

مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالى رايونلىرىدىكى ئاھالىلەر بارا - بارا قوشۇلۇپ، ھەر خىل مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە مىللەتلەرگە ئايلانغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا ئەسلىدىلا بار بولغان مىللەتلەر ۋە ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردە ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن باشقا مىللەتلەر بىرلىكتە تۇرمۇش كەچۈرۈپ ۋە بىرلىكتە ئولتۇراقلىشىپ، مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا بېرىش - كېلىش قىلىشى، ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتەك ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ئالاقە ۋە ئالماشتۇرۇش ئىشى تارىم ۋە جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، بۇ جايلارنى پەيدىنپەي مۇنبەت دېھقانچىلىق بوستانلىقلىرىغا ۋە يېشىل يايلاققا ئايلاندۇردى؛ يىپەك يولىدا ناھايىتى مەشھۇر شەھەرلەرنى بارلىققا كەلتۈردى؛ جايلار بىلەن جايلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى راۋانلاشتۇردى ۋە ياخشىلىدى؛ شىنجاڭ بىلەن ئىچكى جايلار ئوتتۇرىسىدىكى، شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى ماددىي ئەشيا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتتى؛ شىنجاڭ رايونىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىدېئولوگىيىسى، ئۆرپ - ئادەت، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئەدەبىيات - سەنئەت، تىبابەتچىلىك - دورىگەرلىك، مۇزىكا - ئۇسسۇل، رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق ۋە مېمارچىلىق سەنئىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئالماشتۇرۇشنى راۋاجلاندۇردى. بولۇپمۇ مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق سىياسىي، ئىقتىسادىي ئالاقە ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىشىنى ئالغا سۈردى، قەدىمكى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئاھالىسىنىڭ كۆپىيىشى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىدە تېخىمۇ مۇھىم رول ئوينىدى.

## 2 - بۆلۈم ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى

«ئۇيغۇر» ئۇيغۇرلارنىڭ نامى. مىلادى IV ئەسىردە يېزىلغان «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە چېلىقىدىغان «يۈەنخې» ئاتالغۇسى ئۇيغۇرلار نامىنىڭ تۇنجى قېتىم خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنىشى ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا ھەرخىل تارىخىي دەۋرلەردىكى خەنزۇچە يازما مەنبەلەردە بۇ مىللەتنىڭ نامى ھەرخىل تەرجىمە قىلىندى. مىلادى VI ئەسىرنىڭ ئاخىرى VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، «ۋېيخې» دەپ تەرجىمە قىلىندى؛ مىلادى 788 - يىلىدىن ئىلگىرى، «خۇيخې» دەپ تەرجىمە قىلىندى؛ 788 - يىلىدىن كېيىن تاكى XIII ئەسىرنىڭ 70- يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىلغان خەنزۇچە مەنبەلەردە بولسا «خۇيگۇ» دەپ ئېلىندى؛ XIII ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىن XVII ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا «ۋېيۋۇر» دەپ ئېلىندى؛ XVII ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدىن تاكى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا بولسا «خۇيبۇ» ياكى «خۇيمىن» دەپ ئېلىندى؛ بەزىلەر «تارىخنامە» ۋە «خەننامە» دە ئۇچرايدىغان «ئۇجيە»، «خۇجيە»، «خۇدى»، «يىۋۇلۇ» قاتارلىق ناملارمۇ «ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ قارايدۇ.

ئۇيغۇرلار نامىنىڭ مەنبەسى ۋە مەنىسى توغرىسىدا جۇڭگو ۋە چەت ئەل كىتابلىرىدا ھەرخىل يېزىلغان. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئاساسلىقراق بىرنەچچە تۈرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىمىز:

بىر خىل قاراشتىكىلەر: «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز«ئۇيۇماق، ئۇيۇشماق» تىن كەلگەن، ئۇ «ئۇيۇشۇش»، «ئىتتىپاقلىشىش» دېگەن مەنىـ

لەرگە ئىگە، دەيدۇ. بۇ XIV ئەسىردە ئۆتكەن پارس ئېلخانىلىقىنىڭ باش ۋەزىرى، تارىخشۇناس خوجا راشىددىن فازىل ئۇللاھىنىڭ قارىشىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ تارىخ ئەسىرى «جامىئۇل تاۋارىخ» تا: «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز «تۈركىي تىلىدا بىرلىشىش ۋە يار- دەملىشىش دېگەن مەنىنى بېرىدۇ» دەيدۇ. بۇنداق چۈشەندۈرۈش قانداق پەيدا بولغان؟ راشىددىن بۇ كىتابىدا ئەينى زاماندا تارقالغان مۇنداق بىر رىۋايەتنى شىپى كەلتۈرىدۇ*: بۇ رىۋا- يەتتە ئېيتىلىشىچە، تالاس ۋە قارا سايرام ئەتراپىدا بىر قەبىلە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، بۇ قەبىلىنىڭ باشلىقىنىڭ ئىسمى يافەس ئىكەن. ئۇنىڭ تۆت ئوغلى بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى قاراخان، بىرىنىڭ ئىسمى ھۆرخان، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى كۆزخان، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى گورخان ئىكەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. بۇ تۆت ئوغۇلدىن قاراخان ئاتىسىنىڭ خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپتۇ. كېيىن ئۇ بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى «ئوغۇز» قويۇپتۇ. ئوغۇز چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپتۇ ھەمدە ئاتىسى ۋە تاغىلىرى بىلەن جەڭ قىلىپتۇ، ئاتىسى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ئۆلۈپتۇ. تاغىلىرى- نىڭ ۋە ئۇرۇقلىرىنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭغا تەسلىم بولۇپتۇ، بەزىلىرى بولسا شەرق تەرەپكە قېچىپ كېتىپتۇ. ئوغۇز غەلىبە قازانغاندىن كېيىن تەبرىك مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپتۇ. تەبرىك مۇرا- سىمىدا ئۇنىڭغا ئەل بولغان پۇقرالارغا «ئۇيغۇر» دېگەن نامنى ئىنئام قىلىپتۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى: «ئۇ بىز بىلەن بىر- لەشتى، بىزگە ياردەملەشتى» دېگەن بولىدىكەن. كېيىنكى چاغلاردا بۇ سۆز ئاستا - ئاستا شۇ كىشىلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ

* يوداجون، جۇجيەنچى تەرجىمە قىلغان «جامىئۇل تاۋارىخ» 1 - توم، 2 - كىتابىنىڭ 1 - بۆلۈمى، خەنزۇچە نەشرى، 131 — 147 - بەتلىرىگە قاراڭ.

مىللەت نامى بولۇپ قاپتۇ. راشىددىن تىلغا ئالغان بۇ رىۋايەت كېيىنكى چاغلاردا نۇرغۇن كىشىلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ، دائىم نەقىل كەلتۈرۈلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ئىككىنچى بىر خىل قاراشتىكىلەر: «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ «بېقىنماق»، «يېپىشماق» ياكى «ئۇيۇماق» دېگەن مەنىسى بار، دەيدۇ. بۇنداق قاراش XVII ئەسىردە ئۆتكەن تارىخشۇناس ئەبۇلغازى باھادىر خاندىن كەلگەن. ئۇ 1663 - يىلى يازغان بىر ئەسىرىدە: «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى yapisğur (يېپىشماق ياكى چاپلاشماق) بولىدۇ، دېگەنىدى. كېيىنكى چاغلاردا ئۇيغۇر تارىخچىسى موللا موسا سايرامىمۇ ئۆزىنىڭ ئەسىرىدە بۇ سۆزنى نەقىل كەلتۈرگەنىدى.*

ئۈچىنچى بىر خىل قاراشتىكىلەر: «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز «ئۆزى ئوزۇق تېپىپ يەيدىغانلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ چۈشەندۈرۈش XI ئەسىردە ياشىغان مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن كەلگەن. «دىۋان» دا «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز زۇلقەرنەيىن ئېيتقان «İNÅN HUZ HURƏND» دېگەن ئىبارىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دېيىلىدۇ (زۇلقەرنەيىننى كېيىنكى ئالىملار ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن دەپ دەلىللىگەن). زۇلقەرنەيىننىڭ بۇ گېپىنىڭ مەنىسى «باشقىلارغا يۆلەنمەي، ئۆزى ئوزۇق تېپىپ يېيىش» دېگەنلىك بولىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ بۇ رىۋايەتنى نىزامىددىن ئىسرائىل توغان تېكىندىن ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. نىزامىددىن ئىسرائىل توغان تېكىن مەھمۇد قەشقەرىگە: ئاتامنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، زۇلقەرنەيىن تۈركلەر زېمىنىغا بېسىپ كىرگەندە، تۈرك قاغانى تۆت مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتىپ جەڭ قىلدۇرغانىكەن. بۇ قوشۇننىڭ

* موللا موسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى.

ئەسكەرلىرى دۇبولغىنىغا ئىككى تالدىن پەي قادىۋالغانىكەن، ئۇلار ساداقنى كەينىگە قارىتىپ ئاتسىمۇ ئالدىغا قارىتىپ ئاتقانغا ئوخشاشلا چەنلىگەن يەرگە دەل تەگكۈزەلەيدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇ قوشۇنغا ئىنتايىن قايىل بولۇپ، بۇ گەپلەرنى قىلغانىكەن، دەپتۇ. بۇ گەپنىڭ مەنىسى ھەرقانداق يىرتقۇچ ھايۋان ئۇلارنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئۇلار خالىغانلىكى ۋاقىتتا يىرتقۇچ ھايۋانلارنى ئوۋلاپ يەپ قورسىقىنى تويغۇزالايدۇ، دېگەن بولىدۇ. كېيىنكى چاغلاردا بۇ گەپ ئۆزگىرىۋېرىپ، ئۇلار قۇرغان دۆلەت- نىڭ نامىغا ئايلىنىپ قالغان①.

تۆتىنچى بىر خىل قاراش، قەھرىمانىغا مەدھىيە ئوقۇلغان داستان — «ئوغۇزنامە» دىن كەلگەن. «ئوغۇزنامە» دە ئوغۇزخان دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن، ھەر تەرەپكە يارلىق چىقارغان. يارلىقتا: «مەن ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانىمەن»② دېيىلگەن. بۇ رىۋايەت ئۇرغۇن كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز- نىڭ شەرھى بولۇپ قالغان. بۇ سۆز ئوغۇزخاننىڭ ئۆز پۇقرالى- رىنى ئاتاشتا قوللانغان سۆزى ئىدى، دەپ قارالماقتا.

بۇ رىۋايەتلەر ئەزەلدىن ئوخشاش بولماي كەلگەنلىكتىن، ھازىرقى زامان ئالىملىرىنىڭ «ئۇيغۇر»دېگەن بۇ نام ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشلىرىمۇ ھەر خىل بولۇپ كەلمەكتە. گەپلەرمۇ ھەر خىل بولۇپ كەلمەكتە. بەزىلەر «ئۇيۇشۇش»، «ئىتتىپاقلىشىش» دېگەن مەنىنى ياقلىسا، بەزىلەر «يېپىشىش»، «ئۇيۇش» دېگەن مەنىنى ياقلاپ كەلدى؛ يەنە بەزىلەر «ئۆزى ئوزۇق تېپىپ يېگۈچىلەر» دېگەن مەنىنى ياقلىماقتا. يەنە بەزىلەر تىلشۇناسلىق نۇقتىسى-

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1981 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 151 - بەت.

② گېڭ شىمىن تەرجىمە قىلىپ ئىزاھلىغان «ئوغۇزخان ھەققىدە رىۋا- يەتلەر» 1982 - يىل، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

دىن تەھلىل قىلىپ، بۇ سۆز «دانىشمەن»، «قۇدرەتلىك»، «ھەم-
مىگە قادىر» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ، دەپ ھېساپلىماقتا. يەنە
بەزىلەر بۇ سۆز ھېنرى يۇلېدىن كەلگەن دەيدۇ، يەنى بۇ سۆز
پتولېمىنىڭ خاتىرىسىگە يېزىلغان ئۇيغاردلار ياشىغان جاينىڭ
جۇغراپىيىلىك ئورنى جەھەتتىكى قىياس بولۇپ، ئۇنىڭدا «ئۇيغۇر»
تارىم دەرياسى بىلەن ئوخشاش نامدىكى مىللەت نامى دەپ قا-
رىلىدۇ. پتولېمى مىلادى II ئەسىردە يۇناندا ئۆتكەن جۇغراپىيون.
ئۇنىڭ «جۇغراپىيە» دېگەن كىتابىنىڭ «سېرىس» دېگەن قىسمىدا:
«...ئۇنىڭمۇ جەنۇبىي تەرىپىدە دامنايلار ياشايدۇ؛ ئۇلارنىڭمۇ تۆۋەن
تەرىپىدە پىئالايلار ياشايدۇ، ئۇلار ئۇيغارد دەرياسى (تارىم
دەرياسى، يەنى — Oechordas دەپمۇ تەرجىمە قىلىنغان)
قىرغاقلىرىغا جايلاشقان، ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپىدە شۇ دەريانىڭ
نامى بىلەن ئوخشاش نامدىكى ئۇيغاردالار (Oikhardai) يا-
شايدۇ»① دېيىلگەن.

ئەنگلىيە ئالىمى ھېنرى يۇلې ئۇيغاردلار ئۇيغۇرلاردۇر،
ئۇيغارد دەرياسى تارىم دەرياسىدۇر، دەپ ھېسابلىغان. جۇڭ-
گولۇق ئالىم جاڭ شىڭلاڭ بۇ قاراش ئانچە ئىز بېسىپ تۇرالمايدۇ،
دەپ قارايدۇ،② لېيۇيتاڭ بولسا «جاڭ ئەپەندىنىڭ دېگىنى ھەق-
قەتەن راست، يۇلېنىڭ ئۇيغارد ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى نامى
ئىدى، ئۇ ئۇيغۇر دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ جەھەتتىكى ئۆزگىرىشى
دېگەن گەپلىرى كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ، ئەمما، مېنىڭ قارى-

① فرانسىيە گادىس يازغان، گېڭ شىڭ تەرجىمە قىلغان «يۇنان - لاتىن
يازغۇچىلىرىنىڭ يىراق شەرقنىڭ قەدىمكى يازما يادىكارلىقلىرى توغرىسىدىكى
خاتىرىلىرى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1987 - يىل نەشرى. 33 - بەت.

② جاڭ شىڭلاڭ تۈزگەن ۋە ئىزاھلىغان «جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرى-
سىدىكى مۇناسىۋەت تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 1 - كىتاب.
جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسىنىڭ 1977 - يىل نەشرى، 34 - بەت.

شىمچە، غەرب ئالىملىرى ئۇيغاتنى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى نامى دەۋالغىنىدىنلا ئىبارەت، خالاس»① دېگەنىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي جەريانىدىن قارىغاندا، «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەت نامىنىڭ مەنىسىنى «ئۇيۇشماق»، «ئىتتىپاقلاشماق» دەپ چۈشىنىش تارىخ تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە بىرقەدەر ئۇيغۇن كېلىدۇ. دېمەك، بۇ مىللەت نامى ئەسلىدە بىر ئۇرۇقنىڭ نامى ئىدى، كېيىن بۇ ئۇرۇقنىڭ قۇدرەت تېپىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ۋە باشقا ئۇرۇقلار بىلەن بىرلىشىشى ياكى ئىتتىپاق تۈزۈشى ئارقىسىدا، ئۆزىنىڭ نامىنى بۇ بىرلەشمىنىڭ نامى قىلغانىدى. شۇ بىرلەشمىگە ياكى شۇ ئىتتىپاققا قاتناشقان ئۇرۇقلار يەنىمۇ سىڭىشىپ، دائىرىسى كەڭرەك، تىلى، مەدەنىيىتى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدىغان مىللەتكە ئايلانغاندىن كېيىن، بۇ ئۇرۇق نامى پۈتۈنلەي شۇ مىللەتنىڭ نامىغا ئايلىنىپ كەتكەن. بۇ جەرياننى تۆۋەندىكى بايانلاردا ئېنىق كۆرىمىز.

يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك، «ئۇيغۇر» دېگەن نام ئەڭ دەسلەپتە IV ئەسىردە يېزىلغان «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»دە چېلىقىدۇ. بۇ كىتابتا: قاڭقىللار دىلار، ئۇيغۇر، قوغۇرسۇ، قىبىئار (قارمۇق)، قۇجىيە، غۇر ـ غۇر، ئىتكىن دېگەن ئالتە ئۇرۇقنى② ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دېيىلگەن. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، ئۇيغۇرلار ئەڭ دەسلەپتە قاڭقىللاردىن ئىبارەت بۇ قەبىلىلەر بىرلەشمىسى ئىچىدىكى بىر ئۇرۇق ئىدى. كېيىن، ئۇلار بارا ـ بارا كۆپىيىپ ۋە قۇدرەت تېپىپ، ئۆزلىرى بىلەن يېقىن بولغان باشقا ئۇرۇقلار بىلەن سىڭىشىپ، مۇستەقىل مىللەتكە ئايلانغان.

---

① ليۇ يىتاڭ: «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»، (تەيبېي) جېڭجۇڭ كىتابچىلىق ئىدارىسىنىڭ 1977 - يىل نەشرى. 3 -، 4 - بەت.

② «ۋېينامە» 103 - جىلدقا قارالسۇن.

ئەمما، «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە: «قاڭقىللار قەدىمكى قىزىل دىلارنىڭ قالدۇق ئۇرۇقلىرىدۇر، ئۇلار دەسلەپتە ‹دىلى›دەپ ئاتالغان،ئۇلاردىن شىمالدا ياشىغانلىرى‹چېلى› دېيىلەتتى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ياشىغانلار ئۇلارنى ‹قاڭقىڭلار ‹ياكى› دىڭلىلار› دەپ ئاتايتتى» دېيىلگەن. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، قاڭقىللارنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان ئۇيغۇر ئۇرۇقىنىڭ ئېتىنىڭ مەنبەسىنى ئۇلاردىنمۇ قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن دىلىلارغىچە سۈرۈشتۈرۈش مۇمكىن. II ئەسىردە خەنزۇچە مەنبەلەردە يېزىلغان دىلىلار، IV ئەسىردىكى دىڭلىڭلار، تېلىلەر ياكى چېلىلەرنىڭ ھەممىسى دىلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى ئاتىلىشىدۇر. دىڭلىڭلارنىڭ بىر شېخى II ئەسىردە ئالتاي تاغلىرىدا ئوغۇزلار بىلەن قوشنا بولۇپ ياشىغانىدى. قاڭقىللار — تېلىلەرنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى (ئۇلار ئېگىز ھارۋىدا ئولتۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان). ئۇلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى دەسلەپتە تۇغلا دەرياسى بىلەن ئورقۇن دەرياسى ۋادىلىرىدا ياشاپ، كېيىنچە ئاستا - ئاستا كۆچەيگەنىدى، كۆپىنچە ھاللاردا، ئۇلار باشقا بىر مىللەت — جۇرجانلار بىلەن قارشىلىشىپ كەلگەنىدى. 487 - يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ شياۋېندىنىڭ تەيخې 11 - يىلى)، قاڭقىللارنىڭ بىر قىسمى غەربكە — تىيانشان تاغلىرى ئەتراپىغا كۆچتى. «ئۇلار ناھايىتى كۆپ خەلق ئىدى، ئۇلار بالقاش كۆلىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى تاغنىڭ ئىچىدە ياشايتتى.»* VI ئەسىرگە كەلگەندە، تۇغلا دەرياسى ۋە ئورقۇن دەرياسى ۋادىلىرىدا ئولتۇراقلاشقان تېلىلەرنىڭ بارغۇت، توڭرا، ئۇيغۇر، بايىرقۇ، ئىزگىل، خۇن، قۇشۇر دېگەنگە ئوخشاش قەبىلىلىرى بار ئىدى. تىيانشان تاغلىرىدا ئولتۇراقلاشقانلىرى چۆبەلەر، بولو، چىگىل، ئوغۇز، قىرغىز قاتارلىقلار ئىدى. بۇ يەردىكى ئوغۇزلار «ئۇغان»دەپمۇ ئاتىلاتتى.

* «سۈينامە» 84 - جىلد، «تېلىلەر ھەققىدە قىسسە»گە قارالسۇن.

بەزىلەر بۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ باشقىچە يېزىلىشى دەپ قارايدۇ.①

VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گوبىينىڭ شىمال تەرىپىدە ياشىغان تېلىلەر تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتتى. 605 — 616-يىللىرى (سۈي ياڭدىنىڭ دايې يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا) غەربىي تۈرك قاغانى كۈچلۈك قاغان (602 — 611 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) تېلىلەر ئۈستىدىن دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. 605 - يىلى، كۈچلۈك قاغان تېلى قەبىلىلىرىنى تالان-تاراج قىلىپ، ئۇلارنىڭ نەچچە يۈز ئاقساقىلىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.② تېلى قەبىلىلىرى ئىچىدىكى ئۇيغۇرلار بارغۇت، توڭرا، بايىرقۇلار بىلەن بىرلىشىپ ئاسىيلىق قىلىپ، ئېركىن بولۇۋېلىپ، ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر دەپ ئاتىدى. بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار ئەسلىدىكى قاڭقىللار زامانىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزى شۇ. «ئاسىيلىق قىلدى» دېگەنلىك تۈركلەردىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل بولدى، دېگەنلىكتۇر. بۇ ۋەقە شۇنى بىلدۈرىدۇكى، ئۇيغۇرلار بارغۇت، توڭرا، بايىرقۇ قاتارلىق بىر تۈركۈم تېلى قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئايرىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ قەبىلە بىرلەشمىسىنىڭ نامىنى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىدى. «ئۇيغۇر» دېگەن نام شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بارلىققا كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ بارغۇت، توڭرا، بايىرقۇ قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ، مۇستەقىل بولۇپ، قۇدرەت تېپىش جەريانى توغرىسىدا «كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە» لەردە خاتىرىلەر بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەينى زاماندا ئۇلارنىڭ ئاھالىسى كۆپىيىپ 100 مىڭغا يەتكەنىكەن.③

---

① ليۇ يىتاڭ يازغان «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات». (تەيۋەن) جېڭ-جۇڭ كىتابچىلىق ئىدارىسىنىڭ 1977 - يىل نەشرى.

② «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 99- جىلد، «تېلىلەر ھەققىدە قىسسە».

③ «كونا تاڭنامە» 195 - جىلد، «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»؛ «يېڭى تاڭنامە» 217 - جىلد، 1 - قىسىم: «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ بىر خىل قارىشىدا، مىلادى II ئەسىردە ئالتاي تاغلىرىدا چارۋىچىلىق قىلغان ئوغۇزلارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەلىرىدىن بىرى، دەپ ھېسابلانماقتا. ئوغۇزلار ئەڭ بۇرۇن «تارىخنامە» ۋە «خەننامە» دە كۆزگە چېلىقىدۇ. «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «قۇتىمۇش تەڭرىقۇت ئۇسۇنلارنى مۇنقەرز قىلدى. شىمال تەرەپتە ئوغۇزلارغا زەربە بېرىپ، لەشكەر تارتىپ غەربكە بېسىپ كېلىپ، خاكاسلارنى مۇنقەرز قىلدى. شىمال تەرەپتە دىڭلىڭلارنى تەسلىم قىلىپ، ئۈچ دۆلەتنى بىرلەشتۈردى. ئۇلار ھەر قېتىم ئەسكەر چىقارغاندا، غەلىبە قىلماي قالمايتتى.» مىلادىدىن ئىلگىرىكى 57 - يىلى (خەن شۈەندىنىڭ ۋۇفېڭ 1 - يىلى) «غەرب تەرەپتىكى ئوغۇز خانى ۋىلى بىلەن بىرلىكتە ئۇلۇغ قول بېلىككانغا: ئۆز ئالدىمىزغا يۇرت سوراپ، ئوغۇزلارغا تەڭرىقۇت تىلىسەك، دەپ مەسلىھەت بەرگەندە، تۈكىت تەڭرىقۇت ئۇلۇغ قول بېلىككان بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى»، «شۇنىڭ بىلەن ئوغۇزخان ۋەسۋەسە ئىچىدە ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۆزىنى ئوغۇز تەڭرىقۇتى، دەپ ئېلان قىلدى». «تارىخنامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دىمۇ ھۇن تەڭرىقۇتى «ئۇلۇغ قول بېلىككانىنى جازالىغاچقا، توخرىلاردىن مەدەت تىلەشكە مەجبۇر بولغان...... نەتىجىدە، كىروران، ئۇسۇن، غۇزلار شۇنىڭدەك ئۇلارغا قوشنا بولغان 26 دۆلەت ئاسايىشلىقتا چۆمگەن» دېيىلىدۇ. بۇ خاتىرىلەردىكى «غۇز» لار «ئوغۇز» لاردۇر. ھازىرقى زامان ئالىملىرى ئارىسىدا بەزىلەر: بۇ ئوغۇزلارنىڭ نامىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئاھاڭ تەرجىمىسى* دەپ ھېسابلايدۇ، «ئوغۇز» دېگەن بۇ ئاتالغۇ قەدىمكى تۈركىي يېزىقتىكى ئابىدىلەردە ۋە كېيىنكى ئۇيغۇر-

* ليۇ يەتاڭ: «جۇڭگونىڭ چېگرا رايونلىرىدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» 5 - قىسىم، 4 - باب، 2 - بۆلۈم.

لارنىڭ رىۋايەتلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ. ئابىدىلەردە «توققۇز ئوغۇز» بىلەن «توققۇز ئۇيغۇر» بىر قاتاردا قويۇلىدۇ. دېمەك، شۇنىڭغا ئىشىنىش كېرەككى، ئوغۇزلارمۇ ئۇيغۇرلاردۇر. ئۇلار گوبىنىڭ شىمالىدىكى دالانىڭ غەرب تەرىپىدە ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىدۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىش جەريانى توغرىسىدا XIII — XIV ئەسىرلەردىلا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىر مۇنچە رىۋايەتلەر تارقالغان. بۇ رىۋايەتلەرنىڭ بىرىدە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى ئەپسانىلەردىكى ئوغۇزخانغا باغلايدۇ. بۇ رىۋايەت تۈركىي تىللىق سىستېمىسىدىكى باشقا مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ، قەدىمكى موڭغۇل قەبىلىلىرى ئارىسىدىمۇ كەڭ تارقالغان.*

بۇ رىۋايەت ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە» دىن ئىبارەت ئەدەبىي شەكىلدە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋام قىلىپ كەلمەكتە. داستاندا دېيىلىشچە، ئوغۇزخان ئىنتايىن باتۇر، قابىل بىر شەخس ئىكەن. ئۇ بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن بىر پەرىزات بىلەن توي قىلىپ، ئالتە ئوغۇل تېپىپتۇ. بىرىنىڭ ئىسمىنى كۈنخان قويۇپتۇ، بىرىنىڭ ئىسمىنى ئايخان قويۇپتۇ، بىرىنىڭ ئىسمىنى يۇلتۇزخان قويۇپتۇ، بىرىنىڭ ئىسمىنى كۆكخان قويۇپتۇ، بىرىنىڭ ئىسمىنى تاغخان قويۇپتۇ، بىرىنىڭ ئىسمىنى دېڭىزخان قويۇپتۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئوغۇزخان كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، ئەتراپتىكى پۇقرالارنى تەكلىپ قىلىپتۇ. زىياپەتتىن كېيىن، ئوغۇزخان ئەلچى ۋەزىرلەر ئارقىلىق يارلىق چىقىرىپتۇ. ئۇ بۇ يارلىقتا ئۆزىنى «ئۇيغۇرلار-

*موللا موسا سايرامى: «تارىخىي ھەمىدى» بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

نىڭ قاغانى»* دەپ ئاتىغانىكەن. كېيىنرەك، ئوغۇزخان شەرققە، غەربكە يۈرۈش قىلىپ دۇنياغا تونۇلۇپتۇ. بۇ رىۋايەتتىن شۇنى چۈشىنىش مۇمكىنكى، «ئۇيغۇر» بۇ بىر مىللەت نامى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قاغانى «ئوغۇزلار» غا مەنسۇپ ئىدى. دېمەك، «ئۇيغۇر» بىلەن «ئوغۇز» بىر بىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئۇقۇمدۇر.

XIII ئەسىردە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەمەلىيەتكە تېخىمۇ يېقىن، تېخىمۇ تەپسىلىي بولغان يەنە بىر خىل رىۋايەت تارقالغان. بۇ رىۋايەت ئىرانلىق تارىخچى راشىددىن تەرىپىدىن «جامىئۇل تاۋارىخ» دېگەن ئەسەرگە كىرگۈزۈلگەن. راشىددىن مۇنداق دەيدۇ: «ئېيتىلىشىچە، ئۇيغۇرىستان ۋىلايىتىدە ئىككى چوڭ تاغ بولۇپ، بىرى ‹بۇقراتۇ — بۇزلۇق› دېيىلىدىكەن، يەنە بىرى ‹ئۇشقۇنلۇق تەگرىم› دېيىلىدىكەن؛ قارا قورۇم شۇ ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانىكەن. ئۆگدايخان بىنا قىلغان شەھەرمۇ شۇ تاغنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىكەن. بۇ ئىككى تاغنىڭ يېنىدا قۇت تاغ دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر تاغ بار ئىكەن. بۇ تاغلىق رايوننىڭ بىر يېرىدە ئون دەريا، يەنە بىر يېرىدە توققۇز دەريا بار ئىكەن. قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئاشۇ دەريالارنىڭ قىرغاقلىرىدىكى تاغلىق جايلارغا ۋە تۈزلەڭلىكلەرگە جايلاشقانىكەن. ئون دەريا ۋادىلىرىدا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار ‹ئون ئۇيغۇر› دېيىلىدىكەن. توققۇز دەريا ۋادىلىرىدا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار ‹توققۇز ئۇيغۇر› دېيىلىدىكەن. ھېلىقى ئون دەريا ئون ئۆرغۇن دېيىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئىسمى رەت تەرتىپى بويىچە: ‹ئايىشلىق، ئوتىنكار، بۇقىز، ئۇزقوندۇر، تۇلار، تاردار، ئادار، ئۈچ تابىن، قاملابقۇ،

*گېلىڭ شىمىن تەرجىمە قىلغان ۋە ئىزاھلىغان «ئوغۇزنامە». بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1982 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

ئۆتكەن» دېيىلىدىكەن. يىللار ئۆتۈپتۇ، ئەسىرلەر ئۆتۈپتۇ، ئەمما بۇ ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىچىدە تېخى بىرەر پادىشاھ بارلىققا كەلمەپتۇ. ھەرقايسى قەبىلىلەردە كىم كۈچلۈك بولسا، شۇ كىشى شۇ قەبىلىنىڭ ئەمىرى بولىدىكەن. كېيىنكى چاغلاردا، ھەممە قەبىلىلەر ئورتاق مەنپەئەتنى كۆزدە تۇتۇپ، يىغىن ئېچىپتۇ ھەمدە يىغىندا: «بىز ھەممىگە بۇيرۇق چۈشۈرەلەيدىغان تولۇق ھوقۇقلۇق پادىشاھ تىكلىمىگۈچە، نىجاتلىق يولى تاپالمايمىز» دەپ قارار چىقىرىپتۇ. ھەممەيلەننىڭ بىردەك ماقۇللىشى بىلەن ھەر قايسى قەبىلىلەر ئىچىدە ئەڭ زېرەك بولغان، ئابىشلىق قەبىلىسىدىن مانقۇتاي ئىسىملىك بىر كىشىنى ئېل — ئېلتەبىرلىققا سايلاپتۇ. (ئۇلار) يەنە ئۇزقۇندۇر قەبىلىسىدىن يەنە بىر (ياخشى) پەزىلەتلىك كىشىنى (سايلاپ چىقىپ) كۆل — ئېركىن دەپ ئاتاپتۇ، شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى كىشىنى (پۈتۈن) مىللەتنىڭ جۇمھۇرى ۋە بارلىق قەبىلىلەرنىڭ پادىشاھى قىلىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرى (يەنى ئاتامانلىرى — نەقىل ئالغۇچى) يۈز يىلچە ھۆكۈم سۈرۈپتۇ.»*

پارسلاردىن جۇۋەينى (مىلادى 1226 — 1283 - يىللار) مۇ ئۆزىنىڭ «تارىخى جاھانكۇشاي» دېگەن ئەسىرىدە شۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەتلەرنى يازغانىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، «ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى دەسلەپتە ئورقۇن دەرياسى ۋادىلىرىدا كۆپەيگەن، دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ دەريا ئۇلار قاراقۇرۇم دەپ ئاتايدىغان تاغدىن باشلىنىدۇ؛ قاغان يېقىندا بىنا قىلغان شەھەرنىڭ نامى شۇنىڭدىن كەلگەن. 30 ئېقىن شۇ قاراقۇرۇم تېغىدىن باشلىنىدۇ، ھەربىر دەريانىڭ قىرغىقىدا بىردىن ئوروق ئول-

*«جامىئۇل تاۋارىخ»، خەنزۇچە نەشرى. 1 - توم، 1 - كىتاب، 239 -، 241 - بەت.

تۇراقلاشقان؛ ئۇيغۇرلار بولسا ئۇرقۇن دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا شەكىللەنگەن ئىككى شاخ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئاھالىسى كۆپەيگەن چاغدا، باشقا قەبىلىلەرنى دوراپ، قوۋملىرى ئىچىدىن بىر كىشىنى ئاتامان سايلاپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. ئۇلار 500 يىللىنى شۇ تەرىقىدە ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئاندىن بۇقۇخان ئوتتۇرىغا چىققان. ھازىر بەزى كىشىلەر بۇقۇخان ئافراسىيابدۇر، دەيدۇ. قارا قورۇم تېغىغا يېقىن بىر جايدا بىر كونا قۇدۇق ۋە يوغان بىر تاش بار ئىكەن، بۇ قۇدۇق بىزان قۇدۇقى ئىمىش.»

«ئەينى زاماندا قاراقورۇمدا ئىككى دەريا بار ئىكەن. بۇ دەريالارنىڭ بىرى تۇغلا دەرياسى دەپ ئاتىلىدىكەن، يەنە بىرى سېلېنگا دەرياسى دەپ ئاتىلىدىكەن، تۇغلا بىلەن سېلېنگا دەرياسى قاملانچۇ دېگەن يەردە بىر - بىرىگە قوشۇلىدىكەن؛ ئىككى دەر- يانىڭ ئارىلىقىدا بىر - بىرىگە ياندىشىپ ئىككى تۈپ دەرەخ ئۆسكەنىكەن، ئۇلار ئۇنىڭ بىرىنى ‹خۇسۇخ› دەپ ئاتايدىكەن، ئۇنىڭ شەكلى قارىغايغا ئوخشاش بولۇپ، يوپۇرمىقى قىش ۋاقتىدا قېيىننىڭكىگە ئوخشىشىپ قالىدىكەن، ئۇرۇقىنىڭ شەكلىمۇ، تەمىمۇ قارىغاي ئۇرۇقىنىڭكىگە ئوخشىشىدىكەن؛ يەنە بىرىنى ‹توز› دەپ ئاتايدىكەن. بۇ ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان بىر دۆڭ بار ئىكەن. قۇياش نۇرىدا بۇ دۆڭ بارغانسېرى ئېگىزلەپتۇ. ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بۇ مۆجىزىنى كۆرۈپ، ھەيرانۇ - ھەس بولۇشۇپتۇ؛ ئۇلار بۇ دۆڭگە ئەيمىنىپ رەك تەزىم قىلىپ يېقىنلىشىپتۇ، بۇ چاغدا، ئۇلارغا ناخشىغا ئوخشاش بىر خىل يېقىملىق ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ھەر كۈنى كەچتە بىر پارچە نۇر شۇ دۆڭنىڭ 30 قەدەم چۆرىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىكەن، دۆڭنىڭ ئىچىدىن ئەمدىلا تۇغۇلغان بوۋاق- نىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ - دە، دۆڭلۈكتىن بىر ئىشىك

ئېچىلىپتۇ، قارىسا، دۆڭنىڭ ئىچىدە چېدىردەك بەش ھۇجرا، بۇ ھۇجرىلارنىڭ ھەربىرىدە بىردىن ئوغۇل بالا ئولتۇرغۇدەك، بۇ بالىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاغزىدا بىردىن ئېمىزگە بار ئىكەن، ھەربىر ھۇجرىنىڭ ئۈستىدە بىردىن كۈمۈش تور يېپىقلىق تۇرغۇدەك. قەبىلە ئاقساقاللىرى بۇ ھالەتنى كۆرۈپ، ھەيرانۇ - ھەس قېلىشىپ، باش ئۇرۇپ تەزىم قىلىپ كېتىپتۇ. بىردىنلا غۇر - غۇر شامال چىققاندەك بولۇپتۇ - دە، ھېلىقى بالىلار ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار مېڭىپ تاش ئۆيدىن چىقىپتۇ. كىشىلەر بۇ بالىلارغا قاراشقا مەخسۇس بىر ئىنىكئانا تەيىنلەپتۇ. كىشىلەر ئۇلارنىڭ نامىغا تۈرلۈك مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈپتۇ. بالىلار ئەمچەكتىن ئايرىلىش بىلەنلا تىلى چىقىپ، گەپ قىلالايدىغان بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كىشىلەردىن ئۆزلىرىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ كىملىكىنى سوراپتۇ، كىشىلەر ئۇلارغا بۇ ئىككى تۈپ دەرەخنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. ئۇلار دەرەخقە گويا ئاتا - ئانىسىغا مۇئامىلە قىلغاندەك تىزلىنىپ تەزىم قىلىپتۇ. بۇ ئىككى تۈپ دەرەخ ئۆسكەن يەرگىمۇ تەزىم قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ. شۇ ئەسنادا بۇ ئىككى تۈپ دەرەختىن ئۈشتۈمتۇتلا: «ئەي بالىلار! سىلەر بۇ يەرگە دائىم كېلىپ، بىزنى يوقلاپ تۇرۇڭلار. بىز سىلەرگە ئۇزاق ئۆمۈر، مەڭگۈ شان - شەرەپ تىلەيمىز!» دېگەن سادا كېلىپتۇ. شۇ يەردە ياشايدىغان قەبىلىلەرنىڭ كىشىلىرى كەينى - كەينىدىن كېلىپ، بۇ بەش بالىنى گويا شاھزادىلەردەك ئىززەتلەپتۇ. ئۇلار قايتىش ۋاقتىدا، بۇ بالىلارنىڭ چوڭىنىڭ ئىسمىنى «سونقۇر تېكىن»، ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمىنى «قۇت تېكىن»، ئۈچىنچىسىنىڭ ئىسمىنى «توقلا تېكىن»، تۆتىنچىسىنىڭ ئىسمىنى «ئور تېكىن»، بەشىنچىسىنىڭ ئىسمىنى «بوقۇ تېكىن» دەپ ئاتاپتۇ. بۇ مۆجىزىلەرنى كۆرگەن كۆپچىلىك

بۇ بەش ئوغۇلنىڭ ئىچىدىن بىرىنى ئۆزلىرىگە ئاتامانلىققا ۋە پادىشاھلىققا تاللاشقا قوشۇلۇپتۇ. ئۇلار بۇ بەش شاھزادە قادىر ئاللا تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان، دەپ قارايدىكەن. بۇقۇخانىنىڭ پەزىلەت ۋە پاراسەت جەھەتتە باشقا بالىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغانلىقىنى، يەنە كېلىپ ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى بىلىدىغانلىقىنى بايقاپتۇ. شۇڭا، ئۇنى خاقانلىققا كۆرسىتىپتۇ ۋە كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ تەختكە چىقىرىپتۇ.»* «تارىخى جاھانكۇشاي» دېگەن كىتابتا، شۇ بايانلاردىن كېيىن يەنە: «بۇقۇ تېكىن ئاق تاغ دەپ ئاتىلىدىغان بىر يەردە بىر پەرىزات بىلەن يەتتە يىل ئالتە ئاي 20 كۈن بىللە تۇرۇپتۇ. پەرىزاتنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، ھەر تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ، ئورقۇن دەرياسى بويىدا ۋە تۈركىستاندا ئوردۇبالىق ۋە بالاساغۇن قاتارلىق شەھەرلەرنى بىنا قىلىپتۇ»، دېيىلىدۇ.

راشىددىن بىلەن جۇۋەينى نەقىل كەلتۈرگەن بۇ رىۋايەتلەر خەنزۇچە يېزىلغان «ئىدىقۇت خانىنىڭ تۆھپىلىرى»، «ئىدىقۇتنىڭ چى جەمەتىنىڭ شەجەرىسى»، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. بارچۇق ئارت تېكىننىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىقلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا دائىر بايانلار بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە «ئىدىقۇت خانىنىڭ تۆھپىلىرى» ناھايىتى مۇكەممەل يېزىلغان.

«ئىدىقۇت خانىنىڭ تۆھپىلىرى» 1331 - يىلى (يۈەن ۋېنزۇڭنىڭ جىشۇن 2 - يىلى) تىكلەنگەن ئابىدە. ئابىدىدە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قۇجۇ خانى ئىدىقۇتنىڭ نەسەبنامىسى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ يۈەن سۇلالىسى ئۈچۈن كۆرسەتكەن

*جۇۋەينى: «تارىخى جاھانكۇشاي» ئىچكى موڭغۇل نەشرىياتى، 1980 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 1 - كىتاب، 62 -، 64 - بەتلەر.

تۆھپىلىرى خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى
ھەققىدە خاتىرىلەر بار. بۇ ئابىدىنىڭ تېكىستى «داۋيىۋەن
ئۈزۈندىلىرى» نىڭ ئاپتورى يۈجى تەرىپىدىن يېزىلغان. يۈەن
سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن خەتتات كۇي ئابىدىگە
كۆچۈرۈپ يازغان. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرى خۇاڭ ۋېنبى
گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېي دېگەن يېرىدىن بۇ تاش ئابىدىنىڭ
يېرىمىنى تاپقان، كېيىن ئۇنىڭ دەلىللىشى ئارقىلىق بۇ ئابىدى-
نىڭ تولۇق تېكىستى قولغا كەلتۈرۈلدى.* بۇ ئابىدىدە
يېزىلىشىچە، قۇجۇ خانىغا قاراشلىق ئۇيغۇرلار يۇرتىدا قارا
قۇرۇم تېغى دەيدىغان بىر تاغ بولۇپ، تاغنىڭ يېنىدا تۇغلا
دەرياسى، سېلېنگا دەرياسى دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى دەريا بار
ئىكەن. بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇتلا ئىككى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى
دەرەخنىڭ ئۈستىگە شولا چۈشكەن ئىكەن، دەرەختە ھامىلە
پەيدا بولۇپتۇ. ئاردىن توققۇز ئاي ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن،
دەرەخ يېرىلىپتۇ - دە، بەش بالا تۇغۇلۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ
كىچىكىنىڭ ئىسمى «ئۆسەن بۇقۇ قاغان» ئىكەن. ئۆسەن بۇقۇ
قاغان چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئۆز ئېلىگە پادىشاھ بولۇپتۇ،
قىرىق نەچچە ئەۋلاد جەمئىي 520 يىل ھۆكۈم سۈرۈپتۇ. يەنە
«ئالىپ بىلگە ئىدىقۇت قاغان» دېگەن يەنە بىر خان ئۆتكەن
بولۇپ، بۇ قاغاننىڭ ئوغلى كۆل تېكىن ئىكەن. ئۇ «قارا
قۇرۇمدىكى پىلپىل تاغ دېگەن يەردە تۇرىدىكەن.» «تەڭرىخان
تېغى دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر تاغ بار ئىكەن. بۇ تاغنىڭ
جەنۇب تەرىپىدە قۇت تاغ دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر تاغ بار
ئىكەن.» ئابىدىدىكى بۇ جۈملىلەرنى جۇۋەينىنىڭ ئەسىرىگە
سېلىشتۇرساق شۇنى بىلگىلى بولىدۇكى، بۇ يەردىكى «پىلپىل
تاغ» دەل جۇۋەينىنىڭ كىتابىدىكى «بۇقراتۇ — بوزلۇق تاغ»

* «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 1964 - يىل 2 - سان.

دېگەن تاغنىڭ ئۆزى شۇ؛ «تەڭرىخان تېغى» دەل «ئۇشقۇنلۇق تەڭرىم» دېگەن تاغنىڭ ئۆزى؛ «قۇت تاغ» «قۇتلۇق تاغ»نىڭ ئۆزى. بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خەنزۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە ۋە ياشىغان جايلىرىغا دائىر رىۋايەتلەر توغرىسىدىكى خاتىرىلىرى ئەينى زاماندىكى پارس تارىخشۇناسلىرىنىڭ خاتىرىسىدىكى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. دېمەك، ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇلار ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان يەر ئورقۇن دەرياسى، تۇغلا دەرياسى ۋادىلىرى ئىدى. دەسلەپتە، ئۇلار تارقاق ياشىغان، يەنە كېلىپ كۆپىنچىسى دەريانىڭ نامىنى ئۆز ئورۇقلىرىنىڭ نامى قىلغان. كېيىنكى چاغلاردا ھەممىسىگە ئورتاق داھىي (گەرچە، بىر داھىينىڭ ئىسمى رىۋايەتلەردە ھەر خىل ئاتىلىپ كېلىنگەن بولسىمۇ) بارلىققا كەلگەن، ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن بىرلىشەلىگەنىدى. بۇ رىۋايەتلەر سىرلىق تۈس ئالغان، بەزىلىرىگە ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى كۆز قاراشلار ئارىلىشىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ رىۋايەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى چۈشىنىشتە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە ئۇلارنىڭ كۈللىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن پۈتۈنلەي باشقىچە بولغان خاتىرىلەرمۇ بار. XI ئەسىرلەردە يېزىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەنە شۇ خىلدىكى ئەڭ بۇرۇنقى كىتاب ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىتابتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ئافراسىيابقىچە سۈرۈشتۈرۈلگەن. ئاپتور مۇنداق دەيدۇ:

«تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ خاقانى ئافراسىياب ‹توڭا ئالپ ئەر› دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ‹قاپلانغا ئوخشاش كۈچلۈك، باتۇر ئادەم› دېمەكتۇر.»، «قەشقەر ‹ئوردۇكەند› دېيىلىدۇ.① بۇ ‹خان تۇرىدىغان شەھەر، مەركەز› دېگەن بولىدۇ. چۈنكى بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن، ئافراسىياب شۇ يەردە تۇرغان.»② بىز مىلادى XI ئەسىردە پارسچە يېزىلغان «شاھنامە»دىن ئافراسىيابنىڭ تۇرانىيلار رايونىدىكى تۈركلەر شاھىنىڭ نامى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. قەدىمكى زوراستېرىزم (ئاتەشپەرەسلىك) دىنىغا ئائىت «ئاۋستا» دېگەن كىتابتا ئافراسىيابنى ئەپسانىلەر دەۋرىدىكى ئارىيانلار (ئىرانىيلار) شاھىنىڭ نامى ئىدى دېيىلىدۇ. «ساتۇق بۇغراخان شەجەرىسى»دە ئافراسىياب قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ «بەگ تەبىقىسىدىكى» كىشىلەرنىڭ ئەجدادى ئىدى دېيىلىدۇ.③ شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى ئافراسىياب بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قويۇش ئانچە ئىشەنچلىك ئەمەستەك تۇرىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە كۆپىيىشى، باشقا نۇرغۇن مىللەتلەرگە ئوخشاش، ئۇزۇن تارىخىي جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەن. بۇ جەرياندا، ئۇيغۇرلار گوبىي چۆلىنىڭ شىمالىدىكى كەڭ دالىلاردا ياشىغان بىر قىسىم قەدىمكى مىللەتلەر ۋە شىنجاڭدىكى بىر قىسىم قەدىمكى مىللەتلەر بىلەن سىڭىشىپ

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى. 3-توم، 503 - بەت.

② «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981- يىل ئۇيغۇرچە نەشرى. 1 - توم، 447 - بەت.

③ «ساتۇق بۇغراخان شەجەرىسى»، چاغاتاي يېزىقىدىكى قولىيازما نۇسخىسى.

ئەسلىدە ئاھالىسى كۆپ بولمىغان، تارقالغان جايلىرى چەكلىك بولغان ئۇرۇقتىن ئۆزگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بىر مىللەتكە ئايلانغانىدى. كېيىنكى چاغلاردا بۇنداق سىڭىشىش جەريانىدا، ئۇلار شىنجاڭدىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئاخىر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتى بولۇپ شەكىللەنگەنىدى.

# ئىككىنچى باب
# ئۇيغۇرلارنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى

## 1 - بۆلۈم ئۇيغۇرلارنىڭ گۈللىنىشى

ئۇيغۇرلار بىرنەچچە ئەسىر تەرەققىيات جەريانىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈپ، VIII—VII ئەسىرلەرگە كەلگەندە، مۇستەقىل، قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچكە ئىگە مىللەت سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىقتى.

«كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە»، «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» قاتارلىق كىتابلاردا يېزىلىشىچە، ئۇيغۇرلار «ئىچكى توققۇز ئۇرۇق»، «تاشقى توققۇز قوۋم» دېگەن ئىككى چوڭ تارماققا بۆلۈنگەن. ئىچكى توققۇز ئۇرۇق «توققۇز ئۇيغۇر» (يەنە ئون ئۇيغۇر دەيدىغان گەپمۇ بار) دەپ ئاتالغان، تاشقى توققۇز قوۋم «توققۇز ئوغۇز» دەپمۇ ئاتالغان.

«كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى توققۇز ئۇرۇقى رەت بويىچە بىرىنچىسى، «ياغلا قار» دەسلەپكى مەزگىلدىكى قاغاننىڭ فامىلىسى ئىدى؛ قالغانلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا «ئوتىگىر»،

«قۇرابىر»، «باشقىرت»، «ئاۋاسار»، «قازار»، «قۇسار»، «ياماقار»، «ئاياۋىر» دەپ ئاتىلاتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقى توققۇز قوۋمى ئۇيغۇرلار بىلەن باشقا چوڭراق سەككىز قەبىلىنىڭ بىرلىشىشى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن بىر گۇرۇھ ئىدى. «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر. ئۇيغۇرلار»دا، تاشقى توققۇز قوۋمىنىڭ نامى تەرتىپ بويىچە مۇنداق يېزىلغان: ئۇيغۇر، بارغۇت، خۇن، بايىئىرقۇ، توڭرا، ئىزگىل، چۆبە، باسمىل، قارلۇق. بۇلاردىن باسمىل بىلەن قارلۇقلار VII ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرى قورال كۈچى بىلەن قوشۇۋېلىنغان قەبىلىلەردۇر. شۇڭا، ئۇرۇش بولسىلا ئۇيغۇرلار بۇ ئىككى قەبىلىنى ئاۋانگارت قىلىپ ئالدىغا چىقىرىپ قوياتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبى توغرىسىدا راشىددىننىڭ «جامىئۇل تاۋارىخ» دېگەن كىتابىدا خېلى مۇھىم بىر خاتىرە بار. بۇ خاتىرىدە VII ئەسىردە تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان رىۋايەت يېزىلغان. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇيغۇرلار ئۇرقۇن دەرياسى ۋادىلىرىدا ياشىغان چاغلاردا، ئۆزلىرىنىڭ تۇرغان جايلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقىغا ئاساسەن، ئون قەبىلىگە ئايرىلغان. بۇ ئون قەبىلە ئۇرقۇن دەرياسىنىڭ ئون تارماق ئېقىمىدا ئولتۇراقلاشقان. بۇ تارماق ئېقىملارنىڭ نامى ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ يەردە ياشىغان قەبىلىلىرىنىڭ نامى بولغان.* بۇ قەبىلىلەرنىڭ نامى ئىچكى توققۇز ئۇرۇق، تاشقى توققۇز قوۋمىنىڭ نامى بىلەن دېگەندەك ئوخشىشىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇن ئۇرۇقلاردىن تەركىب تاپقانلىقى، ھەر بىر ئۇرۇقنىڭ ئۆزىگە خاس نامغا

* «جامىئۇل تاۋارىخ» 1 - توم، 1 - كىتاب. شاڭخۇ كىتابخانىسى. 1983 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 240 - بەت.

ئىگە ئىكەنلىكىدىن قارىغاندا، بۇ نامىلارنىڭ ئاشۇ ئىككى تارىخ كىتابىدا يېزىلىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇكى: «يېڭى تاڭنامە»، «كونا تاڭنامە»، «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» دېگەن كىتابلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبى (ئۇرۇقلىرى) توغرىسىدا يېزىلغان خاتىرىلەر يەنىلا ئىشەنچلىكتۇر.

ئۇيغۇرلار كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىپ، سۇ، يايلاق قوغلىشىپ ماكانلاشقان بىر مىللەت ئىدى. بەزى چاغلاردا، ئۇلار تەبىئىي ئاپەت ۋە يېغىلىق تۈپەيلىدىن كۆچۈپ يۈرگەن، مىلادى V ئەسىردە، ئۇلار ئورقۇن دەرياسىنىڭ غەربىي شىمالىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانىدى. V — VI ئەسىرلەردە ئۇلارنىڭ بىر قىسمى يەنە تۇغلا دەرياسى بويىغا كۆچۈپ بارغانىدى. تۈركىي يېزىقتىكى «تەڭرى بولمىش ئېل ئېتمىش بىلگە قاغان ئابىدىسى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، VII ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئۇلار يەنە سېلېنگا دەرياسى ۋادىسىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. بۇنىڭدىن باشقا، V ئەسىردىن VI ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا، ئۇلارنىڭ يەنە بىر قىسمى ئېۋىرغول (ھازىرقى قۇمۇل) نىڭ غەرب تەرىپىدە، ئاگىننىڭ شىمال تەرىپىدىكى تىيانشان بويلىرىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.* VII ئەسىردىن VIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، تۈركلەرنىڭ بەگچۇر قاغانى كۈچىيىپ، ئەسلىدىكى تېلىلار يۇرتىنى تارتىۋالدى. ئۇنىڭ بېسىمى ئاستىدا، بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ۋە چۆبە، ئىزگىل، خۇنلاردىن ئىبارەت ئۈچ قەبىلە گوبىي قۇملۇقىدىن ئۆتۈپ، خېشى كارىدورىدىكى گەنجۇ، لياڭجۇ دېگەن جايلارغا كۆچۈپ كەلدى.

ئۇيغۇرلار مۇستەقىل خانلىق قۇرۇشتىن ئىلگىرى

---

* «سۈينامە»، 84 - جىلد، «شىمالىي دىلار ھەققىدە قىسسە. تېلىلار»

تېخى ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى باسقۇچىدا ياشاۋاتقان بولغاچقا، مۇستەھكەم، بىرلىككە كەلگەن ئورتاق سىياسىي گەۋدە بولۇپ شەكىللەنمىگەنىدى. ھەرقايسى قوۋملەردە بىرەر ئۇرۇق ئىچىدىن بىرەر كۈچلۈك كىشى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزىنى يولباشچى دەپ ئاتاپ، شۇ ئۇرۇقنىڭ باشلىقى بولۇۋالاتتى. كېيىنچە، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە مىللەتنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن يىغىن ئارقىلىق، ئىسقۇل، ئۇرقۇندار دەپ ئاتىلىدىغان ئۇرۇقلار ئىچىدىن بىردىن كىشىنى مىللەتنىڭ ئورتاق يولباشچىسى قىلىپ سايلاپ چىقتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇيغۇرلار بىرلىككە كەلگەن فېئودال خانلىق قۇرۇشقا كىرىشتى. سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىككى يولباشچىدىن ئالدىنقىسىنىڭ ئىسمى مەڭگۈبېي ئىدى، ئۇ كىشىلەر تەرىپىدىن دانىشمەن دەپ قارىلىپ، «ئېلتېرەر» دەپ ئاتالغانىدى؛ كېيىنكىسى زېرەك دەپ قارىلىپ، «كۆل ئېركىن» دەپ ئاتالغانىدى. «ئېلتېرەر» قەدىمكى تۈرك تىلى بولۇپ، «قەبىلىلەر بىرلەشمىسى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئىككى يولباشچىنىڭ مەرتىۋە نامى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ھوقۇقى ئوخشاش ئىدى. بىر مىللەتنىڭ ئىككى يولباشچىسى بولغانلىقى، ئىككى يولباشچىنىڭ ھوقۇقىنىڭ پەرقسىز بولغانلىقى ئۇرۇقلارنىڭ سىياسىي جەھەتتە ۋە ھەربىي جەھەتتە ئىتتىپاق تۈزۈمىنى قوللانغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

VII ئەسىر ئۇيغۇرلار جەمئىيىتى فېئوداللىزمغا قاراپ شىددەت بىلەن ئىلگىرىلىگەن دەۋر ئىدى. بۇ دەۋردە، جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنىدى: ئۇرقۇن ۋادىسى بىلەن تۇغلا ۋادىسىنىڭ تەبىئىي مۇھىتى دېھقانچىلىق ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئوبدان شارائىت بىلەن تەمىنلىدى. ئۇيغۇرلار ئورمانزارلىقتىكى مول ياۋايى ھايۋانلار بايلىقىدىن تېرە، مۈڭ-

گۈز ـ سۆڭەك قاتارلىق نەرسىلەرگە ئېرىشىپ تۇراتتى؛ يېقىن
ئەتراپتىكى مىللەتلەردىن تۆمۈر ۋە تۆمۈر ئەسۋابلارغا ئىگە بو-
لاتتى. تۆمۈر ۋە تۆمۈر ئەسۋابلارنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى ئۇي-
غۇرلارنىڭ ھەربىي كۈچىنىڭ ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ يۈك-
سىلىشىگە تۈرتكە بولدى. ھۈنەرۋەنچىلىك مۇستەقىل بىر ئىشلەپ-
چىقىرىش تارمىقىغا ئايلاندى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەتراپىدىكى مىل-
لەتلەر بىلەن، شۇنىڭدەك ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان سودى-
سى ئۇلارغا ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئېلىپ كەلدى. تېخىمۇ
مۇھىمى شۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ يىلقىچىلىق ئىشلىرى زور دەر-
جىدە راۋاجلاندى. ئۇيغۇر ئېتى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم چارۋىچى-
لىق مەھسۇلاتىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ مەھسۇلات ئۇيغۇرلارنىڭ
ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆس-
تۈرۈپلا قالماي، بەلكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن سودا-
سېتىق قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان مۇھىم تاۋار بولۇپ قالدى. مۇ-
شۇنداق ۋەزىيەتتە، ئۇيغۇرلاردا بىرلىككە كەلگەن ھاكىمىيەت
قۇرۇش ئارزۇسى ۋە تەلىپى پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

«يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە يېزىلىشىچە،
ئۇيغۇرلارنى ئەڭ دەسلەپتە بىرلەشتۈرۈپ، بىر ئاقساقالنىڭ رەھ-
بەرلىكى ئاستىغا ئۇيۇشتۇرغان كىشى سۈكۈن ئېركىن ئىدى. بۇ
ۋەقە سۈي ياڭدىنىڭ دايې يىللىرىدا بولغان. ئەينى زاماندا،
غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى قارا قاغان تېلىلارغا ھۇجۇم قىلىپ،
ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى بۇلاپ كېتىدۇ. قارا قاغان تېلىلار-
نىڭ بويسۇنماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارنىڭ قەبىلە ئاقساقال-
لىرىدىن بىرنەچچە يۈزكىشىنى يىغىپ كېلىپ ھەممىسىنى تىرىك
كۆمۈۋېتىدۇ. ئۇنىڭ زوراۋانلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغايدۇ.
ئۇيغۇرلار بارغۇت، تۇڭرا، بايىئىرقۇ قاتارلىق قوشنا
قەبىلىلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، غەربىي تۈركلەردىن يۈز ئۆ-

رۇپ، ئۆزلىرىنى «ئېركىن» دەپ ئاتايدۇ. سۆكۈن ئېركىن دەل شۇ قېتىم ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىتتىپاقتا ئاقساقال بولغانىدى.

سۆكۈن ئېركىننىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى بۇسات تېكىن ئىدى. بۇسات ئۇيغۇرلارنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا مۇھىم شەخس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «يېڭى تاڭنامە» دە ئۇ: «جاسارەتلىك، تەدبىرلىك، ئۇستا مەرگەن ئىدى، جەڭگە باشلامچىلىق بىلەن كىرەتتى، ھۇجۇم قىلغاندا يەڭمەي قالمايتتى. يېڭىلگەنلەرنى بويسۇندۇرماي قالمايتتى» دەپ تەرىپلىنىدۇ. سۆكۈن ئېركىن ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇرۇقلار بىرلەشمىسى بۇساتنى ئاقساقاللىققا سايلايدۇ. ئۇنىڭ ئانىسى ئۇرقۇن خاتۇن. ناھايىتى كەسكىن، تەدبىرلىك بىر ئايال بولۇپ، «قۇۋمىلەر ئىچىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر»نى قەتئىيلىك بىلەن تىنجىتاتتى.* ئۇيغۇرلار ئۆز ئىچىدە مۇشۇنداق ئىككى ئەربابنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن تېزلىكتە قۇدرەت تاپتى. مىلادى 629 - يىلى (تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 3 - يىلى)، ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسى بىلەن تۇنجى قېتىم سىياسىي - ئىقتىسادىي ئالاقە ئورناتتى؛ 630 - يىلى، ئۇيغۇرلار سىر - تاردۇشلار بىلەن بىرلىشىپ، تۈركلەرنىڭ شىمالىي قىسمىغا ھۇجۇم قىلدى. كېيىن، تۈركلەرنىڭ ئېلىك قاغانى ئۆزىنىڭ ئوغلى يۇقۇق شاتنىڭ قوماندانلىقىدا 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتىپ، ئۇيغۇرلارغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلغاندا، بۇسات تېكىن 5000 ئەسكەرگە قوماندانلىق قىلىپ، ئاز كۈچ بىلەن نۇرغۇن قوشۇن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. مازۇڭسەن تېغىدا تۈرك ئەسكەرلىرىنى يېڭىپ، شەرقىي تۈركلەرنى مۇنقەرز قىلىدۇ، شۇ قېتىمقى غەلىبە ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەيۋىسى شىمالنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدۇ. بوسات تېكىن ئۆزىنى «ئالىپ ئورئېلتەبىر» دەپ ئاتاپ، تۇغلا دەرياسى بويىدا ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى قۇرىدۇ. بوسات

* «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»، 1 - جىلد

قۇرغان بۇ ھاكىمىيەت ئۇيغۇر فېئودال دۆلىتىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى ئىدى.

بوسات ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ يولباشچىسى ئۇلۇغ ئېلتەبىر تۇمىد ئاتىسىنىڭ ئىشىغا ۋارىسلىق قىلدۇ. تۇمىد بارغۇت، تونگرا قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ، 646 - يىلى 6 - ئايدا تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ سىر - تاردۇشلارغا ھۇجۇم قىلدۇ. سىر - تاردۇشلارنىڭ قاغانى دومى قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، تۇمىد تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، تۇمىد ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتايدۇ. شۇ يىلى 8 - ئايدا تۇمىد تېلىلارنىڭ 13 قەبىلىسىگە باشچىلىق قىلىپ جەنۇبقا يۈرۈپ قۇلان تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا كېلىدۇ ۋە تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردۇ. شۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلار زىچ مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. بۇ چاغدا تاڭ تەيزۇڭ تەختتە ئىدى. تاڭ تەيزۇڭ تۇمىدنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئۇنى «مەرىپەت قۇچقان ئۇلۇغ سانغۇن»، قوشۇمچە «دەشتى ماكان تۇتۇقبېگى» دېگەن مەنسەپ بىلەن تارتۇقلايدۇ. تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلار رايونىدا «دەشتى ماكان تۇتۇق مەھكىمىسى» تەسىس قىلىدۇ ۋە بۇ مەھكىمىنىڭ قارىمىقىدا ئالتە مەھكىمە، يەتتە ئايماق قۇرىدۇ. مەھكىمىگە تۇتۇقبەگ، ئايماققا ئايماقبېگى قويىدۇ. ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۇيغۇرلار يۇرتىدىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى جايلىرىغا بارىدىغان غول قاتناش يولى — «تەڭرى قاغان يولى» ياساشنى تەلەپ قىلغاندا، تاڭ تەيزۇڭ ۋە تاڭ ھۆكۈمىتى بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدۇ ۋە بۇ يولنى ياستىپ، يول بويىغا 68 ئۆتەڭ سالدۇرىدۇ. بۇ يول ياسالغاندىن كېيىن گوبىينىڭ شىمالىدىكى جايلار بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ

ئىچكى جايلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە تېخىمۇ كۈچىيىدۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ نەسىللىك ئات، بولغۇن تېرىسى قاتارلىق مەھسۇلاتلار ئارقىلىق تاڭ سۇلالىسى بىلەن قىلىدىغان يىپەك سودىسىغا تېخىمۇ ئوڭايلىق تۇغۇلدۇ. 648 - يىلى 10 - ئايدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدە يېغىلىق يۈز بېرىپ تۇمېد ئۆزىنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى ئۇغۇر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇغۇرنىڭ تۇمېدنى ئۆلتۈرۈشتىكى مەقسىتى تۈركلەرنىڭ قاغانى قابىشقا ئەل بولۇش ئىدى. ئەمما بۇ ۋەقە پاش بولۇپ قالغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى يەنرەن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن بېگى يۈەن لىچېن ئۇغۇر توپىلىڭىنى تىنجىتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، تۇمېدنىڭ ئوغلى بايان ئۇيغۇر-لارنىڭ قاغانى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى يېڭىباشتىن تۇراقلىششقا باشلايدۇ. 651 - يىلى (تاڭ گاۋزوڭنىڭ يۇڭخۇي 2 - يىلى) 7 - ئايدا، غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى ئىشبارا تاڭ سۇلالىسىنىڭ بېشبالىق ئايمىقى (ھازىرقى جىمسار ناھىيىسى ئەتراپىدا) نى بېسىۋالىدۇ. تاڭ ھۆكۈمىتى لياڭ جيەنفاڭ بىلەن چۆبە ئالىپنى ئۇلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. بۇ جەڭگە ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى بايان 50 مىڭ ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ بېرىپ قاتنىشىپ، بېشبالىقنى قايتۇرۇۋالىدۇ. شۇنىڭ-دىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي تۈركلەرگە قارشى قوزغىغان ئۇرۇشلىرىغا كۆپ قېتىم قاتنىشىدۇ. بۇ ئۇرۇش تاكى غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى ئىشبارا ھالاك بولغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ. شۇ قېتىمقى ھەمكارلىق سەۋەبىدىن، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بايانغا «ئوڭ قول ھىماتچى ئۇلۇغ سانغۇن»، تېلەنغۇت قەبىلىسىنىڭ بېگىگە «سول قول ھىماتچى ئۇلۇغ سانغۇن»

دەپ نام بېرىدۇ. 661 - يىلى، بايان ئۆزىنىڭ قوۋملىرىنى باشلاپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۈرىيانلارغا قارشى ئۇرۇشىغا قاتنىشىدۇ. شۇ يىلى بايان ئۆلىدۇ. بايان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىرۇت، دۇكىچ، ئۆگتېبېر، ئۆگتېنان، قوشۇخان قاتارلىقلار كەينى - كەينىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ يولباشچىسى بولىدۇ. VII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، شەرقىي تۈركلەرنىڭ قاغانىنىڭ ئەۋلادلىرى قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، ئۇيغۇرلارغا كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار كېيىنكى تۈركلەرگە قارشى كۈرەشتە ئۈزلۈكسىز كۆچىيىپ، «ئەسكەرلىرى 50 مىڭغا، ئاھالىسى 100 مىڭغا يېتىدۇ.»* شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇرلار گوبىينىڭ شىمالىدىكى قۇدرەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىيىشى ۋە قۇدرەت تېپىشى VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قۇرۇلغان كۆل بىلگە ئۇيغۇر خانلىقى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بېرىدۇ.

سۆكۈن ئېركېن زامانىسىدىن كۆل بىلگە قاغان زامانىسىغىچە (مىلادى VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن VIII ئەسىر-نىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە) ئۇيغۇرلار 100 يىلدىن ئارتۇق تەرەققىيات دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈردى. ئەمما، ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ مۇشۇ دەۋرىدىكى تەپسىلىي ئەھۋالىغا دائىر تارىخىي ماتېرىيال ناھايىتى ئاز. بەزى ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى بىلەن تۈرك خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار دەسلەپتە ئۆزلىرىنىڭ يولباشچىلىرىنى «ئېركېن»، «ئېلتەبىر» دەپ ئاتايتتى. كېيىنكى چاغلاردا تۇمىد ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتاپ «مەنسەپدارلارنى تەيىنلىدى، تۈرك-

* «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

لەرنىڭكىگە ئوخشاش ئالتە چەت بۆيرۇق، ئۈچ ئىچ بۆيرۇق تەيىنلىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، تۇتۇق بەگ، سانغۇن، ئەمىر قاتارلىق مەنسەپدارلارنىمۇ تەيىنلىدى.»* ھەمدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەنسەپ تۈزۈمىنىمۇ قوللاندى. ئۇلاردا «ئېركىن»، «ئېلتەبىر»، «قاغان» قاتارلىق مەنسەپلەر ئاتىسىدىن بالىغا مىراس بولۇپ قالاتتى. «ئىچ بۆيرۇق» بىلەن «چەت بۆيرۇق» (ۋەزىرلەر) ۋە باشقا ھەر دەرىجىلىك مەنسەپدارلار ئادەتتە ئېركىن، ئېلتەبىر، قاغانلار ئائىلىسىدىن ۋە ئۇلارغا قانداشلىق جەھەتتىن يېقىن بولغان ئۇرۇق، قەبىلىلەر ئىچىدىن تاللىنىپ تەيىنلىنەتتى. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە يېزىلىشىچە، ئۇيغۇرلارغا تەۋە ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنىڭ «سۈيۇرغاللىق يەرلىرى» بولاتتى. ئالىي ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى يايلاقلارنى ئۆز جەمەتلىرىگە ۋە باشقا قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرەتتى. ئۇلار «نازارەتچى» ئەۋەتىپ «ھەممىدىن بىردەك» باج - سېلىق ئالاتتى.

ئېركىن، ئېلتەبىر، قاغان ۋە ئۇلارنىڭ جەمەتلىرى، ھەر دەرىجىلىك مەنسەپدارلار، ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى نۇرغۇن چارۋا، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە يايلاقلارغا ئىگە بولۇۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەگلەر ئادەتتىكى پۇقرالارغا بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئېكسپلاتاتسىيىچى سىنىپ ئىدى. ئادەتتىكى پۇقرالار ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپ بولۇپ، «قارا بۇدۇن» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلاردا ئازغىنە چارۋا ۋە يايلاق بولۇپ سىياسىي جەھەتتە پۈتۈنلەي بەگلەرگە بېقىندى ئىدى. ئۇرۇش بولۇپ قالسا، ئۇلار ئۆزلىرى ئات، قورال ۋە ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلاپ، قوش تۈزۈپ ئۇرۇشقا باراتتى. ئۇرۇشتا قولغا چۈشۈرۈلگەن

* «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»

ئاساسلىق ئۇلجىلار ۋە ئەسىرلەر پۈتۈنلەي قەبىلە ئاقساقال-
لىرىغا ھەدىيە قىلىناتتى. ئاقساقاللار ئۆزلىرىگە ھەدىيە
قىلىنغان بۇ نەرسىلەرنى قاغانغا ۋە باشقا مەنسەپدارلارغا
ھەدىيە قىلاتتى. ئادەتتىكى چاغلاردا، قارا بۇدۇنلەر ئۆزلىرى-
نىڭ چارۋىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن تاشقىرى، ئاساسەن،
ھۆكۈمران سىنىپلارغا ھەقسىز ئىشلەپ بېرەتتى. ئۇلار چارۋا
مەھسۇلاتلىرىنى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ۋە باشقا
ئېشىنچى مەھسۇلاتلارنى ئۆز ئىچىدە ئەركىن ئالماشتۇراتتى.
ئەمما ئۇلار ھەر خىل باج - سېلىقلارنى تولۇق تاپشۇرۇشقا
مەجبۇر ئىدى. سىرت بىلەن بولغان تاۋار ئالماشتۇرۇش
ئىشلىرىنى بەگلەرنىڭ، ئەمەلدارلارنىڭ تەستىقى ئارقىلىقلا
ئېلىپ بارالايتتى.

ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدىكى ئەڭ تۆۋەن قاتلام «قۇل» ياكى
«چۆرە» دېيىلەتتى. (ئورقۇن — يېنسەي ئابىدىلىرىدە ‹Qōro —
دېدەك› دېيىلگەن). قۇللار جىسمانىي ئەركىنلىكتىن مەھرۇم
بولغان، ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىغا پۈتۈنلەي بېقىندى كىشىلەر
بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن قارا بۇدۇنلەر ئىچىدىكى ۋەيران
بولغانلاردىن، يېتىم - يېسىرلەردىن ۋە ئەسىرلەردىن تەركىب
تاپاتتى. ئۇلار ئادەتتە ھېچ نەرسىگە ئىگە ئەمەس ئىدى،
ئىقتىسادىي جەھەتتە سېلىق تۆلىمەيتتى، ئۇرۇشقا قاتناشمايتتى،
ئائىلە ئەمگىكى بىلەنلا شۇغۇللىناتتى، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ
ئائىلىسىدە يېتىپ قوپۇش، تاماق يېيىشتىن تاشقىرى، ھېچقان-
داق ھەق ئالالمايتتى. قۇللار ياكى دېدەكلەر سان جەھەتتە
ئازراق بولۇپ، قۇللۇق جەمئىيەتتىكىگە ئوخشاش ئالاھىدە
مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرمىگەنىدى. سۆكۈن ئېركىن زامانىدىن
كۆل بىلگە زامانىغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئۇيغۇرلار ئۆزلۈكسىز
ئۇرۇش قىلىش، ئۆزلۈكسىز ئىلگىرىلەش جەريانىدا روناق

تاپتی ۋە تەرەققىي قىلدى. بۇ جەرياندا، جەنۇب تەرەپتىكى تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ۋە باشقا جەھەتلەردىكى مۇناسىۋىتى زادىلا ئۈزۈلۈپ قالمىدى. بۇ ئالاقىلەر ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم ئامىل بولۇپ قالغانىدى. بولۇپمۇ تۈمىد ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلار رايونىدا مەھكىمە، ئايماق تەسىس قىلدى. بۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى جايلىرى بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى تېخىمۇ قويۇقلاشتى. بۇ ئالاقە جەريانىدا، تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزئارا بىر - بىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

## 2 - بۆلۈم ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى

ئۇيغۇرلار روناق تاپقاندىن كېيىن، 744 - يىلى ئۇيغۇرلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى خاقانلىق قۇرۇلدى، تارىخشۇناسلار تارىختا قۇرۇلغان بۇ خاقانلىقنى «ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى» دەپ ئاتايدۇ.

ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى بەرپا قىلغان كىشى قۇتلۇغ خاننىڭ ئوغلى كۆل بىلگە ئىدى. تارىخشۇناسلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭ خانلىق قۇرغان ۋاقتىنى «يېڭى تاڭنامە» دە يېزىلغان 744 - يىل (تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ تيەنباۋ 3 - يىلى) غا توغرا كېلىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ.

ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى كۆل بىلگە خاقان كېيىنكى تۈرك خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغاندىن كېيىن قۇرۇلغانىدى.

ئەسلىدە گوبىينىڭ شىمالىدا ھۆكۈم سۈرگەن شەرقىي تۈرك خانلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىن، تۈركلەرنىڭ ئاقسۆڭەكلىرىدىن قۇتلۇق بىلگە ھەرقايسى جايلاردا تارقىلىپ يۈرگەن تۈركلەرنى يەنە بىر يەرگە يىغىپ، 685 - يىلى (تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇ زېتيەننىڭ چۇيگوڭ تۇنجى يىلى) ھازىرقى سەنشىنىڭ شىمالىي قىسمىدىن ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغىچە، خۇاڭخې دەرياسىدىن سەنشىنىڭ يۈيشيەن ناھىيىسىگىچە بولغان جايلاردا ھاكىمىيەت قۇرۇپ، ئۆزىنى «ئېلتېرىش قاغان» دەپ ئاتىدى. كېيىنكى چاغلاردا قۇتلۇق مەشھۇر باش ۋەزىر تۇنيۇقۇقنى ئىشقا سېلىپ، ئۇنىڭ باشلامچىلىقىدا، شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەت مەركىزى — ئورقۇن دەرياسى بويىدىكى ئۆتۈكەن تاغلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغىدى. ئۇيغۇرلار قۇتلۇقنىڭ تويۇقسىز قىلغان ھۇجۇمى ئارقىسىدا پۈتۈنلەي تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. ئۆتۈكەن ئەتراپىدىكى جايلار شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىۋېلىندى. ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى تۇغلا دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ كەتتى. قالغان كۆپ قىسمى تۈركلەرگە ئەل بولدى. قۇتلۇق ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى بەگچۇر قاغان تۇغلا، سېلېنگا ۋە ئورقۇن دەريالىرى ۋادىلىرىدىكى جايلارغا ئۈزلۈكسىز ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئۇيغۇرلارغا ۋە ئەسلىدە تېلىلارغا تەۋە بولۇپ كەلگەن بەزى مىللەتلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بەش قېتىم كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش قوزغىدى. ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارغا قوشنا بولۇپ ياشىغان باشقا بەزى مىللەتلەر تۈركلەرنىڭ ھۇجۇمىغا قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. VIII ئەسىرنىڭ

باشلىرىغا كەلگەندە، ئۇيغۇرلار بىلەن ئىزگىل، چۆبە، خۇن، توڭرا، ئابۇس (باسمىل) قاتارلىق قوۋملەرنىڭ تۈركلەرگە قارشى كۈرىشى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. 716 - يىلى، بايئىرقۇ قوۋمى بەگچۇر قاغانغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارغا قارىتا شىددەت بىلەن كېڭەيمىچىلىك قىلغان تۈركلەرنىڭ كۈچى ئەنە شۇ چاغدا قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ، زەئىپلىشىشكە باشلىدى. 734 - يىلى، تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىچىدە يېغا كۆتۈرۈلۈپ، ھۆكۈمرانلار بىر - بىرىنى قىرىشتى. مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا، ئۇيغۇر، باسمىل، قارلۇق قاتارلىقلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مۇستەقىللىق ئېلان قىلىشتى. 742 - يىلى، ئۇيغۇرلار باسمىل، قارلۇقلار بىلەن بىرلىشىپ، تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، قۇتلۇق يابغۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، باسمىللارنىڭ ئاقساقىلىنى قاغان قىلىپ تىكلىندى. ئۇيغۇرلار بىلەن قارلۇقلار ئوڭ، سول يابغۇ بولدى. قۇتلۇق يابغۇ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، تۈركلەرنىڭ قالدۇق قوۋملىرىدىن بەزىلىرى تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولدى. بەزىلىرى قېچىپ كەتتى. 744 - يىلى، باسمىللارنىڭ قاغانى تۈركلەرنىڭ قالغان قوۋملىرىنىڭ ئاقساقىلى ئۆزمىش قاغاننى ئۆلتۈردى، ئۇيغۇرلاردىن كۆل بىلگە باسمىللارنىڭ قاغانىنى ئۆلتۈرۈپ، قۇتلۇق بىلگە قاغان بولدى ۋە ئۆزىنىڭ بارگاھىنى سېلېنگا دەرياسى ۋادىسىدىن ئورقۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى ئوردۇبالىق (ئورقۇن دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى قارا بالغاسۇن) غا كۆچۈردى. ئىككىنچى يىلى، كۆل بىلگە كېيىنكى تۈرك قاغانى بولمىش (بۇمىن قاغان) نى ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى تۈرك ھاكىمىيىتى ئاخىرقى ھېسابتا مۇنقەرز بولدى. مانا شۇ چاغدا ئۇيغۇر خانلىقى رەسمىي قۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ

ھەربىي كۈچى تازا ئۇلغايغان چاغلاردا ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ زېمىنى ئوتتۇرا ئاسىياغىچە كېڭەيگەنىدى.

كۆل بىلگە قاغان قۇرغان ئۇيغۇر خانلىقى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىر ئەسىرچە (744 — 840 - يىللار) داۋام قىلدى. بۇ جەرياندا 14 كىشى تەختتە ئولتۇردى. ئۇلاردىن كۆل بىلگە قاغان (744 — 747 - يىللار)، مويۇنچۇر (747 — 759 - يىللار)، بۆگۈ تېكىن (759 — 780 - يىللار)، تۇن باغا قاغان (780 — 789 - يىللار)، قۇتلۇغ (795 — 805 - يىللار) قاتارلىقلار مەشھۇر ئۇيغۇر خاقانلىرىدۇر. ئۇيغۇر خانلىقى ئىچكى توققۇز ئۇرۇق (توققۇز ئۇيغۇر) نى ئاساس قىلىپ، تاشقى توققۇز قوۋمىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن قۇرۇلغانىدى. ئىچكى توققۇز ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ياغلاقار ئۇرۇقى خان جەمەتى گۇرۇھى بولۇپ، قاغانلار ھامان ياغلاقارلار ئىچىدىن بارلىققا كېلەتتى، مىلادى 795 - يىلى (تاڭ دېزوڭنىڭ جېنيۈەن 11 - يىلى)، ساداقەتمەند قاغان ئاچور ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، سۆيۈنگىل قاغان قۇتلۇغ تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، قاغان ياغلاقارلار ئىچىدىن ئەمەس، ئاۋاسارلار ئىچىدىن سايلىنىدىغان بولدى. تاشقى توققۇز قوۋم ئەسلىدە ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ، تۈركلەرگە قارشى تۇرغان بىر قەبىلىلەر بىرلەشمىسى ئىدى. ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قەبىلىلەر بىرلەشمىسى ئۇيغۇرلار دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.* ئۇيغۇر خانلىقىدا توققۇز بۇيرۇق قويۇلدى. ئۇلارنىڭ ئۈچى ئىچ بۇيرۇق، ئالتىسى چەت بۇيرۇق ئىدى. ئىچ بۇيرۇق خان جەمەتىدىن بولاتتى. چەت بۇيرۇق بارغۇت، خۇن، بايئىرقۇ، توڭرا، ئىزگىل، قىبئار قاتارلىق ئالتە قەبىلىدىن بولاتتى.

* «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار. بىرىنچى قىسىم».

توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىسىگە جەمئىي 11 تۇتۇقبەگ قويۇلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئۈچى خان جەمەتى گۇرۇھىدىن ئىدى، قالغانلىرى باشقا قەبىلىلەرنىڭ ھەربىرىدىن بىردىن قويۇلغانىدى. تۇتۇق بەگلەر ئۆز قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرى ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قەبىلىلىرى ئىچىدىن سايلىناتتى. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى دەسلەپتە بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى تۇپاسلارنى، بايقال كۆلىنىڭ غەربىدىكى قۇرىقانلارنى، يېنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى قىرغىزلارنى، ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قارلۇقلارنى، تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى چۆل تۈركلىرىنى (ساتارلارنى)، چۇغاي تېغى ئەتراپىدىكى تاگىمت، تۇيغۇنلارنى، ھىنگان تېغىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى شىرۋى، قۇم - سارلارنى ۋە قىتانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. «تارىخى جاھانكۇشاي» دا «ئۇيغۇر خانلىقى قۇدرەت تاپقان مەزگىللەردە ئۆزىنىڭ كۈچىنى تىيانشان تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى چۇ دەرياسى ۋادىلىرىغىچە يەتكۈزگەنىدى» دېيىلىدۇ. مىلادى 812 - يىلى (تاڭ شيەنزۇڭنىڭ يۈەنخې 7 - يىلى) ئۇيغۇرلاردىن تەڭرى قاغان (مىلادى 805 — 821 - يىللىرى)، زور قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، بېشبالىق، ئۈچ (ھازىرقى يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالى)، كۈسەندىن ئۆتۈپ، قارلۇقلار بىلەن تىبەتلەرنى مەغلۇپ قىلدى*، يەتتەسۇ ۋادىسى، ياشارتېس دەرياسى (ھازىرقى نامى سىر دەريا) ۋادىسى، پەرغانە قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالدى.

ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئىجتىمائىي ئىگىلىك چارۋىچى-

---

* «ئۇيغۇر بىلگە قاغاننىڭ تۆھپىلىرى ھەققىدىكى يادنامىلەر»، «قارا قۇرۇم مېتال، تاش پۈتۈكلىرى» گە كىرگۈزۈلگەن.

لىقنى ئاساس قىلاتتى. ئۇيغۇر خانلىقى تاڭ سۇلالىسى بىلەن يىپەك - ئات سودىسى قىلىپ تۇرغانلىقتىن، شۇنىڭدەك شەرق بىلەن غەربنىڭ سودا ئالاقىسىدىكى قاتناش لىنىيىسىنى تىزگىنلەپ تۇرغانلىقتىن، دۆلەتنىڭ ئىگىلىكىنى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا خېلى ئوبدان تەرەققىي قىلدۇرالىغانىدى.

ئۇيغۇرلار چارۋىچىلىقتا ئاتچىلىقنى ئاساس قىلاتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتلىرىغا ۋە بايئىبرقۇ، توگرا، بارغۇت، ئىزگىل، چۆبە، خۇن، قارلۇق، باسمىل قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئاتلىرىغا ئالاھىدە تامغا بېسىلاتتى. تارىختا بۇنداق ئاتلار «ئىنال ئات» دېيىلەتتى. ئۇيغۇر ئاتلىرى ئۇرۇشتىمۇ، ئىشلەپچىقىرىشتىمۇ، تۇرمۇشتىمۇ، سودا - سېتىق ئىشلىرىدىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. ئۇيغۇر ئاتلىرىنىڭ سانى پۈتكۈل ئۇيغۇر خانلىقى ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردە ھەيران قالارلىق دەرىجىدە نۇرغۇن ئىدى.ئۇيغۇر ئاتلىرىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى سانى توغرىسىدا تارىخىي ھۆججەتلەردە ئېنىق خاتىرە قالدۇرۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئات - يىپەك سودىسىنىڭ مىقدارىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلىۋالالايمىز. مەسىلەن، «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دە يېزىلىشىچە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنيۈەن يىللىرىدىن كېيىن (مىلادى 758 — 760 - يىللىرى)، ئۇيغۇرلار ھەر يىلى بىر قېتىم تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى جايلىرىغا كېلىپ ئات سودىسى قىلىپ تۇراتتى. ئۇلار ئاتلىرىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ يىپەك ماللىرىغا تېگىشىپ كېتەتتى. ھەر قېتىم تاڭ سۇلالىسىگە سېتىپ بەرگەن ئاتلىرى نەچچە ئون مىڭغا يېتەتتى. 773 - يىلى 11 - ئايدا، ئۇيغۇرلار بىر قېتىمدىلا ئون مىڭ ئاتنى ھەيدەپ كېلىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى

جايلىرىدا ساتقانىدى؛ «بەي جۇيىينىڭ چاڭچىڭ يىللىرىدا يېزىلغان نەزمە - بېيىتلىرىدىن ئالمناق»تا نەقىل كەلتۈرۈلگەن «ئۇيغۇر قاغانى بىلەن يېزىشقان مەكتۇپلار»دا، ئۇيغۇرلار بىر قېتىمدا تاڭ سۇلالىسىگە 20 مىڭ «ئىنال ئات» ئېلىپ كېلىپ ساتقان. بۇ ئاتلارنىڭ قىممىتى تاڭ سۇلالىسىنىڭ 500 مىڭ توپ شايىسىنىڭ قىممىتىگە توغرا كېلەتتى، دېيىلىدۇ. ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆڭلۈك - سۆيگۈن توپىلىڭىنى باستۇرۇشىغا «5000 ئەسكەر، 10 مىڭ ئات ياردەم قىلغان» ئىكەن*. بۇ سانلار ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاتچىلىق ئىشلىرىنىڭ ناھايىتى تەرەققىي قىلغانلىقىنى، ئاتلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. يىپەك - ئات سودىسى ئۇيغۇرلارغا ناھايىتى پايدىلىق ئىدى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر ئېتى تاڭ سۇلالىسىنىڭ 40 توپ يىپەك گەزلىمىسىگە ئالماشتۇرۇلاتتى. بەزىدە بىر ئات 50 توپ دارايىغا ئالماشتۇرۇلاتتى. ئاتنىڭ چايغا تېگىشىلىش قىممىتىمۇ ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. «يېڭى تاڭنامە. يۈن شۇننىڭ تەرجىمىھالى»دا يېزىلىشىچە، ئۇيغۇر قاغانى چىشىن قاتارلىق كىشىلەرنى قەتل قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارغا بىر مىليون 800 مىڭ توپ شايى قەرزدار بولغانلىقتىن، ئۇلارنى ئۆلتۈرمەي، قايتىپ بېرىپ قەرز سۈرۈشتۈرۈشكە ئەۋەتكەن، تاڭ سۇلالىسى نائىلاج 100 مىڭ توپ يىپەك مال، 100 مىڭ سەر ئالتۇن - كۈمۈش تۆلەپ قەرزنى ئاران تۈگەتكەنىكەن. «ئۇيغۇر قاغانى بىلەن يېزىشقان مەكتۇپلار»دا يېزىلغان شۇ سودىدا ئۇيغۇرلار 500 مىڭ توپ شايىغا ئات تېگىشكەن بولۇپ، تاڭ سولالىسى بۇ

*«توققۇز ئۆلىمانىڭ توپلىمى. دۇفۇ نەزمىلىرىگە شەرھى»، 3 - جىلد.

شايىنى ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ تاپشۇرغانىدى. بۇ مىساللار ئۇيغۇرلارنىڭ يىپەك - ئات سودىسىدا غايەت زور پايدا ئالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇيغۇرلار ئىچكى جايلاردىن ئاتقا تېگىشىپ كەلگەن يىپەك مال، چاي ۋە باشقا بۇيۇملارنى ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىپلا قالماي، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى جايلارغا ئاپىرىپ سېتىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە تېخىمۇ كۆپ مەھسۇلات ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى قولغا كەلتۈرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇيغۇرلار شۇ مەزگىللەردە سودا پائالىيىتى ئارقىلىق ئىنتايىن تېز روناق تاپقانىدى. شۇ چاغلاردا ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئىچكى جايلارغا بارغانسېرى كۆپلەپ كىردى. ئۇلار ئىچىدىكى باي سودىگەرلەر چاڭئەن قاتارلىق جايلاردا ئۇزاققىچە ئولتۇراقلىشىپ، دۇكان ئېچىپ ناھايىتى بېيىدى. بەزىلىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ كىشىلىرىنى قەرزدار قىلىپمۇ قويغانىدى*.

Ⅷ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، تىبەتلەر كۈچىيىپ، گەنسۇنىڭ غەرب تەرىپىدىكى بېشبالىقنى بېسىۋالدى، ئەنشىدىكى تۆت قورغاننى ۋە شۇنىڭدەك تيانشان تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى كونترول قىلىۋالدى. نەتىجىدە غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەر بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي، سىياسىي ئالاقە پۈتۈنلەي ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەۋەلىكىدىكى يول ئارقىلىقلا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى. بېشبالىق شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناشنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان ئىنتايىن مۇھىم جاي بولغاچقا، ئۇيغۇرلار بۇ مۇھىم جاينى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، تىبەتلەر بىلەن كۆپ قېتىم ئۇرۇشۇپ، زور چىقىم تارتتى. تا Ⅸ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا

* ۋاڭ گوۋېي: «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى ئابىدىسى» گە خاتىمە»، «گۈەنتاڭ توپلىمى»، 20 - جىلد

كەلگەندە، ئۇيغۇرلار ئاي تەڭرى بولمىش بىلگە قاغان (بويانچى قاغان) نىڭ قوماندانلىقىدا تىبەتلەرگە قارشى جازا يۈرۈشى قىلىپ، تىبەتلەرنىڭ قولىدىن بېشبالىق بىلەن كۈسەننى قايتۇرۇۋالدى؛ شۇنىڭدىن كېيىن شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش يېڭىباشتىن راۋانلاشتى. شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناشنىڭ راۋانلىشىشى تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەنپەئىتىگىمۇ، شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلارنىڭ مەنپەئىتىگىمۇ ئۇيغۇن ئىدى. ئۇيغۇر خانلىقى شەرق بىلەن غەربنىڭ قاتناش جەھەتتىكى جان تومۇرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئىگىلىكىدە شۇنىڭغا مۇناسىپ هالدا ئۆزگىرىش يۈز بەردى. سودا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغدىلاردىن بولغان ئۇستا، سودىگەرلەر دائىم دېگۈدەك ئۇيغۇر خانلىقىغا كېلىپ سودا قىلاتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى ئوردوبالىق (قارا بالغاسۇن) ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەركىزى ئىدى. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە تېپىلغان بىر تۇرار جاي خارابىسىدىن دېۋرقاي، مىس پارچىلىرى ۋە برونزا ئەينەك تېپىلدى. بۇنىڭدىن شۇ تۇرار جاينىڭ بىر كاسىپنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. پايتەختتە، شۇنىڭدەك ئورقۇن دەرياسى بويىدىكى دېهقانچىلىق رايونلىرىدا ياشىغان ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك ئۇن تارتىدىغان قول تۈگمىنى (يارغۇنچاق) بار ئىدى. پايتەخت سىرتىدا، ئورقۇن ۋە سېلېنگا دەرياسى بويىدىكى باشقا ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ ئەتراپىدىمۇ ئاھالە رايونى ۋە دېهقانچىلىق رايونلىرى بار ئىدى، شەھەرلەردە قول سانائىتىمۇ بار ئىدى*. پايتەخت

* C. B. كىسلىۋ: «موڭغۇلىيىدىكى قەدىمكى شەھەرلەر»، «سوۋېت ئارخېئولوگىيىسى»، 1957 - يىل، 2 - سان.

12 تۆمۈر قوۋۇقلۇق چوڭ بىر سېپىل بىلەن ئورالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە زىچ ئاھالە جايلاشقانىدى. شەھەردە بازار مەھەللىلەر بار ئىدى. بازارلاردا ھەر خىل سودا سېتىق بولۇپ تۇراتتى.①

ئۇيغۇرلار ئەسلىدە چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلاتتى، ئەمما كېيىنكى چاغلاردا بايلىقنىڭ توپلىنىشى بىلەن نۇرغۇن شەھەر ۋە قارشى - سارايلارنى بىنا قىلىپ، بارا بارا يېرىم ئولتۇراق تۇرمۇشنى كەچۈرىدىغان بولدى. VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، قارا قاغان (مويۇنچۇر) سېلېنگا دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا بايبالىق شەھىرىنى بىنا قىلدى②. كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭ ئوغلى موي قاغان (ئۇيغۇرلار ئۇنى بۆگۈ قاغان دەيتتى) مۇ ئورقۇن دەرياسى ۋادىسىدا بۆگۈ قاغان بالىق، ئوردوبالىق ۋە نۇرغۇن قارشى - سارايلارنى بىنا قىلدى③. ئورقۇن دەرياسى بويىدا شۇنىڭدەك جۇيەن كۆلى (ھازىرقى ئېرغۇنا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى جايلار) بويىدا بىرقانچە «خاتۇنبالىق بار ئىدى»④. 840 - يىلى قىرغىزلار ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئورقۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا جايلاشقان پايتەختىگە ئوت قويۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇكا قاغانى تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنۇۋ ھەربىي

---

① [ئەنگلىيە] مىنوسكى: «ئوتتۇرا ئەسىر تۈركلىرى، ئىرانىيلار ۋە كاۋ-كازلىقلار»، 1978 - يىل، لوندون نەشرى، 295 - بەت.

② «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 225 -، 226 - جىلد؛ «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار. 1 - قىسىم».

③ فېڭ چېڭجۇن تەرجىمە قىلغان: «دوسان موڭغۇل تارىخى» 1 - توم، 181 - بەت، «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»، 37 - جىلد. «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 226 - جىلد.

④ ۋاڭ يەندې: «قۇجۇغا ئەلچىلىككە بېرىش»، «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» 37 - جىلد، «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيىلىك تەزكىرە».

قورۇلى (هازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ قورۇم گال دېگەن يېرى-نىڭ غەربىي شىمالىدا) بىلەن تيەندي ھەربىي قورۇلى (هازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئولات ئوڭ خوشۇنىنىڭ شىمال تەرىپىدە) غا قاراشلىق ئىككى شەھەرنى ئاردىيەت ئېلىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتكەنىدى. مۇشۇ پاكىتلار ئۇيغۇر هۆكۈمران-لىرىنىڭ كېيىنكى چاغلاردا شەھەر تۇرمۇشىدىن ئايرىلالمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىچىدىكى سىياسىي تۈزۈلمە ۋە سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر خانلىق قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكىدىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى. قاغان، خاتۇن ئەڭ چوڭ چارۋىدار ئىدى. «تاشقى توققۇز ئۇرۇق» نىڭ يولباشچىلىرىمۇ چوڭ چارۋىدارلار ئىدى. جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك بەگلەر چوڭ چارۋىدار ياكى ئوتتۇرا، كىچىك چارۋىدارلار ئىدى. چارۋىدارلار نۇرغۇن يايلاقنى ئىگىلىۋالاتتى. چارۋىچىلار يايلاقنى ئىشلىتىش هوقۇقىغىلا ئىگە ئىدى. چارۋىچىلار چارۋىدارلارنىڭ قولىدىن يايلاقنى ئىشلىتىش ئۈچۈن چارۋىدارلارغا ياكى چوڭ چارۋى-دارلارغا چارۋا بېقىپ بېرەتتى. چارۋىدارلار ياكى چوڭ چارۋىدارلار چارۋىچىلارنىڭ ھەقسىز ئەمگىكىدىن نۇرغۇن چارۋا ئۆندۈرۈۋېلىپ، ئۆزىنىڭ قولىغا توپلايتتى. ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە بولاردىن باشقا يەنە بىر ئالاهىدە تەبىقە — مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان سوغدى سودىگەرلىرى ئىدى. ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شوغۇللانماي، مەھسۇلاتلارنى ئالماشتۇرۇش بىلەنلا شۇغۇللىنىدىغان سىنىپ ئىدى. ئۇلار ئۇيغۇرلار يۇرتىدا تەڭسىز قىممەتتە ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، چارۋىچىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى، يەنە تېخى ئاقسۆڭەك چارۋىدارلارغا جازانە پۇلى تارق-تاتتى، ئۇششاق هۈنەرۋەنلەرنىمۇ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى چاڭگى-

لىغا ئېلىنۋالغانىدى*.

ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنىدىغان، زۇلۇمغا ئۇچرايدىغانلار يەنىلا چارۋىچىلار، قارا بۇدۇنلەر ۋە قۇللاردىن ئىبارەت ئۈچ خىل كىشىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى گوبىي چۆلىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى يايلاقلاردا كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاساسلىق ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئىدى. چارۋىچىلار بىلەن قارا بۇدۇنلەر ئاساسەن، «توققۇز ئۇيغۇرلار» ۋە تاشقى «توققۇز ئۇرۇق» ئىچىدىكى ئاددىي پۇقرالار ئىدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەن يات مىللەت خەلقى ئىدى. چارۋىچىلار باج - سېلىقنى ئاساسلىق ئۈستىگە ئالغۇچىلار ئىدى؛ ئۇرۇش بولۇپ قالسا ئۇلار ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىلەتتى؛ ئۇرۇشتا قولغا چۈشكەن ئەسىرلەر چارۋىدارلارغا ھەدىيە قىلىناتتى. چارۋىچىلار ۋە قارا بۇدۇنلەر بىلەن چارۋىدارلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىنتايىن كەسكىن ئىدى. تۈرك يېزىقىدا پۈتۈلگەن «ئۇيغۇر قارا قاغان ئابىدىسى» نىڭ بىرىنچى يېرىدە ئادەتتىكى پۇقرالار «بۇدۇن» دېيىلگەن، ئاۋام خەلق «قارا بۇدۇن» دېيىلگەن، چاكارلار ۋە دېدەكلەر «قۇل، كۈڭ» دېيىلگەن. لى دېيۇ يازغان «خۇيچاڭ يىللىرىدا پۈتۈلگەن شېئىرلار» 13 - جىلد، «تەيىيۈەنىڭ شىمال تەرىپىدىكى چېگرا مۇداپىئەسى ئىشلىرىنىڭ ئەھۋالى» دېگەن قىسمىدا ئۇيغۇر خانلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىن، ئۇكا قاغان سەنشىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى جايلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغاندا، تاڭ ئوردىسى ئۆز قوشۇنلىرىغا: ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ «قوي، ئاتلىرىنى، پۇل - مال، قۇل - دېدەكلىرىنى قولغا چۈشۈرەلىسەڭلار، ئۆزلىرىڭلارنىڭ خوجايىنىغا تاپشۇرۇڭلار، ئوردا بۇنى سۈرۈشتۈرمەيدۇ» دەپ بۇيرۇق

* لى چاۋ: «دۆلەت تارىخىغا قوشۇمچە»، 2 - جىلد.

چۈشۈرگەن، دېگەن خاتىرىلەر بار. بۇنىڭدىن، ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە ئەينى زاماندا قۇللار بولغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ قۇل - دېدەكلەر بىلەن قوي - ئاتنىڭ باھاسى ئوخشاش ئىدى. ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق ئىشەپچىقارغۇچىلىرى ئەمەس، ئائىلىنىڭ خىزمەتكارلىرى ئىدى.

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەنسەپ تۈزۈمى قوش تۈزۈلمىلىك مەنسەپ تۈزۈمى ئىدى. ئۇلار تۈرك خانلىقىنىڭ بىر يۈرۈش فېئودال ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمىگىمۇ ۋارىسلىق قىلغان، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۈزۈمىنىمۇ قوللانغانىدى. خانلىقنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى قاغان ئىدى، قاغاننىڭ قول ئاستىدا بەگلەر بولاتتى. ئەركانلار يابغۇ، چۇرۇقبەگ، ئاپار، ئېلتەبىر، تۇتۇن، ئېركىن، ياغۇندا، ئالىپ ئۇر ئېلتەبىر، تارقان قاتارلىق 28 دەرىجىگە بۆلۈنەتتى؛ مەنسەپ ئاتىدىن بالىغا مىراس بولۇپ قالاتتى. مەنسەپدارلارنىڭ سانىغا چەك قويۇلمايتتى. قاغاننىڭ ئوغلى «تېكىن» دېيىلەتتى؛ ئەسكەرلەر باشلىقلىرى «شات» دېيىلەتتى، مۇھاپىزەتچىلەر «بۆرە» دېيىلەتتى①. بۇنىڭدىن باشقا تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۈزۈمى قوللىنىلىپ، ئالتە چەت بۇيرۇق، ئۈچ ئىچ بۇيرۇق ۋە بىرقانچە تۇتۇق، سانغۇن، ئەمىر لەشكەر قويۇلغانىدى②. بۇ مەنسەپدارلار قاغاننىڭ ئىرادىسى بويىچە، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ئىشلارنى باشقۇراتتى. توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرغانلىقتىن، باشقا قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە تۇتۇقبەگ قويۇلاتتى③. قاغان قەبىلە باشلىقلىرىغا تامغا بېرەتتى. «مۇپەتتىش»④ ئەۋەتىپ،

① «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر. 1 - قىسىم».
② «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار. 1 - قىسىم».
③ «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار. 1 - قىسىم».
④ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 246 - جىلد.

ئۇلارنىڭ سىياسىي، ھەربىي ئىشلىرىنى تەپتىش قىلاتتى، ئولپان - سېلىقلىرىنى سۈرۈشتۈرەتتى.

ئۇيغۇر خانىسقى قۇرۇلۇش بىلەنلا، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن ناھايىتى يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى. VIII ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، قۇتلۇغ بويلا ئېلتېبىرىش قاغان كېيىنكى تۈرك خانلىقىنى مەغلۇپ قىلىپ، 744 - يىلى ھەرقايىسى قەبىلىلەرنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن قۇتلۇق كۆل بىلگە قاغان بولدى. ئۇ قاغانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ تاڭ ئوردىسىغا بەيئەت قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ «مەكتۇپ سۇندى». تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا «ساداقەتمەند قاغان» ۋە «سۆيۈنگىل قاغان» دەپ نام بەردى؛ 745 - يىلى كېيىنكى تۈرك خانلىقى مۇنقەرز بولدى، قۇتلۇغ بويلا بۇ چاغدا تاڭ سۇلالىسىگە يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ «تۆھپىسى» نى مەلۇم قىلغاندا، تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا يەنە «سول قول پەخرىي ھىماتچى ئۇلۇغ سانغۇن» دېگەن ئاتاقنى ئىنئام قىلدى.

قۇتلۇغ بويلا ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى مويۇنچۇر قارا قاغان دەپ ئاتالدى. قارا قاغان 754 - يىلى (تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ تيەنباۋ 13 - يىلى) تاڭ سۇلالىسى بىلەن باردى - كەلدى قىلىشقا باشلىدى. 755 - يىلدىن 757 - يىلغىچە (تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ تيەنباۋ 14 - يىلدىن جىدې 2 - يىلغىچە) تاڭ سۇلالىسى زېمىنىدا ئۆگلۈك - سۆيگۈن توپىلىڭى يۈز بەرگەندە، قارا قاغان مويۇنچۇر تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ توپىلاڭنى تىنچىتىشقا ياردەملىشىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ ھەربىي كۈچ جەھەتتىن ياردەم بېرىشى ئۈچۈن كېلىشىم ھاسىل قىلىش توغرۇلۇق دۇڭخۇاڭ (دەشت ئاتا) نىڭ ئىنانچى خانى چېلىك

سەي بىلەن بارغۇت مېھرىنى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. قارا قاغان بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ، خوتۇنىنىڭ سىڭلىسىنى ئۆز قىزى قاتارىدا چېبىڭ سەيگە ياتلىق قىلدى ھەمدە تاڭ سۇلالىسى بىلەن قۇدىلىشىش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتتى. 757 - يىلى (تاڭ سۇزۇڭنىڭ جىدې 2 - يىلى) قارا قاغان ئۆزىنىڭ ئوغلى يابغۇنى شۇنىڭدەك سانغۇن دادىنى تۆت مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەر بىلەن فېڭشياڭ مەھكىمىسىگە ياردەمگە ئەۋەتتى، ئۇلار تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئەمىرلەشكىرى، شاھزادە لى شۇ ۋە سانغۇن گوزىيى بىلەن بىللە شەرققە يۈرۈش قىلىپ، چاڭئەننىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى شياڭجىسى دېگەن يەردە ئەن چىڭشۈينى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى ۋە چاڭئەن بىلەن لوياڭنى قايتۇرۇۋالدى. 758 - يىلى (تاڭ سۇزۇڭنىڭ جىدې 3 - يىلى) تاڭ سۇلالىسى قارا قاغانغا «دانىشمەن، باتۇر كۆل بىلگە قاغان» دېگەن نامنى ئىنئام قىلدى. قارا قاغان تاڭ سۇزۇڭنىڭ كىچىك قىزى مەلىكە نىڭگونى ئوغلىغا ئېلىپ بېرىپ تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى بىلەن قوش قۇدا بولدى*. قارا قاغان يەنە خەنزۇلار بىلەن بىرلىكتە سېلېنگا دەرياسىنىڭ ياقىسىدا بايبالىق دېگەن بىر شەھەرنى بىنا قىلدى. بۇ شەھەرلەرنىڭ بىنا قىلىنىشى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىن تۇراقلىق ۋە كۆپ خىل تۇرمۇش شەكلىگە ئۆتۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

قارا قاغاننىڭ ئوغلى بۆگۈ تېكىن تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ بۆگۈ قاغان دەپ ئاتالدى. ئۇ تەختكە چىققان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئۇنىڭ دۆلىتى قۇدرەت تېپىپ گۈللەندى. 762 - يىلى (تاڭ سۇزۇڭنىڭ باۋيىڭ 1 - يىلى)، تاڭ سۇلالىسىدە شى چاۋيى توپىلىڭى يۈز بەرگەنلىكتىن، لوياڭنىڭ ۋەزىيىتى

* «يېڭى تاڭنامە، ئۇيغۇرلار، 1 - قىسىم».

جىددىيلىشىپ كەتتى. تاڭ دەيزۇڭ توپىلاڭنى تىنچىتىش ئۈچۈن ئەسكەر تەلەپ قىلىپ، ئۇيغۇر خانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتتى. كېيىنكى يىلى بۆكۈ قاغان 4000 ئەسكەرگە قوماندانلىق قىلىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ لەشكەر باشلىقلىرىدىن لى گۇاڭبى، بارغۇت مېھرى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە لوياڭنى قايتۇرۇۋېلىپ، خېبېينى تىنچىتتى. تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا «دانىشمەن - باھادىر تۆھپىكار بىلگە قاغان» دېگەن ئاتاقنى بەردى. شۇ يىلى، ئۇ لوياڭدىن گۇي رۇڭشى قاتارلىق تۆت مانى راھىبىنى ئېلىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن مانى دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشقا باشلىدى①. 779 - يىلى (تاڭ دەيزۇڭنىڭ دالى 14 - يىلى)، بىر قىسىم مانى مۇرىتلىرى تاڭ دەيزۇڭنىڭ ۋاپات بولغانلىقىدىن پايدىلىنىپ بۆكۈ قاغاننى تاڭ سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىشقا قۇتراتتى، ئەمما بۇيرۇق (باش ۋەزىر) تۇن باغا ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ، بۆكۈ قاغاننى ۋە ئۇنى تاڭ ئوردىسى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا دالالەت قىلغان مانى مۇرىتلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى تەختكە چىقتى②. تۇن باغا ياغلاقار قەبىلىسىنىڭ ئاقسۆڭەكلەر جەمەتىدىن ئىدى. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىنلا، ئۆزىنى «ئالىپ قۇتلۇق بىلگە قاغان» دەپ ئاتىدى. شۇ يىلى، ئۇ تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتتى، 780 - يىلى (تاڭ دېزۇڭنىڭ جيەنجۇڭ 1 - يىلى)، تاڭ دېزۇڭ كىنجاپىبىگى يۈەن شيۇنى دەستەك بىلەن تۇن باغانىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا «ئادالەت يولىدا خىزمەت كۆرسەتكەن باھادىر قاغان» دەپ نام بەردى. 787 - يىلى (تاڭ دېزۇڭنىڭ جېنيۈەن 3 - يىلى)، تۇن باغا تاڭ ئوردىسىغا

① [گېرمانىيە] ۋ. باڭ ۋە A. فون. گابائىن تۈزگەن ۋە تەرجىمە قىلغان: «تۈركىي يېزىقتىكى تۇرپان تېكىستلىرى»، 2 - توم.

② «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار. 1 - قىسىم».

تارتۇق ئەۋەتىپ، تاڭ دېزۇڭ بىلەن قۇدا بولۇشنى تەلەپ قىلدى. كېيىنكى يىلى (تاڭ دېزۇڭنىڭ جېنيۈەن 4 - يىلى)، دېزۇڭ خان ئۆزىنىڭ قىزى شيەنئەن مەلىكىنى تۇن باغاغا ياتلىق قىلدى. تۇن باغا تاڭ سۇلالىسىگە مەكتۇپ سۇنۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ شۇڭقارغا ئوخشاش جەسۇر ھەم چيۋەر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، «ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى «خۇيخې» دېگەن سۆزنى «خۇيگۇ» دېگەن سۆزگە ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى. تاڭ ئوردىسى بۇ تەلەپنى ماقۇل كۆردى ھەمدە ئۇنىڭغا «تەڭرىگە يېقىن، ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك قاغان» ① دەپ نام بەردى. ئۇ تەختتە تۇرغان يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا، قارلۇقلار بىلەن چۆل تۈركلىرى تىبەتلەرنىڭ قۇترىتىشى ئارقىسىدا، جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش تۈگۈنى — بېشبالىققا ھۇجۇم قىلغاندا، تۇن باغاسانغۇن قوشۇمچە ئىچ بۇيرۇق ئىل ئۆگەسىنى لەشكەر بىلەن تىيانشان تاغلىرىنىڭ شىمالىغا ئەۋەتىپ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ قاتناش تۈگۈنىنى قوغداپ، زور خىزمەت كۆرسەتتى②.

مىلادى 789 - يىلى (تاڭ دېزۇڭنىڭ جېنيۈەن 5 - يىلى)، تۇن باغانىڭ ئوغلى تالاس تەختكە چىقتى. تاڭ ئوردىسى ھۆدەيچى گو فېڭنى دەستەك بىلەن ئەۋەتىپ، ئاي تەڭرى قۇت بولمىش كۈللۈگ (قۇتلۇغ) بىلگە قاغان تالاسقا «ساداقەتمەن دىيانەتلىك قاغان» دېگەن ئاتاقنى بەردى. ئۇ تەختكە چىقىپ بىر يىل ئۆتەر ئۆتمەيلا ئىنىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇلۇغ بۇيرۇق ئىل ئۆگەسى تالاسنىڭ ئىنىسىنى ئۆلتۈرۈپ تالاسنىڭ ئوغلى ئاچورنى قاغانلىققا ئولتۇرغۇزدى. مىلادى 791 - يىلى (تاڭ دېزۇڭنىڭ جېنيۈەن 7 - يىلى)، تاڭ

① «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار».

② «يېڭى تاڭنامە: ئۇيغۇرلار. 1 - قىسىم».

سۇلالىسى ئۇنىڭغا «ساداقەتمەن قاغان»دېگەن ئاتاقنى بەردى. بۇ چاغدا، تىبەت ھۆكۈمرانلىرى بېشبالىقنى يەنە تارتىۋالغاچقا، تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تېخىمۇ قويۇقلاشتى. 791 - يىلى (تاڭ دېزوڭنىڭ جېنيۈەن 7 - يىلى)، ئۇيغۇرلار بېشبالىق ۋە لىڭجۇ (ھازىرقى نىڭشىيا رايونى لىڭۋۇ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىي) قاتارلىق جايلاردا تىبەتلەرنى مەغلۇپ قىلدى. 795 - يىلى (تاڭ دېزوڭنىڭ جېنيۈەن 11 - يىلى)، ساداقەتمەن قاغان ۋاپات بولدى، بۇ چاغدا ياغلاقارلاردىن بولمىغان ئاۋاسارلارنىڭ ئەۋلادىدىن قۇتلۇق دېگەن كىشى تەختكە چىقتى. تارىخىي كىتابلاردا يېزىلىشىچە، قۇتلۇق سانغۇننىڭ ئەسلى فامىلىسى ئاتىل① بولۇپ، ئۇ كىچىك ۋاقتىدا يېتىم قالغانلىقتىن، ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ ئاقساقىلى ئۇنى بېقىۋالغانىكەن. ئۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن، ھەربىي ئىشلارغا ماھىر ھەم پاراسەتلىك بولۇپ يېتىشىپ چىققانىكەن. تەڭرىقۇت قۇتمىش قاغان تەختتىكى ۋاقتىدا، ئۇ خاس قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، ئاقساقاللارنىڭ كۆپىنچىسىنى قايىل قىلغانىكەن. ساداقەتمەن قاغاننىڭ ۋارىسى بولمىغانلىقتىن، دۆلەت ئەركانلىرى ئۇنى خان قىلىپ تەيىنلىگەنىكەن②. قۇتلۇق تەختكە چىققاندىن كېيىن تۈن باغانىڭ ئەۋلادلىرىنى ھەممىسىنى تاڭ ئوردىسىغا تۇرغاقلىققا ئەۋەتىپ بەرگەنىدى③. تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قۇتلۇق (ئاي تەڭرى قۇت بولمىش ئالىپ قۇتلۇق بىلگە قاغان) قا «ئىشەنچ قۇچقان قاغان» دېگەن ئاتاقنى بەردى.

---

① بەزىلەر ئاتىل ئورۇقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى توققۇز قەبىلىسى ئىچىدىكى «ئابدال» لار ئىدى، دەپ قارايدۇ.

② «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

③ «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر»، 235 - جىلد.

مىلادى 808- يىلى (تاڭ شيەنزۇڭنىڭ يۈەنخې 3 - يىلى)، «بويانچى قاغان» (ئاي تەڭرى قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە قاغان) تەختتىكى چاغدا، ئۇيغۇر خانلىقى قۇدا چۈشۈش توغرۇلۇق تەكلىپ قويدى. ئەمما ئۇ چاغدا تاڭ سۇلالىسى خۇەيشى ھەراۋۇلى ۋۇيۈەنجىنىڭ توپىلىڭىغا دۇچ كېلىپ خەزىنىسى قۇرۇقدىلىپ قالغانلىقتىن، بۇ تەكلىپنى ۋاقتىنچە قوبۇل قىلمىدى. «بويانچى قاغان» بۇنى ئېغىر ئالمىدى. ئۇ تەختكە چىقىش بىلەنلا، بېشبالىقنى قوغداشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، قوشۇنغا ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلىپ، تىيانشان تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى جايلارغا ئەسكەر كىرگۈزدى. ئۇ تىبەتلەرنىڭ قولىدىن بېشبالىقنى قايتۇرۇۋېلىپلا قالماي، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى كۆسەن قاتارلىق جايلارنىمۇ تارتىۋالدى.

821 - يىلى (تاڭ مۇزۇڭنىڭ چاڭچىڭ 1 - يىلى)، «پەزىلەت قۇچقان قاغان» (كۈن تەڭرى ئۇلۇغ بولمىش ئالىپ بىلگە قاغان) تەختكە چىققىنى، ئۇمۇ تاڭ سۇلالىسىگە قۇدا چۈشۈش توغرۇلۇق تەكلىپ قويدى. تاڭ مۇزۇڭ ئۆزىنىڭ سىڭلىسىغا «تەيخې مەلىكىسى» دېگەن ئاتاقنى بېرىپ، ئۇنى پەزىلەت قۇچقان قاغانغا ياتلىق قىلدى. بۇ چاغدا، تىبەتلەر بۇ ئىشنى باھانە قىلىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا قەلئەلىرىگە تاجاۋۇز قىلدى. ئۇيغۇرلار تەيخې مەلىكىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، 10 مىڭ ئاتلىق ئەسكەرنى بېشبالىققا، 10 مىڭ ئاتلىق ئەسكەرنى كۆسەنگە ئەۋەتىش توغرىسىدا مەكتۇپ سۇندى.* كېيىنكى ۋاقىتلاردا تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قازار تېكىنگە «ئەدەب قۇچقان قاغان» دېگەن ئاتاقنى بەردى. ئەدەب قۇچقان قاغاننىڭ ئاسراندى ئوغلى قۇت تېكىن «ئىناۋەت قۇچقان قاغان» بولدى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا،

* «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار».

ئۇيغۇر خانلىقى يۈز يىلغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. بۇ جەرياندا تاڭ سۇلالىسى جەمئىي 11 قاغانغا نام ـ ئۇنۋان ئىنئام قىلدى. ئۇلار تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇزۇن مۇددەت يېقىن مۇناسىۋەتتە ئۆتتى. بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي رايونلىرىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە كەم ئۇچرايدىغان بىر ئەھۋال ئىدى.

سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، خەنزۇلارنىڭ ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ۋە مەدەنىيىتىمۇ ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىگە خېلى چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ ھەر قېتىم تاڭ مەلىكىلىرى ئۇيغۇر قاغانلىرىغا ياتلىق قىلىنغاندا، نۇرغۇن خەنزۇ ھۈنەرۋەن۔ كاسىپلىرى ۋە ھەمراھلار ئۇيغۇر خانلىقىغا بىللە بېرىپ، بۇ يەردە ئۇزاق مۇددەت تۇراتتى. بۇ ھۈنەرۋەن كاسىپلار ۋە ھەمراھلار خەنزۇلارنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى ۋە ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىلىرىنى ئۇيغۇرلار يۇرتىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغانىدى. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر ۋە يازما يادىكارلىقلار ئۇيغۇرلار بىنا قىلغان خانبالىق، بايبالىق ۋە خاتۇنبالىق (قونچۇيبالىق) شەھەرلىرىنىڭ قۇرۇلۇش جەھەتتىكى بەدىئىي شەكلى ۋە ئۇسلۇبىمۇ خەنزۇلارنىڭ مىمارچىلىق سەنئىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى، يېقىنقى زاماندا ئورقۇن دەرياسى ۋادىلىرىدىن تېپىلغان «توققۇز ئۇيغۇر بىلگە قاغان ئابىدىسى» (بۇ ئادەتتە «ذىيانەتلىك قاغان ئابىدىسى» دەپمۇ قارىلىدۇ) دە رەتلىك ئويۇلغان خەنزۇچە خەتلەرلا بولۇپ قالماي بەلكى ئۇنىڭ شەكلى ۋە ئويما گۈللىرىنىڭمۇ خەنزۇچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى تۈركىي

تىل ئائىلىسىنىڭ ھۇن تىلى تارمىقىغا كىرىدۇ. ئۇلار يېزىق جەھەتتە تۈرك يېزىقىنى قوللانغانىدى. «مويۇنچۇر ئابىدىسى» («ئۇيغۇر دانىشمەن، باتۇر، ھەيۋەتلىك بىلگە كۆل قاغان ئابىدىسى» ياكى «قارا قاغان ئابىدىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، «تېرخىن ئابىدىسى» ۋە «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى ئابىدىسى» پۈتۈنلەي ئۇيغۇر تىلىدا بولۇپ ئۇنىڭدىكى خەتلەر ئايرىم-ئايرىم ھالدا تۈرك، سوغدى ۋە خەنزۇ يېزىقلىرىدا ئويۇلغان.

«مويۇنچۇر قاغان ئابىدىسى» نى 1909 - يىلى فىنلاندىيىلىك رامستېد (G.J.Ramstedt) موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شىنەئۇسۇن دېگەن يېرىدىن تاپقان. بۇ ئابىدە 757 - يىلى ئورنىتىلغان بولۇپ، ئېگىزلىكى تەخمىنەن تۆت مېتر كېلىدۇ، ئۇ ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن بولۇپ، تۆۋەن بۆلىكى يۇقىرى بۆلىكىنىڭ ئىككى ھەسسىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئابىدىدە ساقلىنىپ قالغان سۆزلەر خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئورقۇن دەرياسى ۋادىسىدا قۇرۇلغان كۆچمەن چارۋىچىلىق ئاساسىدىكى فېئودال دۆلىتىگە دائىر تارىخنى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭدا ئاساسەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد قاغانى مويۇنچۇر قارا قاغاننىڭ ئۆزىنىڭ ئاتىسى كۆل بىلگە قاغانغا ئەگىشىپ يۈرۈپ، تۈركلەرنىڭ ئۇزمىش قاغانى بىلەن كۈرەش قىلغانلىقىغا دائىر ئىشلىرى ۋە ئىزنىڭ ئۆزىنىڭ قارلۇقلارغا ۋە باسمىللارغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن.*

«تېرخىن ئابىدىسى» نى 1966 - يىلى (ياكى 1967- يىلى) دورجى سۇرۇن موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خاڭخاي

---

* ۋاڭ جىڭرۇ: «تۈرك يېزىقىدىكى ئۇيغۇر دانىشمەن، باتۇر، ھەيۋەتلىك بىلگە كۆل قاغان ئابىدىسى»، «فۇرېن ئىلمىي ژۇرنىلى» 7 - توم، 1 -، 2 - قوشما سانى.

ئۆلۈسىدىكى تىبرخىن دەرياسى ۋادىسىدىن تاپقان. سوۋېت تۈركولوگى كلىيەشتۇرنىڭ تەتقىقاتىدىن قارىغاندا، بۇ ئابىدىدە قارا قاغاننىڭ تۆھپىسى خاتىرىلەنگەن؛ ئۇنىڭ ئورنىتىلغان ۋاقتى «ئۇيغۇر دانىشمەن، باتۇر، ھەيۋەتلىك كۆل بىلگە قاغان ئابىدىسى» دىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى بولغان. ئابىدىدىكى يادنامىنىڭ ئاپتورى قۇتلۇق تارقان سانغۇن ئىكەن. يادنامىنىڭ مەزمۇنلىرى: (1) قارا قاغاننىڭ تۆھپىسى توغرىسىدىكى باياتلار؛ (2) قارا قاغاننىڭ نامىدا ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىلىك شارائىتى ۋە تۈركلەرگە قارشى ئۇرۇشنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى باياتلار؛ (3) ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ قارا قاغاننىڭ تۆھپىلىرىگە ئوقۇغان مەدھىيە باياتلىرىدىن ئىبارەت.

«توققۇز ئۇيغۇر قاغانى ئابىدىسى» نىڭ تولۇق ئىسمى «توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرى قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قەلەمدە مۇقەددەس، ئەلەمدە ئەۋلىيا قاغان ئابىدىسى» فىنلاندىيىلىك ھېيكېل(H·Heikel) 1890 - يىلى ئۇنى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى قارا بالغاسۇن ئەتراپىدىكى سەيدام دەرياسى بويىدىن تاپقان. بۇ ئابىدە 814 - يىلى (تاڭ شيەنزۇڭنىڭ كەيۈەن 9 - يىلى) ئورنىتىلغان. ئابىدىنىڭ تۈرك يېزىقىدىكى قىسمىدىن بۇزۇلۇپ كەتكىنى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۈچ بۇرجەك شەكلىدىكى كىچىك بىر پارچىسىلا ساقلىنىپ قالغان؛ سوغدى يېزىقىدىكى قىسمىدىن بۇزۇلۇپ كەتكىنى ئۇنىڭدىن ئازراق؛ خەنزۇ يېزىقىدىكى قىسمىلا خېلى تولۇق ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئورقۇن دەرياسى ۋادىسىدا خانلىق قۇرغان ۋاقتىدىن تارتىپ، دىيانەتلىك قاغان زامانىسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىشلار خاتىرىلەنگەن. بولۇپمۇ بۆگۈ قاغاننىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى جايلىرىدىن مانى دىنىنى

ئۇيغۇرلار رايونىغا تارقاتقانلىقى ۋە دىيانەتلىك قاغاننىڭ غەربىي يۇرتقا ئەسكەر چىقىرىپ، بېشبالىقنى، كۇسەننى قوغدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ يادنامىدىكى مەلۇماتلار بىلەن خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنىڭ ئورنىنى تولۇقلىغىلى بولىدۇ.

تۈرك يېزىقى ئەڭ دەسلەپتە يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا، قاما دەرياسى ۋادىلىرىدا ياشىغان قىرغىزلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغانىدى. بۇ يېزىق قەدىمكى گېرمانلار قوللانغان رۇنىك يېزىقىغا ئوخشىشىپ كەتكەنلىكتىن ئادەتتە «قەدىمكى تۈرك - رۇنىك يېزىقى» دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنداقلا بۇ يېزىقتىكى ئاساسلىق تاش پۈتۈكلەر موڭغۇلىيىنىڭ ئورقۇن دەرياسى ۋادىلىرىدىن ۋە سىبىرىيىدىكى يېنسەي دەرياسى ۋادىلىرىدىن تېپىلغانلىقتىن، كىشىلەر ئۇنى «ئورقۇن - يېنسەي يېزىقى» دەپمۇ ئاتايدۇ. تۈرك يېزىقى تاۋۇش ئامىلى بىلەن بوغۇم ئارىلىشىپ كەلگەن يېزىق. بۇ يېزىقنىڭ ھەرپى 38 — 40 بولۇپ، ئۇنىڭدىكى سەككىز سوزۇق تاۋۇش تۆت قوشۇمچە بەلگە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۈزۈك تاۋۇش ئىچىدىكى بەزى ھەرپلەر ئوخشاش بولمىغان ئىككى يۈرۈش بەلگە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرى خەت ئوتتۇرىسىدا قىسقارتىۋېتىلىپلا قالماي، بەلكى ھەرپ بېشىدا كېلىدىغان سوزۇق تاۋۇشمۇ كۆپ ھاللاردا يېزىلمايدۇ. تۈرك يېزىقى ئادەتتە ئوڭدىن سولغا يېزىلاتتى، ئۇنى سولدىن ئوڭغا يازىدىغانلارمۇ بار ئىدى. جۈملىلەر ئادەتتە قوش چېكىت (:) بەلگىسى ئارقىلىق ئايرىلاتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىدىكى ئەڭ ئاساسلىق تەرەپلەر مۇنۇلار ئىدى:

بۆرە سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تۇغقا چوقۇنۇش: بۆرە —

تۈرك، تېلى، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ توتېمى ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغ - ئەلەملىرى ئومۇمەن ئالتۇن بۆرە بېشى بىلەن بېزىلەتتى. ئۇ «بۆرە باشلىق تۇغ» دېيىلەتتى ۋە بارگاھنىڭ ئالدىغا قاداپ قويۇلاتتى. چوڭ ئىشلار يۈز بەرگەندە ياكى مۇراسىم ئۆتكۈزۈلگەندە ئاۋۋال بۆرە باشلىق تۇغقا سالام بېرىلەتتى.①

ساما سېلىپ ئۇسسۇل ئويناش: ئۇيغۇرلار خانلىقىنىڭ ئەركابىر - ئەشرەپلىرى ياكى چەت ئەل ئەلچىلىرى قاغان بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغاندا، ئالدى بىلەن بارگاھ ئالدىدا مەيدىكە ئۆتكۈزۈلەتتى، مەيدىكىدە ساما سېلىپ، ئۇسسۇل ئوينىلاتتى. قاغان ئادەتتە كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ ئولتۇراتتى②.

مەيدە ئولتۇرۇش: ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى تۆۋەننى تەكشۈرۈشكە چىققاندا، ئادەتتە كىگىز يېيىلغان ئېگىز هارۋىدا ئولتۇراتتى③.

توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم مۇراسىملىرى: ئۇيغۇر قاغانى توي مۇراسىمى ئۆتكۈزىدىغان چاغدا، ئاۋۋال راۋاقتا چىقىپ تۆردە (كۈنچىقىش تەرەپتە) ئولتۇراتتى، خاتۇن راۋاق ئاستىدىكى كىگىز چېدىردا ئولتۇراتتى ۋە ياشانغان ئاياللارنىڭ ھەمراھلىقىدا راۋاقنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىن چىقىپ قاغانغا تەزىم قىلىپ، ئاندىن يەنە چېدىرغا كىرىپ كىيىملىرىنى كىيىپ، تاج تاقاپ، يەنە راۋاققا چىقىپ قاغانغا تەزىم قىلاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، قولداش خاتۇننى جىرغىغا چىقىراتتى، توققۇز نەپەر بۇيرۇق (ۋەزىر) خاتۇننى كۆتۈرۈپ ئوردا ئىچىدە

---

① «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار 1 - قىسىم»، «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر 1 - قىسىم»؛ «شىمالىي جۇنامە. تۈركلەر»

② «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار».

③ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 247 - جىلد.

قۇياشنى ئەگىشىپ ئوڭ تەرەپكە توققۇز قېتىم ئايلىناتتى. مەركە ئاياغلاشقاندىن كېيىن خاتۇن جىرغىدىن چۈشۈپ، راۋاقتا چىقىپ، قاغان بىلەن بىللە كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ ئولتۇراتتى، شۇنىڭدىن كېيىن ۋەزىرلەر ئوردىغا تەزىمگە كىرەتتى، شۇ ۋاقىتتا، خاتۇنغىمۇ تەزىم قىلاتتى. قاغان ئادەتتە ئۆلسە خاتۇن بىللە دەپنە قىلىناتتى. ئۇيغۇرلار ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىدا، كالا، ئات ئۆلتۈرۈپ نەزىر - چىراغ قىلاتتى. بارگاھنى يەتتە قېتىم ئايلىناتتى. ھەتتا يۈزىنى پىچاق بىلەن تىلىپ، قان، ياش ئاققۇزۇپ قاتتىق يىغلايتتى*.

ئۇيغۇرلار ئەڭ بۇرۇن شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغانىدى. بۇ دىن ئاسمان ھادىسىلىرىگە، يۇلتۇزلارغا، سۇغا، ئوتقا، ئورمانغا، يىرتقۇچلارغا ۋە جىن - شاياتۇنلارغا چوقۇنۇشنى دەۋەت قىلىدىغان دىن ئىدى. مىلادى 763 - يىلى (تاڭ سۇزۇڭنىڭ باۋيىڭ 2 - يىلى)، مانى دىنى تاڭ سۇلالىسىدىن ئۇيغۇرلارغا تارقىلىپ كىردى. بۇ دىن مىلادى III ئەسىردە پېرسىيىلىك مانى تەرىپىدىن كەشىپ قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا «يورۇقلۇق» بىلەن «قاراڭغۇلۇق» تىن ئىبارەت ئىككى خىل كۈچ سۆزلىنەتتى، بولۇپمۇ «يورۇقلۇققا» بەيئەت قىلىش تەشەببۇس قىلىناتتى. شۇڭا، ئۇ «يورۇقلۇق دىنى» دەپمۇ ئاتىلاتتى. بۇ دىن VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئالدى بىلەن تاڭ سۇلالىسى زېمىنىغا تارقىلىپ، ئاندىن تاڭ سۇلالىسى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارغا تارقالدى. دەسلەپتە، مانى مۇرىتلىرى شامان دىنىنىڭ قارشىلىقىغا ۋە زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدى. بۆكۈ قاغاننىڭ ئۆزىمۇ ئىككىلىنىپ، ئىككى كېچە - كۈندۈز مانى مۇرىتلىرى بىلەن قايتا - قايتا مۇزاكىرىلىشىپ ئاندىن بۇ دىنغا كىرگەنىدى.

---

* «جۇنامە. تۈركلەر»، «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار»، «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 221 - جىلد، خۇسەنسىڭنىڭ ئىزاھاتى.

كېيىن بۇ دىن ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت دىنىغا ئايلاندى①. كېيىنكى چاغلاردا ئۇيغۇرلار مانى دىنىنى سىياسىي كۈچكە تايىنىپ، يەنە تاڭ سۇلالىسىگە تارقاتتى. خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىدا ئۇيغۇر مانى مۇرىتلىرىنىڭ ئىزلىرى بولۇپلا قالماي، بەلكى چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىدىمۇ مانى ئىبادەتخانىسى — دايۈن يارۇق ئىبادەتخانىسى بار ئىدى②.

قۇت تېكىن تەگرى قاغان (ئىناۋەت قۇچقان قاغان) دىن كېيىن، ئۇيغۇر خانلىقى زەئىپلىشىش ۋە يىمىرىلىشكە قاراپ يۈزلەندى. 832 - يىلى (تاڭ ۋېنزۇڭنىڭ تەيخې 6 - يىلى)، ئەدەب قۇچقان قاغان (قازار تېكىن) ئۆلتۈرۈلدى، ئىنىسى قۇچقان قاغان ئۇنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. 839 - يىلى (تاڭ ۋېنزۇڭنىڭ كەيچېڭ 4 - يىلى)، بۇيرۇق ئىنەيۈن كۆل بىلەن سايغا تېكىن ئەسكەرلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئاسىيلىق قىلماقچى بولغاندا، قۇت تېكىن قاغان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. بۇيرۇق (ۋەزىر) چۇرۇق چول تۈركلىرىنىڭ ئەسكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلىپ، ئىناۋەت قۇچقان قاغانغا ھۇجۇم قىلدى. قاغان مەغلۇپ بولۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى. چۇرۇق قوشۇۋۇ تېكىننى قوشۇۋۇشات قاغان دەپ جاكارلىدى. 840 - يىلى (تاڭ ۋېنزۇڭنىڭ كەيچېڭ 5 - يىلى)، ئۇيغۇر سانغۇنى كۆلۈگ باغا قىرغىز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ، قوشۇۋۇشات قاغان بىلەن چۇرۇقنى ئۆلتۈردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر خانلىقى ئۈزۈل - كېسىل مۇنقەرز بولدى.

### VIII ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ گۇمران بولۇش ئالامەتلىرى

① «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار»، فىڭ چېڭجۈن تەرجىمە قىلغان: «دوسان موڭغۇل تارىخى» 1 - توم، 181 - بەت.

②«بۇددا پىشۋالىرىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»، 41 - جىلد، «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار، 1 - قىسىم».

ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا كۆرۈلۈشكە باشلىغانىدى. ئۇ چاغدا قارلۇقلار بىلەن قىرغىزلار تىبەتلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ يىپەك سودىسى قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىياغا بارىدىغان يولنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۇيغۇر خانلىقىنى ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي جەھەتتە قاتتىق زەربىگە ئۇچراتقانىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىگىلىكىمۇ تازا دېگەندەك تەرەققىي قىلالمىغانىدى. «ئۇيغۇر خانلىقى يىلدىن يىلغا بەتتەرلىشىپ چارۋا، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى كېمىيىپ، شەھەرلەر خارابلىشىپ كەتكەن»* ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، چارۋىدارلار، سودىگەرلەر، چارۋىچىلار ئۈستىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە بۇلاڭچىلىقنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ نامراتلىشىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدى. شۇڭا، سىنىپىي كۈرەش تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كەتتى. «شۇ يىلى ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، كېسەل تارقالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇت بولۇپ كېتىپ، مال - چارۋا كۆپلەپ قىرىلىپ كەتتى». نەتىجىدە ئادەم ۋە چارۋىلار ھايات كەچۈرەلمەيدىغان دەرىجىگە چۈشۈپ قالدى. بۇ ھال ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىچكى قىسمىدا جېدەل - ماجىرانىڭ ئۇلغىيىشىغا تۈرتكە بولدى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ بېشبالىق دائىرىسىدە 6000 نەچچە يۈز چېدىرلىق چول تۈركلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۇزاقتىن بۇيان ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تالان - تاراج قىلىشىغا ئۇچراپ كەلگەنىدى. قارلۇقلار ۋە ئاق تۈركلەرمۇ ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرىغا ئېغىر ئالۋان - ياساق تۆلەپ ئاخىر بولالماي تىبەتلەرگە بەيئەت قىلغانىدى. نەتىجىدە، تىبەتلەر قارلۇقلار بىلەن ئاق تۈركلەرگە قوماندانلىق قىلىپ بېشبالىققا ھۇجۇم قىلدى. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بۇيرۇقى ئېل ئۆگەسى

*«لى ۋېنراۋ ئەسەرلىرى»، 2 - جىلد.

ياردەمگە كەلگەن بولسىمۇ، مەغلۇپ بولدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ بېشبالىقتىكى ھىراۋۇلى ياڭ شىگۇمۇ 2000 دىن ئارتۇق ئەسكىرىنى باشلاپ شىجۇ ئايمىقىغا قېچىپ كەتتى. كېيىنكى چاغلاردا، ئېل ئۆگە 10 مىڭ كىشىگە قوماندانلىق قىلىپ، بېشبالىققا ھۇجۇم قىلىپ باققان بولسىمۇ، ئەمما تىبەتلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى قىرىلىپ كەتتى. شۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، ياڭ شىگۇنىڭ ئالتە - يەتتە يۈزلا ئادىمى قالدى. بۇ چاغدا ئېل ئۆگەسى ياڭ شىگۇنى تۇتۇپ كېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ياڭ شىگۇ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، شىجۇلۇقلار ئۇيغۇرلارغا ياردەم بەرمىدى. قىرغىزلار ئۇيغۇرلارنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغان بىر قوۋم ئىدى. ئۇلارنىڭ يولباشچىسى ئارى لەشكەر باشلاپ چىقىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن 20 نەچچە يىل ئۇرۇش قىلدى. شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، كۈلۈگ باغا قىرغىزلارنىڭ 100 مىڭ ئاتلىق ئەسكىرىنى باشلاپ كېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئوردۇ بالىقىنى تارتىۋېلىپ، قۇشۇۋۇشات قاغاننى ئۆلتۈردى.

ئۇيغۇرلار قىرغىزلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، بۇيرۇق يۈجى پان تېكىن قاتارلىق بەش نەپەر خان جەمەتىنى قوغداپ 15 قەبىلىگە قوماندانلىق قىلىپ غەربكە قاراپ چېكىندى. ھەرقايسى جايلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ئاخىر ئەينى زاماندا قارلۇقلار چارۋىچىلىق قىلىۋاتقان جايلارغا كۆچۈپ باردى. كېيىنكى چاغلاردا يەنە قارلۇق، ياغما قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇردى؛ يەنە بىر قىسمى غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەپ، خېشى كارىدورىدىكى ھەرقايسى جايلارغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. X ئەسىردە بۇ بىر قىسىم ئۇيغۇرلار كۆپىيىپ 300 مىڭغا يەتتى. يازما

يادىكارلىقلاردا ئېيتىلغان «گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى» ئەنە شۇلاردۇر. گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى كۆپىيىپ ھازىرقى يۈيگۇ (سېرىق ئۇيغۇر) لارغا ئايلانىدى. مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن چېچىلىپ كەتكەن ئۇيغۇرلار ئىككى قىسىمدىن ئىبارەت بولۇپ، بىر قىسمى ھازىرقى تۇرپان رايونىغا ۋە جىمسار ئەتراپىغا كۆچۈپ باردى. ئۇلار تارىختا قۇجۇ ئۇيغۇرلىرى دېيىلىدۇ، ئۇلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ جايلاردا قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى؛ يەنە بىر قىسمى جەمئىي 13 قەبىلە بولۇپ، ئۇلار ئۇكا تېكىننى قاغان قىلىپ تىكلەپ، بىرلىكتە جەنۇبقا كۆچتى، كېيىن يەنە يۇجۇ ئايمىقىغا بېرىپ، شىرۋىلەرگە بەيئەت قىلدى. شىرۋىلەر بۇ ئۇيغۇرلارنى يەتتە قىسىمغا بۆلۈپ، شىرۋىلەرنىڭ فامىلىسىنى بېرىپ، ئايرىم - ئايرىم ئىدارە قىلدى. X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قىرغىزلار 70 مىڭ ئەسكەر ئەۋەتىپ، شىرۋىلەرنى مەغلۇپ قىلغاندا، بۇ بىر قىسىم ئۇيغۇرلار يەنە بىر قېتىم تېرىپىرەن بولۇپ كەتتى.

## ئۇرقۇن ئۇيغۇر خانلىقى خانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى

① كۆل بىلگە قاغان (قۇتلۇق كۆل بىلگە قاغان 744 — 747 - يىللار) ← ② مويۇنچۇر (قارا قاغان 447 — 759 - يىللار) ← ③ ئىدىكىن (بۆگۈ قاغان 759 — 780 - يىللار) ←④ تۇن باغا (ئالىپ قۇتلۇق بىلگە قاغان 780—789 - يىللار)← ⑤ تالاس (ئاي تەڭرىقۇت بولمىش كۈللۈگ بىلگە قاغان 789 — 790 - يىللار) ← ⑥ ئاچۇر (قۇتلۇغ بىلگە قاغان 790 — 795 - يىللار) ← ⑦ قۇتلۇق (ئاي تەڭرى ئۇلۇق بولمىش ئالىپ كۈلۈگ بىلگە قاغان 795 - 805 - يىللار) ← ⑧ تەڭرى يارلىقامىش قۇت كۈلۈگ بىلگە قاغان (805 — 808 - يىللار) ← ⑨ ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە قاغان (ئادالەت قۇچقان قاغان 808 — 821 - يىللار) ← ⑩ كۈن تەڭرى ئۇلۇغ بولمىش ئالىپ بىلگە قاغان (پەزىلەت قۇچقان قاغان

821 ـــ 825 - يىللار) ← ⑪ ئاي تەڭرى قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە قاغان
(ئەدەب قۇچىقان قاغان 825 ـــ 832 - يىللار) ← ⑫ ئاي تەڭرى قۇت
بولمىش ئالىپ بىلگە قاغان (قۇت تېكىن 832 ـــ 839 - يىللار) ← ⑬ قوشۇ-
ۋۇشات قاغان (قۇۋۇ تېكىن 839 ـــ 840 - يىللار) ← ⑭ ئۇكا قاغان (ئۇكا
تېكىن 841 ـــ 845 - يىللار) ← ⑮ ئوكنېر قاغان (ئوكنېر تېكىن، 845 - يىل)*

* «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 1 - قىسىم، 2 - بابقا قارالسۇن.

# ئۈچىنچى باب
# قوجو ئۇيغۇر خانلىقى

## 1 - بۆلۈم «قوجو» دېگەن نام ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى

«قوجو» دېگەن بۇ نام غەربىي خەن دەۋرىدىن باشلانغان. شۇ زامانلاردا، ئېلىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرىدىكى كىشىلەر هازىرقى تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىدە سىڭگىم ئېغىزىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاستانە بىلەن قاراغوجا ئارىلىقىغا جايلاشقان قەدىمكى شەھەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىنى «قوجو» دەپ ئاتىغان. چۈنكى، ئۇ جايدا ئىلگىرى «قوجو» دەپ ئاتالغان ئېگىز قەلئە بولۇپ، ئۇنىڭ «يەر تۈزلۈشى ئېگىز، ئاهالىلىرى باياشاد» («شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى») ئىدى.

جۇڭگونىڭ خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا قوجو يەنە 哈喇和卓、哈喇霍州、哈喇霍者、哈喇火州、火州、和州 دەپمۇ ئاتالغان. تۈركىي يېزىقىدىكى كىتابلاردا بۇ جاينىڭ

نامى Qočo ياكى Khočo دەپ ئاتالغان. «تۈركىي تىللار دىۋانىدىكى «Qoco» دېگەن ماددىدا: «ئۇيغۇر شەھىرى، شۇنىڭ بىلەن شۇ جايدىكى بارلىق شەھەرلەرنىڭمۇ نامىدۇر» دېيىلگەن. ھازىرقى زامانىدا يەرلىك ئۇيغۇرلار بۇ جاينى «ئىدىقۇت شەھىرى» دەپ ئاتايدۇ. بۇ «ئىدىقۇت تۇرىدىغان جاي» دېمەكتۇر.

تۇرپان ئويمانلىقى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، قەدىمكى زاماندا «يىپەك يولى» بۇ يەردىن ئۆتەتتى. ئويمانلىقنىڭ شىمالىدا تىيانشان تاغ تىزمىسى بولۇپ، تاغ تىزمىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئاساسلىق چوققا — بوغدا تېغى بىلەن قاراۋچىن تېغىنى يىل بويى قار قاپلاپ تۇرىدۇ. بۇ قارلار تۇرپان ئويمانلىقىنى سۇغىرىشتىكى ئاساسلىق سۇ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. ئويمانلىقنىڭ جەنۇب تەرىپىدە چۆلتاغ ۋە قۇمتاغ دېگەن قۇرۇق تاغلار بار، بۇ تاغلار ئانچە ئېگىز بولمىسىمۇ، لېكىن ئىسمى جىسمىغا لايىق «قۇمتاغ» بولۇپ، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئۆزگىچە كىلىماتىنىڭ شەكىللىنىشىگە مۇئەييەن تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

تۇرپان ئويمانلىقى مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ پەس جاي، ئۇنىڭ ئەڭ پەس نۇقتىسى — دېڭىز يۈزىدىن تۆۋەن بولغان ئايدىڭكۆل بولۇپ، بۇ يەرنىڭ ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق، بەك ئىسسىق، يىللىق تېمپېراتۇرا پەرقى بەك زور. كۈن چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، يەرلىرى مۇنبەت، كىلىماتى بەك ئىسسىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تىيانشاننى قاپلاپ تۇرغان پۈتمەس - تۈگىمەس قار سۈيى بولغانلىقتىن، تۇرپان ئويمانلىقى ئىنسانلارغا ياشاش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە كۆپىيىش ئۈچۈن ئوبدان شارائىت يارىتىپ بەرگەن. «تارىخنامە» ۋە «خەننامە» دىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، مىلادىدىن ئىلگىرىكى II ئەسىردىلا، تۇرپان ئويمانلىقىدا قوشلىقلار ياشىغان ۋە قوش خانلىقىنى قۇرغان،

كېيىن تۇرپان ئويمانلىقى ھۇنلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان. قوش خانلىقى ئالدى قوش ۋە ئارقا قوشتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئايرىلغان بولۇپ، ئالدى قوش تۇرپان ئويمانلىقىغا، ئارقا قوش تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى بېشبالىق ئەتراپلىرىغا جايلاشقان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى II ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا غەربىي خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار ئوتتۇرىسىدا غەربىي يۇرتنى تالىشىش كۈرىشى باشلىنىپ كەتكەنلىكتىن، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئورنى كۈنسايىن مۇھىم بولۇپ قالدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 108 - يىلى، خەن ۋۇدى ياندىش چاپاۋۇل بېگى جاۋ پونۇنى قوشۇن بىلەن تۇرپان ئويمانلىقىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھوقۇق مەركەزگە يىغىلغان فېئوداللىق ھۆكۈمەتنىڭ تەسىر كۈچى تۇرپان رايونىغا كىرىشكە باشلىدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 89 - يىلى (خەن ۋۇدىنىڭ جېڭخې 4 - يىلى)، تۇرپان رايونىدىكى قوش خانى خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇپ، غەربىي خەن ھۆكۈمىتىنىڭ قارمىقىغا ئۆتتى. كېيىن غەربىي خەن ھۆكۈمىتى تۇرپان ئويمانلىقىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئەسكەر تۇرغۇزدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى، ھۇنلارنىڭ باتىسقانى تەگرىقۇت شانشات خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى. خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا قورۇقچىبەگ ئەمەلىنى تەسىس قىلدى، تۇرپان ئويمانلىقى بىلەن غەربىي يۇرتتىكى باشقا جايلارمۇ غەربىي خەن سۇلالىسى تېررىتورىيىسىگە رەسمىي كىردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، تۇرپان رايونى تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، مەشھۇر قۇجۇ شەھىرى دەسلەپكى قەدەمدە خېلى كۆلەمگە ئىگە شەھەر بولۇپ شەكىللەندى (شۇ چاغلاردا بۇ شەھەر قۇجۇ قورغانى دەپ ئاتالغان). شەرقىي خەن دەۋرىدە، قوش خانلىقى يەنىلا مەۋجۇت ئىدى، لېكىن مەركىزى ھاكى-

مىيەت ئەۋەتكەن ھەربىي قوشۇن ۋە دېھقان چېرىكلەرنىڭ سانى كۆپەيگەندى، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ يېزا ئىگىلىكى يەنىمۇ راۋاجلاندى، پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدى. شەرقىي خەن ھاكىمىيىتى بىلەن ھۇنلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى زېمىنلارنى تالىشىش كۈرىشى جەريانىدا، تۇرپان ئويمانلىقى باشتىن ئاخىر مۇھىم بازا بولۇپ قالغانىدى.

غەربىي جىن سۇلالىسى (265 — 316) نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، دۆلىتىمىزنىڭ شىمالىدا ئۇرۇش مالىمانچىلىقى يۈز بەردى. ئەمما خېشى كارىدورىدىكى لياڭجۇ ئايىمىقى (ھازىرقى گەنسۇنىڭ ۋۇۋېي ناھىيىسى) چەت ياقا بىر جاي بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەر بىرقەدەر تىنچ ئىدى. شۇ چاغدا جاڭ گۈي بۇ يەردە بىر تەپرىقىچى ھاكىمىيەت قۇرۇپ، دۆلەت نامىنى ئالدىنقى لياڭ پادىشاھلىقى دەپ ئاتىدى. مىلادى 327 - يىلى، ئالدىنقى لياڭنىڭ ھۆكۈمرانى جاڭ گۈينىڭ نەۋرىسى جاڭ جۈن تەختكە چىقىپ، قوشۇن باشلاپ قۇجۇ قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلىپ، قۇجۇدا تۇرۇشلۇق غەربىي يۇرت چېرىكچى بېگى جاۋ جېننى تۇتۇۋالدى ۋە ئۇنىڭ زېمىنىدا قۇجۇ ۋىلايىتىنى (ئىنانچىلىقىنى) تەسىس قىلدى. بۇ، قۇجۇ رايونىدا ۋىلايەت تۈزۈمىنىڭ تۇنجى قېتىم تەسىس قىلىنىشى ئىدى. 439 - يىلغا كەلگەندە، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى گەنجۇ (ھازىرقى گەنسۇنىڭ جاڭيې ناھىيىسى) دىكى شىمالىي لياڭنى يوقاتتى، شىمالىي لياڭنىڭ قالدۇق كۈچلىرىدىن بولغان زۇرچى ۋۇخۇي يەنە قۇجۇ ۋىلايىتىنى بېسىۋالدى. 444 - يىلى زۇرچى ۋۇخۇي ئۆلگەندىن كېيىن، گوبېينىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەت — جۇرجانلارنىڭ

تەسىر كۆچى غەربكە سۈرۈلۈپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن كەن بوجۇ قۇجۇغا پادىشاھ بولدى. كېيىن قۇجۇنىڭ ھۆكۈمرانى ئۈچ قېتىم ئالماشقان بولسىمۇ، ئەمما كۈ (جىيا)-جەمەتى قۇجۇدا 140 يىل (500 — 640) ھۆكۈم سۈردى. بۇ جەرياندا، ئوتتۇرا جۇڭگودىكى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدىن تارتىپ تاكى سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىگىچە بولغان ئارىلىقتا، قۇجۇ ئۇلار بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولۇپ، مەدەنىيەت جەھەتتە خەنزۇلىشىشى بىرقەدەر چوڭقۇر بولدى①. 640-يىلى (تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 14-يىلى)، كۈ جەمەتىنىڭ ھاكىمىيىتى غەربىي تۈركلەر بىلەن بىرلىشىپ تاڭ ئوردىسىغا قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن، تاڭ تەيزۇڭ چوڭ سانغۇن خوجۇنجىنى قۇجۇغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ، كۈ ھاكىمىيىتىنى يوقىتىپ، شىجۇ (غەربىي ئايماق) تۇتۇق مەھكىمىسىنى (قىسقارتىپ شىجۇ دەپ ئاتالدى) تەسىس قىلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا بەش ناھىيە — ئالدى قوش، يارغول، پىچان، توقسۇن، لۈكچۈن ناھىيىلىرى تەسىس قىلىندى②.

755-يىل (تيەنباۋ 14-يىلى) دىن باشلاپ، تاڭ سۇلالىسىدە ئۆكتىلۇك-سۈيگۈن توپىلىڭى يۈز بەردى. بۇ قېتىمقى توپىلاڭدا لوڭيۇ (گەنسۇنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپى) بوش قېلىپ، غەربىي يۇرتقا بارىدىغان يول توسۇلۇپ قالدى. تىبەت ئاقسۆڭەكلىرى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي قىسمىغا ھۇجۇم قىلىپ، لوڭيۇنى ۋە غەربىي

① «جىننامە. جاڭ جۇننىڭ تەرجىمھالى»، «ۋېينامە. زۇرچى ۋۇخۇينىڭ تەرجىمھالى» ۋە «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قۇجۇ تەزكىرىسى»گە قارالسۇن.

② «تاڭنامە. جۇغراپىيىلىك تەزكىرە»گە، «كىتابلار جەۋھىرى»، 970-جىلدقا قارالسۇن.

پۈرتتىكى ئۈدۈن، بېشبالىق، تۇرپان، كۇسەن قاتارلىق رايون-
لارنى ئىشغال قىلدۋالدى، شۇنىڭ بىلەن قوچو تىبەتلەرنىڭ
قارىمىقىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارى بۆكۈ تېكىن
(بۇقاچىن) تىبەتلەرنىڭ ھەربىي قوماندانى شاڭ كۇڭرېنى
مەغلۇپ قىلدى، قوچو ۋە تاڭ دەۋرىدىكى شىجۇ ئايمىقىغا
قاراشلىق جايلارنىڭ ھەممىسى بۆكۈ تېكىننىڭ ئىلكىگە ئۆتتى،
شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق
مەركىزى بولۇپ قالدى.

## 2 - بۆلۈم قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ سىياسىي تۈزۈمى

مىلادى 840 - يىلى ئۆپچۆرىسىدە، ئۇرقۇن ئۇيغۇر
قاغانلىقىنىڭ يولباشچىلىرىدىن بىرى بولغان پان تېكىن
15 قەبىلىنى باشلاپ غەربكە كۆچكەندە، ئۇلارنىڭ بىر
قىسمى ئالدىن مېڭىپ بېشبالىققا يېقىن جايغا توپلانغانىدى
ۋە باسمىل قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن قوشۇلغانىدى. ئارىدىن
ئۇزاق ئۆتمەي، بۇ بىر تۈركۈم ئادەملەر تىيانشاندىن
ئۆتۈپ ئاگىنى (قارا شەھەر) رايونىغا بېسىپ كىردى.
IX ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرى، پان تېكىن ئاگىنىدا پۇت
تىرەپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنى يابغۇ دەپ جاكارلىدى.
ئۇنىڭ 200 مىڭ ئادىمى شەرق تەرەپتىكى بۇغدا تېغى
ئەتراپىدىكى ئوتلاقلاردا تۇراتتى. شۇ چاغدا، گوبىينىڭ جەنۇ-
بىيغا قېچىپ كەتكەن ئۇيغۇر قاغانى ئۇگە باشقىلار تەرىپىدىن
ئۆلتۈرۈلدى، ئاگىنى ئەتراپىدا تۇرۇۋاتقان پان تېكىن بۇ
خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىدى.

پان تېكىن ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغاندىن كېيىن، 856 - يىلى، تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا ئۇنۋان بەرمەكچى بولۇپ، ۋاڭ دۈەنجاڭنى دەستەك بىلەن ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى يولدا باشقا بىر قىسىم ئۇيغۇرلار توسۇۋالغانلىقتىن، ئۇنۋان بېرىش ئىشى ئەمەلگە ئاشمىدى.

IX ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى، بېشبالىق ئەتراپلىرىدا تۇرۇشلۇق ئۇيغۇرلار ئىچىدىن يەنە بىر بۆگۈ تېكىن ئىسىملىك يېڭى يولباشچى ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ كىشى قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھەقىقىي قۇرغۇچىسى ئىدى. بۆگۈ تېكىننىڭ ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى شۇ چاغدا تاڭ ئوردىسىنىڭ شاجۇدا تۇرۇشلۇق ھىراۋۇلى جاڭ يىچاۋ ئوردىغا مەلۇم قىلغانىدى. جاڭ يىچاۋنىڭ تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە يوللىغان مەلۇماتىدا بۆگۈ تېكىننىڭ قۇجۇ رايونىدا تىبەتلەر بىلەن كۆرەش قىلىۋاتقانلىقى، ئۇ ئۆزىنىڭ قۇجۇدا تۇرۇشلۇق ئادەملىرىنى باشلاپ، ئەنشىنى مەركەز قىلغان رايونلار ئەتراپلىرىغا قەدەر ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان تىبەت ھۆكۈمرانلىرىغا ھۇجۇم قىلغانلىقى ئىزھار قىلىنغانىدى. 866 - يىلى (تاڭ يىزۇڭنىڭ شيەنتۇڭ 7 - يىلى)، بۆگۈ تېكىن بېشبالىقتىن ئەسكەر باشلاپ چىقىپ، تىبەت قوماندانى شاڭكۇڭرېنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، شىجۇ، بېشبالىق، لۇنتەي، چىڭجېن قاتارلىق مۇھىم جايلارنى تارتىۋالدى. مەغلۇپ بولغان شاڭ كۇڭرې تۇغبات خۇەيگۇاڭنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ بېشى كېسىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇيغۇرلارنىڭ قۇجۇنى مەركەز قىلغان ھاكىمىيىتى بارا - بارا مۇستەھكەملەندى ۋە كېڭەيدى. بۆگۈ تېكىن تارقان مىغار تاشنى شاڭ كۇڭرېنىڭ بېشى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەنگە ئەۋەتتى.

قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەركىزى — قۇجۇ شەھىرى

(هازىرقى تۇرپاندىكى ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى) ئىدى،
بۇ شەھەرنىڭ كۆلىمى زور بولۇپ غەربىي خەن سۇلالىسى
دەۋرىدىكى قوچۇ شەھىرىدىن تەدرىجىي تەرەققىي
قىلىپ ۋۇجۇدقا كەلگەنىدى. بۇ يەر غەربىي خەن سۇلالىسىدىن
بۇيان غەربىي يۇرت دورغابى ۋە چېرىكچى بەگلىرىنىڭ تۇرۇش-
لۇق جايى بولۇپ كەلگەنىدى. مىلادى 393 - يىلى،
لۈي گۇاڭ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى غەربىي يۇرت باش قورۇقچىبېگى
بولغاندا، مۇشۇ شەھەردە تۇرغانىدى. كېيىن كېڭەيتىپ
ياسىلىپ، مىلادى IV ئەسىردىن VI ئەسىرگىچە قوچۇ ۋىلايى-
تىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى. شۇ مەزگىللەردە جاڭ گۈي،
لۈي گۇاڭ، زۇرچى مونسۇنلار بۇ ۋىلايەتكە ھاكىم تەيىنلەپ
بۇ يەرنى ساقلىغانىدى. 460 - يىلدىن كېيىن، قوچۇ
رايونىدىكى كەن، جاڭ، ما جەمەتلىرى ھاكىمىيەتلىرى بۇ
شەھەرنى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي مەركىزى قىلغانى-
دى. كىۇ جەمەتى قۇرغان قوچۇ خانلىقى دەۋرىدە، بۇ
شەھەر يەنىمۇ كېڭىيىپ ۋە گۈللىنىپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ
قاتناش تۈگۈنىدىكى مەشھۇر بۇددىستلار شەھىرىگە ئايلاندى،
شەھەر ئىچىدە ھەيۋەتلىك بۇددىزم ئىمارەتلىرى بار ئىدى.
تاڭ سۇلالىسى شىجۇ ئايىمىقىنى تەسىس قىلغاندىن كېيىن،
بۇ شەھەر شىجۇ ئايىمىقىنىڭ مەركىزى بولدى. بۇ تاڭ سۇلالىسى-
نىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىدە ۋە غەربىي يۇرت-
نىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىدا مۇھىم رول
ئوينىدى. بۇ شەھەرنىڭ دائىرىسى تەخمىنەن بەش كىلومېتىر
بولۇپ، ئىچكى شەھەر، تاشقى شەھەر ۋە ئوردىدىن ئىبارەت
ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنەتتى. ئوردا شەھەرنىڭ شىمالىي قىسمىغا
جايلاشقان، ئىچكى شەھەر ئوردىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە
جايلاشقان. تاشقى شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبى ۋە غەربىي

جەنۇبىدا كۆلىمى ناھايىتى زور ئىبادەتخانا ۋە سودا - سانائەت رايونى بار ئىدى. شەھەرنىڭ سېپىلى ئېگىز ھەم ھەيۋەتلىك بولۇپ، قۇرۇلمىسى مۇستەھكەم ئىدى. شەھەر ئىچىدىكى بىنالارنىڭ جايلىشىشى ۋە شەھەر سېپىلىنىڭ مۇداپىئە سىستېمىسىنىڭ تۈزۈلۈشى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شەھەر - بازارلارنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇردا شەھىرىنىڭ ئىچىدە ھازىرمۇ ئوردا ئۆيلىرىنىڭ خارابە ئىزلىرى بار. خارابىنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان ئۇزۇنلۇقى 60 مېتر، شەرقتىن غەربكە بولغان كەڭلىكى 30 مېتر بولۇپ، ئىچكى شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدە يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستىدىن ئىبارەت ئىككى قەۋەتكە بۆلۈنگەن ئېگىز بىر ئىستىھكام بار، ئىستىھكامنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە بىر بۇددا سۇتۇپا (مۇنار) سى بولۇپ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 15 مېتر كېلىدۇ. شەھەر ئىچىدە بىر بۇددا ساگرامى بولۇپ، ئۇنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 10 مىڭ كۋادرات مېتر كېلىدۇ. ساگرامىنىڭ دەرۋازىسى، تىلاۋەت مەيدانى بار، ساگرامدىكى سۇتۇپا، بۇتخانىلاردا رەڭدار قىلىپ نەپىس سىزىلغان رەسىملەر، رەڭلىك ھەيكەللە بار. بۇ ساگرام ئەينى زاماندا ئالتۇن نۇر چاقناپ تۇرىدىغان بىر ھەشەمەتلىك ئىبادەتخانا بولسا كېرەك. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى بۇ شەھەرنى پايتەخت قىلغاندىن كېيىن، يەنە ئەسلىدىكى ئاساس ئۈستىدە بۇ شەھەرنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇردى، بۇددىزم ئىمارەتلىرى يەنىمۇ كۆپەيدى، شەھەرنىڭ چەت جايلار بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى تېخىمۇ قويۇقلاشتى، شەھەرنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتى يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى مەسىلىسىدە،

ئىلگىرىدىنلا ئوخشاش بولمىغان قاراشلار بار. بۇ قاراشلارنىڭ مۇھىملىرى مۇنداق تۆت خىل: بىرىنچىسى، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىدە ئۆتكەن ۋاڭ يەندې يازغان «قوجوغا ئەلچىلىككە بېرىش» دېگەن كىتابتا ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپى ئىران (پېرسىيە) ۋە ئەرەبىستانغا تۇتىشىدۇ، غەرب تەرىپى ھىندى دەرياسى ۋادىسىدىكى پېشاۋۇرغىچە يېتىپ بارىدۇ، دېيىلگەن؛ ئىككىنچىسى، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. پارچۇق ئارت تېكىن تەرجىمىھالى» دە قوجو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقتە قومۇلدىن باشلىنىپ، غەرب تەرىپى تىبەتلەرنىڭ غەربىي قىسمى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمال تەرىپى ھازىرقى جىمسار ئەتراپىدىكى جايلارغىچە يېتىپ بارىدۇ، جەنۇب تەرىپى گەنسۇنىڭ جيۇچۈەن رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ، دېيىلگەن؛ ئۈچىنچىسى، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بىر پارچە ئارىشا پۈتۈكىنىڭ تىلاۋەت قىسمىدا، قوجو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقتە دۇڭخۇاڭ (دەشت ئاتا) — شاجۇدىن باشلىنىپ، غەربتە نەۋ بارخان يەنى ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاشكەنتنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى چىرچىككىچە يېتىپ بارىدۇ* دېيىلگەن: تۆتىنچىسى، ماۋرائۇننەھىردە قۇرۇلغان سامانىيلار خاندانلىقىدا ئۆتكەن بىر كىشى X ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى يازغان «ھۇدۇدۇلئالەم» دېگەن كىتابنىڭ ئون ئىككىنچى بابى — «توققۇز ئوغۇزلار دۆلىتى (يەنى قوجو ئۇيغۇر خانلىقى) توغرىسىدا» دا، قوجو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى

* (ياپونىيە) ئابې تاكېئو: «غەربىي ئۇيغۇرىيە تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات»، 267 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

شەرقتە قۇمۇلدىن باشلىنىپ، شىمال تەرىپى ئىلى - مىڭلاق ۋادىسىغىچە، غەرب تەرىپى تىبەتلەرنىڭ زېمىنى (هازىرقى خوتەن بىلەن دۇڭخۇاڭنىڭ ئارىلىقىدا) بىلەن تۇتىشىدۇ* دېيىلگەن. بۇ قاراش بىر قەدەر ئىشەنچلىك، بۇنى قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ هۆكۈمرانلىق دائىرىسىگە نىسبەتەن بىر قەدەر توغرا خاتىرە دەپ قاراش كېرەك. دېمەك، قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى جەنۇبتىن شىمالغىچە تۇرپان، تارىم ۋە جۇڭغارىيە ئويمانلىقلىرىني ئاتلاپ ئۆتكەن، شەرق تەرىپى قۇمۇلدىن باشلىنىپ، غەرب تەرىپى ئاقسۇغىچە يېتىپ بارغان، بۇ ئارىلىقتا چۆل - جەزىرە ۋە بوستانلىقلار بار ئىدى. خانلىقنىڭ چېگرىسى ئىچىدە قۇجۇنى مەركەز قىلغان قۇجۇ ئۇيغۇرلىرىدىن باشقا، غەرب تەرىپىدە يەنە كۇسەننى مەركەز قىلغان كۇسەن ئۇيغۇرلىرى بار ئىدى. كۇسەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ چېگرىسى غەربتە ئاقسۇدىكى مۇز داۋانغىچە، جەنۇبتا تارىم دەرياسىغىچە باراتتى. پۈتۈن قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، كۇسەن ئۇيغۇرلىرى جايلاشقان زېمىن پۈتكۈل قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي چېگرىسىنىڭ بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت ئىدى. كۇسەن ئۇيغۇرلىرى بىلەن قۇجۇ ئۇيغۇرلىرى بىر خانلىق ئىچىدە بىللە ياشاپ، قوش خانلىق تۈزۈمىنى يولغا قويغانىدى. قۇجۇ ئۇيغۇر خانى ئارسلانخان دەپ ئاتىلاتتى، كۇسەن ئۇيغۇر خانىمۇ ئۆزىنى شىرخان دەپ ئاتايتتى. قۇجۇ ئۇيغۇر خانىنىڭ ئالىي هۆكۈمرانى «ئىدىقۇت» بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «مۇقەددەس بەخت ئىگىسى، بەگلىكى

* ۋاڭ جىلەي، جۇشىجۇەنلەر تەرجىمە قىلغان «هۇدۇدۇلئالەم»، 65 - بەت، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئىنستىتۇتى باستۇرغان، 1983 - يىل.

مۇقەددەس»① دېگەنلىك بولاتتى. خۇاڭ ۋېنبىننىڭ «تۇرپان ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى» رەسىملىك ئالبومىنىڭ 89 — 94 - بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان «مانى ئىبادەتخانىسى پۈتۈكلىرى»نىڭ بىر پارچىسىدە خەنزۇچە يېزىقتىكى بىر مۆھۆر بار بولۇپ، مۆھۆردىكى خەتتە قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى يەنە «ئىدۇقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى» دېيىلگەن.
ئىدىقۇتنىڭ ھوقۇقى ئىستىبداتلىق ۋە ۋارىسلىق تۈزۈمىدىكى ھوقۇق بولۇپ، ئىدىقۇت — خانلىقنىڭ ئالىي قانۇن چىقارغۇچىسى ۋە ئىجراچىسى ئىدى. ئۇيغۇرچە مەنبەلەردە خاتىرىلىنىشىچە، بايرام كۈنلىرىدە ئىدىقۇت ئۇنچە - مەرۋايىتلار بىلەن بېزەلگەن مۇنبەر (ئۇيغۇر تىلىدا «تاۋچاڭ» دەپ ئاتىلاتتى، بۇ سۆز خەنزۇ تىلىدىكى «داۋچاڭ» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان) گە قويۇلغان ئالتۇن تەخت — «چىرگىن» دا ئولتۇراتتى. بېشىغا خانتاجى (دىدىم)، ئۈستىگە قىزىل تون كىيەتتى، دۆلەت ئىشلىرىدا ئۇنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن ئەركابىر - ئەشرەپلەر ۋە داقا - دۇمباقچىلار بىللە بولاتتى.

ئىدىقۇتنىڭ ئاستىدا توققۇز ۋەزىر، زوراغالىق بېگى، ئالتۇن جۇلالىق ئىناۋەتدار تۆرە، مۇپەتتىش خەلپەتبېگى، سول قول خىسلەت قۇچقۇچى چوڭ سانغۇن، ساراي مۇپەتتىشى، ئاستانە ئەتراپى سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن تۆھپىدار ئالىي دۆلەت ئەركانى، نازارەتچى، زالىم ھەكەم، تۇتۇق② ھەمدە ئۆگە (ھاكىمغا تەڭ)، ئولچى (ۋەزىرگە تەڭ)، ھەكەم (ئەدلىيە

---

① «تارىخى جاھانكۈشاي» بىرىنچى كىتاب، 1 - قىسىم 5 - بۆلۈم، 49 - بەت، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

② «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر. بېقىندىلار» 4 - قىسىم، 13 -، 14 - بەت.

ئەمەلدارى) بولاتتى. پايتەخت قوچۇ، كۇسەن ۋە جايلاردىكى فېئوداللار بولسا شۇ جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك چوڭ - كىچىك بەگلەر ئىدى.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپ ئاساسەن دېھقانلار ئىدى. قېزىۋېلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە پۈتۈكلەر ئۈستىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، دېھقانلارنىڭ ئورنى تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە دەرىجىگە بۆلۈنەتتى:

(1) قالانچىلار: «قالانچى» ئەسلىدە دۆلەتكە تاپشۇرۇلىدىغان بىرخىل باج بولۇپ، بۇ خىل باجنى تاپشۇرىدىغان دېھقانلار «قالانچى» دەپ ئاتىلاتتى. قالانچىلار خانلىقنىڭ دېھقانلىرى بولۇپ، ئۇلار خانلىقنىڭ يەرگە بولغان مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولاتتى، قالانچىلار جىسمانىي جەھەتتىن بىرقەدەر ئەركىن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار دۆلەتكە مەنسۇپ بولۇپلا قالماي، بەلكى فېئودال شەخسلەرگىمۇ مەنسۇپ ئىدى.

(2) يانچىلار: بۇ بىرخىل بېقىندىلىق مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدىغان نام. شۇنداقلا ئۇ يەنە سۈيۈرغاللىق يەرگىمۇ قارىتىلغانىدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت ئاساسىدا بېكىتىلگەن ئىقتىسادىي مەجبۇرىيەت بويىچە، يانچىلار ئادەتتە ئوردىغا يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى تاپشۇراتتى، يانچىلار كىچىك فېئوداللارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولاتتى. كىچىك فېئوداللار مۇبادا ئۆزىگە يۆلەنچۈك ئىزدەش مەقسىتى بىلەن چوڭ فېئوداللارغا بېقىنسا، بۇ كىچىك فېئوداللارمۇ «يانچى» دەپ قارىلاتتى. بۇ خىل دېھقانلار ۋە فېئوداللار يەرگە بولغان مۈلۈكچىلىك بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى، فېئوداللار بىكار ئولتۇرۇپ يانچىلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىدىن بەھرىمەن بولاتتى.

(3) قۇبراق: بۇنداق دېھقانلارنىڭ ئۈستىگە قوش سىلىق يۈكلەنگەن بولۇپ، ئۇلار بىر تەرەپتىن دۆلەتكە يەردىن چىققان مەھسۇلاتنى مەجبۇرىي ۋە ھەقسىز تاپشۇراتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئەمەلدارلارغا باج - سېلىق تۆلەيتتى، ئۇلارغا ھېچقانداق ھەق بېرىلمەيتتى. قۇبراق بىر خىل ئەمگەك بىلەن تۆلىنىدىغان باج ئىدى. قۇبراقلارنىڭ ئەمەلدارلارغا تاپشۇرىدىغان باج - سېلىقى ئەمەلدارلارنىڭ مائاش مەنبەسى بولۇپ ھېسابلىناتتى.

(4) تۇتقۇلار: بۇ خىل دېھقانلار قەرزدار بولۇپ قالغاندا قەرز ئىگىلىرىگە رەنە ۋە بارىمتاي ھېسابىدا يالللىنىپ ئىشلەيتتى، ئۇلار قەرز ئىگىلىرى بەلگىلىگەن ئەمگەك نورمىسىنى ئورۇندىشى شەرت ئىدى، قەرەلى توشقاندىن كېيىن، جىسمانىي جەھەتتىن يەنىلا ئەركىن بولاتتى، شۇڭا، ئۇلار يانچى ھېسابلانمايتتى.

(5) قاداش: ئۇلارنىڭ ئورنى چاكارلارغا يېقىنراق كېلەتتى، ئۇلار ئەركىن پۇقرالار بىلەن يانچىلار ئارىلىقىدا تۇرىدىغان، يېزا جامائە باشلىقلىرى بىلەن تۇغقانچىلىقى بار ئادەملەر ئىدى، قاداشلار جامائە باشلىقلىرى تەرىپىدىن قوغدىلاتتى. ئۇلار فېئودالللارنىڭ ئائىلىسىدە ئەمگەك قىلاتتى، ھەتتا بەزىدە بىر ئۆلۈش مۈلۈككىمۇ ئىگە بولالايتتى.

(6) قۇللار: قۇللار مەيلى ئەر، مەيلى ئايال بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق يېرى ۋە ئەمگەك قوراللىرى بولمايتتى، ئۇلارنىڭ ئەمگىكى ئۈچۈن ھېچقانداق ھەق تۆلەنمەيتتى. قۇللارنىڭ ‹كېلىش مەنبەسى قەرزدار بولۇپ قالغان دېھقانلار ياكى ئۇرۇش ئەسىرلىرى ئىدى.

يەنە بىر خىلى — سارىلار ئىدى. سارى — سانسكرىتچە ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇلار بۇددا راھىبلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن

قاتىلىمى ئىدى، ئۇلار چوڭ راھىبلارنىڭ مالىيى ئىدى*. ئۇلار ساڭراملارنىڭ ئېتىزلىرىدا، باغ - ۋارانلىرىدا ئەمگەك قىلاتتى. ياكى سۇ باشقۇراتتى، ساڭراملارنىڭ مال - چارۋىلىرىغا قارايتتى، چوڭ راھىبلارنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى، ئۇلار جىسمانىي جەھەتتىن قۇللار بىلەن ئوخشاش ئىدى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان تۈرلۈك دېھقانلار، بولۇپمۇ يانچىلار بىلەن قۇبراقلار قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ فېئودال يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ ئاساسى ئىدى.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردىن تارتىپلا ئەتراپىدىكى بىرمۇنچە دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەنىدى. بۇ خانلىقنىڭ ئۆزىنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق ئىقتىسادى، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتىدا مۇئەييەن رول ئوينىغانىدى.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ئۆزىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى ئەللەر ۋە رايونلار بىلەن، ئالدى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسى، ئۇنىڭدىن قالسا ھىندىستان، پېرسىيە ۋە ماۋرائۇننەھردىكى رايونلار بىلەن ئەڭ قويۇق ئالاقە باغلاپ كەلگەنىدى. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر»، «سۇڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلىنىشىچە، 984 - يىلى (سۇڭ تەيزۇڭنىڭ يۇڭشى تۇنجى يىلى)، شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەلچىسى «براھمان راھىب يۇمشى، پېرسىيىلىك زەردەشت ئارىيان» لار بىلەن بىرگە ئىچكىرىدىگە بېرىپ سۇڭ سۇلالىسى بىلەن سودا قىلغان، بۇ پاكىت —

* (سوۋېت ئىتتىپاقى) تىخونوۋ: «X — XIV ئەسىردىكى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمى»، ٩- باب: «فېئوداللار ۋە پۇقرالار»، سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى، رۇسچە نەشرى، 1966 - يىل.

قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن ھىندىستان، پېرسىيە دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا باردى - كەلدى مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ دىنىي ئېتىقادى ئوخشاشمايتتى، قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى ئاساسەن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، قاراخانىيلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ۋە سودا ئالاقىلىرى دىنىي ئېتىقاد سەۋەبىدىن تەسىرگە ئۇچرىمىغانىدى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ مۇئەللىپى بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ مۇئەللىپى قۇجۇنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلگەنلىكى مانا مۇشۇ جەھەتتىكى مۇھىم پاكىتلارنىڭ بىرىدۇر.

قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى ئۆزىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى مىللەتلەر بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە تېخىمۇ كەڭ ۋە قويۇق ئالاقىدە بولۇپ كەلگەنىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىن ھەممىدىن ئاۋۋال، سىياسىي ئالاقە ئورناتقىنى لياۋ سۇلالىسى ئىدى. لياۋ سۇلالىسى ئەسلىدە ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ شەرقىي چېگرىسىدىكى لياۋخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى سىرامورۇن دەرياسى ئەتراپىدا ياشايدىغان قىتانلار قۇرغان بىر ھاكىمىيەت ئىدى. 907 - يىلى، ئۇلارنىڭ يولباشچىسى يەللىغ ئاباكىي ھەرقايسى قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ لياۋ دۆلىتىنى قۇردى. 924 - يىلى (لياۋ تەيزۇنىڭ تيەنزەن 3 - يىلى)، يەللىغ ئاباكىي غەربىي يۇرتقا يۈرۈش قىلىپ، قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختلىرىدىن بىرى بولغان بېشبالىقنى ئىشغال قىلىۋالدى. قىتان ئىستېلاسى قۇجۇ ئۇيغۇرلىرىنى لياۋ سۇلالىسىنىڭ بېقىندى ئېلىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى*. لياۋ سۇلا-

* «لياۋ سۇلالىسى تارىخى. تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە» 2 - قىسىم.

لىسى قوچو رايونىدا «قوچو ئۇلۇغ خان مەھكىمىسى» تەسىس قىلدى، كۇسەن رايونىدا «ئۇلۇغ شىر خان مەھكىمىسى» نى تەسىس قىلدى. قوچو ئۇيغۇرلىرىمۇ بۇنداق تەۋەلىك مۇناسىۋەتنى قوبۇل قىلدى ۋە مىلادى 933 - يىلى (لياۋ تەيزۇنىڭ تيەنشيەن 8 - يىلى) دىن مىلادى 1112 - يىلى (لياۋتيەنزۇ خانىنىڭ تيەنچىڭ 2 - يىلى) غىچە بولغان ئارىلىقتا لياۋ سۇلالىسىگە ئىزچىل تۈردە «تارتۇق» يوللاپ تۇردى*. «تارتۇق يوللاش» سىياسىي ئالاقە ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنىڭ بىر خىل شەكلى ئىدى. سانلىق مەلۇماتلارغا قارىتىغاندا، بۇ خىل شەكىلدىكى ئالاقە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كۆپ قېتىم داۋاملاشقان. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى كېيىنكى جۇ ئوردىسى، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى، جىن سۇلالىسى بىلەنمۇ ناھايىتى قويۇق باردى - كەلدى قىلغانىدى. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى قۇرۇلۇش بىلەنلا (960 - يىلى) قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ھۆكۈمىتى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا سىياسىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرغانىدى. 962 - يىلدىن 1004 - يىلغىچە (شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى تەيزۇ خانىنىڭ جيەنلۇڭ 3 - يىلىدىن سۇڭ جىنزۇڭنىڭ جىڭدى تۇنجى يىلىغىچە) بولغان 40 يىل ئىچىدە، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىگە ئۈزلۈكسىز كۆپ قېتىم يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سوۋغات قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. 981 - يىلى (شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى تەيزۇڭ خانىنىڭ تەيپىڭ شىڭگو 6 - يىلى)، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىمۇ ۋاڭ يەندېنى قوچوغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. شۇ يىلى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن، مەنسۇرنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەنىدى، قوچو ئۇيغۇر خانى ھەتتا ئۆزىنى

* «لياۋ سۇلالىسى تارىخى. قارام ئەللەر».

«غەربىي ئايماقتىكى جىيەنىڭىز ئارسلانخان» دەپ ئاتاپ، ئۆزىنىڭ ئىچكى رايونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇق ۋە ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەنىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، 981 - يىلدىن 1030 - يىلغىچە (شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى تەيزۇڭ خاننىڭ تەيپىڭ شىڭگو 6 - يىلىدىن سۇڭ رېنزۇڭنىڭ تيەنشېڭ 8 - يىلىغىچە) بولغان 50 نەچچە يىل ئىچىدە، كۇسەنلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ خەنجەر، خەنجەر غىلىپى، مەستىكى رۇمى، تۆگە، نۆشۈدۈر، كەھرىۋا قاتارلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى 20 نەچچە قېتىم شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى تەۋەسىگە ئاپىرىپ ئۇ يەرنىڭ شايى، تاۋار، كىمخاب، دارايى قاتارلىق يىپەك ماللىرىغا ئالماشتۇرۇپ كەلگەنىدى. بۇ پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئىچىدە كۇسەن ئۇيغۇر قاغانى، ۋەزىرلەر، بۇددا راھىبلىرى، سودىگەرلەرمۇ بار ئىدى. كۇسەن ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە ئۆز ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئېلىپ شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى تەۋەسىگە بېرىپ ئۇزاق مۇددەت ئولتۇراقلاشقانلارمۇ بار ئىدى.* ۋاڭ يەندېنىڭ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرىدىن قارىغاندا، شۇ چاغدا قۇچۇ رايونىدا 50 نەچچە جايدا بۇددا ساڭراملىرى بولغانىكەن، ساڭراملارنىڭ ئىشىك بېشىغا ئېسىلىدىغان بېغىشلىما تاختىلىرىنىڭ ھەممىسى تاڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئەۋەتىپ بېرىلگەنىكەن. ساڭراملاردا «ماخاراگاربا» (ئۇلۇغ ئاغلىق نوم)، «تاڭ نەزمىلىرى»، «سۆزلەر جەۋھىرى»، «سۇتراسۋادا» قاتارلىق خەنزۇ يېزىقىدىكى كىلاسسىك كىتابلار ساقلانغانىكەن. تاڭ تەيزۇڭ ۋە تاڭ شۈەنزۇڭلار چۈشۈرگەن بەزى يارلىقلار «يارلىقلار راۋىقى» دا ساقلىنىدىكەن. بۇنىڭدىن باشقا،

---

* «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەردىن تاللانمىلارنىڭ كۆپەيمىسى. بېقىندىلار» 4 -، 7 - : «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر».

قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى خېشى كارىدورىدىكى هاكىمىيەتلەر بىلەن، چىن خاندانلىقى ۋە شىمالدىكى ھەرقايسى هاكىمىيەتلەر بىلەنمۇ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى.

## 3 - بۆلۈم قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى

قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دائىرىسىدىكى بوستانلىقلارنىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى ئىنتايىن مول بولۇپ، سۇ مەنبەسى تولۇق، سۇغىرىش ئىنشائاتلىرى بىر قەدەر ئىلغار ئىدى، شۇڭا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى شەرت-شارائىت بىرقەدەر تولۇق ئىدى. خانلىقنىڭ يەرگە بولغان ئىگىدارچىلىق شەكلى ئاساسەن مۇنداق تۆت خىل ئىدى: خانلىق ئىلكىدىكى يەرلەر، ئىدىقۇت ئىلكىدىكى يەرلەر، ۋەخپە يەرلەر ۋە ئۇششاق دېھقانلار ئىجارىگە ئېلىپ تېرىيدىغان ياكى ئۆز ئىلكىدىكى يەرلەر.

(1) خېنىي يەرلەر: خېنىي يەرلەر تېخى فېئوداللارغا، دىنىي سوتقا ۋە دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىلمىگەن يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. تېخى ئېچىلمىغان بوز يەرلەر، مۇسادىرە قىلىنغان يەر ۋە باغ-ۋارانلار، ئورمانلار، ئوتلاقلار، جۇملىدىن دەريا-ئېقىنلار، ئۆستەڭلەرمۇ خانلىق ئىلكىدە ئىدى. خېنىي يەرلەر ئانچە مۇقىم ئەمەس ئىدى. خانلىق ئەگەر خېنىي يەرلەرنى ساڭراملارغا ياكى كۆچۈپ كەلگەن دېھقانلارغا بۆلۈپ بەرسە، خېنىي يەرلەر ئازىيىپ كېتەتتى؛ لېكىن يېڭىدىن كۆپلەپ بوز يەر ئېچىلسا، خېنىي يەرلەر يەنە كۆپىيىپ قالاتتى.

(2) ئىدىقۇتنىڭ يەرلىرى: ئىدىقۇتنىڭ يەرلىرى ئىدىقۇت

ۋە ئۇنىڭ جەمەتلىرىنىڭ ئىلكىدىكى يەر ئىدى. بۇنداق يەر-لەرنىڭ كۆلىمى خېلىلا كەڭ بولۇپ، ئوتلاق، ئوۋ قىلىدىغان يەرلەرنى ھەمدە خان، ۋەزىرلەرنىڭ قەبرىگاھلىرى، ئوردا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى (بۇلارنىڭ نامى «قورۇقتام» ياكى «قورۇق مەيدان» دەپ ئاتىلاتتى)، ئىدىقۇتنىڭ يەرلىرىنى دۆلەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن مەخسۇس ئادەم باشقۇراتتى ۋە تېرىتاتتى.

(3) ساڭراملارنىڭ يەرلىرى: قوجو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەۋەسىدە بۇددا دىنىي ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى. خانلىق بۇددا دىنىنى تارقىتىش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ساڭراملارغا مەلۇم كۆلەمدە يەر ۋە دېھقان ئاجرىتىپ بېرەتتى. دېھقانلار ساڭراملارنىڭ يەرلىرىدىن چىققان ھوسۇلنىڭ بىر قىسمىنى راھىبلارغا بېرەتتى؛ ئەگەر دېھقانلار ھوسۇلنى بەلگىلەنگەن نورما بويىچە تولۇق تاپشۇرمىسا، ھۆكۈمەت ئۇلارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلاتتى.

مەيلى خېنىي يەر بولسۇن، ياكى ئىدىقۇت ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرلىرىنىڭ يەرلىرى بولسۇن ۋە ياكى ساڭراملارنىڭ يەرلىرى بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى خانلىقنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى يەر بولۇپ، ئۇ يەرلەردە ئەمگەك قىلغۇچى دېھقانلارنىڭ ھەممىسى فېئودال-لارنىڭ يانچىلىرى ئىدى. ماركس مۇنداق دەپ كۆرسىتىپ ئۆت-كەنىدى: «يانچى ئۆزىنىڭ بىر قىسىم ئەمگىكىنىلا ساتىدۇ، ئۇ يەر ئىگىسىدىن ھەق ئالمايدۇ؛ ئەكسىچە، يەر ئىگىسى ئۇنىڭ-دىن ئارتۇق سېلىق ئالىدۇ. يانچى يەرنىڭ بېقىندىسى بولۇپ، يەر ئىگىسىگە مەھسۇلات ئىشلەپ بېرىدۇ»*. قوجو ئۇيغۇر خان-لىقى دەۋرىدە يېزىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقە-

* ماركس: «ياللانما ئەمگەك ۋە كاپىتال»، «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم(I)، 578 - بەت.

لەردىن قارىغاندا. خېنىي يەرلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى مۇنداق ئىدى: يانچىلار فېئوداللارنىڭ يەرلىرىدە ئەۋلادمۇئەۋلاد تېرىقچىلىق قىلاتتى، ئۇلاردا جىسمانىي ئەركىنلىك بولمايتتى، ئۇلارنى خوجايىنلىرى خالىغانچە يۆتكەپ ئىشلىتەتتى ياكى ئەمگەك ئورنىنى ئۆزگەرتىپ تۇراتتى. يانچىلارنىڭ ئۆز خوجايىنلىرىغا قىلىپ بېرىدىغان ئەمگىكىنىڭ كۆپى ھەقسىز مەجبۇرىي ئەمگەك ئىدى. يانچىلار ئۆز خوجايىنلىرىغا ھەقسىز ئەمگەك قىلىپ بېرىشتىن تاشقىرى، يەنە فېئوداللارنىڭ يەرلىرىدىن دۆلەتكە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باج - سېلىقلارنىمۇ ئۈستىگە ئالاتتى. يانچىلارنى ئېلىش - سېتىشقا بولاتتى.

(4) ئۇششاق دېھقانلارنىڭ ئىجارىگە ئېلىپ تېرىيدىغان يەرلىرى: كۆپ ساندىكى دېھقانلارنىڭ يەرلىرى ھۆكۈمەت ياكى فېئوداللار تەرىپىدىن ئىجارىگە بېرىلگەن يەرلەر ئىدى. شۇڭا، دېھقانلار ھۆكۈمەتكە باج - سېلىق تۆلەشكە مەجبۇر ئىدى. يەردىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر پارچە پۈتۈكتە يېزىلىشىچە، بىر دېھقان خوجايىنىغا سوۋغات قىلىدىغان بۇيۇم ۋە ھاراقنى تاپشۇرۇشقا قۇربى يەتمىگەنلىكتىن، پۈتكۈل قەرزىنى تۆلەش ئۈچۈن، دەريانىڭ ئىككى ياقىسىدىكى ئوتلاقنى سېتىشقا مەجبۇر بولغان. بۇ ئەھۋالدا، ئوتلاقنى ساتقۇچى دېھقان ئۇن ئادەمنى كېپىللىككە كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولغان. بۇ ئۇن ئادەم بەلكىم شۇ دېھقان بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ئومۇملۇق بولۇشى، شۇ ئارقىلىق ھەر بىر ئۆيلۈك دېھقاننىڭ دۆلەتكە تۆلەشكە تېگىشلىك باج - سېلىقنى تولۇق تۆلەشكە كاپالەت ئالغان بولۇشى ھەمدە بۇ دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى تاشلاپ خالىغانچە باشقا ياقلارغا قېچىپ كەتمەسلىكىنىڭ ئالدى ئېلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

قۇچۇ ئۇيغۇر دېھقانلىرى خانلىقتىن، پومېشچىكلاردىن

يەر ئىجارە ئېلىپ تېرىغاندا، ئىجارە پۇلى تۆلەپ، تىلخەت بېرەتتى؛ ئۇرۇق، ئەمگەك كۈچى، ئوغۇت ۋە تېرىلغۇ ئۈچۈن كېتىدىغان بارلىق خىراجەتنى ئورتاقچى (ئىجارىكەش) ئۈستىگە ئالاتتى، يەردىن چىققان ھوسۇلنى بولسا پومپىشچىك بىلەن ئورتاقچى بولغان دېھقان تەڭ بۆلۈشەتتى. XIX ئەسىردە قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى دائىرىسىدىن X ئەسىردىن XIII ئەسىرگىچە بولغان شۇ ئارىلىقتا يېزىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر پارچە توختامنامە تېپىلغان. بۇ توختامنامىدە ئورتاقچى دېھقان تېمىر بۇقانىڭ پومپىشچىك قىيىپىتودىن 12 سىق يەر ئىجارىگە ئېلىپ تېرىغانلىقى ئېيتىلغان، تىلخەتتە: «مۇبادا بۇ يەرنى تېرىشتا خىراجەت قىلىش توغرا كەلسە، بۇ خىراجەتنى مەنكى تېمىربۇقا ئۆز ئۈستۈمگە ئالىمەن، بۇ ھەقتىكى خىراجەت مەنكى قىيىپىتو بىلەن ئالاقىسىز. ئېلىنغان ھوسۇلغا كەلسەك، بۇنى ئىككى تەرەپ تەڭ بۆلۈۋېلىش كېرەك» دەپ ئېنىق يېزىلغان. بۇ ھۆججەت ئەينى چاغدىكى يەر ئىجارە ئېلىپ تېرىشتىكى مۇناسىۋەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان مۇھىم دەلىللەرنىڭ بىرىدۇر.

قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىن چىقىدىغان مەھسۇلاتلار، ئاساسلىقى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى، ئىقتىسادىي زىرائەتلەر، كان مەھسۇلاتلىرى، دورا ماتېرىياللىرى قاتارلىق مەھسۇلاتلار ئىدى. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بۇغداي، شال، ئارپا، قوناق، پۇرچاق قاتارلىق ئاشلىق زىرائەتلىرى ۋە كېۋەز، ئۈزۈم، مېۋە - چېۋە، كۈنجۈت قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەر ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بۇغداي بىلەن قارا ئاشلىق گىرەلەشتۈرۈپ تېرىلاتتى، يىلىغا ئىككى قېتىم ھوسۇل ئالغىلى بولاتتى. قۇجۇنىڭ پاختىسى ئەزەلدىن داڭلىق بولۇپ، كۆپىنچە رەخت توقۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى. پاختى-

دىن توقۇلغان ماتا، سەگەز يۇمشاق ھەم چىداشلىق بولۇپ ئۇيغۇرلار ئۇنى بازاردا تاۋار سۈپىتىدە ئالماشتۇراتتى.* بۇنداق رەختلەرنى ئەينە ۋاقىتتىكى خەنزۇلار بەيتەن (پاختا) دەپ ئاتىغان. XIX ئەسىردە قۇچۇ دائىرىسىدىن قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە پاختا رەخت سودىسىغا ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان سەككىز-توققۇز پارچە توختامنامە تېپىلدى. بۇ ھۆججەتلەر بىزگە ئەينى چاغدىكى خانلىق دائىرىسىدە پاختا ۋە پاختا رەختىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىدىن مەلۇمات بېرىدۇ. رادلوۋ ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرىدىن خاتىرىلەر» دېگەن كىتابىغا مۇنداق توختامنامىلەردىن ئىككى پارچىنى كىرگۈزگەنىدى. ئۇنىڭ بىرىدە: «يوڭ بېجى ئۈچۈن بۆز لازىم بولۇپ قالدى. بۆز قەرز ئېلىش ئۈچۈن، بورلۇقتىكى (تەكلىكتىكى) باغۋەننى گۆرۈ سۈپىتىدە ئېل ‹خوجا› ھۇزۇرىغا ئەۋەتىپ بېرىشنى خالايدۇ. ئۇ، خوجا ئۈچۈن ئەمگەك قىلىدۇ، خوجىنىڭ باج - سېلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، يەردىن چىققان ھوسۇلنى خوجىغا تەقدىم قىلىدۇ» دېيىلگەن. يەنە بىرىدە: «ئۇيغۇر سۇچى بىلەن كۆرە دېگەن ئىككى كىشىگە بۆز لازىم بولۇپ قالدى، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئوكۇيدىن ئۈچ توپتىن بۆز قەرز ئالماقچى، ئەتىيازدا قەرز ئېلىپ كۈزدە قايتۇرۇش، ئۆسۈمنى بىر ھەسسە ئاشۇرۇپ تۆلەشنى كېلىشتى، سۈرۈكى توشقاندا ھەر بىرى ئالتە توپتىن بۆز قايتۇرۇپ بېرىدۇ؛ سۈرۈكى توشقاندا قايتۇرالمىسا، ئەل ئىچىدىكى ئادەت بويىچە، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ئۆسۈم قوشۇلىدۇ». دېيىلگەن. بۇ ئىككى پارچە ھۆججەتنىڭ مەزمۇنى قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى پاختا ۋە رەخت خانلىقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدىكى مۇھىم مەھسۇلات ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

* «لياڭنامە. قوچۇ تەزكىرىسى»، «جەنۇبىي سۇلالىلەر تارىخى. قۇچۇ تەزكىرىسى».

تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار ھەر خىل سورتلۇق ئۈزۈمنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشتە ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتقا ئىگە ئىدى. تۇرپاننىڭ كىشمىش ئۈزۈمى ياكى ئۈزۈنچاق مۇناقى ئۈزۈمى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا مەشھۇر. قوجو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ فېئودallىرىدىن ئۈزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇل- لىنىدىغانلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى، شەخسلەر ئارا ئۈزۈم سو- دىسى قىلىش ۋە مۇسەللەس چىقىرىش ئىشلىرىمۇ كەڭ ئەۋج ئالغانىدى. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان توختامنامىلەر- دىمۇ ئۈزۈمزارلىقنى ئىجارىگە ئېلىش توغرىسىدىكى ھۆججەتلەر بار. بىر ھۆججەتتە: «ئۇيغۇر بايتېمىر تېمىتچىنىڭ پۈشكۈبىرى دېگەن جايدىكى بىر پارچە ئۈزۈمزارلىقىنى ئىجارىگە ئالدى، ئىجارە ھەققى ئون تاڭ (پۇل نامى) بولدى، ئەتىيازدا ئىجا- رىگە ئېلىپ كۈزدە قايتۇرىدۇ. ئۈزۈمزارلىقنىڭ باج - سېلىقى يەنىلا ئەسلى ئىگىسىنىڭ زىممىسىدە بولىدۇ» دېيىلگەن. يەنە پاختا رەخت قەرز ئېلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا مۇسەللەس تۆلەش توغرىسىدىكى بىر ھۆججەتتە: «ئۇيغۇر تۇرباي بۆزگە جىددىي ھاجەتمەن بولۇپ قالغانلىقتىن، بىر تۇلۇم مۇسەللەس (ئېغىرلىقى 30 تېمبىن) كە قېيېيېمتۇنىڭ بىر يېرىم توپ بۆزىنى تېگىشمەكچى بولدى. بۆزنى ئاۋۋال قەرز ئالىدۇ، مۇسەللەسنى كۈزنىڭ بېشىدا تاپشۇرىدۇ؛ ئەگەر مۇسەللەسنى ۋاقتىدا تاپشۇر- ماي كېچىكتۈرسە ئەل ئىچىدىكى ئادەت بويىچە، ئۆسۈمنى ئاشۇ- شۇرۇشقا رازى» دېيىلگەن. ئوردا مۇسەللەس چىقارغۇچىلاردىن باج ئېلىش بىلەنلا قالماي، يەنە باجنىڭ بىر قىسمىنى سۈپەت- تىدە مۇسەللەسمۇ يىغىۋالاتتى. بۇ مۇسەللەسنىڭ بىر قىسمى مەخسۇس گەمىدە ساقلىناتتى. ئەرەب مەنبەلىرىدە توققۇز ئوغۇز- لارنىڭ قاغان ئوردىسىدا مۇھاپىزەتچى نۆكەرلەر ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكى، ئوردىدا ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم مۇسەللەس

ئىچىلىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. تاڭ دەۋرىدە كۇچا رايونىدا
كۆپلەپ ئۈزۈم چىقاتتى، دۆلەتمەن ئائىلىلەر نەچچە يۈز تۇلۇم-
لاپ مۇسەللەس قاينىتاتتى*. قۇجۇئۇيغۇر خانلىقى مەزگىلىدە
مۇشۇنداق ۋولۇشى تۇرغان گەپ.

قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى دائىرىسىدە، تۇرپان ئويمانلىقى-
نىڭ كىلىماتى بەكمۇ قۇرغاق بولغانلىقتىن، بۇ رايوندا سۇ
ئىنشائاتى بېرا ئىگىلىكى ۋە پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئىگىلىكتە مۇ-
ھىم ئورۇن تۇتاتتى. تىيانشاندىن ئېقىپ كېلىدىغان قار سۈيى
ۋە يەر ئاستى سۈيىدىن تولۇق پايدىلىنىش ئۈچۈن، تۇرپان
ئويمانلىقىدا شۇ جاينىڭ كىلىماتى ۋە جۇغراپىيىلىك شارائىتىغا
باب كېلىدىغان سۇ ئىنشائاتلىرى خېلى بۇرۇنلا بارلىققا كەل-
گەنىدى. ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، بۇ خىل سۇ ئىنشائاتلىرى-
نىڭ ئۈنۈمى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇلدى ۋە تېخىمۇ كېڭەي-
تىلدى، شۇ ئارقىلىق خانلىقنىڭ بۇرايوندىكى سۇغىرىش ئىشلىرى
كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. كارىز — مۇشۇنداق سۇ ئىنشائاتلىرى
ئىچىدىكى ئەڭ داڭلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرىدۇر.

كارىز — بىر خىل مۇرەككەپ سۇ ئىنشائاتى سىستېمىسى
بولۇپ، ئۇ تىك قۇدۇق، يەر ئاستى ئېرىقى، يەر ئۈستى ئېرىقى
قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان قىسىملاردىن تەركىب تاپىدۇ.
كارىز لىنىيىسىدە ھەر 20 — 30 مېتر ئارىلىقتا بىردىن تىك
قۇدۇق قېزىلىدۇ، تىك قۇدۇقلار يەنە يەر ئاستى ئېرىقى ئارقى-
لىق تۇتاشتۇرۇلىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش سۇنىڭ ھاۋاغا ئايلىنىپ
كېتىشىدىن ساقلىنىش، سۇ مەنبەسىنى تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ.

چارۋىچىلىق خانلىقنىڭ ئىگىلىكىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن
تۇتاتتى. ۋاڭ يەندې: «ئات - ئۇلاغلار تۈزلەڭلىكتە بېقىلىدىكەن،

* «كونا تاڭنامە. كوسەن تەزكىرىسى»

چارۋىلار يۈزنەچچە چاقىرىم يەرگىچە يېيىلغان، ئۇلار ئۆز خىلى بويىچە توپقا ئايرىلغان، سانىنى بىلگىلى بولمايدۇ» دېگەنىدى. خانلىق زېمىنىنىڭ شىمالىي قىسمى كەڭ ۋە ئېسىل ئوتلاق بولۇپ، بۇ ئوتلاقلاردا ئات، تۆگە، كالا، ئېشەك، نار تۆگىلەر بېقىلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ياۋا ئات، قوتاز، ئارقار، كىيىك، بۆكەن قاتارلىق ياۋايى ھايۋاناتلار بار ئىدى. دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىدا تېرىلغۇ ئىشلىرىغا تۆگە، كالا، ئېشەك كۆپرەك ئىشلىتىلەتتى، ئات كۆپىنچە قاتناش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلەتتى. رايونلار ئارا سودا ئىشلىرىدىمۇ ئاتقا بولغان ئېھتىياج زور ئىدى. بولۇپمۇ ھەربىي ئىشلاردا ئات تېخىمۇ كۆپ ئىشلىتىلەتتى. ھەر قېتىم ئۇرۇش بولغاندا، يىگىتلەر ئاتقا مىنىپ جەڭگە ئاتلىناتتى. 1001 - يىلى، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى سارىيىغا ئەلچى ئەۋەتكەندە يازغان خېتىدە، ئۆز دۆلىتىنىڭ باياشاتلىقى ۋە قۇدرەتلىكلىكىنى تەسۋىرلەپ: «ئۇ يەردىكى ھەرقانداق بىر كىچىك باشلىقنىڭمۇ نەچچە يۈزلەپ ئاتلىق ئەسكىرى بار» دېگەنىدى.

خانلىقنىڭ زېمىنىدا كان بايلىقى مول ئىدى. ئەينى زاماندا ئېچىلغان ۋە تارىخ كىتابلىرىدا خاتىرىلەنگەن مەدەنلەر مۇنداق ئۈچ خىل ئىدى: ئۇنىڭ بىرى تۆمۈر رۇدىسى. ۋاڭ يەندې ئۇنى «بىلەي تاش» دەپ ئاتىغانىدى. بىلەي تاشنى پارچىلىغاندا، ئۇنىڭدىن ساپ تۆمۈر (پارسچە spina دېيىلىدۇ) ئالغىلى بولاتتى؛ يەنە بىر خىلى قىزىل تۇز ئىدى، ئۇنىڭ تەمى ناھايىتى ئوبدان ئىدى؛ ئۈچىنچىسى نۆشۈدۈر، بۇ بېشبالىقتىكى تاغدىن چىقىدىغان بىر خىل مىنېرال بولۇپ، سۆسۈن ۋە ئاق ئىككى خىل رەڭدە بولاتتى، سۆسۈن رەڭلىكى ئاسەن خلورلۇق ناترىيدىن تەركىب تاپقانىدى. تىيانشاننىڭ بۇغدا چوققىسىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى شۆيشىگۇ جىلغىسىدىن چىقى-

دىغان نۆشۈدۈر «بېشبالىق نۆشۈدۈرى» دەپ ئاتىلاتتى. نۆشۈدۈرنى دورا ياساشقا ئىشلەتكەندىن سىرت، يەرلىك كىشىلەر ئۇنى ھەمىشە كۆن - خۇرۇم ياساشنىڭ خام ماتېرىيالى قىلاتتى.

خانلىق زېمىنىدا قول سانائەت ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ راۋاجلانغانىدى. كان قېزىش، مېتال تاۋلاش تېخنىكىسىمۇ خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنىدى. ۋاڭ يەندې: «ئۇيغۇرلارنىڭ قولى ئەپچىل، ھۈنەرگە ئۇستا، ئالتۇن - كۈمۈش، مىس، تۆمۈر تاۋلاشقا ماھىر، بۇ مېتاللاردىن ھەر خىل ئەسۋاب ياسىيالايدۇ، يەنە ئەسۋابلارغا نەقىش ئويۇشنىمۇ بىلىدۇ. كۈسەندىن ئالتۇن، مىس، تۆمۈر، قەلەي چىقىدۇ. ئۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارمۇ بۇ مېتاللاردىن ئەسۋاب ۋە سايمان ياسايدۇ» دېگەنىدى.

قۇجۇدا پاختا توقۇمىچىلىق ئىشلىرىمۇ خېلى راۋاجلانغانىدى، قېزىۋېلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى توختامنامە - ھۆججەتلەر بۇ يەردە توقۇلما بۇيۇملار مەھسۇلاتىنىڭ خېلى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. رادلوۋ ئېلان قىلغان بىرنەچچە پارچە ھۆججەتلەردە: «ئۇيغۇر تەت - مىلىك بىلەن قارا بۇقا ئىككىسى خوتۇن - قىزلارنى سېتىپ، بىر قېتىمدىلا 150 توپ رەخت پايدا ئالغان؛ قالمىتۇ بىر چۆرىنى قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ سېتىپ، بولاتنىڭ قولىدىن بىر قېتىمدىلا 100 توپ رەخت پايدا ئالغان. بىر باپكار قاغانغا تاپشۇرىدىغان باج قاتارلىق قەرزلىرىنى تۆلەش ئۈچۈن، بىر ئاي ئىچىدە 10 توپچە پاختا رەخت تاپشۇرغان». دېيىلگەنىدى. بۇنىڭدىن قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى زېمىنىدا توقۇمىچىلىقنىڭ راۋاجلانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. پاختا توقۇمىچىلىقىدىن باشقا، پىلىچىلىك، يىپەك توقۇمىچىلىقى ۋە يۇڭ توقۇمىچىلىقىمۇ

مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. لۈكچۈن رايونى كەندىردىن قوش قە-
ۋەت قىلىپ ئېگىرىلگەن كاناپ يىپتىن رەخت توقۇش بىلەن مەشھۇر
ئىدى. تۇرپاندا ئەنئەنىۋى كەشتىچىلىك تەرەققىي قىلغانىدى.
ھۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇيان، تۇرپان رايونىدىن
قېزىۋېلىنغان پاختا، يۇڭ، يىپەك، كەندىر توقۇلمىلىرىنىڭ
ئومۇمىي سانى مىڭ پارچىدىن ئاشىدۇ. يىپەك توقۇلمىلارنىڭ
تۈرى ئون نەچچە خىلغا يېتىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە شايى،
گۈللۈك دۇردۇن، ئەتلەس، بەقەسەم، كىمخاب، مەشۇت يىپ،
گۈللۈك تاۋار، كەشتە قاتارلىقلار بار. تاڭ دەۋرىگە ئائىت،
بىر جۈپ يولۋاس سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كىمخاب، ئۈنچىدىن
ئەجدىھا سۈرىتى چىقىرىلغان لىباس، تېگى ئاسمان رەڭگى،
ئۈستىگە كالۋۇتۇن يىپتىن ئۈزۈم نۇسخىسى كەشتىلەنگەن ئاق
گۈللۈك تاۋار بار؛ قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە ئائىت
يىپەك توقۇلمىلاردىن ئۈنچىدىن قوش سۈرەت نۇسخىسى چۈشۈ-
رۈلگەن كىمخاب بار. ئېگىرىش - توقۇش تېخنىكىسىدىن
قارىغاندا، قېزىۋېلىنغان يىپەك توقۇلمىلار ئىچىدە ئېلىمىزنىڭ
«يىپ بىلەن كەشتىلەش» دىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى ئۇسۇلى
ئارقىلىق ئىشلەنگەن كىمخابلاردىن باشقا، يەنە غەربىي يۇرتنىڭ
ئۆزىگە خاس تىپىك ئۇسلۇبى بويىچە «گۈل چېكىپ كانىۋا
چىقىرىلغان» توقۇلمىلارمۇ بار.

قوجۇدا چارۋىچىلىق ۋە قول سانائەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا
ئەگىشىپ، كۆن - خۇرۇم ئىشلەپچىقىرىشمۇ خېلى تەرەققىي
تاپقانىدى. بۇ يەردىكى ئۇيغۇر خەلقى كۆن - خۇرۇمدىن ناھا-
يىتى چىرايلىق ئېگەر - جابدۇق، ئۆتۈك، سومكا، ئوقدان،
كەمەر ۋە باشقا بۇيۇملارنى ياساشقا ئۇستا ئىدى. بۇ مەھسۇ-
لاتلارنى ئۆزلىرى ئىشلەتكەندىن سىرت، بىر قىسمىنى بازارغا
ئاپىرىپ ساتاتتى، سوۋغات ئۈچۈنمۇ ئىشلىتەتتى. قول ھۈنەرۋەن-

لەر ناق قۇيرۇق تېرىسىنى ئاشلاپ، نۇشۇدۇر بىلەن ئەيلەپ ئۇنىڭ رەڭگىنى قىزارتىپ، سىلىق ھەم سىپتا خۇرۇم ئىشلەيتتى. بۇ ئۇزۇن قونچۇلۇق ئۆتۈك تىكىشتە ئىشلىتىلىدىغان ئەلا سۈپەتلىك خۇرۇم بولۇپ ھېسابلىناتتى①. ئۇيغۇرلار IX ئەسىردىن كېيىن پولات (قۇيۇچ) تاۋلىيالايدىغان بولغانىدى. XI ئەسىردە، ئۇيغۇرلارنىڭ قول سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىشتا ئىشلەتكەن ھەر خىل ئۈسكۈنە - ئەسۋابلىرى، مەسىلەن: itəgü (ئىتە گۈ — تۈگمەندە ئۈستىگە ئايلانغۇچى تاش ئورنىتىلىدىغان قۇلاق)، kurq (قۇيۇچ - پولات)، kɵzək (كامان، بۆز ياكى گىلەم توقۇشتا ئارقاق بىلەن ئۆرۈشنى ئايرىپ تۇرىدىغان بىر خىل ئەسۋاب)، qəqkə (چەچكە — بۆزچىنىڭ يىپ تارايدىغان تارغىقى)، qiqri (چىغرىق — تۈگمەن چاقى، چىغرىق، چاقپېلەك، يىپەك ئېگىرىدىغان چاق...)②، ئەگەر پولات بولمايدىغان بولسا، بۇ ئۈسكۈنىلەرنى ياساش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇنىڭدىن بىز قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى زېمىنىدا تۆمۈر تاۋلاش ۋە تۆمۈر ئەسۋابلارنى ياساش تېخنىكىسىنىڭ خېلى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، كانچىلىق، قول سانائەتنىڭ تەرەققىياتى قوچۇ خانلىقىنىڭ سودا ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. قوچۇنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرى بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى تېخىمۇ قويۇقلاشتى. لياۋ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى يەنجىڭ (ھازىرقى بېيجىڭ) ۋە شاڭجىڭ (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل جاۋدا ئايمىقى بارىن سول خوشۇنىنىڭ لىندۇڭ بازىرى) دا نۇرغۇن ئۇيغۇر سودىگەرلىرى

---

① (سۇڭ) چېڭ دا چاڭ: «ئاجايىبات - غارايىباتلار».

② «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، I - توم، 184 - ، 447 - ، 508 -، 559 - ۋە 549 - بەتلەر.

بار ئىدى. ئۇلار ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى پەرق ئېتىپ باھالاشقا
بەك ماھىر ئىدى. شىمالدىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەردىن
ئۇ يەردە سودا قىلغۇچىلار ئۇيغۇرلارنى ۋاستە قىلماي تۇرۇپ
ئۆز ماللىرىنى ساتالمايتتى①. شاڭجىڭغا ئۇيغۇر سودىگەرلەر
كۆپلەپ بارغانلىقى ئۈچۈن، لياۋ خاندانلىقى جەنۇبىي قوۋۇق-
نىڭ شەرق تەرىپىدە «ئۇيغۇر مەھەللىسى» قۇرۇپ، ئۇلارنى شۇ
يەردە ئولتۇراقلاشتۇرغانىدى. قۇجۇ، كۇسەن قاتارلىق جايلار-
دىكى ئۇيغۇر خان ئوردىلىرى ئادەت بويىچە ھەر ئۈچ يىلدا
بىر تۈركۈم يۈز نەچچە كىشىلىك ئۇيغۇر ئەلچىلىرى (ئەمەلى-
يەتتە سودىگەرلەر) نى لياۋ خانلىقىنىڭ شاڭجىڭ شەھىرىگە
تىجارەتكە ئەۋەتىپ تۇراتتى. تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى يول
ئارقىلىق قاشتېشى، ئۈنچە ـ مەرۋايىت، كەركىدان، كەھرىۋا،
مەستىكى رۇمى، نۆشۈدۈر، كاھىش قاچىلار، قويۇچ
قورال ـ ياراقلار، ئاق قويرۇق تېرىسى ۋە ئىنچىكە يۇڭ يىپتىن
توقۇلغان ھەر خىل ماۋۇت، پالاس قاتارلىق ماللارنى توشۇپ ئاپىرىپ،
قىتانلارنىڭ مىس ۋە تۆمۈر پۇللىرىغا تېگىشىپ كېلەتتى②.

قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى بەش دەۋر مەزگىلىدە ھەمدە شىما-
لىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى لوياڭ ۋە كەيفېڭ ئىككى جايدا
ئاساسلىقى ئات سودىسى قىلاتتى. 924 ـ يىلدىن 948 ـ يىل-
غىچە (كېيىنكى تاڭ پادىشاھلىقىنىڭ تۇڭگۇاڭ 2 ـ يىلىدىن
كېيىنكى خەن پادىشاھلىقىنىڭ چيەنيۇ تۇنجى يىلىغىچە) بولغان
25 يىل ئىچىدە، ئۇيغۇر خانلىقى ئات، تۆگە، ئېگەر، يۈگەن
قاتارلىق نەرسىلەرنى لوياڭ، كەيفېڭ شەھەرلىرىگە 11 قېتىم

① (شىمالىي سۇڭ) خۇڭ خاۋ: «دەشت ئۆلكىسىدە ئاڭلىغانلىرىم. ئۇيغۇرلار».

② (جەنۇبىي سۇڭ) يې لۇڭلى: «قىتان دۆلىتىنىڭ تەزكىرىسى» 21 ـ، 26 ـ جىلد.

ئاپىرىپ ساتقان. 938 - يىلدىن 939 - يىلغىچە (كېيىنكى جىن پادىشاھلىقىنىڭ تيەنفۇ 3 - يىلىدىن 7 - يىلىغىچە) بولغان بەش يىل ئىچىدە، ئۇيغۇرلار ئىچكى رايونلارغا تۆت قېتىمدا جەمئىي 1200 تۇياق ئات ئاپىرىپ ساتقان. 961 - يىلدىن 1085 - يىلغىچە (شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ جيەنلۇڭ 2 - يىلىدىن يۈەنفېڭ 8 - يىلىغىچە) بولغان يۈز نەچچە يىل ئىچىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئات ۋە ئېگەر - جابدۇقلىرى كەيفېڭ شەھىرىدە ئۈزۈلمەي سېتىلىپ تۇرغانىدى. بىر قېتىملىق ئەڭ چوڭ سودا 1085 - يىلى (يۈەنفېڭ 8 - يىلى) بولغانىدى. شۇ قېتىمقى سودا سوممىسى 1 مىليون 200 مىڭ تىزىق يارماققا يەتكەنىدى. بۇنى ئات باھاسى بويىچە ھېسابلىغاندا، كەم دېگەندىمۇ 24 مىڭ تۇياق ئاتقا توغرا كېلەتتى*.

بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلار بەش دەۋر مەزگىلىدە ۋە شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە دورا - دەرمەك ۋە خۇش پۇراق ماتېرىياللار سودىسىمۇ قىلغانىدى. 924 - يىلدىن 951 - يىلغىچە (بەش دەۋر مەزگىلىدىكى كېيىنكى تاڭ پادىشاھلىقىنىڭ تۇڭگۇاڭ 2 - يىلىدىن كېيىنكى جۇ پادىشاھلىقىنىڭ گۇاڭشۈن تۇنجى يىلىغىچە) بولغان 28 يىل ئىچىدە، قوچۇ ئۇيغۇرلىرى لوياڭ، كەيفېڭ شەھەرلىرىگە ئالتە قېتىم نۈشۈدۈر، بۆكەن مۈڭگۈزى، دانىكا، ئىپار، كەھرىۋا، توغرىغا (توغراق شۈلتىسى) ۋە خۇش پۇراق دورا قاتارلىق ماللارنى ئاپىرىپ ساتقانىدى. شىمالىي سۇڭ دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ كەيفېڭگە ئېلىپ بارىدىغان دورا ماتېرىياللىرى ۋە خۇش پۇراق ماتېرى-

* «كىتابلار جەۋھىرى»، 972 - جىلد، «بەش دەۋر تارىخىغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر»، 28 - جىلد، «بەش دەۋرنىڭ كونا تارىخى» 138 - جىلد، «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»نىڭ داۋامى» 361 - جىلد.

ياللىرىغا يەنە قۇستە، زىرە، قەلەمپۇر، مامىرەنچىن قاتارلىق نەرسىلەر قوشۇلغانىدى①.

كىيىم - كېچەك ۋە زىبۇ - زىنىنەت بۇيۇملىرىمۇ قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇھىم سودا تۈرى ئىدى. 924 - يىلدىن 948 - يىلغىچە (بەش دەۋر مەزگىلىدىكى كېيىنكى تاڭ پادىشاھلىقىنىڭ تۇڭگۇاڭ 2 - يىلىدىن كېيىنكى خەن پادىشاھلىقىنىڭ چيەنيۇ تۇنجى يىلىغىچە) قوجۇ ئۇيغۇرلىرى لوياڭ، كەيفېڭ شەھەرلىرىگە 13 قېتىم پاختا رەخت، كۇچا يىپىكى، كۇچا پاختىسى، ئاق ئەتلەس، تىرىكە، شىرىس، يېشىل ياۋا ئات تېرىسى، ئاق بۇلغۇن تېرىسى، قاشتېشى، قاشتېشى ئورنىتىلغان كەمەر قاتارلىق نەرسىلەرنى ئاپىرىپ ساتقانىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر قېتىملىق ئەڭ چوڭ سودا 951 - يىلى (كېيىنكى جۇ پادىشاھلىقىنىڭ گۇاڭشۇن 4 - يىلى) بولغان، شۇ قېتىمدا كەيفېڭغا 1329 توپ پاختا رەخت، 2633 دانە ئاق بۇلغۇن تېرىسى ئېلىپ بېرىلغانىدى. شىمالىي سۇڭ دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇيغۇرلار كەيفېڭغا گۈللۈك رەخت، گۈللۈك دارايى قاتارلىق ماللارنى ئېلىپ بېرىپ ساتقانىدى. ئۇيغۇر خانلىقى تاۋار سودىسىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن يەنە خان تامغىسى بېسىلغان «قامدۇ» دەپ ئاتىلىدىغان لاتا پۇل تارقاتقانىدى②؛ ئىچكى رايونلارنىڭ مىس پۇللىرىمۇ بازاردا ئوخشاشلا ئاقاتتى.

① «كىتابلار جەۋھىرى»، 972 - جىلد، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەرنىڭ كۆپىيىسى»، 4 - ، 7 - ؛ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 490 - جىلد «ئۇيغۇرلار»؛ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 490 - جىلد «ئۇدۇن».

② «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم، 546 - بەت.

# 4 - بۆلۈم قوجو ئۇيغۇر خانلىقى مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشى

قوجو ئۇيغۇر خانلىقى شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيىتى ئالمىشىدىغان يول ئۈستىگە جايلاشقان بولغاچقا، ئۇ جاينىڭ مەدەنىيىتى ئەسلىدىلا ناھايىتى تەرەققىي تاپقانىدى. خانلىق قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئەسلىدىكى ئاساسىدا داۋاملىق راۋاجلاندى، چەت ئەللەرنىڭ ۋە ئىچكىرىدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى داۋاملىق قوبۇل قىلىپ، خانلىقنىڭ ئۆزگىچە مىللىي مەدەنىيەت فورماتسىيىسىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈردى. تارىخىي ھۆججەتلەر، كلاسسىك ئەدەبىيات، دىنىي كىتابلار ۋە قېزىپ چىقىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلار بىزگە قوجو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسىنى نامايان قىلىپ بەردى.

## 1. دىن

### بۇددا دىنى

قوجو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئاساسىي دىنلارنىڭ بىرى بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىپى* ئىدى. لېكىن قېزىۋېلىنغان پۈتۈكلەردىن مەلۇمكى، ئەينى چاغدا قوجودا بۇددا دىنىنىڭ ھىنايانا مەزھىپىمۇ تارالغان. قوجو ئۇيغۇرلىرى

* تىخنوۋ: «X — XIV ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمى» 11 - باب.

بۇددا دىنىغا ئىخلاس بىلەن ئېتىقاد قىلىش جەريانىدا بۇددىزمنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى ۋە بۇددىزم سەنئىتىنىمۇ قوبۇل قىلدى. ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە ئائىت بۇددا دىنى ئىمارەتلىرى ۋە بۇددىزم سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن قارىغاندا، قەنداھار سەنئىتى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ دىنىي سەنئىتىنىڭ تەسىرى بىرقەدەر روشەن. ئاساسلىق بۇددىزم نوملىرى مۇشۇ دەۋردە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىغا تەرجىمە قىلىنغانىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە «ئالتۇن يارۇق» («سۇۋارناپراپا سوتتاما سۇترا»)، «ساددارما پۇنداركا سۇترا»، «بۇددا ۋاتام ساكاناخاۋايپۇليا سۇترا» قاتارلىق كىتابلار خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغانىدى. «ئالتۇن يارۇق» نى بېشبالىقلىق سىڭقۇسالى تۇتۇڭ تەرجىمە قىلغانىدى. بەزى دىنىي كىتاب (نوم)لار كۇسەن جەتىلى ياكى باشقا تىللاردىن تەرجىمە قىلىنغانىدى. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا دىنىي كىتابلىرى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىدىيە ساھەسىدە ھۆكۈمران ئورۇن تۇتاتتى. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بەزى دىنىي كىتابلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزى يازغانىدى. قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بۇددا دىنى ئىچكى رايونلارنىڭ بۇددا دىنىغىمۇ مەلۇم تەسىر كۆرسەتكەنىدى. بەزى ئۇيغۇر راھىبلىرى ئىچكى رايونلاردا بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىپ، ئىچكى رايونلاردىكى بۇددىستلارنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل بولغانىدى. 1047 - يىلى تاڭغۇت خانى لى يۈەنخاۋ «ئېگىز پەشتاقلىق خانىقا» دەپ ئاتالغان كاتتا بىر ساڭرام سالدۇرغانىدى، ئۇيغۇر راھىبلىرى بۇساڭرامدا بەزى بۇددا كىتابلىرىنى تاڭغۇت تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققانىدى. بەزى ئۇيغۇر راھىبلىرى بۇددا دىنى جەھەتتە چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە ئىدى، تام رەسىملىرى سىزىشقا ماھىر ئىدى، ئۇلارنىڭ ماھارىتى ۋە ئۇسلۇبى

روشەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئىدى. قوچو خانلىقىنىڭ خانى ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرلىرى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، بۇددا دىنى خانلىقىنىڭ دۆلەت دىنى قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلار گوبىنىڭ شىمالىدا ياشىغان چاغدا مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، مانى دىنى ئۇ يەردە ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولغاچقا، مانى دىنىمۇ بۇددا دىنىنىڭ ئىدىيە - كۆز قاراشلىرىغا مەلۇم تەسىر كۆرسەتكەنىدى. مەسىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بەزى بۇددا كىتابلىرىدا «براھما» (بۇددا دىنىنى ياراتقۇچى ئىلاھ — ت) «ئەزرۇئا» دەپ ئاتالغان، «ساكرا - دېۋانام لۇدرا» «خورمۇزتا» دەپ ئاتالغانىدى.

كۆز قاراش جەھەتتىكى بۇ ئۆزگىرىشلەر مانى دىنى بىلەن بۇددا دىنىنىڭ مەلۇم دائىرىدە بىر - بىرىگە سىڭگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئۇيغۇر خانلىقى زېمىنىدىكى بەزى بۇددا مەزھەپلىرى مانى دىنىنىڭ تۈسىنى ئالغانىدى.

ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، بۈگۈنكى ئىدىقۇت شەھىرى، يارغول، بېشبالىق، كۇچا قاتارلىق جايلار شۇ چاغدا مەشھۇر بۇددىزم مەركەزلىرى ئىدى. بېزەكلىك، تۇيۇق ۋە لەمجىن، قىزىلتاغ (يالقۇنتاغ) ئارىلىقىدىكى باشقا جىلغىلاردا قوچو خانلىقى دەۋرىدە بىنا قىلىنغان زور كۆلەم- لىك مىڭئۆيلەر بار. بېزەكلىكتىكى مىڭئۆينىڭ 29 - نومۇر- لۇق ئۆڭكۈرىگە سىزىلغان ئەر - ئايال تېۋىنغۇچىلارنىڭ سۈرىتى ئەينى يىللاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى- نىڭ ئەينەن تەسۋىرىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، بېشبالىقتىكى بۇددا ساڭرامىلىرىدا خانلىق دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سۈرىتى بار. باينىڭ قىزىلدىكى قىزىل مىڭئۆيىدىمۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۆڭكۈر ۋە تام سۈرەتلىرى بار. بۇ بۇددا مىڭئۆيلىرى ۋە بۇددا ئىمارەتلىرى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بۇددا دىنىنىڭ

نەقەدەر روناق تاپقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## مانى دىنى

قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى زېمىنىدا تارقالغان ئىككىنچى بىر چوڭ دىن — مانى دىنى ئىدى. مانى دىنى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرىلا تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا كەڭ تارقالغانىدى. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان دەسلەپكى مەزگىلدە يەنىلا مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئەرەب، پارس مەنبەلىرىدە، تەمىم ئىبنى بەھرىنىڭ X — IX ئەسىرلەردە قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى، ئۇستىگە جۇڭگونىڭ تاۋار - دۇردۇنىدىن كىيىم كىيگەنلىكىنى كۆرگەنلىكى خاتىرىلەنگەن*. ۋاڭ يەندىمۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا «ساڭرامىلار كۆپ، پارس راھىبلىرى ھەرقايسى ئۆز تەلىماتلىرى بويىچە ئىش كۆرىدۇ» دەپ يازغانىدى. ئىسخونوۋ گەردىزىدىن نەقىل ئېلىپ: «قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ھەر كۈنى ئۈچ - تۆت يۈز كىشى خان ئوردىسى ئەتراپىغا يىغىلىپ مانى كىتابلىرىدىن قىرائەت قىلىدۇ» دېگەنىدى. بار تولد «كاتالوگ» دېگەن كىتابتىن نەقىل كەلتۈرگەن بىر قىزىقارلىق خەۋەردە مۇنداق دېيىلگەن: «توققۇز ئوغۇز (قۇچۇ ئۇيغۇرلىرى) نىڭ خانى كىشىلەردىن سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى سەمەرقەندتىكى مانى مۇخلىسلىرىغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانى دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ، سامانىيلار خانلىقىنىڭ ئەمىرىنى قورقىتىپ: ‹قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى زېمىنىدىكى مۇسۇلمانلار سامانىيلار خانلىقىدىكى

* گېڭ شىمىننىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە ھۆججەتلىرى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان» دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن.

مانى مۇخلىسلىرىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ. ئەگەر سامانىيلار خانلىقى مانى مۇرىتلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا، قوچو خانلىقى ئۆز زېمىنى ئىچىدىكى مۇسۇلمانلارغىمۇ زىيانكەشلىك قىلىدۇ، دەپتۇ. بۇ گەپ دەرھال ئۈنۈم بېرىپ، سامانىيلار خانلىقى مانى مۇرىتلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىش پىلانىدىن ۋاز كەچكەنىكەن»*. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى خانىنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئۇنىڭ خانلىقىنىڭ مانى دىنىنى خېلى بەك قوغدايدىغانلىقىنى، مانى دىنىغا قارىتا يوقىتىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشكە يول قويمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى زېمىنىدا مەخسۇس مانى ئىبادەتخانىلىرى بار ئىدى. ئىبادەتخانىلارنىڭ ئىلكىدە نۇرغۇن تېرىلغۇ يەر، ئۈزۈمزارلىق، چارۋا ماللار بار ئىدى. ئىبادەتخانىدىكى مانى راھىبلىرىنىڭ ئىچىدە مەرتىۋە پەرقى ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، موجاكلار (دىن تارقاتقۇچىلار) ئەڭ يۇقىرى قاتلام، ئاۋدىنۇلار (تىڭشىغۇچىلار) تۆۋەن قاتلامدىكى ئېتىقادچىلار ئىدى. تام رەسىملىرىدىن بىز شۇنى بىلدۇقكى، موجاك مانى دىنىدىن تەپسىر ئېيتقاندا، ئەر - ئايال ئېتىقادچىلار ئاق كىيىم كىيىپ، ئۆز مەرتىۋىسى بويىچە موجاكنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ ئولتۇرىدىكەن. مانى دىنىدا نۇرغۇنلىغان تۇۋا - ئىستىغپار سۆزلىرىنىڭ بولۇشى مانى مۇخلىسلىرى دۇئا - تىلاۋەت قىلغاندا، تۇۋا - ئىستىغپار ئوقۇپ ئۆزلىرىگە مەنىۋى جەھەتتىن تەسەللى ئىزدەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھازىرقى كۈندە تېپىلغان مانى دىنىغا دائىر كىتاب - ھۆججەتلەردىن «ئىككى يىلتىزلىق نوم» (يورۇقلۇق ۋە جاھالەتنى شەرھلەيدىغان كىتاب)، «مانى مۇخلىسلىرىنىڭ تۇۋانامىسى» ھەمدە تۇۋا - ئىستىغپار دۇرۇتلىرى، تەقۋىم (سالنامە)، دورىگەرلىك كىتابى، پالنامە

*«ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىغا دائىر 12 لېكسىيە» (3).

قاتارلىقلار بار. ھۆججەتلەرنىڭ بەزىلىرى «مانى يېزىقى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل يېزىقتا يېزىلغان، بەزىلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان، بەزىلىرى تۈركىي يېزىقتا يېزىلغان.

مانى دىنى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا مەلۇم تەسىر كۆرسەتكەنىدى، دۆلەتنىڭ بىرمۇنچە چوڭ سىياسىي ئىشلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىغا مانى ئەربابلىرى قاتنىشاتتى. خانلىقنىڭ ئىچكى رايونلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مانى ئەربابلىرىنىڭ باشچىلىقىدا باراتتى. تاكى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندىمۇ، مانى مۇخلىسلىرى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ئىچكىرىسىگە ئەۋەتىلەتتى.

## نېستورىيان دىنى

نېستورىيان دىنى خرىستىئان دىنىنىڭ بىر تارمىقى ئىدى. بۇ مەزھەپ نېستورىئۇس (تەخمىنەن مىلادى 334 — 440) نىڭ دىنىي تەشەببۇسىغا ۋارىسلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، «نېستورى مەزھىپى» دەپ ئاتالغانىدى. VIII ئەسىردە بۇ مەزھەپ ئاسىيادا كەڭ تارقالغانىدى، ئېلىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرىدا بولسا، «جىڭجياۋ» دېگەن نام بىلەن ئاتالغانىدى. شىنجاڭ رايونىدىمۇ بۇ دىنغا دائىر قالدۇق ئەسەرلەر (پراگمېنتلار) تېپىلدى، قوچو رايونىدىكىلەر مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىۋاتقان چاغلاردا، نېستورىيان دىنىمۇ تارقىلىشقا باشلىغان، لېكىن ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئاز ئىدى. يۈەن سۇلالىسى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، شىنجاڭدىكى نېستورىيان دىنى يەرلىك ئاھالىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنلىكتىن، شەكىل جەھەتتە بەزى ئۆزگىرىشلەر روي بەرگەنىدى. شۇ چاغلاردا فرانسىيە كورولى لۇئى IX ئەۋەتكەن مىسسىئونېر ۋىللىئام رۇبرۇك شەرققە كېلىپ موڭغۇلىيىنىڭ قاراقورۇم دېگەن يېرىدە موڭغۇل ئۇلۇغ خانى

مۆڭكۇ (خەنزۇچە مەنبەلەردە شيەنزۇڭ دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بىلەن كۆرۈشكەن. رۇبرۇك ئۆزىنىڭ «سەپەر خاتىرىسى» دە، ئۇ شىنجاڭنىڭ مەلۇم بىر شەھىرىدىن ئۆتكەندە، شۇ جايدىكى ئىبادەتخانىدىكى نېستورىيان مۇخلىسلىرىنىڭ ئېيسانىڭ سۈرىتى ۋە كرېست بەلگىسىنى ئىشلەتمەي، بويىنغا قارا رەڭلىك كىچىك كرېست ئېسىۋالغانلىقىنى، ئىبادەتخانىدىكى ساندۇق ئۈستىگە خرىستىئان دىنىغا غەيرىي بولغان ئىسىرىقدان قويغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى يازغانىدى①.موڭغۇل — يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، ئۇيغۇر نېستورىيانلىرى ئېلىكخان دۆلىتىدىكى موڭغۇللارنىڭ ياۋروپادىكى خرىستىئان دۆلەتلىرىنىڭ كاروللىرى بىلەن باردى-كەلدى قىلىشىغا تۈرتكە بولغانىدى. راببان ماركوس ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر يۈەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى خانبالىق (ھازىرقى بېيجىڭ) نىڭ ئەتراپىدىكى بىر جايدا تۇغۇلغانىدى، ئۇ 1281 - يىلى نېستورىيان چېركاۋىنىڭ باغداتتا تۇرۇشلۇق نېستورىيان ئېپىسكوپلىقىغا تەيىنلەنگەنىدى، ئۇنىڭ دوستى راببان ساۋما ئېلىكخان دۆلىتىنىڭ خانى ئارغۇن تەرىپىدىن يالۋاچىلىققا تەيىنلىنىپ، ۋىزانتىيىنىڭ پايتەختى كونىستانتىنوپولغا بېرىپ رىم پاپىسى بىلەن كۆرۈشكەنىدى. ئۇ يەنە ئەنگلىيە، فرانسىيە كاروللىرىنىمۇ زىيارەت قىلغانىدى. ئۇ ئالغاچ بارغان كىتابلار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، كىتابلار ئۈستىگە ئېلىكخان دۆلىتىنىڭ دۆلەت تامغىسى بېسىلغانىدى②.

---

① (فرانسىيە) رۇبرۇك يازغان، ئامېرىكىلىق روكھىن (w.w.Rockhin) ئېنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغان «رۇبرۇكنىڭ شەرققە قىلغان سەپەر خاتىرىسى، 1253 — 1255 - يىل»، سان. پېتېربۇرگ نەشرى.

② ئامېرىكىلىق كارتېر (T·Fcarter) يازغان «جۇڭگونىڭ مەتبەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ غەربكە تارقىلىشى»، بېيجىڭ فاكسىمىل نۇسخىسى، 127 - بەت، 1941 - يىل.

بۇددا دىنى، مانى دىنى، نېستورىيان دىنىدىن باشقا، قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدا يەنە شامان دىنى، زوراستى دىنى (زەردەشت) قاتارلىق باشقا ئېپتىدائىي دىنلارمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانىدى. خانلىقنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، ئىسلام دىنىمۇ كىرىشكە باشلىدى. قېزىۋېلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى پۈتۈكلىرىدە شامان راھىبلىرى «باخشى» دەپ ئاتالغانىدى. ۋاڭ يەندې قوچوغا ئەلچى بولۇپ كەلگەندە، زوراستى ئىبادەتخانىسىدا پارس راھىبلىرى باشچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىكەن. ۋاڭ يەندې ئۇلارنى «يات راھىبلار» دەپ ئاتىغانىدى. 984 - يىلى (يۇڭشىنىڭ تۇنجى يىلى) 5 - ئايدا، قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدىن سۇڭ خاندانلىقىغا ئەلچى بولۇپ بارغانلار ئىچىدە «پارس راھىبى» (زوراستى مۇخلىسى) ئارىيان دېگەن كىشىمۇ بولغان. بۇنىڭدىن زوراستى دىنى بىلەن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

## 2. تىل - يېزىق

قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يەنىلا تۈركىي يېزىق قوللىنىلغان بولۇشى مۇمكىن. كېيىن ئۇيغۇرلار تەدرىجىي ھالدا سوغدى يېزىقىنى ئۆزگەرتىپ قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇر تىلىنى ئىپادىلەيدىغان يېزىق قىلىپ ئىشلەتكەن، شۇڭا، ئۇ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى» دەپ ئاتالغانىدى. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى 22 ھەرپتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئوڭدىن سولغا قارىتىپ توغرىسىغا يېزىلىدىغان شەكلى ۋە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ تىك يېزىلىدىغان شەكلىمۇ بار ئىدى، تىك يېزىلىدىغان شەكلىنىڭ قۇر تەرتىپى كۆپىنچە سولدىن

ئۇسۇلغا قارىتا بولاتتى. خەت شەكلى ياغاچ باسما شەكلى، سۇترا يېزىش شەكلى ۋە تېز يېزىش شەكلى دەپ ئايرىلاتتى. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ ئىدى. ھازىر مەلۇم بولۇشىچە، بۇ يېزىق بۇددا كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىشتا قوللىنىلىپلا قالماي، مانى دىنى، نېستورىيان دىنى ۋە ئىسلام دىنىي مۇرىتلىرى مانى دىنى، نېستورىيان دىنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ كلاسسىك كىتابلىرىنى، توختامنامە، تىلاۋەتنامە، شېئىر - نەزمە، ھېكايىلەرنى تەرجىمە قىلىش ۋە يېزىش ئىشلىرىدىمۇ قوللانغان. خان ئوردىسى ۋە خەلق ئىچىدە، بۇ يېزىقنى يەنە ئالاقىلىشىش قورالى سۈپىتىدە قوللانغان ۋە توختامنامىلەرنى مۇشۇ يېزىقتا يازغان. XIX ئەسىردىن بۇيان، چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى، ئارخېئولوگلىرى مۇشۇ يېزىقتا يېزىلغان نۇرغۇن ھۆججەتلەرنى تاپتى. بۇ ھۆججەتلەر ھازىر دۇنيادىكى بىرمۇنچە دۆلەتلەرنىڭ كۇتۇپخانىلىرىدا ياكى مۇزېيلىرىدا ساقلانماقتا. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ ئىچىدە ئاساسەن بۇددا نوملىرى، مانى پۈتۈكلىرى، نېستورىيان پۈتۈكلىرى، ئەدەبىي ئەسەرلەر، تىبابەتچىلىك كىتابلىرى ۋە رېتسېپلار، ئابىدە - خاتىرىلەر، كالېندار، ئىقتىسادقا دائىر ھۆججەتلەر ھەمدە كۆسەنچە — ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما سۆزلۈك قاتارلىقلار بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئەسەرلەر — بۇددا دىنىغا دائىر كىتابلاردىن «ئالتۇن ئۆڭلۈگ ياروق يالتىراق قوپتا كۆتۈرۈلمىش نوم ئىلىكى ئاتلىق نوم بىتىك» (ئالتۇن نۇر چېچىپ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان شاھ ئەسەر)، «بۇددىستاتۋا ئۇلۇغ تاڭ نوم ئۇستازىنىڭ تەرجىمىھالى» (يەنى شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى)، «سادتىھارما پۇنداريكا سۇترا» (كارامەتلىك نىلۇپەر سۇترا)، «ئاۋاتاكا ماخاۋايپۇليا سۇترا»، «ۋايجرا

سۇترا» (كىمكوكى)، «مايىترى سىمىت» قاتارلىق 20 نەچچە خىلغا يېتىدۇ؛ مانى دىنىغا دائىر كىتابلاردىن «ئىككى يىلتىزلىق نوم»، «مانى مۇخلىسلىرىنىڭ تۆۋا - ئىستىغپارنامىسى»، «مەدھىيە» قاتارلىق بىر نەچچە خىلغا يېتىدۇ؛ نېستورىيان دىنىغا ئائىت كىتابلاردىن «ئىنجىل»؛ ئەدەبىي ئەسەرلەردىن «ئىزوپ مەسەللىرى» نىڭ پراگمېنتى، «ئوغۇز-نامە»، خەلق قوشاقلىرى، بېيت قاتارلىقلار؛ توختامنامىلەردىن «بىنتۇگىنىڭ يېتىلىش توختام خېتى»، «دىڭخۇي تايىننىڭ قۇل سېتىش توختام خېتى» قاتارلىقلار بار. قەدىمكى يېزىقشۇناسلار ۋە قەدىمكى تىلشۇناسلار بۇ خىل يېزىق ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش مۇكەممەل يېزىش قائىدىسىگە ئىگە دەپ قارايدۇ. بۇ يېزىقنىڭ تىنىش بەلگىلىرى، ئابزاسقا بۆلۈنۈشىدىمۇ مۇقىم ئالاھىدە بەلگىسى بار. بۇددا نوملىرى ۋە مىڭئۆي تام سۈرەتلىرىدىكى بېغىشلىمىلار ئومۇمەن ناھايىتى رەتلىك ھەم چىرايلىق يېزىلغان.

«ئوغۇزنامە» دە خاتىرىلەنگەن مەزمۇنلار ئۇيغۇرلارنىڭ دەسلەپكى بوۋىسى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەردىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىكى مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى ۋە مەزمۇنلاردىن قارىغاندا، ئۇنىڭ يېزىلغان ۋاقتى تەخمىنەن X ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ، ۋەقەلىك تەسۋىرلەنگەن ئورۇن تىيانشاننىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ، نامسىز بىر ئۇيغۇر كىشىنىڭ قول يازمىسى بولۇپ، ئەسلى كوپىيىسىنىڭ زور بىر قىسىم پراگمېنتى قول-دىن - قولغا ئۆتۈپ، فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرىگە بېرىپ قالغان، كېيىن چارلىس شېفېرنىڭ قولىغا چۈشكەن. XIX ئەسىرىنىڭ ئاخىرىدا روسىيىلىك تۈركلوگ رادلوۋ كۆچۈرۈپ باسقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك. مۇقەددىمە» سىگە كىرگۈزگەن.

«ئالتۇن يارۇق» (ماھايانا مەزھىپىنىڭ «ئالتۇن ئۆڭلۈگ يارۇق يالتىراق قۇپتا كۆتۈرۈلمىش نوم ئىلىكى ئاتلىق نوم بىتىك» نىڭ قىسقارتىپ ئاتىلىشى) ئەسلى سانسكرىتچە بولۇپ، ئۇنى تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن يى جىڭ دېگەن كىشى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان، قەدىمكى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان. بەش دەۋر مەزگىلىدىكى كېيىنكى تاڭ پادىشاھلىقى ۋاقتىدا (923 — 936)، بېشبالىقلىق ئۇيغۇرسېنقۇ سالى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇيغۇرچە «ئالتۇن يارۇق» نىڭ 1 - جىلدىغا خەنزۇچە نۇسخىسىدا يوق «ئالتۇن يارۇق. تۇۋا - ئىستىغپار ئېيتىپ گۇناھىنى يۇيۇش ھەققىدە» دىكى ئىككى ھېكايە ۋە «تۆت دېۋاغا مەدھىيە»، «سەككىز مۇقەددەس جايغا مەدھىيە» ھەمدە كىتاب ئاخىرىدىكى ئۇيغۇرچە يېزىق (سۇترانى كۆچۈرگۈچى كىشى يازغان) لار كىرگۈزۈلگەن. شۇڭا، «ئالتۇن يارۇق» نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تىلى ۋە دىنى (بۇددا دىنى) نى تەتقىق قىلىشتىكى ئاساسلىق ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىتابنىڭ ئەڭ مۇكەممەل نۇسخىسى 1910 - يىلى روسىيىلىك مالوۋ گەنسۇنىڭ جيۇچۈەن رايونىدىن سېتىۋالغان، 1687 - يىل (چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 26 - يىلى) دىكى تەرجىمە نۇسخىسىدۇر، بۇ كىتاب جەمئىي 397 بەت بولۇپ، ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرق تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ لېنىنگراد شۆبىسىدە ساقلانماقتا.

«شۋەنجۇاڭنىڭ تەرجىمھالى» («بۇددىساتۋا — ئۇلۇغ تاڭ نوم ئۇستازىنىڭ تەرجىمھالى» نىڭ قىسقارتىلمىسى). بۇ، شۋەنجۇاڭنىڭ شاگىرتى خۇيلى ئۆز ئۇستازىنىڭ ھاياتىدىكى پائالىيەتلىرى، جۈملىدىن بۇددا ئىلمىنى

تەھسىل قىلىش ئۈچۈن غەربكە سەپەر قىلىش جەريانىدىكى
كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلغان ئەسەردۇر. ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە
تەرجىمە نۇسخىسىنىمۇ X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا سىنىڭقۇ
سالى تەرجىمە قىلغان. ئەسلى كۆچۈرمە نۇسخىسى 1906 -
يىلى شىنجاڭدىن تېپىلغان، ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى
فرانسىيىلىك پېللىئوتنىڭ قولىغا چۈشكەندىن كېيىن، پېللىيوت
ئۇنى فرانسىيىدىكى گۇيمېت مۇزېيىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن؛ يەنە
بىر قىسمىنى سابىق چىڭخۇا داشۆ پروفېسسورى يۈەن فۇلى
سېتىۋېلىپ، بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىغا ھەدىيە قىلغان، بۇ كىتاب
جەمئىي 204 ۋاراق. 1932 - يىلى گېرمانىيىلىك ئالىم A. فون.
گابائىنغا ئارىيەت بېرىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن قايتۇرۇۋېلىنغان. جۇڭخۇا خەلق
جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پروفېسسور فېڭ جياشېڭ
ئۇنى رەتلەپ چىقىپ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن بېيـ
جىڭ داشۆنىڭ بىرلىكتە نەشىر قىلدۇرۇشىغا تاپشۇرغان.

«مايىترى سىمىت» قوجو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانى سۇڭ
سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندېنى ئۆز ھۇزۇرىدا قوبۇل قىلغاندىن
كېيىن، بەرگەن زىياپەتتە «شاد-خۇراملىق ئىچىدە داۋام قىلىپ،
ئېسىل تىياتىر بىلەن ئاياغلاشقان». دېمەك، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر-
لاردا تىياتىر ئاللىقاچان بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش
مۇمكىن. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، تۇرپان رايونىدىن قەدىمـ
كى ئۇيغۇر يېزىقىدا تەرجىمە قىلىنغان بۇددىزم سەھنە كىتا-
بى — «مايىترى سىمىت» نىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنىڭ
پارچە ۋاراقلىرى تېپىلدى، 1959 - يىلى، شىنجاڭ قۇمۇل
ناھىيىسىدىن ئەينى كىتابنىڭ 293 بەتلىك كۆچۈرمە نۇسخىسى
تېپىلدى، ھەربىر ۋارىقى ئۈستىگە قانچىنچى پەردە ئىكەنلىكى
يېزىپ قويۇلغان، ھەربىر پەردىسىنىڭ بېشىغا تىياتىرنىڭ ئوي-
نالغان مەيدانى ئىزاھلاپ قويۇلغان. بۇ سەھنە كىتابى بىر

پەردە مۇقەددىمە ۋە 25 پەردە رەسمىي تېكست (دىئالوگ) دىن تەركىب تاپقان، رەسمىي تېكىستتە ئاساسلىقى مايترى بۇتنىڭ ھاياتىدىكى پائالىيەتلىرى، چوڭ - كىچىك دوزاخلار ۋە مايترى بۇتنىڭ ئۇنىڭدىكى ئازاب چېكىۋاتقان ئانىسىنى قۇتۇلدۇرۇش ئەھۋالى بايان قىلىنغان. كۇچادىن قېزىۋېلىنغان، تىياتىر ئوينىۋاتقان كۆرۈنۈشلەرگە ئائىت مەدەنىي يادىكارلىقلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، ئەينى زاماندا قوچۇدا بۇددا دىنىدىكى بايرام كۈنلەردە، ئىبادەتخانىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى ئاممىا يىغىلىدىغان جايدا، ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان سەھنە كىتابىغا ئاساسەن، بۇددا دىنىغا دائىر ھېكايىلەرنىڭ تەسىرلىك ئوينالغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇ.① بۇ ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى بولۇپ، سەھنىگە ئىككى كىشى يۈزىگە نىقاب تارتىپ، ھەرخىل كىيىم بىلەن ئۈستىگە تار چىلتىكە كىيىپ ئويۇن ئوينايتتى②.

## 3. كالېندار

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئاز دېگەندە ئىككى خىل يىلنامە قوللىنىلغانىدى، ئۇنىڭ بىرى «ھەپتىلىك كالېندار» دەپ ئاتىلاتتى، بۇ بىر خىل قەدىمكى كالېندار بولۇپ، تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كالېندارنىڭ پارچە ۋاراقلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتتىن قارىغاندا، كا-

① گېڭ شىمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بۇددا دىنىغا دائىر ئىپتىدائىي سەھنە كىتابى - ‹مايترى سىمىت› (قومۇل نۇسخىسى) ئۈستىدە تەتقىقات»، «تارىخىي ماتېرىياللار» 12 - توپلام.

② (ياپونىيە) كوما گاي نوبۇئو: «كۇچادىن تېپىلغان رەڭلىك شارىرا قاچىسى» («گۈزەل سەنئەت تەتقىقاتى»، 1957 - يىل)، ئالمىيا ماتېرۇكازۇ: «پېللىئوت قولغا كەلتۈرگەن، كۇچا سۇ بېشى دېگەن جايدىن تېپىلغان ئۈچ خىل شارىرا قاچىسى» (يۇقىرىقى ژۇرنالغا بېسىلغان).

لىندارغا كۆنلەرنىڭ نامى سوغدىچە، خەنزۇچە، تۈركچە ئۈچ
خىل تىلدا يېزىلغانىدى، يەتتە كۈننىڭ نامى سوغدى تىلىدا
يېزىلغان، خەنزۇچە يېزىقتىكى كالېندار مۇچەل ۋە بۇرج بەل-
گىسى بويىچە يېزىلغان، تۈركىي تىلدا 12 يىل (مۇچەل) نامى
يېزىلغان. ئېيتىلىشىچە، خەنزۇ ھەپتىلىك كالېندارى تاڭ سۇلا-
لىسىنىڭ كەيىۋەن 7 - يىلى (مىلادى 719 - يىلى)، ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى سەمەرقەند (سوغدىيانا) لىق ئاسترونوم، مانى مۇخ-
لىسى مۇجاك (Moza — قەدىمكى پارس تىلىدا «دىن تارقات-
قۇچى» دېگەن بولىدۇ) تەرىپىدىن تارقىلىپ كىرگەن. كېيىن،
دۇڭخۇاڭدىن تېپىلغان، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى
بىرنەچچە پارچە جۇڭگو يىلنامىسىنىڭ ھەممىسى ھەپتىلىك
كالېندار بولۇپ، ھەپتە كۈنىنىڭ ئاستىغا «Mir» ھەرپى قى-
زىل تامغا بىلەن بېسىلغان (Mir دېگەن ھەرپ سوغدىچە
«ھەپتە كۈنى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ)، قالغان ئالتە كۈن-
نىڭمۇ سوغدىچە نامى ئىزاھلاپ قويۇلغان*. شىمالىي سۇڭ
خاندانلىقىدىن ۋاڭ يەندې قوچۇغا ئەلچى بولۇپ كەلگەندە،
شۇ چاغدا قوچۇدا «تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەيىۋەن 7 - يىلى
دېگەن يىلنامىنى قوللانغان» لىقىنى خاتىرىلەپ قويغان. بۇنىڭ-
دىن مەلۇمكى، ئۇيغۇرلارمۇ ھەپتىلىك كالېندار قوللانغانلىقى
شۈبھىسىز. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە قوللىنىلغان يەنە
بىر خىل كالېندارمۇ تۇرپاندىن تېپىلغان بىر خىل يىلنامە
بولۇپ، بۇ كالېنداردا بىر يىل 12 ئايغا بۆلۈنگەن، 2 - ئاي-
دىن 11 - ئايغىچە بولغان ھەرقايسى ئايلار ئۆز تەرتىپى
بويىچە سان بىلەن ئاتالغان، پەقەت 1 - ئاي بىلەن 12 -
ئاي «ئارام ئاي» ۋە «چاغساپات» دەپ ئاتالغان، «ئارام ئاي»

* فرانسىيىلىك ئې. چاۋاننېس يازغان، فېڭ چېڭجۈن تەرجىمە قىلغان؛ «مانى دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقالغانلىقى ھەققىدە تەتقىقات»، شاڭۋۇ باسماخانىسىنىڭ شۆبىسى، 13 -، 18 - بەتلەر.

دېگىنى روزا ئېيى بولۇپ، خەنزۇلارنىڭ قەمەرىيە كالېندارىدىكى نورۇز ئېيىغا، «چاغساپات» دېگىنى دەلۋە ئېيىغا توغرا كېلىدۇ؛ ھەر ئاينىڭ ئالدىنقى ئون كۈنى «ياڭى» (يېڭى) دەپ ئاتىلىدۇ، بۇمۇ خەنزۇلارنىڭ قەمەرىيە كالېندارىدىكى ھەر ئاينىڭ ئالدىنقى ئون كۈنىنى «ئاي بېشىنىڭ مۇنچىنچىسى» دەپ ئاتىغىنىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ خىل كالېنداردىمۇ ئايلار چوڭ ئاي، كىچىك ئاي دەپ ئايرىلغان، لېكىن چوڭ ـ كىچىك ئايلار بىر چوڭ، بىر كىچىك قىلىپ كىرىشتۈرۈپ ئايرىش قانۇنىيىتى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولماستىن، بىر يىلنى 12 مۈچەلنىڭ مەلۇم بىر مۈچەل نامى بويىچە ئىپادىلىگەن، مەسىلەن: چاشقان يىلى، توشقان يىلى، ئات يىلى... دېگەنگە ئوخشاش. بىراق، 12 مۈچەل ئىچىدىكى يىلان، توخۇ، تۆڭگۈز دېگەنلەرنىڭ ئورنىغا باشقا نەرسىلەرنىڭ نامى قوللىنىلغان.

## 4. مەتبەئەچىلىك

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، فرانسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى پېللىئوت دۇڭخۇاڭدىكى مىڭئۆيدىن نەچچە يۈز تال قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ياغاچ ھەرپ تېپىۋالغان. 1914 — 1915 - يىللىرى روسىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى تۇرپاندىكى مىڭئۆيدىن يەنە نەچچە مىڭ تال ياغاچ ھەرپ تېپىۋالغان. بۇ ياغاچ ھەرپلەر يەككە ھەرپ بولماستىن بەلكى تاق سۆز قىلىپ ئويۇلغان. بۇ ياغاچ ھەرپلەرنىڭ تېپىلىشى بىزنى قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ، بىزنى قۇجۇ دۆلىتىنىڭ مەتبەئەچىلىك سەۋىيىسىگە قارىتا يېڭى چۈشەنچىگە ئىگە قىلدى. تۆۋەندە ياغاچ ھەرپنىڭ بىرنەچچە تال ئەۋرىشكىسى كۆرسىتىلدى:



ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ياغاچ مىخ مەتبەئە

كارتىر: «جۇڭگو مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ غەربكە تارقىلىشى»

يۇقىرىدىكى بۇ تۆت تال ياغاچ ھەرپىنىڭ ئېگىزلىكى 2.2 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 1.3 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 1.0 — 2.6 سانتىمېتىر، ھەربىر ياغاچ ھەرپ بىر سۆز بولۇپ، سولدىن ئوڭغا قارىتا تىزىلىغان، بۇ تۆت سۆز Kirgine (ئىشەنچ)، is (ئىش)، Yiti (يەتتە)، yükünür (ھۆرمەت) دەپ ئوقۇلىدۇ. تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، بۇ ھەرپلەرنىڭ ئىشلىتىلگەن ۋاقتى تەخمىنەن مىلادى 1300 - يىللار ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ھەرپلەر بۇددا نوملىرىنى بېسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

مەتبەئەدە ياغاچ ھەرپىنىڭ قوللىنىلىشى مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىدىكى زور ئىلگىرىلەش ھېسابلىنىدۇ. ئوتتۇرا جۇڭگو رايونلىرىدا بۇ خىل مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى 1295 — 1300-يىللىرى (يۈەن سۇلالىسىنىڭ يۈەنجېن تۇنجى يىلىدىن دادې 4 - يىلى) ئارىلىقىدا قوللىنىلغان. بۇ تېخنىكىنى ۋاڭ جېن ئەڭ بۇرۇن قوللانغانىدى. تۇرپان رايونىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ياغاچ ھەرپىنىڭ تېپىلغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىت ياغاچ ھەرپ بىلەن كىتاب بېسىش ئۇسۇلىنىڭ قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى زېمىنىدىمۇ قوللىنىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ ئۇسۇلنىڭ قوللىنىلىشى باسما مىقدارىنى كۆپەيتىش ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، شۇنداقلا مەدەنىيەت (بولۇپمۇ بۇددا مەدەنىيىتىنى) ئالماشتۇرۇشقىمۇ ناھايىتى پايدىلىق ئىدى. IX — XII ئەسىرگە ئائىت باسما بۇيۇملار مانا بۇ جەھەتتىكى ماددىي پاكىتتۇر. بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ياغاچ مىخ مەتبەئە قوللانغانلىقىنى، مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

## 5. تىبابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىك

غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ۋەتىنىمىزنىڭ تىبابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىك ئىشلىرىغا ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشتى. تاڭ دەۋرىدىكى كاتتا تىببىي ئەسەر — «بىباھا رېتسېپلار» نىڭ 15 - جىلدى ۋە «غەيرىي مەخپىي رېتسېپلار» نىڭ 14 - جىلدىغا «شىجۇنىڭ ئۆمۈر ئۇزارتىش دورىسى» كىرگۈزۈلگەن. «شىجۇنىڭ ئۆمۈر ئۇزارتىش دورىسى» تۇرپان رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كېسەللىكلەرگە قارشى كۈرەش جەريانىدا يەكۈنلىگەن تىبابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىكتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىدۇر. بەش دەۋر، شىمالىي سۇڭ دەۋرلىرىدە تۇرپان ئويمانلىقى بىلەن تارىم ئويمانلىقىدىن چىققان دورا ماتېرىياللىرى ئىچكى رايونلارغا ئېلىپ بېرىلاتتى. 1013 - يىلى (شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ داجۇڭ شياڭفۇ 6 - يىلى)، كۇسەننىڭ سوۋغات ئېلىپ بارغۇچى ئەلچىسى لى يەنچىڭ قاتارلىق 36 كىشى خۇش پۇراق دورىلارنى ئېلىپ بېرىپ خانغا تەقدىم قىلغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، ئۇيغۇر ھەربىي تېۋىپ يۈجىلانچى قايا سىچۈەننىڭ خېجۇدىكى دياۋيۈشەن تېغىدا «بۇيرۇققا بىنائەن، تۇرپان دورىلىرىنى ياساپ قوشۇندىكى كېسەللەرنى داۋالىغان». تەرجىمان ئالىم ئەنسارى «قىيىن كېسەللىكلەر»، «دورا گىياھلار» دېگەن تىببىي ئەسەرلەرنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىغا تەرجىمە قىلغانىدى.

## 6. ئۇسسۇل ۋە مۇزىكا

قوجۇ رايونى ئەسلىدىلا مۇزىكا - ئۇسسۇل ناھايىتى تەرەققىي قىلغان جاي ئىدى. قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇل-

غاندىن كېيىن، مۇزىكا - ئۇسسۇل يەنە داۋاملىق راۋاجلانغان-
دى. ۋاڭ يەندېنىڭ كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىدىن بىز قۇجۇ ئۇي-
غۇرلىرىدا «باربىت، غۇڭقا كۆپ» ئىكەنلىكى، «سەپەر ئۇستىدە
ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈن، سەپەرگە چىققۇچىلار چالغۇ ئەسۋابلىرىنى
بىللە ئېلىپ يۈرىدۇ» غانلىقى، «زىياپەتلەرنى مۇزىكا بىلەن ئۆت-
كۈزىدۇ» غانلىقى، «ئويۇنغا ئامراق...» ئىكەنلىكى ۋە «كۆلگە
چۈشۈپ كېمە سەيلىسى قىلغاندا، كۆل ئەتراپىدا داقا - دۇمباق
چېلىپ كۆڭۈل ئاچىدۇ» غانلىقىنى بىلىمىز. ۋاڭ يەندېنىڭ
كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇسسۇل -
مۇزىكا سەنئىتىنىڭ گۈللىنىش ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان
ئەڭ ياخشى ئەمەلىي خاتىرىدۇر. بۇ ئەمەلىي خاتىرە قۇجۇ
ئۇيغۇر خانلىقىدىكى پادىشاھ، ۋەزىر، پۇقرا قاتارلىق ھەرقايسى
قاتلامدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۆڭۈل ئېچىشقا ئامراق ئىكەنلىكىنى،
مۇزىكا ئۇلاردا كەڭ ئومۇملاشقان بىر خىل سەنئەت شەكلى ئى-
كەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇددا دىنىغا
ئائىت تام رەسىملىرىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا بىلەن ئۇسسۇلنى
بىرلەشتۈرۈپ، مۇزىكا - ئۇسسۇل ئارقىلىق بىر خىل مېھىر -
ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن،
بەزى مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە مۇزىكا چېلىۋات-
قان كۆرۈنۈشلەر سىزىلغان، ئۇنىڭدىن ئۇيغۇر مۇزىكانتلىرى يە-
نىلا غۇڭقا، گېتار، تىزما نەي، نەي قاتارلىق مۇزىكا ئەس-
ۋابلىرىنى ئىشلەتكەن، ئۇسسۇلچىلار بولسا مۇزىكانتلارنىڭ تەڭ-
كەش قىلىشى بىلەن بۇددا ئۈچۈن ئۇسسۇل ئوينىغان. يەنە مانى
كىتابىدىن ھېكايە قىلىپ ئۆزگەرتىپ سىزىپ چىقىلغان بىر تام
رەسىمدىمۇ ناخشىچىنىڭ نەي تەڭكەش قىلىنىپ ناخشا ئېيتى-
ۋاتقان كۆرۈنۈشى سىزىلغان. تام رەسىملىرىدە سىزىلغان قۇجۇ
ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى مۇزىكانتنىڭ مۇزىكا چېلىۋاتقان

كۆرۈنۈشى گەرچە ئوخشاشلا بۇددا دىنىي مەزمۇنىدىكى رەسىم بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

## 7. رەسساملىق ۋە ھەيكەلتىراشلىق

قوجو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى رەسساملىق سەنئىتى بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ھازىر مەلۇم بولدىكى، تۇرپان، كۇچا، جىمسار، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى بۇددا مىڭئۆيلىرى ۋە ئىبادەتخانىلىرىدا شۇ دەۋرگە ئائىت نۇرغۇنلىغان ھەيكەل ۋە رەسىملەر بار. بۇ ئەسەرلەردە ئىلگىرىكى غەربىي يۇرت بۇددا سەنئىتىنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىنغان، بۇ رەسىملەردە ئاساسلىقى بۇددا دىنىغا دائىر ۋەقەلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، لېكىن بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. مەسىلەن، تۇرپانىڭ بىزەكلىكتىكى مىڭئۆي غارلىرى ئىچىدە تولۇق تەتقىقات ئارقىلىق ھەقىقەتەن قوجو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ياسالغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن غار 24. مۇتەخەسسىسلەر بۇ 24 غارنىڭ دەۋرىنى 3 - مەزگىل ۋە 4 - مەزگىلگىچە ئايرىپ چىقتى. 3 - مەزگىلدىكى تام رەسىملەرنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى: غارنىڭ تورۇسىغا مىڭ بۇددا سىزىلغان (22 -، 23 -، 27 -، 31 - غارلار)، ياكى مۇنار ئۈستىدە قوش ئەلەم بار، مۇنار ئوتتۇرىسىدا ياقىسى تۆۋەن ساڭگىلاپ تۇرغان كاسايا كىيگەن مىڭ بۇددا سىزىلغان، ئۇنىڭ يۇقىرىقى بۇرجىكىدە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىقتىكى بېغىشلىما بار (9 -، 45 -، 51 - غارلار)، يەنە خەنزۇچە يېزىقتىلا بېغىشلىما يېزىلغان مىڭ بۇددامۇ بار (36 - غار). ئوك ۋە سول تەرەپتىكى تام رەسىملىرىدە پۈتىنىغا قاي كى-

يىپ نىلۇپەر گۈلىنى دەسسەپ ئۆرە تۇرغان بۇددا سىزىلغان، ياكى رەسىم ئاستىغا تېۋىنغۇچىلار سىزىلغان (22 - غار)، يەنە «تەمسىل» قاتارلىق كىتابلاردىن ئۆزگەرتىپ سىزىلغان رەسىملەرمۇ بار (51 - غار). 4 - مەزگىلدىكى غار جەمئىي بەش بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ رەسىملەردە چېچىنى يۇمىلاق قىلىپ چوقۇسىغا تۈرۈۋالغان ياكى بېشىغا گۈللۈك تاج كىيگەن ئۇيغۇر ئايال تېۋىنغۇچىلارنىڭ رەسىمى ۋە بېشىغا ئۈچلۈق تۇماق كىيگەن ئۇيغۇر ئەر تېۋىنغۇچىلارنىڭ رەسىمى سىزىلغان (40 - غار). تام رەسىملىرىنىڭ ئۇسلۇبىدا تاغ - ئېدىرلارنىڭ ئورنىغا يۇمىلاق چەمبىرەك سىزىلغان (39 - غار)، بۇت تەگلىكى ئورنىغا بۇلۇت سىزىلغان*. بۇ غارلاردىكى رەسىملەرنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبىنى ئەينى چاغدىكى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى رەسساملىق سەنئىتىنىڭ ئاساسلىق نامايەندىسى دېيىش كېرەك، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭدىن باشقا، تۇرپاننىڭ مۇرتۇقتىكى بېزەكلىك، تۇيۇق، كۇچانىڭ قۇمتۇر مىڭئۆيى، باينىڭ قىزىل مىڭئۆيى غارلىرىدا قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە ئائىت تام رەسىملەر ساقلىنىپ قالغان. بۇ تام رەسىملىرى مەلۇم دەرىجىدە ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ؛ رەسىمدە ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ جايلىرىغا قورۇق تام سېلىنغانلىقى، ھويلىلىرىغا گۈل - گىياھلار تېرىلغانلىقى سىزىلغان. رەسىمدىكى ئاقسۆڭەك ئەر - ئاياللار قوللىرىدا گۈل كۆتۈرۈۋالغان، ئەرلىرى تاڭ دەۋرىنىڭ كىيىملىرىنى كىيگەن، پۇتىغا كالتە قونچلۇق ئۆتۈك كىيگەن، ئاياللىرى كەڭ ئېتەكلىك كىيىم كىيگەن.

* يەن ۋېنرۇنىڭ «شىنجاڭدىكى تىميانشاننىڭ جەنۇبىدىكى مىڭئۆيلەر» دېگەن ماقالىسىغا قارالسۇن.

# قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى ئىدىقۇتىنىڭ نەسەبنامىسى

پان تېكىن ــــ بۆگـۈ تېكىن

(مىلادى 857 - يىلى قاغان بولۇپ تىكلەنگەن) (860 - يىلى تىبەتلەرنى مەغلۇپ قىلغان)

ناكار ۋىش ــــ پراجنياتالوي

(XI ئەسىردە ئۆتكەن كوسەن خانى)، (XI ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى تەختتە)

بىلگە ــــ ئىسان تېمۇر

(قارا قىتان خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە تەختتە) (قارا قىتان خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە تەختتە)

بارچۇق ئارت تېكىن

(قارا قىتان خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن موڭغۇل خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگىچە)

چۇشمەس

(XII ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىنىڭ ئاخىرى)

سالۇن تېكىن (1252 - يىلىدىن ئىلگىرى تەختتە ئولتۇرغان)

ئۆگرونچ تېكىن ــــ ماموراق تېكىن

(1252 - يىلى ئەتراپىدا تەختتە ئولتۇرغان) (1259 - يىلى تەختتە)

قوچقار تېكىن (1277 — 1266 - يىلى تەختتە)

نۇرىن تېكىن (1318 — 1308 - يىلى تەختتە) ــــ تېمۇر بۇقا (1351—1321 - يىلى تەختتە)

ــــ سەڭگى

ــــ تېۋىنۇر*

قىپچاق تېكىن

---

* چېك سولۇننىڭ «قۇجۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتىنىڭ نەسەبنامىسى توغرىسىدا تەھلىل» گە قارالسۇن. «غەربىي شىمال تارىخ - جۇغراپىيە ژۇرنىلى»، 1983 - يىلى 4 - سانىغا بېسىلغان.

# تۆتىنچى باب
# قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار

## 1 - بۆلۈم قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە زەئىپلىشىشى

قاراخانىيلار سۇلالىسى — IX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان باسقۇچتا تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمى ۋە پامىرنىڭ شىمالىدا ياشىغان، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر قۇرغان ھاكىمىيەت بولۇپ، تازا گۈللەنگەن مەزگىللىرىدە ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى ھازىرقى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمى، ئىلى - مىڭلاق ۋادىسى ۋە بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبى، چۇ دەرياسى ۋادىسى ۋە ئىسسىق كۆل ئەتراپى ۋە شۇنىڭدەك ماۋرائۇننەھرنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. بىر مەزگىللەردە قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا كۇچا بولغانىدى*.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا كۆپ مىللەت ياشايتتى، بۇ سۇلالىنىڭ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى ئۇيغۇر، قارلۇق، ياغما، چىگىل، چومۇل، ئوغراق،

* «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم، 526 - بەت.

چارۇق، ئۇغۇز ۋە تۈركلەشكەن بەزى سوغدىلاردىن تەركىب تاپقانىدى. ئۇيغۇرلار بۇ سۇلالىنىڭ قۇرۇلۇشى، گۈللىنىشى ۋە ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينىغانىدى.

قاراخانىيلار سۇلالىسى قاچان قۇرۇلغان؟ بۇ دۆلەتنىڭ قۇرغۇچىسى زادى كىم؟ دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە، ھازىر جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ كۆزقارىشى تېخى بىرلىككە كەلگىنى يوق. بىرخىل قاراشتىكىلەر: ئەمەلىيەتتە قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغان كىشى ساتۇق بۇغراخان (ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، سۇلتان ساتۇق بۇغرا قاراخان ئابدۇلكەرىم دېگەن مۇسۇلمانچە ئىسمىنى قوللانغان) دەيدۇ. لېكىن XIV ئەسىردە چاغاتاي خانلىقىدا ئۆتكەن جامال قارشى دېگەن كىشى يازغان «سۇرراخ لۇغىتىگە تولۇقلىما» دېگەن كىتابىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ساتۇق بۇغراخاننىڭ بوۋىسى بىلگە قادىرخان قارا ئوردا (بالا ساغۇن) دا تۇرۇشلۇق بولۇپ، ئاساسلىقى شۇ ئەتراپتىكى تۈركىي قەبىلىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان، شۇ مەزگىللەردە سامانىيلار خانلىقى بىلەن دائىم ئۇرۇشۇپ تۇرغان. جامال قارشى «سۇرراخ لۇغىتىگە تولۇقلىما» نى يېزىشتا قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن قەشقەرلىك ئالىم ئابدۇجەپپارنىڭ «قەشقەرىيە تارىخى» نى ئاساس قىلغان. شۇڭا، «سۇرراخ لۇغىتىگە تولۇقلىما» دېگەن كىتابتىكى ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئەجدادى توغرىسىدىكى خاتىرىنى ئىشەنچلىك دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. دېمەك، ساتۇق بۇغراخاننىڭ بوۋىسى بىلگە قادىرخان دەۋرىدىلا قاراخانىيلار سۇلالىسى بالا ساغۇندا ھاكىمىيەت قۇرۇپ بولغان. بىراق، ئۇ چاغدىكى ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى تېخى كىچىك، ھاكىمىيەت شەكلى تېخى مۇكەممەللەشمىگەنىدى، خالاس. ھاكىمىيەتنىڭ مەيدانغا كەلگەن ۋاقتى سامانىيلار خانلىقىنىڭ ئەمەلدارى ئىسمايىل ماۋرائۇننەھردە ۋالىي بولۇپ

تۇرغان مەزگىل ئىدى. بىلگە قادىرخان ۋاپات بولغاندىن كې-
يىن، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ئايرىم - ئايرىم هالدا تەختكە ۋا-
رىسلىق قىلدى: چوڭ ئوغلى بازىر قاراخان بالاساغۇندا تۇ-
رۇپ، ئارسلان خان دەپ ئاتالدى؛ ئىككىنچى ئوغلى ئوغۇلچاق
تالاستا تۇرۇپ، بۇغراخان دەپ ئاتالدى. مىلادى 893 - يىلى،
ئوغۇلچاق بىلەن سامانىيلار خانلىقى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بول-
دى، سامانىيلار قوشۇنى تالاسنى ئىشغال قىلىپ، ئوغۇلچاقنىڭ
خوتۇنى باشلىق 15 مىڭ ئادەمنى ئەسىر ئالدى، شۇنىڭ بى-
لەن ئوغۇلچاق پايتەختنى قەشقەرگە كۆچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.
ساتۇق بۇغراخان بازىرنىڭ ئىككىنچى ئوغلى بولۇپ،
ئەسلى ئىسمى سالۇن تېكىن* ئىدى. كېيىن ئۇ، سامانىيلار خان-
لىقىدىكى ئەبۇنەسىر سامانىينىڭ تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن ئىس-
لام دىنىغا كىرگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەبۇنەسىر سامانىي
سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئاساسچىسى سامانىينىڭ ئوغلى ئىكەن.
ئۇ شۇ چاغلاردا چوڭ ئاكىسى ئىسمىرنىڭ هۆكۈمرانلىقىغا نارازى
بولۇپ، هازىرقى ئاتۇشقا كېلىپ تۇرغانىكەن. ئوغۇلچاق پايتەخ-
تىنى قەشقەرگە كۆچۈرۈپ كەلگەندە، ساتۇق بۇغراخانمۇ ئوغۇل-
چاقنىڭ قېشىدا ئىدى. ساتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىغا كىرگەن-
دىن كېيىن، ئوغۇلچاقنىڭ ئەتراپىدا خۇپىيانە مۇرىت توپلاپ،
تېزلا كۈچلۈك سىياسىي - هەربىي كۈچ بولۇپ شەكىللەندى.
ئوغۇلچاق جاهىل بۇتپەرەس بولغاچقا، ئىسلام دىنىنىڭ تارقى-
لىشىغا قەتئىي قارشى ئىدى. ساتۇق بۇغراخاننىڭ كۈچى زو-
رايغاندىن كېيىن، X ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى ئۆزىنىڭ تا-
غىسىغا قارشى هەربىي هۇجۇم قوزغاپ، ئوغۇلچاقنىڭ قوشۇنى-
نى مەغلۇپ قىلدى، ئوغۇلچاقنى ئۆلتۈرۈپ، هاكىمىيەتنى تار-

* چاغاتاي يېزىقىدا يېزىلغان «بۇغراخانلار تەزكىرىسى». قوليازما

تىۋالدى*. ساتۇق بۇغراخان خانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن سامانىيلار خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، تالاس شەھىرىنى قايتۇرۇۋالدى. X ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرى يەنە بالاساغۇننى ئىشغال قىلدى. بالاساغۇننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، سۇتۇق بۇغراخان ئۆزىنى قاراخان دەپ جاكارلاپ، قەشقەرنى پايتەخت قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، سۇلالە ئىسلام دىنىنى بىرلىككە كەلگەن ئېتىقاد قىلىپ بېكىتتى. بەزى ئالىملار بۇ سۇلالىنى ئىسلام دىنى دۆلەتلىرى ئىچىدە تۇنجى تۈركىي تىلىدىكى دۆلەت دەپ ھېسابلايدۇ.

ھىجرىيە 344 - يىلى (مىلادى 956/5 - يىلى)، ساتۇق بۇغراخان ۋاپات بولۇپ، ئاتۇشتا دەپنە قىلىندى. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى بايتاش (مۇسۇلمانچە ئىسمى مۇسا ئىبنى ئابدۇلكەرىم) تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، ئارسلانخان دەپ ئاتالدى، ئۇ يەنىلا قەشقەردە تۇردى. ئۇنىڭ ئىنىسى سۇلايمان بالاساغۇندا تۇردى. ئىسلام تارىخچىسى ئىبنى ئاتىلنىڭ ئېيتىشىچە، مۇسا ئارسلانخان ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىللەردە، 200 مىڭ چېدىرلىق تۈركلەر ئىسلام دىنىغا كىرگەنىكەن. مىلادى 960 - يىلى، مۇسا ئارسلانخان ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ جاكارلىدى. ئۇ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، دەرھال ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا ئىسلام دىنىنى يولغا قويدى ھەمدە سۇفى مەزھىپىنىڭ ئىشانى قارامىتىنىڭ ياردىمى بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ شۇ چاغدا يەنىلا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان ئودۇن (خوتەن) غا قارشى «غازات» نامى بىلەن ئۇرۇش قوزغىدى.

ئودۇن تەكلىماكاننىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان بىر پارچە يېگانە بوستانلىق بولۇپ، بوستانلىقنىڭ غەربىي

---

* چاغاتاي يېزىقىدا يېزىلغان «بۇغراخانلار تەزكىرىسى»، قوليازما.

تەرىپى بىلەن جەنۇبىي تەرىپىنى كۇئېنلۇن تېغى ئوراپ تۇرىدۇ، شىمالىي تەرىپى بىلەن شەرقىي شىمال تەرىپى بىپايان قۇملۇق، ئۇدۇننىڭ يېرى تۈزلەڭ، كىلىماتى قۇرغاق ھەم ئىسسىق، ئۇ يەردە ئىسسىققا ۋە قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق زىرائەتلەر ئۆسىدۇ. كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسىدىن باشلىنىدىغان يۇرۇڭقاش ۋە قارا قاش دەريالىرى بۇ بوستانلىقنىڭ ئاساسىي سۇ مەنبەسى. بۇ ئىككى دەريا بولغانلىقى ئۈچۈن، بوستانلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى كاپالەتكە ئىگە بولغان. قەدىمكى زاماندا، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا سودا ئىشلىرى راۋاجلانغاندىن كېيىن، ئۇدۇن ئۆز ۋاقتىدا «يىپەك يولى» نىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىدىكى مۇھىم شەھەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ زېمىنى «يىپەك يولى» نىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىدىكى مۇھىم ئۆتكەلگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، جۇڭگو بىلەن ھىندىستاننىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى جەريانىدا مۇھىم رول ئوينايتتى. ئۇدۇندىن چىقىدىغان ئېسىل قاشتېشى «يىپەك يولى» نى بويلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغا ئېلىپ بېرىلىپ، بۇ رايونلارنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىيەت ھاياتىنى بېيىتقانىدى. ئۇدۇن دۆلىتى ئوتتۇرا جۇڭگودىكى تۈزلەڭلىكتە قۇرۇلغان غەربىي خەن سۇلالىسى بىلەن شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا دەۋران سۈرۈپ، كرورران، يەكەن قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بىللە، «چوڭ دۆلەت» دەپ ئاتالغانىدى. بۇددا دىنى مىلادى I ئەسىردىلا ئۇدۇنغا تارقىلىپ كىرگەن ۋە تېز راۋاج تاپقانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇدۇن شەھىرى غەربىي يۇرتتىكى بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ مەركەزلىرىدىن بولۇپ قالدى. ۋېي - جىن، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەردىن تارتىپ سۈي، تاڭ دەۋرلىرىگىچە بولغان ئارىلىقتا، نۇرغۇن مەشھۇر بۇددا ئۆلىمالىرى ۋە راھىبلىرى ئۇدۇنغا كەلگەنىدى. ئۇدۇن راھىبلىرى ۋە سەنئەتكارلىرى ئېلىمىزنىڭ بۇددىزم تارىخى ۋە سەنئەت تارىخىدىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇدۇن خان جەمەتلىرىدىن

ۋىسارا جەمەتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۇدۇندا مىڭ يىلغا يېقىن ھۆكۈم سۈرگەنىدى.

مىلادى IX ئەسىردىكى ئۇدۇن رايونى يەنىلا زور مۇستەقىللىككە ئىگە خانلىق ئىدى. 872 - يىلى (شيەنتۇڭنىڭ 13 - يىلى) ئۇدۇن خانىنىڭ ساجۇ ھىراۋۇلى جاڭ يىچاۋنىڭ جىيەنىگە يازغان بىر مەكتۇبىدا ئۆزىنىڭ خانلىق نامىنى «ئۇلۇغ ئۇدۇن دۆلىتى پەغپۇرى»* دەپ ئاتىغانلىقىدىن قارىغاندا، شۇ چاغدىكى ئۇدۇن دۆلىتىمۇ مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر مۇستەقىل ھاكىمىيەت ئىدى. بۇ ھاكىمىيەتنىڭ دۆلەت نامى ئىلگىرى «چىن ماچىن» دەپ ئاتالغان. X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېزىلغان تارىخ كىتابلىرىدا ئۇدۇن دۆلىتى يەنە «ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى» دېگەن نام بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ. 938 - يىلى (كېيىنكى جىن پادىشاھلىقى تيەنفۇ 3 - يىلى)، ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتىدە ۋىساراسامنارا (خەنزۇچە مەنبەلەردە «لى شېڭتيەن» دەپ ئاتالغان) تەختتە ئولتۇردى. ۋىساراسامنارادىن كېيىن ۋىساراسۇرا، ۋىسارادام، ۋىساراسان دېگەنلەر تەختتە ئولتۇردى. قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن ئۇدۇن دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولغان ۋاقىت دەل ۋىساراسامنارانىڭ ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتىدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان ۋاقتى ئىدى.

قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن ئۇدۇن ۋىسارا خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ نەچچە ئون يىل داۋاملاشتى. ئۇرۇش داۋامىدا ئۇدۇن ۋىسارا خانلىقى تىبەتلەر بىلەن گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ۋە قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى، قاراخانىيلار سۇلالىسى بولسا سامانىيلار خانلىقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى،

* «مەدەنىي يادىكارلىقلار»، 1978 - يىل 12 - سان، «موگاۋكۇدىن يېڭى تېپىلغان تام رەسىملىرى».

ئۇرۇشتا ھەر ئىككى تەرەپ پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سالدى، ھازىرقى يېڭىسار، قەشقەر، يەكەن ئۈچ ناھىيە ئارىلىقىدىكى تۈزلەڭلىكلەر شۇ قېتىمقى شىددەتلىك ئۇرۇشلارنىڭ جەڭگاھى ئىدى. مۇسا ئارسلانخان (بايتاش) دەۋرىدە، ئۇدۇن ۋىساراخانلىقىدىكى بۇددىستلار قەشقەرنى بىر مەھەل ئىشغال قىلىۋالغاندا، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھەربىي قوشۇنى كۈچىنىڭ بارىچە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، قەشقەردە شىددەتلىك جەڭ قىلدى، ئىككى تەرەپ ئېغىر چىقىم تارتتى. ئىسلام تارىخى مەنبەلىرىدە ئېيتىلىشىچە، شۇ چاغلاردا خوتەن بۇددىستلىرىنىڭ باش قوماندانى چىقال خالخال ماچىن دەپ ئاتىلاتتى، ئۇلارنىڭ قالغان ئىككى قوماندانى نوقتى رەشىت ۋە جوقتى رەشىت دەپ ئاتىلاتتى. تېپىلغان ئۇدۇن يېزىقىدىكى پۈتۈكلەردە بولسا قاراخانىيلار تەرەپنىڭ سەردارى «تار جىيەك چوڭ شاھ» دەپ ئاتالغانىدى. تەخمىنەن 988 - يىلدىكى ئۇرۇشتا يەنى يېڭىساردا بولغان بىر قېتىملىق شىددەتلىك جەڭدە، مۇسا ئارسلانخاننىڭ ئوغلى ئۇبۇلھەسەن ئەلى ئۆلتۈرۈلدى. ئۇرۇشتىكى ئۇستۇنلۇك ئۇدۇن تەرەپكە ئۆتتى. تاكى XI ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، قاراخانىيلاردىن يۈسۈپ قادىرخان ئاخىرقى ھېسابتا ئۇدۇن ۋىسارا خانلىقىنى يوقىتىپ، ئىسلام دىنىنى ھازىرقى خوتەن رايونىغا كېڭەيتتى.

قاراخانىيلار بىلەن ئۇدۇن شىددەتلىك جەڭ قىلىشىۋاتقاندا، سۇلايماننىڭ بالاساغۇندا تۇرۇۋاتقان ئوغلى بۇغراخان ھەسەن (ھارۇن) سامانىيلار خاندانلىقىغا ھۇجۇم قىلدى. 990 - يىلى، بۇغراخان ھەسەن (ھارۇن) ئىسفىجاب شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. 992 - يىلدىن كېيىن، ماۋرائۇننەھر رايونىغا نەچچە قېتىم يۈرۈش قىلىپ، بۇخارا بىلەن مۇھىم شەھەر سەمەرقەندنى بېسىۋالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇغراخان ھەسەن (ھارۇن) ئېغىر

كېسەل بولۇپ، بالاساغۇنغا قايتىش سەپىرىدە ۋاپات بولدى*. مۇسا ئارسلانخاننىڭ جىيەنى ئەخمەد ئىبنى ئەلى (توغانخان I دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تەختكە ۋارىسلىق قىلدى.

996 - يىلى، ئەخمەد ئىبنى ئەلىنىڭ ئىنىسى ئىلىك ناسىر ئىبنى ئەلى سامانىيلار خانلىقىغا يەنە يېڭىدىن ھۇجۇم قوزغىدى. سامانىيلار خانلىقىنىڭ خانى نۇھ II بۇ ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرالـمـاي، باش ۋەزىرى ئابدۇللاھنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى ھەمدە بەلخ ۋالىيسى سابۇق تېكىندىن ياردەم سوراپ، سابۇق تېكىننىڭ يېقىن ئادىمىنى باش ۋەزىرلىككە تەيىنلىدى. سابۇق تېكىن ئىلىك ناسىرنى مەغلۇپ قىلدى. ئۇرۇشتىن كېيىن ئىككى تەرەپ تىنچلىق شەرتنامىسى ئىمزالىدى. شەرتنامە بويىچە كاتىۋان يايلىقى (سەمەرقەندنىڭ شىمالىدا) قاراخانىيلار بىلەن سامانىيلارنىڭ دۆلەت چېگرىسى قىلىپ ئايرىلدى. شۇنىڭ بىلەن سىر دەرياسى ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمى پۈتۈنلەي قاراخانىيلار خانلىقىغا تەۋە بولدى.

999 - يىلى، سامانىيلار خانلىقىدا ئىچكى مالىمانچىلىق يۈز بەردى، ئىلىك ناسىر ئىبنى ئەلى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇخاراغا يەنە ھۇجۇم قىلدى، سامانىيلارنىڭ ئۇ يەرنى ساقلاۋاتقان سەركەردىسى جەڭدە يېڭىلىپ تەسلىم بولدى، قاراخانىيلارنىڭ قوشۇنى بۇخاراغا كىردى، شۇنىڭ بىلەن سامانىيلار خاندانلىقى ھالاك بولدى. ئىلىك ناسىر ئىبنى ئەلى سامانىيلارنىڭ دۆلەت ئەربابلىرىدىن مەلىكشاھ II ۋە خان جەمەتىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنى يالاپ ئۆزكەنتكە ئەۋەتىپ بەردى. ئىلىك ناسىر ئىبنى ئەلى بۇخاراغا ۋالىي تەيىنلەپ، ئۆزى ئۆزكەنتكە قايتتى.

XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، مەلىكشاھ II نىڭ ئىنىسى ئەبۇ

* چاغاتاي يېزىقىدا يېزىلغان «بۇغراخانلار تەزكىرىسى»، قولىيازما.

ئىبراھىم ئىسمائىل تۈرمىدىن قېچىپ، ئۆزكەنتتىن ئۆتۈپ خارەزمگە باردى. ئۇ قوشۇن توپلاپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىگە قارشى ئۇرۇش قىلىپ، سەمەرقەند بىلەن بۇخارانى قايتۇرۇۋالدى. ئېلىك ناسىر ئىبنى ئەلى زور قوشۇن باشلاپ ھۇجۇمغا ئاتلاندى. ئەبۇ ئىبراھىم ئىسمائىل ئۆزىنىڭ ئېلىشالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئامۇ دەرياسى تەرەپكە چېكىنىپ كەتتى. 1005 - يىلى، ئۇ قاراخانىيلار بىلەن بولغان بىر قېتىملىق جەڭدە ئۆلتۈرۈلدى.

ئېلىك ناسىر ئىبنى ئەلى سامانىيلار خانلىقىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغاندىن كېيىن، غەزنەۋىيلەر خانلىقىنىڭ سۇلتانى مەھمۇد غەزنەۋىيگە ھۇجۇم قىلىپ خوراساننى بېسىۋېلىش قارارىغا كەلدى. 1006 - يىلى، ئۇ سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي ھىندىستانغا يۈرۈش قىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئامۇ دەرياسى ئەتراپىدىكى رايونلارغا قوشۇن ئەۋەتتى. قاراخانىيلارنىڭ بۇخارادا تۇرۇشلۇق ۋالىيسى جەپپار تېكىن باشچىلىقىدىكى بىر تارماق قوشۇن بەلخنى ئىشغال قىلدى؛ سۇباشى تېكىن باشچىلىقىدىكى يەنە بىر قوشۇن ھېراتنى ئىشغال قىلدى. سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ھىندىستاندىن دەرھال قايتىپ، ئېلىك ناسىر ئىبنى ئەلىنى مەغلۇپ قىلدى.

ئېلىك ناسىر ئىبنى ئەلى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن، خوراسانغا يېڭىباشتىن يۈرۈش قىلىشقا تەييارلاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇغقىنى يۈسۈپ قادىرخاندىن ياردەم سورىدى. شۇنىڭ بىلەن 40 مىڭ كىشىلىك ئىتتىپاقچى قوشۇن بەلخقە قاراپ ئاتلاندى. 1008 - يىلىنىڭ بېشىدا، قاراخانىيلار قوشۇنى بىلەن غەزنەۋىيلەرنىڭ قوشۇنى بەلخقە يېقىن بىر يايلاقتا جەڭ قىلىشتى، سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي جەڭدە پىل مىنگەن قوشۇننى

ئىشقا سېلىپ غەلىبە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئامۇ دەرياسى ئەتراپىدىكى رايونلارنى ئىشغال قىلىش غەرىزى مەغلۇب بولدى. قاراخانىيلار قوشۇنىنىڭ بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيىتى قاراخانىيلار دۆلىتىدە ئىلگىرىدىن مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان زىددىيەتنىڭ ئاشكارىلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، دۆلەتنىڭ پارچىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئەسلىدە، بۇغراخان ھەسەن (ھارۇن) سامانىيلارنىڭ قولىدىكى بۇخارا شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ تۇرغان مەزگىلدە، مۇسا ئارسلانخاننىڭ ئەۋلادلىرى ئۇنىڭ تەختىنى تارتىۋېلىش كويىدا بولۇۋاتقانىدى. شۇڭا ئۇ، ئىشغال قىلىپ بولغان بۇخارا شەھىرىنى تاشلاپ، بالاساغۇنغا قايتىپ ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئەخمەد ئىبنى ئەلى تەختكە چىقتى. ئەخمەد ئىبنى ئەلى بۇغراخان ھەسەن (ھارۇن) نىڭ ئەۋلادلىرىنى چەتكە قاقتى. نەتىجىدە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئالىي ھۆكۈمران گۇرۇھى ئىككى چوڭ سىستېمىغا بۆلۈنۈپ كەتتى: بىرى — ئەلى سىستېمىسى (بۇ، ئەخمەد ئىبنى ئەلىنىڭ دادىسى ئەلى ئىبنى مۇسانىڭ نامىدىن كەلگەن)؛ يەنە بىرى — ھەسەن سىستېمىسى (بۇ، بۇغراخان ھەسەن يەنى ھارۇننىڭ نامىدىن كەلگەن). ئەلى سىستېمىسىنىڭ نەسەبىنى ساتۇق بۇغراخاننىڭ چوڭ ئوغلى مۇسا ئارسلانخانغىچە؛ ھەسەن سىستېمىسىنىڭ نەسەبىنى ساتۇق بۇغراخاننىڭ كەنجى ئوغلى سۇلايمانغىچە سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ. ئەلى سىستېمىسىنىڭ پائالىيەت مەركىزى ئاساسەن ئۆزكەنت، كېيىن سەمەرقەند ئىدى؛ ھەسەن سىستېمىسى بولسا ئاساسەن بالاساغۇن بىلەن قەشقەرنى مەركەز قىلاتتى.

ھىجرىيە 406 - يىلى (مىلادى 1016/15 - يىلى)، ئەخمەد ئىبنى ئەلى ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئۈچىنچى ئىنىسى مەنسۇر

ئىبنى ئەلى تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئەلى سىستېمىسى بىلەن ھەسەن سىستېمىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈنسايىن ئۆتكۈرلەشتى. بۇغراخان ھەسەن (ھارۇن) نىڭ چوڭ ئوغلى يۇسۇپ قادىرخان (يۇسۇپ ئىبنى ھەسەن) مەنسۇر ئىبنى ئەلىنىڭ خانلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلمىدى ھەمدە ھىجرىيە 415 - يىلى (مىلادى 1025/24 - يىلى) بالاساغۇندا ئۆزىنى «مەلىكۇل مەشرىق» دەپ جاكارلىدى. تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۇ ئالدى بىلەن مەنسۇر ئىبنى ئەلىنىڭ قوللىغۇچىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، مەنسۇر ئىبنى ئەلىنى تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇر قىلدى. ئاندىن پايتەختنى بالاساغۇندىن قەشقەرگە كۆچۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىنىسى ئەخمەد ئىبنى ھەسەن (تۇغانخان II دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى بالاساغۇنغا ۋالىي قىلىپ، سىر دەرياسىنىڭ شەرقى ۋە يەتتىسۇ رايونىنى ئۇنىڭ ئىدارە قىلىشىغا تاپشۇردى؛ يەنە بىر ئىنىسى ئەلى تېكىن (ئەلى ئىبنى ھەسەن) نى سەمەرقەندكە ۋالىي قىلىپ، ماۋرائۇننەھرنى ئۇنىڭ ئىدارە قىلىشىغا تاپشۇردى. لېكىن، ئەخمەد ئىبنى ھەسەن بىلەن ئەلى تېكىن سەلچۇقىي تۈركلىرىدىن ئالپ ئارسلان ئىسرائىلنىڭ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشى بىلەن ماۋرائۇننەھردە ئىسيان كۆتۈردى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئىسيان شۇ جايدىكى ئەلى سىستېمىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنىكەن. ھىجرىيە 416 - يىلى 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى (مىلادى 1025/24 - يىل 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى)، يۇسۇپ قادىرخان سەلچۇقىيلارنىڭ رەقىبى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي بىلەن بىرلىشىشكە مەجبۇر بولدى ۋە ئۆزىنىڭ ئىككى ئىنىسىنىڭ ئىسيانىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن سەمەرقەندكە بىرلەشمە قوشۇن ئەۋەتتى. ئىسيان بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، ماۋرائۇننەھرنى ئۆزىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ياغان تېكىننىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇردى، يەتتىسۇ رايونىنى ئۆزى بىۋا-

سىتە كونترول قىلدى. توغانخان II بىلەن ئەلى تېكىن ئىسيان كۆتۈرگەندە ئۇدۇن بۇددىستلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىسلام دىنىغا قارشى ئۇرۇش قوزغىدى. ئۇدۇندىكى قالايمىقانچىلىق يۈسۈپ قادىرخانغا ئېغىر تەھدىت سالدى. يۈسۈپ قادىرخان ئۆزى بىۋاستە قوشۇن باشلاپ ئىسيانچىلارنى يوقىتىشقا ئاتلىنىپ، بۇددىستلارنى ئەسلىدىكى ئېتىقادىدىن ئۈزۈل - كېسىل ۋاز كەچتۈرۈپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلىدى*.

ھىجرىيە 424 - يىلى 1 - ئايدا (مىلادى 1032/31 - يىل 12 - ئاي)، يۈسۈپ قادىرخان ۋاپات بولۇپ قەشقەرگە دەپنە قىلىندى. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى سۇلايمان ئىبنى يۈسۈپ تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ «دەۋلەتى شەرىف» دەپ ئاتالدى. ئۇ ئەلى سىستېمىسىنىڭ پاراكەندىچىلىك سېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، پايتەختنى قەشقەردىن يەنە بالاساغۇنغا كۆچۈردى. ئىنىسى ياغان تېكىننى قايتىدىن ئورۇنباسار خاقانلىققا تەيىنلەپ، تالاس شەھرىدە تۇرغۇزدى. يەنە بىر ئىنىسى توغرۇل تېكىن (مەھمۇد ئىبنى يۈسۈپ) نى قەشقەرنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەپ، قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئىلكىدىكى جەنۇبىي رايوننى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇردى. ئىبنى ئەسىرنىڭ «جامىئۇت تەۋارىخ» دېگەن كىتابىدا سۇلايمان ئىبنى يۈسۈپ «ئادىل، تەقۋادار ھۆكۈمران ئىدى، پەن ۋە دىنىنىڭ دوستى ئىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. قاراخانىيلار سۇلالىسى يۈسۈپ قادىرخان ۋە سۇلايمان ئىبنى يۈسۈپ دەۋرىدە جەمئىيەتنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى ۋە دۆلەتنىڭ تاشقى مۇناسىۋەت قاتارلىق جەھەتلىرىدە نۇرغۇن ئۆزگىرىش بولدى. ھۆكۈمرانلىق مەركىزى ئۆزكەنت ۋە سەمەرقەندتە بولغان ئەلى سىستېمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ كۆرەش ئوخشاشلا كەسكىنلەشتى. ھىجرىيە 433 - يىلى (مىلادى 1042/41 - يىلى)،

* «تۆت ئىمام تەزكىرىسى»، چاغاتايچە قوليازما

ئەلى سىستېمىسىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلات نەۋرىلىرى — ئىلىك ناسىر ئىبنى ئىلىكنىڭ ئىككى ئوغلى ئالىپ تېكىن بىلەن بۆرى تېكىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۆزكەنت بىلەن بۇخارا شەھىرىنى تارتىۋالدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قاراخانىيلارنىڭ بۇغرا قاراخانى سۇلايمان يۈسۈپنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئايرىلغانلىقىنى جاكارلىدى. ئالىپ تېكىن ئۆزكەنت شەھىرىدە ئۆزىنى «تاۋغاچ خان» دەپ ئاتىدى. ھىجرىيە 444 - يىلى (مىلادى 1052/51 - يىلى) ئالىپ تېكىن تاۋغاچ خان ئۆلدى، ئۇنىڭ ئىنىسى بۆرى تېكىن تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنى «تاۋغاچ بۇغراخان» ۋە «مەلىكۇل مەشرىق ۋە سىن» (شەرق بىلەن چىننىڭ سۇلتانى) دەپ ئاتىدى. بۇ ئادەم ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى ئۆزكەنتتىن يەنە سەمەرقەندكە يۆتكىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قاراخانىيلار سۇلالىسى رەسمىي ھالدا شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى. غەربىي قىسمى سەمەرقەندنى مەركەز قىلدى. شەرقىي قىسمى بالاساغۇن بىلەن قەشقەرنى مەركەز قىلدى. غەربىي قىسىم قاراخانىيلار تارىختا «ئىلىكخان دۆلىتى» دەپ ئاتالدى، بۇ نام ئىلىك ناسىر ئىبنى ئىلىكنىڭ نامىدىن كەلگەنىدى. شەرقىي قىسىم قاراخانىيلار فەرغانە ئويمانلىقىنىڭ شەرقى، يەتتىسۇ رايونى ۋە تارىم ئويمانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، خوجەند دەرياسى شەرقىي قاراخانىيلار بىلەن غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ چېگرىسى قىلىندى. لېكىن ئىككى خاندانلىقنىڭ كۈچىنىڭ گۈللىنىشى ياكى ئاجىزلىشىشى بىلەن چېگرامۇ دائىم ئۆزگىرىپ تۇرغانىدى.

بۆرى تېكىن تەقۋادار مۇسۇلمان بولۇپ، مۇتتەسىل ئىسلام مۇرىتلىرىغا ئىنتايىن ھۆرمەت قىلاتتى. لېكىن شەيخۇلئىسلامنىڭ غەربىي قاراخانىيلاردىكى تەسىر كۈچى ناھايىتى زور بولۇپ، خانلىق بىلەن موللىلارنىڭ مۇناسىۋىتى، ھاكىمىيەت بىلەن

دىنىنىڭ مۇناسىۋىتى بەكمۇ مۇرەككەپ ئىدى، كۆرەشمۇ ناھايىتى
دەھشەتلىك بولغانىدى. بۆرى تېكىن گەرچە تەقۋادار مۇسۇلمان
بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دىنىي ساھەدىكىلەر بىلەن يەنىلا توقۇنۇ-
شۇپ قالاتتى. مەسىلەن، ئۇنىڭ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ شەيخ ئىمام
ئەبۇلقاسىم سەمەرقەندىگە ئۆلۈم جازاسى بەرگەنلىكى ئەنە شۇ
توقۇنۇشلارنىڭ مىسالى ئىدى.

1068 - يىلى، بۆرى تېكىن پالەچ بولۇپ قالغانلىقتىن،
ئورنىنى چوڭ ئوغلى شەمسۇلمۇلك ناسىرغا ئۆتۈنۈپ بەردى،
ئۇمۇ «مەلىكۇل مەشرىق ۋەسسىن» دېگەن پەخرىي نام بىلەن ئاتال-
دى ھەمدە «ئادىل پادىشاھ» دېگەن ياخشى نامغا ئېرىشتى. ئۇ
ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىللەردە، بەزى شەھەرلەردە
ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈردى؛ قاتناش يوللىرىغا نۇرغۇن قەلئە-
ئىستىھكاملار سېلىندى. بۇخارادا مەدرىسىلەر ۋە يېڭى بىنالار
سېلىندى. لېكىن ھاكىمىيەت بىلەن دىنىي ھوقۇق ئوتتۇرىسىدىكى
كۆرەش بۇنىڭلىق بىلەن زادىلا توختاپ قالمىدى. شەيخۇل-
ئىسلام ئۇنى شەرىئەتنىڭ يولىيورۇقىغا بويسۇنۇشقا مەجبۇرلىدى
ھەمدە ئۇنى دىنىي ئەمر - مەرۇپلار بىلەن چەكلىدى. 1069 -
يىلى، ئۇ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، بۇخارانىڭ ئىمامى ئەبۇ ئىبراھىم
ئىسمايىلغا ئۆلۈم جازاسى بەردى.

بۇ مەزگىلدە، غەربىي قىسىم قاراخانىيلار مۇسەلچۇقىيلارنىڭ
تەھدىتىگە ئۇچراۋاتاتتى. 1072 - يىلى، سۇلتان ئالىپ ئارسلان
سەلچۇقىي 200 مىڭ ئەسكەرنى باشلاپ ماۋرائۇننەھرگە ھۇجۇم
قىلدى، نەتىجىدە سۇلتان ئالىپ ئارسلان سەلچۇقىي باشقىلار
تەرىپىدىن قەتل قىلىنىپ، ئۇرۇش توختاپ قالدى. 1074 -
يىلى، سەلچۇقىيلار سۇلتانى مەلىكشاھ سەمەرقەندكە
يەنە ھۇجۇم قىلدى. شەمسۇلمۇلك ناسىرنىڭ تەلىپىگە بىنائەن
سەلچۇقىيلارنىڭ باش ۋەزىرى نىزامۇلمۇلكنىڭ مۇرەسسە قىلى-

شى بىلەن، سەلچۇقىيلار سۇلتانى خوراسانغا قايتىشقا ماقۇل بولدى. لېكىن XI ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، غەربىي قىسىم قاراخانىيلار سەلچۇقىيلارنىڭ ھامىيلىقىدىكى بىر بېقىندى دۆلەتكە ئايلىنىپ قالدى. بولۇپمۇ بۆرى تېكىننىڭ نەۋرىسى ئەخمەد ئىبنى خىزىر (1081 — 1095) دىن كېيىن، غەربىي قىسىم قاراخانىيلار خانلىقى مۇسۇلمان دەرىجىدە زەئىپلىشىپ، زاۋاللىققا يۈزلەندى. XII ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغا كەلگەندە، غەربىي قاراخانىيلار قارا قىتانلارنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالدى. مىلادى 1156 - يىلى، ئۆزكەنتتە تۇرۇشلۇق بۇرۇنقى ھەسەن سىستېمىسىدىكىلەر ماۋرائۇننەھردىكى غەربىي قاراخانىيلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالدى. مىلادى 1212 - يىلى، غەربىي قاراخانىيلارنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈمرانى ئوسمان ئىبنى ئىبراھىم (ھەسەن سىستېمىسىغا مەنسۇپ) خارەزىم شاھ سۇلتان مۇھەممەد تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، سەمەرقەند ئىشغال قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي قاراخانىيلارنىڭ 170 نەچچە يىل داۋاملاشقان ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشتى.

شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ئىلگىرىكى ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنى «خاندانلىقىنىڭ رەسمىي ھۆكۈمرانى»، «ئافراسىيابنىڭ ھەقىقىي ئەۋلادى ۋە ۋارىسى»، «ئىسلام دىنىنىڭ تەقۋادار ئېتىقادچىسى ۋە قوغدىغۇچىسى»* دەپ ئاتىشاتتى. خاندانلىق شەرقىي ۋە غەربىي قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كېيىن، سۇلايمان ئىبنى يۈسۈپ ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئىسلام دىنىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن كېڭەيتتى. مىلادى 1043 - يىلى، بالاساغۇن ئەتراپىدا ياشايدىغان كۆچمەن تۈركلەردىن 10 مىڭ چېدىرلىق كىشى ئىسلام دىنىغا كىردى.

ھىجرىيە 448 - يىلى (مىلادى 1057/56)، سۇلايمان ئىب-

* «بۇغراخانلار تەزكىرىسى»، چاغاتاي يېزىقىدىكى قوليازما.

نى يۈسۈپ ئۆزىنىڭ ئىنىسى مۇھەممەد ئىبنى يۈسۈپ بىلەن بول-
غان بىر قېتىملىق جەڭدە ئەسىرگە چۈشۈپ، تەختنى ئىنىسىغا
ئۆتۈنۈپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. مۇھەممەد ئىبنى يۈسۈپ (يا-
غان تېكىن) ئۆزىنى بۇغراخان دەپ جاكارلىدى. مۇھەممەد ئىبنى
يۈسۈپ ئۆزى بىر يارامسىز ھۆكۈمران ئىدى. شۇڭا ئۇ تەختتە
ئاران 15 ئايلا ئولتۇرۇپ، 1058 - يىلى تەختنى چوڭ ئوغلى
ھۈسەيىنگە ئۆتۈنۈپ بەردى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئادەم
«تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ مۇئەللىپى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ
دادىسى ئىكەن. لېكىن مەھمۇد ئىبنى يۈسۈپنىڭ بىر كىچىك
خانىشى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئىبراھىم ئىبنى مۇھەممەد ئوردىدا
ھاكىمىيەت ئۆزگىرىشى قىلىپ، مۇھەممەد ئىبن يۈسۈپنى ۋە ئور
دىدىكى بىر مۇنچە ئاقسۆڭەكلەرنى زەھەرلەپ ئۆلتۈردى. ئىبرا-
ھىم ئىبنى مۇھەممەد تەختنى تارتىۋالدى. ئىبراھىم ئىبنى مۇ-
ھەممەد تەختنى ھاكىمىيەت ئۆزگىرىشى قىلىپ تارتىۋالغان بول-
غاچقا، خاندانلىقتىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئۇنىڭغا قار-
شى چىقتى. غەربىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانى ئىبراھىم ئىبنى
ناسىرمۇ بۇ زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، فەرغانىنى تارتىۋالدى.
ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىبراھىم ئىبنى مۇھەممەد ئانىسىنىڭ بۇيرۇقىغا
بىنائەن ئىسسىق كۆلنىڭ جەنۇبىدىكى بارسغان شەھىرىگە ھۇ-
جۇم قىلىپ بۇ شەھەرنىڭ ھۆكۈمرانى ئىنال تېكىن تەرىپىدىن
ئۆلتۈرۈلدى.

مىلادى 1059 - يىلى، ئىبراھىم ئىبنى مۇھەممەدنىڭ
تاغىسى توغرۇل تېكىن يەنى مەھمۇد ئىبنى يۈسۈپ
تەختكە چىقىپ، ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى بالاساغۇندىن قەش-
قەرگە يۆتكىدى، ئۇنىڭ جىيەنى ھەسەن ئىبنى سۇلايمان (ئارسلان
تېكىن دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى ئورۇن باسار قاغان قىلىپ تەيىنلەپ،
بالاساغۇندا تۇرغۇزدى. مىلادى 1068 - يىلى ئەتراپىدا مۇھەم-

مەد ئىبنى يۈسۈپ بىلەن ھەسەن ئىبنى سۇلايمان غەربىي قىسىم قاراخانىيلار خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلار ئىشغال قىلىۋالغان فەرغانە رايونىنى قايتۇرۇۋالدى. ئۇرۇش نەتىجىسىدە ئىككى تەرەپ تىنچلىق شەرتنامىسى ئىمزالاپ، خوجەندنى قايتىدىن ئىككى تەرەپنىڭ دۆلەت چېگرىسى قىلىپ بېكىتتى. شەرتنامىگە ئاساسەن، پۈتكۈل فەرغانە ئويمانلىقى بىلەن سىر دەرياسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى رايونلار قاراخان توغرۇل تېكىنگە، خوجەندنىڭ غەرب تەرىپى غەربىي قاراخانىيلارغا قارايدىغان بولدى. مىلادى 1074 - يىلى، قاراخان توغرۇل تېكىن ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئوغلى ئۆمەر ئىبنى مەھمۇد تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. لېكىن ئىككى ئايدىن كېيىن، ئۇنىڭ تەختى توغرۇل قاراخاننىڭ جىيەنى ھەسەن ئىبنى سۇلايمان (تارىختا ھارۇن بۇغراخان II دەپ ئاتىلىدۇ) تەرىپىدىن تارتىۋېلىندى. ھارۇن بۇغراخان II قولىدىن ئىش كېلىدىغان پادىشاھ ئىدى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە (مىلادى 1074 — 1102)، خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمى تۇراقلىق بولۇپ، ئۆز زېمىنىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى غەيرىي ئىسلام رايونلىرىغا ھەمىشە ئەسكەر ئەۋەتىپ قورال كۈچى ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى تارقاتتى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: 40 ئىسلام مىڭ ئەسكەرلىرىگە ئىگە بولغان ئارسلان تېكىن بۆكە بۇدراچنىڭ 700 مىڭ كۇپارلىرىنى يەڭدى*، دەپ خاتىرىلەنگەن. قوشۇن ئىلى دەرياسى بىلەن ئېمىل دەرياسىنى بېسىپ ئۆتۈپ، تىيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلاپ قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، قۇچۇ ئۇيغۇرلىرىنى، مىڭلاق ئەرلىرىنى تالان - تاراج قىلىپ،

* «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 - توم، 314 - بەتكە قارالسۇن.

ئۇلارنىڭ شەھەرلىرىنى ۋەيران قىلدى، ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنى چېقىپ كۇمپەيكۇم قىلىۋەتتى. شۇڭا ئۇ ئىسلام دىنىدا «ئادالەت ۋە دىنىنىڭ قوغدىغۇچىسى»، «دىنىنىڭ شانۇ - شەۋكىتى» دېگەن پەخرىي ناملارغا ئېرىشتى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، قەشقەر مەدەنىيىتىدە مىسلىسىز گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ مەشھۇر داستانى «قۇتادغۇ بىلىك» نى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلدى. ئابدۇجەپپارنىڭ «قەشقەرىيە تارىخى» مۇ ئاشۇ دەۋردە يېزىلغانىدى. ئەپسۇسكى، بۇ كىتاب يوقىلىپ كەتكەن، جامال قارشىنىڭ «سۇرراخ لۇغىتىگە تولۇقلىما» دېگەن كىتابىدا ئۇنىڭ بەزى ئۈزۈندىلىرىلا ساقلىنىپ قالغان.

مىلادى 1102 - يىلى، ھارۇن بۇغراخان II ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى ئەخمەد ئىبنى ھەسەن خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئارسلانخان دەپ ئاتالدى. ئەخمەد ئىبنى ھەسەن ئارسلانخانمۇ بىر مۇنچە كۆچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، شۇ جايدىكى مەلەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. بولۇپمۇ كۆچمەن تۈرك قەبىلىلىرىنى مۇقىم ئولتۇراقلىشىش ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا يەنىمۇ دالالەت قىلدى. مىلادى 1105 - يىلى، ئۇ مەھمۇد ئىبنى ئابدۇجەلىل قەشقەرىنى ئابباسىيلار خەلىپىلىكىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى، خەلىپە مۇستەزىربىللاھ ئۇنىڭغا «ئىمادۇر دۆۋلە» دەپ پەخرىي نام بەردى.

مىلادى 1128 - يىلى، ئەخمەد ئىبنى ھەسەن ئارسلانخان ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى ئىبراھىم ئىبنى ئەخمەد تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئىبراھىم ئىبنى ئەخمەد ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، شەرقىي قىسىم قاراخانىيلار خاندانلىقى ئاجىزلىشىپ، ئۇنىڭ تەۋەسىدىكى مىللەتلەر تۇشمۇ تۇشتىن ئۇنىڭغا

قارشى چىقتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ زېمىنىدىكى قارلۇقلار بىلەن قاڭلىلار ئىسيان كۆتۈرگەنلىكتىن خانلىقنىڭ كۈچى تېخىمۇ ئاجىزلىشىپ كەتتى. نەتىجىدە ئىبراھىم ئىبنى ئەخمەد غەربكە قاراپ سىلجىپ كېلىۋاتقان قىتانلارنىڭ سەردارى يەللىغ تاشتىن مەدەت تىلەشكە مەجبۇر بولدى. يەللىغ تاش بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يەتتىسۇ ۋە سىر دەرياسى ۋادىسىدىكى رايونلارغا قوشۇن ئەۋەتىپ، ئۇ جايلارنى ئىشغال قىلىۋالدى، ئىبراھىم ئىبنى ئەخمەدكە «ئىلىك تۈركمەن» دەپ ئۇنۋان بەردى. ئىبراھىم ئىبنى ئەخمەد پەقەت قەشقەر، خوتەن رايونلىرىدىلا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قالدى، لېكىن قارا قىتانلارنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالدى. مىلادى 1158 - يىلى، ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، «بۇغراخان» دېگەن ئۇنۋانىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، قىتانلارنىڭ تىزگىنىدىن بىر مەھەل ئاجراپ چىقتى. لېكىن ئۇنىڭ نەۋرىسى مۇھەممەد ئىبنى يۈسۈپنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى (مىلادى 1204 — 1211) گە كەلگەندە، شەرقىي قىسىم قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى يەرلىك فېئودال ئاقسۆڭەكلەر تەپرىقىچىلىك قىلىپ ئىسيان كۆتۈرگەنلىكتىن، خانلىق نامدا بار، ئەمەلدە يوق بولۇپ قالدى. مىلادى 1209 - يىلى، نايمانلارنىڭ شاھزادىسى كۈچلۈك قاراقىتانلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالدى، ئاندىن ئۇ قەشقەرگە زور قوشۇن ئەۋەتىپ، قەشقەر بىلەن خوتەننى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى. مىلادى 1211 - يىلى، مۇھەممەد ئىبنى يۈسۈپ يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر تەرىپىدىن قەتل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن، 170 يىل داۋاملاشقان شەرقىي قاراخانىيلار خاندانلىقى ئاخىر ھالاك بولدى.

## 2 - بۆلۈم قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سىياسىي تۈزۈمى ۋە ئىجتىمائىي ئىگىلىكى

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سىياسىي تۈزۈمى ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى ئىلگىرىكى ئۇيغۇر، ياغما، قارلۇق، ئوغۇز قاتارلىق تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىسىگە كۆپ تەرەپلىمە ۋارىسلىق قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ، بولۇپمۇ سامانىيلار خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىنىڭ تەسىرىگىمۇ چوڭقۇر ئۇچرىغانىدى. دەسلەپتە، قاراخانىيلار خانلىقى «قوش خان تۈزۈمى» يەنى چوڭ قاغان ۋە مۇئاۋىن قاغان تۈزۈمىنى قوللانغان. چوڭ قاغان «ئارسلانخان» دەپ ئاتىلىپ، بالاساغۇندا تۇرغان؛ مۇئاۋىن قاغان «قادىرخان» (بۇ يەردىكى «قادىر» مەلۇم شەخسنىڭ نامىنى ئەمەس، بەلكى قەيسەر، كەسكىن دېگەن سۈپەتنى بىلدۈرىدۇ)① دەپ ئاتىلىپ، ئاۋۋال تالاستا تۇرۇپ، كېيىن قەشقەرگە يۆتكەلگەن. كېيىنكى چاغلاردا قاراخانىيلارنىڭ ئالىي ھۆكۈمران گۇرۇھى يەنە «بۇغراخان» (بۇغرا — ئارتۇگە دېگەن بولىدۇ)، «قاراخان» (قارا - بۈيۈك، قۇدرەتلىك دېگەن بولىدۇ) «تاۋغاچ خان» («مەملىكىتى قەدىمكى ۋە چوڭ خان» دېگەن مەنىدە)②، «ئېلىكخان» (بەگلىكلەر خانى) قاتارلىق

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم، 472 - بەت.

② يۇقىرىقى كىتاب، 1 - توم، 592 - بەت.

ئۇنۋانلارنىمۇ قوللانغان. پۈتكۈل قاراخانىيلار تارىخىدا چوڭ قاغانلار بەزىدە «ئارسلانخان»، «ئارسلان قاراخان» ياكى «بۇغراخان» دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان. «ئارسلانخان» بىلەن«قاراخان» دېگەن ئۇنۋان ئاساسەن ئۇيغۇر، قارلۇق ۋە ئوغۇزلاردىن كەلگەن؛ «بۇغراخان» دېگەن ئۇنۋان ياغمىلاردىن كەلگەن. «ئېلىكخان» ئادەتتە مۇئاۋىن قاغانغا قارىتا ئىشلىتىلەتتى، بۇ، ئوغۇز قەبىلىلىرى (كېيىنكى تۈركمەنلەر) نىڭ ئالىي ئۇنۋانى ئىدى. «ئارسلانخان» دېگەن ئۇنۋان بەزىدە مۇئاۋىن قاغانغا قارىتىمۇ ئىشلىتىلەتتى. مەسىلەن، مىلادى 1059 - يىلى تەختكە چىققان شەرقىي قىسىم قاراخانىيلارنىڭ خاقانى ئىبراھىم ئىبنى مۇھەممەد ھەسەن ئىبنى سۇلايماننى مۇئاۋىن خاقانلىققا تەيىنلىگەندە، ئۇنى «ئارسلانخان» ياكى «ئارسلان تېكىن» دەپ ئاتىغان.

قاراخانىيلار بىرقەدەر سىستېمىلىق دۆلەت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئورناتقانىدى. قاغاننىڭ ئاستىدا: تېكىن، ئېركىن، سانغۇن، ئىنالچى، بەگ قاتارلىق مەرتىۋە دەرىجىلىرى بار ئىدى. يەنە «ئالىپ تېكىن» (قەھرىمان شاھزادە)، «توڭا تېكىن» (قاپلاندەك شاھزادە)، «بۆرە تېكىن» (بۆرىدەك شاھزادە)، «ياغان تېكىن» (پىلدەك شاھزادە)، «چاغرى تېكىن» (بۈركۈتتەك شاھزادە)، «تۇغرۇل تېكىن» (لاچىندەك شاھزادە)، «باھادىر» (باتۇر)، «قادىرخان» (ھەممىگە ئىقتىدارلىق خان)، «قىلىچخان» (شەمشەردەك ئۆتكۈرخان)، «بىلگە قاغان» (دانىشمەن، چېۋەر قاغان) دېگەنگە ئوخشاش تۈرلۈك پەخرىي ئۇنۋانلار بار ئىدى. ئىسلام دىنى قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت دىنى بولغاچقا، «خاتۇن» (خانىش) لارنىڭ ئۆزىنى ئىلگىرىكى تۈركىي

تىلىدىكى مىللەتلەرنىڭ ھاكىمىيەتتىدىكىگە ئوخشاش ئۇنداق گەۋدىلىك ئەمەس ئىدى. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، قاراخانىيلاردا قاغان ۋە مۇئاۋىن قاغاندىن باشقا مەركەز ۋە جايلاردا يەنە مۇنداق ئەمەلدارلارمۇ بولغان:

«يۇغۇرۇش» (باش ۋەزىر)، ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى — قاغاننىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش، خانغا ياردەملىشىپ ئىچكى - تاشقى چوڭ ئىشلارنى بېجىرىش، يۇغۇرۇش بولغان كىشى ئەقىل - پاراسەتلىك، بىلىملىك ھەم جاسارەتلىك بولۇشى، ئاتاقلىق ئائىلىدىن كېلىپ چىققان، ئىسلام دىنىغا ئىخلاس بىلەن ئېتىقاد قىلىدىغان بولۇشى شەرت ئىدى.

«تايىنغۇ» ياكى «ھاجىپ» (يارلىق يەتكۈزگۈچى ۋەزىر)، بۇ قاراخانىيلاردا ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدىغان بىر خىل ئەمەل بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى — خاقاننىڭ «يارلىق» (بۇيرۇق، ئەمىر - پەرمان) لىرىنى تۆۋەنگە ئەينەن يەتكۈزۈش ھەمدە تۆۋەندىكىلەرنىڭ تەلەپلىرى، خىزمەت ئەھۋالى قاتارلىق ئىشلارنى خاقانغا ئەينەن مەلۇم قىلىش. يارلىق يەتكۈزگۈچى ۋەزىر «خاقانغا ئىشەنچلىك، يۇقىرىلارغىمۇ ئىشەنچلىك» بولۇشتەك شەرتلەرنى ھازىرلىغان بولۇشى لازىم*؛

«ئوردا باشى» (ئوردا ۋەزىرى)، ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئوردىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى بېجىرىش، ۋەزىرلەر مەجلىسىنى چاقىرىش ۋە باشقىلار؛

«سۇ باشى» ياكى «سانغۇن» (باش قوماندان ياكى ئەمىرلەشكەر)، ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى — ھەربىي قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىش، دۆلەت زېمىنىنى قوغداش، توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇش ۋە باشقىلار. كېيىنكى چاغلاردا، قاراخانىيلار

---

* «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1981 - يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 - توم، 519 - بەت.

نىڭ ئالىي ھەربىي باشلىقى سامانىيلار خانلىقىغا ئوخشاش «ئەمىر» دەپ ئاتالدى. ھەربىي باشلىق بولغان كىشى ئۇرۇش ئىشلىرىدا تەدبىرلىك، جەڭگە قوماندانلىق قىلىشتا ئىقتىدارلىق بولۇشى شەرت؛

«ئاغىچى» (مالىيە ۋەزىرى)، ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى — دۆلەت خەزىنىسىنى باشقۇرۇش. ئۇنىڭ ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتى: پاك بولۇش، تېجەشلىك، ھېسابقا ئۇستا ھەمدە سودا ئىشلىرىغا ماھىر بولۇش، دۆلەتنىڭ مالىيە تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش؛

«قوۋۇقچىباشى» (ئىچكى مۇھاپىزەت ۋەزىرى)، ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى خاقان، ئوردىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش. قوۋۇقچىباشى بولغان كىشى ئاتاقلىق ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى، قابىلىيەتلىك، مول بىلىمگە ئىگە، قەددى - قامىتى راۋۇرۇس، مۇئامىلىسى يېقىملىق، ئىش بېجىرىشتە چەبدەس، زىرەك ھەم جەسۇر بولۇشى شەرت؛

«ئىلىمگا» ياكى «بىتىكچى» (كاتىپ)، ئۇنىڭ ئورنى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ ئۇ «شاھنىڭ جارچىسى»، ئۇنىڭ ئورنى، ئاساسىي ۋەزىپىسى — خاقان، باش ۋەزىر ۋە ۋەزىرلەرگە ۋەكالىتەن يارلىق، ئەمىر - پەرمان ۋە مۇناسىۋەتلىك باشقا ھۆججەتلەرنىڭ كۆپىيىسىنى يېزىپ چىقىدۇ؛

ئۇنىڭدىن باشقا، قاراخانىيلاردا يەنە «يابغۇ»، «بۇيرۇق»، «تارخان» ياكى «بەگ»، «تۇكسىن» (ئوتتۇرا دەرىجىلىك ھەربىي باشلىق)، «چاۋۇش» (تەكشۈرگۈچى) «تۈيزۈن» (يېزا باشلىقى)، «چوپان» (يېزا باشلىقىنىڭ ياردەمچىسى) قاتارلىق يەرلىك ئەمەلدارلار بار ئىدى. خاقانىنىڭ چەت ئەللەردە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى «يالۋاچ» دەپ ئاتىلاتتى.

قاراخانىيلار خانلىقى كاۋا چېچىكى رەڭلىك يىپەك رەخت-

تىن ياسالغان تۇغ (بايراق) ئىشلىتەتتى. ئېيتىلىشىچە، بۇ خىل رەڭ خاسىيەتلىك ھېسابلىنىدىكەن.* خاقان بىلەن ھەربىي قوماندان قوشۇن باشلاپ جەڭگە يۈرۈش قىلغاندا، يارلىق، ئەمىر - پەرمان جاكارلىغاندا، چەت ئەل سەردارلىرىنى، ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلغاندا، ئۇلارنىڭ يېنىدا دائىم تەييار تۇرىدىغان «تۇغچى» بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، قوشۇن جەڭ قىلغاندا، يىپەك رەختتىن ياسالغان تۇغ - ئەلەملەرنى بىللە ئېلىپ يۈرەتتى.

قاراخانىيلار مەمۇرىي، ھەربىي ۋە دىنىي ئىشلارنى بېجىرىشتە تامغا بېسىش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلاتتى. خاقاننىڭ ئەمىر - پەرمانلىرى «تارتۇق» ياكى «يارلىق» دەپ ئاتىلاتتى، خاقاننىڭ تامغىسى «تۇغرىق» دەپ ئاتىلاتتى؛ خاقاندىن تۆۋەن ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ پەرمانلىرى «بۇيرۇق» دەپ ئاتىلاتتى، ئۇلارنىڭ تامغىسى «تامغا» دەپ ئاتىلاتتى. ھوقۇقى ناھايىتى زور بولغان قازىلار «مۆھۈر» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل تامغا ئىشلىتەتتى. خاقاننىڭ ۋە باشقا ئەمەلدارلارنىڭ تامغىلىرىغا ئۇلارنىڭ ئىسمى، ئۇنۋانى، مەرتىۋىسى قاتارلىقلار ئويۇلۇشى شەرت ئىدى، تامغىلىرىنى ئۇلارنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك كاتىپى ساقلايتتى ۋە ئىشلىتەتتى.

قاراخانىيلارنىڭ مال - مۈلۈككە بولغان ئىگىدارلىق (مۈلۈكچىلىك) تۈزۈمى ئىككى خىل ئىدى. ئۇنىڭ بىر خىلى سامانىيلار خانلىقىدا قوللىنىلغان سۇيۇرغاللىق تۈزۈم بولۇپ، «ئىكتا» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ تۈزۈم مىلادى X ئەسىرنىڭ ئاخىرى XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئورنىتىلغان. بۇ تۈزۈمگە

* «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 - توم، 175 — 176 - بەتلەر.

ئاساسەن دۆلەتنىڭ بارلىق مال - مۈلكى خاقاننىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدىكى زېمىننى ئۆز جەمەتىدىكى ئاكا - ئىنىلىرىغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرەتتى، سۇيۇرغال ئالغۇچىلار شۇ رايوندىكى زېمىننىڭ ئىگىسى بولۇپ، خاقان ئۇلارغا قارىتا باجنى ھۆددىگە بېرىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، ئۇلاردىن ئېلىنغان باج ئارقىلىق دۆلەت خەزىنىسىنى تولۇقلايتتى؛ يەنە بىر خىلى — ئەنئەنىۋى ئۇرۇقداش، قەبىلىلەرنىڭ مال - مۈلۈككە بولغان ئىگىدارلىق تۈزۈمى. بۇ تۈزۈمگە ئاساسەن، ئوتلاقلاردىن باشقا، قالغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى (چارۋا) ۋە تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى چارۋىچىلارنىڭ ئۆز ئىلكىدە بولاتتى. بۇ خىل تۈزۈم ئاساسەن كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونلىرىدا يۈرگۈزۈلەتتى، لېكىن ئوتلاقتا بولغان ئۇرۇقداش ۋە قەبىلە مۈلۈكچىلىكى فېئودالىق مۈلۈكچىلىككە ئۆتۈشكە باشلىغانىدى.

قاراخانىيلار دەۋرىدە، دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى يەرگە بولغان ئىگىدارلىق شەكلى ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرنەچچە خىل ئىدى:

**خېنى يەرلەر** بۇ، ئاساسەن قاراخانىيلار باشقا رايونلارنى بويسۇندۇرغاندا مۇسادىرە قىلغان دۈشمەن تەرەپنىڭ خېنى يەرلىرى ۋە باشقا ئەمەلدارلارنىڭ يەرلىرى ھەمدە ئۆز دۆلىتىدىكى خۇسۇسىيلارغا تەئەللۇق بولمىغان يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

**ۋەقپە يەرلەر** بۇ يەرلەر خاندانلىق تەرىپىدىن مەسچىت ۋە مەدرىسلەرگە ئىنئام قىلىنغان يەرلەر ئىدى. مەسچىت ۋە مەدرىسلەرنىڭ ئىلكىدە يەنە تۈگمەن، كارخانا، دۇكان ۋە شەھەرلەردە يەر - زېمىنلىرى بولۇپ، بۇنداق يەر - زېمىنلەردىن ئادەتتىكى ئەھۋالدا باج ئېلىنمايتتى.

**فېئوداللارنىڭ يەرلىرى** بۇ يەرلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلار پومېشچىكلار بولۇپ، يەر شەخسلەرگە تەئەللۇق ئىدى. لېكىن يەرنى ئۇلار ئۆزلىرى تېرىماي، يېرى يوق ياكى يېرى ئاز دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرىپ، دېھقانلاردىن يەر ئىجارىسى ئالاتتى.

**ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلارنىڭ يەرلىرى** بۇ شەكىلدىكى يەر مۈلۈكچىلىكىنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسى دائىرىسىدىكى ئومۇمىي يەر مىقدارى ئىچىدە تۇتقان سالمىقى ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى. ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلار خاندانلىققا باج - سېلىق تۆلەيتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى فېئوداللار ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، ئۇلارنى يەرسىز دېھقانغا ئايلاندۇرۇپ قويۇش ئېھتىمالى ھەرقاچان مەۋجۇت ئىدى.

**يېزا جامائەسىنىڭ يەرلىرى** قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە، يېزا جامائەسىنىڭ يەرلىرى كۆپ ئەمەس ئىدى، پەقەت جامائە تۈزۈمىدىن قېپقالغان قالدۇق يەرلا بار ئىدى.

قاراخانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدىكى يېزىلارنىڭ يەرگە بولغان مۈلۈكچىلىك شەكلى يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى شەكىللەندۈرگۈچى ئاساس ئىدى. مەيلى روھانىي فېئوداللارنىڭ يەرلىرى بولسۇن ياكى دەھرىي فېئوداللارنىڭ يەرلىرى ۋە ياكى خېنىي يەرلەر بولسۇن، ئۇلارنى ئۈلۈشكە ئايرىپ تەقسىم قىلىۋېلىش چارىسى بويىچە، يەرسىز ياكى يېرى ئاز دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرىپ تېرىتاتتى. ئۈلۈشكە ئايرىپ تەقسىم قىلىۋالىدىغان ئورتاقچى دېھقانلار دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئاساسلىق ئەمگەكچىلەر بولۇپ، يەرلىك تىلدا ئۇلار «بازغال» دەپ ئاتىلاتتى. نىزامۇلمۇلكنىڭ «سىياسەتنامە» دېگەن كىتابىدا، بىر ئاقسۆڭەك

ئايالنىڭ يەرنى باشقىلارغا ئىجارىگە بېرىپ تېرىستقانلىقى، يەردىن چىققان ئاشلىقنى ئۈچ ئۈلۈشكە ئايرىپ، بىر ئۈلۈشنى دۆلەتكە تاپشۇرغانلىقى، بىر ئۈلۈشنى يەرگە ئەمگەك قىلغۇچىغا بەرگەنلىكى، بىر ئۈلۈشنى ئۆزى ئالغانلىقى* تىلغا ئېلىنغان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئۈلۈشكە ئايرىم تەقسىم قىلىۋېلىش تۈزۈمىدىكى ئورتاقچى دېھقانلار مەھسۇلاتنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغىلا ئىگە بولغان، قالغان ئىككى قىسمىنى يەر بېجى سۈپىتىدە دۆلەتكە تاپشۇرغان ياكى يەر ئىجارىسى سۈپىتىدە فېئوداللارغا تاپشۇرغان. ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى تەشكىل قىلغان بۇنداق يۇقىرى ئېكسپىلاتاتسىيە مىقدارى كىشىنى چۆچۈتىدۇ. قاراخانىيلار خانلىقىدىكى ئورتاقچى دېھقانلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتكىچە ئېغىر فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە ئاستىدا تۇرغانلىقى دەل قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ فېئوداللىق جەمئىيىتى ئۇزاق مۇددەتكىچە ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەي بىر ئىزدا توختاپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىدۇر.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلار ئىجتىمائىي ئىگىلىكتە يەنىلا دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلاتتى. شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىدىكى قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، يەكەن قاتارلىق رايونلارنىڭ ھەممىسى دېھقانچىلىق تەرەققىي تاپقان بوستانلىقلار ئىدى. بۇ بوستانلىقلاردا ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلارغا سىڭىپ كېتىۋاتقان باشقا مىللەتلەر بىللە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلار بۇغداي، كېۋەز، ئارپا، كۆممىقوناق، ئاق قوناق، ماش - پۇرچاق ۋە باشقا ئاشلىق زىرائەتلىرى تېرىيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار يەنە

* نىزامولمۇلك: «سىياسەتنامە» 41 - باب. بۇ نەقىل خودېرنىڭ رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسىدىن ئېلىندى، موسكۋا - لېنىنگراد، 1949 - يىل نەشرى، 154 - بەت.

مېۋە - چېۋە، كۆكتاتمۇ تېرىيتتى، شۇڭا باغۋەنچىلىكمۇ ناھايىتى
تەرەققىي قىلغانىدى. بەزى جايلاردا، مەسىلەن، خوتەن،
يەكەن، قەشقەر ئەتراپلىرىدا پىلىچىلىكمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە
مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. بۇ جايلاردىن چىقىدىغان پاختىنىڭ
سۈپىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى
دۆلەتلەر بۇ پاختىنى «پاكىز ھەم يۇمشاق، ئۇنىڭدىن يىپ
ئېشىپ شويىنا قىلغىلى، ئېسىل رەختلەرنى توقۇغىلى بولىدۇ»
دەپ ماختايتتى. ئۇ جايلاردىن چىقىدىغان ئۈزۈم، ئۆرۈك،
نەشپۈت، قوغۇنلارمۇ ھەممە جايلارغا ئوخشاشلا مەشھۇر بولۇپ،
«قوغۇننىڭ چوڭلۇقى ئاتنىڭ بېشىدەك ئىدى، تەمى ئىنتايىن
تاتلىق» ئىدى. دېھقانلار ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئۆزلۈك-
دىن بىر - بىرىگە ھەمكارلىشاتتى، خامان ۋاقىتلىرىدا ئادەم
كۈچى ياكى ئۇلاغ كۈچى ئارقىلىق ئۆزئارا لاپقۇتلىشاتتى.
كېۋەز تېرىغۇچىلار ۋە كېۋەز تېرىيدىغان يەرلەر مەخسۇسلىشىش-
قا قاراپ يۈزلەنگەنىدى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا
«كېۋەزلىك»، «كېۋەز تېرىغۇچى» دېگەن مەخسۇس ئاتالغۇلار
بار. دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجى
تۈپەيلىدىن، ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىمۇ
راۋاجلانغانىدى. يۇرۇڭقاش دەرياسى، قاراقاش دەرياسى،
يەكەن دەرياسى، قەشقەر دەرياسى ۋە ئاقسۇ دەريالىرىدا
بىرقەدەر چوڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرى ئېلىپ بېرىلغان،
بۇ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرى ۋە ئۇنىڭ بىلەن يۈرۈشلەشتۈ-
رۈلگەن سۇغىرىش سىستېمىسى ھەرقايسى بوستانلىقلارنىڭ
ئېتىز - ئېرىق، باغ - ۋارانلىرىنى سۇغىرىش ئېھتىياجىنى
تەمىن ئېتەتتى. سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىنى ھۆكۈمەت بىر
تۇتاش تەشكىللەيتتى، دۆلەت مەخسۇس سۇ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن
ھاشار بەلگىلەيتتى. توسما ياساش ياكى ئۆستەڭ چېپىشقا

بېرىشقا تېگىشلىك كىشىلەر ھاشارغا بارمىسا، كەنت باشلىقلىرى ئۇلاردىن ھاشار بېجى ئالاتتى. بۇ تۈزۈم زور كۆلەملىك سۇ قۇرۇلۇشلىرى ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى، ئەلۋەتتە. سۇ قۇرۇلۇشلىرىنىڭ خەلق تۇرمۇشى ۋە ئاشلىقنى پىششىقلاپ ئىشلەش جەھەتتىمۇ پايدىسى كۆپ ئىدى. مەسىلەن، كىشىلەر شۇ چاغدا ئۆستەڭگە تۈگمەن قۇرۇپ، سۇ كۈچى بىلەن تۈگمەن تېشىنى چۆگىلىتىپ ئۇن تارتىشنى بىلەتتى. سوقا ھەققىدىكى خاتىرىلەردىن، كىشىلەرنىڭ شۇ چاغدا سۇ كۈچى بىلەن شال سوقۇشنى بىلگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. تۈگمەننىڭ ئاستى - ئۈستى تاشلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تۆمۈردىن ياسالغان ئوق ۋە «ئىستەگۇ» دەپ ئاتىلىدىغان قۇلاق ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇنى يىرىكرەك ياكى يۇمشاقراق تارتماقچى بولسا، كىشىلەر ئاستى - ئۈستى تاشنىڭ ئارىلىقىنى خالىغانچە تەڭشىيەلەيتتى*. مېۋە - چېۋە ئىشلەپچىقىرىشتا كىشىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى جەلپ قىلىدىغان ئىلگىرىلەش شۇكى، ئەينى چاغدا كىشىلەر مېۋە - چېۋىلەرنى ھەر خىل گۈلە - قاق قىلىپ پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئۇنىڭدىن تۈرلۈك مۇراببا ياساشنى بىلەتتى. ئاشلىق بىلەن ئىشلەنگەن ھاراق ۋە تۈرلۈك مۇسەللەسلەرمۇ بىرقەدەر كۆپ ئىدى.

**چارۋىچىلىق** ئاساسەن تاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىقلار ۋە تىيانشان، كۇئېنلۇن، ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدىكى يايلاقلارغا مەركەزلەشكەنىدى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى رايونلارمۇ مۇھىم چارۋىچىلىق رايونى ئىدى. چارۋىچىلىقتا ئاساسلىقى ئات، كالا، قوي، ئۆچكە، تۆگە، ئېشەك قاتارلىق ھايۋانلار بېقىلاتتى. مۇقىم ئولتۇراقلاشمىغان،

* «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم، 184 -، 505 - بەتلەر.

مەخسۇس چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان مىللەتلەرنىڭ ئات ۋە باشقا قارا ماللىرىغا مەخسۇس تامغا بېسىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئات ۋە بىر قىسىم كالىلار باشقا جايلارغا ئېلىپ بېرىلىپ مال ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى. چارۋا مەھسۇلاتلىرىدىن كۆن - خۇرۇم ۋە سۈتتىن ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەر، كالا - قوي گۆشلىرىدىن ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەر ۋە يۇڭ توقۇلمىلار بار ئىدى. ئاتنىڭ بىر قىسمى مىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى، بىر قىسمى ھارۋا تارتىشقا ئىشلىتىلەتتى. كالا ۋە تۆگىلەرنىمۇ ھارۋا تارتىش ۋە يەر ھەيدەشكە ئىشلەتكىلى بولاتتى، ئېشەكلەر ئاساسلىقى يۈك توشۇشقا ئىشلىتىلەتتى. قوي بىلەن ئۆچكە بولسا يېيىش ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى. سۈتتىن ياسالغان يېمەكلىكلەرنىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇرراقلىرى، يېڭى سۈت، قېتىق، ئىرىمچىك (سۈزمە)، قىمىز، قۇرۇت قاتارلىقلار ئىدى. چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان چارۋىچىلار جەمئىيەتتە مەلۇم ئورۇنغا ئىگە ئىدى. ئوۋچىلىقمۇ قوشۇمچە كەسىپ بولۇش سۈپىتى بىلەن، قاراخانىيلارنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينايتتى. ئوۋچىلىقنىڭ ئاساسىي ئوبيېكتى نار تۆگە، بۆكەن، بۇغا، جەرەن، بۆرە، تۈلكە، تىيىن، ئېيىق قاتارلىقلار ئىدى. سۆسەر، تىيىن تېرىسى، ئاق سۆسەر تېرىسى، تۈلكە تېرىسى، ئىپار قاتارلىقلار خانلىقنىڭ سىرتقا تەقدىم قىلىنىدىغان مۇھىم سوۋغات بۇيۇملىرى بولۇپ ئوۋچىلىق ۋاستىلىرىمۇ بىرقەدەر ئىلغار ئىدى.

**ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكى** قاراخانىيلارنىڭ ئىگىلىكىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. قول ھۈنەرۋەنچىلىك تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كان قېزىش، مېتال تاۋلاش، توقۇمىچىلىق، كۇلالچىلىق، ئەينەك

بۇيۇملار، قەغەز ياساش قاتارلىق كەسپلەر خانلىق ئىقتىسادىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن ئەينى چاغدىكى كان قېزىش تېخنىكىسىنىڭ خېلى ئىلغار بولغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. كان مەھسۇلاتلىرىدىن ئاساسلىقى تۆمۈر، قەلەي، ئالتۇن، كۈمۈش، نۆشۈدۈر ۋە ھەر خىل ياقۇتلار بار ئىدى. ئۇستىلارنىڭ مېتال تاۋلاش تېخنىكىسى ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىدە بولۇپ، ئۇلار ھەر خىل تۆمۈر قورال - سايمانلارنى ياسىيالايتتى، ئۇلار مىس سۇلفىدنى ئېرىتىپ ساپ مىس ئالالايتتى، كۈمۈش ئايرىيالايتتى، ئالتۇندىن تۈرلۈك زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنى، مەسىلەن، ئالتۇن كەمەر، ئالتۇن ئوقدان قاتارلىقلارنى ياسىيالايتتى، مېتال بۇيۇملار ئىچىدە يەنە ھەربىي قورال - ياراق، ساۋۇت، ئېگەر - جابدۇق قاتارلىق نەرسىلەرمۇ بار ئىدى؛ خەلق تۇرمۇشىدا ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملاردىن ئاساسلىقى ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى ۋە قاچا - قۇچا، قازان - قومۇچلار؛ ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىدىن چىراغ، سىياھدان - قەلەمدان بار ئىدى؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قىزىل مىستىن چاقا پۇللارنى قۇيالايتتى.

**توقۇمىچىلىق كەسپىدە** يۇڭ توقۇمىچىلىقى ۋە پاختا توقۇمىچىلىقى بولۇپ، شەرقىي قىسمىدىكى رايونلاردىن چىقىدىغان ئاساسلىق پاختا رەخت — «ماتا»، «سەگەز» ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا مەشھۇر ئىدى. پاختا رەختكە بوياق بەرگىلى ۋە گۈل باسقىلى بولاتتى. يىپ ئىگىرىشتە چاق ئىشلىتىلەتتى ياكى قول بىلەن ئېشىلەتتى، رەخت توقۇشتا ياغاچتىن ياسالغان دەستىگاھ ئىشلىتىلەتتى. بەزى جايلاردا كەندىر توقۇلمىلىرى، يىپەك توقۇلمىلىرى ۋە يۇڭ توقۇلمىلىرى ئىشلەپ چىقىرىلاتتى، گىلەم مەھسۇلاتىنىڭ سانى ۋە سۈپىتىمۇ ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. قەشقەر، خوتەن، يەكەنلەردە رەڭگى

ۋە نۇسخىسى ناھايىتى گۈزەل گىلەملەر توقۇلاتتى.

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ساپال بۇيۇملار ساپال قاچىلار كۇلال چاق بىلەن ياسىلاتتى، ساپال خۇمدىنى ئىچىگە ئۈچ پۇتلۇق جاھاز ئورنىتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە خام ساپالنى قويۇپ پىشۇراتتى. ئاھالىلەر ئىشلىتىدىغان سىرلىق ساپال ناھايىتى نەپىس ئىدى. «كاھىش» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل سىرلىق ساپال ناھايىتى داڭلىق ئىدى. كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان كاھىش بۇيۇملار ئىچىدە ئىۋرىق، لوڭقا، كورا، ھېجىر قاچا (چۆچەك)، تەخسە (تاۋاق)، كومزەك، كوزا، پەتنۇس قاتارلىق تۈرلىرى بار ئىدى. ئارخېئولوگىيە خادىملىرى يەنە بەزى جايلاردا ئەينەكنىمۇ تاپقانىدى، ئۇ بۇيۇملار ئاساسەن كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان قاچا - قۇچىلار بولۇپ، كۆپ ساندىكىسى رەڭسىز ئەينەكلەر ئىدى.

قاراخانىيلار زېمىنىدا تاشچى، تۆمۈرچى، موزدۇز، ياغاچچى، ساداقچى، بوياقچى، باپكار، گىلەمچى، سىرچى، رەسسام، كىگىزچى قاتارلىق ھەر خىل ھۈنەرۋەنلەر بار ئىدى. ھۈنەرۋەن ئۇستىلارنىڭ تېخنىكا سەنئىتى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا خوتەننىڭ قاشتېشى ناھايىتى مەشھۇر ئىدى. 969 - يىلى (سۇڭ سۇلالىسىنىڭ كەيباۋ 2 - يىلى)، خوتەندە قېزىلغان بىر پارچە چوڭ قاشتېشىنىڭ ئېغىرلىقى 237 جىڭ كەلگەنىدى*.

دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۇدۇن، قەشقەر قاتارلىق جايلارنىڭ سودا ئىشلىرىمۇ تەرەققىي قىلغانىدى. تاشقى سودا ئىشلىرى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، خانلىقنىڭ سودىگەرلىرى ئافغانىستان، ئىران، شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپا، ھىندىستانلارغىچە بارغانىدى. قارا

* «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ئۇدۇن تەزكىرىسى».

خانىيلارنىڭ سۇڭ سۇلالىسى ۋە لياۋ سۇلالىسى بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىمۇ قويۇق ئىدى. مەسىلەن، 1009 - يىلى (سۇڭ سۇلالىسىنىڭ داجۇڭ شياڭفۇ 2 - يىلى) دىن 1124 - يىلى (سۇڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنخې 6 - يىلى) غىچە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 130 نەچچە يىل ئىچىدە، ئۇدۇن بىلەن سۇڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالاقىسى ئاز بولغاندا بىر - ئىككى يىلدا بىر قېتىم، كۆپ بولغاندا يىلىغا ئىككى قېتىم بولۇپ تۇرغانىدى. قاراخانىيلاردىن سۇڭ سۇلالىسىگە ئېلىپ بېرىلىدىغىنى ئاساسلىقى ئۈنچە - مەرۋايىت، مارجان، زۇمرەت، پىل چىشى، مەستىكى رۇمى، قۇستە، كەھرىۋا، سەگەز، نۆشۈدۈر، تۇز، غەربىي يۇرت كىمخابى، قاشتېشى بىلەن بېزەلگەن يۈگەن، ئىسپار، مەرمەر تاش، سىماب، قەلەمپۇر قاتارلىق تاۋارلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە مەستىكى رۇمى كوپرەك سالماقنى تەشكىل قىلاتتى. سودىگەرلەرنىڭ سۇڭ سۇلالىسىدىن قاراخانىيلار سۇلالىسىغا ئېلىپ كېلىدىغىنى ئالتۇن كەمەر، كىمخاب، مىس پۇل، گۈللۈك تاۋار - دۇردۇن، ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى، چاي قاتارلىق تاۋارلار ئىدى. سۇڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان سودا مۇنداق ئىككى خىل شەكىلدە ئېلىپ بېرىلاتتى: بىر خىلى، قاراخانىيلار «سوۋغا تەقدىم قىلىش ئەلچىلىرى» ئەۋەتىپ، خاقانىنىڭ مەكتۇپلىرىنى ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلارنى بىۋاستە بيەنجىڭ (ھازىرقى خېنەنىڭ كەيفېڭ) شەھىرىگە ئاپىرىپ سودا قىلاتتى، ھەر قېتىم بارغانلار 50 نەپەر ئەتراپىدا بولۇپ، بيەنجىڭ شەھىرىدە 100 كۈن تۇراتتى. يەنە بىر خىلى، ئادەتتىكى سودىگەرلەر بولۇپ، سۇڭ سۇلالىسى ئۇلارنىڭ شىجۇ (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى لىڭتاۋ ناھىيىسى)، چىنجۇ (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى تيەنشۈي ناھىيىسى) شەھەرلىرىدە تۇرۇشىغىلا رۇخسەت قىلاتتى،

ئادەم سانى بىلەن تۇرۇش ۋاقتىنى چەكلىمەيتتى، لېكىن ئۇلار-
نىڭ سودا پائالىيەتلىرىنى سۇڭ سۇلالىسى ئادەم بەلگىلەپ
باشقۇراتتى. لياۋ سۇلالىسى بىلەن بولىدىغان سودىدا ئاساسلىقى
يىپەك بۇيۇملار ۋە كۈمۈش ئېلىپ كېلىنەتتى. بۇ ماللار ئەسلىدە
سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ھەر يىلى لياۋ سۇلالىسىگە بېرىدىغان
ئولپانلىرى ئىدى. لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلار سىنىپى سۇڭ
سۇلالىسى ئولپان ئۈچۈن تاپشۇرغان يىپەك بۇيۇملار بىلەن
كۈمۈشنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزلىرى سەرپ قىلغاندىن سىرت،
ئېشىپ قالغان قىسمىنى تاۋار ھېسابىدا قاراخانىيلارنىڭ سودا
كارۋانلىرىغا سېتىپ بېرەتتى*.

سودىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، شەھەر قۇرۇلۇشىدىمۇ
زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. خانلىقنىڭ سىياسىي ۋە
ئىقتىسادىي مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان قەشقەرنىڭ ئورنى
ناھايىتى مۇھىم ئىدى. شەھەردىكى ئاساسىي بىنالار ئوردا،
مەدرىس، مازار ۋە مەسچىتلەر بولۇپ، بىنالار ئومۇمەن خىشتىن
قوپۇرۇلغانىدى. ئېگىز بىنالارنىڭ ئۈستىگە گۈمبەز ياسالغانى-
دى، بەزى بىنالار يەنە سىرلىق كاھىش ۋە گۈل نۇسخىلىرى
بىلەن بېزەلگەنىدى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ شەھەرلىرىنىڭ ئىقتىسادىي
ئەھمىيىتى ئىلگىرىكىدىنمۇ مۇھىم ئورۇنغا ئۆتكەنىدى. شەھەر
ئاھالىلىرى ئاساسلىقى خاندانلىقتىكى ئاقسۆڭەكلەر، ھەربىي ۋە
مۈلكىي ئەمەلدارلار، دىنىي يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر، باي
سودىگەرلەر ۋە ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئەسكەرلەر،
ئەمەلدارلار، دېدەكلەر، ئادەتتىكى دىنىي خادىملاردىن تەركىب
تاپاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، خانلىق قول سانائەتچىلىرىنىڭ

* ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تارىخىدىن ئومۇمىي بايان»
خەنزۇچە نەشرى، 193 - بەت.

ئورنىنى كۆتۈرگەنلىكى ۋە دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ يانچىغا ئايلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن شەھەرگە كۆپلەپ كۆچۈپ كىرگەنلىكى تۈپەيلىدىن، شەھەر ئاھالىسى ئىچىدىكى قول سانائەتچىلەر، ئوتتۇرا ۋە كىچىك سودىگەرلەر بىلەن ئۇششاق تىجارەتچىلەرنىڭ سانىمۇ كۆپ ئىدى. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ باي - نامراتلىق پەرقى ناھايىتى زور ئىدى. بىر بىناكارنىڭ ئىككى ئايدا تاپقان پۇلىنى بىر ئىمكار بىر يىلدىمۇ تاپالمايتتى؛ ۋەھالەنكى، بىر ئىمكارنىڭ بەھۇزۇر يەپ كەتكەن نەرسىسىنى بىر مەدىكار ئۆمۈربويىمۇ تاپالمايتتى①. ئۇستىلار، ئىمكارلار، مەدىكارلارنىڭ كىرىمىدە چوڭ پەرق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدە تۇتقان ئورنىمۇ ئوخشاشمايتتى②.

## 3 - بۆلۈم قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىدىيە، مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ - ئادەت

قاراخانىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ مۇقىم راۋاجلانغانلىقى، شەھەر تۇرمۇشىنىڭ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ پەن - مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مەدەنىي ھاياتى

① «تاجىكلار تارىخى» 2 - توم، 1 - كىتاب، 262 - بەت.

② ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تارىخىدىن ئومۇمىي بايان» خەنزۇچە نەشرى 203 - بەت.

ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىدا زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى، ئىدېئولوگىيىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئىسلام ئىدىيىسى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر بولغان يېڭى ئىدىيە، كۆز قاراش، ئاڭ ۋە ئەخلاق مىزانلىرى شەكىللەندى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا شۇ دەۋردىكى ئىدىيە، كۆز قاراش ۋە ئەخلاق مەركەزلىك، سىستېمىلىق ھەم ئوبرازلىق ھالدا تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئەسەردىكى بايانلاردىن شۇ زاماندىكى كىشىلەردە مۇنداق قاراشلارنىڭ بارلىقىنى بىلىمىز:

پادىشاھ ۋارىسلىق تۈزۈمى بويىچە بولۇشى كېرەك. ياخشى بىر پادىشاھ ئەقىل - پاراسەتكە توشقان، مىجەزى مۇلايىم، ئەخلاقى دۇرۇس بولۇشى، ئاقىللارنى ئىشقا قويۇپ، چاكىنا ئادەملەردىن يىراق تۇرىدىغان، دانىشمەنلەرنى ئۆزىگە يېقىن تۇتىدىغان بولۇشى لازىم؛

خانىنىڭ ۋەزىرلىرى ئېسىل ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى، ۋەزىرلەرمۇ ئوخشاشلا ياخشى، ئەخلاقلىق بولۇشى، ئاچكۆز، نەپسانىيەتچى بولماسلىقى لازىم. پادىشاھ دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشى، ۋەزىرلەر بىلىم ۋە ئەقىل بىلەن پادىشاھقا ياردەملىشىشى لازىم؛

ئادەتتىكى پۇقرالار ئەڭ تۆۋەن قاتلامدا تۇرىدىغان بىر تەبىقە بولۇپ، ئۇلار ئەدەب - قائىدىنى بىلمەيدۇ، ئۇلاردا ئاڭ يوق. يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئۇلار بىلەن يېقىن مۇئامىلىدە بولماسلىقى، كۆپ سۆزلەشمەسلىكى لازىم، ئۇنداق قىلىش ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيىتىگە لايىق كەلمەيدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭمۇ ئادەتتىكى تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، قورسىقىنى تويغۇزۇش كېرەك؛

ئەۋلىيا - ئەنبىيالار بولسا مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ

يېقىن تۇغقانلىرىدۇر، ئۇلارنى ھۆرمەتلەش ۋە قەدىرلەش، ئۇلارغا سوۋغات يوللاپ تۇرۇش لازىم؛

ئاقىللار، دانىشمەنلەر، تېۋىپلار، داخانلار، چۈشكە تەبىر بەرگۈچىلەر، رەمباللار، شائىرلار — ئوخشاش بىر تەبىقىگە مەنسۇپ كىشىلەر. بۇلار جەمئىيەتكە ئېھتىياجلىق كىشىلەردۇر. شۇڭا، ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشىشى لازىم. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاقىللار ۋە دانىشمەنلەرنى قەدىرلەش، ئۇلارغا ماددىي مەنئەتلەر بىلەن ياردەم بېرىش، ئۇلارنى يېمەك - ئىچمەك بىلەن تەمىن ئېتىش، ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش لازىم. چۈنكى، كىشىلەر ئاقىللار ۋە دانىشمەنلەرنىڭ «كىشىلەر قەلبىنى يورۇتىدىغان مەشئەل» ئىكەنلىكىنى بىلدى. بىلىم — توغرا دىنىي قانۇننىڭ ئاساسى؛ تېۋىپلار بولسا ناھايىتى كېرەكلىك ئادەملەر، شۇڭا ئۇلارغا نالايىق مۇئامىلە قىلماسلىق لازىم. كىشىلەر جىن - شاياتۇنلارنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغاچقا، داخانلارنى جىن - شاياتۇنلارغا تاقابىل تۇرۇشتا ناھايىتى كېرەكلىك، دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ئۇلارنى چەتكە قاقماسلىق لازىم؛ چۈشنى كىشىلەر ناھايىتى قورقۇنچلۇق ھادىسە دەپ قارايدۇ، چۈشكە قانداق تەبىر بېرىش — بۇ چۈشنىڭ ياخشىلىق ياكى يامانلىقتىن دېرەك بېرىشىنى ئۆرۈپ بېرىش — بىر كىشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا كىشىلەر چۈشكە تەبىر بەرگۈچىلەرگە ئېتىبار بىلەن قارىشى لازىم. ئۆز زامانىسىدا مۇنەججىملەر كالېندارچىلىقنى بىلىدىغان بولغاچقا، كىشىلەر ئۇلارنى ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە بىلىملىرىنى بىلىدۇ، دەپ قارايدۇ، ۋاقىت، سائەتنىڭ خەيرلىك ياكى شۇملۇق ئىكەنلىكىنى شۇلاردىن سوراش كېرەك.

دېھقانلار، چارۋىچىلار، سودىگەرلەر، ھۈنەرۋەنلەر —

جەمئىيەت بايلىقىنى ياراتقۇچىلاردۇر. «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى بايانىدىن قارىغاندا، شۇ چاغدىكى كۆز قاراشتا بۇ ئادەملەرنىڭ ئورنى ئانچە تۆۋەن بولمىغان. مەسىلەن، مۇئەللىپ دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقارغان نەرسىلىرى بارلىق ھاياتنى ئوزۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ، شۇڭا، كىشىلەر دېھقانلارنى كۆپرەك دوست تۇتۇشى لازىم، دەپ قارايتتى؛ سودىگەرلەر ناھايىتى ئەركىن، دۇنيانىڭ ھەممە يەرلىرىگە بارىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ھەرقايسى جايلارغا تارقىتالايدۇ، شۇڭا، كىشىلەر سودىگەرلەرنى ھۆرمەتلىشى لازىم، دەپ قارايتتى؛ ھۈنەرۋەنلەر جەمئىيەتنىڭ زىننەتكارلىرى، ئۇلار بولغاچقا، دۇنيا گۈزەللىك بىلەن بېزەلگەن دەپ ھېسابلايتتى، شۇڭا، كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئورنى سودىگەرلەرنىڭكىدىن تۆۋەن ئەمەس ئىدى. چارۋىچىلار — چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپ چىقارغۇچىلار، لېكىن ئۇلار كىشىلەر تەرىپىدىن نادان، قوپال، قانۇننى بىلمەيدۇ، دەپ قارىلاتتى.

قاراخانىيلاردا ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى تۆۋەن ئىدى، ھەتتا ئاياللار نىكاھلىق بولۇش بىلەنلا ئەرلەرنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى بولۇشى، ئەرلەر ئاياللىرىنى قاتتىق ئىدارە قىلىشى، تالا - تۈزگە چىقارماسلىقى، يات كىشىلەرنى ئۆيگە كىرگۈزمەسلىكى، ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن بىر داستىخاندا تائام يېيىشىگە يول قويماسلىقى لازىم، دەپ قارىلاتتى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا يەنە شۇ چاغدىكى ئاياللارنىڭ باشقا ئەرلەرگە ئۆز جامالىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن بېشىغا رومال ئارتىپ، يۈزىنى ياپىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

قاراخانىيلار خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردىكى ئۇيغۇرلار قەيسەر، جەسۇر، قەتئىي، كەسكىن مىجەزلىك كىشىلەرنى ناھايىتى ھۆرمەت قىلاتتى، بۇنداق ھۆرمەتلەش

كىشىلەرنىڭ ئۇنۋانلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپاتتى. مەھمۇد قەشقەرى خاندانلىقتا قوللىنىلغان «قادىرخان» دېگەن سۆزنىڭ ئەنە شۇنداق خىسلەتنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئىزاھلىغانىدى؛ بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار يەنە دانىشمەنلەرگە چوقۇنۇپ، ئاقىللارنى ھۆرمەتلەيتتى. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بىر سۆزنى ئىزاھلىغاندا، شۇ چاغدىكى مۇنداق بىر بېيىتنى نەقىل كەلتۈرگەن: «بىلىملىك ئادەمنى ئىززەتلەپ، سۆزىنى ئىشىت، پەزىلىتىنى ئۆگىنىپ، ئىشقا ئاشۇر»*. بۇ بېيىت — دانىشمەنلەر ۋە ئالىملارنى ھۆرمەتلەشنىڭ ئىدىيەۋى ئىپادىلىرىدىن بىرىدۇر. دانىشمەنلىك ۋە ئاقىللىقنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن، بەزى خان، بەگ، ئېسىلزادىلەر ئۆز ناملىرىنى «دانىشمەن»، «بىلىملىك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم ياكى ئۇنۋان بىلەن ئاتىغان. مەسىلەن: بەزىلەرنى «بىلگەبېگ» (بىلىملىك بەگ)؛ بەزى خانلارنى «كۆل بىلگە» (كەڭ بىلىملىك) ياكى «كۆل بىلگە قادىرخان» (كەڭ پاراسەتلىك ھەم جاسارەتلىك شاھ) دەپ ئاتىغان؛ شۇ سەۋەبتىن بەزى ئەقىللىق كىشىلەرنىمۇ «بۆگۈ» (ئەقىللىق كىشى) دەپ ئاتايتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، قاراخانىيلار خانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردىكى ئۇيغۇرلار يەنە ئافراسىيابقا، «تەڭرى» گە، «نوھ» قا ۋە بەزى ھايۋانلارغا چوقۇناتتى. ئۇلار ئافراسىيابنى ئۇيغۇرلارنىڭ بۈيۈك قاغانى دەپ بىلەتتى. ئافراسىيابنىڭ «قاپلاندەك كۈچلۈك ۋە قاپلاندەك جەسۇر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «ئالىپ ئەرتوڭا» دېگەن ئۇيغۇرچە نامى بولۇپ ئۇيغۇرلار ئۆز مىللىتىنىڭ تېگى - تەكتىنى مۇشۇ رىۋايەتتىكى

* «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم، 558 - بەت.

قەھرىمان شەخسكە باغلاپ، ئۆزلىرىنى ئەنە شۇ ئافراسىيابنىڭ ئەۋلادلىرى دەپ قارايتتى. ئۇلار ئۆز نەزەرىگە ياقىدىغان بارلىق شەھەرلەرنى ئافراسىياب بىنا قىلغان، دېيىشەتتى. «تەڭرى» گە چوقۇنغانلىقى ھەققىدىكى مىساللار ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، ئۇلار «كۆك تەڭرى» نوھنى ياراتقان، نوھنىڭ ئوغلى ياپەس بولسا تۈركلەرنىڭ ئاتىسى، تۈركلەر ئەنە شۇ «تۈرك» دەپ ئاتىلىدىغان ئىلاھنىڭ ئەۋلادى، دەپ قارايتتى. «كۆك تەڭرى» توغرىسىدىكى بۇنداق چۈشەنچە قۇجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ چۈشەنچىسىدىن روشەن پەرقلىق ئىدى. ئۇلاردا ئۆز مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمۇ ئانچە ئوخشاش ئەمەس ئىدى. لېكىن ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، تېخىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر ئاللا — ئالەمنىڭ ياراتقۇچى ئىگىسى، ئاللا ھەممىگە قادىر، ھەممىدىن ئۇلۇغ، بارلىق مەدھىيە، رەھمەت ـ تەشەككۈر ۋە ماختاشلار ئاللاغا ۋە ئاللانىڭ ئۇلۇغ ئەلچىسى مۇھەممەد مۇستافاغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتى. دېمەك، قاراخانىيلار زېمىندا، كىشىلەرنىڭ ئالەمنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى توغرىسىدىكى قارىشى ئىسلام دىنىنىڭ كۆز قارىشىغا قاراپ ئۆزگەرمەكتە ئىدى. لېكىن بۇ ئۆزگىرىش تېخى تولۇق بولمىغانلىقتىن، «كۆك تەڭرى» گە چوقۇنۇش، «كۆك تەڭرى» نى ئەڭ ئالىي ئىلاھ دەپ بىلىش كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىن تېخى تولۇق چىقىپ كەتمىگەنىدى.

قاراخانىيلار خاندانلىقى زېمىندا كۆپ مىللەت بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ زېمىن دائىرىسىدىكى تىل ـ يېزىق تېخى بىرلىككە

كەلمىگەنىدى، لېكىن بىرلىككە قاراپ راۋاجلىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەنىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇسۇلمان بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ساپ تۈركچە تىل، لېكىن ئۆزئارا سۆزلىشىدىغان يەنە بىر خىل شىۋىسىمۇ بار ئىدى. ئۇيغۇرلار توغرىسىغا يېزىلىدىغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىناتتى، بۇ خىل يېزىق 24 ھەرپتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، كىشىلەر بۇ يېزىق بىلەن كىتاب، خەت - چەك يېزىشاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار بىلەن چىنلىقلار (قىتانلار)نىڭ يېزىقىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر خىل يېزىقنى قوللىناتتى، رەسمىي ئالاقە، ھۆججەتلەر مۇشۇ يېزىقتا يېزىلاتتى، ئادەتتىكى كىشىلەر بۇ يېزىقنى ئوقۇيالمايتتى. خاندانلىق زېمىنىدىكى «چىن» ۋە «ماچىن» خەلقلىرىنىڭ ئايرىم تىللىرى بولسىمۇ، شەھەرلىكلىرى تۈركىي تىلنى ياخشى بىلەتتى. ئۇلار ئۇيغۇرلارغا يازىدىغان خەت - چەكلىرىنى ئەنە شۇ توغرىسىغا يېزىلىدىغان يېزىق بىلەن يازاتتى. خوتەنلىكلەرنىڭ ئۆز تىلى بار ئىدى. شۇ ۋاقىتلاردا تۈركىي تىلدا ئوغۇز تىلىدىكى ئاتالغۇلار ئازراق بولۇشى مۇمكىن، توخسى ۋە ياغما تىللىرى بىرقەدەر قېلىپلاشقان بولۇشى مۇمكىن، خاندانلىقنىڭ مەركىزىي رايونلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ تىلى «خاقانىيە تىلى» (خاندانلىق تىلى) دەپ ئاتالغان، بۇ، قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئاساسلىق ئەدەبىي تىلى ئىدى*. لېكىن ئىسلام دىنى تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن توغرىسىغا يېزىلىدىغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئورنىنى ئاستا - ئاستا ئەرەب يېزىقى ئالدى؛ ئەمەلىيەتتە، قەشقەر رايونىدا XI ئەسىردىن تارتىپلا ئەرەب

* «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم 39 -، 40 -، 41 - بەتلەر.

يېزىقىنى قوللىنىشقا باشلىغانىدى*.

قاراخانىيلار خانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار يىلنى 12 مۆچەل بويىچە خاتىرىلەيتتى، ئادەمنىڭ يېشى، ئۇرۇش بولغان يىللار ۋە باشقا ئىشلارنى مۇشۇ يىل خاتىرىسى بويىچە ھېسابلاپ چىقاتتى؛ خەنزۇلارنىڭ 12 مۆچەلى بىلەن ئوخشاشمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇلار ئەجدىھا ئورنىغا بېلىق (تىمساھ) نى قوللىناتتى. 12 مۆچەلنىڭ تەرتىپى: چاشقان، كالا، يولۋاس، توشقان، بېلىق، يىلان، ئات، قوي، مايمۇن، توخۇ، ئىت، توڭگۇز بويىچە بولاتتى.

قاراخانىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردا تىبابەتچىلىك — سەھىيە ئىشلىرىمۇ راۋاجلانغانىدى. تىبابەتچىلىك مەخسۇس كەسىپ بولۇپ شەكىللەنگەنىدى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئىچكى كېسەل، تاشقى كېسەل، كۆز كېسەللىكى ۋە مال دوختۇرلۇقىغا ئائىت تىببىي دورىگەرلىك ئاتالغۇلىرىنىڭ بولۇشى، شۇ چاغلاردا تىبابەت ئىلمىنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇ چاغدىكى تېۋىپلار بىر خىل ئۆسۈملۈكتىن ئۈيقۇ دورىسى ياساشنى بىلەتتى؛ ئۇلار ئادەمگىياھ ئارقىلىق جىنسىي ئاجىزلىقنى داۋالىغانىدى؛ كۆزگە ئات قۇيرۇقىنىڭ قىلىدا توقۇلغان كۆز ياپقۇچ تاقاش ئارقىلىق كۆز ئاغرىقىنى داۋالايتتى؛ ئەندىز يىلتىزىنى يانجىپ، كېسەل ئاتنىڭ بۇرنىغا تېمىتىش ئارقىلىق ئاتنىڭ قورساق ئاغرىقىنى داۋالىغانىدى. شۇ چاغلاردا ئاياللارنىڭ تۇغۇتىغا ياردەملىشىدىغان كىندىك ئانىلىرى بار ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇ چاغلاردا ئىبنى سىنانىڭ تىبابەت-

* ئا. بۆيۈپكوۋ: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا تۇتقان ئورنى»، «تىل - ئەدەبىيات ۋە تارىخ مەسىلىلىرى» ژورنىلىدا بېسىلغان.

چىلىك ئىلمىمۇ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەركىزى قەشقەرگە كەڭ تارقالغانىدى.

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت تارىخىدىكى ئىنتايىن پارلاق بىر دەۋر ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، مۇشۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسى مىسلىسىز يۈكسەكلىككە يەتكەنىدى. «قۇتادغۇ بىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» قاتارلىق ئەسەرلەر شۇ زاماندىكى ئەدەبىيات ۋە ئىلىم تەرەققىياتىنىڭ نامايەندىلىرىدۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ مۇئەللىپى قاراخانىيلار خانلىقىدىكى مەشھۇر ئەدىب يۈسۈپ بولۇپ، ئۇ تەخمىنەن ھىجرىيە 407 - يىلى (مىلادى 1013/12 - يىلى) بالاساغۇندا دۇنياغا كەلگەن. ھىجرىيە 462 - يىلى (مىلادى 1070/69 - يىلى)، يۈسۈپ قەشقەردە ئۇيغۇر تىلىدا «قۇتادغۇ بىلىك» (بەخت سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم) ناملىق دىداكتىك داستانىنى يېزىپ چىقىپ، ئۇنى تاۋغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئېلى ھەسەنگە تەقدىم قىلىدۇ. ھەسەن بۇغراخان بۇ كىتابنى ناھايىتى ماختاپ، مۇئەللىپكە «خاس ھاجىپ» (خاننىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى) لىق ئۇنۋانىنى بېرىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ نامى «يۈسۈپ خاس ھاجىپ» دەپ ئاتالغان.

«قۇتادغۇ بىلىك» قاپىيىلىك داستان بولۇپ، جەمئىي 85 بابقا بۆلۈنىدۇ، شۇ چاغدىكى قەشقەر خەلق تىلىنى ئەدەبىي تىل قىلىپ، ئەرەبچە ۋە ئۇيغۇرچە ئىككى خىل يېزىقتا يېزىپ چىقىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، مۇئەللىپ بۇ ئەسەردە تۆت پېرسوناژ، يەنى ئادالەت سىمۋولى كۈنتۇغدى ئېلىك (ھۆكۈمدار)، بەخت سائادەت

سىمۋولى ئايتولدى (ۋەزىر)، ئەقىل - پاراسەت سىمۋولى ئۆگدۈلمىش (ۋەزىرنىڭ ئوغلى)، قانائەت سىمۋولى ئودغۇرمىش (زاھىت) ئارىسىدىكى دراماتىك سۆھبەت ئارقىلىق، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەخلاقنى بايان قىلىنغان؛ بۇ ئەسەر ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىدىيىۋىلىكى ئىلغار ئەسەردۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئەسلى قول يازمىسىلا بولۇپ، قولدىن - قولغا ئۆتۈپ كۆچۈرۈلۈش بىلەن ئۈچ خىل نۇسخا بولۇپ قالغان: بىر خىل نۇسخىسى ئاۋستىرىيىنىڭ پايتەختى ۋېنادىكى دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا ساقلانغان، شۇڭا، كىشىلەر تەرىپىدىن «ۋېنا نۇسخىسى» دەپ ئاتالغان؛ يەنە بىر نۇسخىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نەمەنگاندىن تېپىلىپ، تاشكەنت شەھىرىدىكى سوۋېت ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ساقلانغان. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ بۇ نۇسخىسى كىشىلەر تەرىپىدىن «نەمەنگان نۇسخىسى» دەپ ئاتالغان؛ يەنە بىر نۇسخىسى قاھىرەدىكى «ھىدىۋ» (ھازىرقى قىرال) كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان. كىشىلەر ئۇنى «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ «قاھىرە نۇسخىسى» دەپ ئاتايدۇ.

ھازىر ساقلىنىۋاتقان «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئەسلى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان، ئەرەب يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىمۇ بار. 1890 - يىلى، رادلوۋ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن ۋېنا نۇسخىسىنىڭ فاكسىمىلىنى نەشىر قىلغۇزدى. 1891 - يىلى، يەنە ۋېنا نۇسخىسىنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىن ۋىنگىر يېزىقىدا ترانسكرىپسىيىلەپ، مەتبەئەدە باستۇرۇپ تارقاتتى. 1901 - يىلىدىن 1910 - يىلىغىچە، رادلوۋ يەنە ئەرەب يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن قاھىرە نۇسخىسىدىن

پايدىلىنىپ، سالاۋيان يېزىقىدا ترانسكرىپسىيە قىلىنغان نۇسخىسى ۋە نېمىسچە تەرجىمىسىنى نەشر قىلغۇزۇپ تارقاتتى. 1942 — 1943 - يىلى، تۈركىيە يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل نۇسخىنىڭ ھەممىسىنىڭ فاكسىمىلىنى نەشر قىلدۇردى. 1947 - يىلى، تۈركىيىدە يەنە رەشىت رەھمىتى ئارات تەرىپىدىن سېلىشتۇرۇپ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى نەشر قىلىندى. «قۇتادغۇ بىلىك» ھازىرغا قەدەر رۇسچە، نېمىسچە، ۋېنگىرچە، تۈركچە قاتارلىق نەچچە خىل يېزىقتا تەرجىمە قىلىندى، كېيىنكى چاغلاردا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىل-يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقىدا تەرجىمە قىلىنغان نەمۇنىلەر ۋە تولۇق تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىلىرىمۇ دۇنياغا كەلدى.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى ۋە تىل تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ كىتاب قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىلا ئەمەس، بەلكى كېيىنكى چاغلاردىمۇ خېلى ئۇزاققىچە، چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنىدى.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئاپتورى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان يىلى ئېنىق ئەمەس. بىزگە شۇنىسىلا مەلۇمكى، ئۇ قەشقەر كونىشەھەر (توققۇزاق) نىڭ ئوپال يېزىسىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ بوۋىسى بۇغراخان مۇھەممەد ئىدى. دادىسى ھۈسەيىن بارسغانغا ھاكىم بولغان. XI ئەسىرنىڭ 20 ئۇ قەشقەردە ئوقۇغان، كېيىن يەتتىسۇ رايونى، ئىلى ۋادىسى ۋە سىر دەرياسى رايونلىرىدا تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تىل - ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە ھەمدە ئىجتىمائىي تۇرمۇش قاتارلىق ھەر تەرەپلىمە ماتېرىياللارنى توپلاپ، 1074 - يىلى ئەرەب تىلىدا «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك» («تۈركىي تىللار دىۋانى») دېگەن بۇ ئۇلۇغ ئەسەرنى يېزىپ چىققان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» تىلشۇناسلىق ھەققىدىكى ئەسەر بولۇپ، پۈتۈن كىتاب سەككىز بۆلۈمگە بۆلۈنگەن، ھەربىر بۆلۈمى يەنە ئىسىملار ۋە پېئىللار شەكلىدە ئىككى قىسىمغا ئايرىلغان؛ ھەربىر قىسىم يەنە بابلارغا ئايرىلغان، ھەربىر بابتىكى سۆزلۈكلەر يەككە سۆزلەردىكى سۆز يىلتىزىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ يەنە ئىككى ھەرپتىن تۈزۈلگەن سۆزلەر، ئۈچ ھەرپتىن تۈزۈلگەن سۆزلەر، تۆت ھەرپتىن تۈزۈلگەن سۆزلەر دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنگەن؛ ھەربىر تۈردىكى سۆزلۈكلەر ھەرپ شەكلى ۋە تىل خۇسۇسىيىتىگە قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. شۇڭا بۇ لۇغەتنىڭ قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، تەرتىپى ئېنىق بولۇپ، دۇنيا بويىچە تۇنجى تۈركىي تىلشۇناسلىق لۇغىتى ھېسابلىنىدۇ. پۈتۈن كىتابتا ئۇزۇن مۇقەددىمىدىن باشقا، جەمئىي يەتتە مىڭدىن ئارتۇق سۆزلۈك بار. بۇ لۇغەت بىزنى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنىڭ تارىخ، جۇغراپىيىسىگە دائىر مول بىلىملەر ۋە تۈرلۈك كەسپلەرگە ئائىت مەخسۇس ئاتالغۇلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، شۇڭا، ئۇنى ئىنچام ۋە چۈشىنىشلىك ئېنسىكلوپېدىيە دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بىر پارچە يۇملاق شەكىللىك خەرىتە بېرىلگەن. بۇ خەرىتىدە ئاپتور ئۆز زامانىسىدا ئۆزىگە مەلۇم بولغان دۇنيانى سىزىپ چىققان، بۇ، زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ بۇرۇنقى ۋە ئەڭ مۇكەممەل ئوتتۇرا ئاسىيا خەرىتىسى ھېسابلىنىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئەسلى نۇسخىسى ھازىرغىچە تېپىلغىنى يوق، ئۇنىڭ ئەڭ بۇرۇن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى ئىرانلىق مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەبۇلفەتھى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، ھازىر تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدىكى دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا ساقلانماقتا. بۇ كۆچۈرۈلگەن

نۇسخا 1914 - يىلى ئىلىم ئەھلىگە مەلۇم بولۇپ، كېيىن ئۇنىڭ مىخ مەتبەئە نۇسخىسى، فاكسىملى، نېمىسچە ئىندېكىسى، تۈركچە تەرجىمە نۇسخىسى، ئۆزبېكچە تەرجىمە نۇسخىسى نەشر قىلىندى.* 1981 - يىلى، دۆلىتىمىزدە ئۇيغۇرچە ئۈچ توملۇق نۇسخىسى نەشر قىلىندى.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» — ئەھمەد يۈكنەكى يازغان دىداكتىك داستان. ئاپتورنىڭ ھاياتى توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات يوق، بىز ئۇنىڭ مەھمۇد يۈكنەكىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى، يۈكنەك دېگەن يۇرتتا تۇغۇلغانلىقىنىلا بىلىمىز. ئەھمەد يۈكنەكى تۇغۇلغاندىلا ئەما تۇغۇلغان ئىكەن. ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بۇ داستاننى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئەمەلدارى ئەمىر مۇھەممەدكە تەقدىم قىلغان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بۇ داستاننىڭ يېزىلغان ۋاقتى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرى (XII ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرى) گە توغرا كېلىدۇ.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۇرۇش ھالىمانچىلىقى كۆپ بولغان، ھەتتا خاندانلىق قارا قىتانلارنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ، جەمئىيەت پاراكەندىچىلىك، خەلق تۇرمۇشى مۈشكۈلچىلىك ئىچىدە قالغانىدى. «ئەتەبەتۇلھەقايىق» نىڭ ئاپتورى ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق كۆز قارىشى ئارقىلىق كىشىلەرنى دىنىي نىزام ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاققا رىئايە قىلىشقا، جەمئىيەتنىڭ تەرتىپى ۋە تىنچلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە دالالەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى تەشەببۇسلار

* «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى نەشرگە تەييارلاش گۇرۇپپىسى: «ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى ‹تۈركىي تىللار دىۋانى›» — «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ رەسمىي تېكىستى ئالدىغا بېرىلگەن تونۇشتۇرۇشنىڭ 40 — 49 - بەتلىرىگە قارالسۇن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق قارىشىغا مەنسۇپ ئىدىي، مەسلەن، ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىش، سەممىي ۋە ئاق كۆڭۈل بولۇش، يالغانچىلىق، تەكەببۇرلۇق، بېخىللىق ۋە ئاچكۆزلۈككە قارشى تۇرۇش، قېرىلارنى ھۆرمەتلەپ، مەسۇملەرنى ئاسراش، ياخشىلارنى دوست تۇتۇش، سېخىيلىق بىلەن كىشىلەرگە ياردەم بېرىش، مۇئامىلىدە مۇلايىم ۋە ئەدەبلىك بولۇش ۋە باشقىلار. شۇڭا، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تىكى بەزى تەسىرلىك سۆزلەرنى ئامما ھېلىمۇ ياقتۇرۇپ ئەسلەيدۇ. بۇ داستان ناھايىتى پۇختا ۋەزىن ۋە قاپىيە بىلەن يېزىلغان بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. بىراق، ئاپتور دەۋر چەكلىمىسى ۋە دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، داستاندا فېئودال ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىدىيىسى ۋە تەقدىرچىلىك كۆز قارىشى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» نىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، شۇ داستاننىڭ تىلى ۋە ئۇسلۇبى «قۇتاد غۇبىلىك» كە يېقىن كېلىدۇ. ھازىر «ئەتەبەتۇلھەقايىق» نىڭ بىر قەدەر مۇكەممەل ئۈچ خىل كۆچۈرمە نۇسخىسى بار، يەنى سەمەرقەند A نۇسخىسى (قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن)، ئىستانبۇل B نۇسخىسى (قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئەرەب يېزىقى قوشۇپ كۆچۈرۈلگەن) ۋە ئىستانبۇل C نۇسخىسى (ئەرەب يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن). ئۈچىنچى خىل (C) كۆچۈرمە نۇسخىسىنىڭ يىل دەۋرى ئېنىق بولمىغاندىن باشقا، A، B ئىككى خىل كۆچۈرمە نۇسخىسى XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا مەنسۇپ نۇسخىلاردۇر. خەنزۇچە نۇسخىسى تۈركىيىلىك ئالىم رەشىت رەھمەتى ئاراتنىڭ سىلىشتۇ-

روپ تۈزەتكەن نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىنغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە تەنتەربىيە، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنىڭ تۈرلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە دائىر نۇرغۇن مەلۇماتلار بېرىلگەن. بۇ مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار «جىن - شەيتانلارنىڭ شۇملۇق قىلىشىدىن ساقلىنىپ»، ئوبدان ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن، مېۋىلىك باغ ۋە كۆكتات ئېتىزلىرىغا «قارانچۇق» تىكلەپ قوياتتى. باللارغا ئۇچۇق تەگمەسلىك ۋە «جىن چاپلاشماسلىق» ئۈچۈن، دەرەخ شاخلىرىنى كۆيدۈرۈپ باللارنى ئىسلايتتى ۋە ئىسرىق سېلىپ «جىنلارنى قوغلايتتى». ئۇلار قىز بالىنى تۈلكىگە، ئوغۇل بالىنى بۆرىگە تەمسىل قىلاتتى. ھامىلدار ئاياللار بوشانغاندا، كىشىلەر كىندىك ئانىلىرىدىن: «تۈلكىمۇ ياكى بۆرە؟» دەپ سورىشاتتى بۇنىڭ مەنىسى «قىز تۇغۇلدىمۇ ياكى ئوغۇلمۇ؟» دېگەنلىك بولىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى — قىز بالا بىر قەدەر زېرەك بولغاچقا، تۈلكىگە تەمسىل قىلىنغان؛ ئوغۇل بالا بىر قەدەر جەسۇر بولغاچقا، بۆرىگە تەمسىل قىلىنغان.

ئۇيغۇر ئاياللىرى كۆپىنچە ئۆرۈمە چاچ قوياتتى، مەڭزىگە ئەڭلىك سۈرتەتتى. ئۇلار ئۆزىنىڭ جامالىنى يات ئەرلەرگە كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن، ھەمىشە بېشىغا پۈركەنچە ئارتىپ يۈزىنى يېپىۋالاتتى. ئەرلەر «قۇتۇرما بۆك» يەنى ئالدى ۋە ئارقا تەرىپىدە قايرىمىسى بولغان تۇماق كىيەتتى*.

دەپنە قىلىش ئادىتى توغرىسىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى»

---

* «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم، 156 -، 129 -، 531 -، 638 - بەتلەر.

دا مۇنداق دېيىلگەن: ۋاپات بولغۇچى دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن،
ئەزىر ئۆتكۈزۈپ، ۋاپات بولغۇچى ئۈچۈن سەدىقە ـ ساخاۋەت
قىلىنىدۇ؛ خانلار ۋە بەگلەر ئۆلگەندە، ئۇلارنىڭ قەبرىلىرى
ئۈستىگە «يىپەك يۇپۇق» يېپىلىپ، كېيىن كەمبەغەللەرگە
ئۈلەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ. ئادەتتىكى كىشىلەر ئۆلگەندىن كېيىن
ئۇنىڭ مېلىدىن ئەڭ ئېسىل بولغان بىرەر نەرسە خاقانغا
تەقدىم قىلىنىدۇ، قالغان مال ـ مۈلۈكلىرى ئۆلگۈچىنىڭ پەرزەنت ـ
لىرىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ*. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد
قىلىنغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى بويىـ
چە دەپنە قىلىنىدىغان بولدى.

ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل بىلەن ئۆتكۈزۈلىـ
دىغان كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى — «مەشرەپ» قاراخانىيلار خانـ
دانلىقى دەۋرىدىلا كەڭ تارالغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئۆز
ۋاقتىدا يەنە «سۇخدەش» دەپ ئاتىلىدىغان قاتار خاراكتېرلىك
كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى كەڭ تارقالغان. بايرام كۈنلىرىدىمۇ
كىشىلەر توپلىنىدىغان سورۇنلار چىراغ يورۇقىدا كۈندۈزدەك
يورۇتىلاتتى ۋە گۈللەر بىلەن زىننەتلىنەتتى. كۆڭۈل ئېچىش
پائالىيەتلىرىدە تەنتەربىيە ھەرىكىتىگە كىرىدىغان چەۋگەن
(ئات توپى) ئويناش، تەپكۈچ تېپىش، دالا سەيلىسى قاتارلىقلار
بار ئىدى. بالىلار ئويۇنلىرىدا ياغاق ئويناش، چىك ۋە
«چەللە ـ مەللە» قاتارلىق ئويۇنلار بار ئىدى.

---

* «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1681 - يىل
ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم، 98 - ، 107 - ، 518 - ، 581 - بەتلەر.

## قاراخانىيلارنىڭ نەسەبنامىسى






ئىزاھات

«......» نەسەبنامىسىنىڭ شۈبھىلىك ياكى ئېنىق ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

▲ خانلىق تەۋەسىدىكى ھەرقايسى ئىلىكخانلىقنىڭ ياكى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ خانى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ (داۋامى كېيىنكى بەتتە)

12—1 . شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانلىرىنىڭ تەرتىپىنى بىلدۈرىدۇ.

㉒—① غەربىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانلىرىنىڭ تەرتىپىنى بىلدۈرىدۇ


▲ ھاسان (ھارۇن) بۇغراخان
(991—993)
▲يۇسۇپ قادىرخان
(1024—1032)
▲ سۇلايمان قادىرخان
(1033—1037)
▲ ئەھمەد تۇغانخانII
(1024—1049/48)
▲ ئەلى تېكىن، تاۋغاچ بۇغراخان
(1021/20—1035/34)
1. سۇلايمان ئارسلانخان
(1032—1057/56)
2. مۇھەممەد بۇغرا قاراخان
(1057—1058)
5. مەھمۇد توغرۇلخان
(1059—1074)
يۇسۇپ
7. ھارۇن بۇغراخانII
(1075/74—1103/02)
⑤ يەئقۇبخان
(1089—؟)
3. ھۇسەيىن (؟—1058/57)
4. ئىبراھىم (1059—1062)
6. ئۆمەر
(1074—1081/80)
ئابدۇلمۇمىن
(؟—؟)
8. ئەھمەدخان
(1103/2—1128)
⑨ ھارۇن جىبرايىل
(1099—1102؟)
ئەلى
(؟—؟)
9. ئىبراھىم
(1128—1158)
⑫ ھاسان
(1130—1132)



10. مۇھەممەد
(1158—1179)
11. يۈسۈپ
(1204—1211)
12. مۇھەممەد
(1211—؟)
⑮ ئەلى چاغرۇلخان
(1157/56—1158/57)
ھۈسەيىن
(؟—؟)
مەسئۇد
(1161—1171/70)
⑲ مۇھەممەت
(1171/70—1176/75)
⑳ مۇھەممەت ئاقتاش تاۋغاچ خان
(1176/75—1179/78)
⑯ مەھمۇد
(1155—1161)
⑱ قۇتلۇق بىلگەئابدىخالىقخان
(1170/69—؟)
㉑ ئىبراھىم
(1179/78—1203/02)
ئوسمان
(1203/02—1212)

# بەشىنچى باب

# قارا قىتان خانلىقى، موڭغۇللار ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار

## 1 - بۆلۈم قاراقىتانلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار

قارا قىتان خانلىقى* — ئېلىمىزدە ئۆتكەن قەدىمكى قېرىنداش مىللەت — قىتانلار قۇرغان بىر ھاكىمىيەت. قىتانلار ئەسلىدە شەرقىي شىمالدىكى لياۋخې دەرياسى ۋادىسىدا ياشايتتى. X ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن قۇدرەت تېپىپ، ئاتامان يەللىغ ئاپاگې ئۆز قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈردى. X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، قىتانلار ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال قىسمى ۋە سەنشى، خېبېي، موڭغۇل دالاسى ئەتراپلىرىدا ھاكىمىيەت قۇردى، مىلادى 947 - يىلى دۆلەت نامىنى «لياۋ» دەپ ئۆزگەرتتى. (983 — 1066 - يىللار ئارىلىقىدا يەنە قىتان دەپ ئاتالدى). قىتانلار ھاكىمىيىتى ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك داۋام قىلدى. كېيىن جۇرجىتلارنىڭ ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىشى بىلەن تەدرىجىي زەئىپ-

* خەنزۇچە «غەربىي لياۋ» دەپ ئاتالغان خانلىقنىڭ نامى ئەرەب، پارس مەنبەلىرىدە «قارا خىتاي» دەپ ئاتىلىدۇ — مۇشۇ كىتابنىڭ تەھرىرىدىن.

لەشتى. مىلادى 1122 - يىلى، جۇرجىتلار لياۋ سۇلالىسىنىڭ
پايتەختى نەنجىڭ (يەنى يەنجىڭ) نى بېسىۋالدى، شۇنىڭ
بىلەن لياۋ سۇلالىسى زاۋاللىققا يۈزلەندى. 1124 - يىلى،
لياۋ سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتىدىن يەلۈي تاش لياۋ سۇلالىسى-
نىڭ تيەنزۇ خانى بىلەن كېلىشەلمەي، ئۆزىنىڭ بىر قىسىم
ئادىمىنى باشلاپ غەربكە كۆچۈپ، ئۆزىنى خاقان دەپ ئېلان
قىلىپ، قاراسۇ (هازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى ئېجىنغول دەرياسى)
ئارقىلىق خاتۇنبالىق (يەنى لياۋچېن ئايمىقى، هازىرقى
موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى تۇغلا دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى
ئېقىمىدا) غا يېتىپ باردى. يەلۈي تاش بۇ يەردە «يەتتە
ئايماق، 18 ئۇلۇس» باشلىقلىرىنى يىغىپ، 10 مىڭ جەڭ
ئېتى①، 100 مىڭ ئەسكەر توپلاپ②، غەربكە قاراپ كېڭىيىش
تەييارلىقىنى كۆردى. 1130 - يىلى، يەلۈي تاش قۇچۇ
ئۇيغۇر خانلىقى ئارقىلىق غەربكە قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئۇ
ئالدى بىلەن قۇچۇنىڭ ئۇيغۇر خانى بىلگىگە خەت يازدى،
خەتتە قىتانلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان دوستانە
مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئىزهار قىلغان هەم ئۆزىنىڭ ئەرەب
خەلىپىلىكىگە بارماقچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، يول بېرىشنى
تەلەپ قىلغانىدى. بىلگە خەتنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆزى
بىۋاسىتە قارشى ئېلىپ، ئوردىدا ئۈچ كۈن چوڭ زىياپەت
ئۆتكۈزۈپ مېھمان قىلدى③. مېڭىش ۋاقتىدا ئۇنىڭغا يەنە 600
ئات، 100 تۆگە، 3000 قوي تەقدىم قىلدى هەم ئۆزىنىڭ
لياۋ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە يەلۈي
تاشنى ئۆزى بىۋاسىتە چېگرىغىچە ئۇزىتىپ قويدى④. بۇ يىلنى

① «جىن سۇلالىسى تارىخى. تەيزۇڭ هەققىدە خاتىرە».
② «ئۈچ سۇلالىنىڭ ئىتتىپاقىغا دائىر توپلام» 58 - جىلد.
③ «تارىخى جاهانكۇشاي»، 1 - قىسىم، خەنزۇچە نەشرى، 417 - بەت.
④ «لياۋ سۇلالىسى تارىخى. تيەنزۇخان هەققىدە خاتىرە»، 4.

ئىلىم ساھەسىدىكىلەر قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاراقىتانلارغا
بەيئەت قىلغان يىلى قىلىپ بېكىتكەنىدى. يەللىغ تاش قوچو
ئۇيغۇر خانلىقىدىن ئۆتۈپ، غەربكە قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلىدى.
1132 - يىلى ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەنكى ئېقىمىغا
يېتىپ بېرىپ، شۇ زاماندىكى خارەزىم قاتارلىق دۆلەتلەرنى
بويسۇندۇردى، كېرماندا خانلىق تەختكە ئولتۇرۇپ ئۆزىنى
گۆرخان دەپ ئاتىدى. ئەنىيانلار ئۇنى ھۆرمەتلەپ، «تەڭرى
يار بولغان پادىشاھ» دېگەن پەخرىي نام بىلەن ئاتىدى.
يىلنامىنى «يەنچېڭنىڭ تۇنجى يىلى» قىلىپ ئۆزگەرتتى.
تارىختىكى قاراقىتان خانلىقى ئەنە شۇ ئىدى. قاراقىتانلار
ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەللىغ تاش تىغ ئۇچىنى
شەرقىي قاراقانىيلار خانلىقىغا قاراتتى. بۇ چاغدا شەرقىي
قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن ئۇنىڭ تەۋەسىدىكى قارلۇق،
قاڭلىلار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەنىدى. قاراقىتانلارنىڭ
قوشۇنى يېتىپ بارغاندا، قاراخان ئۇنىڭ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ
قىلدى. 1134 - يىلى، يەللىغ تاش تەلەپكە بىنائەن قوشۇننى باش-
لاپ يەتتىسۇ رايونىغا كىرىپ ئورۇنلاشتى ۋە شەرقىي قاراخانىيلار-
نىڭ پايتەختى بالاساغۇنغا باردى. قاراقىتان قوشۇنى بالاساغۇنغا
كىرگەندىن كېيىن، شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى قارا خىتايلارغا
بېقىندى بولۇپ قالدى. يەللىغ تاش بۇ يەردىمۇ پايتەخت
قۇرۇپ، ئۇنى «قۇز ئوردۇ» دەپ ئاتىدى، ئۆزىنىڭ يىلنامىسى
يەنچېڭنىڭ 3 - يىلىنى كانگىيە تۇنجى يىلى قىلىپ ئۆزگەرتىپ،
لياۋ سۇلالىسىنى يېڭىباشتىن ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولدى.
لېكىن، ئالتە جۇجۇق تۆرىسى سائۇدىلا شەرقكە يۈرۈش قىلىپ
ئوتتۇرا يولغا كەلگەندە، ئات ۋە كالىلىرىنىڭ تولىسى قىرىلىپ
كېتىپ، نەتىجىسىز قايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ لياۋ سۇلالىسىنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىلانىدىن ۋاز كېچىپ، غەربتىكى جايلار-

نى ئىدارە قىلىشقا باشلىدى. 1137 - يىلى، قاراقىتانلار فەرغانە ئارقىلىق خوجەندكە بېسىپ كىرىپ، غەربىي قاراخانىيلار بىلەن ئۇرۇشتى، بۇ ئۇرۇشتا قاراقىتانلار غەلىبە قىلدى. 1141 - يىلى، قاراقىتانلار قارلۇقلارنىڭ سەلچۇقىي تۈركلىرىگە قارشى كۈرەشكە ياردەم بېرىپ، سەمەرقەندنىڭ شىمالىدا ئۇرۇش قىلدى. ئۇرۇشتا سەلچۇقىي تۈركلىرى مەغلۇپ بولۇپ، ماۋرائۇننەھردىن چېكىندى. يەللىغ تاش قوشۇنىنى باشلاپ سەمەرقەندكە بېسىپ كىردى. قاراقىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆز ئۇلۇسىغا تەۋە يەرلەرگە، ھەرقايسى قەبىلە ۋە دۆلەتلەرگە «باسقاق» ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ ھەربىي ۋە مالىيە ئىشلىرىغا نازارەت قىلدۇردى.

قاراقىتانلار كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ، تەۋەسىدە ئاساسلىقى قىتان، خەنزۇ، ئۇيغۇر، قاڭلى، قارلۇقلار، بۇلاردىن باشقا يەنە تۈرك، ئىرانىيلارمۇ بار ئىدى. ھۆكۈمرانلار جاي ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىگە قارىتا ئەركىن راۋاجلاندۇرۇش سىياسىتىنى قوللانغانلىقى ئۈچۈن، قارا قىتان تەۋەسىدە قىتان پۇلى (مەسىلەن، سوغدى تومپۇرى) بىلەن غەربىي يۇرت ئۇيغۇرلىرىنىڭ پۇلى ئوخشاشلا ئۆتەتتى. يېزىقتا خەنزۇچە، قىتانچە، ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە، پارسچە يېزىقلار تەڭلا قوللىنىلاتتى. قارا قىتانلارنىڭ ھۆكۈمران سىنىپىدىكىلەر ئەسلىدە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىسىمۇ، ئىسلام دىنى، نېستورىيان دىنى، مانى دىنلىرىغا ئارىلاشماسلىق سىياسىتىنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا تارقىلىشىغا يول قويغانىدى. پەقەت كۈچلۈك ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىنلا، ئىسلام دىنىنى چەكلەپ، مۇسۇلمانلارغا بېسىم ئىشلەتتى، خوتەندە ئىسلام دىنى ئىماملىرىدىن ئالاۋىددىن قاتارلىقلارغا زىيانكەشلىك قىلدى.

1211 - يىلى، كۈچلۈك قارا قىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق

ھوقۇقىنى تارتىۋالدى. كۈچلۈك نايمانلارنىڭ باشلىقى تايانخاننىڭ ئوغلى ئىدى. 1204 - يىلى، چىڭگىزخان تايانخاننى مەغلۇپ قىلىپ ئۆلتۈرگەندە، كۈچلۈك ھازىرقى شىنجاڭ دائىرىسىگە قېچىپ كېلىۋالغانىدى. 1209 - يىلى، كۈچلۈك قارا قىتانلارنىڭ پايتەختى قۇز ئوردۇغا باردى. كېيىن ئۇ قارا قىتانلارنىڭ خانى گۈرخاننىڭ خانىشى گورباسۇ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، قاراقىتانلارنىڭ مەلىكىسى خۇاڭخۇغا ئۆيلەندى ۋە قارا قىتايلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، چىڭگىزخان بىلەن قارشىلاشماقچى بولدى. لېكىن شۇ ۋاقىتتىكى قاراقىتانلارغا تەۋە خارەزىم شاھلىقى، سۇتىرشنا قاتارلىق دۆلەتلەر قاراقىتانلارنىڭ خان جەمەتىگە قارشى چىققانلىقتىن، قارا قىتانلارنىڭ خانى جىرۇق ئامالسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. بۇ ئەھۋالنى بايقىغان كۈچلۈكتە ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش نىيىتى پەيدا بولدى - دە، يوشۇرۇن ھالدا قاراقىتانلارنىڭ سانغۇن - ئەمىرلىرىنى ئۆزىگە مايىل قىلىپ، ئۇلارنى ئىش تەۋرىتىشتە تايىنىدىغان كۈچ قىلماقچى بولدى. كېيىن يەنە ئۆز ئاتىسىنىڭ قالدۇق قىسمىنى يىغىپ بىر قوشۇن تەشكىللەپ، قارا قىتانلار ئۈچۈن جەڭ قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. جىرۇق بۇنىڭغا ئىشىنىپ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كونا ئادەملىرىنى قايتىدىن يىغىپ، قوشۇن تەشكىللەشكە بۇيرۇق بەردى. كۈچلۈك قوشۇننى تەشكىللەپ بولغاندىن كېيىن مەخپىي ھالدا خارەزىم شاھى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، جىرۇققا شەرق ۋە غەرب ئىككى تەرەپتىن قىستاپ ھۇجۇم قىلىشقا ۋەدىلەشتى. خارەزىم شاھى ئۇرۇشقا ئاتلاندى. جىرۇق پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ خارەزىم شاھى بىلەن ئۇرۇشتى، قاراقىتانلارنىڭ قوشۇنلىرى سەمەرقەندكە بېسىپ كىرگەندە، كۈچلۈك قارا قىتان خانلىقىنىڭ پايتەختىنىڭ مۇداپىئەسىز قالغانلىقىنى كۆرۈپ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، بىر ھۇجۇم

بىلەنلا قوز ئوردونى ئىشغال قىلىۋالدى. 1211 - يىلى، جىرۇق شەرق، غەرب ئىككى تەرەپتىن قىلىنغان ھەربىي ھۇجۇم ئاستىدا ھوقۇقنى كۈچلۈككە تاپشۇرۇپ بەردى. كۈچلۈك بىر قاچاقتىن قارا قىتانلارنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانىغا ئايلاندى. كۈچلۈك ھوقۇقنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، قارا قىتانلارنىڭ بىرمۇنچە سىياسەتلىرىنى ئۆزگەرتتى. قارا قىتانلارغا تەۋە جايلارغا شەپقەتسىزلىك بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇ ھۆكۈمرانلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە مەلىكە خۇاڭخۇنىڭ گېپىگە كىرىپ، ئەسلى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن ئىسلام دىنىدىن ۋاز كېچىپ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلدى ھەم ئىسلام دىنىدىكىلەرگە زىيانكەشلىك قىلدى. شۇ چاغدا خوتەن ۋە قەشقەر ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. كۈچلۈك ھەدەپ بۇ ئىككى جاينى دەپسەندە قىلىپ، بۇ جايلاردىكى ئاھالىنى ئۆز ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە زورلىدى. ھەتتا خوتەندە باستۇرۇش سىياسىتىنى قوللىنىپ، چوڭ ئىمام ئالائىددىننى سېپىلنىڭ قوغدىشىغا مىخلاپ ئۆلتۈردى. كۈچلۈكنىڭ شەپقەتسىز ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئىسلام دىنىغا قاراتقان بېسىمى خەلقنى بىزار قىلىپ، قۇدرەتلىك موڭغۇللارغا باستۇرۇپ كىرىش ئۈچۈن پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەردى.

قاراقىتان خانلىقى زېمىنى كەڭ، كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ، جايلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئەھۋالى ئوخشاشمايتتى. قاراقىتانلارغا دائىر ھازىر بار تارىخىي ماتېرىياللارمۇ ئازراق. شۇنىڭ ئۈچۈن، قاراقىتان دەۋرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ يەردە ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ئاساسلىق ئەھۋاللارنىلا تونۇشتۇرىمىز.

قارا قىتان ھاكىمىيىتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جەمئىي 80 يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلدى. بۇ مەزگىلدە، تيانشان تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ھۆكۈمران مىللەت قىتانلار بولۇپ، ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەر (جۈملىدىن خەنزۇ، قارلۇق، قىرغىز قاتارلىقلار) ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى مىللەت ئىدى. قوچو، بېشبالىق، خوتەن، قەشقەر ۋە ئالمالىق قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسى تيانشان تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى مۇھىم ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت رايونلىرى ئىدى. بۇ رايونلاردا كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان، ئۇلار باشقا مىللەتلەر بىلەن بىللە ياشاپ ۋە ئىقتىسادىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، شۇ جايلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشتى.

جۇ ۋەيىنىنىڭ خاتىرىلىشىچە*، قوچو ئۇيغۇر خانى بارچۇق قارا قىتانلارغا ئولپان تۆلەپ، بەيئەت قىلغان. قارا قىتان قوچو خانلىقىغا بىر نەپەر باسقاق تەيىنلەپ نازارەتچىلىك قىلغان. تارىختا بۇ ئادەم «كەنجى باسقاق» دەپ ئاتالغان. بۇ خاتىرە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى: قارا قىتانلار دەۋرىدىكى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى يەنىلا ئۇيغۇر خانى ئىدارە قىلىدىغان دۆلەت ئىدى، ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ھاكىمىيەت قارا قىتانلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، قارا قىتايلارغا تەۋە ئىدى. جۇۋەيىنىنىڭ سۆزىدىن قارىغاندا، قارا قىتان ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى كەنجى باسقاقلىرى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىدىقۇتى ۋە ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىغا ھۆرمەت قىلماي، قانۇنسىز باج — سېلىق بىلەن ئۆزىنى بېيىتىپ، قوچو ئۇيغۇرخانى ۋە ۋەزىرلىرىنىڭ قاتتىق ئۆچمەنلىكىنى قوزغىغانىدى.

* «تارىخىي جاھانكۈشاي»، 1 - قىسىم، خەنزۇچە نەشرى، 1 - بۆلۈم، 5 - باب.

«ھەققانىيەت مۇئەككىلى چاڭچۇننىڭ غەربكە قىلغان زىيارىتى» دېگەن بايانلاردىن بىز قارا قىتان ھاكىمىيىتى دەۋرىدە قۇجۇ رايونىدىكى ئىگىلىكنىڭ يامان ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالايمىز. ھەققانىيەت مۇئەككىلى چاڭچۇننىڭ بۇ جايغا كەلگەن ۋاقتى قارا قىتان خانلىقىنىڭ خانى كۈچلۈك مەغلۇپ بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمىگەن ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ كۆرگەنلىرى يەنىلا قارا قىتانلار دەۋرىدىكى ئاساسىي ئەھۋال ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىتابتىكى خاتىرىلەردىن شۇنى بىلىمىزكى، قارا قىتان دەۋرىدىكى تۇرپان ئويمانلىقى يەنىلا «قارا قۇجۇ» دېيىلەتتى، «زېمىنى كەڭ ھەم ئىسسىق، ئۈزۈملىرى مول» ئىدى. بۇغداي قاتارلىق زىرائەتلەر «كارىز سۈيى بىلەن سۇغىرىلاتتى». بېشبالىق چوڭ شەھەر ئىدى، «خان، ۋەزىر، ئەمەلدار، پۇقرالار» يەنىلا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، بۇددىستلار بېغىر رەڭ كىيىم كىيەتتى. لېكىن بۇ يەردە تەرىقەتچىلەر مۇخلىسلىرىمۇ بار ئىدى، ئۇلارنىڭ كىيىمى ئالاھىدە ئىدى. ئۇيغۇر خانى جەمەتى مېھمان چاقىرغاندا ئۈزۈم ھارىقى ئىستېمال قىلاتتى. غەيرىي - غەيرىي گۈل، مېۋە - چېۋە كەلتۈرۈلەتتى. مۇشكى - ئەنبەرلەردە ئىسرىق سېلىناتتى، شۇنىڭدەك يەنە قىزىقچى پاپىلار، ھەييارلار ماھارەت كۆرسىتىپ بېرەتتى. ئىدىقۇت شەھرىدە «غەربىي لۇڭشىڭ ئىبادەتخانىسى» دېگەن بىر ئىبادەتخانە بار ئىدى. ئۇ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن قېپقالغان بىر ئىبادەتخانا ئىدى. شەھەرنىڭ غەربىدە 300 چاقىرىم يىراقلىقتا لۈنتەي — (ئۈرۈمتاي) يەنى ئۈرۈمچى شەھرى، ئۇنىڭ غەربىدە «ئۇيغۇر شەھرى — جانبالىق» بار ئىدى. جانبالىقتىكىلەرمۇ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. بۇ يەردىن چوڭ تاۋۇز چىقاتتى. بۇ يەرنىڭ غەربىدىكىلەر بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلمايتتى.

«ھەققانىيەت مۇئەككىلى چاگچۇننىڭ غەربكە قىلغان زىيارىتى» دىگەن باشقا خاتىرىلەر بىزگە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: ئالمالىق شەھىرىنىڭ ھۆكۈمرانى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن (مەزكۇر كىتابتا «پۇسۇلمان» دېيىلگەن) بۇ شەھەردە «ئالما كۆپ بولغاچقا، شەھەرگە شۇنداق نام بېرىلىپتىكەن»، «بۇ يەردىن يىپەك رەخت چىقىدىكەن، ئۇ، تولىما دېيىلىپ، ئادەتتە نەسىللىك قويىنىڭ يۇڭى ئارىلاشتۇرۇلۇپ توقۇلىدىكەن». «ئۇنىڭ يۇڭى جۇڭگونىڭ سۆگەت گۈلىدەك پاكىز - ئىنچىكە بولۇپ، يىپ - شوينا قىلىنىدۇ، يىپەك توقۇلىما، مەشۇت قىلىنىدۇ بولىدىكەن، ئېتىزلىرىنى ئېرىق - ئۆستەڭ ئارقىلىق سۇغىرىدىكەن، يەرلىك ئادەملەر كورا - كومزەكلەرگە سۇ ئېلىپ بېشىدا كۆتۈرۈپ قايتىشىدىكەن». «تارىخى جاھانكۇ-شاي» دا: «قارا قىتانلار دەۋرىدە ئالمالىق، قايالىق، پۇلاد قاتارلىق جايلارنىڭ باسقاقلىرى ئارسلانخان دەپ ئاتىلاتتى. ئارسلانخان بۇ جايلارنى قارا قىتانلارنىڭ شاھنەلىرى (باسقاقلىرى — ۋالىيلىرى) بىلەن بىرلىكتە باشقۇراتتى. خوتەن رايونىدىكى مۇسۇلمانلار كۈچلۈكنىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، ئارسلانخان ئەسكەر چىقىرىشنى رەت قىلىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانىدى. ئارسلانخان ئۆلگەندىن كېيىن، قارا قىتان ھاكىمىيىتى يەنە ئۇنىڭ ئوغلىنىمۇ شۇ جايغا ھۆكۈمران قىلىپ تەيىنلىگەن. ئالمالىق رايونىدىكى مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىنىڭ سۇفىي مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلغۇچىلار بولسا كېرەك» دېيىلگەن.

تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمى ۋە غەربىي جەنۇبىي قىسمىدا ياشايدىغان كىشىلەر قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىلا ئىسلام دىنىغا كىرگەن بولۇپ، بۇ جاينىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى بىرقەدەر تېز بولغانىدى. قارا قىتانلار دەۋرىگە

كەلگەندە، ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. قارا قىتانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خانى كۈچلۈك بۇ جايلاردا كىشىلەرنى ئىسلام دىنىدىن ۋاز كېچىشكە زورلىغاندا، خوتەنلىك ئىسلام ئۆلىماسى ئالائۇددىن كۈچلۈك بىلەن دادىل مۇنازىرىلەشكەنىدى. بۇنىڭدىن قارا قىتانلار دەۋرىدە ئىسلام دىنى بۇ جايدا مۇستەھكەم ئاساس ئورناتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. قارا قىتان ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە خوتەن ۋە قەشقەرلەردە قاراقىتانلارغا قارشى بىر مەھەل كۈرەش پارتلىغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ، قارا قىتانلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى خانى گۈرخان ئەسكەر چىقىرىپ جازا يۈرۈشى قىلىپ، شەرقىي قارا خانىيلارنىڭ كېيىنكى ھۆكۈمرانلىرىدىن بەزىلىرىنى ئەسىرگە ئالغانىدى. شۇ قېتىمقى كۈرەشكە مۇھەممەد ئىبنى يۈسۈپ باشچىلىق قىلغانىدى. قارا قىتانلار ھاكىمىيىتى كۈچلۈك تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغاندىن كېيىن، بۇ جايلارنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى يەنە كۈچلۈككە قارشى تۇردى. كۈچلۈك بۇ جايلارغا قوشۇن ئەۋەتىپ، گۈرخان تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغانلارنى قويۇپ بەردى. قەشقەرنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى كۈچلۈككە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، تۇتقۇنلارنى شەھەر دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا ئۆلتۈرۈۋەتتى. كۈچلۈك قارشىلىقنى باستۇرۇش مەقسىتىدە، قەشقەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يېزا ئىگىلىكىنى قاتتىق ۋەيران قىلىپ، ئاچارچىلىق پەيدا قىلدى*. شۇنداقتىمۇ قەشقەرنىڭ كېيىنكى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، قەشقەر ئومۇمەن ئىنچىل ھالدا قارا قىتانلارنىڭ مۇھىم ئىقتىسادىي رايونلىرىدىن بىرى ئىدى.

* «تارىخى جاھانكۇشاي» 1 - بۆلۈم، خەنزۇچە نەشرى، 8 - باب.

## 2 - بۆلۈم موڭغۇللار ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار

موڭغۇللار — XII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ پەيدىنپەي كۈچەيگەن بىر يېڭى مىللەت ئىدى. بۇ مىللەت ئۆز قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ھازىرقى تىيانشان تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى جايلارنى ۋە قارا قىتان خانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان باشقا جايلارنى بويسۇندۇردى. چىڭگىزخان تارىختا موڭغۇل قەبىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى جايلارنى بويسۇندۇرغان ۋە زور موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان مەشھۇر ئەربابتۇر. ئۇيغۇرلار چىڭگىزخان غەربكە قاراپ كېڭىيىشكە باشلىغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى ۋاقىتتىلا موڭغۇللارغا بەيئەت قىلغانىدى.

چىڭگىزخاننىڭ غەربكە قاراپ ھەربىي يۈرۈش قىلىشىدىكى بىۋاسىتە سەۋەبلەردىن بىرى — ئۆزى مەغلۇپ قىلغان نايمان ۋە مېركىت (مەرچى) قەبىلىلىرىنى ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىش ئىدى. چۈنكى بۇ قەبىلىلەر چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل دالاسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىدە چىڭگىزخان بىلەن داۋاملىق قارشىلىشىپ كەلگەنىدى. 1208 - يىلى، تايانخاننىڭ ئوغلى كۈچلۈك قارا قىتانلارغا قېچىپ باردى، 1211 - يىلى قارا قىتان خانى گۈرخاندىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى. مېركىتلارنىڭ قالدۇقلىرىمۇ شىمالىي يول ئارقىلىق چېكىنىپ جۇڭغارىيىگە كىرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، قارا قىتانلارغا تەۋە ھەرقايسى قەبىلىلەر چىڭگىزخان بويسۇندۇرىدىغان مۇھىم نىشان بولۇپ قالدى.

قوجو ئۇيغۇر خانلىقى قارا قىتانلارغا تەۋە مۇھىم دۆلەتلەرنىڭ بىرى ئىدى. قارا قىتانىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، قارا قىتان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قوجو ئۇيغۇرلىرىغا قارىتىلغان سىياسىي زۇلۇمى ۋە ئىقتىسادىي ئېكسپلاتاتسىيىسى ئېغىرلاشقانلىقى ئۈچۈن قوجو ئۇيغۇرلىرى قارا قىتانلارنىڭ قوللۇقىدىن قۇتۇلۇش ئۈمىدىدە موڭغۇللار تەرەپكە ئۆتتى. 1209 - يىلى (يۈەن تەيزۇنىڭ 6 - يىلى)، قوجو ئىدىقۇتى بارچۇق ئارت تېكىن قارا قىتانلارنىڭ قوجودا تۇرۇشلۇق كەنجى باسقاقىنى ئۆلتۈردى. 1210 - يىلى، چىڭگىزخان قوجو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆزىگە بەيئەت قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئەل بۇيرۇق، دار بايلارنى قوجوغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى①. ئىدىقۇت بارچۇق ئارت تېكىن بۇ ئەلچىلەرنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە قۇت ئالمىش قايا، ئۆمەر ئوغۇل، تاربايى قاتارلىق ئۈچ كىشىنى② چىڭگىزخاننىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىپ ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. چىڭگىزخان قوجو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، قوجو ئىدىقۇتىنى ئۆزىنىڭ ھۇزۇرىغا تەكلىپ قىلدى. 1211 - يىلى، ئىدىقۇت تەكلىپكە بىنائەن، كورۇلۇن دەرياسىنىڭ بويىدا چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشتى، چىڭگىزخان ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە ئۇنىڭغا بەشىنچى ئوغۇللۇق مەرتىۋىسىنى بەردى، ئۇ باشقا شاھزادىلەر بىلەن ئاكا - ئۇكا بولۇشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ قوجو ئۇيغۇر خانلىقى

---

① «زەپەرنامە»غا قارالسۇن.

② «تارىخىي جاھانكۇشاي» غا قارالسۇن. «زەپەرنامە» دە ئىدىقۇتنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر بېكىس ۋە ئارغۇن تېمۇر دېيىلگەن. «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» دا دېيىلگىنى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ.

موڭغۇللارغا بېقىندى بىر دۆلەتكە ئايلىنىپ قالدى.

1211 - يىلى، چىڭگىزخان كۈچلۈكنىڭ ئالمالىقنىڭ خانى ئوزارنى ئۆلتۈرگەنلىكىدىن ۋە تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. 1218 - يىلى (چىڭگىزخاننىڭ 13 - يىلى)، چىڭگىزخان جەبەنويون بىلەن سۇبۇتاي نويوننى 20 مىڭ ئەسكەرنى باشلاپ كۈچلۈككە جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇ جازا يۈرۈشىدە قوچو ئىدىقۇتى بۇيرۇققا بىنائەن 300 ئەسكەرنى باشلاپ بېرىپ چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشۈپ، كۈچلۈككە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتى. 1218- يىلى (چىڭگىزخاننىڭ 13 - يىلى). موڭغۇل قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا بالاساغۇننى ئالدى. جەبە ۋە قارا قىتانلارنىڭ كونا سەركەردىسى ئىسمايىل كۈچلۈكنى تارىم ئويمانلىقىدىن سۈرگەن پېتى هازىرقى پامىرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا تۇتۇپ ئۆلتۈردى ۋە ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ باشقا جايلارغا ئاپىرىپ سازايى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر، خوتەن، يەكەن قاتارلىق شەھەرلەر ئۇرۇشمايلا ئېلىندى. قارا قىتانلارنىڭ تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ھەمۇرىيىتى تەلتۆكۈس يىمىرىلدى. موڭغۇللار بۇ جايلارنى ئىشغال قىلىش بىلەنلا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى جاكارلىدى. بۇ سىياسەت بۇ جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇللارغا تېز ئەل بولۇشىغا تۈرتكە بولدى.

قوچو ئۇيغۇرلىرى موڭغۇللارنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشىدا چىڭگىزخان ئۈچۈن مۇھىم كۈچ بولۇپ، زور رول ئوينىدى. 1219 - يىلى ئوترارنىڭ ھۆكۈمرانى چىڭگىزخاننىڭ بىرنەچچە يۈز مۇسۇلمان سودىگىرى ۋە ئەلچىسىنى ئۆلتۈردى. خارەزىم شاھمۇ چىڭگىزخاننىڭ بىر قوشۇنىغا تويۇقسىز ھۇجۇم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن چىڭگىزخان ئۆزى قوشۇن تارتىپ

غەربكە يۈرۈش قىلدى. قوشۇن ئېرتىش دەرياسىنىڭ بويىغا كەلگەندە، ئالمالىقنىڭ خانى، قارلۇقلار خانى ۋە ئىدىقۇتلار ئېرتىش دەرياسىنىڭ بويىغا بېرىپ چىڭگىزخانغا قوشۇلدى. ئىدىقۇت قاتارلىقلارنىڭ باشلاپ بارغان قوشۇنى جەمئىي بىر تۈمەن كىشىلىك قوشۇن ئىدى. چىڭگىزخان ئىدىقۇت بىلەن جەبەنويونغا تۇرشاۋۇل قوشۇنىنى باشلاپ يىراققا يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇق بەردى. شۇ يىلى قىشتا، چاغاتاي بىلەن ئۇگداي ئوترار (ھازىرقى سىر دەرياسى-نىڭ تۆۋەنكى ئېقىمى) نى قورشىۋېلىپ، بەش ئايدا بۇ شەھەر-نى ئالدى. ئوترارغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىدا ئىدىقۇت ئۆز ئادەملىرىنى باشلاپ قوشۇن بىلەن بىللە ئۇرۇش قىلدى. ئوترار ئېلىنغاندىن كېيىن دۆربېي ياساۋۇللار قوشۇنىنى ئىككىگە ئايرىپ ۋاخشا (ۋاخشا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا - تۆۋەن ئېقىمىدى-كى بىر جاينىڭ نامى) غا ھۇجۇم قىلدى، ئىدىقۇتمۇ بۇ جەڭگە قاتناشتى. چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، 1223 - يىلى تاڭغۇتلارغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلدى. ئىدىقۇتمۇ بېشبالىقتىن ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ بېرىپ چىڭگىزخانغا قوشۇلۇپ، تاڭغۇتلارغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، قوچو ئىدىقۇتى چىڭگىزخان-نىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى، ماۋرا ئۇننەھر رايونى، خېشى كارىدورى قاتارلىق جايلارنى بويسۇندۇرۇشتىكى ھەربىي پائالىيىتىدە مۇھىم بىر ھەربىي كۈچ ئىدى. ئۇنىڭ قوشۇنى جەڭگىۋارلىقتا ئىگە قوشۇن بولۇپلا قالماي ئىنتىزامىمۇ كۈچلۈك ئىدى، شۇڭا ھەممە ئۇرۇشتا غەلىبە قىلدى. چىڭگىز-خان ئىدىقۇتنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپە ۋە نەتىجىلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ ئۇنىڭغا «ئىنتىزامى قاتتىق، ئۇرۇش قىلسىلا غەلىبە قازىنىدۇ»، «كۆرسەتكەن نەتىجىسى زور» دېگەن باھانى

بەرگەندى.

چىڭگىزخان ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا زېمىنىنى ئوغۇللىرىغا سۇيۇرغال قىلىپ بۆلۈپ بەردى: قىپچاق خانلىقىنىڭ زېمىنىنى چوڭ ئوغلى جۇجىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەردى؛ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا چاغاتاي خانلىقىنى سۇيۇرغال قىلىپ بەردى؛ ئۈچىنچى ئوغلى ئوگدايغا ئوگداي خانلىقىنى سۇيۇرغال قىلىپ بۆلۈپ بەردى؛ تۆتىنچى ئوغلى تولىغا موڭغۇللارنىڭ ئۆز زېمىنىنى سۇيۇرغال قىلىپ بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا، تولىنىڭ ئوغلى شاھرۇھقا ئىلخانلىق سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلدى. چاغاتاي خانلىقىغا تەۋە يەرلەر «ئۇيغۇرلار زېمىنىدىن سەمەرقەند ۋە بۇخاراغىچە بولغان يەرلەرنى» يەنى-ئامۇ دەرياسى ۋادىسى ۋە تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى يەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، چاغاتاي خانلىقىنىڭ پايتەختى ئالمالىق دائىرىسىدىكى قوياستا ئىدى، ئوگداي خانلىقىنىڭ زېمىنى ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى ۋە بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىدىكى جايلار بولۇپ، پايتەختى ئېمىل (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ دۆربىلجىن ناھىيىسى)، قوبۇق (ھازىرقى قوبۇقسار) قاتارلىق جايلار ئىدى.

چىڭگىزخان يەرلىرىنى ئوغۇللىرىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەندىن باشقا، قوجو ئۇيغۇر ئىدىقۇتىغا ئۆز ئۇنۋانىنى داۋاملىق قوللىنىشقا، ئەسلى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن زېمىنىنى ساقلاپ قېلىشقا، يەنىلا قارا قوجۇنى پايتەخت قىلىشقا رۇخسەت قىلدى. موڭغۇللار بۇ يەرگە «دارغاچ» ئەۋەتىپ، نازارەت قىلدى. ئىدىقۇتنىڭ مەرتىۋىسى چىڭگىزخان بويسۇندۇرغان باشقا جايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرىدىن كۆپ يۇقىرى تۇراتتى. قوجو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى چىڭگىزخان بىلەن سىياسىي جەھەتتە يېقىن ئۆتەتتى.

چىڭگىزخان ۋە يۈەن سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى خانلىرىمۇ بۇ مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. چىڭگىزخان ھايات ۋاقتىدىلا يېقىن سىياسىي مۇناسىۋەتنى قۇدىلىشىش ئارقىلىق ساقلاپ قېلىشنى ئېنىق بەلگىلىگەنىدى. چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ قىزى ئالتۇن بېكىنى ئىدىقۇتقا ياتلىق قىلىپ، ئىدىقۇتنى كۆرسەتكەن نەتىجە ۋە ساداقىتى ئۈچۈن تەقدىرلەشنى قارار قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانىدى. ئوگداي تەختكە چىققاندىن كېيىن، يەنە ئالتۇن بېكىنى ئىدىقۇتقا ياتلىق قىلىشنى قارار قىلدى (بۇ قېتىمقى قۇدىلىشىش ئالتۇن بېكىنىڭ بالدۇر ۋاپات بولۇشى بىلەن ئەمەلگە ئاشمىدى). ئالتۇن بېكە ئۆلگەندىن كېيىن، ئوگداي ئىدىقۇتقا ئارغۇن بېكىنى بەرمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما، بۇ قېتىمقى قۇدىلىشىشمۇ ئىدىقۇت بارچۇق ئارت تېكىننىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن ئەمەلگە ئاشمىدى.

ئىدىقۇت بارچۇق ئارت تېكىن ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى چېشمەس ئوگداي خانىنىڭ ھۇزۇرىغا تەزىمگە باردى. ئوگداي خان ئۇنىڭغا يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىقۇتلۇقىنى ئوتۇغات قىلدى ھەم ئارغۇن بېكىنى ئۇنىڭغا بەردى. خانىش نايمانجىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقاندا، چېشمەس ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئىنىسى سالۇن تېكىن مۇۋەققەت ھۆكۈمران خانىشنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئىدىقۇت بولدى.

سالۇن تېكىننىڭ موڭغۇللارنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيىتىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئىدىقۇتلارنىڭكىگە ئوخشاش بولدى. 1251 - يىلى (يۈەن شىيەنزۇڭنىڭ تۇنجى يىلى)، تولۇينىڭ چوڭ ئوغلى مۆڭكۈ خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. مۆڭكۈخان تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن سالۇن يەنىلا موڭغۇللارغا تەۋە دۆلەتنىڭ خانى سۈپىتى بىلەن مۆڭكۈخانىنىڭ

ھۇزۇرىغا تەزىمگە باردى. بۇ چاغدا، مۆڭكۈخان ئۆزىنىڭ رەقىبى بولغان ئوگداي جەمەتلىرىنى تازىلاۋاتاتتى. سالۇن تېكىن مۆڭكۈخاننىڭ ئوردىسىغا بارغاندا، بېشبالىقتا بىردىنلا سالۇن تېكىن بېشبالىقتىكى مۇسۇلمانلارنى قىرىۋېتىش توغرىسىدا پەرمان بېرىپتۇ، دېگەن ئەنغۋا تارالدى. بېشبالىقنىڭ ئەمەلدارى سەيپىدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ شۇئان سالۇن تېكىننى دۆلەتكە قايتىشقا دەۋەت قىلدى. مۆڭكۈخان سالۇننىڭ ئىلگىرى ئوگداي جەمەتىگە ساداقەتمەن ئىكەنلىكىنى بىلىپ، يۇقىرىقى خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەنلا، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئىككى ۋەزىرىنى تۆھمەت بىلەن ئۆلتۈردى. ئۇيغۇر دۆلىتىدە ئوگداي جەمەتىگە يېقىنلارنىڭ كۆپىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. مۆڭكۈخان سالۇن تېكىننى تۆھمەت بىلەن ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىنىسى ئۆگرۈنج تېكىننى ئىدىقۇت قىلدى. كېيىن مۆڭكۈخان سىچۈەنگە ھۇجۇم قىلغاندا، ئۆگرۈنج تېكىننىڭ ئوغلى مامۇراق تېكىن ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، خېجۇ ئايمىقىدىكى دياۋ يۈسەن تېغىغا ھۇجۇم قىلىپ نەتىجە بىلەن قايتتى. مۆڭكۈخان سالۇن تېكىننى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، بېشبالىقتا ۋاقىتلىق ۋازەرەت تەسىس قىلىپ، ئۇيغۇرلار رايونىغا قارىتىلغان كونتروللۇقنى كۈچەيتتى ۋە ئوگداي جەمەتىدىن بولغان قايدۇ قاتارلىقلارنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك كونترول قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا بېشبالىق، ئېرتىش دەرياسى ۋادىلىرىغا كۆچۈردى.

XIII ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىن كېيىن چاغاتاي ۋە ئوگداي ئەۋلادلىرىنىڭ يۈەن سۇلالىسىنىڭ خانى قۇبلاي بىلەن ھوقۇق تالىشىشى ئارقىسىدا، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلارنىڭ ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى. چاغاتاي جەمەتىدىكى خانلار بىلەن ئوگداي جەمەتىدىكى

خانلار ئوتتۇرىسىدىمۇ كۆرەش بار ئىدى. بۇ كۆرەشلەر داۋامىدا، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى جايلاردا داۋاملىق ئۇرۇش بولۇپ، بالايىئاپەت ئۈزۈلمىدى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەركىزى ھاكىمىيىتى ئىسيان كۆتۈرگەن خانلار بىلەن تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىش يۈزىسىدىن، بۇ جايلارغا قارىتىلغان سىياسەتلىرىنى دائىم تەڭشەپ، بەزى ھەربىي، مەمۇرىي ئاپپاراتلارنى ئۈزلۈكسىز تەسىس قىلىپ تۇردى ياكى ئەمەلدىن قالدۇردى. شۇڭا، قۇجۇ ئىدىقۇتى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان جايلارمۇ بۇ كۆرەشلەردە تالىشىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالدى. 1260-يىلى، قۇبلاي يەنجىڭ (بېيجىڭ) دا موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇردى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ بىر قورساق ئىنىسى ئارىغ بۆكەمۇ قاراقۇرۇمدا ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلدى. ئارىغ بۆكە ئۆز ئالدىغا خان بولۇۋالغاندىن كېيىن، قۇبلايغا قارشى جىددىي ئۇرۇش قوزغىدى. ئۇرۇشتا ئارىغ بۆكە چاغاتاي جەمەتىدىكى ئارغۇ بىلەن بىرلىشىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى جايلارنى قۇبلايغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئارقا سېپى قىلدى. ئارىغ بۆكە ئۇرۇشتا يېڭىلگەندىن كېيىن، ئارغۇ يەنە ئارىغ بۆكىدىن يۈز ئۆرۈپ، يۈەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى. تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى جايلار نام جەھەتتە يەنىلا يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەۋە بولدى.

1264-يىلى (جىيۈەن تۇنجى يىلى)، ئارىغ بۆكە ئۈزۈل-كېسىل مەغلۇپ بولۇپ تەسلىم بولدى. قۇبلاي چاغاتاينىڭ چەۋرىسى بۇراقنى چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى بولۇشقا بۇيرۇق بەردى ۋە ئۇنىڭغا ئىسيانچى قايدۇغا تاقابىل تۇرۇشنى بۇيرۇدى. لېكىن بۇراق قۇبلايغا ئاسىيلىق قىلىپ، قايدۇ بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەركىزى

ھاكىمىيىتى غەربكە يەنە بىر قېتىم يۆتكەش قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ يارىدىمىگە تايىنىپ غەربىي يۇرتنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرماقچى بولدى. 1265 - يىلى (يۈەن سۇلالىسى جىيۈەن 2 - يىلى)، قۇبلاي غەربكە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ھەربىي تەييارلىقىنى قىلىش ئۈچۈن، موڭغۇل قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر ئۇستىكارلىرىنى خانبالىققا (ھازىرقى بېيجىڭغا) كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ① ھەربىي قورال - ياراق ياساتقۇزۇشقا بۇيرۇق بەردى. 1266 - يىلى (جىيۈەن 3 - يىلى)، قۇبلاي ئۇيغۇر ئىدىقۇتى مامۇراق تېكىننىڭ ئوغلى قوچقار تېكىننى قوچۇنىڭ ئىدىقۇتلۇقىغا تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا ئۆزىگە قارشىلىق كۆرسەتكەن قايدۇ ۋە دوۋا (چاغاتاينىڭ نەۋرىسى) لارغا تاقابىل تۇرۇشنى تاپشۇردى ۋە ئىدىقۇتقا ئۇرۇش مالىمانچىلىقى بىلەن تارقىلىپ سەرسان بولۇپ يۈرگەن ئۇيغۇرلارنى ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇپ كېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. شۇ يىلى قۇبلاي خوتەنغە «خوتەنبالىق جۇجۇقى» تەسىس قىلىپ، بىر باش ئەلچى تەيىنلەپ، 7 - دەرىجىلىك تامغا بەردى②.

1269 - يىلى (جىيۈەن 6 - يىلى)، ئىسيانچى خانلاردىن بۇراق بىلەن قايدۇ تالاستا تەسىر دائىرىسىنى بىرلىكتە بۆلۈشتى. 1270 - يىلى (جىيۈەن 7 - يىلى) نىڭ ئالدى - كەينىدە، قايدۇ ئۇيغۇرلار زېمىنىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. قۇبلاي قوشۇنى قايدۇ بىلەن بېشبالىقتا قاتتىق ئۇرۇش قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا، قۇبلاي غەلىبە قىلدى③. غەلىبىدىن كېيىن، قۇبلاي ئۆزىنىڭ ئوغلى — بېيپىڭ ۋاڭى نامخاننى غەربىي شى

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 6 - جىلد، «شىزۇخان ھەققىدە خاتىرە».
② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 35 - جىلد، «ئەمەلدارلار رويخېتى».
③ راشىددىن: «جامىئۇل تەۋارىخ» 3 - توم، رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسى، 84 - بەت.

مالنى تىنچلاندۇرۇپ، ئالمالىقتا بارگاھ قۇرۇشقا بۇيرۇدى. بۇ
قېتىمقى جەڭدە، تۇرپان ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار يۈەن سۇلالى-
سىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە ياردەملىشىپ، قوشۇنىنىڭ
ئوزۇق - تۈلۈكى ئۈچۈن ئىشلىتىشكە جەمئىي 10 مىڭ تاغار
گۈرۈچ سېتىپ بەردى①. بۇنىڭدىن، قوچقار تېكىن ئۇيغۇرلارغا
ئىدىقۇت بولغاندىن بۇيانقى ئالتە يىل جەريانىدا، يۈەن سۇ-
لالىسى ھۆكۈمىتىگە ئىزچىل سادىق بولۇپ، ئىسيانچى خانلار
بىلەن زادىلا ھەمنەپەس بولمىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.
قۇبلاي ئىسياننى تىزگىنلەپ، تىيانشان تېغىنىڭ جەنۇبى-
دىكى جايلارنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، 1272 -
يىلى (جىيۈەن 9 - يىلى) خوتەن، قەشقەرگە «قاشتېشى ئېلىش»
قا ئادەم ئەۋەتتى②، خوتەن ئەتراپىدا رابات قۇردى؛ 1274 -
يىلى (جىيۈەن 11 - يىلى)، قايدۇ بۇراقنىڭ ئوغلى دۇۋانى
چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى قىلىپ تىكلىدى. دۇۋا تەختكە
چىقىپلا قايدۇنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، ئالتاي تېغىنىڭ شەرقى،
غەربى ۋە تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى جايلارغا ھەر
يىلى داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپ، جۇڭغارىيە ئويمانلىقى ۋە تارىم
ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلارغا يېڭىدىن بالايىئاپەت ياغدۇردى.
شۇنىڭ بىلەن، يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى يەنە تارىم
ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا بارىدىغان قاتناشنى ياخشى-
لاشقا كىرىشىپ، ئۇدۇن (ھازىرقى خوتەن)، يەكەن ئىككى شە-
ھەرنىڭ ئارىلىقىدىكى يول ئۈستىگە 13 ئورۇندا جام - را-
بات قۇردى. شاجۇ ئايمىقىنىڭ شىمالىغا ئىككى بېكەت قۇردى
ۋە خوتەندىكى قاشتېشى قازىدىغان ئىشچىلارنىڭ ئەمگەك سې-

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 7 - جىلد، «شىزۇخان ھەققىدە خاتىرە».
② «بۈيۈك جۇڭگو قامۇسى. بېكەت - راباتلار».

لىقىنى كەچۈرۈم قىلدى①. قۇبلاي يەنە «ئۇدۇن، يەكەن، قەشقەر شەھەرلىرىدىن ھال سوراپ يارلىق چۈشۈردى»②. بۇ تەدبىرلەر قاتناش ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ، بۇ جايلارنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

1275 - يىلى (جىيۈەن 12 - يىلى)، غەربىي يۇرتنىڭ ۋەزىيىتىدە جىددىي ئۆزگىرىش بولدى: چاغاتاي خانلىقىدىكى دۇۋا بىلەن قايدۇ 120 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ قارا قۇجۇ شەھىرىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى. بۇ چاغدا، قۇبلاي سۇڭ سۇلالىسىنى يوقىتىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقاچقا، غەربىي يۇرت ئۈچۈن كۈچ ئاجرىتىشقا ئامالسىز ئىدى. بېيپىڭ ۋاڭى نامخاننىڭ قولىدىكى ئالمالىقمۇ تەڭلا قولدىن كەتتى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، ئىدىقۇت قوچقارتېكىن جەسۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، قاراقۇجۇ شەھىرىنى يېرىم يىلغىچە قاتتىق ساقلاپ زادىلا تەسلىم بولمىدى. قاراقۇجۇنى ساقلاپ قېلىش يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك بىر ئىش ئىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن قوچقارتېكىن يۈەن سۇلالىسىنىڭ خانى قۇبلاينىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، قۇبلاينىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، قۇبلاي باھاربېكىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى ۋە ئۇنىڭغا خەلقىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن 10 مىڭ يامبۇ كۈمۈش ئىنئام قىلدى. قوچقارتېكىن قاراقۇجۇغا قايتىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى قۇمۇلغا يۆتكىدى. كېيىن قايدۇ ئۇنىڭغا يەنە تويۇقسىز ھۇجۇم قىلدى، قوچقارتېكىن ئۇنىڭ بىلەن قاتتىق ئۇرۇشتى، ئاخىرىدا ئەسكىرىي كۈچى يېتىشمەي، ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن قۇمۇلمۇ قولدىن كەتتى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئوغلى نۇرىنتېكىن تېخى كىچىك بولغاچقا، قارشى تۇ-

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 8 - جىلد، «شىزۇخان ھەققىدە خاتىرە».
② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 8 - جىلد، «شىزۇخان ھەققىدە خاتىرە».

رۇشقا ئامالسىز قېلىپ، ئۆز ئاھالىسىنى باشلاپ گەنسۇنىڭ يۇڭچاڭ قەلئەسى تەۋەسىگە چېكىنىپ كىرىپ ماكانلاشتى.

يۈەن سۇلالىسى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى يوقاتقاندىن كېيىن، قۇبلاي قولىنى بوشىتىپ، غەربىي يۇرتقا زور تۈركۈمدە قوشۇن ئەۋەتتى. 1276 - يىلى 3000 كىشىلىك بىر قوشۇننى خوتەنگە ئەۋەتتى. 1278 - يىلى (جىيۈەن 15 - يىلى)، يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى بېشبالىقتىكى قەھەتچىلىككە ئۇچرىغانلارغا 2500 يامبۇ قۇتقۇزۇش بەردى ۋە بېشبالىقنىڭ ھاشار - سېلىقىنى كەچۈرۈم قىلدى. شۇ يىلى قاراقۇجۇ تەۋەسىدىكى يۇرت - يۇرتلارغا تارقىلىپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنى يىغىپ ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇش توغرىسىدا پەرمان بەردى. 1280 - يىلى، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بېشبالىقتا قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى. 1281 - يىلى (جىيۈەن 18 - يىلى) يازدا يەنە تەيخېلىگدىن بېشبالىققىچە بولغان ئارىلىققا 30 بېكەت قۇردى①. بېشبالىققا دائىم تۇرىدىغان قۇتاتقۇچى بەگ ئەۋەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي مەركىزى يەنە قاراقۇجۇغا يۆتكەلدى.

1285 - يىلى (جىيۈەن 22 - يىلى)، يۈەن سۇلالىسى ئۇيغۇرلارنى باشقۇرىدىغان ئالىي ئەمەلدارنىڭ ۋەزىپە نامىنى ئۇلۇغ قورۇقچىبەگ قىلىپ بېكىتىپ②، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق خان جەمەتىدىن ئېزىدىنى ئۇلۇغ قورۇقچىبەگ ۋەزىپىسىگە تەيىنلىدى. ئېزىز ئۆتكەن - كەچكەن ئالۋاچلارغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، بېشبالىققا بېكەت قۇرۇش تەكلىپىنى بەردى. يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن «بېشبالىق بېكىتى قۇرۇلدى، بۇنىڭغا 60 ئات، 25 كالا، 25 ئېشەك

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 11 - جىلد، «شىزۇخان ھەققىدە خاتىرە».
② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 39 - جىلد، «ئەمەلدارلار رويخېتى».

سېتىۋېلىندى؛ يىللىق چىقىم ئۈچۈن 100 تۈياق ئىرەك قوي، 1500 لىتىر هاراق سېتىۋېلىندى؛ كېيىنكى خىراجىتى ئۈچۈن يەنە 600 يامبۇ بېرىلدى①. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئالتە تورۇنغا ئۇيغۇر بېكىتى قۇرۇلدى. شۇ يىلى دوۋاخاننىڭ قوشۇنى بېسىپ كېلىپ پاراكەندە قىلىۋىدى، شۇئان يۈەن سۇلالىسى قوشۇنى تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلدى. 2 - يىلى، يۈەن سۇلالىسى يەنە ئۇيغۇرلار زېمىنىنى ساقلاشقا مىڭ ئەسكەر كۆپەيتىپ بەردى، قۇمۇلنىڭ نامراتلىرىغا ۋە قاراقوجۇ ئۇيغۇرلىرىغا 16 مىڭ 200 يامبۇ، كالا، ئۇرۇق ئىنئام قىلدى. يەنە قۇمۇل خەلقىگە مىڭ يامبۇ پۇل، مىڭ توپ يىپەك رەخت بەردى؛ بېشبالىقتا بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشنى باشقۇرىدىغان ئەمىر - لەشكەر مەھكىمىسى تەسىس قىلدى. ھەربىي قوشۇننى ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈردى②.

يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ئۆزىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئاپپاراتلىرىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، غەربىي شىمالدىكى ئەسكەرلىرىنى كۆپەيتكەن ۋە ياردەم بېرىپ تۇرغان بولسىمۇ، دوۋا، قايدۇلارنىڭ يېنىلا كۈچى بولغاچقا، ئۇيغۇرلار رايونىغا كەينى - كەينىدىن بېسىپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك قىلدى. گوبىينىڭ شىمالىنى ساقلاۋاتقان يۈەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىمۇ ئىسيانچى خانلار گۇرۇھىنىڭ بارغانچە زور بېسىمىغا ئۇچراشقا باشلىدى. يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىسيانچى خانلارنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى خوتەنگە داۋاملىق ئىلگىرىلەپ كىرىشىدىن مۇدا-

---

① «بۈيۈك يۇڭلې قامۇسى»، 19418 - جىلد، 4 - بەت.

② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 14 - جىلد، «شىزۇخان ھەققىدە خاتىرە» 13 - جىلد، «جۇغراپىيىلىك تەزكىرە».

پېشە كۆرۈش ئۈچۈن، 1282 - يىلى (جىيۇەن 19 - يىلى) لوپ، شەھرى كېتىك، چەرچەنلەردە بېكەت قۇردى ۋە چەرچەندە بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش مۇئەسسەسىنى تەسىس قىلدى. 1289 - يىلى (جىيۇەننىڭ 26 - يىلى)، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «خوتەن قۇتاتقۇچى ئەمىر لەشكەر مەھكىمىسى» نى ئەمەلدىن قالدۇردى①. خوتەن يەنە چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ قالدى. خوتەن قولدىن كەتكەندىن كېيىن، قۇجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ زېمىنى دوۋا، قايدۇلارنىڭ قوشۇنى تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىمال تەرەپتە بېشبالىقنى چىڭ ساقلاپ، جەنۇبتا تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى جايلارنى كونترول قىلدى. 1295 - يىلى (يۈەنجېننىڭ تۇنجى يىلى)، بېشبالىق باش ئەمىر لەشكەر مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى. «جامىئۇل تاۋارىخ» تىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، شۇ چاغدا قاراقۇجۇ خەلقى يۈەن سۇلالىسى ۋە چاغاتاي، ئوگداي خانلىقلىرىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپكە باج - سېلىق تۆلەيتتى. 1304 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە، ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ مۇھىم مەركىزىي جايى بېشبالىق ۋە قاراقۇجۇ چاغاتاي خانلىقى تەرىپىدىن يۇتۇۋېلىندى②. يۈەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي شىمالنى ساقلىغۇچى قوشۇنى قۇمۇل ۋە خېشى ئەتراپىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

بۇ يەردە شۇنى تولۇقلاپ قويۇش كېرەككى، قۇجۇ ئىدىقۇتى گەنسۇدىكى يۇڭچاڭغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، ئىدىقۇت جەمەتىنىڭ يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن

---

① «يۈەن سۇلالىسى، تارىخى» 15 - جىلد، «شىزۇخان ھەققىدە خاتىرە».

② ھاسان: «ئولجايتۇ تارىخى»، تېھران، پارسچە نۇسخىسى، 34 - بەت. 1969 - يىلى.

بولغان مۇناسىۋىتى يەنىلا قويۇق بولغانىدى، يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئىدىقۇتقا بۇرۇنقىدەكلا غەمخورلۇق قىلغانىدى. مەسىلەن، نۇرىن تېكىن يۇڭچاڭغا بارغاندىن كېيىن، قۇبىلاينىڭ ھۇزۇرىغا سالامغا بارغاندا، قۇبىلاي بۇرھان بېكە (مەلىكە) نى ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا بەرگەن. بېكە ئۆلگەندىن كېيىن يەنە ئۇنىڭ سىڭلىسى باباچانى ئىدىقۇتقا ياتلىق قىلغانىدى. يۈەن رېنزۇڭ دەۋرىدە يەنە ئىلگىرىكى ئادەت بويىچە، 1316 - يىلى نۇرىن تېكىننى يېڭىباشتىن قۇجۇ خانى قىلىپ تەيىنلىگەن، ئۇنىڭغا ئالتۇن تامغا ئىنئام قىلغان ۋە ۋەزىر بەلگىلىگەنىدى. ئۇنىڭ خانلىق تامغىسىنى ئىچكى رايونلاردا ئىشلىتىش، ئىدىقۇتنىڭ تامغىسىنى ئۇيغۇرلار رايونىدا ئىشلىتىشكە بۇيرۇق بەرگەنىدى. باباچا بېكە ئۆلگەندىن كېيىن، نۇرىن تېكىن يەنە ئەنشى ۋاڭى ئانەندانىڭ قىزى ئۇراجىننى خوتۇنلۇققا ئالغان ھەم قۇجۇ رايونىغا قوشۇن باشلاپ كىرىپ، يېڭىباشتىن ئۇيغۇر شەھىرى سالدۇرغانىدى. 1318- يىلى (يەنيۇنىڭ 5 - يىلى) ئىدىقۇت نۇرىن ۋاپات بولدى. ئۇ ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى «ئالتۇن جۇلالىق تۆرە، خانلىق مۆئەككىلى» ئۇنۋانى بىلەن يارلىق ئېلىپ، ئۆزىنىڭ 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى تىبەتكە باشلاپ بېرىپ، تىبەت قوتاتقۇچىسى بولۇپ، «قۇدرەت - پەزىلىتى بىلەن ئىناۋەت قۇچقان، ئوغرى - قاراقچىلارنى يوقىتىپ، خەلقنى خاتىرجەم قىلغانىدى»*.

نۇرىن تېكىننىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى تېمۇربۇقا، ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى سەڭگى، ئۈچىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى ئاسايىش تېكىن ئىدى. تېمۇربۇقا ۋەلىئەھد كۆتېنىنىڭ نەۋرە قىزى دۇرياسىمەنگە ئۆيلىنىپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىدە ئىشىك ئاغىسىلىق ۋەزى-

* «ئىدىقۇت خانىنىڭ تۆھپىلىرى».

پەسىنى ئۆتكەچ، ئىدىقۇتنىڭ ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان، كېيىن قۇجۇ قاتارلىق جايلارنىڭ باش ئەمىر لەشكەر دارغاچى، قوشۇمچە قۇجۇ خانى بولغانىدى. جىجى يىللىرى ئۇ گەنجۇ، سۇجۇ ئايماقلىرىنىڭ قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلغاچ، ئۆز ئاھالىسىنى باشقۇرغانىدى. كېيىن يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەركىزىدە دىۋان ۋەزىرى، ئالىي دۆلەت ئەركانى، قارا دىۋان مىرزىسى، زوراغالىق بېگى، دىۋان پۈتۈكچىسى، سول قول ۋەزىرى، ۋەلىئەھدىنىڭ ھەرەم ئىشلىرى ئەمەلدارى، ئوردا باش تەپتىشبېگى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشقانىدى.

## 3 - بۆلۈم ئىجتىمائىي ئىگىلىك ۋە مەدەنىيەت ئەھۋالى

موڭغۇللار ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلاردا ھەرقايسى خانلار ئارىسىدا دائىم ئۇرۇش بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇ جايلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى يەنىلا ئەسلىدىكى ئىزى بىلەن ئالغا باستى ۋە راۋاجلاندى. قەشقەر، يەكەن، خوتەن، چەرچەن ۋە لوپنۇر رايونلىرىدىكى بوستانلىقلارنىڭ ئىگىلىكى خېلى گۈللەندى. مەسىلەن، XIII ئەسىردە ئىتالىيىلىك ساياھەتچى ماركو-پولو ئېلىمىزگە كەلگەندە، ئۇنىڭ يول ئۈستىدە كۆرگەن - بىلگەنلىرىگە ئاساسلانغاندا، شۇ چاغدىكى قەشقەر زور بىر ئىقتىسادىي رايون بولۇپ، ئاھالىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، دائىرىسىدە سېپىل بىلەن ئورالغان بىرمۇنچە شەھەر - كەنتلەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر ھەممىدىن زور ۋە

ئاۋات ئىدى، قەشقەر ئاھالىسىنىڭ كۆپى سودىگەر، ھۈنەرۋەن ئۇستىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ گۈزەل باغلىرى، ئۈزۈملۈكلىرى ۋە نۇرغۇن تەئەللۇقاتلىرى بار ئىدى، بۇ يەردىن پاختا كۆپ چىقاتتى، بۇ يەرنىڭ سودىگەرلىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ تىجارەت قىلاتتى. لېكىن ئادەتتىكى ئاھالىنىڭ تۇرمۇشى قىيىن ئىدى، يەرلىك ئاھالىنىڭ ئۆز تىلى بار ئىدى، خرىستىئان دىنىنىڭ نېستورى مەزھىپىدىكىلەرمۇ كۆپ ئىدى. يەكەنمۇ ئىقتىسادىي رايون بولۇپ، ئاھالىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. لېكىن بۇ يەر قايدۇغا تەۋە بولۇپ، ئاھالىسى كۆپ، نەرسە - كېرەكلىرى مول ئىدى. خوتەن چوڭ خانىغا تەۋە بولۇپ، ئاھالىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. بۇ يەردىمۇ قەشقەرگە ئوخشاش سېپىل بىلەن ئورالغان بىرمۇنچە شەھەر - كەنتلەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە خوتەن شەھىرى ھەممىدىن ئاۋات ئىدى. خوتەن شەھىرى بىلەن خوتەن دۆلىتى ئوخشاش نام بىلەن ئاتالغان، بۇ دۆلەتتە نەرسە - كېرەكلەر باياشات ئىدى، پاختا كۆپ چىقاتتى، ئاھالىنىڭ ئۈزۈملۈكى ۋە باغ - ۋارانلىرى بار ئىدى. پىيالما خوتەنگە يېقىن بىر بوستانلىق بولۇپ، ئاھالىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، چوڭ خانىغا تەۋە ئىدى، دائىرىسىدە سېپىل بىلەن ئورالغان بىرمۇنچە شەھەر - كەنتلەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە پېيىن ئەڭ ئاۋات ئىدى. شەھەر سىرتىدا دەريا بولۇپ، ئۇنىڭدىن قاشتېشى، زۇمرەت چىقاتتى. چەرچەننىڭ ئاھالىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، دائىرىسىدە سېپىل بىلەن ئورالغان بىرمۇنچە كەنتىرى بار ئىدى. دەرياسىدىن زۇمرەت، قاشتېشى چىقاتتى،

كىشىلەر ئۇنى ئېلىپ ئىچكى رايونلارغا ئاپىرىپ سېتىپ كۆپ
پايدا ئالاتتى. لېكىن چەرچەننىڭ كۆپ قىسمى قۇملۇق بولۇپ،
سۈيى ئاچچىق ئىدى. بىرنەچچە جايدىلا ئىچكىلى بولىدىغان
تاتلىق سۇ بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىي قوشۇن كەل-
گەندە، يەرلىك ئاھالە قۇملۇقتىكى تاتلىق سۇ بار يەرلەرگە
بېرىۋالاتتى، قوشۇن ئۇلارنى تاپالمايتتى. لوپ چوڭ شەھەر بو-
لۇپ، قۇملۇقنىڭ قىرغىقىغا جايلاشقان، بۇ شەھەر چوڭ خانغا
تەۋە ئىدى، ئاھالىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، شاجۇ
(ھازىرقى دۇڭخۇاڭ) غا بارىدىغان يول مۇشۇ يەردىن ئۆتەتتى.
ئىككى شەھەر ئارىلىقىدا كەڭ قۇملۇق بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۆ-
تۈش توغرا كەلگەندە، ئۇلاغلىق ماڭسا بىر ئاي ۋاقىت كې-
تەتتى. قۇملۇقتا يېمەكلىك يوق ئىدى، كەم دېگەندە 20
نەچچە جايدا سۈيىنى ئىچكىلى بولىدىغان بۇلاق بار ئىدى،
لېكىن سۈيى بەك ئاز ئىدى*. شەرق تەرەپتىكى جايلارنىڭ
ئەھۋالى يۇقىرىدا ئېيتىلغان جايلارنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايتتى.
بۇنىڭ ئوخشىمايدىغان تەرىپى شۇكى، بىرىنچى، ئىدىقۇت
موڭغۇللارغا ھەممىدىن بۇرۇن ئەل بولغان، چىڭگىزخان ۋە
ئۇنىڭ ۋارىسلىرى بۇ جايلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش سىيا-
سىتىنى قوللانغان. مۆڭكىخان ئۆز دۈشمەنلىرىنى تازىلاش سە-
ۋەبى بىلەن قوچۇنىڭ ئۇيغۇر ئىدىقۇتىنى ئۆلتۈرگەن بولسى-
مۇ، قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈمىنى
ئانچە كۆپ ئۆزگەرتمىگەن؛ ئىككىنچى، ھەرقايسى خانلار ئوت-
تۇرىسىدىكى جەڭگى - جېدەل تۈپەيلىدىن، قوچۇ رايونى بىلەن
بېشبالىقنىڭ ئۇرۇش ئاپەتكە ئۇچرىشى بىر قەدەر ئېغىر بولغاچقا،
بېشبالىق ۋە قاراقوچو شەھىرىنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى ئورنىدا

* فېڭ چېڭجۈن تەرجىمە قىلغان «ماركوپولو ساياھەت خاتىرىسى» 50-، 52-، 53-، 54-، 56- بابلىرى.

بىرقانچە قېتىم ئۆزگىرىش بولغان. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا مەلۇم تەسىر كۆرسىتىشى مۇقەررەر ئىدى؛ ئۈچىنچى، قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى بىرقەدەر مۇقىم بولغاچقا، ئۇنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى بولغان ئىدىقۇتقا داۋاملىق بارچۇق ئارت تېكىنىنىڭ جەمەتى ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن، يەنە كېلىپ بۇ جەمەتنىڭ موڭغۇل ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى بىلەن مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن بولغاچقا، بۇنىڭ شۇ جايىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىنىڭ ئەسلى قۇرۇلمىسىنى ساقلاپ قېلىشقا كۆرسەتكەن تەسىرى زورراق بولغان؛ تۆتىنچى، كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا دىنىي ئېتىقاد ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان شۇ زاماندا، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدە بۇددا دىنى يەنىلا چوڭ دىن ھېسابلىناتتى. مۇشۇنداق ئوخشىماسلىقلار بولغاچقا، قوچو رايونى (جۈملىدىن قۇمۇل ۋە بېشبالىق) ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە بىرمۇنچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى.

تارىخىي ماتېرىياللار مۇڭغۇللار ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قاراقوچو، بېشبالىق ۋە قۇمۇل شەھەرلىرىنىڭ قوچو ئۇيغۇر رايونىدىكى ئاساسلىق چوڭ شەھەرلەر ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە مورى، ئۈرۈمتاي (ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىدە)، جانبالىق (ھازىرقى سانجى ناھىيىسى دائىرىسىدە)، لۈكچۈن قاتارلىق بىر تۈركۈم كىچىك شەھەر ـ كەنتلەر بار ئىدى. بۇلاردىن قاراقوچو ئىقتىساد ۋە بۇددىزم مەدەنىيىتى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان چوڭ شەھەر بولۇپ، ئىدىقۇتنىڭ دائىملىق تۇرىدىغان جايى ئىدى؛ بېشبالىق — يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەسكەر تۇرغۇزغان، بوز يەر ئېچىپ، تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى يولغا قويغان، ھەربىي، مەمۇرىي ئورگانلارنى تەسىس قىلغان ئاساسلىق جايلارنىڭ

بىرى ئىدى؛ قۇمۇل دائىرىسىدە سېپىل بىلەن ئورالغان بىرمۇنچە كەنت - ھېسارلار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرى ھەممىدىن چوڭ ئىدى. ئاھالىسى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، ئۆز تىلى بار ئىدى، بۇ يەردىن قوغۇن، مېۋە - چېۋە چىقاتتى، ئادەملىرى ئويۇن - تاماشىغا ئامراق، ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر ئىدى①. پۈتكۈل تۇرپان رايونىنىڭ ئىقتىسادىدا يەنىلا دېھقانچىلىق ئاساس قىلىناتتى. لېكىن دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئۈزۈمنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش كۆلىمى خېلى زور بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ۋىنو ئىشلەپچىقىرىشمۇ خېلى راۋاجلانغانىدى. ئۈزۈم ۋە ۋىنو ئىشلەپچىقىرىش مۇھىم ئىقتىسادىي ئورۇننى ئىگىلىگەن بولغاچقا، يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى بۇ خىل ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىنىڭ ئىگىلىك ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا، ترانسپورت ۋە باج ئىشلىرىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس ئالاقىدار سىياسەتلەرنى بەلگىلىگەنىدى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە موڭغۇللار ئۇيغۇر رايونىنىڭ ئۈزۈم ھارىقىنى ئالاھىدە مۇھىم مەھسۇلات سۈپىتىدە نۇرغۇن ئاتلارنى ئىشقا سېلىپ، شەرققە توشۇيتتى. «يۈەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن - نىزاملىرى» دا: 1294 - يىلى (جىيۈەنىنىڭ 31 - يىلى) «بىر نۆۋەتتە غەربىي يۇرتلۇقلار 111 ئاتقا ئۈزۈم ھارىقى ئارتىپ ھەيدەپ كەلدى» دەپ يېزىلغان. بۇ، ۋىنونىڭ كۆپلەپ شەرققە توشۇلغانلىقىنىڭ بىر مىسالى②.

1303 - يىلى (دادى 7 - يىلى)، يۈەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ئۆز ئالدىغا ئۈزۈم ھارىقى ئىشلىگۈچىلەرنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئېغىرلاشتۇرۇش؛ خۇسۇسىي سودىگەرلەرنىڭ ئۈزۈم

① فېڭ چېڭجۈن تەرجىمە قىلغان «ماركوپولو ساياھەت خاتىرىسى» 56 - باب.

② «يۈەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن - نىزاملىرى» 36 - جىلد.

هارىقىغا ئوتتۇزدىن بىر نىسبەت بويىچە هاراق بېجى ئېلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەنىدى*. 1324 - يىلى (تەيدىڭنىڭ تۇنجى يىلى) غا كەلگەندە، ئۇيغۇرلار رايونى ئاساسەن چاغاتاي خانلىقىنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىنمۇ، ئىدىقۇت تېمۇربۇقا ئەلچى ئارقىلىق يۈەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاهى تەيدىڭغا ئۈزۈم هارىقى تارتۇق قىلغان. بۇ ماتېرىياللار ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۈزۈم هارىقى قوچۇنىڭ ئىقتىسادىدا مۇهىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنىڭ دەلىلى.

دېهقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىمۇ خېلى راۋاجلانغانىدى. سۇنى مەخسۇس ئەمەلدار باشقۇراتتى، هۆكۈمەت سۇ ماجىرالىرىنى ئازايتىش ئۈچۈن، سۇ ئىشلىرىنى جازا - كۆزىتىش جۇجۇقىغا تاپشۇرۇپ، بىر تۇتاش پىلانلاشنى يولغا قويغانىدى. سۇنى تەقسىم قىلىشتا قاتتىق تۈزۈم بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سۇنى ئۈزۈمزارلىق، يەر - زېمىن، ئۆي - بىساتلىرىغا ئوخشاش مۇهىم خۇسۇسىي مۈلۈك دەپ قارايدىغان هادىسە پەيدا بولغانىدى. جازا — كۆزىتىش جۇجۇقىنىڭ بېگى دېهقانچىلىق، سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس ئەمەلدار ئىدى. بۇنىڭ تەسىس قىلىنىشى دېهقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپىنى تۇراقلاشتۇرۇشتا مەلۇم رول ئوينىغانىدى. يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان خەت - چەكلەر ئۇيغۇرلارنىڭ «جۇجۇق» دېگەن مەنسەپ بىلەن تونۇشلۇقى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

دېهقانچىلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان قول هۈنەرۋەنچىلىكىمۇ كۆرۈنەرلىك تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنىدى. يۈەن سۇلالىسى هۆكۈمىتى بېشبالىقتا تەسىس قىلىنغان تۆمۈر ئېرىتىش كارخانىسى ئۇيغۇرلار رايونىدا دېهقانچىلىق سايمانلىرىنى

* «يۈەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن - نىزاملىرى»، 77 - جىلد

ئىشلەپچىقىرىپ، بۇ رايوننىڭ دېھقانچىلىق سايمانلىرى ياساش كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى. بېشبالىق جۇ-جۇقىنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقى قول - ھۈنەرۋەنچىلىك بويىچە بوياقچىلىق - توقۇمىچىلىق كەسپىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنىڭ كېڭەيگەنلىكىنى ۋە تاۋارلىق ئەھمىيىتىگە ئىگە بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بوياقچىلىق - توقۇمىچىلىق كەسپى بويىچە داڭلىق مەھسۇلات — «چىلتەك» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل كىمخاب ئىدى. بۇ مەھسۇلات يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئالىي ھۆكۈمران تە-بىقىسىدىكىلەرنىڭ كىيىم - كېچەك ماتېرىيالى ئىچىدە مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، يۈەن سۇلالىسى «ياقىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چىلتەكلەرنى توقۇشنى باشقۇرۇش»* نى جىيۈەن 13 - يىلى تەسىس قىلىنغان بېشبالىق جۇجۇقىنىڭ ۋەزىپىلىرىدىن بىرى، دەپ بەلگىلىدى. چىلتەكنىڭ توقۇلۇش نۇسخىسى ۋە رەڭگى گۈزەل، ئېسىل ئىدى. ئۇنىڭ نۇسخىسى بۇددا سۈرىتى ۋە سانسكرىت يېزىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى مۇمكىن.

يەر، ئۈزۈمزارلىق، ئائىلە قۇللىرىنى ئېلىش - سېتىش كۆپ بولۇش ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئىقتىسادىي پائالىيەتنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى ئىدى. يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىرمۇنچە خەت - چەكلەر بۇ جەھەتتىكى ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. مەشھۇر «قۇلچاق بىنتۇڭنى سېتىۋېلىش ھۆججىتى» ئائىلە قۇللىرىنى ئېلىش - سېتىشنىڭ بىر مىسالى. بىنتۇڭ قىتان مىللىتىدىن چىققان بىلىملىك بىر ئەر بولۇپ، ئەسلىدە قوجو شەھىرىدىكى ئاتى تۇتۇڭنىڭ ئائىلە قۇلى ئىكەن، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئائىلىسىنىڭ قول ھۈنەر-ۋەنچىلىك ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىكەن. كېيىن ئۇنى

*«يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى. ئەمەلدارلار رويخېتى».

دىڭخۇي ئىسىملىك بىر باخشى بىلەن باشقا قىتانلار سېتىۋېلىپ ھۇزۇرلۇق بەرگەندىن كېيىن راھىب بولغانىكەن. لېكىن، كېيىن كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ ھۆججىتىنى ئالداپ ئېلىۋاپتۇ، ئاتى تۇتۇق ئۇنى يەنە بىر قېتىم توققۇز يامبۇغا شۆسەي باخشى دېگەن بىر بايغا سېتىپ بېرىپتۇ. بۇ قۇل سېتىۋېلىش ھۆججىتىدە يەنە «بىنتۇڭ شۆسەي باخسىنىڭ ئۆيىدە ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىدۇ، مۇبادا بىنتۇڭ شۆسەي باخشىنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن ئوبدان ھەمكارلىشالىسا، شۆسەي باخشى بىنتۇڭنى قايتا سېتىۋەتمەي، ئۇنىڭغا ھۇزۇرلۇق بېرىدۇ، ھۆججەتكە خىلاپلىق قىلىنسا، خىلاپلىق قىلغۇچى موڭغۇل پادىشاھىغا بىر زىخچە ئالتۇن جەرىمانە تۆلەيدۇ، پادىشاھنىڭ ئاكا - ئۇكىلىرىغا، شاھزادىلەرگە ۋە ئىدىقۇتقىمۇ بىر يامبۇدىن جەرىمانە تۆلەيدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.* بۇنداق ئائىلە قۇللىرىنى ئېلىش - سېتىشقا دائىر ھۆججەت مۇشۇ بىر پارچىلا ئەمەس. بۇ يازما ماتېرىياللار يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قوچۇ رايونىدا قۇل ساقلاش ھەقىقەتەن ئەۋج ئالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. لېكىن قۇل خوجايىنىنىڭ ئۆيىدە ئائىلە ئەمگىكىنى قىلىدىغان ئائىلە قۇل - دېدەكلىرىدىنلا ئىبارەت ئىدى. ئائىلە قۇللىرىنى ئېلىش - سېتىش جەمئىيەتتىكى ئىقتىسادىي پائالىيەتتە بەك جانلىق بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغىمۇ ئېرىشكەن. قۇل ئالغان - ساتقاندا ھۆججەت يېزىش رەسمىيلەشكەن، ھۆججەتنى يېزىشنىڭ مەلۇم فورمىسى باردەك قىلىدۇ. ھۆججەتتە يۈەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى، تۆرە، شاھزادە، ئەمەلدارلىرى ۋە ئىدىقۇتلار مەدھىيىلىنىشى ھەمدە گۇۋاھچى ۋە ئالغۇچى - ساتقۇچىنىڭ

* گېڭ شىمىننىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە يازما ھۆججەتلىرى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان» دېگەن ماقالىسىگە قارالسۇن، خەنزۇچە تەرجىمىسى، 125 - بەت.

تامغىسى پاكى ئىمزاسى بولۇشى شەرت ئىدى.
ئۇيغۇرلارنىڭ سودا پائالىيىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. موڭغۇل ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، نۇرغۇنلىغان باي - سودىگەرلەر «نۇرغۇنلىغان پۇل - ماللارنى ئېلىپ سەندۇق، خېيىي قاتارلىق جايلارغا بېرىپ - كېلىپ تۇراتتى». يۈەن سۇلالىسى تىيانشان تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا قەغەز پۇل تارقىتىپ، پۇل - ئاقچىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەسىس قىلىپ، سودا ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن پايدىلىق شەرت - شارائىت يارىتىپ بەردى. ئۇيغۇر سودىگەرلىرىدىن بەزىلىرى سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماي، جازانىخورلۇقمۇ قىلاتتى، ئۇلار پۇللىرىنى غەربىي شىمالنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا جازانىگە بېرەتتى، پۇلنىڭ بىر يىللىق ئۆسۈمىنى ھەسسىلەپ ئاشۇراتتى، بۇ «قوزا ئۆسۈمى» (دوملاتما ئۆسۈم) دەپ ئاتىلاتتى. جازانىخورلار يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىغا كۆمۈش قەرز بېرەتتى، ئۇنىڭ ئۆسۈمى ئوخشاشلا «شۇ يىلى بىر ھەسسە، كېلەر يىلى دىرى بىلەن قوشۇلۇپ يەنە بىر ھەسسە ئېشىپ باراتتى». بەزى ئەمەلدارلار قەرزنى تۆلىيەلمەي «كۆپىنچە ئائىلە، بالا - ۋاقىلىرىدىن تارتىپ ۋەيران بولۇپ كېتەتتى، ھەتتا خوتۇن - بالىلىرىنى قەرزگە تۇتۇپ بېرىپمۇ تۆلەپ بولالمايتتى». شۇنىڭ ئۈچۈن، يۈەن سۇلالىسىنىڭ دىۋانبېگى يەلىغ تۆرە ئەمەلدارلارنىڭ قەرزىنى تۆلەش ئۈچۈن، پادىشاھقا ئوردا خەزىنىسىدىن 76 مىڭ يامبۇ ئاجرىتىپ بېرىشنى ئىلتىجا قىلغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جازانىخورلۇقنى چەكلەپ، «قوزا ئۆسۈمى» نى «دىرى بىلەن تەڭلەشكەندە، ئۆسۈمى بولماسلىق» تۈزۈمىگە ئۆزگەرتكەنىدى.
موڭغۇللار ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى جايلارنىڭ ئاھالىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر

مىللىتىگە قاراپ يەنىمۇ راۋاجلانغان بىر مۇھىم دەۋر بولدى. بۇ دەۋردە قارا قىتانلارنىڭ بەزى ئەۋلادلىرى ۋە موڭغۇللارنىڭ بەزى قەبىلىلىرى تەدرىجىي ھالدا شۇ يەردىكى ئاھالىگە قوشۇلۇپ كەتتى؛ تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ تىلى، مەدەنىيىتى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇللىرى يەنىمۇ ئورتاقلىققا قاراپ راۋاجلاندى؛ ئىسلام دىنى ھازىرقى تۇرپان رايونى ۋە ھازىرقى جىمسار، گۇچۇڭ ئەتراپلىرىغا تارقالدى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدا ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان ئەرەبچە يېزىق قوللىنىلدى، ئويمانلىقنىڭ شەرق قىسمىدا ۋە تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى بىرمۇنچە جايلاردا يەنىلا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى قوللىنىلدى. جايلار ئارا تىل جەھەتتىكى پەرق يەنىمۇ ئازايدى.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ موڭغۇللار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغانلىقى ئېلىمىز تارىخىدا بىر مۇھىم ئىش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇ يېزىق موڭغۇللار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، يۈەن سۇلالىسىنىڭ شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشۇش بىلەنلا قالماستىن، كېيىنكى ۋاقىتتىكى موڭغۇل، مانجۇ، شىبە مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتىمۇ مۇھىم رول ئوينىغانىدى. تا ھازىرقى كۈنگە كەلگەندىمۇ، موڭغۇللار يەنىلا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان يېزىقنى قوللانماقتا. ھازىر جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمى ئەتراپىدىكى موڭغۇللار قوللىنىۋاتقان توت موڭغۇل يېزىقىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى مەنبە قىلغان. كېيىنكى ۋاقىتتىكى مانجۇ ۋە شىبە مىللەتلىرىمۇ يەنە موڭغۇل يېزىقىنى ئاساس قىلىپ مانجۇ ۋە شىبە يېزىقلىرىنى ئىجاد قىلغانىدى.

موڭغۇللارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوبۇل قىلىشى

چىڭگىزخان دەۋرىدىلا باشلانغان. چىڭگىزخان موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، غەربكە يۈرۈش قىلىش جەريانىدا، يېزىقسىزلىق قىيىنچىلىقىنى ئالاھىدە ھېس قىلغان. 1204 - يىلى، چىڭگىزخان نايمانلارنىڭ تامغىچىسى، ئۇيغۇر تاتاتۇڭانى ئەسىر ئالدى. بۇ ئادەم زېرەك ھەم سۆزمەن بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىغا كامىل ئىدى. نايمانلارنىڭ خانى تايانخان ئۇنى ھۆرمەتلەپ ئۆزىگە ئۇستاز قىلىپ، نايمانلارنىڭ ئالتۇن تامغىسى ۋە خەزىنە ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزغانىدى. ئۇ ئەسىر ئېلىنغاندىن كېيىن، چىڭگىزخانغا تامغا، خەت ئالاقە توغرىسىدىكى بىلىمنى ئۆگەتتى، بۇنىڭ بىلەن چىڭگىزخان ئەمىر - پەرمان چۈشۈرۈشتە تامغا ئىشلىتىشكە باشلىدى. كېيىن چىڭگىزخان ئۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىغا كامىل ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى مۇشۇ يېزىق بىلەن ۋەلىئەھد ۋە شاھزادىلەرگە دەرس ئۆتۈشكە بۇيرىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى موڭغۇللار قوللىنىدىغان يېزىققا ئايلاندى. موڭغۇللار ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، ۋەلىئەھد، شاھزادىلەر ۋە ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بۇ يېزىقنى يولغا قويۇشقا قاتناشتى، كىشىلەر ئۇلارنى «ئۇيغۇر بىتىكچى»① دەپ ئاتىدى. موڭغۇل خان ئوردىسى ئالاقىدار جاساق (قانۇن) ۋە يارلىقلارنى ئۇيغۇر يېزىقى شەكلىدىكى موڭغۇل يېزىقىدا كىتابلارغا يېزىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى②. خانلىقنىڭ پەيزە - تامغىلىرىمۇ مۇشۇ خىل يېزىقتا ئويدۇرۇلدى. موڭغۇللارنىڭ ھەربىي قوشۇنلاردا ئىشلەتكەن پەيزىدىن ھازىرغىچە جەمئىي 11 ى قېزىۋېلىنىپ ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى 1845 - يىلى دېنېپىر دەرياسى بويىدىن قېزىۋېلىنغان كۈمۈش

① «يۈەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن - نىزاملىرى»، 31 - جىلد، «قائىدە - يوسۇن قىسمى» 4، «مەكتەپ» ماددىسى.

② سەي مېيياۋ: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىككى خىل يۇملاق پەي-پەيزىنىڭ ئېنىقلىما شەرھى»، «تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1980 - يىل 4 - سانىغا بېسىلغان.

پەيپەيزە قىپچاق خانلىقى (ئالتۇن ئوردا خانلىقى) نىڭ يادىكارلىقى ھېسابلىنىدۇ، بۇ پەيپەيزە ئۇزۇنچاق ئىشلەنگەن، ئىككىلا تەرىپىگە ئۇيغۇر يېزىقى شەكلىدىكى موڭغۇل يېزىقى ئويۇلغان. بۇ، ئەسلىدىكى پەيزە تۈزۈمىنى ئۇيغۇر يېزىقى شەكلىدىكى موڭغۇل يېزىقى بىلەن ئۆزگەرتكەن ۋە مۇكەممەللەشتۈرگەنلىكىنىڭ دەلىلى.* 1253 - يىلى فرانسۇز مىسسىئونېرى ۋىلىيام.رۇبرۇك رىم پاپىسى بىلەن فرانسىيە كورولىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، يۈەن سۇلالىسىگە دىن تارقىتىشقا كەلگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ خاتىرىسىدە موڭغۇللارنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى، مۆڭكۈ خان رىم پاپىسىغا يېزىپ بەرگەن مەكتۇپنىڭمۇ مۇشۇ يېزىقتا يېزىلغانلىقىنى بايان قىلغانىدى.

موڭغۇللار ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلانغانلىقىنىڭ نامايەندىلىرىدىن بىرى شۇكى، ئوغۇزخان ھەققىدىكى رىۋايەت يەنىمۇ پىشىپ يېتىلىپ، نەسرىي شەكىلدىكى مۇكەممەل بىر ئېپىك داستانغا ئايلانغانىدى ۋە نامىسىز بىر ئاپتور تەرىپىدىن خاتىرىگە ئېلىنىپ، رەتلەپ چىقىلغانىدى. بەختكە يارىشا، بۇ كىتابنىڭ بىر كۆچۈرمە نۇسخىسى ساقلىنىپ قالغان ۋە ھازىر پارىژدىكى دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا ساقلانماقتا. كىتابنىڭ باش - ئاخىرى زىيدە بولۇپ كەتكەن. بۇ خاتىرىنىڭ فورماتىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى

* «دوكتور خانىدانىڭ تارىخشۇناسلىققا دائىر ماقالىلىرى توپلىمى» نىڭ 1 - تومىدىكى 3 - سۈرەت ۋە شۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى جام - بېكەتلەر توغرىسىدا ئېنىقلىمىلار».

13 × 19 سانتىمېتىر بولۇپ، جەمئىي 21 بەت. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ يازما شەكلىدە يېزىلغان. ھەربىر بېتىدە توققۇز قۇر خەت بار، 1 - بەتنىڭ 2 - قۇرىدىكى «uxbu ،tuyur» دېگەن خەتلەرنىڭ ئاخىرىغا بىر بۇقا سۈرىتى سىزىلغان، 2 - بەتنىڭ 9 - قۇرىدىكى «uxbu ،tuyur» دېگەن خەتلەرنىڭ ئاخىرىغا بىر قۇشنىڭ سۈرىتى سىزىلغان، 6 - بەتنىڭ 4 - قۇرىدىكى «uxbu ،tuyur» دېگەن خەتلەرنىڭ ئاخىرىغا ياككا تاخىنىڭ سۈرىتى سىزىلغان. خەت ئارىسىدىكى «b» بىلەن «t»، «s» بىلەن «z»، «k» بىلەن «y» ھەرپلىرى كۆپىنچە ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىلگەن. «s» ھەرپىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئىككى چېكىت قويۇپ «x» نى بىلدۈرگەن. «y» بىلەن باشلانغان بىرمۇنچە سۆزلەردە، «y» نىڭ ئورنىغا q نى ئىشلەتكەن. كۆچۈرمە نۇسخىنى پېللىئوت، رادلوۋ، گېيك شىمىنلار تەتقىق قىلىپ، XV ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە كۆچۈرۈلگەن، كۆچۈرمە نۇسخىسىدا ئاساسلانغان ئەسلى كىتاب XIII — XIV ئەسىرنىڭ مەھسۇلى بولۇشقا تېگىشلىك، دەپ ھېسابلىغان. بۇنىڭدىن باشقا، سەككاكىنىڭ «مىفتاھۇل ئۇلۇم» دېگەن كىتابىمۇ مۇھىم پەننىي ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، ئۇيغۇرلار ئاساسلىقى بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. مانى دىنى زاۋال تاپقان، بۇددا دىنى قۇجۇ ئەتراپىدا تېخى روناق تېپىۋات- قاندى. 1275 - يىلى (جىيۈەننىڭ 23 - يىلى)، قۇبلاي ئۇيغۇر راھىبى قاتاي سەلىنى دىننى چۈشەندۈرگۈچى ئوكۇرداي قىلىپ، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى جايلارنىڭ بۇددا دىنىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىگەن. بۇنىڭدىن يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئۇيغۇر راھىبلىرىنىڭ ئورنى يەنىلا خېلى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، 1253 - يىلى رۇبرۇك قاراقۇرۇمغا بېرىشتا قۇجۇدىن ئۆتكەندە، ئۇ يەردە نېستورىئان دىنىنىڭ راھىبى بارلىقىنى كۆرگەنىدى. بۇ شۇ زاماندا ئۇيغۇرلار رايونىدا نېستورىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتـ لايدۇ. يۈەن سۇلالىسىدىن بۇرۇن، ئىسلام دىنى تەدرىجىي راۋاج تېپىپ، باشقا دىنلار بىلەن كۆرەش قىلىپ، ئۈستۈنلۈكنى ئىـ گىلىگەن. يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا يان بېسىشى ئۇيغۇرلار رايونىدا ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىپ، باشقا دىنلارنى زەئىپ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى.

موڭغۇللار ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، نۇرغۇن ئۇيغۇرلار يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدە ياكى باشقا جايلاردا، ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلىپ، ئەقىل - پاراسىتىنى تەقدىم قىلدى. ئۇلاردىن ئەڭ مەشھۇرلىرى: قۇجۇ ئىدىقۇتى، مىڭسۇسى، كىچىك يۈەنشى توقلان، قارايىغاچ بۇيرۇق، شېي شى، ليەنشى، شيېشى، گۈەنشى، سارابان، ئارىق قايا، تاتاتۇڭا قاتارلىق 29 جەمەت ئىدى. ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن ھەربىي مۇتەخەسسىسلەر، سىياسىيونلار، ئىقتىسادشۇناسلار، ئۆلىمالار، ئەدىبلەر، مۇزىكانتلار، خەتتات - رەسساملار، يالۋاچلار، تەرجىمان - تىلماچلار، تارىخـ شۇناسلار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار مەيدانغا كەلگەنىدى. ئۇلاردىن ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىگە ۋە ئىگىلىكىنى، مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا زور تۆھپە قوشقانلارنى تاللاپ تۆۋەندىكىچە تونۇشتۇرىمىز:

لىيەن شىشيەن بۇيرۇق قايانىڭ ئوغلى، ئۇ 19 يېشىدا مۆڭكۈخاننىڭ ئىنىسى قۇبلايغا تۇرغاق بولۇپ، ئۆزىنىڭ سىياـ سىي ھاياتىنى باشلىغان. كېيىن ئۇيغۇرلاردىن سارابان، ئارىق ھىيا قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە ھەقىقىي بىر ئۇيغۇر گۇرۇھىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇ، خەنزۇلارنىڭ نامە - دەستۇرلىرى ۋە تاـ

رىخلىرىغا قىزىقاتتى، «مىڭزى» دېگەن كىتابنى ھەۋەس بىلەن ئوقۇپ، قۇبلاينىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەنىدى. ئۇ يەنە خەنزۇ تۆرىلىرى بىلەن قويۇق ئارىلىشاتتى.① ئۇ قۇبلاينى خانلىق تەختىگە چىقىرىشتا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن. ② قۇبلاي تەختكە چىقىش ۋاقتىدا، ئۇنىڭ ئالتىنچى ئىنىسى ئارىغ بۆكە قارا قۇرۇمدا تەخت تالاشقان، ليەن شىشيەن بۇ ۋەقەدە قۇبلاي تەرەپتە تۇرغان بىردىنبىر ئەمىر لەشكەر ئىدى. ③ ئۇ خان يارلىقىنى دادىللىق بىلەن تۈزىتىپ، دۈشمەننى يوقاتقان، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ۋەزىرلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن. بۇ چاغدا ئۇ تېخى 30 ياشتىلا ئىدى.

ليەن شىشيەن يۈەن سۇلالىسىنىڭ دۆلەت سىياسىتى جەھەتتە «خەنزۇلارنىڭ چارىسى بىلەن خەنزۇلار رايونىنى ئىدارە قىلىش» نى تەشەببۇس قىلىپ، ئىقتىسادشۇناس ئەخمەتنىڭ فاڭجېن - سىياسىتىگە قارشى مۇرەسسەسىز مۇنازىرە ئېلىپ بارغان. مۇنازىرىنىڭ دەسلىپىدە ئوردا ليەن شىشيەننىڭ تەشەببۇسىغا قوشۇلغان، ئەخمەت ھەرقايسى رايونلارنىڭ باش نەقلىيات بېگىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەخمەت يەنە سۇخەنچىلىك بىلەن ئېتىبارغا ئېرىشىپ دىۋان مۇئەككىلى بولۇۋالغان، ئۇنىڭ ئەكسىچە، ليەن شىشيەن ۋەزىرلىكتىن قالدۇرۇلغان. ليەن شىشيەن ۋەزىرلىكتىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، كۇڭزىچىلارنىڭ قۇتقۇزۇشى ئارقىلىق، 1214 - يىلى (جىيۈەن 11 - يىلى)، يەنە يۈەن سۇلالىسى تەرىپىدىن ئىشقا قوبۇل

① «يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى» 126 - جىلد، «ليەن شىشيەننىڭ تەرجىمىھالى»، «زاھىت ليۈيىننىڭ ئەسەرلىرىدىن ئالمىناق»: «پازىل ئۆلىما كۇ ھەزرەتىنىڭ قەبرە ئابىدىسى».

② «ئوردا ھۆججەتلىرى توپلىمى» 15 - جىلد.

③ «يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى» 126 - جىلد، «ليەن شىشيەننىڭ تەرجىمىھالى».

قىلىنىپ، بېيجىڭ ۋاقىتلىق ھەمۇرىي دىۋانىنىڭ مۇئەككىلى بولغان. لېكىن ئۇ سىياسىي جەھەتتە روناق تاپالمىغان. لىيەن شىشيەن ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەر ئۇنىڭ «خەنزۇلارنىڭ چارىسى بىلەن خەنزۇلار رايونىنى ئىدارە قىلىش» دېگەن سىياسىي تەشەببۇسىدا چىڭ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرغان، كېيىن بۇ تەشەببۇس يۈەن سۇلالىسىنىڭ دۆلەت سىياسىتىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەنىدى.

سانگې مەشھۇر ئىقتىسادشۇناس، ئۇ مالىيە ۋەزىرى ئەخمەد، لۇشىرۇڭلاردىن كېيىن، 1287 - يىلى (جىيۈەن 24 - يىلى) ئوردىنىڭ باش مۇئەككىلى بولغان، ئۇ ۋەزىپە ئۆتەش جەريانىدا پۇل تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىپ، «جىيۈەن پۇلى» نى تارقاتقان. بۇيرۇققا بىنائەن، دىۋان ۋەزىرىنى قايتا تەپتىش قىلىپ، بىرنەچچە مىڭ يامبۇ قىممىتىدىكى نەق پۇل ۋە مال پۇلىنىڭ كەم ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ تېپىپ چىققان؛ يەنە ئوردا ئىشلىرى ۋەزىرىنى تەكشۈرۈپ، چۈشكۈنلىشىش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشنى خانغا مەلۇم قىلغان. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئوردىدا باش مىرزا، ئوڭ قول ۋەزىر، «باش تەمرات مەھكىمىسى» نىڭ ئەمەلدارى سالاھىيىتى بىلەن ئىسكىلات بەگلىرىنى تەكشۈرگەنىدى. يەنە «تاپشۇرۇۋېلىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش جۇجۇقى» نى تەسىس قىلىپ، مالىيە، ئاشلىق ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ، خىيانەتچىلىككە سەل - پەل چەك قويغانىدى؛ يەنە خانغا تىبەتنىڭ ھەربىي، خەلق، مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئورگان «باش تەمرات مەھكىمىسى» نى «پەرمانبەردار مەھكىمىسى» گە ئۆزگەرتىشكە تەكلىپ بەرگەن.

بولۇپمۇ يىللىق چىقىمىنىڭ كېمىنىـى تولدۇرۇش ئۈچـۈن، سـودا
بېجىنى ئۆستۈرۈپ، ساراي ۋەزىرىگە بىۋاستە قاراشلىـق جـايـ
لاردىن 200 مىڭ يامبۇ، چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردىن
200 مىڭ يامبۇ كىرىم قىلغان.① سانگې يۈەن سـۇلالىسىنىـڭ
دەسلەپكى يىللىرىدا مالىيە ئىشلىرىنى باشقـۇرۇش جـەھەتـتـە
تۆھپە قوشقان.

ئارق قايا دېھقـان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان، كېيىن
ئۇيغـۇرچـە ئوقۇپ، قـۇبلاي (بۇ چاغدا شاھزادە ئىدى) نـىـڭ
قەسىرىدە ياساۋۇللۇققا تونۇشتۇرۇلغان. قۇبلاي تەختكە چىققاندىن
كېيىن، تەدرىجىي خىزمەتكە قويۇلغان. 1265 - يىلى (جىيۈەنـ
نىڭ 2 - يىلى) موڭغۇللار ھەرقايىسى رايـونلار بويىچە دىۋانـ
بېگى تۇرغۇزغاندا، ئارق قايا «خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى جـايـ
لارنىڭ ۋاقىتلىق دىۋانبېگى» بولغان. جەنۇبىي سـۇڭ سۇلالـ
سىنىڭ شياڭياڭ، فەنچېڭ شەھەرلىرىنـى ئېلـىش ئۇرۇشـىدا،
جياڭلىڭدىكى جەڭدە ۋە ئېجۇ ئايىمىقىنى قوغداش ئۇرۇشلىرىـدا
داۋاملىق نەتىجە يارىتىپ، موڭغۇل سەركەردىسى بايانىنى جـەـ
نۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى لىنئەنگە بەخىرامان ھۇجۇم
قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان.② 1286 - يىلى (جىيـۈەن
5 - يىلى)، يۈەن شىزۇ (قۇبلاي) ئارق قـايـا ۋە ئەمىر لـەشـ
كەر ليۇ جېڭغا شياڭياڭنى ئېلىشنى بۇيرۇغاندا، ليۇ جېڭ ئاۋۋال
شياڭياڭغا ھۇجۇم قىلىش، ئاندىن خەنشۈي دەرياسى ئارقىلـىق
چاڭجياڭغا كىرىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، جەنۇبىي سۇڭ

---

* «يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى»، 223 - جىلد.
* «يۈەن سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى»، 160 - جىلد.

سۇلالىسىنىڭ زېمىنىنى ئىشغال قىلغىلى بولىدۇ دېگەن پىلاننى كۆرسەتكەن. ئارىق قايا شياڭياڭ بىلەن خەنشۈي دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى فەنچېڭنىڭ مۇناسىۋىتى كالپۇك بىلەن چىشنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشىشىدۇ، ئالدى بىلەن فەنچېڭگە ھۇجۇم قىلىش كېرەك، فەنچېڭ ئېلىنسا، شياڭياڭ ھۇجۇمسىز قولغا كېلىدۇ، دەپ قارىغان①. شياڭياڭ ۋە فەنچېڭگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە، ئارىق ھىيا غەربىي يۇرتتىن «ئۇيغۇر زەمبىرەكى» نى كىرگۈزۈپ، يەتتە دانە چوڭ زەمبىرەك ياسىتىپ، شياڭياڭ ۋىلايىتىگە ھۇجۇم قىلغان②. شياڭياڭ بىلەن فەنچېڭ ئېلىنغاندىن كېيىن، ئارىق ھىيا «جىڭخۇ قاتارلىق رايونلارنىڭ زوراغالىق مەھكىمىسى» گە ئەمەلدارلىققا ئۆستۈرۈلگەن. ئۇ، شياڭياڭنى قوغداش بىلەن يەنە چاڭجياڭنى بويلاپ شەرققە يۈرۈپ، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى مەغلۇپ قىلىش پىلانىنى كۆرسەتكەن. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى ئىستېلا قىلغان يۈەن سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ سەركەردىلىرى ئىچىدە ئارىق قايانىڭ كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى كۆپ ۋە ئەقىل - پاراسىتى ئالاھىدە ئىدى. بايان سۇڭ سۇلالىسىگە قارشى يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن، ئارىق قايا يەنە 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇھىم ئورۇن — ئېجۇ (ۋۇچاڭ) نى چىڭ ساقلاپ، جېڭنەننى تىنچلاندۇرغان، شۇنداقلا چاڭجياڭنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى سەنشيا بوغۇزىنى ساقلىغان. شۇنىڭ بىلەن بايان قوشۇنى جەنۇبقا قاراپ بىمالال يۈرۈش قىلالىغانىدى، 1274 - يىلى (جىيۈەن 11 - يىلى)، ئۇنىڭ قوماند-

① «يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى»، 128 - جىلد، «ئارىق قايانىڭ تەرجىمىھالى».

② دوسان: «موڭغۇل تارىخى»، فېڭ چېڭجۈن تەرجىمىسى، 1 - قىسىم، 303 - بەت.

دائىرىدىكى قوشۇنلار سۇڭ سۇلالىسىگە كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىپ، شياڭياڭدا قوشۇلۇپ ئاندىن خۇەيشۇي، يىڭجۇ ۋە جىڭنەندىن ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ تەڭ ئىلگىرىلىگەنىدى. 1275 - يىلى (جىيۈەن 12 - يىلى)، موڭغۇل قوشۇنى دەريانىڭ ئېقىنىنى بويلاپ شەرققە يۈرۈش قىلدى. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ چاڭجياڭ دەرياسى بويلىرىدىكى شەھەرلىرى كەينى - كەينىدىن پەتھ بولدى. شۇ يىلى قىشتا، باياننىڭ قوشۇنى توپتوغرا لىنئەن شەھىرىگە بېسىپ كىردى. شۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى زاۋاللىققا يۈز تۇتتى. دېمەك، ئارىق قايا يۈەن سۇلالىسىنىڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشقا ياردەملىشىپ ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەنىدى.

**گۈەن يۈنشى (غۇربىتى)** ئۇيغۇرچە ئىسمى كىچىك يۈنشى قايا، ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى غۇنچىك بولغاچقا، «گۈەن» (贯) ھەرپىنى ئۆزىگە فامىلە قىلغان. ئۇ بېشبالىقلىق، تەخەللۇسى «غۇربىتى»،* ئارىق قايانىڭ نەۋرىسى. ئۇ قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن، يۈەن شىزۇ (قۇبلاي) نىڭ ھۇزۇرىدا مۇلازىم بولغان. كېيىن يەنە ئاتىسىنىڭ ۋەزىپىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، خۇەيشى، خۇەيدۇڭ قاتارلىق جايلارنىڭ تۈمەن بېشى مەھكىمىسىگە دارغاچ بولغان. تەخمىنەن 1313 - يىلى (يۈەن رېنزۇڭنىڭ خۇاڭچىڭ 2 - يىلى)، ئۆلىمالار مەھكىمىسىدە باش مىرزا بولغان. بۇ ئىش ئۇنىڭ دىتىغا ياقمىغاچقا، ئاغرىقنى باھانە قىلىپ ۋەزىپىسىدىن

* (يۈەن) ئاۋياڭشۈەن: «گۈيزەي توپلىمى»، 9 - جىلد، «گۈەن تۆرىنىڭ ئابىدىسى».

ئىستېپا بېرىپ، جياڭسۇ - جېجياڭ ئەتراپلىرىدا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن. ئۇنىڭ بۇ مەزگىلدىكى ئەسەرلىرىدىن «غۇربەتتى شېئىرلىرى»، «ئۆلىمالار مەھكىمىسىنىڭ باش مىرزىسى گۇۋەن فۇ ھەزرەتنىڭ ئەسەرلىرى توپلىمى» بار. لېكىن بۇ ئەسەرلەر بىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن بەزى شېئىر - غەزەللىرىدىلا بۈگۈنگىچە يېتىپ كېلەلىگەن. بۇ غەزەللەر بىلەن ئۇ ئۆمۈرۋايەتلىك ياخشى نامغا ئېرىشكەن. كېيىنكىلەر ئۇنىڭ غەلىتى مىجەز - خۇلقىدىن ئەجەبلەنگەنىدى، چۈنكى، ئۇنىڭ بوۋىسى ئارىق قايا 1286 - يىلى (جىيۇەن 23 - يىلى)، جىڭخۇ ۋاقىتلىق دىۋانبېگى مەھكىمىسىگە دىۋانبېگى بولغاندا، خىيانەت مەسىلىسى پاش بولۇپ قېلىپ، جىنايىتىدىن قورقۇپ، دورا ئىچىپ ئۆلۈۋالغان*. ھەتتا ئۇ ئۆلگەندىن كېيىنمۇ، ئائىلىسى ئاختۇرۇلغان، تاكى گۇۋەن يۈنشى 11 ياشقا كىرگەنگە قەدەر بوۋىسىنىڭ مەسىلىسى ئوردا تەرىپىدىن داۋاملىق سۈرۈشتە قىلىنغان، بۇ ئەھۋال ياش گۇۋەن يۈنشىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر داغ قالدۇرغان. ئۇ چوڭ بولغاندا، يۇرتدارچىلىق ئىشىدىن ۋاز كېچىپ، ناخشا - غەزەل بىلەن ئىچ پۇشۇقىنى چىقارغان، گۇۋەن يۈنشىنىڭ ئەسەرلىرى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى چاچما شېئىرلار ئىچىدە «شەيئىلەرنى ھېسسىياتلىق تەسۋىرلەش» تەك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى؛ ئۇنىڭ لىرىك ئەسەرلىرى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ چاچما شېئىرلىرى ئىچىدە مۇئەييەن ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ ئۆزى ئىجاد قىلغان غەزەل - نەغمىلىرىنى جېجياڭنىڭ گەنفۇ دېگەن يېرىدىكى ياڭ فامىلىلىك بىر كىشىگە ئۆگەتكەن، كېيىن بۇ نەغمىلەر ئەل ئىچىدە «خەييەن نەغمىسى»②،

① «ئوردا ھۆججەتلىرى توپلىمى»، 59 - جىلد.

② (چىڭ) ۋاڭ شىجېن: «شياڭزۇ خاتىرىلىرى»، 1 - جىلد.

«گېياك نەغمىسى»، «يۈياۋ نەغمىسى» دەپ ئاتىلىپ، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «جەنۇبچە ئۈچ مۇقام» دەپ نام ئالغان، بۇ مۇقامنىڭ كېيىنكى چاغلاردىكى تەسىرى چوڭ بولغان.

ليەن خۇيشەن قايا ئاتاقلىق ئىقتىسادشۇناس بۇيىرۇق قايانىڭ نەۋرىسى، ئۇ قۇرامىغا يەتكەندە، خانلىق بىلىم يۇرتىغا كىرىپ ئوقۇغان، 1321 - يىلى (جىجى تۈنجى يىلى)، تەشرىپدار بولۇپ، مىرزىبەگ بولغان. كېيىن سالنامە سارىيىغا تونۇشتۇرۇلۇپ، يىڭزۇڭ ۋە شيەنزۇڭنىڭ «ساراي خاتىرىسى» نىڭ تەھرىرلىكىگە قاتناشقان. 1344 - يىلى (جىجېڭ 4 - يىلى)، يەنە لياۋ، جىن، سۇڭ سۇلالىلىرىنىڭ تارىخلىرىنى تەھرىرلەشكە قاتناشقان. كېيىن «ئۆلىمالار مەھكىمىسىدە پەرمانچى» بولغان، قوشۇمچە يۈەن سۇلالىسىنىڭ دۆلەت تارىخىنى تەھرىرلىگەن*. «لياۋ سۇلالىسىنىڭ تارىخى» دىكى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى، باش ئەمىر توقتۇ يازغان «لياۋ سۇلالىسى تارىخىنى يېزىش ھەققىدە خانغا يوللانغان مەكتۇپ» تا كۆرسىتىلگەن تۆت «مۇھەررىر» نىڭ بىرىنچىسى ئادىل تۆرە، لەشكىري پىرقىنىڭ دىۋانبېگى ليەن خۇيشەن قايا ئىدى.

شيې جېدۇ قارا بۇقىنىڭ نەۋرىسى شيې ۋېنجىنىڭ ئوغلى. شيې جەمەتىدىن توققۇز كىشى ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، تەشرىپدار بولغان. ئۇلارنىڭ كۇڭزى تەلىماتى جەھەتتىكى بىلىمى

* «يۈەن سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى»، 155 - جىلد، «ليەن خۇيشەن قايانىڭ تەرجىمىھالى».

چوڭقۇر ئىدى①. شىپ جىدۇ مەنسەپ تۇتۇق پىرقىسىدە دىۋان-بېگى بولغان. «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» دىكى «لياۋ سۇلالىسى تارىخىنى يېزىش ھەققىدە خانغا يوللانغان مەكتۇپ» تا «ئىنشا تەھرىرى» دەپ كۆرسىتىلگەن 14 كىشىدىن ئونىنچىسى شىپ جىدۇ ئىدى، ئۇ، ئۇلۇغ ئوتتۇرانچى تۆرە، دىۋان پۈتۈكچىسى، ياندىش سول قول ئامبال بولغان.

سارابان قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەشھۇر ۋەزىرى قارا يىغاچ بۇيرۇقنىڭ ئەۋلادى. ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئارغۇن تېمۇر ئىدى. ئۇلار ئەۋلادىدىن ساراي خىزمىتىدە بولۇپ كەلگەن. ئۇلىمالار مەھكىمىسىدە نۇسرەتلىك بەگ، باش مىرزا، پەرمانبەردار قاتارلىق مەنسەپلەردە بولغان. 1329 - يىلى (تيەنلىنىڭ 2 - يىلى) ئالتۇن جۇلالىق ئىناۋەتلىك تۆرە، سۇرۇنچى بەگلىككە كۆتۈرۈلگەن، يۈەن خۇيزۇڭنىڭ ئۇستازى بولغان. ئۇ جان - دىلى بىلەن دۆلەت مەنپەئىتىنى كۆزلەپ باش مىرزا، دىۋان مۇئەككىلى ، ۋەزىر، پەرمانبەردار مەھكىمىسىنىڭ دىۋانبېگى قاتارلىق خىزمەتلەردە بولغان②. «جىن سۇلالىسى تارىخى» دىكى «جىن سۇلالىسى تارىخىنى يېزىش ھەققىدە خانغا يوللانغان مەكتۇپ» تا كۆرسىتىلگەن 14 «مۇھەررىر» قاتارىدا ئېيتىلغان جياڭشى - خۇدۇڭ ۋىلايىتىنىڭ تەپتىش بېگى سارابان دېگەن كىشى ئاشۇ ئىدى.

① «يۈەن سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى»، 136 - جىلد، «شىپ ۋېنجىنىڭ تەرجىمھالى»، يەنە چېن يۈەننىڭ: «غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ خەنزۇلىشىشى ھەققىدە ئىنىقلىما» دېگەن ئەسىرىنىڭ 2 - جىلدىغا قاراڭ.

② «يۈەن سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى»، 136 - جىلد، «ئارغۇن تېمۇرنىڭ تەرجىمھالى».

يۈجۇ  ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئارقۇن سارى. ئۇ دەستۇرنامە،
تارىخ، ئىلمىي ئىبقىملار، مۇزەككەر - مۇھەنىنەس، كالىندار-
چىلىق، ئىلاھىيەت، تىببىي - دورا، ئۇزۇقلۇق قاتارلىق جەھەت-
لەردىكى بىلىملەرگە كامىل ئىدى. يۈەن شىزۇ ئۇنىڭغا ئوڭ قول
دىۋانبېگى، دىۋان مۇئەككىلى قاتارلىق مەنسەپلەرنى بەرگەن.
يۈجۇ 1320 - يىلى (يەنيۇنىڭ 7 - يىلى) سالنامىچىلىق مەھ-
كىمىسىنىڭ دىۋانبېگى بولغان، 1331 - يىلدىن 1332 - يىلغىچە
(جىشۇنىنىڭ 2 - يىلىدىن 3 - يىلىغىچە) جياڭشى، خېنەن، جياڭبېي
قاتارلىق جايلارغا يۆتكىلىپ، دىۋان مۇئەككىلى بولغان، ئۇ ئادەت-
تىكى ۋاقىتتا دەستۇرنامە، تارىخ كىتابلىرىنى ئوقۇشقا بەك
ھەۋەس قىلاتتى*. يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىجېڭ يىللىرى «سۇڭ
سۇلالىسى تارىخى» نەشر قىلىنغاندا، كىرىش سۆز قىسمىغا
كىرگۈزۈلگەن يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى، دۆلەت تا-
رىخىنى تەھرىرلەشكە نازارەت قىلغان ئارغۇن تېمۇرنىڭ «سۇڭ
سۇلالىسى تارىخىنى يېزىش ھەققىدە خانغا يوللانغان مەكتۇپ»
تا «ئىنشا تەھرىرى» دەپ كۆرسىتىلگەن ئىككى كىشىنىڭ بىرى،
پەزىلەت قۇچقان تۆرە، قارا دىۋان مۇشاۋىرى يۆجۇ؛ يەنە
بىرى چېگدىپ بېگى، قوشۇمچە جازا پىرقىسىنىڭ ياندىش ئام-
بىلى كاپيان سارى ئىدى. بۇ كىشىمۇ ئۇيغۇر ئىدى.
يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردىن خەتتاتلىقتا، رەس-
ساملىقتا ۋە مۇزىكانتلىقتا داڭق چىقارغانلار كۆپ ئىدى. مەس-
لەن: بايان بۇقا تېكىن خەتتاتلىق بىلەن رەسساملىقتا ماھىر

* «يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى»، 130 - جىلد، «يۆجۇنىڭ تەرجىمىھالى».

ئىدى①. بېيەنلۇ گىزىل، قۇشلارنى سىزىشقا ماھىر ئىدى②. دىڭيېفۇ مەنزىرە، ئادەم سىزاتتى③.

راھىب لۇلۇ 12 ئارىلىق غۇڭقا ئۆگەنگەن. بۇنداق غۇڭقىنىڭ ئارىلىرى مىستىن بولغاچقا، باشقا مۇزىكانتلار ئۇنى چالالمايتتى④. تاڭ رېنزۇ كۈي - ئاھاڭدا كامالەتكە يەتكەنىدى⑤.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردىن بىرمۇنچە تەرجىمانلار مەيدانغا كېلىپ، بۇددا نوملىرىنى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، تىبەتچە ۋە موڭغۇلچىغا تەرجىمە قىلغانىدى. بۇلاردىن ئەنسارىنىڭ نەتىجىسى ھەممىدىن زور. ئەنسارى يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ ئۆلىمالار مەھكىمىسىدە يارلىقچى بولۇپ ئىشلىگەن، بۇددا نوملىرىنى ئوقۇغان، قوشۇمچە كۆڭزىچىلىقنى ئۆگەنگەن. «نەسىرنامە. پاراغەتكە بېرىلمەسلىك»، «جېنگۇەن يىللىرىدىكى مۇھىم ھۆججەتلەر»، «ئىبرەتنامە»، يەنە «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» پۈتۈن «نەسىرنامە»، «قىيىن كېسەللىكلەر»، «دورا - گىياھلار» قاتارلىق كىتابلارنى قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇ ئىلىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەت مەدەنىيىتىنى بېيىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا زور تۆھپە قوشقانىدى.

---

①(يۈەن) تاۋزۇڭيى: «خەتتاتلىق تارىخى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان» 7 - جىلد،. «يۈەن سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى»، 11 - جىلد.

② (يۈەن) نىي ۋېنيۈەن: «رەسساملىق توغرىسىدا قىممەتلىك ئۆرنەك» 5 - جىلد

③ يۇقىرىقى كىتابنىڭ شۇ جىلدى.

④ (چىڭ) ۋېي يۈەن: «يېڭى تۈزۈلگەن يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 29 - جىلد.

⑤ «يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى»، 134 - جىلد.

لۇمىگشەن (ئۆمەر تۆۋرۈك) ئاتىسىنىڭ تەخەللۇسى (گارناداس)نى ئۆزىگە فامىلە قىلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر تەرجىمە مۇتەخەسسىسى ئىدى، سانسكرىت، تىبەت، موڭغۇل يېزىقلىرىنى بىلەتتى، بۇددانومنى ئۇيغۇر يېزىقىدا تەرجىمە قىلالايتتى. ئوردىدىكى ئۆلىمالار مەھكىمىسىدە يارلىقچى ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەنىدى*. لۇمىگشەن مەرىپەتلىك ئائىلىدىن كېلىپ چىققان، ئۆزىمۇ يەرلىك ۋە مەركىزىي ھۆكۈمەتلەردە ئەمەلدارلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەنىدى. ئۇ خەنزۇلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ئائىت بىلىملىرىنى چوڭقۇر ئۆگەنگەنىدى، ئۇ ئەنفېڭ رايونىدا (ھازىرقى ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ شۇشيەن ناھىيىسى) ۋەزىپە ئۆتەۋاتقاندا، 1314 - يىلى (يۈەن سۇلالىسى يەنيۇ تۇنجى يىلى) «مەۋسۇم» شەكلىنى قوللىنىپ «ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەك ئاساسى» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىققانىدى. پۈتۈن كىتابنىڭ مەزمۇنى ھاۋا رايى، ئىقلىمغا ماسلىشىش، ئېتىز - ئېرىق، سۇ ئىشلىرى، زىرائەت ئۆستۈرۈش (دانلىق زىرائەت، تۆگۈنچەك يىلتىزلىق زىرائەت، ياغلىق زىرائەت، تالالىق زىرائەت، يېشىل ئوغۇت زىرائەتلىرى، دورا ماتېرىياللىرى، بوياق ماتېرىياللىرى زىرائىتى، پۇراقلىق ماتېرىياللار زىرائىتى، ئىچىملىك ماتېرىياللىرى زىرائىتى قاتارلىقلار)، كۆكتات ئۆستۈرۈش، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋىلىك دەرەخ، بامبۇك، ئۈجمە دەرىخى ئۆستۈرۈش ۋە پىلە بېقىش، ئۆي ھايۋان - قۇشلىرىنى كۆپەيتىش، بېقىش، داۋالاش، ئىشلىتىش،

* «يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى»، 134 - جىلد، «گارناداسنىڭ تەرجىمھالى».

ھەسەل ھەرىسى بېقىپ، ھەسەل ئېلىش، ئاشلىق ۋە ئۇرۇقنى ساقلاش، قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش، كىيىم-كېچەكنى ساقلاش، دىنىي خۇراپاتلىق قاتارلىق 14 تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، بۇنىڭ ھەممىسى 12 ئاي – پەسىل بويىچە ئۆز رېتى بىلەن بېرىلگەنىدى. بۇ كىتاب ھەرقايسى دەۋرلەردىكى دېھقانچىلىق كىتابلىرىدىن ئېلىنغان كۆچۈرمە بولماستىن، بەلكى شۇ زاماندىكى يەرلىك دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا يېزىپ چىقىلغانىدى. شۇڭا، بۇ كىتابتا يېزا ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى، مەسىلەن، دەرەخلەرنىڭ ھارام شاخلىرىنى پۇتاش ئۇسۇلى، ئۈجمە دەرىخى يىلتىزىنى كېسىپ ئوغۇتلاش ئۇسۇلى، قوم، تۇمانىنىڭ بۇغدايغا زىيان يەتكۈزۈشىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۇسۇلى، زىرائەتلەرنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش ئۇسۇلى قاتارلىقلار بايان قىلىنغانىدى، مانا بۇلار باشقا دېھقانچىلىق كىتابلىرىدا ئۇچرىمايدۇ.

«ئوزۇق – تۈلۈك، كىيىم – كېچەك ئاساسى» دېگەن بۇ كىتابتا يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش، تۈجۈپلەپ ئىشلەپ، يەرنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇپ، بىرلىك مەھسۇلاتنى ئۆستۈرۈش، دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىنغان، شۇنىڭدەك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپتىن ئىبارەت كۆپ خىل ئىگىلىكنى يولغا قويۇش تەلەپ قىلىنىپ، ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش تەكىتلەنگەنىدى. يېزا ئىگىلىكى جەھەتتىكى بۇنداق يېڭى ئىدىيە ئىنتايىن قەدىرلىك ئىدى. شۇڭا كېيىنكىلەر يۈەن سۇلالىسى ئوردىسى يېزىپ چىققان «ئوزۇق – تۈلۈك، كىيىم – كېچەك توغرىسىدا مۇھىم توپلام»نى، ۋاڭ جېننىڭ «دېھقانچىلىق دەستۇرى» ۋە لۇمىڭشەننىڭ «ئوزۇق – تۈلۈك، كىيىم – كېچەك ئاساسى» دېگەن كىتابىنى تەڭ قاتاردا قويۇپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۈچ

چوڭ دېھقانچىلىق دەستۇرى دەپ قاراپ كەلگەن. لۇمىڭشەنىنىڭ بۇ دېھقانچىلىق كىتابىنىڭ ئۇيىما مەتبەئە نۇسخىسىنىڭ بېسىلغان قېتىم سانى ئەڭ كۆپ، تارقىلىشى ئەڭ كەڭ بولۇپ، ئۇ جۇڭگو-نىڭ يېزا ئىگىلىك تارىخىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

## قارا قىتان، موڭغۇللار، يۈەن سۇلالىسى مەزگىلى

### قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خاندانلىق نەسەبنامىسى

بىلگە...... ئىسەن تېمۇر ———— بارچۇق ئارت تېكىن
(قارا قىتان خانلىقىنىڭ
دەسلەپكى ۋاقتى)

چۇشمەس
(XII ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىنىڭ ئاخىرى)
سالۇن تېكىن
(1252 - يىلدىن ئىلگىرى تەختتە ئولتۇرغان)
ئۇگرۇنج تېكىن ———— ماموراق تېكىن
(1252 - يىل ئەتراپىدا تەختتە ئولتۇرغان) (1259 - يىللار تەختتە)

قوچقار تېكىن ————
(1266 —— 1277 - يىللىرى تەختتە)

نۇردىن تېكىن (1308 —— 1318 - يىللىرى تەختتە)
تېمۇر بۇقا
(1321 —— 1351 - يىللىرى تەختتە)
سەڭگى
تېۋىنۇر
قىپچاق تېكىن

# ئالتىنچى باب
# چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار

## 1 - بۆلۈم چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

چاغاتاي خانلىقى چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاينىڭ سۇيۇرغاللىقىنى ۋە بۇ سۇيۇرغاللىقتا تىكلەنگەن ھاكىمىيەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خانلىق — موڭغۇللارنىڭ تۆت چوڭ خانلىقىنىڭ بىرى بولۇپ، باشتا بۇخانلىقتا چاغاتاي ئۆزى بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى. لېكىن چاغاتاي چىڭگىزخاننىڭ جاساق قانۇنىغا سادىق بولغانلىقتىن، ئۆزىنىڭ خانلىقىنى موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدىكى چوڭ خانغا قاراشلىق دۆلەت دەپ ئېتىراپ قىلىپ، خانلىق ھاكىمىيىتىنى موڭغۇل خانلىقىنىڭ ھاكىمىيتى ئىلكىدە تۇتۇپ كەلگەنىدى، ئۇنىڭ ۋارىسلىرى چوڭ خان تەرىپىدىن تەيىنلىنەتتى. ئۇنىڭ تەۋەسىدە موڭغۇل قانۇنى يولغا قويۇلغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، چىڭگىزخان ھايات ۋاقتىدا تۆت ئوغلىغا ئىش تەقسىم قىلغاندا، چاغاتايىنى ئىمپېرىيىنىڭ جاساق ۋە قانۇنلىرىغا مۇتەككەل قىلغانىدى. شۇڭا، موڭغۇل قانۇنىنى چاغاتاي ئۆزىنىڭ سۇيۇرغاللىقىدا

تېخىمۇ ئۇزۇل - كېسىل ۋە قاتتىق ئىجرا قىلىنغانىدى. چاغاتاي ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ دەسلەپكى بىرنەچچە ئەۋلاد ۋارىسلىرىمۇ مەركەزدىكى چوڭ خان تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ھەم موڭغۇل مەركىزىي خانلىق ھۆكۈمىتىنىڭ مېتروپولىيە ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغانىدى. كېيىن ئەھۋال ئۆزگىرىپ، چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن بەزىلىرى موڭغۇللارنىڭ مەركىزىي خانى بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇشقا باشلىدى، ئاخىر بېرىپ يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن پۈتۈنلەي قارشىلاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، چاغاتاي خانلىقى موڭغۇل چوڭ خانىنىڭ تىزگىنلىشىگە بوي بەرمەيدىغان خانلىققا ئايلاندى. ئادەتتە دېيىلىپ كېلىۋاتقان چاغاتاي خانلىقى چاغاتاي ھايات ۋاقتىدىكى چوڭ خانىنىڭ ئىلكىدە بولغان ھاكىمىيەتتىن باشقا، موڭغۇل مەركىزىي ھاكىمىيىتىنىڭ ئىلكىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتكەن ھاكىمىيەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. موڭغۇللار قۇرغان يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى يۇقىرىقى باپتا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەنلىكىمىز ئۈچۈن، بۇ باپتا نۇقتىلىق قىلىپ ئاساسلىقى چاغاتاي خانلىقىنىڭ كېيىنكى دەۋردىكى ئەھۋالىنى تونۇشتۇرىمىز. لېكىن كىتابخانلاردا چاغاتاي خانلىقى توغرىسىدا تولۇق ۋە ئېنىق تەسىرات قالدۇرۇش ئۈچۈن، تونۇشتۇرۇشنى يەنىلا چاغاتاي خانلىقىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتىدىن باشلايمىز.

مىلادى 1225 - يىلى (چىڭگىزخاننىڭ 20 - يىلى)، چىڭگىزخان ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدىكى زېمىنلارنى تۆت ئوغلىغا سۇيۇرغال قىلىپ بۆلۈپ بەردى. چاغاتايغا «قاراقىتانلارنىڭ قەدىمكى جايى» تەگدى. بۇ دائىرە ئەمەلىيەتتە بۈگۈنكى سىر دەرياسى بىلەن ئامۇ دەرياسىنىڭ ئارىلىقى (ماۋرائۇننەھر)، سىر دەرياسىنىڭ ئوڭ قېتى، ئىسسىق كۆل ئەتراپى ۋە چۇ دەرياسى ۋادىسى، ئىلى ۋادىسى، فەرغانە، بەدەخشان

يايلىقى قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. خانلىقنىڭ
جەنۇبىي قىسمى يەنە قۇندۇز بىلەن بەلخىنىمۇ ئۆز ئىچىگە
ئالاتتى. چاغاتاي سۇيۇرغاللىقى چىڭگىزخان بۆلۈپ بەرگەن
سۇيۇرغاللىقلار ئىچىدە ئەڭ چوڭ سۇيۇرغاللىق بولۇپ، بۇ سۇ-
يۇرغاللىق تەۋەسىدە ئىرق ۋە قەبىلە ئەڭ كۆپ ئىدى، ئۇلار-
نىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىمۇ بىر-بىرىدىن بەك پەرقلىنەتتى.
ئۇنىڭ پايتەختى باشتا ئالمالىق يېنىدىكى قۇياس دېگەن
يەردە، يەنى ئىلى دەرياسى بويىدىكى غۇلجىدا ئىدى، كېيىن
ئالمالىققا كۆچۈرۈلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تىيانشاننىڭ
جەنۇبىدىكى قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ بوستانلىقلىرىنى
چاغاتاي ۋاپات بولۇش ئالدىدا دوغلات جەمەتىگە ئىنئام قىل-
غانىكەن. شۇڭا، دوغلات جەمەتى تىيانشاننىڭ جەنۇبىنىڭ ئاتا
مىراس ھۆكۈمرانى بولۇپ قالغان. بۇ جايلارنىمۇ چاغاتاينىڭ
تەۋەلىكى دەپ قاراشقا بولىدۇ. لېكىن شۇنىمۇ كۆرسىتىپ
ئۆتۈش كېرەككى، موڭغۇللارنىڭ دۆلەت تۈزۈمى بويىچە، خان-
لارنىڭ سۇيۇرغاللىقى يايلاق بىلەنلا چەكلىنەتتى، ئېكىنزارلىق-
لار بىلەن شەھەرلەرنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى يەنىلا مەركەز-
دىكى چوڭ خاننىڭ ئىلكىدە بولاتتى. چوڭ خان شەھەر ئاھا-
لىسىنىڭ بىر قىسمىنى بايلىق مەنبەسى سۈپىتىدە خانلارغا
بۆلۈپ بېرىشىمۇ مۇمكىن ئىدى، لېكىن ئومۇمەن قىلىپ ئېيت-
قاندا، شەھەرلەر بىلەن دېھقانچىلىق رايونلىرى چوڭ خاننىڭ
قولىدا بولاتتى، بۇ يەرلەرنى باشقۇرۇشقا باشقىدىن ئەمەلدار
قوياتتى. شۇڭا، ئېيتىمىزكى، چاغاتاي خانلىقىنىڭ سۇيۇرغال-
لىق يېرى يۇقىرىقى دائىرىدە بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ جايلار-
دىكى دېھقانچىلىق رايونلىرى بىلەن شەھەرلەرنى (مەسىلەن،
ماۋرائۇننەھر، تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى بېشبالىق رايونى،
ئۇيغۇرلار رايونى، ئۇدۇن رايونى، قەشقەر ئەتراپى قاتارلىق

جايلارنى) يەنىلا موڭغۇل مەركىزىي خانى بەلگىلىگەن ئەمەل-
دارلار باشقۇراتتى. چاغاتاينىڭ تەسەررۇپىغا چىڭگىزخان بىر
قىسىم شەھەر ئاھالىسىنىمۇ ئىنئام قىلىپ بەرگەن، بىراق، سانى
ناھايىتى ئاز ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ
بۇنداق سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنى بۇزۇپ، چوڭ خانغا تەۋە يەر-
لەرنى ئىگىلىۋالغانلىقىغا كەلسەك، ئۇ باشقا گەپ، ئۇ چوڭ
خان سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن يايلاقتىن پەرقلىنىدۇ.

چاغاتاي 14 يىل تەختتە ئولتۇرۇپ، 1241 - يىلى ئۆل-
دى. چاغاتاي ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا نەۋرىسى
قاراھىلاكۇ (چوڭ ئوغلى مۇئاتىيكىننىڭ بالىسى) ۋارىسلىق
قىلدى. بۇ ئىش چىڭگىزخاننىڭ ھايات ۋاقتىدىكى قارارى،
موڭغۇللارنىڭ چوڭ خانى ئوگدايىنىڭ قايتا تەكىتلىشى بىلەن
بولغانىدى. بۇ قارارنى چاغاتاينىڭ خانىشى ۋە نۇرغۇن ۋە-
زىرلىرى قىزغىن قوللىدى.

1246 - يىلى، كۆيۈك موڭغۇللارنىڭ چوڭ خانلىقىغا
سايلاندى. كۆيۈك تەختكە چىقىپلا، چاغاتاي خانلىقىنىڭ
خانلىق تەختىگە چاغاتاينىڭ ئوغۇللىرى ۋارىسلىق قىلماي،
نەۋرىلىرىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىنى قانۇنغا سىغمايدۇ دەپ
قاراپ، قاراھىلاكۇنى تەختتىن چۈشۈرۈپ، چاغاتاينىڭ 5 -
ئوغلى يېسۇمۆڭكۈنى خان قىلىپ تىكلىدى. يېسۇمۆڭكۈ ھاراق -
شارابقا بېرىلىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرى بىلەن كارى بولمىغان-
لىقتىن، دۆلەت ئىشلىرىنى خانىش باشقۇرۇپ تۇرغانىدى.
1248 - يىلى، موڭغۇللارنىڭ چوڭ خانى كۆيۈكخان ئۆلۈپ، خانىش
نايىپ خان بولدى. 1252 - يىلى، خانلىق سايلىمىدا، تولىنىڭ
ئوغلى مۆڭكۈ خاقانلىققا سايلاندى. مۆڭكۈ تەختكە چىققان-
دىن كېيىن، ئەتراپىغا سىياسىي كۈچ توپلاپ، كۆيۈك تەرىپى-
دىن ئېلىپ تاشلانغان قاراھىلاكۇنى قايتىدىن تەختكە چىقار-

دى ۋە يىسۇمۆڭكۈنى ئېلىپ تاشلىدى. يىسۇمۆڭكۈ مۆڭكۈ خاننىڭ بۇ ئىشىغا تەن بەرمەي، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنىڭغا قارشى ھەرىكەت قوزغىدى، ھەتتا خانلىق تەختىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ھەربىي ھۇجۇم قوزغىدى. شۇڭا، مۆڭكۈ خان يىسۇ-مۆڭكۈنى باستۇردى، قوزغىلاڭغا قاتناشقان خانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. قاراھۇلاكۇنىڭ ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ، قايتىدىن تەختتە ئولتۇرۇشى توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. قارا ھىلاكۇ قايتا تەختكە ئولتۇرۇپ بىرنەچچە ئايدىن كېيىن ئۆلدى*، ئۇنىڭ تەختىگە تۇل قالغان خوتۇنى ئورقىنا خاتۇن ۋارىسلىق قىلدى.

1259 - يىلى، مۆڭكۈ خان سىچۇەندىكى بىر جەڭدە ئۆلدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئارىغ بۆكە بىلەن قۇبىلاي تەخت تالىشىپ ئۇرۇشتى. بۇ كۈرەشتە ئارىغ بۆكە بىلەن قۇب-لاي چاغاتاي ئۇلۇسىنى سەل چاغلاشقا بولمايدىغان كۈچ دەپ قاراپ، ئۇنى ھەدەپ ئۆزىگە تارتتى. ئۇ چاغدا ئورقىنانىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى ۋەكالىتەن باشقۇرۇپ تۇرۇۋاتقىنىغا توققۇز يىل بولغانىدى. قۇبىلاي ئورقىنا خوتۇن كىشى بولغاچقا، ئارىغ بۆكە ئۇنى ئالداپ ياكى قورقىتىپ ئۆزىگە رام قىلىپ كېتىشى مۇمكىن دەپ ئەنسىرەپ، چاغاتاينىڭ نەۋرىسى ئابىشقا بىلەن خاسارنى قايتۇرۇپ كېلىپ تەختكە ئولتۇرغۇزماقچى بول-غانىدى، بىراق، ئارىغ بۆكە ئۇلارنى يولدا توسۇپ تۇتۇۋالدى. چاغاتاينىڭ يەنە بىر نەۋرىسى ئارغۇ ئارىغ بۆكەنىڭ يېقىنى بولۇپ، ئۇ چاغدا كۆكتارتىنىڭ شىمالىدا ئىدى. ئارىغ بۆكە ئارغۇنى ئورقىنانىڭ ئورنىغا ھۆكۈمران قىلىپ تەيىنلىدى. ئارغۇ

* «موڭغۇل تارىخىدىن خاتىرە»، 33 - جىلددا يەنى «چاغاتاي شاھزا-دىلىرىنىڭ تەرجىمىھالى» دا: ھىلاكۇ دۆلىتىگە قايتىپ كېتىۋېتىپ ئۆلگەن، تەختتە قايتا ئولتۇرالمىغان، دېيىلگەن.

پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، چاغاتاي ئۇلۇسىغا تەۋە يەرلەرنى پۈتۈنلەي ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىۋالدى ھەم ماۋرائۇننەھرگە كۆپلەپ ئەسكەر يۆتكىدى. 1260 - يىلى، ئارغۇ ئورقىنانى ئالمالىقتىن قوغلاپ چىقىرىپ، خانلىق تەختىگە ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئەمرى سەمەرقەند، بۇخارا، كەشمىرلەرگىچە يېتىپ باردى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئارغۇ ئارىغ بۆكىدىن يۈز ئۆرۈپ قۇبلاي تەرەپكە ئۆتتى. قۇبلاي ئارغۇنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى سەلتەنىتىنى ئېتىراپ قىلدى ھەم ئۇنى ئالتاي تاغلىرىدىن ئامۇ دەرياسىغىچە بولغان كەڭ زېمىننى ساقلاشقا مۇئەككەل قىلدى. ئارىغ بۆكە قۇبلاي بىلەن ئارغۇنىڭ بىرلەشكەنلىكىدىن ئەنسىرەپ، ئارغۇ بىلەن ئۇرۇش قىلىش قارارىغا كەلدى ۋە ئەسكەر ئەۋەتىپ ئالمالىقنى تارتىۋالدى. ئارغۇ مەغلۇپ بولۇپ، ئاۋۋال ئىسسىق كۆلگە، ئۇ يەردىن قەشقەرگە، ئۇ يەردىن ئۇدۇنغا، ئاخىرىدا يەنە سەمەرقەندكە قاچتى. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئارىغ بۆكە تەخت تالىشىشتا مەغلۇپ بولدى ۋە قۇبلايغا تەسلىم بولدى. ئارىغ بۆكە تەسلىم بولغاندىن كېيىن يۈەن سۇلالىسىنىڭ خانى قۇبلاي غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇش ئۈچۈن تىرىشتى، ئارغۇمۇ ئۆز ئىلكىدىكى زېمىنغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتتى. ئارغۇ 1266/5 - يىلى ئۆلدى ۋە ئالمالىققا قويۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇبارەكشاھ تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. بۇ چاغدا، ئارىغ بۆكىنى قوللاپ كەلگەن ئوگداي ئۇلۇسىدىكى قايدۇ قۇبلايغا بويسۇنمىدى. چاغاتاي خانلىقىنىڭ تەختىگە كىمگە سادىق خانزادىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشى بەك مۇھىم ئىدى. مۇبارەكشاھ قۇبلاينىڭ رۇخسىتىسىز ئۆز ئالدىغا تەخت تىكلىدى. قۇبلاي بۇنى ئاسىيلىقنىڭ بىر خىل ئالامىتى دەپ بىلىپ، چاغاتاينىڭ يەنە بىر نەۋرىسى بۇراقنى ھوقۇق تارتىۋېلىشقا ئەۋەتتى. بۇراق بىر

قۇر ھەپىلىشىپ، مۇبارەكشاھنى تەختتىن قوغلاپ چۈشۈردى ۋە
ئارقىدىنلا قايدۇ بىلەن ئېلىشتى. 1269 - يىلى، بۇراق قۇبـ
لايدىن يۈز ئۆرۈپ، قايدۇ بىلەن ياراشتى ۋە ئېلىخان خانـ
دانلىقىغا بېسىپ كىردى. 1270 — 1271 - يىللىرى قايدۇ
بۇراقنى زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرۈپ، چاغاتاي خانلىقىنى كونترول
قىلىۋالدى. چاغاتاي نەسەبىدىكى كۆپلىگەن خانزادىلەر قايدۇغا
قارشى كۈرەش باشلىدى. قۇبلايمۇ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە
شىمالىدا ھەربىي كۈچىنى ئاشۇردى (ئالدىنقى باپقا قاراڭ).
قايدۇ بۇراقنىڭ ئوغلى دۇۋانى ئۆزىگە رام قىلىپ، ئۇنىڭ
بىلەن بىللە قۇبلايدىن غەربىي يۇرتنى تالاشتى.

1301 - يىلى (يۈەن چېڭزۇڭنىڭ دادې 5 - يىلى)، يۈەن
سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئالتاي تېغىنىڭ يېنىدا قايدۇ، دۇۋالار بىلەن
قاتتىق جەڭ قىلىپ، غەلىبە قازاندى. ئۇزۇن ئۆتمەي، قايدۇ ئۆلدى،
ئوگداي خانلىقىدا داۋالغۇش باشلاندى، دۇۋا مەركىزى خانـ
لىق بىلەن ياراشتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، يۈەن سۇلالىسى
بىلەن غەربىي شىمالدىكى خانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن مۇددەتـ
لىك ئۇرۇش بىر مەھەل تىنجىپ قالدى. يۈەن چېڭزۇڭ شۇ
ھامان چاغاتاي خانلىقىنى قوللاپ، ئوگداي خانلىقىغا زەربە
بېرىش فاڭجېنىنى تۈزۈپ چىقتى. قايدۇ ئۆلۈپ بىر يىلغا
قالماي، دۇۋا بىلەن قايدۇنىڭ ئوغلى چەبە ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش
باشلاندى. يۈەن سۇلالىسى كۆپلەپ ئەسكەر چىقىرىپ، ئىككى
تەرەپتىن يول ئېلىپ، ئىلى ۋادىسىدا چاغاتاي خانلىقىنىڭ
ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئوگداي تەرەپتىكى چەبەنى
ئارىغا ئېلىپ زەربە بەردى. چەبە مەغلۇپ بولۇپ، دۇۋاغا تەسـ
لىم بولدى.

1307 - يىلى (يۈەن سۇلالىسىنىڭ دادې 11 - يىلى)
كۈزدە دۇۋا ئۆلدى. ئۇنىڭ تەختىگە ئوغلى غۇنچۇك ۋارىسلىق

قىلدى، ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇ تالقۇغا ئورۇن بوشىتىپ بەردى. تالقۇ قول ئاستىدىكىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا خانزادە ـ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قوللىشى بىلەن دۇۋانىڭ يەنە بىر ئوغلى كەبەك تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. كەبەك تەختكە ئولتۇرۇپ بىر يىل ئۆتمەيلا، قۇرۇلتاي چاقىرىپ، غەزنە (ھازىرقى ئافغانىستان تەۋەسىدە) دە تۇرۇشلۇق ئاكىسى ئىسەن بۇقىنى قويۇپ يايلىقىغا چىللاپ كېلىپ، تەختكە ئولتۇرغۇزۇشنى قارار قىلدى. 1310 - يىلى، ئوگداي خانلىقى مۇنقەرز بولدى، ئۇنىڭ زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمىنى چاغاتاي خانلىقى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. بۇ سۇيۇرغاللىقتىكى قەبىلىلەرنىڭ بىر قىسمى چاغاتاي خانلىقىنىڭ پۇقراسىغا ئايلاندى. لېكىن، ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىدىكى جايلار بىلەن يۈەن سۇلالىسىنىڭ كۆكئارتنىڭ شىمالىدىكى زېمىنىغا چېگرىداش جايلارنىڭ تەقدىرى بۇنىڭلىق بىلەن ھەل بولمىدى، چاغاتاي خانلىقى بىلەن يۈەن سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى جىددىيلىك تۈگىمىدى. 1313 - يىلى (يۈەن سۇلالىسىنىڭ خۇاڭچىڭ 2 - يىلى)، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئېلىخان خانلىقىغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى چاغاتاي خانلىقىنىڭ تەۋەسىدىن ئۆتكەندە، ئىسەن بۇقا تەرىپىدىن تۇتۇپ قېلىندى*. بۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا قايتا ئۇرۇش باشلاندى. 1314 - يىلى (يۈەن سۇلالىسى يەنيۇ 1 - يىلى)، رەسمىي ئۇرۇش پارتلىدى. ئىسەن بۇقا ئاۋۋال يۈەن سۇلالىسىگە قاراشلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلدى، يۈەن سۇلالىسىنىڭ 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ ئاتلىنىپ، قوبۇقتا ھۇجۇم قوزغاپ، ئىسەن بۇقىنىڭ ئىسسىق كۆلدىكى قىشلىق بارگاھى بىلەن تالاستىكى يازلىق بارگاھىنى تارتىۋالدى. ئىسەن بۇقا قەشقەردىن، كەبەك ئالمالىقتىن ئاتلىنىپ،

* «ئولجايتۇ تارىخى»، 210 -، 211 - بەتلەر.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ كونا قارام جايى قارا قوچوغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، ھەر ئىككىسى شەرققە قاراپ يۈرۈش قىلدى. يۈەن سۇلالىسى نۇردىن تېكىننى گەنسۇنىڭ يۇڭچاڭباۋ دېگەن يېرىدىن قارا قوچوغا قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئىدىقۇتلۇق مەنسىپىنى بېرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كونا قوۋمىنى ئىدارە قىلىشقا قويدى. يۈەن رېنزۇڭ 1316 - يىلى (يۈەن سۇلالىسى يەنيۇ 3 - يىلى) نۇردىن تېكىننى قوچوغا خان قىلىپ تىكلىدى. 1316 - يىلى، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چاغاتاي خانلىقىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، يۈەنشىزۇ خاندىن يۈەن سۇلالىسىنىڭ تۇنجى يىلىغىچە (مىلادى 1271 - يىلدىن 1294 - يىلغىچە) بولغان ئارىلىقتا قويۇلغان ئۇيغۇرلار رايونىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى باشقۇرىدىغان تۇتۇقلارنى رەسمىي 3 - دەرىجىدىن رەسمىي 2 - دەرىجىگە كۆتۈردى.

1320 - يىلى (يۈەن رېنزۇڭنىڭ يەنيۇ 7 - يىلى)، ئىسەن بۇقا ئۆلدى*. ئۇ ئۆلۈشتىن ئىلگىرى، 1318 - يىلى ئۆپچۆرسىدە كەبەك قايتىدىن تەختكە چىقىۋالدى. چاغاتاي خانلىقى بىلەن يۈەن سۇلالىسى ئىككى يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، قايتىدىن تىنچلىق ئورناتتى. ئۇرۇشتىن كېيىن، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئەسكەرلىرى قومۇلغا قايتىپ كەلدى. كەبەك قايتىدىن تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، پايتەختنى ئالمالىقتىن سەمەرقەندكە يۆتكەپ، شەرقتىكى يەتتىسۇ، ئىلى ۋادىسىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قارشىلىقىنى قوزغاپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن چاغاتاي خانلىقى شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى: شەرقىي قىسىم ئالمالىقنى مەركەز قىلدى، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى قەشقەر، تۇرپان تەرەپلەرنى

* بىر رىۋايەتتە، ئىسەن بۇقا 1318 - يىلى ئۆلگەن، يەنە بىر رىۋايەتتە 1330 - يىلى ئۆلگەن دېيىلىدۇ.

ئۆز ئىچىگە ئالاتتى؛ غەربىي قىسىم سەمەرقەندنى مەركەز قىلدى، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى ماۋرائۇننەھر رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

## 2 - بۆلۈم شەرقىي چاغاتاي خانلىقى

1321 - يىلى كەبەك ئۆلدى. تەختكە ئۇنىڭ ئىنىلىرى ئېلجىغىتاي بىلەن دۆلەت تېمۇر بىر - بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ۋارىسلىق قىلدى. 1331 - يىلى (يۈەن جىشۈن خانىنىڭ 2 - يىلى) دۆلەت تېمۇر ئۆلۈپ، ئورنىغا دارمەسىرىن ۋارىسلىق قىلدى. دارمەسىرىن ئۇزۇن ۋاقىت غەربىي چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ خوراسان چېگرىسىدا تۇردى ھەم بۇددا دىنىنى تاشلاپ، ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. 1334 - يىلى دۆلەت تېمۇرنىڭ ئوغلى بۇزان ئاقسۆڭەكلەرگە باشچىلىق قىلىپ تاغىسى دارمەسىرىننى جاساق (قانۇن) قا خىلاپلىق قىلدى دەپ ئەيىبلەپ، لەشكەر تارتىپ بېرىپ ئۇنى ئۆلتۈردى. شۇنىڭدىن باشلاپ، چاغاتاي خانلىقىدا خانلارنىڭ ئورنى ئىسمىي كەتتى، يەرلىك بەگ - ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۈچى باش كۆتۈردى. XIV ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىنىڭ بېشىدا، غەربتىكى ماۋرائۇننەھر رايونىدا قاززان تەختكە چىقتى. قاززان چىڭگىزخان نەسەبىدىن بولمىغان تۈت بەگنىڭ كۈچىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئۇلغىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى قاتتىق باشقۇردى، نەتىجىدە، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قارشىلىقىنى قوزغاپ قويدى. يەرلىك بارلاس قەبىلىسىدىكى ئاقسۆڭەكلەردىن قازارخان لەشكەر تارتىپ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ قازراننى ئۆلتۈردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، چا-

غاتاي خانلىقىنىڭ كۆچىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولدى: خاننىڭ نوپۇزى قالمىدى، خانلىقىنىڭ چوڭ ھوقۇقى ھوقۇقدار ۋەزىرلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى؛ جايلاردىكى ئاقسۆڭەكلەرمۇ ئۇلارنى دوراپ يەر ئىگىلەپ ئۆز ئالدىغا بولۇۋالدى ۋە ئۆز ئالدىغا خان تىكلىۋالدى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، كىشىلەر چاغاتاي خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىنى «موغۇلىستان» دەپ ئاتايدىغان بولدى. XIV ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، چاغاتاي خانلىقىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلىرىغا ئاقسۇ رايونىدا تۇرۇشلۇق دوغلات قەبىلىسىدىن بولغان ئاقسۆڭەكلەر ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. بۇ جەمەت ئەسلىدە چاغاتاي ئۇلۇسىدىكى نام - شۆھرىتى ئانچە يوق كىچىك قەبىلە ئىدى. XIV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، بۇ قەبىلىنىڭ نوپۇسى كۆپەيدى، قەبىلە باشلىقى ئەمىر بۇلاجىنىڭ ھوقۇقى بارا - بارا زورايدى. ئۇلار، چىڭگىزخان زامانىدىلا بىزنىڭ باشلىقىمىز ئۆرتۆپىگە چىڭگىزخان يەتتە تۈرلۈك ئىمتىياز ئىنئام قىلغان، دەپ دەۋا قىلىپ چىقىشتى. 1348 - يىلى بۇلاجى تۇغلۇق تېمۇر دېگەن بىر ياش ئاقسۆڭەكنى تېپىپ، ئۇنى ئېسەن بۇقا (1309 — 1320 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) نىڭ ئوغلى دەپ جاكارلىدى ۋە ئۇنى ئاقسۇدا چاغاتاي خانلىقىغا خان قىلىپ تىكلىدى. دوغلات قەبىلىسىنىڭ تۇغلۇق تېمۇرنى خان قىلىپ تىكلەشتىن مەقسىتى ئالتاينىڭ غەربىدىكى موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىغا: بىز چاغاتاينىڭ بىۋاستە ئەۋلادى، بىز قانۇنلۇق ۋارىس، چاغاتاينىڭ نامىدا ئوتتۇرىغا چىققان باشقا جايدىكى ھۆكۈمرانلار ھەممىسى قانۇنسىز، دېگەننى بىلدۈرۈش ئىدى. بۇلاجىنىڭ ھەرىكىتى دوغلات قەبىلىسىنىڭ سىياسىي ئورنىنى كۈچەيتتى. تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى ھەممىدىن ئاۋۋال باش ئېگىپ،

تۇغلۇق تېمۇرنى قانۇنلۇق ۋارىس دەپ ئېتىراپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن، دوغلات قەبىلىسى غەربىي قىسمىدىكى قازارخان جەمەتى بىلەن ئۈزەڭگە سوقۇشتۇرغۇدەك بولدى - دە، شەرق بىلەن غەرب تىركىشىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. تۇغلۇق تېمۇرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان رايونلار تارىختا شەرقىي چاغاتاي خانلىقى دەپ ئاتالدى.

شەرقىي چاغاتاي خانلىقى تۇغلۇق تۆمۈر تەختكە ئولتۇرغاندىن باشلاپ، 1513 - يىلى (مىڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭدې 8 - يىلى) سۇلتان سەئىدخاننىڭ يەكەننى پايتەخت قىلىپ بېكىتىشىنىڭ ئالدىنقى يىلىغىچە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 166 يىل ھۆكۈم سۈردى. بۇ دەۋر ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا ئەڭ مۇھىم دەۋرلەردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋردە، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدا تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى موڭغۇللارنىڭ كۆپ قىسمى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىن تەدرىجىي يوسۇندا ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا كۆچتى ۋە ئىسلاملىشىشقا باشلاپ، ئاخىر ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتتى. تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى بىر قىسىم موڭغۇللارمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدىيۇ، لېكىن موڭغۇللارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئۆرپ - ئادىتىنىمۇ تاشلىمىدى. تۇغلۇق تېمۇر شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى خان جەمەتى ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان كىشى. ئۇنى ئۆز ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە دالالەت قىلغان كىشى — كۇچالىق مەۋلانە ئەرشىدىدىن ئىدى. تۇغلۇق تېمۇر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئىسلام دىنىنى تىيانشاننىڭ شىمالىدا مەجبۇرىي يولغا قويدى، شۇ چاغدا 160 مىڭدىن ئارتۇق موڭغۇل ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، دېگەن گەپ بار. مۇشۇ تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىدا، ئۇيغۇرلاردىمۇ ئىككى مىللىي مەدەنىيەت رايونى، يەنى قەشقەرنى

مەركەز قىلغان ئىسلام مەدەنىيىتى رايونى بىلەن تۇرپاننى مەركەز قىلغان بۇددا مەدەنىيىتى رايونى شەكىللەندى.

تۇغلۇق تېمۇر ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى خانلىقنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرمەكچى بولۇپ، ماۋرائۇننەھرگە بىرنەچچە قېتىم لەشكەر تارتىپ باردى، لېكىن ھەممىسىدە مەغلۇپ بولۇپ قايتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ زېمىنى شەرقىي قىسىمدىن ھالقىپ كېتەلمىدى. كۆكئارتىنىڭ غەربىدىكى كەڭ رايونلارنى بولسا بارلاس قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى (سانغۇنى) تېمۇر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى سوردى. بۇ، ئادەتتە «ئەمىر تېمۇر خاندانلىقى» ياكى «تېمۇر ئىمپېرىيىسى» دەپ ئاتىلىپ كەلدى.

تۇغلۇق تېمۇرخان ھىجرىيىنىڭ 764 - يىلى (مىلادى 1363/2 - يىللىرى) ئۆلدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدا توپىلاڭ قوزغىلىپ، دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى جامالىددىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى. جامالىددىن ئۆز ۋاقتىدا تۇغلۇق تۆمۈرنى تەختكە يۆلەپ چىقارغان بۇلاجىنىڭ ئىنىسى ئىدى. ئۇ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، تۇغلۇق تېمۇرنىڭ بالا - چاقىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن 18 كىشىنى ئۆلتۈردى، پەقەت كىچىك بالىسى خىزىر خوجىنى دوغلات قەبىلىسىدىكىلەر تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا يوشۇرۇپ قويۇشى بىلەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى. جامالىددىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، غەربىي قىسىمدىكى تېمۇر خاندانلىقىمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەسكەر چىقىرىپ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا نۇرغۇن قېتىم ھۇجۇم قىلدى، ھەتتا تۇرپانغا يېقىنلاپ باردى. ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا، تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى شەھەرلەر پۈتۈنلەي دېگۈدەك خاراب بولدى، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى شەھەرلەرمۇ ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى.

جاھالىيدىن شۇ قېتىمقى زېمىن تالىشىپ قوزغىغان ئۇرۇشتا ئۆلدى. 1389 - يىلى دوغلات قەبىلىسىدىن بولاجىنىڭ ئوغلى ئەمىر خۇدايدات تۇغلۇق تېمۇرنىڭ كىچىك ئوغلى خىزىر خوجىنىڭ تەختكە ئولتۇرۇشىنى قوللىدى. بۇنىڭ بىلەن چاغاتاي جەمەتىنىڭ خانلىق سەلتەنىتى قايتا تىكلەندى، خىزىر خوجا بېشبالىقنى پايتەخت قىلدى، شۇڭا «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دا چاغاتاي خانلىقى «بېشبالىق دۆلىتى» دەپ ئاتالدى.

قىزىر خوجا تەختكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، مىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتتى، 1391 - يىلى ئەلچىلەر نەنجىڭگە باردى، مىڭ تەيزۇ ئۇلارنى ئەتىۋارلاپ كۈتۈۋالدى ۋە ئۇلارغا ئىنئام بەردى. مىڭ تەيزۇمۇ جاۋابەن ئەلچى ئەۋەتىپ زىيارەت قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شەرقىي چاغاتاي خانلىقى بىلەن مىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا ئەلچىلەر ئۈزۈلمەي بېرىپ كېلىپ تۇردى، بۇ ئارىلىقتا مۇناسىۋەت يېقىن بولدى، قىزىر خوجىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئىخلاسمەن مۇرىتى ئىدى، ئۇ ھىجرىيىنىڭ 795 - يىلى (مىلادى 1393/2 - يىللىرى) قۇچۇ ۋە تۇرپاننى قورال كۈچى بىلەن تەسەررۇپ قىلىۋالدى، ھىجرىيىنىڭ 799 - يىلى (مىلادى 1397/6 - يىللىرى) قۇمۇل رايونىغا ھۇجۇم قىلدى، قۇمۇلنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۇ يەرلەردە ئىسلام دىنىنى يولغا قويۇپ، بۇددا دىنىغا ئەجەللىك زەربە بەردى.

قىزىر خوجا دەۋرىدە، چاغاتاي خانلىقىنىڭ زېمىنى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنەتتى: (1) موغۇلىستان. بۇ رايوننىڭ شەرق تەرىپى ئالتاي تېغىدىن باشلىنىپ، غەرب تەرىپى تالاس دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى قۇملۇقىچە باراتتى؛ شىمال تەرىپى تارباغاتاي تاغلىرى ۋە بالقاش كۆلى لىنىيىسى بىلەن چېگرىلىناتتى؛ جەنۇب تەرىپى تىيانشان تاغلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ يەرلەردە كەڭ كەتكەن ئوتلاقلارمۇ، ئېگىز تاغ ۋە

جىلغا، يايلاقلارمۇ بار بولغاچقا، ئوت - سۈيى مول، مال بېقىشقا مۇۋاپىق ئىدى. (2) ماڭلاي سۈيەر رايونى. بۇ رايون كۆك-ئارتنىڭ شەرقىدىكى قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان قاتارلىق ئالتە شەھەرنى ۋە كۆكئارتنىڭ غەربىدىكى فەر-غانە رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، بەزىدە تاشكەنت رايونىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. بۇ رايونلارنىڭ ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇر بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن دېھقانچىلىق بىلەن ۋە يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. (3) ئۇيغۇرلار رايونى. بۇ يەر ئاساسەن بۇرۇنقى قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتىنىڭ يۇرتى بولۇپ، تۇرپان رايونى بىلەن قارا شەھەر رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ رايونلاردا دېھقانچىلىقمۇ، چارۋىچىلىقمۇ بار ئىدى.

مىلادى 1405- يىلى، خىزىر خوجا ئۆلدى①، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى شەمئى جاھان تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. «تارىخى رەشىدى» دە ئۇنىڭغا دائىر خاتىرە يوق. خەنزۇچە مەنبەلەردە ئۇنىڭ مىڭ سۇلالىسىگە كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ رەڭلىك قاش تېشى، ئېسىل ئاتلارنى سوۋغا قىلغانلىقى، مىڭ سۇلالىسىنىڭمۇ كۆپ قېتىم ئەلچى ئارقىلىق يارلىق ۋە تىللا ئەۋەتىپ ھال سورىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان②.

شەمئى جاھان 1407 - يىلى ئۆلدى، ئۇنىڭ تەختىگە ئىنىسى مۇھەممەت ۋارىسلىق قىلدى. مۇھەممەت ئەسەبىي ئىسلام ئېتىقادچىسى ئىدى. ئۇ بۇ خانلىقتىكى موڭغۇللار ئارىسىدا ئىسلام دىنىنى قاتتىق قوللۇق بىلەن مەجبۇرىي يولغا قويدى. سەللە يۆگىمىگەن موڭغۇللارنىڭ بېشىغا تاقا مىخنى

① «تارىخى رەشىدى» دە خاتىرىلىنىشىچە، ئۇ غەربىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى تېمۇر ئۆلۈپ (1404 - يىلى) ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلگەن.

② «مىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخى»، 332 - جىلد، «بېشبالىق تەزكىرىسى».

قاقتى*. ئۇ مىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى بىلەن ئۆزئارا سوۋغا ئەۋەتىپ تۇرۇشتى. ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئەلچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرىدىن چېن چېڭ، لى شيەنلەر شۇ چاغدا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدا ئاڭلىغان - كۆرگەنلىرىنى مۇنداق دەپ خاتىرىلىگەنىدى: «موغۇلىستان ئاھالىسى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرىدىكەن. شەھەر ئوردا - ھەرەم ياسىمايدىكەن، تۇراقلىق مەھەللىسى يوق ئىكەن، ئىقلىمغا بېقىپ كۈن كەچۈرىدىكەن. بارغان يېرىگە چېدىر تىكىپ، ئىچىگە كىگىز - گىلەم سېلىپ، شۇنىڭ ئۈستىدە يېتىپ - قوپىدىكەن. خانى مۇسۇلمان فورمىسى بويىچە بېشىغا چېكەن دوپپا كىيىدىكەن، قۇشنىڭ پېيىنى قادايدىكەن، كۆڭلىكىنىڭ يېڭى قولىدىن ئاشمايدىكەن، چېچىنى چۈشۈرىدىكەن، قۇلىقىغا زىرە سالىدىكەن. ئاياللىرى داكا رومال ئارتىدىكەن، تار يەڭلىك كۆڭلەك كىيىدىكەن. يەيدىغىنى گۆش، ئىچىدىغىنى سۈت ئىكەن. ئاندا - ساندا ئۇن، گۈرۈچ غىزاسىمۇ يەيدىكەن، كۆكتاتنى بەك ئاز يەيدىكەن، ھاراق چىقىرىدىغان، ھاراق ئىچىدىغانلار كەمدىن - كەم ئۇچرايدىكەن. ئۈجمە، كەندىر تېرىمايدىكەن، تېرىقچىلىق، توقۇمىچىلىق قىلمايدىكەن. ئاندا - ساندا سۆك، بۇغدايمۇ تېرىيدىكەن، ئاز - تولا يۇڭ رەخت توقۇيدىكەن. ئۇ يەردە قارىغاي، قارا ئارچا، سېدە، سۆگەت ۋە ئىنچىكە يوپۇرماقلىق توغراق بار ئىكەن، قوي، ئات كۆپ ئىكەن». چېن چېڭ، لى شيەنلەر لۈكچۈندە پۈتۈنلەي باشقا بىر خىل مەنزىرىنى كۆرگەنلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دېگەنىدى: شەھەرلىرىنىڭ ئايلانمىسى ئۈچ - تۆت يول كېلىدىكەن، شەھەرنىڭ تۆت ئەتراپى ئېكىنزارلىق بولۇپ، سۇ

* مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمىسى، 1 - قىسىم، 233 - بەت.

شەھەرنى ئايلىنىپ ئاقىدىكەن، دەل - دەرەخلەر يېشىل - باراقسان بولۇپ، يەرلىرى سۈك، بۇغداي، كەندىر، پۇرچاق تېرىشقا باپ ئىكەن. ئۈزۈم، شاپتۇل، ئۆرۈك، زاراڭزا، ياڭاق، چىلان، قوغۇن - قاپاق كۆپ تېرىلىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە جۇغى كىچىك، تەمى تاتلىق، ئۇرۇقى يوق بىر خىل كىشمىش ئۈزۈم چىقىدىكەن. بۇ يەردە كىشىلەر كېۋەز تېرىپ، پاختىدا سىلىق، نېپىز رەخت توقۇيدىكەن. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ئۈزۈم ھارىقى چىقىرىشقا ئۇستا ئىكەن. ئاھالىسى ئات، كالا، تۆگە، قوي باقىدىكەن. بۇ يەرنىڭ خەلقى ساددا ھەم ئاق كۆڭۈل ئىكەن، مۇسۇلمان بولغانلىرىنىڭ ئەرلىرى بېشىنى چۈشۈرتىدىكەن، چېكەن دوپپا كىيىدىكەن، ئاياللىرى ئاق رومال ئارتىدىكەن. مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرلىرى ئارقىسىغا سېكىلەك قويىدىكەن، ئاياللىرى بېشىغا قارا ياغلىق ئارتىدىكەن، سېكىلىكى چېكىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىكەن. ئاھالىسى ئۇيغۇرچە سۆزلىشىدىكەن. چىن چېك، لى شيەنلەر يەنە: «قۇجۇ، تۇرپان، لۈكچۈن ئۈچ جاينىڭ ئۆرپ - ئادىتى، يەرلىك مەھسۇلاتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ» دېگەنىدى.①

مىلادى 1415 - يىلى، مۇھەممەت خان ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇنىڭ تەختىگە ئىنىسى شەمئى جاھاننىڭ ئوغلى نەقشى جاھان ۋارىسلىق قىلدى. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن، خىزىر خوجىنىڭ نەۋرىسى، شىر ئەلىنىڭ ئوغلى ئۇۋەيس نەقشى جاھاننى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى خان بولۇۋالدى②.

سۇلتان ئۇۋەيس دەۋرى (1418 — 1434 - يىللىرى) دە، ئويراتلار غەربكە قاراپ كېڭىيىپ، موغۇلىستاننىڭ شەرقىي

---

① «غەربىي يۇرتتىكى ۋاسساللارنىڭ تەزكىرىسى».

② بۇ يەردە خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللىرى ئاساس قىلىندى، «تارىخى رەشىدى» دە ئېيتىلىشىچە، نەقشى جاھان بىلەن ئۇۋەيسنىڭ ئارىلىقىدا شىر مۇھەممەتخان بار.

قىسمىغىچە يېتىپ باردى؛ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ مەركىزى ئىلى ۋادىسىغا ۋە تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا يۆتكەلدى. سۇلتان ئۇۋەيسخان پايتەختىنى ئىلبالىققا كۆچۈردى. ئۇ ھەر يىلى تارىم، تۇرپان، لوپنۇر تەرەپلەرگە بېرىپ ئوۋ ئوۋلايتتى، ئۇۋەيسخان «تۇرپاندا ئۆزى يەر سۇغىرىپ، ئۆزى زىرائەت تېرىپ، ئۆزىنىڭ ئوزۇقلۇقىنى قامدىغان»* ئىدى. خانلىقتىكى بىر قىسىم موغۇللار شۇ چاغدىن باشلاپ كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىن ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا كۆچكەن بولسا كېرەك.

ئۇۋەيسخان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىككى نارەسىدە ئوغلى ئەمىرلەرنىڭ ھىمايىسىدە خانلىق تەختىنى تالىشىپ سوقۇشۇپ كەتتى، نەتىجىدە چوڭ ئوغلى يۇنۇس يېڭىلىپ، تەختتىن ھەيدەلگەندىن كېيىن، سەمەرقەندكە قېچىپ كەتتى. كىچىك ئوغلى ئېسان بۇقا ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇنى ھىمايە قىلمىدىغان ئەمىرلەر ئالتوپىلاڭ كۆتۈرۈشتى. يۇنۇس سەمەرقەند ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا كىرىپ، غەربىي قىسمىدىكى رايونلاردا ئۆزىنى خان دەپ ئاتىدى. ئېسان بۇقا موغۇلىستاننىڭ شەرقىي قىسمى بىلەن تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ئاقسۇ ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنىلا قولىدا تۇتۇپ تۇرالىدى.

ئېسان بۇقا مىلادى 1462 - يىلى ئۆلدى، ئورنىغا ئوغلى دوست مۇھەممەت ۋارىسلىق قىلدى. «تارىخىي رەشىدى» دە ئېيتىلىشىچە، ئۇ تازا ئۇرۇشخۇمار، ئۇرۇشقا تايىنىپ دۇنيا توپلايدىغان، شەھۋەتخور، زالىم، شەرىئەتكە ئەمەل قىلمايدىغان پادىشاھ بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 877 - يىلى (مىلادى 1468 — 1469 - يىللىرى) ئۆلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان ئىسمىلىك بىر

* «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمىسى، 1 - قىسىم، 248 - بەت، 249 - بەتلەر.

ئوغۇل بالا قالغان بولۇپ، ئۇنى قول ئاستىدىكىلەر تۇرپانغا ئېلىپ قاچقان. شۇنىڭ بىلەن بىللە يۇنۇس خانمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەسكەر ئەۋەتىپ ئاقسۇنى بېسىۋالغان. لېكىن ئۇ ئۇزۇن ۋاقىت ماۋرائۇننەھردە ياشاپ، شەھەر مەدەنىيىتىگە خۇشتار بولۇپ قالغانلىقتىن، تۇراقلىق تۇرمۇشنى ئارزۇ قىلىپ، موڭغۇل ئۇلۇسىنى باشلاپ تاشكەنت دېھقانچىلىق رايونىغا كەتكەن. «نېمە قىلساڭ قىل، شەھەر - بازارلاردا ۋە دېھقانچىلىق رايونىدا تۇرمايمەن» دەيدىغان موڭغۇللار بۇ خاننىڭ ياش ئوغلى ئەخمەتنى ئالدىغا سېلىپ موغۇلىستانغا قېچىپ بېرىپ، ئەنئەنىۋى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشنى داۋاملاشتۇرغان①.

يۇنۇسخان مىلادى 1487 - يىلى ئۆلدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، چوڭ ئوغلى مەھمۇت تاشكەنتتە تەختكە چىقىپ، خانلىقنىڭ غەربىي قىسمىنى سوردى. كىچىك ئوغلى ئەخمەت موغۇلىستانغا قايتىپ كېلىپ، ئون يىل غۇربەتچىلىكنى باشتىن كەچۈرۈپ، موغۇلىستاندىكى قوۋملەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىدا خان دەپ ئاتالدى. كېيىن ئۇ يەنە ئۇيغۇرلار رايونىنى ئىگىلىۋېلىپ، تۇرپاننى پايتەخت قىلدى ھەم قۇمۇلنى مەھكەم كونترول قىلدى. ئەخمەت خان ئويراتلارنى ئىككى قېتىم قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، زور قۇدرەت تېپىپ كەتتى. ئويراتلار ئۇنى ئالاچى خان (چان ئالغۇچى خان دېمەكچى) دەپ ئاتىدى②. ھىجرىيىنىڭ 907 - يىلى (مىلادى 1501 — 1502 - يىللىرى)، ئەخمەت خان ئىنىسى مەھمۇت خان بىلەن ھىجرىيىنىڭ 914 - يىلى (مىلادى 1508 — 1509 - يىللىرى) بولغان ئىچكى

① «تارىخى رەشىدى» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى، 1 - قىسىم 325 — 326 - بەتلەر.

② «تارىخى رەشىدى» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى، 1 - قىسىم، 338 - بەت.

قىسمىدىكى كۆرەشتە مەغلۇپ بولۇپ، شايبانىخانىنىڭ يېنىغا پاناھ ئىزلەپ بارغاندا، شايبانىخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى①.

ئەخمەت خان بىلەن مەھمۇت خان ئۆلگەندىن كېيىن، مەنسۇر پۈتۈن خانلىقتا ئۇچچە خان بولدى، ئۇنىڭ پايتەختى تۇرپان بولۇۋەردى. مىلادى 1514 - يىلى، مەنسۇر خانىنىڭ ئىنىسى سەئىد دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى ئاتابەكرىنى يوقىتىپ، يېڭى ھاكىمىيەت — يەكەن - سەئىدىيە خانلىقىنى قۇردى. بۇنىڭ بىلەن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدا ئىككى ھاكىمىيەت تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ۋەزىيەت يەنە مەيدانغا كەلدى. مىلادى 1516 - يىلى، بۇ ئىككى خان ئاقسۇ بىلەن كۇچانىڭ ئارىلىقىدا كۆرۈشتى، مەنسۇر سەئىدكە ئىتائەت قىلدى، بۇنىڭ بىلەن خانلىقنىڭ بىرلىكى شەكىل جەھەتتە ساقلاپ قېلىندى. شۇ زاماننىڭ تارىخشۇناسلىرى بۇ دۆلەتنى «مەملىكەتى موغۇلىيە» دەپ ئاتىدى. مەنسۇر خان دەۋرىدە، خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمى ۋاقتىنچە ئەمىنلىككە ئېرىشتى. «تارىخى رەشىدى» دە ئېيتىلىشىچە، قۇمۇلدىن ئەنجانغىچە ھەرقانداق كىشى يالغۇز سەپەر قىلالايتتى، يولدا چېگرا - گۇمرۇك بېجى ئېلىنمايتتى، يول ئۈستى بىخەتەر ئىدى، ياخشى مۇئامىلە بىلەن كۈتۈلەتتى②. مەنسۇر خان مىلادى 1545 - يىلى ئۆلدى. ئۇ ئۆلۈشتىن بۇرۇن تەختنى بوشىتىپ، چوڭ ئوغلى شاھ مىرزىنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ قويغانىدى. شاھ خان مىلادى 1565 - يىلى (ياكى ئۇنىڭدىن سەل بۇرۇن)، ئويراتلارنىڭ بىر قېتىملىق بۇلاڭچىلىق خاراكتېرىدىكى ھۇجۇمىدا ئوق تېگىپ ئۆلدى.

---

① «تارىخى رەشىدى» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى، 1 - قىسىم، 336 - بەت، 340 - بەتلەر

② «تارىخى رەشىدى» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى، 1 - قىسىم، 345 - بەت

يەكەن خانلىقى شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئەسكەر چىقىرىپ شەرقىي قىسمىدىكى جايلارنى ئىشغال قىلىپ، خانلىقنى بىرلىككە كەلتۈردى. شۇنىڭدىن باشلاپ، پۈتكۈل ئۇيغۇرلار رايونى يەكەن - سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىگە ئۆتتى.

## 3 - بۆلۈم ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئىگىلىكى، مەدەنىيىتى ۋە دىنىي ئېتىقادى

شەرقىي چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ئۇزاق ۋاقىت ئۇرۇش بولغانلىقتىن، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ئىگىلىك قاتتىق ۋەيران بولدى. مەسىلەن، 1414 - يىلى (مىڭ سۇلالىسى يۇڭلې 13 - يىلى) مىڭ سۇلالىسىدىن چېن چېڭ قاتارلىق كىشىلەر غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە كەلگەندە، لۈكچۈن، قۇجۇ تۇرپان تەرەپلەردە ئازغىنە شەھەر ئاھالىسى ۋە ئېكىنزارلىق قالغان، نۇرغۇن يەرلەر ئاق تاشلىنىپ قالغانىدى. قۇجۇ رايونىنىڭ بۇرۇنقى ئاۋات مەنزىرىسىدىن ئەسەر قالمىغانىدى. ئۇدۇن شەھىرىنىڭ نوپۇسى 10 مىڭ ئەتراپىغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۆز ۋاقتىدىكى بېشبالىق شەھىرى يايلاققا ئايلانغان. لېكىن XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ئۇرۇش ئازايغانلىقتىن، ئەل مادارىغا كېلىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردا ئىشلەپچىقىرىش تەدرىجىي ئەسلىگە كەلگەنىدى.

چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى توغرىسىدا XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غەربىي يۇرتقا كەلگەن ماۋۋېنشېڭ، شۈي جىن قاتارلىق كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى مەخسۇس ئەسەر قىلىپ يازغان. شۇ

زاماندا يەنە چىن شۆن قاتارلىق كىشىلەر «جاھاننامە»، «يات
قوۋملار توغرىسىدا خاتىرە» دېگەن تارىخ كىتابلىرىنى يازغان.
بۇ ماتېرىياللار بىزنى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلار را-
يونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ شۇ چاغدىكى ئەسلىگە كېلىش
ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلىدۇ①:

**دېھقانچىلىقى** تۇرپان، ئۇدۇن، قەشقەر رايونلىرىدا دېھ-
قانچىلىق بۇرۇنقىدەكلا تەرەققىي تاپقان. تۇرپاندا شاپتۇل،
ئۆرۈك، چىلان، ئالۇچا، ئۈزۈم بار ئىدى②؛ لۈكچۈن شەھىرىنىڭ
ئايلانمىسى ئىككى - ئۈچ يول كېلەتتى، تۆت ئەتراپى ئېكىن-
زارلىق بولۇپ، سۇ شەھەرنى ئايلىنىپ ئېقىپ تۇراتتى، دەرەخ-
لىرى بۈك - باراقسان، يەرلىرى تېرىق، بۇغداي، كەندىر،
پۇرچاق تېرىشقا باب كېلەتتى. ئۈزۈم، شاپتۇل، ئۆرۈك، زاراڭزا،
ياڭاق، چىلان، قوغۇن - قاپاق كۆپ تېرىلاتتى، ئۇ يەردە دا-
نىسى كىچىك، تەمى تاتلىق، ئۇرۇقى يوق «كىشمىش ئۈزۈم»
دەپ ئاتىلىدىغان ئۈزۈم بار ئىدى. شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىن چىق-
قان پاختىدىن سىپتا رەخت توقۇلاتتى. ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرى
ئۈزۈم ھارىقى چىقىرىشقا ئۇستا ئىدى ③؛ قۇجۇدىن «يا-
ڭاق، ئۈزۈم، بۇغداي، پىلە، يانتاق شېكىرى، ھەسەل چىقاتتى،
تەمى بەك تاتلىق» ئىدى④؛ قۇمۇلدىن «بۇغداي، تېرىق، سۆك
بېسىپۇرچاق، شاپتۇل، چىلان، توغرىغا چىقاتتى»⑤؛ ئۇدۇن-
دىن «ئۈزۈم، ئارپىبەدىيان، قەلەمپۇر، مەستىكى رۇمى، ھىڭ چى-
قاتتى»، ⑥ «ئۈجمە، كەندىر، قوناق، تېرىقلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭ-

① «يات قوۋملار توغرىسىدا خاتىرە».
② «غەربىي يۇرتتىكى ۋاسالارنىڭ تەزكىرىسى».
③ «جاھاننامە»، 117 - جىلد.
④ «يات قوۋملار توغرىسىدا خاتىرە».
⑤ ⑥ «جاھاننامە»، 117 - جىلد.

ىلىكىنىڭكىگە ئوخشاتتى»①.

چارۋىچىلىقى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ئايرىم جايلاردىن، مەسىلەن، قۇجۇدىن «ئات، تۆگە، چوڭ قۇيرۇقلۇق قوي» چىقاتتى②؛ خوتەندىن «ياخشى ئات، قېچىر، نار تۆگە چىقاتتى»③؛ تۇرپاندىن «قوي، ئات چىقاتتى»④.

قول سانائەت، كان - مېتاللورگىيە جەھەتتە قۇجۇدىن ئاھاكىردىن (ئۇنىڭدىن قۇيۇچ ئايرىۋالغىلى بولىدۇ) چىقاتتى⑤، قۇمۇلدىن سۇرمەتاش، كۆكتاش، زەمچە، قاشتېشى، قۇيۇچ چىقاتتى ⑥؛ خوتەننىڭ قاشتېشى مەشھۇر بولۇپ، ئۇ يەردىن يەنە سىماب، كەھرىۋا چىقاتتى؛ ئۇنىڭدىن باشقا، قۇجۇنىڭ قۇيۇچ پىچىقى، قۇيۇچ ئىككىكى، قەلەمتۇراچ، ئالماس قاتارلىق نەرسىلىرىمۇ كەڭ ئىشلىتىلەتتى. قورال - ياراقلاردىن يا، يا ئوقى، قىلىچ، قالقانلار بار ئىدى⑦. قول سانائەت جەھەتتە توقۇمىچىلىقمۇ بار ئىدى، مەسىلەن، خوتەننىڭ «ئادەملىرى ھۈنەرۋەن، ناخشا - ئۇسسۇلغا، رەخت توقۇشقا ئۇستا، ئۇ يەردىن شايى، ئەتلەس چىقاتتى»⑧؛ قۇجۇدىن «يوللۇق قىزىل مەشۇت رەخت، لۆكچۈندىن سەھراچە يەكتەك، ئىگەر، گۈللۈك قول ياغلىقى قاتارلىق نەرسىلەر چىقاتتى»⑨. يۇقىرىقى نەقىللەردىن چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش

---

① «يات قوۋملار توغرىسىدا خاتىرە».
② «يات قوۋملار توغرىسىدا خاتىرە»، «جاھاننامە»، 117 - جىلد.
③ «جاھاننامە»، 117 - جىلد.
④ «غەربىي يۇرتتىكى ۋاسساللارنىڭ تەزكىرىسى».
⑤ «غەربىي يۇرتتىكى ۋاسساللارنىڭ تەزكىرىسى»
⑥ «غەربىي يۇرتتىكى ۋاسساللارنىڭ تەزكىرىسى».
⑦ «يات قوۋملار توغرىسىدا خاتىرە».
⑧ «جاھاننامە»، 117 - جىلد.
⑨ «يات قوۋملار توغرىسىدا خاتىرە».
⑩ «يات قوۋملەر توغرىسىدا خاتىرە».

كۆچلىرىنىڭ تەدرىجىي ئەسلىگە كەلگەن ۋە تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرىمىز.

لېكىن، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيىتى يەنىلا فېئودال يانچىلىق تۈزۈمىدىكى جەمئىيەت بولۇپ، خانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۇيغۇرلارنى ناھايىتى دەھشەتلىك ئېزەتتى. تۇرپان بىلەن قۇمۇلنىڭ ئەھۋالىنى مىسالغا ئالايلى:

XV ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى (مىڭ سۇلالىسى يۇڭلې خانىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ)، ئۇۋەيس خان تۇرپاندا ناھايىتى چوڭقۇر بىر قۇدۇق قازدۇرۇپ، ساپال قاچىدا سۇ تارتقۇزۇپ يەر سۇغارتقۇزغان، بۇنداق ئەمگەككە يانچىلار سېلىنغانىدى①. قۇمۇلنىڭ سۇلتانى باياچا ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ بولاڭچىلىق ئۇسۇلى بىلەن ھەربىر تۈتۈندىن ئۈچ تاغاردىن بۇغداي تاپشۇرۇۋالغان. ئۇ خەلقنىڭ سېمىز قوي، كالىلىرىنى تارتىۋېلىپ، سويۇپ يەيتتى ھەم ئاياللارغا خالىغانچە رەخت توقۇتۇپ، پۇقرالاردىن ئات ئۇندۇرۇۋالاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بايلار جازانىخورلۇق قىلىدىغان ئىش پۈتۈن قۇمۇل جەمئىيىتىنى قاپلاپ كەتكەنىدى②. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئۇيغۇرلاردا فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئۇزاققىچە تۇرغۇن ھالەتتە تۇرۇپ قېلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب ئىدى.

شەرقىي چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە، غەربىي يۇرتتا بىرنەچچە خىل يېزىق قوللىنىلاتتى. تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلار

① «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 4- قىسىم، 894 - بەت، 1934 - يىلى.

② مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شۈيجىن يازغان «ۋاسسالارنى تىنچىتىشنىڭ باش - ئاخىرى»، 1 - قىسىم.

بىلەن قۇمۇللۇقلار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى، تۇرپاننىڭ غەر-
بىدىكى جايلاردىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر
ئاساسەن پارس يېزىقى، ئەرەب يېزىقى ۋە چاغاتاي يېزىقىنى
قوللىناتتى. ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى نېستورىئانلار
ئىچىدە قەدىمكى سۈرىيە يېزىقى ياكى قەدىمكى سۈرىيە ئېلىپ-
بەسى بىلەن يېزىلىدىغان تۈرك يېزىقى قوللىنىلاتتى.

شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا مەنسۇپ قەدىمكى ئۇيغۇر
يېزىقىدا ساقلىنىپ قالغان پۈتۈكلەردىن ئەڭ مەشھۇر بولغىنى
«ئوغۇزنامە» نىڭ ھازىر پارىژدا ساقلىنىۋاتقان قول يازمىسى-
دۇر. فرانسىيىلىك پېللىئوتنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ
قولىيازما ئالاھەزەل XV ئەسىرلەردە يېزىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا،
چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مىڭ سۇلالىسى
بىلەن سودا ئالاقىسى كۆپ بولغاچقا، خانلىقنىڭ ھەرقايسى
جايلىرىدىكى يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مىڭ سۇلالىسىگە ئەۋەت-
كەن مەكتۇپلىرى تامامەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان.
ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن «ئىدىقۇت مەھكىمىسى پۈتۈكلىرى»
(ياپونىيىنىڭ دۆڭياڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسى
«قوجۇ مەھكىمىسىدىن كەلگەن مەكتۇپلار» دېيىلىدۇ) دە شەر-
قىي چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە «يۇرت» لار (قۇمۇل، تۇرپان،
كۇچا، خەندۇن، لۈكچۈن، ئىلبالىق قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئى-
چىگە ئالىدۇ) نىڭ مىڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن مەكتۇپلىرى
89 پارچىگە يېتىدۇ. قارىغاندا، بۇ مەكتۇپلار ئاۋۋال خەنزۇچە
يېزىلىپ، ئاندىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغاندەك، يەنە كېلىپ
خەنزۇچىگە قاراپ خەتمۇخەت تەرجىمە قىلىنغاندەك تۇرىدۇ.
شۇڭا، بۇ مەكتۇپلار شۇ چاغدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىز تىلىنى
توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، بولۇپمۇ ئۇلاردىن شۇ چاغ-
دىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ گرامماتىك خۇسۇسىيەتلىرىنى پەرق ئې-

تىش تەس. شۇنداق بولسىمۇ بۇ مەكتۇپلار شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ كېيىنكى خانلىرى (موغۇل) بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ چاغدىكى ئېغىز تىلى ۋە قوللانغان يېزىقىنى بىلىشىمىز ئۈچۈن مۇھىم يىپ ئۇچى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

چاغاتاي يېزىقى ئەسلى ئەرەب ئېلىپبەسىنى ئاساس قىلغان خاقانىيە يېزىقى (قارا خانىيلار يېزىقى) دىن ئۆزگىرىپ بارلىققا كەلگەن. بۇ يېزىق 32 ھەرپتىن تۈزۈلگەن، ئوڭدىن سولغا يېزىلىدۇ. ھەرپلىرى يالغۇز ھەرپ، باش ھەرپ، ئوتتۇرا ھەرپ، ئاياغ ھەرپ دەپ تۆت خىلغا ئايرىلىدۇ. بۇ يېزىق بىلەن خاتىرىلەنگەن سۆز بىرقەدەر مۇرەككەپ، فونېتىكا، لېكسىكا، گراماتىكا جەھەتلەردە ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ تەسىرىنى كۆپ قوبۇل قىلغان. XIV — XV ئەسىرلەرگە كەلگەندە بۇنداق تەسىر يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن.

چاغاتاي يېزىقى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى بىلەن غەربىي قىسمىدا ۋە موغۇللارنىڭ ئەۋلادى ھۆكۈمرانلىق قىلغان باشقا جايلاردا كەڭ تارالغان. بۇ يېزىقتا يېزىلغان پەلسەپە، ئەدەبىي، تەبىئىي پەن ئەسەرلىرى ھەددى - ھېسابسىز ئىدى*. تارىختا بۇ يېزىقتا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەر «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دەپ ئاتالغان. چاغاتاي خانلىقى دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا ۋە ئاخىرىغا مەنسۇپ مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلەردىن XIV - ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيالىق شائىر رابغۇزى يازغان «رابغۇزى ھېكايىلىرى» («قىسسەسۇل ئەنبىيا» مۇ دېيىلىدۇ) 72 بابلىق، تىلى گۈزەل، راۋان نەسرىي ۋە نەزمىلەر توپلىمى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن، ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

* «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»: چاغاتاي يېزىقى ۋە چاغاتاي يازما يادىكارلىقلىرى.

چاغاتاي تىلىدا ئەدەبىي ئەسەر يازغان يەنە بىر ئەدىب — لۇتفىي. لۇتفىينىڭ ئەسەرلىرىمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. لۇتفىي قەشقەرلىك شائىر، ئۇنىڭ ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن شېئىرلار توپلىمى 280 غەزەل، ئىككى قەسىدە، 18 پارچە شېئىر ئۈزۈندىسى ۋە تۇرغۇن تويۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. غەزەل ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك شېئىرلىرىدىكى بىر خىل شەكىل بولۇپ، ئادەتتە ھەر بىر كۇپلېت شېئىر بەشتىن ئون بەشكىچە بۆلەك شېئىردىن تۈزۈلىدۇ، ھەربىر بۆلەك شېئىر ئىككى مىسرا بولىدۇ. باشتىكى ئىككى مىسراسى قاپىيىلىك بولىدۇ، قالغان بۆلەكلەرنىڭ ئىككىنچى مىسراسى بىرىنچى بۆلەكنىڭ قاپىيىسىگە تەڭكەش بولۇپ قاپىيىلىشىدۇ. تويۇق — ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى ئالاھىدە بىر خىل ژانىر. «گۈل ۋە نەۋرۇز» دېگەن داستان لۇتفىينىڭ ئەسەرلىرىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. يۇقىرىقى يازغۇچىلار ۋە ئەسەرلەردىن باشقا، نىزامىددىن، ئەلىشىر ناۋايى، سەككاكىيلارنىڭ ئەسەرلىرىمۇ تارىم ئويمانلىقىنىڭ ھەممە يېرىگە يېتىپ بارغان. ئۇيغۇرلار ئىچىدە بۇ ئەسەرلەرنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرى كۆپىنچە كىشىلەرگە تونۇش يازغۇچىلاردۇر. ناۋايىنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «مەھبۇبۇل قۇلۇپ»، بىلەن «خەمسە» نى ئاتاپ كۆرسىتىش مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا «مۇھاكىمە تۇل لۇغەتەيىن»، «مىزانۇل ئەۋزان»، «مەجالىسۇن نەفائىس» قاتارلىق ئەسەرلىرىمۇ بار. سەككاكىي سەمەرقەندتىكى ئۇلۇغبەگ ئوردىسىنىڭ ئەمەلدارى بولۇپ، شېئىرىيەت، ستىلىستىكا، لوگىكا، پەلسەپە جەھەتلەردە خېلى يېتىلگەن كىشى ئىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى شۇ زاماننىڭ زىيالىيلىرى ئىچىدە خېلى تەسىرگە ئىگە ئىدى.

چاغاتاي يېزىقىنىڭ ئومۇمىيلىشىشى بىلەن ئەرەبلەرنىڭ

ئەدەبىيات، پەلسەپە، تىبابەتچىلىك - دورىگەرلىك، ئىلاھىيەتچىلىك قاتارلىق ساھەلەرگە ئالاقىدار ئەسەرلىرى تارىم ئويمانلىقىدىكى جايلارغا كۆپلەپ تونۇشتۇرۇلغانىدى. ئەرەب ئەدەبىياتى ۋە ئەرەبلەرنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرۇش جەھەتتە لۇتفىي، ناۋايى، سەككاكىيلارنىڭ ئوينىغان رولى ناھايىتى چوڭ بولغان. ئۇلار ئەرەب - پارس يېزىقىنى پىششىق بىلگەچكە، تەرجىمە قىلىش ۋە تونۇشتۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئوينىغان.

چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى چوڭ قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلغانىدى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تۈرى كۆپ، مەزمۇنى مول ئىدى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ھېكايە، لەتىپە، يۇمۇر، ماقال - تەمسىللەر بار ئىدى. «نەسرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرى» ئەنە شۇ دەۋردە شەكىللىنىپ، مەزمۇن جەھەتتە بارا - بارا بېيىپ، تەسىرلەندۈرۈش كۈچى ئېشىپ، شەھەر - يېزا خەلقى ياخشى كۆرىدىغان ئەدەبىيات شەكلىگە ئايلانغان.

تۇرپان رايونى بىلەن قۇمۇل بۇددا دىنىنىڭ مەركىزى ئىدى. لېكىن بۇ مەزگىلدە بۇ دىن ھالىدىن كېتىپ، زاۋالغا يۈزلەنگەنىدى.

نېستورىئان دىنى — خرىستىئان دىنىنىڭ بىر مەزھىپى، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلارمۇ بۇ دىن تارقالغان جايلارنىڭ بىرى ئىدى، لېكىن ئۇيغۇرلاردىن بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار كۆپ ئەمەس ئىدى. ئىسلام دىنى مۇشۇ مەزگىلدە كۆپ تەرەققىي قىلدى، موغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى سېزەر-سەزمەس ھالدا قوبۇل قىلدى، ھەتتا بىرمۇنچىسى ئىسلام دىنىنىڭ ئىخلاسمەن مۇرىتىغا ئايلاندى. چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن مۇبارەكشاھنىڭ ئىسمى پارس

تىلىدا قۇتلۇق شاھ دېگەنلىك بولىدۇ، مانا بۇ ئاشۇ خىل تەسىرنى دەلىللەپ بېرىدۇ. بۇراقخانمۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ھەم غىياسىددىن دەپ مۇسۇلمانچە ئات قويغان. دارمە شىرىنخان (1331 — 1334 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) ئۇزاق ۋاقىت خانلىقنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئىسلاملاشقان رايوندا تۇرغاچقا، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى نۇرغۇن موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى مۇسۇلمان بولغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋەزىيەتنىڭ رايىغا بېقىپ، ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى جاكارلىغانىدى. شەرقىي چاغاتاي خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە، 160 مىڭ موڭغۇل ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغاندىن باشقا، بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىمۇ بۇددا دىنىنى تاشلاپ، ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلدى. XV ئەسىرنىڭ بېشىدا، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى غەربىي قىسمىدا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارمۇ مۇسۇلمان بولۇپ بولدى؛ شەرقىي قىسمىدىكى بېشبالىق، تۇرپان، قوچۇ تەرەپلەردە ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭمۇ بىر قىسمى مۇسۇلمان بولۇشقا باشلىدى. ئۇ چاغدا قۇمۇل، تۇرپان ئىككى ئىنانچىلىقتا بۇددا دىنىنى باشقۇرىدىغان «راھىبلار مەھكىمىسى» بار ئىدى. XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، ئىسلام دىنى بۇ جايلاردا كۆپ تەرەققىي قىلدى، تۇرپان ئاساسەن مۇسۇلمانلىشىپ بولدى. XVI ئەسىرنىڭ بېشىغا كەلگەندە، قۇمۇلدا ئىككى ۋاڭ ئىلگىرى كېيىن بولۇپ ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇيغۇرلاردا پۈتۈن خەلق ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ۋەزىيەت ئاساسەن شەكىللەندى.

چاغاتاي خانلىقى (بولۇپمۇ شەرقىي چاغاتاي خانلىقى) دەۋرىدە، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى «ئىنانچىلىق» ياكى «يۇرت» لار ئات، قاشتېشى قاتارلىق نەرسىلەرنى مىڭ

سۇلالىسىنىڭ ئىچكى رايونلىرىغا ئېلىپ بېرىپ تەتىللا، گۈللۈك تاۋار، چىنە ـ قاچا قاتارلىق نەرسىلەرگە تېگىشىپ تۇراتتى. جايلار نۇرغۇن كىچىك ھاكىمىيەتلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن چاغلاردىمۇ بەزى كىچىك ھاكىمىيەتلەر مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن بېقىندىلىق سىياسىي مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى. مال ئالماشتۇرۇش نۇرغۇن قېتىم بولغانىدى. خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە، بۇنداق ئالماشتۇرۇشنىڭ چوڭراقلىرىدىن، 1403 - يىلى (مىڭ چېڭزۇنىڭ يۇڭلې تۇنجى يىلى) دىن ئېتىبارەن، بېشبالىق مىڭ سۇلالىسىگە ھەر يىلى ئات، قاشتېشى تارتۇق ئەۋەتىپ، تەتىللا، گۈللۈك تاۋار، ئەگمەچ پىچاق، قوياق - ساۋۇتقا تېگىشىپ كەلگەنىدى. 1380 - يىلى (مىڭ سۇلالىسى خۇڭۋۇ 13 - يىلى)، قۇمۇلنىڭ ھۆكۈمرانى قۇنارشىرى مىڭ سۇلالىسىگە ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئەلچى ئەۋەتكەن. قۇنارشىرى ئۆلگەندىن كېيىن، تەختىگە ئۇنىڭ ئىنىسى ئەنىق تۆمۈر ۋارىسلىق قىلدى. ئەنىق تۆمۈر 1403 - يىلى (مىڭ سۇلالىسى يۇڭلې تۇنجى يىلى) مىڭ سۇلالىسى بىلەن ئات سودىسى قىلىپ، بىر قېتىمدىلا 4740 ئات سېتىپ بەردى*. 1405 - يىلدىن 1420 - يىلغىچە (مىڭ سۇلالىسى يۇڭلې 4 - يىلدىن 18 - يىلغىچە) خوتەن خانى، دارغاچ ئىبراھىم مىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئارقىلىق قاشتېشى، ئات ئولپان ئەۋەتكەن، مىڭ سۇلالىسىمۇ ۋەزىر چېن چېڭ، گوجىڭلارنى خوتەنگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا تەتىللا سوۋغا قىلغان. چېن چېڭ غەربىي يۇرتتا يول بويى كۆرگەن - بىلگەنلىرىگە ئاساسەن «غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» (بۇ كىتابنىڭ يەنە بىر نامى «غەربىي يۇرتتىكى ۋاسساللار ھەققىدە

* «مىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخى»، 329 - جىلد «قۇمۇل تۇراسى»، (مىڭ سۇلالىسى) شېن ماۋگوي يازغان «يات قوۋملار توغرىسىدا خاتىرە».

خاتىرە») دېگەن كىتابنى يېزىپ چىققاندى. بۇ ئەسەر XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم تارىخ ماتېرىيالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، چىن چېلىك قاتارلىق كىشىلەر مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭلې يىللىرى غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بارغاندا، ئاساسەن، خوتەن ئارقىلىق تېمۇر ئىمپېرىيىسى («مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دا «سەمەرقەند» دېيىلىدۇ) گە بارغانىدى، ئۆز ۋاقتىدا خوتەننىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى تەرەققىي تاپقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يەردىن ئېسىل قاشتېشى چىقاتتى. خوتەننىڭ مىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان سودىسى 1573 — 1620 - يىللىرىغىچە (مىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەنلى يىللىرىغىچە) ئۈزۈلمىگەنىدى*. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ھۆججەتلىرى «قۇجۇ مەھكىمىسىدىن كەلگەن مەكتۇپلار» نىڭ 55 - پارچىسىدا، يەنى ئۇدۇن (ھازىرقى خوتەن) دىن مىڭ سۇلالىسىگە قەدىمكى ئۇيغۇرچە بىلەن خەنزۇچە سېلىشتۇرما قىلىپ يېزىلغان مەكتۇپىدا ئەلى ئىسمىلىك بىر ئەلچىنىڭ ئىسمى بار، 61 - پارچىسىدا، يەنى ئۇدۇننىڭ مىڭ سۇلالىسىگە يوللىغان مەكتۇپىدا خوجا شەيخ دېگەن بىر ئەلچىنىڭ ئىسمى بار. 78 - پارچىسىدا ئۇدۇن ئەلچىسى ئىبراھىمنىڭ ئىسمى بار، 87 - پارچىسىدا ئۇدۇن ئەلچىسى قالىمنىڭ ئىسمى بار، ئۇلار مىڭ سۇلالىسى بىلەن سودا قىلىشقان ئۇيغۇرلاردۇر.

1406 - يىلى (مىڭ سۇلالىسى يۇڭلې 4 - يىلى)، تۇرپان ۋاڭى سەيىن تۆمۈر مىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئارقىلىق قاشتېشى ئولپان ئەۋەتىشكە باشلىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۈزمەي ئولپان ئەۋەتىپ تۇردى. تۇرپاننىڭ ئۆزىدە تۇرپاننىڭ مىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان شۇ چاغدىكى مۇناسىۋىتىنىڭ يېقىنلىقىنى چۈشەنـ

* «مىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخى»، 332 - جىلد، «ئۇدۇن تەزكىرىسى».

دۇرىدىغان مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋال بار ئىدى: بىرى سەيىن
تۆمۈرنىڭ تەخت ۋارىسى ئۇنغىرچا 1412 - يىلى (مىڭ
سۇلالىسى يۇڭلې 20 - يىلى) قۇمۇللۇق ئۇيغۇرلار بىلەن
بىرلىشىپ مىڭ سۇلالىسىگە 1300 ئات ئولپان تاپشۇرغان؛
كېيىن ئۇنغىرچا بېشبالىق خانلىقى تەرىپىدىن قوغلاپ
چىقىرىلغاندا، پاناھ ئىزدەپ مىڭ سۇلالىسىگە قېچىپ بارغان
ۋە ئاخىر مىڭ سۇلالىسىنىڭ كۆچى بىلەن تۇرپانغا قايتىپ
كەلگەنىدى؛ يەنە بىرى، تا XV ئەسىرگە كەلگىچە تۇرپاندىكى
ھۆكۈمران سىنىپلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇددا
دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، تۇرپاندىن مىڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتىلگەن
راھىبلارغا مىڭ سۇلالىسى «ئەل ئۇستازى» ياكى «راھىب كالان»
دېگەن مەرتىۋىلەرنى بەرگەنىدى. XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى-
دىن كېيىن (مىڭ يىڭزۇڭنىڭ جېڭتۇڭ يىللىرىدا) تۇرپاننىڭ
ۋاڭ جەمەتى ۋە ئۇلارغا قاراشلىق ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا
بەيئەت قىلدى، لېكىن ئەلچىلەرنىڭ باردى - كەلدىسى ئۈزۈل-
مىدى. تۇرپاندىن مىڭ سۇلالىسىگە ئەلچىلىككە بارغان مۇسۇل-
مان ئەربابلارنىڭ مەشھۇرلىرىدىن خوجا ئىسمايىل، ھاجى
مۇھەممەت، موللا مۇھەممەتلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن*. بۇلار
تۇرپان بىلەن مىڭ سۇلالىسىنىڭ سودا ئالاقىسىدە مۇھىم رول
ئوينىغان.

قەشقەر — شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمى-
دىكى دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان مۇھىم شەھەر ئىدى.
1408 - يىلى (مىڭ سۇلالىسى يۇڭلې 6 - يىلى)، مىڭ
سۇلالىسى ئوردىسى لى دا قاتارلىق كىشىلەرنى قەشقەرنى
زىيارەت قىلىشقا ئەۋەتكەنىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي

* «قوجۇ مەھكىمىسىدىن كەلگەن مەكتۇپلار»، 12 -، 13 -، 14 -، 41 - پارچە.

قەشقەرنىڭ سودىگەرلىرى يەرلىك ماللارنى مىڭ سۇلالىسىگە ئاپىرىپ ساتقانىدى، بۇنداق سودا 1426 - يىلدىن 1435 - يىلغىچە (مىڭ شۇەنزۇڭنىڭ شۇەندې يىللىرىغىچە) ئۈزۈلمىگەنىدى. «قۇجۇ مەھكىمىسىدىن كەلگەن مەكتۇپلار» نىڭ 73 - پارچىسىدا «غەربىي يۇرتنىڭ ئەلچىسى خوجا ھۈسەيىن قاتارلىق كىشىلەر تۆت ئارغىماق، 50 پارچە بۆكەن تېرىسى ئولپان ئېلىپ كەلدى» دەپ يېزىلغان؛ 70 - پارچىسىدا غەربىي يۇرتنىڭ سابىق ۋاڭى ئەخمەت (1478 — 1504 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) نىڭ بانۇسى سەيىف دەۋلە بېكەم «سېرىق گۈللۈك زەر كىمخاب، زەر پەردە، ئالتۇن چىراغ پېيى، كۈمۈش قۇتا، يولۋاس سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن دۇردۇن قاتارلىق نەرسىلەرگە مۇھتاج بولغانلىقتىن، ئىلتىپات قىلىشىنى ئۆتۈنۈپ مەكتۇپ سۇنغان»* دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدىن كۆرۈش مۇمكىنكى، ئۆز ۋاقتىدا قەشقەر تەرەپلەرنىڭ مىڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتىدىغىنى ئاساسەن ئات، ئالىدىغىنى يىپەك رەخت ئىدى. قىسقىسى، شەرقىي چاغاتاي دەۋرىدە، خانلىق تەۋەسىدىكى ھەر قايسى يۇرتلار مىڭ سۇلالىسى بىلەن مال ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشكەن؛ مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىمۇ «ئىلتىپات قايتۇرۇش» ئارقىلىق خانلىقنىڭ ھەر قايسى جايلىرى بىلەن ئالاقە باغلىغانىدى.

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ئىشلىرى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ دېھقانچىلىقى، چارۋىچىلىقى ۋە قول سانائىتى تەرەققىي تاپقان ئاساستا گۈللەندى. دەرۋەقە، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ سودا ئىشلىرى ئاساسەن ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ چاڭگىلىدا ئىدى. ئۇلار زور تۈركۈمدە يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى، مەسىلەن، ئات، تۆگە، داۋغان

* «قۇجۇ مەھكىمىسىدىن كەلگەن مەكتۇپلار»، 70 -، 73 - پارچىلار.

تېرىسى، قاشتېشى، نۆشۈدۈر، گۈڭگۈرت، ئالماس، ئالتۇن - كۈمۈش جابدۇق ۋە دورا - دەرمەكلەرنى ئىچكى رايونلارغا ۋە مىڭ خاندانلىقىغا ئاپىرىپ سېتىپ، ئورنىغا تاۋار، كىمخاب، دۇردۇن، گەزمال، چىنە-قاچا ئېلىپ كېلىپ، نەچچە ھەسسىلەپ پايدا ئالاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلارمۇ ئىگە بولغان ماللارنى مىڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بېيجىڭدا ۋە گەنسۇ بازارلىرىدا سېتىپ نۇرغۇن پايدا ئالاتتى.

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سودىگەرچىلىكىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلاردا «چاھار بازارچى سودىگەرلەر» كۆپ ئىدى. ئۇلار دائىم شىنجاڭ دائىرىسىدە، ۋەتىنىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا، شۇنىڭدەك چەت ئەللەردە، مەسىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان، پېرسىيە، ئەرەبىستان قاتارلىق جايلاردا سودىگەرچىلىك قىلاتتى. ئۇلار ئىچكىرىگە بارىدىغان چاغدا، ئوردىغا ئولپان ئاپىرىمىز دېگەننى باھانە قىلىپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ كۈچىدىن، جايلاردىكى جام - راباتلاردىن پايدىلىنىپ، گەنسۇدىن پايتەختكە بېرىۋالاتتى. يول ئۈستىدىكى ھەممە جام - راباتلار ئۇلارغا ھاراق، تاماق، ئوت - بوغۇز بېرەتتى؛ پايتەختكە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇلارغا يەنە ئىنئام بېرەتتى، شۇنداق قىلىپ، ئۇلار نەچچە ھەسسە پايدا ئالاتتى①. مەسىلەن، پايتەختتىكى تۇرپانلىق، قۇمۇللۇق سودىگەرلەردىن بەزىلىرى «كۈتۈۋېلىش سارىيى» دا ئۈچ - تۆت يىل تۇرغانىدى، قۇمۇلدىن «كېلىدىغان ئەلچىلەردىن كۆپىنچە گەنجۇدا تۆت - بەش يىل تۇرۇپ قالىدىغانلار بار» ئىدى②. ئۇلار «يول بويى چۈشكەنلا يېرىدە سودا - سېتىق قىلىپ پايدا ئالاتتى، يىللاپ-

① «مىڭ رېنزۇڭ دەۋرانى ھەققىدە خاتىرە»، 5- جىلد، 1 - قىسىم.
② «مىڭ شىزۇڭ دەۋرانى ھەققىدە خاتىرە»، 3 - جىلد.

يىللاپ تۇراتتى»①. ساتىدىغان نەرسىسى ئاساسلىقى ئات ئىدى، 1478 - يىلى (شۋەندېنىڭ 3 - يىلى)، ئېلىبالىقنىڭ 2 - دەرىجىلىك ئېتىنىڭ باھاسى 3000 تىزىق يارماق، 3 - دەرىجىلىك ئېتىنىڭ باھاسى 2500 تىزىق يارماق، 4 - دەرىجىلىك ئېتىنىڭ باھاسى 2000 تىزىق يارماق، قىچىر تايىنىڭ باھاسى 1000 تىزىق يارماق ئىدى②. يۇڭلېنىڭ 17 - يىلى (1419 - يىلى) 9 - ئايدا، سودىگەرلەر قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىن بىر قېتىمدىلا 3546 ئات ۋە داۋغان تېرىسى، نۈشۈدۈر قاتارلىق نەرسىلەرنى ئاپىرىپ ساتقان، مىڭ سۇلالىسى 32مىڭ يامبۇ، 100 توپ گۈللۈك دارايى، 1500 توپ دۇردۇن ئىنئام قىلغان③. بۇنداق سودا ئارقىلىق ئۇيغۇرلار رايونى بىلەن ئىچكىرىنىڭ مال ئالماشتۇرۇشى كۈچەيگەن، مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشى كۈچەيگەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئالغا سۈرۈلگەنىدى. مىڭ سۇلالىسى دەۋردە شىنجاڭ رايونى بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى ھەر مىللەت خەلقىگە پايدىلىق بولغانلىقتىن، بۇنداق باردى - كەلدىنى ھەر مىللەت خەلقىمۇ قۇۋۋەتلەيتتى. تۇرپان خانلىقى قۇمۇلغا تاجاۋۇز قىلغاندا، مىڭ سۇلالىسى ئۇلارنى چەكلەش ئۈچۈن جىيا يۈگۈەن ئېغىزىنى توسۇۋەتكەنىدى. ئۇيغۇر قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقى بۇنىڭغا قاتتىق نارازى بولۇپ، تۇرپان دائىرىلىرىنى مىڭ سۇلالىسىگە قايتىدىن ئولپان تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلغان ۋە مىڭ سۇلالىسىنىڭ گۈمرۈكلىرىنى ئېچىپ، سودىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغانىدى④.

① «مىڭ يىڭزۇڭ دەۋرانى ھەققىدە خاتىرە»، 344 - جىلد.
② «مىڭ شۋەنزۇڭ دەۋرانى ھەققىدە خاتىرە»، 43 - جىلد.
③ «مىڭ تەيزۇڭ دەۋرانى ھەققىدە خاتىرە»، 114 -جىلد.
④ «ئەلنامە»، 23 - جىلد.

# شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ يىلنامىسى

| تەرتىپى | ھۆكۈمرانىنىڭ نامى | تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتى (مىلادىيە/ھىجرىيە) | ئىزاھات |
|---|---|---|---|
| 1 | تۇغلۇق تۆمۈر خان | 748/1347/48—764/1362/63 | |
| 2 | ئىلياس خوجا | 764/1362/63—765/1363/64 | |
| | جامالىددىن | 765/1363/64—791/1389/90 | دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى |
| 3 | قىزىر خوجا | 791/1389—806/1403دىن ئىلگىرى | |
| 4 | سامساق خوجا | 806/1403—810/1407/08 | |
| 5 | مۇھەممەت | 810/1407/08—818/1415/16 | |
| 6 | شىر مۇھەممەت | 818/1415/16 | تەختتە ئولتۇرۇۋېلا تەختتىن ھەيدەلگەن |
| 7 | نەقشجاھان | 818/1415/16—820/1417/18 | |
| 8 | ئۇۋەيسخان | 820/1417/18—835/1432/33 | |
| 9 | ئىسان بۇقا | 835/1432—866/1461/62 | |
| 10 | دوستمۇھەممەت | 866/1461/62—873/1468/69 | |
| | كېپەك سۇلتان | 873/1468/69—884/1479 | تۇرپان رايونىدىلا ھۆكۈم سۈرەلگەن |
| 11 | يۇنۇسخان | 873/1468/69—892/1487 | |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 12 | مەھمۇت | 892/1487/88—914/1508 | نامدا پۈتۈن دۆلەتنىڭ ھۆكۈمدارى دېيىلسىمۇ، ئەمما، خادلىقىنىڭ غەربىگە ھۆكۈمرانلىق قىلالىغان؛ شەرقىي قىسمى بىلەن ئوتتۇرا قىسمىغىلا ھۆكۈمرانلىق قىلالىغان |
| | ئەھمەت | تەخمىنەن 892/1487—909/1504 | |
| 13 | مەنسۇر | 907/1501/02—949/1542/43 | نامدا پۈتۈن دۆلەتنىڭ ھۆكۈمدارى دېيىلسىمۇ، ئەمما، 1514 - يىلىدىن كېيىن، كۇچانىڭ شەرقىدىكى جايلارغىلا ھۆكۈمرانلىق قىلالىغان |
| 14 | شاھ سۇلتان | 949/1542/43—951/1565 | تۇرپان رايونىغىلا ھۆكۈمرانلىق قىلالىغان |
| 15 | سۇلتان مەسئۇد | 951/1565—956/1570 | 〃 〃 |

## شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى



# يەتتىنچى باب
# يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار

## 1 - بۆلۈم يەكەن خانلىقىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاك بولۇشى

يەكەن خانلىقىنىڭ ئاساسچىسى سۇلتان سەئىدخان شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى ئەھمەتخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى بولۇپ، 1490 - يىلى تۇرپاندا تۇغۇلغان. ئۇ 12 ياش ۋاقتىدا، دادىسى بىلەن بىللە تاغىسى مەھمۇتخاننىڭ ئۆزبېك خانى شايبانىخانغا قارشى تۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئۇرۇشىدا يېڭىلىپ قالدى. شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولۇپ قاچقاندا، سۇلتان سەئىدخان ئوق تېگىپ ئەسىرگە چۈشتى ۋە زىندانغا تاشلاندى. بىر يىلدىن كېيىن شايبانىخان ئۇنى قويۇپ بەردى، ئۇ شايبانىخانغا ئەگىشىپ سەمەرقەندكىچە ئۇرۇش قىلىپ باردى. كېيىن شايبانىخان لەشكەر تارتىپ خارەزمگە كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تاغىسى مەھمۇتخاننىڭ يېنىغا قېچىپ باردى. ئۇ ئازغىنە كۈندىن كېيىن تاغىسىنىڭ «يارامسىز، ئەلنى ئىدارە قىلىشنى بىلمەيدىغان، دۆلەتنىڭ غېمىنى يېمەيدىغان» پادىشاھ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ

بىلەن بىرەر چوڭ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدىغانلىقىنى بايقاپ تاغىسىنى تاشلاپ، قىرغىزلار رايونىغا كېتىپ قالدى، قىرغىزلار ئۇنى ھىمايە قىلىپ، ئۆزىگە سەردار قىلىپ تىكلىدى. بۇ مەزگىلدە مەھمۇت خان بىلەن سەئىدخاننىڭ چوڭ ئاكىسى مەنسۇرخان ئۇنىڭغا دائىم ھۇجۇم قىلىپ تۇردى، ئۇمۇ ئۇلارغا قايتۇرما زەربە بېرىپ تۇردى، بۇ ئۇرۇشلاردا بەزىدە يەڭسە، بەزىدە يېڭىلدى. 1508 - يىلى سەئىدخان مەھمۇت خانغا ھۇجۇم قىلدى، مەھمۇت خان شايبانىخان تەرەپكە قېچىپ بارغاندا، شايبانىخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. شۇ پەيتتە، مەنسۇرخان لەشكەر تارتىپ بېرىپ سەئىدخانغا ھۇجۇم قىلدى. ئاكا - ئۇكا ئىككىسى ئالمۇتا دالاسىدا قاتتىق ئۇرۇشتى، مەنسۇرخان ئۇرۇشتا يەڭدى، سەئىدخان 50 تەك ئادىمى بىلەن فرونتتىن قېچىپ، كۆرمىگەن كۈننى كۆرۈپ، شۇ يىلى يىل ئاخىرىدا ئاران كابۇلغا يېتىپ باردى، ئىمپېراتور بابۇر ئۇنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى، ئۇ بۇ يەردە ئىككى يىل تۇردى.

1511 - يىلى، شايبانىخان ئىران شاھى ئىسمايىلخان بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ ئۆلدى. دوغلات قەبىلىسىدىن ئەمىر سەئىد مۇھەممەت قاتارلىق بىر تۈركۈم يۇقىرى قاتلامدىكى كىشىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ فەرغانە رايونىنى بېسىۋېلىپ، ئۆزبېكلەرنى قوغلاپ چىقاردى ۋە ئىمپېراتور بابۇردىن ياردەم تىلىدى. ئىمپېراتور بابۇر سەئىدخاننىڭ باشچىلىقىدا، ئۆزىنى ھىمايە قىلىدىغان موڭغۇل ئەمىرلىرىنى ياردەمگە ئەۋەتتى. سەئىدخان ئۆزبېكلەرنىڭ ۋە قەشقەردىكى ئابابەكرىنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈردى. 1514 - يىلى ئەتىيازدا، ئۆزبېكلەر كەڭ كۆلەملىك قايتۇرما ھۇجۇم قوزغىدى. سەئىدخان فەرغانىنىڭ دائىم ھۇجۇمغا ئۇچراپ تۇرۇۋاتقانلىقى، يېرىنىڭ تارلىقى، بۇ يەردىن چىقىدىغان ئاشلىق بىلەن بۇنچىۋالا چوڭ قىسىمنى تەمىنلەپ كېتىشنىڭ قىيىن بولغانلىقتىن

ئوتتۇرا ئاسىيانى تىزگىنلەپ تۇرغۇدەك بىر ھاكىمىيەت قۇرۇشنىڭ مۇمكىن بولمايۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ستراتېگىيىلىك يۆتكىلىشنى يولغا قويۇپ، بۇ رايوندىن ئۆزلۈكىدىن چېكىنىشنى ۋە موڭغۇل ئۇلۇسىنى باشلاپ تىيانشان تېغىدىن ئۆتۈپ، قەشقەر رايونىغا كىرىشنى قارار قىلدى.

1514 - يىلى يازدا، سەئىدخاننىڭ لەشكەرلىرى ئاتۇشقا يېتىپ باردى. ئۇ بالا - چاقىسى ۋە يۈك - تاقلىرىنى شۇ يەردە قالدۇرۇپ، 4700 نەپەر جەڭچىنى باشلاپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇ قەشقەرنىڭ شەھەر ئەتراپىدا ئاز - تولا غەلىبە قازانغان بولسىمۇ، لېكىن شەھەرنى ئالالمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇدۇل بېرىپ ئابابەكرىنىڭ پايتەختى يەكەننى ئېلىش قارارىغا كەلدى. يول ئۈستىدە بىر قىسىم سىپاھ - بەگلەر قېچىشقا ئۇرۇنۇپ، ئەسكەرلەرنى دىلغۇل قىلىپ قويدى. سەئىدخان ئاۋۋال يېڭىسارنى ئېلىپ، ئەسكەرلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرمەكچى بولدى. بەش كېچە - كۈندۈز قاتتىق ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، ئابابەكرىنىڭ يېڭىسارنى ساقلاپ ياتقان سەركەردىسى تەسلىم بولدى. يېڭىسارنىڭ ئېلىنىشى بىلەن سەئىدخانغا غەيرەت كىردى. ئابابەكرىنىڭ قەشقەرنى ساقلاپ ياتقان سەركەردىسى شەھەرنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئابابەكرى يەكەننىڭ شەھەر سىرتىدا يېڭى قوبۇل قىلىنغان ئەسكەرلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتاتتى، يېڭىسارنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ۋە قەشقەرنى ساقلاۋاتقان سەركەردىنىڭ شەھەرنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، شۇ ھامان شەھەرگە قايتتى ۋە ئوغلى جاھانگىرنى شەھەرنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى ئېرىغ ماللىرىنى يۇغۇشتۇرۇپ قاچتى. جاھانگىر سەئىدخاننىڭ ئەسكەرلىرى يېقىن كېلىپ قالدى، دېگەننى ئاڭلاپ، ئېلىپ ماڭغىلى بولىدىغانلىكى نەرسىنى ئېلىپ مېڭىش، ئېلىپ ماڭ-

غىلى بولمايدىغان نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇنىڭ بىلەن، گۈللەنگەن يەكەن بىر قېتىم بالايىئاپەتكە ئۇچرىدى. سەئىدخاننىڭ ئەسكەرلىرى ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىماي يەكەنگە كىردى. ئۇنىڭدىن كېيىن سەئىدخان كۇئېنلۇن تېغىدا ئابابەكرىنى قوغلاپ تۇتتى ۋە شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا قەتل قىلدى.

1514 - يىل 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، سەئىدخان دوغلات ئەمىرلىرىنىڭ ھىمايىسى بىلەن خانلىق تەختىگە ئولتۇردى. يەكەننى پايتەخت قىلىپ بېكىتتى. ئۇ يارىشىش ئۈچۈن تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەنسۇرخانغا ئەلچى ئەۋەتتى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مەنسۇرخان سەئىدخاننىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ تۇراتتى، ئەلچىلەر ئېلىپ كەلگەن خەتنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ كەتتى. 1516 - يىلى ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن ئاقسۇ بىلەن كۇچانىڭ ئارىلىقىدا كۆرۈشتى. سەئىدخان مەنسۇرخاننى بەك ئىززەتلىدى ھەمدە خۇتبىنى ئۇنىڭ نامىغا ئوقۇيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ نامىدا پۇل قۇيدۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئىسلامىيەت قائىدىسىدە بۇ ئىككى ئىش ئەڭ يۇقىرى ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ سىمۋولى ئىدى. بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىش شەكىل جەھەتتە تارىمنىڭ بىرلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپلا قالماي، بەلكى سەئىدخاننىڭ سىرتقا قاراپ كېڭىيىشىگە ئىمكانىيەت بەرگۈدەك تىنچ ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ بەردى.

1517 - يىلى، قىرغىزلار فەرغانىگە بېسىپ كىردى، سەئىدخان ئۇلارنىڭ ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ، بۇ رايوننى قايتۇرۇۋالدى. 1522 - يىلى، ئۇ سىر دەرياسىنىڭ ئۈستۈنكى

ئىچىمىدىكى جايلارغا لەشكەر تارتىپ بېرىپ، بۇ رايوننى بېسىپ ياتقان قىرغىزلار بىلەن قازاقلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، چوڭ ئوغلى ئابدۇرەشىدنى ئۇ يەرنى ساقلاشقا قالدۇردى. لېكىن كېيىن قازاقلار بۇ رايونغا يەنە بېسىپ كىردى. ئابدۇرەشىد تەڭ كېلەلمەي، قەشقەرگە چېكىندى. سەئىدخان 1519 - يىلى ۋە 1530 - يىلى بەدەخشانغا ئىككى قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، بۇ رايوننىڭ يېرىمىنى يەكەن خانلىقىنىڭ زېمىنىغا قوشۇۋالدى.

سەئىدخان ئىسلام دىنىنىڭ ئېتىقادچىسى بولغاچقا، يات دىندىكىلەرنىڭ ئۈستىدىمۇ «غازات» قوزغاپ تۇردى. كەشمىر، لاداق ھەتتا ئالدى تىبەت ۋە ئارقا تىبەتلەرمۇ ئۇنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانىدى. سەئىدخان 1533 - يىلى لاداققا قارشى «غازات» ئۇرۇشىنى قوزغىغاندا، ئېگىز تاغنىڭ ھاۋاسى خىل كەلمەي ئۆلۈپ كەتتى.

بەزى مۇسۇلمان يازغۇچىلار سەئىدخاننى كەڭ قورساق، رەھىمدىل، مەرد، چەۋەنداز، جەسۇر - قەھرىمان، گەپتىمۇ، قەلەمدىمۇ بار، مۇزىكانتلىق بابىدا يېتىشكەن، جىمى سازنى چالالايتتى، دەپ بەك چوڭ بىلىدۇ. «تارىخى رەشىدى»دە، سەئىدخان «خانلىقنى تۈزەپ مۆمىنچىلىك قىلىۋەتكەنىدى. يۇقىرىسى بەگ - بەگات، ئېسىلزادىلەردىن، تۆۋىنى پۇقرايى - پەقىرلارغىچە ھەممە كىشى ئەدەب - سۆلكەتلىك ئىدى، ئەلدە غەم - قايغۇ يوق ئىدى»* دېيىلىدۇ. بۇ، سەئىدخاننىڭ ھەقىقەتەن بىر قەدەر دانا خان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەلنى ئىدارە قىلىشقا بۇنداق ماھىر پادىشاھ شۇ زاماندىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا كەمدىن كەم تېپىلاتتى. ئۇ يېڭى خانلىقنى قۇرغاندىن كېيىن، ئومۇمىي-لىقنى ئەلا بىلىپ، خانلىقنى تىنىچ يول بىلەن بىرلىككە

---

* «تارىخى رەشىدى» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى، 2 - بۆلۈم، 256 - بەت.

كەلتۈردى، ھالىدىن كەتكەن خانلىقنىڭ ئارام ئېلىپ دەرمان توپلىۋېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىنى تىنچىتىپ، خارابلاشقان ئىگىلىك ۋە مەدەنىيەتنىڭ قايتىدىن جانلىنىشىغا ئىمكان بەردى.

1533- يىلى، ئابدۇ رەشىدخان ئاتىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. ئابدۇرەشىدخان دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى ئىلياس خوجا دۇچ كەلگەن ۋەزىيەتكە ئوخشىشىپ كېتەتتى: يەنى ئۇنىڭ ئالدىدا دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرىگە قورچاق بولۇپ قېلىش، ھەتتا تەختنى تارتقۇزۇپ قويۇش خەۋپى مەۋجۇت ئىدى. لېكىن ئابدۇ رەشىدخان دەھشەتلىك ئۇرۇشلاردا چېنىققان، جەڭگەرلىك ياش پادىشاھ بولغانلىقتىن، ئۇ تەختكە چىقىش بىلەنلا دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرىنى كەسكىن باستۇردى. تارىختا دوغلات قەبىلىسى ئەمىرىنىڭ جەمەتىدە 12 خىل ئىمتىياز بولغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. ئۇنىڭدىن ئەدەب-قائىدە جەھەتتىكى پەخرىي ئىمتىيازلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ماھىيەتلىك ئىمتىيازلاردىن توققۇز خىل ئۆلۈمنى كەچۈرۈم قىلىش ھوقۇقى، خوشۇت ئەمىرى (مىڭبېگى) نى تەيىنلەش ھوقۇقى بار ئىدى؛ خاننىڭ بارلىق پەرمانلىرى خۇدايدات ئىمزا قويغاندا ئاندىن كۈچكە ئىگە بولاتتى. دېمەك، خانلىقنىڭ ھاكىمىيىتى ئەمەلىيەتتە دوغلات قەبىلىسى ئەمىرىنىڭ قولىدا ئىدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى ئۇۋەيسخانغا ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە ئىنئام بېرىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئەلچى ئەۋەتكەندىمۇ خۇدايداتنىڭ ئىسمىنى ئالاھىدە تىلغا ئالاتتى*. يۇنۇسخان خان دەۋرىدە، دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئىچىدە جېدەل چىقىپ، ئابابەكرى قەشقەر رايونىنى كونترول قىلىۋالدى ۋە ئۆزى بەگ بولۇۋالدى. بۇ جەمەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۆرەشتە يېڭىلىپ

* «مىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخى»، 332 - جىلد، «بېشبالىق تەزكىرىسى».

چىگرىدىن قېچىپ چىقىپ كەتكەن سەئىد مۇھەممەت (ئابابەك رىنىڭ ئىنىسى) 1511 - يىلى فەرغانە رايونىنى ئىشغال قىلىپ، قېچىپ كەتكەن سەئىدخانىنىڭ قايتىدىن كېلىشىنى قارشى ئالدى ھەم ئۇنىڭ قەشقەرگە لەشكەر تارتىشىنى قوللىدى. سەئىدخان خانلىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىنمۇ ھەربىي - مەمۇرىي ھوقۇق يەنىلا دوغلات قەبىلىسى ئەمىرىنىڭ قولىدا ئىدى. ئابدۇ رەشىدخان ھەش - پەش دېگۈچە دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى سەئىد مۇھەممەتنى بالا - چاقىسى بىلەن قوشۇپ تۇتۇپ ئۆلتۈردى. ئۇ چاغدا دوغلات قەبىلىسىنىڭ يەنە بىر ئەمىرى مۇھەممەت ھەيدەر لەشكەر تارتىپ بېرىپ كەشمىرنى ئىستېلا قىلىۋاتاتتى. مۇھەممەت ھەيدەر ئابدۇ رەشىدخانىنىڭ دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرىنى باستۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ، يەكەنگە قايتىپ كېلەلمەي، 20 نەچچە كىشىنى ھەمراھ قىلىپ ھىندىستانغا قاچتى، كېيىن كەشمىرگە ھۆكۈمدار بولدى. سەئىد مۇھەممەتنى ھىمايە قىلىدىغان بىر نەچچە ئەمىر سەئىدخانىنىڭ كىچىك ئوغلىنى خوتەنگە ئەپقېچىپ، ئوچۇقتىن ئوچۇق ئاسىيلىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، دوغلات قەبىلىسى ئەمىرلىرىنىڭ جەمەتى ئابدۇرەشىدخان تەرىپىدىن ئاساسەن يوقىتىلدى.

سەئىد ئابدۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مەنسۇرخان لەشكەر تارتىپ ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلدى؛ ئابدۇرەشىدخانمۇ ئەسكەر باشلاپ ئۇنىڭغا قارشى جەڭگە ئاتلاندى. مەنسۇرخان ھېچنېمە قىلالماي ئارقىسىغا يېنىپ قاچتى. مەنسۇرخان كېيىن يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قوزغىدى، ئابدۇ رەشىدخان يەنە ئەسكەر باشلاپ چىقىپ جاجىسىنى بەردى ۋە نۇرغۇن ئادىمىنى ئەسىر قىلىپ، غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئابدۇرەشىدخان يەنە ئۆزبېك خانى شايبانىخان بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئەسكەر چىقىرىپ قازاقلارغا

ھۇجۇم قىلىپ، سىر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى رايونلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى قايتا تىكلىدى. 1559 -، 1560 - يىللىرى (ھىجرىيىنىڭ 967 - يىلى)، سۇلتان ئابدۇ رەشىدخان ئۆزىگە تەۋە جايلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە چىقىپ، خوتەندە ۋاپات بولدى.①

ئابدۇ رەشىدخان ئۆلگەندىن كېيىن، ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇكېرىم تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. يەتتىنچى ئوغلى قۇرەيش (خوتەننىڭ نائىبى) ئاسىيلىق قىلىپ، تۇرپان رايونىغا بېسىپ كىردى. ئابدۇكېرىم ئىنىسى مۇھەممەت (ئاقسۇنىڭ نائىبى)، سوپى (قەشقەرنىڭ نائىبى)، ئەبۇ سەئىد (خوتەنگە يېڭىدىن نائىب بولغان) لەرنى ئۇنى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى. قۇرەيش ئۇرۇشتا يېڭىلىپ، ھىندىستانغا سۈرگۈن قىلىندى. شۇنىڭدىن باشلاپ تۇرپان رايونى بىلەن قۇمۇل رايونى يەركەن خانلىقى-نىڭ زېمىنىغا قوشۇلدى②. شەرقىي چاغاتاي خانلىقى دەۋ-رىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، تىيانشاننىڭ جەنۇبى شەرق، غەرب دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن ۋەزىيەت ئاخىر ئاياغلاشتى.

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن تارىخشۇناس شاھ مەھ-مۇت جوراسنىڭ يېزىشىچە، ئابدۇكېرىم ئادىل ھەم كامىل پادىشاھ ئىدى. ئۇ ھەپتىدە ئىككى كۈن پۇقرالارنى ئاشكارا قوبۇل قىلىپ، ئەرز - شىكايەتلەرنى ئاڭلاپ، شەرىئەت بويىچە ھۆكۈم چىقىراتتى؛ ئۇ خانلىقنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى ھەممىشە

---

① سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئۆلۈمى ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ پائالىيىتى توغرۇلۇق شاھ مەھمۇت جوراس يازغان «تاۋارىخ» قا قاراڭ. موسكۋا 1976 - يىل نەشرى.

② ۋېي لياڭتاۋنىڭ «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تۇرپان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ، «تارىخ تەتقىقاتى» نىڭ 1986 - يىل 6 - سانىغا بېسىلغان.

ۋەزىر، سەركەردىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشەتتى، جازانىخورلارنى جازالايتتى. ئۇنىڭ دەۋرىدە ئەل ئامان، خەلق شاد - خورام ئىدى.

ئابدۇكېرىم 1591 — 1592 - يىللىرى (ھىجرىيىنىڭ 1000 - يىلى) ئۆلدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن تەختكە ئىنىسى مۇھەممەت ۋارىسلىق قىلدى. مۇھەممەتخاننىڭ دەۋرىدە، خانلىق تازا قىرانىغا يەتكەنىدى. بۇ دەۋردە يەكەن، خوتەن، قەشقەر، سېرىققول (تاشقورغان)، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا، چالىش (قاراشەھەر)، تۇرپان، قۇمۇللاردا خۇتبە مۇھەممەتخاننىڭ نامى بىلەن ئوقۇلاتتى ۋە پۇل قويۇلاتتى. مۇھەممەتخان پۇقرالارغا كەڭ قورساق ئىدى، جازانىخورلارنى چەكلەيتتى. ئۇ تۇرپاندا نائىب بولۇپ تۇرغاندا، مىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتكەنىدى. يەركەن خانلىقىنىڭ مىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى قويۇق ئىدى، ئۇلار بۇ ئالاقىنى «ئالتۇن يول» دەپ بىلەتتى، كىمكى بۇ يولنىڭ راۋانلىقىغا كاشىلا قىلسا، خانلىقنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايتتى*. مۇھەممەتخان 18 يىل ھۆكۈم سۈرۈپ، 1609 — 1610 - يىللىرى (ھىجرىيىنىڭ 1018 - يىلى) ئۆلدى.

مۇھەممەتخان ئۆلگەندىن كېيىن، تەختكە ئوغلى ئەخمەت ۋارىسلىق قىلدى. قىرغىزلار مۇھەممەتخاننىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئەسكەر چىقىرىپ ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلدى. ئەخمەتخان ئەسكەر يۆتكەپ، قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈردى. لېكىن شۇنىڭدىن باشلاپ قىرغىزلار يەكەن خانلىقى ئۈچۈن ئېغىر تەھدىت بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىمۇ مۇقىم بولمىدى: شېرىپىدىن سۇلتان (ئابدۇرەشىدخاننىڭ نەۋرىسى، يۇنۇس سۇلتاننىڭ ئوغلى) بەزى ئەمىرلەرنىڭ قوللىشى بىلەن قەشقەردە ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى.

* ۋاڭ چۇڭ: «سەنشىلىك شى بېنبىڭنىڭ سۇنغان مەلۇماتلىرى»، 6 - جىلد.

ئەخمەتخان ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇلارنى بېسىقتۇردى. تۇرپاننىڭ نائىبى ئابدۇرەھىم (ئابدۇرەشىدخاننىڭ كەنجى ئوغلى) قاراشەھەرنىڭ شەرقىدىكى كەڭ رايونلارنى كونترول قىلدى ھەم ئاقسۇغا لەشكەر تارتتى. ئەخمەتخان شەخسەن ئۆزى لەشكەر تارتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ غەربكە كېڭىيىشىنى توستى. لېكىن شۇنىڭدىن كېيىن، ئابدۇرەھىم ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى، ئۇنىڭ ئەۋلادى خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇردى. كېيىن ئاقسۇنىڭ نائىبى، ئەخمەتخاننىڭ كۈيئوغلى ئىسكەندەرمۇ ئاسيىلىق قىلدى، يەكەن خانلىقى بۇ ئىسيانلارنى نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلىپ ئاران بېسىقتۇردى. 1618 – 1619 – يىللىرى (ھىجرىيىنىڭ 1028 – يىلى) ئويۇن – تاماشىغا بېرىلىپ كەتكەن ئەخمەتخان ئوۋ ئوۋلاپ بارچۇققا بارغاندا، توپىلاڭچى ئەمىرلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. توپىلاڭچىلار قۇرەيش (ئابدۇرەشىدخاننىڭ نەۋرىسى، يۇنۇس سۇلتاننىڭ ئوغلى) نى خان قىلىپ تىكلىدى ۋە يەكەننى بېسىۋالدى. قەشقەرنىڭ ئەمىرلىرى ئەخمەتخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇللېتىپنى خان قىلىپ تىكلىدى ھەم يەكەنگە يۈرۈش قىلىپ، قاتتىق جەڭ ئارقىلىق توپىلاڭچى قىسىملارنى يوقاتتى. فېئودال تەپرىقىچىلەرنىڭ بۇ بىر قاتار يېغىلىرى ۋە خانلىق تەختىنى تالىشىش يولىدىكى كۈرەشلىرىدە، ئۇرۇش قىلغۇچى ھەر ئىككى تەرەپ قىرغىز، قازاق، ئويراتلارنىڭ ۋە خوجىلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشتى.

خوجىلار يەكەن خانلىقى دەۋرىدە تارقالغان بىر ئىسلام مەزھىپى بولۇپ، بۇ مەزھەپ ئابدۇكېرىمخان دەۋرىدىلا يەكەن خانلىقى زېمىنىغا ئاياغ بېسىپ كىرگەنىدى. «قىسسەسۇلئەنبىيا» نىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتىشىچە، ئابدۇكېرىمخان دەۋرىدە، خوجا ئىسھاق ماۋرائۇننەھردىن يەكەن خانلىقىغا كېلىپ، جايلاردا

ئۇرغۇن يىل دىن تارقاتقان بولسىمۇ، ئابدۇكېرىمخان ئۇنىڭغا قىزغىن مۇئامىلە قىلمىغانلىقتىن، ۋەزىيەت يارىتالماي، سەمەرقەندكە قايتىپ كەتكەن. لېكىن مۇھەممەتخان ئاقسۇغا نائىب بولۇپ تۇرغاندا، ئىسھاقنىڭ ئايىغىغا سەجدە قىلىپ، ئىخلاسمەن سوپىلاردىن بولۇپ قالغان. مۇھەممەت خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇش بىلەنلا ئىسھاق خوجىغا: مەن بولسام ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ پەس قولى، ئۆزلىرىنىڭ يولىغا بېشىمنى ئاتاپ قويدۇم، دەپ ئەلچى ئەۋەتكەن. كېيىن ئىسھاق خوجىنىڭ ئوغلى مۇھەممەت يەھيا (شاد خوجا دېگەن نام بىلەن مەشھۇر) سەمەرقەندتىن يەكەن خانلىقىغا كەلگەن. مۇھەممەتخان يەكەن شەھىرىنىڭ سىرتىغا — ئىككى ئۆتەڭ يىراق يەرگە بېرىپ كۈتۈۋالغان، ئۇنىڭ ئېتىنى يېتىلەپ ئوردىغا باشلاپ كىرىپ، چەكسىز ئىززەت-ئىكرام بىلدۈرگەن. خوجا ئىسھاقنىڭ تەسىر كۈچى شۇنىڭدىن باشلاپ يەكەن خانلىقىنىڭ ئوردىسىغا سىڭىپ كىرىپ، ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى بىلەن جاي-جايلاردا تەرەققىي قىلدى. خوجا ئىسھاق تەرەپ قارا تاغلىقلار دەپ ئاتالدى. كېيىن خوجا ئىسھاقنىڭ ئىنىسىنىڭ ئوغلى مۇھەممەت يۈسۈپمۇ ماۋرائۇننەھردىن يەكەن خانلىقىغا كېلىپ، قەشقەردە پائالىيەت ئېلىپ باردى. بۇ تەرەپ ئاق تاغلىقلار دەپ ئاتالدى. بۇ ئىككى دىنىي مەزھەپنىڭ ھەر ئىككىسى يۇقىرىسى بەگ-بېگاتلارغىچە يامىشىپ، تۆۋىنى ئاددىي پۇقرالار ئارىسىغا تارقىلىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرىپىگە سىڭىپ كىردى. ئۇلار ھەددى-ھېسابسىز دىنىي مۈلۈك، جۈملىدىن ۋەخپە يەر، دۇكان، كارخانا، تۈگمەنلەرگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، سوپىزمغا خاس ئۇسۇل بىلەن كەڭ تۈردە مۇرىت توپلاپ، «ئېتىقاد» ئۈچۈن جەڭ قىلىدىغان قوراللىق كۈچ تەشكىل قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ھاكىمىيەتنىڭ قوللىغۇچىسى بولغان خوجىلار بىر مەھەل ھاكى-

مىيەتنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى. ئىككى تەرەپ خوجىلارنىڭ كۈچىنىڭ ئۈلغىيىشىغا ئەگىشىپ، دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈرەش كۈنسېرى كەسكىنلەشتى، قارا تاغلىقلار بىلەن ئاق تاغلىقلار بىر بىرى بىلەن سىغىشالمايدىغان سىياسىي رەقىبكە ئايلاندى. ئۇلارنىڭ ئالقىنىدىكى يەكەن خانلىقىدا يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا كۈرىشى بارغانسېرى ئۈلغىيىپ، يىغا تۈگىمەي، خەلققە زور بالايىئاپەت كەلتۈردى، خانلىقنىڭ كۈچىنى بەك خورىتىۋەتتى. ھەتتا يەكەن خانلىقى ئۇلارنىڭ قولىدا بەربات بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ كۈرىشى توختىمىدى. ئابدۇللىتىپخان دەۋرىدە قىرغىزلار يەكەن خانلىقىغا بېسىپ كىرگەنىدى. ئابدۇللىتىپخان ئەمەلىيەتتە سىرىغان جاي شەرق تەرىپى كۇچادىن غەرب تەرىپى بەدەخشانغىچە ئىدى. ئۇ 12 يىل تەختتە ئولتۇرۇپ، 1630~1631 - يىللىرى (ھىجرىيىنىڭ 1040 - يىلى) ئۆلدى. بۇ خان ئۆلگەندىن كېيىن، ۋەزىرلەر بىلەن ئەمىرلەر ئادەم ئەۋەتىپ ئاقسۇدىن سۇلتان ئەخمەت (ئەخمەتخاننىڭ نەۋرىسى، تۆۋەر سۇلتاننىڭ ئوغلى) نى ئالدۇرۇپ كېلىپ، خانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزدى. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي، سۇلتان ئەخمەتخاننى تەختكە چىقارغان بۇ ئەمىرلەر ئوتتۇرىسىدا ھوقۇق تەڭ تەقسىم قىلىنمىغانلىقتىن جېدەل چىقتى. سۇلتان ئەخمەتخاننىڭ ئىنىسى سۇلتان مەخمۇت يەكەنگە كېلىپ، خانلىق تەختىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتتى. مەخمۇت دىنىي كۈچتىن مەدەت ئېلىش ئۈچۈن، خوجا لېتىپنىڭ قىزىغا ئەلچى ئەۋەتتى. لېكىن سۇلتان ئەخمەتخان ئۇنىڭ غەرىزىنى بىلىپ قېلىپ، خوجا لېتىپنىڭ قىزىنى نىكاھىغا ئېلىۋالدى. سۇلتان مەخمۇت يەكەندىن قېچىپ بېرىپ، ئاقسۇدا ئەمىرلەر ۋە قىرغىزلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، يەكەنگە ھەر يىلى ھۇجۇم قىلىپ تۇردى. سۇلتان ئەخمەتخان تاقابىل تۇرۇش

تەدبىرلىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن يىغىن ئاچقاندا،
خوجا لېتىپ شەھەر مۇداپىئەسىنى پۈختىلاشنى تەشەببۇس قىلدى.
لېكىن بەزى ئەمىرلەر ئەسكەر چىقىرىپ ئۇرۇش بىلەن جاۋاب قايتۇ-
رۇشنى تەشەببۇس قىلدى. مۇنازىرە نەتىجىسىدە كېيىنكى خىل پىكىر-
دىكىلەر ئۈستۈن كېلىپ. سۇلتان ئەخمەتخان لەشكەر تارتىپ ئۇرۇشقا
ئاتلاندى. ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنى روبىرو كەلگەندە، خاننىڭ
ئوڭ ۋە سول تەرىپىدىكى سەپ بۇزۇلۇپ، جەڭچىلەر ئارقىغا
قاراپ قاچتى، خانمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ قېچىپ ئاقسۇغا باردى.
سۇلتان مەخمۇت غالىبلارچە يەكەنگە كىرىپ، خانلىق تەختىدە
ئولتۇردى، خوجا لېتىپنى ۋە ئىلگىرى ئۆزىگە قارشى تۇرغان
ئەمىرلەرنى بەلخ (ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ مازارى شېرىپ
دېگەن يېرىنىڭ غەربىي شىمالىدا) كە سۈرگۈن قىلدى. يۇقىرى-
قىلار 1632~1633 - يىللىرى (ھىجرىيىنىڭ 1042 - يىلى)
يۈز بەرگەن ۋەقەلەردۇر.

خانلىقنىڭ غەربىي قىسمىدا ئۆزۈلمەي يىغا بولۇۋاتقان
چاغلاردا، خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمى ئابدۇرېھىم خاننىڭ
ھۆكۈمرانلىقىدا بىرقەدەر تىنچ ئىدى، مىڭ سۇلالىسى بىلەن
بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى داۋاملىشىپ كەلمەكتە ئىدى.
ئابدۇرېھىم خان بۇ يەرنى 40 يىل سوراپ، 1635 - يىلى ئۆلدى.
ئۇ ھايات ۋاقتىدا چوڭ ئوغلى ئابدۇللاغا قارا شەھەرنى بەخ-
شەندە قىلغانىدى. سۇلتان ئەخمەتخان يەكەندىن ئاقسۇغا
قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، ئابدۇللا ئەمىرلەرنىڭ تەلىپى بىلەن
ئاقسۇغا لەشكەر تارتتى. شەھەر مۇھاسىرىدە قالغاندىن كېيىن،
ئاقسۇدىكى دىنىي كاتتىباشلاردىن قازى شاھ، خوجا مۇھەممەت،
ناسىر ۋە بەزى ئەمىرلەر ئابدۇللا تەرەپكە ئۆتتى. سۇلتان
ئەخمەتخان يەكەنگە قېچىپ كەتتى. سۇلتان مەخمۇتخان
ئۇنى سۈرگۈن قىلىشقا يارلىق چۈشۈرگەندە، شادى خوجا بىلەن

خان سانىيە ئۇنى تىلىۋالغانلىقتىن، كەچۈرۈم قىلىندى. سۇلتان
مەھمۇتخان ئۇنىڭغا سىلىق مۇئامىلە قىلدى. ئۈچ ئايدىن كېيىن،
سۇلتان مەھمۇتخان شادى خوجا تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى،
سۇلتان ئەخمەت يەنە بىر قېتىم تەختكە چىقىرىلدى. ئۇزۇن
ئۆتمەي ئابدۇللا ئاقسۇدىن قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى، سۇلتان
ئەخمەتخان يەڭدى، لېكىن ئابدۇللا شادى خوجىنىڭ ھىمايىسىدە
تىنچ - ئامان ئاقسۇغا قايتىپ كېلىۋالدى. مۇشۇنداق سىياسىي
ۋەزىيەتتە، يەكەن ۋە خوتەندىكى بەزى ئەمىرلەر ئارقا - ئار-
قىدىن ئاقسۇغا باردى. بۇنىڭ بىلەن ئابدۇللا تېخىمۇ قۇدرەت
تېپىپ، 1638~1639 - يىللىرى (ھىجرىيىنىڭ 1048 - يىلى)
قەشقەرگە يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلدى. يەكەننىڭ دىنىي
باشلىقلىرى بىلەن كۆپ قىسىم ئەمىرلىرى ئابدۇللا تەرەپكە
ئۆتۈپ كەتتى. سۇلتان ئەخمەتخان ئامەتنىڭ كەتكەنلىكىنى
كۆرۈپ، خانلىق تەختىنى تاشلاپ، بەلخكە قېچىپ كەتتى.
ئابدۇللا يەكەنگە باردى، شادى خوجا، خوجا ناسىر ئاخۇنۇم،
ەوللا سالىخ ئاخۇنۇم ۋە ۋەزىر، ئەمىرلەر ئۇنى قارشى ئېلىپ،
خانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، يەكەننىڭ
خانلىق تەختى ئابدۇ رەشىد خاننىڭ كىچىك ئوغلى ئابدۇللانىڭ قولىغا
ئۆتتى، خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمى بىلەن غەربىي قىسمى يەنە
بىرلىككە كەلدى. لېكىن خانلىقنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى شۇنىڭ-
دىن ئېتىبارەن پۈتۈنلەي خوجىلارنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالدى.

ئابدۇللاخان دەۋرىدە، ئويراتلارنىڭ كۈچى تېخىمۇ ئۇلغايدى،
ئۇلار يەكەن خانلىقىغا بىرنەچچە قېتىم بېسىپ كىردى، ئۇلار-
نىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدى خوتەنگىچە يېتىپ باردى. ئويراتلار-
نىڭ قۇتۇرتىشى بىلەن كۇچامۇ ئاشكارا يۈز ئۆرۈدى. بۇ قېتىم-
قى توپىلاڭنى ئابدۇللا ئۆزى لەشكەر تارتىپ بېرىپ باستۇردى.
ئارقىدىن يەنە بولور ۋە بەدەخشانغا ئەسكەر ئەۋەتتى. ئۈچ ئاي

جازا يۈرۈشى قىلىش ئارقىسىدا بۇ ئىككى رايوننى بويسۇندۇرۇپ، بۇ يەرلەرنى خانلىقنىڭ ھۆددۇتلۇقىغا قايتىدىن كىرگۈزدى. ئابدۇللاخان خانلىقنىڭ غەربىي شىمالىدىكى زېمىننى قايتۇرۇۋېلىشنى نىيەت قىلىپ جايلاردىن ئەسكەر يۆتكەپ، قەشقەر ئارقىلىق فەرغانە رايونىغا كىردى، ئۇش خەلقى شەھەردىن چىقىپ قارشى ئالدى. لېكىن خاننىڭ ئەسكەرلىرى بۇ شەھەرنى ئاياپ قويمىدى، بولۇشىغا بۇلىدى ۋە ۋەيران قىلدى. بۇ چاغدا قىرغىزلارنىڭ ئاقسۇ، ئۇچتۇرپانغا قوغلاپ بارغان ئەسكەرلىرىمۇ فەرغانىگە يېتىپ باردى. ئىككى تەرەپ بەش كېچە - كۈندۈز قاتتىق سوقۇشۇپ، ئاخىر قىرغىزلار يەڭدى، يەكەن خانلىقىنىڭ ئەسكەرلىرى قەشقەرگە چېكىندى. بىر يىلدىن كېيىن، ئابدۇللاخان ئەسكەر توپلاپ قىرغىزلارغا ھۇجۇم قىلىپ، يەنە قاتتىق مەغلۇپ بولدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا شادى خوجىمۇ قاتناشقانىدى. ئۇ يەكەنگە قايتىپ بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلدى. ئابدۇللاخان مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي، يارلىق چۈشۈرۈپ 40 مىڭ ئەسكەر توپلاتقۇزدى. بۇ — خانلىقنىڭ تارىخىدا كۆلىمى ئەڭ زور قوشۇن ئىدى، قوشۇنغا خاننىڭ چوڭ ئوغلى يولۋاس ۋە بەزى ئاتاقلىق سەركەردىلەرمۇ قاتناشتى. ئابدۇللاخان لەشكەر تارتىپ بېرىپ ئەنجان شەھىرىنى ئالدى، ئەسكەرلەر شەھەرنى خالىغىنىچە بۇلىدى، تالىدى، ئوت قويدى، قىرغىنچىلىق قىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەكەنگە قايتىپ كەتتى. ئۇنىڭ كېتىشىگىلا ئەنجانلىقلار قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئابدۇللاخان يەنە يېڭىباشتىن ئۇرۇشقا ئاتلاندى، بۇ ئۇرۇشقا قىرغىزلارمۇ قاتناشتى. ئەنجانلىقلار شەھەرنى قاتتىق ساقلىدى، ئابدۇللاخان ھەپىلىشىپ شەھەرنى ئالالماي، ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇپ ئەكەتتى.

ئابدۇللاخان ئىلگىرىكى خانلار ۋاقتىدا ئىشلىگەن ئەمىرلەرگە ئىشەنگۈسى كەلمەي، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئۆز يېقىنلىـ

رىنى ئىشلەتمەكچى بولدى. ئەمىرلەر بۇنىڭدىن بىئارام بولۇشتى، بەزى ئەمىرلەر يولۋاسنى خان قىلىپ تىكلىدى. ئابدۇللا ئۇشتۇمتۇت يېتىپ كەلدى، يولۋاس قورقۇپ كېتىپ، ۋەقەنىڭ ئۆتمۈشىنى دادىسىغا دەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللاخان ئاسىيلىق قىلغان ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ھىندىستانغا سۈرگۈن قىلدى. قىرغىزلارنىڭ لەشكەر باشلىقلىرىمۇ دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ، ئۆز ئادەملىرىنى باشلاپ يەكەندىن كەتتى. ئابدۇللا ئۇلارنى قوغلاش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى، بۇنىڭ بىلەن بىر قەپەس يېغا بولدى، قىرغىزلاردىن 10 مىڭغا يېقىن ئادەم ئۆلدى.

ئابدۇللاخان ئۇيىراتلارغا قارشى ئىككى قېتىم ئۇرۇش قىلىپ، ھەر ئىككى قېتىمدا مەغلۇپ بولدى. ئۇيىراتلارمۇ خوتەن رايونىغا ھۇجۇم قىلدى، ئابدۇللاخان بىلەن يولۋاس يەكەن ۋە قەشقەرنىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ بېرىپ، ئۇلارنى قوغلاپ چىقاردى.

يولۋاس ئاتىسىدىن تېخىمۇ چوڭ، تېخىمۇ كۆپ ھوقۇق تەلەپ قىلدى، ئاتا - بالا يىرىكلەشتى، ئەمەلىيەتتە، بۇ، ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ قارا تاغلىق خوجىلاردىن تېخىمۇ كۆپ ھوقۇق بېرىشىنى تەلەپ قىلغانلىقى ئىدى. ئاق تاغلىق خوجىلار يەكەن ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىغا سىڭىپ كىرىشكە جېنىنىڭ بارىچە ئۇرۇندى. بۇنىڭدىن ئابدۇللاخان گۇمانلىنىپ، ئۇلارنى قاتتىق قىردى، نۇرغۇن ئەمىرلەر ئۇنىڭ ئوغلى يولۋاس تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. ھەممە كىشى بىزار بولغان ئەھۋال ئاستىدا، 1667 - يىلى ئابدۇللاخان خانلىق تەختىدىن نائىلاج ۋاز كېچىپ، ئەرەبىستانغا ھەج قىلغىلى كەتتى.

ئابدۇللاخاننىڭ كېتىشى بىلەنلا، قارا تاغلىق خوجىلاردىن مۇھەممەت ئابدۇللا (شادى خوجىنىڭ ئوغلى) كۆپ قىسىم ئەمىرلەرنى ۋە مۇرىتلارنى باشلاپ يەكەندىن ئاقسۇغا بېرىپ، ئاق-

سۇنىڭ ئەمرى بىلەن بىرلەشتى، كېيىن بۇبىلوكقا خوتەننىڭ ئەمرىمۇ قاتناشتى. ئىشنى پۇختىلاش ئۈچۈن، ئۇلار ئۇيراتلارنىڭ ھۆكۈمدارى ئالتۇن تەيجىگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئىسمايىل (ئابدۇللەتىپنىڭ ئوغلى، ئابدۇللانىڭ ئىنىسى) نى سوراپ ئەكىلىپ، خان دەپ جاكارلىدى ۋە يەكەنگە يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلدى، ئالتۇن تەيجىمۇ ئەسكەر ئەۋەتىپ ياردەم بەردى. قەشقەردىكى يولۋاسمۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال يەكەنگە قوشۇن تارتىپ ماڭدى. ئىككى تەرەپ يەكەنگە يېقىن بىر يەردە ئۇچرىشىپ، قاتتىق سوقۇشتى. يولۋاس مەغلۇپ بولۇپ، شەھەرگە چېكىندى، ئىسمايىل ھەپىلىشىپ شەھەرنى ئالالماي، ئاقسۇغا قايتىپ كەتتى.

1668 - يىلى (ھىجرىيىنىڭ 1078 - يىلى)، ئاق تاغلىق خوجىلار ۋە ئەمىرلەر يولۋاسنى خان قىلىپ تىكلىدى. ئۇلار قارا تاغلىقلارغا ئەگىشىپ ئاقسۇغا بارغان مۆرىتلار بىلەن ئەمىرلەرنىڭ بالا - چاقىلىرىنى پاجىئەلىك تۈردە قىردى ھەم ئەسكەر ئەۋەتىپ ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلدى. ئىككى تەرەپ خوجىلارنىڭ چاڭگىلىدىكى يەكەن خانلىقىنىڭ تەختىنى تالىشىش كۈرىشىگە جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىدىكى قارىمۇ قارشى ئىككى تەرەپمۇ ئاكتىپ قاتناشتى. ئالتۇن تەيجى ئىسمايىل خاننى داۋاملىق قوللىدى، زەڭگى تەيجى يولۋاسنى قوللىدى. بۇ يىغىندا يولۋاسخان يەڭگەن بولسىمۇ، لېكىن قەشقەر زەڭگى تەيجىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. يولۋاسخان ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ۋە خانلىق ھوقۇقىنىڭ سىمۋولى (تۇغ - سۇتۇق، تامغا، دەستەك) نى زەڭگى تەيجىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزى يەكەنگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. زەڭگى تەيجى يولۋاسخاننىڭ كىچىك ئوغلىنى خانلىق تەختىگە يۆلەپ چىقاردى ھەم بۇ قورچاققا ھامىي تەيىنلىدى.

يولۋاس يەكەنگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، زەڭگى تەيجىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك سەركەردىسى ئەرك بەگمۇ ئۇ يەرگە يېتىپ باردى. ئۇ ئۇزۇنغا قالماي خەلقنىڭ نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئەمىرلەرنى قوزغىتىپ ئىسيان كۆتۈرگۈزدى، ئىسيانچىلار ئوردىغا بېسىپ كىرىپ، يولۋاسخاننى ئۆلتۈرۈپ، خاننىڭ يەنە بىر گۆدەك ئوغلى ئابدۇللېتىپنى خان دەپ جاكارلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئابدۇللېتىپ ئانىسى بىلەن بىرلىكتە، توپىلاڭ كۆتۈرگەن ئەمىرلەرنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىدى. ئەرك بەگ قەشقەرگە قېچىپ كەتتى. ئۇ يول ئۈستىدە ئاقسۇدىكى ئىسمايىلغا ئادەم ئارقىلىق خەت ئەۋەتىپ، ئۇنى يەركەنگە لەشكەر تارتىشقا دەۋەت قىلدى. ئىسمايىل ئەسكەر چىقىرىشنى قارار قىلدى. يەھيا خوجا مۇرىتلىرى بىلەن ئۇرۇشقا قاتناشقاندىن باشقا، ئالتۇن تەيجىمۇ چوڭ ئوغلى چو جىچىننى قوشۇن باشلاپ ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا ئەۋەتتى. ئىسمايىلنىڭ ئەسكەرلىرى يول بويى ئۇرغۇن قېتىم جەڭ قىلىپ، يەكەن شەھىرىگە قىستاپ كەلگەندە، ئابدۇللېتىپخان قەشقەرگە قېچىپ كەتتى. 1670 - يىلى 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئىسمايىل قارا تاغلىقلارنىڭ سەردارى خوجا مۇھەممەت ئابدۇلھەق بىلەن يەكەن شەھىرىگە كىردى. ئىسمايىل ئەنئەنە بويىچە تەختكە چىقىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنى خانلىقنىڭ شاھى دەپ جاكارلىدى. ئۇ يەنە يەھيا خوجا بىلەن ئەمىر غىياسىددىن بەگنى قەشقەرگە ئەۋەتىپ، يولۋاسنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈردى، ئاق تاغلىقلارنى بېسىقتۇردى.

ئاق تاغلىقلارنىڭ سەردارى ئاپئاق خوجا قەشقەردىن قېچىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئوغرىلىقچە كەشمىرگە بېرىپ، ئۇ يەردىن تىبەتكە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ دالاي لاما V بىلەن كۆرۈشۈپ بۇ بۇددىستلار گېگەنىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. دالاي لاما V ئۇنى خەت بىلەن جۇڭغارلارنىڭ قۇنتەيجىسى غالدانغا

ئەۋەتتى. 1678 - يىلى، غالدان 12 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر چىقاردى، بۇ ئەسكەرلەر مۇزارت ئارقىلىق تىيانشاندىن ئۆتۈپ، ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان، قەشقەرلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ يەكەنگە يېتىپ باردى. ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن ماسلىشىشى ئارقىسىدا، قاتتىق جەڭلەر نەتىجىسىدە، يەكەننى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان سەركەردە ئىۋەزبەگ جەڭدە ئۆلدى، شەھەر يىمىرىلدى، ئىسمايىلخان بالا - چاقىسى بىلەن ئەسىرگە چۈشۈپ، ئىلىغا ئەۋەتىلدى. شۇنىڭ بىلەن يەركەن خانلىقى مۇنقەرز بولدى، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلار جۇڭغارلارنىڭ زېمىنىغا ئايلاندى*.

## 2 - بۆلۈم يەكەن خانلىقىنىڭ سىياسىي تۈزۈمى، ئىجتىمائىي ئىگىلىكى ۋە مەدەنىيەت - سەنئىتى

يەكەن خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى قانداشلىق جەھەتتە چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادى ۋە موڭغۇللارنىڭ دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەزاسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۇزاق ۋاقىت تىيانشاننىڭ شىمالىدا ياشىغانلىقتىن، دىنىي ئېتىقاد، تۇرمۇش ئۇسۇلى، پىسخىك خۇسۇسىيەت ۋە مەدەنىيەت ئۆزگىچىلىكى جەھەتتە تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى يەرلىك ئاھالە- لەردىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى، خۇسۇسەن تارىمدىكى ئۇيغۇرلار

* يەكەن خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇش جەريانى توغرۇلۇق E·I. زلاتكىن يازغان «جۇڭغارىيە خانلىقىنىڭ تارىخى»، خەنزۇچە تەرجىمىسى، 250 -، 251 - بەتلەرگە، «جۇڭغارلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 90 -، 91 - بەتلەرگە قارالسۇن.

رايوندا ئولتۇراقلاشقان ۋە بۇ رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان بىر قىسىم كىشىلەر ئەمەلىيەتتە بارا - بارا ئۇيغۇرلارغا قوشۇ-لۇپ كەتتى. مۇشۇ پاكىتقا ئاساسەن، يەكەن خانلىقىنىڭ ھۆ-كۈمرانلىق تۈزۈمىنى ۋە مۇشۇ دەۋرنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۇيغۇر تارىخىنىڭ بىر تەرىپى، ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ بىر قىسمى دەپ ھېسابلاش كېرەك.

يەكەن خانلىقى سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنى قوللانغانىدى. ھەربىر خاننىڭ تەختكە چىققاندىن كېيىنكى ھەممىدىن مۇھىم ئىشى يېقىن تۇغقانلىرىغا ۋە خىزمەت كۆرسەتكەن ئەمەلدارلارغا سۇيۇرغاللىق بۆلۈپ بېرىش ئىدى. سۇيۇرغالغا نائىل بولغان كىشى سۇيۇرغاللىقنىڭ نائىبى بولاتتى. سۇيۇرغاللىق ئاتىدىن بالىغا مىراس قالمايتتى، ھەربىر خان تەختكە ئولتۇرغاندا باشقىدىن سۇيۇرغاللىق بۆلۈپلا قالماستىن، ئارىلىقتىمۇ دائىم ئۆزگىرىش بولۇپ تۇراتتى. لېكىن نائىبلارنىڭ كۈچى ئۇلغىيىپ ئوردا بىلەن ئۆزەڭگۈ سوقۇشتۇرغۇدەك دەرىجىگە يەتكەندە، سۇيۇرغاللىق مىراسقا ئايلىناتتى. مەسىلەن، تۇرپاننىڭ نائىبى ئابدۇرەھىم شۇنداق قىلغانىدى. خانلىق دەسلەپكى چاغلاردا سۇيۇرغال ئالغان سۇلتان (خانزادە) غا ھامىيلىق قىلىش ئۈچۈن «ئاتا بەگ» ئەۋەتەتتى، ئوتتۇرا مەزگىلدىن كېيىن شۇ رايوننىڭ مەمۇرىي باشلىقىنى مەسئۇل بولۇشقا تەيىنلەيدىغان بولدى. بۇنىڭدىن مەقسەت ئائىبنىڭ ئۆز ئالدىغا خان بولۇۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىدى. لېكىن خان ئوردىسى تەيىنلىگەن مەمۇرىي باشلىق تېخىمۇ چوڭ ھوقۇق ۋە مەنپەئەتنى كۆزلەپ، كۆپ ھاللاردا نائىبلارنىڭ ئاسىيلىق قىلىشىنى قوللايتتى ياكى ئۇنىڭغا يول قوياتتى.

يەكەن خانلىقىنىڭ مەنسەپ تۈزۈمى مۇرەككەپرەك ئىدى. ئوردىدا ئەڭ چوڭ مەمۇرىي ئەمەلدار ۋەزىر ئىدى. تامغىچى بەگنىڭ ئورنىمۇ خېلى يۇقىرى بولۇپ، ۋەزىردىن سەللا تۆۋەن ئىدى.

خاننىڭ باش ياساۋۇلى 3 - ئورۇندا تۇراتتى. سوتچى «قازى» دەپ ئاتىلاتتى ۋە شەرىئەت بويىچە دەۋا سورايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، دۆلەت خەزىنىسىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار بار ئىدى. يەرلىك ئەمەلدارلار ئاساسەن خان ئوردىسى تەيىنلىگەن مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئىدى.

يەكەن خانلىقىنىڭ ئارمىيىسى دەسلەپكى چاغلاردا ئاساسەن، سەئىدخانغا ئەگەشكەن دوغلات، جورراس، بارلاس ۋە قىرغىز قاتارلىق كۆچمەن قەبىلىلەردىن تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، بۇ قوشۇنلارغا ھەرقايسى قەبىلىلەردىكى ئۇرۇقلارنىڭ ئاتامانلىرى قوماندانلىق قىلاتتى. كېيىنكى چاغلاردا، سۇلتان سەئىدخان قەشقەرىيىدىكى يەكەن، ئىتاچى، كۆنچى قاتارلىق جايلار ۋە قەبىلىلەردىن ئەسكەر ئېلىپ، ئۆز قىسمىلىرىنى تولۇقلىغانىدى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، مەملىكەت ئىچىدىكى كۆچمەن قەبىلىلەر بىلەن ئاھالىلەر ئارىسىدىن ئەسكەر ئېلىپ، «مەھرەم» (ئوردا ساقچىلىرى)، «زەربىدار» (بۆكتۈرمىچى قوشۇن) «سەرۋاز» (ئاتلىق ئەسكەرلەر)، «يىگىت» (پىيادىلەر) قاتارلىق ئەسكىرىي قوشۇنلارنى تەشكىللىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى چوڭ ئەمىرلەرمۇ ئۆزىنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئەسكەر يالللاپ، نۆكەر قوشۇن تەشكىللىدى. مەسىلەن، ئەلى شاھبەگنىڭ 3000 كىشىلىك نۆكىرى بار ئىدى. يەكەن خانلىقىدا خوجىلار كۈچىنىڭ تىكلىنىشىگە ئەگىشىپ، سوپىلاردىن تەشكىل قىلىنغان، «ئېتىقاد» يولىدا جەڭ قىلىدىغان دىنىي ھەربىي كۈچمۇ مەيدانغا كەلدى ۋە كۈنسېرى تەرەققىي قىلدى. ئۇلار خاننىڭ ئەسكەرلىرى ئەمەس، خوجىلارنىڭ خۇسۇسىي قوراللىق كۈچى ئىدى. ئۇلار خوجىلارغا قارىسىغا ئەگىشىپ، خوجىلارنىڭ دەھرىي ھاكىمىيەتنى كونترول قىلىدىغان قورالىغا

ئاپلاندى. خانلىقنىڭ كېيىنكى دەۋرىدە، دىنىي ھەربىي قوشۇن دۆلەت ئىچىدە ھەل قىلغۇچ كۈچ بولۇپ قالغانىدى.

يەكەن خانلىقى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 240 نەچچە يىل داۋاملاشتى. بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ تەۋەسىدە ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى بىر ئۆرلەپ، بىر پەسىيىپ تۇردى، گۈللەنگەن ۋاقىتلىرىمۇ بولدى، بىر ئىزدا توختاپ قالغان ۋاقىتلىرىمۇ بولدى.

سەئىدخان بىلەن ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە، يەركەن خانلىقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىگىلىك تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى، شۇڭا بۇ دەۋر خانلىق قۇرۇلغاندىن كېيىنكى تۇنجى گۈللىنىش دەۋرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سەئىدخان بىلەن ئابدۇرەشىدخان بىرقەدەر يۇقىرى ئەدەبىي تالانتقا ئىگە، مېڭىسى سەگەك، خانلىقنىڭ ئامانلىقىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان دانا خانلار ئىدى. چاغاتاي يېزىقىدىكى پۈتۈكلەردە خاتىرىلىنىشىچە، سەئىدخان تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى ھۆكۈمران ئابابەكرىنىڭ ئالۋان - ياساق، باج - سېلىقنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ چېچىپ، نۇرغۇن جايلارنىڭ ئىگىلىكىنى قاتتىق ۋەيران قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، خەلقنى دەرمانىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، پەرمان چۈشۈرۈپ ئون يىللىق باج - سېلىقنى كۆتۈرۈۋەتكەنىدى* (بۇ سىياسەت ئاران ئالتە يىل ئىجرا قىلىنغان). نۇرغۇن ئالامەتلەردىن قارىغاندا، بۇ سىياسەتنىڭ ئىجرا قىلىنىشى بىلەن خانلىقنىڭ ئىگىلىكى ئەسلىگە كېلىپلا قالماي، چاغاتاي خانلىقى دەۋرىنىڭ كېيىنكى چاغلىرىدىكىدىنمۇ كۆپ تەرەققىي قىلغانىدى. ئابدۇرەشىدخان تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىنمۇ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا

* «تاۋارىخ»، قولىيازما، «سۇلتان سەئىد خاننىڭ تەختكە چىقىشى»

ئەھمىيەت بەرگەنىدى، شۇ دەۋردىمۇ جايلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى بولغان. بەزى جايلار تېخىمۇ گۈللەنگەنىدى.

يەكەن — خانلىقنىڭ سىياسىي - ئىقتىسادىي مەركىزى ئىدى. بۇ رايون يەكەن دەرياسى ۋادىسىدىكى ئىندۇرما تۈزلەڭلىككە جايلاشقان بولۇپ، دائىرىسىدىكى يەرلەر يەكەن دەرياسى بىلەن تىزناپ دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلاتتى. شۇڭا، يەرلىرى كەڭ ھەم مۇنبەت، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق شارائىتقا ئىگە ئىدى. خانلىق قۇرۇلغاندىن كېيىن يەكەن شەھىرى خانلىقنىڭ پايتەختى بولدى، شەھەر ئىچىدە كاتتا بازار بار ئىدى. قول سانائەت، سودا ناھايىتى تەرەققىي قىلغانىدى. ئابدۇرەشىدخان دەۋرىگە كەلگەندە، شەھەردە سودا - سېتىق تېخىمۇ كۆپەيدى، نۇرغۇن غەيرىي مىللەتلەر، غەيرىي ئەللەر بىلەن سودا ئالاقىسى باشلاندى. يەكەن بوستانلىقىدا مەھەللىلەر قويۇق بولۇپ، بۇغداي، كېۋەز، شال، ئاق قوناق، پۇرچاق، تېرىق، قوغۇن - قاپاق، مېۋە - چېۋىگە ئوخشاش دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى چىقاتتى. شەھەردە قول سانائەت مۇستەقىل ئىشلەپچىقىرىش تارمىقىغا ئايلانغان بولۇپ، تۆمۈر سايمان، ياغاچ جابدۇق، بىسىلىق ئەسۋاب - ئۈسكۈنە، كىگىز - گىلەم، شايى - ئەتلەس ئىشلەپ چىقىرىلاتتى. رىۋايەتكە قارىغاندا، سەئىدخان ئۆزىمۇ نەپىس ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى ياسىيالايدىكەنمىش①.

يەكەندىن باشقا، ئۆز ۋاقتىدا خوتەن بوستانلىقىمۇ چوڭ ئىقتىسادىي رايون ئىدى. ئۇچتۇرپانىمۇ ئاۋات ئىدى*.

---

* «تارىخى رەشىدى» نىڭ 2 - قىسمىغا ۋە مىرزا شاھ مەخمۇت جوراس يازغان «تاۋارىخ» نىڭ قوليازمىسىغا قارالسۇن.

* «تاۋارىخ»، قوليازما، «سۇلتان سەئىدخان بىلەن مەنسۇرخاننىڭ ئۇچرىشىشى»

قەشقەر، يېڭىسار، كۇچا، بايلارمۇ شەھەرلىشىپ بولغان، بەزىلىرىدە كاتتا سېپىل بىنا قىلىنغان (مەسىلەن، قەشقەر، يېڭىسار قاتارلىقلار). شەرق قىسمىدىكى قۇجۇ (ئىدىقۇت شەھىرى) خارابىلاشقان، لېكىن تۇرپان گۈللەنگەنىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قۇمۇلدىن بەدەخشانغا بارغىچىلىك بولغان يوللاردا سودىگەرلەر تىنىچ - ئامان يۈرەلەيتتى، تاماق ۋە قونالغۇدىن غەم قىلمايتتى.

ئابدۇرەشىدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، خانلىقنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى يەنە داۋالغۇشقا باشلىدى، ئىشانلارنىڭ كۈچى ئۇلغايدى، ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشمايدىغان ئادەم كۆپەيدى. شۇڭا، ئىقتىساد تەرەققىي قىلماي بىر ئىزدا توختاپ قالدى. كېيىن جۇڭغارلارنىڭ كۈچى تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا كىرگەنلىكتىن، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىگىلىكى مەلۇم دەرىجىدە ۋەيران بولدى. تۆۋەندىكىلەر چىڭ سۇلالىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندە تەكشۈرۈپ ئىگىلىگەن ماتېرىياللار بولۇپ، بۇ ماتېرىياللاردىن بىز مۇنۇلارنى بىلىۋالالايمىز:

يەكەن خانلىقىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدە تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقلاردا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلار ئاساسەن ئۇيغۇرلار ئىدى. ئاساسىي شەھەرلەردىن قۇمۇل، پىچان، قاراشەھەر، كۇچا، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، خوتەن، قەشقەر، بۆگۈرلەر بار ئىدى. پايتەخت يەكەن ئىدى. ھەربىر شەھەرنىڭ قارىمىقىدا نۇرغۇن كەنت بار ئىدى، ھەربىر مەھەللە بىر «ئايماق» ئىدى، ھەربىر ئايماقتا يۈز تۈتۈندىن باج - سېلىق، ئالۋان - ياساق يىغىدىغان يۈزبېگى بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان

بىر كۆكبېشى بار ئىدى①. شەھەرلەر ئىچىدە پايتەخت يەكەن ئەڭ چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ رەستىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون چاقىرىم كېلەتتى. شەھەرنىڭ ئالتە دەرۋازىسى بار ئىدى. شەھەر ئىچىدە چوڭ - كىچىك كوچىلار ئەگرى - بۈگرى بولۇپ، بىر - بىرى بىلەن كېسىشىپ كەتكەن، ئۆيلەرنىڭ يېنىدا كۆل بار ئىدى. يەكەندە بازار كۈنلىرى «ماللار پېتىشماي قالاتتى»، «ئادەملەر مىغىلدايتتى، ئۈنچە - مەرۋايىتلارمۇ كۆپ ئىدى. ئۇلاغ - ئۈلمەك، مېۋە - چېۋە ھەددى - ھېسابسىز ئىدى»②. خرىستىئان جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بېنوفىت جۇڭگوغا دىن تارقىتىش ئۈچۈن كەلگەندە، 1603 - يىلى يەكەنگە كەلگەنىدى. بۇ كىشىنىڭ كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىدىن قارىغاندا، ئۆز ۋاقتىدا يەكەن چوڭ سودا مەركىزى بولۇپ، بۇ يەردە ھەرقايسى ئەللەرنىڭ سودا كارۋانلىرى بار ئىدى، سودىگەرلەرنىڭ ئاقساقىلىنى پادىشاھ تەيىنلەيتتى، سودىگەرلەرنىڭ ئاقساقىلى ھەممە سودىگەرلەرگە گېپىنى ئۆتكۈزەلەيتتى. بېنوفىت پادىشاھتىن يول خېتى ئالغاندىن كېيىن، يەكەندىن ئاقسۇغا بارىدىغان قەدىمكى يولنى بويلاپ، ئۇدۇل گەنسۇنىڭ غەربىي قىسمىغا بارغان (1607 - يىلى، ئۇ سۇجۇدا كېسەل بولۇپ ئۆلگەن).

يەكەندىن باشقا، قالغان شەھەرلەرمۇ خېلى ئاۋات ئىدى. مەسىلەن، چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىنلا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، ئۆز ۋاقتىدىكى قەشقەر كونا شەھىرى (ھازىرقى قەشقەر شەھىرى) «بەك ئاۋات ئىدى»③؛ «چوڭ يولنىڭ ئېغىزىغا جايلاشقان»،

① «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم»، 7 - جىلد

② «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم»، 2 - جىلد، «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 18 - جىلد

③ «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم»، 2 - جىلد

«ئىچكىرىنىڭ سودىگەرلىرى، چەت ئەللەرنىڭ كارۋانلىرى بۇ يەردە جەم بولاتتى، بازار تىقما - تىقماق، بازار كۈنلىرى ئادەم ئادەمگە سۈركىشىپ ماڭاتتى، مالنىڭ كۆپلۈكىدىن بېسىپ ئۆتكىلى بولمايتتى»①؛ پىچان «يار بويىدىكى شەھەر بولۇپ، ئايلانمىسى بىر چاقىرىم كېلىدۇ، ئاھالىسى زىچ، بۇ يەردە سودىگەر تولا»②؛ قۇمۇلنىڭ «غەربىي دەرۋازا تېشى ئاۋات بازار، سودىگەرلەر توپلانغان، ھەممە مال تېپىلىدىغان كاتتا شەھەر»③. ئۇنىڭدىن باشقا، «زەپەرنامە» نىڭ 14 - جىلدىدا مىلادى XVII ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى جۇڭغارلار جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىشغال قىلغاندا، ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان 1000 دىن ئارتۇق شەھەر ۋە كەنتكە ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ سان يەكەن خانلىقىنىڭ كېيىنكى دەۋردە تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقلاردا دېھقانچىلىقنىڭ خېلى تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىنلا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، ئۆز ۋاقتىدا قەشقەر تەۋەسىدە 16 كەنت، يەركەندە 35 كەنت، خوتەندە ئالتە چوڭ كەنت (ھەربىر چوڭ كەنت تەۋەسىدە نۇرغۇن مەھەللىلەر) بار ئىدى، يېڭىساردا توققۇز مەھەللە، ئاقسۇدا 22 كەنت، ئۈچتۇرپاندا 11 مەھەللە، بايدا 18 مەھەللە، سايرامدا توققۇز مەھەللە، شاياردا تەخمىنەن 32 مەھەللە بار ئىدى④. ئۇ يەرلەردىن ئاق ئاشلىق، قارا ئاشلىق، قوغۇن - قاپاق،

① «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم»، 2 - جىلد.
② «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 14 جىلد.
③ «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم»، 1 - جىلد.
④ «ئۇيغۇر تارىخ ماتېرىياللىرىدىن قىسقىچە توپلام» 2 - قىسىم، 71 - 77 - بەتلەر.

مېۋە - چېۋە، ئۈزۈم كۆپ چىقاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قەشقەر يېزىلىرىنىڭ يېرى ئەت توپا بولغاچقا، ئاشلىق زىرائەتلىرى بىلەن قوغۇن - قاپاق، مېۋە - چېۋە ئوخشايتتى، ئۇ يەردىن چىققان ئانار، بېھى، قوغۇن، ئالما، كىشمىش قاتارلىق مەھسۇلاتلار-نىڭ سۈپىتى بەك ياخشى ئىدى. يېڭىساردىنمۇ شال، ئارپا، كەندىر، پۇرچاق، قوغۇن - قاپاق، مېۋە - چېۋە چىقاتتى. يەركەن يېزىلىرىدىن گۈرۈچ، ئاشلىق، قوغۇن - قاپاق، مېۋە - چېۋە چىقاتتى، سانىنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتە باشقا جايلاردىن ئېشىپ چۈشەتتى. خوتەننىڭ يېزىلىرى مۇنبەت ھەم پايانسىز، قوغۇن - قاپاق، مېۋە - چېۋە مولچىلىق؛ ئاقسۇ يېزىلىرىنىڭ يېرى كەڭرى، مۇنبەت، كۈنجۈت، بۇغداي، شال، پۇرچاق، تېرىق، پاختا چىقاتتى، يېشىلزارلىق كەڭ دالىنى قاپلىغانىدى. شاپتۇل، ئۈرۈك، ئۈجمە، ئامۇت، ئانار، ئۈزۈم، قوغۇن - قاپاق باغ - باغدا تولۇپ ياتاتتى، خەلقى باياشات ئىدى. قوي، كالا، تۆگە، ئاتقا ئوخشاش چارۋىلار توپ - توپ بولۇپ ئوتلايتتى. شايار پاكار غوللۇق شال تېرىشقا باب، قوغۇن - قاپاق، مېۋە - چېۋىسىمۇ خىل، بولۇپمۇ ئامۇتى قالتىس ياخشى ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇ يەردە يولۋاس كۆپ، سۆلەيسۈن، تۈلكىگە ئوخشاش ياۋايى ھايۋانلارمۇ بار ئىدى. كۇچا خەلقىمۇ دېھقانچىلىق، توقۇمىچىلىق بىلەن شۇغۇل-لىناتتى. كورلىدىن شال، بۇغداي چىقاتتى، قوغۇن - قاپاق، مېۋە - چېۋە كۆپ، ئۇ يەردە چىغ شۇنچىلىك ئۆسەتتىكى، غولىنى چوكا قىلغىلى بولاتتى. قاراشەھەر بېلىق، تۇز، يېكەن، قومۇشلىرى بىلەن داڭلىق ئىدى. تۇرپان، قۇمۇللاردىن بۇغداي، قوناق، زىغىر، پاختا، پۇرچاق، قوغۇن - تاۋۇز چىقاتتى، ئۇ يەردە ئۈزۈمنىڭ تۈرى كۆپ، سۈپىتى بەك ياخشى. يېزىلاردا دېھقانچىلىق سايمانلىرىدىن تۆمۈر، ياغاچ سايمانلار بار ئىدى. مەسلەن، بۇقۇرسا، گۈرجەك، كەتمەن، سۆكەن، ئورغاق، ئارا،

ئاسقاق، ئۆتكەمە، موما ۋە باشقىلار. ئېتىز، باغلار ئېقىن سۇ بىلەن سۇغىرىلاتتى*.

يەركەن خانلىقى دەۋرىدە، بولۇپمۇ ئۇنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرى تېخىمۇ كۆپەيدى. قول سانائەتنى ئومۇمەن تۆمۈرچىلىك، مىسكەرچىلىك، كىمياگەرلىك، سايمان ياساش، توقۇمىچىلىق، كۆنچىلىك، ياغاچچىلىق، قاشتېشى قېزىش ۋە ئويۇش، هاراق چىقىرىش، مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى ياساش ۋە قەغەزچىلىككە ئوخشاش تۈرلەرگە ئايرىش مۇمكىن. مېتال مەھسۇلاتلاردىن پىچاق، پالتا، بازغان، ھەرە، ئۈشكە، رەندە - قەلەمتۇراچ، ئىگەك، ئوتىغۇچ، قىلىچ، نەيزە، ئايپالتا، خەنجەر، سىپەر، دۇبۇلغا، باشاق ۋە مىس چۆگۈن، داس، لوڭقا، پىيالە، تاۋاقتا ئوخشاش ئۆي سايمانلىرى، مىستىن ياسالغان نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرى بار ئىدى. يەكەندە يارماق قۇيۇلاتتى. يىپەك توقۇلما بۇيۇملاردىن خوتەننىڭ شايى - ئەتلىسى، چۆچۈنچىسى، چىرانىڭ مەشۇت ۋە پاختا رەختلىرى، قەشقەرنىڭ تاۋار، دۇردۇن، مەشۇت، شايى، ئەتلىسى بار ئىدى. پاختا توقۇلما بۇيۇملىرى ھەممە يەردىن چىقاتتى، بۇ خىل مەھسۇلاتلاردىن ماتا، شاتاۋا، چەكمەن قاتارلىقلار بار ئىدى. يۇڭ - تېرە بۇيۇملاردىن تەڭلىمات، قاراكىگىز، گىلەم، پالاس، تۇماق، ئۆتۈك، جۇۋا قاتارلىقلار بار ئىدى. قاشتېشى كولاش ۋە ئويۇش ئىشى ئاساسەن خوتەن بىلەن قەشقەردە ئىدى، ئاقسۇدىمۇ قاشتېشى ئويمىكارلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇستىلار بار ئىدى.

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردا يارماق پۇل ئىشلىتىلەتتى، بىر يارماق بىر پۇل

* «ئۇيغۇر تارىخ ماتېرىياللىرىدىن قىسقىچە توپلام»، 2 - قىسىم، 15 - باب، 1 - بۆلۈم.

دېيىلەتتى، 50 پۇل بىر تەڭگە دېيىلەتتى. جايلاردىكى سودا - سېتىق ئىشلىرىدا مۇشۇ پۇل بىلەن ئېلىم - بېرىم قىلىناتتى. XVII ئەسىرنىڭ بېشىدا، ئافغانىستان، كەشمىر، ھىندىستان، ئەنجانلارنىڭ سودىگەرلىرى دائىم ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا كېلىپ تىجارەت قىلاتتى. قەشقەر بىلەن يەكەن شۇ زاماندىكى مۇھىم سودا شەھەرلىرى ئىدى. بەزى ئۇيغۇر سودىگەرلىرىمۇ چەتكە چىقىپ سودىگەرچىلىك قىلاتتى. ئۇلاردىن بەزىلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا، كەشمىرگە، بەزىلىرى ئىچكىرىگە ۋە بەزىلىرى تىبەتكە، خالخە موڭغۇللىرىغا باراتتى.

يەركەن خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئىتى كۆپ تەرەققىي قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى مەدەنىيەت - سەنئىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. بۇ دەۋردىكى يازما ئەسەرلەر باشقا ھەرقانداق دەۋردىكىدىن كۆپ بولدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ تارىخ توغرىسىدىكى ئەسەرلەر كىشىنى جەلپ قىلىدۇ. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئاساسلىقلىرى:

«تارىخى رەشىدى» بۇ — شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ۋە يەكەن خانلىقى توغرىسىدىكى مۇھىم تارىختۇر. كىتابنىڭ ئاپتورى مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى دوغلات قەبىلىسىدىن، ئۇنىڭ تاغىسى سەئىد مۇھەممەد يەكەن خانلىقىنىڭ ئاساسچىسى، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئەمىرلەر ئەمىرى — ئۇلۇس بېگى ئىدى. مۇھەممەت ھەيدەرمۇ يۇقىرى مەنسەپتە بولۇپ، سەئىدخاننىڭ يېقىنى ئىدى، ئۇ مەخپىي ئىشلارغا ئارىلىشاتتى ھەم كۆپ قېتىم لەشكەر باشلاپ ئۇرۇشقا قاتناشقانىدى. ئابدۇ رەشىدخان تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، مۇنارخىينى مۇستەھكەملەش ۋە ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، بۇ جەمەتكە قاتتىق زەربە بەردى. مۇھەممەت ھەيدەر ھىندىستانغا قېچىپ كەتتى، كېيىن كەشمىرگە

كېلىپ ھۆكۈمران بولدى. ئۇ بۇ تارىخ كىتابنى كەشمىردە يازغان، كىتابقا «تارىخى رەشىدى» دەپ ئات قويغان، كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە بۇ ئەسەرنى ۋەتىنىنىڭ ھۆكۈمرانى سۇلتان ئابدۇرەشىدكە تەقدىم قىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

«تارىخى رەشىدى» ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان. بىرىنچى قىسمى تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ تەختكە ئولتۇرغان ۋاقتىدىن باشلىنىپ، ئابدۇرەشىدخاننىڭ سەئىد مۇھەممەتنى ئۆلتۈرۈشى بىلەن توختايدۇ. بۇ قىسىمدىكى دەسلەپكى دەۋرگە ئائىت تارىخ ماتېرىياللىرى ئاساسەن بەزى رىۋايەتلەردىن ۋە شەرەفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەپەرنامە» دېگەن ئەسىرىدىن ئېلىنغان. كېيىنكى دەۋرگە ئائىت تارىخ ماتېرىياللىرى ئاساسەن ئاپتورنىڭ ئۆزىنىڭ كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىدىن ئىبارەت. كىتاب 1544 - يىلدىن باشلاپ يېزىلىپ، 1547 - يىلى پۈتكەن. ئىككىنچى قىسمى ئاپتورنىڭ ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ۋە ئۆزى ياشىغان دەۋرنىڭ تارىخى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپتور ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى (1499 - يىلى) دىن باشلاپ تا كەشمىرگە بارغىچە (1541 - يىلغىچە) بولغان ئىشلارنى يازغان. ئىككىنچى قىسىم 1541 - يىلدىن باشلاپ يېزىلىپ، 1544 - يىلى پۈتكەن. ئىككىنچى قىسىم بىرىنچى قىسىم ئۈچۈن ماتېرىيال تەييارلاپ بەرگەن، ھەجىم جەھەتتە بىرىنچى قىسىمدىن بىر ھەسسە جىق، مەزمۇنغا باي، ئۇنىڭدا ئىجتىمائىي تۇرمۇش، سىياسىي كۈرەش، ھەربىي پائالىيەتلەرگە دائىر كۆپلىگەن جانلىق ماتېرىيال بار. ئۇنىڭدا يەنە خانلارنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىغا دائىر مىزانلارمۇ بار.

تارىخشۇناسلار «تارىخى رەشىدى» گە ئەزەلدىن ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىپ كەلمەكتە. ئاپتور مەدەنىيەت جەھەتتە بىرقەدەر ياخشى تەربىيىلەنگەن. ئەسلى كىتاب پارسچە

يېزىلغان. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم تۈركىي تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ كىتاب ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا كەڭ تارقالغان، كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرىدىن ھازىرغا يېتىپ كەلگەنلىرى خېلى كۆپ.

**مىرزا شاھ مەھمۇت چوراسنىڭ «تاۋارىخ» دېگەن ئەسىرى**

بۇ — يەكەن خانلىقىنىڭ سالنامىسى. ئاپتورنىڭ ئاتا - بوۋىسىمۇ سەئىدخان بىلەن قەشقەرگە ھەربىي يۈرۈش قىلغان ئەمىر بولۇپ، خانلىقنى قوغداشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭغا ئۈچتۇرپان — ئاقسۇ رايونى سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن. مۇھەممەت ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، چوراس قەبىلىسىنىڭ ئەمىرىنىڭ ئورنى ئۆسكەن. ئۆزبېكلەرگە قارشى كۈرەشتە مۇھىم رول ئوينىغان. ئاپتورنىڭ ياشىغان دەۋرى يەكەن خانلىقى زاۋالغا يۈزلەنگەن دەۋر ئىدى. ئۇ توققۇز خاننىڭ ئالماشقانلىقىنى، جۇڭغارىيە قوشۇنلىرىنىڭ بېسىپ كىرگەنلىكىنى ۋە خانلىقنىڭ مۇنقەرز بولغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. مەھمۇت چوراس تەخمىنەن مىلادى XVII ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى تۇغۇلۇپ، شۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ئۆلگەن، 70 — 80 ياش ئۆمۈر كۆرگەن. «تاۋارىخ»تىن ئۇنىڭ قارا تاغلىقلارنىڭ سادىق مۇرىتى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

«تاۋارىخ»، «تارىخى رەشىدى» نىڭ داۋامى سۈپىتىدە يېزىلىپ، 1676 - يىلى پۈتتۈرۈلگەن. بۇ كىتابنىڭ ئالدىنقى يېرىمى «تارىخى رەشىدى» دىن ئېلىنغان، كېيىنكى يېرىمىنى ئاپتور ئۆزى يازغان. بۇ قىسىم سۇلتان ئابدۇ رەشىدخان تەختكە چىققاندىن باشلاپ ئىسمايىلخان دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە يېزىلىپ، خانلىقنىڭ مۇنقەرز بولۇشىغا بىرنەچچە يىللا قالغاندا توختىغان. «تاۋارىخ» نىڭ كېيىنكى يېرىمى ئاغزاكى ماتېرىياللارغا (ئاپتورنىڭ جەمەتى ئىچىدە ساقلىنىپ قالغان

ئەھۋال، رىۋايەتلەرگە ۋە بەزى ۋەقەلەرنىڭ ئىشتىراكچىلىرىدىن ئاڭلىغان ئەھۋاللارغا) ۋە ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە ئاساسەن يېزىلغان. شۇڭا، ئۇنىڭدىكى تارىخ ماتېرىياللىرىنىڭ قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى. «تاۋارىخ»مۇ پارس تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، ئەدەبىي جەھەتتىن ئانچە ياخشى ئەمەس. ئاپتور كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ ئۇسلۇبىنى دورايمەن دەپ ھەدەپ ئەرەبچە سۆزلەرنى ئىشلىتىپ، بىر قىسمىلا قىلىپ قويغان. تارىخىي ئەسەر ھېسابلانغان «تاۋارىخ» دە ۋاقىت ئۇقۇمى كەم، ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان ۋەقەلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ يىل، ئاي، كۈنى يوق، بۇ ۋەقەلەرنىڭ يىل دەۋرىنى باشقا تارىخ كىتابلىرىغا سېلىشتۇرغاندا ئاندىن تەخمىنەن بەلگىلىگىلى بولىدۇ.

«ئانىس ئال تالىبىن» بۇ — مىرزاشاھ مەخمۇت جورراسنىڭ يەنە بىر ئەسىرى، بۇ ئەسەر يەكەن خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، 1696 - يىلى يېزىلغان. بۇ — پارس تىلىدا يېزىلغان ئەۋلىيالار قىسسىسى. ئۇنىڭدا يەكەن خانلىقىدىكى بەزى ئىسلام دىنى سەردارلىرىنىڭ تۆھپىلىرى ۋە قاراتاغلىقلار بىلەن ئاق تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشنىڭ ئۆتمۈشى خاتىرىلەنگەن. بۇ «ئەۋلىيا» لار يۇرتدارچىلىق ئىشلىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقتىن، ئۇنىڭدا شۇ زاماندىكى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بەزى تەرەپلىرىمۇ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئاپتور ئۆزى قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ قىزغىن ھىمايىچىسى بولغاچقا، شۇ زاماندىكى دىنىي مەزھەپلەر كۈرىشىنى ئوبيېكتىپ ھالدا ئەكس ئەتتۈرەلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئەۋلىيالار قىسسىسى كېيىن يەكەندە ئەبۇ مەنسۇر تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، كىتاب نامى Ratikal - Talibin

دەپ ئاتالغان (مەنىسى يەنىلا «ئانىس ئال تالىبىن» يەنى «ھەقىقەت ئىستىگۈچىلەر دوستى» دېگەنلىك بولىدۇ).

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە، مۇزىكا ـ ئۇسسۇل مىسلىسىز تەرەققىي قىلغانىدى. سەئىدخان بىلەن سۇلتان ئابدۇرەشىدخان كۆي ـ ئاھاڭنى پىششىق بىلەتتى، ھەممە سازنى چالالايتتى. بۇنىڭ يەكەن خانلىقىدا مۇزىكىچىلىق، ئۇسسۇلچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكىلىك رول ئوينىغانلىقىدا گەپ يوق. XIX ئەسىردە يېزىلغان «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» دا يېزىلىشىچە، سۇلتان ئابدۇرەشىدخانىنىڭ خانىشى ئامانىسساخان مۇزىكا ئۇستىسى ئىدى. ئۇ «ئون ئىككى مۇقام» نى ساز بىلەن ئورۇنلاشنى بىلىپلا قالماستىن، پاساھەتلىك ناخشا تېكىستىمۇ يازالايتتى. ئۇ «دىۋانى نەفىسە»، «ئەخلاقىي جەمىلە» ۋە شېئىرىيەت، مۇزىكا، خەتتاتلىق نەزەرىيىسى توغرىسىدىكى «شۇرۇھۇلقۇلۇپ»* دېگەن كىتابنى يازغان. بۇ رىۋايەتلەرمۇ مۇئەييەن تارىخىي ئاساسقا ئىگە. ئالىملار ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ تىپتىكى كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» ئەنە شۇ يەكەن خانلىقى دەۋرىدە رەتلىنىپ بېكىتىلگەن دەپ قاراشماقتا، ئون ئىككى مۇقام دېگىنىمىز ئون ئىككى چوڭ ناخشا، ھەربىر چوڭ ناخشا نۇرغۇن كىچىك ناخشىدىن تۈزۈلگەن. ناخشا تېكىستلىرىنىڭ بەزىلىرى ئاتاقلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى بولۇپ، كۆپىنچىسى مۇھەببەتنى تېما قىلغان. ئون ئىككى مۇقام خەلقنىڭ زۇلمەتلىك فېئوداللار ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى ۋە پارلاق، بەختلىك تۇرمۇشقا بولغان ئىستىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. كەسپىي مۇقامچىلار مۇقامنى شاگىرتىغا ئۇدۇم قالدۇرىدۇ، ئېغىزچە ئۆگىتىدۇ، كۆڭۈلدە

* «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»، «يىپەك يولىدىكى مۇزىكا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى» گە بېسىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىل نەشرى.

ئۆزلەشتۈرىدۇ. تويى كېچىلىرى ئەلنەغمىچىلەردىن ئىككى - ئۈچ كىشى بىرلىشىپ ئېيتىدۇ، ئاساسلىق ئېيتقۇچى ساتار چېلىپ ئېيتىدۇ، قوشۇلۇپ ئېيتقۇچى داپ بىلەن ماسلىشىدۇ، شۇنداق قىلىپ يېڭى تويى قىلغان ئەر - خوتۇننى مۇبارەكلەيدۇ. ھېيت - ئايەم كۈنلىرىدىكى كاتتا مەرىكىلەردە نەغمىچىلەر يىغىلىپ ناغرا، سۇناي ۋە ھەر خىل سازلارنى چېلىپ، ھەممەيلەن تەڭ ناخشا ئېيتىپ، ساما سېلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پاراسەتلىك، خۇش خۇي، ناخشا - ئۇسسۇلغا ئۇستا ئىكەنلىكىنى تولۇق نامايان قىلىدۇ*.

## يەكەن خانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ يىلنامىسى

| تەرتىپ نومۇرى | ھۆكۈمرانلار | خانلىقتا ئولتۇرغان يىل دەۋرى (مىلادىيە/ھىجرىيە) | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|
| 1 | سەئىدخان | 940/1533—920/1514 | |
| 2 | ئابدۇرەشىدخان | 967/1559—60—940/1533 | |
| 3 | ئابدۇلكەرىم | 1000/1591—92—967/1559—60 | |
| 4 | سۇلتان مەخمۇتخان | 1018/1609—10—1000/1591—92 | |
| 5 | ئەخمەتخان | 1028/1618—19—1018/1609—10 | |
| 6 | ئابدۇللېتىپخان | 1040/1630—31—1028/1618—19 | |

* ۋەن تۇگشۇنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى — ‹ئون ئىككى مۇقام›» دېگەن ئەسىرىگە؛ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىننىڭ «‹ئون ئىككى مۇقام› ۋە تۇردى ئاخۇن» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ. ھەر ئىككىسى «يىپەك يولىدىكى مۇزىكا، ئۇسسۇل سەنئىتى» گە بېسىلغان.

| | | | |
|---|---|---|---|
| | 1042/1632—33—1040/1630--31 | سۇلتان ئەخمەتخان | 7 |
| | 1045/1635—36—1042/1632—33 | سۇلتان مەخمۇت | 8 |
| | 1048/1638—39—1045/1635—36 | سۇلتان ئەخمەت | |
| | 1078/1668—1048/1638—39 | ئابدۇللاخان | 9 |
| | 1080/1670—1078/1668 | يولۋاسخان | 10 |
| | 1080/1670—1088/1678 | ئىسمايىلخان | 11 |

## يەكەن خانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى



# سەككىزىنچى باب
# چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئۇيغۇرلار

## 1-بۆلۈم چىڭ سۇلالىسى بىلەن جۇڭغارلارنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى كۆرەشلىرى

XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، تىيانشاننىڭ شىمالىي، ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان موڭغۇل ئويراتلار جۇڭغار (موڭغۇلچە «سول قانات» دېگەن مەنىدە)، تورغۇت، دۆربۈت ۋە خوشۇت دېگەن تۆت قەبىلىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇلاردىن: جۇڭغارلار بالقاش كۆلىنىڭ شىمالىي ۋە ئىلى رايونىدا، تورغۇتلار تارباغاتاي رايونىدا، دۆربۈتلەر ئېرتىش بويلىرىدا، خوشۇتلار ئۈرۈمچى رايونىدا تۇرغانىدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە جۇڭغارلارنىڭ باشلىقى باتۇر قۇنتەيجى تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىپ باشقا قەبىلىلەرگە قارىتا ئۇرۇش قوزغىدى. باتۇر قۇنتەيجىنىڭ كېڭەيمىچىلىكى نەتىجىسىدە، تورغۇتلار كۆچۈپ روسلار تەرەپكە كېتىپ قالدى؛ دۆربۈتلەرگە تەۋە خويتلار چۆچەككە

كۆچۈپ كەلدى؛ خوشۇتلار چارۋىچىلىق قىلىدىغان ئۈرۈمچىنى جۇڭغارلار ئىگىلىۋالغانلىقتىن، ئۇلارمۇ كۆكنۇر (چىڭخەي)غا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، يۇقىرىدا ئېيتىلغان قەبىلىلەرنىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان يەرلىرى تامامەن دېگۈدەك جۇڭغارلارنىڭ يېرىگە ئايلىنىپ قالدى. 1672 - يىلى (چىڭ سۇلالىسى كاڭشى خانىنىڭ 11 - يىلى)، باتۇر قۇنتەيجى ئۆلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى زەڭگى تەيجى بولدى، كېيىنچە ئۇمۇ قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئەينى ۋاقىتتا، زەڭگىنىڭ ئىنىسى غالدان تىبەتتە لاما بولۇپ تۇرۇۋاتقانىدى. زەڭگى ئۆلتۈرۈلۈپ كېيىنكى يىلى، غالدان جۇڭغارلار ئارىسىغا قايتىپ كېلىپ توپىلاڭنى تىنچىتىپ، ئۆزى تەختتە ئولتۇردى. غالدان خان بولغاندىن كېيىن، ئەتراپقا قارىتا يەنىمۇ كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا باشلىدى. ئۇ «ماڭا ئاسىيلىق قىلغانلارنى قوبۇل قىلدى» دېگەن باھانە بىلەن، 1677 - يىلى (كاڭشىنىڭ 16 - يىلى)، يەنە چىڭخەيدىكى خوشۇت قەبىلىسىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قوزغاپ، تەسىر دائىرىسىنى چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىگە قەدەر كېڭەيتتى.

غالدان ئىنتايىن يامان قارانىيەت بىر كىشى ئىدى. ئۇ چىڭخەيدىكى خوشۇت قەبىلىسىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، نىشاننى تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار رايونىغا قاراتتى. تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى يەكەن خانلىقى باتۇر قۇنتەيجى ۋە زەڭگىلەر ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان چاغلاردىلا جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە بىرقانچە قېتىم ئۇچرىغانىدى. غالدان تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقىنى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋېلىش كويىدا بولۇۋاتقاندا، دەل يەكەن خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا «قارا تاغلىقلار» بىلەن «ئاق تاغلىقلار»نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تېخىمۇ تەسكىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى. «ئاق تاغلىقلار»نىڭ سەردارى ئاپئاق خوجا

غالداندىن ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ بۇ تەلىپى غالدان ئۈچۈن تېپىلغۇسىز بىر پۇرسەت بولدى. شۇڭا، ئۇ يەكەن خانلىقىنى يىمىرىپ تاشلاپ، تارىم ئويمانلىقى ياقىسىدىكى بوستانلىقلارنى ئۈزۈل - كېسىل بويسۇندۇرماقچى بولدى. 1678 - يىلى (كاڭشىنىڭ 17 - يىلى)، غالداننىڭ قوشۇنلىرى دەبدەبە، ئەسئەس بىلەن جەنۇبقا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، قارشىلىق كۆرسەتكەن بارلىق كۈچلەرنى بىراقلا مەغلۇپ قىلىپ، يەكەن خانلىقىنىڭ خانى ئىسمائىل خاننى ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنى ئەسىر ئالدى*. ئاپپاق خوجىنى قورچاق خان قىلىپ تىكلىدى. شۇنىڭ بىلەن غالدان بىلەن چىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي قىسمىنى تالىشىش كۈرىشى كەسكىن قانات يېيىپ كەتتى. قارانىيەت غالدان 1688 - يىلى (كاڭشىنىڭ 27 - يىلى)، شەرققە قاراپ يۈرۈش قىلىپ خالخا موڭغۇللىرىنىڭ زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلدى ۋە ئېۋرى (ئىچكى) موڭغۇللارنى پاراكەندە قىلدى، نەتىجىدە چىڭ سۇلالىسى تەدبىر قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى. چىڭ سۇلالىسى 1696 - يىلى (كاڭشىنىڭ 35 - يىلى) جومۇتۇ دېگەن يەردە غالداننى مەغلۇپ قىلدى. غالدان مەغلۇپ بولۇپ، كېيىنكى يىلى (1697 - يىلى) ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.

غالدان مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، قۇدرەتلىك جۇڭغارىيە خانلىقى پارچىلىنىشقا يۈزلەندى. غالداننىڭ ئورنىغا سېۋېن ئاربىدە ۋارىسلىق قىلدى. سېۋېن ئاربىدە غالدان شەرققە قاراپ كېڭەيمىچىلىك قىلىۋاتقان چاغلاردىلا، ئۇنىڭ ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىدىكى چارۋىچىلىق قىلىدىغان يەرلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ئۇلۇسلارنى ئىگىلىۋالغا-

* مۇھەممەت سادىق: «تەزكىرەئى خوجىگان» (چاغاتاي يېزىقىدا يېزىلغان)؛ (چىڭ سۇلالىسى)ۋېي يۈەن: «زەپەرنامە»، 3 -، 4 - جىلد.

نىدى. غالدان چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن سىۋېن ئاربىدە بىر مەھەل چىڭ ئوردىسىغا بەيئەت قىلدى.

لېكىن، سىۋېن ئاربىدە تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىغا بولغان مۇئامىلىدە غالدانغا ئوخشاش پوزىتسىيە قوللاندى. غالدان ئۆلۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەكەن خانلىقىنىڭ خان جەمەتى ۋە ئاپئاق خوجىنىڭ نەۋرىسى ئەھمەتخان جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى. بىراق، ئۇنىڭ ئاسارەتتىن قۇتۇلۇش يولىدا ئېلىپ بارغان بۇ ھەرىكىتى سىۋېن ئاربىدە تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇلدى. 1700 - يىلى (كاڭشىنىڭ 39 - يىلى)، سىۋېن ئاربىدە ئەھمەتخاننى ئېلىدا نەزەربەند قىلىپ قويدى.

جۇڭغارىيە ئاقسۆڭەكلىرى ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا ئاساسلىقى خوجىلاردىن پايدىلىنىش سىياسىتىنى قوللاندى، ئۇلارنى «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلىرىنى ئومۇمىي جەھەتتىن باشقۇرۇش»قا قويدى، ئۆزلىرىگە گۇماشتا قىلىش ئۈچۈن، ئۇيغۇرلاردىن بەگ تەيىنلىدى، تىزگىنلەش، باج - خىراج ئېلىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرىغا قارىتا «بارىمتايلىق تۈزۈمى» نى قوللاندى. يەنى، بۇ تۈزۈم بويىچە ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر خانى ئۆزىنىڭ بىر ياكى بىرقانچە ئوغلىنى ئىلىغا بارىمتايلىققا ئەۋەتەتتى. ھەتتا بەزىدە خانلار ئۆزىمۇ بارىمتاي بولۇپ تۇراتتى. ئەگەر كىمدىكى قارشىلىق كۆرسىتىدىكەن، جۇڭغارلار ئۇلارنى دەرھال تۇتقۇن قىلىپ ئېلىدا زىندانغا تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى خانلارنى تەيىنلەيتتى. يېڭى خانلار يەنىلا جۇڭغارلارغا ئولپان تاپشۇراتتى. مۇھەممەتخان ئەسىرگە ئېلىنغاندىن كېيىن، جۇڭغار خانلىقى «قارا تاغلىقلار» نىڭ سەردارى دانىيال خوجىنى ھەر يىلى 100 مىڭ تەڭگە كۆمۈش ئولپان تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن خانلىققا تەيىن-

لىدى. دانىيال خوجا ئۆلگەندىن (1730 - يىلى) كېيىن، جۇڭغارلار يەكەنگە دانىيال خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى ياقۇپ خوجا ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىق قىلدى. قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەنلەر-گە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن باشقا خوجىلارنى تەيىنلىدى. بۇنداق ئەھۋال 1755 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 20 - يىلى)، چىڭ سۇلالىسى ئىككىنچى قېتىم لەشكەر تارتىپ جۇڭغارلارنى تىنجىتقانغا قەدەر داۋاملاشتى.

جۇڭغارىيە خانلىقى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار رايونىغا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ تەخمىنەن 73 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇ مەزگىلدە جۇڭغارلار ئۇيغۇرلارنى ئۆزلىرىنىڭ «ئالبىتۇ» («ئالبىتۇ» موڭغۇلچە «رەئىيەت» دېگەن مەنىدە)سى دەپ قاراپ، ھەر يىلى ئۇيغۇرلاردىن نۇرغۇن ئولپان يىغىۋالدى. غالدان سېرېن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە (1727 — 1745 - يىللىرى)، يالغۇز يەكەن خانلىقىلا موڭغۇللارغا ھەر يىلى 100 مىڭ سەر تەڭگە قىممىتىدە ئولپان تۆلەيتتى. بۇ ئولپان: 261 پاتمان گۈرۈچ، 1715 چارەك كېۋەز، 428 چارەك زاراڭزا، 5839 پاتمان سۆك ھەمدە هاراقخانا، باغ، تۈگمەن، ئالتۇن-كۈمۈش بېجى، سودا بېجى، رەخت بېجى، تۇياق بېجى قاتارلىق-لارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئەينى ۋاقىتتا بىر تەڭگىنىڭ قىممىتى بىر سەر كۈمۈشكە يەنى 100 پۇلغا باراۋەر ئىدى*. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن جۇڭ يۈەنىنىڭ مۆلچەرلىشىچە، ئەمەلىيەتتە موڭغۇللار ئۇيغۇرلاردىن يىغىۋالغان ئولپان مىقدارى بەلگىلەنگەن بۇ ساندىن كۆپ ئېشىپ كېتەتتى. ھەربىر تۈتۈندىن بىر يىلدا يىغىۋېلىنىدىغان ئاشلىق بېجى پۈتۈن كىرىمىنىڭ 55%دىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيتتى. جۇڭ يۈەن ئەھۋال توغرىسىدا مۇنداق دېگەنىدى: «جۇڭغارىيە ھۆكۈمران-

* «جۇڭغارلارنى تىنجىتىش تەدبىرلىرى. رەسمىي نۇسخا» 77 - جىلد. چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) 8 - ئايدا (شىنچيۇ)، چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن جاۋخۇي قاتارلىقلارنىڭ يوللىغان مەلۇماتى.

لىرى بەلگىلىگەن بەلگىلىمە بويىچە ئۇيغۇرلاردىن ھەربىر ئەر كىشى بىر «تۈتۈن» ھېسابلىنىدىكەن، ھەربىر «تۈتۈن» بىر قېتىم بازارغا كىرسە جۇڭغارلارغا بىر دانە خام تاپشۇرىدىكەن ياكى بولمىسا، بىرنەچچە پارچە قوي تېرىسى ۋە ياكى بىر دانە سۆلەيسۇن تېرىسى تاپشۇرسىمۇ بولىدىكەن؛ ھوسۇل ئاۋۋال تەپمۇتەك بۆلۈۋېلىنىدىكەن، تەك بۆلۈۋېلىنغاندىن كېيىن ئۆشرىسى ئايرىۋېلىنىدىكەن. باج - خىراج، ئولپان يىغقىلى كەلگەن ئەمەلدارلارنى يەنە تېخى ئېسىل تائاملار بىلەن كۈتۈۋېلىش كېرەك ئىكەن، ئەگەر ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولماي قالسا، نەرسە - كېرەكلىرىنى بۇلاپ كېتىۋېرىدىكەن»①. دېمەك، جۇڭغارىيە ھۆكۈمرانلىرى ئۇيغۇرلاردىن نۇرغۇن مىقداردا ئولپان ئالغاندىن باشقا، ئۇيغۇرلارنى يەنە ھەقسىز ئەمگەك قىلىپ بېرىشكە مەجبۇرلايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى ئىلىغا كۆچۈرۈپ يانچى قىلىۋالغانىدى②. جۇڭغارىيە ھۆكۈمرانلىرى يەنە: يېڭى «تەيجى» تەختكە چىققاندا، كونا پۇل ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، باشقىدىن پۇل قۇيۇلىدۇ، دەپ بەلگىلىمە چىقارغانىدى. بۇ بەلگىلىمە بويىچە بىر يېڭى پۇل ئىككى كونا پۇلغا تېگىشىپ بېرىلەتتى. موڭغۇللار تاكى كونا پۇل تۈگەپ بولمىغۇچە ئۇدۇللۇق يېڭىسىنى قۇيۇپ ئۇدۇللۇق تېگىشىپ بېرىپ تۇراتتى③. مۇشۇنداق ئۇسۇل يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ مال - مۈلكى غايەت زور زىيانغا ئۇچرىدى. بۇ ئىش ئۇلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى. بۇ جايدىكى ئۇيغۇرلار بۇنداق ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىزچىل قارشى-

① جۇۋاڭ يۈەن: «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم»، 7 - جىلد.

② «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى. رەسمىي نۇسخا»، 15 -، 17 جىلدلىرى.

③ «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 12 - جىلد.

لىق كۆرستىپ كەلدى.

تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنى تالىشىش، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭغارلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر تەرىپى ئىدى. 1697 - يىلى، غالدان ئۆلگەندىن كېيىن، يەكەن خانلىقى يەنىمۇ پارچىلىنىپ، جايلاردا بىرمۇنچە يېڭى فېئودال ھۆكۈمرانلار بارلىققا كەلدى ۋە ھەربىر رايونغا نەسەبىي فېئوداللارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بولۇۋالدى. تەپرىقە ھالەتتىكى بۇنداق فېئودال كۈچلەر ئىچىدە قۇمۇل، تۇرپان، ئۇچتۇرپان ۋە يەكەن-دىكى نەسەبىي فېئودال جەمەتلىرى گۇرۇھىنىڭ كۈچى ئەڭ زور ئىدى. چىڭ سۇلالىسى بىلەن جۇڭغارلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش-تە، بۇ فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ پوزىتسىيىسى بىر - بىرىدىن پەرقلىنەتتى.

غالدان ئۆلگەندىن كېيىن، قۇمۇلنىڭ ھۆكۈمرانى ئەبەي-دۇللا بەگ ھەممىدىن ئاۋۋال جۇڭغارلاردىن ئايرىلىپ چىقتى. غالدان مەغلۇپ بولۇپ ئۆلگەن يىلى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئوغلى گوپا بەگنى ئەۋەتىپ غالداننىڭ ئوغلى سەمپىل بالجىرنى تىرىك تۇتۇپ چىڭ ئوردىسىغا ئاپىرىپ بەردى*. ئۇ چىڭ ئوردىسىغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قۇمۇل رايونىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش يۈزىسىدىن، دەرھال بىرمۇنچە تەدبىرلەرنى قوللاندى. 1697 - يىلى، چىڭ سۇلالى-سىنىڭ كاڭشى خانى ئەبەيدۇللاغا بىرىنچى دەرىجىلىك «جاساق» لىق ئوتۇغاتىنى بېرىپ، مۆھۈر ۋە كۆمۈش پۇللارنى ئىنئام قىلدى ھەمدە بىر دانە قىزىل ئەلەم بەردى؛ ئۇنىڭ ئوغلى گوپا بەگكە ئىككىنچى دەرىجىلىك بەگ ئۇنۋانىنى بەردى، چىڭ ئوردىسى

* «ۋاسساللار ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، 15 جىلد. «غەربىي يۇرتنىڭ خەرى-تىلىك تەزكىرىسى»، 9 - جىلد.

قوشۇن ئىشلىرىنى كۆچەيتىش ئۈچۈن ئۇنى ئۆز تەۋەسىدىن يۆز
ئادەمنى باشلاپ سۇجۇ (ھازىرقى جيۇچۈەن) غا بېرىپ تۇرۇشقا
ئەۋەتتى. 1698 - يىلى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن
ئەلچى قۇمۇلغا كېلىپ، قوشۇن تەشكىللەپ،
«تۇغچى زەڭگە»، «جارا ئېرجىن»، «سۇمۇن زەڭگە»، «چاپ-
ۋۇرلار بېگى» قاتارلىق ئەمەللەرنى تەسىس قىلدى. سۇجۇغا
ئايرىم بىر «سۇمۇن زەڭگە» تەيىنلىدى①. شۇنىڭدىن كېيىن
قۇمۇلدىكى فېئوداللارمۇ چىڭ ئوردىسى بىلەن بىرلىكتە جۇڭغار-
لارغا قارشى كۈرەش قىلدى. سۆپىن ئارىبدە ئەبەيدۇللانىڭ
ئۆزىنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسىنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە
تۇتۇپ بەرگەنلىكىدىن غەزەپلىنىپ 1700 - يىلى ئۆز ئادەم-
لىرىنى ئىشقا سېلىپ، قۇمۇلدىن تۇرپانغا ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەرنى
بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. چىڭ ئوردىسى بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ،
سۆپىن ئارىبدەنى ئەيىبلىگەنىدى، جۇڭغار خانى ئەبەيدۇللاغا
تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتتى②. 1715 - يىلى، سېۋپىن ئارىبدە
2000 لەشكەر چىقىرىپ قۇمۇل شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. چىڭ
سۇلالىسىنىڭ قۇمۇلنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان قوشۇنلىرى ئەبەيدۇل-
لانىڭ قول ئاستىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭ ھۇجۇ-
مىنى چېكىندۈرۈپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي شىمالدىكى
ئالدىنقى سېپىنى مۇستەھكەملىدى.

تۇرپاننىڭ ھۆكۈمرانى ئاق سۇلتان غالدان ئۆلگەندىن
كېيىن چىڭ سۇلالىسىگە دەرھال بەيئەت قىلىپ كەتمەي بىر-
قانچە يىل قاراپ باقتى، 1720 - يىلى، ئاسىيلارنى تىنچىت-
قۇچى سانغۇن فۇنىڭئەن چىڭ ئوردىسىنىڭ جۇڭغارلارنى جازا-

① «ۋاساللار ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، 15 - جىلد.
② «ۋاساللار ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، 15 - جىلد.

لىغۇچى قوشۇنلىرىنى باشلاپ پىچان، تۇرپانلارغا بېسىپ كەلگەن چاغدىلا، ئاق سۇلتان ۋە ئوكۇرداي ساقى جەپەر قاتارلىقلار ئۆز پۇقرالىرىنى باشلاپ چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بۇ ئىككى جايىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇزۇن مۇددەت قولدا تۇتۇپ تۇرۇشقا كۈچى يەتمەي، تۇرپاندىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلار يەنە جۇڭغارلارنىڭ تۇرپانغا ھۇجۇم قىلىش ئېھتىمالىنى نەزەردە تۇتۇپ، بېقىنىشنى خالىغان 650 نەپەر ئۇيغۇرنى گۋاجۇ، شاجۇ ئايماقلىرىغا كۆچۈرۈپ ئېلىپ كەتتى①.

چىڭ ھۆكۈمىتى گۋاجۇغا كۆچۈرۈلگەن تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىمۇ قوشۇنغا ئايرىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن تەييارلىق كۆردى ②.

## 2 – بۆلۈم چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى

1700 – يىلى، جۇڭغارلار ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىغان ئەھمەتنى تۇتۇپ ئىلىغا ئاپىرىپ نەزەربەند قىلدى. ئەھمەت ئىلىدا ئىككى ئوغۇل پەرزەنت كۆردى، ئۇلارنىڭ چوڭىنىڭ ئىسمى بۇرھانىددىن (چوڭ خوجا)، كىچىكىنىڭ ئىسمى خوجا جاھان (كىچىك خوجا) ئىدى. جۇڭغارلار بۇلارغىمۇ ئەركىنلىك بەرمىدى. ئەھمەت ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلارمۇ دادىسىغا ئوخشاش تۇت-

---

① «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى. ئالدىنقى قىسمى» 7 – جىلد. كاڭشىنىڭ 59 – يىلى 8 – ئاي (جازى)

② «ۋاسساللار ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، 15 – جىلد.

قۇنلۇق ھاياتىنى كەچۈردى. 1754 - يىلى (چىيەنلۇڭنىڭ 19 - يىلى)، جۇڭغارلارنىڭ باشلىقى داباچ بىلەن ئامۇر سانا ئوتتۇرىسىدا ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى يۈز بەردى. بۇ جىددىي كۈرەشتە ئامۇر سانا چىڭ سۇلالىسىگە ئەل بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇزۇندىن بۇيان تىيانشاننىڭ جەنۇبىي بىلەن شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كويىدا بولۇپ كەلگەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مۇشۇ ئوبدان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جۇڭغارلارغا قارشى يۈرۈش قىلىش قارارىغا كەلدى. 1755 - يىلى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئىككى يۆنىلىش بويىچە لەشكەر تارتىپ ماڭدى. شۇ يىلى 5 - ئايدا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئازغىنا ئەسكىرىي كۈچ بىلەن داباچ چېرىكلىرىنى گېدىن تېغىدا پۈتۈنلەي يوقاتتى، داباچ ئۇچتۇرپانغا قېچىپ بېرىپ ئەسىرگە چۈشتى. چىڭ ئوردىسى داباچ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئۇچتۇرپانىنىڭ مۆتىۋەرى خوجاسى بەگ بىلەن ئاقسۇنىڭ ھاكىمبېگى ئابدۇل ۋاھاپ بەگنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، بۇرھانىددىن خوجا بىلەن خوجا جاھان خوجىنى تۇتقۇنلۇقتىن ئازاد قىلدى ھەمدە بۇ ئىككى خوجىنىڭ تۆرە بولۇپ، ئۇيغۇرلار رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا ماقۇل بولدى①. لېكىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ئولپانلىرىنىڭ سانىنى ئېنىقلاپ، تاپشۇرۇشقا پەرمان بېرىش» نى شەرت قىلىپ تۇرۇۋالدى②. روشەنكى، چىڭ ئوردىسى قويغان بۇ شەرت بۇرھانىددىن خوجا بىلەن خوجا جاھان خوجىنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنۇشى لازىم ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ چىڭ سۇلالىسى زېمىنىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى.

---

① «تەزكىرەئىي خوجگان» غا قارالسۇن.

② «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى. ئالدىنقى قىسىم»، 32 - جىلد.

بۇرھانىددىن خوجا چىڭ ئوردىسىنىڭ ئۆزلىرىنى ئازاد قىلىپ، مۇھىم ۋەزىپىگە قويغانلىقىغا دەسلەپتە مىننەتدار بولدى. ئۇ راستىنلا، مىڭدىن ئارتۇق لەشكەرنى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىپ، ئاۋۋال قارا تاغلىقلار ئىگىلەپ ياتقان ئۈچتۇرپان شەھىرىنى پەتىھ قىلدى. ئارقىدىن ئۇ يەنە قەشقەرنىمۇ ئىشغال قىلدى. بۇرھانىددىن خوجا قەشقەردە لەشكەرلىرىنى كۆپەيتكەندىن كېيىن، قارا تاغلىقلارنىڭ ئاخىرقى قورغانى يەكەنگە ھۇجۇم قىلدى. يەكەننىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئالىي ھۆكۈمرانى، قارا تاغلىقلارنىڭ سەردارى خوجا جاھان خوجا ئىدى، خوجا جاھان خوجا بۇرھانىددىن خوجا بىلەن خوجا جاھاننىڭ چىڭ سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتۈش توغرىسىدا قىلغان نەسىھەتىنى رەت قىلىپ، ئۇلار بىلەن قاتتىق سوقۇشتى. سوقۇشتا بۇرھانىددىن خوجا، خوجا جاھانلار غەلىبە قىلىپ، خوجا جاھان خوجىنى ئەسىر ئېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى ۋە «زامان زاماننىڭ، زامان خاقانىي چىننىڭ» دەپ جاكارلىدى*.

لېكىن، بۇرھانىددىن خوجا چىڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرىدىغان بارلىق قارا تاغلىقلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئەسلىدە چىڭ سۇلالىسىگە بېقىنغان ئامۇرسانا ئېھتىمۇ چوڭراق ھوقۇققا ئېرىشىش ئۈچۈن چىڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈدى. ئامۇرسانانىڭ چىڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى خوجا جاھانغا تەسىر كۆرسەتتى. بۇرھانىددىن خوجا بولسا، ئۆزلىرىنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى نەزەربەندتىن ئازاد قىلغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ قىلغان مېھىر - شەپقىتىدىن مىننەتدار بولۇپ، قارشىلىق كۆرسەتمەسلىك لازىم، دەپ قارايتتى. خوجا جاھان بولسا، ئاكىسى بۇرھانىددىن خوجىنىڭ ئەكسىچە، ئەسلىدىكى ۋەدىسىگە پۈتۈنلەي خىلاپلىق قىلىپ، ئۆز ئالدىغا دۆلەت

* «تارىخى ھەمىدى» گە قاراڭ.

قوروپ، چىڭ سۇلالىسىگە بولغان تەۋەلىك مۇناسىۋەتتىن ئۈزۈل ـ كېسىل قول ئۈزۈشنى تەشەببۇس قىلاتتى. بۇرھانىدىدىن تىكىنشى توختىماي، ئارىسالدى بولۇپ تۇرغانلىقتىن، خوجا جاھان گۇرۇھى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. 1757 - يىلى، خوجا جاھان «باتۇرخان دۆلىتى» دېگەن بايراقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ پۈتۈن مەملىكەتنى تولۇق بىرلىككە كەلتۈرگەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزدى.

چيەنلۇڭ خان ئەسلىدە تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىغا بۇرھانىدىدىن خوجا ۋە خوجا جاھانلار ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى* شۇڭا، خوجا جاھان ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىغاندىن كېيىن، مۇئاۋىن زەڭگى ئامىنداۋنى يۈزدىن ئارتۇق چېرىكنى باشلاپ ئاسىيلارنى «ئەل قىلىپ كېلىش» كە ۋە ئەھۋالنى ئېنىقلاپ بېقىشقا ئەۋەتكەنىدى. خوجا جاھان ئامىنداۋ بىلەن ئۇنىڭ ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئۈمىد يوقلۇقىغا كۆزى يەتكەن گاۋزۇڭ خان جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئىشنى ھەربىي يول بىلەن ھەل قىلىش قارارىغا كەلدى. خوجا جاھان جۇڭغارلارنىڭ ئۇيرات قەبىلىسى ۋە ئەنجان، بۇخارا قاتارلىق جايلاردىكى فېئوداللار بىلەن بىرلىشىپ ئۆزىنىڭ كۈچىنى تولۇقلىدى. 1758 - يىلى 5 - ئايدا، چىڭ سۇلالىسى ئارخاشانغا مانجۇ، خەنزۇ چېرىكلىرىدىن بولۇپ ئون مىڭدىن ئارتۇق لەشكەرنى باشلاپ تۇرپاندىن يولغا چىقىپ، كۇچاغا ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. 8 - ئايدا، كۇچا مانجۇلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. خوجا جاھان يەكەنگە قېچىپ كەتتى.

* چيەنلۇڭنىڭ 22 - يىلى 12 - ئاي (كۇيۋېي): «قارا دۋان ۋەزىرىگە چۈشۈرۈلگەن يارلىق».

ئۇرۇشتا يېڭىلگەندىن كېيىن، بۇرھانىددىن خوجا بىلەن خوجا جاھان ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ يەنىمۇ چوڭىيىپ كەتتى. مۇزاكىرىلىشىش نەتىجىسىدە خوجا جاھان يەكەننى، بۇرھانىددىن خوجا قەشقەرنى ئىگىلەپ، بىر ـ بىرىگە ھەمدەم بولۇپ مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش قارارىغا كېلىشتى. مۇشۇ مەزگىلدە ئۇلار يەنە ئەگەر بۇ قېتىممۇ يېڭىلىپ قالىدىغان بولسا قاياققا مايىل بولۇش مەسىلىسى ئۈستىدىمۇ مۇزاكىرە-لىشۋالدى. 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، مانجۇ قوشۇنلىرىدىن ئاتلىقلار ۋە پىيادىلەر بولۇپ 4000 كىشى جاۋ خۇينىڭ قو-ماندانلىقىدا يەكەنگە يېتىپ كېلىپ، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى قاراسۇ دېگەن يەرگە چۈشتى، بۇ يەر تارىختا «قاراسۇ لاگېرى» دەپ ئاتالدى. 13 - كۈنى، جاۋخۇي مىڭدىن ئوشۇق ئاتلىق چېرىكنى باشلاپ شەھەرنىڭ غەرب تەرىپىدىكى يېڭى چىپان تېغىغا بېرىپ، خوجا جاھاننىڭ چارۋا ماللىرىنى بۇلاپ كەلمەكچى بولدى. خوجا جاھان 5000 سەرۋاز، 10 مىڭدىن ئارتۇق يىـ-گىتنى باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، مانجۇ چېرىكلىرىنى قورشىۋالدى.

1759 - يىل 1 - ئايدا، 5000 مانجۇ چېرىكى يار-دەمگە كەلدى. جاۋخۇي مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ ياردەمگە كەلگەن قوشۇن بىلەن ئۇچرىشىپ، شىمال تەرەپتىكى ئاقسۇغا چېكىنىپ، قايتۇرما ھۇجۇمغا تەييارلاندى. 6 - ئايدا، چىڭ ئوردىسى فۇدېنى خوتەن تەرەپتىن يەكەنگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى، جاۋخۇي ئۇچتۇرپان تەرەپتىن قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى. بۇرھانىددىن خوجا بىلەن خوجا جاھان ئۆزلىرىنىڭ تەڭ كې-لەلمەيدىغانلىقىنى پەملەپ ئۆزلۈكىدىن چېكىنىپ، بەدەخشانغا قاچتى. 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مانجۇ قوشۇنلىرى بەدەخ-شان چېگرىسىغا قەدەر قوغلاپ بېرىپ، ئۇلارنى يەنە بىر قېتىم چوڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. خوجىلارغا ئەگەشكەن يىگىتلەرنىڭ

كۆپ قىسمى مانجۇ قوشۇنلىرىغا ئەل بولدى. بۇرھانىددىن خوجا بىلەن خوجا جاھان ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن بىرلىكتە، كونا لەشكەرلىرىدىن نەچچە يۈز كىشى قوشۇلۇپ بەدەخشانغا قېچىپ كەتتى. كېيىن، چىڭ ئوردىسى بەدەخشانغا سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتىن بېسىم ئىشلىتىپ، قاچاقلارنى تۇتۇپ قاي- تۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ خوجىلار بەدەخشان تەۋەسىگە ئۆتكەندىن كېيىن، بەدەخشان چېگرىسىدىكى بىر قەبىلە بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا سوقۇش پارتلىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، بەدەخشان پادىشاھى سۇلتان شاھ قوشۇن ئەۋەتىپ ئىككى خوجىنى ئەسىرگە ئېلىپ ئۆلتۈردى ھەمدە چىڭ سۇلالىسى بىلەن ئىناق قوشنا بولۇپ ئۆتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، خوجا جاھاننىڭ كاللىسىنى كېسىپ مانجۇ چېرىكلىرىگە تاپشۇرۇپ بەردى. شۇنىڭدىن تارتىپ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى چىڭ سۇلالىسىگە تەۋە بولدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدا تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكى دۆلىتىمىز تارىخىدا مۇھىم بىر ئىش ئىدى. بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانىدا، ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى بىرمۇنچە يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى ۋە نۇرغۇن ئادەتتىكى پۇقرالار چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەرەپتە تۇرۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ پۈتۈن جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. مەسىلەن: قۇمۇل، تۇرپان ھۆكۈم- رانلىرى چىڭ سۇلالىسى پادىشاھلىرىدىن كاڭشى خان زامانى- دىلا چىڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغانىدى. چيەنلۇڭخان جۇڭغارلارغا زەربە بەرگەندە، ئىلگىرى جۇڭغارلار تەرىپىدىن ئىلىغا كۆچۈرۈلۈپ يانچى قىلىۋېلىنغان ئۇيغۇر خەلقى جۇڭغارلارغا قارشى تۇرۇپ چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ياردەملەشكەنىدى. بۇرھانىددىن خوجا، خوجا جاھانلار

بىلەن زىنددىيىتى بار بەزى فېئودال يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى، مەسىلەن، كۇچانىڭ ھاكىمبېگى ھادى، باينىڭ مۆتىۋىرى گاداي مۇھەممەد، سېتىۋالدى قاتارلىق كىشىلەرمۇ ئائىلىسىنى تاشلاپ قويۇپ، يوشۇرۇن ھالدا ئىلگىرى - ئاخىر ئىلىغا بېرىپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنى قارشى ئالدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر «ئاقساقال» لىرىدىن يۇسۇپكە ئوخشاش بەزى كىشىلەر چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى يېتىپ كەلگەندە ئۆز رازىلىقى بىلەن قوشۇن ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. ئادەتتىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرىدىن نۇرغۇن كىشى ۋە بىرمۇنچە فېئودال يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تەرەپتە تۇرغانلىقى چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق بولدى. بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدىكى ھەربىي پائالىيەتلەر ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى خىزمەت كۆرسەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مۇكاپات ۋە ئىنئاملارنى بەردى. تۇرپاننىڭ سەردارى ئىمىن خوجا خېلى بۇرۇنلا ئەل بولۇپ، ھەربىي ئىشلارغا قوماندانلىق قىلىشقا قاتنىشىپ خېلى كۆپ خىزمەت كۆرسەتكەن ۋە «بىلگىنىنى سۆزلىگەن، سۆزلىگەندىمۇ قويماي سۆزلىگەن» بولغاچقا، پادىشاھ چيەنلۇڭ تەرىپىدىن پەۋقۇلئاددە مۇكاپاتقا ئېرىشكەندى. كۇچا-نىڭ بېگى ھادى، باينىڭ مۆتىۋىرى سېتىۋالدى، ئۈچتۇرپان بىلەن ئاقسۇنىڭ كاتتا بېگى خوجاسى بەگلەرمۇ پادىشاھ چيەنلۇڭ تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە قۇ-مۇلدىكى ئەبەيدۇللا خوجا، تۇرپاندىكى ئىمىن خوجا، قەشقەر-دىكى ھۆسەيىن خوجىلارغا «جاساق» ياكى ۋاڭلىق مەنسەپلىرى بېرىلدى. باشقىلىرىغا بولسا «بىلى»، «بەيسى»، «گۇڭ»، «تەيجى» ئۇنۋانلىرى بېرىلدى. شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ ھوقۇقى

كۆپەيتىلىپ، بىرمۇنچە مال - مۈلۈك ئىنئام قىلىندى. ھەتتا بەگلەرنىڭ ھوقۇقىغا چەك قويۇلۇۋاتقان چاغلاردىمۇ ئىمىن خوجىغا ئوخشاش خىزمەت كۆرسەتكەن بەزى بەگلەرگە ئېتىبار بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ «ئەجدادىنىڭ ئورنىغا دەسسىشى» ۋە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە ۋارىسلىق قىلىشىغا يول قويۇلدى، بۇ ھال تاكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر داۋاملاشتى.

شىنجاڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك بۇ دۆلەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن سېلىقلارنى يەڭگىللەتتى؛ بۇرۇنقى بەگلىك تۈزۈمىنىڭ ئىللەتلىرىنى تۈگەتتى؛ دىنىنىڭ يەرلىك ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىنى چەكلەپ، ئۇيغۇرلار رايونىدا بىرمۇنچە يېڭى سىياسەتلەرنى قوللاندى. ئاۋۋال بەگلىك تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىندى. ئىسلاھاتنىڭ يادروسى ھاكىمبەگلەرنىڭ ھوقۇقىنى تارقاقلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئاتىدىن بالىغا مىراس قېلىش تۈزۈمى ۋەزىپىگە تەيىنلەش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. شۇنداقلا، بەگلەرنىڭ تەمىناتى، مائاش ئېلىش چارىسى بەلگىلەندى، ئۇلارنىڭ پۇقرالارنى چەكسىز قاقتى - سوقتى قىلىشىغا ئىمكانقەدەر چەك قويۇلدى. چيەنلۇڭ خان بۇ بىر يۈرۈش سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، 1759 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى) 9 - ئايدا، ھاكىمبەگلەرگىمۇ ئىچكىرىدىكى ھەرقايسى ۋازارەتلەرنىڭ ۋەزىرلىرىنى تەيىنلەش چارىسىنى قوللىنىش، «كەم ئورۇنغا تولۇقلاپ سەپلەش ياكى ئېپادىسىگە قاراپ چېكىندۈرۈۋېتىپ، بوش قالغان ئورۇننى باشقىدىن تولۇقلاش» توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. سەپلەش، تولۇقلاشتا قابىلىيەتلىك، ئەخلاقلىق كىشىلەر تاللاندى، ھاكىمبېگى ھاكىمبەگلەردىن بىر

دەرىجە تۆۋەن بولغان ئىشخانا بېگى، ئىشىكئاغا بېگى ئىچىدىنمۇ تاللاندى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئىچكىرىسىنىڭ چارىسى بويىچە ھاكىمبەگ ۋە باشقا بەگلەرگىمۇ ئايرىم - ئايرىم دەرىجە بېرىلدى، ھاكىمبەگلەر 3 - دەرىجىلىك، ئىشىكئاغا بەگلەر 4 - دەرىجىلىك... قىلىپ بېكىتىلدى. ئەڭ كىچىك بەگلەرگىمۇ 6 - ياكى 7 - دەرىجە بېرىلدى. 1761 - يىلى 8 - ئايدا يەنە، ھاكىمبەگلەرنىڭ شەخسىي مۇھۆر ئىشلەتمەي، دۆلەت تەرىپىدىن بىر تۇتاش تارقىتىپ بېرىلگەن، خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان تامغىنى ئىشلىتىش كېرەكلىكى بەلگىلەندى. 1765 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 30 - يىلى)، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، ھاكىمبەگلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەشتە ئادىل بولۇش، تۆۋەن دەرىجىلىك بەگلەرنى كۆرسىتىپ سايلاپ بېرىش بەلگىلەندى ھەمدە «ئۆزىنى چەتكە ئېلىش» فاڭجېنى بويىچە قويۇلۇپ، ھاكىمبەگلەرنىڭ ئۆز يۇرتىدا ۋەزىپە ئۆتىشىگە رۇخسەت قىلىنمىدى*. ئۇنىڭدىن باشقا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا باج - خىراجنى يەڭگىللىتىش توغرىسىدا بەزى سىياسەتلەرنىمۇ قوللاندى: قۇمۇل ۋە تۇرپانلاردا يەر بېجى كەچۈرۈم قىلىندى؛ باشقا ئۇيغۇر رايونلىرىدا باج - خىراج ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ئېلىنغان باج - سېلىقلاردىن كۆپ يېنىك بولدى؛ شىنجاڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، يەرلىك ھەربىي - مەمۇرىي خىراجەت چىقىمىغا ئىشلىتىش ۋە پۇل تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئوبوروت ئىشلىرىنى ئوڭايلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئىچكى ئۆلكىلەردە ياسالغان مېتال پۇلغا ئوخشىشىدىغان (شەكلى يۇملاق، ئوتتۇرىسىدا چاسا

---

* «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى. رەسمىي نۇسخا» 79 - جىلد. چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) 9 - ئايدىكى جياشۇ پەرمانلىرى.

تۆشۈكى بار) يېڭى پۇل (داچەن) قۇيدۇرۇلۇپ، موڭغۇللار
ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدىكى مىتال پۇل تەدرىجىي ئەمەلدىن
قالدۇرۇلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەربىي خىراجەتنىڭ
كېمىنى تولۇقلاش ئۈچۈن، ھەر يىلى ئىچكىرىدىن 275 مىڭ
سەر كۈمۈش ياردەم بېرىپ تۇرۇلدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە
شىمالىدىكى رايونلارغا ئۇزاققىچە مۇقىم ھۆكۈمرانلىق
قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭدا ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمىنى
يولغا قويدى. 1762 - يىلى (چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ
27 - يىلى) «ئىلى قاتارلىق جايلارنىڭ ئىشلىرىنى
بىر تۇتاش ئىدارە قىلىدىغان جياڭجۈن» (قىسقارتىلىپ «ئىلى
جياڭجۈنى» دەپ ئاتىلىدۇ) بەلگىلەپ، ئۇنى شىنجاڭغا ھۆكۈم-
رانلىق قىلىدىغان ئالىي ئەمەلدار سۈپىتىدە ئىلىدىكى كۈرە
قەلئەسىدە تۇرغۇزدى. ئۈرۈمچىدە، ئۈرۈمچى رايونىنى باشقۇرى-
دىغان «زەڭگى» تۇرغۇزدى. ئىلى، تارباغاتاي، قەشقەر رايون-
لىرىدا «مەسلىھەتچى ئامبال» لارنى تۇرغۇزۇپ، جەنۇبىي ۋە
شىمالىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنى تىزگىنلىدى. مەسلىھەتچى
ئامباللارغا قاراشلىق شەھەرلەردە خان ئامبال، كىچىك شەھەر-
لەردە ئاغلاقچى ئامباللارنى قويدى. خان ئامبال ۋە ئاغلاقچى
ئامباللار مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ، مەسلىھەتچى ئامبال ۋە «زەڭگى»
لەر ئىلى جياڭجۈننىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. ۋەتەننىڭ چېگرا
مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى
شىنجاڭنىڭ چېگرا جايلىرىدا تۇرۇشقا ھەربىي قوشۇنلارنى
ئەۋەتتى. چېگرىدا تۇرىدىغان قوشۇنلار تۆۋەنكى تارام، يۇقىرىقى
تارام دەپ ئىككىگە ئايرىلغان بولۇپ، شىمالدىكى چېگرا مۇدا-
پىئەسى مۇھىم نۇقتا قىلىندى. شىمالدىكى چېگرىدا تۇرىدىغان
قوشۇندا بالا - چاقىسى بىلەن بىللە تۇرىدىغان ئەسكەرلەر ۋە
ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەسكەرلەر بارئىدى؛ جەنۇبتا تۇرىدىغانلىرى

بولسا ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەسكەرلەر ئىدى. سان ۋە تۈر جەھەتتە، شىمالدىكىسى كۆپ، جەنۇبتىكىسى ئازراق ئىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەرلىك ئۇيغۇر چېرىكلىرىگە ئادەتتە ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ھاكىمبەگلىرىنىڭ باشچىلىق قىلىدىغانلىقىنى، ئىلى جياڭجۈنىنىڭ قوشۇمچە باشقۇرىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى*. خەلققە ھەربىي قوشۇن جەھەتتىن كېلىدىغان سېلىقنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ھەربىي قوشۇنلارنىڭ بوز يەر ئېچىپ، دېھقانچىلىق قىلىش ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويدى. ھەربىيلەر بوز يەر رايونى قۇمۇل، پىچان، تۇرپان، قاراشەھەر، ئۈچتۇرپان، ئاقسۇ، مارالبېشى، قەشقەر، خوتەن، باركۆل، گۇچۇڭ، سانجى، ماناس، جىمسار، شىخو، جىڭ، چۆچەك قاتارلىق جايلارغا قەدەر كېڭەيتىلگەنىدى. بۇ رايونلاردا ھەر خىل ئاشلىق ۋە ئىقتىسادىي زىرائەتلەر تېرىلاتتى. ئىلى رايونى چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا باب كېلىدىغان ياخشى ئوتلاق بولغاچقا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىلى رايونىدا بىر مۇنچە ئوتلاقلارنى باشقۇرۇپ يىلقا، تۆگە، كالا، قوي قاتارلىق چارۋا ماللارنى كۆپەيتتى. ھەربىيلەر دېھقانچىلىقىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇشى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تۆھپە قوشتى. ھەربىيلەرنىڭ بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلىشىدا ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقمۇ مۇھىم رول ئوينىدى. مەسىلەن، ئىلىدىكى «مۇسۇلمانلا دېھقانچىلىقى» (يەنى ئۇيغۇر ھەربىيلىرىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى) دا دەسلەپتە 300 نەپەر ئاقسۇلۇق ئۇيغۇر بار ئىدى. كېيىن يەكەن، ئۈچتۇرپان، خوتەن، قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن نۇرغۇن ئادەم كۆچۈرۈپ ئاپىرىلدى. 1768 - يىلىغا كەلگەندە

*«غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 31 - جىلد.

(چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 33 - يىلى) ئىلىدىكى «ئۇيغۇر ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى» دىكىلەرنىڭ ئائىلە سانى 6383 كە يەتتى. «يانچىلار» ۋە تۆمۈر كانچىلاردىن باشقا، قالغان 6000 ئۆيلۈك كىشى غۇلجىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈردى. ئۇلارنى ھاكىمبەگ باشقۇراتتى. ئۇلار ھەر يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ يەرلىك ھۆكۈمىتىگە 96 مىڭ تاغار ئاشلىق تاپشۇراتتى. 1794 - يىلى، ئۇيغۇرلارنىڭ جان سانى كۆپىيىپ، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىغان يەرنىڭ مو سانىمۇ كۆپەيگەنلىكتىن، تاپشۇرۇلىدىغان ئاشلىق سانىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن 4000 تاغارغا كۆپەيتىپ، جەمئىي تاپشۇرۇلىدىغان ئاشلىق سانىنى 100 مىڭ تاغارغا يەتكۈزدى*. ئىلىدىكى چارۋىچىلىق مەيدانلىرى 1754 - يىلدىن 1769 - يىلغا قەدەر بولغان ئون نەچچە يىل داۋامىدا ھەرپىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا تېرىلغۇ ئىشلىرىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن «ئۇيغۇر ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى» دىكىلەرنى ئۇيى بىلەن تەمىنلىدى. چىڭ سۇلالىسى يەنە چۆچەك، بارىكۆل، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىمۇ چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرۇپ، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇردى.

## 3 - بۆلۈم ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈمىگە ئاساسىي جەھەتتىن تەگمەي، نەسەبىي بەگلىك تۈزۈمىنى ۋەزىپە-

*(چىڭ سۇلالىسى) سۇڭ يۈن: «شىنجاڭ ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە» 6 - جىلد: «ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرى».

گە تەيىنلەش تۈزۈمىگىلا ئۆزگەرتىپ قويىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شىنجاڭدا ئۆلكە تۈزۈمى قۇرۇلغانغا قەدەر، يەككە دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان فېئودال خوجىلىق تۈزۈمى — ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى بولۇپ كەلدى. بۇ تۈزۈم بويىچە، جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورگىنى ھەر دەرىجىلىك چوڭ - كىچىك بەگلەردىن تەركىب تاپاتتى. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەنگە قەدەر بۇ بەگلەر يەرلىك خانلارنىڭ ياكى دۆلەت باشلىقىنىڭ باشقۇرۇ-شىدا بولۇپ كەلگەنىدى. شىنجاڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، فېئودال تەپرىقىچىلىك ھالەتتىكى خانلار يوقالدى. بەگلەرنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدىغان ياكى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرىدىغان بولۇپ، ئۇلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى قورالىغا ئايلاندى. بىر مۇنچە بەگلەر بىرەر رايوننى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىۋالغان فېئودال خوجىلار ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ بەگلىك تۈزۈمى تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلاردا ساقلىنىپ تۇردى. ئادەتتە، ھەر بىر بوستانلىقتىكى شەھەر - بازاردا بىردىن مۇكەممەل، ئىنچىكە خىزمەت تەقسىماتىغا ئىگە بەگلىك سىستېمىسى بار ئىدى. بەگلەرنىڭ ئەڭ چوڭى «ھاكىمبەگ» دەپ ئاتىلاتتى. بۇنداق بەگلەرنىڭ ۋەزىپىسى شەھەرلەرگە قاراشلىق يېزا - كەنتلەرنىڭ چوڭ - كىچىك ئىشلىرىنى بىر تۇتاش ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ۋەزىپىسى ئېغىر، ھوقۇقى چوڭ ئىدى؛ ھاكىمبەگلەر-نىڭ مۇئاۋىنى «ئىشكئاغا بەگ» دەپ ئاتىلاتتى. بۇلار ھاكىمبەگلەرنىڭ يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشى-غا ياردەملىشەتتى. ۋەزىپە ئورنى ھاكىمبەگلەردىن تۆۋەن تۇراتتى. بۇ ئىككى خىل ۋەزىپىدىن باشقا، جايلاردا يەنە ھەر

خىل ناملاردا بىر مۇنچە بەگلەر بولۇپ، بۇنداق بەگلەر مەلۇم بىر خىل كەسىپنى باشقۇراتتى. ياكى بىرەر يېزىغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئۇلارنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسى ئېنىق بولۇپ، تەشكىلىي قۇرۇلمىسى پۇختا ئىدى. «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ۋە «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم» دېگەن كىتابتا يېزىلغان خاتىرىلەرگە ئاساسەن، ھەر دەرىجىلىك بەگلەرنىڭ نامى ھەم ئۇلارنىڭ خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

1 - دېھقانچىلىق قىلىدىغان يەرلەرنىڭ مو سانىنى، باغۋەنچىلىك، سۇ ئىشلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك غەللە - پاراقلىرىنى باشقۇرىدىغان بەگلەر:

**خەزىنىچى بەگ:** يەر - زېمىن، غەللە - پاراق ئېلىشقا مەسئۇل؛

**شائېبېگى:** غەللە - پاراق تاپشۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل؛

**مۆتىۋەللى بەگ:** يەر - زېمىن، باغ - ئۆي، مۈلۈكلەر سودىسىنى ۋە گۆرۈگە - رەنىگە قويۇش ئۆلچەملىرىنى باشقۇرۇش، بۇ توغرىدىكى تالاش - تارتىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن باج ئېلىشقا مەسئۇل؛

**ئەرباب بەگ:** ئالۋان - ياساق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋە ئۇنى ئورۇنداشقا ھەيدەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل؛

**باغۋەن بەگ:** مېۋىلىك باغلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل؛

**دوپ بېگى:** 2000 ئۆيلۈك دېھقاندىن غەللە - پاراق

ئېلىنىشقا مەسئۇل؛

**يۈز بېگى:** يۈز ئۆيلۈك دېھقاندىن غەللە - پاراق ئېلىنىشقا مەسئۇل؛

**ئون بېگى:** بىرنەچچە ئون ئۆيلۈك دېھقاندىن غەللە - پاراق ئېلىنىشقا مەسئۇل؛

**مىراب بەگ:** سۇ ئىنشائاتى، سۇغىرىش ئىشلىرىغا مەسئۇل؛

2 - ھەر خىل قول - سانائەت ئەمگىكىنى ۋە ھەربىي ھازىرلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بەگلەر:

**نېقىب بەگ:** ئۇستىكارلارنى ئىشقا سېلىپ لازىمەتلىك نەرسىلەرنى ياسىتىش قاتارلىق ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل؛

**قارا دىۋان بېگى:** جام - رابات، لەڭگەرلەرنى قۇرۇش، قورال - ياراقلارنى ياساش ۋە رېمونت قىلىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل؛

**جەب بېگى:** قالقان - ياراقلارنى ياستىشقا مەسئۇل؛

**قاش بېگى:** قاشتېشى قېزىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل؛

**كاتۇۋال بەگ:** بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل؛

3 - تىجارەت ۋە تىجارەت بېجىنى باشقۇرىدىغان بەگلەر:

كىرەك - ياراق بېگى: سودا - تىجارەت ۋە ئۇنىڭدىن ئېلىنىدىغان باج ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل؛

باجگىر بەگ: باج ۋە باھا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل؛

بازار بېگى: بازار ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل؛

4 - ئەدلىيە ۋە ئامانلىقنى ساقلاشقا مەسئۇل بەگلەر:

قازى بەگ: بارلىق دەۋا ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشقا مەسئۇل؛

سىپا قازى بەگ: باشلىقلارنىڭ دەۋا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل؛

لايا قازى بەگ: پۇقرالارنىڭ دەۋا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل؛

پاششاپ بېگى: باسقۇنچى، ئوغرىلارنى تەكشۈرۈش، تۇتۇش ۋە قاماش قاتارلىق ئىشلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل؛

سەدىر بەگ: كوچا، ئورمانلىق، باغ - ۋارانلارنى چارلاشقا مەسئۇل؛

5 - ھەربىي ئىشلار، خەۋەرلىشىش ۋە قاتناش ئىشلىرىغا مەسئۇل بەگلەر:

دىۋان بېگى: جايلارنىڭ خەت - ئالاقە، ئارخىپ، ئەمەلدارلارنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل؛

**مىلىك بېگى:** جايلارنى بۆلۈپ باشقۇرىدىغان كىچىك باشلىق؛

**ئىشخانا بېگى:** جايلاردىكى جام - رابات، لەڭگەرلەرنى ۋە ئۇنى تەمىنلەشنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل؛

**سەدىر بەگ:** يول ياساشقا مەسئۇل؛

6 - دىن، تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بەگلەر:

**مۇھتەسىپ بەگ:** دىنىي كىتاب، دەستۇرلارنى باشقۇرۇش، ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىشقا مەسئۇل؛

**زەپتى مەكتەپ بېگى:** مەدرىس، مەكتەپلەرنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل؛

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا، مىس، تۆمۈر كانلىرىنى ئېچىپ، مېتال تاۋلاش يولغا قويۇلغانلىقتىن، مىس، تۆمۈر كانلىرى بار جايلاردا رۇدا قېزىش، مېتال تاۋلاش ئىشىغا مەسئۇل بولىدىغان «مىس بەگ» لەرمۇ بار ئىدى.

ئۇيغۇرلاردا بەگلىك دەنسىپى ئاتىدىن بالىغا مىراس قالاتتى. يۇقىرى دەرىجىلىك بەگلەرنىڭ قول ئاستىدا ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئۆزگىچە تەۋە بولۇپ كېلىۋاتقان تۆۋەن دەرىجىلىك فېئودال خوجىلار ۋە ئاتالمىش «ئالىپتۇ» لار بولاتتى. «ئالىپتۇ» لار «يانچى» دەپمۇ ئاتىلاتتى. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرى، بەگلەرنىڭ قول ئاستىدىكـ

لەرنىڭ سانى چەكلىمىگە ئۇچرىمايتتى. ئاساسلىقى قوشۇۋېلىش، ئۆزىگە قارىتىۋېلىش چارىسى قوللىنىلاتتى. بەگلەرنىڭ مال - مۈلكىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقى، ئىگىلىگەن يېرىنىڭ قانچىلىك دائىرىدە بولىدىغانلىقىنىڭمۇ چېكى يوق ئىدى. شۇڭا، بەزى بەگلەرنىڭ قول ئاستىدا نەچچە تۈمەن ئۆيلۈك كىشى بولۇپ، پۈتۈن بىر بوستانلىقنى ياكى بىرقانچە بوستانلىقنى باشقۇراتتى. قۇمۇل، تۇرپان، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەنلەرنى داڭلىق چوڭ بەگلەر بۆلۈپ ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھوقۇقى كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە چوڭ، ئۇلار باشقۇرىدىغان تۇتۇن سانى چەكسىز، مال - مۈلكى بەكمۇ كۆپ ئىدى. مەسىلەن: قۇمۇلنىڭ كاتتا بېگى يۈسۈپخان ئەبەيدۇللا خاننىڭ ئەۋرىسى ئىدى. ئەبەيدۇللاخان ئەينى ۋاقىتتا يەرلىك كاتتا بەگ بولۇپ، جۇڭغارلاردىن ئايرىلىپ چىقىپ چىڭ سۇلالىسىگە بېقىنغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى قۇمۇلدا «جاساق» تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئەبەيدۇللاخانغا بىرىنچى دەرىجىلىك «جاساق» لىق ئۇنۋانىنى بېرىپ، ئۇنىڭ پۈتكۈل قۇمۇل تەۋەسىدىكى يەر - زېمىن ۋە يانچىلارنى ئىگىلىشىنى ئېتىراپ قىلغانىدى*. يۈسۈپ خانغا قۇمۇلنىڭ ئاغلاقچى ئامباللىق ۋە يەكەننىڭ ھاكىمبەگلىك (كېيىن ئېلىۋېتىلگەن) مەنسىپىنى بەردى. قۇمۇلغا ئۇنىڭ ئوغلى ئىسھاق خوجا بەگ بولغان مەزگىلگە كەلگەندە،

---

* كاڭشىنىڭ 45 - يىلى (1706 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى قۇمۇلدا ئورناتقان «سىپىل سوقۇش ئابىدىسى» دە: «قۇمۇل شەھىرى ئەسلىدە بار بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى ئەبەيدۇللا خاننىڭ ئاتا - مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان يېرىدۇر» دېگەن خاتىرىلەر بار.

ئۇنىڭ جەمەتىگە «ئالتە شەھەردىكى بارلىق مۇسۇلمانلار قارايدىغان بولدى. يەنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسھاق خوجا بەگنىڭ ئالپىتۇ (يانچى) لىرىغا ئايلاندى»①. ئۇنىڭغا قاراشلىق يەر - زېمىن ۋە يانچىلار تېخىمۇ كۆپەيدى.

يەنە بىر مىسال، ئىمىن خوجا (؟ — 1777 - يىلى)، تۇرپاننىڭ ئەڭ چوڭ فېئودال خوجىسى ئىدى. ئۇنىڭ بوۋىسى سوپى خوجا بۇرۇندىن تارتىپ قاراغۇجىدا ھۆكۈم سۈرگەن كاتتا ئاخۇن ئىدى. ئىمىن خوجا 1720 - يىلى (كاڭشىنىڭ 59 - يىلى) پىچانغا ھاكىمبەگ بولدى. ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، جۇڭغارلارنىڭ تەھلىكىسىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قول ئاستىدىكى يانچىلاردىن 5000 كىشىنى گەنسۇنىڭ ئەنشى دېگەن يېرىگە كۆچۈرۈپ بېرىپ، شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغانىدى. جۇڭغارلار تىنچىتىلغاندىن كېيىن، يەنە تۇرپانغا قايتىپ كەلدى. 1757 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 22 - يىلى)، چىڭ سۇلالىسى ئىمىن خوجىغا بەيسىلىك مەنسىپىنى بەردى. تۇرپاننىڭ شەرقى — پىچاندىن تارتىپ قاراغۇجىغا قەدەر ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىسىغا قاراشلىق بولغان يەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قارايدىغان بولدى. ئەينى ۋاقىتتا تۇرپاننىڭ غەربى — ئىلانلىقتىن تارتىپ تاكى ئاستانىغا قەدەر بولغان جايلار يەنە بىر خوجا — مەڭلىكخان خوجىغا قارايتتى②. مەڭلىكنىڭ چىڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ جۇڭغارلارغا ئەگەشكەنلىكتىن ئۆلتۈرۈلدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا قاراشلىق يەر - زېمىن ۋە ئاھالىلەرنىمۇ ئىمىن خوجىنىڭ قوشۇپ باشقۇرۇشىغا ئۆت-

① «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم»، 1 - جىلد.

② «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى. رەسمىي نۇسخا»، 30 - جىلد.

كۆزلۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ئىمىن خوجىغا قاراشلىق يەر ـ زېمىن ۋە يانچىلار تېخىمۇ كۆپەيدى①. ئۇنىڭ ئوغلى سۇلايمان دەۋرىگە كەلگەندە، «ئالتە شەھەر پۈتۈنلەي ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. ئالتە شەھەر خەلقى پۈتۈنلەي سۇلايماننىڭ ئالېپتوسى بولدى، يەرلىك ئەمەلدارلىق ئاتىدىن بالىغا مىراس بولۇپ قېلىنىۋەردى.»② ئەمەلىيەتتە ئىمىن خوجا جەمەتى پۈتكۈل تۇرپان بوستانلىقىدىكى يەرلەرنى ئىگىلىگەن بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ يەنە ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان «خۇسۇسىي يەر» لىرى بار ئىدى. 1779 ـ يىلى (چيەنلۇڭ خاننىڭ 44 ـ يىلى)، تۇرپان ۋاڭى سۇلايمان جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكتىن، چىڭ سۇلالىسى ئۇنىڭ 14 مىڭ 700 مو «خۇسۇسىي يېرى» نى مۇسادىرە قىلىپ، يەتتە كەنتكە بۆلۈپ، يېپىشىل تۇغقا تەۋە 700 كىشىنىڭ تېرىشىغا بەردى③. مانا بۇ، بەگلەرنىڭ نۇرغۇن «خۇسۇسىي يەر» نى ئىگىلىگەنلىكىنىڭ مىسالى. ئىمىن خوجا جەمەتىنىڭ 1675 نەپەر يانچىسى بار ئىدى، خوجىلار ئۆزلىرىنىڭ «ئۈلۈشلۈك يېرى» نى تېرىتىش ئۈچۈن، ئۇلارنى «بەگلىك ئورنىغا قاراپ تەقسىم قىلىشىۋالاتتى»④.

ئۈچتۇرپان، ئاقسۇ رايونىدا دەۋر سۈرگەن چوڭ خوجا

---

① (چىڭ سۇلالىسى) سۇڭ جۈن: «شىنجاڭ ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە»، 3 ـ جىلد

② «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم»، 3 ـ جىلد

③ (چىڭ سۇلالىسى) سۇڭ يۈن: «شىنجاڭ ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە»، 3 ـ جىلد

④ (چىڭ سۇلالىسى) خې يىڭ: «ئوچ ئايماق ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە»، 3 ـ جىلد

خوجاسى بەگ① (؟ — 1787 - يىللار)نىڭ دادىسى ئېزىز خوجا ئەسلىدە تۇرپانلىق خوجا ئىدى. چىڭ سۇلالىسى بىلەن جوڭغارلار تۇرپاندا كۈرەش قىلغاندا، ئىمىن خوجا چىڭ سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. ئېزىز خوجا بولسا، جوڭغارلارنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئاتقانىدى. جوڭغارلار ئېزىز خوجىنى قول ئاستىدىكىلەردىن بىرنەچچە مىڭ كىشىنى باشلاپ ئۇچتۇرپانغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىشقا مەجبۇرلىدى. كېيىن خوجاسى بەگ دادىسىنىڭ ئورنىنى بېسىپ ئۇچتۇرپانغا ھاكىمبەگ بولدى. ئۇنىڭ ئاكىسى ئابدۇللا بەگ بىلەن ئىنىسى ئابدۇلىم بەگ ئاقسۇغا خوجا بولدى. خوجاسى بەگكە قاراشلىق يەر بەكمۇ كۆپ بولۇپ، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ، خوتەن بوستانلىقلىرىدا ئۇنىڭ يېرىنى تېرىيدىغان يانچىلار بار ئىدى②.

بۇ مىسالالار XVII — XVIII ئەسىرلەردە تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى كۆپ قىسىم ئۇيغۇر رايونى «بەگلەر» ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان، فېئودال خوجىلىق تۈزۈمىدىكى جەمئىيەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، قەشقەر، يەكەن بوستانلىقلىرىدا ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىق دەپ ئاتىلىدىغان زور كۈچ — قۇۋۋەتكە ئىگە دىنىي گۇرۇھ بار ئىدى. بۇ گۇرۇھمۇ نۇرغۇنلىغان يەر - زېمىن، مال - مۈلۈككە ۋە نۇرغۇن مۇرىتقا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپىنى تەشكىل قىلاتتى. 1759 - يىلىدىن ئىلگىرى، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى پۈتۈنلەي

① «تارىخى ھەمىدى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 134 - بەتكە قاراڭ — تەرجىماندىن.

② (چىڭ سۇلالىسى) خې نىڭ: «مۇسۇلمانلار يۇرتى ھەققىدە ئومۇمىي تەپسىرات»، 6 - جىلد، «خوجاسى بەگنىڭ تەرجىمھالى»؛ «جوڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى. رەسمىي نۇسخا»، 51 -، 73 - جىلد، «داۋامى»، 1 - جىلد.

دېگۈدەك مۇشۇ بەگلەر ۋە باشقا فېئودال خوجىلار تەرىپىدىن
ئۆلۈۋېلىنغان بولۇپ، بۇ يەرلەرگە شۇلار ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى؛
1759 - يىلى، چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەن-
دىن كېيىن، فېئوداللىق تەپرىقىچىلىك ھالىتى ئاخىرلاشتى.
لېكىن چىڭ سۇلالىسى فېئوداللىق يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش
تۈزۈمىنى ئۆزگەرتمەي بەلكى فېئودال بەگلەرنى دەرىجىگە
ئايرىشنى يولغا قويۇپ، بەگلەر ئىگىلەيدىغان يەر ۋە يانچىلار-
نىڭ سانىنى قانۇنلاشتۇردى. ئەمەلىيەتتە بولسا، فېئودال خو-
جىلار مۈلۈكچىلىكىنى كۈچەيتتى.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، چىڭ سۇلالىسى
ئەسلىدىكى ئۇيغۇر بەگلىرىنى بەش دەرىجىگە ئايرىپ، 3 -
دەرىجىلىك ھەربىر بەگكە 200 پاتمانلىق يەر، ئۇنى تېرىش
ئۈچۈن 200 يانچى، 4 - دەرىجىلىك ھەربىر بەگكە 150 پات-
مانلىق يەر، ئۇنى تېرىش ئۈچۈن 50 يانچى، 5 - دەرىجىلىك
ھەربىر بەگكە 100 پاتمانلىق يەر ۋە ئۇنى تېرىش ئۈچۈن
15 يانچى، 7 - دەرىجىلىك ھەربىر بەگكە 30 پاتمانلىق
يەر، ئۇنى تېرىش ئۈچۈن سەككىز يانچى بېرىشنى بەلگىلىدى.
مىراب بەگلەر مەخسۇس سۇ باشقۇرىدىغان بولغاچقا، ئايرىم
يەر ئاجرىتىپ بەرمەي، ھەربىر مىراب بەگكە بەش نەپەردىن
يانچى بەردى.* ئۇنىڭدىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك بەگلەرنىڭ
يېرىنى ۋە ئورتاقچىلىرىنى يېڭىباشتىن تەڭشىدى ۋە «تەمنات
راسخوتى» تارقىتىپ بېرىدىغان بولدى. «غەربىي يۇرتنىڭ
خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا،
بەگلەرنىڭ تەڭشەلگەندىن كېيىنكى تەمناتى تۆۋەندىكىچە بولغان:

* (چىڭ سۇلالىسى) فۇخېڭ قاتارلىقلار: «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك
تەزكىرىسى»، 30 - جىلد.

| دەرىجىسى | مەنسەپ نامى | تەمىنات راسخوتى (بىرلىكى: 1000 پۇل) | تېرىلغۇ يەر (بىرلىكى: پاتمان) | ئۇرتاقچى (تۇتۇن) |
|---|---|---|---|---|
| 3 - دەرىجە | هاكىم بەگ | 30 | 150 | 80 |
| 4 - دەرىجە | ئىشكئاغا بەگ | 15 | 100 | 50 |
| 4 - دەرىجە | شاڭ بەگ | 12.5 | 80 | 30 |
| 4 - دەرىجە | خەزىنىچى بەگ | 12.5 | 80 | 30 |
| 4 - دەرىجە | هاكىمبەگ | 12.5 | 80 | 30 |
| 5 - دەرىجە | هاكىمبەگ | 7.5 | 40 | 15 |
| 5 - دەرىجە | مۇھتەسىپ بەگ | 7.5 | 40 | 15 |
| 5 - دەرىجە | قازى بەگ | يوق | 60 | 15 |
| 5 - دەرىجە | نەقىب بەگ | يوق | 60 | 15 |
| 5 - دەرىجە | مىراب بەگ | يوق | 40 | 15 |
| 6 - دەرىجە | هاكىمبەگ | 5 | 30 | 4 |
| 6 - دەرىجە | ئىشخانا بېگى | 5 | 30 | 4 |
| 6 - دەرىجىلىك | باغۇەن بەگ | 5 | 30 | 4 |
| 6 - دەرىجىلىك | مىڭبېگى | 5 | 30 | 4 |
| 6 - دەرىجىلىك | ئەرباب بەگ | 5 | 30 | 4 |
| 6 - دەرىجىلىك | دىۋان بېگى | 5 | 30 | 4 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 6 - دەرىجىلىك | پاششاپ بېگى | 5 | 30 | 4 |
| 6 - دەرىجىلىك | باجگىر بەگ | يوق | 30 | 4 |
| 6 - دەرىجىلىك | قازى بەگ | يوق | 30 | 4 |
| 6 - دەرىجىلىك | مىراب بەگ | يوق | 20 | 3 |
| 7 - دەرىجىلىك | مىڭبېگى | يوق | 10 | 2 |
| 7 - دەرىجىلىك | مىراب بەگ | يوق | 10 | 2 |

بەگلەرگە تېرىلغۇ يەر ۋە ئورتاقچى بېرىلگەن بولسىمۇ①، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە ئاتا - بوۋىلىرى ھەربىي خىزمەت كۆرسەتكەن بەگلەرنىڭ يەر بېجى ۋە ئالۋان - ياساقلىرىنى كەچۈرۈم قىلدى②. بەگلەرنىڭ مەنسىپى ئۆستۈرۈلگەندە ياكى ئۇلار باشقا يەرگە يۆتكەلگەندە كۈمۈش تەڭگە ئىنئام بېرىشنى بەلگىلەپ، 3 - دەرىجىلىك بەگكە 200 سەر، 4 - دەرىجىلىك بەگكە 150 سەر، 5 - دەرىجىلىكتىن تۆۋەن بەگلەرگە 100 سەردىن كۆپرەك تەڭگە ئىنئام بەردى③. قۇمۇل، تۇرپاننىڭ بەگلىرىگە ئېتىبار بېرىپ، بۇ يەرنىڭ «جاساق» ۋاڭلىرىغا ھەر يىلى 1200 سەر تەڭگە، 15 توپ تاۋار تەمىنات بېرىشنى قارار قىلدى④. چىڭ سۇلالىسى ئۆزىگە سادىق بولغان ۋاڭ، بېيلى، بەيسى، گۇڭ، ھاكىمبەگلەرگە ئالاھىدە يۇقىرى تەمىنات بەرگەنلىكتىن، بەگلەرمۇ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى پۈتۈن كۈچى

① «مۇسۇلمانلار يۇرتى ھەققىدە ئومۇمىي تەپسىرات»، 7 - 8 - جىلد.

② «مەرىپەتلىك، قەيسەر ناھەزرەتنىڭ خانغا يوللىغان نامىلىرى»، 78 - جىلد، «مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ قېپقالغان ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا مەلۇمات».

③ «مۇسۇلمانلار يۇرتىغا ئائىت قائىدە - نىزاملار»، 5 - جىلد.

④ يۇقىرىقى كىتاب، 3 - جىلد.

بىلەن قوبۇل قىلىندى. ئادەتتە خەلق ئاممىسى ئارىسىدا چىڭ سۇلالىسىگە قارشى سۆز - ھەرىكەتلەرنىڭ بار - يوقلۇقىنى، چېگرىدىن ئۆتۈپ قوغەن، ئەنجان قاتارلىق جايلار بىلەن ئالاقە قىلىدىغانلارنىڭ بار - يوقلۇقىنى تەپتىش قىلىپ تۇردى؛ خەلق ئاممىسى زۇلۇمغا چىدىماي قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، بەگلەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ قوزغىلاڭچىلارنى باستۇردى. 1828 - يىلى (داۋگۇاڭ خاننىڭ 8 - يىلى)، چىڭ سۇلالىسى غەربىي تۆت قەلئەنى ياسىغاندا، قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلارنىڭ ھاكىمبەگلىرى ئۇن ياردەم قىلدى. قەلئە قۇرۇلۇشىغا ئۇلارنىڭ ئالدى 5000 جىڭ، كەينى نەچچە ئون مىڭ جىڭ بۇغداي ئۇنى ئىئانە قىلدى*. 1830 - يىلى (داۋگۇاڭنىڭ 10 - يىلى)، يۈسۈپ خوجا چېگرىدىكى قاراۋۇلخانىلارغا بېسىپ كىرىپ پاراكەندە قىلغاندا، بەزى بەگلەر ھۆكۈمەتكە ئات ۋە بۇغداي ئۇنى ئىئانە قىلغانىدى، ئۇلارنىڭ ئالدى 1000 ئات، 300 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق بۇغداي ئۇنى ئىئانە قىلدى. ئىئانە قىلىنغان بۇ نەرسىلەر ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىدىن شۇلۇۋېلىنغانىدى، ئەلۋەتتە.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتى ئەركىن دېھقانلارنىڭ ۋە ئەركىن كەسپدارلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى چەتكە قاقمىغانىدى. لېكىن، مال - مۈلۈك ئىگىدارچىلىقىدىن ئىبارەت ئاساسلىق تەرەپتىن ئالغاندا، بۇ جەمئىيەتتە فېئودال خوجىلار (جۈملىدىن چوڭ بەگلەر) مۈلۈكچىلىكى يېتەكچى ئورۇندا تۇراتتى. فېئودال خوجىلار يانچىلارنىڭ تىرىشىغا ئۇلۇشلۇك يەر بۆلۈپ بەرگەندىن باشقا، يەنە ئۆزلىرىنىڭ «شەخسىي يەرلىرى» بولاتتى. خوجىلارنىڭ شەخسىي يەرلىرىنىمۇ يانچىلار

* «مەرىپەتلىك، قەيسەر ناھەزرەتنىڭ خانغا يوللىغان نامىلىرى»، 76 - جىلد.

ئۆزىنىڭ ئۇلاغ ۋە سايمانلىرىنى ئىشلىتىپ تېرىپ بېرەتتى، لېكىن، ئۇنىڭدىن چىققان ھوسۇلنىڭ ھەممىسىنى خوجىلارغا تاپشۇرۇپ بېرەتتى①. يەر ئىجارىسى ئۈچۈن ئىشلەپ بېرىدىغان بۇ خىل تۈزۈم تاكى XIX ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى (داۋگۇاڭنىڭ دەسلەپكى يىللىرى) غا قەدەر خېلى ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. يانچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ تىرىلغۇ ئۇلاغلىرى ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرى بولغاندىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئىدى. خوجىلارمۇ ئۇلارغا بېرىدىغان ئۈلۈشلۈك يەرلەرنى ھامان ناچار يەرلەردىن ئايرىپ بېرەتتى. فېئودال بەگ - خوجىلار ئۆزىنىڭ يەرلىرىنى يانچىلارغا ھەقسىز تېرىتقاندىن باشقا، ئۇلارنى يەنە مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرى، پادا بېقىش، كۆكتات تېرىش، كۆۋرۈك سېلىش، ئالۋان - سەيسلىرىگە تۇتۇپ بېرەتتى، ئۇنىڭغىمۇ ھېچقانداق ھەق بەرمەيتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرى سۇڭ يۈننىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا: يەكەننىڭ شەرقىدە 12 ئورۇندا ھەربىي رابات بولۇپ، ھەربىر راباتتا 30 دىن كىشى ئىشلەيتتى، ئۇلارغا ئايلىق بېرىلمەيتتى②. مانا بۇ بەگلەرنىڭ خەلقنى ھاشارغا تۇتقانلىقىنىڭ بىر مىسالى. ئۇنىڭدىن باشقا، كونا تۈزۈم بويىچە ھاكىمبەگلەر قوراللىق كۈچ ساقلاش، دېھقانلارنى قىرىش - چېپىش، بۇلاش - تالاش ھوقۇقىغىمۇ ئىگە ئىدى، ئۇلار خەلقنى ھەرخىل جازا قوراللىرى بىلەن جازالايتتى. قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى يۇنۇس دەھشەتلىك جازالاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئىقرار قىلدۇرۇش ئارقىلىق تۆت كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى③. ھاكىمبەگلەر تەرىپىدىن كۆرسىتىپ

---

① «مەرىپەتلىك، قەيسەر ناھەزرەتنىڭ خانىغا يوللىغان نامىلىرى»، 77 - جىلد.

② «شىنجاڭ ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە»، 3- جىلد.

③ «شىنجاڭ ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە»، 3- جىلد.

بەلگىلىنىدىغان قازىلار قانۇن ئەدلىيە ئىشلىرىنى مونوپولىيە قىلىۋالغان بولۇپ، بارلىق ھەق تەلەپ، دەۋا ئىشلىرى توغرىسىدا قازىلار ھۆكۈم چىقىراتتى. لېكىن، ھاكىم بەگلەرنىڭمۇ جازالاش، سوراق قىلىش ھوقۇقى بار ئىدى. تۇرپاننىڭ ئىنانچىخانى، جاساقى سۇلايمان ئۆز تەۋەسىدىكىلەرنى شەخسىي ئوردىسىدا جازالايتتى ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ئاختا قىلىپمۇ تاشلىغانىدى①.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر بەگلىرىنىڭ فېئوداللىق يەر ئىگىلەش ئۇسۇلىنى چەكلىگەن بولسىمۇ، لېكىن بەگلەر يەنىلا ھەر خىل ئىمتىيازلاردىن پايدىلىنىپ يەر ۋە يانچىلىرىنى كۆپەيتىپ، چەكلەشكە ئۆزلۈكسىز قارشىلىق كۆرسىتىپ تۇردى. ئۇلارنىڭ بۇخىل چەكلەشكە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ئۇلغىيىپ كەتكەنلىكتىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى چيەنلۇڭ خان دەۋرىدىكى بەلگىلىمىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكىتلەشكە مەجبۇر قىلدى. 1828 - يىلى (داۋگۇاڭنىڭ 8 - يىلى) چىڭ ئوردىسى قايتىدىن چەكلەش پەرمانى چىقىرىپ: «بۇنىڭدىن كېيىن چيەنلۇڭ خان دەۋرىدە بەلگىلەنگەن ئۆلچەم مەڭگۈ ئىجرا قىلىنسۇن»② دەپ تەكىتلەندى. بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت بەگلەرنىڭ يەرلەرنى قوشۇۋېلىشىغا، ئۆزىگە قاراشلىق «يانچى»لارنى كۆپەيتىشىگە رۇخسەت قىلماسلىقتىن ئىبارەت ئىدى. XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا (چىڭ سۇلالىسى جياچىڭ خاننىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن داۋگۇاڭ خاننىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا)، چىڭ سۇلالىسى بەگلەرنىڭ ئىمتىيازىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان بىر قاتار تەدبىرلەرنى بەلگىلىدى. مەسىلەن: ھاكىمبەگلەرنىڭ

---

① «ۋاسساللار ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، 16 - جىلد.

② «مەرىپەتلىك، قەيسەر ناھەزرەتنىڭ خانغا يوللىغان نامىلىرى»، 77 - جىلد.

ئەدلىيە ھوقۇقى ۋە باشقا ئىمتىيازلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1813 - يىلى (جياچىڭ خاننىڭ 18 - يىلى)، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ھاكىمبەگلەر «قىيىناپ سوراق قىلىدىغان» ئىشنى قىلماسلىقى لازىم، «ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ھاكىمبەگلىرى بۇرۇنقى قىيىن - قىستاقتا ئالىدىغان جابدۇقلارنى شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئامبال يامۇللىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىشى كېرەك؛ ئەنزە سادىر قىلغان جىنايەتچىلەرنى سوراق قىلىش، جازالاشقا توغرا كەلسە، بۇنى شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئامبال يامۇلى بىلەن بىرلىكتە سوراق قىلىپ بېجىرىش كېرەك، بەگلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا سوراق قىلىشىغا، جازالىشىغا يول قويۇلمايدۇ.»① دەپ بەلگىلىدى. بەگلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا قورال - ياراق ساقلىشى قاتتىق مەنئى قىلىندى. 1828 - يىلى (داۋگۇاڭ خاننىڭ 8 - يىلى)، چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدىكى بەگلەرگە «شەخسلەر ئۆز ئالدىغا قورال - ياراق ساقلاش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ»② دەپ پەرمان چۈشۈردى، شۇنىڭ بىلەن بەگلەرنىڭ ئىمتىيازى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىكار قىلىندى.

## 4 - بۆلۈم ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى

يەكەن خانلىقى دەۋرىدىن تارتىپ تاكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىگە قەدەر، ئۇيغۇر رايونىنىڭ ئىقتىسادى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدى. بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تارىم ئويمانـ

① «شىنجاڭ ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە»، 3 - جىلد

② «مەرىپەتلىك، قەيسەر ناھەزرەتنىڭ خانغا يوللىغان نامىلىرى»، 77 - جىلد

لىقى ئەتراپىدىكى بوستانلىقلارنىڭ ۋە تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئىقتىسادى خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تەكشۈرۈپ مۆلچەرلەنگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، 1766 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 31 - يىلى)، شىنجاڭ زېمىنى ئىچىدىكى ئاساسلىق جايلاردا 66 مىڭ 871 تۈتۈن ئۇيغۇر بولۇپ، ئۇلارنىڭ جان سانى 262 مىڭ نەپەر ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە:

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| قۇمۇلدا | 1950 | تۈتۈن، | 12163 | نەپەر. |
| ئىلىدا | 6406 | تۈتۈن، | 20356 | نەپەر. |
| پىچاندا | 2937 | تۈتۈن، | 10373 | نەپەر. |
| قاراشەھەردە | 1130 | تۈتۈن، | 5390 | نەپەر. |
| كۇچادا | 1112 | تۈتۈن، | 4260 | نەپەر. |
| شاياردا | 673 | تۈتۈن، | 1898 | نەپەر. |
| سايرامدا | 500 | تۈتۈن، | 1627 | نەپەر. |
| بايدا | 563 | تۈتۈن، | 1735 | نەپەر. |
| ئاقسۇدا | 7506 | تۈتۈن، | 24607 | نەپەر. |
| ئۇچتۇرپاندا | 822 | تۈتۈن، | 3158 | نەپەر. |
| قەشقەردە | 14056 | تۈتۈن، | 66413 | نەپەر. |
| يەكەندە | 15574 | تۈتۈن، | 65495 | نەپەر. |
| خوتەندە | 13642 | تۈتۈن، | 44603 | نەپەر. |

ستاتىستىكا قىلىنغان بۇ سان ئەلۋەتتە تولۇق ئەمەس. شۇنداقتىمۇ بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ستاتىستىكا قىلىنغان تۇنجى ماتېرىيال بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭدىكى تارقىلىش ئەھۋالىنى چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ستاتىستىكىدىن XVIII ئە-

سىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىدە قەشقەر، يەكەن، خوتەنلەردە ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ ئىككەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ئاھالىنىڭ كۆپىيىشى مۇقەررەر يوسۇندا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ كۆپىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقتىن ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى بىرقەدەر تېز بولىدۇ.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە، ئۇيغۇرلار ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلاتتى. شۇنداقلا ئۇلار ئاساسىي جەھەتتىن ھەرقايسى بوستانلىقلاردا ئولتۇراقلاشقان ھالدا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىناتتى ۋە ھايات كەچۈرەتتى. شۇڭا، تارىم بوستانلىقلىرىدا نۇرغۇن يېزا - كەنتلەر شەكىللەنگەنىدى. «زەپەر نامە» ناملىق كىتابتىكى مۆلچەرلەرگە ئاساسلانغاندا، XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرىغا يېتىپ كەلگەندە، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ سانى تەخمىنەن 1000 ئەتراپىدا بولغان. «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ناملىق كىتابتا: «...... مۇسۇلمانلارنىڭ شەھەر - يېزىلىرى...... تەرەپ - تەرەپكە تارالغان بولۇپ، ئۆزئارا تۇتىشىپ كەتكەن»① دەپ يېزىلغان. بۇ كىتابتا كونكرېت مەلۇمات بېرىلگەنلىرىدىن: قەشقەرگە قاراشلىق يېزا - كەنت 16؛ يەكەنگە قاراشلىق يېزا - كەنت 31؛ خوتەنگە قاراشلىق يېزا - كەنت ئالتە؛ يېڭىسارغا قاراشلىق يېزا - كەنت توققۇز؛ ئاقسۇغا قاراشلىق يېزا - كەنت 22؛ ئۇچتۇرپانغا قاراشلىق يېزا - كەنت 11؛ بايغا قاراشلىق يېزا - كەنت 18؛ سايرامغا قاراشلىق يېزا - كەنت توققۇز؛ كۇچاغا قاراشلىق يېزا - كەنت 97؛ شايارغا قاراشلىق يېزا - كەنت 32②؛ قۇمۇل، تۇرپان ۋە تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر يېزا - كەنتلىرى ستاتىستىكىدا

① «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 33 - جىلد.

② «شىنجاڭ ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە» 3 - جىلد.

قىلىنمىغان. ستاتىستىكىدا قىلىنغان يېزا ـ كەنتلەر ئىچىدە بەزى يېزا ـ كەنتلەر ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى ياكى چىڭ سۇلالىسىدىن كېيىن ناھىيە دەرىجىلىك مەۋرىدى ئورۇن ياكى شەھەرلەر تەدرىجىي شەكىللىنىشكە باشلىدى. قەشقەرگە قاراشلىق ئۇستۇن ئاتۇش، پەيزاۋات، توققۇزاق، يوپۇرغا؛ يەكەنگە قاراشلىق مارالبېشى، بارچۇق، پوسكام، قارغىلىق؛ خوتەنگە قاراشلىق ئىلچى، قاراقاش، يۇرۇڭقاش، كېرىيە، چىرىيە يېزىلىرى مانا شۇ تىپقا كىرىدۇ.

تەبىئىي شەرت ـ شارائىت مۇناسىۋىتى تۈپەيلىدىن، شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ زور كۆپ قىسمى دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئوبدان شەرت ـ شارائىتقا ئىگە ئىدى. شۇڭا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلگە قەدەر بۇ رايونلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا خىلمۇ خىل مەھسۇلاتلار ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بولدى. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدا بۇغداي، كېۋەز، ئاق قوناق، شال، كۆممىقوناق، ئارپا، كۈنجۈت، كەندىر، ماش ـ پۇرچاقلار ئاساس قىلىناتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەرقايسى جايلاردا يەنە قوغۇن ـ تاۋۇزلار تېرىلاتتى ۋە مېۋە ـ چېۋە ئۆستۈرۈلەتتى؛ پىلىچىلىك ئىشلىرىمۇ راۋاجلانغانىدى. قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋە، ئۈزۈمچىلىك ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، بۇ جەھەتتە مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالى بويىچە بەكمۇ داڭقى چىقارغانىدى. «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم» ناملىق كىتابتا: «تۇرپاندىن بۇغداي، قوناق، زىغىر قاتارلىق مەھسۇلاتلار چىقىدۇ، قوغۇن ـ تاۋۇز، ئۈزۈملەرنىڭ تۈرى بەك كۆپ. ھەممىسى داڭلىق بولۇپ، غەربىي يۇرت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. يەرلىرى مۇنبەت بولۇپ، كېۋەز، پۇرچاق تېپىدىكى زىرائەتلەرنى تېرىشقا باب

كېلىدۇ»، دەپ كۆرسىتىلگەن. ئۇرپانىڭ ئەھۋالى شۇنداق ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا چوڭراق بوستانلىقلارنىڭ ئەھۋالىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى.

بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر دېھقانلىرى تۆمۈر ساپانلارنى ئىشلەتكەن. لېكىن كۆپ ساندىكى دېھقانلار ياغاچ بوقۇسلارنى ئىشلىتەتتى. يەرنى ئاغدۇرغاندا بىر بوقۇسنى ئىككى ئۆكۈز سۆرەيتتى. يەر چاناشتا ئاساسلىقى كەتمەن ئىشلىتەتتى. خامان ھەيدەپ دان ئايرىشتا «موما»* قاداش ئۇسۇلى قوللىنىلاتتى. دېقانچىلىق پۈتۈنلەي سۇغىرىش ئارقىلىق بولاتتى. سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇ تيانشان، كۇئېنلۇن، ئالتاي قاتارلىق تاغ تىزمىلىرىدىكى قار - مۇزلاردىن ئېرىپ ئېقىپ كەلگەن سۇلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇيغۇرلار مانا مۇشۇنداق قار - مۇز سۇلىرىدىن ھاسىل بولغان دەريا - ئېقىنلاردىن پايدىلىنىپ، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى چېپىپ، سۇ باشلاپ كېلىپ يەر سۇغىراتتى. خوتەن رايونى ئاساسلىقى يۇرۇڭقاش دەرياسى بىلەن قاراقاش دەرياسىنىڭ سۈيىگە، يەكەن رايونى ئاساسلىقى تىزناپ دەرياسى بىلەن يەكەن دەرياسىنىڭ سۈيىگە، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ قاتارلىق جايلار ئاقسۇ دەرياسىنىڭ سۈيىگە، قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار قىزىل دەريا (قەشقەر دەرياسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بىلەن گەز دەرياسىنىڭ سۈيىگە، قاراشەھەر رايونى قاراشەھەر دەرياسى بىلەن ئۇنىڭ ئايىغىدىكى كۆنچى دەرياسىنىڭ سۈيىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. باشقا جايلارمۇ يېقىن ئەتراپتىكى تاغلاردىن ئېقىپ كەلگەن دەريا ياكى جىلغا سۇلىرىدىن پايدىلىنىپ

* موما — خامان ئۇچۇن راسلانغان مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا قادىلىدىغان ياغاچ. خامانغا قوشۇلغان ئۆكۈز، ئېشەك قاتارلىق ئۇلاغلارنى «موما»غا باغلاپ ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق دەسسىتىپ دان ئايرىلاتتى. بۇخىل ئۇسۇل «خامان ھەيدەش» دەپ ئاتىلاتتى.

تىرىقچىلىق قىلاتتى. ئۇيغۇرلار دەريا سۇلىرىدىن پايدىلىنىشتا بىرقەدەر پۇختا سۇغىرىش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ھەرقايسى جايلاردا كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ بولغان سۇ ئىنشائاتلىرى بار ئىدى. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، جايلارنىڭ سۇ ئىنشائاتلىرى ئاساسىدا، بارا - بارا يەنە بىرمۇنچە ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى چاپقۇزدى. شۇنىڭ بىلەن بەزى يەرلەرنىڭ سۇغىرىش سىستېمىسى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتى. ئۇنۇم بېرىدىغان يەر كۆلىمىمۇ كېڭەيدى. ئۇنىڭدىن باشقا، تۇرپان، قەشقەر رايونىنىڭ بەزى يېزا - كەنتلىرى سۇغىرىشتا كارىز سۈيى ئىشلىتەتتى. «كارىز» ئەينى ۋاقىتتا شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر تۈرلۈك ئىلغار سۇ ئىنشائاتى ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ قول سانائىتى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنىدى. خوتەن، چىرىيە، قاراقاش، قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردىن يىپەك ۋە يىپەك توقۇلما بۇيۇملار چىقاتتى. بۇ يەردىن چىقىدىغان شايى - ئەتلەسلەر ئالاھىدە روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىككە ۋە مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ يەرلەردىن ۋە باشقا جايلاردىن پاختا يىپتىن توقۇلغان، گۈل نۇسخىلىرى كۆركەم، پىششىق ھەم چىدامىلىق ماتا، چوتا، سەگەز، ھەمىزەك - چەكمەن؛ نۇسخىسى بەكمۇ چىرايلىق، قوي يۇڭىدىن توقۇلىدىغان زىلچا - گىلەم، پالاس - شىرداق، كىگىز قاتارلىقلار چىقاتتى. تۇماقچىلىق، بۆك - دوپپىچىلىق قول ھۈنەرۋەنچىلىكى بەكمۇ ئومۇملاشقان بولۇپ، تۇماق - تەلپەك، قالپاقلار، ھەرخىل چىرايلىق نۇسخىلاردا نەپىس ئىشلىنىدىغان خىلمۇ خىل دوپپىلار چىقاتتى. بۇنداق مەھسۇلاتلارنىڭ كۇچا، قەشقەرلەردىن چىقىدىغانلىرى بەكمۇ داڭلىق ئىدى. ياغاچتىن ئىشلىنىدىغان جاب-

دۇق - سايمانلاردىن ساندۇق، قوشۇق - چۆمۈچ، سىرلىق ياغاچ تاۋاق، بۆشۈك قاتارلىق بۇيۇملارنىڭ ئىشلىنىش ھۈنەر - سەنئەت سەۋىيىسى خېلى يۇقىرى بولۇپ، ئىشلىتىشكە ئەپلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھۈنەر - سەنئەت جەھەتتىمۇ مەلۇم قىممەتكە ئىگە ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ نەقىشچىلىك ھۈنەر - سەنئىتىمۇ خېلى داڭلىق ئىدى. «غەربىي چېگرا ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات» ناملىق كىتابنىڭ 43 - جىلدىدا: «بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىنىڭ قولى ئەپچىل بولۇپ، نەققاشلىققا ماھىر» دېيىلگەن؛ «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم» ناملىق كىتابنىڭ 2 - جىلدىدا: «قەشقەرلىكلەر... ھۈنەر - سەنئەتكە بەكمۇ ماھىر بولۇپ، قاشتېشى ۋە ئالتۇندىن خىلمۇ خىل نەپىس، چىرايلىق بۇيۇملارنى ئىشلەيدۇ»؛ «ئاقسۇدا نۇرغۇن ماھىر ئۇستىكارلار بار، ئۇلار ئىشلىگەن زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى بەكمۇ كۆركەم» دېيىلگەن. نەقىشچىلىك، گۈل چېكىش تېخنىكىسى كۆپىنچە بىنا - قۇرۇلۇشلارنى گۈزەللەشتۈرۈش، ئالتۇن - كۈمۈش، زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى. قاشتېشى بۇيۇملىرى ۋە مىس جابدۇقلارنى ياساشتا قوللىنىلاتتى. مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرىغا، ئېگەر - جابدۇق، پىچاق دەستىلىرىگە سۆڭەك دەندانىدىن نەقىشلەر چېقىلاتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە ئۇيغۇرلار بازار شەكلى ئارقىلىق سودا - سېتىق ئىشلىرىنى ئېلىپ باراتتى. بۇنداق بازار ھەپتىدە بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلەتتى. ھەپتىنىڭ قايسى كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى توغرىسىدا جايلارنىڭ ئادىتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ھەپتىنىڭ قايسى كۈنى ئۆتكۈزۈلسە بولۇۋېرەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، بازارلار چوڭ بازار، كالتا بازار دەپ ئايرىلاتتى. يېزىلاردا كالتا بازار، چوڭراق شەھەرلەردە چوڭ بازارلار بولاتتى. بازارغا نۇرغۇن مال كىرەتتى. بازار قىلىش ئۈچۈن

كېلىدىغان ئاھالىسى كۆپ ئىدى. XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەركەن داڭلىق سودا شەھىرىگە ئايلانغانىدى. «بېنوئىست دېگويىسنىڭ قىتانغا قىلغان زىيارىتى» ناملىق كىتابتا: «يەكەن قەشقەرىيىنىڭ پايتەختى، بۇ يەرگە تەرەپ - تەرەپتىن كېلىدىغان سودىگەرلەر ئىنتايىن كۆپ ئىكەن. ئۇلار ھەر خىل ماللارنى ئالماشتۇرۇپ سودا قىلىشىدىكەن، بۇ يەر مۇشۇ رايوندىكى مەشھۇر بازار ئىكەن»* دەپ تەسۋىرلەنگەن. XVIII ئەسىردە، يەكەن ئۇيغۇرلار رايونى بويىچە ئەڭ چوڭ سودا شەھىرى ۋە تاشقى سودا مەركىزى ئىدى. «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ناملىق كىتابنىڭ 18 - جىلدىدا: مەزكۇر شەھەرنىڭ «دائىرىسى ئون چاقىرىمدىن ئاشىدۇ. ئالتە دەرۋازىسى بار» دەپ خاتىرىلەنگەن. «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن- ئاڭلىغانلىرىم» ناملىق كىتابتا: مەزكۇر شەھەرنىڭ «رەستىلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون چاقىرىم كېلىدۇ. بازار كۈنلىرى بازارغا نۇرغۇن مال كىرىدۇ، بازار ئادەمگە تولۇپ كېتىدۇ. ئاجايىپ ئېسىل زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى سودىسى دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. بازارغا كىرگەن قارا مال، مېۋە - چېۋە دېگەننىڭ سانىنى ئېلىپ بولغىلى بولمايدۇ»، «سەنشى، شەنشى، جياڭسۇ، جېجياڭلىقلار شۇنچە يىراق جايلاردىن خەۋپ - خەتەر، جەبىر - جاپاغا قارىماي بۇ يەرگە كېلىپ سودىگەرچىلىك قىلىدۇ. بۇ يەرگە چەت ئەللەردىن، مەسىلەن: ئەنجان، تىبەت، قوقەند، كەشمىر قاتارلىق جايلاردىنمۇ كىشىلەر كېلىپ سودىگەرچىلىك قىلىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن.

يەكەندىن باشقا، قەشقەر، ئاقسۇ، پىچان، قۇمۇللارمۇ ئاساسلىق سودا شەھەرلىرى ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر جۇغ-

*«جۇڭگو بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ مۇناسىۋەت تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى»، 1 - توم، 421 - بەت.

راپىيلىك ئورۇن جەھەتتىن جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا سودا يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقان بولۇپ، سودا - تىجارەت ۋە تاشقى سودا ئىشلىرى تېخىمۇ گۈللەنگەنىدى. قەشقەرنىڭ تاشقى سودا ئوبيېكتى ئاساسلىقى فەرغانە ئويمانلىقى، ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاياغ تەرىپىدىكى رايونلار، ئافغانىستان، ھىندى دەرياسىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى رايونلار ئىدى. بۇ يەردە ئاساسلىقى يىپەك توقۇلما بۇيۇملار، قاشتېشى جابدۇقلىرى، بۆز رەخت ھەمدە ئىچكى رايونلاردىن كەلتۈرۈلگەن چاي، جانان قاچىلار، رەۋەن قاتارلىق ماللار سودىسى بولاتتى. ئاقسۇ، پىچان، قۇمۇللارنىڭ سودا ئەھۋالى ئاساسى جەھەتتىن قەشقەر، يەكەنلەرنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى. 1764 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 29 - يىلى)، يەكەننىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى ئورچىڭئانىڭ ھاكىمبەگ ھادى خوجا ئارقىلىق تەكشۈرۈپ ئىگىلىگەن ئەھۋالىغا ئاساسلانغاندا، ئەينى ۋاقىتتا، يالغۇز يەكەن شەھىرىدىلا مەخسۇس سودىگەرچىلىك قىلىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 200 دىن ئاشىدىكەن. سودىگەرلەرنى مەخسۇس بەگلەر باشقۇراتتى. ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ سودا قىلىدىغان پائالىيەت دائىرىسى بەكمۇ كەڭ ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ۋەتەننىڭ ئىچكىرى جايلىرىغا بېرىپ خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە سودىگەرچىلىك قىلاتتى. ھەتتا بېيجىڭ قاتارلىق يىراق شەھەرلەرگىچە بېرىپ تىجارەت قىلاتتى. XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىمۇ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خېشى كارىدورىدىكى سۇجۇ (جيۇچۈەن) رايونىدىمۇ شىنجاڭنىڭ قەشقەر قاتارلىق جايلىرىدىن كەلگەن بىرمۇنچە سودىگەرلەر بار ئىدى*. بەزىلەر تىبەت، خالخە موڭغۇللىرى بىلەنمۇ سودا - سېتىق قىلىشاتتى. ئۇيغۇرلار بىلەن

---

*«ماتتېئورىسىنىڭ جۇڭگو توغرىسىدىكى ئەسلىمىلىرى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى نەشرى، 5 - جىلد، 13 - باب.

سودا قىلىشىدىغان چەت ئەللىك سودىگەرلەر ئاساسلىقى ئەنجان، قوقەند، كەشمىر، ئافغانىستان سودىگەرلىرى ۋە ھىندىستان سودىگەرلىرى ئىدى. XIX ئەسىردە جاھانگىرلار شەرققە قاراپ كېڭەيگەندىن كېيىن، چاررۇسىيە ۋە ئەنگلىيە سودىگەرلىرىمۇ ئۇيغۇر سودىگەرلىرى بىلەن بىۋاسىتە سودا قىلىشقا باشلىدى. بولارنىڭ ئىچىدە چاررۇسىيىنىڭ سودا مىقدارى بىرقەدەر كۆپ ئىدى. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ تاشقى سودىسىغا چەك قويۇپ، بەزى نىزامنامە ۋە باج ئېلىش چارىلىرىنى بەلگىلىدى.

سودا ئىشلىرى راۋاجلانغانلىقتىن، بولۇپمۇ ئەينى ۋاقىتتا چېگرا سىرتىدىكى بەزى دۆلەت ۋە رايونلار بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى بارلىققا كەلگەنلىكتىن، ئۇيغۇرلارنىڭ تاۋار ئىگىلىكى كۈندىن - كۈنگە راۋاجلاندى. پۇل ئوبوروتى سودا پائالىيىتىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرى، ئۇيغۇرلار رايونىدا ئاساسلىقى مىستىن ياسالغان «يارماق» پۇل خەجلىنەتتى. بۇ خىل پۇلنىڭ ئۆلچەملىك ئېغىرلىقى ئىككى مىسقال بولۇپ، پۇلنىڭ ئوڭ تەرىپىگە تۇت موڭغۇل يېزىقىدا جۇڭغار تەيجىسىنىڭ نامى ئويۇلغان، كەينى تەرىپىگە چاغاتاي يېزىقى (شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر يېزىقى) دا پۇل قۇيۇلغان يەرنىڭ نامى ئويۇلغانىدى. پۇلنىڭ كۆپ قىسمى يەكەندە قۇيۇلاتتى. بۇ خىل پۇل كىچىك ھەم قېلىن بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا تۆشۈكى بولمىغانلىقتىن ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپسىز ئىدى. ئۇنىڭ بىر دانىسى «بىر پۇل» دەپ ئاتىلاتتى، ئەللىك پۇل بىر تەڭگە ھېسابلىناتتى. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى پۇلنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش، ئوبوروت ئىشلىرىغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇش قاتارلىق مەقسەتلەرنى كۆزدە

تۈتۈپ، ئۇيغۇرلار رايونىدا خەجلىنىۋاتقان پۇلنى ئۆزگەرتىپ قۇيۇشنى بەلگىلىدى. ئۆزگەرتىپ قۇيۇلغان پۇل پۈتۈنلەي چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى تارقاتقان پۇلنىڭ نۇسخىسى بويىچە مىستىن يۇمىلاق شەكىلدە، ئوتتۇرىسىغا چاسا تۆشۈك چىقىرىپ، ئوڭ تەرىپىگە خەنزۇچە «通宝» دېگەن خەت، تەتۈر تەرىپىنىڭ بىر يېنىغا ئۇيغۇرچە، بىر يېنىغا مانجۇچە خەت ئويۇلغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يېڭى پۇل قۇيۇش ئۈچۈن يەكەن، ئۈچتۇرپان، ئاقسۇ، كۇچا، ئىلى قاتارلىق جايلاردا كۆپلىگەن پۇلخانىلارنى قۇردى. بۇ خىل پۇلخانىلار ھەرقايسى مەزگىللەردە بىر خىل يېڭى پۇل قۇيىماقچى بولسا، ئاۋۋال يېڭى پۇلنىڭ نۇسخىسى، ۋەزنى، قىممىتى قاتارلىق جەھەتلەردە چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ياكى پادىشاھنىڭ شەخسەن روخسىتىنى ئېلىشى شەرت ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، غەربىي تارىم رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئايرىۋاشلاش ئىشلىرىدا «چارەك» ۋە «پاتمان» دېگەنگە ئوخشاش ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى قوللىناتتى. XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى مەزگىللىرىدىكى ئۆلچەم بويىچە، بىر «پاتمان» ئەينى ۋاقىتتا ھۆكۈمەت قوللىنىدىغان دادەن (چوڭ تاغار) ھېسابى بويىچە تۆت كۈرە بەش كاپچىغا، بىر «چارەك» ئەينى ۋاقىتتا ھۆكۈمەت قوللىنىدىغان جىڭ ھېسابى بويىچە ئون جىڭغا توغرا كېلەتتى. ئۇزۇن - قىسقىلىقىنى ئۆلچەش بىرلىكى «گەز» دەپ ئاتىلاتتى. كۆپ مىقدارلىق ئاشلىق - دانلارنى ئۆلچەشتە «تاغار» بىرلىك قىلىناتتى*.

ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىمۇ تەرەققىي قىلىپ گۈللەندى. بىراق، ئىسلام دىنى

*«غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم»، 7 - جىلد. «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 75 - جىلد.

پۈتۈن مىللەت ئېتىقاد قىلىدىغان دىن بولغاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىگە ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن ئەرەب مەدەنىيىتى كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى.

ئۇيغۇرلار يېزىق جەھەتتە، يەنىلا ئىلگىرى قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى چاغاتاي يېزىقىنى قوللاندى. چاغاتاي يېزىقىدا نۇرغۇن ئەسەرلەر يېزىلدى. تارىخ، ئەدەبىيات، كالام ـ دەستۇر، تىبابەتچىلىك، يېزا ئىگىلىكى ۋە ئىلمىي نۇجۇمغا ئائىت نۇرغۇن كىتابلار بارلىققا كەلدى. «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ناملىق كىتابنىڭ 48 ـ جىلدىدا: «مۇسۇلمانلارنىڭ «تارىخ» دەپ ئاتىلىدىغان كىتابى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى تارىخ كىتابلىرىغا ئوخشىشىدۇ؛ ئوقۇش كىتابى «ئېلىپبە» دەپ ئاتىلىدۇ؛ دىنىي كىتابى «قۇرئان» دەپ ئاتىلىدۇ؛ تىبابەتچىلىك كىتابى «تېۋىپ كىتابى»، يېزا ئىگىلىكى توغرىسىدىكى كىتاب «رىسالە» دەپ ئاتىلىدۇ؛ پالچىلىق كىتابى «رۇزنامە» دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئۇنىڭدىن باشقا بىر قانچە يۈزخىل كىتابلىرى بار»، دېيىلگەن. «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم» ناملىق كىتابنىڭ 7 ـ جىلدىدىمۇ: «مۇسۇلمانلار يېزىقىدا يېزىلغان تىببىي كىتاب، پالنامە، ئاب ـ ھاۋاغا ئائىت كىتابلار، بۇرۇنقى دەۋرلەر خاتىرىلەنگەن كىتابلار، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن كىتابلار بار» دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بەزى يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى خەنزۇچە تىل ـ يېزىقلارنىمۇ ئۆگەنگەنىدى.

بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مىسلىسىز تەرەققىي قىلدى. بىر مۇنچە رېئالىست يازغۇچىلار ۋە رېئالىزملىق ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. ئۇلارنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى خىرقىتى، زەلىلى، نۆبىتى، ئابدۇرېھىم نىزارى، قەلەندەر، ئۆمەر ھۇسەيىن سەبۇرى، موللا بىلال ۋە تەجەللى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. خىرقىتى

ئۆزىنىڭ مەسنەۋى ئۇسلۇبىدا يازغان «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» ناملىق ئەسىرىدە ئادەملەشتۈرۈپ يېزىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، قىزىل گۈل بىلەن بۇلبۇلنىڭ پاك مۇھەببىتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق زۇلمەت ۋە زوراۋانلىق ئۈستىدىن شىكايەت قىلغانىدى؛ زەلىلىنىڭ داستانىدا زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش، خەلققە ھېسداشلىق بىلدۈرۈش، ھەققانىيەتتە چىڭ تۇرۇش، جاھالەتنى قامچىلاش قاتارلىق مەزمۇنلار ئاساس قىلىنغان. زەلىلى شىنجاڭنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى كېزىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ لىرىكىلىق شېئىرلىرىدا ئانا يۇرتى يەركەنگە بولغان ئىنتايىن چوڭقۇر مۇھەببىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. نۆبىتىنىڭ ھاياتى XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن XVIII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان مەزگىل ئىچىدە خوتەندە ئۆتكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ غەزەللىرىدە ئانا يۇرتىنى ئىنتايىن نەپىس تىل، لىرىكىلىق ئۇسلۇب، پاك مۇھەببەت بىلەن تەسۋىرلىگەنىدى. بۇ مەزگىلدە كۆزگە چېلىققان ئەدىبلەرنىڭ بىرى ئابدۇرېھىم نىزارى بولۇپ، ئۇ شۇ دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش رېئاللىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ۋەقەلىكنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەش، تىپىك ئوبرازلاشتۇرۇش ئارقىلىق نوقۇل لىرىكىلىق ئەدەبىياتنى ئۆزگەرتىش ئۈستىدە كۈچ چىقارغان. ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسىرى «رابىئە - سەئىدىن» دە، قەشقەر رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتى بىۋاسىتە تېما قىلىنغان. ئۇنىڭدا خەلق ئاممىسى مەدھىيىلەنگەن، چىن مۇھەببەت كۈيلەنگەن، فېئودال مۇستەبىتلىك تۈزۈمىنىڭ ۋەھشىيلىكى پاش قىلىنغان. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى تاكى بۈگۈنگە قەدەر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىپ كەلمەكتە. بۇ ئەسەر جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىمۇ مۇئەييەن ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. قەلەندەر، ئىمىر

ھۈسەيىن سەبۇرى، موللا بىلال، بىننى موللا يۈسۈپ ۋە ھەسەن ئاخۇن تەجەللى قاتارلىقلارمۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ مەزگىلدە بىرقەدەر كۆپ تارقالغان ۋە تەسىرى كۈچلۈك بولغان ئەسەرلەر موللا ئەلەم شاھيارىنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانى، خوتەنلىك ئۇيغۇر شائىر موللا نىياز بىننى قارى سابىرنىڭ «تەزكىرى ئىمام زەبىھوللا» ناملىق ئەسىرى، موللا يۇنۇس يەركەندىنىڭ «يۈسۈپ - زىلەيخا» داستانى، ئۆمەر باقى يەركەندىنىڭ «پەرھاد - شىرىن» داستانى، قاسىماخۇن قەشقەرىنىڭ «تەزكىرى ئارسلانخان» ناملىق ئەسىرى، ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرىنىڭ «سەبۇرى غەزەللىرى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

XIX ئەسىردىن كېيىن چاغاتاي يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەرلەر سان جەھەتتىن ئالدىنقى ھەرقانداق مەزگىلدىكىدىن ئېشىپ كەتتى. بۇ مەزگىلدە ئوتتۇرىغا چىققان مەشھۇر ئەسەرلەر موللا ھېيت بىننى موللا غېرىبى 1816 - يىلى يېزىپ پۈتتۈرگەن تىببىي ئەسەر «تىبابەتچىلىك»، لۈكچۈنلۈك ئەھمەت خوجام نىيازنىڭ «گۈلزارى چولپان» ناملىق ئەسىرى، شائىر ئىمىرنىڭ «شېئىرلار توپلىمى»، تارىخشۇناس ئىمىننىڭ «تەزكىرى بوغراخان» ناملىق ئەسىرى، مۇھەممەت سىدىق بەرشىدىنىڭ «سىدىقنامە» ناملىق ئەسىرى، ئىسمايىل بەگ بىننى شاھنىڭ «پەندىنامە» ناملىق ئەسىرى، موللا رېھىمنىڭ «مۇھەببەت ناخشىلىرى» ناملىق ئەسىرى، قەشقەرلىك مەشھۇر شائىر نورۇز ئاخۇن خاتىب زىيائىنىڭ «مەھزۇنىل ۋەھزىنىسىن» ناملىق داستانى، مەشھۇر تارىخشۇناس مۇھەممەت سىدىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرى ئەزىزان» ناملىق ئەسەرلىرىدىن ئىبارەت.

بۇ مەزگىلدە نۇرغۇن ئەرەبچە، پارسچە ئەسەرلەرمۇ چاغاتايچىغا تەرجىمە قىلىندى. مەسىلەن: بىناقىتىنىڭ پارسچە

يېزىلغان «تارىخى بىناقىت» ناملىق ئەسىرى «تارىخى غەزنەۋى» دېگەن نام بىلەن تەرجىمە قىلىندى. قەشقەرلىك موللا مۇھەممەت تۆمۈرى خاكسار XV ئەسىردە ئۆتكەن پارس ئەدەبىياتچىسى مەۋلانە ھۈسەيىن بىننى ئەلۋائىزكاشفىنىڭ «مۇخسەندى» ناملىق ئەسىرىنى تەرجىمە قىلدى. يەكەنلىك مىرپازىل موللا كىچىك XV ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر پارس تارىخچىسى خاۋەندى شاھ مىرخۇەندى يازغان دۇنيا تارىخى «گۈلىستان» نى تەرجىمە قىلدى. پوسكاملىق موللا ئابدۇشۈكۈر رابغۇزنىڭ پارسچە تەرجىمە ئەسىرى «قىسەسۇل ئەنبىيا»نى، ساقى ئاخۇن دېگەن كىشى پارس شائىرى جامىينىڭ «يۈسۈپ - زىلەيخا» داستانىنى تەرجىمە قىلدى. بۇ تەرجىمە ئەسەرلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئۇيغۇرلارنىڭ بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بەزى قەدىمكى بىنا قۇرۇلۇشلىرىدىن ئوچۇق كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن: قەشقەردىكى ئاپئاق خوجامازىرى 1640 - يىللىرى ئەتراپىدا ياسالغان. مازار قۇرۇلۇشى تىك پاراللېلىپىپېدقا مايىل غايەت زور، ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇش بولۇپ، تۆۋەن تەرىپىنىڭ توغرىسىغا بولغان ئۇزۇنلۇقى 39 مېتىردىن ئاشىدۇ، تۆت بۇرجىكىگە سىرتى سىرلىق ساپال خىش بىلەن بېزەلگەن، ئاستى تەرىپى يوغان، ئۈستى تەرىپى تەدرىجىي كىچىكلىگەن، مۇنارىسىمان غايەت تۆت يۇمىلاق تۈۋرۈك قوپۇرۇلغان بولۇپ، ھەربىرىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىغا ئىنتايىن نەپىس نەقىشلەپ ئىشلىنىپ ئۈستىگە ھىلال ئاي مودېلى قادالغان قۇببە ياسالغان. مازارنىڭ تۆپىسى غايەت زور يېرىم شار شەكلىدە خىش بىلەن گۈمبەز چىقىرىپ يېپىلغان. گۈمبەز دىئامېتىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 17 مېتىر كېلىدۇ. گۈمبەز ئوتتۇرىسىغىمۇ ئۈستىگە ھىلال ئاي مودېلى قادالغان

بىر قۇببە چىقىرىلغان. مازارنىڭ ئومۇمىي ئېگىزلىكى 26 مېتىر-
دىن ئارتۇق بولۇپ، سىرتقى قىسمى ئاستىدىن تاكى ئۈستىگىچە
ئاساسىي جەھەتتىن يېشىل كاھىش بىلەن قاپلانغان
بولۇپ، بەزى يەرلىرىگە سېرىق ۋە كۆك كاھىش كې-
رىشتۈرۈلۈپ بېزەلگەن. سىرلىق كاھىشلارنىڭ كۆپىنچىسىگە
ھەرخىل نۇسخىدىكى نەقىشلەر چىقىرىلغان، بەزىلىرىگە پارسچە،
ئەرەبچە ئايەت ۋە ئىبرەتلىك سۆزلەر يېزىلغان. ئاپئاق خوجا
مازىرىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇشىدىنمۇ ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى-
نىڭ جەۋھىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ھېيت-
گاھ جامەسى XV ئەسىردە ياسالغان بولۇپ، كېيىن كېڭەيتىپ
قۇرۇلغان. جامە دەرۋازىسىنىڭ تاملىرى پۈتۈنلەي گەج ۋە
پىششىق خىشتىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، دەرۋازا تېمىنىڭ ئىككى
تەرىپىگە ئېگىزلىكى 18 مېتىردىن ئاشىدىغان، ئۈستىگە قۇببىلىك
ئىككى ئېغىز مۇنار ياسالغان، مۇنار قۇببىسىنىڭ تۆپىسىگە
ھىلال ئاي مودېلى بېكىتىلگەن. دەرۋازىغا چىرايلىق نەقىشلەر
چىقىرىلغان بولۇپ، يېشىل ۋە كۆك سىر بىلەن بېزەلگەن،
دەرۋازىنىڭ ئىچىگە كۆپ بۇرجەكلىك بىر ئۆتكۈنچى زال ياسال-
غان بولۇپ، ئۇنىڭ تۆپىسى پىششىق خىشتىن گۈمبەز شەكلىدە
يېپىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگىمۇ ھىلال ئاي مودېلى قوندۇرۇلغان
قۇببە ياسالغان. جامەنىڭ رەسمىي زال قىسمى ئۇزۇنىسىغا 160
مېتىردىن ئاشىدۇ، توغرىسىغا 16 مېتىر كېلىدۇ. سۇپىلىق پېشاي-
ۋىنى بەكمۇ كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستى رەتمۇ رەت تىركەل-
گەن 100 دىن ئارتۇق نەقىشلىك تۈۋرۈك قويۇپ، تورۇس
چىقىرىپ يېپىلغان. تورۇسنىڭ ياغاچلىرىغىمۇ ئىنتايىن چېۋەرلىك
بىلەن چىرايلىق نەقىشلەر ئويۇلغان ۋە خىلمۇ خىل
رەڭدار نۇسخىلار چۈشۈرۈلگەن. ھېيتگاھ جامەسى قۇرۇلۇش
كۆلىمى ۋە بىناكارلىق سەنئىتى جەھەتتىن ئوتتۇرا ئاسىياغا

مەشھۇر. يەنە بىر مىسال، تۈرپاندىكى ئىمىن ۋاڭ مۇنارى (سۇلايمان گۇڭ مۇنارى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تەخمىنەن 1777 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 42 - يىلى) ياسالغان. مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى 44 مېتر بولۇپ، ئۇستۈنكى قىسمى سىرلىق كاھىش ۋە نەقىشلىك خىشلار بىلەن زىننەتلەنگەن. مۇنار گەۋدىسى بىرخىل كۆك پىششىق خىشنى ھەرخىل شەكىلدە جىپسىلاشتۇرۇپ، گۈل چىقىرىپ تىزىش ئۇسۇلى بويىچە قوپۇرۇلغان. مۇنارنىڭ ئىچى ئايلانما شەكىللىك تۈۋرۈكسىمان قىلىپ قوپۇرۇلغان بولۇپ، بۇ خىل قۇرۇلما بىر تەرەپتىن مۇنارنى چىڭ تىرەپ تۇرۇش رولىنى ئوينىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭدىن 72 باسقۇچلۇق پەلەمپەي ھاسىل بولغان. مۇنار قۇرۇلمىسى ئىلمىيلىك جەھەتتە ۋە سەنئەت جەھەتتە خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە.

ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل سەنئىتى ئۇزۇندىن بۇيان ئۆز ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» XVI ئەسىردە يەكەن خانلىقىنىڭ خانىشى ئامانىسا خېنىم شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن مۇقام ئۇستىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ سىستېمىلىق رەتلەپ چىققاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە يەنىمۇ تولۇقلىنىپ يۈكسەلدۈرۈلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ھەرقايسى جايلاردا ھەرخىل ئۇسلۇب ۋە ھەرخىل تىپتا مۇقام ئېيتىدىغان شەكىللەر بارلىققا كەلدى. «ئون ئىككى مۇقام» — مۇزىكا، ئۇسسۇل، ناخشا بىر گەۋدە قىلىنغان 12 يۈرۈش چوڭ ئەلنەغمە. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ - چوڭ ھېيت - ئايەملىرىدە ۋە شادىمانلىق كۈنلىرىدە ئورۇندىلىدىغان مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ، مۇقامنى ئورۇنداشقا قاتنىشىدىغان نەغمىچىلەرنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرى توغرىسىدا ئالاقىدار ھۆججەتلەردە: «داپ ئاساس قىلىنىدۇ. داپنىڭ چوڭى ۋە كىچىكلىرى بولىدۇ. قومۇش نەي-

نىڭ سەككىز تۆشۈكى بولىدۇ. چاڭنىڭ تارىسى ئەللىكتىن
ئاشىدۇ. ساتارنىڭ يەتتە تال تارىسى، يەنى تۆت سىم تارىسى،
ئىككى پەي تارىسى، بىر يىپەك تارىسى بولىدۇ. غىجەكنىڭ
بوم ۋە زىل بولۇپ تۆت تال تارىسى بولىدۇ، ئاۋازى داپنىڭ
رىتىمىغا ئەگىشىپ ئۆرلەپ ياكى پەسىيىپ تۇرىدۇ. ئۇسسۇل
ئوينىغۇچىلار رىتىملىق هالدا داپنىڭ رىتىمىنى ئاساس قىلىپ
ئايلىنىپ يۈرۈپ ئوينايدۇ»، مۇزىكا باشلانغاندا، «هەربىر
نەغمىدە بىر ئەر، بىر ئايال ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، گىلەم ئۈستىدە
ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئېيتىلغان ناخشىلار شۇنداق رىتىملىق، پۇت-
قولى بەكمۇ ماسلىشىپ كېلىدۇ، بىرنەچچە كىشى چۆرىدەپ
ئولتۇرىدۇ، داپنىڭ رىتىمى بىلەن تارلىق چالغۇلارنىڭ رىتىمى
ماسلىشىدۇ، مەردانە، ياڭراق كۈيلەر بىلەن باشلىنىپ، چىرتىلگەن
بارمىتىنىڭ ساداسىغا ئەگىشىپ مۇڭلۇق كۈيلەر ئورۇندىلىدۇ......
بىر نەغمە تۈگىگەندىن كېيىن يەنە بىر جۈپ ئەر - ئايال
ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، لەرزان ناخشا ساداسىغا ئەگىشىپ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ، بىر - بىرىگە قارىشىپ ناز تەبەسسۇم بىلەن
ئوينىشىدۇ، كۆپىنچە ياش يىگىت - قىزلار ئۆزلىرىنىڭ مۇهەببەت
هېسسىياتلىرىنى ئىپادىلەيدۇ»* دەپ خاتىرىلەنگەن.

ئۇيغۇرلار كالېندار ئىشلىتىشتە «قەمەرىيە كالېندارى»نى قوللانغانىدى. ۋاقىتنى «قەمەرىيە كالېندارى» بويىچە هېسابلىغاندا بىر يىل 360 كۈن بولۇپ، 12 ئايغا بۆلۈنىدۇ. بىر ئاي 30 كۈن هېسابلىنىدۇ. كەبىسە ئاي، كەبىسە يىللار بولمايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرىدىمۇ ئۇلارنىڭ مۇشۇ دەۋردىكى مەدەنىيەت ئەهۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇي-

* «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم»، 7 - جىلد، «غەربىي زېمىن توغرىسىدا بايانلار»، 3 - جىلد

غۇرلارنىڭ بۇ مەزگىلدىكى كىيىم - كېچەك ئەھۋالىنى ئالىدىغان بولساق، ئەرلەر ئادەتتە بېشىغا سەللە ئورايتتى ياكى بۆك، تۇماق - قالپاق كىيەتتى، ئۇزۇن چاچ قويمايتتى، ساقىلىنى قويۇپ بېرىپ، غىزالانغاندا ئوڭايراق بولسۇن ئۈچۈن، بۇرۇتىنى ياساپ تۇراتتى. ئاياللار بېشىغا رومال سېلىپ يۈزىنى يېپىپ، رومال ئۈستىدىن دوپپا ياكى تۇماق كىيىۋالاتتى. توي قىلمىغان ياش قىزلار چېچىنى ئۇششاق ئۆرۈۋېلىپ، توي قىلغاندىن كېيىن ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈپ تۈگۈۋالاتتى ياكى ئارقىسىغا ساڭگىلىتىۋالاتتى. ئاياللار قۇلىقىغا زىرە، سىرغا، سۆكە - مۇنچاقلارنى سېلىشقا، قولىغا ئۈزۈك سېلىشقا ئامراق ئىدى. ئەرلەر كۆپىنچە يۇمىلاق ئويما ياقىلىق، تۈگمىسىز تون چاپان، ئاياللار كۆپىنچە ئۇزۇن كۆڭلەك كىيەتتى. ئايىغىغا كىيىدىغان ئۆتۈك، مەسە، كەپىشلەر كۆن - خۇرۇمدىن تىكىلىدىغان بولغاچقا، بەكمۇ چىدامىلىق كېلەتتى. ئۇيغۇرلار كۆپىنچە كېسەك ۋە ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەردە ئولتۇراتتى. ئۇلار تۇرار جاي مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈرۈشكە، دەل - دەرەخ تىكىشكە، مۇھىت تازىلىقىنى ئوبدان قىلىشقا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى.

ئۇيغۇرلار نىكاھ ئىشىدا ئاتا - ئانىلىرىنىڭ، چوڭلارنىڭ ئاغزىغا قارايتتى، ئىككى تەرەپ ماقۇل بولۇپ توي كۈنىنى بېكىتەتتى، توي كۈنى ئاخۇنۇم نىكاھ پەتىسى ئوقۇغاندىن كېيىن توي قىلغان ھېسابلىناتتى. «بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان قىز - يىگىتلەر ئۆز ئىختىيارى بىلەن قوشۇلۇۋالىدىغان» ئايرىم ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايتتى. نىكاھتىن ئاجرىشىشمۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن بولاتتى. ئاجرىشىپ بولغاندىن كېيىن يارىشىۋالىدىغانلارمۇ بولاتتى.

## 5 - بۆلۈم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زوراۋانلىققا قارشى كۆرەشلىرى ۋە جاھانگىر خوجىنىڭ پاراكەندىچىلىكى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە ئۇيغۇر خەلقى چىڭ سۇلالىسىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرىغا قارشى بىرقانچە قېتىم كۆرەش قىلدى. بۇ كۆرەشلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاساسلىقلىرى 1765 - يىلدىكى ئۇچتۇرپان خەلقىنىڭ قوزغىلىڭى ۋە 1815- يىلى قەشقەردە يۈز بەرگەن زىياۋۇدىن خوجا ۋەقەسىدىن ئىبارەت ئىدى.

ئۇچتۇرپان خەلقىنىڭ قوزغىلىڭى 1765 - يىلى (چيەنلۇڭ خاننىڭ 30 - يىلى) يۈز بەردى. قوزغىلاڭغا يەرلىك فېئودال خوجىلار بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ فېئودال ئەمەلدارلىرىنىڭ خەلققە يۈرگۈزگەن زوراۋانلىق - زالىملىق ھۆكۈمرانلىقى سەۋەب بولدى. قوزغىلاڭ جەريانى مۇنداق بولغانىدى:

ئۇچتۇرپاننىڭ ھاكىمبېگى ئابدۇللا چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن قومۇلغا ۋاڭ قىلىپ تەيىنلەنگەن يۈسۈپنىڭ ئىنىسى بولۇپ، «زالىم تەبىئەتلىك»، «ئاچكۆز كىشى» ئىدى. ئۇ چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنى ۋە ئاكىسىنى ھىمايە قىلىپ، خەلقنىڭ «بېشىدا قانلىق قامچىسىنى ئوينىتىپ كۈن ئۆتكۈزەتتى». ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن قاقتى - سوقتى قىلىپ، ئوچۇقتىن ئوچۇق خىيانەت قىلاتتى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى كىشىلىرى تەرەپ - تەرەپتە ھارامزادىلىك - ئالدامچىلىق قىلىپ، خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى خالىغانچە بۇلاپ - تالايتتى. ئۇنىڭ بۇ قىلمىشلىرى ئۇچتۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ قاتتىق غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغىدى. چىڭ سۇلا-

لىسىنىڭ ئۇچتۇرپاندا تۇرۇشلۇق خان ئامبىلى سۇچېڭمۇ ئىنتايىن تويماس، ئاچكۆز، ئىقتىدارسىز، پارىخور ئەمەلدار بولۇپ، ئۇ خەلققە ھەرخىل ئالۋان - ياساقلارنى خالىغانچە چېچىپ، خەلقنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنى خالىغانچە ئاياغ - ئاستى قىلغانىدى. ئۇ رەھمىتۇللا بەگنىڭ خوتۇنىنى يامۇلدا قوندۇرۇپ قالغانلىقتىن، رەھمىتۇللانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇرلارنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى*.

1765 - يىلى (چيەنلۇڭ خانىنىڭ 30 - يىلى)، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇچتۇرپان خان ئامبىلى سۇچېڭ يەرلىك خەلقتىن 240 كىشىنى جىگدە كۆچىتى توشۇش ئۈچۈن ھاشارغا تۇتۇپ، ئۇلارنى ھەيدەپ مېڭىشقا ئۆزىنىڭ ئوغلىنى تەيىنلىدى. ئۇنىڭ ئوغلى يۈك - تاقلىرىنى ھاشارچىلارغا كۆتۈرتۈپ ماڭماقچى بولدى. بىراق، يۈك - تاقلارنى نەگىچە يۈدۈپ بېرىدىش ئېنىق ئەمەس ئىدى. ھاشارچىلار بۇ ھەقتە ھاكىم بەگ ئابدۇللادىن يوليورۇق سورىغانىدى. ئابدۇللا سۇ چېڭغا يان بېسىپ، ھاشارچىلارنى «بىھۆرمەتلىك قىلدى» دەپ ئەيىبلەپ قامچا بىلەن نەچچە ئوننى ئۇرۇۋەتتى. ھاشارچىلار خان ئامبال مەھكىمىسىنىڭ تامغىچى زەڭگىسى (تامغا باشقۇرغۇچى ئەمەلدار)نى تېپىپ يوليورۇق سورىغانىدى، ئۇمۇ ئاق - قارىنى سۈرۈشتە قىلماي، ھاشارچىلارنى 30 پالاق ئۇرغۇزدى. ھاشارچى خەلقنىڭ كونا-يېڭى غەزىپى بىراقلا قوزغالدى. ئۇلار رەھمىتۇللا بەگنى باشچى قىلىپ سايلاپ، 2-ئاينىڭ 14-كۈنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئاۋۋال ئابدۇللانى بالا - چاقىسى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. ئاندىن خان ئامبال يامۇلغا بېسىپ كىرىپ، سۇچېڭ دادا - بالا ئىككىسىنى ۋە ئۇنىڭ بارلىق چاكار، چېرىكلىرىنى قويماي يوقى-

*«مۇسۇلمانلار يۇرتى ھەققىدە ئومۇمىي تەپسىرات»، 12 - جىلد. «زەپەرنامە»، 4 - جىلد.

تىپ، يامۇلغا ئۇت قويۇپ بەردى. دەسلەپتە، قوزغىلاڭغا بىر نەچچە
يۈز كىشى قاتناشقانىدى. كېيىن ئاقسۇنىڭ خان ئامبىلى بېيەنتا-
خەي ئۇچتۇرپانغا ئەسكەر باشلاپ كېلىپ شەھەر سىرتىدا تۇرۇپ
شەھەرنى ئوققا تۇتۇپ، پۇقرالارغا تەھدىكە سالغانلىقتىن، ئۇچ-
تۇرپان خەلقى قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ شەھەردىن چىقىپ
جەڭ قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى. قوزغى-
لاڭچىلار شەھەرنى يېرىم يىل ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇردى①.
قوزغىلاڭ يۈز بەرگەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى قەشقەر
بىلەن ئىلىدىن نۇرغۇن ئەسكەر يۆتكەپ ئۇچتۇرپان شەھىرىنى
قورشىۋالدى. كۇچا، ئاقسۇ، يەكەن قاتارلىق جايلاردىكى ئۇي-
غۇر فېئودال بەگلىرى ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشماقچى
بولغان ئاممىنى قاتتىق نازارەت ئىلىپ، ئۇچتۇرپانغا
سىرتتىن بېرىلىدىغان ياردەمنى ئۈزۈپ قويدى. شەھەر ئۇزۇن
ۋاقىتقىچە مۇھاسىرە ئىچىدە قالغانلىقتىن، ئۇچتۇرپان خەلقى
ئۇزۇق - تۈلۈك ۋە يېقىلغۇ جەھەتتىن قىسىلىپ قالدى. قوزغى-
لاڭغا باشچى بولغان رەھمىتۇللا بەگكە جەڭ داۋامىدا ئوق
تېگىپ ئۆلگەنلىكتىن، ئىچكى قىسمىدا ئىختىلاپ يۈز بېرىپ،
8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۇرۇش توختىدى②. ئۇچتۇرپان
قوزغىلىڭى گەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن قوزغىلاڭدىن
كېيىن چىڭ سۇلالىسى بىرئاز يول قويۇپ، ئالۋان - ياساقنى
يەڭگىللىتىدىغان قائىدە - نىزاملارنى بەلگىلىدى. بىراق، چوڭقۇر
يىلتىز تارتىپ كەتكەن يەرلىك فېئودال بەگلەرنىڭ ئېكسپىت-
لاتاتسىيە تۈزۈمى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقتىن، بۇ قائىدە -

① «مۇسۇلمانلار يۇرتى ھەققىدە ئومۇمىي تەپسىرات»، 12-جىلد؛ «شەرقىي
قەسىردە ساقلانغان خاتىرىلەر. چيەنلۇڭ خان دەۋرانى»، 16-جىلد.

② «شەرقىي قەسىردە ساقلانغان خاتىرىلەر. چيەنلۇڭ خان دەۋرانى»
61 -، 62 - جىلد.

نىزاملار تولۇق يولغا قويۇلمىدى.

ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر-
لارنىڭ تارىخىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ قېتىمقى قوزغى-
لاڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بىرقەدەر ئاجىز بولغان
جايدا يۈز بەردى. قوزغىلاڭنىڭ نىشانى فېئودال بەگلەرگە ۋە
چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىغا قارىتىلغان بولۇپ، فېئودالىزمغا،
زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش خاراكتېرىنى ئالغانىدى؛ بۇ قوزغىلاڭ
چىڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلار رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان-
دىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا شانلىق سەھىپە ئاچتى.

زىياۋۇدىن خوجا ۋەقەسى 1815 - يىلى يۈز بەردى.

1815 - يىلى (چىڭ سۇلالىسى جىياچىڭ خاننىڭ 20 -
يىلى)، قەشقەر ئۇيغۇرلىرى زىياۋۇدىن خوجىنىڭ رەھبەرلىكىدە
ئۆز مىللىتىدىن چىققان فېئودال بەگلەرگە ۋە چىڭ سۇلالىسى-
نىڭ فېئودال زوراۋانلىق ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوراللىق
قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇ قوزغىلاڭ خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا
«زىياۋۇدىن ۋەقەسى»* دەپ ئاتالغان.

ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، چىڭ
سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى گەرچە ئالۋان - ياساقلارنى يەڭگىل-
لەشتۈرىدىغان قائىدە - نىزاملارنى بەلگىلەپ، بەگلەرنىڭ ھو-
قۇقىغا ۋە يەرلىك ئەمەلدارلارغا چەك قويغان ۋە ئۇنى تەرتىپ-
كە سالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ بەلگىلىمىلەرنىڭ ھېچقايسىسى
تولۇق يولغا قويۇلمىدى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۈستىدىكى زۇ-
لۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە زادى يەڭگىللىمىدى. قەشقەر رايونى-
دىكى خەلقنىڭ يەرلىك چوڭ فېئودال ھاكىم بەگلەرگە ۋە چىڭ
سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىغا بولغان نارازىلىقى ۋە قارشىلىقى

*«مەرىپەتلىك، قەيسەر ناھەزرەتنىڭ خانغا يوللىغان نامىلىرى»، 78-
جىلد.

ئېقىمۇ كۆچىيىپ كەتتى.

زىياۋۇدىن خوجا قەشقەردىكى قارا تاغلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئاخۇنى ئىدى. ئۇ ئادەتتە يەرلىك نامرات خەلققە ۋە يېقىن ئەتراپتىكى نامرات بولۇت (قىرغىز) لارغا ماددىي جەھەتتىن ياردەم بېرىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، كەمبەغەللەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەنىدى. قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشتىن ئىلگىرى، ئۇ «قارا تاغلىق»، «ئاق تاغلىق» دېگەن چەك - چېگرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، شۇ يەردىكى «ئاق تاغلىق» لارنىڭ مۆتىۋىرى ھاشىم خوجىنىڭ قىزىنى توقاللىققا ئېلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ يۇرتىغا يۆتكەپ كەتمەكچى بولدى. بۇ ئىش «قارا تاغلىق» لار بىلەن «ئاق تاغلىق» لار ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. زىياۋۇدىن خوجا قەشقەرنىڭ كاتتا خوجىسى يۈسۈپ بەگ خوجىدىن بۇ ئىشقا رۇخسەت قىلىشنى ئۆتۈنگەنىدى. يۈسۈپ بەگ خوجا: بۇ قىز ھاشىم خوجىنىڭ قىزى، خوجىنىڭ مازىرى (ھازىرقى ئاپئاق خوجا مازىرى) غا يېقىن يەردە تۇرۇشى كېرەك، يىراققا كېتىشكە بولمايدۇ، دەپ قاراپ، زىياۋۇدىن خوجىنىڭ يېڭى ئالغان خوتۇنىنى يۆتكەپ كېتىشكە رۇخسەت قىلمىدى. شۇ سەۋەبتىن، زىياۋۇدىن خوجا خەلقنىڭ ھۆكۈمرانلارغا بولغان نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز يۇرتىدىن بىرنەچچە يۈز كىشىنى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى بولۇتلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، چىڭ سۇلالىسى جياچىڭ خانىنىڭ 20 - يىلى (1815 - يىلى) 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. مۇشۇ مەزگىلدە زىياۋۇدىن خوجىنىڭ تەشۋىق قىلىپ ھەرىكەتلەندۈرۈشى ئارقىسىدا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپىغا قارشى غەزەپ ئوتى تۇتىشىپ لاۋۇلداپ يېنىپ كەتتى.

زىياۋۇدىن خوجا رەھبەرلىك قىلغان قوزغىلاڭدا چىڭ

سۇلالىسىنىڭ قەشقەردىكى بەزى ئەمەلدارلىرى ۋە چېرىكلىرى
ئۆلتۈرۈلدى؛ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئات خانىسى كۆيدۈرۈلدى①.
لېكىن زىياۋۇدىن خوجا قوشۇندىكىلەرنىڭ سانى بىرنەچچە يۈز
كىشى بولغاچقا، چىڭ سۇلالىسى نۇزغۇن ئەسكەر يۆتكەپ
كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭغا كۈچى يەتمىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ
قوزغىلاڭ ئاران بىر ئاي داۋاملىشىپ مەغلۇپ بولدى②.

زىياۋۇدىن ۋەقەسىدە خەلقىنىڭ كۆزلىگەن نىشانى ئۆز
مىللىتىدىن چىققان چوڭ فېئودال خوجىلارغا ۋە چىڭ سۇلالىسى
هۆكۈمرانلىرىغا قارشى تۇرۇش ئىدى. لېكىن زىياۋۇدىنىنىڭ
كۆزلىگەن چوڭ نىشانى يوق بولۇپ، شەخسىي ئاچچىقىنى چىقى-
رىۋېلىشنىلا ئويلايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مەغلۇپ بولۇپ قولغا
چۈشكەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسىگە ئۆزىنىڭ پەقەتلا قەشقەر-
گە فېئودال باشلىق بولۇشنى ئويلىغانلىقىنى ئىقرار قىلدى.
مانا بۇنىڭدىن زىياۋۇدىنىنىڭ مەقسىتى بىلەن خەلقىنىڭ ئارزۇ-
سىنىڭ بىر ئەمەس ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. خەلقنىڭ
كۈرەش نىشانىدىن ئالغاندا، زىياۋۇدىن ۋەقەسىنى ئۈچتۇرپان
قوزغىلىڭىنىڭ داۋامى دېيىشكە بولىدۇ.

ئۈچتۇرپان خەلقىنىڭ قوزغىلىڭى ۋە زىياۋۇدىن خوجا
ۋەقەسىدىن باشقا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىدىكى ئۇيغۇرلار-
نىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ فېئوداللىق هۆكۈمرانلىقىغا بولغان
نارازىلىقلىرى XIX ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا يۈز بەرگەن
بىرقانچە قېتىملىق قارشىلىق كۆرسىتىش هەرىكەتلىرىدىمۇ ئىپادى-
لىنىدۇ. بۇ بىرقانچە قېتىملىق قارشىلىق كۆرسىتىش هەرىكەتلى-

① چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە كۆچۈرۈلگەن «زىياۋۇدىن ۋەقەسى توغرى-
سىدا خانغا يوللانغان مەلۇمات».

② (چىڭ سۇلالىسى) چاڭ لىڭ: «مەرىپەتلىك، مەدەتكار چاڭ هەزرەت
ئۆزى كۆرۈپ بېكىتكەن يىلنامە»، 2 - جىلد.

رىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقەند خانلىقى قوللاپ مەدەت بەرگەن جاھانگىر خوجا گورۇھى تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغانلىقتىن، خەلقنىڭ ھەققانىي نارازىلىقى ۋە قارشىلىقى دىنىي «غازات» تۈسىنى ئالغانىدى.

جاھانگىر خوجا بۇرھانىددىن خوجىنىڭ نەۋرىسى ئىدى. بۇرھانىددىن خوجا قوزغىغان چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى مەغلۇپ بولغانىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى سامساق خوجا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقەند خانلىقىغا قېچىپ كەتكەنىدى. سامساق خوجىنىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، جاھانگىر خوجا ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىدى. جاھانگىر خوجا قوقەندتە قېچىپ يۈرگەندە، ئۆزىنى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى دەپ ئاتىۋېلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىنى ئۆستۈرۈپ، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ ۋە ئالداپ خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولۇۋالدى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ، بوۋىسى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش* باھانىسى بىلەن قەشقەرگە كېلىپ، ئۆز جەمەتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى خىيال قىلىپ كەلگەنىدى.

1820 - يىلى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق مەسلىھەتچى ئامبىلى بىڭ جىڭنىڭ قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىدى، خوتۇن - قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلدى، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملىرى خەلقنى ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن قاقتى - سوقتى قىلىپ، زالىملىقتا تېخمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. بەزى بەگلەر خەلقنىڭ غەزەپ - نەپرىتى تۈپەيلىدىن ئىلى جياڭجۈنى چىڭ شياڭغا بىڭ جىڭنىڭ جىنايەتلىرى ئۈستىدىن بىرلىشىپ ئىمزا قويۇپ ئەرز قىلدى. لېكىن چىڭ شياڭنىڭ

* «مۇسۇلمانلار يۇرتىنى تىنچىتىش، ئاسىيالارنى تازىلاش تەدبىرلىرى» 12 - جىلد.

بىنىڭ جىڭغا قانات ياپقانلىقى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تېخىمۇ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. قارشىلىق كۆرسىتىش كەيپىياتى كۈندىن - كۈنگە ئەۋج ئېلىپ كەتتى. مانا مۇشۇ مەزگىلدە، جاھانگىر خوجا پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، قوقەندىن قەشقەر چېگرا قاراۋۇلخانىسىغا باستۇرۇپ كەلدى. لېكىن، ئەسكىرىي كۈچى ئاز بولغانلىقتىن يېڭىلىپ، يەنە قوقەنگە قايتىپ بېرىۋالدى. 1824 - يىلى (داۋگۇاڭنىڭ 4 - يىلى) كۈز پەسلىدىن ياندۇرقى يىلى ياز پەسلىگىچە، جاھانگىر خوجا بىرنەچچە يۈز بولۇت پۇقراسىنى توپلاپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا قاراۋۇلخانىسىغا بىرقانچە قېتىم باستۇرۇپ كېلىپ، چېگرىدا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇردى*. 1826 - يىلى (داۋگۇاڭنىڭ 6 - يىلى) يازدا، جاھانگىر خوجا 500 دىن ئارتۇق بولۇتنى باشلاپ تۇيۇقسىزلا ئاتۇشقا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. ئۇ ئاتا - بوۋىلىرىمنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىمەن دېگەن نام بىلەن مازار بېشىغا كېلىپ، جەنۇبتىكى «ئاق تاغلىق» مۇسۇلمانلارنى قوزغىلىپ «غازات قىلىش»قا چاقىردى. بۇ دەل جەنۇبتىكى خەلقنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپىغا قارشى تۇرۇش كەيپىياتى قوزغىلىۋاتقان مەزگىل ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قەشقەر، يەكەن، يېڭىسار، خوتەن قاتارلىق غەربىي تۆت شەھەردىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى «ئاق تاغلىق» لار تەرەپ - تەرەپتىن ئاۋاز قوشتى. شۇ يىلى كۈزدە جاھانگىر خوجا غەربىي تۆت شەھەرنى ناھايىتى تېزلىكتە ئىشغال قىلدى. شۇ سەۋەبتىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىلى جياڭجۈنى چىڭ شياڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىدىن 300 نەچچە كىشى

* «زەپەرنامە»، 4 - جىلد.

تىرىك قولغا چۈشتى①.

جاھانگىر خوجا خەلقنى ئازاب - ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنى مەقسەت قىلماستىن، بەلكى ئاتا - بوۋىسىنىڭ فېئودال خوجىلىق ئىمتىيازىنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىشنى مەقسەت قىلغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ غەربىي تۆت شەھەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ھەدەپ قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى، مال - مۈلۈكلەرنى بۇلىدى، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ، خوتۇن - قىزلارنىڭ نومۇسىغا تەگدى. «ئاق تاغلىقلاردىن بولغان 15 ياشتىن ئاشقان ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەسكەر بولۇشقا مەجبۇرلىدى»②. ئۇيغۇر خەلقى كېيىنچە جاھانگىر خوجىنىڭ ھەقىقىي ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېنىق تونۇۋېلىپ، ئۇنى تېزلا تۈكۈرۈپ تاشلىدى. 1826 - يىلى (داۋگۇاڭنىڭ 6 - يىلى) كۈزدە، چىڭ سۇلالىسى جىلىن، خېيلۇڭجياڭ، شەنشى، گەنسۇ، سىچۈەن قاتارلىق بەش ئۆلكىدىن يۆتكىگەن ھەربىي قوشۇن ئاقسۇدا ئۇچراشتى. كېيىن ئۇلار غەربىي تۆت شەھەرنى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بىلەن ئارقا - ئارقىدىن ئىشغال قىلدى. ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان جاھانگىر خوجا خەلقنى تاشلاپ قېچىپ، كېيىنكى يىلى يازدا قوقەندكە قېچىپ بېرىۋالدى. 1828 - يىلى (داۋگۇاڭ خانىنىڭ 7 - يىلى 12 - ئايدا) ئەتىيازدا، جاھانگىر خوجا شىنجاڭنىڭ چېگرا قاراۋۇلخانىسىغا كېلىپ يەنە بىر قېتىم پاراكەندىچىلىك سالدى. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى پاراكەندىچىلىكىگە «قارا تاغلىق» لار قارشى تۇردى.

---

① «مۇسۇلمانلار يۇرتىنى تىنچىتىش، ئاسىيلارنى تازىلاش تەدبىرلىرى» 31 - جىلد، «زەپەرنامە» 4 - جىلد، «چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى. شۈەنزۇڭ خان دەۋرانى»، 107 - جىلد.

② «زەپەرنامە» 4 - جىلد. «مەرىپەتلىك، قەيسەر ناھەزرەتنىڭ خانغا يوللىغان نامىلىرى» 78 -، 80 - جىلد.

«ئاق تاغلىق» لارمۇ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئۇنىڭ ھەربىر كىشىگە قوشۇلۇشىنى خالىمىدى. جاھانگىر خوجا يېڭىلىپ، قېچىپ قارا تېكە دېگەن جايدا تىرىك تۇتۇلغاندا، ئۇنىڭ يېنىدا ئەگەشكۈچىلەردىن ئاران 30 كىشى قالغانىدى. شۇ يىلى يازدا جاھانگىر خوجا بېيجىڭغا ئېلىپ بېرىلىپ ئۆلتۈرۈلدى*.

* «چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»، 154 - جىلد. «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى. رەسمىي نۇسخا»، 63 - جىلد. «زەپەرنامە»، 4 - جىلد.

# توققۇزنچى باب
# ئەپيۇن ئۇرۇشدن كېيىن ئۇيغۇر خەلقننڭ جاھانگرلككە، فېئودالزمغا قارشى ئېلپ بارغان كۆرەشلرى

## 1 - بۆلۈم XIX ئەسرنڭ ئوتتۇرلردا ئۇيغۇر خەلقننڭ فېئودالزمغا قارشى ئېلپ بارغان كۆرەشلرى

XIX ئەسرنڭ ئوتتۇرلرىدا، غەربتكى كاپىتالستك ئەللەرنڭ ئقتسادى تېز تەرەققي قلىپ مۇستەملكلەرنى بۇلاش ئېھتىياجى جددديلەشتى. شۇڭا، ھەرقايسى كۈچلۈك دۆلەتلەر پائال تۈردە سرتقا قارىتا تاجاۋۇزچىلىق - كېڭەيمى-چىلىك ئېلپ بېرىپ، يېرى كەڭ، ماددي بايلىقى مول، ئاھا-لىسى كۆپ، ئىقتسادىي قالاق جۇڭگونى بىر پارچە لوق گۆش دەپ قاراشتى. ۋەھالەنكى، بۇ ۋاقىتتىكى جۇڭگو فېئودالىلق جەمئىيەتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە تۇرۇۋاتاتتى، ئۇششاق دېھقانچى-لىق ۋە ئائىلە قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن، ئۆزىنى ئۆزى قامدايدىغان فېئودال ناتۇرال ئىگىلىك يەنىلا ھۆكۈمران ئورۇندا ئىدى؛ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈم-

رانلىقى كۆنسايىن زەئىپلىشىۋاتاتتى، خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقى ئەۋج ئالغانىدى، ھەربىي جەھەتتە دۆلەتنى قوغداشقا مادارى يەتمەيۋاتاتتى، دۆلەتنىڭ نۇرغۇنلىغان زېمىنى كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر تەرىپىدىن ھەدەپ قوشۇۋېلىندى. دېھقانلار يەر ئىجارىسى، باج - سېلىق تۆلەشتەك دەھشەتلىك ئېكىسپىلاتاتسىيىگە ئۇچراپ، ئىنتايىن ئېچىنىشلىق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بولۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە چىرىكلىك - زاۋاللىق ھالىتى بىلىنمەكتە ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئەڭ تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەت — ئەنگلىيە بىرىنچى قېتىم ئەپيۇن ئۇرۇشىنى قوزغىدى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى ئۇرۇشتا تاجاۋۇزچىلارغا تىز پۈكۈپ، تەسلىم بولۇپ، جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى بىرىنچى تەڭسىز شەرتنامە — «نەنجىڭ شەرتنامىسى» نى ئىمزالىدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئامېرىكا، فىرانسىيە، روسىيە قاتارلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەرمۇ توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاپ، تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقىتىپ، دۆلەتكە نومۇس كەلتۈرىدىغان بىر قاتار شەرتنامىلەرنى ئىمزالاشقا مەجبۇرلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، جۇڭگو كاپىتالىزمنىڭ قۇل قىلىشىغا ئۇچراپ، بارا - بارا يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكە جەمئىيەتكە ئايلاندى.

چەت ئەل كاپىتالىزمىنىڭ تاجاۋۇزى ئېلىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە يېڭى بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈردى. ئېلىمىزنىڭ يىراق غەربىي شىمال چېگرا رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا مىللەت خەلقلىرىمۇ بۇنىڭدىن خالىي بولالمىدى. ئەنگلىيە بىلەن روسىيە شىنجاڭغا قوشنا دۆلەت ۋە رايونلار ئارقىلىق ئەپيۇن كىرگۈزۈپ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنى زەھەرلىدى. مەسىلەن، تولۇق بولمىغان سانلىق مەلۇماتتىن

قارىغاندا، 1840 - يىلى قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردىنلا بىر نەچچە قېتىم قولغا چۈشۈرۈلگەن ئەپيۇن 200 مىڭ سەرگە يەتكەنىدى*. ئەپيۇننىڭ زەھىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغىچە تارالغانىدى، قوقەن خانلىقىدا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن خوجا ئەۋلادلىرىمۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا رايونلىرىدا ئۈزلۈكسىز ۋەقە تۇغدۇرۇپ، شىنجاڭنى پاراكەندە قىلىپ تۇراتتى. 1847 - يىلى «يەتتە خوجا»نىڭ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسى يۈز بەردى، 1857 - يىلى، ۋەلىخان تۆرە قەشقەر، ئۈچتۇرپانغا ھۇجۇم قىلدى، بۇ ۋەقەلەرمۇ ئۇيغۇر خەلقىگە زور بالايىئاپەت كەلتۈردى.

1847 - يىلى (داۋگۇاڭنىڭ 27 - يىلى) 9 - ئايدا، جاھانگىر خوجىنىڭ جىيەن ئوغلى مەمتىمىن (يەنى كاتتا تۆرە، يۈسۈپ خوجىنىڭ ئوغلى) بىلەن ۋەلىخان تۆرە (باھاۋۇدىن خوجىنىڭ ئوغلى) باشچىلىقىدىكى يەتتە خوجا تەخمىنەن 1000 دەك خىل ئاتلىق ئەسكەر توپلاپ، قەشقەر شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن قوقەندىن يولغا چىقتى. ئۇلار ئالدى بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ مىڭيول قاراۋۇلخانىسىدىكى يۈزدىن ئارتۇق ئەسكىرىنى مەغلۇپ قىلدى ۋە يول ئۈستىدىكى ئۇيغۇرلارنى قورقىتىپ ئۆزلىرىگە قوشۇۋېلىپ، توپتوغرا قەشقەر شەھىرىگە بېسىپ كەلدى. شۇ چاغدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ قەشقەردە 3000 ئەسكىرى بولسىمۇ، زەربە بېرىشكە پېتىنالماي، قەشقەر يېڭى شەھەر قەلئەسىگە بېكىنىۋېلىپ، سىرتتىن كېلىدىغان ياردەمنى كۈتۈپ تۇردى. قەشقەر كونا شەھەردىكى قوقەنلىك سودىگەرلەردىن ناھەتخان قاتارلىقلار خوجىلارغا ئىچكى تەرەپتىن ماس-

* «چىڭ شۆەنزۇڭ ھەققىدە خاتىرىلەر» 330 -، 332 - جىلد.

قىلىشىپ، خوجىلارغا شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەردى①. ئار-
قىدىنلا، يەتتە خوجا بىر تەرەپتىن، قەشقەر يېڭى شەھەرگە
ھۇجۇم قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن بىر نەچچە يولغا بۆلۈنۈپ،
يېڭىسار، يەكەن، مارالبېشى قاتارلىق جايلارغا يۈرۈش قىلدى.
چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆتمۈشتىكى ساۋاقلارنى كۆزدە تۇ-
تۇپ، شەنشى - گەنسۇنىڭ ھەربىي ۋالىيسى بايىنتايىنى كۆن-
پېتىشنى تىنچىتقۇچى سانغۇن قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنى سۇجۇغا
بېرىپ، ئۇزۇق - تۈلۈك يۆتكەشكە ئەۋەتتى؛ لۇيىشەننى مەسلى-
ھەتچى ئامبال قىلىپ تەيىنلەپ، ھەربىي ئىشلارغا ياردەمچى
قىلىپ، ئىلىدىن قوشۇن باشلاپ چىقىپ، مۇزداۋان ئارقىلىق
خوجىلارغا قايتۇرما زەربە بېرىشكە ئەۋەتتى. لۇيىشەن 11 -
ئاينىڭ ئاخىرىدا يەكەنگە يېتىپ باردى ۋە يېڭىسارغا يۈرۈش
قىلدى. مانجۇ قوشۇنلىرى كۆكئېرىق دېگەن يەرگە يېتىپ
بارغاندا، خوجىلارنىڭ قوشۇنى بىلەن قاتتىق ئېلىشتى، ئاز
كۈچ بىلەن كۆپنى يېڭىپ، خوجىلار قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى.
مانجۇ قوشۇنلىرى غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ، خوجىلارنى يېڭىسار
شەھىرىنى مۇھاسىرە قىلىشتىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلدى.
شۇندىن كېيىن، لۇيىشەن يەنە قەشقەرگە ياردەم بېرىشكە ماڭ-
دى. يەتتە خوجا ئۆزلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىدىكى
شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىش پىلانىنىڭ بەربات بولغانلىقىنى
بىلىپ، «قېچىپ، قاراۋۇلخانىدىن چىقىپ كەتتى»②. خېلى
ئۇزۇن مۇھاسىرىدە قېپقالغان قەشقەر يېڭىشەھىرى مۇھاسىرى-

---

① «چىڭ شۆەنزۇڭ ھەققىدە خاتىرىلەر»، 448 - جىلد، «شەرقىي قەسىردە ساقلانغان خاتىرىلەر. داۋگۇاڭ خان دەۋرانى»، 56 - جىلد؛ «چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»، 19 - جىلد.

② «چىڭ شۆەنزۇڭ ھەققىدە خاتىرىلەر»، 446 - جىلد، 2 -، 13 - بەتلەر، 448 - جىلد 23 -، 32 - بەتلەرنىڭ تۆۋەن قىسمى.

دىن بوشىدى، قەشقەر كونىشەھەرنىڭ ئەمەلىيىتىمۇ يېڭىباشتىن ئەسلىگە كەلدى.

يەتتە خوجىنىڭ ھۇجۇمى ۋە پاراكەندىچىلىكى 9 - ئايدا باشلىنىپ 11 - ئايدا ئاخىرلاشقۇچە جەمئىي ئۈچ ئايدىن ئارتۇق داۋام قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت خەلقىگە زور زىيانلارنى سالدى، قەشقەر ئەتراپىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپىگە ئېغىر تەسىر يەتتى. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ خوجىلار چېگرا رايونلارنى داۋاملىق پاراكەندە قىلىپ تۇردى، قەشقەر، ئۈچتۇرپان قاراۋۇلخانىلىرى ۋە مەھەللە - كەنتلىرىگە بېسىپ كىرىپ، شۇ جايدىكىلەرنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرىگە ئوت قويۇپ، مال - مۈلۈكىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى.

1857 - يىلى (شيەنفېڭنىڭ 7 - يىلى) 6 - ئايدا، ۋەلىخان تۆرە يەنە بىر بۆلۈك ئادەمنى باشلاپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، «قەشقەرنىڭ قىزىل دەرياسى، سەككىز تاش ئەتراپلىرىنى بېسىۋالدى، كونىشەھەرنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىغا ئوت قويۇپ، مۇسۇلمانلارغا تەھدىت سېلىپ، ئىنتايىن غالجىرلىشىپ كەتتى»، شۇنىڭدەك يېڭىسارنىڭ كونىشەھىرىنىمۇ بېسىۋالدى. مارالبېشى، يەكەن قاتارلىق جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرتىپىنىمۇ قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. شۇڭا، يەكەننىڭ مەسلىھەت ئامبىلى چىڭ يىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە جىددىي مەلۇمات يوللاپ، قاراقچىلارنى بىرلىكتە يوقىتىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەتتىن دەرھال ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى.

ۋەلىخان تۆرە قەشقەر كونىشەھەرنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن، يېڭىشەھەرنىڭ غەرب تەرىپىدىن دەريادىن ئېقىز ئېچىپ، يېڭىشەھەر سېپىلىنى سۇغا باستۇرىۋەتتى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى سېپىلنىڭ شەرقىي شىمالى بۇرجىكىدىن ئېرىق

ئېلىپ، سۇنى شىمال تەرەپكە ئاققۇزۇپ باققان بولسىمۇ، شە-
ھەر ئىچىدە ئىككى ـ ئۈچ گەز چوڭقۇرلۇقتا سۇ توختاپ قال-
دى. ۋەلىخان تۆرە شەھەرگە يېقىن بىر كەنتكە يوشۇرۇنۇپ،
شەھەرگە كېچىچە زەمبىرەك ئېتىپ، ھۇجۇمنى
توختاتمىدى.

مارالبېشىدا، ۋەلىخان تۆرە «شەھەر سىرتىدىكى ھەربىي
بېكەتنىڭ ئۆيلىرى بىلەن دۇكانلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويۇپ،»
شەھەر سېپىلىغا يېقىنلاشتى ۋە ئۆستەڭدىن سۇ قويۇپ بېرىپ
شەھەرنى سۇغا باستۇرۇۋېتىشقا ئۇرۇنۇپ باقتى. شۇ جايدىكى
ئەمەلدارلار، خەلق ۋە ئەسكەرلەر بىر تەرەپتىن سۇنى توسۇپ،
يەنە بىر تەرەپتىن جەسۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ،
يەتتە تال ئۇۋۇ مىلتىقى غەنىمەت ئالدى، قارىسا بۇنىڭ بىر
تېلىغا ۋەلىخاننىڭ ئىسمى ئويۇلغانىكەن①.

يەكەندە، ۋەلىخان تۆرە كۆپ قېتىم شەھەرگە ھۇجۇم قىل-
دى. ھۇجۇم قىلىشقا قاتناشقانلار بەزىدە بىر تۈمەندىن ئېشىپ
كەتتى. ئۇلار يەنە يەكەندىن خوتەنگە بارىدىغان پوسكام،
لوپ، باش ئېرىق، گۇما، مۇجى قاتارلىق يول ئۈستىدىكى
ھەربىي بېكەتلەرنى ئىشغال قىلىپ، خوتەن بىلەن يەكەن
ئوتتۇرىسىدىكى خەت ـ ئالاقە ئىشلىرىنى ئۈ-
زۈپ قويدى②.

ۋەلىخان تۆرە قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن،

---

① «شەنشى ـ گەنسۇ، شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان ئوغرىلىرىنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «شەنشى، گەنسۇ، شىنجاڭنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» دېيىلدى)، 1 ـ جىلد، 13 ـ بەتنىڭ تۆۋىنى، 14 ـ بەتنىڭ يۇقىرىسى؛ 2 ـ جىلد، 5 ـ بەتنىڭ يۇقىرىسى؛ 4 ـ جىلد، 4 ـ بەت.

② «شەنشى، گەنسۇ، شىنجاڭنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» 4 ـ جىلد، 1 ـ، 3 ـ بەت، 17 ـ، 20 ـ بەتلەر؛ 5 ـ جىلد 11 ـ، 16 ـ بەتلەر.

خەلققە شەپقەتسىز ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇ خەلقنى ئۇرلۇك باج -
سېلىقلار بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش بىلەنلا قالماي، دى-
نىي ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ خەلققە زىيانكەشلىك قىلدى.
«ئايالالارنىڭ چۈمبەلسىز كوچىلارغا چىقىشىنى چەكلىدى. چاچلىرىنى
ئۆرۈپ قويۇپ بېرىشكە يول قويمىدى...... ئالتە ياشتىن يۇقى-
رى بارلىق ئەرلەرنى باشلىرىغا سەللە ئوراشقا ۋە ھەر كۈنى
مەسچىتكە بېرىپ بەش ۋاق ناماز ئۆتەشكە مەجبۇر قىلدى، بۇ
مەسىلىدە ۋەلىخان تۆرە ئىنتايىن رەھىمسىزلىك قىلدى، تۈزۈم-
گە خىلاپلىق قىلدىڭ دەپ ھەر كۈنى دېگۈدەك بىر نەچچە ئا-
دەمنى ئۆلتۈرۈپ تۇردى. گۇناھكار دېيىلگەنلەرنىڭ باشلىرىنى
ئۆز قولى بىلەن چېپىۋېتىش — ۋەلىخان تۆرە ئەڭ ياخشى
كۆرىدىغان بىر خىل ئەمەك ئىدى. ھالبۇكى، بۇنداق پۇرسەت
ئۇنىڭغا ھەمىشە تەييار تۇراتتى. بۇ مۇستەبىتنىڭ ئالدىدا بىرەر
ئورۇنسىز ھەرىكەت ياكى سۆز قىلىپ قويغان، ھەتتا ئەسنىگەن
بەختسىز ئادەم ئۆزىنى ئەمدى تۈگەشتىم دەپ ھېسابلىسا بولا-
ۋېرەتتى»*. 1857 - يىلى 9 - ئايدا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇ-
نى ئىلگىرى - كېيىن ئىلى، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىن
5000 دىن ئارتۇق ئەسكەر يۆتكەپ، يەكەندىكى جەڭ غەلىبى-
سى ئاساسىدا يېڭىسارغا يۈرۈش قىلىپ، چوڭ كۆۋرۈك ۋە
سۆگەت بۇلاق ئۇرۇشلىرى ئارقىلىق يېڭىسار كونىشەھىرىنى
تېزلا قايتۇرۇۋېلىپ، يۈز نەچچە كۈن قاتمۇقات مۇھاسىرىدە
قېپقالغان يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇردى. ئارقىدىن-
لا قەشقەرگە يۈرۈش قىلىپ، قەشقەر كونىشەھەرنى قايتۇرۇۋال-
دى. ۋەلىخان تۆرە ئۆزىنىڭ ھالاك بولىشىغا كۆزى يېتىپ،
تەھدىت بىلەن 18 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ،

* ئا. ن. كوروپاتكىن: «قەشقەرىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇر-
چە نەشرى، 229 -، 230 - بەتلەر.

بۇلاپ - تالىغان مال - مۈلۈكلەرنى ئېلىپ قوقەندكە قېچىپ كەتتى.

ۋەلىخان تۆرە باشلىق بۇ بىر تۈركۈم ئادەملەرنىڭ قىلغان ھۇجۇم ۋە پاراكەندىچىلىكلىرى ئۇيغۇر خەلقىنى جاق تويغۇزغانىدى، شۇنىڭ بىلەن توپىلاڭ ئوڭۇشلۇق جىمىقتۇرۇلدى. لېكىن، ئۇيغۇر خەلقى بۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ۋە ئۆز مىللىتىدىن بولغان فېئودالLارنىڭ زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىدىن قۇتۇلالمىدى. بەزى چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر خەلقىنى «ئەسلى تۇرمۇشى ياخشى بولمىغانىنىڭ ئۈستىگە، ئېغىر باج - خىراج، ئالۋان - ياساق تۆپەيلىدىن بارغانسېرى ھايات كەچۈرەلمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىۋاتىدۇ»* دەپ كۆرسەتكەنلىكىمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يەنىلا ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە قالغان جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى تاقەت قىلغۇسىز دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئارقا - ئارقىدىن قوزغىلىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇردى. 1851 - يىلى، جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا بىرىنچى قېتىملىق زور كۆلەمدىكى دېھقانلار ئىنقىلابى — تەيپىڭ تيەنگو دېھقانلار ئىنقىلابى پارتلىدى. بۇ قېتىمقى ئىنقىلاب چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە چەت ئەل كۈچلىرىگە ئېغىر زەربە بەردى. تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە، گۇيجۇدىكى مياۋزۇ (1855 - يىل) لار، يۈننەندىكى خۇيزۇ (1856 - يىل) لار،

* «چىڭ شۆنزۇڭ ھەققىدە خاتىرىلەر»، 425 - جىلد، 9 - بەتنىڭ يۇقىرى قىسمى.

خېنەن، ئەنجۇي قاتارلىق جايلاردىكى نىيەنجۇن قوشۇنى ۋە شەنشى، گەنسۇدىكى خۇيزۇ (1862 - يىل) لار ئارقا - ئارقىدىن چىڭ سۇلالىسىگە قارشى مىسلىسىز كۆلەمدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. مەملىكەت بويىچە ھەممىلا جاينى ئىنقىلابىي ھەرىكەت قاپلىدى، بۇ ھەرىكەت شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى، مۇشۇ تەسىر ئاستىدا، ئالدى بىلەن كۇچا ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە بەگلەرگە قارشى كۆرىشى پارتلىدى.

ئەسلىدە 1851 - يىل (شيەنفېڭنىڭ تۇنجى يىلى) دىن بۇيان، كۇچا، شايارنىڭ بەگلىرى مازار، ئوردا - ساراي، كۆۋرۈك، ھەربىي بېكەت، قاراۋۇلخانا، تۆگمەنلەرنى رېمونت قىلىش، ئۆستەڭ چېپىش، توسما ياساش ۋە قېچىپ كەتكەن دېھقانلارنىڭ زىممىسىدە قېپقالغان غەللە - پاراق، ئالۋان - ياساقلارنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش دېگەن نام بىلەن، يەرلىك سودىگەر ۋەن شۈنلۈي قاتارلىق يەتتە بايدىن جەمئىي 49 دانە يامبۇ ۋە 851 سەر (تىزدىق)، 865 يارماق قەرز ئالغاندى. بۇ پۇللار دىرىگە ئۆسۈم قوشۇلۇپ جەمئىي 2810 سەر 865 يارماققا يەتتى. سودىگەرلەر بۇ قەرزنى قايتىش سۈيلىگىلى تۇرغاندا، بەگلەر كۇچانىڭ خان ئامبىلى ئورچىڭگا بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا سېلىق چېچىپ ئۆزلىرىنىڭ قەرزىنى تۆلىمەكچى بولدى*. بۇنىڭدىن باشقا، پەيلۇ دېگەن جايدا ئەسلىدە 230 مو خېنىي بېدىلىك يەر بار ئىدى، 1849 - يىل (داۋگۇاڭنىڭ 29 - يىلى) دىن تارتىپ بۇ بېدىلىكنى يەرلىك بەگلەر «شەخسىي ئىگىلىۋېلىپ پايدىلانغان.» يىل

* «چىڭ ۋېنزۇڭ ھەققىدە خاتىرىلەر»، 229 - جىلد، 25 — 26 - بەتلىرىنىڭ يۇقىرى قىسمى.

بويى ھۆكۈمەتكە كىرەكلىك بىدە ـ سامان پۈتۈنلەي دېھقان-
لارغا سېلىق قىلىپ چېچىلغانىدى. بۇنى كۇچا دېھقانلىرى
سەككىز ئايدا تۆلەپ بولاتتى، شايار دېھقانلىرى تۆت ئايدا
تۆلەپ بولاتتى. كۇچا دېھقانلىرى بۇنداق خىلمۇ خىل ئېغىر
ئالۋان ـ سېلىقلاردىن جاق تويغانىدى. 1855 ـ يىلى (شيەنفېڭنىڭ
5 ـ يىلى) مەمتىلى، نىياز قاتارلىقلار ئىلىغا بېرىپ، ئىلى
جياڭجۈنى زالا فېنتايغا ئەرز قىلدى. زالا فېنتاي بۇنى يە-
كەننىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى چاڭ چىڭنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا
چۈشۈرۈپ بەردى. چاڭ چىڭ ئورچىڭئاغا «بەگلەرگە تۈرلۈك ئو-
رۇنسىز سېلىقلارنى سالماسلىقنى ئۇقتۇرۇش» ھەققىدە ئالاقە
ئەۋەتتى. مەمتىلى، نىيازلار ئىلىدىن كۇچاغا قايتىپ بېرىپ
ئۆزلىرىنى خەلپە ئاتىشىپ، ئىبراھىم شەيخ قاتارلىق كىشىلەر-
نى باشلىق قىلىپ سايلاپ، ئۇيغۇر دېھقانلارنى قۇرئان تىلاۋەت
قىلىش نامى بىلەن يىغىپ ئۇلاردىن باشلامچىلارغا ئەگىشىپ
ئىش كۆرۈپ، ھۆكۈمەتكە تۈرلۈك سېلىق تۆلەشنى رەت قىلىش-
نى تەلەپ قىلدى. ھاكىمنىڭ 4 ـ دەرىجىلىك ئىشخانا بېگى
ئەمەت قوناس كەنتىگە ئاشلىق ۋە ئالۋان سوّيلەشكە ئادەم ئە-
ۋەتكەندە، ئىبراھىم قاتارلىقلار ئاممىنى باشلاپ بۇ ئادەمنى
«باغلاپ ئۇرۇپ قايتۇرۇۋەتتى» ھەم زالا فېنتاينىڭ بۇيرۇقىنى
يىرتىپ تاشلىدى. ئورچىڭئا «ئەمىر مەرۇپ قىلىپ، تەربىيە
بېرىپ، ۋەقەنىڭ سەۋەبلىرىنى سۈرۈشتۈرۈش» كە ئاخۇن ئەۋەت-
تى. ئىبراھىم قاتارلىقلار «ئالۋان ـ ياساق كۆپ بولۇپ كەت-
تى، پەقەت بەش خىلدىن باشقا ئالۋاننى ئەمەلدىن قالدۇرۇش
ھەققىدە ئۇقتۇرۇش چىقارسۇن» دېگەن تەلەپنى ئوتتۇرىغا قوي-
دى. ئورچىڭئا ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى بىلەن شەھەر ـ يېزىلارغا
تۆت پارچە ئېلان چاپلاپ، خەلققە تەسەللى بېرىپ، «ھۆكۈمەت-
نىڭ مۇۋاپىق ئالۋان ـ ياساقلىرى بولسا، ئۇنىڭغا گەردەنكەش-

لىك قىلماسلىق، ئالۋان - ياساق مۇۋاپىق بولمىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق كىشى ئادەتتىن تاشقىرى پۇل ئالسا، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئەرز - شىكايەت قىلىشقا يول قويۇش» ھەققىدە چۈشەنچە بېرىشكە مەجبۇر بولدى*.

لېكىن ئەمەت شايارنىڭ ھاكىمبېگى بىلەن بىرلىكتە 1875 - يىلى 2 - ئايدا (شيەنفېڭنىڭ 7 - يىلى 1 - ئاي) قوناس كەنتىگە بېرىپ، دېھقانلارنىڭ باشلىقلىرىنى تۇتماقچى بولغانىدى، دېھقانلار ئۇلارنى ئۇرۇپ، دۇمبالاپ شەھەرگە قايتۇرۇپ، 7 - دەرىجىلىك بەگ قادىرنى تۇتۇۋالدى. 4 - ئايدا ئۇيغۇر دېھقانلىرى يەنە پەيزىۋات كەنتىگە يىغىلىپ، قىلىچ، نەيزە، ئوقيا، كالتەك - توقماقلار بىلەن قوراللىنىپ، سەپ تارتىپ بېرىپ كۇچاغا يېقىندىن تەيىنلەنگەن ھاكىمبەگ قۇربان قاتارلىقلارغا ئېتىراز بىلدۈردى. دېھقانلار شۇ چاغدا يۇرت سوراۋاتقان بەگ، ئاخۇنلارنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش؛ خىيانەتچى ئەمەلدارلار ئىگىلىۋالغان ئاياللارنى قايتۇرۇش؛ بەش خىل ئالۋان - ياساقنىلا ئۈستىگە ئېلىش؛ ياموللاردىكى ياساۋۇللار ۋە يانچى ئۇيغۇرلار (يېقىندى دېھقانلار) نى قىسقارتىش؛ تۆگچى، تىلماچ قاتارلىقلار شەخسىي ئىگىلىۋالغان پەيلودىكى خېنىي بېدىلىكىنى پۈتۈنلەي قايتۇرۇۋېلىشقا ئوخشاش تامامەن مۇۋاپىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. دېھقانلارنىڭ ئەمەلدارلارغا ۋە دىنىي ھۆكۈمرانلىققا قارشى تۇرۇپ، ئالۋان - ياساقنى يەڭگىللىتىش، يەرنى قايتۇرۇۋېلىش ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان بۇ تەلەپلىرى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇش ئېڭىنى ۋە دېموكراتىك ئىدىيىسىنى كۈچلۈك ھالدا گەۋدىلەن-

* «چىڭ گۇنىڭ خانغا يوللىغان نامىلىرى» (كۆچۈرمە نۇسخىسى)، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ساقلانغان. 1 - قىسىم، 15 -، 17 - بەتلەر.

دۇرۇپ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئويغانغانلىقىنى نامايان قىلغانىدى. ئورچېكئا بۇ تەلەپلەرگە «بىر - بىرلەپ ماقۇل بولۇش»قا مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىجرا قىلىشى ئاستا بولدى. 4 - ئاينىڭ 8 -، 9 - كۈنلىرى (3 - ئاينىڭ 14 -، 15 - كۈنلىرى)، ئۇيغۇر دېھقانلىرى يەنە يالغۇز تېرەك دېگەن جايغا يىغىلىپ، «قوللىرىغا قورال ئېلىپ، كاناي، دۇمباق سادالىرىنى ياڭرىتىپ» ئۆزلىرىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى بىلدۈردى. بۇ چاغدا ئورچېكئا نائىلاج ئادەم ئەۋەتىپ، ئىگىلىۋېلىنغان 200 دىن ئارتۇق ئايالنى قايتۇردى. دېھقانلار يەنە ئىشخانا بېگى ئەمەت، تىلماچ يۈسۈپ ۋە ئورچېكئانىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن چىن تەي، لى شى قاتارلىق ئادەملەرنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئورچېكئا ئەمەت بىلەن يۈسۈپنىڭ ئوتىغات - جەركىلىرىنى ئېلىپ تاشلاپ «قاماپ قويۇپ»، دېھقانلارغا تاپشۇرماي، پەقەت ئىككى پارچە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، چاڭگا، قوناس قاتارلىق ئىككى كەنتكە چاپلاپ، دېھقانلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلدۈردى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەمەت، يۈسۈپلەر يەنە قويۇپ بېرىلىپ، ئوتىغات - جەركىلىرى قايتۇرۇلۇپ، مەنسىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

مەمتىلى ئورچېكئا قوبۇل كۆرگەن تەلەپنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى بىلىپ، قەتئىي قوزغىلاڭ قىلىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇلار «نەيزە، قىلىچ قاتارلىق قورال ياسىتىپ»، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدار - ئەسكەرلىرىگە توسۇپ زەربە بېرىشكە تەييارلاندى. موللا خوجىنىڭ ئوغلى روزى ئات، ئاشلىق، ئوت، سامان چىقىرىپ دېھقانلارغا مەدەت بەردى. دېھقانلارنىڭ قوراللىق قوشۇنى تېزلا ۋۇجۇدقا كەلدى. ئۇلار قوللىرىغا نەيزە، قىلىچ، مىلتىق، كالتەك ئېلىپ، ئاتلىق، پىيادە قوشۇن بولۇپ، ھەممە تەييارلىقنى قىلىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە كۇچا شەھىرىگە ھۇجۇم

قىلىش بۇيرۇقىنىڭ چۈشۈرۈلۈشىنى كۈتۈپ، تەخ بولۇپ تۇردى. كۈتۈلمىگەندە، 5 - ئاينىڭ 3 -، 5 - كۈنلىرىگىچە (4 - ئاينىڭ 10 — 12 - كۈنىگىچە) ھاۋا قاتتىق ئۆزگىرىپ، كېچە - كېچىلەپ يامغۇر يېغىپ كەتكەنلىكتىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە بولماي قالدى. بۇ چاغدا، ئورچىڭغا بىر تەرەپتىن، ئاقسۇ، قارا شەھەرگە ئالاقە ئەۋەتىپ، ئەسكەر ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئەمەلدار چېرىك ۋە پۇقرالارنى چىقىرىپ شەھەر سېپىلىنى ساقلىدى ۋە «ئۇلارنىڭ كۆرۈمىنى تارقىتىپ» دېھقانلارنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنىنى بۆلۈپ تاشلاش ھەققىدە بۇيرۇق چىقاردى. ئۇ، ھاكىمبەگكە «ياخشى مۇسۇلمانلار» نى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئاق لاتىغا ئۆزلىرىنىڭ ئىسمىنى يېزىپ، ھۆكۈمەت تامغىسىنى بېسىپ، سول مۈرىسىگە تىكتۈرۈش، بۇ بەلگىنى ئۆزلىرى «تەلەپ قىلىپ ئېلىش» ھەققىدە بۇيرۇق بەردى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، تاغئېرىقلىق (شەرقىي كەنتلىك) بىر دېھقان ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ، قوزغىلاڭچى دېھقانلاردىن 47 كىشىنى قولغا ئالدى. ئورچىڭغا «كۇچادا تۇرمە يوق، بۇلارغا قاراشقا ئادەم يېتىشمەيدۇ» دېگەن باھانە بىلەن ھېچقانداق سوراق قىلمايلا ئۇلاردىن 15 كىشىنى ئۆلتۈردى. بۇ زەربە بىلەن، مەتنىلى قاتارلىقلار قوزغىلاڭچى قوشۇنىنى باشلاپ ئىشىخلا تەرەپكە يۆتكەلدى. ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى يەنە تويۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، 30 نەپەر دېھقاننى تۇتۇۋالدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن يۆتكىلىپ ئاقسۇ تەۋەسىدىكى قاراتال دېگەن جايغا يېتىپ بارغاندا، مەتنىلى، ئىبراھىم شەيخ، قادىر قاتارلىقلارمۇ ئەسىر ئېلىندى. ئورچىڭغا دېھقانلارنىڭ داھىيلىرى ۋە باشقا ئەسىر ئېلىنغانلار بولۇپ جەمئىي 15 ئادەمنى بىراقلا ئۆلتۈردى.

بۇ قېتىمقى كۇچا دېھقانلىرىنىڭ قوزغىلىڭى مەغلۇپ

بولغان بولسىمۇ، لېكىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ قۇدرىتىدىن قورقۇپ، ئۆگەن كەنتلىرىنىڭ يەر بېجىدىن ئوندىن ئىككى قىسمىنى، تاغئېرىق كەنتلىرىنىڭ ئوندىن ئۈچ قىسمىنى، جەمئىي 1007 دادەن بەش كۈرە بۇغداينى كەچۈرۈم قىلدى. بۇ كەچۈرۈم قىلغان ئاشلىقنى «ئىشخانا بېگى ئەمەت ۋە ھەرقايسى بەگلەر بولۇپ ئۇن كىشىگە مەنسىپىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ تەكشى چېچىپ تۆلىتىش»؛ پەيلودىكى خېنىي بېدىلىك يەرنى يەنىلا دېھقانلارنىڭ ھۆددىگە ئېلىپ تېرىشىغا قايتۇرۇپ بېرىش، «ئالغان بېدىسىنى پۈتۈنلەي ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇش، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى ئۇنىڭ سىرتىدا يەنە بېدە ـ سامان تاپشۇرۇشقا زورلىماسلىق»① ھەققىدە بۇيرۇق بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چىڭ ھۆكۈمىتى يەنە كۇچانىڭ خان ئامبىلى ئورچىڭئانىڭ «ئائىلە چېرىكلىرىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىپ، ئۇيغۇرلارنى خورلاپ، بىخۇتلۇقتا چېكىگە يەتكەن» لىكى، «قالايمىقان سېلىق چېچىپ، ۋەقە پەيدا قىلغان» لىقى، «ئادىللىق بىلەن ئىش قىلماي، ئۇيغۇر جىنايەتچىلەردىن 30 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، ئېسىپ سازايى قىلغان» لىقى ئۈچۈن، ئۇنى «مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلاپ سوراققا تارتتى»②، ئەمەت، يۈسۈپ، چېنتەي، لىشى قاتارلىق ئون ئادەمنىمۇ ھەر خىل جازا بىلەن جازالىدى.

1857 ـ يىلدىكى كۇچا ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ قوزغىلىڭى XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەل

① «چىڭ گۇنىڭ خانغا يوللىغان نامىلىرى»، 1 ـ قىسىم، 22 ـ، 31 ـ بەتلەر.

② «چىڭ ۋىنزۇڭ ھەققىدە خاتىرىلەر»، 229 ـ جىلد، 25 ـ 26 ـ بەتنىڭ يۇقىرى قىسمى.

قىنىڭ فېئوداللىزمغا قارشى كۈرىشىنىڭ مۇقەددىمىسى بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالۋان - ياساققا قارشى تۇرۇپ، جىسمانىي ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشى ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ، قوزغىلاڭنىڭ يالقۇنى ھەممىلا جايغا كېڭەيدى. مەسىلەن، 1857 - يىلى، قەشقەردە «مىس ئالۋىنى» سەۋەبىدىن «ھاشار سېلىقىنى كەچۈرۈم قىلىشنى تەلەپ قىلىش» ئۈچۈن، شەيخ ئاخۇن، مىرئەخمەتلەر رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى يۈز بەردى. 1858 - يىلى (شيەنفېڭنىڭ 8 - يىلى)، قەشقەردە بىنەم يەرلەردىن غەللە - پاراق بېرىشكە مەجبۇر قىلىنغان دېھقانلارنىڭ ئاشلىق تاپشۇرۇشقا قارشىلىق كۆرسىتىش ۋەقەسى يۈز بەردى①. يەكەندە توققۇز كەنتنىڭ «غەللە-پاراق تۆكۈشكە قارشىلىق كۆرسىتىش» ۋەقەسى ۋە گۇما كەنتى دېھقانلىرىدىن ئابدۇسايىت قاتارلىقلارنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ «كۆمۈش سېلىقى ئادىل بولمىغاچقا، ئاممىنى يىغىپ رەت قىلىش» ۋەقەسى يۈز بەردى②.

1864 - يىلى (تۇڭجىنىڭ 3 - يىلى)، ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت دېھقانلىرى بىرلىكتە كۇچادا چىڭ سۇلالىسىگە قارشى يەنىمۇ زور كۆلەمدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ فېئوداللىزمغا قارشى كۈرىشىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈردى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنى كۇچانىڭ ئۆگەن دەرياسى ئەتراپىدا، ئاشلىق بېجىنى تاپشۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ مەجبۇرىي ئەمگەككە

---

① «شەنشى، گەنسۇ، شىنجاڭنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 16 - جىلد، 16 - بەت؛ «چىڭ ۋېنزۇڭ ھەققىدە خاتىرىلەر»، 265 - جىلد، 3 - بەت، 266 - جىلد، 27 - بەت.

② «چىڭ مۇزۇڭ ھەققىدە خاتىرىلەر»، 10- جىلد، 9 - بەت؛ 25 - جىلد، 45 -، 47 - بەتلەر؛ 29 - جىلد، 25 - بەت.

سېلىنغان بىر تۈركۈم دېھقانلار قوزغىغانىدى، ئۇلار شۇ چاغدا ئۆستەڭ چېپىپ بوز ئېچىۋاتاتتى. ئاچ - يالىڭاچلىقتىن نۇرغۇن ئادەملەر توكۇلاپ - ئېچىرقاپ ئۆلگەنىدى. دېھقانلاردىن توختىنىياز قاتارلىقلار ئاممىنى باشلاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، بىر كېچىدىلا ئىككى مانجۇ ئەمەلدارىنى ۋە 15 نەپەر بەگنى ئۆلتۈرۈپ ئارقىدىنلا كۇچا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى (5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى) كېچىدە، كۇچادىكى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ، خۇيزۇ دېھقانلىرى قوزغىلىپ ئاۋاز قوشتى. كۇچادىكى خۇيزۇلار مالۇك، ماسەنباۋ، سۇسەنگې قاتارلىقلارنىڭ رەھبەرلىكىدە توخۇلا، قوشئاۋاتتىكى ھەربىي بېكەتكە ئوت قويۇپ، قاتناشنى ئۈزۈپ، كۇچا شەھىرىنى قامال قىلىۋالدى. ئارقىدىنلا قوزغىلاڭچىلار كۇچا شەھىرىنىڭ شەرق، جەنۇب، شىمال تەرەپتىكى ئۈچ دەرۋازىسىغا ۋە شەھەر ئىچىدىكى يامۇلغا ئوت قويۇپ، كۇچا شەھىرىنى ئالدى. شەھەرنى ئالغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭچى دېھقانلار كۇچانىڭ خان ئامبىلى سالىڭئا قاتارلىق چىڭ سۇلالىسىنىڭ چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلىرىنى ۋە كۇچانىڭ ئىناچىسى ئەخمەت (ئەخمەت يۈز بېگىم)، ھاكىمبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈردى. 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى (5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى)، قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ئاتلىق قىسمى باش بەگ باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر چېرىكلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، بۈگۈرنى ئىشغال قىلدى. 13 -، 14 - كۈنلىرى كورلا خەلقى «ھەربىي بېكەتكە ئوت قويۇپ» قاتناشنى ئۈزۈپ، كورلا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. ئارقىدىنلا ئاقسۇنىڭ قارا يۇلغۇن قاتارلىق جايلىرىدىمۇ ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ، خۇيزۇ دېھقانلىرى ئوسمان، روزى قاتارلىقلارنىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈردى. «سايرام ھاكىم يامۇلىنى قوراللىق مۇھا-

سىرە قىلىپ»①، باي، سايرامغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. شۇنىڭـ
دىن باشلاپ قوزغىلاڭنىڭ ئوتى يالقۇنجاپ تىيانشاننىڭ
جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى كەڭ رايونلارغا تۇتاشتى. چىڭ خانـ
دانلىقىنىڭ شىنجاڭدىكى فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقىنى قاتتىق
تەۋرىتىۋەتتى. 1864 - يىلى 7 - ئاينىڭ 15 -، 16 -
كۈنلىرى (تۇڭجىنىڭ 3 - يىلى، 6 - ئاينىڭ 12 -، 13 -
كۈنلىرى)، ئۈرۈمچىدە خۇيزۇ، ئۇيغۇر خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈردى.
قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىرى خېجۇ (ھازىرقى گەنسۇدىكى لىڭشيا)
لۇق خۇيزۇ تومىڭ (تودىلىڭ يەنى داۋۇت خەلىپە) ۋە سۇخۇەنـ
جاڭلار ئىدى. قوزغىلاڭچىلار ئۈرۈمچى قەلئەسىنى ئىشغال
قىلدى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى شەھەرلەرگە قاراپ كېڭەيدى.
شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى (6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى)
كېچىدە گۇچۇڭ خەلقى ئاۋاز قوشۇپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ،
«شەھەرگە تۆت تەرەپتىن ئوت قويۇپ، ھۇجۇم قىلدى»؛ گۇچۇڭ،
مورى، قارابالغاسۇن (ھازىرقى داۋانچىڭ)، جىمسار، قاراشەـ
ھەر، سانجى، قۇتۇبى، كورقارائۇسۇ (ھازىرقى شىخو)، ماناس
قاتارلىق جايلاردىكى خۇيزۇ، ئۇيغۇر خەلقىمۇ ئىلگىرى - كېيىن
قوزغىلاڭ كۆتۈردى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ ھەسـ
رەت - نادامەت بىلەن: «كۇچا، قاراشەھەر، تۇرپان، ئۈرۈمچى،
گۇچۇڭ، چىتەي، مورى ئەتراپىدا توپىلاڭچىلار ھەر تەرەپتىن
ماسلىشىپ، كۈندىن - كۈنگە كېڭىيىپ، يىغىشتۇرۇۋالغىلى
بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى»② دېيىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن،

---

① «شەنشى، گەنسۇ، شىنجاڭنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 67 -، 68 - جىلدلىرى؛ «چىڭ مۇزۇڭ ھەققىدە خاتىرىلەر»، 105 - جىلد، 30 -، 32 - بەتلەر

② «شەنشى، گەنسۇ، شىنجاڭنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 72 -، 75 - جىلد؛ «چىڭ مۇزۇڭ ھەققىدە خاتىرىلەر»، 112 - جىلد، 16 - بەت.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەكەندە 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى (6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى) قوزغىلاڭ بولدى؛ يېڭىساردىكى باش قەلئەنىڭ باقاۋۇلى لەن فاچۈن قاتارلىقلار 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى (6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى) خۇيزۇلار بىلەن خۇپىيانە كېلىشىپ، بازار كۈنىدىن پايدىلىنىپ بىرلىكتە قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قەشقەردىكى باش قەلئەنىڭ باش بۇغى ۋاڭ دېچۈن قاتارلىقلارمۇ خۇيزۇلار بىلەن يوشۇرۇن ئالاقىلىشىپ، 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى (6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى) قوزغىلاڭ كۆتۈردى. 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى (8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى) قۇمۇلدا خۇيزۇ، ئۇيغۇرلار بىرلىشىپ قوزغىلاڭ قىلدى. 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى (9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى)، ئۈرۈمچىنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنى مانجۇ قەلئەسىنى ئىشغال قىلدى①. 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى (10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى) كېچىدە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىق مەركىزى — ئىلىدىكى خۇيزۇ ۋە ئۇيغۇرلاردىن بىرنەچچە مىڭ ئادەم جەم بولۇپ، سېپىلغا ھۇجۇم قىلىپ، مانجۇ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى. 11 - كۈنى (13 - كۈنى)، يەنە مانجۇ قوشۇنلىرى بىلەن سوقۇشۇپ، مانجۇلارنىڭ ئاغلاقچى ئامبىلى توقتۇنايىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى، 20 — 30 زەمبىرەكنى غەنىمەت ئالدى، ئۆلتۈرۈلگەن، يارىدار قىلىنغانلارنىڭ سانى ھەددى - ھېسابسىز ئىدى. غۇلجا قاتارلىق كۈرە - قەلئەلەر ئېلىندى②. قوزغىلاڭچى قوشۇن تېز كۆپىيىپ بىرنەچچە تۈمەن كىشىگە يەتتى، ئۇلار بىرلىكتە ھاكىم مەزەم زاتىنى باشلىق

---

① «شەنشى، گەنسۇ، شىنجاڭنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 77 - جىلد، 18 — 19 - بەتلەر؛ 80 - جىلد، 19 — 20 - بەتلەر.

② «شەنشى، گەنسۇ، شىنجاڭنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 88 - جىلد، 1 — 2 - بەتلەر.

قىلىپ كۆتۈرۈپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدار ئەسكەرلىرىگە قارشى كۈرەش قىلدى. 1865 - يىل 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى (1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى) كېچىدە، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى بىرنەچچە يولغا بۆلۈنۈپ، باياندايى قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇلارنىڭ شوئارى «مانجۇ ئەمەلدار - چېرىكلىرىنى ئۆلتۈرىمىز، سودىگەرلەرگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيمىز» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن ئالدى بىلەن جەنۇبىي دەرۋازىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرىش بىلەنلا، مانجۇ ئەمەلدار - ئەسكەرلىرى شەھەرنى تاشلاپ قاچتى. كېيىن قوزغىلاڭچىلاردىن بىرنەچچە تۈمەن ئادەم قازاقلار بىلەن بىرلىشىپ، ئىلى شەھىرىگە (كۈرەگە) بىرنەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، مانجۇ قوشۇنلىرىغا ھەر تەرەپلىمە قىيىنچىلىق كەلتۈردى. 1866 - يىلى 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى (تۇڭجىنىڭ 5 - يىلى، 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى)، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئىلى كۈرەسىنى ئالدى. ئىلى جياڭجۈنى «مىڭسۇ ۋە قەلئەدىكى شەھەر ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسى قازا تاپتى». سابىق ئىلى جياڭجۈنى چاڭ چىڭ ئەسىر ئېلىندى. بۇنىڭدىن بۇرۇن، 1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى (1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى)، چۆچەكتىكى خۇيزۇ ۋە قازاقلارمۇ بىرلىكتە سۇيۇدېنىڭ رەھبەرلىكىدە، «قورال ئامبىرىدىكى مىلتىق - زەمبىرەكلەرنى بۇلاپ»، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنىدى*.

ئۇيغۇر، خۇيزۇلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زور قوزغىلىڭى بوران - چاپقۇندەك شىددەت بىلەن تېز كېڭىيىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك يىمىرىپ

* «شەنشى، گەنسۇ، شىنجاڭنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» 107 - جىلد، 1 -، 4 - بەتلەر.

تاشلىدى. كىچىككىنە باركۆلدىن باشقا جايلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك قوزغىلاڭچى ھەر مىللەت خەلقى ئىشغال قىلدى.

ھەر مىللەت ئەمگەكچىلىرىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشتىكى مەقسىتى فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ زۇلۇمى ۋە ئېكسپلاتاتسىيەدىن قۇتۇلۇش، كۈندىن - كۈنگە يامانلىشىۋاتقان ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئەھۋالنى ياخشىلاش ئىدى. شۇڭا، فېئودال ھۆكۈمرانلار بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشتى. بىراق، قوزغىلاڭنىڭ غەلىبە مېۋىسى ئاز ساندىكى فېئوداللار ۋە دىنىي كاتتىباشلار تەرىپىدىن تارتىۋېلىنىپ، خەلق كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلمىدى.

دېھقانلار قوزغىلىڭى باشلىنىش بىلەنلا، ئاز ساندىكى فېئوداللار ۋە دىنىي كاتتىباشلار قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە دىنىي ئورۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ، «غازات» نامى بىلەن ئاممىنى ئالداپ، ئاممىنىڭ سىنىپىي ئېڭىنى مۇجمەللەشتۈرۈپ، قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، فېئودال ئىستىبدات تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنى قوغداپ، ئەمگەكچىلەرنى تېخىمۇ ۋەھشىيلەرچە قۇل قىلىش ئىدى. شۇڭا، ئۇلار تۈرلۈك چارە - ئاماللار بىلەن قوزغىلاڭنى فېئودال ھۆكۈمران سىنىپىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان يولغا باشلىدى. قوزغىلاڭ ئەمدىلا غەلىبە قىلغاندا، ئۇلار ئارقا - ئارقىدىن فېئودال تەپرىقىچىلىك خاراكتېرىدىكى فېئودال ھاكىمىيەتلىرىنى قۇردى.

1865 - يىلى باھاردىن كېيىن، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى كەڭ رايونلار بويىچە دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ۋەزىيىتىدە تۆۋەندىكىدەك ئۆزگىرىش بولدى:

كۇچادا قوزغىلاڭچى دېھقانلار كۇچا شەھىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، كۇچا ئىنانچىسى ئەخمەت بەگنى رەھبەر بولۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ رەت قىلغانىدى. قوزغىلاڭچى ئاممىنىڭ غەزىپى تېشىپ، ئەخمەت بەگنى ئۆلتۈردى. ئۇلار يەنە مازاردا زاھىدلىق قىلىپ ئولتۇرغان راشىددىن خوجىنى باشلىق بولۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. راشىددىن خوجا تەكلىپكە بىنائەن، تەختكە چىقىپ، ئۆزىنى «خان خوجا» دەپ ئاتىدى. بۇ ئادەم «غازات قىلىش ئاللانىڭ بەندىلەرگە بۇيرۇغان ئۇلۇغ پەرزى» دېدى؛ ئۆزىنى «مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئۇلۇغ ئەۋلادى، ئالەمدىكى كۈچلەرنىڭ خوجىسى» دەپ ئاتىدى. ئۆزىنىڭ ئاكىسى، ئوغلى قاتارلىق ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ رەھبەرلىكىگە تەيىنلەپ، رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، غەربكە قاراپ ئاقسۇ، ئۇچتۇرپانغا يۈرۈش قىلىشقا ئەسكەر ئەۋەتتى. كېيىن يەنە شەرققە قاراپ يۈرۈش قىلىپ، تۇرپان، لۈكچۈن قاتارلىق جايلارغىچە يېتىپ بېرىپ، فېئوداللىق تەپرىقىچى كۈچ شەكىللەندۈردى①.

ئۈرۈمچىدە تۇمىنىڭ ئۆزىنى «سۇلتان» دەپ ئاتاپ، سۇخۇەنجاڭنى «ئەمىر لەشكەر» لىككە تەيىنلىدى، ھىجرىيە يىلنامىسىنى قوللاندى، ئۈرۈمچىدە خەنزۇ قەلئەسىنى ئېلىپ، «پەرمان بىلەن بازارنى توختىتىپ، مال - مۈلۈك بۇلىدى»، كېيىن يەنە مانجۇ قەلئەسىنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ تەسىرىنى تۇرپانغىچە كېڭەيتتى②.

---

① «تارىخى ھەمىدى»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 184 -، 287 - بەتلەر.

② ياڭ يوشيۇ: «مۇسۇلمانلارنى تىنچىتىش تەپسىراتى» 7 - جىلد، «مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭى» نىڭ 2 - قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن، 194 -، 196 - بەتلەر.

ئىلىدا مەزەم زاتىمۇ ئۆزىنى «سۇلتان» ئاتاپ، زېمىن ئىگىلەپ ياتقانىدى. كېيىن، دىنىي كاتتىباش مولا شەۋكەت ئاخۇن سۇلتانلىق تەختىنى تارتىۋالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىچكى نىزا سەۋەبى بىلەن موللا شەۋكەتمۇ كىشىلەر تەرىپىدىن تىرىك پېتى دەرياغا تاشلاندى①.

قەشقەر ۋە يېڭىساردا لەن فاچۇن، ۋاڭ دېچۇنلەر خۇيزۇ، ئۇيغۇرلارغا باشچىلىق قىلىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندىن كېيىن، قەشقەردە ئاق تاغلىقلار كاتتىبېشى توختى مامۇت ئەلەمىمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى «خان» دەپ ئېلان قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، قىرغىز قىپچاق قەبىلىسىدىن سىدىق بەگ ئاقتۇدىن لەشكەر باشلاپ كېلىپ قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ، توختى مامۇت ئەلەمنى ئاغدۇرۇپ، ئۆزى تەختكە چىقتى.

خوتەندە كۇچا قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى بىلەن، بايدا هاكىم بەگ بولغان ئېزىز ئاقسۇدىن خوتەنگە يوشۇرۇن قايتىپ كېلىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، دىنىي باشلىقلاردىن ھەبىبۇللا مۆپتىنى باشلىق قىلىپ، «ھەزرىتى پاشا» دەپ ئاتىدى. ھەبىبۇللا ئىنتايىن زالىم ئادەم بولۇپ، ئىسلام بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، مىللىي قىرغىنچىلىق پەيدا قىلدى، ھەر مىللەت خەلقىدىن نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ ئادەملەر بۇ قىرغىنچىلىقنىڭ قۇربانى بولدى②.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان فېئودال تەپرىقىچى كۈچلەر ئىچىدە كۇچا، ئۈرۈمچى، ئىلى ئۈچ تەپرىقىچى ھاكىمىيەتنىڭ تەسىرى ئەڭ زور بولۇپ، ئىگىلىگەن جايىمۇ ھەممىدىن كەڭ

① «تارىخى ھەممىدى»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 249 ــ، 252 ــ بەتلەر.

② «تارىخى ھەممىدى»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 397 ــ، 380 ــ بەتلەر.

ئىدى. پومېشچىكلار سىنىپى ۋە دىنىي كاتتىباشلار بۇ فېئودال
تەپرىقىچى ھاكىمىيەتلەردە ئۆزلىرىنى «خان»، «پادىشاھ» دەپ
ئاتىشىپ، ئۆز جەمەتلىرىگە مەنسەپ - ئۇنۋان بېرىپ، ھەر-
قايسى جايلارنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانى بولۇۋېلىشتى. ئۇلار
بىر تەرەپتىن ئەمگەكچىلەر ئۈستىدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمە-
تىدىنمۇ بەكرەك شەپقەتسىز فېئودال ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ،
خەلقتىن خالىغىنىچە باج - خىراج ئېلىپ، ئۇرۇشنىڭ پۈتۈن
سېلىقىنى ئەمگەكچى خەلقنىڭ زىممىسىگە ئارتىپ قويدى؛ يەنە
بىر تەرەپتىن، زېمىن تالىشىپ، ھوقۇقنى مونوپول قىلىپ،
ئۆزلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش مەقسىتىدە، ئۆزئارا
تالىشىش ئۇرۇشلىرىنى قىلدى. ھەرقايسى فېئوداللار گۇرۇھى-
نىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈرەشمۇ بەك كەسكىن ئىدى. بۇلار-
دىن سىدىق بەگ باشچىلىقىدىكى قەشقەر ھۆكۈمران گۇرۇھى
ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش
ئۈچۈن، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى قوقەن خانلىقىدىنمۇ ياردەم
تىلەپ، كېيىنكى ۋاقىتتىكى ياقۇپ بەگنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ
كىرىش ۋەقەسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇلارنى
ئاساس قىلغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت دېھقانلىرىنىڭ بۈيۈك
قوزغىلاڭلىرى تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابى ۋە شەنشى - گەنسۇ
خۇيزۇلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ بىۋاستە تەسىرى بىلەن قوزغالغان
بولۇپ، بۇ قوزغىلاڭلار ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىستىبداتلىق ھۆكۈمرانلىقىغا ئورتاق قارشى
تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.
قوزغىلاڭچى دېھقانلار باتۇرانە، جەسۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ،
چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا يولغا قويغان بەزى
تۈزۈملىرىنى گۇمران قىلدى، ئۆز مىللىتىدىن بولغان ۋاڭ،

گۇڭ، بەگلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا زەربە بەردى. لېكىن بۇ قوز-
غىلاڭنى خەلق ئاممىسى ستىخىيىلىك ھالدا قوزغىغان بولغاچقا،
ئۇنىڭ ھەم ئېنىق سىياسىي پروگراممىسى، ھەم بىر تۇتاش
قوماندانلىقى ۋە پۇختا تەشكىلى يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە،
ئۇنىڭدا مىللىي ۋە دىنىي بىر تەرەپلىمە قاراش مەۋجۇت
بولغانلىقتىن، قوزغىلاڭ تېزدىنلا فېئوداللار ۋە بىر قىسىم
دىنىي كاتتىباشلار تەرىپىدىن سۇيىئىستېمال قىلىنىش بىلەن
بۇ قېتىمقى داغدۇغىلىق بۈيۈك قوزغىلاڭ سەلبىي تەرەپكە
كېتىپ قالدى.

## 2 - بۆلۈم ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرىشى

1864 - يىلى يازدا، قىرغىزلارنىڭ باشلىقى سىدىق بەگ
دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ قەشقەر كونا
شەھەرنى تارتىۋالدى ۋە ئۇ يەردە ئۆزىنى «خان» دەپ ئاتىدى.
قەشقەر يېڭىشەھەر ۋە يېڭىساردا تۇرۇشلۇق چىڭ سۇلالىسى
قوشۇنى داۋاملىق قارشىلىق كۆرسەتتى. سىدىق بەگنىڭ بۇ
ئىككى مۇھىم تايانچ بازىنى ئېلىشقا كۈچى يەتمىدى. شۇنىڭ
بىلەن پەيزىۋاتتا تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان خۇيزۇلارنىڭ باشلىقى
جىن شاڭيىن قاتارلىقلارنى قوقەنگە ئەۋەتىپ، قوقەندىن
چوڭ غوجا بۇرھانىددىننىڭ ئەۋلادىنى قايتۇرۇۋېتىشنى ۋە ھەربىي
جەھەتتە ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. قوقەننىڭ ھەربىي
باشلىقى ئالىمقۇل قوقەننىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ، چىڭ سۇ-

لالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن، ياقۇپبەگنى بۇرھانىددىننىڭ چەۋرىسى بۇزرۇكخان تۆرە بىلەن بىللە قەشقەرگە ماڭدۇرۇشنى قارار قىلدى. 1865 - يىلى 1 - ئاي (تۇڭجىنىڭ 3 - يىلى 12 - ئاي) دا ياقۇپبەگ ئىلىمىز تەۋەسىگە بېسىپ كىردى①.

ياقۇپبەگنىڭ تولۇق ئىسمى مۇھەممەت ياقۇپ قوشبېگى. ئۇ، 1820 - يىلى قوقەنىنىڭ ئاۋات بىر كىچىك بازىرى پىسكەنتتە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى نارمۇھەممەت مىرزا ئۆزى تۇرغان شەھەردە ھۆكۈمەتتە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ياقۇپبەگ باللىق دەۋرىنى بىر مەھەل «بىكار يۈرۈپ» ئۆتكۈزگەن. 1845 - يىلى ئۇ قوقەن خانى خۇدايارخانغا «مەھرەم» بولغان. كېيىن يەنە تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتكە تايىنىپ پەنسات (بەش يۈز كىشىلىك قوشۇن باشلىقى) بولغان. 1847 - يىلى ئۇ قوشبېگى قىلىپ ئۆستۈرۈلدى. ئۇ، بۇ ۋەزىپىنى ئۆتەش مەزگىلىدە، شۇ جايدىكى قازاق ۋە قىرغىز خەلقىنىڭ دىنىي باج - سېلىقلارغا قارشى قوزغىلىڭىنى دەھشەتلىك باستۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈك ۋە چارۋىلىرىنى تالان - تاراج قىلغانىدى②. قوقەنلىك مەمەدەلىخان بىلەن خۇدايارخان ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەننىڭ خانلىق تالىشىش كۈرىشىدە، ئۇنىڭ شامالغا قاراپ ئىش كۆرۈشى، تۇراقسىزلىقى قوقەن ھۆكۈمران گۇرۇھىنىڭ باشقا ئەزالىرىنى غەزەپكە ۋە دەككە - دۈككىگە سېلىپ قويغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قەشقەر فېئودالى قوقەندىن

---

①«تارىخى ھەممىدى» بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى 325 - بەت؛ (ئەنگلىيە) چارلىز بولگى: «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمھالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 71 - بەت.

②چارلىز بولگى: «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمھالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 - يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى؛ «تارىخى ھەممىدى» بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 336 - بەت.

ياردەم تەلەپ قىلغاندا، ئۇلار ياقۇپبەگنى بۈزرۈكخانغا ياردەملىشىشكە ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىگە ئۇنىڭدىن كېلىۋاتقان تەھدىتنى يوقاتماقچى بولدى.

ياقۇپبەگ قەشقەر كونىشەھەرگە بېسىپ كىرىپلا، ئاممىنىڭ خوجىلارغا بولغان قارىغۇلارچە ئېتىقادىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىۋالدى. ئۇ ئالدى بىلەن بۈزرۈكخان خوجىنى خانلىق تەختىگە چىقاردى؛ ئاندىن كېيىن، يەنە سىدىق بەگ ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقاردى. سىدىق بەگ قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، يېڭىباشتىن قىرغىزلاردىن ئالتە - يەتتە مىڭ ئادەمنى ئۇيۇشتۇرۇپ، قەشقەرنى مۇھاسىرە قىلغاندا، ياقۇپبەگ سىدىق بەگنى يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ قىلىپ، ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملىدى.

ياقۇپبەگ قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن يەكەن، يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇ بىرىنچى نۆۋەتتە 500 ئەسكەر بىلەن بېرىپ يەكەنگە ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇيغۇرلار ۋە خۇيزۇلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولۇپ، بارلىق قورال - ياراقلىرىدىن ئايرىلىپ، ئۆزى ياۋداق ئاتقا مىنىپ قېچىپ قۇتۇلغانىدى. كېيىن يەكەنگە يەنە بىر نۆۋەت ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا مەغلۇپ بولدى. لېكىن يېڭىسارغا قارىتىلغان مۇھاسىرىنى ئىشقا ئاشۇردى. ياقۇپبەگ قوشۇنى يېڭىسارنى 40 كۈن مۇھاسىرە قىلغاندىن كېيىن، سېپىلنى دورا بىلەن پارتلىتىپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىردى. ئېيتىشلاردىن قارىغاندا، شۇ چاغدا بىر - ئىككى مىڭدەك ئادەم ناھەق ئۆلتۈرۈلگەنىكەن. ياقۇپبەگ ئۆز غەلىبىسىدىن كېيىن، دەرھال قىممەتلىك سوۋغا - سالاملار بىلەن قوقەنگە ئادەم ئەۋەتىپ

ئالمىقۇلغا ئۆزىنىڭ غەلىبىسىنى مەلۇم قىلدى①. كېيىن، ياقۇپبەگ يەكەن شەھىرىنىمۇ ئىشغال قىلدى.

1865 - يىلى كۈز پەسلىدە، ياقۇپبەگ يەنە قەشقەر يېڭى شەھەرگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي مۇھاپىزەتچى ئەمەلدارى خې بۇيۈن ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر بىلەن كەسكىن قارشىلىق كۆرسىتىپ بېقىپ ئاخىر تەسلىم بولدى. ياقۇپبەگ قوشۇنى شەھەرگە كىرىپ، شەھەر ئىچىدىكى ئاھالىنى تالان - تاراج قىلدى②.

1865 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ياقۇپبەگ خوتەندىكى تەپرىقىچى ھاكىمىيەتنىڭ ئاتالمىش «پاشا» سى ھەبىبۇللاغا بۇزۇرۇكخان خوجا نامىدىن مەكتۇپ ئەۋەتىپ، «خوتەندىكى مازارى ماشايىخنى (ئاتالمىش ‹پەيغەمبەر ئەۋلادى› قەبرىلىرىنى) زىيارەت قىلىشنى» تەلەپ قىلدى، ئارقىدىنلا زور قوشۇننى باشلاپ خوتەنگە يۈرۈش قىلدى. ھەبىبۇللا مۆپتى ياقۇپبەگنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، ئۇنى شەھەر سىرتىغا چىقىپ قارشى ئالغانىدى. لېكىن ياقۇپبەگ ھەبىبۇللانى شۇئان قولغا ئالدى. خوتەن خەلقى ياقۇپبەگنىڭ ئالدامچىلىقىغا قاتتىق غەزەپلىنىپ، شەھەرگە كىرىۋالغان ياقۇپبەگ قوشۇنىغا قارشى كۈرەش قىلدى. ياقۇپبەگ قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرنى دەھشەتلىك قىرغىن قىلدى. ئېيتىلىشىچە، باستۇرۇش ھەرىكىتى بەش كېچە - كۈندۈز داۋام قىلىپ،

---

①«تارىخى ھەمىدى» بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 336 -، 338 - بەتلەر؛ «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمھالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى؛ «قەشقەرىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى؛ 254 - بەت.

②«قەشقەرىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 258 -، 259 - بەتلەر.

ئۇرغۇن ئادەم ئۆلتۈرۈلدى①.

1867 ـ يىلى (تۇڭجىنىڭ 6 ـ يىلى)، ياقۇپبەگ راشىددىن خوجىنىڭ تەسىر دائىرىسىدىكى ئاقسۇ، كۇچا، قاراشەھەرگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئون مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق ئەسكىرى كۈچ بىلەن ئاقسۇغا يېقىنلىشىپ كەلگەندە، راشىددىن خوجىنىڭ ئاقسۇنى ساقلاۋاتقان قوشۇنى كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسىتىپ باقتى. لېكىن ياقۇپبەگ يەنە «مازارى ماشايىخنى زىيارەت قىلىش» نەيرىڭىنى ئىشلىتىپ، راشىددىن خوجىنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ، كۇچانى ئىشغال قىلىپ، ئۇنىڭ كۇچادىكى مال ـ مۈلۈكلىرىنى قويماي تالان ـ تاراج قىلدى②.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ داۋاملىق شەرققە يۈرۈش قىلىپ، كورلا، قاراشەھەرنى بېسىۋالدى.

ياقۇپبەگ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئىككى يېرىم يىل ئىچىدە تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى بوستانلىقلارنى ئىشغال قىلىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتتى. ئۇ ئۆزىنى «بەدۆلەت، غازى» دەپ ئاتىدى (خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا «بەدۆلەتخان» دېيىلگەن، مەنىسى «زىيادە بەخت ـ سائادەتلىك خان» دېگەن بولىدۇ). تارىختا ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى «يەتتە شەھەر» دەپ ئاتالدى③. قوقەند خانى ياقۇپبەگكە ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا «ئاتىلىق غازى» ئۇنۋانىنى ئىنئام قىلدى. 1869 ـ يىلى (تۇڭ-

---

①«تارىخى ھەمىدى» بېيجىڭ. مىللەتلەر نەشرىياتى. ئۇيغۇرچە نەشرى 363 ـ، 372 ـ بەتلەر.

②«تارىخى ھەمىدى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 388 ـ، 396 ـ بەتلەر؛ «قەشقەرىيە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 265 ـ، 266 ـ بەتلەر.

③«يەتتە شەھەر» توغرىسىدىكى قاراش بىردەك ئەمەس. ئومۇمەن قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا ۋە ئۇچتۇرپان كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

جىنىڭ 8 - يىلى)، ياقۇپبەگ بۈزرۈكخاننى تەختتىن چۈشۈردى ھەم ھەج قىلىش نامى بىلەن ئۇنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقاردى①.

1870 - يىلى 3 - ئاي (تۇڭجىنىڭ 9 - يىلى 2 - ئاي)دا، ياقۇپبەگ شەرققە داۋاملىق يۈرۈش قىلدى. لېكىن تۇرپان، ئۈرۈمچى، ماناس قاتارلىق جايلاردىكى خۇيزۇ ۋە باشقا مىللەت خەلقى ياقۇپبەگنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىماي، تاجاۋۇزچى قوشۇننى مەغلۇپ قىلدى ۋە بىر مەھەل كورلىنى قايتۇرۇۋالدى. كېيىن يەنە ياقۇپبەگ قوشۇنىدىن بىرنەچچە مىڭ ئادەمنى ئۇچقارا دېگەن جايدا ئۆلتۈرۈپ، كۇچانى قايتۇرۇۋالدى بىراق، ئۇلار قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسىنى مۇستەھكەملىمەي، كۇچادىن تېزلا چېكىندى②. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگ يەنە ئەسكەر توپلاپ، تۇرپانغا قايتىدىن ھۇجۇم قىلدى. تۇرپاندىكى خۇيزۇ ۋە ئۇيغۇر خەلقى ئۇنىڭغا قارشى باتۇرانە كۈرەش قىلىپ، كۆپ ئادىمىنى ئۆلتۈردى. 5 - ئاي (4 - ئاي) دا، ياقۇپبەگ قوشۇنى تۇرپاننى يەنىمۇ مۇھاسىرە قىلىۋالدى. تۇرپان بىرنەچچە ئاي مۇھاسىرە قىلىنغاندىن كېيىن؛ 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى (10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى). مۇھاپىزەتچى قوشۇننىڭ سەركەردىسى ماجۇڭ شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ بېرىپ تەسلىم بولدى③.

ياقۇپبەگ تۇرپاننى ئىشغال قىلىپلا، ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۈرۈمچىنىڭ «سۇلتانى» تومىڭ بىرنەچچە تۈمەن ئەسكەر تەشكىللەپ، قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئاخىرى تەڭ كېلەلمەي، 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى (كەبىسە 10 - ئاينىڭ

① ③ «تارىخى ھەمىدى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 637 - بەت.
② «قەشقەرىيە»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 268 - بەت.

باشلىرى) دا تەسلىم بولدى*. شۇنىڭ بىلەن تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلار ۋە تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى قىسمەن جايلار تامامەن ياقۇپبەگنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەۋە بولدى.

ياقۇپبەگنىڭ شىنجاڭغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتى ئەنگلىيە، روسىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىش سۈيىقەستى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئەنگلىيە بىلەن روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇستەملىكە تالىشىش كۈرىشى تازا كەسكىنلەشكەنىدى. ياقۇپبەگ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش بىلەن، ئەنگلىيە بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىمۇ ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونىغا باشلاپ كىردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونىدىكى جىددىيچىلىك يەنە ئەنگلىيە بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى زومىگەرلىك تالىشىش خاراكتېرىنى ئالدى.

ئەنگلىيە خېلى بۇرۇنلا ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا تەمە قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ياقۇپبەگنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى ئەنگلىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سۈيىقەستىگە ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بەردى. 1868 - يىلى (تۇڭجىنىڭ 7 - يىلى)، ئەنگلىيىلىك روبېرت شاۋ شىنجاڭغا كىرگەندە، قەشقەردە ياقۇپبەگ ئۇنى قوبۇل قىلدى ۋە قىزغىن كۈتۈۋالدى. 1870 — 1871 - يىللىرى ياقۇپبەگ ئېھرار خاننى ئىككى نۆۋەت ھىندىستانغا ئەۋەتىپ، ئەنگلىيە دائىرىلىرى بىلەن ئالاقە قىلدى. 1873 - يىلى (تۇڭجىنىڭ 12 - يىلى)، ئەنگلىيە قەشقەرگە

* «تارىخى ھەمىدى»، 407 -، 408 بەتلەر؛ «شەنشى، گەنسۇ، شىنجاڭنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 242 - جىلد، 15 - بەت؛ «تارىخى ھەمىدى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 453 — 455 - بەتلەر؛ «قەشقەرىيە» ئۇيغۇرچە نەشرى، 275 — 276 - بەتلەر.

رەسمىي يۇسۇندا سىر دوگلاس، فورسىيىتلەردىن ئەركىن تاپقان 300
كىشىلىك زور ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئەۋەتىپ، ياقۇپبەگكە مىلتىق،
كىچىك زەمبىرەك قاتارلىق قورال ھەدىيە قىلدى. ياقۇپبەگ
فورسىيىت ئېلىپ كەلگەن ئەنگلىيە كورولېۋاسى ئېلىزابېتنىڭ
ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، مىننەتدار-
لىق بىلەن: «كورولېۋا قۇياشقا ئوخشىشىدۇ، مەندەك بىچارىلەر
ئۇنىڭ ئىللىق نۇرىدىلا ياخشى ئۆسۈپ گۈللىنەلەيدۇ. مەن
ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشىشنى بەكمۇ ئۈمىد قىلى-
مەن. بۇ مەن ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدۇ. سىلەرنىڭ ھۆكۈمە-
رانلىقىڭلار ئادىل. بۇ يول ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن ئوچۇق، بۇ
يەردىن لوندونغا ھەرقانداق ئادەم تامامەن ئەركىن بېرىش -
كېلىش قىلالايدۇ»* دېدى. 1874 - يىلى، تۇڭجىنىڭ 13 -
يىلى)، ياقۇپبەگ ئەنگلىيە بىلەن سودا شەرتنامىسى — «ئەنگلىيە
قەشقەرىيە شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى. بۇ شەرتنامە جەمئىي 17
ماددىلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: ئەنگلىيە ياقۇپبەگ-
نىڭ قەشقەر ۋە يەكەن رايونلىرىنىڭ باشلىقى — ئەمىرى
ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش؛ ئەنگلىيە ۋە ئۇنىڭ بېقىندى
دۆلەتلىرىنىڭ سودىگەرلىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئىختىيارىي
كىرىپ - چىقىش، ئولتۇراقلىشىپ سودىگەرچىلىك قىلىش؛ ئەنگ-
لىيىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا كىرگۈزۈلگەن مالنىڭ ئىمپورت
بېجى ئۆز باھاسىنىڭ 2.5% تىدىن ئاشماسلىق؛ ئەنگلىيىلىكلەر
جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىختىيارىي يەر، ئۆي - ئىمارەت ياكى
ساراي سېتىۋېلىش، سېتىش، ئىجارىگە ئېلىپ پايدىلىنىش؛
ئىگىدارلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي، زورلۇق بىلەن كىرمەسلىك
ياكى ئاختۇرماسلىق؛ ئەنگلىيىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا كونسۇلىيە

*«ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمھالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 - يىل،
ئۇيغۇرچە نەشرى.

ھوقۇقى بولۇش دېگەنگە ئوخشاشلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە سودا جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى تەمىن ئېتىش بىلەنلا قالماستىن، سىياسىي جەھەتتىمۇ مەلۇم مەقسەتلىرىگە يەتتى. ياقۇپبەگ شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنى ئەنگلىيىگە سېتىش بىلەنلا قالماي، ئوسمانلى تۈرك ئىمپېرىيىسىگە ئۆز ۋەزىرىنى ئەۋەتىپ، تۈركىيە خەلىپىسىنى زىيارەت قىلىپ، نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك سوۋغىلارنى تەقدىم قىلىپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىنى تەلەپ قىلدى. تۈركىيە خەلىپىسى ئۇنىڭغا «مىراخور» ئۇنۋانىنى بەردى ۋە خانلىق تاج، كىيىم - كېچەك قاتارلىق نەرسىلەر ئىنئام قىلدى. ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ تۈركىيىگە ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە تۈركىيە دەرھەملىرىنىڭ شەكلىدە يارماق پۇل قۇيدۇردى*.

چاررۇسىيە 1865 - يىلى قوقەندنىڭ شىمالىي قىسمىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. 1866 - يىلى بۇخارانى ئىشغال قىلىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ياقۇپبەگنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيىتىگە دىققەت قىلىشقا باشلىدى. 1866 - يىلى (تۇڭجىنىڭ 5 - يىلى)، ياقۇپبەگ بىلەن چاررۇسىيە ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىنىڭ ھەرىكىتىگە ئارىلاشماسلىق ۋە قارشى تەرەپتىن قېچىپ چېگرىدىن كىرگەن جىنايەتچىنى چېگرىدىن ئۆتۈپ تۇتۇش ھوقۇقى بولۇشقا يول قويۇش توغرىسىدا غەيرىي رەسمىي كېلىشىم ئىمزالاندى. 1868 - يىلى (تۇڭجىنىڭ 7 - يىلى)، ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ جىيەنى شادى مىرزىنى تاشكەنت ۋە سانكت پېتېربۇرگقا ئەۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چاررۇسىيە كاپىتان رېينتالنى قەشقەرگە ئەۋەتتى. بۇ چاغدا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خانلىقلار ياقۇپبەگنى ھەدەپ ئۆزىگە تارتماقتا ئىدى. بۇخارا

---

*«ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى؛ «تارىخى ھەمىدى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 419 -، 422 - بەتلەر.

خانلىقىنىڭ ئەمرى ياقۇپبەگكە «ئاتالىق غازى» ئۇنۋانىنى ھەدىيە قىلىپ، ياقۇپبەگ بىلەن چاررۇسىيىگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇشنى ئۈمىد قىلدى. چاررۇسىيە ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى مۇستەملىكىچىلىك مەنپەئىتىنىڭ تەھدىتكە ئۇچرىشىدىن ساقلىنىش ۋە ئەنگلىيە بىلەن ياقۇپبەگ تىل بىرىكتۈرۈپ ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، 1871 - يىلى (تۇڭجىنىڭ 10 - يىلى) ئۆكتەملىك بىلەن ئەسكەر چىقىرىپ، ئىلى «سۇلتانى» نىڭ فېئوداللىق تەپرىقىچى ھاكىمىيىتىنى يوقىتىپ، ئىلىنى بېسىۋېلىپ، ياقۇپبەگ تەسىرىنىڭ داۋاملىق شىمالغا قاراپ كېڭىيىشىنى توستى. 1872 - يىلى 5 - ئاي (تۇڭجىنىڭ 11 - يىلى 4 - ئاي) دا، روسىيە ياقۇپبەگنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، بارۇن كالبارسنى غۇلجا ئارقىلىق نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار بىلەن قەشقەرگە ئەۋەتىپ، ياقۇپبەگ بىلەن ئېنىق مۇناسىۋەت ئورناتماقچى ۋە سودىنى مونوپول قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشمەكچى بولدى. 1872 - يىلى 6 - ئايدا، ياقۇپبەگ بارۇن كالبارس بىلەن «روسىيە - قەشقەرىيە كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى. بۇ كېلىشىم بەش ماددىلىق بولۇپ، ئاساسىي مەزمۇنى: روسىيە ياقۇپبەگنىڭ «يەتتە شەھەر دۆلىتى» نىڭ دۆلەت باشلىقى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش؛ روسىيە سودىگەرلىرى «يەتتە شەھەر» دە ماللىرىنى قويىدىغان مال ئامبارلىرىنى قۇرۇش ۋە سودا ۋەكىلى تەسىس قىلىشقا ھوقۇقلۇق بولۇش؛ تاۋارلارنىڭ چېگرا بېجى 2.5% بولۇش؛ روسىيە سودا كارۋانلىرى «يەتتە شەھەر» دىن ئەركىن ۋە بىخەتەر ئۆتۈپ، قوشنا دۆلەتلەرگە بارالايدىغان بولۇش ۋەھاكازا ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ياقۇپبەگ ئالدى بىلەن چاررۇسىيىنىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتىن ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. چاررۇسىيىمۇ شۇ ۋەجىدىن جەنۇبىي شىنجاڭدا سودا - سېتىق بازىرىغا

ئېرىشتى. شەرتنامە ئىمزالانغاندىن كېيىن، ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ جىيەنى ھاجى تۆرە (يەنە بىر ئىسمى سەئىد ياقۇپخان) نى پېتېربۇرگقا زىيارەتكە ئەۋەتتى. چار پادىشاھى ئۇنى ئەزىز مېھمان تەرىقىسىدە كۈتتى ۋە ئۇنى ھەربىي كۆرەككە قاتناشتۇردى. ياقۇپبەگ: «مەن روسىيىلىكلەرنى ئەڭ سۆيۈملۈك دوستۇم دەپ قارايمەن» دېگەنىدى*.

ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى دەسلەپىدىلا قالاق ئىستىبداتلىق تۈزۈمنى يولغا قويدى. بۇ تۈزۈم شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى سىياسىي ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلىپلا قالماستىن، يەرلىك فېئوداللارنى ئۆزىنىڭ زور ئىشلىرى توغرىسىدا سىياسەت بەلگىلىشكە قاتناشتۇرمىدى. ياقۇپبەگ ئوتتۇرا ئەسىردىكى بىر يۈرۈش فېئوداللىق تۈزۈمىنى شىنجاڭغا پۈتۈنلەي كۆچۈرۈپ كېلىپ، يەرلەرنى كۆپلەپ مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ قولچوماقلىرىغا بۆلۈپ بەردى. ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئەمگەكچىلەردىن ئۆز مەيلىچە پۇل - مال ئالىدىغان ۋە ئۇلارنى مەجبۇرىي، ھەقسىز ئەمگەككە سالىدىغان بولدى. ياقۇپبەگنىڭ ئۆزىنىڭ بايلىق توپلىشى تېخىمۇ دەھشەتلىك ئىدى، ئۇ بارغانلىكى جايدا ھەدەپ پۇل - مال تالان - تاراج قىلىپلا قالماي، يەنە ئىشغال قىلغان يەر - زېمىننى خۇسۇسىي مۈلۈك سۈپىتىدە ساتاتتى. جايلارنىڭ ھاكىمبەگلىرى ئۇنىڭغا يەنە ئالتۇن - كۈمۈش تارتۇق قىلىپ تۇردى. ئادەتتە ئۇنىڭغا سوۋغا - سالام تەقدىم قىلىش قائىدىسى «توققۇزلۇق قائىدە» بولۇپ، تەقدىم قىلىنغان سوۋغىنىڭ ھەربىر خىلى توققۇزدىن بولۇشى شەرت ئىدى.

ياقۇپبەگ باج - سېلىق توغرىسىدا ئېنىق بىر بەلگىلىمە

---

* «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

چىقارمىغانىدى. باج پۈتۈنلەي ھۆكۈمرانلارنىڭ «ئېھتىياجى» غا ئاساسەن ئېلىناتتى. باجنىڭ تۈرىمۇ كۆپ بولۇپ، بەزى باج- لارنىڭ مۇقىم نىسبىتى يوق، پۈتۈنلەي باجگىرلار خالىغىنىچە بەلگىلەپ ئالاتتى. ئاساسلىق باجلار مۇنۇلار ئىدى:

1. ئۆشرە — دېھقانچىلىق زىرائەت — ئاشلىق بېجى، $\frac{1}{10}$ ى ئېلىناتتى؛

2. زاكات — تاۋار ماللاردىن ئېلىنىدىغان باج بولۇپ، ھەر يىلى بەلگىلىمە بويىچە ئېلىناتتى. تاۋار ۋە نەق پۇل ئۈچۈن $\frac{1}{40}$، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئۈچۈن $\frac{1}{20}$ زاكات ئېلىناتتى؛

3. تاناپ بېجى — مېۋىلىك باغ، كېۋەزلىك، يەم - خەشەك ئېتىزى، كۆكتاتلىق بېجى، يىلىغا 1 — 20 تەڭگىگىچە (كۈمۈش پۇل) ئېلىناتتى؛

4. خەج - خىراج — يەرنىڭ ھوسۇلى ئۈچۈن ئېلىنى- دىغان باج، نىسبىتى $\frac{1}{10}$ بولاتتى؛

5. سامان پۇلى — ئوت - سامان ئۈچۈن ئېلىنىدىغان باج بولۇپ، سامان ئورنىدا خالىغىنىچە نەق پۇل ئالاتتى؛ ئېلىنغان نەق پۇل كۆپ ھاللاردا خېلى زور مىقدارغا يېتىپ باراتتى، بۇ، خەج - خىراج بېجىنىڭ قوشۇمچىسى ئىدى؛

6. كەپسەن — بۇ ئەسلىدە ئۆشرەنىڭ قوشۇمچىسى بولۇپ، باجگىرلارنىڭ تاپاۋەت بېجى ئىدى، كېيىن ھەممە باجلارغا قوشۇپ، خالىغانچە ئېلىنىدىغان بولغان؛

7. تەركە — مىراس بېجى بولۇپ، 2.5% ئېلىناتتى، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭدىن كۆپ ئېشىپ كەتكەنىدى؛

بۇلاردىن باشقا، خەلق يەنە ھەربىي قىسىمنى كۆپلىگەن ئوزۇق - تۈلۈك، يېقىلغۇ ماتېرىيالى، ئات، قېچىر، ھارۋا قاتارلىقلار بىلەن تەمىن ئەتكەندىن باشقا، يەنە ھەربىيلەر ئۈچۈن ھەقسىز قورال - ياراق، ئاشلىق، ئوت - سامان توشۇيتتى①.

ياقۇپبەگنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ، ئەمگەكچى خەلق ئىنتايىن نامراتلىشىپ كەتتى. خەلق ئۆز ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئوغۇل - قىزلىرىنى سېتىشقا، ھەتتا ئۆزلىرىنى سېتىپ، قۇل بولۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇڭا قۇل ئېلىپ - سېتىش ھادىسىلىرىمۇ ئومۇميۈزلۈك ئەۋج ئالغانىدى②.

ياقۇپبەگ ئىسلام دىنى بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئاز ساندىكى دىنىي كاتتىباشلارنىڭ قوللىشى بىلەن دىنىي ئەمگەكچىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش قورالىغا ئايلاندۇرۇۋالدى. ئۇ بىر تەرەپتىن، دىنىي كاتتىباشلارنى ھەدەپ ئۆزىگە تارتىپ، سېتىۋېلىپ، مەسچىت، مەدرىسلەرنىڭ يەر، مۈلۈكلىرىنى كېڭەيتتى، يېڭىدىن نۇرغۇنلىغان مەسچىت، مازار، دىنىي مەكتەپلەرنى ياسىتىپ، دىنىي باشلىقلارغا خالىغىنىچە ئىش قىلىدىغان زور ھوقۇق بەردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ ئىسلام قانۇنى — «شەرىئەت» بەلگىلىمىلىرىنى قاتتىق يولغا قويۇپ، شەرىئەتنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتتى ۋە زورايتتى، شەھەر - يېزىلاردا ئومۇميۈزلۈك «مەھكىمە شەرئى» تەسىس قىلدى. «قازى» لار «شەرىئەت» قائىدىلىرىگە ئاساسەن، سوت ۋە

---

① «قەشقەرىيە» ئۇيغۇرچە نەشرى، 59-، 60- بەتلەر؛ «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، «تارىخىي ھەمىدى» 517 -، 518 - بەتلەر.

② «تارىخىي ھەمىدى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 405 - بەت.

ھۆكۈم قىلىپ، ئەمگەكچى خەلقنى ھەرقانداق باھانىلەر بىلەن جازالىيالايدىغان، ھەتتا ئۆلۈم جازاسى بېرەلەيدىغان بولدى، مەخپىي ساقچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان «رەئىس» لەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بىگۇناھ ئەمگەكچىلەرنىڭ ھەرقاچان «رەئىس» لەر تەرىپىدىن دەررىلىنىشى مۇمكىن ئىدى. ئاياللارنىڭ يۈزى مەجبۇرىي ياپتۇرۇلدى، ياپمىغانلار قاتتىق جازالىناتتى. شۇنداق قىلىپ، ئەمگەكچىلەر ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە-يۇسۇنلىرى بىلەن مەھكەم بەند قىلىنىپ، ئەركىنلىك ھوقۇقىدىن تامامەن مەھرۇم قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا، ياقۇپبەگ يەنە ئىسلام دىنىدىن غەيرىي دىندىكى ئاممىغا ئىنتايىن دەھشەت ۋاستىلەرنى قوللاندى، غەيرىي دىندىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى شەرت ئىدى، ئۇنداق قىلمىسا ئۆلتۈرۈلەتتى.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى باتۇرانە كۈرەش قىلدى. خوتەن، تۇرپان، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ستىخىيىلىك قوراللىق قوزغىلاڭلىرى گاھى ئۆرلەپ، گاھى پەسىيىپ، توختىماي داۋام قىلدى. بۇ كۈرەشلەر ئىچىدە، كۆلىمى ئەڭ زور ۋە ئەڭ ئۇزۇن داۋام قىلغان، ئۈرۈمچى رايونىدا پارتلىغان قوراللىق قوزغىلاڭ ياقۇپبەگكە ئەڭ كۈچلۈك زەربە بەرگەنىدى. بۇ قوراللىق كۈچ ئۈرۈمچىنىڭ نەنسەندىكى خەنزۇلاردىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، باشلىقى شۈ شۆگۈڭ ئىدى. ياقۇپبەگ شىمالىي شىنجاڭغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، بۇ بىر بۆلۈم خەلق قوراللىق كۈچى پات - پات ياقۇپبەگ قوشۇنىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ تۇردى. 1871 - يىلى 5 -، 6 - ئايلاردا، يەرلىك خۇيزۇلار نەنسەنگە بېرىپ شۈ شۆگۈڭ قوشۇنىنى شەھەرگە باشلاپ كىرىپ، ئۈرۈمچىنىڭ ھاكىمبەگى ماجۇڭنى تۇتۇپ

ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن «سۇلتان» تومىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى يەنە ئەسلىگە كەلتۈردى. ما جۇڭئىنىڭ ئوغلى ما رېندي ياقۇپبەگ قوشۇنى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، تومىڭنىڭ خانلىق قەلئەسىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. تومىڭ قېچىپ كەتتى، ئۈرۈمچى ياقۇپبەگ تەرىپىدىن يەنە بىر قېتىم ئىشغال قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر مىللەت خەلقى ياقۇپبەگنىڭ خورلۇق، قىرغىنچىلىقىغا تاقەت قىلالماي، «شۇ شۆگۈڭنى قارشى ئېلىشتى». 1872 - يىلى 2 - ئايدا، شۇ شۆگۈڭ ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە كىرىپ خەنزۇ قەلئەسىگە ئورۇنلاشتى، شۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگكە قارشى زەربە بېرىش ۋەزىيىتىدە يېڭى ئۆزگىرىش ۋۇجۇدقا كەلدى*. بۇ چاغدا، خۇيزۇ، خەنزۇ قوشۇنلىرى ئوتتۇرىدىكى ئازارلىقنى تاشلاپ، ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىپ، ياقۇپبەگكە زەربە بېرىشتىكى ئاساسىي كۈچكە ئايلاندى، ئۇزۇق - تۈلۈك، ئوت - چۆپلەرنى ئۈرۈمچى، ماناس قاتارلىق جايلاردىكى خۇيزۇلار يەتكۈزۈپ بەردى. بىراق، چىرىك چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى خۇيزۇ، خەنزۇ خەلق قوراللىق كۈچلىرىنى قوللىمىدى، ئەكسىچە ئۇلارنى تارقىتىۋەتتى.

ياقۇپبەگنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، ئۇنىڭ بىلەن جايلاردىكى فېئوداللار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كەسكىنلىشىپ كەتتى. بەزى فېئوداللار ياقۇپبەگكە قارىمۇ-قارشى پوزىتسىيىدە بولۇپ، ياقۇپبەگنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلدى، بەزىلىرى ھەتتا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن مەخپىي ئالاقە باغلىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقىمۇ كوچا - كويىلاردا توپ - توپ بولۇشۇپ، «خىتايلار كېلىدىكەن» دېگەن خەۋەرنى ئوچۇق - ئاشكارە

* «شەنشى، گەنسۇ، شىنجاڭنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 233 - جىلد، 22 - 23 - بەتلەر.

ئېيتىشىپ يۈردى. موللا موسا سايرامىنىڭ يازغانلىرىدىن قارىغاندا، ئۇلار «بۇ خەۋەر توغرۇلۇق راست ياكى يالغان سۆزلەرنى توقۇپ، ئۆزلىرىنى خۇش قىلىشقان. كېچە - كۈندۈز خەنزۇلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ، خىتايلار ئۈچۈن دۇئا - تەلەپلەر قىلىشقانىدى»*.

چاررۇسسىيىنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ ئىلىنى بېسىۋېلىشى ۋە ياقۇپبەگنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىشغال قىلىۋېلىشى ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىي چېگرا رايونىدا مىللىي خەۋپ پەيدا قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى شىنجاڭ مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىشكە مەجبۇر قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھى ئىچىدە پىكىر ئىختىلاپلىرى يۈز بەرگەنىدى. ئىزچىل ھالدا تەسلىمچىلىك - ساتقۇنلۇقنى قۇۋۋەتلەپ كەلگەن لى خۇڭجاڭ ۋەكىللىكىدىكى بىر گۇرۇھ كىشىلەر شىنجاڭنى تاشلاپ، كۈچنى شەرقىي جەنۇبتىكى دېڭىز مۇداپىئەسىگە قارىتىش، «غەربكە بېرىلىدىغان تەمىناتنى» يۆتكەپ، دېڭىز مۇداپىئە خىراجىتى قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى؛ شەنشى، گەنسۇنىڭ ھەربىي ۋالىيسى زو زۇڭتاڭ بولسا شىنجاڭنىڭ مۇھىملىقى دېڭىز مۇداپىئەسىدىن قېلىشمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن غەربىي قورۇللارنىڭ مۇداپىئەسى بىلەن دېڭىز مۇداپىئەسىگە بىردەك ئېتىبار بېرىپ، دەرھال قوشۇن كىرگۈزۈپ، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش كېرەك، دەپ قارىدى. مانا بۇ «قۇرۇقلۇق مۇداپىئەسى» بىلەن «دېڭىز مۇداپىئەسى» توغرىسىدىكى مۇنازىرە ئىدى. بۇ مۇنازىرە گەرچە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ خۇنەن، ئەنخۇي سىستېمىسىدىكى ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى خىراجەت تالىشىپ، ئەمەلىي

* «تارىخى ئەمنىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 321 -، 322 -، 323 - بەتلەر.

كۆچىنى كېڭەيتىش مەسىلىسىدىكى تالاش - تارتىشى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، كېيىنكى چاغدا شىنجاڭنى يېڭىباشتىن ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

زو زۇڭتاڭنىڭ غەيرىي پىكىرلەرنى كۈچلۈك رەت قىلىپ، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشنى قۇۋۋەتلىشى دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ يىراق كەلگۈسى مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن بولغاچقا، مەملىكەت بويىچە قوللاشقا ئېرىشتى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاخىرى زو زۇڭتاڭنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، شىنجاڭغا ئەسكەر چىقىرىشنى قارار قىلدى. 1875 - يىلى 5 - ئاي (گۇاڭشۈينىڭ تۇنجى يىلى 3 - ئاي) دا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى زوزۇڭتاڭغا «خان مۇپەتتىش» لىك ئۇنۋانىنى بېرىپ، شىنجاڭ-نىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى تاپشۇردى. جىن شۈننى ئۈرۈمچىنىڭ بوييۇرغىلىقىغا تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ياردەملىشىشنى تاپشۇردى. شىنجاڭغا قوشۇن باشلاپ كىرىش ھوقۇقىنى زوزۇڭتاڭغا تاپشۇردى*. ياقۇپبەگنىڭ قۇللۇق ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلار ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى قىزغىن قارشى ئالدى. بىرمۇنچە جايلاردىكى خەلقلەر ئۆزلۈكىدىن ئاشلىق - تۈلۈك، ئات - ئۇلاغ چىقىرىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ياردەم بەردى.

1876 - يىلى 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى (گۇاڭشۈينىڭ 2 - يىلى 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى)، زو زۇڭتاڭ لەنجۇدىن سۇجۇغا ئاندىن جيۇچۇەنگە كېلىپ، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش پىلانىنى ئورۇنلاشتۇردى، «ئاۋۋال شىمالنى، ئاندىن كېيىن

* «چىڭ دېزۇڭ ھەققىدە خاتىرىلەر» 6 - جىلد، 12 - بەت.

جەنۇبنى ئېلىش»، «ئاستا ئىلگىرىلەپ ئۈزمەي جەڭ قىلىش» فاڭجېننى تۈزۈپ، ئالدى بىلەن شىمالىي شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش، ئاندىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭنى ئېلىشنى قارار قىلدى، زو زۇڭتاڭ ئالدىنقى سەپنىڭ قوماندانلىق ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي ليۇ جىڭتاڭغا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدى بىلەن ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىشىنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ ھۇجۇمغا ئاتلاندى: جاڭ ياۋ قىسمى قۇمۇلغا كىرىپ ئورۇنلاشتى، شۈ جەنبياۋ قىسمى باركۆلنى ئىگىلىدى، ليۇجىڭتاڭ قىسمى فۇكاڭغا كىردى. ئاندىن كېيىن ئۈرۈمچىنى ئالدى*.

1876 - يىلى 7 - ئايدا، ليۇ جىڭتاڭ بىلەن جىن شۈن باشچىلىقىدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى فۇكاڭغا يېتىپ كېلىپ، 8 - كۈنى كېچىدە خۇاڭتيەنگە ھۇجۇم قىلىپ، بەش كۈنلۈك جىددىي جەڭ ئارقىلىق گۇمۇدىنى قايتۇرۇۋالدى، دۈشمەننىڭ بەش - ئالتە مىڭ ئادىمىنى يوقاتتى. ليۇ جىڭتاڭ گۇمۇدىدا ياقۇپبەگنىڭ ئۈرۈمچىنى ساقلاۋاتقان قوشۇنىنىڭ باشلىقىنىڭ قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلىپ يازغان خېتىنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۈرۈمچىنىڭ بوش قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. شۇنىڭ بىلەن، دەرھال ھەرىكەتلىنىپ، غەلىبىدىن پايدىلىنىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، بىر ھۇجۇم بىلەن ئۈرۈمچىدىكى ئۈچ قەلئەنى (يەنى مانجۇ قەلئەسى، خەنزۇ قەلئەسى ۋە تومىڭ سالدۇرغان خانلىق قەلئەنى) قايتۇرۇۋالدى. ئارقىدىنلا سانجى، قۇتۇبى، ماناسنىڭ شىمالىي شەھىرى قايتۇرۇۋېلىندى. ماناسنىڭ جەنۇبىي شەھىرىمۇ جىددىي تالىشىش جېڭى ئارقىلىق 11 - ئايدا ئېلىندى. مۇشۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، شىمالىي

* «شەنشى، گەنسۇ، شىنجاڭنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» 298 - جىلد، 15 - بەت؛ 299 - جىلد، 19 -، 22 - بەتلەر.

شىنجاڭ بويىچە چاررۇسىيە ئىشغال قىلىۋالغان ئىلىدىن باشقا جايلارنىڭ ھەممىسى قايتۇرۇۋېلىندى. لىيۇجىڭتاڭ، جاڭ ياۋلارنىڭ بۇ غەلىبىسى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپلا قالماستىن بەلكى، يەنە جەڭ داۋامىدا ياقۇپبەگ قوشۇنىنىڭ جەڭگىۋار كۈچىنىمۇ ئاشكارىلىدى. جەنۇبىي شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئاساس سېلىندى.

ئۈرۈمچى ئېلىنغاندىن كېيىن، زوزۇڭتاڭ يەنە ھەربىي قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ، تەشكىللەش، ھەربىي ئوزۇق ـ تۈلۈك تەييارلاش ۋە ھەربىي ئىشلارنى قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشقا تەييارلاندى①.

ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمىدى. 1877 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئۇ تۇرپانغا بېرىپ، توقسۇن بىلەن تىيانشان تېغى ئەتراپىدا مۇداپىئە كۆرۈپ قارشىلىق كۆرسەتتى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئۇ 1876 ـ يىلى قىشتا يەكەن، قەشقەردە قورال ـ ياراق يىغىپ ۋە ئوزۇق تەييارلىقلىرىنى كۆرۈپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ غەربكە قاراپ يۈرۈشنى توسۇشقا ئۇرۇنۇپمۇ باققانىدى②.

1877 ـ يىلى 4 ـ ئايدا (گۇاڭشۈنىڭ 3 ـ يىلى 3 ـ ئايدا)، لىيۇ جىڭتاڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ 15 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ئۈرۈمچىدىن چىقىپ، تۇرپانغا يۈرۈش قىلدى. داۋانچىڭغا كەلگەندە ياقۇپبەگنىڭ بىرنەچچە مىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ بىر مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى ئەسىر ئالدى، 800 دىن ئارتۇق جەڭ ئېتى، 1400 دىن ئارتۇق مىلتىق ـ زەمبىرەك قاتارلىق قورال ـ ياراق غەنىيمەت ئالدى③. ئارقىدىنلا

① «شەنشى، گەنسۇ، شىنجاڭنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» 300 ـ، 303 ـ جىلد.

② «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمھالى»، ئۇيغۇرچە نەشرى.

③ «مەرىپەتلىك زو زۇڭتاڭ ھەزرەتلىرىنىڭ مەكتۇپ ـ نامىلەر توپلىمى. خانغا يوللانغان مەكتۇپلار»، 50 ـ جىلد، 33 ـ، 35 ـ بەتلەر.

چىقتىم، پىچان، سىڭگىم ئېغىزىنى ئېلىپ، تۇرپان شەھىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. تۇرپاننى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان دۈشمەنلەرنىڭ باشلىقى بەي يەنخۇ ئاللىبۇرۇن قېچىپ كەتكەنىدى. مارىندې ئامالسىز قېلىپ، ئون مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى باشلاپ تەسلىم بولدى. لىيۇ جىنتاڭ يەنە غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلەپ توقسۇننى ئالدى①.

تۇرپاندىكى غەلىبە بىلەن ياقۇپبەگنىڭ ئاساسىي كۈچى يېمىرىلدى. ياقۇپبەگ قوشۇنى ئارقا - ئارقىدىن تەسلىم بولدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئەسىرلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىش ۋە يەرلىك پۇقرالارنى مۇھاپىزەت قىلىش سىياسىتىنى قوللاندى. بۇ سىياسەت تۇرپاندىكى جەڭنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلدى. تۇرپاننىڭ ئېلىنىشى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنى ئېلىشقا يول ئېچىلدى. داۋاملىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ئەھۋالدا، ياقۇپبەگ ھۆكۈمران گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت كەسكىنلىشىپ، بۆلۈنۈش، تارمار بولۇش ۋەزىيىتى يۈز بەردى. ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ ھالاكىتى مۇقەررەرلىشىپ قالغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، كورلىدا زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالدى. لېكىن ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملىرى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن ياكى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن، دېگەن رىۋايەتلەرمۇ تارالدى②.

ياقۇپبەگ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى

---

① «شەنشى، گەنسۇ، شىنجاڭنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» 303 - جىلد، 6 - 19 - بەتلەر.

② «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى». خانغا يوللانغان نامە: «ئاسىيلار باشلىقى پاشانىڭ دورا ئىچىپ ئۆلۈۋالغانلىقى توغرىسىدا مەكتۇپ»؛ «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى»، 203 — 206 بەتلەر؛ «قەشقەرىيە» 281 -، 282 - بەتلەر.

ھەققۇلىبەگ ئۇنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ غەربكە چېكىنىپ، قەشقەرگە يېتىپ بېرىشقا ئاز قالغاندا، ياقۇپبەگنىڭ چوڭ ئوغلى بەگقۇلىبەگ ئادەم ئەۋەتىپ، ھەققۇلىبەگنى ئۆلتۈردى. ھەققۇلىبەگ ئاتىسىنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كورلىدىن ئايرىلغىنىغا ئىككى كۈن بولغاندا، ھېكىمخان تۆرە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بەگقۇلىبەگ شەرققە يۈرۈش قىلىپ ئاقسۇغا كېلىپ، ھېكىمخان تۆرىنى مەغلۇپ قىلدى. ھېكىمخان تۆرە روسىيىگە قېچىپ كەتتى*.

مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ باشلىقى زو زۇڭتاڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش سېپى ئۇزۇن بولۇپ، نۇرغۇن ھەربىي ئوزۇق - تۈلۈك كېتىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھاۋا كىلىماتى بەك ئىسسىق بولۇپ، ھەربىي يۈرۈش قىلىشقا قولايلىق بولمايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، يەنە بىرنەچچە ئاي ئۆزىنى ئوڭشاپ، ئۆز قىسمىنى تەرتىپكە سالغاندىن كېيىن، غەربتىكى شەھەرلەرگە قارىتا ھەربىي ھەرىكىتىنى باشلىدى.

1877 - يىلى 8 - ئايدا، ليۇ جىڭتاڭ قوشۇنلىرى توقسۇندىن قوزغىلىپ چىقىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش جېڭىنى باشلىدى.

10 - ئاينىڭ باشلىرىدا، ليۇ جىڭتاڭ قوشۇنلىرى قاراشەھەرگە يېتىپ باردى. بۇ چاغدا، بەي يەنخۇ قاراشەھەر دەرياسىنىڭ قېشىنى بۇزۇپ يار قويۇپ بېرىپ، قاراشەھەر ئەتراپلىرىنى بىپايان دېڭىزغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى يەرلىك موڭغۇل، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باشلامچىلىقىدا لەيلىمە كۆۋرۈك ياساپ، دەريانى بېشىدىن توسۇپ، ھارۋا يولى ياساپ، 10 - ئاينىڭ

* «قەشقەرىيە»، 279 - بەت.

7 - كۈنى ئۇرۇش قىلمايلا قاراشەھەرنى ئالدى. 9 - كۈنى كورلىنى قايتۇرۇۋالدى. بىراق، بەي يەنخۇ بۇ ئىككى شەھەردىكى ئاشلىقنى ئاللىبۇرۇن قويماي بۇلاپ - تالاپ بولغانىدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئاشلىقى قارا- شەھەر دەرياسىنىڭ تاشقىنى تۈپەيلىدىن بىر مەھەل ئۈزۈلۈپ قالدى. مۇشۇنداق جىددىي ئەھۋالدا، كورلا شەھەر ئىچىدىكى ھەر مىللەت خەلقى بەزلەرنىڭ كۆمۈپ قويغان ئاشلىقى بارلىقىنى ئىزھار قىلدى. ليۇ جىڭتاڭ كۆمۈكلۈك ئاشلىقنى تېپىپ چىقىقۇچىلارنى مۇكاپاتلاش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، كورلىدا بىرنەچچە يۈز مىڭ جىڭ ئاشلىق قېزىۋېلىپ، ئاشلىق قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى. 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كۇچانى ئالدى. بۇ چاغدا، بەي يەنخۇ ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار كۈچىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، يول بويى ھەر مىللەت خەلقىنى مەجبۇرىي ئەگەشتۈرۈپ، داۋاملىق غەربكە قاراپ قاچتى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىرئاز دەم ئېلىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋال- غاندىن كېيىن، دەرھال غەربكە يۈرۈش قىلدى. بەي يەنخۇ چېكىنىپ بايغا بارغاندا، بايدىكى ئۇيغۇرلار شەھەر دەرۋازىسىنى تاقىۋېلىپ ئۇلارنى كىرگۈزمىدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى يېتىپ بارغاندا ئاندىن «دەرۋازىنى ئېچىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى». شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى باينى قايتۇرۇۋالدى. 24 - كۈنى ئاقسۇنى ئالدى. 26 - كۈنى ئۈچتۇرپاننى قايتۇرۇۋالدى. مۇشۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شەرقىي تۆت شەھەر تامامەن قايتۇرۇۋېلىندى*.

---

* «شەنشى، گەنسۇ، شىنجاڭنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 305 - جىلد، 9 -، 16 - بەتلەر.

ئاقسۇ ھەربىي جەھەتتە تالىشىدىغان مۇھىم جاي ئىدى. ئاقسۇ قايتۇرۇۋېلىنىپ، غەربتىكى تۆت شەھەرگە يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن شەرت - شارائىت يارىتىلدى. 12 - ئايدا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئاقسۇدىن چىقىپ، ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، توپتوغرا قەشقەرگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قەشقەرنى ئېلىپ، دۈشمەننىڭ يەتتە - سەككىز مىڭ ئادىمىنى يوقىتىپ، بىر مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى ئەسىر ئالدى. قولدىن كەتكىنىگە 12 يىل بولغان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بۇ مۇھىم شەھەر بېكىباشتىن ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىندى. ياقۇپبەگنىڭ ئۆۋىسى ئۆزۈل - كېسىل گۇمران قىلىندى. بەي يەنخۇ بىلەن بەگقۇلىبەگلەر چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغان ۋاقىتتىكى ماللمانچىلىقتىن پايدىلىنىپ قېچىپ روسىيە چېگرىسىنىڭ ئىچىگە ئۆتۈپ كەتتى. 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى يەكەننى ئېلىپ، 24 - كۈنى يېڭىسارنى قايتۇرۇۋالدى. 1878 - يىلى 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، خوتەننى قايتۇرۇۋالدى*.

1876 - يىلى 7 - ئايدىن 1878 - يىلى 1 - ئايغىچە بولغان بىر يېرىم يىل ۋاقىت ئىچىدە، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىلىدىن باشقا جايلىرىنى قايتۇرۇۋېلىپ، شىنجاڭنى يېڭىباشتىن ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتۇرۇپ كەلدى. بۇ قېتىمقى ياقۇپبەگنى قوغلاپ چىقىرىش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىي چېگرا رايونىدىكى مىللىي خەۋپنى يوقىتىپ، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئېلىمىزنى پارچىلاش سۇيىقەس

* «شەنشى، گەنسۇ، شىنجاڭنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 306 - جىلد، 7 -، 10 -، 16 -، 17 - بەتلەر؛ 307 - جىلد، 1 -، 8 - بەتلەر.

تىنى تارمار قىلىپ، ئىلنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئاساس سالدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىتتىپاقلىشىپ، دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە زېمىننىڭ پۈتۈنلۈكىنى قوغداشتەك يۈكسەك ئىرادىسىنى نامايان قىلدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىدىكى قوماندان جەڭچىلەر ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋەتەن ئۈچۈن ئالاھىدە تۆھپە كۆرسەتتى. زو زوڭتاڭ ۋە باشقا قوماندانلار ئېلىمىزدە مىللەتلەر ئېغىر بالايىئاپەتكە دۇچ كەلگەن يىللاردا، دۆلەت زېمىنىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى قوغدىدى ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارام ئېلىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشىغا پايدىلىق بىر قاتار سىياسەتلەرنى يولغا قويدى. بۇ ھەرـكەتلەر ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتىگە، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ زور كۆپچىلىكىنىڭ مەنپەئەتىگىمۇ ئۇيغۇن ئىدى.

## 3- بۆلۈم جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭغا سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلىرىدىكى تاجاۋۇزى ۋە تەسىرى

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، دۇنيا كاپىتالىزمى تەرەققىي قىلىپ جاھانگىرلىك باسقۇچىغا يەتتى، مونوپو-لىيە ئەركىن رىقابەتنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، سىرتقا كاپىتال چىقىرىش ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالدى. جاھانگىر دۆلەتلەر چىرىپ ئىقتىدارسىز بولۇپ قالغان چىڭ

سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى تۈرلۈك تەڭسىز شەرتنامىلەرنى ئىمزالاشقا مەجبۇرلاپ، ئېلىمىزدە زېمىن ۋە تەسىر دائىرە بۆلۈۋېلىشتى. كاپىتال چىقىرىش ئارقىلىق ئېلىمىز خەلقىنى بىۋاستە بۇلاپ - تالىدى. بۇ مەزگىلدە، چاررۇسىيە بىلەن ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىشتا ھەممىدىن ئاكتىپ بولدى.

XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇيان، چار رۇسىيە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن 1851 - يىلى ئىمزالانغان «جۇڭگو - رۇسىيە ئىلى، تارباغاتاي سودا نىزامنامىسى»، 1860 - يىلدىكى «جۇڭگو - رۇسىيە بېيجىڭ شەرتنامىسى»، 1864 - يىلدىكى «جۇڭگو - رۇسىيە غەربىي شىمالىي چېگرىنى تەكشۈرۈپ ئايرىش توختام خاتىرىسى»، 1881 - يىلدىكى «جۇڭگو - رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى» گە ئوخشاش تۈرلۈك تەڭسىز شەرتنامىلەرنى تۈزۈش ئارقىلىق، ئالدى بىلەن ئېلىمىزنىڭ غەرب تەرەپتىكى 500 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر زېمىنىنى بېسىۋالدى. ئىلى رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا مىللەت ئاھالىسىدىن 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى زورلۇق بىلەن رۇسىيە دائىرىسىگە كۆچۈرۈپ كەتتى. يەنە شىنجاڭدا تاموژنا بېجى كەچۈرۈم قىلىنغان سودا ۋە كونسۇلخانا تەسىس قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇۋالدى. XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى مۇھىم شەھەرلىرىدە چاررۇسىيىنىڭ كونسۇلخانىلىرى تەسىس قىلىنىپ بولدى. ئىلى، چۆچەك، قەشقەر، ئۈرۈمچى، سارسۇمبە (ھازىرقى ئالتاي شەھىرى) قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كونسۇلخانا تەسىس قىلىندى.

كونسۇل ئىمتىيازىنى كېڭەيتىش چاررۇسىيىنىڭ ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونىغا قارىتىلغان سىياسىي

كونتروللۇقىنى كۈچەيتىشتىكى ئاساسلىق ئۇسۇلى ئىدى. كونسۇلنىڭ هوقۇقى زور بولۇپ، ئۇ سودا ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىپ، مەكتەپ، چېركاۋلارنى قوشۇمچە باشقۇرالايتتى، شۇنىڭدەك روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرىگە هۆكۈم قىلىپ، روسىيە، جۇڭگو سودىگەرلىرىنىڭ ئالاقىلىشىش ئىشلىرىنى بىرلىشىپ بېجىرىپ، پوچتا - تېلېگراف، بانكا قاتارلىقلارنى قوشۇمچە باشقۇرالايتتى. ئەمەلىيەتتە كونسۇللار هۆكۈم قىلىدىغان ئىمتىيازغا ئىگە ئىدى. روسىيە سودىگەرلىرى كونسۇلخانىنىڭ هامىيلىقىغا تايىنىپ، ئۆز مەيلىچە يايلاقلارنى ئىگىلەپ، سۇلارنى تارتىۋالاتتى، خەلقنىڭ يەرلىرىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىپ، مال - مۈلۈكىنى قاقتى - سوقتى قىلاتتى*. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا، شىنجاڭ خارجى ئالاقە مەھكىمىسى تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ تاشقى ئالاقە ئىشلىرىغا دائىر دوكلات»تا: «... هەرقايسى جايلاردا سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللانماقتا، روسىيە پۇقرالىرى شەخسىي يەر تېرىسا، غەللە - پاراق تاپشۇرمايدۇ، يېزا خەلقىنى بوزەك ئېتىپ، سۇلىرىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالماقتا؛ خەلقنىڭ هاياتىغا زامىن بولماقتا، جۇڭگو سودىگەرلىرىنى ئالداپ قاقشىتىپ، كۆپلەپ پايدا ئۈندۈرۈۋالماقتا، جۇڭگونىڭ باج ئىشلىرىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى. چاي ئەتكەسچىلىكى قىلماقتا، يوشۇرۇن ئەپيۇن ئەكىرىپ ساتتى. ئۇلارنىڭ قىلغان ئەسكىلىكلىرىنى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز. مەزكۇر كونسۇللار قەستەن يول قويۇپ، هامىي بولۇپ، ئىگىلىك هوقۇقىمىزغا تاجاۋۇز قىلماقتا» دەپ يېزىلغان.

بۇنىڭدىن باشقا، چارروسىيە كونسۇلخانىلىرى جۇڭگو هۆكۈمىتىگە ئۇقتۇرماي بەزى شەھەرلەرگە «شاڭيو»

* «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، خانىغا سۇنۇلغان تەكلىپلەر، 15.

(سودا ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئاقساقالمۇ دېيىلىدۇ) تەيىنلەپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن كۆز - قۇلاق قىلىۋالغانىدى. بۇ ئادەملەر كونسۇلغا ياردەملىشىپ، جۇڭگونىڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئالدىدا روسىيىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايتتى ۋە كونسۇلغا شۇ رايوننىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىپ تۇراتتى①. ئۆزلىرىنى جۇڭگونىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرىدىن يۇقىرى قوياتتى.

چارروسىيە كونسۇللىرى شاڭيو تەيىنلىگەندىن تاشقىرى يەنە ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، ھەربىي تەسىرىگە تايىنىپ، شۇ يەردىكى جۇڭگو ئەمەلدارلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشقا ئارىلىشاتتى، ئۆزلىرى مۇۋاپىق كۆرگەن ئادەملەرنى يۆلەيتتى؛ جۇڭگونىڭ يەرلىك ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئەمر - پەرمانلىرى ۋە ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىغا ئارىلىشاتتى. چار روسىيىنىڭ ئىلىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى بىر ئۇيغۇر ئايالنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، ئوچۇقتىن - ئوچۇق روسىيە ئەسكەرلىرىنى باشلاپ غۇلجا ناھىيىلىك مەھكىمىگە بېسىپ كىرگەنىدى②.

چارروسىيە تاجاۋۇزچىلىق كۈچىنى زورايتىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن، روسىيىنىڭ چېگرا رايون خەلقىدىن زور تۈركۈمدىكى ئادەملەرنى ئېلىمىزنىڭ چېگرىسى ئىچىگە مەجبۇرىي كىرگۈزۈپ، ئېلىمىز دېھقان - چارۋىچىلىرىنىڭ تېرىلغۇ يەر ۋە يايلاقلىرىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالدى،

① (روسىيە) ن. ۋ. بوگوياۋلېنسكىي: «جۇڭگونىڭ سەددىچىن سېپىلى سىرتىدىكى غەربىي زېمىنى»، شاڭۇۋ كىتابخانىسىنىڭ 1980 - يىل نەشرى، 276 - بەت.

② يې شىچى: «شىكەن ھۆجرىسىدا يېزىلغان ماقالىلەر» 3 - توم، «خارجى ئىشلىرىغا دائىر مۇھىم بايانلار»، 15 - بەت.

يەنە بىر تەرەپتىن، شىنجاڭدا قانۇنسىز ھالدا روسىيە مۇھاجىرلىرىنى كۆپەيتتى، «سودا بىلىتى» سېتىپ، جۇڭگو خەلقىنى ئالداپ روسىيە تەۋەلىكىگە كىرگۈزدى. بەزى روسىيە شاڭيولىرى يالغاندىن ئائىلە تەزكىرىلىرى ياساپ، ئۇلارنى ئالداپ روسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزۈۋالدى. ئاتالمىش «سودا بىلىتى» دۆلەت تەۋەلىكىنىڭ گۇۋاھنامىسى ئەمەس، چارروسىيە كونسۇلى روسىيە سودىگەرلىرىگە تارقىتىپ بەرگەن سودا بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش گۇۋاھنامىسى ئىدى. جايلاردىكى روسىيە سودىگەرلىرى ۋە شاڭيولىرى ئۇنى جۇڭگونىڭ مەككار سودىگەرلىرىگە سېتىپ بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ مەككار سودىگەرلىرى روسىيە سودىگىرى بولۇۋېلىپ، جۇڭگونىڭ قانۇن جازاسىدىن ئۆزلىرىنى قاچۇراتتى. بەزى ئادەتتىكى پۇقرالار جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ئاشلىق بېجىنى تاپشۇرماسلىق، ھاشار - سېلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆتىمەسلىك ئۈچۈنمۇ «سودا بىلىتى» نى سېتىۋېلىپ، ئۆزلىرىنى قوغدايتتى.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭ روسىيە مونوپول كاپىتالىنىڭ سېتىش بازىرىغا ۋە خام ئەشيا بىلەن تەمىنلىنىدىغان جايىغا ئايلىنىپ قالدى. چارروسىيە شىنجاڭنىڭ بەزى مۇھىم شەھەرلىرى، مەسىلەن، ئىلى، چۆچەك، ئۈرۈمچى، قەشقەر، تۇرپان، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردا ئادەم ئولتۇرغۇزۇپ، مال ساقلاش ئۈچۈن، جۇڭگولۇقلار بىلەن ئارىلاش ئولتۇرمايدىغان ئاتالمىش «فاكتورىيە» تەسىس قىلدى. ئەمەلىيەتتە بۇ جايلار كونسېسسىيىگە ئايلىنىپ قېلىپ، چارروسىيىنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەت بازىسى بولۇپ قالدى. تەڭسىز شەرتنامىلەر ئىمزالانغاندىن كېيىن، چارروسىيە ئىقتىسادى شىنجاڭدا

ئاساسەن مونوپوللۇق ئورۇنغا ئېرىشۋالدى. روسسىيىلىكلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ستاتىستىكىسىدىن قارىغاندا، چار روسسىيىنىڭ 1893 - يىلى شىنجاڭدا قىلغان سودىسىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 5 مىليون 828 مىڭ 600 رۇبلىغا يېتىپ، 1884 - يىلدىكى 2 مىليون 100 مىڭ رۇبلىدىن ئىككى ھەسسە، 1850 - يىلدىكى 742 مىڭ رۇبلىدىن سەككىز ھەسسىگە يېقىن ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، شىنجاڭغا قىلغان ئېكسپورتىنىڭ سوممىسى 3 مىليون 36 مىڭ 400 رۇبلىغا يېتىپ، 1850 - يىلدىكىدىن 14.36 ھەسسە ئاشتى؛ شىنجاڭدىن قىلغان ئىمپورتىنىڭ سوممىسى 2 مىليون 792 مىڭ 200 رۇبلىغا يېتىپ، 1850 - يىلدىكىدىن 5.26 ھەسسە ئاشتى①. روسسىيىدىن كىرگۈزۈلگەن تاۋارلار ئاساسلىقى ماشىنا بىلەن ئىشلەپچىقىرىلغان سانائەت بۇيۇملىرى بولۇپ، سانى ۋە قىممىتى جەھەتتە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى چىت ۋە مەلۇم مىقداردىكى سوكنو ئىدى؛ تۆمۈر ۋە تۆمۈردىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى. بۇنىڭدىن باشقا قەنت، شېكەر، سەرەڭگە، قەغەز، كىرسىن ۋە ئاز مىقداردا روسسىيە جانان قاچىلىرى، ئەينەك - شىشە بۇيۇملار بار ئىدى. شىنجاڭدىن چىقىرىلىدىغىنى ئاساسلىقى سانائەتكە كېرەكلىك خام ئەشيا ۋە يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار ئىدى. مەسىلەن، پاختا، تېرە، يۇڭ، يىپەك، جانان قاچا، چاي، يەل - يېمىش، كىگىز ۋە باشقىلار②.

چار روسسىيىنىڭ شىنجاڭ سودىسىنى مونوپول قىلىۋېلىشى

① سىلادكوۋسكىي: «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىدىن ئومۇمىي مەلۇمات»، 121 -، 163 -، 166 - بەتلەر.

② «جۇڭگونىڭ سەددىچىن سېپىلىنىڭ سىرتىدىكى غەربىي زېمىنى» 186 -، 203 - بەتلەر.

بىلەن بىر ۋاقىتتا، مونوپول كاپىتالغا خىزمەت قىلىدىغان دەللال كارخانىلار «ياڭخاڭ» (چەت ئەل سودا فىرمىسى) دېگەن نام بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن، تيەنشىڭ سودا فىرمىسى (1851 - يىل)، جۇڭشىن سودا فىرمىسى (1852 - يىل)، دېخې سودا فىرمىسى (1881 - يىل)، دېشىڭ سودا فىرمىسى (1883 - يىل)، ماۋشېڭ سودا فىرمىسى (1883 - يىل)، جىلى سودا فىرمىسى (1886 - يىل)، دالى سودا فىرمىسى (1911 - يىل) ۋەھاكازالار. بۇ سودا فىرمىلىرىنىڭ يالغۇز بىرلا جايدا سودا ئاپپاراتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەرقايسى جايلاردىمۇ تارماق ئىش بېجىرگۈچى ئاپپاراتلىرى بار ئىدى.

ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىمۇ چار روسىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىقتىسادىي ئىمتىيازلىرىنى شىپىي كەلتۈرۈپ، بارلىق كۈچى بىلەن شىنجاڭغا بېسىپ كىرىشكە تىرىشتى. 1895 - يىلى، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى «سەييارە ئەمەلدار» ئەۋەتىپ قەشقەردە تۇرغۇزدى. 1908 - يىلى سەييارە ئەمەلدارنى كونسۇل قىلىپ ئۆزگەرتىپ، قەشقەردە رەسمىي كونسۇلخانا قۇردى. ئەنگلىيە سودىگەرلىرىنىڭ كۆپى ھىندى، ئافغانلار بولۇپ، ئاساسلىقى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا پائالىيەت قىلاتتى. ئۇلار ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بوياق ماتېرىياللىرى، رەخت، دۇخاۋا، قارىمۇچ، دورا ماتېرىياللىرى، ئەيلەنگەن تېرە ۋە ئەپيۇن قاتارلىقلارنى ئەكىرەتتى. شىنجاڭدىن ئەلتىرە، ئۆچكە تىۋىتى، قوي ئۇچپىيى، سۇغۇر تېرىسى، خام يىپەك، كىگىز، گىلەم ۋە ئالتۇن - كۈمۈش سېتىۋالاتتى. ئەنگلىيە سودىگىرى ئاچقان ئەنلى (سودا فىرمىسى) چار روسىيىنىڭ «غالىبىيەت» بانكىسىغا ھاۋالە قىلىپ شىنجاڭدىن نۇرغۇن قوي يۇڭى سېتىۋالغانىدى.

XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، گېرمانىيە، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىمۇ شىنجاڭغا ئىقتىسادىي تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشكە باشلىدى. روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ئەمەلگە غەلىبە قىلغاندا، گېرمانىيە، ئامېرىكا جاھانگىرلىرى چار روسىيىنىڭ مونوپول كاپىتالى ھۆكۈمران بولغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭدا بارلىق كۈچى بىلەن ئىقتىسادىي پائالىيەت ئېلىپ باردى. 1917 - يىلى، گېرمانىيە سودىگەرلىرى تەسىس قىلغان شۇنفا سودا فىرمىسى ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئىلىدا تارماق ئاپپارات تەسىس قىلىپ، مەخسۇس يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلات، ئاساسلىقى قوي يۇڭى، ئەلتېرە، سۈغۈر تېرىسى سېتىۋالدى. ئامېرىكا سودىگەرلىرىنىڭ بىلى سودا فىرمىسىمۇ 1918 - يىلى ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا تارماق ئاپپارات تەسىس قىلىپ، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى تۆۋەن باھادا سېتىۋالدى.

جاھانگىرلار تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، چەت ئەل تاۋارلىرى شىنجاڭدا تۆكمە قىلىپ سېتىلدى. چەت ئەل كاپىتالى شۇ جاينىڭ شەھەر - يېزىلىرىدىكى قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنى كۈندىن - كۈنگە چەتكە قېقىپ، ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ناتۇرال ئىگىلىكنى تەدرىجىي ۋەيران قىلىپ تاشلىدى. چەت ئەل سودىگەرلىرى تۈرلۈك ئىمتىيازلاردىن پايدىلىنىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ سۇ، يايلاقلىرىنى ئىگىلىۋېلىشتى، تەئەللۇقات سېتىۋېلىپ، جازانىخورلۇق قىلىشتى. ئەنگلىيە سودىگەرلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدا مەخسۇس جازانە تارقىتىش بىلەن يەرلىك خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى. جازانىنىڭ ۋاقتى توشۇپ تۆلىيەلمىسە، پايدىسىغا يەنە پايدا قوشۇپ ئالدى ياكى ھۆكۈمەت مۇتىۋەرلىرى بىلەن تىل بىرىك-

تۇرۇپ، مۆھلەت بىلەن تۆلەشكە مەجبۇر قىلىپ، جازانىگە پۇل ئالغۇچىلارنى ئۆي - بىسات، يەر - زېمىنلىرىنى ساتتۇرۇپ، پۈتۈن ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. ۋەيران بولغان دېھقانلار ۋە شەھەر ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلىرىدىن نۇرغۇنلىرى تۇرمۇش مەجبۇرىيىتى بىلەن سەرگەردان بولۇپ چەت ئەللەرگە بېرىپ، ئېغىر ئەمگەكلەرنى قىلاتتى، شۇ ئارقىلىق چەت ئەللەر زور تۈركۈمدىكى ئەرزان ئەمگەك كۈچى بىلەن تەمىن ئېتىلەتتى. ئالاقىدار ستاتىستىكا سانىدىن قارىغاندا، شىنجاڭ بويىچە ھەرقايسى جايلارنىڭ شەھەر - يېزا ئەمگەكچىلىرىدىن ھەر يىلى روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا ۋە ھىندىستان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئېغىر ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بىرنەچچە تۈمەنگە يەتكەنىدى.

لېكىن جاھانگىرلارنىڭ ئىقتىسادىي تاجاۋۇزى مەلۇم دەرىجىدە شىنجاڭنىڭ تاۋار ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. شۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭنىڭ يىپەكچىلىك، توقۇمىچىلىق، گىلەمچىلىك ئىشلىرى ناھايىتى تېز راۋاجلاندى. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى. سانائەت تەپسىراتى» تىكى ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە يىللىق يىپەك مەھسۇلاتى 300 مىڭ جىڭدىن 700 مىڭ جىڭغا كۆپەيگەن، «خوتەن دائىرىسىدە 2 مىليون تۈپ ئۈجمە ئۆستۈرۈلۈپ، ئەنگلىيە، روسىيە ئىككى دۆلەتكە يىلىغا 270 مىڭ جىڭ پىلە غوزىكى، 80 مىڭ جىڭ يىپەك سېتىلغان. ئائىلە بويىچە توقۇمىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار 1200 تۈتۈندىن ئاشقان». گۇما ناھىيىسىنىڭ مۇجى، سانجۇ، ھاڭگىيار قاتارلىق ئۈچ كەنتتە، 1906 - يىلىدىكى پىلە غوزىكى 70 مىڭ جىڭغا يەتمەيتتى، 1907 - يىلى ئۈچ ھەسسە، 1908 - يىلى يەنە بەش ھەسسە كۆپەيگەن. گۇاڭشۈينىڭ 34 - يىلى (1908 - يىلى)

گۇيا بويىچە يەرلىك پىلە غوزىكىدىن جەمئىي 323 مىڭ جىڭ ئېكسپورت قىلىندى، ئەنگلىيە، روسىيە سودىگەرلىرى ئۇنى بەس-بەس بىلەن سېتىۋالدى. يەرلىك ئادەملەر بەس-بەستە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللاندى، يىلىغا 700 مىڭ دانىدىن ئارتۇق خام؛ 17 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق گىلەم، 78 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق كىگىز ئىشلەپچىقىرىلدى. ھەرقايسى جايلاردا كۆلىمى نىسبەتەن زور بولغان بىرمۇنچە قول ساناﺋىتى ۋۇجۇتقا كەلدى. شۇنىڭدەك شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدا قاتناپ، چەت ئەل ماللىرىنى ۋەكالىتەن سېتىپ، جايلاردىن يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلات ۋە ساناﺋەت خام ئەشيالىرى سېتىۋېلىپ، چەت ئەل سودىگەرلىرىگە سېتىپ بېرىدىغان بىر تۈركۈم جۇڭگو سودىگەرلىرى بارلىققا كەلدى. بەزى مۇھىم شەھەرلەر يەرلىك ماللار ۋە چەت ئەل ماللىرى توپ سېتىلىدىغانلىقتىن تەدرىجىي ھالدا تېخىمۇ ئاۋاتلىشىپ، سودا شەھەرلىرىگە ئايلاندى. مەسىلەن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، يەكەن، قاغىلىق، شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۈرۈمچى، ئىلى، چۆچەك، گۈچۈڭ قاتارلىق جايلار مۇشۇنداق شەھەرلەر ئىدى. سودا كاپىتالىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئاز ساندىكى سودا كاپىتالى يەنە ساناﺋەت كاپىتالىغا ئايلىنىشقا باشلىدى. 1908 - يىلى ئۇيغۇر سودىگەرلىرىدىن ھۆسەينباي 10 مىڭ قوي باھاسىدا گېرمانىيەدىن خۇرۇم ئىشلەش زاۋۇتىنى سېتىۋېلىپ، ئىلى خۇرۇم زاۋۇتىنى قۇرۇپ، 1910 - يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈردى، بۇ زاۋۇتنىڭ 250 تىن ئارتۇق ئىشچىسى بار ئىدى. بۇ، شىنجاڭ بويىچە مىللىي ساناﺋەت كاپىتالى بىلەن قۇرۇلغان تۇنجى كارخانا، شۇنداقلا شىنجاڭ بويىچە مىللىي كاپىتالىستىك ئىقتىسادىنىڭ ئۇندۇرمىسى ئىدى.

يولداش ماۋ زېدۇڭ «جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە جۇڭگو كوممۇ-

نىستىك پارتىيىسى» دېگەن ئەسىرىدە: «كۈچلۈك جاھانگىر
دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتىن مەقسىتى ھەر-
گىز فېئوداللىق جۇڭگونى كاپىتالىستىك جۇڭگوغا ئايلاندۇ-
رۇش ئەمەس. كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ مەقسىتى بۇنىڭ
ئەكسىچە، ئۇلار جۇڭگونى ئۆزلىرىنىڭ يېرىم مۇستەملىكىسى
ۋە مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرماقچى» دەپ كۆرسەتكەنىدى. شىن-
جاڭنىڭ ئەھۋالى بۇ ئالاھىدىلىكنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرگەنىدى.
كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر تەڭسىز شەرتنامىلەر ئارقىلىق شىن-
جاڭدا تۈرلۈك ئىمتىيازغا ئىگە بولۇش بىلەنلا قالماي، يەنە
بۇ ئىمتىيازلاردىن پايدىلىنىپ شىنجاڭنىڭ مىللىي كاپىتالى-
زمىنى ھەدەپ ئەزدى. ئۇلار شىنجاڭنىڭ بارلىق مۇھىم سودا
شەھەرلىرىنى كونترول قىلىپ، ئاتالمىش «فاكتورىيىلەر» نى
ئايرىۋالدى. مەسىلەن، ئۈرۈمچىدىكى «ياڭخاڭ كوچىسى» نى
جاھانگىرلار ۋە ئۇلار تەيىنلىگەن «شاڭيو» لار باشقۇراتتى.
1909 - يىلىدىكى سانلىق مەلۇماتتىن قارىغاندا، شىنجاڭ
بويىچە روسىيە مۇھاجىرىدىن 2200 نەچچە ئائىلە، 90 نەچچە
مىڭ ئادەم، ئەنگلىيە مۇھاجىرىدىن 1200 نەچچە ئائىلە، 2000
نەچچە ئادەم بولۇپ، بۇلاردىن بەزىلىرى ھەر خىل ئەسكىلىك-
لەرنى قىلىسمۇ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇن چەكلىمىسىگە
ئۇچرىمايتتى. بۇنىڭدىن باشقا، چەت ئەللىكلەر يەنە شىنجاڭنىڭ
تاموژنا، پوچتا - تېلېگراف، قاتناش قاتارلىق ئىشلىرىنى
كونترول قىلىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتى ئۈچۈن
خىزمەت قىلدۇردى. چار روسىيە شىنجاڭنىڭ سۇ ۋە قۇرۇقلۇق
نەقلىيات ترانسپورتىنى ھەم پوچتا - تېلېگراف ئىشلىرىنى
پائال كونترول قىلىۋېلىپ، 1912 - يىلى قانۇنسىز ھالدا،
بۇرچىن دەرياسىدا قاتناش ۋە پىرىستان ياساش، سودا سارىيى
سېلىش ئىمتىيازلىرىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى، قارا ئېرتىش

دەرياسىنىڭ ترانسپورتىنى كونترول قىلىۋالدى①. 1906 - يىلى، قەشقەر دوتيىنى جۇڭگو - روسىيە چېگرىسىدىكى تورغات تاغ ئېغىزىدىن قەشقەرگىچە بولغان يولنى ياساشقا قوشۇلۇشقا مەجبۇرلاپ، چار روسىيىنىڭ غالىبىيەت بانكىسىدىن قەرز پۇل بېرىپ ياساش بىلەن غالىبىيەت بانكىسى روسىيىدىن قەشقەرگىچە بارلىق مال، پوچتا، خەت - خالتىلىرى ۋە يولۇچىلار ترانسپورتىنى كونترول قىلىۋالدى. ئۈرۈمچى، چۆچەك، ئىلى، قەشقەر، ئالتاي قاتارلىق جايلاردا، چار روسىيە يەنە قانۇنسىز ھالدا پوچتا ئىدارىسى تەسىس قىلىپ، پوچتىدىن ئەۋەتىش، ئالاقىلىشىش كەسپىنى يولغا قويدى، ئەينى ۋاقىتتا بەزى ئادەملەر قولاي ۋە تېز بولۇشىنى كۆزلەپ، بەس - بەس بىلەن خەت - خالتا ماگىدۇرغانلىقتىن، يىللىق پوچتا كىرىمى 100 مىڭ رۇبلىغا يەتتى②. شىنجاڭنىڭ پوچتا تېلېگراف ئىشلىرىنى يەنە دانىيىلىك بېدىسونمۇ كونترول قىلىۋالغانىدى.

جاھانگىرلار شىنجاڭدا يەنە بانكا تەسىس قىلىپ، شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلىسى ۋە مالىيىسىنى مونوپول قىلىۋالدى. مەسىلەن، چارروسىيە ئىلى، چۆچەك، قەشقەر، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا غالىبىيەت بانكىسىنىڭ شۆبىلىرىنى تەسىس قىلىپ، پۇل ئامانەت قويۇش، قەرز بېرىش ۋە پېرېۋوت كەسپىنى يولغا قويۇپ، قانۇنسىز ھالدا كۆپ مىقداردا قەغەز پۇل تارقاتتى. بۇنداق پۇللار ئالتۇن رۇبلى قىممىتىدىكى قەغەز پۇل، كۈمۈش رۇبلى قىممىتىدىكى قەغەز پۇل ۋە كۈمۈش تەڭگە قىممىتىدىكى قە-

① ياڭ زېڭشىن: «ئىستىغپارە ھوجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار» (A) توپلىمىنىڭ بىرىنچى قىسمى: «ئالتاي سۇ ترانسپورتىنى كېچىكتۈرۈپ يولغا قويۇش توغرىسىدا ئىلتىماس».

② جۇڭ گۇاڭشېڭ: «شىنجاڭ تەزكىرىسىنىڭ كۆپىيىسى» 3 - توم، 89 - بەت؛ «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى. يول - راباتلار تەپسىراتى».

غەز پۇلدىن ئىبارەت ئۈچ خىلغا ئايرىلاتتى ۋە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىلى، چۆچەك، قەشقەردە ۋە شىنجاڭ ئۆلكىسى بويىچە خەجلىنىدىغان تۆت خىل پۇللار ئىدى. بۇ قەغەز پۇللارغا ھەر خىل تاۋارلارنى سېتىۋېلىش مۇمكىن بولۇپلا قالماستىن، باج ئۈچۈن تۆلەشكىمۇ بولاتتى. 1915 - يىل ئەتراپىغا كەلگەندە، يۇقىرىدا ئېيتىلغان قەغەز پۇل ئىلى، چۆچەك، قەشقەردە جەمئىي تەخمىنەن 5 مىليون رۇبلى تارقىتىلدى. «بازارلاردا رۇبلى تولۇپ - تاشقان، شەھەر خەلقىنىڭ سودا - سېتىقلىرىدا روسىيە پۇلى بولمىسا بولمايدىغان، جۇڭگو پۇلى ئاقمايدىغان، باشقىلارنىڭ گۆھەردەك قىممەت، ئۆزىمىزنىڭ شاپاقتەك ئەرزان، سودىدىكى ھوقۇق بارا - بارا سىرتقى ئادەملەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالغان»* ۋەزىيەت شەكىللەنگەنىدى. بۇنىڭدىن باشقا، غالىبىيەت بانكىسى يەنە پىرىۋوت ئىشلىرىنى مونوپول قىلىۋېلىپ، پۇل مۇئامىلە ھايانكەشلىكى ئارقىلىق كۆپلەپ پايدا ئالاتتى. بۇ بانكا ئۆزىنىڭ مول كاپىتالىغا تايىنىپ تۇرۇپ زور مىقدار- دىكى ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسىنى بىۋاستە يۈرگۈزەتتى. 1905 - يىلى، چار روسىيىنىڭ شىنجاڭغا قارىتىلغان ئېكسپورت سودىسىنىڭ سوممىسى 2 مىليون 360 مىڭ رۇبلى، ئىمپورت سوممىسى 1 مىليون 890 مىڭ رۇبلىغا يەتكەنىدى. 1906 - يىلدىكى ئېكسپورت سوممىسى 3 مىليون 580 مىڭ رۇبلى، ئىمپورت سوممىسى كۆپىيىپ 2 مىليون 880 مىڭ رۇبلىدىن ئاشقانىدى. ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تەسىس قىلغان خۇيفېڭ بانكىسى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلىسىنى كونترول قىلىۋالغانىدى، بۇنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان سودىسىنىڭ سوممىسى چار روسىيىنىڭكىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغا باراۋەر كېلەتتى.

* جوڭ يۈك: «غەربىي چېگرىنىڭ خارجى - ئالاقە ئىشلار تىنەپسىراتى» 5 - جىلد، 13 - بەتنىڭ ئاستى.

جاھانگىرلار شىنجاڭنى تاۋار ساتىدىغان ۋە خام ئەشيا بۇلايدىغان بازىرى قىلىش بىلەنلا قالماي، يەنە ئالتۇن- كۈمۈش سىتىۋالاتتى. شۇڭا شىنجاڭدىن ھەر يىلى كۆپ مىقداردىكى ئالتۇن- كۈمۈش سىرتقا چىقىپ كېتىپ، شىنجاڭ مالىيەسىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىنى بىۋاسىتە داۋالغۇتۇپ، خەلق تۇرمۇشىغا تەھدىت سالغانىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، جاھانگىرلار شىنجاڭدا يەنە بەزى زاۋۇتلارنى قۇرۇپ، خام ئەشيا پىششىقلاپ ئىشلەپ ياكى يېرىم تەييار مەھسۇلات ئىشلەپ چىقىپ چەتكە توشۇپ كېتەتتى. بىر مۇنچە چەت ئەل سودا فېرمىلىرى يەنە ئۆز قارىمىقىدا چارۋىچىلىق فېرمىلىرى تەسىس قىلىپ، كۆپ ساندا چارۋا بېقىپ، جۇڭگونىڭ ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچى بىلەن جۇڭگو زېمىنىدا ئۆزلىرىگە كېرەكلىك خام ئەشيانى بىۋاسىتە ئىشلەپ چىقىراتتى. مانا بۇ يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىگە بىۋاسىتە زەربە بېرىپ، كەڭ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا تەھدىت سالغانىدى. XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چار روسىيە شىنجاڭدا داۋاملىق بەزى پۈتۈنلەي ئېكسپورت سودىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان پىششىقلاپ ئىشلەش سانائەتلىرىنى باشقۇردى. مەسىلەن، قوي يۇڭىنى يۇيۇپ تازىلاپ، تاي قىلىشتىن تاشقىرى يەنە ئىلى، خوتەن قاتارلىق جايلاردا ئارقا- ئارقىدىن زاۋۇت قۇرۇپ، يۇڭ، تېرە، ئۇن، يۇڭ ئەديال، تاۋار- دۇردۇن ئىشلەپ چىقاردى: چۆچەك ۋە خوتەندە ئالتۇن كېنى ئېچىشقا قاتناشتى.

چار روسىيە شىنجاڭغا تاۋار سېتىش، كاپىتال چىقىرىش جەريانىدا، بىر تۈركۈم دەللاللارنى يېتىشتۈردى، بۇ دەللاللاردىن پايدىلىنىپ ئەرزان باھادا خام ئەشيا مەھسۇلاتلىرى سېتىۋېلىپ، روسىيە تاۋارلىرىنى ساتتى. دەللاللار روسىيە سودى-

گىرى دېگەن ۋەۋەسكىنى ئېسىۋېلىپ، باج تۆلىمەي كۆپ پايدىغا ئېرىشتى. مەسىلەن، 1903 - يىلى، ئۆزىنى ئابدۇۋەلى دەپ ئاتىۋالغان ئىلىلىق بىر روسىيە سودىگىرى قۇمۇلغا بېرىپ، روسىيىلىكلەرنىڭ كاپىتالى بىلەن دېشېك سودا فېرمىسىنى ئاچتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ روسىيىلىك ئۆز ماللىرىنى خۇپىيانە قۇمۇللۇق جۇڭگو سودىگىرى نىيازغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. نىياز يەنىلا ئۆز دۇكىنىدا تىجارىتىنى قىلىۋەردى. ئۇ كۆرۈنۈشتە ئابدۇۋەلى بىلەن شېرىك بولغانلىقى قىلغان بىلەن ئەمەلىيەتتە ھۇشۇ نام بىلەن باج تۆلىمەسلىك مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغانىدى. ئۇلار ئۆز ئارا كېلىشىۋېلىپ، شۇ جاينىڭ قوي تېرىسى ۋە تېرە ماللىرى سودىسىنى مونوپول قىلىۋالغانىدى*.

كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى مونوپول قىلىپ ۋە چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپ، شىنجاڭنىڭ ئەمدىلا ۋۇجۇدقا كەلگەن ۋە راۋاجلىنىۋاتقان مىللىي كاپىتالىستىك ئىگىلىككە زۇلۇم سالدى. ئاجىز مىللىي كاپىتالىستىك ئىگىلىك جاھانگىرلارنىڭ كۈچلۈك مونوپول كاپىتالى بىلەن رىقابەتلىشىشكە ماجالى يەتمىگەنلىكتىن، جاھانگىرلارنىڭ سودىسى بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىقى بولغان دەللال سودىگەرچىلىك مەلۇم دەرىجىدە راۋاجلانغاندىن تاشقىرى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مىللىي سودا - سانائىتى بوغۇلۇپ قالدى. ئىجتىمائىي ئىقتىساد قۇرۇلمىسىدا زور ئۆزگىرىش بولمىدى، فېئوداللىق تۈزۈم يەنىلا ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلەۋەردى.

جاھانگىرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تاجاۋۇزىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تاجاۋۇزىمۇ بۇ مەز-

* «چارروسىيىنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونىغا تاجاۋۇز قىلىش تارىخى»، 417 - بەت.

گىلدە ئالاھىدە كۈچەيدى. روسىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، فرانـ
سىيە، ياپونىيە، ئامېرىكا قاتارلىق جاھانگىرلار شىنجاڭغا ئۈزـ
لۈكسىز تۈردە ئارخېئولوگىيە ئەترىتى، ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى
ئەۋەتىپ، بىر تەرەپتىن، ئۆزلىرى ئۈچۈن سىياسىي، ئىقتىسادىي،
ھەربىي ئاخبارات توپلىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، شىنجاڭنىڭ
تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى بۇلاپ كەتتى. 1856 -
يىلدىن 1902 - يىلغىچە بولغان 40 نەچچە يىل جەريانىدا،
روسىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر 50
كە يېقىن ئادەمنى شەخسىي ساياھەتچى سالاھىيىتىدە شىنجاڭغا
ئەۋەتتى. بۇ «شەخسىي ساياھەتچى» لەر شىنجاڭدا ئوغرىلىغان
قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دۇنيا ئەللىرىنىڭ دىقـ
قەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. 1890 - يىلى چار روسىيە تۇرپانغا
ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئەۋەتىپ كەڭ كۆلەمدە سىستېمىلىق
قېزىش ئېلىپ بېرىپ، شۇ ئارقىلىق جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ
تەشكىللىك، پىلانلىق ھالدا شىنجاڭغا كېلىپ مەدەنىيەت يادىـ
كارلىقلىرىنى ئوغرىلاشنى باشلىغانىدى. كېيىن، جاھانگىر دۆـ
لەتلەرنىڭ ئېكسپېدىتسىيە، ئارخېئولوگىيە ئەترەتلىرى شىنجاڭغا
ئۈزلۈكسىز داۋاملىق كەلگىلى تۇردى. 1902 - يىلدىن 1916 -
يىلغىچە، روسىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، ياپونىيە
قاتارلىق جاھانگىر دۆلەتلەر ئەۋەتكەن ئېكسپېدىتسىيە، ئارخېـ
ئولوگىيە ئەترەتلىرى ئون نەچچە قېتىمغا يەتتى، بىرمۇنچىسى
شىنجاڭغا بىر قېتىم ئەمەس، بىرقانچە قېتىم كېلىپ، كۆپلىگەن
قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئوغرىلاپ كەتتى*. جاـ
ھانگىرلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تاجاۋۇزى ئوخشاشلا ئۇيـ
غۇرلار ۋە باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا
زور توسالغۇ بولدى.

---

* «بۇددىزم غەربىي يۇرتتا» دېگەن كىتابقا تەرجىمانىنىڭ كىرىش سۆزى.
2 -، 9 - بەتلەر.

# ئونىنچى باب

# شىنجاڭنىڭ ئۆلكە قىلىپ ئۆزگەرتىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى

## 1 - بۆلۈم شىنجاڭنىڭ ئۆلكە قىلىپ ئۆزگەرتىلىش جەريانى

شىنجاڭ قەدىمكى دەۋرلەردە غەربىي يۇرت دەپ ئاتىلاتتى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 138 - يىلى (خەن ۋۇدىنىڭ جيەنيۈەن 3 - يىلى)، جاڭ چيەن بىرىنچى قېتىم غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە كەلگەندىن كېيىن، غەربىي يۇرت بىلەن ئىچكى رايونلارنىڭ مۇناسىۋىتى كۈندىن - كۈنگە قويۇقلاشتى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 101 - يىلى (خەن ۋۇدىنىڭ تەيچۇ 4 - يىلى)، غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرتتا تېرىقچىلىق قاتارلىق ئىشلارنى باشقۇرىدىغان يەرلىك ئەمەلدار — يالۋاچ چېرىكچى تەسىس قىلدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى (خەن شۈەندىنىڭ شېنجۆ 2 - يىلى)، يەنە قورۇقچىبەگ تەسىس قىلدى، ئۇ غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ۋەكا-

لىتەن غەربىي يۇرتنى بىر تۇتاش باشقۇرغۇچى ئەڭ يۇقىرى
ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدار سۈپىتىدە غەربىي يۇرتنىڭ يەر-
لىك ھاكىمىيەتلىرىنى باشقۇردى. ۋېي، جىن سۇلالىلىرى، جەنۇ-
بىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرلىرىدە، بەزى خاندانلىقلار غەربىي
يۇرتتا ئوتتۇرانچى تىركەك چېرىكچى ياكى غەربىي يۇرت دور-
غابى تەسىس قىلدى ۋە مىلادى 329 - يىلى (ئالدىنقى لياڭ-
نىڭ تەييۈەن 4 - يىلى، شەرقىي جىن سۇلالىسى شيەنخې
2 - يىلى) قۇجۇ ۋىلايىتى (ئىنانچىلىقى) نى تەسىس قىلدى،
ئىنانچىلىق قارىمىقىدا ناھىيە، يېزا، كەنت تەسىس قىلىنىپ،
غەربىي يۇرتتا تۇنجى قېتىم ۋىلايەت - ناھىيە تۈزۈمى يولغا
قويۇلدى. مىلادى 609 - يىلى (سۈي ياڭدىنىڭ دايې 5 -
يىلى) ۋە 610 - يىلى (دايېنىڭ 6 - يىلى) غا كەلگەندە،
سۈي سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا يەنە پىشامشان ۋىلايىتى (ھا-
زىرقى چارقىلىق)، چەرچەن ۋىلايىتى (ئورنى ھازىرقى چەرچەن-
نىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قەدىمكى شەھەر) ۋە ئىۋىرغول ۋىلا-
يىتى (ھازىرقى قۇمۇل) تەسىس قىلدى. تاڭ سۇلالىسى غەربىي
يۇرتنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا ئىچكى رايونلاردىكىگە ئوخشاش
ئايماق، ناھىيە، يېزا، مەھەللە تۈزۈمىنى يولغا قويدى (مەسى-
لەن، ئىۋىرغول ئايمىقى، شىجۇ ئايمىقى، بېشبالىق ئايمىقى
قاتارلىقلار. بۇ ئايماقلارنىڭ قارىمىقىدا بىرقانچە ناھىيە، نا-
ھىيە قارىمىقىدا بىرقانچە يېزا، يېزا قارىمىقىدا بىرقانچە مە-
ھەللە تەسىس قىلىنغانىدى)، بىر قىسىم جايلاردا قورۇقچىبەگ
مەھكىمىسى، تۇتۇق مەھكىمىسى تۈزۈمىنى يولغا قويدى، مەسى-
لەن، ئەنشى ئۇلۇغ قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى (مەھكىمە ئاۋۋال
شىجۇ ئايمىقىدا تەسىس قىلىنغان، كېيىن كۈسەن يەنى ھازىرقى
كۇچاغا كۆچۈرۈلگەن) ۋە بېشبالىق ئۇلۇغ قورۇقچىبەگ مەھ-

كىمىسى (ئۇرنى بېشبالىق ئايمىقىدا يەنى، ھازىرقى جىمسارنىڭ شىمالىدا)، قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ قارىمىقىدا بىرقانچە تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى، تۇتۇق مەھكىمىسى بىرقانچە ئايماققا يېتەكچىلىك قىلاتتى. موڭغۇللار ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، 1251 - يىلى (شيەنجاڭنىڭ تۇنجى يىلى) بېشبالىق (جىمسار) ۋاقىتلىق دىۋانبېگى مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى. 1271 - يىلى (يۈەن شىزۇ — قۇبىلاينىڭ جىيۈەن 8 - يىلى)، ئالمالىقتا (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا) ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتى تەسىس قىلىندى، بۇلار تارىختا غەربىي يۇرتتا ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغان ئۆلكە دەرىجىلىك ۋاقىتلىق مۇئەسسەسە ئىدى. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ كۆپىلىگەن جايلىرى موڭغۇللاردىن چاغاتاي ئەۋلادىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 1406 - يىلى (يۇڭلېنىڭ 4 - يىلى) قۇمۇلدا قۇمۇل مۇھاپىزەت مەھكىمىسىنى قۇردى.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، 1762 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 27 - يىلى)، شىنجاڭنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەمۇرىي، ھەربىي ئەمەلدارى سۈپىتىدە ئىلى جاڭجۈنىنىڭ قول ئاستىدا ئىلى، چوقچۇ (ھازىرقى چۆچەك)، قەشقەرگە مەسلىھەتچى ئامبال تەيىنلەندى. ئۈرۈمچىگە بويۇرغا تەيىنلەندى. قالغان جايلارغا خان ئامبال ۋە ئاغلاقچى ئامبال ئەۋەتتى. شىنجاڭدا ئىلگىرىدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سىياسىي تۈزۈمنىمۇ ئەھۋالغا قاراپ ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئۆزگەرتتى. ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى يەرلىك مەمۇرىيەت تۈزۈمى ئاساسەن ئايماق - ناھىيە تۈزۈمى، جاساق تۈزۈمى ۋە بەگ تۈزۈمىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولدى. ماناس، سانجى، جېڭشى (مەھكىمە باردىكۆلدە) ۋە بىۋاستە

قاراشلىق دىخۇا (مەھكىمە ئۈرۈمچىدە) دا ئايماق، ناھىيە
تۈزۈمى يولغا قويۇلدى؛ قۇمۇل، تۇرپاندا ۋە تورغۇت، خوشۇت
قاتارلىق موڭغۇل قەبىلىلىرىدە مىراس سىستېمىسىدىكى جاساق
تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، شۇ يەردىكى ئاغلاقچى ئامبالىنىڭ
نازارىتىدە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى؛ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى
باشقا جايلاردا يەنىلا ئەسلىدىكى بەگ تۈزۈمى
ساقلاپ قېلىنغانىدى.

لېكىن، XIX ئەسىردىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ زەربىسى
بىلەن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇنداق ھەربىي ئىشلارنىلا
باشقۇرۇپ، مەمۇرىي ئىشلار بىلەن كارى بولمايدىغان
ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى تاشقى جەھەتتە تاجاۋۇزچىلىققا
قارشى تۇرالمايدىغانلىقى، ئىچكى جەھەتتە يۇرتدارچىلىق
ئىشلىرىنى باشقۇرالمايدىغانلىقى، نۇقسانلىرى كۆپ ئىكەنلىكى
ئىسپاتلاندى. ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى ۋە
چاررۇسىيىنىڭ ئىلىنى بېسىۋېلىشىمۇ ھەربىي مەھكىمە
تۈزۈمىنىڭ گۇمران بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى، يەرلىك
مەمۇرىي ھوقۇقنى ئىگىلىۋالغان بەگلەرنىڭ يېزا - كەنتلەردە
زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ، خەلقنى قاقتى - سوقتى
قىلىشلىرى بۇنداق تۈزۈمنى يەنە داۋاملىق ساقلاپ
قېلىشنىڭ قىيىن بولىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئىسپاتلىدى.
بولۇپمۇ ياقۇپبەگ ۋەقەسىدىن كېيىن، خەلق قېچىپ سەرسان
بولۇپ، يەرلەر چۆل - قاقاسلىققا ئايلىنىپ، ئىگىلىك ئېغىر
ۋەيران بولغاچقا، ئۇيغۇر خەلقىمۇ بەگ تۈزۈمىدىن قاتتىق
بىزار بولۇپ، خۇشال - خۇرام تىرىكچىلىك قىلالايدىغان
تۇرمۇش شارائىتىغا ئېرىشىشكە تەشنا ئىدى.

زو زۇڭتاڭ ياقۇپبەگنى يوقىتىپ، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش
جەريانىدا، كېيىنكى ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش خىزمىتىنىڭ

مۇھىملىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەھەتتە بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللاندى. بۇ، ئۇرۇش مالىمانچىلىقى بىلەن ئۆز ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ سەرسان بولغانلارنى ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇپ كېلىش ۋە ئۇلارغا يېمەك، ئاشلىق، ئۇرۇق، چارۋا بېرىپ، ئۇلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى تېزرەك ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش؛ تېرىقچىلىقنى يولغا قويۇپ، ھەربىي تېرىقچىلىق بىلەن خەلق تېرىقچىلىقىنى بىللە ئېلىپ بېرىش؛ نامۇۋاپىق غەللە - پاراق تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە پۇل تۈزۈمىنى تەرتىپكە سېلىش؛ سۇ ئىنشائاتى، يول، كۆۋرۈك ياساپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە قاتناش ئىشلىرىغا قولايلىق يارىتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يەنە كېيىنكى ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش جۇجۇقى تەشكىللەپ، خەلق ئىشلىرى، مالىيە، ئەدلىيە قاتارلىق ئىشلارنى باشقۇردى. ھاكىم-بەگلەرنىڭ باج - سېلىقلارنى سۈيلەپ ئېلىشىنىلا قىلىپ، يەرلىك مەمۇرىي ئىشلارغا ئارىلاشماسلىقى توغرىسىدا ئۇچۇق پەرمان چۈشۈردى. بۇ ئاپپاراتلار ئەمەلىيەتتە يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىگەنىدى.

1877 - يىل 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى (گۇاڭشۈينىڭ 3 - يىلى 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى)، زو زوڭتاڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە مەكتۇپ يوللاپ، شىنجاڭدا مەمۇرىي ئۆلكە تەسىس قىلىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ: شىنجاڭنىڭ ئورنى مۇھىم، ياقۇپبەگ يوقىتىلغاندىن كېيىن، «چېگرىدىكى زېمىننىڭ ئۇزاق ۋاقىتلىق ئەمىنلىكىنى تەمىن ئېتىپ، ئوردىنى غەربنىڭ غېمىدىن خالاس قىلىش ئۈچۈن، ئۆلكە تەسىس قىلىپ، ۋىلايەت، ناھىيە تۈزۈمىنى يولغا

قويۇش كېرەك، بۇنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ»① دەپ كۆرسەتتى.

1878 - يىلى 10 - ئايدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىچكى ئەنسىزلىك، سىرتقى تاجاۋۇزچىلىققا دۇچ كېلىۋاتقان ئەھۋالدا، ئۆلكە تەسىس قىلىش توغرىسىدا: «ۋىلايەت، ناھىيە تۈزۈمى خەلقنى ئاساس قىلىدۇ، ......... ئەسلىدىكى نازارەت، ئايماق، ناھىيىلەردىن باشقا، قالغان شەھەرلەرنى مەمۇرىي ئۆلكە قىلىپ ئۆزگەرتىش زادى مۇۋاپىق بولامدۇ - يوق؟ ......... ناۋادا ۋىلايەت، ناھىيە تەسىس قىلىنسا، ئۇنىڭ قارىمىقىدا ئىدارە قىلغىلى بولىدىغان يۇقىرالار زادى قانچىلىك بولىدۇ؟ ئۆلكە تەسىس قىلىشتىن باشقا ئاقىلانە تەدبىر بارمۇ - يوق؟» دەپ، زو زۇڭتاڭنىڭ پىكرىنى ئالدى ۋە ئۇنىڭ «بارلىق تەدبىرلەر ئىچىدىن مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر تەدبىرنى كۆرسىتىش»② نى ئۈمىد قىلدى. زو زۇڭتاڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى قايتا مەلۇم قىلىپ، «غەربىي - شىمال بويىچە ئۆلكە تەسىس قىلىش ئىشىنى ئەگەردىمۇ، يۇقىرالارمۇ راۋا كۆرىدۇ. ۋاقتىدا تۈتۈش قىلىنمىسا، پۇرسەت قولدىن كېتىپ قالارمىكىن. شۇڭا، ئۆلكە تەسىس قىلىش — ھەممىدىن ياخشى چارە»③ دەپ ئۆز پىكرىنى ئىزھار قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى زو زۇڭتاڭنىڭ بۇ پىكرىگە دەسلەپكى

---

① «شەنشى، گەنسۇ، شىنجاڭنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 304 - جىلد، 7 -، 9 - بەتلەر.

② «شەنشى، گەنسۇ، شىنجاڭنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 309 - جىلد، 3 -، 4 - بەتلەر.

③ «مەرىپەت قۇچقان زو زۇڭتاڭ ھەزرەتلىرىنىڭ مەكتۇپ - نامىلەر توپلىمى» 53 - جىلد، 33 - بەت،

قەدەمدە قوشۇلغان بولسىمۇ، ئىلى قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن ئاندىن ئاخىرقى قارارغا كەلمەكچى بولدى.

1882 - يىلى 2 - ئايدا، چاررۇسىيە ئىلىنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بەردى. بۇ چاغدا زو زۇڭتاڭمۇ شىنجاڭدىن ئايرىلىپ جىياڭسۇ - جېجياڭنىڭ ھەربىي ۋالىيسى، قوشۇمچە خارجى سودا ئالاقە ئىشلىرى ۋەزىرى ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىپ يۆتكىلىپ كەتكەنىدى. 5 - ئايدا، شەنشى - گەنسۇنىڭ ھەربىي ۋالىيسى تەن جۇڭلىن شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىش تەلىپىنى قايتىدىن ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ تەشەببۇسى زو زۇڭتاڭنىڭكىدىن ئازراق پەرقلىنەتتى؛ زوزۇڭتاڭ ھەربىي ۋالىي، مۇپەتتىش تەيىنلەش ۋە ئۆلكە (داۋ)، نازارەت (تىڭ)، مەھكىمە (فۇ)، ئايماق، ناھىيە تەسىس قىلىشنى تەشەببۇس قىلغانىدى. تەن جۇڭلىن بولسا «ھازىر قېپقالغان كېيىنكى ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىشتا، ئۇيغۇرلارنىڭ رايىنى ئاساس قىلىش كېرەك. ئۆلكە تەسىس قىلغان تەقدىردىمۇ ئىشنى ئايماق، ناھىيە ئەمەلدارلىرىنى تەسىس قىلىشتىن باشلاش كېرەك. جايلار بېيىسا، ئاندىن بىر تۇتاش باشقۇرۇش ئۈچۈن ھەربىي ۋالىي، مۇپەتتىش تەيىنلەش كېرەك»* دەپ قارايتتى. 9 - ئايدا، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ليۇ جىنتاڭ تەن جۇڭلىن بىلەن بىرلىشىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە مەكتۇپ يوللاپ، «زور مالىمانچىلىق سورۇقچىلىقىدىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئۆتمۈشتىكى ئەھۋالىدىن ئاسمان - زېمىن پەرق قىلىدۇ. ئىشنى بىر يولىلا پۈتتۈرۈشنىڭ چارىسى ۋىلايەت، ناھىيە تەسىس قىلىش. بۇنىڭدىن باشقا

* «شەنشى، گەنسۇ، شىنجاڭنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 309 - جىلد، 3 -، 4 - بەتلەر.

ئاقىلانە تەدبىر يوق» دەپ كۆرسەتتى ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭدا
ئۆلكە، نازارەت، ئايماق، ناھىيە تەسىس قىلىشنىڭ كونكرېت
لايىھىسىنى تۆۋەندىكىدەك ئوتتۇرىغا قويدى: ئاقسۇغا بىر سەييارە
مۇپەتتىش تەيىنلەش كېرەك. بۇ سەييارە مۇپەتتىشنىڭ
ۋەزىپىسى، ئاقسۇنىڭ شەرقىدىكى تۆت شەھەرنىڭ سۇچىلىق،
تېرىقچىلىق، غەللە - پاراق، دەۋا ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ؛
يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىغا دائىر مەسىلىلەرنى بىر ياقلىق
قىلىدۇ. قاراۋۇلخانىلارنى تەكشۈرىدۇ؛ قەشقەرگىمۇ بىر
سەييارە مۇپەتتىش (شۈنداۋ) تەيىنلەش كېرەك، بۇ
سەييارە مۇپەتتىش ئاقسۇنىڭ غەربىدىكى تۆت شەھەرنى
باشقۇرىدۇ. ئۇنىڭ، خىزمەت ھوقۇقى ئاقسۇنىڭ سەييارە
مۇپەتتىشىنىڭكىگە ئوخشاش بولىدۇ؛ قاراشەھەر، كۇچا،
ئۇچتۇرپان قاتارلىق جايلاردا بىۋاستە قاراشلىق نازارەت
(تىڭ)، ئاقسۇ كونىشەھەردە بىۋاستە قاراشلىق ئايماق
ۋە بايدا ناھىيە تەسىس قىلىپ، ئاقسۇ مۇپەتتىشىگە
قارايدىغان قىلىش كېرەك؛ يېڭىساردا بىۋاستە قاراشلىق
نازارەت (تىڭ)، قەشقەر يېڭىشەھەر، يەكەن، خوتەن
قاتارلىق جايلاردا بىۋاستە قاراشلىق ئايماق، قەشقەر كونىـ
شەھەر، قاغىلىق، كېرىيىدە ناھىيە تەسىس قىلىپ، قەشقەر
مۇپەتتىشىگە قارايدىغان قىلىش كېرەك. بەگ تۈزۈمى
توغرىسىدا، ۋىلايەت، ناھىيە تەسىس قىلىنىپ بولغاندىن
كېيىن، ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرى ئىچىدە ھاكىمبەگ دېگەنلەرنى
ئېلىپ تاشلاش كېرەك، ھەرقايسى نازارەت، ئايماق،
ناھىيىلەرگە ئەھۋالغا قاراپ باشقىدىن باشلىق تەيىنلەش،
ئۇنىڭ سانى ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ ئىش بېجىرگۈچى
مۆتىۋەرلىرى سانىغا ئوخشاشراق بولۇش، لېكىن ئۇلارنى
ئەمەلدارلار بىلەن ئوخشاش تەمىناتقا ئىگە قىلماسلىق

گېرەك، دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە مەكتەپ تەسىس قىلىپ، ئۇيغۇر بالىلىرىغا خەنزۇچە تىل - يېزىق ۋە تۆت كىتاب، بەش دەستۇرنى ئۆگىتىش، تىرىشىپ ئۆگەنگەنلەردىن ھەرقايسى نازارەت، ئايماق، ناھىيە ئىمتىھان ئېلىپ، يۇقىرىنىڭ قايتا ئىمتىھان ئېلىپ، مۇكاپاتلىشىغا يوللاپ، جەركە - ئوتۇغات بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇۋاتقان تىدۇ (تىتەي) سى جاڭ ياۋ «ۋاقىتلىق ئەسكەرلەرنى قىسقارتىپ، ئەسكەرلىك ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلارنىڭ سانىنى بەلگىلەپ، يىڭ (باتالىيون) تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش»① لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان لايىھەگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، «ھەرقايسى ياملۇلار ئۆز تەكلىپلىرىنى يوللاش» نى تاپشۇردى. 1882 - يىلى 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى (گۇاڭشۈينىڭ 8 - يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى)، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ مەنسەپ - تۇتۇق، نوپۇس ۋە لەشكىرىي پىرقىلىرى بۇ لايىھەلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ، لايىھە بويىچە ئىشلەشكە قوشۇلدى②.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەستىقلىغان لايىھە بويىچە، ليۇ جىنتاڭ 1883 — 1884 - يىللىرى شىنجاڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي تۈزۈملىرىدە ۋە تېرىقچىلىق ئىشلىرىدا بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى ۋە نەتىجە قازاندى.

1884 - يىلى 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى (گۇاڭشۈينىڭ

① «شەنشى، گەنسۇ، شىنجاڭنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 315 - جىلد، 9 -، 10 - بەتلەر.

② «شەنشى، گەنسۇ، شىنجاڭنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 315 - جىلد، 9 -، 10 - بەت.

10 - يىلى 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى)، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا بىر سەيياره مۇپەتتىش، بىر پەرمانچى تەيىنلىدى. 19 - كۈنى (10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى)، ليۇجىڭتاڭنى شىنجاڭنىڭ سەيياره سىلاۋچىسى (شۈنفۇ) لىكىگە رەسمىي تەيىنلىدى، ئۇ يەنىلا خان مۇپەتتىشلىك مەرتىۋىسى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇردى. گەنسۇنىڭ پەرمانچىسى ۋېي گۇاڭتاۋنى شىنجاڭغا پەرمانچى قىلىپ تەيىنلىدى.① شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنى ئۆلكە قىلىپ ئۆزگەرتىش ئىشى ئورۇندالدى.

شىنجاڭنىڭ ئۆلكە قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، مەھكىمە، ئايماق، ناھىيە تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا مىللەت خەلقىنىڭ تارىخىدىكى مۇھىم بىر ئىش ئىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى يەنىمۇ بىۋاسىتىلەشتى؛ يەرلىك فېئوداللىق تەپرىقىچى كۈچلەرنى ئاجىزلاشتۇردى. شىنجاڭنىڭ باشقا ئۆلكىلەر بىلەن مەمۇرىي تۈزۈم جەھەتتىكى بىردەكلىكىنى ئاشۇردى؛ ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش كۈچىنى ئاشۇردى. 1887 - يىلى 4 - ئاي (گۇاڭشۈينىڭ 13 - يىلى 3 - ئاي) دا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «بارلىق بەگلەرنى قىسقارتىپ»②، بەگلىك تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. بەگلەر ئىگىلىۋالغان كەڭ يەرلەرنىڭ ھەممىسى خېنىي يەر قىلىنىپ ئورتاقچىلارنىڭ ئىجارىگە ئېلىپ تېرىشىغا

①«چىڭ دېزۇڭ ھەققىدە خاتىرىلەر» 194 - جىلد، 27-، 28 - بەتلەر؛ 195 - جىلد، 6 - بەت.

② «شەنشى، گەنسۇ، شىنجاڭنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 320 - جىلد، 13 - بەت.

بىرىلىدى. بەگلىك تۈزۈمىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىشىنى تېزلىتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىجابىي رول ئوينىدى.

## 2 - بۆلۈم شىنجاڭ ئۆلكە قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى

شىنجاڭنىڭ ئۆلكە قىلىپ ئۆزگەرتىلىشى ۋە ھەربىي مەمۇرىي تۈزۈمىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈردى. ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇھىم ئىقتىسادىي تەدبىرلەردىن بىرى — ئىچكى رايونلارنىڭ ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش، زور كۈچ بىلەن ئېتىز - ئېرىق، سۇ ئىنشائاتلىرى ياساش، بوز يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ ئېكىنزارلىققا ئايلاندۇرۇپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىدى. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دىكى 20 ناھىيىنىڭ ستاتىستىكىسىدىن قارىغاندا، ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن بۇيان جەمئىي 944 غول ئۆستەڭ، 2333 تارماق ئۆستەڭ رېمونت قىلىنغان ۋە يېڭىدىن چېپىلغان، سۇغىرىش كۆلىمى 11 مىليون 190 مىڭ 621 موغا يەتكەن. ھەربىيلەر، پۇقرالار، مەھبۇسلار تېرىقچىلىقنى قاتتىق يولغا قويۇش نەتىجىسىدە، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىمۇ زور مىقداردا كېڭەيدى. بارىنكۆل - ئۈرۈمچى، ئىلى - چۆچەك، ئاقسۇ، قەشقەر تۆت ئايماق تەۋەسىدىكى 35 ناھىيىنىڭ تولۇق بولمىغان ستاتىستىكى-

سىدىن قارىغاندا، 1905 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 31 - يىلى) يېڭىدىن ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن بەلگىلىمە بويىچە رەسمىي باج ئېلىنىدىغان يەر 9 مىليون 960 مىڭ موغا يەتكەن؛ يەنە 21 ناھىيىنىڭ تولۇق بولمىغان ستاتىستىكىسىدىن قارىغاندا، 1905 - يىلىدىن كېيىن، يېڭىدىن ئېچىپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن يەر 420 مىڭ مودىن ئاشقان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە پىلىچىلىك تەشەببۇس قىلىنىپ، قۇمۇل، تۇرپان، كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا پىلىچىلىك جۇجۇقى تەسىس قىلىنغان، شەرقىي جەنۇبىي ئۆلكىلەردىن ئۇجمە دەرىخى كۆچۈرۈپ ئەكىلىپ ئۆستۈرۈلگەن، جېجياڭ قاتارلىق جايلاردىن پىلىچىلىك ئىشچىلىرى تەكلىپ قىلىنغان، ئۇلار شىنجاڭغا كېلىپ ھەرقايسى جايلاردا ئوغۇتلاش، يوپۇرماق ئېلىش، پىلە بېقىش، يىپەك تارتىشنىڭ يېڭى تېخنىكىسىنى ئۆگەتكەن. 1907 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 33 - يىلى) گۇناھ سادىر قىلىپ قويۇپ، شىنجاڭغا پالانغان ئەمەلدار جاۋگۇيخۇا (جېجياڭ شاۋشىڭلىق) بۇيرۇقىغا بىنائەن جەنۇبىي شىنجاڭغا پىلىچىلىك ئىشلىرىنى تەكشۈرۈشكە بارغان. ئۇ شۇ جايلاردا زىيارەت قىلىپ يۈرۈپ، جېجياڭغا قايتىپ كەتمەي مۇساپىر بولۇپ يۈرگەن پىلىچىلىك ئىشچىسىدىن تۆتىنى ۋە پىلىچىلىك تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ، تېخنىكا جەھەتتە جېجياڭلىق پىلىچىلىك ئىشچىسى بىلەن ئوخشاش ماھارەت ئىگىلىگەن بىرقانچە ئۇيغۇر ئۇستىلىرىنى ئۇچراتقانىدى. ئۇلار پىلىچىلىك تېخنىكىسىنى بىرلىكتە ئومۇملاشتۇرۇپ، قولھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپ چىقىرىشنىڭ بەزى سايمانلىرى، مەسىلەن، يىپەك تارتىش سايمىنى قاتارلىقلارنى ياساپ چىققانىدى، سىناق قىلىنغاندىن كېيىن، باشقىلار ئۇنى ئەپلىك ئىكەن، دەپ ئۈلگە قىلغانىدى. بىرمەھەل

كۈئېنلۈن تېغى ئېتەكلىرىدە پىلە بېقىش ئىشى زور دەرىجىدە راۋاج تاپقانىدى. گۇما ناھىيىسىنىڭ مۇجى، سانجۇ، ھاڭگىيار كەنتلىرىدە «ئائىلە بويلاپ پىلە باققان. ھەممىلا يەردە ئۈجمە دەرىخى ئۆستۈرگەن» ئەھۋال بارلىققا كەلگەنىدى. جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە يىللىق يىپەك مەھسۇلاتى 300 مىڭ جىڭدىن 700 مىڭ جىڭغا كۆپەيگەنىدى①. كان بايلىقلىرىنى ئېچىش، مېتاللچىلىق ئىشلىرىمۇ مەلۇم دەرىجىدە راۋاجلانىدى. ھۆكۈمەت كان بايلىقلىرىنى ئېچىشتا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئېچىش، سودىگەرلەر ئېچىش، ھۆكۈمەت بىلەن سودىگەرلەر بىرلىشىپ ئېچىش ئۇسۇللىرىنى قوللاندى. كېرىيە، چۆچەكتە ئالتۇن كېنى ئېچىلدى؛ باي، چەرچى (قارا شەھەرنىڭ غەربى) دا مىس كېنى ئېچىلغانىدى؛ شىخودا نېفىت كېنى ئېچىلغانىدى، بولۇپمۇ شىخونىڭ دۇسەنزە (مايتاغ) دىكى نېفىت كېنى روس- يىدىن سېتىۋېلىنغان نېفىت قېزىش ماشىنىسى بىلەن ئېچىلغان بولۇپ، شىنجاڭ رايونى بويىچە ماشىنا بىلەن نېفىت ئېلىشنىڭ باشلامچىسى بولۇپ قالغانىدى②. مىس، تۆمۈر تاۋلاش جەھەتتە، خەنزۇلار رايونىنىڭ «رۇدىنى ئېرىتىپ قېلىپقا قۇيۇش»، «ئىككى قېتىم ئېرىتىش» ئۇسۇلى ئومۇملاشتۇرۇلغاچقا، مىس، تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسىمۇ كۆپ ياخشىلىنىپ، مەھسۇلات مىقدارى ئۆسكەنىدى③.

ئىككىنچىدىن، ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، قاتناش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، پوچتا - تېلېگراف ئورۇنلىرى تەسىس قىلىش ئۈچۈن، ئەسلىدىكى ھەربىي بېكەتلەر پۈتۈنلەي ئادەتتىكى ئۆتەڭ قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، ئۈرۈمچى مەركەز قىلىنغان

① «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 28 - جىلد، 6-، 7 - بەتلەر.
② «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 34 - جىلد، 7 -، 11 - بەت.
③ «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 34 - جىلد، 2 - بەت.

قاتناش يولى راۋانلاشتۇرۇلدى ۋە ئۆزگەرتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىق لىنىيىلەر: ئۈرۈمچى، بارىكۆل، تۇرپان، قۇمۇل لىنىيىسى؛ گۇچۇڭ، جىيايۈگۇەن لىنىيىسى؛ ئۈرۈمچى، ئالتاي لىنىيىسى؛ ئۈرۈمچى، چۆچەك لىنىيىسى؛ ئۈرۈمچى، ئىلى لىنىيىسى؛ ئىلى، ئاقسۇ لىنىيىسى؛ تۇرپان، كۇچا لىنىيىسى؛ قارا شەھەر، چاقىلىق لىنىيىسى؛ كۇچا، ئۈچتۇرپان لىنىيىسى؛ ئاقسۇ، يەكەن لىنىيىسى؛ مارالبېشى، قەشقەر، يەكەن لىنىيىسى؛ يەكەن، خوتەن لىنىيىسى؛ يەكەن، تاشقورغان لىنىيىسى ئىدى①. ئومۇمىي مۇساپە 20 مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق بولۇپ، 261 بېكەت تەسىس قىلىندى. بېكەتلەر مەھكىمە ـ ئايماق، ناھىيىلەرگە تەۋە بولۇپ، جىياڭجۈن مەھكىمىسىگە قارىمايدىغان بولدى. 1893 ـ يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 19 ـ يىلى) جەنۇب، شىمال بويىچە ئىككى لىنىيە تېلېگراف ئىشلىرى يولغا قويۇلدى، شىمالىي لىنىيە ئۈرۈمچىدىن شىخو ئارقىلىق ئىلى، چۆچەككىچە؛ جەنۇبىي لىنىيە ئۈرۈمچىدىن تۇرپان، كۇچا، ئاقسۇ ئارقىلىق قەشقەرگىچە باراتتى. لىنىيىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 8000 چاقىرىمدىن ئارتۇق بولۇپ، باش ئىدارە ئۈرۈمچىدە تەسىس قىلىندى. ناھىيىدە شۆبە ئىدارە تەسىس قىلىندى. 1909 ـ يىلى (شۈەنتۇڭنىڭ تۇنجى يىلى) يەنە بېكەتلەرنىڭ ھارۋا، ئات ـ ئۇلاغ خىراجىتىدىن يېرىمىنى ئاجرىتىپ پوچتا ـ تېلېگراف ئۈچۈن سەرپ قىلىپ، كېيىنكى يىلى ئۈرۈمچىدە باش پوچتا ئىدارىسى، 16 ناھىيىدە شۆبە پوچتا ئىدارىلىرى تەسىس قىلىندى.

ئۈچىنچىدىن، سودىگەرچىلىك گۈللەندۈرۈلۈپ، سودا ئىشلىرىغا ئىلھام بېرىلدى. ئۆلكە تەسىس قىلىنغان دەسلەپكى مەزگىلدە سودا ئىشلىرى تازا راۋاجلاندى. ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ

---

* «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 83 ـ، 84 ـ جىلدلىرى.

سودىگەرلىرى ئىچكىرىنىڭ تاۋار - دۇردۇن، چاي، قەغەز، جانان قاچىلار، سىرلىق قاچا ۋە باشقاماللىرىنى شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىشتى، ھەر يىلى كەلگەن مالنىڭ قىممىتى كۈمۈش ھېسابىدا 2 — 3 مىليون سەرگە يەتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئىچكىرىگە بارىدىغان سودا يولىدىن ئىككى يول بولۇپ، بىرى قۇمۇل ئارقىلىق شەنشى، گەنسۇغا باراتتى؛ يەنە بىرى، موڭغۇل دالاسى ئارقىلىق كۆكخوتقا تۇتىشاتتى. 1907 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 33 - يىلى) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆلكە مەركىزىدە سودا ئىشلىرى باش جۇجۇقى تەسىس قىلىپ، ئۆلكە بويىچە سودا ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلدى. ئىككىنچى يىلى يەنە پۇل جۇجۇقى تەسىس قىلىنىپ، 1 مىليون سەر دەسمى ئاجرىتىلدى، بۇ دەسمى ھەرقايسى ئۆلكە، مەھكىمە، ئايماق، ناھىيىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلدى، بۇ پۇل تۆۋەنرەك ئۆسۈم بىلەن سودىگەرلەرگە قەرز بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ سودا ئىشلىرىغا ئىلھام بېرىلدى*.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تەدبىرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى، شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىغا مەلۇم دەرىجىدە تۈرتكە بولۇپ، ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ۋەيران بولغان ئىقتىساد تېز ئەسلىگە كەلدى. بولۇپمۇ ئىچكى رايونلار بىلەن چېگرا رايون، خەنزۇلار بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىپ، ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا ئىجابىي رول ئوينىدى.

بۇلاردىن باشقا، ئۆلكە تەسىس قىلىنغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ھۆكۈمەت مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، تەييارلىق

---

* «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 29 - جىلد، 18 - بەت.

كۆرۈپ، جايلار بويىچە 30 نەچچە ئورۇندا مەكتەپ ئاچتى، ئۈرۈمچىدە كىتابچىلىق جۇجۇقى تەسىس قىلىنىپ، كىتاب بېسىپ تارقىتىلدى. 1906 - يىلى (گۇاڭشۇينىڭ 32 - يىلى) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شىنجاڭ مەكتەپ ۋە مائارىپ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەسىس قىلىپ، مەخسۇس مائارىپ خىزمىتىگە مەسئۇل قىلدى. ھۆكۈمەت مەكتەپ باشقۇرۇش نەتىجىسىنى ھەرقايسى مەھكىمە، ئايماق، ناھىيىلەرنى تەكشۈرۈش مەزمۇنى قىلغاچقا، جايلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك سىياسىي - قانۇن مەكتىپى، ئۆلكىلىك تەجرىبە ئوقۇتقۇچىلار ئۆگىنىش كۇرسى، ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ (قارىمىقىدا دارىلمۇئەللىمىن تەسىس قىلىنغان)، ئۆلكىلىك خەنزۇچە - رۇسچە ئۆگىنىش مەكتىپى بارلىققا كەلدى. ھەر قايسى مەھكىمە، ئايماق، نازارەت، ناھىيىلەردە ئىككى دەرىجىلىك باشلانغۇچ مەكتەپ، ئىپتىدائىي باشلانغۇچ مەكتەپ، كەسپىي مەكتەپ، ھۈنەر - سەنئەت مەكتىپى، ئىپتىدائىي يېزا ئىگىلىك مەكتىپى قاتارلىقلار تەسىس قىلىندى. ئۆلكە مەركىزىدىكىدىن باشقا، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە جەمئىي 622 ھەر دەرىجىلىك مەكتەپ تەسىس قىلىندى، بۇ مەكتەپلەردە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى 15 مىڭ 963 كە، يىللىق خىراجىتى 664 مىڭ 700 سەرگە يەتتى. لېكىن بەزى مەكتەپلەر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى خەنزۇچە تىل - يېزىق ئۆگىنىشكە مەجبۇر قىلىپ، خەنزۇلارنىڭ فېئوداللىق ئىدىيىسىنى سىڭدۈرگەنلىكى نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار «نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، رەنج تارتتى. ئوقۇتقۇچىلىرى ئۇلارنى سىنىپنىڭ ئىچىگە سولىۋېلىپ، ئاسارەتتە تۇتقان» لىقتىن، ئۇنۇمى بەك تۆۋەن بولدى. ئۆلكە تەرىپىدىن يولغا قويۇلغان مائارىپ ئىشلىرى راۋاجلىنىشقا باشلىغاندا، ئۇيغۇرلاردا پۇقرالار باشقۇرغان مائارىپ ئىشلىرىمۇ

راۋاجلاندى. 1883 - يىلى ئاتۇشنىڭ ئىكساق يېزىسىدا ھۈسەيىن مۇسابايوپ ۋە باۋۇدۇن مۇسابايوپ ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەننىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلغان يېڭىچە مەكتەپ مەيدانغا كەلدى. بۇ مەكتەپتە دىنىي دەرس ئوقۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پەننىي دەرسلەرمۇ ئۆتۈلدى. تىل - ئەدەبىيات، ھېساب، تارىخ، جۇغراپىيە، تەبىئەت، تەنتەربىيە، مۇزىكا، گۈزەل سەنئەت، رۇس تىلى، ئەرەب تىلى، پارس تىلى قاتارلىق دەرسلەر تەسىس قىلىندى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، 1885 - يىلدىن 1892 - يىلغىچە مەكتەپ تەرىپىدىن ئوقۇتقۇچىلار روسىيە، تۈركىيەلەرگە ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلدى، ئۇلار قايتىپ كەلگەندە يەنىلا شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. يەنە بۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا تۈركىيىنە تەۋەلىكىدىكى ئوقۇتقۇچىلار تەكلىپ قىلىندى. 1885 - يىلى يەنە قىزلار سىنىپى ئېچىلدى، 1907 - يىلى دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى ئېچىلدى. بۇ شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە تۇنجى قېتىم قۇرۇلغان يېڭىچە مەكتەپ بولۇپ، باشقا جايلاردا يېڭىچە مەكتەپ قۇرۇشقا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۇرپان، پىچان، گۇچۇڭ، قۇمۇل، غۇلجا، كۇچا، ئاقسۇ، قۇتۇبى، قەشقەر، قاغىلىق، خوتەن، ئاستىن ئاتۇش قاتارلىق جايلاردا مۇشۇنداق يېڭىچە مەكتەپ ياكى سىنىپلار تەسىس قىلىندى. بۇ مەكتەپلەر دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالايدىغان نۇرغۇن يېڭى زىيالىيلار تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى*.

شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنىشى شىنجاڭدىكى ھەر

* ئىبراھىم نىياز: «ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ ئىكساق يېزىسىدا يولغا قويۇلغان يېقىنقى زامان يېڭى مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئەھۋالى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى تاللانمىسى» 13 - توپلام، 80 -، 87 - بەتلەر.

مىللەت خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئالغا سۈردى. ۋەتەنىمىزنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملىدى، چېگرا رايونىنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەمىن ئەتتى. خەنزۇلار بىلەن شىنجاڭدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ قويۇقلاشتۇردى. ۋەھالەنكى، شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنىشى بىلەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە تۇرمۇش ئەھۋالى پۈتۈنلەي ياخشىلانمىدى، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۈستىدىكى زۇلۇم ۋە ئېكسپلاتاتسىيە يەنىلا مەۋجۇت بولۇۋەردى، ھەتتا بەزى جايلاردا ئەھۋال تېخىمۇ يامانلاشتى.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى پۈتۈنلەي گومران بولۇش ھارپىسىدا تۇراتتى، مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرى باشچىلىقىدىكى فېئودال بيۇروكراتلار گۇرۇھى چىرىكلىك ۋە يارامسىزلىقتا چېكىگە يەتكەنىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جاھانگىر دۆلەتلەرگە زور مىقداردا تۆلەم تۆلەش ئۈچۈن، ئەمگەكچى خەلقنى بۇلاپ - تالاشنى كۈچەيتتى. بۇ بالايىئاپەت ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە شىنجاڭدىكى باشقا مىللەت خەلقلىرىنىڭ بېشىغىمۇ كەلدى. بۇ ئالدى بىلەن شۇنىڭدا ئىپادىلەندىكى، ھۆكۈمەتنىڭ باج - سېلىقى ئېغىرلىشىپ كەتتى، ئەسلىدىكى يەر بېجىغا ھەر خىلناملار بىلەن «خوراچە» قوشۇۋالدى. 1902 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 28 - يىلى) شىنجاڭنىڭ سەييارە مۇپەتتىشى راۋ يىڭچى 1900 - يىلى «گېڭزى تۆلەم پۇلى» تاپشۇرۇلغانلىقى سەۋەبى بىلەن خوراچە قوشۇۋېلىشنى يولغا قويۇپ، بىر تاغار ئاشلىققا بىر مىسقال ئۈچ پۇڭ كۈمۈش خوراش پۇلى قوشۇۋېلىشنى بەلگىلىدى. 1903 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 29 - يىلى)، سەييارە سىلاۋچى پەن شىياۋسۇ يۇقىرىقى ئۆلچەمنى ئۆزگەرتىپ، بىر تاغار ئاشلىق ئۈچۈن خوراچىسىنى قوشۇپ بىر تاغار بەش كۈرە بەش كاپچى

ئاشلىق ئېلىشنى بەلگىلىدى. مۇشۇنداق «نامىلار قانچىكى كۆپەيگەنسېرى، نۇقسانلارمۇ شۇنچە كۆپەيدى، ئەمەلدارلار باج ئېلىشقىلا بېرىلىپ كەتتى. بەزىلەر باجنى ھەتتا بىرنەچچە ھەسسە ئېغىرلىتىپ ئالدى». ئۇنىڭدىن قالسا، مال بېجىنىڭ ئېغىرلىقى پۇقرالارنى زار - زار قاقشاتتى. «باھاسى بىر سەر كۈمۈشلۈك مال ئۈچۈن ئۈچ پۇڭ كۈمۈش باج ئېلىش بەلگىلەندى». بۇلاردىن باشقا «تاپاۋەت بېجى»، «تىجارەت بېجى»، «بىدىكلىك بېجى» دېگەنگە ئوخشاشلارمۇ بار ئىدى*. بىراق، سودىگەرلەر تاۋارلارنىڭ باھاسى ئارقىلىق بۇ ئېغىر باج-سېلىقلارنى ئاسانلا ئەمگەكچىلەرگە يۈكلەپ قوياتتى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى ئومۇمىيۈزلۈك گۇمران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، جان تالىشىپ، ئۇيغۇرلار ۋە شىنجاڭدىكى باشقا مىللەتلەر خەلقىگە قارىتا مىللىي زۇلۇم سىياسىتىنى يۈرگۈزدى، مەسىلەن، ئۆلكە قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەكسىيەتچىل ساقچى تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، بارلىق ئامال بىلەن قېرىنداش مىللەت خەلقىنىڭ ئەركىنلىكىنى چەكلىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرى يەنىلا ئۇيغۇر فېئوداللىرىدىن خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلىش قورالى سۈپىتىدە پايدىلاندى. بەگلىك تۈزۈمى ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، بەگلەرنىڭ ئەمگەكچىلەرنى ئېزىش، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ئىمتىيازلىرى ئىلگىرىكىدەكلا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن مۇھاپىزەت قىلىندى. بەزى بەگلەر يەنىلا يېزا ياكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئەمەلدارلىقىغا تاللاپ بەلگىلىنىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ سادىق غالچىسى

* «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 30 - جىلد، 4 -، 5 - بەتلەر؛ 31 - جىلد، 2 -، 3 -، 7 -، 8 - بەتلەر.

ۋە قولچوماقلىرىغا ئايلاندى. كونا ئالۋان - ياساق تۈزۈمى ئوخشاش بولمىغان شەكىل، ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ساقلىنىپ قالدى. ئۇيغۇر خەلقى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە ئۆز مىللىتى ئىچىدىكى فېئوداللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا، سىياسىي جەھەتتە يەنىلا ھوقۇقسىز ئىدى، ئىقتىسادىي جەھەتتە يەنىلا ھەسسىلەپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىناتتى. تۇرمۇشى يەنىلا ئىنتايىن ئازابلىق ئىدى.

# ئون بىرىنچى باب
# شىنخەي ئىنقىلابى ۋە قۇمۇل، تۇرپانلار-دىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ قوزغىلاڭلىرى

## 1 - بۆلۈم شىنخەي ئىنقىلابى شىنجاڭدا

XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تاشقى جەھەتتە جاھانگىرلىككە پۈتۈنلەي تىز پۈكتى، ئىچكى جەھەتتە ھەر مىللەت خەلقىنى دەھشەتلىك تۈردە باستۇردى ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلدى، جۇڭگو جاھانگىرلار تەرىپىدىن بۆلۈۋېلىنىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ چىرىكلىشىپ كەتكەنلىكى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. مەملىكەت خەلقىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي خانى 1901 - يىلى 1 - ئايدا (گۇاڭشۈي خانىنىڭ 26 - يىلى 12 - ئايدا) «قانۇننى ئۆزگەرتىش» توغرۇلۇق پەرمان چىقاردى. 4 - ئايدا مەركەز ۋە ھەرقايسى جايلاردا «يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا نازارەتچىلىك قىلىش باشقارمىلىرى» ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، ئاتالمىش «يېڭى سىياسەت» يولغا قويۇلدى. 1902 -

يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 28 - يىلى)، «يېڭى سىياسەت» شىنجاڭدا يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى، ئىلى جياڭجۈنى چاڭ گېڭ «يېڭى سىياسەت» نى يولغا قويۇشنى شىنجاڭدا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار: «بىرىنچى، ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىش، ئىككىنچى، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۈچىنچى، سودا ئىشلىرىنى يولغا قويۇش، تۆتىنچى، ھۈنەر - سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇش، بەشىنچى، مائارىپنى گۈللەندۈرۈش» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى. گۇاڭشۈي خان بۇ تەدبىرنى ماقۇل كۆرۈپ، «ئەستايىدىل ئىشلەپ، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىنسۇن»*، دەپ تەستىقلىدى.

«يېڭى سىياسەت» نى يولغا قويۇش جەريانىدا، قوشۇننى يېڭىدىن تەشكىللەپ، تەربىيىلەش، «ساقچى» ئىشلىرىنى يولغا قويۇش، ئەمەلدارلىق ئىمتىھانى ئېلىش تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ مەكتەپ ئېچىش، سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇشنى رىغبەتلەندۈرۈش، بايلىق مەنبەسىنى كەڭ ئېچىش قاتارلىق جەھەتلەردە بەزى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، بۇنىڭلىق بىلەن فېئوداللىق تۈزۈمدە ئۆزگىرىش بولمىدى، ھۆكۈمرانلار سىنىپى بىلەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ زىددىيىتى تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، بۇرژۇئازىيە ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيە مىللىي دېموكراتىك ئىدىيىسىگە ئىگە بولغان بىر تۈركۈم كىشىلەر ئىنقىلاب يولىغا مېڭىشقا باشلىدى.

1905 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 31 - يىلى)، سۇن جۇڭشەن جۇڭگو تۇڭمېڭخۇي تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، مانجۇ خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇمھۇرىيەت قۇرۇش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1911 - يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ئىنقىلابچىلار

* «چىڭ دېزۇڭ ھەققىدە خاتىرىلەر»، 562 - جىلد، 8 - بەت.

ۋۇچاڭدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ (يەنى شىنخەي ئىنقىلابىنى قوزغاپ)، دۆلەت نامىنى «جۇڭخۇا مىنگو» دەپ ئاتاپ، مانجۇ خانلىقىنىڭ نامىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى جاكارلىدى. شىنخەي ئىنقىلابى جۇڭگودا 2000 يىلدىن كۆپرەك ھۆكۈم سۈرگەن فېئودال خانلىق تۈزۈمىگە خاتىمە بەردى، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇپ، جۇڭگو خەلقىنى روھىي جەھەتتە مىسلى كۆرۈلمىگەن زور دەرىجىدە ئازادلىققا ئېرىشتۈردى. جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇزۇل - كېسىل دېموكراتىك ئىنقىلابىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى.

شىنجاڭدا چىڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ھەممىدىن ئاۋۋال ئۈرۈمچى ۋە ئىلىدا يۈز بەردى. ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا ئىنقىلابىي ئىدىيىگە ئىگە بولغان ۋە تۇڭمېڭخۇيغا ئەزا بولۇپ كىرگەن ياڭ زەنشۈ بۇيرۇققا بىنائەن، ئىلىدىكى يېڭى ئارمىيە پىيادە ئەسكەرلەر پولكىنىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنلىنىپ خۇنەندىن يۆتكىلىپ كېلىدىغان چاغدا، ئىنقىلابچىلاردىن فېڭ تېمىن، فېڭ داشۈ، لى ياچۈەن (فۇخۇاڭ) قاتارلىقلارنى ئىلىغا ئۆزى بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇلار 1910 - يىلى 3 - ئايدا (شۈەنتۇڭنىڭ 2 - يىلى 2 - ئايدا) «ئىلى بەيخۇاباۋ» گېزىتىنى تەسىس قىلدى. گېزىتنىڭ مۇھەررىرلىكىنى فېڭ تېمىن ئۆتىدى. بۇ گېزىت ئاۋۋال خەنزۇچە يېزىقتا چىقىرىلىپ تارقىتىلغان بولۇپ، مەزمۇنى مول، ماقالىلىرى جانلىق، سۆزلىرى چۈشىنىشلىك بولۇپ، ئاممىنىڭ ئالقىشىغا بەكمۇ ئېرىشتى*. ئىلىدىكى تۇڭمېڭخۇيچىلار ياڭ زەنشۈ قاتارلىقلارنىڭ رەھبەرلىكىدە

* ۋېي چاڭخۇاڭ: «شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئىلىدا چىققان بىرقانچە خىل گېزىت - ژۇرناللارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 7 - سان، 195 — 205 - بەتلەر.

يەرلىك ھەر مىللەت خەلقى ئىچىدە ئىنقىلابنى تەشۋىق قىلىش، تەشكىللەش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. شۇ يەردىكى خەنزۇلار چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىنقىلابقا مايىل بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل، شىبە قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقلىرىمۇ ئىنقىلابقا ھېسداشلىق قىلاتتى ۋە ئىنقىلابنى قوللايتتى. ئۈرۈمچىدە خۇنەنلىك ليۇ شيەنجۈن قاتارلىق كىشىلەرمۇ ئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرۇپ، «ئوخشاش نىيەتتە بولۇپ كېلىۋاتقان ھەر ساھە كىشىلىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ»، ھەققانىيەت بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈردى*. ئۇلار بىر تەرەپتىن، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئىنقىلابچىلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، بىر - بىرىنى قوللىدى، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەربىي قىسىملار ئىچىدە تەشۋىق - تەرغىبات خىزمىتىنى ئىشلەپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىق قىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، گېلاۋخۇي-چىلار بىلەن مەخپىي ئالاقە باغلاپ، كۈچ كۆپەيتىپ، گېلاۋخۇيچىلار-نىڭ ئىنقىلابنى قوللىشىنى ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىشىنى قولغا كەلتۈردى.

شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ۋەتەننىڭ غەربىي چېگرا رايونىدا زور تەسىر پەيدا قىلدى، ئۈرۈمچى بىلەن ئىلىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. ئۈرۈمچى، ئىلى قوزغىلىڭى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەردى. دەۋر بۆلگۈچ شىنخەي ئىنقىلابىغا ئۇيغۇر خەلقىمۇ ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى قوشتى.

ئۈرۈمچى قوزغىلىڭى 1911 - يىلى 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىنقىلابچىلاردىن ليۇ شيەنجۈن قاتارلىقلار ۋۇچاڭ قوزغىلىڭىغا

* ياڭ زېڭشىن قاتارلىقلار يازغان: «ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن ھەربىي ۋە خەلقنىڭ قوزغىلىڭىنى تورگە ئايرىش جەدۋىلى». «ۋۇچاڭ قوزغىلىڭى ئارخىپ ماتېرىياللىرى»، 2 - جىلد، 281 - بەت.

ئاۋاز قوشۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدە جىددىي تەييارلىقلارنى ئىشلىگەنىدى. كۈتۈلمىگەندە ئارىدىن خائىن چىقىپ قېلىپ مەخپىي مەلۇمات يوللاپ، ليۇ شيەنجۇن قاتارلىقلارنىڭ قوزغىلاڭ رەھبىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ قويغانلىقتىن، شىنجاڭنىڭ شۈنفۇسى يۈەن داخۇا ئىنقىلابچىلارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش توغرىسىدىكى كونكرېت پىلانىنى بىلىۋالدى. ليۇ شيەنجۇن مەخپىيەتلىكنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى سېزىپ، ئالدىراشلىق بىلەن مۇددەتتىن بۇرۇن ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. 1911 - يىلى 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى كېچىدە، ئۇ يۈزدىن ئارتۇق قوزغىلاڭچى ئاممىنى يېتەكلەپ، سول بىلىكىگە ئاق لاتىدىن بەلگە تاقاپ، قوللىرىغا قورال - ياراق ئېلىپ، كېچىلىك چارلاشقا چىققان ئەسكەرلەر سىياقىدا ياسىنىپ، سەييارە سىلاۋچى مەھكىمىسىنىڭ شەرقىي گازارمىسىغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى. ئەسلىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە، شەرقىي گازارمىدىكى بىر قىسىم ئەسكەرلەر ئىچكى جەھەتتىن ئاۋاز قوشۇپ، قوزغىلاڭچى ئاممىنىڭ سەييارە سىلاۋچى مەھكىمىسىنى ئىشغال قىلىشىغا ماسلاشماقچى بولغانىدى. لېكىن قىسىم باشلىقىنىڭ باستۇرۇشىغا ئۇچرىغانلىقتىن، ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىش ئەمەلگە ئاشمىدى. ليۇشيەنجۇن دەرھال پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، ھۇجۇمنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى قۇرۇقلۇق ئارمىيە توپچى ئەسكەرلەر باتالىيونىغا قارىتىپ، قىسىم نازارەتچىسى دېڭ يۈشەننى ئېتىپ ئۆلتۈردى. كېيىن، ليۇ شيەنجۇن دۈشمەننىڭ تەييارلىقى بار ئىكەنلىكىنى بىلىپ، پىلانىنى يەنە بىر قېتىم ئۆزگەرتىپ، بىرىنچى ساقچى رايونىغا ھۇجۇم قىلغانىدى، بۇنىڭدىنمۇ غەلىبە قىلالمىدى. قوزغىلاڭچى ئامما ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ يەرگە ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، دۈشمەندە تەييارلىق بولغىنى ئۈچۈن پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي،

بىرىگادا شتابىغا چېكىنىپ باشقىدىن ھۇجۇم قوزغاشنى پىلانلىدى. دەل مۇشۇ پەيتتە، يۈەن داخۇا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاتلىق ۋە پىيادە قىسىملىرىنى جىددىي يۆتكەپ كېلىپ، بىرىگادا شتابىنى قورشاپ، مۇھىم ئۆتكەللەرنى توسۇۋېلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ھۇجۇم قىلدى. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا قاتتىق سوقۇش بولۇپ، جەڭ ئەتىسى چۈش مەزگىلىگىچە داۋام قىلدى، قوزغىلاڭچىلار ئاخىر نۇرغۇن دۈشمەنگە تەڭ كېلەلمەي، پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولدى. يۈەن داخۇا قوزغىلاڭچىلارنى دەھشەتلىك باستۇرۇپ، نەچچە ئون ئادەمنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. ليۇشيەنجۈن قاتارلىق قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىمۇ پاجىئەلىك تۈردە ئۆلتۈرۈلدى. بىرىگادا شتابى ۋە سەييارە سىلاۋچى مەھكىمىسىنىڭ شەرقىي گازارمىسىدىكى ئەسكەرلەر ئارىسىدا تازىلاش ئېلىپ بېرىلىپ، 200 دىن ئارتۇق كىشى تارقىتىۋېتىلدى. تارقىتىۋېتىلگەنلەرنىڭ بەزىلىرى ئۈرۈمچى ئەتراپىدا بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا بۇيرۇلدى؛ بەزىلىرى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى تولۇقلاش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتىلدى، شۇنداق قىلىپ ئىنقىلابىي كۈچلەر پارچىلاپ تاشلاندى. ئىنقىلابچىلاردىن جياخۇڭجۈن يوشۇرۇن ھالدا ئىلىغا قېچىپ بېرىپ، ئىلى قوزغىلىڭىغا قاتناشتى ۋە رەھبەرلىك قىلدى*.

ئۈرۈمچى قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولۇپ ئون كۈندىن كېيىنلا، يەنى 1912 - يىل 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئىنقىلابچىلار رەھبەرلىك قىلغان يەنە بىر قېتىملىق قوزغىلاڭ — ئىلى قوزغىلىڭى پارتلىدى.

ئىلىدىكى ئىنقىلابچىلار قوزغىلاڭنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى

---

* جۇڭ گۇاڭشېڭ: «شىنخەي يىلى مەزگىلىدە شىنجاڭنى تىنچىتىش خاتىرىسى»، «شىنخەي ئىنقىلابى» (7)، 441 -، 444 - بەتلەر.

ئۇرۇەچى قوزغىلىڭىنىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئىنچىكە ۋە تولۇق ئىشلىدى. ئۇلار خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يېڭى ئارمىيە ۋە گېلاۋخۇيچىلارغا خىزمەت ئىشلەشكە قاراتتى. بۇ مەزگىلدە گېلاۋخۇيچىلارنىڭ باشلىقى شۇشەنتەي ئىلىدا ئۆز ئەزالىرىنى كۆپەيتىۋاتقانىدى. ئۇيغۇرلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرىمۇ گېلاۋخۇيغا قىزغىنلىق بىلەن قاتناشقانىدى. ئىنقىلابچىلارمۇ قېرىنداش مىللەتلەر ئارىسىدا تەرغىبات خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئارازچىلىقلارنى ۋە ئىشەنمەسلىكلەرنى تۈگەتتى. ھەممىدە ھەر مىللەت يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر مىللەت خەلقىگە سالغان زۇلۇملىرىنى پاش قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى بىرلىكتە ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇشى لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. مانا مۇشۇنداق بىر قاتار تەشۋىقىي - تەرغىبات، تەشكىلىي خىزمەتلەر ئىشلەنگەنلىكتىن، قوزغىلاڭ پارتلاش بىلەنلا ھەر مىللەت خەلقى ئۇنىڭغا ئاكتىپ قاتناشتى. ئۇيغۇرلاردىن ھېكىم بەگ سەكسەن يۈزدىكى دېھقانلارنى يېتەكلەپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىئانە قىلىپ، ئىنقىلابقا ياردەم بەردى. باي سودىگەرلەردىن ھۈسەنباي، ياقۇپباي قاتارلىقلارمۇ ئىنقىلابنى ھىمايە قىلىپ، قوزغىلاڭچى ئەسكەرلەرگە ئېگەر-جابدۇق، ئۆتۈك قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنى ئىئانە قىلدى*. ئىنقىلابچىلار كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشىپ، ئىلىنىڭ ۋالىيسى خې جيادۇڭ، جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ دەپتەردارى خۇاڭ شىنجەيلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ ئىنقىلابچىلار سېپىگە قاتناشتۇردى.

---

* ياڭ فېڭچۈن: «ئىلىدىكى شىنخەي ئىنقىلابى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان» (7). «شىنخەي ئىنقىلابى توغرىسىدا ئەسلىمىلەر»، 5 - توم، 513 - بەت.

تەسىرى كۈچلۈك بولغان بىرمۇنچە ئاز سانلىق مىللەت يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى ۋە بەزى يەرلىك ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلار، ئىلىدا تۇرۇشلۇق يېڭى ئارمىيە ۋە شىبە، سولۇن، چاخار، ئۆيرۇت باتالىيونلىرىدىكى چىلك سولالىسى ئەسكەرلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىنقىلاب تەرىپىگە ئۆتتى، شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلابچىلار تولۇق ئىجتىمائىي ھېسداشلىققا ۋە زۆرۈر بولغان ھەربىي لازىمەتلىك، ئەشيالارغا ئىگە بولدى؛ قوزغىلاڭنىڭ غەلىبىسى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

قوزغىلاڭ 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى كەچ سائەت 9 دا كۈرە قەلئەسىدە (ھازىرقى سۈيدۈڭ كۈرەدە) پارتلىدى. قوزغىلاڭغا ياڭ زەنشۇ قوماندانلىق قىلدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن خۇيزۇلارنىڭ مۆتىۋەرى مالىڭشياۋ، گېلاۋخۇيچىلارنىڭ باشلىقى شۈسەنتەي قاتارلىقلار يېتەكلىگەن ھەر مىللەت قوزغىلاڭچى ئاممىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، بەش يولغا بۆلۈنۈپ، شەرقىي قوۋۇقنى تېزلا ئىشغال قىلدى. ئارقىدىنلا، قورال - ياراق ساقلايدىغان جەنۇبىي ئىسكىلاتنى ئىشغال قىلدى، جەنۇبىي ئىسكىلاتنىڭ مەسئۇلى خۇاڭ لىجۇڭنىڭ ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىشى ئارقىسىدا قورال - ياراققا ئىگە بولۇپ، جياڭجۈن مەھكىمىسى قاتارلىق مۇھىم جايلارنى ئىشغال قىلدى. ئىلى جياڭجۈنى جىرۋي ئارقىدىكى، باغنىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، جياڭجۈن يامۇلىغا قېچىپ كىرىۋالدى. قوزغىلاڭچىلار كونا مانجۇ گازارمىسىغا ھۇجۇم قىلغاندا، ياڭ زەنشۇ ئەسكەرلەرگە دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنى تەشۋىق قىلىپ، قوزغىلاڭنىڭ ئىستىقبالىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەنلىكتىن، ئۇلار قارشىلىق كۆرسىتىشنى توختىتىپ تەسلىم بولۇپ، بۇيرۇققا بويسۇنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. شىمالىي ئىسكىلاتقا ھۇجۇم قىلغاندا، يېڭىچە ھەربىي تەلىم بېرىش مەكتىپىنىڭ

بىر قىسىم ئۇقۇغۇچىلىرى جاھىللىق قىلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەنىدى. ياڭ زەڭشۇ ئىنقىلابچىلارنىڭ جىددىي يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، سابىق جياڭجۈن گۇاڭ فۇنى ئۇتتۇرىغا چىقىپ كېلىشتۈرۈپ قويۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئىنقىلاب ۋەزىيىتىنىڭ قىستىشى ئارقىسىدا، گۇاڭ فۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ شىمالىي ئىسكىلاتتىكى ئەمەلدار ۋە ئەسكەرلەردىن قارشىلىق كۆرسىتىشنى توختىتىشنى تەلەپ قىلدى. يېڭى مانجۇ گازارمىسىدىكى ئەمەلدارلار ۋە ئەسكەرلەر ئۇنىڭغا دەرھال ئاۋاز قوشۇپ، قورال تاشلاپ تەسلىم بولۇپ، شىمالىي ئىسكىلاتنى تاپشۇرۇپ بەردى. ئەتىسى قوزغىلاڭچىلار ئىلى جياڭجۈنى جىرۇينى تىرىك تۇتۇۋېلىپ شۇ ھامان ئېتىپ تاشلىدى*. شۇنىڭ بىلەن ئىلى قوزغىلىڭى غەلىبە قىلدى.

قوزغىلاڭ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئىنقىلابچىلار دەرھال خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، ئۇيغۇر، تىبەتلەردىن ئىبارەت «بەش مىللەتنىڭ ئورتاق ئىلگىرىلەش جەمئىيىتى» نى تەشكىل قىلىپ «بەش مىللەت جۇمھۇرىيىتى» نى ئېلان قىلدى. ياڭ زەڭشۇنى جەمئىيەتنىڭ باشلىقلىقىغا سايلىدى. 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئىلى ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى — جۇڭخۇا مىنگو ھەربىي ھۆكۈمىتى يېڭى ئىلى بۈيۈك تۇتۇق مەھكىمىسى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. سابىق ئىلى جياڭجۈنى تۇتۇق (دۇ - دۇ)لىققا، ياڭ زەڭشۇ باش قوماندانلىق شتابىنىڭ قوماندانلىقىغا، فېڭ تېمىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرلىكىگە، خاۋكېچۈەن ھەربىي ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرلىكىگە، لى فۇخۇاڭ ئالدىنقى سەپنىڭ باش قوماندانلىقىغا سايلاندى.

ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دەرھال

---

* «شىنخەي ئىنقىلابىي توغرىسىدا ئەسلىمىلەر» 5 - توم، 506 - ، 507 - ۋە 514 - ، 516 - بەتلەر.

ئەل ئەمىن ئېلانى چىقىرىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئىنتايىن زور ئىلھام بەردى، ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقلىرى ئىنقىلابنى قىزغىن ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، «ھەربىيلەرمۇ، سودىگەر، خەلقلەرمۇ ياشىسۇن، دەپ شوئار توۋلىدى»①. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت «ھەربىيلەرگە مۇراجىئەتنامە» ئېلان قىلىپ: «ۋەتەننى قوغداشتا قانداقمۇ مىللەت ئايرىغىلى بولغاي، ھەرىكەتتە ئەدەبىلىك بولۇشقا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، خەنزۇ، موڭغۇل، خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاقلارغا تەڭ كۆزدە قاراش كېرەك، ئەمدى ئادەتتىكى شەخسىي ئاداۋەت ـ ئۆچمەنلىكلەرنى كۆڭۈلدە ساقلىماي، جۇمھۇرىيەت ئۈچۈن بىرلىكتە بەخت يارىتىش لازىم، بىرلىك بولسا مۇستەھكەم ئىستىھكام ھاسىل بولىدۇ. كەلگۈسىدە چوڭ ۋەزىيەت مۇقىملاشسا، ھەممە كىشىگە پايدىلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، چىن قەلبىمىزدىن ئېيتىلغان بۇ سۆزلەرگە ئەمەل قىلىشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز.» ② دەپ كۆرسەتتى. مانا بۇ ئىنقىلابچىلارنىڭ مىللىي باراۋەرلىككە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش ئىدىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەتتى. ئىلىدا تۇرۇشلۇق چاخار، ئويرۇت باتالىيونلىرىنىڭ باش بۇغلىرى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى قازاق، موڭغۇللارنىڭ قەبىلە باشلىقلىرى ئادەم ئەۋەتىپ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، جۇمھۇرىيەتنى ھىمايە قىلىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قاراشەھەر، چاقىلىق، بۈگۈر، كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن، كېرىيە قاتارلىق جايلىرىدىكى ھەرمىللەت خەلقى گېلاۋخۇي

① «شىنخەي ئىنقىلابى» (7) 431 ـ بەت.

② ئىلى «شىنباۋ» گېزىتى 8 ـ سان. «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 9 ـ سان، 80 ـ بەت.

تەشكىلىگە بەس - بەس بىلەن قاتنىشىپ، ئىنقىلابقا ئاۋاز قوشتى. گېلاۋخۇيچىلار ئىنقىلابچىلارنىڭ كۈچلۈك ياردەمچىسى بولۇپ قالدى، ئۇيغۇرلاردىن بىرمۇنچە كىشى گېلاۋخۇينىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى.

ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن، شىنجاڭنىڭ سەييارە سىلاۋچىسى يۈەن داخۇاغا تېلېگرامما يوللاپ، ئۇنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلىشقا دەۋەت قىلدى؛ يە، بىر تەرەپتىن، شەرققە قاراپ يۈرۈش قىلىدىغان قوشۇننى پائال تۈردە تەشكىللەپ زۆرۈر تېيارلىغاندا، پۈتۈن ئۆلكە بويىچە جۇمھۇرىيەت مەسىلىسىنى قورال كۈچى بىلەن ھەل قىلىشقا تەييارلاندى. يۈەن داخۇا باشچىلىقىدىكى مۇنارخىستلار ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى يوللىغان تېلېگراممىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلەپلەرنى قوبۇل قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، نۇرغۇن ئەسكەر ئەۋەتىپ ئىلىغا ھۇجۇم قىلىپ، قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا ئۇرۇندى. 1912 - يىل 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، ئىنقىلابچىلار قوشۇنىنىڭ لى فۇخۇاڭ يېتەكچىلىك قىلغان شەرققە يۈرۈش قىلغۇچى تارماق قوشۇنىنىڭ 1 - بىرىگادىسى يۈەن داخۇا قوشۇنىغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى. 2 - ئايدا، ئىككى تەرەپ قوشۇنى ئۇتەي، جىڭ، شىخو قاتارلىق جايلاردا شىددەتلىك جەڭ قىلدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى يېڭىلىپ شىخوغا چېكىندى. 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ خانىنىڭ تەختتىن چۈشكەنلىكى جاكارلاندى. تەختتىن چۈشكەنلىك توغرىسىدىكى يارلىق 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شىنجاڭغا يېتىپ كەلدى. يۈەن داخۇا ۋە «شىنجاڭدىكى ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلار يارلىققا ئەمەل قىلىپ» جۇمھۇرىيەتنى ئېتىراپ قىلدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ زۇڭتۇڭلۇق تەختىنى قولغا

كەلتۈرۈۋالغان شىمالىي مىلىتارىستلارنىڭ باشلىقى يۈەن شىكەي شىنجاڭسەيىيارەسىلاۋچىسىنى «دۇ - دۇ»غا ئۆزگەرتىش توغرىسىدا بۇيرۇق تېلېگراممىا ئەۋەتتى؛ كېيىن يەنە ئۇرۇشنى توختىتىش توغرىسىدىمۇ بۇيرۇق تېلېگراممىا ئەۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، يۈەن داخۇا ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ئۇرۇشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولۇپ، چۆچەكتە سۈلھ كېڭىشى ئۆتكۈزدى. يۈەن داخۇا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشىنىپ، خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، ئىچكىرىسىگە كېتىدىشنى تەلەپ قىلىپ، قەشقەرنىڭ دوتىيى يۈەن خۇڭيۇنى شىنجاڭنىڭ دۇ - دۇلۇقىغا كۆرسەتتى. 5 - ئايدا، يۈەن خۇڭيۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى گېلاۋخۇيچىلار تەرىپىدىن سەپەر ئۈستىدە ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يۈەن داخۇا يەنە شىنجاڭنىڭ تەپتىشى، قوشۇمچە بارىكۆل ۋە ئۈرۈمچىنىڭ دوتىيى ياڭ زېڭشىنىنى دۇ - دۇلۇققا كۆرسەتتى. ياڭ زېڭشىن تەختكە چىقىقاندىن كېيىن، ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن داۋاملىق سۆھبەت ئۆتكۈزدى. 7 - ئايدا سۈلھ تۈزۈلدى. شۇنىڭدىن تارتىپ شىنجاڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي چوڭ ھوقۇقى كونا بيۇروكرات ياڭ زېڭشىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى.

ئىلى قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈشتىن بۇرۇن، جىرۋي ئىلى جياڭجۈنلۈكىگە تەيىنلەنگەندە، ئۇ شەنشى - گەنسۇنىڭ ۋالىيسى چاڭ گېڭ بىلەن يوشۇرۇن مەسلىھەتلىشىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، شۈەنتۇڭ خاننى غەربكە كۆچۈرۈپ كېلىپ، ۋاقىتىنچە غەربىي شىمالدا پاناھلاندۇرۇپ، كېيىن ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قەستلىگەنىدى، ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبىسى ئۇلارنىڭ بۇ سۇيىقەستىنى بەربات قىلدى. بۇ، ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ شىنخەي ئىنقىلابىغا قوشقان ئالاھىدە تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىلى قوزغىلىڭى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى، بۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، فېئودال مۇستەبىتلىككە قارشى تۇرۇپ، دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتنى ھىمايە قىلغان ئۇلۇغ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىدۇر.

## 2-بۆلۈم قۇمۇل، تۇرپاندىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ قوزغىلىڭى ۋە چىرىيە خەلقىنىڭ چاررۇسىيىگە قارشى كۈرىشى

1911 - يىلدىكى شىنخەي ئىنقىلابى قۇمۇل، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. 1912 - يىلى بۇ ئىككى رايوندا زور كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى.

قۇمۇلنىڭ ۋاڭلىقى چىڭ دەۋرىدىن بۇيان ئاتىدىن بالىغا مىراس بولۇپ كەلگەنىدى. شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن تارتىپ تاكى مىنگو قۇرۇلغانغاندىن كېيىنمۇ بۇ تۈزۈم ئۆزگەرمىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت 1875-يىلى (گۇاڭشۈينىڭ تۇنجى يىلى) ئاتىسىنىڭ ۋاڭلىق ئورنىغا ئولتۇرغانىدى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بىر يۈرۈش ئاپپاراتى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنى 13 سۇمۇل (رايون، يېزىغا تەڭ) غا ئايرىپ، ھەربىر سۇمۇلغا بىردىن دورغا تەيىنلىگەنىدى. ئۇيغۇر دېھقانلىرى قۇمۇل ۋاڭىغا ھەقسىز ئەمگەك قىلىپ بېرىشى شەرت ئىدى؛ ئۇلار ھەر ئايدا ۋاڭغا

بىر نەچچە كۈن ھاشارغا ئىشلەپ بېرىش بەدىلىگە ئازغىنا يەرنى ئېرىشىپ تۇرمۇشنى قامدايتتى. دەسلەپكى چاغلاردا بۇنداق ھاشار ئايدا ئۈچ كۈن ئىدى، كېيىن يەتتە كۈنگە كۆپەيتىلدى. دېھقانلار مانا-مۇشۇنداق ھەقسىز ئەمگەك قىلىش نەتىجىسىدە دەھشەتلىك ئېكس-پىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمغا ئۇچراپ، كىشىلىك ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولۇپ، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە ياشاپ، ئۆھ دېگۈچىلىكى قالمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقى قوزغالغانىدى.

1907 - يىلى (گۇاڭشۈيىنىڭ 33 - يىلى) 5 - ئايدا، قۇمۇلدا مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر دېھقانلىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ، تورپاق دېگەن كىشىنىڭ باشلامچىلىقىدا ھاشارغا ئىشلەش كۈن سانىنى كېمەيتىش، ۋاڭ ئوردىسىغا بولغان جىسمانىي بېقىندىلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنى ھۆكۈمەتكە غەللە - پاراق تاپشۇرۇشقا ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىپ قوزغالدى. دېھقانلار قوللىرىغا تاياق - توقماق، كەتمەن، گۈرجەك، قىڭراقلارنى ئېلىپ، سۆرەن سېلىپ، قۇمۇل شەھەر ئىچىگە باستۇرۇپ كىردى. ۋاڭ ئوردىسىنى قورشاپ، ئوردىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىنى كېسەك بىلەن ئېتىپ تاشلىدى، قۇمۇل ۋاڭى بىلەن ئىككى ئاي ئېلىشتى. بۇ چاغدا ياڭ زېڭشىن بىر تەرەپتىن، بارىكۆل بازىرىدىكى ھەربىي قوماندان يى شېڭفۇنىڭ ئەسكەر-لىرىنى يۆتكەپ دېھقانلار ئاممىسىنى باستۇردى؛ يەنە بىر تەرەپ-تىن، ھاشارنى يەڭگىللىتىش توغرىسىدا قۇمۇل ۋاڭى بىلەن مەسلىھەتلەشتى. ۋەقەدىن كېيىن، شىنجاڭ شۇنفۇسىنىڭ بۇ قېتىمقى ھاشارغا قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنىڭ باشلامچىسىدىن سەككىز كىشىنى ئېتىپ تاشلىغانلىقى دېھقانلارنى قاتتىق غەزەپلەندۈرگەنلىكتىن، ئۇلار يەنە بىر قېتىم قارشىلىق كۆرسەت-كەن بولسىمۇ يەنىلا باستۇرۇلدى. ئۇيغۇرلار بۇ قېتىمقى قوز-

غىلاڭنى «توپراق يېغىلىقى» دەپ ئاتىدى*. توپراق قوزغىلىڭى
مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قۇمۇل دېھقانلىرى زادى تىزپۈكمەي،
تېخىمۇ زور كۆلەملىك كۆرەشكە تەييارلاندى. شىنجاڭنىڭ سەييارە
سىلاۋچىسى يۈەن داخۇا 1912 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئۆزىنى ھالاكەت
تەقدىرىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ۋە ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ شەرققە
قاراپ كېڭىيىشىنى توسۇشنى قەستلەپ، شىخودىكى جەڭ مەيدا-
نىغا ئەۋەتىش ئۈچۈن شا مەخسۇتىنىڭ ئەسكىرىدىن 500 كى-
شىنى يۆتكىدى. بۇ 500 ئەسكەر قۇمۇلنىڭ غەربىي شىمال
تەرىپىدىكى تاغ ئېغىزىغا يېتىپ كەلگەندە، تۆمۈر خەلىپە
ئۇلارغا باشلامچىلىق قىلىپ، قوشۇننى يېتەكلەپ ماڭغان ئەمەل-
دارنى قورالسىزلاندۇرۇپ، ھاشارنى يەڭگىللىتىش شوئارىنى
ئوتتۇرىغا قويۇپ، قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. تۆمۈر خەلىپە
قۇمۇلنىڭ قوراي يېزىسىدىن بولۇپ، كىچىكىدە دادىسى ئۆلۈپ
كېتىپ، ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغان، ياغاچچىلىق
بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن كىشى ئىدى. ئۇ خان ئور-
دىسىنىڭ ھاشار - سېلىقلىرىدىن قېچىپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ
بىرقانچە يىل سەرسان بولۇپ يۈرۈپ، يەنە يۇرتىغا قايتىشقا
مەجبۇر بولغانىدى. تۆمۈر خەلىپە يانچىلىق تۇرمۇشىنىڭ
ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەچكە، قۇمۇل ۋاڭ-
ىنىڭ دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرمىغاندا خەلقىنىڭ
ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى. ئادەت-
تىكى چاغلاردا ئۇ كىشىلەرگە ياردەملىشەتتى، خەت ساۋاتىمۇ
باربولۇپ، ئەل ئىچىدە خېلى ئىناۋىتى بارئىدى. قوزغىلاڭ كۆتۈ-
رۈلگەندىن كېيىن، بارىكۆلدىكى خەنزۇ خەلقىنىڭ قوللاپ -
قۇۋۋەتلىشىگە ۋە ياردىمىگە ئېرىشتى، ئۇلار تۆمۈر خەلىپىنىڭ
قوزغىلاڭچى قوشۇنى بىلەن ئالاقە باغلاپ، ھەربىي ئىشلار

* بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، ئۇيغۇرچە، 41 - بەت.

تۇغرىسىدا ئۆزئارا خەۋەر يەتكۈزۈشۈپ، دېھقانلارنى قىرغىن
قىلغان جاللات يى شىڭفۇنى باستۇردى. كېيىن قوزغىلاڭچى
قوشۇن ئۆزلىرىنى قورشاپ يوقىتىشقا كەلگەن يۈەن داخۇانىڭ
ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، نۇرغۇن قورال - ياراق، ئوق
دورا غەنىيمەت ئېلىپ ئۆزلىرىنى قوراللاندۇرۇپ، قوزغىلاڭچى
قوشۇننىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئاشۇردى. جەڭگە ئۇيغۇر ئايالل-
رىمۇ پائال ياردەملەشتى. ئۇلار شاخ - شۇمبىلاردىن قارانچۇق
ياساپ تاغ تۆپىسىگە سانجىپ قويۇپ، جەڭ ۋاقتىدا چۇقان -
سۈرەن كۆتۈرۈپ، قوشۇنغا مەدەت بەردى. ياڭ زېڭشىن تەختكە
چىققاندىن كېيىن نوقۇل ھالدا قورال كۈچى ئىشلىتىپ باستۇ-
رۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، «كۆرۈنۈشتە جەڭ قىلىشنى ئاساس
قىلىش، يوشۇرۇن ھالدا ئالداپ قولغا كەلتۈرۈشنى ئاساس
قىلىش» تىن ئىبارەت ئىككى يۈزلىمىلىك نەيرەڭنى ئىشقا
سېلىپ، ئۆز قوشۇنلىرىغا «تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ مۇداپىئە-
لىنىش، ئۇستىلىق بىلەن قىلتاققا چۈشۈرۈش، قوراللىق توقۇ-
نۇش قىلىۋېرىپ بالا - قازاغا يولۇقۇپ قالماسلىق، بىرەر
ئىشنى چاتاق قىلىپ قويۇپ پۈتۈن ۋەزىيەتنى تەۋرىتىۋەتمەس-
لىك»* نى تاپىلىدى.

1912 - يىلى كۈزدىن تارتىپ ياڭ زېڭشىننىڭ نەسھەت
قىلىپ كۆندۈرۈش ھىيلىسى زادى ئىشقا ئاشمىدى. بىراق
ئۇ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىنىڭ تاغ ئارىسىغا بېسىپ
كىرىپ، قوزغىلاڭچى قوشۇن بىلەن قوراللىق توقۇنۇشۇپ قېلىشنى
قاتتىق چەكلەپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ جەڭگىۋار ئىرادىسىنى بى-
خۇدلاشتۇرۇش ھىيلىسىنى ئىشلەتتى. شۇ سەۋەبتىن قوزغىلاڭچى
قوشۇن قوراللىق پائالىيەتنى ۋە ئاممىنى قوزغاش خىزمىتىنى

* ياڭ زېڭشىن: «ئىستىغپارە ھۇجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار»، 2 - توم،
7 -، 8 - بەتلەر.

بوشاشتۇرۇپ قويدى. 1913 - يىلى 1 - ئايدا، ياڭ زېڭشىن
خۇيزۇ يىڭجاڭ لى شۇفۇنىڭ قولىغا خەت يېزىپ بېرىپ، سۆھ-
بەت ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتتى، بىراق، تاغ يوللىرىنى قار قاپلاپ
كېتىپ يول توسۇلۇپ قالغانلىقتىن سۆھبەت
ئۆتكۈزۈشكە مۇمكىن بولمىدى. 3 - ئايدا لى شۇفۇ تاغقا
ئىككىنچى قېتىم بېرىپ يالۋۇرۇپ، قوزغىلاڭچى دېھقانلار قوشۇنى
بىلەن كۆرۈشتى ۋە «قۇرئان تۇتۇپ» قەسەم ئىچىپ، قۇمۇل
ۋاڭنىڭ ھاشارنى ھەر ئايدا ئىككى كۈنگە قىسقارتىشقا كاپا-
لەتلىك قىلىمىز، قوزغىلاڭچى قوشۇن ھۆكۈمەت قوشۇنىغا ئۆز-
گەرتىلىدۇ، تۆمۈر خەلپە يىڭجاڭلىققا تەيىنلىنىدۇ، قېچىپ كەتكەن
قوزغىلاڭچى ئەسكەرلەر پۈتۈنلەي دېھقانچىلىق قىلىشقا قايتۇرۇ-
لىدۇ، دەپ ۋەدە بەردى. تۆمۈر خەلپە دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك،
ئۇنىڭ ئۈستىگە، كۈرەش تەجرىبىسى كەم بولغانلىقتىن، لى شۇ-
فۇنىڭ چىرايلىق سۆزلىرىگە ئالدىنىپ كېتىپ، شەرتنى قوبۇل
قىلىپ، ياڭ زېڭشىن بىلەن سۈلھ قىلدى.

قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا تۇرپان دېھقانلىرى قىزغىن
ئاۋاز قوشتى. تۇرپاننىڭ ۋاڭلىقىمۇ قۇمۇل ۋاڭلىقىغا ئوخشاش
چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ئوتتۇغات قىلىپ بېرىلگەن بىر قۇرۇق
ئۇنۋان بولۇپ، ۋاڭغا قاراشلىق يەردە ئىشلەيدىغان يانچىلار
ئورتاقچى دېھقانغا ئايلاندۇرۇلغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۇرپان
دېھقانلىرى ھاشارغا ئىشلەش ئارقىلىق ئەمەس، ئاساسلىقى
يەر ئىجارىسى تۆلەش ئارقىلىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىناتتى.
ئېكسپىلاتاتسىيە شەكلى ئوخشاشمىغىنى بىلەن، ئۇنىڭ ماھىيىتى
ئوخشاشلا ئىنتايىن دەھشەتلىك ئىدى. تۇرپان ۋاڭى ئىمىن ۋاڭ
يەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن بىر بولۇۋېلىپ نەپەس ئېلىپ زورلۇق
زومبۇلۇق قىلاتتى. مەسىلەن: ئۇ يەر سۇغىرىدىغان سۇنى يىل
بويى ساتاتتى. بىر كۈندە تەخمىنەن 50 مو يەرنى سۇغارغىلى

بولمىغان سۇنى سېتىپ، بىر يىلدا سۇ پۇلى ئۈچۈنلا 8000 سەر كۈمۈش كىرىم قىلاتتى*. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۇرپان ۋاڭى بىلەن كەڭ ئۇيغۇر خەلقى ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇندىن بۇيان ئۆتكۈر زىددىيەت ساقلىنىپ كەلگەنىدى. قۇمۇلدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، تۇرپان ئاستانىلىك مۇھەممەت دېگەن كىشىمۇ 1912 - يىلى دېھقانلارغا رەھبەرلىك قىلىپ ئادالەت تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قۇمۇلدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇن بىلەن ئالاقە باغلىدى. لېكىن، ياڭ زېڭشىن بۇ قوزغىلاڭغىمۇ «نەسىھەت قىلىپ كۆندۈرۈش» ۋاسىتىسىنى قوللىنىپ، قوزغىلاڭچى دېھقانلارنى بىر يىلڭ قىلىپ تەشكىللەپ، مۇھەممەتنى يېڭىجاڭلىققا تەيىنلەپ، ئۇلارنىمۇ ئۈرۈمچىدە تۇرىدىغان قىلىپ يۆتكەپ كەلدى.

تۆمۈر خەلىپە بىلەن مۇھەممەت ئىككىيلەن ياڭ زېڭشىننىڭ «نەسىھەت قىلىپ كۆندۈرۈشى» نى قوبۇل قىلىپ ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىنگەندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن ئۇلارنى تەقىپ ئاستىغا ئالدى. قۇمۇلنىڭ ۋاڭى ۋە يەرلىك ھۆكۈمەت سۈلھىتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان شەرتلەرنى ئورۇندىمىدى. ھاشار - ئالۋانلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ تارتقان زېمىنىنى دېھقانلاردىن تۆلىتىۋالدى. قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن تۆمۈر خەلىپە تەيىنلىگەن يەرلىك ئاقساقاللارنى ۋاڭ ئوردىسى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلىدى ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قاماققا ئېلىندى. تۆمۈر خەلىپە مانا شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ ياڭ زېڭشىننىڭ قاپقىنىغا چۈشۈپ، دېھقانلار ئاممىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى چۈشەندى ۋە ئۆز يېقىنلىرى بىلەن بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىپ، قورال - ياراقلارنى خۇپىيانە ھالدا سىرتقا ئېلىپ

* بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، ئۇيغۇرچە، 55 - بەت.

چىقىپ، روزا ھېيت كۈنى قوشۇننى يېتەكلەپ ئۈرۈمچىدىن قېچىپ چىقىپ كېتىشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاردىن خائىن چىقىپ، ئۇنىڭ بۇ پىلانى ياڭ زېڭشىنغا مەلۇم بولۇپ قالدى. 1913 - يىل 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، تۆمۈر خەلىپە قولغا ئېلىنىپ، مۇھىدى بىلەن ئىككىسى ئىلگىرى - ئاخىر زىندانغا تاشلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى. دۇ - دۇ مەھكىمىسى تۆمۈر خەلىپىنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەرگە يۇرتىغا قايتۇرۇۋېتىش مائاشى تارقىتىپ بەردى. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ داشىتۇ (ئۇلانئۇسۇ) دېگەن يېرىدىكى تاغ ئېغىزىغا يېتىپ كەلگەندە، ياڭ زېڭشىن بۆكتۈرمە قىلىپ قويغان چېرىك-لەر تەرىپىدىن دەھشەتلىك تۈردە قىرغىن قىلىندى*. قۇمۇل، تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئىنقىلاب يال-قۇنى ئۆچۈپ قالمىدى. 1914 - يىلى 3 - ئايدا مۇھىدىنىڭ سەپدىشى ئەمەت ۋە تۆمۈر خەلىپىنىڭ ئىنىسى شاكىر قاتارلىق-لار تۇرپاندا يەنە قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئۇلار مۇھىدىنىڭ قەب-رىسى ئالدىدا قەسەمياد قىلىپ، قوللىرىغا قورال ئېلىپ، ئادەتتە ئەمەلگە تايىنىپ كىشىلەرنى بوزەك ئېتىپ كەلگەن جىسا (ساقچى ئەمەلدارى) نى ئۆلتۈردى. ئاندىن بېزەكلىك تېغىغا — قىزىل تاغقا كېلىپ، كۆرەشنى ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشتۇرۇشقا تەييارلاندى. بىراق، قىزىل تاغ گىياھ ئۈنمەيدىغان تاغ بول-غاچقا، قوزغىلاڭچىلار تۇرمۇش جەھەتتىن ئىنتايىن قىينالدى. ئۇلار ئۆز كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جىمسار، گۇچۇڭ، پىچان ناھىيىلىرىنىڭ تاغلىرىدا يۆتكىلىپ يۈرۈپ جەڭ قىلدى. قوزغىلاڭچىلار تۇرمۇش جەھەتتىن قىيىنىلىپ قالغانلىقى ۋە ئاردىن خائىن چىقىپ ئەمەتنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكتىن

* بۇرھان شەھىدى: «قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ قوزغىلىڭى». «شىنخەي ئىنقىلابى توغرىسىدا ئەسلىمىلەر» 5 - توم، 523، - 535 - بەتلەر.

قوزغىلاڭ 1914 - يىلى 12 - ئايدا ئاخىر مەغلۇپ بولدى*.

«چىرىيە ۋەقەسى» مۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ئاستىدا جاھانگىرلارغا ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ كۆرەش ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان بولۇپ، چاررۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇش نىشان قىلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى سۆيۈش جەھەتتە، جۇڭگو بىلەن چەت ئەلنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن كۆرەش بولۇپ قالدى.

چىرا يېزىسى (ھازىرقى چىرىيە ناھىيە بازىرى) ئەينى ۋاقىتتا كېرىيە ناھىيىسىگە قارايدىغان، سودا، قول سانائەت راۋاج تاپقان بازارلارنىڭ بىرى ئىدى. بۇ يەردە ئاساسلىقى شۇ رايوندىن ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىن چىقىدىغان مەھسۇلاتلار سېتىلاتتى. چاررۇسىيە ۋە ھىندىستان سودىگەرلىرىمۇ بۇ يەرگە دائىم مال ئېلىپ كېلىپ ساتاتتى. چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىمۇ بۇ يەرگە ئادەم ئەۋەتىپ قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۆتكەن سېيىت ھاجى دېگەن كىشى چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى تەرىپىدىن بۇ يەرگە ئەۋەتىلگەن «شاڭيو» (سودىگەرلەرنىڭ ئاقساقىلى) ئىدى. بۇ ئادەم ئەسلى خوتەنلىك بولۇپ، 15 — 16 ياش چاغلىرىدا ئەنجانلىق سودىگەرلەرگە ئەگىشىپ روسىيىگە بېرىپ، روسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكەنىدى. تەخمىنەن 1907 - يىلى 5 - ئايلاردا چىراغا كېلىپ ئابلىز قارى دېگەن باي سودىگەرنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ، شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ، سودىگەرچىلىك قىلىش نامى بىلەن چاررۇسىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. ئۇ چاررۇسىيىنى ھىمات قىلىپ، پۈتۈن

* بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، ئۇيغۇرچە 59 -، 60 - بەتلەر.

يېزىنى بېشىغا كىيىپ زورلۇق - زومبۇلۇق قىلدى. بىرمۇنچە «سودا بېلەتى»نى «روسىيە پاسپورتى» دەپ سېتىپ، قانۇنسىز ھالدا روسىيە مۇھاجىرلىرىنى كۆپەيتىپ، روسىيە مۇھاجىرلىرى تەشكىللىنى قۇردى ۋە چارروسىيە سودىگەرلىرىنىڭ «شاڭيوسى» دېگەن نام ئاستىدا، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، «روسىيە مۇھاجىرلىرى» نى باج تاپشۇرماسلىققا، ھاشارغا ئىشلەشنى رەت قىلىشقا قۇتراتتى، سۇ ئىنشائاتلىرىنى ئىگىلىۋېلىپ، يەرلىك ھەر مىللەت خەلقىگە خالىغانچە زىيانكەشلىك قىلدى. ئۇ ھەتتا ئوچۇقتىن ئوچۇق «ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، ئۇيغۇر خەلقىنى ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىشقا قۇترىتىپ، ھەدەپ چارروسىيىنىڭ كەتمىنىنى چاپقىلى تۇردى. سېيىت ھاجىنىڭ خىلمۇخىل زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى يەرلىك ھەر مىللەت خەلقىنى قاتتىق غەزەپكە كەلتۈردى. شۇ يەرلىك سۈپۈرگە ئاخۇن قاتارلىق 17 كىشى سېيىت ھاجىنىڭ خەلقنىڭ شىللىسىغا مىنىۋېلىپ زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىشىغا ئەمدى يول قويماسلىق توغرىسىدا قەسەمياد قىلدى. ئۇلار تەرەپ - تەرەپ بىلەن ئالاقە باغلاپ كۈچ توپلاپ، كەڭ تۈردە قوللاپ - قۇۋۋەتلەشكە ئېرىشتى. 1912 - يىلى 12 - ئايدا سۈپۈرگە ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەر كېرىيىگە بېرىپ سېيىت ھاجى ئۈستىدىن ئەرز قىلدى، كېيىن يەنە خوتەنگە بېرىپ ئەرز قىلغان بولسىمۇ، يەرلىك ئەمەلدارلار چارروسىيىنىڭ كۈچىدىن قورقۇپ، ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشقا پېتىنالمىدى. شۇنىڭ بىلەن سېيىت ھاجىنىڭ خورىكى ئۆسۈپ كەتتى. ئۇ ئابلىز قارىنىڭ ھويلىسىغا چارروسىيىنىڭ دۆلەت بايرىقىنى ئېسىپ، دەرۋازىسىغا قوراللىق پوست قويۇپ، سۈپۈرگە ئاخۇن بىلەن يېقىن ئالاقىسى بار كىشىلەرنى ھويلىدا ئېسىپ قويۇپ ئۇردى.

سۈپۈرگە ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ خوتەنگە بېرىپ قىلغان

ئەرزى ئاقمىغان بولسىمۇ، قىلچە بوشاشماستىن، قەشقەرگە بېرىپ ئەرز قىلىشقا ھازىرلاندى. شۇ چاغدا قەشقەرنى گېلاۋخۇيچىلار بىلەن ئىنقىلابچىلار كونترول قىلىپ تۇراتتى. قەشقەردىكى گېلاۋخۇيچىلارنىڭ باشلىقى چىرا خەلقىنىڭ ھەققانىي كۆرىشىنى قوللاش ئۈچۈن، يەركەندىكى ياندىش قوماندان شۈن گاۋشېڭنى خوتەنگە بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئەۋەتتى. شۈن گاۋشېڭ خوتەنگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، سۈپۈرگە ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ شىكايىتىنى تەپسىلىي ئاڭلاپ، بەش ئەسكەرگە يەرلىك كىشىلەردىن بىرقانچىنى قوشۇپ ئەھۋالنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىگىلەپ كۆرۈش ئۈچۈن دەرھال چىراغا ئەۋەتتى. ئۆزىمۇ 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى 30 نەپچە ئەسكەرنى ئەگەشتۈرۈپ چىرىيىگە يېتىپ كەلدى، يەرلىك خەلق ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى. شۈن گاۋشېڭ سېيىت ھاجى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى بىرقانچە قېتىم ئادەم ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ رەت قىلىپ، كەلگەن كىشىلەرنى ئۇردى. سېيىت ھاجى ئابلىز قارىنىڭ ھويلىسىغا يىغىۋالغان 100 دىن ئارتۇق ئادەمنى تولۇق قوراللاندۇرۇپ، قارشىلىق كۆرسىتىشكە ھازىرلاندى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، شۈن گاۋشېڭ ئۆزى ئەسكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ سۆھبەت ئۆتكۈزگىلى باردى. چىرىيە خەلقىدىن 500 دىن ئارتۇق كىشى ئۆزلۈكىدىن قوللىرىغا تاياق - توقماق، كەتمەن، پالتا، تۆمۈر ئارىلارنى ئالغان ھالدا ئابلىز قارىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ ئولاشتى. شۈن گاۋ شېڭ چاقىرغىلى ئادەم كىرگۈزگەندى، سېيىت ھاجى ئۇنى كۆزگە ئىلماي، قولچوماقلىرىنى كۈشكۈرتۈپ، چاقىرىش ئۈچۈن ئىشىك ئالدىغا كەلگەن شۈن گاۋشېڭنىڭ ئەسكىرى جۇشۇتاڭنى مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈردى، دېھقانلاردىن ئىسلام ئاخۇننى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈردى. ئامما-

نىڭ غەزىپى تولۇپ تاشتى. سۇپۇرگە ئاخۇن ئاممىنى يېتەكلەپ، يەڭلىرىگە قىزىل لاتا باغلىۋېلىپ، تاياق - توقماق، كەتمەن - پالتىلارنى كۆتۈرۈپ قوزغىلىپ كېلىپ، سېيىت ھاجىنىڭ ئۇۋىسىنى قورشاپ، ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ، شۇ مەيدانىنىڭ ئۆزىدىلا ئۇنىڭ 31 ئادىمىنى ئۇرۇپ ۋە كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈردى. سېيىت ھاجى كېسەلمەن خوتۇن كىشىنىڭ سىياقىدا ياسىنىپ، ئۆينىڭ ئارقا تېمىنى تېشىپ چىقىپ قېچىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن قەشقەر، خوتەن، گۇما، قاغىلىق، يەكەن قاتارلىق جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقى يەنە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كۆرەشلەرنى ئېلىپ باردى.

چىرىيە ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، چارروسىيە بۇنى باھانە قىلىپ، 500 دىن ئارتۇق ئەسكەر بىلەن قەشقەرگە بېسىپ كىرىپ، قەشقەرنىڭ يەرلىك ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىپ، 180 كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىش لازىم، دېگەن بىمەنە تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. چارروسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇلى بېرىنس 20 دىن ئارتۇق كازاك سولداتنى باشلاپ چىراغا كېلىپ ئويدۇرما ئىسپات تەييارلاپ، سۇپۇرگە ئاخۇن قاتارلىق نۇرغۇن كىشىنى قەشقەرگە يالاپ ئېلىپ بېرىپ ئۆچ ئالماقچى بولدى.

1913 - يىلى 2 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، قەشقەرنىڭ دوتىيى، تىدۇسى ۋە قەشقەر يېڭىشەھەرنىڭ ھاكىمى قەشقەردە «سوت» ئېچىپ چىرىيە ۋەقەسى بىلەن چېتىشلىق بولغانلارنى سوتلىدى. سوت باشلىنىشى بىلەنلا سۇپۇرگە ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەر سېيىت ھاجىنىڭ خىلمۇ خىل جىنايەتلىرىنى غەزەپ بىلەن پاش قىلغانىدى. چارروسىيىنىڭ كونسۇلى سوكوۋ قاتارلىقلار ئىنتايىن ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، دەۋاگەردىن جاۋابكارغا ئايلىنىپ قېلىشتى. بىراق، يۈەن شىكەينىڭ ۋەتەن ساتقۇچ

ھۆكۈمىتى چاررۇسىيىنىڭ ھەربىي كۈچى ئالدىدا تىز پۈكۈپ، پاكىتلارغا قارىماي، چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىغا قويغان ھەر خىل شەرتلەرگە ماقۇل بولۇپ، سۈيپۈرگە ئاخۇن، شۈن گاۋشېڭ قاتارلىقلارغا ئون يىللىقتىن يۇقىرى قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىشقا ماقۇل بولدى. (لېكىن تولۇق ئىجرا قىلىنمىدى)؛ خەلق ئاممىسىنىڭ كۈرىشىگە ھېسداشلىق قىلغان ۋە ئۇنىڭغا مەدەت بەرگەن يەرلىك ئەمەلدارلارغىمۇ چارە كۆرۈلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە،جۇڭگو ھۆكۈمىتىيەنە 70مىڭ سەر كۈمۈش تۆلەم تۆلىدى.

چىرىيە ۋەقەسى يۈەن شىكەي ۋەتەن ساتقۇچ ھۆكۈمىتىنىڭ تىز پۈكۈپ بىر تەرەپ قىلىشى ئارقىسىدا ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى سۆيۈش يالقۇنى داۋاملىق يېنىپ ئۆچۈپ قالمىدى. 1914 - يىلى، يولسىزلارچە قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان شۈن گاۋشېڭ كېلاۋخۇيچىلارنىڭ باشلىقى سالاھىيىتى بىلەن، قەشقەردە خەلقنىڭ چاررۇسىيىگە قارشى كۈرىشىگە باشچىلىق قىلدى. سۈيپۈرگە ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەر تۈرمىدىن چىقىپ چىرىيىگە قايتىپ بارغاندا، يەرلىك خەلقنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى ۋە داۋاملىق تۈردە ئاممىنى يېتەكلەپ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىققا قارشى تىز پۈكمەي كۈرەش قىلدى*.

## 3 - بۆلۈم ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان تەسىرى

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا دۇ - دۇ بولغاندىن كېيىن، يۈەن

* خوتەن سىفەن تېخنىكومى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى يازغان «‹چىرىيە ۋەقەسى› نى تەكشۈرۈشتىن دوكلات»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 9 - سان، 53 ــ 77 - بەتلەر.

شىكەيدىن مەخپىي بۇيرۇق ئېلىپ، شىنجاڭدىكى ئىنقىلابچىلارنى دەرھال تازىلاشقا كىرىشتى. ئاۋۋال ئۇ، ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ رەھبەرلىرىنى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىتىۋەتتى، ياڭ زەڭشۇنى قەشقەرگە تىدۇ قىلىپ تەيىنلىدى. ياڭ زەڭشۇ قەشقەرگە بېرىپ بىرقانچە ئاي ئۆتمەيلا، ياڭ زېڭشىننىڭ مەخپىي ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، باھانە كۆرسىتىپ شىنجاڭدىن كەتتى. ياڭ زەڭشۇ كەتكەندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ رەھبەرلىرىدىن فېڭ تېمىن، لى فۇخۇاڭلارنى مەخپىي ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىنقىلابىي پارتىيە ئەزالىرىنى پۇلغا زورلاپ سېتىۋېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بىرمۇنچە ئىنقىلابچىلارنى ئۆز يۇرتىغا يولغا سېلىپ قويدى. كېلاۋخۇيچىلارنىمۇ دەھشەتلىك تۈردە باستۇردى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى ئىنقىلابچىلار ئۈزۈل - كېسىل تازىلاندى؛ ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ مېۋىسى بىكارغا كەتتى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى-نىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئورنىنى فېئودال مىلىتا-رىستلار ھۆكۈمرانلىقى ئىگىلىدى.

ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى ئاساسىي جەھەتتىن چىڭ سۇلالى-سىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى تۈزۈمگە ۋارىسلىق قىلدى. قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت ۋە پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەتنىڭ فېئو-دال ۋاڭ - گۇڭلۇق تۈزۈمى يەنىلا ساقلاپ قېلىندى. چوڭ پومېشچىك، چوڭ سودىگەرلەرنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى ئىلگىرى-كىدەكلا داۋاملاشتى. ناھىيىلەرنىڭ ھوقۇقى يەنىلا ئامباللارنىڭ قولىغا مەركەزلەشتى، ئامبال بولغان كىشى تۈزۈكرەك بولسا، ناھىيىنىڭ باشقۇرۇلۇشى ياخشىراق بولدى، ئامبال ناباب بولسا، ناھىيىنىڭ ئىشلىرى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ھەرقايسى يېزا - كەنت شاڭيو (بەگ) لىرىنىڭ ھوقۇقى يەنىلا چوڭ ئىدى. شاڭيولارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇرغۇن يەر ئىگىلەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە

هۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، خەلقنى ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلدى①. «يەرلىك ئەمەلدارلار شاڭيولارنى ئۆزىگە قول چوماق قىلدى، شاڭيولار بولسا يەرلىك ئەمەلدارلارنى ئۆزىگە هامىي قىلدى، پۇقرالار بولسا بۇنىڭ زىيىنىنى بولۇشچە تارتتى»②. شاڭيولار خەلقتىن بىر نەرسە ئۈندۈرۈۋالماقچى بولسا، هۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا تىنىپلا قويسا، مۇددىئاسى ئەمەلگە ئاشاتتى. بەزى ئامباللارغا شاڭيولاردىن نەپ تەككەنلىكى ئۈچۈن، شاڭيولار ئۇلارنىڭ تەمشۇقىدىن ئىلىۋېلىپ، شاڭيولۇقنى باقىۋەندە قىلىۋالاتتى، ئۇنى ھېچكىممۇ ئېلىپ تاشلىيالمايتتى.

ياڭ زېڭشىن جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنى چوڭ پومېشچىك، باي سودىگەرلەر ئارقىلىق تىزگىنلىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە ئەينى يىللاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي هاياتىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان يۇرتۋازلىق كۆز قارىشىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى بىر - بىرىنى چەكلەپ تۇرىدىغان قىلىپ قويدى. مەسىلەن: ئىلىدا هۈسەنباي، ياقۇپباي دەيدىغان ئىككى باي بولۇپ، هۈسەنباي ئاتۇشلۇق، ياقۇپباي قەشقەرلىك ئىدى، بۇ ئىككىسىنىڭ شۇ جايدىكى ئاهالىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى خېلى چوڭ ئىدى. ياڭ زېڭشىن ياقۇپبايدىن پايلاقچى ئورنىدا پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا «چىن كۆڭلىدىن ئىشىنىدىغانلىقىنى» بىلدۈردى. هۈسەنباينىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئىززەتلەپ، مۆتىۋەر

---

① بۇرهان شەهىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، خەنزۇچە، 80 — 82 - بەتلەر.

② ياڭ زېڭشىن: «ئىستىغپارە هۇجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇبلار»، A توپلام، 1 - قىسىم، 66 - بەت ئۈستى، «داۋامى» 14 - جىلد، 40 - بەت ئۈستى.

قاتاردا مۇئامىلە قىلدى. ياڭ زېڭشىن بۇ ئىككىيلەننى پۇت تېپىشتۇرۇپ قويۇپ، يەرلىك ئەمەلدارلارغا شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىش كۆرۈشنى تاپىلىدى. بىردەم ئۇنى باسسا، بىردەم بۇنى باستى. بۇ ئىككىيلەن ئەينى ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەتنى پۇل تېپىپ باي بولۇشنىڭ ھىماتى قىلىۋالدى. ياڭ زېڭشىن قەشقەرلىك باي سودىگەر روزىنى ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ باشلىقى، ئاتۇشلۇق ياقۇپنى مەملىكەتلىك پارلامېنتنىڭ ئەزاسى قىلىپ ئۆستۈردى، باشقا جايلاردىكى بەزى ئۇيغۇر بايلىرىنىمۇ مەملى-كەتلىك پارلامېنت ياكى ئۆلكىلىك كېڭەشكە ئەزا قىلدى. ئۇلار مانا مۇشۇنداق ئاتالمىش خەلق پىكرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئورگاندا ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتى ئۈچۈن كەتمەن چېپىشقا رازى بولدى. ياڭ زېڭشىندۇ جايلارنى شۇلار ئارقىلىق كونترول قىلدى.

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدىكى دىنىي ئىشلارغا قارىتا، بولۇپمۇ ئىسلام دىنىغا قارىتا خېلى ئېھتىياتچان سىياسەت قوللاندى. دىنىي پائالىيەتلەرگە مەمۇرىي كۈچ ئارقىلىق ئارىلىشىشنى تەشەببۇس قىلمىدى، ئاخۇنلاردىن يەرلىك ئەمەلدار تەيىنلەشكە قارشى تۇرۇپ، ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىش ئۈچۈن تىرىشىپ، شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ دىنىي مەسىلە تۈپەيلىدىن تەۋرىنىپ كەتمەسلىكىنى قولغا كەلتۈردى. لېكىن شۇنداقتىمۇ، دىنىي پائالىيەتلەرگە قارىتا، بەزى چەكلەش تەدبىرلىرىنىمۇ قوللاندى. مەسىلەن: چەت ئەللەردىن ئاخۇنلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ دىنىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشىغا رۇخسەت قىلمىدى؛ دىنىي پائالىيەتلەرنى بۇرۇن ياسالغان مەسچىتلەردىلا ئېلىپ بېرىشقا رۇخسەت قىلىپ، يېڭىدىن مەسچىت سېلىشقا ياكى «خۇسۇسىي ئىبادەتخانىلارنى ئېچىش» قا ۋە «ئۆيگە يىغىلىپ

خەتمەقۇرئان قىلىش» قا رۇخسەت قىلمىدى. ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنىڭ دىنىي ئىشلىرىغا جاھانگىرلارنىڭ قول تىقىشىدىنمۇ ئالاھىدە ئېھتىيات قىلدى، چەت ئەللىكلەرنىڭ شىنجاڭدا دىنىي مەكتەپلەرنى ئېچىشىغا، شەخسىيلەرنىڭ چەت ئەللىك كىشىلەرنى ئاخۇنلۇققا تەكلىپ قىلىشىغا رۇخسەت قىلمىدى. 1918 - يىلى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ قۇتراتقۇلۇق قىلىشى بىلەن قوزغالغان ھاجى خوجا، مۇھەممەت ئېلىخانلار توپىلىڭىنى قەتئىي باستۇردى.

ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، فېئودال ئەمەلدارلار ۋە ھەر مىللەت فېئوداللىرىنىڭ ئەمگەكچى خەلقنى شىلىشى ۋە قاقتى - سوقتى قىلىشى ئىنتايىن ئېغىر بولدى. ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆزىمۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ قېنىنى شوراشنى مەقسەت قىلغان فېئودال ئەمەلدارلارنىڭ «مەنسەپكە ئېرىشكەن ھامان چەنتۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى شوراپ، زورلۇق - زومبۇلۇق بىلەن قاقتى - سوقتى قىلىشى مەملىكەت بويىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان» لىقىنى، «بىرەر ئوبدان مەنسەپكە ئېرىشىۋالسىلا، خالتىسىنى لىق توشقۇزماي قايتمايدۇ» غانلىقىنى، ھەر مىللەت فېئودال خوجايىنلار باج - سېلىق يىغىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ھەسسىلەپ قاقتى - سوقتى قىلىدىغانلىقىنى، «خىراجەتنىڭ ئەمەلىي ئىشلىتىلىدىغىنى ئېلىنغان سېلىقنىڭ ئوندىن بىرىگىمۇ يەتمەيدۇ، ئاقساقال - شاڭيولارنىڭ ئوندىن توققۇزى سېلىقنى كۆپەيتىپ قالايمىقان ئالىدۇ»* غانلىقىنى

* يۇقىرىقى كىتاب. A توپلام 1 - قىسىم، 26 -، 28 - بەتلەر.

ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئەمگەكچى خەلق فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمى ئاستىدا ئىنتايىن ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدە قالغانىدى.

ياڭ زېڭشىن تەختكە چىققاندىن كېيىن، شىنجاڭ مالىيەسى قاتمۇ قات قىيىنچىلىققا بوغۇلۇپ قالغانىدى. ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى مالىيە جەھەتتىكى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 1914 - يىلى جەمئىي 6 مىليون 230 مىڭ سەردىن ئارتۇق (شىنجاڭدا پۇل بىرلىكى سەر بويىچە ھېسابلىناتتى) «ئۆلكە پۇلى» ۋە «شىنجاڭ پۇلى» بېسىپ تارقاتتى. قالايمىقان قەغەز پۇل بېسىپ تارقىتىش نەتىجىسىدە پۇل پاخاللىشىپ، مال باھاسى ئۆرلەپ، پۇلنىڭ كۇرسى چۈشۈپ كەتتى. ياڭ زېڭشىن ئۆزىمۇ: «قەغەز پۇلنىڭ قىممىتى تۆۋەنلەپ جالىشىپ كەتتى، مال باھاسى قىممەتلىشىپ، بىر سەرلىك مال ئۆرلەپ نەچچە سەرگە چىقتى، سودىگەرلەر بېسىمدارلىق قىلدى، زىيان يەنىلا نامراتلارغا بولىدى، قەغەز پۇلنىڭ ئوندىن توققۇزى خەلقنىڭ قولىدا قېلىپ، خەلقنىڭ يۈكى يۈتمەس - تۈگىمەس دەرىجىدە ئېغىرلىشىپ كەتتى»* دەپ ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئەينى - ۋاقىتتا بازاردا ھۆكۈمەت چىقارغان «داچەن»، «قىزىل يارماق»، «مىس پۇل» (تىيىن)، كۈمۈش تەڭگە - يامبۇ قاتارلىق مېتال پۇللار ۋە قەشقەر تىزىسى (كونا تىزا دەپمۇ ئاتىلاتتى)، ئىلى تىزىسى، چۆچەك تىزىسى، ئالتاي تىزىسى، كونا ئەجدىھا سۈرەتلىك

* «ئىستىغپارە ھۇجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇبلار»، 9 - توپلام. 2 - قىسىم 12 - بەت تۆۋەن تەرىپى.

تىنزا، ھۆكۈمەت تىنزىسى دېگەنگە ئوخشاش قەغەز پۇللار ئوبوروت قىلىناتتى، پۇلنىڭ تۈرى خىلمۇخىل بولغانلىقتىن تولىمۇ قالايمىقانىدى. ئەمەلدارلار، سودىگەرلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كۆپلەپ پايدا ئېلىپ خەلقنىڭ قېنىنى شورايتتى.

ياڭ زېڭشىن ئۆلكە ئىچىدە سىرت بىلەن ئالاقە قىلماسلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. ئۇ ئوچۇقتىن - ئوچۇق پوچتا تېلېگرافنى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن ھەرقانداق كىتاب - ژورنال، گېزىتلەرنى شىنجاڭغا ئەكىرىش ئەچىقىشنى قاتتىق مەنئىي قىلدى. ئۇ تېخى ئۆزى بېيىت يېزىپ ئۆز مەھكىمىسىنىڭ زالىغا ئېسىپ قويغان، ئۇ بېيىتتا مۇنداق يېزىلغان: «جۇمھۇرىيەت گۈل - چېچەكلىرى ئېچىلماستىن، تۈشمۇ - تۈشتىن نوچى چىقتى غەۋغا تېرىپ؛ ئورتا تۈزلەڭ ماجرا بىلەن قاپلانسىمۇ، جىم ياتىمەن ئارىلاشماي سۈكۈت قىلىپ. چېگرا زېمىن گۈزەل قالتىس، شىمالدا - جۇڭغارىيە، جەنۇبىدا مۇسۇلمانلار؛ ھۆكۈمران بوپ كەلدىم شۇ گول، ياۋاش خەققە، مەيلىيا تۇرۇۋەرسۇن ئاداقىچە نادانلىقتا.»

ياڭ زېڭشىن ھوكۇمرانلىق قىلغان مەزگىل - پۈتۈن مەملىكەتتە مىلىتارىستلار قالايمىقان جەڭگى - جېدەل قىلىشىۋاتقان ھەرقايسى جايلاردا چوڭ داۋالغۇش بولۇۋاتقان مەزگىل ئىدى. شۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ مالىيىسىدە قىيىنچىلىق يۈز بېرىپ، ئىگىلىك خارابلىشىپ، تاشقى جەھەتتە چېگرانى قوغدايدىغان ئەسكەر يوق، ئىچكى جەھەتتە خەلققە ياردەم بەرگۈدەك مادار يوق ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى، گەرچە مىلىتارىستلارنىڭ قالايمىقان ئۇرۇش ئاپەتلىرى بۇ يەرگە يېتىپ كەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن

ئۇزۇن مۇددەتلىك قالايمىقانچىلىقنىڭ ئىگىلىككە كەلتۈرگەن
جاراھەتلىرى تېخى ساقايمىغانىدى. ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنىڭ
ئالىي ھۆكۈمرانى بولۇش سۈپىتى بىلەن، شىنجاڭنىڭ ھەربىي -
مەمۇرىي چوڭ ھوقۇقىنى ئۆزىنىڭلا قولىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، شىمالىي
مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىگە ئىتائەت قىلسىمۇ، لېكىن مىلىتارىس-
لارنىڭ قالايمىقان ئۇرۇشلىرىغا باشتىن ئاياغ ئارىلاشماي،
مىلىتارىستلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىگە
قارشى تۇرۇپ، ئۇرۇشنى توختىتىپ خەلققە ئاراملىق بېرىشنى
تەشەببۇس قىلدى، كۆپ جايلاردا ئۆزىنىڭ «بەش مىللەت
جۇمھۇرىيىتى» نى يولغا قويۇشنى خالايدىغانلىقىنى، «شىنجاڭنى
شىنجاڭلىقلار ئارقىلىق قوغداش»① لازىملىقىنى بىلدۈرگەنىدى.
مىنگونىڭ 2 - يىلى 2 - ئايدا، ئۇ شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمى-
تىگە مەلۇمات يوللاپ، شىنجاڭدىكى «مۇسۇلمانلار قوشۇنى»
نى تەشكىللەپ كېڭەيتىپ، ئۇلارنى سىرتقا قارىتا چېگرانى
قوغدايدىغان، ئىچكى جەھەتتە خەلقنى باستۇرىدىغان ھەربىي
كۈچكە ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. مىنگونىڭ 3 - يىلى، ئۇ
پۈتۈن شىنجاڭدىكى گېلاۋخۇيچىلارنى كەڭ كۆلەمدە باستۇرۇشقا
كىرىشتى. گېلاۋخۇيچىلارنى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن، دىققىتىنى
دەرھال سۇ ئىشلىرى قۇرۇلۇشىغا، بوز يەر ئېچىپ ئېتىز
بىنا قىلىشقا، سودا - سانائەتنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا
قويۇپ، مالىيە مەنبەسىنى ئېچىشقا بۇرىدى. مەسىلەن، مىنگو-
نىڭ 4 - يىلى 6 - ئايدا يېڭىسار، تۇرپان ناھىيىلىرىگە؛
8 - ئايدا يەنە تۇرپان، مارالبېشى ناھىيىلىرىگە؛ 9 - ئايدا

① «ئىستىخپارە ھۇجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇبلار»، A توپلام، 1 - قىسىم
يۇقىرىغا يوللانغان ئالاقىلەر (2 - قىسمى)

لوپنۇر ناھىيىسىگە؛ 10 - ئايدا يەنە تۇرپان، پىچان، چەرچەن ناھىيىلىرىگە؛ 11 - ئايدا يەنە تۇرپان ناھىيىسىگە پەرمان چۈشۈرۈپ، بۇ ناھىيىلەرنىڭ ئامباللىرىغا شۇ جايلاردا سۇ قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىشنى ياكى سۇ قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى، ئۈنۈم بېرىش ئەھۋالى قاتارلىق ئىشلارنى مەلۇم قىلىشنى تاپىلىدى. مىنگونىڭ 5 - يىلى يەنە كۇچا، ئۈچتۇرپان، شايار ناھىيىلىرىنىڭ ئامباللىرىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇلارغا تېرىغىلى بولىدىغان يەرلەردىن پايدىلىنىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىقنى يولغا قويۇشنى تاپىلىدى؛ مىنگونىڭ 5 - يىلى 4 - ئايدا، ئەسلى قەشقەرنىڭ دوتيىي (ۋالىيسى) ۋاڭ بىڭگۇننى پاختىكارلىق مۇدىرى قىلىپ تەيىنلەپ پاختا ئىشلەپچىقىرىشقا ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى؛ مىنگونىڭ 5 - يىلى 7 - ئايدا، شەنشىگە نېفىت قىزىش ۋە نېفىت ئايرىشنىڭ يېڭى ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى؛ 7 - يىلى 9 - ئايدا، روسىيە نېفىتىغا بايقۇت ئېلان قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە ئايرىلغان نېفىتنىڭ بازىرىنى ئېچىش ئۈچۈن، مەبلەغ جەمغۇرۇش شەكلى بىلەن كېرسىن شىركىتى قۇردى؛ 7 - يىلى 12 - ئايدا، لى رۇڭنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ توقۇمىچىلىق سانائىتىنى تەكشۈرۈش ۋە توقۇمىچىلىق ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىش ئىشلىرىنى بېجىرىشكە ئەۋەتتى، تۇرپاندا ئۈلگىلىك توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنى سىناق قىلىپ قۇردى؛ 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ھەربىي ۋە مۈلكىي ئىدارىلارغا ئومۇميۈزلۈك خوتەن سامان قەغىزى ئىشلىتىش توغرىسىدا يوليورۇق چۈشەردى ھەمدە بۇ ھەقتە ئالتە ماددىلىق قائىدە تۈزۈپ چىقىپ، خوتەننىڭ قەغەزچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆسۈشىگە ئىلھام بەردى ۋە باشقىلار. بۇ تەدبىرلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىدە مەلۇم رول ئوينىدى.

روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، پۈتۈن دۇنيادىكى جاھانگىرلار روسىيىدە يۈز بەرگەن ئىشنى دەھشەتلىك بالايىئاپەت دەپ قاراپ، يېڭىلا دۇنياغا كەلگەن سوۋېت ھاكىمىيىتىنى تەرەپ - تەرەپتىن قورشاپ، ئۇنى بۆشۈك ئىچىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇندى. روسىيىدىكى ھەر قايسى ئەكسىلئىنقىلابىي كۈچلەر بىرلىشىپ، جاي - جايلاردا ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ كۆتەردى. 1920 - يىلىنىڭ بېشىدا، سىبىرىيىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق كۈچلەر بولشېۋىكلارغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى. ئىنقىلابنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىپ، جايلاردىكى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىش ئۈچۈن، سوۋېت ھاكىمىيىتى ھەر قايسى سەپلەردە ئاقلار بىلەن كۈرەش قىلىشنى قارار قىلدى. 1920 - يىلىنىڭ بېشىدا، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ شەرقىي سەپتىكى ئاقلار بىلەن قىلغان ئۇرۇشى ئېلىمىزنىڭ چۆچەك، بۇرتالا، ئىلى، قەشقەر قاتارلىق چېگرا رايونلىرىغا يېقىن جايلاردا ئېلىپ بېرىلغانىدى. شۇ چاغدا ياڭ زېڭشىن روسىيىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي ئاق گۋاردىيىچى باندىتلارنىڭ جەزمەن مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى بىلگەن ھەمدە روسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئېلىمىزنىڭ چېگرا رايونلىرىغا بولىدىغان تەسىرىگە يېقىندىن دىققەت قىلغانىدى. ئاق گۋاردىيىچى باندىتلار سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى تەرىپىدىن مەغلۇب قىلىنغاندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن بۇ ئاق گۋاردىيىچى باندىتلار «نۇرغۇن جېنايەتلەرنى قىلغان ئەسكەرلەر بولسىمۇ ئەمدى ئىسىگە كېلەلمەيدۇ، ... يېڭىلگەن بۇ ئەسكەرلەر يېڭى پارتىيە (بولشېۋىكلارنى دېمەكچى) گە قارشىلىق كۆرسىتىشتە كۈچى يەتمەيدۇ، ئەمما شىنجاڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا بولسا كۈچى (مېنشېۋىكلارنى دېمەكچى) يېتىپ ئاشىدۇ»*

* «ئىستىغپارە ھوجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇبلار»: «ئىلى ھەربىي ۋالىيسىغا مەغلۇب بولۇپ شىنجاڭغا كىرگەن روس ئەسكەرلىرىگە قورال كۈچى بىلەن مۇئامىلە قىلماسلىق توغرىسىدا بېرىلگەن يوليورۇق»، «ئىلىدىكى ياڭ ئەلچىنىڭ ئالىيكوۋنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا يوللىغان مەلۇماتىغا بېرىلگەن جاۋاب».

دەپ ناھايىتى توغرا مۆلچەرلىگەنىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ «بىتەرەپلىكى» دە چىڭ تۇرغانىدى، ئۇ «روسسىيىدىكى كونا - يېڭى ئىككى پارتىيە بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ، مەيلى قايسى يەڭسۇن، قايسى يېڭىلسۇن، دۆلىتىمىز ئۇنىڭغا باشتىن - ئاخىر ئارىلاشماسلىقى كېرەك، بىتەرەپ مەۋقەدە چىڭ تۇرۇش ئەڭ ياخشى چارە»* دەپ قاراپ، سىدورۇۋ ۋە بىردىيانتىسېۋ، ئالېنكوۋ، دۇتوۋلارنىڭ باشچىلىقىدىكى مەغلۇپ بولغان ئاق گۋاردىيىچىلەرنىڭ چۆچەك ۋە ئىلى قاتارلىق جايلارغا چېكىنىپ كىرىۋېلىشىنى تۈرلۈك ئاماللار بىلەن توسقانىدى. كېيىن قىزىل ئارمىيە قوغلاپ زەربە بېرىپ قىستاپ كەلگەنلىكتىن، مەغلۇپ بولغان بۇ ئاقلار قوشۇنى شىنجاڭنى ئۆزلىرىنىڭ چېكىنىش يولى دەپ قاراپ، تارغاباتاي تەرەپكە ئون مىڭدىن ئارتۇق ئادەمى كىرىۋالدى، ئىلى تەرەپكە نەچچە مىڭ ئادەمى كىرىۋالدى. بۇنداق ۋەزىيەتتە، ياڭ زېڭشىن ئەسكىرىي كۈچى، ئوزۇق - تۈلۈك، خىراجەت ئىنتايىن قىيىن بولۇۋاتقان شارائىتتا، لەشكەر يۆتكەپ، ئىلى، تارباغاتاي تەرەپلەرنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتى ھەم قوراللىق قىسىم ئەۋەتىپ، مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىپ كىرىۋالغان ئاق باندىتلار قوشۇنىنىڭ ھەممىسىنى قورالسىزلاندۇرۇپ، مەخسۇس ئورۇن بەلگىلەپ، ئەسكەر ئەۋەتىپ نازارەت ۋە كونترول قىلىپ، روسسىيىدىكى ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشنى كۈتۈپ تۇردى. 1921 - يىل 5 - ۋە 9 - ئايدا، ياڭ زېڭشىن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بىلەن كېلىشىپ، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئىلىمىز چېگرىسى ئىچىگە كىرىپ، داۋاملىق قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان قالدۇق ئاق باندىتلارنى قوغلاپ يوقىتىشقا ماقۇل بولدى. ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى قورالسىزلاندۇرۇلغان ئاق باندىتلارنىڭ ھەربىي خادىملىرىدىن ئۆز دۆلىتىگە قايتىشنى خالايدىغانلىرىغا

* «ئىستىغپارە ھۇجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار» 1 - توپلام: «چۆچەك مۇئاۋىن سانغۇنى مافۇمىڭغا روسسىيىنىڭ مالىمانچىلىقىغا قارىتا بىتەرەپلىك مەيدانىدا چىڭ تۇرۇش توغرىسىدا بېرىلگەن جاۋاب»

كۆرسىتىلگەن يول ۋە چېگرىدىن ئۆتىدىغان جاي بويىچە ئۆز
دۆلىتىگە قايتىشىغا رۇخسەت قىلدى. ئۆز دۆلىتىگە قايتىشنى
خالىمايدىغان جاھىل ئاق ئورۇسلارغا قارىتا، ئۇلارنى ئىمكانىيە-
ھەر ئىچكى رايونلار ئارقىلىق باشقا جايلارغا كېتىشكە سەپەر-
ۋەر قىلدى. ئالېنكوۋ قاتارلىق بىر قىسىم ئاق ئورۇس باندىت-
لىرى ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ سوۋېت ھاكىمىيىتىگە تەسلىم بولۇش-
قىمۇ ئۇنىماي، باشقا ئەللەرگە كېتىشكىمۇ ئۇنىماي، ئۇزاققىچە
شىنجاڭدا قېچىپ يۈرۈپ، شىنجاڭنى ئۆزلىرىنىڭ سوۋېتكە قار-
شى بازىسى قىلىشقا ئۇرۇندى، ھەتتا كۆمۈپ قويغان قوراللىرىنى
قېزىپ چىقىپ، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا پاراكەندىچىلىك
سېلىشقا تەييارلاندى. بۇلارغا قارىتا، ياڭ زېڭشىن كەسكىن
تەدبىر، جۈملىدىن ھەربىي تەدبىر قوللىنىپ، ئۇلارنى قوراللىرىنى
تاپشۇرۇپ، ئۆزى بەلگىلىگەن سىياسەتكە بويسۇنۇشقا مەجبۇر قىلدى.

مەغلۇب بولغان رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ
رايونىغا كىرىۋېلىشىدىن ئىبارەت بۇنداق قىيىن مەسىلىنى ياڭ
زېڭشىننىڭ بىر قەدەر ئاقىلانە ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىشى
ئېلىمىزنىڭ چېگرا رايونىنىڭ تىنچلىقى ۋە ھەر مىللەت خەلقى-
نىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپىنىڭ مۇقىملىقىغا نىسبەتەن مۇ-
ھىم رول ئوينىدى. 1928 - يىلى، ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ قول
ئاستىدىكى فەن ياۋنەن قاتارلىق كىشىلەر بىلەن سىياسىي كۆز
قاراشتا كېلىشەلمىگەنلىكتىن، فەن ياۋنەن تەرىپىدىن قەتل قى-
لىندى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ بىر قەدەر مۇھىم بولغان
دەۋرى ئاخىرلىشىپ، سىياسىي گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى قالايمى-
قان ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى.

# ئون ئىككىنچى باب

# «4 - ماي» ھەرىكىتىدىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قەدەر بولغان مەزگىلدىكى شىنجاڭ

## 1 - بۆلۈم قۇمۇلدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جىن شۇرېنغا قارشى كۈرىشى

1917 - يىلى، روسسىيەدىكى ھەرمىللەت ئەمگەكچىلىرى لېنىن رەھبەرلىكىدە ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ئىنسانىيەت تارىخىدا يېڭى ئېرا ئېچىپ، دۇنيا پرولېتارىيات ئىنقىلابى ۋە شەرقتىكى ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق كۈرىشى ئۈچۈن شانلىق ئۈلگە تىكلەپ بەردى. روسسىيەدە ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇرۇلۇش بىلەنلا، جاھانگىر روسسىيەنىڭ جۇڭگو بىلەن تۈزگەن بارلىق تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەرنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى، جاھانگىر روسسىيەنىڭ جۇڭگودىكى بارلىق ئىمتىيازلىرىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ ھال مەملىكىتىمىز خەلقىنى زور دەرىجىدە ئىلھاملاندۇرۇپ، ھەر

مىللەت خەلقىمىزنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغا بولغان ھېسداشلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇردى. جۇغراپىيە جەھەتتىكى قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان شىنجاڭ رايونىدىمۇ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ئىنتايىن كۆرۈنەرلىك بولدى.

روسىيە ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىگە ئەگىشىپ، سوتسىيالىزم ئىدىيىسى مەملىكىتىمىزدە تارقىلىشقا، مىللىي ئويغىنىش بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دېگەنىدى: «ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ زەمبىرەك ئاۋازى بىزگە ماركسىزم، لېنىنىزمنى ئېلىپ كەلدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پۈتۈن دۇنيانىڭ، شۇنىڭدەك جۇڭگونىڭ ئىلغارلىرىنىڭ پرولېتارىيات دۇنيا قارىشىنى مەملىكەتنىڭ تەقدىرىنى كۆزىتىدىغان قورال قىلىپ، ئۆز مەسىلىلىرىنى يېڭىباشتىن مۇھاكىمە قىلىپ چىقىشىغا ياردەم قىلدى. روسىيەلىكلەرنىڭ يولى بىلەن مېڭىش — خۇلاسە ئەنە شۇ بولدى»*. جۇڭگو ئىنقىلابى دۇنيا پرولېتارىيات ئىنقىلابى ھەرىكىتى بىلەن بىرلىشىپ، سوتسىيالىستىك دۇنياۋى ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىشقا باشلىدى. جۇڭگو پرولېتارىياتىنىڭ كۈچى ئۇلغىيىپ، جۇڭگو ئىنقىلابى كونىچە بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابتىن يېڭىچە، پرولېتارىيات رەھبەرلىكىدىكى بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابقا يەنى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابقا ئايلىنىشقا باشلىدى. 1919 - يىلى مەملىكىتىمىزدە پارتلىغان، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش يولىدىكى ھەيۋەتلىك «4 - ماي» ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ باشلانغانلىقىدىن

* «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 4 - توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 656 - بەت.

دېرەك بەردى. «4 - ماي» ھەرىكىتى داۋامىدا، جۇڭگو پرولېتارىياتى ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ، ھەرىكەتنى تېز غەلىبىگە ئېرىشتۈردى. مانا بۇ، جۇڭگو پرولېتارىياتىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلىشتىن ئىبارەت تارىخىي ۋەزىپىنى ئۆز زىممىسىگە ئالالايدىغان كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

1921 - يىلى 7 - ئايدا، جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سىياسىي پارتىيىسى — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلدى. ماركسىزم - لېنىنىزملىق سىياسىي پارتىيە — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بارلىققا كېلىشى بىلەنلا، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ قىياپىتى يېڭىچە تۈس ئالدى. جۇڭگو خەلقى ئىدىيە ۋە تۇرمۇش جەھەتتە غايەت زور ئۆزگىرىش ياسىدى. پارتىيە قۇرۇلۇش بىلەنلا ئىشچىلار سىنىپىغا ۋە خەلق ئاممىسىغا رەھبەرلىك قىلىپ، جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، ناھايىتى تېزلا جۇڭگو خەلقىنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن يادرو كۈچىگە ئايلاندى.

«4 - ماي» ھەرىكىتىدىن كېيىن، ئۇيغۇر خەلقى ۋە شىنجاڭدىكى باشقا مىللەت خەلقلىرى يەنىلا فېئودال مىلىتارىست ھۆكۈمەتنىڭ مۇستەبىتلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرۇۋەردى. ياڭ زېڭشىن ئۇزۇن مۇددەتكىچە بېكىنمىچىلىك قىلىپ، خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇش سىياسىتىنى قوللاندى. ئۇ شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ مۇددىئاسىغا ئاساسەن، روسىيە ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدىن «قاتتىق مۇداپىئەلىنىپ»، ئۇنىڭغا بارلىق كۈچى بىلەن قارشى تۇردى. ئۇ ئەسكەر ئەۋەتىپ غۇلجىدا يۈز بەرگەن «غوۋغا» نى باستۇردى، لېكىن ئۇ يەنە «توقۇنۇشۇپ قالماي، تىنىچ مۇئامىلىدە بولۇش» نى تەشەببۇس قىلىپ: «بىر بۇلۇڭدا چاتاق

چىقىپ قالسا، چېگرانىڭ ھەممىلا يېرىدە جىددىيلىك پەيدا بولىدۇ. تاشقى جەھەتتىن ئاپەت يۈز بەرسە، ئىچكى جەھەتتىن قالايمىقانچىلىق چىقىپ، يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولماي قالىدۇ»، دەپ قارىدى. ئۇ يەنە روسىيە ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭى كونسۇل ئەۋەتىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدى①؛ بولشېۋىكلار تەرىپىدىن ئىلى پوچتىخانىسىغا ئەۋەتىلگەن خادىمنى چار روسىيە كونسۇلىنىڭ مۇددىئاسى بويىچە قوغلاپ چىقىرىۋەتتى؛ ئىنقىلابىي پارتىيە ئەزالىرىنى «رادىكاللار» ۋە «رادىكالىزم»② دەپ ئاتىدى؛ مەملىكەت ئىچىدە چىقىدىغان بارلىق ئىلغار گېزىت - ژۇرنال، كىتابلارنىڭ شىنجاڭغا كەلتۈرۈلۈشىنى قاتتىق مەنئى قىلدى. «شىنجاڭ سەددىچىن سېپىلىنىڭ سىرتىدا يالغۇز تۇرىدۇ»، «روسىيىنىڭ يېڭى پارتىيىسى سوتسىيالىزمنى، مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىش تۈزۈمىنى بارلىق كۈچى بىلەن تەشۋىق قىلىپ تارقىتىدۇ»، «بۇ يېڭى پارتىيىنىڭ زەھەر تارقىتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك، ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئۇسۇلى يالغۇزلا پوچتا يوللانمىلىرىنى تەكشۈرۈشتىنلا ئىبارەت بولۇپ قالماسلىقى لازىم، ئۇلارنىڭ يازما ماتېرىياللىرىمۇ كىشىلەرنى ئاسان تەۋرىتىپ قويىدۇ، شۇڭا، پوچتا يوللانمىلىرىنى تەكشۈرۈش كەم بولسا بولمايدىغان ۋاستە. روسىيىدە قالايمىقانچىلىق بىر كۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن، شىنجاڭدا پوچتا يوللانمىلىرىنى تەكشۈرۈشنى بىر كۈنمۇ توختىتىشقا بولمايدۇ»③ دەپ تەكىتلىدى. ياڭ زېڭشىن خەلقنى

① «جۇڭگو - روسىيە مۇناسىۋىتىگە ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار — شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئەسى» 8 -، 21 -، 56 -، 57 - بەتلەر.

② يۇقىرىقى كىتاب، 107 -، 109 -، 116 -، 123 - بەتلەر.

③ «ئىستىغپارە ھۇجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇبلار» نىڭ داۋامى، 2 - جىلد، 11 - بەت

ناداندىقتا تۇتۇش ۋە قامال قىلىش سىياسىتىنى يولغا قويغانلىقتىن، پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن «4 - ماي» ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە جۇش ئۇرۇپ قانات يايغان كۆپ قېتىملىق ئىنقىلابىي كۈرەشلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۇيغۇر خەلقى ۋە شىنجاڭدىكى باشقا مىللەت خەلقلىرى ئارىسىدا روشەن تەسىر قوزغىيالمىدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى توختام سۇدەك سىياسىي جىمجىتلىق ئىچىدە قالدى. لېكىن كۆرۈنۈش جەھەتتىكى بۇنداق سىياسىي جىمجىتلىق خەلق ئاممىسى بىلەن فېئودال مىلىتارىست ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈندىن - كۈنگە ئۇلغىيىۋاتقان زىددىيەتنى يوشۇرۇپ قالالمايتتى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ فېئودال مىلىتارىست ھۆكۈمەتكە بولغان كۈچلۈك نارازىلىقى فېئودال مىلىتارىستلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۆلۈنۈش پەيدا قىلىدى. ئەينى ۋاقىتتا بىرقەدەر ئىلغار ئىدىيىدىكى بىر قىسىم ياش ئەمەلدارلار ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى بىر يۈرۈش فېئودال مۇستەبىتلىك سىياسىتىگە قارشى تۇردى. ئۇلار فەن ياۋنەننى يادرو قىلىپ، تەدرىجىي ھالدا سىياسىي جەھەتتىن قارشى تۇرغۇچىلارنى شەكىللەندۈرۈپ، ياڭ زېڭشىن باشچىلىقىدىكى جاھىللار گۇرۇھىغا قارشى كۈرەش قىلدى. كۈرەش كۈندىن - كۈنگە ئۆتكۈرلىشىپ، ئاخىرى ياڭ زېڭشىننى ئېتىپ ئۆلتۈرۈش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى.

فەن ياۋنەن خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ گۇڭئەن ناھىيىسىدىن بولۇپ، ياپونىيىدىكى ۋاسېدا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە شىنجاڭغا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا ئەۋەتىلگەنىدى، ئۇ شۇ چاغلاردىلا خېلى ئىنقىلابىي ئىدىيىگە ئىگە كىشى ئىدى. ئۇ شىنخەي

ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئىچكىرىگە قايتىپ كېتىپ، 1918 - يىلى يەنە قايتىپ كېلىپ ئۈرۈمچىگە دوتەي بولغانىدى، 1926 - يىلدىن كېيىن خارجى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە دۇ - دۇ مەھكىمىسى ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى ۋە باشقا خىزمەتلەردە بولغان. ئۇ زېرەك ھەم قابىلى- يەتلىك، تۇرمۇشتا بەكمۇ ئاددىي - ساددا، سىياسىي ساھەدى- كىلەر، سودىگەرلەر، ھەربىيلەر، ياش ئوقۇغۇچىلار، ھەر مىل- لەت يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى ۋە دىنىي رەھبەرلەر بىلەن ئالاقىسى بار كىشى ئىدى. ئۇ: ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، مىللىي زىددىيەت- تىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەپ، سىياسىي جەھەتتىن ئىنتايىن چىرىكلىشىپ، قاباھەتلىشىپ كەتتى، دەپ قارايتتى. شىنجاڭنى ئوبدان باشقۇرۇش ئۈچۈن، سىياسىي جەھەتتىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، مىللەتلەرگە مۇتلەق باراۋەرلىك ئاساسىدا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش، بۇنىڭ ئۈچۈن دەرھال مىللىي باراۋەرلىك سىياسىتىنى يولغا قويۇش، مالىيەنى تەرتىپكە سېلىش، خىيانەتچىلىكنى يوقىتىش، مائارىپنى راۋاج- لاندۇرۇش، ھەربىي قىسمنى تەرتىپكە سېلىشتىن ئىبارەت بەش ئىشنى ئىشلەشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇ تەشەب- بۇسى ئۇيغۇر ياشلىرى ئىچىدە تارىلىپ ۋە ئۇلارنىڭ ھىماي- سىگە ئېرىشىپ، مەلۇم تەسىر پەيدا قىلدى. قارشى تۇرغۇچى- لارنىڭ ئىددىيىسى بىر قەدەر ئىلغار بولۇپ، كونا سىياسەتنىڭ ئورنىغا يېڭى سىياسەتنى دەسسىتىشنى ئارزۇ قىلىسمۇ، لېكىن ئۇلار ئاممىنى قوزغاشنى بىلمەي، مەسىلىنى سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلىشنىڭ كويىدا بولۇشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار 1928 - يىلى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شىنجاڭ ئۆل- كىلىك رۇسچە سىياسىي - قانۇن مەكتىپى بىرىنچى قارار ئوقۇ-

غۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدىن پايدىلىنىپ، ياڭ زېڭشىننى ئېتىپ ئۆلتۈردى. مانا بۇ، شىنجاڭ تارىخىدا «7 - ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دەپ ئاتالدى. جاھىللار گۇرۇھى دەرھال ئەسكەر چىقىرىپ سىياسىي ئۆزگىرىشنى باستۇرۇپ، فەن ياۋنەن قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قولغا ئېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، سىياسىي ئۆزگىرىش ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ بولدى.

«7 - ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دىن كېيىن سابىق مەمۇرىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى جىن شۇرېن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تارتىۋالدى. جىن شۇرېن ياڭ زېڭشىننىڭ جەندىسىگە پۈتۈنلەي ۋارىسلىق قىلىپلا قالماي، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە تېخىمۇ ئېغىر باج - سېلىق، ئالۋان - ياساقلارنى سالدى ۋە مىللىي زۇلۇم سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. مەسىلەن: جىن شۇرېن تەختكە چىقىپلا ھەربىي قوشۇننى كېڭەيتىپ، گەنسۇلۇق ھەربىيلەردىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملىدى. ھەربىي قوشۇن كېڭەيتىلگەنلىكتىن، ھەربىي چىقىم بەك كۆپىيىپ كەتتى. پۇل پاخاللىشىپ، قەغەز پۇلنىڭ كۇرسى چۈشۈپ، مال باھاسى ئۆرلەپ كەتكەنچە قايتا تۆۋەنلىمەي، ئۇن نەچچە يىلدىن بۇيان شىنجاڭدا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى. جىن شۇرېن ئىچكى - تاشقى سودىنى مونوپول قىلىۋېلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئەلتېرە شىركىتى قۇرۇپ، ھۆكۈمەت نامىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، ئۆلكە بويىچە يۇڭ - تېرە سودىسىنى مونوپول قىلىۋالدى؛ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئەلتېرىنىڭ ھەممىسىنى مەزكۇر شىركەتكە سېتىپ بېرىشكە مەجبۇر قىلدى. بۇ شىركەت تېرە - يۇڭلارنى ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ، بىر ئايلاندۇرۇپلا ئۇن ھەسسىگە

يېقىن يۇقىرى باھادا سېتىپ كۆپلەپ پايدا ئالدى. ئۇ يەنە يۇرتداشلىق مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ ئۆز يېقىنلىرىنى يۆلەپ، شەخسىي تەسىر كۈچىنى ئاشۇردى. شۇڭا جىن شۇرېن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىغا ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپلا قالماي، بەلكى سىياسىي جەھەتتىمۇ داۋالغۇپ تۇرىدىغان ئەنسىز ھالەتنى شەكىللەندۈردى*. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ قۇل قىلىشى ئارقىسىدا ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن قۇمۇل خەلقىنىڭ جىن شۇرېنغا قارشى كۈرىشى پارتلىدى.

ئەينى ۋاقىتتا، قۇمۇل رايونىدا قۇمۇلنىڭ ۋاڭلىقى ئاتىدىن بالىغا مىراس بولۇپ قالىدىغان ئىمتىياز تۈزۈمى يەنىلا ساقلىنىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ ئىمتىياز تۈزۈمى 1697 - يىلى (كاڭشىنىڭ 36 - يىلى) دىن تارتىپ شەكىللەنگەن ۋە مۇقىملىشىپ كەلگەنىدى. 1762 - يىلى شىنجاڭدا ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى تۇرغۇزۇلغانىدىمۇ، 1884 - يىلى شىنجاڭ مەمۇرىي ئۆلكىگە ئۆزگەرتىلگەندىمۇ، 1911 - يىلى شىنخەي ئىنقىلابى بولغانىدىمۇ بۇ تۈزۈم ئۆزگەرتىلمىگەنىدى. قۇمۇل ۋاڭىنىڭ 40 مىڭ مودىن ئارتۇق يېرى بولۇپ، ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تېرىش ۋە ھوسۇلىنى يىغىش ئىشلىرىنى دېھقانلار ھەقسىز ئىشلەپ بېرەتتى. دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ ئازغىنا يېرىدىن چىققان ھوسۇل ئۈچۈن بەلگىلىمە بويىچە يەنە ئاشلىق تاپشۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سۇ ھەققى، جازانە ۋە ئۆشرە - زاكات دېگەنگە ئوخشاش ئېكسپلاتاتسىيىگە ئۇچرايتتى. 1907 - يىلى ۋە 1912 - يىلى قۇمۇل ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئېغىر ئېكسپلاتاتسىيىگە ۋە زۇلۇمغا چىداپ

* بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، ئۇيغۇرچە 258 -، 267 - بەتلەر.

تۇرالماي قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ۋاقىتلىق تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مەمۇرىي تۈزۈمنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، باستۇرۇۋېتىلدى. 1930 - يىلى 3 - ئايدا، قۇمۇل ۋاڭى شا مەخسۇت ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا نەۋرىسى نەزەر ۋاڭ ۋارىسلىق قىلدى. ۋاقىتلىق تۈزۈمنىڭ بىكار قىلىنىشىنى ئىزچىل ئۈمىد قىلىپ، توختىماستىن ئەمەلىي كۈرەش قىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئەينى ۋاقىتتا مەمۇرىي تۈزۈمنى يولغا قويۇشنى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىدىن يەنە بىر قېتىم تەلەپ قىلىپ، نەزەرنىڭ ۋاقىتلىقتا ۋارىسلىق قىلىشىغا قارشى تۇردى. نەزەر ۋاڭ ھاراق - شاراپقا، كەيىپ - ساپاغا بېرىلگەن، ئاياللارنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىپ يۈرىدىغان چىرىك مۇستەبىت بىرنېمە ئىدى. جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، قۇمۇلدا مەمۇرىي تۈزۈم يولغا قويۇلسا ھۆكۈمەتنىڭ باج - كىرىمىنى كۆپەيتكىلى بولۇپلا قالماي، يەنە گەنسۇدىن چىققان مۇساپىرلارنى ئورۇنلاشتۇرغىلى، بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىدىغان يەرلەرنى كۆپەيتكىلى، دېھقانچىلىق بېجىنى ئاشۇرۇپ، مالىيەدە كۆرۈلگەن قىزىل رەقەمنىڭ ئورنىنى تولدۇرغىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى دېھقانلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ، قۇمۇل رايونىدا قۇمۇل، ئاراتۈرۈك، بارىكۆل ناھىيىلىرىنى تەسىس قىلىشنى قارار قىلىپ، بوز يەر ئېچىپ، باج - سېلىق، غەللە - پاراق يىغىشقا كىرىشىپ كەتتى. لېكىن جىن شۇرېن نەزەر ۋاڭنى تىزگىنلەپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلەپ، ئۈرۈمچىدە تۇرىدىغان قىلىپ قويىدى.

1931 - يىلى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۈچ ناھىيىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى رەسمىي ئېلان قىلدى. شۇنىڭ

بىلەن بىر ۋاقىتتا، بوز يەر ئېچىش ۋە يەر سېلىقى ئېلىش چارىسىنىمۇ ئېلان قىلدى. ئېلان قىلىنغان يەر سېلىقى چارىسىدە: ئۇيغۇر دېھقانلىرىدىن ئۆلكە يەرلەرنى تېرىشنى خالىغانلىرى يەر خېتى ئېلىپ داۋاملىق تېرىسا بولىدۇ، يەر سېلىقى 1930 - يىلدىن باشلاپ ئېلىنىدۇ، ۋاڭ ئوردىسىغا ھاشارغا ئىشلەپ بېرىش تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ؛ ئۇيغۇر دېھقانلىرى داۋاملىق تېرىشنى خالىمىغان ئۆلكە يەرلەر ۋە بوز يەرلەر پۈتۈنلەي بوز يەر ھېسابىدا تېرىغۇچىلارغا (ئاساسلىقى خەنزۇلار) غا بېرىلىدۇ. ئۇلاردىن يەر سېلىقى ئىككى يىل كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. ئەينى ۋاقىتتا گەنسۇدا قەھەتچىلىكتە ئۇچراپ قېچىپ چىققان بەزى مۇساپىرلار ئەمەلىيەتتە پىشقان ئۆلكە يەرلىرىنى ياكى بىنام يەرلەرنى تېرىدى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئۇلارغا ئۆكۈز، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ئۇرۇق تارقىتىپ بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم بەردى. ئۇيغۇر دېھقانلىرى بولسا، بەلگىلىمە بويىچە ئۆلكە يەرلىرىنى ئالالمىدى. بۇنىڭدىن ئۇلار قاتتىق نارازى بولدى. مەمۇرىي تۈزۈمنى يولغا قويۇش، قۇمۇل ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى ۋاڭ - گۇڭلارنىڭ فېئوداللىق يانچىلىق تۈزۈمىدىكى ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدىكى بىر ياخشى ئىش ئىدى. لېكىن مىللىي باراۋەرسىزلىك ۋە باج - سېلىقلارنىڭ ئېغىرلاپ كېتىشى ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا ۋاڭ ئوردىسىنىڭ دېھقانلارنى جىسمانىي جەھەتتىن كونترول قىلىشى بىكار قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا بيۇروكرات ھۆكۈمرانلارنىڭ ئېغىر ئېكسپىلاتاتسىيىسى دەسسىتىلگەنلىكى، ئاتالمىش مەمۇرىي تۈزۈمنى يولغا قويۇش دېگەن نېمىسى دېھقانلارنىڭ ئەسلىدىكى ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇمۇل دېھقانلىرى يەرلىك ھۆكۈمەتتىن يەر بېجى ئېلىشنى كېچىكتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، يەرلىك

ھۆكۈمەت بۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى، دەل مۇشۇ پەيتتە، شوپۇل
دېگەن جايدا چېگرا مۇداپىئەسىدە تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىم-
نىڭ بىر ئوفىتسېرى ئۇيغۇر دېھقاننىڭ قىزىنى زورلۇق بىلەن
خوتۇنلۇققا ئېلىش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، جامائەتچىلىكنىڭ
غەزەپكە كېلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىگە سەۋەبچى بولدى. 1931 - يىلى
3 - ئايدا قوزغىلاڭچىلار شوپۇلدا تۇرۇشلۇق ھەربىيلەرنىڭ
پەيجاڭىنى ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قورال - ياراق-
لىرىنى تارتىۋالدى. ئارقىدىنلا ئاراتۈرۈك، نوم، ئازغان بۇلاق،
توخۇلۇ، باي، تۇزكۆل، تاشۋىلىق قاتارلىق جايلاردىكى
ئۇيغۇرلارمۇ تۆشمۇ تۆشتىن قوزغىلىپ، جىن شۇرېننىڭ ھۆكۈمرانلى-
قىغا قارشى تۇردى. قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق دىۋىزىيە كوماندىرى
ليۇ شىزېڭ نەچچە رەت ئەسكەر ئەۋەتىپ قوزغىلاڭچىلارنى باس-
تۇردى. ئۆتكەندە تۆمۈر خەلىپە قوزغىلىڭىغا قاتناشقان
خوجىنىيازھاجى دەل مۇشۇ پەيتتە ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنى ۋە ئام-
مىنى تەشكىللەپ، تۈن قاراڭغۇسىدا كۆشۈتى تېغىنىڭ جىلغى-
سىدا بۆكتۈرمە بولۇپ تۇرۇپ، ليۇشىزېڭنىڭ قوشۇنىغا زەربە
بەردى. ليۇ شىزېڭ ئەۋەتكەن بىر باتاليون قوراللىق ئەسكەر
تاغ ئارىسىدا پۈتۈنلەي دېگۈدەك يوقىتىلدى. خوجىنىيازھاجى
قۇمۇل ۋاڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا دورغا (رايون باشلىقىغا تەڭ)
بولۇپ ئىشلىگەن، كېيىن ۋاڭ ئوردىسىدا مۇھاپىزەتچىلەر قىسى-
مىنىڭ باشلىقى بولغان، جۈرئەتلىك، پەملىك، چىقىشقاق كى-
شى ئىدى. مانا ئەمدى ئۇ ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق كۈچ-
نىڭ رەھبىرى بولۇپ قالدى. قۇمۇل دائىرىلىرى ئۇلارنى
قورال كۈچى بىلەن يېڭىش قىيىن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، خوجىنىياز-
ھاجىنى «كۆندۈرۈش» شەرتلىرىنى قويۇپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ
قورالنى تاپشۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. خوجىنىيازھاجى
تۆمۈر خەلىپە قوزغىلىڭىدىكى ۋەقەدىن ساۋاق ئالغان بولغاچقا،

جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى بىلەن مۇرەسسە قىلىشقا ئۇنىمىدى. جىن شۇرېن قۇمۇلدىكى ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلارنى باستۇرۇشقا يەنە قوشۇن ئەۋەتتى. بۇ چاغدا بارىكۆل-دىكى قازاقلارنىڭ ئاقساقىلى ئارىپمۇ خوجىنىيازھاجىغا ئاۋاز قوشتى. خوجىنىيازھاجى بىلەن ئارىپ ھەربىي جەھەتتە ئۇدا غەلىبە قىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۆلكە قوشۇنلىرىنىڭ ئەمەلىي كۈچى ئۈستۈن، ۋاقىت ئۇزىراپ كېتىدىغان بولسا، بەرداشلىق بېرەلمەي قېلىشىمىز مۇمكىن، دەپ ئويلىشىپ، ياش خۇيزۇ ھەربىي ماجۇڭيىڭنى كېلىپ ياردەم بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ جيۇچۈەنگە ئادەم ئەۋەتتى*.

ما جۇڭيىڭ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لىڭشيا دېگەن يېرىدىن بولۇپ، چىڭخەيدىكى ماچىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيتتى، كېيىن نىڭشيالىق ماخۇڭبىننىڭ قول ئاستىدا ئىشلىدى. 1930 - يىلى ماجۇڭيىڭ نىڭشيادىن چىقىپ 11 - ئايدا جاڭيېغا كىرىپ، ئۆزىنى گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى دەپ ئاتاپ (غەربىي شىمالدا ئۇ «گاسىلىڭ» دەپ نامى چىققانىدى)، بىر مەھەل داڭق قازانغانىدى. 1931 - يىلى مابۇفاڭ قوشۇنلىرى جاڭيېغا ھۇجۇم قىلغاندا، ماجۇڭيىڭ غەربكە قاراپ جيۇچۈەنگە قېچىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ تازا تۈيۈق يولغا كىرىپ قالغاندا، خوجىنىيازھاجى بىلەن يولۋاسنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، لەشكەر تارتىپ شىنجاڭغا كەلدى. 1931- يىلى 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قۇمۇلنىڭ شەرقىدىكى ساۋلاققا باستۇرۇپ كىردى. ئۇزاق ئۆتمەيلا قۇمۇلنىڭ تاشقى مۇداپىئەسىدىكى ئۆلكە ئەسكەرلىرىنى تارمار قىلىپ، قۇمۇلنىڭ كونا - يېڭى-

* بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، ئۇيغۇرچە 285 -، 286 - بەتلەر؛ خېۋدر تۆمۈر: «خوجىنىيازھاجى توغرىسىدا ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، ئۇيغۇرچە، 12 - سان، 12 -، 14 - بەتلەر.

شەھەرلىرىنى قورشاپ، شەھەرگە بىرقانچە قېتىم ھۇجۇم قىلدى، لېكىن قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئىچىدە ئوق ـ دورا يېتەرلىك، ئاشلىق زاپىسىمۇ كۆپ بولغاچقا، شەھەرنى يېرىم يىلدەك قورشاپ تۇرغان بولسىمۇ زادى ئالالمىدى. كېيىن، ماجۇڭيىڭ بارىكۆلگە ھۇجۇم قىلدى، ئۇ يەرنى ساقلاپ ياتقان ئەسكەرلەرنى تەسلىم قىلىپ، ئۆز كۈچىنى زورايتتى. جىن شۇرېن قۇمۇلدىن كەلگەن جىددىي تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ليۇشياۋزۇنى قۇمۇلغا ياردەمگە بارىدىغان قوشۇننىڭ باش قوماندانى، شىڭ شىسەينى سەنمۇجاڭ قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇلارنى ھەربىي قوشۇن بىلەن قۇمۇلغا ياردەمگە ئەۋەتتى. لېكىن بۇ قوشۇن لياۋدۇنغا بارغاندىن كېيىن، ماجۇڭيىڭ تەرىپىدىن تار مار قىلىنىپ، پۈتۈن قىسىم ھالاك بولدى. ليۇ شياۋزۇ يەتتەقۇدۇقتا ساقلىنىۋاتقان ئاشلىققا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىپ، گۇچۇڭغا قايتىپ كەلدى. بۇ قېتىمقى جەڭدە ماجۇڭيىڭنىڭ پۇتىغا ئوق تېگىپ يارىدار بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، جىن شۇرېن ئىلىدىكى جاڭ پېيۈەننى باش قوماندانلىققا تەيىنلەپ، ئۇنى قوشۇن باشلاپ بېرىپ ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنلىرىغا ئۇرۇش قىلىش خوش ياقماي قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جاڭ پېيۈەن قوشۇنى قۇمۇلغا بېسىپ كىرىپ، قۇمۇلنى قورشاۋدىن قۇتۇلدۇردى. ماجۇڭيىڭ ئۆزىنىڭ سەركەردىسى ماشىمىڭنى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆلكە ئەسكەرلىرىگە داۋاملىق قارشى تۇرۇشىغا ياردەم بېرىشكە قالدۇرۇپ، ئۆزى قوشۇننى باشلاپ جيۇچۈەنگە بېرىپ، قوشۇننى تەرتىپكە سالدى*.

* ۋاڭ مىڭياڭ: «ماجۇڭيىڭ ۋەقەسىنىڭ باش ـ ئاخىرى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 5 ـ سان، 104 ـ، 138 ـ بەتلەر؛ بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، ئۇيغۇرچە 284 ـ، 289 ـ بەتلەر؛ «گەنسۇ تارىخ ماتېرىياللىرى» 24 ـ سان، «ماجۇڭيىڭنىڭ تارىخىغا ئائىت مەخسۇس سان».

خوجىنىيازھاجى ما جۇڭيىڭنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇمۇ قوشۇنىنى باشلاپ دۇڭسەنگە چىقىپ كەتتى. بۇ دەل ياز بىلەن كۈزنىڭ ئارىلىقىدىكى چاغلار بولۇپ، ئۈت - چۆپ، چاتقال - قورايلار باراقسان ئۆسكەن مەزگىل بولغاچقا، ئۆلكە قىسىملىرىنىڭ ھەرىكەت قىلىشى قىيىن ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، جاڭ پېييۈەن ئىلىغا يۆتكىلىپ ئەسلىدىكى ۋەزىپىسىگە قويۇلدى. جىن شۇرېن ئۇنىڭ ئورنىغا دىۋىزىيە كوماندىرى لى خەيرۇنى قۇمۇلنى ساقلاشقا ئەۋەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە شېڭ شىسەي، لىيۇ جيېسەنلەرنى «ئالدىنقى سەپ باش قوماندانى» قىلىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن دېھقانلارنى داۋاملىق قورشاپ يوقىتىشقا ئەۋەتتى.

خوجىنىيازھاجى دۇڭسەنگە چىقىۋالغاندىن كېيىن، ئۇزۇق - تۈلۈك، ئوق - دورا ئۆكسۈپ قالدى؛ موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىشىشكە ئادەم ئەۋەتتى ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىگە 500 قۇر جۇۋا، پاختىلىق ھەربىي كىيىم، 70 تال مىلتىق، بىرنەچچە ئون ساندۇق ئوق ۋە ئۇن قاتارلىق نەرسىلەرنى ئەكىلىپ بەردى. كېيىن يەنە، مىلتىق، تاپانچا، پىلىموت، ئوق - دورا ۋە باشقا ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى بەردى. خوجىنىيازھاجى ئۇيغۇر ياشلىرىدىن 30 نەچچە كىشىنى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى. يەنە باي سودىگەر، ئاق ئورۇس كېمىرىنكىننىڭ 400 تۆگىگە ئارتىپ توشۇپ كېتىۋاتقان مېلىنى قولغا چۈشۈرۈۋالدى. شۇنداق قىلىپ، خوجىنىيازھاجىنىڭ ئەمەلىي كۈچى بارا - بارا كۈچىيىپ، تاراتى، ئۇن بۇلاق، قوراي قاتارلىق جايلاردا ئۆلكە قىسىملىرىغا ئۈزلۈكسىز زەربە بېرىپ تۇردى. لى خەيرۇ لىيۇ جيېسەننى خوجىنىيازھاجى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ئەۋەتكەنىدى، ئۇلار ماجۇڭيىڭ خوجىنىيازھاجىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن گەنسۇدىن قۇمۇلغا ئەۋەتكەن

ماخېيىڭ قاتارلىق 30 نەچچە كىشىگە ئۇچراپ قالدى. ليۇ جېيېسەننىڭ ئەسكەرلىرى ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇرۇشمايلا قاچتى. ليۇ جېيېسەن ئېغىر يارىلىنىپ ئۆلدى. شېڭ شىسەي تاغقا چىقىپ خوجىنىيازھاجىنىڭ قوشۇنىنى ئاختۇرۇپ يۈرگەن بولسىمۇ، خوجىنىيازھاجى پەم بىلەن قېچىپ يۈرۈپ شېڭ شىسەيگە زادىلا تۇتۇق بەرمىدى*.

خوجىنىيازھاجىنىڭ غەلىبىسى جىن شۇرېنغا مەسىلىنى قورال كۈچىگە تايىنىپ باستۇرۇش ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەم ئەۋەتىپ خوجىنىيازھاجى بىلەن سۈلھ قىلماقچى بولدى. خوجىنىيازھاجى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى يولۋاس قاتارلىقلارنىڭ پىلانلىشى ئارقىسىدا سۈلھ شەرتلىرى ئۈستىدە كېلىشتى، ئۆلكە تەرەپ ئۇلارغا 400 دادەن بۇغداي، 40 مىڭ سەر ئۆلكە كۈمۈش پۇلى بەرمەكچى، ئۇلار ئۆلكە تەرەپكە 2100 تال مىلتىق تاپشۇرماقچى بولدى. ئۆلكە تەرەپ بۇغداي ۋە پۇللارنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، تەقسىم قىلىش جەھەتتە خوجىنىيازھاجى بىلەن يولۋاس كېلىشەلمەي ئۇرۇشۇپ قالدى. ئۆلكە قوشۇنى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى جايلىۋەتمەكچى بولغان جىددىي بىر پەيتتە، يولۋاس شىنجاڭ بىلەن گەنسۇنىڭ تۇتىشىدىغان يېرىگە بېرىۋېلىپ، ما جۇڭيىڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى؛ خوجىنىيازھاجى قوشۇنلىرىنى باشلاپ قۇمۇلغا يۈرۈپ كەتتى. دەل مۇشۇ پەيتتە، تۇرپان ئاستانىلىك مەخسۇت مۇھىتى قاتارلىق كىشىلەر قۇمۇل دېھقانلىرى قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، 1932 - يىل 11 - ئاينىڭ ئاخى-

*بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، ئۇيغۇرچە، 290 — 304 - بەتلەر؛ خېۋىر تۆمۈر: «خوجانىيازھاجى توغرىسىدا ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 15 - سان، 6 -، 9 - بەتلەر.

رىدا قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئۇلار ئاستانىدە ئۆلكە قوشۇنلىرى
بىلەن شىددەتلىك جەڭ قىلىپ بىر باتالىيوننىڭ بارلىق ئەس-
كەر - ئوفىتسېرلىرىنى تولۇق يوقىتىپ، نەچچە يۈز دانە مىل-
تىق ۋە نۇرغۇن ئوق - دورا غەنىيمەت ئالدى. ئاستانىدە
قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەنلىكتىن خەۋەر تاپقان تۇرپان، پىچان،
توقسۇن دېھقانلىرى ئىنتايىن خۇشال بولغان ھالدا توپ -
توپ، گۇرۇھ - گۇرۇھ بولۇپ ئاستانىگە كېلىپ مەخسۇت مۆھ-
تىنىڭ قوروسىغا توپلاندى. ئارقىدىنلا تۇرپان شەھرىنى ئىش-
غال قىلىپ بولغاندىن كېيىن، پىچانغا بېرىپ 13 كۈن شىد-
دەتلىك جەڭ قىلىپ ئاخىر يېڭىلىپ قالدى. يېڭىلگەن
قوزغىلاڭچىلار قۇمۇل تەرەپكە يۆتكىلىپ، شەرق تەرەپتىن
كېلىۋاتقان خوجىنىيازھاجىنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇچراشتى.
قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە، ئۇيغۇر قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ سانى
نەچچە ئون مىڭغا يېتىپ، ھەيۋىسى تېخىمۇ ئاشتى. ئۆلكە قى-
سىملىرىنىڭ ئۇلارنى باستۇرۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەنگەن
جىن شۇرېن پىتراپ يۈرگەن 2000 ئاق گۋاردىيىچىنى يىغىپ
ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى لۈكچۈنگە ئەۋەتتى، ئۇلار قوزغى-
لاڭچى قوشۇن بىلەن ئۈچ كېچە - كۈندۈز شىددەتلىك جەڭ
قىلدى، تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باشلىقى مەخسۇت مۆھىتى
ئۆلتۈرۈلدى*. خەلق قېچىپ تاغقا چىقىپ كەتتى، ئۇ-
لارنىڭ كۆپى شۇ يەردە توڭلاپ ياكى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەت-
تى. ئارقىدىن ئۆلكە تەرەپ شوۋك فايۇنى يەتتەقۇدۇقتىن
بېرىپ ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى، شوۋك فايۇ قە-
دىمى يەتكەنلىكى يەردە چوڭ قىرغىنچىلىق قىلدى. قوزغىلاڭغا

* ئەيسا نىياز: «1931 — 1934 يىللىرىدىكى شىنجاڭ دېھقانلىرى قوزغىلىڭىغا دائىر بەزى ئەسلىمىلەر». «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» ئۇيغۇرچە 12 - سان، 47 — 61 - بەتلەر.

ۋاتناشقانلارنىڭ سانى كۆپ بولسىمۇ، قورال - يارىقى بولمى-
غانلىقتىن ئۇياق - بۇياققا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى،
ماجۇڭيىڭ شىنجاڭدا قالدۇرۇپ كەتكەن ما شىمىڭ قاتارلىقلار-
مۇ تۇرپانغا بېرىپ، تۇرپاننى ساقلاپ ياتقان ما فۇمىڭ بىلەن
بىرلىشىپ، ھىيلە - نەيرەڭ ئىشلىتىپ شۇڭ فايۇنى ئەسىر ئې-
لىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. تۇرپاندا تۇرۇشلۇق قىسىملار ئېغىر تىپتىكى
قوراللار بىلەن قوراللانغانىدى، ما شىمىڭ بۇ قورال -
ياراقلارغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، جەڭگىۋارلىقى بىردىنلا
كۈچىيىپ كەتتى. ئۇ كىشىلەرنى ئۆزىگە مايىل قىلىش ئۈچۈن،
مىللىي قىساس ئالىدىغان قىرغىنچىلىقنى مەنئى قىلىش توغرى-
سىدا ئېلان چىقاردى، شۇنىڭ بىلەن تۇرپان شەھىرى ئېغىر
بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، شېڭ شىسەي تۇر-
پاننى ئىشغال قىلدى، خوجنىيازھاجى قاتارلىقلار شىمالغا
يۆتكەلدى، ما شىمىڭ بىر قىسىم ئادەمنى ماجەنساڭ-
نىڭ باشچىلىقىدا توقسۇندىن قاراشەھەرگە ماڭغۇزدى. ماشىمىڭ
ئۆزى يەنە بىر قىسىم ئادەمنى باشلاپ شىمال تەرەپكە ئاتلى-
نىپ، 1933 - يىلى 1 - ئايدا چاغاننىڭ ھارپا كېچىسىدىن
پايدىلىنىپ بىر ھۇجۇم بىلەنلا داۋانچىڭنى ئېلىپ، ئۈرۈمچىنىڭ
جەنۇبىدىكى توسالغۇنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى. ما شىمىڭنىڭ ئەس-
كەرلىرى شىمالغا قاراپ بىمالال يۈرۈش قىلىپ، ئۆلكە مەر-
كىزىنى قورشاپ، غەربىي چوڭ كۆۋرۈك، قىزىل تاغ ئېغىزى
قاتارلىق مۇھىم جايلارنى ئىشغال قىلىۋالدى. ئارقىدىنلا سەن-
دۇباغا كىرىپ، ئۈرۈمچىدە ساقلىنىۋاتقان ئاشلىقنى توشۇپ
كەتتى. جىن شۇرېن قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ، شېڭ شىسەي
قوشۇنىنى ئۈرۈمچىگە جىددىي قايتۇرۇپ كېلىپ، سەندۇبانى
تارتىۋالدى، ما شىمىڭ قوشۇنى يەنە تاغقا چىقىۋالدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىما-

لىي شىنجاڭنىڭ سانجى، قۇتۇبى، ماناس، ئالتاي قاتارلىق جايلىرىدىمۇ ئارقا - ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، پۈتۈن شىنجاڭ تەۋرەپ كەتتى. جىن شۇرېن قوشۇنى ئۆزئارا ھەمدەم بولالمىدى، ئۈرۈمچى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

چىرىك، ئىقتىدارسىز جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا يۈز بەرگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ زەربىسى ئاستىدا، ھەربىي جەھەتتە ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بوھران كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ كەتتى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قايناپ - تاشقان نارازىلىق ساداسى ئىچىدە، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ۋەزىيىتىنى تىزگىنلەپ تۇردىغان ئىقتىدارىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن 1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى تەركىبىدىكى رادىكال ئىدىيىگە ئىگە بىر قىسىم ياش ئەمەلدارلار يەنى تاۋ مىڭيۈ، چېن جۇڭ، جاڭ شىڭ، لى شياۋتيەن قاتارلىقلار ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋاتقان «ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇن» — ئاق گۋاردىيىچىلەر بىلەن ئالاقە باغلاپ، ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىدى، جىن شۇرېننى قوغلىۋېتىپ، يېڭى ھۆكۈمەت تەشكىللىدى. ليۇ ۋېنلۇڭنى ۋاقىتلىق رەئىس، شېڭ شىسەينى ۋاقىتلىق چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى قىلىپ بەلگىلىدى.

## 2- بۆلۈم «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ يوقىتىلىشى

قۇمۇل دېھقانلىرى ئىنقىلاب قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندىن كېيىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى

ئۇنىڭغا ئارقا-ئارقىدىن ئاۋاز قوشتى. لېكىن، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلابىي قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ھەربىي-مولكىي يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى ئىگىلىۋېلىپ، پان تۈركىزمنى يولغا قويۇپ، مىللىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەتتا ۋەتەننى پارچىلاشتا جاھانگىرلار تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىپ، دېھقانلار قوزغىلىڭىغا پۈتۈنلەي قارشى ئىش قىلدى.

1933-يىلى 2-ئايدا، توقسۇنلۇق تۆمۈر بىلەن ما شىمىڭنىڭ قول ئاستىدىكى ما جەنساڭلار تۇرپان، قاراشەھەر، لۈكچۈن، كورلا، بۈگۈر، كۇچا، شايار، باي قاتارلىق جايلاردىكى قوزغىلاڭچى قوشۇنغا رەھبەرلىك قىلدى. ئۇلار «ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش»، «خەنزۇلارنى يوقىتىپ، مۇسۇلمانلارنى گۈللەندۈرۈش» شوئارىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، غەربكە قاراپ يۈرۈش قىلىپ ئاقسۇغا يېتىپ كەلدى.

بۇ چاغدا، قەشقەر يېڭىشەھەردە تۇرۇۋاتقان دىۋىزىيە كوماندىرى جىن شۇجى جىن شۇرېننىڭ ئىنىسى ئىدى. ئۇ سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلاردىن قىلچە ساۋادى يوق، مەخسۇسلا خەلقنى قاقتى-سوقتى قىلىپ، قاقشىتىشنىلا بىلىدىغان كىشى بولغاچقا، خەلق ئۇنىڭغا چىش-تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ئاقسۇغا يېتىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ ئالاقزادە بولۇپ، تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئەسكەر ئەۋەتتى. بۇ چاغدا ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ قارا قاش، خوتەنلەردىمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، ۋەزىيەت ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كەتتى. تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئاقسۇغا ئەۋەتىلگەن قىسىملار تەڭ كېلەلمەي يېڭىلىپ مارالبېشىغا چېكىندى، مۇشۇنداق قىيىن ئەھۋال ئاستىدا، جىن شۇجى ئامالسىزلىقتىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.

قەشقەرنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ھوقۇقى ۋالىي ماشاۋۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. ما شاۋۇ تۆمۈر سىلىڭنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن مارالبېشىغا يەنە ئەسكەر ئەۋەتكەنىدى، ئۇنىڭ ئەۋەتكەن ئەسكەرلىرى ئىككى ئاي تىركىشىپ جەڭ قىلغان بولسىمۇ، ئاخىر پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولدى. ما شاۋۇ يەنە قىرغىز قوشۇنىنى ئەۋەتىپ ئۇلارنى باستۇرۇشنى پىلانلىغانىدى، نەتىجىدە تۆمۈر سىلىڭ بىلەن ئوسمان قىرغىزنىڭ قوشۇنى بىرلىشىپ، قەشقەر شەھىرىنى بىر ھۇجۇم بىلەنلا ئىشغال قىلدى. ما جەنساڭنىڭ قوشۇنى قەشقەر يېڭىشەھەرگە كىرىۋالدى.

خوتەن رايونىدىكى قوزغىلاڭ دەسلەپتە قاراقاش ناھىيىسىدىن باشلاندى. ئەسلىدە قاراقاشنىڭ ھاكىمى مال-دۇنياغا تويمايدىغان ئاچكۆز ئادەم ئىدى، ئۇ يەرلىك مۇشتۇمزورلار بىلەن ئېغىز-بۇرۇن يالىشىپ، پۇقرالارنى بوزەك قىلغانلىقتىن، خەلق ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئۆچ ئىدى. 1933 - يىلىنىڭ بېشىدا جىن شۇرېن لاداقتىن بىر تۈركۈم قورال - ياراق ئالدۇرۇپ كېلىۋاتقاندا، بۇ قورال - ياراقلارنى قاراقاشلىقلار توسۇپ ئېلىۋالدى. ئۇلار تۆمۈر سىلىڭ ئاقسۇنى ئىشغال قىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مۇھەممەت ئىمىن داموللا بىلەن ئاتۇشلۇق سابىت داموللىنىڭ رەھبەرلىكىدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇ ئىككىيلەن ئۆزىنى خەلقنى «قۇتقۇزغۇچى» قىلىپ پەردازلاپ، «دىننى قوغداش» شوئارى ئاستىدا نۇرغۇن ئادەمنى قايمۇقتۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇلار خوتەننى ئىشغال قىلدى. مۇھەممەت ئىمىن داموللا «خوتەن خانى» بولۇۋېلىپ، ئۆزىنى «ئەمىر» ۋە «پادىشاھ» دەپ ئاتىدى. خوتەن رايونىدىكى چىرىيە، كېرىيە، لوپ، گۇما، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردىكى ئامما ئارقا - ئارقىدىن قوزغىلىپ قوزغىلاڭغا ئاۋاز قوشتى، بۇ جايلارنىڭ ھەممىسى قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدىلا قوز-

غلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى.

ئارقىدىنلا، سابىت داموللا غەربىي شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ گۇما، قاغىلىق، يەكەن ئارقىلىق قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. شۇ چاغدا قەشقەردە ئىككى گۇرۇھ كۈچ بار ئىدى: ئۇنىڭ بىرى، قەشقەر شەھىرىنى مەركەز قىلغان خوجىنىيازھاجىغا تەۋە تۆمۈر سىلىڭ گۇرۇھى ئىدى؛ يەنە بىرى قەشقەر يېڭىشەھەرنى مەركەز قىلغان ما جەنساڭ گۇرۇھى بولۇپ، ئۇ ما جۇڭيىڭغا تەۋە ئىدى. بۇلار ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا بىر گۇرۇھ بولۇۋېلىپ، ئۆزئارا ئەمەلىي ھوقۇق تالىشاتتى. كېيىن تۆمۈر سىلىڭ ماجەنساڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى؛ ما جەنساڭ ئوسمان قىرغىز تەرىپىدىن يېڭىلىپ، قەشقەر يېڭىشەھەرگە چېكىنىپ كىرىۋالدى. سابىت داموللا قەشقەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئوسمان قىرغىزنى يېڭىپ، قەشقەر شەھىرىنى ئىشغال قىلدى.

سابىت داموللا كىچىكىدە قەشقەردە مەدرىستە ئوقۇپ، كېيىن شۇ مەدرىستە مۇدەررىسلىك قىلغان. ھەرەمگە بېرىپ ھاجى بولۇپ، بىرقانچە ئىسلام دۆلىتىنى ئايلانغان، تۈركىيە ۋە ھىندىستانلارغىمۇ بارغانىدى. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ھاكىمىيەت شەكلىگە بەكمۇ قىزىقىپ، ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى قىلىنغان بىر ھاكىمىيەت قۇرۇشنى ئويلاپ يۈرگەنىدى. ئۇ قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، مۇشۇنداق بىر ھۆكۈمەت قۇرۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خوجىنىيازھاجىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاقسۇغا ئادەم ئەۋەتتى (ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خوجىنىياز ھاجى ئۇنى ھەقىقىي قوللىمىغانىكەن). 1933 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، قەشقەردە سابىت داموللا پىلانلىغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. بۇ ھۆكۈمەت خوجىنىيازنى «زۇڭتۇڭ»، سابىت داموللىنى «دۆلەت ئىشلىرى زۇڭلىسى» قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقاردى ۋە

ھەرقايسى مىنىستىرلىكلەرنىڭ مىنىستىرلىرىنىمۇ تەيىنلىدى. ھۆكۈمەت ئېلان قىلغان پروگراممىدا: ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى — قۇرئان كەرىم «مىزان» قىلىنىدىغانلىقى، ئىسلام دىنى ئاساس قىلىنىدىغانلىقى، بىر قىسىم دىنىي يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى بىلەن پومېشچىكلار بىرلەشكەن ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈلىدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەندى. بۇ ھاكىمىيەتنىڭ ئارقىسىدا ئۇنى قوللايدىغان ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى تۇراتتى. بۇ ھاكىمىيەت قۇرۇلۇش بىلەنلا ئەمگەكچى خەلقنى مەجبۇرىي ھالدا 70 مىڭ تۇياق قوي - كالا يىغىپ، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن قورال - ياراق تېگىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەرقايسى دۆلەتلەرگە بېرىپ ۋەز ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى.

1933 - يىلى 12 - ئايدا، ئىلىدا تۇرۇشلۇق ھەربىي بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئامبىلى جاڭ پېيۈەن ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرلىشىپ ئەسكەر چىقىرىپ، شېڭ شىسەيگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلدى. بۇ چاغدا، شېڭ شىسەينىڭ سىياسىي ئورنى مۇستەھكەملىنىپ بولغان، شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ماددىي جەھەتتە بەرگەن ياردىمىگە ئېرىشكەنىدى. شېڭ شىسەي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، چېكىنىپ شىنجاڭغا كەلگەن شەرقىي شىمال ياپونغا قارشى تۇرۇش ئارمىيىسىنىڭ بىر قىسىم قوراللىق كۈچىنى تەشكىللەپ، جاڭ پېيۈەن، ما جۇڭيىڭلارنىڭ بىرلەشمە ھۇجۇمىنى قەتئىي تارمار قىلدى. جاڭ پېيۈەن شىخودىكى ئۇرۇشتا يېڭىلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۋالدى. ما جۇڭيىڭ ئۈرۈمچىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭغا قاچتى. 1934 - يىلى ئەتىيازدا، ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى قەشقەرگە بېسىپ كىرىپ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى تارمار قىلىپ، قەشقەرنى ئىگىلىدى. سابىت داموللا

ھاكىمىيىتى بىرنەچچە ئايلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ما جۇڭيىڭ قەشقەرگە بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايىنىپ، شېڭ شىسەي بىلەن تىنچلىقتا بىللە تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ بىرلىككە كەلگەن ۋەزىيىتىنى بىرلىكتە قوغداشنى تەشەببۇس قىلدى ھەمدە ئۆز قوشۇنىنى كېڭەيتتى ۋە تەرتىپكە سالدى. بۇ چاغدا خوتەندىكى مۇھەممەت ئىمىن داموللىنىڭ ئىنىسى مەنسۇرمۇ خوتەندە «ئىسلام پادىشاھلىقى» قۇرغانىدى. ماجۇڭيىڭ بۇ ھاكىمىيەتنى يوقىتىش ئۈچۈن مۇئاۋىن دىۋىزىيە كوماندىرى ما خۇسەننى ئىككى برىگادا ئاتلىق قىسىم، بىر باتالىيون توپچى قىسىم بىلەن خوتەنگە ئەۋەتتى. ئۇلار شىددەتلىك جەڭلەر ئارقىلىق «شاھ» مەنسۇرنى ئۆلتۈرۈپ، «ئىسلام پادىشاھلىقى»نى يىمىرىپ تاشلاپ، خوتەن رايونىنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلدى*. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» يوقىتىلغاندىن كېيىن، خوجىنىيازھاجى يېڭىسارغا چېكىندى. شېڭ شىسەي ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا مۇئاۋىن رەئىسلىك مەنسىپىنى بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇزۇن ئۆتمەي خوجىنىياز ھاجى ئۈرۈمچىگە كەلدى. شېڭ شىسەي ئۇنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. خوجىنىياز ھاجىنىڭ بەزى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىغىمۇ خىزمەت بەردى. شۇنىڭدىن تارتىپ شىنجاڭ دائىرىسىدىكى بىرقانچە قوراللىق كۈچ تولۇق يوقىتىلدى. شىنجاڭ ۋەزىيىتى مۇقىملىششقا قاراپ يۈزلەندى، شېڭ شىسەينىڭ ھاكىمىيىتىمۇ مۇستەھكەملەندى.

---

* بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، ئۇيغۇرچە، 222 -، 232 - بەتلەر؛ ۋۇ ئەيچېن: «شىنجاڭغا سايەھەت»نىڭ 180 - 186 — بەتلىرىدىكى ئالاقىدار بايانلار.

# 3 - بۆلۈم جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە تەسىرى

XX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدا يۈز بەرگەن خەلق قوزغىلاڭلىرى، مىلىتارىستلارنىڭ قالايمىقان يېغىلىقلىرى ۋە جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭنى پارچىلاش جەھەتتىكى بىرمۇنچە ھەرىكەتلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىنتايىن زور دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە شىنجاڭدىكى باشقا مىللەت خەلقلىرىنىڭ جاھانگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىنىڭ شىنجاڭنى پارچىلاش سۇيىقەستلىرىنى تارمار قىلىشىغا ياردەم بېرىش، چېگرا رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق كۈرىشىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەش، ھەر مىللەت خەلقى ئۈزۈندىن بۇيان تەشنا بولۇپ كەلگەن تىنچلىق، دېموكراتىيە، ئىلغارلىق ئارزۇلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 1930 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىر تۈركۈم كوممۇنىستلارنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى، 1935 - يىلى 6 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى يەنە يۈ شيۇسۇڭ (ئۆزگەرتكەن ئىسمى ۋاڭ شۇچېڭ)قاتارلىق 25 كىشىنى شىنجاڭغا تەشۋىقات ۋە تەشكىللەش خىزمەتلىرىنى كەڭ تۈردە قانات يايدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىشكە ئەۋەتتى*.

1933 - يىلى، شېڭ شىسەي «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشكە تايىنىپ تەختكە چىقتى. شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن

* «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە پارتىيىنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان ئىنقىلابىي كۈرەشلىرى»، «خەلق گېزىتى»نىڭ 1983 - يىل 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىكى سانىنىڭ 5 - بېتىگە بېسىلغان.

كېيىن، ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇپ، خەلقنى ئۆزىگە مايىل قىلىپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ماركسىزم - لېنىنىزمنى ياقىلايدىغانلىقىنى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، سوتسىيالىزم يولىغا ماڭىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنداقلا، كۆرۈنۈشتە بەزى ئىلغار تەدبىرلەرنى قوللانغان بولۇپ، ئالدامچىلىق قىلىپ، خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇۋالدى. بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغان چاغدا، «مىللىي باراۋەرلىكنى يولغا قويۇش، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش، يېزىلاردا قۇتقۇزۇش ئىشلىرىنى يولغا قويۇش، مالىيەنى تەرتىپكە سېلىش، ئەمەلدارلارنى تەرتىپكە سېلىش، مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش، مۇختارىيەتنى يولغا قويۇش، ئەدلىيە ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىش»تىن ئىبارەت «سەككىز ماددىلىق خىتابنامە»نى ئوتتۇرىغا قويدى. 1934 - ۋە 1935 - يىللىرى جوڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ تۈرتكىسى ۋە تەسىرى ئاستىدا، يەنە «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، شۇرا* لار بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش، پارىخورلۇقنى يوقىتىش، تىنچلىقنى ساقلاش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش»تىن ئىبارەت «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى تۈزۈپ چىقتى. بۇ دېموكراتىك ئىنقىلاب خاراكتېرىگە ئىگە سىياسەت بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىنچلىقنى ساقلاش، دېموكراتىيە ۋە ئىلغارلىقنى ياقىلاشتىن ئىبارەت ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن ئىدى. بۇ سىياسەتنىڭ ئىجرا قىلىنىشى شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى

---

* شۇرا — ئەسلى ئەرەبچە «شۇرى» — كېڭەشمە، مەجلىس دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا «سوۋېت»دېگەن سۆز «شۇرا»دەپ ئۆزلەشتۈرۈپ قوبۇل قىلىنغان سۆز بويىچە قوللىنىلغان، تەرجىمىدىمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، مۇشۇنداق ئالدۇق.

مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي ئىگىلىك، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئىجابىي رول ئوينىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستلىرى شىنجاڭنىڭ ئەينى چاغدىكى گىرەلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ ئەھۋالىغا ئاساسەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كەلگۈسى مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھاكىمىيەتنى ئەمدىلا قولغا كەلتۈرگەن شېڭ شىسەيگە قارىتا ھەم ئىتتىپاقلىشىش، ھەم كۈرەش قىلىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ئۇنى دېموكراتىيىگە، ئىلغارلىققا مايىل بولۇش جەھەتتىن قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن بەزى پايدىلىق ئىشلارنى قىلدۇردى.

1935 - يىلى، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ تەشكىللىشى ۋە تۈرتكىسى ئارقىسىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈرۈمچىدە جاھانگىرلىككە قارشى كۈرەش قىلىدىغان ئاممىۋى تەشكىلات — شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى (قىسقارتىپ «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما»دەپ ئاتالغان)نى قۇردى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىك سەپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما» 1938 - يىلى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىندى، ئۇيۇشمىنىڭ باش كاتىپلىقىنى كوممۇنىستلار ئۈستىگە ئېلىپ، ئەمەلىي خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۇنىڭ ھەرقايسى باشقارما، بۆلۈم ھەيئەتلىرىنىڭ رەھبەرلىكىنىمۇ كوممۇنىستلار ئۈستىگە ئالدى. «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما»نىڭ تەشكىلى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە كېڭىيىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرىدىغان ھەقىقىي بىرلىك سەپ تەشكىلاتىغا ئايلاندى. «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما»، «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ»، «شىنجاڭ ياشلىرى» قاتارلىق ژۇرناللارنى نەشر قىلىپ، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇشنى كەڭ

تەشۋىق قىلىپ، خەلققە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى توغرىسىدا تەربىيە بەردى. 1938 - يىلدىن 1940 - يىلغىچە «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما» ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن، «پۇل ئىئانە قىلىش» ۋە «قىشلىق كىيىم - كېچەك ئىئانە قىلىش» ھەرىكىتىنى داغدۇغىلىق قانات يايدۇردى. 1938 - يىلى 1 - ئايدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىككىنچى تۈركۈمدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم قىلغان 103 تېڭىق جۇۋا، بىر تۈركۈم قورال - ياراق بېسىلغان ئون ئاپتوموبىل يەنئەنگە ماڭغۇزۇلدى. 10 - ئايدا يەنە 100 مىڭ قۇر قىشلىق كىيىم - كېچەك ئىئانە قىلىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەرقايسى ئورۇنلار ئۆلكە كۆمۈش پۇلىدىن 6 مىليون 929 مىڭ 100 سەر پۇل (سەر — ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدا قوللىنىلغان پۇل بىرلىكى) ئىئانە قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا كۈچلۈك ياردەم بەردى*. جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ تەسىرى ۋە شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ بىردەك تەلەپ قويۇشى نەتىجىسىدە، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىگە قاتتىق زەربە بەردى. جاھانگىرلارنىڭ جاسۇسلىرىنى ۋە ھەر مىللەت ئىچىدىكى مۇناپىقلارنى، ئەكسىيەتچىلەرنى قوغلاپ چىقاردى ياكى ھەپسىگە ئالدى، جاھانگىرلارنىڭ كونسۇلخانىلىرىنىڭ ۋە چېركاۋلىرىنىڭ قانۇنسىز ھەرىكەتلىرىنى قاتتىق چەكلىدى. بۇ تەدبىرلەر ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە تۈرلۈك ئىلغار پائالىيەتلىرىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى.

جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ھەرقايسى خىزمەت تارماقلىرى ۋە

---

* شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى پارتىيە تارىخى كومىتېتى تۈزگەن «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدە شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى خاتىرىسى»، 13 - 22 - بەتلەر.

ئىش ئورۇنلىرىدا ئۇيغۇرلار ۋە باشقا مىللەت خەلقلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى قەتئىي ئىزچىللاشتۇردى.

1933 - يىلدىن تارتىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغانغا قەدەر بولغان قىسقىغىنا بىر قانچە يىل ۋاقىت ئىچىدە، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن جاپالىق خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى:

سىياسىي خىزمەت جەھەتتە، ئۇلار جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش تەلىم - تەربىيە كۇرسى ئېچىپ، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنى ۋە ياش ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلىدى، ئۇلارغا ئەينى ۋاقىتتىكى ئىچكى - تاشقى سىياسىي ۋەزىيەت ۋە ئىنقىلاب نەزەرىيىسىدىن دەرس ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ئاڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى. ئۇنىڭدىن باشقا، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە ياردەملىشىپ مىللەتلەر قۇرۇلتىيى چاقىرىپ، مىللەتلەر ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىش سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدى؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىن ئىقتىدارلىق ياشلارنى تاللاپ ھۆكۈمەت خىزمىتىگە قويدى؛ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە ياردەملىشىپ كونا بيۇروكرات ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ تۈرلۈك يامان ئىللەتلىرىنى تازىلىدى؛ مالىيەگە نازارەتچىلىك قىلىش ھەيئىتى تەسىس قىلدى، خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى جازالاش نىزاملىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، خىيانەتچىلىك قىلىپ، قانۇنغا بويسۇنمايدىغان قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بەردى ۋە باشقىلار. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ سىياسىي كەيپىياتى يېڭىلاندى*.

ئىقتىسادىي خىزمەت جەھەتتە، ئۇلار شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە ياردەملىشىپ، بىرىنچى ئۈچ يىللىق قۇرۇلۇش پىلانىنى تۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش

* جۇدۇڭجياۋ: «شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، خەنزۇچە 6 - سان، 14 -، 15 - بەتلەر.

ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇردى. مەسىلەن: يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى، يېزا ئىگىلىكىگە قەرز پۇل ۋە ئۇرۇق تارقىتىپ بېرىلدى؛ جايلاردا دېھقانچىلىق تەجرىبە مەيدانلىرى قۇرۇلدى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 23 مىڭ 679 دانە يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمىنى سېتىۋېلىندى؛ ئۈرۈمچىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەكتەپلىرى قۇرۇلدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدا ئۆگىنىش كۇرسلىرى ئېچىلدى، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. 1936 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا 1931 - يىلىنىڭ ئالدىدىكى سەۋىيە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. سانائەت قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى نەتىجىلەرمۇ كۆرۈنەرلىك بولدى، 1936 - يىلى شىخو (قارا ئۇسۇ)نىڭ مايتاغ رايونىدا نېفىت كېنى ئېچىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بۇرۇۋايلار سېتىۋېلىندى، تېخنىك خادىملار تەكلىپ قىلىنىپ نېفىت چىقىرىش ئىشلىرى يولغا قويۇلدى، ئالتاي ئالتۇن كېنى ئىدارىسى 1935 - يىلى قۇرۇلغانىدى، مەزكۇر ئىدارە 1936 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىن 200 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئىشچىنى قوبۇل قىلىپ، ئالتۇننى ئۆزى قېزىشقا كىرىشتى. 1936 - يىلى ئۈرۈمچىدە ھۆكۈمەت بىلەن سودىگەرلەر بىرلەشكەن ئېلېكتر شىركىتى قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خۇسۇسىيلارنىڭ كاپىتال سېلىپ ئىلى، چۆچەك، ماناس قاتارلىق جايلاردا كىچىك تىپتىكى ئېلېكتر شىركەتلىرىنى قۇرۇشقا ئىلھام بېرىلدى. خۇسۇسىيلار كاپىتال سېلىپ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىلھاملاندۇرۇلدى. 1937 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 392 ئورۇندا ئۇن زاۋۇتى، ياغ زاۋۇتى، قەغەز زاۋۇتى، قەلەم زاۋۇتى، ئاپتورېمونت زاۋۇتى قاتارلىق كىچىك تىپتىكى زاۋۇت - كارخانىلار قۇرۇلدى.

سودا ئىشلىرى جەھەتتە، شەھەر - بازارلاردا ئاھالىنىڭ كۆپىيىشى سودا ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولدى، جايلاردا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىجارەت - سودا ئىشلىرى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدى. 1937 - يىلغا كەلگەندە، شىنجاڭ بويىچە يېڭىدىن قۇرۇلغان چوڭراق سودا دۇكانلىرىنىڭ سانى 500 دىن ئېشىپ، بۇرۇن بارلىرى بىلەن قوشقاندا 1600 دىن ئېشىپ كەتتى. قاتناش - ترانسپورت جەھەتتىمۇ تەرەققىيات ناھايىتى زور بولدى، 1935 - يىلى ئۈرۈمچى - ئىلى تاشيولى ياسالدى، بۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 700 كىلومېتىردىن ئاشتى، 1937 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئاپتوموبىل سانى 400 دىن ئېشىپ كەتتى، ئاساسلىق ترانسپورت نۇقتىلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئاپتورېمونت زاۋۇتلىرى قۇرۇلدى؛ 1935 - يىلى يەنە ئۈرۈمچىدە ئاپتوموبىل مەكتىپى قۇرۇلۇپ، شوپۇر ۋە رېمونتچى تېخنىكلار يېتىشتۈرۈلدى. ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇش ئۈچۈن، ھۆكۈمەتتە شىنجاڭ - سوۋېت ئىتتىپاقى سودا شىركىتى ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى قۇرۇلدى (بۇ شىركەت ئەينى ۋاقىتتا «سوۋ - سىن تۇرك» دەپ ئاتالغان — ت). شۇنداق قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازىرى چىقتى، تۇرمۇشقا ئېھتىياجلىق رەخت، شېكەر، چاي ۋە باشقا ماتېرىياللارنىڭمۇ كېلىش مەنبەسى بار بولۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا كۆپ پايدىلىق بولدى.*

مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى جەھەتتە: شىنجاڭدىكى

---

* جۇ دۇڭجياۋ: «شىنجاڭنىڭ ئون يىلى» (شىنگراف نۇسخىسى)، 47 - 50 - بەتلەر.

ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ «مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» لىرى قۇرۇلدى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» (قىسقارتىپ «ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى» دەپ ئاتالغان) 1934 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ئىچىدە ئەڭ بالدۇر قۇرۇلغان ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەدەنىيەت تەشكىلاتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئۇيۇشما جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ياردىمى ئاستىدا تۈرلۈك ئىلغار پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئۆلكە مەركىزىدىكى باش ئۇيۇشمىدىن تارتىپ ناھىيىلىك شۆبە ئۇيۇشمىلارغا قەدەر ھەممىسى مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى پائال يولغا قويدى، ئۇنىڭ راسخوتى مەسچىت، مەدرىس، مازارلارنىڭ ۋەخپىلىرى ئارقىلىق ۋە جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئىئانە قىلىشى ئارقىلىق ھەل قىلىندى. 1937 - يىلغا كەلگەندە، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىلى باش ئۇيۇشمىدىن باشقا، ۋىلايەتلىك تارماق ئۇيۇشمىدىن سەككىزى ناھىيىلىك شۆبە ئۇيۇشمىدىن 41 ى، يېزا - كەنت ياچېيكىلىرىدىن 23 ى قۇرۇلدى. 1936 - يىلغا كەلگەندە، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئاچقان ئىپتىدائىي مەكتەپ 1736 گە، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى 124 مىڭ 174 نەپەرگە، ئۇيۇشمىغا قاراشلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ئۈچكە، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچى سانى 440 نەپەرگە، ئۇيۇشمىغا قاراشلىق دارىلمۇئەللىمىن كۇرسى ئونغا، ئۇنىڭدا ئوقۇش پۈتتۈرگەن كۇرسانت سانى 535 نەپەرگە، ئۇيۇشمىغا قاراشلىق خەلق مەكتىپى 115 كە، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچى سانى 4760 نەپەرگە يەتتى. دېمەك، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئاچقان مەكتەپ جەمئىي 1980 گە، ئوقۇغۇچى سانى جەمئىي 129، مىڭ 469 نەپەرگە يەتتى*

* ۋاڭ شۇچېڭ (يوشيۇسۇڭ): «يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي سىياسىتى توغرىسىدا دوكلات»، «ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى»، 8 - سان، 11 - بەت.

باش ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى 1935 - يىلى ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ» ناملىق ژۇرنالنى نەشر قىلدى، كېيىن يەنە «بىزنىڭ ئاۋازىمىز» ناملىق ژۇرنالنى نەشر قىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قەشقەر ۋىلايەتلىك شۆبە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى «يېڭى ئاۋاز»، چۆچەك ۋىلايەتلىك شۆبە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىمۇ «بىزنىڭ ئاۋازىمىز»، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك شۆبە ئۇيغۇ ئۇيۇشمىسى «ئاقسۇ خەۋەرلىرى»، قاراشەھەر ۋىلايەتلىك شۆبە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى «يۇلتۇز»، كورلا ناھىيىلىك شۆبە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى «بىخ»، لوپنۇر ناھىيىلىك شۆبە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى «تەكلىماكان» ناملىق ژۇرناللارنى نەشر قىلدى. بۇ ژۇرناللار يېڭى مەدەنىيەت، يېڭى ئىدىيىنى تارقىتىش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ مەزگىلدە مىللىي يېزىقتا گېزىت چىقىرىلىدىغان بولدى، 1937 - يىلىغا كەلگەندە، ئۇيغۇرچە شىنجاڭ گېزىتى (ئىككى كۈندە بىر سان چىقاتتى) 4300 نۇسخا، ئىلىدا شىنجاڭ گېزىتىنىڭ ئۇيغۇرچىسى (كۈندە بىر سان چىقاتتى) 2000 نۇسخا، قەشقەردە شىنجاڭ گېزىتىنىڭ ئۇيغۇرچىسى (ھەپتىدە بىر سان چىقاتتى) 2000 نۇسخا تارقىتىلدى. 1936 - يىلىدىن باشلاپ، سەھىيە - داۋالاش ئىشلىرى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدى. ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقىدىن نۇرغۇن تىببىي دورىلارنى سېتىۋالدى. جايلاردا دوختۇرخانىلاردىكى كېسەل كارىۋاتلىرىنىڭ سانى 500 دىن ئېشىپ كەتتى.

جۇڭگو كوممۇنىستلىرى شىنجاڭدا ھەر مىللەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ئۇلار شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئارقىلىق جايلاردا تۈرلۈك خاراكتېردىكى كۇرس ۋە كەسپىي مەكتەپلەرنى ئېچىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈردى. ئۇنىڭدىن باشقا، مۇنەۋۋەر ياشلارنى تاللاپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى، ئۇلار دوختۇرلۇق

ۋە مال دوختۇرلۇق پەنلىرىنى ئوقۇغاندىن باشقا، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى توغرىسىدا تەربىيە ئالدى①. 1934 - يىلى قىشتىن 1936 - يىلى ياز پەسلىگىچە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا تاللاپ ئەۋەتىلگەن ھەر مىللەت مۇنەۋۋەر ياشلىرىنىڭ سانى 250 دىن ئېشىپ كەتتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ياشلىرى 140 قا يەتتى②.

1937 - يىلى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ئورنى كۈندىن - كۈنگە مۇھىم بولۇپ قالدى. ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەملىكەت خەلقىمىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا بېرىدىغان ھەربىي ۋە ماددىي ياردىمى ئاساسلىقى شىنجاڭ ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەرگە توشۇلىدىغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ ئەڭ ئىشەنچلىك خەلقئارا قاتناش بېكىتى بولۇپ قالغانىدى. بۇ مەزگىلدە، پارتىيىمىز ياپون باشقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئارقا سېپىنى مۇستەھكەملەش ۋە جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ خىزمىتىگە تېخىمۇ زور دەرىجىدە ئېتىبار بەردى ۋە كۆڭۈل بولدى. شېڭ شىسەيمۇ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش، گومىنداڭنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىق، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، پارتىيىمىز بىلەن ھەمكارلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

1937 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، جۇڭگو ئىشچى-دېھقان قىزىل ئارمىيىسى 4 - يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ غەربىي يۆنىلىش تارماق قوشۇنىدىن 400 نەپەردىن ئارتۇق جەڭچى -

---

① جۇدۇڭجياۋ: «شىنجاڭنىڭ ئون يىلى»، 51 -، 53 -، 66 - بەتلەر.

② جۇدۇڭجياۋ: «شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 6 - سان، 20 - بەت.

ئۆكتەبىر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىنىڭ يولىيورۇقى بويىچە، شىنجاڭنىڭ گەنسۇ بىلەن چېگرىلىنىدىغان يېرى — شىڭشىڭشياغا كېلىپ يېغىلدى. 5 - ئايدا چېن يۈن، تىڭ دەيۈەن قاتارلىق يولداشلار مەركەزنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا كەلدى ۋە شېڭ شىسەينىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، 40 ئاپتوموبىلغا ھەربىي كىيىم - كېچەك ۋە يېمەكلىكلەرنى بېسىپ شىڭشىڭشياغا كېلىپ، غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قارشى ئالدى. غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھەربىي ئىنتىزامنى چىڭ ساقلاپ، سىرتقا قارىتا ئۆزىنى «يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسى» دەپ ئاتىدى. يولداش چېن يۈن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن تۇنجى پارتىيە ۋەكىلى سۈپىتىدە، قىزىل ئارمىيە كادىرلىرى بىلەن جەڭچىلىرىنى مەدەنىيەت، سىياسىي نەزەرىيە ۋە ھەربىي پەن - تېخنىكا ئۆگىنىشكە پائال ئۇيۇشتۇردى. ئۇلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، «ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىپ، خاتىرجەم ئۆگەندى»، ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا ناھايىتى ئوبدان تەسىرلەرنى قالدۇردى. 1937 - يىلى 9 - ئايدا، پارتىيىمىز مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى يولداش دېڭ فانى شىنجاڭغا كېلىپ يولداش چېن يۈننىڭ ئورنىدا «يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسى» نىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەشكە ئەۋەتتى.

يولداش چېن يۈن، دېڭ فالار شېڭ شىسەي بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ۋە ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدا نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى. كېيىن شېڭ شىسەي پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭدا 8 - ئارمىيە ئىش باشقارمىسىنى قۇرۇشقا قوشۇلدى. ئىش باشقارمىسى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ نەنلياڭ رايونىدىكى

ئېگىز يىنادا تەسىس قىلىندى. 1937 - يىلى 10 - ئايدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يولداش جۇ شياۋجۇنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى. ئۇ 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىكىنى ئاشكارا ئۈستىگە ئالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، يولداش جۇ شياۋجۇ خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن يەنئەنگە قايتىپ كەتتى، ئۇنىڭ خىزمىتىنى يولداش تېڭ دەيىۋەن ئۆتكۈزۈۋالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي يولداش تېڭ دەيىۋەنمۇ يەنئەنگە قايتىپ كەتتى. ئىش باشقارمىسىنىڭ خىزمىتىگە يولداش دېڭ فا مەسئۇل بولدى*.

ئۇنىڭدىن كېيىن ، پارتىيىمىز شېڭ شىسەينىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، تېخىمۇ كۆپ پارتىيە ئەزالىرىنى شىنجاڭدا ئىشلەش ئۈچۈن ئارقا - ئارقىدىن ئەۋەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە شىنجاڭغا كېلىپ ئىشلىگەن بىرمۇنچە مۇنەۋۋەر رەھبىرىي كادىرلار بار ئىدى. مەسىلەن: 1938 - يىل ئەتىيازدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يولداش ماۋ زېمىن، لىن جىلۇلارنى ئەۋەتتى؛ 1939 - يىلى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يەنە مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى چېن تەنچيۇنى ۋە باشقا يولداشلارنى ئەۋەتتى. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ كۆپىيىشى ۋە رەھبىرىي كۈچلەرنىڭ كۈچىيىشى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇلار شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بەزى تارماقلىرىدا رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپلا قالماي، يەنە خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا، قۇمۇل، تاشقۇرغان قاتارلىق جايلاردىمۇ ھەربىي، مەمۇرىي ۋە مائارىپ ساھەسىدە رەھبەرلىك خىزمەتلىرىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇلار پارتىيىمىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش

* «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان ئىنقىلابىي كۈرەش خاتىرىسى»، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1981 - يىل 1 - سان، 60 - بەت.

قىلىش ئۇن چوڭ پروگراممىسىدىكى پرىنسىپلارغا ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ سىياسىتىگە ئاساسەن، ھەرقايسى تارماقلاردا نۇرغۇن پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردى.

جۇڭگو كوممۇنىستلىرى گېزىت - ژۇرنال قاتارلىق تەشۋىقات قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ، ئاممىۋى تەشكىلات، مەكتەپ قاتارلىق تەشكىللەر ئارقىلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى سۆيۈش تەشۋىقاتىنى كەڭ تۈردە قانات يايدۇرۇپ، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزلۇق جىنايەتلىرىنى پاش قىلدى. خەلقنى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قەتئىي قارشى تۇرۇشقا، بارلىق ۋەتەن ساتقۇچىلىق، تەسلىمچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇشقا چاقىردى. بۇ مەزگىلدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» ئاساسىي جەھەتتىن پارتىيىمىز ئىگىلىگەن ۋە يېتەكچىلىك قىلغان تەشۋىقات نەشرى ئەپكارى بولۇپ، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى، 8 - ئارمىيىنىڭ، يېڭى 4 - ئارمىيىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى باتۇرانە جەڭ قىلغان ئىش ئىزلىرىنى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش جەھەتلىرىدە ئاكتىپ رول ئوينىغانىدى. پارتىيىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى سۆيۈش توغرىسىدىكى تەشۋىقاتلىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇيغۇسى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي كەيپىياتىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتتى ھەمدە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى مىللىي ھەققانىيەت تۇيغۇسىغا، ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىغا ئىگە بىرمۇنچە دېموكراتىك ئىلغار زاتلارنى، ياش زىيالىيلارنى شىنجاڭغا كېلىپ ئىشلەشكە جەلپ قىلدى. ئۇيغۇر

خەلقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا پائال ياردەم بېرىپ، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكلىرىنى تېجەپ، ماددىي ئەشيالارنى ئىئانە قىلدى. 1939 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭ بويىچە ئۇيغۇر خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر مىللەت خەلقى 2 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئىئانە قىلدى. ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسىدە بىر ئۇيغۇر ئايال بىر قېتىمدىلا ئون سەرلىك يامبۇدىن 27 نى تەقدىم قىلدى؛ قەشقەرلىك بىر قېرى تۇل خوتۇن ئۆزىنىڭ باشاق تېرىپ توپلىغان بىر تاغار بۇغدىيىنى سەھنىگە ئەپچىقىپ تەقدىم قىلدى؛ يەنە بىر ئۇيغۇر يېتىم بالا ئۆزىگە تارقىتىپ بېرىلگەن يېڭى پاختىلىق چاپاننى چىرايلىق تېگىپ كېلىپ، ئۇنى ئالدىنقى سەپتىكى جەڭچىلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مۇشۇنداق تەسىرلىك ئىشلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى نامايان قىلدى*.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى سۆيۈش ئىدىيىسىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى توغرىسىدا تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئىشى بىلەنمۇ پائال شۇغۇللاندى. شىنجاڭدىكى چوڭ - چوڭ شەھەر- لەردە ماركسىزم - لېنىنىزم كلاسسىك ئەسەرلىرى ھەمدە خەنزۇ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلىرىنىڭ ئىلغار ئەسەرلىرى كۆپلەپ تارقىتىلدى. بولۇپمۇ يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «ئۇزاققا سوزۇلىدى- غان ئۇرۇش توغرىسىدا»، «يېڭى دېموكراتىزم توغرىسىدا» قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭ شىنجاڭدا كەڭ تۈردە تارقىلىشى شىن-

---

* «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدە شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى»، 42 - بەت.

جاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي ھاياتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، ھەرقايسى مىللەت مەكتەپلىرىدە ئىلمىي سوتسىيالىزمدىن دەرس ئۆتۈلدى، ھەر دەرىجىلىك كۇرسلاردىمۇ ئىجتىمائىي پەن چوقۇم ئۆگىنىشكە تېگىشلىك دەرسلەرنىڭ بىرى قىلىندى. ھەر خىل شەكىلدىكى تەشۋىقات، تەلىم - تەربىيە ئارقىلىق، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي نەزەرىيىسى ۋە سوتسىيالىزم ئىدىيىسى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە ئۇچرىشىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىنقىلابىي سىياسەتلىرى ۋە تەشەببۇسلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە چۈشەندى، شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ ئاڭ - تونۇشى ئۆستى، پارتىيىنىڭ شىنجاڭدىكى سىياسىي تەسىرى كېڭەيدى، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى، بولۇپمۇ ياشلار ئىچىدە ئىنقىلابىي ئىدىيىنىڭ ئۇرۇقى چېچىلدى.

لېكىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ئۇنىڭ بەزى ئەزالىرى شېڭ شىسەينىڭ ئەكسىيەتچى ماھىيىتىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يەتكەنىدى. ئەينى ۋاقىتتا يولداش چېن تەنچيۇ: شېڭ شىسەي بىزدىن قاچان بولمىسۇن يۈز ئۆرۈشى مۇمكىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن، خەلقئارا قاتناش لىنىيىسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، شېڭ شىسەي بىرلىك سەپنى ئاشكارا ھالدا بۇزۇپ تاشلىمايدىغانلا بولسا، بىز بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ۋە ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش خىزمىتىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك. شۇنداقتىمۇ، ھوشيار بولۇپ يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئۆزگىرىشكە تاقابىل تۇرۇشقا ئوبدان تەييارلىق قىلىپ قويۇشىمىز لازىم، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ يەنە ھەرىكەت جەھەتتە ھەم ئىتتىپاقلىشىش، ھەم كۈرەش قىلىش، كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئىتتىپاقلىقنى قولغا كەلتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ

تۇردى. شېڭ شىسەينى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن، ئۇ يولداش لىن جىلۇغا «ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە ئۆتكەن گۇەن يۈگە باھا» دېگەن ئۇزۇن ماقالىنى يېزىپ «شىنجاڭ گېزىتى» گە بېسىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. ماقالە قەدىمكىلەر ئارقىلىق ھازىرقىلارنى دارىتمىلاش ئۇسلۇبىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا: «گۇەن يۈ ليۇبېي بىلەن سون چۈەننىڭ ساۋ ساۋغا قارشى تۈزگەن بىرلىك سەپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان جىنايەتچى» دېيىلگەن ۋە «بىرلىك سەپكە بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتى ھەرگىز ياخشى بولمايدۇ، كىمكى بۇزغۇنچىغا قانات ياپىدىكەن، شۇ كىشى ئۆزىنىڭ بېشىنى يەيدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەنىدى*.

جۇڭگو كوممۇنىستلىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ھەرقايسى خىزمەت تارماقلىرىدا پۈتۈن كۈچىنى ئايىماي تىرىشىپ ئىشلىدى؛ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشىغا ياردەم بەردى ۋە تۈرتكە بولدى. 1937 - يىلدىن 1940 - يىلغىچە جۇڭگو كوممۇنىستلىرى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە ياردەملىشىپ، ناھىيە ھاكىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى، سىياسىي كادىرلار كۇرسلىرىنى ئېچىپ ھەر دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى خادىملارنى يېتىشتۈردى. شاڭيولۇق، داقاللىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، رايون، كەنت ھاكىمىيەتلىرىنى قۇردى. شىبە يىڭى، چاخار يىڭى قاتارلىق ھەربىي فېئوداللىق

---

* گاۋ دېڭباڭ، شيې لياڭ قاتارلىقلار: «سېپىلگەچكە ساپ قېنىڭىز تىيانشانغا، ساقلىنار مەردانە روھىڭىز مەڭگۈگە — چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇلارنىڭ ھەققانىيەت يولىدا باتۇرلارچە قۇربان بولغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرلەيمىز»، «خەلق گېزىتى» نىڭ 1983 - يىل 27 - سىنتەبىردىكى سانى، 5 - بەت.

تەشكىللەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ناھىيە تۈزۈمىنى ئورناتتى؛ 1940 - يىلى قىشتا ئۆلكىلىك مەمۇرىي ھەيئەت قۇرۇلدى، 1940 - يىلى 1 - ئايدىن 3 - ئايغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە ھەرقايسى ناھىيىلەردە ناھىيىلىك مەمۇرىي ھەيئەتلەرنى قۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھەر مىللەت، ھەر ساھەنىڭ ۋەكىللىرىنى قاتناشتۇرۇپ، ھەر مىللەت، ھەر ساھە كىشىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ھەر خىل خىزمەتلەرنى يولغا قويۇشىغا ياردەملەشتى. مانا بۇ خىزمەتلەر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي ھاياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەنىدى. پارتىيىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر كادىرى لىن جىلۇ 1939 - يىلدىن 1941 - يىلغىچە كۇچا ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولغاندا، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەممىلا يەردە جاپاكەش ئەمگەكچى خەلقنىڭ دەردىگە يەتتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئەھمىيەت بەردى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنى قىزغىن سۆيدى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلدى، يەرلىك ئۇيغۇرلارغا ۋە باشقا مىللەت خەلقلىرىگە بىرمۇنچە ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردى. ئۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، پومىشچىك، بايلارنىڭ يالاقچىسى بولغان «مەمۇرىي ساقچى» لارنىڭ جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قانۇن بويىچە زەربە بەردى، پۈتۈن ناھىيىدىكى پۇقرالارنى ئادالەتتىن بەھرىمەن قىلدى. ناھىيە ھاكىمىيىتىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن رايون، يېزا باشلىقلىرىنى خەلقچىل ئۇسۇل بىلەن سايلاش تۈزۈمىنى قەتئىيلىك بىلەن يولغا قويدى ھەمدە سۇ باشقۇرىدىغان مىرابلارنىمۇ سايلام ئارقىلىق تەيىنلەپ، سۇ ئىشلىرىنى پومىشچىك، بايلارنىڭ ئىگىلىۋېلىپ، خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. يېزىلاردا ھەق تەلەپ ئىشلىرىنى مۇرەسسە قىلىش ھەيئەتلىرىنى قۇردى، ناھىيىدە مەمۇرىي ھەيئەت قۇرۇپ، ئۇنىڭغا سودا - سانائەت ساھەسىدىكى زاتلارنى ۋە دىنىي زاتلارنى تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇرۇپ، ناھىيىنىڭ

چوڭ ئىشلىرىنى بىرلىكتە مەسلىھەتلەشتى؛ باج تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، باج - سېلىقنى ئازايتىپ، پومېشچىك، بايلارغا پايدا، خەلققە بالايىئاپەت كەلتۈرىدىغان «باجنى ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى» نى بىكار قىلدى. يەرسىز ۋە يېرى ئاز دېھقانلارنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، كىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرسە، ئۇ يەر شۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولىدىغانلىقىنى، ئۈچ يىلغىچە غەللە - پاراق ئېلىنمايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قەرز پۇل بېرىشىنى، ئۇرۇق ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرى بىلەن تەمىن ئېتىشنى تەلەپ قىلسا بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. شۇنداقلا يەنە، پومېشچىك، بايلارنىڭ سۇ مەنبەلىرىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىشىغا يول قويماسلىق، يەر سۇغىرىشتا ئاۋۋال نامرات دېھقانلارنىڭ يېرىنى سۇغىرىشنى بەلگىلىدى. دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، ئۇ يەنە سۇ تۈگمەنلىرىنى ياساشنى تەشكىللەپ، دېھقانلارنى پومېشچىك، بايلارنىڭ «بەشتىن بىر قىسمىنى ئايرىۋېلىش» تەك دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيىسىدىن خالى قىلدى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ يەنە كۇچا، شايار ئىككى ناھىيە خەلقىنى بىرلىكتە ھەرىكەتلەندۈرۈپ ۋە ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، ئۇزۇنلۇقى 25 كىلومېتىر، كەڭلىكى بەش گەز، چوڭقۇرلۇقى ئۈچ گەز كېلىدىغان بىر چوڭ ئۆستەڭ چاپتۇردى. كۇچا ناھىيىسى دائىرىسىدىكى چوڭ دەريادا بىر-قانچە قېتىم كەلكۈن كېلىپ، تاشقىن بولغانلىقتىن، بۇ يەردىكى ئۇيغۇر خەلقى چوڭ توغان ياساپ، كەلكۈن سۈيىنى تۇتۇپ ساقلاشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا، لىن جىلۇ شەخسەن ئۆزى تەكشۈرۈپ لايىھىلەپ، قۇرۇلۇش خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىپ، 8000 - 9000 ئادەمنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، 40 كۈن ئىچىدە ئۇزۇنلۇقى تۆت كىلومېتىر، ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر، ئۇلىنىڭ

كەڭلىكى 17 مېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى ئۈچ مېتىر كېلىدىغان چوڭ تۇسما ياسىدى. كۇچا ناھىيىسى ئىچىدىن ئۆتىدىغان قىزىل تاغ دەرياسى (يەنى كۇچا دەرياسى) دا چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياسالغان بىر ياغاچ كۆۋرۈك بولۇپ، ئۇزۇن زاماندىن بۇيان كونىراپ رېمونتسىز قېلىپ، خەتەرلىك بولۇپ قالغانىدى. قاتناش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، لىن جىلۇ خەلقنى يېتەكلەپ بۇ كۆۋرۈكنى قايتا ياساشقا بەل باغلىدى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، 1941 - يىلى 1 - ئايدا پۇختا ۋە چىرايلىق بىر يېڭى كۆۋرۈك پۈتۈپ چىقتى، لىن جىلۇ ئۇنىڭغا «قەدىمكى كۇسەن كېچىكى، ئىتتىپاقلىق يېڭى كۆۋرۈكى» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى. لىن جىلۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقىمۇ بەك ئەھمىيەت بەردى. ئوقۇش يېشىدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشى ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىپ، مەكتەپلەرنى كۆپەيتىپ قۇردى. ئىككى يىل ۋاقىت ئىچىدە كۇچادىكى مەكتەپلەر ئەسلىدىكى ئىككى مەكتەپتىن 35 كە كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىگە قارايدىغان مەكتەپ 11، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا قارايدىغان مەكتەپ 24 بولۇپ، ئوقۇش يېشىدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا چوڭ ياشتىكىلەرنىڭ ساۋات چىقىرىش كۇرسلىرى ئېچىلدى، ساۋاتسىزلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىغانلار ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئالدىدىكى شەرەپ تاختىسىغا چىقىرىلىپ تەقدىرلەندى. مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، پۇلى بارلار پۇل ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىنىپ، بىر دانە كىنو قويۇش ئاپپاراتى سېتىۋېلىنىپ، ئاممىغا كىنو قويۇپ بېرىلدى، تەشۋىقات ئەترەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، كونسېرت - كومېدىيىلەر قويۇلدى،

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى شېئىرلار ئۆگىتىلدى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەزمۇنىدىكى تىياتىرلار قويۇلدى. لىن جىلۇ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىكىنى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈنمۇ كۈرەش قىلدى. كۇچادا ئەنگلىيە سودىگەرلىرى دائىم سىپكۇلانتلىق قىلىپ، ماللارنى تىقىۋېلىپ، بازارنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ كەلگەنىدى. ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى سەپەر ئۈستىدە كۇچادىن ئۆتكەن چاغدا، لىن جىلۇ ئەنگلىيە سودىگەرلىرىنىڭ بۇنداق بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىپ، ئەنگلىيىنىڭ كۇچادا قۇرغان ئىشپىيونلۇق تورىنى پاش قىلىپ، ئەنگلىيە كونسۇلىغا تولۇق پاكىتلار ئاساسىدا كەسكىن ئېتىراز بىلدۈردى. لىن جىلۇنىڭ كۇچادىكى ئىش ئىزلىرى، ئۇنىڭ كىشىلەرگە باراۋەرلىك ئاساسىدا مۇئامىلە قىلىدىغان، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى ئۆزى ئۈچۈن خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان ئىستىلى ئۇيغۇر خەلقىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئۇيغۇر خەلقى ئۇنى «ياخشى ھاكىم» دەپ ئاتايتتى*.

جۇڭگو كوممۇنىستلىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ھامان ئەھمىيەت بىلەن قارىدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلدى. ئەينى ۋاقىتتا، شىنجاڭنىڭ مالىيە - ئىقتىسادى ئىنتايىن قالايمىقان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا ۋە خەلق تۇرمۇشىغا ئېغىر تەسىر يەتكەنىدى. شېڭ شىسەي پارتىيىمىزدىن بىرنەپەر كادىر ئەۋەتىپ مالىيەنى تەرتىپكە سېلىشقا ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. دەل مۇشۇ پەيتتە، مالىيەنى تەرتىپكە سېلىش جەھەتتە مول تەجرىبىگە ئىگە

* «شىنجاڭدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار تەزكىرىسى»، 1 - توپلام، ئۇيغۇرچە نەشرى.

يولداش ماۋ زېمىن كېسىلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارماقچى بولۇپ ئۈرۈمچىگە كەلگەنىدى. يولداش دېڭ فا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىن يوليورۇق سوراپ، يولداش ماۋ زېمىننىڭ شىنجاڭدا قېلىپ ئىشلىشىگە قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ، يولداش ماۋ زېمىن 1938 - يىلدىن باشلاپ مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، مۇۋەققەت نازىرى بولۇپ ئىشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قانۇنىي ئورنى ئارقىلىق، شىنجاڭدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن بىر قاتار مۇھىم تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، جاپالىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. مەسىلەن: 1939 - يىلى ئۆلكىلىك بانكىنى تىجارەت بانكىسىغا ئۆزگەرتىپ، سودىگەرلەردىن پاي توپلاپ، بانكا مەبلىغىنى تولۇقلىدى ھەمدە مۇشۇ ئاساستا پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، «بەر» بىرلىك قىلىنغان كونا پۇلنىڭ ئورنىغا «دوللار» بىرلىك قىلىنغان يېڭى پۇل تارقىتىپ، يېڭى پۇلنىڭ ئىناۋىتىنى ئۆستۈرۈپ، مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇردى؛ مالىيەدە خامچوت ۋە نەقچوت تۈزۈمىنى ھەمدە ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنى مۇكاپاتلاش - جازالاش نىزامىنى بېكىتىپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىنى پاكلىق بىلەن ئىشلەش يېڭى ئىستىلىنى تۇرغۇزۇپ، خىيانەتچى، پارىخور ئەمەلدارلارغا زەربە بەردى؛ باجنى يەڭگىللەشتۈرۈپ، مالىيە مەنبەسىنى ئېچىپ، ئالۋان - سېلىقلارنى بىكار قىلىپ، خەلقنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىپ، مالىيە كىرىمىنى كۆپەيتتى؛ سودا - سانائەتتە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىغا قەرز پۇل بېرىشنى يولغا قويۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مالىيە ئورگانلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، خەزىنە قۇرۇپ، ئۆلكىدىن تارتىپ تاكى ناھىيىلەرگە قەدەر بىر يۈرۈش پۇل مۇئامىلە ئورگانلىرىنى تەسىس قىلدى. مالىيە كادىرلىرى مەسىلىسىنى

ھەل قىلىش ئۈچۈن مالىيە مەكتىپى قۇرۇپ، بەزى ناھىيىلەردە بوغالتىرلىق كۇرسلىرىنى ئېچىپ، بىر تۈركۈم مالىيە خادىملىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. كوممۇنىستلار يەنە بەزى جايلاردا قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ياخشىلاش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەر خىل قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىمۇ ياخشىلاندى. 1941 - يىلىغا كەلگەندە، شىنجاڭ بويىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى كېڭىيىپ تۆت مىليون مودىن ئېشىپ كەتتى. 100 مىڭدىن ئارتۇق يېڭى تىپتىكى ھەر خىل دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئومۇملاشتۇرۇلدى. بىرمۇنچە مۇھىم سۇ ئىنشائاتلىرى پۈتتى. مەسىلەن: ئىلىدىكى خان ئۆستىڭى، قاراشەھەردىكى ئولاستاي ئۆستىڭى، ئۈرۈمچىدىكى خۇڭيەنچى سۇ ئامبىرى، مەكىت چوڭ ئۆستىڭى قاتارلىق سۇ قۇرۇلۇشلىرى پۈتتۈپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1914 - يىلى شىنجاڭ بويىچە چارۋا مال سانى 1938 - يىلدىكىدىن ئىككى ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى ھەمدە چارۋا مالنىڭ سورتى ياخشىلاندى. تېرە ئىشلەپچىقىرىش ئۈچ ھەسسە كۆپەيدى. سانائەت تەرەققىياتى تېخىمۇ تېز بولدى، مايتاغ نېفت كېنىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى كۈندىن - كۈنگە تولۇقلاندى ۋە ياخشىلاندى. 1941 - يىلى نېفتنىڭ كۈنلۈك مەھسۇلاتى 100 توننىغىچە يەتتى؛ شىنجاڭ بويىچە توك بىلەن تەمىنلەش كۈچەيدى؛ شىنجاڭ باسما زاۋۇتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ياغاچ ماتېرىياللىرى، سەرەڭگە، كۆمۈر، ئالتۇن قېزىش قاتارلىق سانائەتلەرمۇ تەرەققىي قىلدى؛ قاتناش - ترانسپورت، سودا جەھەتتىكى تەرەققىياتلار تېخىمۇ زور بولدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىللىرىدە، ھەر

خىل مەكتەپلەر ۋە مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى كۆپەيدى. ستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، 1942 - يىلى ئۆلكە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 2463 كە، ئوقۇغۇچى سانى 271 مىڭ 100 گە يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئاچقان مەكتەپ 580، ئوقۇغۇچى سانى 91 مىڭ 65 نەپەر بولۇپ، قالغىنىنىڭ ھەممىسى ھەرقايسى مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا قارايدىغا مەكتەپلەر ئىدى)، بۇنى 1937 - يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مەكتەپلەر 62%، ئوقۇغۇچى سانى 1.4 ھەسسە كۆپەيدى. باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرىنى پۈتۈنلەي جۇڭگو كوممۇنىستلىرى تۈزۈپ بەردى. ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار پۈتۈنلەي ھۆكۈمەت خىراجىتىدىن بەھرىمەن بولدى. بەزى مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىق ۋە مۇئەللىملىك ۋەزىپىلىرىنى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئۈستىگە ئالدى. ئۇلار كونا تەلىم - تەربىيە مەزمۇنىنى ئىسلاھ قىلىش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش جەھەتلەردە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. شىنجاڭدىكى بىردىنبىر ئالىي مەكتەپ — شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى (يەنى شىنجاڭ شۆيۈەنى) ئەسلى ئەبجەدى چىقىپ كەتكەن بىر مەكتەپ بولۇپ، 1938 - يىلى يولداش لىن جىلۇ ئىلمىي مۇدىرى بولغاندىن كېيىن، «ئىتتىپاق بولۇش، جىددىي بولۇش، ئاددىي بولۇش، تېتىك بولۇش» نى مەكتەپ تەلىمى قىلىپ، «ئەستايىدىل بولۇش، باش چۆكۈرۈپ ئىشلەش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئاددىي - ساددا بولۇش، جانلىق، تېتىك بولۇش» تىن ئىبارەت يېڭى ئىستىلنى ئوتتۇرىغا قويدى. «ئوقۇتۇش بىلەن ئىشلىتىشنى بىرلەشتۈرۈش»، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاشتىن ئىبارەت ئوقۇش - ئوقۇتۇش فاڭجېنىنى تەشەببۇس قىلدى. سىياسىي ئىقتىساد، جۇڭگونىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى تارىخى، يېڭى پولىتىكا، يېڭى

ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى، جۇڭگو ھازىرقى زامان ئىنقىلابىي ھەرىكىتى تارىخى قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلدى. ئوقۇغۇچىلار ئاساسىي نەزەرىيىلەرنى ئۆگىنىپلا قالماي، يەنە ئېقىمدىكى سىياسەتلەرنىمۇ ئۆگەندى، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش، تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنىمۇ پائال قانات يايدۇردى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى سۆيۈش قىزغىنلىقى قوزغىتىلدى. قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە، شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ قىياپىتى پۈتۈنلەي يېڭىلىنىپ كەتتى. بۇ يەردە بەزى مۇنەۋۋەر كوممۇنىستلار ۋە ئىلغار زاتلار دەرس ئۆتۈپ، ھەر مىللەت ياشلىرىغا ماركسىزم - لېنىنىزملىق ئىنقىلابىي ئىدىيىنى تارقىتىپ، شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنى ئىلغار ياشلار ئىنتىلىدىغان مەكتەپكە ئايلاندۇردى①.

مەدەنىيەت جەھەتتە، 1940 - يىلى شىنجاڭ بويىچە تۆت ئاممىۋى مەدەنىيەت سارىيى، 219 ئاممىۋى كۇتۇپخانا، 66 ئاممىۋى قىرائەتخانا، 89 كۇلۇب، ئۈچ كىنوخانا، 31 تىياتىرخانا، 16 تەنتەربىيە مەيدانى، 22 ئاممىۋى باغچە، 295 ھەر مىللەت مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى، يەتتە گېزىتخانا بارلىققا كەلدى②. ئۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت جەمئىيىتى تەشكىل قىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرى كەڭ تۈردە تونۇشتۇرۇلۇپ ۋە تەشۋىق قىلىنىپ، جۇڭگو - سوۋېت ئىككى مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى كۈچەيتىلدى.

---

① ۋاڭ رۇڭ: «لىن جىلۇ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 6 - بەت؛ جۇجۇڭچى: «شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ ياخشى ئۇستازى — يولداش لىن جىلۇ»، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1951 - يىل 28 - ئىيۇن سانىغا بېسىلغان.

② جۇدۇڭجياۋ: «شىنجاڭنىڭ ئون يىلى»، 109 - بەت.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بەزى مۇلەۋۋەر ئەزا-
ىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر
السىلىرىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى
ۇش قىزغىنلىقى ئۇرغۇدى. ئۇلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا
شى تۇرۇش، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش جەھەتتە ھەر-
ل تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ياپون
قۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا تۆھپە قوشتى. ماۋدۇن، جاڭ جۇڭشى
رەھبەرلىكىدىكى شىنجاڭ مەدەنىيەت جەمئىيىتى شىنجاڭ
ىلغۇنۇنىدىكى خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى «يېڭى
نجاڭ مارشى» ناملىق دراممىنى ئويناپ چىقىشقا تەشكىللەپ،
ا شىبىنلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. «18 - سېنتەبىر» نى
ىرىلەش ئۈچۈن، «كۆرەش» ناملىق دراممىنى ئويناپ چىقىپ
ۇمچىنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى. ئارقىدىنلا مەدەنىيەت جەمئى-
ى تەجرىبە تىياتىرى ئۆمىكى قۇرۇپ، پىلان تۈزۈپ، بىر-
چە تىياتىر ۋە كومېدىيىلەرنى ئويناپ خەنزۇ، ئۇيغۇر قاتار-
ى ھەر مىللەت تىياتىر خادىملىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى*.
19 - يىلى، ئۆزبېك دراماتورگى شۈكۈر يالقۇن
ون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان «شاگ-
ي كېچىسى» ناملىق دراممىنى يېزىپ چىقتى. بۇ دراما
ۇمچىدە قويۇلغاندا ماۋدۇن، جاڭ جۇڭشىلارنىڭ ماختىشىغا
ىشتى. بۇ دراما كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىغا ئىگە
لۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى تەشۋىق قىلىشتا
ز رول ئوينىدى. ھەرقايسى جەھەتلەردىن ئىلھاملاندۇرۇش ۋە
دەت بېرىش ئارقىسىدا، ئۇيغۇر ئويۇشمىسى ئىلگىرى - كېيىن

* ليۇجياچى، ۋاڭ خۇايى: «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش
گىلىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى شىنجاڭنىڭ ئىنقىلابىي
ەنىيەت پائالىيەتلىرى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1984 -
، خەنزۇچە 10 - سان

بولۇپ ئەنئەنىۋى ھەجۋى فىلىيەتون شەكلىدىكى نومۇرلاردىن 200 نەچچىنى قويدى. ئۇنىڭدىن باشقا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «ناگرانىتسى» (چېگرىدا) ناملىق كىنو فىلمى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئەزمۇن قىلىنغان تىياتىر قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ ئۇدا نەچچە ئون مەيدان قويۇلدى. ھەربىر مەيدان ئويۇننى تاماشىبىنلار لىق ئولتۇرۇپ كۆردى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىرلىق ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە چىققان «پىدائىيلار مارشى» قاتارلىق شېئىرلارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «يېسلى زاۋۇتىرا ۋوينا» («ئەگەر ئەتە ئۇرۇش بولسا»)، «ناگرانىتسى» («چېگرىدا») ناملىق شېئىرلىرىنىڭ ئاھاڭىنى ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى يازغان شېئىرلارغا سېلىپ ئوقۇدى. بىرمۇنچە ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىمۇ ئۇرۇمچىدە قانات يايدۇرۇلغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىش پائالىيىتىدىكى ئاكتىپلاردىن بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ مۇنەۋۋەر ئىنقىلابىي شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپ مۇشۇ مەزگىلدە ئىجاد قىلغان «جۇڭگو»، «بىز شىنجاڭ ئوغۇل - قىزلىرى»، «مۇھەببەت ۋە نەپرەت»، «كۆرەش قىزى» ناملىق شېئىر، پوئېما، دراملاردا شائىرنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش تەشەببۇسىنى ھىمايە قىلدى، ئۇلۇغ ۋەتەننى تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلىدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھەمدە ۋەتەننىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن باتۇرلارچە جەڭ قىلغان قەھرىمانلارنى مەدھىيىلىدى، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن

قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى*.

جۇڭگو كوممۇنىستلىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن تولۇپ - تاشقان ئىنقىلابىي قىزغىنلىق بىلەن بىر قاتار مۇشەققەتلىك ئىنقىلابىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بىراق، شىڭ شىسەي كېيىنكى چاغلاردا يۈزىنى بىر ئۆرۈپلا ئۆچمەنلىشىپ، بارلىق كوممۇنىستلارنى ۋە ئاز سانلىق مىللەت ئىلغارلىرىنى تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە تاشلىدى. 1943 - يىلى 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، پارتىيىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر كادىرلىرىدىن چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلار شىڭ شىسەي تەرىپىدىن مەخپىي ئۆلتۈرۈلدى. بەزى ئىنقىلابىي، ئىلغار ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، ۋەتەنپەرۋەر زاتلارمۇ شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئىلگىرى - كېيىن قىرىپ تاشلاندى. بۇ كىشىلەر جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. لېكىن، ئۇلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ قەتئىي، ئېگىلمەس ئىنقىلابىي روھى ئۇيغۇر خەلقىنى ۋە شىنجاڭدىكى باشقا مىللەت خەلقلىرىنى تەربىيىگە ئىگە قىلدى. خەلقنى ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن قەيسىرانە كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى. ئۇلار شىنجاڭدا چاچقان ئىنقىلاب ئۇرۇقى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى.

---

* «ل. مۇتەللىپ شېئىرلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 8 - بەت.

# 4 - بۆلۈم شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىل ۋە گومىنداڭنىڭ شىنجاڭغا بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى

شېڭ شىسەي 1931 - يىلى قۇمۇل قوزغىلىڭى يۈز بەرگەندە، ھەربىي ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىشقا باشلىدى. كېيىن ئۇ ئاممىنىڭ قوزغىلىڭىنى باستۇرغانلىقىن، «باندىتلارنى تازىلاش» باش قوماندانلىقىغا ئۆستۈرۈلۈپ، ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ بويىچە ئەڭ كۈچلۈك مىلىتارىستلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى. 1933 - يىلى «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي چوڭ ھوقۇقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىشىغا پايدىلىق پۇرسەت يارىتىپ بەردى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر ئەتراپىدا تۇرۇپ، ئەسكىرىي كۈچىنى ساقلاپ، ۋەزىيەتنى كۆزەتتى. سىياسىي ئۆزگىرىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغاندىن كېيىن، ئۇ ھەربىي كۈچ ئارقىلىق قىستاش ۋاستىسىنى قوللىنىپ، «چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى» لىكىدىن ئىبارەت مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولۇۋالدى. ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئۆزىگە ياتلارنى چەتكە قېقىپ، «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» نىڭ رەھبەرلىرىنى پاجىئەلىك تۈردە ئۆلتۈردى، شەرقىي شىمال ئارمىيىسىدىكى ياپونغا قارشى گېنېراللارغا زىيانكەشلىك قىلدى. شەرقىي شىمال ياپونغا قارشى ئارمىيىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى،

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسىنى نەزەربەند قىلىپ قويۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي چوڭ ھوقۇقىنى ئۆزى تەنھا ئىگىلىۋالدى. ئۇ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن، مەخپىي ھالدا ناھايىتى چوڭ ئىشپىيونلۇق تەشكىلىنى قۇردى، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى جايلارنى، ھەربىر بۇلۇڭ - پۇچقاقلارنى ئىشپىيون قاپلاپ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋە بارلىق ئىلغار كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى نازارەت ئاستىغا ئېلىندى، خەلقنىڭ ئەركىنلىكى چەكلەندى ۋە ئۇلارغا نومۇس- سىزلىق بىلەن زىيانكەشلىك قىلىندى*.

ۋاقتىنىڭ ئۆزگىرىشىغا ئەگىشىپ، شېڭ شىسەينىڭ سىياسىي پوزىتسىيىسىدە كەسكىن ئۆزگىرىش يۈز بېرىشكە باشلىدى. 1937 - يىلىدىن تارتىپ، ئۇ شىنجاڭ خەلقىگە قارىتا قانلىق قىرغىنچىلىقىنى باشلىدى، «قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلان- لىغان» دېگەنگە ئوخشاش خىلمۇخىل «ئەنزىلەر» نى ئۆزلۈك- سىز توقۇپ چىقىپ ياكى تۈرلۈك قۇرۇلتايلارنى چاقىرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، «جاھانگىرلارنىڭ جاسۇسى»، «خائىن»، «تروتسكىچى باندىت» دېگەنگە ئوخشاش بەدناملار بىلەن خەلقچىل ئىلغار زاتلارنى، مىللەتلەرنىڭ داھىيلىرىنى ۋە ئاغار زىيالىيلارنى كۆپلەپ ھەپسىگە ئالدى. 1937 - يىلى توقۇپ چىقىلغان ئاتالمىش «قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلاش ئەنزىسى» دە قولغا ئېلىش دائىرىسى شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىگە دېگۈدەك يېيىلغان بولۇپ، 9 - ئايدىن كېيىنكى يىلى 11 - ئايغا قەدەر جەمئىي 2000 دىن ئارتۇق

* جۇ دۇگجياۋ: «شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى ئىشپىيونلۇق ھۆكۈمرانلىقى»، «تارىخ ماتېرىياللىرىدىن تاللانمىلار» 46 - سان، 233 -، 237- بەتلەر ۋە «شىنجاڭنىڭ 10 يىلى»، «شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭغا كەلتۈرگەن بالايىئاپەت- لىرىدىن ئەسلىمە ‹2›» قاتارلىقلار.

كىشىنى ھەپسىگە ئالدى. بۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى ھەرقايسى مىل-
لەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى (مەسىلەن، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خوجىنىياز ھاجى)، ئىلغار زىيالىي-
لار ۋە كوممۇنىستلار ئىدى. 1940 - يىلى، شىڭ شىسەي يەنە
بىر قېتىم «قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلاش ئەنزىسى» دېگەن
نېمىنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، 1200 دىن ئارتۇق كىشىنى ھەپسىگە
ئالدى. ئۇلار ئاساسلىقى خەلقچىل زاتلار ۋە ئىلغار زىيالىي
ياشلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاتاقلىق خەلقچىل ئەرباب
دۇ جۇڭيۈەنمۇ بار ئىدى. مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، شىڭ شىسەي-
نىڭ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ پائالىيىتىنى چەكلىشى تېخىمۇ
كۈچىيىپ كەتتى، ئۇلارغا تېخىمۇ ئاشكارا ھالدا زىيانكەشلىك
قىلدى. ئۇ كوممۇنىستلارنىڭ كۆپ قىسمىنى مەدەنىيەت، مائارىپ
تارماقلىرىدىن ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىن چەت - يىراق جاي-
لاردا ئىشلەشكە يۆتكىۋېتىپ، ئۇلارنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا
نازارەت ئاستىغا ئالدى. 1940 - يىلى، يولداش ماۋ زېمىننى
مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرلىقىدىن ئېلىپ تاشلىدى، ئۇنىڭدىن
باشقا بىرمۇنچە كوممۇنىستلار سىياسىي مەركەز — ئۈرۈمچىدىن
كېتىشكە مەجبۇر بولدى؛ بەزى مۇھىم خىزمەت تارماقلىرىنى
شىڭ شىسەينىڭ قولچوماقلىرى بىۋاسىتە كونترول قىلدى.
1942 - يىلى، خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ۋە
ئىچكى - تاشقى فاشىستىك ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ غالجىرلى-
شىشىغا ئەگىشىپ، شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئەسلى سىياسىتىدىن پۈتۈن-
لەي ۋاز كېچىپ، ئاتالمىش «12 - ئاپرېل قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى
پىلانلاش ئەنزىسى» دېگەن نېمىنى پەسكەشلىك بىلەن ئويدۇرۇپ
چىقتى ۋە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى يولداش
چېن تەنچيۇ باشچىلىقىدا شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقان بارلىق كوم-
مۇنىستلارنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلاپ، ئىقرار قىلدۇرۇش

ئۈچۈن قاتتىق ئۇرۇپ قىيىندى. شۇنداق قىلىپ شېڭ شىسەي ئۇزۇل-كېسىل سوۋېتكە، گۇڭچەنداڭغا، خەلققە قارشى مەيدانغا ئۆتۈپ كەتتى. گۇڭچەنداڭغا، دېموكراتىيىگە، ئىلغارلىققا قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بىر يۈرۈش سىياسەتلەرنى قوللاندى.

1937 - يىلدىن 1942 - يىلغىچە، شېڭ شىسەي تۇتۇپ ھەپسىگە ئالغان كوممۇنىستلار، خەلقچىل ئىلغار زاتلار، ھەر مىللەت داھىيلىرى ۋە ياش زىيالىيلار 100 مىڭ كىشىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆلتۈرۈۋېتىلدى، بەزىلىرى ئۇزاققىچە ھەپسىدە ياتتى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن ھەر مىللەت مۇنەۋۋەر ياش ئوقۇغۇچىلىرىدىن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆلتۈرۈلمەي ۋە ھەپسىگە ئېلىنماي ساق قالغان 20 نەچچە كىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرى ھەپسىدە تۈگىتىۋېتىلدى. 1942 - يىلى، شېڭ شىسەي گۇڭچەنداڭغا ئاشكارا قارشى تۇرغاندىن كېيىن، ھەر مىللەت خەلقى پۈتۈنلەي تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىق ئاستىدا قالدى.

سىياسىي جەھەتتىكى ئەكسىيەتچىلىك ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى بۇزۇپ ۋەيران قىلىپ تاشلىدى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئورنىتىلغان بىر يۈرۈش مالىيە تۈزۈمى 1941 - يىلدىن كېيىن شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قوپاللىق بىلەن بۇزۇپ تاشلاندى، ھۆكۈمەت مالىيە تارماقلىرىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنى ئۇنىڭ قولچوماقلىرى ئىگىلىۋالدى. ئالتۇن كان كارخانىسى ۋە بانكا شېڭ شىسەينىڭ خۇسۇسىي مۈلكىگە ئايلىنىپ قالدى. ھەتتا ئۇ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بانكىدىكى بارلىق نەق پۇل زاپىسىنى «دۇبەن مەھكىمىسى» نىڭ يەر ئاستى ئۆيىگە يۆتكەپ ئەكىرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا،

ئۇ يەنە دائىم «قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىغۇچى»، «خائىنلارنىڭ مۈلكى» (نىسەن) دېگەن باھانە بىلەن كىشىلەرنىڭ مال-مۈلكىنى ھەدەپ بۇلاپ-تالىدى. شىنجاڭ-سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئەنئەنىۋى سودا 1942-يىلى توختىتىپ قويۇلدى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازاردىن مەھرۇم بولۇپ قالدى، ئېھتىياجلىق بولغان سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ مەنبەسىمۇ ئۈزۈلۈپ قېلىپ، ئىجتىمائىي ئىقتىساد ئىنتايىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈپ، تىرىشىپ يېتىشتۈرگەن ئىلغار مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرى ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى شېڭ شىسەينىڭ تەرىپىدىن پۈتۈنلەي بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىلدى، مەكتەپلەردىكى ئىلغار ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار قولغا ئېلىندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى؛ ئىلغار ئوقۇتۇش مەزمۇنلىرى چۆرۈپ تاشلاندى؛ ھەر مىللەت مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ مەقسىتىمۇ ئۆزگەرتىۋەتتى. ھەر مىللەت مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى فېئودال پومېشچىكلار ۋە ئىشپىيونلار ئىگىلەۋېلىپ، ئۇنى خەلقنى قۇل قىلىدىغان قورالغا ئايلاندۇرۇۋالدى.

شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە، خەلققە ئاشكارا قارشى تۇرغاندىن كېيىن، گومىنداڭ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى ئۆزىگە تارتتى. 1942-يىلى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى شىنجاڭغا ئارقا-ئارقىدىن كېلىپ، بىر تەرەپتىن شېڭ شىسەي بىلەن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۆزگىرىش ياسىشىنى تېزلەتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھەر دەرىجىلىك گومىنداڭ پىرقىلىرىنى قۇرۇپ، شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى بىۋاستە ئىگىلەش ئۈچۈن تەييارلىق قىلدى. شۇ يىلى كۈزدە، جياڭ جيېشى سۇڭ مېيلىڭ-

نى شىنجاڭغا ئالاھىدە ئەۋەتتى؛ ئۇزۇن ئۆتمەيلا شېڭ شىسەي چۇڭچىڭغا بېرىپ، جياڭ جيېشىغا «خىزمىتىدىن دوكلات بېرىپ»، ئۆزىنى پۈتۈنلەي گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئاتتى.

1943 - يىلى ئەتىيازدا، شېڭ شىسەي چۇڭچىڭدىن قايتىپ كېلىپلا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى قايتىدىن تەشكىللەپ، نۇرغۇن گومىنداڭچىلارنى ھۆكۈمەت تارماقلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقىمۇ ئېلان قىلىندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، گومىنداڭ شىنجاڭغا بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. 1944 - يىلى 8 - ئايدا، گومىنداڭ شېڭ شىسەينى دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنى شىنجاڭدىن يۆتكەپ، چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ۋۇ جۇڭشىننى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. ۋۇ جۇڭشىن كېلىپ ۋەزىپىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن بۇرۇن، بۇ ۋەزىپىنى 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ سىلىڭى جۇ شاۋلياڭ قوشۇمچە ئۆتەپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ پۈتۈنلەي گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتتى.

گومىنداڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە قارىتا مىللىي كەمسىتىش ۋە مىللىي زۇلۇم سىياسىتىنى يۈرگۈزدى، باۋ - جيا تۈزۈمى* نى مەجبۇرىي يولغا قويۇپ، زومىگەر-

---

*باۋ - جيا تۈزۈمى (保甲制度) — سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلىنىپ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە داۋاملاشقان ئاھالە باشقۇرۇش تۈزۈمى ئىدى. بۇ تۈزۈمنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىمۇ ئومۇميۈزلۈك قوللىنىپ، «ئائىلە بىرلىك قىلىنىدۇ، ئائىلىدە ئائىلە باشلىقى بولىدۇ، ئون ئائىلە بىر جيا (甲) بولىدۇ، ئۇنىڭغا جياجاڭ قويۇلىدۇ، ئون جيا بىر باۋ (保) بولىدۇ، ئۇنىڭغا باۋجاڭ قويۇلىدۇ» دەپ بەلگىلىگەنىدى. بۇ، گومىنداڭنىڭ ئاھالىنى ئائىلەر بويىچە بىر - بىرىگە چېتىپ، بىر - بىرىنىڭ ئۈستىدىن نازارەت قىلدۇرۇش، بىر - بىرىنى پاش قىلدۇرۇش، مەجبۇرىي ھاشارغا سېلىش ئۈچۈن قوللانغان ئۇسۇلى ئىدى — تەرجىماندىن.

پومبىچىكلارنى تالاپ يېزا باشلىقى ياكى «باۋ، جىيا جاڭ»، «شياڭ-جاڭ» قىلىپ تەيىنلىدى. 1945-يىلى ئېلىنغان ستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، 284 يېزا، 185 بازارنى 2955 «باۋ»، 39 مىڭ 716 «جىيا» غا ئايرىدى*. ژاندارما، ساقچىلارنىڭ فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتىپ، خەلقنىڭ بارلىق سىياسىي ھوقۇقىنى تارتىۋالدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، گومىنداڭ شىنجاڭغا نۇرغۇن ئەسكەر كىرگۈزۈپ جايلاردا تۇرغۇزدى. 1943 - يىلى ئەتىيازدا، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئەسكەر سانى ئاران 20 مىڭدىن ئارتۇق ئىدى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئەسكەر سانى جىددىي كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر مۇنچە ناھىيىدە خەلقنى باستۇرىدىغان قوشۇمچە قورال سۈپىتىدە «ئۆزىنى قوغداش تۇەنلىرى» قۇرۇلدى. يالغۇز ئۈرۈمچى مەدۇردى رايونىدىلا ئۆزىنى قوغداش دۈيىدىن 54 ى قۇرۇلدى. ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش سىلىڭبۇسى ئۇلارغا 2300 دانە مىلتىق تارقىتىپ بەردى.

گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشىلانمىدى. ئۆلكە دائىرىسىدىكى تاشيول ترانسپورتى پۈتۈنلەي ھەربىي تەمىنات توشۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ قالدى، ئۆلكىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ماددىي ئەشيا توشۇش ئىشلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشقا زادى مۇمكىن بولمىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا ئۈزۈپ قويۇلغانلىقتىن، ئۆلكىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازاردىن مەھرۇم بولۇپ، «قوي يۇڭى قىرقىلمايدىغان، قوينىڭ ئۈچىيىنى ئىتقا تاشلاپ بېرىدىغان» ئەھۋال

* جاڭ داجۇن: «شىنجاڭدىكى بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىل» (11 - توم). تەيبېي، لەنشى نەشرىياتى، 1980 - يىل 5- ئاي نەشرى، 6197 - بەت.

كېلىپ چىقتى. سانائەت بۇيۇملىرى بەك كەمچىل بولۇپ، تاۋار ئوبوروتى پۈتۈنلەي توختاپ قالدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى بىلەن سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى بىر - بىرىگە زادى ماسلاشماي قالدى. لېكىن، بىر ئوچۇم ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلار ۋە ھايانكەش سودىگەرلەر تىل بىرىكتۈرۈشۈپ، خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ سپېكۇلانتلىق قىلىپ، بازارنى مونوپول قىلىۋالدى، بازار باھاسىنى كونترول قىلىۋېلىپ، ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ قالايمىقانلىشىشىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مالىيەدە كۆرۈلگەن قىزىل رەقەمنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن كۆپلەپ قەغەز پۇل تارقاتتى. 1942 - يىلدىن ئىلگىرى، شىنجاڭدا قەغەز پۇلنىڭ ئەڭ چوڭى ئون دوللارلىق ئىدى. 1944-يىلى 5-ئايدىن كېيىن، 50 دوللارلىق، 100 دوللارلىق، 500 دوللارلىق، 1000 دوللارلىق، ھەتتا 10،000 دوللارلىق ۋە ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى پۇللارنى تارقاتتى. بۇنى ئاز دەپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىچكىرىدىن ئايرىپېلان بىلەن «مەركەز پۇلى» نى ھەدەپ توشۇپ كېلىپ، پۇل پاخاللىقىنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى، مال باھاسى تۈز سىزىق بويىچە ئۆرلەپ كەتتى. 1943 - يىلى 6 - ئايدىن 1944 - يىلى 11 - ئايغىچە بولغان بىر يېرىم يىلغا يەتمەيدىغان ۋاقىت ئىچىدىلا، ئۈرۈمچىدە بۇغداي ئۇنىنىڭ باھاسى ئالتە ھەسسىگە يېقىن، توڭگۇز گۆشىنىڭ بەش ھەسسە، ياغنىڭ باھاسى تۆت ھەسسە، كۆمۈرنىڭ باھاسى 11 ھەسسە ئۆسۈپ كەتتى. 1944 - يىلى كۈزدە، ئىلىدا مال باھاسى 1943 - يىلدىكىگە قارىغاندا يەتتە يېرىم ھەسسە ئۆستى، سودا - سانائەت ئورۇنلىرى تاقىلىپ قالدى، ئۇششاق تاۋار ئىشلەپ چىقارغۇچىلار ۋەيران بولدى. خەلق تۇرمۇشتا ئەتىگەنلىكىنى تاپسا، كەچلىكىگە

يوق ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى غايەت زور بيۇروكرات ئاپپاراتلىرىنىڭ ۋە ھەربىي قوشۇنلىرىنىڭ چىقىمىنى قامداش ئۈچۈن، ئالۋان - ياساق، باج - خىراجنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتتى، باج - سېلىقنىڭ تۈرى نەچچە ئون خىلغا يەتتى. 1944 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىدىن ئېلىنغان ئوتتۇرىچە باج سوممىسى 1937 - يىلدىكىگە قارىغاندا يەتتە ھەسسىدىن جىقراق كۆپەيدى، دېھقانلارنىڭ ھەر يىلى تۆلەيدىغان يەر بېجى پۈتكۈل دېھقانچىلىق كىرىمىنىڭ 15% دىن ئېشىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدە يۇقىرىدىن - تۆۋەنگىچە قانۇنسىزلىق قىلىپ، خىيانەتچىلىك قىلىش، پارا يېيىش ئىشلىرى ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت ئىدى، ئىدارىلەردە خىزمەت ئورنى ئاشكارا ھالدا سېتىلاتتى. مەسىلەن، بىر قارار ھاكىملىقنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئالتە - يەتتە يۈز سەر كۈمۈش؛ بىر قارار باۋجاڭلىقنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن بىر - ئىككى يۈز سەر كۈمۈش خەجلەشكە توغرا كېلەتتى. ئەمەلنى پۇلغا سېتىۋالغان بۇ ئەمەلدارلار ھوقۇق تۇتۇپ تۇرغان مەزگىلدە، خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى كۆپلەپ شۇلۇۋېلىپ، قانۇنسىز ھالدا قاقتى - سوقتى قىلىپ، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئۆزى چىقارغان پۇلدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق پۇل توپلىۋالاتتى. يەكەن ناھىيىسىدە بىر «باۋجاڭ» ئەمەل تۇتقان بىرقانچە يىل ئىچىدە، ئۆزىنىڭ يېرىنى 30 مودىن 1500 موغا كۆپەيتىۋالغان. بۇنداق ئەھۋال ئىنتايىن ئومۇملىشىپ كەتكەنىدى.

گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تىكلىنىشىگە ئەگىشىپ، ئامېرىكىمۇ شىنجاڭدا ئۆز پائالىيىتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇردى. ئامېرىكا 1943 - يىلى ئۈرۈمچىدە رەسمىي كونسۇلخانا قۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى ۋاللاسى

شىنجاڭغا «تەكشۈرۈش» ئۈچۈن كەلدى، ئامېرىكىدىكى مونوپول كاپىتالىستلاردىن تەشكىللەنگەن، ئامېرىكا نېفىت تىرىستى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان «جۇڭگو نېفىت شىركىتى» مۇ شىنجاڭدا شۆبە شىركەت قۇردى. ئامېرىكىنىڭ نۇرغۇن ھەربىي ئىشلار ئاخباراتچىلىرى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ «مەسلىھەتچىسى» دېگەن سالاھىيەت بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قول قىلىشىغا ياردەملەشتى.

گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە چىدىغۇسىز بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈردى. مىللىي زىددىيەت ۋە سىنىپىي زىددىيەت كۈندىن - كۈنگە ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى. 1944 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىسلىسىز كۆلەمدە ئېلىپ بارغان دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرى مۇشۇ زىددىيەتلەرنىڭ ئومۇمىي پاش بولۇشى ئىدى.

# ئون ئۈچىنچى باب
# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازاد بولۇشى

## 1 - بۆلۈم ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى

گومىنداڭ شىنجاڭغا بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋە شىنجاڭدىكى باشقا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تارىختىكى زۇلمەتلىك دەۋرلەرنىڭ بىرى ئىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈستىدە مىللىي زۇلۇم سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، خەلقنىڭ بارلىق سىياسىي ھوقۇقلىرىنى تارتىۋالدى. ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلار «قاقتى - سوقتى قىلىش، خىيانەت قىلىش، يۇقىرى مەنسەپكە چىقىپ بېيىش بىلەنلا بولۇپ كەتتى، سىياسىي جەھەتتىن زەئىپلەشتى، خەلق قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ رايى قايتتى». سىياسىي جەھەتتىكى جاھالەتچىلىك ئىگىلىكنىڭ خارابلىشىشىغا، سودا - سانائەتنىڭ ۋەيران بولۇشىغا، پۇلنىڭ پاخاللىشىشىغا، مال باھاسىنىڭ ئۇچقاندەك ئۆرلەپ كېتىشىگە

سەۋەب بولدى. 1944 - يىلى زوٚرۇر تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى 1943 - يىلدىكىدىن يەتتە يېرىم ھەسسە ئوٚرلەپ كەتتى.* گومىنداڭنىڭ زۇلمەتلىك ھوٚكۇمرانلىقىدىن بىزار بولغان ئاز سانلىق مىللەت خەلقى 1944 - يىلى كۈزدە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەتتە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە جاھانگىرلىككە قارشى قوراللىق كۈرەش قوزغىدى.

ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئىنقىلابىي كۈرەش، ئاساسەن، ئۇيغۇر ۋە قازاق دېھقان - چارۋىچىلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان ئىلغار كىشىلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلدى. قوزغىلاڭ دەسلەپتە نىلقا ناھىيىسىدە پارتلىدى. قوزغىلاڭنىڭ پارتلىشىغا شۇ جايدىكى گومىنداڭ ھوٚكۇمىتىنىڭ خەلقنى ھوٚكۇمەتكە ئات تەقدىم قىلىشقا قىستىغانلىقى بىۋاستە سەۋەب بولدى. 1943 - يىلى 3 - ئايدا، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئوٚلكىلىك ھوٚكۇمىتى خەلقنى 10 مىڭ ئارغىماق تەقدىم قىلىشقا قىستايدىغان بىر بۇيرۇقنى جاكارلىغانىدى. بۇيرۇقتا: ئات بېرەلمەيدىغانلار نەق پۇل تاپشۇرسا بولىدۇ، نەق پۇل ھوٚكۇمەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئات باھاسى بويىچە ھېسابلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەنىدى. ھوٚكۇمەت بەلگىلىگەن ئات باھاسى ئادەتتىكى بازار باھاسىدىن يېرىم ھەسسە يۇقىرى ئىدى، يەنى ھەربىر ئاتنىڭ باھاسى 700 دوللار شىنجاڭ پۇلى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئېغىر ئالۋان - ياساق 22 خىلغا يەتكەنىدى. ھەربىر دېھقان، چارۋىچىنىڭ زىممىسىگە بىر يىلدا شىنجاڭ پۇلى ھېسابىدا

* چېن لى: «غۇلجا ۋەقەسى توغرىسىدا قىسقىچە خاتىرە»، 1948 - يىل نەشرى، 10 — 12 - بەتلەر.

2419 دوللاردىن باج - سېلىق چۈشكەنىدى. يەر بېجىلا دېھقانلارنىڭ يىللىق كىرىمىنىڭ 50% تىن ئارتۇقراقىنى تەشكىل قىلاتتى①. بۇ، ئەمەلىيەتتە ئەمگەكچى خەلق ئۈستىدىن يۈرگۈزۈلگەن ئوپئوچۇق بۇلاڭچىلىق ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، ئات تەقسىم قىلىش ۋەزىپىسى ئاساسەن ئىلى رايونىدىكى ئەمگەكچى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ زىممىسىگە چۈشكەنىدى.
1944 - يىلى 8 -، 9 - ئايلاردا، نىلقا ناھىيىسى ئۈلاستاي تاغلىق رايونىدىكى دېھقان، چارۋىچىلار ئالدى بىلەن ئىلىدىكى يەر ئاستى ئىنقىلابىي تەشكىلاتىنىڭ تەسىرى ۋە قوللىشى ئاستىدا پارتىزان ئەترىتى قۇرۇپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىلەن كۆرەشنى قانات يايدۇردى. 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى پارتىزانلار كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، نىلقا ناھىيىسىنىڭ شەھىرىگە ئۈچ يۆنىلىشتىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ھە دېگەندىلا ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنى ئالدى، 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ناھىيە شەھىرىنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلىپ بولدى②.

نىلقا قوزغىلىڭى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوراللىق كۆرىشىنىڭ مۇقەددىمىسى بولدى. بۇ قوزغىلاڭ غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، بۇ غەلىبىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا، غۇلجا خەلقىمۇ 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، غۇلجىنىڭ شەھەر رايونىنى كونترول قىلدى. ئالاقزادە بولۇپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان گومىنداڭ ھۆكۈمىتى خەلق قوزغىلىڭىنىڭ لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتىنى قورال كۈچى بىلەن ئۆچۈرۈشكە

① ساۋدانوۋ زاھىر: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر ئەھۋاللار توغرىسىدا ئەسلىمە». «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 16 - سان 10 — 11 - بەتلەر.

② يۇقىرىقى كىتاب، 12 — 13 - بەتلەر.

ئۇرۇنۇپ باقتى. ئەمما جۇش ئۇرۇپ ئەۋج ئېلىۋاتقان خەلق ئىنقىلابىنىڭ دولقۇنىنى توسۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، غۇلجىغا يېقىن بولغان سۈيدۈڭ، چاپچال، قورغاس، بۆرتالا، ئارشاڭ، موڭغۇلكۈرە قاتارلىق ناھىيىلەرمۇ كەينى - كەينىدىن قوزغىلاڭچى قوراللىق قوشۇنلار تەرىپىدىن ئازاد قىلىندى.

1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ھەرقايسى جايلاردىكى قوزغىلاڭچى ئاممىنىڭ ۋەكىللىرى غۇلجىغا يىغىلىپ مەجلىس ئېچىپ «شەرقىي تۈركىستان خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» دېگەن نامدا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇردى. مەجلىستە ئېلىخان تۆرە ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە، ھېكىمبەگ خوجا مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىرى ئۈچ خىل كىشىلەردىن تەركىب تاپتى: بىر خىلى ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ۋەكىللىكىدىكى ئىنقىلابىي ئاڭغا ۋە كوممۇنىستىك ئىدىيىگە ئىگە كىشىلەر؛ ئىككىنچى خىلى ئەنۋەر مۇسابايوۋ ۋە رەھىمجانلار ۋەكىللىكىدىكى بۇرژۇئا نۇقتىئىنەزەرگە ئىگە كىشىلەر؛ ئۈچىنچى خىلدىكىلەر ئېلىخان تۆرە بىلەن ھېكىمبەگ ۋەكىللىكىدىكى فېئودال دىنىي يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى. دەسلەپتە ئىنقىلابنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى مۇشۇ ئۈچىنچى خىل كىشىلەرنىڭ قولىدا ئىدى*. 1945 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت كۈرەشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، تارقاق قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنى مۇنتىزىم ئىنقىلابىي قوشۇن — مىللىي ئارمىيە قىلىپ ئۇيۇشتۇردى. مىللىي ئارمىيە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، پۇختا ھەربىي ئىشلار پىلانى تۈزۈپ

* بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، خەنزۇچە نەشرى، 281 — 282 - بەتلەر.

چىقتى. 5 - ئايدىن باشلاپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئومۇمىيۈزلۈك ھەربىي ھۇجۇم قوزغىدى: بۇيرۇققا بىنائەن تارباغاتايغا ھۇجۇم قىلىدىغان قىسىم 6 - ئايدا دۆربىلجىننى، 7 - ئايدا تارباغاتاينى ئىشغال قىلدى. ئالتايغا ھۇجۇم قىلىدىغان قىسىم يەرلىك خەلق قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن ماسلىشىپ، گومىنداڭنىڭ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىغا قارشى كۈچلۈك ھۇجۇم قوزغىدى، 9 - ئايدا، ئالتاينى ئىشغال قىلدى؛ يەنە بىر قوشۇن 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شىخونى ئىشغال قىلغاندىن كېيىنلا، غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ، ئۈرۈمچىگە قاراپ يۈرۈش قىلىپ، توپتوغرا ماناسقا كەلدى. مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كېتىۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرى مىللىي ئارمىيىنىڭ جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن، ماناس كۆۋرۈكىگە ئوت قويۇۋەتتى. شۇ ۋاقىتتا، تىيانشان تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلاردىمۇ پارتىزانلار پائالىيىتى كۈندىن - كۈنگە جانلىنىپ كەتكەنىدى. پارتىزانلار گەنسۇ - شىنجاڭ تاشيولى بويلىرىدا پىستىرما قويۇپ، گومىنداڭنىڭ ھەربىي ئاپتوموبىللىرىغا ئۈزلۈكسىز زەربە بېرىپ، گومىنداڭ ئارمىيىسىگە ياردەم كېلىدىغان يولنى ئۈزۈۋەتتى. تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىدە تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنلىرى پارتىزانلارنىڭ تۇيۇقسىز زەربىسىگە ئۇچراپ تۇردى. مىللىي ئارمىيىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا ئەۋەتىلگەن قىسىملىرى تىيانشان تاغلىرىنىڭ خەتەرلىك داۋانلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئاقسۇ ئەتراپىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئاقسۇ شەھىرىنى ئىككى قېتىم مۇھاسىرىگە ئالدى، باي ناھىيىسى بىلەن ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىنى ئىككى قېتىم ئىشغال قىلدى. 1945 - يىلى 8 - ئايدا، پامىر ئېگىزلىكىدىكى قىرغىز، تاجىك، ئۇيغۇر خەلقلىرىمۇ ئىلى خەلق ئىنقىلابىنىڭ

تەسىرى ئاستىدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، مىللىي قورال-
لىق قىسىم ئۇيۇشتۇرۇپ، تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ بازىرىنى
ئىشغال قىلدى. بۇ قوراللىق مىللىي قوشۇن بىر مەھەل
پامىر ئېگىزلىكىدىن چىقىپ، يېڭىسار، قاغىلىق ناھىيىلىرىنى
ئىشغال قىلىپ، «تاشقورغان ئىنقىلابى» دەپ ئاتالدى.

1945 - يىلى 1 - ئايدا، شىنجاڭدىكى ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتى
زور غەلىبىگە ئېرىشتى. ئىنقىلابىي ئارمىيە ئىلى، ئالتاي،
تارباغاتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتنى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ
كونتروللۇقىغا ئالدى. ھەرقايسى جايلاردىكى قوزغىلاڭچىلار
ئادەمسىنىڭ ۋەكىللىرى غۇلجا شەھىرىدە يىغىن ئېچىپ، ۋاقىت-
لىق ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، ئىلى، چۆچەك، ئالتايدىن
ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنى رەسمىي قۇردى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىر قاتار تەدبىرلەرنى
قوللىنىپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاج-
لاندۇردى. مەسىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودىنى ئەسلىگە
كەلتۈرۈپ ۋە كېڭەيتىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلات-
لىرىغا بازار تېپىپ بەردى، ئىجتىمائىي ئىگىلىكنى جانلاندۇر-
دى؛ يېزا ئىگىلىكىگە قارىتا قەرز بېرىش ئىشىنى يولغا
قويۇپ، باج - سېلىقنى يېنىكلىتىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچى-
لىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىلھام بەردى؛ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەك-
تەپلەرنى ۋە تېخنىكوملارنى كۆپەيتتى، كۇتۇپخانا، كۇلۇب،
سەنئەت ئۆمەكلىرىنى قۇرۇپ، خەلقنىڭ مەدەنىي
تۇرمۇشىنى جانلاندۇردى. مۇشۇ تەدبىرلەرنىڭ
ئىجرا قىلىنىشى بىلەن، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ،
مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ مەلۇم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى،
خەلقنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈ-

رانلىق قىلغان جايلاردىكىگە قارىغاندا خېلى ياخشىلاندى. مەسىلەن، 1948 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئاھالىلىرى تۆلىگەن باجنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 1944 - يىلدىكىگە قارىغاندا يېرىم ھەسسە ئازايدى؛ 1948 - يىلى، ئۈچ ۋىلايەتتىكى تېرىلغۇ يەرنىڭ كۆلىمى 1944 - يىلدىكىگە قارىغاندا 50% كە يېقىن كېڭەيدى؛ 1948 - يىلى غۇلجىدا ئاشلىقنىڭ ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى ئۈرۈمچىدىكىگە قارىغاندا بەش ھەسسىدىن 12 ھەسسىگىچە تۆۋەن بولدى. بۇنىڭدىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تايانچ بازىسى پۇختا قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ئەمما ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى فېئودال پومېشچىكلار سىنىپىغا ئاساسىي جەھەتتىن تەگمىدى، شۇڭا، ئەمگەكچى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى تۈپتىن ئۆزگەرمىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى خەلق ئىنقىلابى ھەرىكىتى ئىدى، شۇڭا، ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئاق بىلەن قارىنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىدىن، ياخشىلارنىڭ ئارىسىغا يامانلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش تەس بولدى؛ بىر قىسىم ئەكسىيەتچى فېئوداللار ۋە دىنىي يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى بىر مەزگىل رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالدى. بۇ كىشىلەر «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دېگەن بايراقنى كۆتۈرۈۋېلىپ، پان ئىسلامىزم ۋە پان تۈركىزمنى تەرغىب قىلىپ، ئىنقىلابنى بىر مەھەل ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىدىن چەتلىتىۋەتتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئىلغار كۈچلىرى ۋە ھەر مىللەت خەلقى بۇ ئەھۋالغا قارشى تۇردى. ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ قاتارلىق يولداشلار ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى باتۇرلۇق بىلەن قوغلاپ چىقىرىپ، ئەكسىيەتچىل پىكىر ئېقىملىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ، ئىنقىلابنى توغرا

يولغا بۇرندى. ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ مىللىي مەسىلىدىكى خاتالىقنى تۈزىتىشتە قالتىس كۈچ چىقاردى*.

ئەخمەتجان قاسىمى ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يۈز بەرگەن ئېغىر خاتالىقنى غايەت زور كۈچ بىلەن تۈزەتتى. ئۇ، خاتالىقنى تۈزىتىش ئۈچۈن، كادىرلار ئارىسىدا، ئارمىيە ئىچىدە ۋە خەلق ئاممىسى ئارىسىدا بىرمۇنچە مۇشكۈل ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆپ قېتىملىق نۇتۇقلىرىدا كەسكىنلىك بىلەن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «خەلقىمىز ئارىسىدا ھۆكۈمران مىللەت ئىچىدىكى ھۆكۈمرانلار سىنىپىنى پۈتكۈل مىللەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەيدىغان بىرخىل قاراش پەيدا بولدى ... بىز دوست بىلەن دۈشمەننى ئايرىماي، ھەممە خەنزۇلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلدۇق، نەتىجىدە، دوستىمىزغا خاتا زەربە بەردۇق، گومىنداڭنىڭ ھەرقانداق ئەمەلدارلىرىدىنمۇ ئەشەددىي بولغان مىللىي مۇناپىقلارنى بولسا قوغداپ قالدۇق، بىزنىڭ مىللىي ھەرىكىتىمىزگە ھېسداشلىق قىلىدىغان، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ دۈشمىنى بولغان، ئەسلىدىلا بىز بىلەن دوست بولۇپ كەلگەن خەنزۇ خەلقىنى بولسا ئۆزلىرىنىڭ دۈشمىنى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدۇق. بۇ پۈتۈنلەي توغرا بولمىغان خاتا سىياسەت ئىدى»؛ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى: «مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىلا بولۇپ قالماي، ئەينى ۋاقىتتا دېموكراتىك سىياسىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرىكىتى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن،

---

* سەيپىدىن ئەزىزى: «پارلاق كېلەچەك ئۈچۈن — ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلىقىنىڭ 35 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن»، «خەلق» گېزىتىنىڭ 1984 - يىل 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىكى سانى، 5 - بەت.

مىللىي ئازادلىق كۈرىشىنىڭ تىغىنى خەلق دېموكراتىيىسىنىڭ دۈشمەنلىرىگە، يەنى جاھىل گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە ئۇلارنىڭ خوجايىنى جاھانگىرلارغا قارىتىشىمىز لازىم». ئۇ يەنە مۇنداق دېگەنىدى: «مىللىتىمىز مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ دېموكراتىك سېپىدىكى بارچە قېرىنداشلارنىڭ بىرلىكتە كۈرەش قىلىشى ئارقىلىقلا ئازادلىققا، باراۋەرلىككە ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشەلەيدۇ». ئىنقىلابىمىزنىڭ مەقسىتى ۋەتەننىڭ بۈيۈك ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ كېتىش ئەمەس، بەلكى، «گومىنداڭ بولمىغان، جاھانگىر كۈچلەرنىڭ تەسىرى بولمىغان، ھەممە مىللەت بابباراۋەر بولغان يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇشتىن ئىبارەت»*. شۇڭا ئۇ خەلقنى خاتالىقلارنى تۈزىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، بولۇپمۇ خەنزۇ خەلقى بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشكە، ئەكسىيەتچىل مىللەتچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى بىلەن ۋە ئۇنىڭ غالچىسى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن داۋاملىق رەھىمسىز كۈرەش قىلىشقا چاقىردى. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق يولداشلارنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئاسراش توغرىسىدىكى نۇتۇق ۋە ماقالىلىرى ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىشتە ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى بىرلىكتە كۈرەش قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، 1948 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى غۇلجىدا كەڭ ئاممىۋى خاراكتېرگە ئىگە تەشكىلات — شىنجاڭدا تىنچلىق - خەلقچىللىقنى قوغداش ئىتتىپاقى (قىسقارتىپ «ئىتتىپاق» دېيىلىدۇ) نى

* ئەخمەتجان قاسىمى: «مىللىي مەسىلىدىكى بەزى خاتالىقلىرىمىز»

قۇردى. بۇ تەشكىلات شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، باراۋەرلىك، ئەركىنلىك ئاساسىدىكى بەختىيار تۇرمۇش بەرپا قىلىشقا چاقىردى. غۇلجىدا «خەلق ئاۋازى» گېزىتى، «ئىتتىپاق» ژۇرنىلى، ئالتايدا «ئازادلىق» گېزىتىنى نەشىر قىلىنىپ، كەڭ خەلققە تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ باردى. «ئىتتىپاق» ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە تەربىيىلەش جەھەتتە ئاكتىپ رول ئوينىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى شانلىق بىر سەھىپە، بۇ ئىنقىلاب جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا، پۈتۈن دۇنيانىڭ گېرمان فاشىستلىرىغا قارشى كۈرىشىنىڭ غەلىبىسىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى مەملىكەت بويىچە غەلىبە قازىنىش ئالدىدا تۇرغان ياخشى ۋەزىيەتتە پارتلىدى. ئۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭدىكى تاجاۋۇزچى كۈچلىرىگە كۈچلۈك زەربە بېرىپ، گومىنداڭنىڭ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قارشى ئۇرۇش قىلغۇچى ھەربىي كۈچلىرىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇردى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىغا ماسلىشىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىنى ئىلگىرىلىتىش جەھەتتە ئاكتىپ رول ئوينىدى. يولداش ماۋزېدۇڭ ۋە پارتىيە، دۆلەتنىڭ باشقا رەھبەرلىرى بۇ ھەرىكەتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ باھا بەرگەنىدى. 1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى يولداش ماۋزېدۇڭ غۇلجا ئالاھىدە رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ رەھبىرى يولداش ئەخمەتجان قاسىمغا يوللىغان بىر پارچە خېتىدە: «سىلەرنىڭ كۆپ يىلدىن بۇيان ئېلىپ بارغان كۈرە-

شىڭلار پۈتۈن جۇڭگونىڭ خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى، غەربىي شىمال خەلقىنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ تولۇق ئازاد بولىدىغىنىغا ئۇزاق قالمىدى. سىلەرنىڭ كۈرىشىڭلار يېقىن ئارىدىلا ئۈزۈل - كېسىل مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ» دېگەنىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى گەرچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە پارتلىغان بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىنى قوبۇل قىلغانىدى. ئىككىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا، نۇرغۇن مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرى شىنجاڭغا كېلىپ ئىشلەپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىغا ئىنقىلاب ئۇرۇقىنى چاچقانىدى، ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرى، مەسىلەن، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىق زىيالىيلار تېزلىكتە يېتىلدى، ئۇلار ھەرقايسى جايلاردا يوشۇرۇن ئىنقىلابىي تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، ماركسىزم - لېنىنىزمنى تەشۋىق قىلىپ، گومىنداڭغا قارشى كۈرەشنى باشلىۋەتكەنىدى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تايانچلىرىدىن بولۇپ، مۇھىم رول ئوينىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى ۋە مەدەت بەردى. 1946 - يىلى 12 - ئايدا، يولداش دۇڭ بىۋۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نەنجىڭدىكى ئىش باشقۇرۇش ئورنىدا ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ قاتارلىق يول-

داشلارنى قوبۇل قىلىپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشىنى ۋە ئۇلارنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى سۆيىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلىغانىدى؛ ئۇلارغا مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ بەرگەنىدى، پارتىيىمىزنىڭ سىياسىي تەشەببۇسىنى، ستراتېگىيىسىنى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ پرىنسىپلىرىنى ۋە ھەربىي ستراتېگىيىسىنى تونۇشتۇرغانىدى ھەمدە ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، كومپارتىيە ئەزاسى پېڭ گۇئەننى بىر دانە راتسىيە بىلەن ئۇلارغا قوشۇپ ئەۋەتكەنىدى. ئۇ غۇلجىغا كەلگەندىن كېيىن، شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ مۇھىم خەۋەرلىرىنى، ماۋ زېدۇڭ قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ ئىنقىلاب توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئۈچ ۋىلايەتكە تونۇشتۇرۇپ تۇردى، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئۇنى گېزىت - ژۇرناللارغا بېسىپ تۇردى، بۇ ئىش ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا مۇھىم تەسىر كۆرسەتتى. 1949 - يىل 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى يەنە يولداش دېڭ لىچۈننى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى سۈپىتىدە ئالاھىدە رايون ھۆكۈمىتىگە ئەۋەتتى، غۇلجىدا «لىچۈن» رادىئو ئىستانسىسى قۇرۇلدى، شۇنىڭدىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىسىدا بىۋاسىتە ئالاقە ئورنىتىلدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇش ھارپىسىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت چوڭ ئىش ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىش يۈزىسىدىن، 9 - ئايدا بېيجىڭدا چاقىرىلىدىغان يىغىنغا ئۈچ ۋىلايەتنىڭ

ۋەكىل ئەۋەتىشنى تەكلىپ قىلىپ تېلېگىرامما ئەۋەتتى*. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ نىشانى شۇ ۋاقىتقا كەلگەندىلا ئۈزۈل - كېسىل رېئاللىققا ئايلاندى.

## 2 - بۆلۈم ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى — ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ

ئەخمەتجان قاسىمى (1914 — 1949) غۇلجا شەھىرىنىڭ توغراقلىق كەنتىدە نامرات دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئالتە ياشقا كىرگەندە، ئاتىسى پومېشچىكنىڭ تايىقى ئاستىدا ئۆلۈپ كەتكەن، كېيىنكى چاغلاردا تاغىسى بىلەن بىللە سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇغان. 1937 - يىلدىن 1940 - يىلغىچە، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىك لېنىن داشۆسىدە، موسكۋا شەرق ئەمگەكچىلەر كوممۇنىزم داشۆسىدە ماركسىزم - لېنىنىزمنى قېتىرقىنىپ ئوقۇغان، مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، تاشكەنتتە بىر يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1942 - يىلى 4 - ئايدا ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇزاق ئۆتمەيلا چۆچەكتە شېڭ شىسەي دائىرىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى، 1944 - يىلى تۈرمىدىن چىقىپ يۇرتى غۇلجىغا

* چى گو: «ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، جۇڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كۈچ چىقىرايلى — ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق». «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1984 - يىلى 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىكى سانى، 1 - بەت.

قايتىپ كېلىپ، ياغاچچىلىق، ئەينەكچىلىك كەسپىنى پەردە قىلىپ تۇرۇپ، يوشۇرۇن ئىنقىلابىي پائالىيەت ئېلىپ باردى*.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئەخمەتجان قاسىمى گېزىتخانىدا ئىشلىدى. مۇھىم باش ماقالە ۋە مۇھىم ماقالىلەرنى ئۆزى يېزىپ، ئەكسىيەتچىلەرنى رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلدى، خەلق ئاممىسىنى قوراللىق كۈرەش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، باتۇرلۇق بىلەن ئىلگىرىلەشكە دەۋەت قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ قوماندانلىق شتابىدا رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. ئۇ خىزمەت داۋامىدا، ئەمگەكچى خەلقنى بوزەك قىلغان، ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت ئىچىدە مۇھىم ھوقۇقنى قولىغا كىرگۈزىۋېلىپ، خەلق بىلەن داۋاملىق دۈشمەنلەشكەن ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە قارشى رەھىمسىز كۈرەش قىلدى؛ مىللەتنى قوغداش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ شۇملۇقلىرىنى باتۇرلۇق بىلەن پاش قىلدى ۋە ئۇلارغا قارشى كۈرەش قىلدى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت - مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش جەھەتتىمۇ تۆھپە قوشتى. ئۇ گومىنداڭ تەرىپىدىن خاراب قىلىۋېتىلگەن ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشىنى ئۆزى قول سېلىپ ئۇيۇشتۇردى، نامۇۋاپىق باج - سېلىقنى ئەمەلدىن قالدۇردى، خام چوت - نەقچوت تۈزۈمىنى

---

* ماھنۇر قاسىم: «يولداش ئەخمەتجان قاسىمى توغرىسىدا ئەسلىمە» «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1979 - يىلى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈندىكى سانى، 3 - بەت؛ ياسىن خۇدابەردى: «خەلقنىڭ ياخشى ئوغلانى — ئەخمەتجان قاسىمى»، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1984 - يىلى 8 - ئاينىڭ 27 - كۈندىكى سانى، 2 - بەت.

ئورناتتى. ئۇ كادىرلارغا ئىسراپچىلىق، خىيانەتچىلىك ۋە بيۇروكراتلىق ئادەتلىرىنى تۈگىتىش توغرىسىدا دائىم تەربىيە بېرىپ تۇراتتى، ۋاقىت تاپسىلا، مەكتەپلەرگە بېرىپ، ئوقۇتۇش ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ تۇراتتى، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ، مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بايقاپ ۋە ھەل قىلىپ تۇراتتى*. ئۇنىڭ ئىنقىلابىي قىزغىنلىقى ۋە ھارماس ئىنقىلابىي روھى ئۇنى خەلق ئاممىسى ئارىسىدا بارغانسېرى يۈكسەك ئابرويغا ئىگە قىلغانىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى، ئاخىر گومىنداڭ تەرەپ 1945 - يىلى 10 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. ئەخمەتجان قاسىمى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، سۆھبەت ئۈستىلىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرىگە قارشى قەتئىي ۋە ئۇستىلىق بىلەن كۈرەش قىلدى. قوراللىق كۈرەش بىلەن سۆھبەتنىڭ زىچ ماسلاشتۇرۇلۇشى گومىنداڭنى 1946 - يىلى 6 - ئايدا، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن 11 ماددىلىق «تىنچلىق بىتىم» نى ئىمزالاشقا مەجبۇر قىلدى، نەتىجىدە ئىككى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىندى. ئەخمەتجان قاسىمى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك مەسئۇل خادىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى زىممىسىگە ئالدى.

ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئىلغار

---

* سەيپىدىن ئەزىزى: «ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار مەڭگۈ ھايات» (ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق)

رەھبەرلىرى ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ، كۆرەشنىڭ نىشانىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ ئىستىبدات سىياسىتىگە، چوڭ خەنزۇچىلىقىغا، شۇنىڭدەك تار يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كەسكىن كۆرەش ئېلىپ باردى. ئەخمەتجان قاسىمى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى مەملىكىتىمىزدىكى رايون خاراكتېرلىك ئىنقىلاب، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى پۈتۈن مەملىكەت ئىنقىلابىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، دەپ قارايتتى. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىنقىلابى غەلىبە قازانمىسا، شىنجاڭ ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايتتى. ئەخمەتجان قاسىمى شىنجاڭدىكى ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىگە ھەممە مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇ خەلقى بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقى ئارقىلىقلا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىكى ئوڭچىلارنىڭ خەنزۇ خەلقىگە قوللانغان خاتا سىياسىتىگە، يەرلىك مىللەتچىلىككە، بولۇپمۇ پانتۈركىزمغا قارشى توغرا مەيداندا تۇرۇپ كۆرەش ئېلىپ باردى، جاھانگىرلارنىڭ ۋە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇش ھەرىكەتلىرىگە زەربە بەردى*. ئۇ: «ھەر قانداق چوڭ مىللەتچىلىك ۋە تار مىللەتچىلىك خاھىشلىرى خەلققە زىيانلىق، ئۇنىڭغا قارشى قەتئىي كۆرەش قىلىش لازىم» دەپ كۆرسەتكەنىدى، ئۇ بارچە مىللەتلەر ئەمگەكچى خەلقلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى بىر، ئۇلارنىڭ ئۆز مىللىتى ئىچىدىكى ئەزگۈچى سىنىپلار، ھۆكۈمران سىنىپلار بىلەن مەنپەئەتداش بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ ھېسابلايتتى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئوبيېكتى ئۈستىدە توختىلىپ:

* ۋاڭ ئېنماۋنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتقى.

«بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق كۈرىشىمىز جۇڭگونىڭ ھاكىممۇتلەقلىك سىياسىتىگە، شۇ سىياسەتنى يۈرگۈزگەن جۇڭگو فېئودالىزمىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىگە، ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ كونا ئۇۋۇسىغا، رېئاكسىئون گومىنداڭغا بارلىق كۈچى بىلەن قارشى تۇرۇشى كېرەك» دېگەنىدى. بۇ كۈچلۈك، تەنتەنىلىك ھۆكۈم ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بەرگەنىدى①.

1949 - يىل 7 - ئايدا، ئۇ «مىللىي مەسىلىدىكى بەزى خاتالىقلىرىمىز» سەرلەۋھىلىك مەشھۇر ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە مىللىي مەسىلىدە يۈز بەرگەن خاتالىقلارنى دادىل تەنقىد قىلىپ، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، بۇ خاتالىقنى تۈزىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.

ئەخمەتجان قاسىمى خەلقىنىڭ ھالىغا يېتەتتى، ئامما بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلايتتى. ئاددىي - ساددا ياشايتتى، مۇلايىم ھەم خۇش پېئىل ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتى بىلەن خەلقىنىڭ ئىشەنچ ۋە ھىمايىسىگە سازاۋەر بولغانىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى بىر مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابچى بولۇپلا قالماي، بەلكى ماركسىزم - لېنىنىزمچى ئىدى. ئۇ شىنجاڭ خەلقىنىڭ مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلىشتەك شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپلا قالماي، بەلكى سوتسىيالىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئۆزىنىڭ يۈكسەك غايىسى قىلغانىدى②. شۇڭا ئۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئۆچمەس تەسىر قالدۇردى.

① ماھنۇر قاسىم: «يولداش ئەخمەتجان قاسىمى توغرىسىدا ئەسلىمە»

② ۋاڭ ئېنماۋنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتقى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يەنە بىر مەشھۇر رەھبىرى ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋ (1921 — 1949) ئىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن، مال - مۈلكى پۈتۈنلەي مۇسادىرە قىلىنغان، ئۆزى ساۋەنگە سۈرگۈن قىلىنىپ، 1942 - يىلى يازدا غۇلجىغا كۆچۈپ بارغانىدى.

ئۇ 1938 - يىلى 9 - ئايدا، ئەلا نەتىجە بىلەن شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا بۆلۈمىنىڭ مىللىي سىنىپىغا ئىمتىھان بېرىپ كىردى. شۇنىڭدىن باشلاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى لىن جىلۇنىڭ ۋە باشقا ئىلغار كىشىلەرنىڭ تەربىيىسىگە ئىگە بولدى. ئۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش پائالىيىتىگە ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشتى ھەمدە ماركسىزم - لېنىنىزمنى ۋە يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگەندى، ماۋزېدۇڭنىڭ «ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا» دېگەن كىتابىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى. ئۇ يەنە شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر خەلقىگە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تىرىشىپ تونۇشتۇردى.

ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋ غۇلجىغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىدە تەرجىمان، ئىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىدە مۇپەتتىش بولدى، كېيىن غۇلجا شەھەرلىك قىزلار گىمنازىيىسىدە ئوقۇتقۇچى بولدى. شۇ جەرياندا، ئۇنىڭدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئازاد قىلىش ئىدىيىسى تەدرىجىي شەكىللەندى. 1942 - يىلدىن باشلاپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ماركسىزم - لېنىنىزمنى ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى، ئازادلىق جەمئىيىتى قاتارلىق ئىلغار تەشكىلاتلارنى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى، تەشكىللىدى ۋە ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەشكىلات چىلىرى ۋە رەھبەرلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ 1944 - يىلى يازدا تاغلىق رايونلارغا بېرىپ، قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىغا پائال كىرىشتى. 9 - ئايدا، نىلقا ناھىيىسىدىكى دېھقان - چارۋىچىلار قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن چاغدا، ئۇ پارتىزانلار ئەترىتىگە قاتناشتى. 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى غۇلجىغا بېسىپ كىردى، 12 - كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلدى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتتە مۇھىم خىزمەتنى ئۈستىگە ئالدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئىنقىلابقا زىيان يەتكۈزىدىغان خاتا ھەرىكەتلەرگە قارشى كۆرەش قىلىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى. ئۇ رەھبەرلىك قىلغان قوشۇننىڭ ئىنتىزامى قاتتىق ئىدى. مەسىلەن، غۇلجا ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ خەنزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاھالە رايونىنى قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىش توغرىسىدا ئارمىيىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، بىرمۇنچە خەنزۇ خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنى قوغداپ قالدى، خەنزۇلارنىڭ ھاياتىغا ۋە مال - مۈلكىگە زىيان يەتكۈزگەن يامان كىشىلەرگە قاتتىق چارە كۆردى. ئۇنىڭ بىۋاسىتە ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن ئۇيغۇرچە، قازاقچە، رۇسچە، خەنزۇچە يېزىپ تارقىتىلغان تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىدە: «گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرىدىغانلىكى كىشىلەر بولىدىكەن، مىللەت، دىن ۋە تەبىقە سۈرۈشتۈرمەي، ئۇلار بىلەن بىرلىشىش لازىم» دەپ كۆرسىتىلگەن. خەنزۇلارنى قالايمىقان ئۆلتۈرۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، غۇلجا شەھىرىدە خەنزۇ خەلقىنى قوغداش ئەترىتى، خەنزۇ خەلقى ئىش باشقارمىسى تەشكىل قىلىنىپ، خەنزۇ ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئۇلارنى باشقۇرۇش ئىشىغا مەسئۇل قىلىندى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ رىياسەتچى

ىلىكىدە، قوزغىلاڭچىلار باش قوماندانلىق شتابى ئېلان چىقىرىپ خەنزۇلاردىن بولغان ئادەتتىكى خەلقنى ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان باشقا خەلقلەرنى خورلاش قاتتىق مەنئى قىلىندى. ئۇ يەنە بىۋاستە ئوتتۇرىغا چىقىپ، خەنزۇ زىيالىيلىرىنى قوغداپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈپ كېلىپ، زۆرۈر بولغان يېمەك-ئىچمەكلەر بىلەن تەمىنلىدى. ئۇ بارلىق مىللەتلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنىڭ زور ئەھمىيىتىنى دائىم تەكىتلەيتتى. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: «خەنزۇلار ئىلى رايونىدا ئاز سانلىق بولغىنى بىلەن، مەملىكەت بويىچە مۇتلەق كۆپ سانلىق، بىر بۇلۇڭغىدا نەزەر سالماي، يىراققا نەزەر سېلىش لازىم». ئۇ 13 مىللەت بىلەن ئىتتىپاقلىشىش دېگەن شوئارنى تاشلىۋەتمەسلىكىمىز لازىم، خەنزۇلارنى 13 مىللەتنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇشقا بولمايدۇ، دەپ كۆپ قېتىم تەكىتلەپ بەرگەنىدى. ئۇ خەنزۇچە «خەلقچىللىق» گېزىتى چىقىرىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن خەنزۇچە باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، دارىلئاجىزىن قۇرۇلۇپ، يۆلەنچۈكى يوق بىر تۈركۈم خەنزۇ يېتىم-يېسىرلار يىغىۋېلىندى.*

1945-يىلى 4-ئايدا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى رەسمىي قۇرۇلدى. 7-ئايدا، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ قوشۇن بىلەن بىللە مۇز داۋان ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتۈپ، باي ناھىيىسىنى ئازاد قىلدى. قوشۇن ئاقسۇغا كېلىپ، گومىنداڭ ئارمىيىسى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلغاندا، ئابباسوۋ قىسىمدىكى جەڭچىلەر بىلەن بىللە دۈشمەنگە قارشى جەڭگە قاتناشتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ باتۇرلۇق، چېۋەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپلا قالماي، سىياسىي خىزمەت ئىشلەشكىمۇ دىققەت قىلاتتى،

* سەي خېڭشىن: «خەنزۇ خەلقىنىڭ سەمىمىي دوستى — ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ». «ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى» 10-سان، 39-41-بەتلەر.

كوماندىر ـ جەڭچىلەرگە ۋە خەلق ئاممىسىغا ئىنقىلابنىڭ مەقسى-
تىنى ۋە ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ۋە
مىللىي ئارمىيىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. جۇڭگو خەلق
ئازادلىق ئۇرۇشى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە غەلىبىگە ئېرىشمىش
ھارپىسىدا، ئۇ «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى»
دېگەن تېمىدا دوكلات بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ بىر
قىسمى ئىكەنلىكىنى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ پات
يېقىندىلا شىنجاڭغا كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ كېلىپ: «مىللىي
ئارمىيىمىز بۇنىڭدىن كېيىن ئىچكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ،
ھوشيارلىقنى ساقلىشى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ كېلىشىنى
كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىق كۆرۈشى لازىم» دېگەنىدى.

1946 - يىلى 1 - ئايدا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرنى
قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ئۆلكە-
لىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى، ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋ ئۆلكە-
لىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە مۇئاۋىن باش
كاتىپ بولدى. 11 - ئايدا، گومىنداڭنىڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتى
ئۆزىنى مەغلۇبىيەتلىك تەقدىردىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئاتالمىش
«گومىن داخۇي» (مىللىي قۇرۇلتاي) چاقىردى. ئۈچ ۋىلايەت
ھۆكۈمىتى شۇ ۋاقىتتىكى كۈرەشنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەرگە ئېلىپ،
نەنجىڭدە ئېچىلىدىغان بۇ قۇرۇلتايغا ئەخمەتجان قاسىمى،
ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋ قاتارلىق كىشىلەرنى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ
ۋەكىلى سۈپىتىدە شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن ئەۋەتتى.
قۇرۇلتاي جەريانىدا، ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋ ئەخمەتجان قاسىمى-
نىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ
نەنجىڭدىكى ئىش باشقۇرۇش ئورنى بىلەن ئالاقىلەشتى. 1946-
يىلى 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ۋە 1947 - يىلى يېڭى يىل

ھارپىسىدا ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ نەنجىڭدىكى مېيىۋەن شىنسۇندا يولداش دۇڭ بىۋۇ بىلەن كۆرۈشتى ۋە يولداش دۇڭ بىۋۇغا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى. يولداش دۇڭ بىۋۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋەكالىتەن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىقىغا چوڭقۇر غەمخورلۇق بىلدۈردى ھەمدە مەملىكەت ئىچىدىكى ۋە خەلقئارادىكى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسەت ۋە تەشەببۇسلىرىنى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئارمىيە قۇرۇشتىكى پرىنسىپلىرىنى ھەمدە خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئىستىقبالىنى تونۇشتۇردى. يولداش دۇڭ بىۋۇ شىنجاڭ نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي، دىنىي ئېتىقاد خېلى كۈچلۈك، شۇنىڭ ئۈچۈن، كوممۇنىزم بايرىقىنى بەك بالدۇر كۆتۈرۈپ چىقىش مۇۋاپىق ئەمەس، يەنە كېلىپ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئىنقىلاب يەنىلا دېموكراتىك ئىنقىلاب، دەپ كۆرسەتتى. 1947-يىلى 1-ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپلا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىنى تىرىشىپ ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئىلغار كۈچلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلدى*.

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئۆزىنىڭ قىسقىغىنە ھاياتىدا ئۆزىنىڭ تالانتلىقى ۋە يىراقنى كۆرەرلىكى بىلەن، رەڭگا-

* ھاجىيە ئابباسوۋا: «ئاتام ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنى ئەسلەيمەن» «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1984-يىل 27-ئۆكتەبىر سانى، 2-بەت؛ لوي سۇشىن، ھاجىيە ئابباسوۋا: «ئىنقىلابىي قۇربانلارنى ياد ئېتىمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن ئۆزىمىزنى بېغىشلايمىز»، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1983-يىل 8-ئۆكتەبىر سانى، 3-بەت.

زەڭ دۈشمەنلەرگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بارغانىدى. ئۇ مەيلى ھەربىي ئىشلار جەھەتتە، مەيلى سىياسىي جەھەتتە، تەشۋىقات، ئاخبارات، ياشلار خىزمىتى قاتارلىق جەھەتلەردە بولسۇن، توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا غايەت زور تۆھپە قوشقانىدى، ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، سوتسىيالىستىك ۋەتەن قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش قاتارلىق جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىدە باشلامچىلىق رول ئوينىغانىدى.

1948 - يىلى 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ رەھبەرلىرىنى جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان تۇنجى قېتىملىق يىغىنىغا ۋە دۆلەت قۇرۇش مۇراسىمىغا تەكلىپ قىلدى، ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ۋە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى ئىسھاقبېك مونونوۋ (قىرغىز)، مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى دەلىلقان سۇگۇر باييېۋ (قازاق)، شىنجاڭ جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسىدىن لوجى (خەنزۇ) قاتارلىق كىشىلەر تەكلىپكە بىنائەن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق بېيجىڭغا بېرىش سەپىرىدە، ئىركۇتسكىدا بەختكە قارشى ئايروپىلان ۋەقەسىگە ئۇچراپ، قازا تاپتى. بۇ توغرۇلۇق رەئىس ماۋ زېدۇڭ تەزىيە تېلېگراممىسى يوللاپ:

«بۇ شىنجاڭ خەلقى ۋە جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن غايەت زور يوقىتىش، مەن بۇنىڭغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمەن. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق بەش نەپەر يولداش ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلدى، ئاخىرىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى

قۇزۇش يولىدا قۇربان بولدى، بۇنى پۈتۈن جۇڭگو خەلقى مەڭگۈ خاتىرلەيدۇ. يولداش ئەخمەتجان قاسىمى، يولداش ئىسھاقبېك، يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، يولداش دەلىلقان سۇگۇرباييۋ ۋە يولداش لوجى مەڭگۈ ھايات»* دېدى. رەئىس ماۋ زېدۇڭ يەنە يادنامە يېزىپ، ئۇلارنى «مىللىي ئازادلىق ۋە خەلق دېموكراتىيىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، شەرەپلىك ھالدا قۇربان بولغان» دەپ مەدھىيىلىدى.

## 3 - بۆلۈم شىنجاڭدا مىللىي بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى تىنچلىق ۋە دېموكراتىيىگە قاتتىق تەشنا بولۇپ تۇرغانىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى «ھازىرقى ۋەزىيەت توغرىسىدىكى خىتابنامە» دېگەن مەشھۇر خىتابنامىنى ئېلان قىلىپ، «پۈتۈن مىللەتنىڭ ئالدىدىكى زور ۋەزىپە مەملىكەت ئىچىدىكى ئىتتىپاقلىقنى مۇستەھكەملەپ، ئىچكى تىنچلىقنى قوغداشتىن؛ دېموكراتىيىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، دېموكراتىيىنى ياخشىلاپ، تىنچلىق، دېموكراتىيە ئاساسىدا، پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مۇستەقىل، ئەركىن ۋە باي، قۇدرەتلىك يېڭى جۇڭگو قۇرۇشتىن ئىبارەت» دەپ كۆرسەتتى. رەئىس ماۋ زېدۇڭ مۇشۇ مەقسەتنى كۆزلەپ،

---

① «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1949 - يىل 1 - نويابىردىكى سانى، 1 - بەت.

8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چۇڭچىڭغا بېرىپ، جياڭ جيېشى
بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى
رەھبەرلىك قىلغان پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تىنچلىق-
دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشى شىنجاڭدىكى ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن
مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. جياڭ جيېشى پۈتۈن مەملىكەت-
تىكى جامائەتچىلىكنىڭ كۈچلۈك بېسىمى ئاستىدا، شىنجاڭ
ۋەزىيىتىنى ۋاقتىنچە تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، «10 - ئۆكتەبىر»
نۇتقىدا شىنجاڭ مەسىلىسىنى «تىنچ يول» بىلەن ھەل قىلىش
لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا مەجبۇر بولدى. 1945 - يىلى
10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى
ئۈرۈمچىگە كېلىپ، جاڭ جىجۇڭ باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ
ھۆكۈمىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزدى.
سۆھبەت جەريانىدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ
ۋەكىللىرى گومىنداڭ ۋەكىللىرى بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئۇلارنىڭ
سۇيىقەستلىرىنى ئۆزلۈكسىز ئېچىپ تاشلىدى، شۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە
زىيان يەتكۈزمەسلىك شەرتى ئاستىدا، بەزى مەسىلىلەردە
ئالاھىدە يول قويدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇزاق ۋاقىت قايتا-
قايتا مۇلاھىزە قىلىش، سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، ئاخىر
1946 - يىلى 1 - ئاينىڭ 2 - - كۈنى تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ
ماددىلىرى ئىمزالاندى. ئەمما، گومىنداڭ ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابىي قوراللىق كۈچلىرىنى فارمىروپكا قىلىش توغرىسىدىكى
تەلەپتە چىڭ تۇرۇۋېلىپ، تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىجرا قىلىنى-
شىنى كېچىكتۈردى. شۇ سەۋەبتىن، ئىككى تەرەپ 1946 - يىلى
6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تىنچلىق بىتىمىنىڭ قوشۇمچە ھۆججىتى

بولغان قوشۇمچە بەلگىلىمىسىنى رەسمىي ئىمزالىدى. شۇنىڭ بىلەن تىنچلىق بىتىمىنىڭ ماددىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتى يارىتىلدى. تىنچلىق بىتىمى جەمئىي 11 ماددىلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى سايلاش، سايلىنىش، دىنغا ئېتىقاد قىلىش، ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ تىل - يېزىقىدا ئېلىپ بېرىش، نەشر قىلىش، يىغىلىش، سۆزلەش قاتارلىق ئەركىنلىكلەرگە ئىگە دەپ بەلگىلەنگەن؛ ئۇنىڭغا شىنجاڭنىڭ باج كىرىمى، سودا، ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىللىنىشى، مىللىي ئارمىيىنىڭ تەشكىلىي قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ مۇناسىپ بەلگىلىمىلەر كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭدىن باشقا، ئىككى قوشۇمچە ھۆججەت شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىللەش چارىسى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي قوشۇنلىرىنى يېڭىباشتىن فارمىروپكا قىلىش مەسىلىسىگە قارىتىلغان.

تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ يەنە بىر زور غەلىبىسى ئىدى. تىنچلىق بىتىمىگە ئاساسەن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت 1946 - يىلى 6 - ئاينىڭ 18 كۈنى ئۆزگەرتىلىپ، مىللىي بىرلەشمە ھۆكۈمەت قىلىپ قۇرۇلدى؛ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولدى. بىرلەشمە ھۆكۈمەت تىنچلىق بىتىمىنىڭ روھىغا بىنائەن، يېڭىچە سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسىنى ماقۇللىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىكى قانۇنىي ئورۇندىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، تىنچلىق بىتىمىنى ۋە بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسىنى قەتئىي ئەمەلگە ئاشۇرۇش، پۈتۈن ئۆلكىدە دېموكراتىيە ۋە

ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇۋەتتى. ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابىي رەھبەرلەر ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ ئاممىغا تەشۋىق قىلىش ۋە ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلىدى، كەڭ ئامما، بولۇپمۇ زىيالىيلار تەبىقىسى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلدى، جايلارنىڭ ھەممىسى ھاكىملارنى ۋە ناھىيىلىك كېڭەشلەرنى دېموكراتىك يول بىلەن سايلاش جەھەتتىكى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئىشلىدى.

ئەمما، گومىنداڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەردە تىنچلىق بىتىمىنى ۋە بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسىنى ئىجرا قىلىش سەمىمىيىتى زادىلا يوق ئىدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دېموكراتىيىنى، ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشى ئومۇميۈزلۈك باشلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، گومىنداڭ ئىچىدىكى بەزى كىشىلەر غالجىرلىق بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلدى. قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق جايلاردا ئەكسىيەتچى ھەربىي، ساقچىلارنىڭ ئاممىنى ئوققا تۇتۇشىدەك قانلىق ۋەقەلەر ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇردى. بولۇپمۇ كۇچادا ئەكسىيەتچى ھەربىي ۋە ساقچىلار يىغىن ئېچىۋاتقان خەلقنى پىلىموتقا تۇتتى، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك ھوقۇقىنى تەلەپ قىلغان ئەمگەكچى خەلقنى پاجىئەلىك ھالدا قىردى، مەخپىي ساقچىلارنىڭ ئىشپىيونلۇق ھەرىكەتلىرى تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتتى، ئىلغار زاتلار، ياش زىيالىيلار ۋە ئەمگەكچى خەلق تۈركۈملەپ تۈرمىگە تاشلاندى.

1947 - يىلى ئەتىيازدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئازاد رايونلارغا غالجىرلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭدىكى تىنچلىق بىتىمىنىمۇ ئۈزۈل - كېسىل بىكار قىلىش قارارىغا كەلدى. 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى،

گومىنداڭ ئۈرۈمچىدە تىنچلىق بىتىمىگە قارشى «نامايىش» ئۇيۇشتۇردى. «نامايىشچى» لار كالتەك، چوقماق، يوشۇرۇن قورال كۆتۈرۈپ، شوئار توۋلاپ كېلىپ، غالجىرلاشقان ھالدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى قورشىۋالدى ھەمدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت-نىڭ دەرۋازىسىنى يوغان ياغاچ بىلەن ئۇرۇپ ئېچىپ، چۇقان سېلىپ كىردى. بۇ چاغدا ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، بۇرھان شەھىدى قاتارلىق كىشىلەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىچىدە ۋەزىيەت توغرىلىق مۇزاكىرىلىشىپ، ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار بىلەن كۈرەش قىلىۋاتاتتى. ئەخمەتجان قاسىمى دۈشمەنلەرگە كەسكىنلىك بىلەن: «بىز ئۆلۈمدىن قورقمايمىز. بىز ھايات ـ ماماتلىقنى ئاللىقاچان كۆڭلىمىزدىن ساقىت قىلغان. بىز خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ياشايمىز، چۈنكى، بىز بۇ يەرگە تىنچلىق بىتىمى بويىچە خەلقنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن؛ بىز ئۆلسەكمۇ خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆلىمىز، چۈنكى، خەلق مۇشۇنىڭدىن سىلەر (گومىنداڭچىلارنى دېمەكچى — ت) نى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ، كۈرەشكە ئاتلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. بىزنىڭ ئىسسىق قېنىمىز بەدىلىگە خەلقنىڭ ئازادلىقى قولغا كېلىدۇ. بۇنداق ئۆلۈم بىز ئۈچۈن ئەلۋەتتە شەرەپلىك» دېدى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ۋە باشقا رەھبەرلەرنىڭ قورقماس ئىنقىلابىي روھى ئەكسى-يەتچى ئۇنسۇرلارنى دىر ـ دىر تىترەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار ئاخىر رەسۋا بولغان ھالدا ئۆزلىرىنىڭ بۇ رەزىل ئويۇنىنى يىغىشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، تىنچلىقنى بۇزغانلىقى شىنجاڭ-دىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. قولغا كەلتۈرۈلگەن تىنچلىق ۋە دېموكراتىيىنى قوغداش يولىدىكى

كۆرەش نۇرغۇن جايلاردا قانات يېيىپ كەتتى، ئۈرۈمچىدىكى ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار «ناماييش» قىلىۋاتقان چاغدا، نەنگۆەنىڭ سىرتىدىكى ئۇيغۇر ئويۇشمىسى ئالدىدا ئۇيغۇرلاردىن ۋە باشقا مىللەت كىشىلىرىدىن بەش - ئالتە مىڭ كىشى يىغىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن دەلمۇدەل تاقابىل تۇرۇپ كۆرەش قىلىپ، ئەكسىيەتچىلەرنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. ئەخمەتجان قاسىمى نەنگۆەنگە كېلىپ، مەردانىلىك بىلەن نۇتۇق سۆزلەپ مۇنداق دېدى: «سۆيۈملۈك قېرىنداشلار، بىز ھەققانىيەت ئۈچۈن كۆرەش قىلىشىمىز، ھەققانىيەت ئۈچۈن قۇربان بېرىشىمىز لازىم. بىز ئۆلكىمىزدىكى خەلقنىڭ مۇقەددەس ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن قان ئاققۇزدۇق. بۈگۈن بىز ئۆلكىمىزدىكى خەلقنىڭ مۇقەددەس ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ ھاياتىنى قۇربان بېرەلەيمىز، بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ھەققانىيەتلىك ئىش، بىزنىڭ يولىمىز داغدام، ئىستىقبالىمىز پارلاق». خەلق ئۇنىڭ سۆزىنى قىزغىنلىق بىلەن ئالقىشلىدى*.

ۋەقەدىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت خەلقى كەڭ كۆلەملىك ئېتىراز بىلدۈرۈش نامايىشى ئۇيۇشتۇردى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى گومىنداڭنىڭ تىنچلىق بىتىمىگە قىلغان بۇزغۇنچىلىق قىلمىشلىرىغا ئېتىراز بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىن چىقىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، قۇرۇلغىلى بىر يىلمۇ بولمىغان بىرلەشمە ھۆكۈمەت گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قەستەن بۇزغۇنچىلىق قىلىشى تۈپەيلىدىن

---

* بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» 306 -، 310 - بەتلەر; ماھمۇر قاسىم: «چوڭقۇر ئەسلەش»; ئا. ئابباسوۋ: «ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن 25 - ئاپرېل قانلىق ۋەقەسى ھەققىدىكى خاتىرىلەر»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 12 - سان، 505 -، 509 - بەتلەر.

بوزۇلۇپ كەتتى.

1947-يىلى 5-ئايدا، گومىنداڭ دائىرىلىرى مەسئۇدنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. مەسئۇد ھۆكۈمىتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە، دۈشمەنلىك بىلەن قارايتتى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايتتى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە بارلىق تەرەققىيپەرۋەرلىك ئىشلىرىغا قارشى تۇراتتى. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ بىۋاستە كونتروللۇقىدىكى يەتتە ۋىلايەتنىڭ يېزىلىرىدا ئەكسىيەتچىل باۋجيا تۈزۈمى قاتتىق ئىجرا قىلىندى، شەھەرلەردە مەخپىي ساقچىلار ھۆكۈمرانلىقى كۈچەيتىلدى، خەلق قولغا كەلتۈرگەن دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك پۈتۈنلەي قولدىن كەتتى. مەسئۇد ھۆكۈمىتى پانتۈركىزم ئىدىيىسىنى ھەدەپ تەرغىب قىلىپ، «ئەرك»، «يالقۇن»، «يۇرت»، «ئالتاي» دېگەنگە ئوخشاش گېزىت-ژۇرناللارنى چىقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىسىنى تارقىتىدىغان قورال قىلدى. ئۇلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي ئىرادىسىنى ئىدىيە جەھەتتىن بوشاشتۇرۇشقا، مىللىي ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىشقا، خەلقنىڭ كۈرەش يۆنىلىشىنى بۇراشقا كۈچىنىڭ بارىچە ئۇرۇندى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەكسىيەتچىلىكىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، تۇرپان دېھقانلىرى داغدۇغىلىق قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى؛ ئۈرۈمچىدە ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدە ياشلار ھەرىكىتى كەڭ تۈردە ئەۋج ئالدى، نۇرغۇنلىغان ئىلغار كىشىلەر ۋە زىيالىيلار ئۈچ ۋىلايەتكە قېچىپ بېرىپ، ئىنقىلاب قوشۇنىغا قاتناشتى. ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، تاشقى جەھەتتىن دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى ئۈزلۈكسىز بىتچىت قىلدى، دۈشمەننىڭ

ئىچكى جەھەتتىن قىلغان خىلمۇخىل بۇزغۇنچىلىقلىرىنىمۇ تارمار قىلدى. گومىنداڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتىنى يوقىتىش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلىرى زادىلا ئەمەلگە ئاشمىدى.

## 4 - بۆلۈم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازادلىقى

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر خەلقىنى شۇنىڭدەك شىنجاڭدىكى باشقا ھەر مىللەت خەلقىنى ئۇزاققىچە قۇل قىلىش، شىنجاڭنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى تۇرۇشتىكى مۇھىم ھەربىي بازىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كۆچەپ ئۇرۇنغانىدى. شۇڭا، ئۇلار بىر تەرەپتىن ئىلى، ئالتاي، تارباغاتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي تايانچ بازىلىرىغا غالجىرلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىپ، دېموكراتىك، ئىلغار كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى بېسىقتۇرۇپ كەلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئارقا - ئارقىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى تەتۈر ئېقىم قوزغاپ كەلدى. 1947 - يىلى يازدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ كۈشكۈرتۈشى ئارقىسىدا ئوسمان باندىت پەيدا قىلغان «بەيتىك ۋەقەسى» ئاشۇلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى سۇيىقەستلىرى-

نىڭ بىرى ئىدى*.

پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ غەلـ
بىلىك ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، گومىنداڭ بىلەن ئامېرىكا
جاھانگىرلىكىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچىل ھەرىكەتلىرى
كۈندىن - كۈنگە جىددىيلەشتى. 1948 - يىلى، گومىنداڭ
ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى بىلەن
بىرلىكتە ئوسمان قاتارلىق كىشىلەرنى كۈشكۈرتۈپ، «دىننى
قوغداش، سوۋېتكە، كوممۇنىستلارغا قارشى تۇرۇش ھەيئىتى»
دېگەن بىرنېمىنى قۇرغۇزدى. ئۇلار بۇ ئەكسىيەتچى تەشكىلات
ئارقىلىق، شىنجاڭدىكى ھەر خىل ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى
بىرلەشتۈرۈپ، بىر ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق كۈچ تەشكىللەپ،
گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ماسلىشىپ، خەلققە قارشى ھەربىي
ھەرىكەت ئېلىپ باردى. ئامېرىكا جاھانگىرلىكى بۇ ھەرىكەتـ
كە ماسلىشىش ئۈچۈن، دىپلوماتىك ئەمەلدار، مەسلىھەتچى،
ئالىم دېگەن سالاھىيەت بىلەن نىقابلانغان بىر تۈركۈم ئاخباـ
راتچى خادىملىرىنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، ئاخبارات ئاپپاراتلىرىنى
قۇرۇشنى پىلانلاشقا ۋە ئۇيۇشتۇرۇشقا، ئاخباراتچىلارنى يېتىشـ
تۈرۈشكە ياردەملەشتى. 1948 - يىلى ئەتىيازدا، ئامېرىكا
جاھانگىرلىكىنىڭ بىر تۈركۈم ئاتالمىش «ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش
ئەترىتى» شىنجاڭغا كېلىپ، خەرىتە سىزىش، يەر ئاستى
بايلىقلىرىغا دائىر ئاخباراتلارنى توپلاش، ھەربىي ئايرودروم
قۇرۇلىدىغان يەرلەرنى چارلاش قاتارلىق ئىشلار بىلەن
مەخسۇس شۇغۇللاندى.

1948 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، قۇدرەتلىك جۇڭگو

---

* لاتىپ: «ئوسمان ھەققىدە بىلىدىغانلىرىم»؛ سۇڭ شىلىيەن: «بەيتىك ۋەقەسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە ئۆتمۈشى»؛ لوي چى: «ئوسمان ۋە بەيتىك ۋەقەسى» «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 3 - سان، 92 - ، 150 - بەتلەر.

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى كەينى - كەينىدىن لياۋ - شېن ئۇرۇشى، خۇەي - خەي ئۇرۇشى، پېك - جىن ئۇرۇشىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئۇرۇشنى قوزغاپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى يوقىتىپ، ھەربىي جەھەتتىكى شانلىق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى گۇمران بولۇپ، پارچىلانغىلى تۇردى. پۈتۈن مەملىكەت ئىنقىلابىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىگە تۈرتكە بولدى. گومىنداڭنىڭ مەسئۇد ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە كەڭ تۈردە قانات يېيىپ كەتتى. گومىنداڭ كەڭ ئاممىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئۆرلەۋاتقان جەڭگىۋار كەيپىياتىنى پەسەيتىش، ئۆزىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك گۇمران بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن، 1949 - يىلى 1 - ئايدا مەسئۇدنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىشقا، بۇرھان شەھىدىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەشكە مەجبۇر بولدى. مەسئۇدنىڭ ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلغانلىقى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرىشىنىڭ غەلىبىسى ئىدى.

يېڭى تەشكىل قىلىنغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە مەسئۇد ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدىكى ئاشكارا ئەكسىيەتچىل سىياسەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپ ھەمكارلىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈش؛ ئۆلكىلىك سودا شىركىتىنى تەشكىل قىلىش؛ گومىنداڭ تەرىپىدىن بۇزۇۋېتىلگەن شىنجاڭ - سوۋېت سودىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قاتارلىق

بەزى پايدىلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا ئىنتىلىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن تەرەققىيپەرۋەرلىك خاھىشىغا ئىگە ئايرىم رەھبەرلەرنىڭ تىرىشچانلىقى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتەلمەيتتى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ توپ سىياسىتىنىمۇ ئۆزگەرتەلمەيتتى. ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئالداش ئۈچۈن ئىشلەتكەن پەرداز بويۇمىدىنلا ئىبارەت ئىدى، خەلق بۇرۇنقىدەكلا چوڭقۇر ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە تۇرۇۋەردى.

1949 - يىلى 4 - ئايدا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى رەئىس ماۋ زېدۇڭ بىلەن باش قوماندان جۇ دېنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن چاڭجياڭ دەرياسىدىن قەيسەرلىك بىلەن ئۆتۈپ، چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىغا يۈرۈش قىلدى. 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىق مەركىزى — نەنجىڭ ئازاد قىلىندى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى نەنجىڭنى ئازاد قىلىشتىن ئىبارەت زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىنلا، چاڭجياڭنىڭ جەنۇبى ۋە غەربىي شىمالدىن ئىبارەت نەچچە مىڭ چاقىرىملىق ئۇرۇش سېپىدە غەلىبە بىلەن ئىلگىرىلەپ، قالدۇق دۈشمەنلەرنى قوغلاپ يۈرۈپ يوقاتتى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 1 - دالا ئۇرۇش ئارمىيىسى غەربىي شىمالدا خۇ زۇڭنەن قوشۇنىنى تارمار قىلىپ، شىئەننى ئازاد قىلدى. ئارقىدىنلا، گەنسۇدا ما بۇفاڭ ئارمىيىسىنى يوقىتىپ، 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى لەنجۇنى ئازاد قىلدى، 9 - ئايدىن باشلاپ خېشى كارىدورىنى بويلاپ ئىلگىرىلەپ، ۋۇۋېي، جاڭيې قاتارلىق جايلارنى كەينى - كەينىدىن ئازاد قىلدى. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىنقىلابىي ۋەزىيىتىنىڭ شىددەت بىلەن تەرەققىي قىلىشى شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە

جىددىي تەسىر كۆرسەتتى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي - مەمۇرىي خادىملىرى رىئاللىقنىڭ سىنىقىغا دۇچ كەلدى. قۇدرەتلىك خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمى ئالدىدا، ئۇلارنىڭ جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن، تاۋ سىيۇ، بۇرھان شەھىدى، جاۋ شىگۇاڭ قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم ھەربىي - مەمۇرىي خادىملار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قولىغا كەلتۈرۈشى، تەربىيە بېرىشى ئارقىسىدا، تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە ئۆتۈش توغرۇلۇق كېڭەشتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە سادىق بولغان ئازغىنە بىر قىسىم ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلار، مەسىلەن ئاتلىق 5 - جۇنىنىڭ جۇنجاڭى ما چېڭشياڭ قاتارلىقلار خەلق بىلەن ئاخىرىغىچە دۈشمەنلىشىش ئۈچۈن، خەلققە قارشى مەيداندا چىڭ تۇردى. گومىنداڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي خادىملىرى ئىچىدىكى بۇنداق پارچىلىنىش شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.
دەل مۇشۇ جىددىي تارىخىي پەيتتە، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى يەنە يېڭى بىر سۇيىقەست پىلانلىدى. ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى پېكستون ئوسمان بىلەن كۆرۈشۈپ، قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈش پىلانىنى ئورۇنلاشتۇردى، مۇئاۋىن كونسۇل ماكېنان ئوسمانغا قورال - ياراق، پارتلاتقۇچ دورا، راتسىيە ۋە خىراجەت بەردى. 1949 - يىلى 9 - ئايدا، ماكېنان باركۆلدە ئەكسىيەتچىلەر باشلىقلىرىنىڭ يىغىنىنى چاقىرىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش توغرىسىدا تەپسىلىي يوليورۇق بەردى ھەمدە ئوسماننىڭ يولۋاس، جانىمقان قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى كېڭەيتىش ئارقىلىق جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى توسۇشىنى تەلەپ

ۋىلدى.

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، پۈتۈن مەملىكـ
تىمىزدىكى دېموكراتىك سىنىپلار، دېموكراتىك پارتىيە -
گۇرۇھلار ۋە ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك زاتلار بېيجىڭدا جۇڭگو
خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ يېڭى دۆلەت ھاكىمىيـ
تى قۇرۇش توغرىسىدىكى زور مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندىـ
غان 1 - نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنىنى چاقىردى، ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت
خەلقىگە ۋەكالىتەن بۇ زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە يىغىنغا
قاتناشتى ھەمدە يىغىنغا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قەتئىي ھىمايە قىلىش توغرىسىدىكى
قارارىنى ۋە شىنجاڭنىڭ ئازاد قىلىنىشىنى قەتئىي تەلەپ
قىلىدىغان ئارزۇسىنى يەتكۈزدى.

بۇ مەزگىلدە، ۋەتەننىڭ غەربىي شىمال رايونىغا غەلىبە
بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ
ئالدىن يۈرگۈچى قىسمى شىنجاڭنىڭ دەرۋازىسىغا كېلىپ
بولغانىدى. 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، پۈتۈن مەملىكەتكە
داڭق كەتكەن يۈمېن نېفىت كانى ئازاد قىلىندى. ئىنقىلاب
ۋەزىيىتى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي - مەمۇرىي
خادىملىرىنى نەگە بېرىپ نەدە تۇرۇش مەسىلىسىدە يول
تاللاشقا مەجبۇر قىلدى. 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى گومىنداڭنىڭ
شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرى گارنىزون قوماندانى گېنېرال
تاۋ سىيۆنىڭ قوماندانلىقىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىدىن
ئايرىلىپ چىقىپ خەلققە يۈزلىنىپ ھەقىقەتكە ئۆتكەنلىكىنى
جاكارلاپ تېلېگىرامما يوللىدى. 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى
بۇرھان شەھىدى باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىمۇ
ھەقىقەتكە ئۆتكەنلىكى توغرىسىدا تېلېگىرامما يوللىدى. ما چېڭـ

شىياڭ ۋە يې چېڭ قاتارلىق بىر ئوچۇم ئەكسىيەتچى جاھىللار چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى. شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى جەھەتتە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، رەئىس ماۋ زېدۇڭ ۋە يولداش جۇ ئېنلەي گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ئارقىلىق بىر مۇنچە تەربىيە ۋە تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى يولداش دېڭ لىچۈننى ئىلىغا ۋە ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ، شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈردى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەقىقەتكە قايتقان ھەربىي، مەمۇرىي خادىملىرىغا جاۋاب قايتۇرۇش ۋە ئىلھام بېرىش ئۈچۈن*، رەئىس ماۋ زېدۇڭ بىلەن باش قوماندان جۇ دې 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى جاۋاب تېلېگراممىسى ئەۋەتىش ئارقىلىق ھال سورىدى. تېلېگراممىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

رەئىس بۇرھان شەھىدىگە ۋە قول ئاستىڭىزدىكى ھۆكۈمەت خادىملىرىغا:

سىزلەرنىڭ 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىكى ۋە 26 - كۈنىدىكى تېلېگراممىڭىزلارنى تاپشۇرۇۋالدۇق، بىز سىلەرنىڭ مەيدانىڭىزلارنى توغرا دەپ ھېسابلايمىز.

---

* ۋاڭ جېن: «باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىش، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىش — شىنجاڭنى ئازاد قىلىش ۋە گۈللەندۈرۈشكە دائىر ئەسلىمە»، «خەلق» گېزىتىنىڭ 1979 - يىل 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىكى سانى، 2 - بەت؛ جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، تارىخ ماتېرىياللىرى نەشرىياتىنىڭ 1985 - يىل نەشرى، 581 -، 656 - بەتلەر؛ بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنغانلىقى ھەققىدە ئەسلىمە»، «تارىخ ماتېرىياللىرىدىن تاللانما» 69 - سان، 177 -، 184 - بەتلەر؛ تاۋ شىيۆ: «شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنغانلىقىنىڭ جەريانى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرىدىن تاللانما»، 4 - سان، 1 -، 10 - بەتلەر.

سىزلەر گۇاڭجۇدىكى ئەكسىيەتچى قالدۇق ھۆكۈمەتتىن ئايرىلىپ، خەلق دېموكراتىيىسى سېپىگە يۈزلىنىدىغانلىقىڭىزلارنى، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىڭىزلەرنى، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرىدىغانلىقىڭىزلەرنى بىلدۈرۈپ بايانات ئېلان قىلدىڭىزلەر، بۇنداق پوزىتسىيە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن. بىز بۇنىڭدىن قاتتىق خۇشال بولدۇق. سىزلەرنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي خادىملارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە جايلارنىڭ تەرتىپىنى ساقلىشىڭىزلارنى ھەمدە ھازىر بېرىشقا تەييارلىنىۋاتقان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، كونا تۈزۈمنى بىكار قىلىپ، يېڭى تۈزۈمنى يولغا قويۇپ، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز!

ماۋ زېدۇڭ          جۇ دې

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىندى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئېچىلدى.

1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش مۇراسىمى بېيجىڭدا تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. رەئىس ماۋ زېدۇڭ تيەنئەنمېن راۋىقىدا پۈتۈن جۇڭگو خەلقىگە ۋە پۈتۈن دۇنياغا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەنتەنىلىك ھالدا جاكارلىدى. مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي كەمسىتىش ھۆكۈم سۈرىدىغان دەۋر شۇنىڭدىن

ئېتىبارەن كەلمەسلىككە كەتتى، ئۇيغۇر خەلقى ۋە مەملىكىتىمىز-
دىكى باشقا ھەممە مىللەت خەلقى قانچىلىغان يىللاردىن
بۇيان ئارمان قىلىپ كەلگەن ھەمدە ئېرىشىش ئۈچۈن
باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ كەلگەن نىشان ئەمەلگە
ئاشتى. دېموكراتىيە، ئەركىنلىك ۋە مىللىي باراۋەرلىك
ئورنىتىلغان يېڭى دەۋر باشلاندى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇيغۇر
خەلقى پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن
بىرلىكتە بۇ ئۇلۇغ بايرامنىڭ يېتىپ كېلىشىنى قىزغىنلىق
بىلەن كۈتۈۋالدى.

1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، جۇڭگو
خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بۇيرۇققا بىنائەن شىنجاڭغا كىردى.
10 - ئاينىڭ 13 كۈنى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ
ئالدىن يۈرگۈچى قىسمى قۇمۇلغا يېتىپ كەلدى؛ 10 - ئاينىڭ
20 - كۈنى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بىرونېۋىك
قىسمى ئەڭ ئاۋۋال ئۆلكىنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىگە كىردى؛
10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئىلگىرى -
كېيىن بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مۇھىم شەھەرلىرىگە
بېرىپ بولدى؛ ئۈرۈمچىگە كەلگەن ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ
ھەرقايسى جايلىرىغا بارغان قىسىملارنىڭ ھەممىسى 11 -
ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 1950 - يىلى 1 - ئاينىڭ 20 -
كۈنىگىچە ئۆزلىرى تۇرىدىغان جايلارغا ئورۇنلىشىپ بولدى.
شۇ ۋاقىتتىچە، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئىككى ئايدىن
ئارتۇقراق سەپەر قىلىپ، 6000 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول
بېسىپ، شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ، بەش
يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى تيانشان تېغىغا، ئالتاي تېغىغا ۋە
پامىر ئېگىزلىكىگە قاددى. 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قوراللىق قىسىملىرى — مىللىي ئارمىيە

ئۈرۈمچىگە كېلىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن غەلىبىلىك ئۇچراشتى، 1950 - يىلى 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى مىللىي ئارمىيە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5 - كورپۇسى قىلىنىپ ئۆزگەرتىلدى.

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قەھرىمانلىق بىلەن غەربكە يۈرۈش قىلغان چاغدا، ھەقىقەتكە ئۆتكەن قىسىملار ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان ئامېرىكا — جياڭ جېيشى ئىشپىيونلىرىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن، گومىنداڭنىڭ قۇمۇل، توقسۇن، تۇرپان، كۇچا، بۈگۈر قاتارلىق جايلارنى ساقلاپ تۇرغان بەزى قىسىملىرى توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئوت قويۇپ، بۇلاڭچىلىق - قىرغىنچىلىق قىلىپ، ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلىپ، خەلقنى زىيانغا ئۇچراتتى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ھامان تېز سۈرئەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، ۋەقە تۇغۇلغان جايلارغا يېتىپ بېرىپ، توپىلاڭنى تىنچىتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دەرھال ئادەم چىقىرىپ، ئوتنى ئۆچۈرۈپ، خەلقنى خاتىرجەملەندۈردى، نامراتلاردىن ھال سورىدى، خەۋپ ئاستىدا قالغانلارنى قۇتقۇزدى، ئاممىنىڭ ئائىلىسىنى، يۇرتىنى يېڭىباشتىن گۈللەندۈرۈۋېلىشىغا ياردەم بەردى، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ۋە ئازادلىق ئارمىيىنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدى، ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ جىنايى سۇيىقەستلىرىنى پاش قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداپ، ئۇلارغا مەدەت بېرىپلا قالماي، ئەينى ۋاقىتتا، ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملاردىكى كەڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرگە تەربىيە بېرىپ، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ غەربكە قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق شارائىت ياراتتى.

شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى جەريانىدا، ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىق

ئىشلىرى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى. ئۇلار بىر ئېغىزدىن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ئاپىرىن ئوقۇدى، «ياشىسۇن رەئىس ماۋ زېدۇڭ! ياشىسۇن كوممۇنىستىك پارتىيە!» دېگەن ئالقىش سادالىرىنى ياڭراتتى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى چىن قەلبىدىن سۆيدى ۋە ئۇلارغا ئېتىقاد باغلاپ، ئازادلىق ئارمىيىگە بارلىق كۈچى بىلەن ياردەم بەردى ۋە ھەمكارلاشتى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بارغانلا يەردە، ھەر مىللەت خەلقى مېھمانلىق كىيىملىرىنى كىيىپ، داقا - دۇمباق، نەغمە - ناۋا بىلەن ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. جەڭچىلەر يۈك - تاقلىرىنى چۈشۈرۈپ بولغۇچە، خەلق ئۇلارغا ئىسسىق چاي، سۈت - قايماقلارنى سۇنۇپ، خۇددى يېقىن تۇغقانلىرىنى كۈتۈۋالغاندەك كۈتۈۋالدى. چاچ - ساقاللىرى ئاقارغان ئۇيغۇر بوۋايلىرى ئىشەكلىرىگە مىنىپ نەچچە ئون چاقىرىم، نەچچە يۈز چاقىرىم يەردىن قوغۇن ۋە ئۈزۈم ئېلىپ كېلىپ، رەئىس ماۋ زېدۇڭ ئەۋەتكەن ئازادلىق ئارمىيىنى كۈتۈۋالدى. نۇرغۇن كىشىلەر خېيىم - خەتەردىن قورقماي، ئارمىيىمىزگە خەۋەر يەتكۈزۈپ، يول باشلاپ بەردى، دۈشمەن ئەھۋالىنى رازۋېت قىلىپ بەردى، ئوزۇق، سۇ يەتكۈزۈپ بەردى. ئىلى رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئازادلىق ئارمىيىنىڭ باتۇرلۇق بىلەن غەربكە ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، قىزغىنلىق بىلەن ئاشلىق، ماددىي ئەشيا تەقدىم قىلىشتى، قىسقىغىنە بىر نەچچە كۈندىلا نەچچە يۈز مىڭ جىڭ ئاشلىق ۋە نۇرغۇن ماددىي ئەشيا يىغىلدى. ئۇلار ھاردىم - تالدىم دېمەي، نەچچە مىڭ چاقىرىم يول يۈرۈپ، ئۈرۈمچىگە كېلىپ، خەلقىنىڭ پەرزەنت قوشۇنىدىن ھال سورىدى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىق ئارمىيىگە بولغان ئېتىقادى ۋە ھۆرمىتى پۈتۈن ئارمىيىنى چەكسىز تەسىرلەندۈردى، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ زىممىسىدىكى ۋەزىپىنىڭ

ئېغىرلىقىنى تېخىمۇ ھېس قىلدۇردى، ئۇلارنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرىسى شىنجاڭنى قوغداش ۋە گۈللەندۈرۈشكە بولغان ئىرادىسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى*.

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تېزلىكتە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى تۇراقلاندۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنغانلىقىنىڭ مېۋىلىرىنى ئۈنۈملۈك قوغدىغانلىقى ئارقىسىدا، ئۇيغۇر خەلقى ۋە شىنجاڭدىكى باشقا ھەر مىللەت خەلقى ھەقىقىي تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇيغۇر خەلقى ۋە شىنجاڭدىكى باشقا ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويدى.

---

* ۋاڭ جېن: «باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىش، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىش ــــ شىنجاڭنى ئازاد قىلىش ۋە گۈللەندۈرۈش ھەققىدە ئەسلىمە»

# ئون تۆتىنچى باب
# ئۇيغۇر خەلقى سوتسيالىزم يولىنى بويلاپ ئىلگىرىلىمەكتە

## 1 - بۆلۈم ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇرلار- نىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئەھۋالى

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، ئۇيغۇرلار يېزىلىرىدا فېئوداللىق يەر ئىگىلەش تۈزۈمى ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇراتتى، پومېشچىكلار نۇرغۇن يەرلەرنى ئىگىلىۋالغانىدى، ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئىنتايىن نامرات ھالەتتە ياشايتتى.

ئۇيغۇر يېزىلىرىدىكى يەر ئىگىلەش ئەھۋالىنى ئومۇمەن مۇنداق ئۈچ خىلغا ئايرىش مۇمكىن: بىرىنچى خىلى، يەرنىڭ ئىگىلىنىشى يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشكەن جايلار، بۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ۋە غۇلجا ناھىيىسىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇنداق جايلاردا يېزا ئاھالىسىنىڭ 8% گىمۇ يەتمەيدىغان پومېشچىك، باي دېھقانلار يەرلەرنىڭ 80% نى ئىگىلىۋالغان؛ يېزا ئاھالىسىنىڭ

90% تىن ئارتۇقراقىنى تەشكىل قىلىدىغان دېھقانلار يەرنىڭ 20% نىلا ئىگىلىگەن. ئىككىنچى خىلى، يەرنىڭ ئىگىلىنىشى بىرقەدەر مەركەزلەشكەن جايلار بولۇپ، بۇنداق جايلار جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ۋە غۇلجا ناھىيىسىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنداق جايلاردا يېزا ئاھالىسىنىڭ 8% نى تەشكىل قىلىدىغان پومېشچىك، باي دېھقانلار يەرلەرنىڭ 40% — 50% نى ئىگىلىگەن، ئاھالىنىڭ 90% تىن ئارتۇقراقىنى تەشكىل قىلىدىغان دېھقانلار يەرنىڭ ئاران 50% — 60% نى ئىگىلىگەن. ئۈچىنچى خىلى، يەرنىڭ ئىگىلىنىشى تارقاقراق بولغان جايلار، بۇنداق جايلار ئاساسەن شىمالىي شىنجاڭدا بولۇپ، بۇنداق جايلاردا ئاھالىنىڭ 3% — 5% نى تەشكىل قىلىدىغان پومېشچىك، باي دېھقانلار يەرلەرنىڭ 20% نى ئىگىلىگەن، دېھقانلار بولسا يەرلەرنىڭ 70% — 80 نى ئىگىلىگەن. يۇقىرىقىلار ئىچىدە ئىككىنچى خىلدىكىسى ئەڭ ئومۇمىي ئەھۋال. ئۈچىنچى خىل رايونلارنىڭ تولىسى يېرى كەڭ، ئادەم شالاڭ، يەرنىڭ سۈپىتى ناچار، مەھسۇلاتى تۆۋەن، دېھقانچىلىقتا سېلىنىدىغان مەبلەغ كۆپرەك كېتىدىغان جايلاردۇر. پومېشچىكلار سىنىپى دېھقانلارنى يەر ئارقىلىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتىن تاشقىرى، ئۇلاغ، ئۇرۇق، دېھقانچىلىق سايمانلىرى قاتارلىق باشقا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئارقىلىقمۇ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلار رايونىدا مەسچىت - مەدرىسلەرنىڭمۇ نۇرغۇن ۋەخپە يەرلىرى بار ئىدى. مەسىلەن، يەكەن ناھىيىسىدە بارلىق ۋەخپە يەرلەر پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئومۇمىي يېرىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلاتتى؛ يەكەن ناھىيىسىنىڭ 2 - رايونىدا «ئوغرىلىقچە سېتىۋېتىلگەن ۋەخپە

يەرلەر» لا رايون بويىچە ئومۇمىي يەرنىڭ 35% تىن ئارتۇقراقىنى تەشكىل قىلاتتى. بۇ يەرلەر نامدا مەسچىت ـ مەدرىسلەرگە تەئەللۇق بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە، پومېشچىكلارنىڭ قولىدا ئىدى، يەنى پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىگىلەپ تۇرغان يەرلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

پومېشچىكلار سىنىپى مۇشۇنداق نامۇۋاپىق فېئودallıq يەر ئىگىلەش تۈزۈمىدىن پايدىلىنىپ، ئاساسەن، ئىجارە مۇناسىۋىتى ئارقىلىق دېھقانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ، ئۇلارنىڭ قوشۇمچە ئەمگىكىنى ۋە بىر قىسىم زۆرۈر ئەمگىكىنى ئىگىلىۋالاتتى. ئىجارىنىڭ شەكلى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە «ئورتاقچىلىق» ئەڭ ئومۇمىي، شەكلىمۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىدى.

«ئورتاقچىلىق» تا پومېشچىك بىر قىسىم ياخشى يەرنى ئۆزىگە ئېلىپ قېلىپ، ناچار يەرلەرنى دېھقانلارغا بېرەتتى، يەرگە بىر ئاز مەبلەغ سالاتتى، دېھقانلارغا ئۇرۇقنىڭ، ئوغۇتنىڭ بىر قىسمىنى ياكى ھەممىسىنى، ئۇلاغ ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئۆتنە بېرەتتى، بارلىق ئەمگەك كۈچىنى دېھقان چىقىراتتى. ھوسۇلنى يىغىش ۋاقتىدا، ئىجارىگە بېرىلگەن يەرنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىغا، ئاز ـ كۆپلۈكىگە، ئۆتنە بېرىلگەن ئۇرۇقنىڭ، ئوغۇتنىڭ، ئۇلاغنىڭ ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا قاراپ، مەھسۇلات ئوخشاش بولمىغان نىسبەت بويىچە، ماددىي نەرسە بىلەن تۆلىنىدىغان ئىجارە شەكلىدە تەقسىم قىلىناتتى ھەمدە دېھقانىنىڭ ھەر يىلى پومېشچىكنىڭ يېرىدە قانچە كۈن ھەقسىز ئىشلەيدىغانلىقى بەلگىلەپ قويۇلاتتى. مەھسۇلاتنىڭ تەقسىمات نىسبىتى ۋە ھەقسىز ئەمگەكنىڭ ۋاقتى

ھەرقايسى ناھىيىلەردە ئوخشاش ئەمەس ئىدى، بۇنى پومېشچىكلار بىلەن دېھقانلار ھەر خىل ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلەيتتى. بەزىلىرى مەھسۇلاتنى تەڭمۇتەڭ ئۈلىشەتتى، بەزىلىرى $\frac{2}{3}$ نىسبەت بويىچە، بەزىلىرى $\frac{3}{4}$ نىسبەت بويىچە ئۈلىشەتتى. دېھقانلار نىسبەت بويىچە قولىغا تەگكەن ئۈلۈشى ئىچىدىن ئۆشرە - زاكات، غەللە - پاراق، سۇ پۇلى ۋە خىلمۇخىل ناملار بىلەن ئاتىلىدىغان باشقا ئالۋان - ياساقلارنى تاپشۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پومېشچىكقا نۇرغۇن ۋاقىت ھەقسىز ئىشلەپ بېرەتتى*. بۇنىڭدىن باشقا، پومېشچىكلار ياللىۋېلىش، جازانىخورلۇق قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىقمۇ دېھقانلارنى قاتتىق ئېكسپلاتاتسىيە قىلاتتى. ياللاپ ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشنىڭ شەكلىمۇ ناھايىتى مۇرەككەپ ئىدى. تولاراق ئۇچرايدىغىنى مۇقىم ئىش ھەققى بېرىش، نىسبەتلىك ئىش ھەققى بېرىش، يىللىقتا سېتىۋېلىش، كۆيئوغۇل قىلىۋېلىش، بېقىۋېلىش قاتارلىق ئون نەچچە تۈرلۈك ئىدى. ياللانما دېھقانلارنىڭ ئىش ھەققى بەك تۆۋەن ئىدى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ كۆپ قىسمىنى پومېشچىك تۈرلۈك باھانىلەر بىلەن تۇتۇپ قالاتتى، نەتىجىدە، ياللانما دېھقانلار ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمايتتى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ئىنسانىيەتچىلىك قېلىپىدىن چىقىپ كەتكەن خورلۇقلارغا ئۇچرايتتى، ئىنسانىي غۇرۇر جەھەتتىن ھاقارەتلىنىپ تۇراتتى. ئۇيغۇر يېزىلىرىدا تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلمىغانلىقتىن، جازانىخورلۇق ئېكسپلاتاتسىيىسى ئانچە ئومۇملاشمىغان. شۇنداق بولسىمۇ، جازانىخورلۇق ئېكسپلاتات-

* «ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت تارىخى ئۈستىدە تەكشۈرۈش»، 18 — 20 - بەتلەر.

سىيىسىنىڭ شەكلى، خېلى كۆپ، ئېكسپلاتاتسىيە دەرىجىسىمۇ ناھايىتى ئېغىر ئىدى. جازانە ئادەتتە ئەتىيازدا تارقىتىلىپ، كۈزدە قايتۇرۇۋېلىناتتى، ئۇنىڭ كۆپىنچىسى ماددىي نەرسە بىلەن قايتۇرۇۋېلىناتتى، ئۇنىڭ ئۆسۈمى 100% تىن 200% كىچە بولاتتى، بەزىلىرىنىڭ ھەتتا 400% كە يېتەتتى.

سۇ ئېكسپلاتاتسىيىسى ئۇيغۇر يېزىلىرىدىكى فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيىنىڭ ئالاھىدە بىر خىل شەكلى ئىدى. ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ كىلىماتى قۇرغاقراق بولۇپ، ياغىن - يېشىن مىقدارى ئازراق بولغاچقا، زىرائەتنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئېرىق - ئۆستەڭلەر ئارقىلىق سۇغىرىلاتتى. ئۇيغۇر دېھقانلىرى: «سۇ زىرائەتنىڭ جېنى، دەرەخ يىلتىزسىز كۆكلىمىگەندەك، زىرائەتمۇ سۇسىز كۆكلىمەيدۇ» دەيدۇ. بۇنىڭدىن سۇنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى مۇھىملىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ۋەھالەنكى، دېھقانچىلىقنىڭ جان تومۇرى بولغان سۇنى پومېشچىكلار سىنىپى ئىگىلىۋالغان، پومېشچىكلار سىنىپى سۇنى باشقۇرۇش، ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى سۇنى ئىجارىگە بېرىش، سېلىقنى باشقىلارغا ئارتىپ قويۇش ئارقىلىق، دېھقانلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلاتتى. ئىجارىكەش دېھقانلارمۇ، ئۆز ئالدىغا تىرىكچىلىك قىلىدىغان دېھقانلارمۇ قىلچە مۇستەسناسىز ھالدا سۇ ئىشلىرى جەھەتتىكى تۈرلۈك ھاشار - سېلىقلارنى ئۈستىگە ئېلىشقا مەجبۇر ئىدى، ئۆستەڭ چېپىش، دامبا ياساش ئۈچۈن كېتىدىغان ئەمگەك كۈچى، ماتېرىيال، مەبلەغمۇ پۈتۈنلەي دېھقانلارنىڭ زىممىسىگە چۈشەتتى، پومېشچىكلار بولسا بىكار ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ راھىتىنى كۆرەتتى. قۇرغاقچىلىق بولغان يىللىرى، پومېشچىكلار سىنىپى ھەر خىل زەھەرلىك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، دېھقانلارنى

قاقشتاتتى. دېھقانلار ئازغىنا سۇغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، كۆپ ھاللاردا، زىرائەتلىرىنىڭ كۆكىنى سېتىشقا ياكى پومېشچىكتىن قەرز ئېلىپ، جازانە ئېكسپلاتاتسىيىسىگە ئۇچراشقا مەجبۇر بولاتتى. نۇرغۇن دېھقانلار ئەنە شۇ سەۋەبتىن خانىۋەيران بولۇپ كېتەتتى.

رەڭگارەڭ دىنىي سېلىقلارمۇ ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ يەلكىسىدىكى ئېغىر فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيەنىڭ بىرى ئىدى. دېھقانلار ھەر يىلى ئۆزىنىڭ بارلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئوندىن بىرىنى «ئۆشرە» سۈپىتىدە مەسچىتكە تاپشۇراتتى، تاۋار ۋە نەق پۇل كىرىمىنىڭ 40 تىن بىرىنى «زاكات» سۈپىتىدە تاپشۇراتتى، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، ھېيت - ئايەملەردىمۇ خىلمۇخىل دىنىي سېلىقلارنى تۆلەيتتى. پومېشچىكلار سىنىپى فېئوداللىق ئىمتىيازلىرىدىن پايدىلىنىپ، دىنىي كەسپتىكىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ زېمىنىگە چۈشكەن دىنىي سېلىقنى دېھقانلارغا ئارتىپ قوياتتى، ھەتتا دىندىن پايدىلىنىپ، تۈرلۈك چىرايلىق ناملار بىلەن، دېھقانلارنى قاقتى - سوقتى قىلاتتى. دېھقانلارنىڭ كىرىمىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتىلىدىغان دىنىي سېلىقلارغا كېتەتتى.

پومېشچىكلار سىنىپى يەنە فېئوداللىق ئىمتىيازلىرىدىن پايدىلىنىپ، دېھقانلارنى ئىقتىسادتىن ھالقىغان خىلمۇخىل يوللار بىلەن ئېكسپلاتاتسىيە قىلاتتى ۋە جىسمانىي جەھەتتىن دەھشەتلىك ئېزەتتى. مەسىلەن، دېھقانلارنى خالىغانچە ھەقسىز ئىشلىتەتتى، ئۇلارغا ھەر خىل سېلىقلارنى چاچاتتى، ئۇلارنى سوۋغا تەقدىم قىلىشقا مەجبۇر قىلاتتى، ھەتتا خالىغانچە ئۇرۇپ - سوقاتتى، زىيانكەشلىك قىلاتتى، ئۇلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرىغا باسقۇنچىلىق قىلاتتى. بىرمۇنچە زومىگەر

پومېشچىكلارنىڭ قوللىرى دېھقانلارنىڭ قېنى بىلەن بويالغانىدى. چىرىيە ناھىيىسىنىڭ داگۇ ياڭ رايونىدىكى سەككىز زومىگەر پومېشچىك 220 دىن ئارتۇق دېھقاننى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرگەنىدى. سابىق ئىلى ۋىلايىتىدىكى 249 زومىگەر تەرىپىدىن قىيىن - قىستاققا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن، كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلگەن، زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن، ئاتقا سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈلگەن دېھقاننىڭ سانى ئىككى مىڭ نەچچە يۈزگە يەتكەنىدى. غۇلجا ناھىيىسىنىڭ تۇرپانيۈزى يېزىسىدىكى زومىگەر پومېشچىك مەسۇمشاكىيو ئىشىكىنىڭ ئالدىدىكى قارىياغاچقا 150 كىشىنى ئاسقان، 16 كىشىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. يەرلىك دېھقانلار قاتتىق ئېچىنغان ھالدا، بۇ قارىياغاچنى «قانلىق قارىياغاچ» دەپ ئاتىغان.

ئۇيغۇر دېھقانلىرى فېئودال پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ئاستىدا ئىنتايىن نامراتلىق ئىچىدە ئۆتەتتى. ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ مۇتلەق زور كۆپچىلىكى ئولتۇراقلاشقان جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا، قوناق دېھقانلارنىڭ ئاساسىي ئوزۇقى ھېسابلىناتتى، سېرىقتال ۋاقتىدا، نامرات دېھقانلار قوناقنىمۇ تېپىپ يېيەلمەي، ئۈجمە، ئۆرۈك، توك شاپتۇل يەپ قورساق تويغۇزۇشقا مەجبۇر بولاتتى. ئاشۇنداق جاپالىق تۇرمۇش شارائىتىدا، دېھقانلارنىڭ ئاددىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملاشتۇرۇشىمۇ ناھايىتى تەس ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەتتا ئاددىي دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى سېتىۋېلىشقىمۇ قۇربى يەتمەيتتى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئۈچ - تۆت ئۆيدە بىردىن كەتمەن بار ئىدى. تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى ۋە چوڭ دېھقانچىلىق سايمانلىرى بولسا تېخىمۇ ئاز ئىدى. دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى شۇنچە قالاق

ئېدىكى، تۆمۈر ئەسۋابلار ئىچىدە كەتمەندىن باشقا پەقەت بوقۇسا چىشى، ئورغاق ۋە پالتا - كەكىلا بار ئىدى، يەنە كېلىپ بۇ سايمانلار ناھايىتى قوپال ياسىلاتتى، ئۇنى ھەر يىلى دېگۈدەك يېڭىلاپ تۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. تېرىقچىلىق تېخنىكىسىمۇ قالاقراق بولۇپ، ئىسلاھ قىلىنمىغانىدى، شۇنداق بولغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى.

قاراقاش، كۈچا، ئاقسۇ قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ بەزى چەت ياقا جايلىرىدىكى ئۇيغۇر يېزىلىرىدا فېئودال پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ مۈلۈكچىلىكىدىن باشقا، خېلى مۇكەممەل يانچىلىق تۈزۈمى ساقلىنىپ كەلگەن. قاراقاش ناھىيىسىنىڭ شاخلىق يېزىسىدىكى دېھقانلار ئەمگىكىنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشنى ئاساس قىلغان فېئوداللىق قورۇق بۇنىڭ بىر مىسالىدۇر.

شاخلىقتىكى فېئوداللىق قورۇقنىڭ تەۋەلىكىدىكى كىشىلەر ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئورنىغا قاراپ مۇنداق بەش دەرىجىگە ئايرىلاتتى: (1) خوجا (ئاقسۆڭەك)؛ (2) خوجىنىڭ باش مۇلازىمى، ھېسابچىسى، دورغىسى قاتارلىقلار؛ (3) پۈتۈن دېھقان، يېرىم دېھقان، بىكار دېھقانلار؛ (4) خىزمەتكارلار؛ (5) ئورتاقچىلار ۋە يىللىقچىلار.

خوجىلار يەرگە ئىگىدارلىق قىلغۇچىلار ئىدى، شۇنداقلا قورۇقتىكى ئالىي ھۆكۈمران ئىدى. ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ ئاما ئارىسىدىكى تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىمىز، ئۇستىخىنىمىز ئاق، قېنىمىز ئېسىل دەپ، ئۆزلىرىنى خەققە «ئۇلۇغلىرىمىز» دېگۈزەتتى. ئۇلار يانچىلارنى ئاساسەن ئەمگەك بىلەن تۆلىنىدىغان ئىجارە ئارقىلىق ئېكسپلاتاتسىيە قىلاتتى. خوجىلار ئۆزىنىڭ قورۇق زېمىنىنى ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ، كۆپ قىسمىنى ئۆزى باشقۇراتتى، ئازراق بىر قىسمىنى يانچىلارغا ئايرىپ بېرەتتى. خوجىلارنىڭ قورۇقتىكى زېمىنىدىن

يەر ئالغان پۈتۈن دېھقان ۋە يېرىم دېھقانلار دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ھۈنەرۋەنچىلىك، مىمارچىلىق، بوز يەر ئېچىش قاتارلىق جەھەتلەردە خوجىلارغا ھەقسىز ئىشلەپ بېرەتتى، ئېيتىلىشىچە، ھەربىر پۈتۈن دېھقان ئائىلىسىدىن بىردىن پۈتۈن ئەمگەك كۈچى يىل بويى خوجىغا ئەمگەك قىلىپ بېرىدىكەن، يېرىم دېھقان ئائىلىسىدىن بىر كىشى ھەر ئون كۈننىڭ بەش كۈنىدە خوجىغا ئەمگەك قىلىپ بېرىدىكەن، ئەمەلىيەتتە ئون كۈننىڭ سەككىزىدە خوجىنىڭ يېرىدە ئىشلەيدىكەن، بۇ، ئەنئەنىۋى ئادەت جەھەتتە بەلگىلەنگەن ساندىن ناھايىتى كۆپ ئېشىپ كەتكەن. يانچىلار خوجىغا ھەقسىز ئىشلەپ بېرىشنىڭ سىرتىدا، ئۇنىڭ تۈگمىنىنى، جۇۋىزىنى، سىق سوقىسىنى ئىشلەتسە، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ يېرىدە چارۋا باقسا، ئۇنىڭ يېرىدىن قومۇش ئورۇسا، ئوتۇن يىغسا، ئۇنىڭغا ئىجارە تاپشۇراتتى. خوجىلار يەنە دېھقانلارنىڭ كالا، ئېشەك، قوي، توخۇ، ئۆردەكلىرىنى خالىغانچە تۇتۇۋالاتتى، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە، كۆكتاتلىرىنى ئىگىلىۋالاتتى.

قورۇقنىڭ مەمۇردي ئىشلىرىنى ئادەتتە خوجا ۋە ئۇنىڭ باش مۇلازىمى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت بىلەن ئالاقىلىشىپ بىر تەرەپ قىلاتتى، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت قورۇقتىكى دېھقانلار بىلەن بىۋاستە ئالاقە قىلمايتتى. قورۇقتا يۈز بەرگەن ھەق تەلەپ، جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنىمۇ خوجا ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلاتتى. بۇ ھال خوجىلارنى ھېچنېمىدىن تەپ تارتماي، خالىغانچە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ قويغانىدى.

خوجىلارنىڭ باش مۇلازىمى (ئاقساقال) ھېسابچىلىقنى قوشۇمچە ئۆتەيدىغان ئامبارچىسى، دورغىلىقنى، خەۋەرچىلىكنى قوشۇمچە ئۆتەيدىغان ھەيدەكچىسى بولۇپ قورۇقنى خوجىغا ۋەكالىتەن

باشقۇراتتى. ئۇلار خېلى كۆپ يەرگە ئىگە بولۇپ، يەرنى دېهقانلارنىڭ ئەمگىكى بىلەن تېرىيتتى، ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى بىر قىسىم ئەمگەكلەرگە قاتنىشاتتى. باش مۇلازىمنى خوجا بەلگىلەيتتى، ئۇنىڭ قورۇقتىكى ئورنى خوجىدىنلا كېيىن تۇراتتى، ئۇ خوجىنىڭ گۇماشتىسى ئىدى. ئۇلار خوجىنىڭ ئىرادىسى بويىچە، ئىچكى جەھەتتە قورۇقنىڭ ھەممە ئىشىنى باشقۇراتتى، تاشقى جەھەتتە، خوجىغا ۋەكالىتەن سىرت بىلەن ئالاقىلىشاتتى. ھېسابچىلىقنى قوشۇمچە ئۆتەيدىغان ئامبارچىمۇ خوجىنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى بولۇپ، باش مۇلازىمغا ياردەملىشىپ، دېهقانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى. ھەيدەكچىلىكنى قوشۇمچە ئۆتەيدىغان دورغا خوجىنىڭ كەينىدىن يۈرىدىغان خىزمەتكار ئىدى، ئۇ ئەتىدىن كەچكىچە خوجىغا ھەمراھ بولۇپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى، ئۇ خوجىنىڭ كۆز - قۇلىقى ئىدى. ئۇ باش مۇلازىمنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرەتتى، خوجىنىڭ بۇيرۇقىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزەتتى، خوجىغا ۋەكالىتەن سىرتلارغا بېرىپ ئىش بېجىرەتتى، بەزىدە دېهقانلارنىڭ ئىشىنى نازارەت قىلاتتى.

«پۈتۈن دېهقان» خوجىدىن بىر كىشىلىك يەر (ئادەتتە 30 مو)، بىر كەتمەن ۋە بىر كىشىلىك ئاشلىق (3 - 4 ئايلىق ئوزۇق) ئېلىپ، بىر پۈتۈن ئەمگەك كۈچىنى چىقىرىپ، خوجىنىڭ ئۆزى باشقۇرىدىغان يېرىدە خوجىغا تولۇق بىر يىل ئىشلەپ بېرەتتى، دېهقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىللىرىدە، ئائىلە بويىچە چىقىپ، خوجىغا ئىشلەپ بېرەتتى. «يېرىم دېهقان» يېرىم كىشىلىك يەر، يېرىم كىشىلىك ئاشلىق، ئىككى ئائىلە بىرلىشىپ بىر دانە كەتمەن ئېلىپ، ھەر ئون كۈندە خوجىغا بەش كۈندىن ئارتۇق ئىشلەپ بېرەتتى، شۇڭا ئۇلار «بەش كۈنچى» دەپمۇ ئاتىلاتتى. «بىكار دېهقان» ئۆزىنىڭ ئەمگەك قىلىش ئەھۋالىغا ۋە خوجا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا قاراپ، بىر

كىشىلىك، يېرىم كىشىلىك ياكى يېرىم كىشىلىكتىنمۇ ئازراق
يەر ئالاتتى، ئۇلار ئادەتتە خوجىنىڭ چارۋىچىلىق، ھۈنەرۋەنچى-
لىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئۇلارنىڭ قۇشلىرىنى
باقاتتى، ئۇلارغا ئوۋئوۋلاپ بېرەتتى، يۈگۈر - يېتىم ئىشلىرىنى
قىلاتتى. ئۇلارنىڭ خوجىغا قانچە كۈن ئىشلەپ بېرىدىغانلىقى
ۋە خوجىدىن قانچىلىك ئاشلىق ئالىدىغانلىقى ئۇلارنىڭ
ئالغان يېرىنىڭ قانچىلىكلىكىگە قاراپ بەلگىلىنەتتى. پۈتۈن
دېھقان، يېرىم دېھقان، بىكار دېھقان ئالغان يەرلەرنىڭ بىر
قىسمى بوز يەر بولاتتى؛ بۇ بوز يەرلەر ئېچىلغاندىن كېيىن،
خوجا ئۇنى ئېلىۋېلىپ، ئۇلارغا باشقىدىن بوز يەر ئاجرىتىپ
بېرەتتى. ئۇلار ئەتىيازدا ئوزۇقلۇق ئۈچۈن قوناق ئالاتتى، كۈزدە
خوجا پاراق تاپشۇرۇش نامى بىلەن، ئۇلاردىن قوناقنىڭ ئورنى-
غا بۇغداي ئالاتتى. ئۇلار ئۇرۇق، يەر ئالغاندىن كېيىنلا،
يەرگە باغلىنىپ قالاتتى - دە، قورۇقتىن كېتەلمەيتتى، ئەمما
خوجا خالىغان چاغدا، ئۇلارنى قورۇقتىن قوغلىۋېتەلەيتتى. دېھقان-
لار ئائىلىنى بىرلىك قىلغان ھالدا، خوجىغا ئىشلەپ بېرەتتى؛
خوجا يەرگە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىدىن ۋە دېھقانلارنىڭ
جىسمانىي جەھەتتىكى بېقىندىلىقىدىن پايدىلىنىپ، باش مۇلا-
زىمىنىڭ تاياق - توقماقلىرى ئارقىلىق، ئۇلارنى ئىشلەپ بېرىشى-
كە مەجبۇر قىلاتتى.

خىزمەتكارلارنىڭ ئەرلىرى «غالچا»، ئاياللىرى «دېدەك»
دېيىلەتتى. بەزىدە «قۇل» دەپمۇ ئاتىلاتتى، ئۇلار، ئاساسەن،
خوجىنىڭ خىزمىتىنى ۋە ئۇنىڭ جەمەتلىرىنىڭ ئۆي ئىشلىرىنى
قىلاتتى. ئۇلارنىڭ قورۇقتىكى ئورنى ھەممىدىن تۆۋەن ئىدى.
ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەجدادلىرىدىن ئەۋلادلىرىغىچە خىزمەتكار
بولاتتى، بەزىلىرى بەلگىلىك يىل چەكلىمىسى بويىچە خوجىغا
سېتىلاتتى، بەزىلىرى تىرىكچىلىك قىلالماي خوجىغا بېقىناتتى،

بەزىلىرى كىچىككىدىن تارتىپلا خوجىنىڭ ئۆيىدە چوڭ بولاتتى،
ئۇلار قورۇقتا ئاماقنى بىكارغا يەيتتى، قىلغان ئىشى ئۈچۈن
پۇل ئالمايتتى؛ خوجىلار ئۇلارغا يەر بۆلۈپ بەرمەيتتى. «غالچا»،
«دېدەك» ئۇلارنىڭ سالاھىيەت نامى، شۇنداقلا خوجىلارنىڭ
ئەمگەكچى خەلقنى ھاقارەتلەش، تىللاش ئۈچۈن قوللىنىدىغان
سەتلەش سۆزى ئىدى.

قورۇقتا ئىجارىكەش دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرىدىغان ئاز
بىر قىسىم يەرلەرمۇ بولاتتى، شۇنداقلا خوجا بىلەن باش
مۇلازىم ياللاپ ئىشلىتىدىغان چاكارلارمۇ بولاتتى. ئىجارىگە
بېرىدىغان يەرلەر، ئاساسەن، خوجىلارنىڭ باشقا يېزىدىكى،
ئەمگەك بىلەن تۆلىنىدىغان ئىجارە ھەققىنى قوللىنىشقا ئەپسىز
بولغان يەرلىرى ئىدى. ئىجارىگە بېرىشنىڭ شەكلى ئورتاق
تېرىش، قەرەلسىز ئىجارىگە بېرىش ۋە قەرەللىك ئىجارىگە بېرىش-
تىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئىدى. ئورتاقچىلىقتا يۇقىرىدا ئېيتىل-
غاندەك، يەرنى، ئۇرۇقنى، پاراقنى خوجا چىقىراتتى؛ بارلىق
ئەمگەك كۈچىنى ۋە باشقا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى دېھقان
چىقىراتتى. كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن، دېھقان ئومۇمىي مەھسۇ-
لاتنىڭ ئاران ئۈچتىن بىرىنىلا ئالاتتى. ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى
بولسا خوجا ئالاتتى. قەرەلسىز ئىجارىگە بېرىشتە خوجا يەرنىلا
چىقىراتتى، ئەمگەك كۈچىنى ۋە بارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستى-
لىرىنى دېھقان چىقىراتتى. مەھسۇلات يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن،
پاراق ۋە ئۆشرە - زاكات چىقىرىۋېتىلىپ، قالغان ئاشلىق خوجا
بىلەن دېھقان ئوتتۇرىسىدا تەڭ تەقسىم قىلىناتتى. قەرەللىك
ئىجارىدە خوجا يەرنىلا چىقىراتتى، كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن،
دېھقان كېلىشىلگەن ئىجارە مىقدارى بويىچە ئىجارە تاپشۇراتتى.
خوجىنىڭ مۇلازىمى بىلەن قورۇقتىكى دىنىي زاتلار خېلى كۆپ
ئىشچى ياللايتتى، مەدىكارنى كۆپرەك ياللايدىغانلار بولسا

خوجىغا بېقىنىدىغان پۈتۈن دېھقانلار بىلەن يېرىم دېھقانلار ئىدى، چۈنكى، ئەمگەك كۈچى ئازراق بولغان پۈتۈن دېھقان ۋە يېرىم دېھقانلار خوجىغا ئىشلەپ بېرىدىغان بولغاچقا، كۆپ ھاللاردا ئۆزىنىڭ يېرىنى تېرىپ بولالماي، مەدىكار يالـلاپ تېرىقچىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى.

قورۇقتا يەر ئالمايدىغان «ئەركىن دېھقانلار» مۇ بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئەھۋالى بىر ـ بىرىنىڭكىگە زادىلا ئوخشاشمايتتى، ئۇلار ئارىسىدا باي دېھقانلار، ئوتتۇرا دېھقانلار بار ئىدى، كەمبەغەل دېھقان، يالاڭنما دېھقانلارمۇ بار ئىدى؛ بازاردا ئولتۇرۇپ، قوشۇمچە سودىگەرچىلىك، ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار بېقىندى دېھقانلارغا قارىغاندا خېلى كۆپ «ئەركىنلىك» كە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ھاشار قاتارلىق ئەمگەكلەرگە سېلىنىپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىناتتى. مەسىلەن، ھەرىيلى خوجىغا ئىككى كۈن ئىشلەپ بېرەتتى: بىر كۈن شاخ ئورۇشۇپ، بىر كۈن خامان تېپىشىپ بېرەتتى. ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت يولغا قويغان ھەر خىل باج ـ سېلىقلارمۇ «ئەركىن دېھقان» لارنىڭ زېممىسىگە چۈشەتتى. نەتىجىدە، «ئەركىن دېھقان»لار خانىۋەيران بولاتتى ـ دە، خوجا ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى قوشۇۋېلىپ، ئۇلارنى يېڭى بېقىندى دېھقانلارغا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ قورۇقىنى كېڭەيتەتتى.

خوجىلار دېھقانلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتە دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ۋە سىياسىي جەھەتتە ئۇلار ئۈستىدىن زوراۋانلىق ھۆكۈمرانلىقى يۈرگۈزۈش بىلەنلا قالماي، ئۇلارغا دىن، ئەدەب، قانۇن قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىش ئارقىلىقمۇ زىيانكەشلىك قىلاتتى. مەسىلەن، خوجىلار ئۆزلىرىنى «پەيغەمبەر ئەۋلادى» قىلىپ كۆرسىتەتتى، ئۇلار ئۆزلىرى قوللانغان ئالىيجاناب ئىسىملارنى

دېھقانلارنىڭ قولىنىشىغا رۇخسەت قىلمايتتى؛ ئۇلارنىڭ كىيىم-
كېچەكلىرىمۇ دېھقانلارنىڭكىگە ئوخشاشمايتتى، دېھقانلارنىڭ ئۆز-
لىرىنىڭكى بىلەن ئوخشاش رەختتە، ئوخشاش فورمىدا كىيىم
كىيىشىگىمۇ رۇخسەت قىلمايتتى؛ ئۇلار ئۆز جەمەتى ئىچىدە قۇدا-
باجا بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويغان، خوجىنىڭ ئوغلى خوجا
جەمەتىنىڭلا قىزىنى ئالاتتى، ئادەتتىكى دېھقانلار بىلەن قۇدىلاش-
مايتتى؛ تۇرمۇش جەھەتتىكى رەسىم - يوسۇنلىرى ئاددىي دېھقان-
لارنىڭكىگە تېخىمۇ ئوخشىمايتتى. خوجىلارنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىغا
قىلچىلىكمۇ تەگكىلى بولمايتتى.

خوجىلار دېھقانلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن شۇلۇۋالغان نۇرغۇن
بايلىقنى خالىغانچە بۇزۇپ چېچىپ، ئىنتايىن چىرىك تۇرمۇش
كەچۈرەتتى. ئۇلار كاتتا قورۇ، نەقىشلەنگەن، ئاستى - ئۈستى
تاختايلىق، دەرىزىلىرى ئەينەكلىك، تاملىرىغا ئېسىل گىلەملەر
تارتىلغان سارايلاردا ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ چىرايلىق باغلىرى
ۋە چىمەنزارلىقلىرى بولاتتى، باغلىرىدا خىلمۇخىل گۈل - گىيا-
ھلار، ئېسىل دەرەخلەر كۆكلەپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ يازدا كىيى-
دىغىنى تاۋار - شايى، قىشتا كىيىدىغىنى قايرىلما ياقىلىق
جۇۋا ئىدى، خوتۇن - قىزلىرىنىڭ ئالتۇن، كۈمۈشتىن ياسالغان
زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى بولاتتى. ئۈچ ۋاقلىق يەيدىغىنى
ئېسىل نازۇ - نېمەتلەر ئىدى. ئۆيىدە ئاش - غىزا ئېتىپ
بېرىدىغان، يەلپۈپ قويىدىغان، ئۇچىسىنى قاشلاپ، تۇتۇپ
قويىدىغان خىزمەتچىلىرى بولاتتى، يول ماڭسا ئېتىنى توقۇپ
بېرىدىغان، باشلاپ ماڭىدىغان ئادەملىرى بولاتتى. ئۇلار ھەر-
قانداق يول بىلەن ئىچ پۇشۇقىنى چىقىراتتى، ئوۋ ئوۋلاش،
قارچىغا بېقىش ئۇلارنىڭ ئورتاق ھەۋىسى، ئىت تالاشتۇ-
رۇشمۇ ئۇلارنىڭ بىر خىل كۆڭۈل ئېچىشى ئىدى. ئۇلارنىڭ
بەزىلىرى زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكەتتى، خەقنىڭ خوتۇن-

لىرىنى خالىغانچە تارتىۋالاتتى ۋە ئىپپەت - نومۇسىغا تېگەتتى.
دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى پەۋقۇلئاددە ئېچىنىشلىق ئىدى. ئۇلار خوجىلارنىڭ كاتتا قورۇلىرىنىڭ ئەتراپىدا تال چىۋىق، قومۇش بىلەن تاتما قويۇلۇپ، لاي سۇۋاپ قوپۇرۇلغان پاكار - پاكار، قاپقاراڭغۇ كەپىلەردە ئولتۇراتتى. بۇنداق ئۆيلەرنىڭ دېرىزىسى بولمايتتى، تورۇسىدىن كىچىككىنە تۈڭلۈك ئېچىپ قويۇلاتتى. ئائىلىدىكى قېرى - چۆرىلەردىن تارتىپ ئۇششاق بالىلارغىچە ھەممىيلەن شۇ بىر ئېغىزلىق كىچىككىنە ئۆيدە ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ بىرەر پارچىدىن كوناكىگىزى، بىردىن قازىنى، بىردىن چۆگۈنى، بىرنەچچىدىن ياغاچ تاۋىقى، بىرنەچچىدىن ياغاچ قوشۇقى ۋە ئاددىي ئۆي جاھازىلىرىلا بولاتتى. ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىدىن پەقەت بىر كەتمەن ۋە بىر دانە ئورغاقلا بولاتتى. ئەھۋالى ياخشىراق ئائىلىلەرنىڭ بىرەردىن كونا ياغاچ كارىۋىتى، بىرەردىن كالا ياكى ئېشىكى، بىر نەچچىدىن قويى بولاتتى. ئۇلار يىغقان مەھسۇلاتلىرىدىن پاراق، ئۆشرە - زاكات ۋە باشقا تۈرلۈك ئالۋان - ياساقلارنى تۆلىگەندىن كېيىن، قولىدا ھېچقانچە ئاشلىق قالمايتتى، بىر ئۆيلۈك ئادەم بۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشنى قامدىيالماي، ئۈجمە، ئۆرۈك، شاپتۇل جىگدە تېرىپ يەپ قورساق تويغۇزۇشقا مەجبۇر بولاتتى. بەزى دېھقانلار كۈن كەچۈرۈشكە زادىلا ئامال تاپالماي قالغاندا، ئۆزىنىڭ پۇشتىدىن تاھغان پەرزەنتلىرىنى خوجىغا سېتىشقا مەجبۇر بولاتتى. ئۇلار ئۇچىسىنى ياپقۇدەك كىيىمگە ئىگە بولالمايتتى، قىشتا كىيگەن ئۇزۇن پاختىلىق چاپىنىنى يازدا پاختىسىنى ئېلىۋېتىپ، يەكتەك قىلىپ كىيەتتى، قىشتا يەنە پاختا سېلىپ چاپان قىلىپ كىيەتتى، ئاخشىمى يوتقانىنىڭ ئورنىدا يېپىنىپ ياتاتتى. دېمەك، دېھقانلار ئىنتايىن ئېچىنىشلىق تۇر-

مۇش كەچۈرەتتى *.
ئازادلىقتىن ئىلگىرى، ئۇيغۇرلار رايونىدا زامانىۋى سانائەت
ئاساسي جەھەتتىن يوق ئىدى، شىنجاڭ بويىچە ماشىنا ئۇسكۇنىسى
بار 14 لا زاۋۇت بار ئىدى. بۇ كىچىك زاۋۇتلارنىڭ ئۆيلىرى
ۋەيرانە، ماشىنىلىرى كونا، تېخنىكىسى قالاق ئىدى. مەسلەن،
ئۈرۈمچىنى ئالىدىغان بولساق، بۇ يەردە كىچىككىنە بىر ئوت
ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە گومىنداڭ زامانىسىدا جىياڭنەن كېمىساز-
لىق زاۋۇتىدا ئىشلەنگەن بىرلا ستانوك بار ئىدى. پۈتۈن
شىنجاڭنىڭ سانائەت مەھسۇلاتى ئاران 11 خىل ئىدى. تىيان-
شاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنىڭ ھەممىلا يېرىدە تۆمۈر كانلىرى
بولسىمۇ، لېكىن 1949 - يىلغىچە شىنجاڭدا پولات ئىشلەپچى-
قىرىلمىغانىدى. زامانىۋى سانائەت بولمىغانلىقتىن، ئۇيغۇر خە-
لقى ۋە باشقا مىللەت خەلقى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش
جەھەتتە زۆرۈر بولغان سانائەت بۇيۇملىرىدىن بەك قىسىلاتتى.
دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قورالى بولغان كەتمەن
100—200 كىلوگرام بۇغداينىڭ پۇلىغا كېلەتتى. بىر كىيىملىك چىت
ئون نەچچە تاغار ئاشلىقنىڭ پۇلىغا كېلەتتى، بىر قوينىڭ پۇ-
لىغا ئاران بىر تاختا چاي كېلەتتى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى
سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى ئىشلەپچىقىرىشتىكى قالاقلىقنى، خەلق
تۇرمۇشىدىكى نامراتلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى، 1949 -
يىلى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ تېرىلغۇ يېرى ئاران 18 مىليون مودىن
جىقراقلا بولۇپ، نۇرغۇن بوز يەرلەر ۋە تېرىغىلى بولىدىغان
يەرلەر تېرىلماي كەلگەنىدى، تېرىلغۇ يەر ئاز، بىرلىك مەھسۇ-
لات تۆۋەن بولغانلىقتىن، ئازادلىق ھارپىسىغىچە پۈتۈن شىنجاڭ-
نىڭ ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلاتى ئاران 2 مىليارد جىڭ ئۆپ-

* «جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى»، 1 - 14 - بەتلەر.

چۆرىسىدىلا بولۇپ كەلگەن. ئەگەر شىمالىي شىنجاڭ رايونىدى-
كى خەنزۇ، خۇيزۇ دېھقانلىرىنىڭ ئىشلەپچىقارغان ئاشلىقى
چىقىرىۋېتىلسە، ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئىشلەپچىقارغان ئاشلىق بۇ
سانغا يەتمەيدۇ. ئازادلىق ھارپىسىدا، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدى-
كى ئورگانلىرىنىڭ چىرىكلىشىپ كېتىشى، ئىقتىدارسىزلىقى ۋە
بىر قىسىم خىيانەتچى - پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق
قىلىشى تۈپەيلىدىن، شىنجاڭنىڭ مالىيە، سودا ئىشلىرى ئىنتا-
يىن قالايمىقانلىشىپ كەتكەن. پۇل پەۋقۇلئاددە پاخاللىشىپ
كەتكەن، مال باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەپ كەتكەن. شەھەر بى-
لەن يېزىلار ئوتتۇرىسىدىكى، ئىچكى - تاشقى جەھەتتىكى مال
ئالماشتۇرۇش يولى توختاپ قالغان، يەرلىك ئالاھىدە مەھ-
سۇلاتلار بازار تاپالمىغان، سانائەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن يېزا
ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قايچىسىمان پەرق بەك
چوڭىيىپ كەتكەن، 1949 - يىلى سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇ-
لات قىممىتى سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى-
نىڭ ئومۇمىي قىممىتى ئىچىدە 17.92% نىلا تەشكىل قىلغان.
گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قەغەز پۇلنى قالايمىقان تارقىتىۋەرگەن،
قەغەز پۇلنىڭ ئەڭ چوڭى 6 مىليارد يۈەنلىك بولغان، بۇ تا-
رىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش ئىدى.

ئىگىلىكنىڭ قالاقلىقى مۇقەررەر ھالدا مەدەنىيەت، مائا-
رىپ، ساقلىقنى ساقلاش، داۋالاش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى
ئاستىلىتىدۇ. ئۇيغۇر يېزىلىرىدىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ مۇتلەق
كۆپچىلىكىنىڭ پەرزەنتلىرى ئوقۇشقا كىرىش پۇرسىتىگە ئىگە
بولالمايتتى، يېزىلاردا بەزگەك، ياۋا چېچەك، تاناسىل كېسەللى-
كى، ماخاۋ، تاز قاتارلىق كۆپ خىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر
تارقالغانىدى. شىنجاڭ بويىچە بىردىنبىر ئالىي مەكتەپ — شىن-
جاڭ شۆيۈەنمۇ شىنجاڭدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ نابۇت
قىلىشى بىلەن يېپىلىپ قېلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان، مەك-

ئەپ ئۈسكۈنىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئوغرىلىنىپ سېتىۋېتىلگەن،
مەكتەپتە ئاران 152 ئوقۇغۇچى قالغانىدى. بۇنىڭ ئىچىدە
ئازسانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى تۆتتىن بىر قىسمىغىمۇ يەت-
مەيتتى. يېزىلاردا ساۋاتسىزلار ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 90% تىن
ئارتۇقراقىنى تەشكىل قىلاتتى. 1949 - يىلى، يەنى ئازادلىق
ھارپىسىدا، شىنجاڭ بويىچە ئاران 54 داۋالاش ئورنى، 696
كېسەل كارىۋىتى، 388 نەپەر تىببىي خادىم بولۇپ، ئۇلارنىڭ
ئىچىدە ئاران 58 لا دوختۇر بار ئىدى، ئۇلار مال باھاسىنىڭ
ئۇچقاندەك ئۆرلەپ كېتىشى ۋە مۇئاشىنىڭ ئازلىقى تۈپەيلىدىن
ئاچ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىپ تۇراتتى.

قىسقىسى، ئازادلىقتىن ئىلگىرى، ئۇيغۇرلار جەمئىيىتى
سىرت بىلەن ئالاقە قىلمايدىغان، ئىقتىساد ئارقىدا قالغان جە-
مئىيەت ئىدى. فېئودال، پومېشچىكلارنىڭ ئېكسپلاتاتسىيە قى-
لىشى، گومىنداڭنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ قاقتى-
سوقتى قىلىشى ۋە دىنىي كۈچلەرنىڭ ئاسارىتى تۈپەيلىدىن،
كەڭ ئۇيغۇر دېھقانلىرى، چارۋىچىلىرى، زىيالىيلىرى ۋە بىر قىسىم
ئۇششاق خىزمەتچىلەر ئىنتايىن نامراتلىق ھالەتتە تۇرمۇش كە-
چۈرەتتى، نۇرغۇن كىشىلەر كونا تۈزۈمنى كۇمپەيكۇم قى-
لىپ، دېموكراتىيە، مىللىي باراۋەرلىك ئاساسىدىكى، خەلق
ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان يېڭى جەمئىيەت قۇرۇشنى جىددىي
تەلەپ قىلاتتى.

## 2 - بۆلۈم ئۇيغۇر خەلقى سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ ئىلگىرىلىمەكتە

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، پار-
تىيىنىڭ شىنجاڭدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرگە بولغان رەھبەرلىكىنى

كۆچەيتىش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭدا دەرھال شۆبە بيۇرو تەسىس قىلدى ھەمدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كەينى - كەينىدىن پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگانلىرىنى قۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق دېموكراتىك ھاكىمىيەتلىرىنى پائال تۈردە قۇرۇپ، ھەر خىل ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارنى قانات يايدۇردى ۋە خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. 1949 - يىلى 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، ھەر قايسى دېموكراتىك سىنىپلارنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ بىرلىشىشىدىن تەركىب تاپقان ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى، بۇرھان شەھىدى رەئىسلىكىنى، سەيپىدىن ئەزىزى مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى زىممىسىگە ئالدى. خەلق ھۆكۈمىتى تارىختا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋە شىنجاڭدىكى باشقا ھەر قايسى مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلىدىغان تۇنجى ھۆكۈمەت بولدى.

ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى يولغا قويۇش فاڭجېنىدا: «شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى ھەممە مىللەت باپباراۋەر، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ھەمكارلىق يولغا قويۇلىدۇ، ھەر قايسى مىللەت ئىچىدىكى خەلق دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇلىدۇ، چوڭ مىللەتچىلىككە ۋە تار مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇلىدۇ، ئەنگلىيە، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرى تەشەببۇس قىلغان پان تۈركىزمگە قارشى تۇرۇلىدۇ، ھەر قايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تىل - يېزىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى شۇنىڭدەك دىنىي ئېتىقادىنى ساقلاش. ئىسلاھ قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى

ھەر قانداق مىللىي كەمسىتىش، مىللىي زۇلۇم، قىساسخورلۇق،
قىرغىنچىلىق ھەرىكەتلىرى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۆلگۈن-
چىلىك سېلىش ھەرىكەتلىرى مەنئىي قىلىنىدۇ» دەپ ئېنىق
جاكارلاندى. شۇنىڭ بىلەن، تارىختىن بۇيانقى ئەكسىيەتچى
ھۆكۈمرانلار يۈرگۈزۈپ كەلگەن مىللىي زۇلۇم سىياسىتى
تۈزۈل - كېسىل بىكار قىلىنىپ، ھەممە مىللەتنىڭ ھوقۇقتا
باراۋەر بولۇشىغا ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى
خوجا بولۇش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

ئۇيغۇرلارنى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ھە-
قىقىي تۈردە قەد كۆتۈرۈپ ئازاد بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە
قىلىش، فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنى يوقىتىش ئۈچۈن،
1950 - يىلىدىن باشلاپ خەلق ھۆكۈمىتى ئالدى بىلەن، ئەك-
سىيەتچىل باۋ - جىيا تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، كەڭ يېزىلاردا
يېزىلىق، كەنتلىك خەلق ھاكىمىيەتلىرىنى قۇردى. 1950 - يى-
لى 1 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي
كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى پۈتۈن شىنجاڭنى ئۈرۈم-
چى، قەشقەر، ئىلىدىن ئىبارەت ئۈچ رايونغا ئايرىدى، شۇ يى-
لى 7 - ئايدا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 5 - كورپۇس
(ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكى سابىق مىللىي ئارمىيە)
پارتكومى قوشۇمچە ئىلى رايونلۇق پارتكوم بولدى. شۇنىڭدىن
كېيىن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭ ھەربىي را-
يونىنىڭ ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا، جايلاردا كەينى - كەينىدىن
ئۈچ رايونلۇق پارتكوم، ئون ۋىلايەتلىك پارتكوم، 80 ناھىيىلىك
پارتكوم ۋە 500 دىن ئارتۇق رايكوم قۇرۇلدى. بۇ ئاپپاراتلار-
نىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا
قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلق ئازادلىق ئارمىيە-
سىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، كەڭ ئۇيغۇر رايونلىرىدا كونا ھا-

كىمىيەت ئۆزگەرتىلىپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك، شەھەرلىك ۋە رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتلىرى قۇرۇلدى. جايلار يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇش جەريانىدا، خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنى ئومۇميۈزلۈك ئېچىپ، دېھقانلار ئۇيۇشمىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئاياللار بىرلەشمىسى، ياشلار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى قۇردى. پارتىيە قۇرۇلۇشى، ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى جەريانىدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ھەربىي، مەمۇري كادىرلىرى پائال تۆھپە قوشتى، بۇلاردىن باشقا، ھەر قايسى جايلاردا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئازادلىقنى قارشى ئالىدىغان، خەلق ھاكىمىيىتى ئۈچۈن قىزغىنلىق بىلەن ئىشلەيدىغان نۇرغۇن ئاكتىپلار ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلارنىڭ بىر مۇنچىسى كۇرسلاردا تەربىيىلىنىش ئارقىلىق، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك كادىرلىرى بولۇپ قالدى. ستاتىستىكىلىق ماتېرىياللارغا قارىغاندا، 1949 - يىلى يېڭى ئازاد بولغان مەزگىلدە، شىنجاڭ بويىچە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 3000 دىن ئارتۇقراق ئىكەن* (بۇ سان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقتىدىكى كادىرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). مۇشۇ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئىچىدە ئۇيغۇر كادىرلىرى كۆپ سانىنى تەشكىل قىلاتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن كەينى - كەينىدىن نۇرغۇن ئاكتىپلار چىققانلىقتىن، شۇنىڭدەك خەلق ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇر كادىرلارنىڭ سانى كۆپلەپ ئاشتى، ئۇلار ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ياردىمى ئاستىدا تىرىشىپ ئىشلەپ، ئۆز مىللىتى ئىچىدىكى ئەگەكچى خەلق بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن

* «شانلىق 30 يىل»، 57 - بەت.

بولۇپ، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئىنقىلاب ۋە قۇرۇ-
لۇش ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشتى. 1949 - يىل 12 - ئايدا،
ئۇيغۇرلاردىن بولغان بىر تۈركۈم كوممۇنىزمچىلار (سەيپىدىن
ئەزىزى قاتارلىقلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى
تەرىپىدىن جۇڭگو كومپارتىيىسىگە قوبۇل قىلىندى.

خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە بىر تۈركۈم ئۇيغۇر
كادىرلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىپ يېتىلىشى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ
فېئودالىزمغا قارشى كۈرەش قىلىشى ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇ-
لۇش ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن سىياسىي شارائىت يارىتىپ بەردى.
ھەر دەرىجىلىك خەلق ھاكىمىيەتلىرى بەرپا قىلىنغاندىن كې-
يىن، كەڭ ئۇيغۇر خەلقى نەچچە مىڭ يىل ھۆكۈم سۈرگەن
فېئودال پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى بىتچىت
قىلىش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رەھ-
بەرلىكىدە كۈرەش قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر
دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، مەدەنىيەت،
مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش شارائىتلىرىنى ياخشىلاش ئۈچۈنمۇ
كۈرەش قىلدى. 1950 - يىلى ئەتىيازدا، ئۇيغۇر خەلقى جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە خەلق ئازادلىق
ئارمىيىسىنىڭ ياردىمى ئاستىدا، ئالدى بىلەن، فېئوداللىق سۇ
باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئۆزگەرتتى، مەسچىت - مەدرىسىلەرگە قاراش-
لىق بىر قىسىم ۋەخپە يەرلەرنى ۋە پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى
تەڭشەپ، يەرسىز دېھقانلارغا ئىجارىگە ئېلىپ بەردى؛ 1950 -
يىلى قىشتا، نامۇۋاپىق غەللە - پاراق تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ،
مۇۋاپىق سېلىق تۈزۈمىنى يولغا قويدى، بۇنىڭ بىلەن دېھقان-
لارنىڭ سېلىقىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى يېنىكلىدى. 1951 -
يىلى كۈزدىن 1952 - يىلى 5 - ئايغىچە، كەڭ ئۇيغۇر يېزىلى-

رىدا، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى
تۇرۇش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلىپ، ھەر بىر دېھقان ئائىلىسى
غەلىبە مېۋىسى سۈپىتىدە يۈز نەچچە جىڭدىن ئاشلىققا ئىگە
بولدى. 1952 - يىلى 9 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پار-
تىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى بىلەن
شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى پۈتۈن شىنجاڭدا
يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىنى باشلاشنى قارار قىلدى. بۇ ھەرىكەت
1953 - يىلى قىشتا ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشتى. شىنجاڭ
بويىچە پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ئارتۇق ئىگىلىۋالغان 7 مىليون
420 مىڭ مو يېرى، 70 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق تېرىلغۇ ئۇلىغى،
390 مىڭدىن ئارتۇق دېھقانچىلىق سايمىنى، 190 مىڭ
ئېغىزدىن كۆپرەك ئۆيى، 4 مىليون 670 مىڭ كىلوگرامدىن
ئارتۇق ئاشلىقى مۇسادىرە قىلىندى ۋە يىغىۋېلىندى. بۇ مال -
مۈلۈكلەر 550 مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق نامرات دېھقانغا مۇۋا-
پىق تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. بۇ سانلار ئىچىدە، ئۇيغۇرلار
رايونىدىكىسى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ئۇلۇغ ھەرى-
كەتكە قاتناشقان ئومۇمىي كادىرلارنىڭ 70 - 80 پىرسەنتىنى
ئۇيغۇر كادىرلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى
تەشكىل قىلىدۇ. 1952 - يىلى كۈزدە ئۇيغۇرلار رايونى بويىچە
ئالدى بىلەن يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلغان قەشقەر كونى-
شەھەر ناھىيىسىنىڭ پاختەكلى يېزىسىدىكى بارلىق دېھقانلار-
نىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ
رەئىسى يولداش ماۋ زېدۇڭغا يازغان خېتىدە ئۇلارنىڭ فېئو-
داللىق يەر ئىگىدارلىقى تۈزۈمىدىن ئازاد بولغانلىقىغا دائىر
خۇشاللىقى ۋە مىننەتدارلىقى، كەڭ ئۇيغۇر دېھ-
قانلىرىنىڭ ئۆزۈل - كېسىل قەد كۆتۈرۈپ ئازاد بولۇش ئارزۇسى
ۋە تەلىپى ئىپادىلەنگەن. 1952 - يىل 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى

يولداش ماۋ زېدۇڭ پاختەكلى يېزىسىدىكى دېھقانلارغا جاۋاب خەت يېزىپ، ئۇلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك مول ھوسۇل ئېلىش شوئارى ئاستىدا تېخىمۇ ئىتتىپاقلىشىپ، تىرىشىپ ئىشلەپچىقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا ھەمدە شۇ ئاساستا ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشكە ئىلھاملاندۇردى.

خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ غەلىبە قىلىشى، يەر ئىسلاھاتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ۋە جايلاردىكى باندىتلارنىڭ يوقىتىلىشى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشىگە ۋە باشقا ئىشلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق شەرت - شارائىت يارىتىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئازادلىققا ئېرىشتى. يەر ئىسلاھاتى ئورۇندالغان يىلى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا مەھسۇلات ئاشۇرۇلدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشى دەسلەپكى قەدەمدە ياخشىلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئەسلىدە بار زاۋۇت - كان - كارخانىلارنى، مالىيە - پۇل مۇئامىلىسىنى، مەدەنىيەت - مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش تارماقلىرىنى تەرتىپكە سالدى ۋە ئىسلاھ قىلدى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى كىيىم - كېچەك، ئوزۇق - تۈلۈك جەھەتتىكى خىراجىتىنى تېجەپ، تۇرمۇش پۇلىنى ۋە مەركەزدىن ئاجرىتىلغان مەبلەغنى ئىشلىتىپ، ئۆكتەبىر ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى (1951 - يىلى 4 - ئايدا قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، 1953 - يىلى 6 - ئايدا پۈتۈنلەي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى)، «1 - ئىيۇل» پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى (1951 - يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، 1953 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قىسمەن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى)، لىيۇداۋان ئۇستى

ئوچۇق كۆمۈر كېنى (1951 - يىلى 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كۆمۈر ئېلىنغان)، «1 - ئاۋغۇست» پولات زاۋۇتى (1951 - يىلى 9 - ئايدا قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، 1952 - يىلى 5 - ئايدا قىسمەن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى)، ۋېيخۇلياڭ ئېلېكتر ئىستانسىسى (1952 - يىلى 5 - ئايدا قۇرۇلۇش باشلانغان)، شۇنىڭدەك سېمونت زاۋۇتى، ماي زاۋۇتى، ئۇن زاۋۇتى قاتارلىق زاۋۇت - كارخانىلارنى قۇردى، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بىر تۈركۈم چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى سۇ ئىنشائاتلىرىنى، نۇرغۇن تاشيول، كۆۋرۈكلەرنى ياسىدى. بۇ كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ قۇرۇلۇشى ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەممە مىللەتنىڭ ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىنلىدى، بولۇپمۇ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قۇمۇل، قاراشەھەر، ئىلى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا قۇرغان بىر تۈركۈم سۇ ئىنشائاتلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا زور رول ئوينىدى.

پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مالىيە خىزمىتىنى تەرتىپكە سېلىشتا، ئالدى بىلەن، مەركەزنىڭ مالىيە - ئىقتىسادىي خىزمەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى قارارىنى قەتئىي ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، پۇلنىڭ پاخاللىشىپ كېتىشى، مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىدەك ۋەزىيەتنى تېزلىكتە ئوڭشىدى. يەنە پۈتۈن شىنجاڭدا خەلق پۇلى تارقىتىلىپ، باشقا پۇللار كۈچتىن قالدۇرۇلدى، بازارلار مۇقىملاشتۇرۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئىچكى ئۆلكىلەردىن نۇرغۇن ماددىي ئەشيا كەلتۈرۈلۈپ، شەھەر بىلەن يېزىلار ئوتتۇرىسىدىكى مال ئالماشتۇرۇش ئىشى زور كۈچ بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلدى، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسى مۇۋاپىق ئۆستۈرۈلۈپ، بازار باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، باھا مۇقىملاشتۇ-

رۇلدى ۋە ئىگىلىك گۈللەندۈرۈلدى.

يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن خەلق ھاكىمىيىتى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش جەھەتتىكى قالاق ھالىتىنى تېزلىكتە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ھەر خىل ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەسلىدىكى مائارىپ مۇئەسسەسىلىرىنى، مەدەنىيەت مۇئەسسەسىلىرىنى ۋە ساقلىقنى ساقلاش - داۋالاش ئاپپاراتلىرىنى تەرتىپكە سالدى ۋە يۈكسەلدۈردى. مائارىپ سىستېمىسىدا نۇقتىلىق ھالدا مائارىپ ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، كونا مائارىپ تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، ئىلمىي، مىللىي، ئاممىۋى مائارىپ تۈزۈمىنى بەرپا قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرى كەڭ دېھقان، چارۋىچىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يولىغا ماڭدى. 1952 - يىلى 5 - ئايدا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى ئاتلىق 20 - تۇەننى ئاجرىتىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى بىردىنبىر ئالىي مەكتەپ — شىنجاڭ مىللەتلەر شۆيۈەنىنى كېڭەيتىپ قۇردى، بۇنىڭغا 14 مىليارد كونا خەلق پۇلى سەرپ قىلىندى. ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتتىن بولغان مائارىپ خادىملىرىنىڭ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزغىنلىق بىلەن ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، قۇرۇلۇش تېزلا پۈتتى. كېڭەيتىپ قۇرۇلغان شىنجاڭ مىللەتلەر شۆيۈەنى قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىنى كۆپەيتتى، مەكتەپ كېڭەيتىپ قۇرۇلغان يىلىلا، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 11 مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىدىن 878 نەپەر كىشىنى قوبۇل قىلدى. بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىنىڭ يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەنلىكى ۋە كېڭەيتىلىشى ئارقىسىدا، ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئالىي مائارىپ تەربىيىسىگە ئىگە بولۇش پۇرسىتى زور دەرىجىدە كۆپەيدى. 1952 - يىلى 4 - ئايدا، يولداش ۋاڭ جېن شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگى-

لىك شۆيۈەنىنى قۇرۇش خىزمىتىگە بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلدى. «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى تۆت ئاي تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى دەرس باشلىدى. بۇ يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى ئىشقا كىرىشىش بىلەنلا، ئۇيغۇر كادىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى، بىرىنچى قارارلىق كۇرسقا 5 - كورپۇسنىڭ 70 نەچچە كادىرىنى قوبۇل قىلدى («1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى دەسلەپتە خىزمەتتىكى كادىرلارنى ۋە ئارمىيە كادىرلىرىنى قوبۇل قىلغان، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلمىغان). بۇ ئالىي مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى ئۇيغۇرلاردىن ئالىي دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك خادىملىرىنىڭ يېتىشتۈرۈلۈشى ئۈچۈنمۇ ئاساس سېلىپ بەردى.

يېڭى قۇرۇلغان خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ سەھىيە - داۋالاش ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىشتا، ئالدى بىلەن، ئەسلىدە بار داۋالاش ئاپپاراتلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، سەھىيە خادىملىرىنى، بولۇپمۇ يەرلىك مىللەتلەردىن بولغان تىببىي خادىملىرىنى يېتىشتۈردى ۋە تەربىيىلىدى. يېزىلارغا ئۆزلۈكسىز تۈردە سەييارە داۋالاش ئەترىتى ئەۋەتىپ، يېزىلاردا ساقلىقنى ساقلاش تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇردى، ئۇيغۇر خەلقى ۋە شىنجاڭدىكى باشقا مىللەت خەلقى ئۈچۈن، كېسەلدىن مۇداپىئە كۆرۈش، ئۇلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاش ئىشىنى ئېلىپ بېرىپ، كېسەلنىڭ پەيدا بولۇشىنى ۋە تارقىلىپ كېتىشىنى ئازايتتى. بۇنىڭدىن باشقا، جايلاردا يېڭىچە تۇغۇت قوبۇل قىلىش ئۇسۇلىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئانىلارنىڭ ۋە بوۋاقلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە ۋە سالامەتلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

ئۇيغۇرلار رايونىدا خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇشى بىلەن، ئۇيغۇر قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي، مەدەنىي تۇرمۇشى دەسلەپكى قەدەمدە ياخشىلاندى. ماددىي، مەدەنىي تۇرمۇشنىڭ ياخشىلىنىشى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سوتسىيالىزمغا قاراپ قەدەم تاشلاش قىزغىنلىقىغا زور دەرىجىدە ئىلھام بەردى. 1953 - يىلى، كەڭ ئۇيغۇر يېزىلىرىدا نۇرغۇن ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى بارلىققا كەلدى. 1954 - يىلى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى مەركىزىي كومىتېتنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى قارارىنىڭ روھىغا ئاساسەن، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ھەر مىللەت دېھقانلىرىنى دېھقانچىلىق كوپېراتىپى قۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى كوللېكتىپلاشتۇرۇش يولىغا مېڭىشقا يېتەكلىدى. يېزا ئىگىلىكىنى كوللېكتىپلاشتۇرۇش جەريانىدا، كەڭ ئۇيغۇر دېھقانلىرى ۋە كادىرلار غايەت زور قىزغىنلىق كۆرسەتتى. يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش ۋە ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى قۇرۇش ئارقىلىق، ئۇيغۇر كادىرلىرى ئىچىدە ئۆز خەلقىنىڭ كوپېراتسىيىلىشىش يولىغا مېڭىشىغا رەھبەرلىك قىلالايدىغان بىر تۈركۈم كادىرلار يېتىشىپ چىقتى. «جۇڭگو يېزىلىرىدىكى سوتسىيالىستىك دولقۇن» دېگەن كىتابنىڭ تەھرىرىنىڭ «يېزا، كەنت كادىرلىرى كوپېراتىپ قۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلالايدۇ» دېگەن ماقالىگە يازغان تەھرىر ئىلاۋىسىدە: «...... بۇ ماقالىنى ئوقۇغان كىشى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ كوپېراتسىيىلىشىش يولىغا مېڭىش ئاكتىپلىقىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ. ئۇلاردا يېرىم سوتسىيالىستىك كوپېراتسىيىلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان كادىرلارمۇ يېتىشىپ چىقىپتۇ........»* دېيىلگەنىدى. ئۇيغۇر

* «جۇڭگو يېزىلىرىدىكى سوتسىيالىستىك دولقۇن» 2 - قىسىم، خەنزۇچە نەشرى، 1293 - بەت.

دېھقانلارنىڭ كوپېراتسىيىلىشىش يولىغا مېڭىش ئاكتىپلىقى
يۇقىرى بولغانلىقى، بۇنىڭغا زۆرۈر بولغان كادىرلار يېتىشىپ
چىققانلىقى ئۈچۈنلا، 1955 - يىلىغا كەلگەندە، ئۇيغۇر يېزى-
لىرىدا دېھقانچىلىق كوپېراتىپلىرىنى قۇرۇش دولقۇنى بارلىققا
كېلىپ، يېزا ئىگىلىكى جەھەتتە يېڭى سوتسىيالىستىك خاراك-
تېردىكى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ئىشى تېزلا ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.
باشقا سەپلەردىكى ئۇيغۇر خەلقى ۋە كادىرلىرىمۇ بۇ ھەرىكەتنى
قىزغىنلىق بىلەن قوللىدى، زور بىر تۈركۈم كادىر ۋە زىيا-
لىيلار بۇ ھەرىكەتكە بىۋاستە قاتنىشىپ ۋە رەھبەرلىك قىلىپ،
ئۇيغۇر يېزىلىرىدا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئىشلىرىنىڭ
ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ كۈچىنى تەقدىم
قىلدى.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە — جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسىنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ مىللىي مەسىلە توغ-
رىسىدىكى تەلىماتىنى ئىجادىي رەۋىشتە تەتبىق قىلىپ، مەملى-
كىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ سىياسىتى.
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغاندا، ئاز سان-
لىق مىللەتلەرنى سىياسىي جەھەتتە ھەقىقىي باراۋەرلىككە
ئېرىشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى
ئىشلىرىنى ئۆزى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تولۇق كاپالەتلەندۈر-
گىلى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى
مۇستەھكەملىگىلى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد،
مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرگىلى بولىدۇ. شۇنداق
بولغاچقا، ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر مىللەت خەلقى
بۇ سىياسەتنى قىزغىن ھىمايە قىلدى، بۇ سىياسەتنىڭ يولغا
قويۇلۇشىنى تەشنالىق بىلەن ئۈمىد قىلدى. مۇشۇ ئەھۋالغا
ئاساسەن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو كوم-

مۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى خېلى بۇرۇنلا باشلىۋەتكەنىدى.

1952 - يىلى 9 - ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش تەييارلىق ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنىڭ تۈرلۈك كونكرېت تەييارلىق خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇردى. بۇ ھەيئەت ئالدى بىلەن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى، شۇنىڭدەك مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، تارىخىي ئەھۋالىنى ۋە مەدەنىيىتىنى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە دائىر ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇر تەكشۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونوم جايلارنى قۇرۇشنىڭ لايىھىسىنى ئىشلەپ چىقتى؛ كەڭ كادىرلار ۋە ئامما ئارىسىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلدى، ھەرقايسى مىللەتنىڭ ۋەكىللىرىنى تەكلىپ قىلىپ، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش جەريانىدىكى ئاساسلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە تولۇق مەسلىھەتلەشتى؛ تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە كادىرلىرى كۇرسى ئېچىپ، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان بىر تۈركۈم تايانچ كۈچلەرنى يېتىشتۈردى. 1953 - يىلى قىشتىن باشلاپ، كەينى - كەينىدىن موڭغۇل، خۇيزۇ، قازاق، قىرغىز، تاجىك، شىبەدىن ئىبارەت ئالتە مىللەتنىڭ ئاپتونوم ناھىيىسى ۋە بەش ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلدى. ناھىيىلىك، ئوبلاستلىق ئاپتونوم ئورگانلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۆلكە دەرىجىلىك، ئۇيغۇرلار ئاساس قىلىنغان ئاپتونومىيىلىك جاينى قۇرۇش ئۈچۈن ئوبدان شارائىت ھازىرلاپ بەردى. 1955 - يىل 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، مەملىكەتلىك

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 21-سانلىق يىغىنى قارار ماقۇللاپ، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى جۇ ئېنلەينىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى تەستىقلىدى. شۇ يىلى 9-ئاينىڭ 20-كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك 1-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2-يىغىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇش توغرىسىدىكى لايىھەنى مۇزاكىرە قىلدى ھەمدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ تەركىبىگە كىرىدىغان خادىملارنى سايلاپ چىقتى. 1955-يىل 10-ئاينىڭ 1-كۈنى، يەنى دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئالتە يىللىقى خاتىرىلىنىدىغان بايرام كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى رەسمىي قۇرۇلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلغانلىقى — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ يەنە بىر ئۇلۇغ غەلىبىسى، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغانلىقىنىڭ يەنە بىر زور مۇۋەپپەقىيىتى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋە شىنجاڭدىكى باشقا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى زور ۋەقە، شىنجاڭ تارىخىدىكى شانلىق، پارلاق بىر سەھىپە. ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋە باشقا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاكتىپلىقىنى ۋە تەشەببۇسكارلىق روھىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇشقا غايەت زور ئىلھام بەردى، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئالغا سۈردى.

ئاپتونوم رايون قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر خەلقى ۋە شىنجاڭدىكى باشقا ھەر مىللەت خەلقى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە ئاپتونوم

رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەركى-
بىگە كىرىدىغان خادىملار ئىچىدە ئۇيغۇرلار خېلى نىسبەتنى
ئىگىلىدى، ئاساسلىق ۋەزىپىسىنى ئۇيغۇرلاردىن بول-
غان يۇقىرالار زىممىسىگە ئالدى. ئۇيغۇرلارمۇ مەملىكىتىمىزدىكى
باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش، پۈتكۈل دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى باش-
قۇرۇش خىزمىتىگە پائال قاتناشتى. ھەر دەرىجىلىك ئاپتونومىيە
ئورگانلىرى خەت - ئالاقىلەرنى ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە يېزىقتا
يوللايدىغان بولدى. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت - ما-
ئارىپ، مالىيە قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ مىللىي تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيە پرىنسىپى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلدى. ئىگىلىكنى تە-
رەققىي قىلدۇرۇشنىڭ فاڭجېنى، سۈرئىتى ۋە چارىلىرى مۇتلەق
كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئارزۇسى ۋە ئاڭ دەرىجىسىگە
ئاساسەن بەلگىلەندى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مەر-
كەزنىڭ فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرىدىغان، ئىجرا
قىلىدىغان چاغدا، مەركەز ئاپتونوم رايوننىڭ ئۇنى جانلىق
ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن ھوقۇق بەردى، مالىيە جەھەتتىمۇ ئاپتو-
نوم رايونغا ئاز - تولا ئېتىبار بەردى. ئۇيغۇر خەلقى ئۆز-
نىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ھوقۇقىغا ئىگە. «شىنجاڭ گې-
زىتى» ئىدارىسى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ
خەلق نەشرىياتى قاتارلىق ئاخبارات، رادىئو، نەشرىيات ئاپ-
پاراتلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇرلاردىن مۇخبىر، تەھرىر ۋە باشقا
خادىملار بار، باشقا تىل - يېزىقلاردا گېزىت، خەۋەر، كىتاب -
ژۇرناللارنى چىقىرىش - تارقىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇر
يېزىقىدىمۇ چىقىرىپ تارقىتىلىۋاتىدۇ. مائارىپ ئىشلىرىنىڭ مۇ-
ھىم نۇقتىسى — ئۇيغۇرلار مائارىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىل-
لىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش
مىللەتلەردىن بولغان ئىختىساسلىق پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى

زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئۇيغۇرچە تىل - يېزىق بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مىللىي سىفەن مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ قالاقلىق ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تىرىشىش مەجبۇرىيىتى بار. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت، سەنئەت، سەھىيە، داۋالاش ئىشلىرى جەھەتتە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىتىبار بېرىش فاڭجېنىنى ۋە سىياسىتىنى قوللاندى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ يېڭى دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان ۋاقىتتىن ئېتىبارەن، ئۇيغۇر خەلقى سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت چوڭ ئالدىنقى شەرت ئاستىدا، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيىتىنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا قاراپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.

# ئون بەشىنچى باب
# ئۇيغۇرلارنىڭ پەن — تېخنىكىسى ۋە مەدەنىيىتى

## 1 - بۆلۈم دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكىسى ۋە تىبابەتچىلىك

ئۇزۇن ۋاقىت شىنجاڭدا ئەمگەك بىلەن تىرىكچىلىك قىل-
غان ئۇيغۇرلارنىڭ پەن - تېخنىكىسى ۋە تىبابەتچىلىكى جەھەت-
لەردە ئۆزىگە خاس ئىقتىدارى ۋە كەشپىياتلىرى بار. بۇ ئىق-
تىدار ۋە كەشپىياتلار ۋەتىنىمىزنىڭ ئىلىم - پەن ئىشلىرىنى
بېيىتىش، ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇ-
ئەييەن رول ئوينىغانىدى.

شىنجاڭ — ئېلىمىز بويىچە ئەڭ بۇرۇن كېۋەز تېرىلغان
رايون. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلما ۋە ھۆججەت — ماتېرىياللارغا
ئاساسلانغاندا، تۇرپاندا جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە،
يەنى مىلادى V — VI ئەسىرلەردىلا پاختىدا يىپ ئىگىرىپ
رەخت توقۇلغان، يەنە كېلىپ مەھسۇلاتىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.
تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە يەنى VII — IX ئەسىرلەرگە كەلگەندە،

تۇرپان رايونىدا پاختىكارلىق ۋە توقۇمىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى يەنىمۇ تەرەققىي تاپقان. يەر ئاستىدىن چىققان يېرىم - ياتا پۈتۈكلەردىن قارىغاندا، شىجۇدىن يۈەنجۇ رايونلۇق تۇرشاۋۇل مەھكىمىسى (ئورنى چاڭئەندە ئىدى) گە ھەربىيگە كېرەكلىك بۆز يىپ خالتىلاردىن يۈزلەپ كەلتۈرۈلگەن. بۇ تۇرپان رايونىنىڭ پاختىكارلىق ۋە پاختا توقۇمىچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. 1959 - يىلى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ توققۇز ساراي دېگەن يېرىدىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى دەۋرىگە (تەخمىنەن IX ئەسىرلەرگە) مەنسۇپ پاختىدىن توقۇلغان ئاق رەخت ۋە تېگى كۆك، گۈلى ئاق، ناھايىتى كۆركەم لاتا تېپىلىپلا قالماي، بەلكى بىر ئاز چىگىتمۇ تېپىلدى. گۈللۈك لاتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 26 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 12 سانتىمېتىر، تېگى قېلىن بولۇپ، كۆك رەڭلىك ئارقاقتا ئۆز رەڭگىدىكى ئاق پاختا يىپتىن ئۆرۈش قويۇپ، گۈل چىقىرىلغان. روشەنكى بۇنداق رەخت شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە دەستىگاھتا توقۇلغان. بۇنداق دەستىگاھ ۋە بابكارلىق تېخنىكىسى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. شىنجاڭدا ئەڭ بۇرۇن كىرگۈزۈلگەن ۋە ئۇزۇندىن بۇيان تېرىلىپ كەلگەن كېۋەز — ئافرىقا كېۋىزى. بۇنداق كېۋەزنىڭ ئارتۇقچىلىقى، بالدۇر يېتىلىدۇ، شىنجاڭغا ۋە گەنسۇنىڭ خېشى كارىدورىغا باب كېلىدۇ. شۇڭا ئۇزۇندىن بېرى تېرىلىپ، بۇ رايونلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان. ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ كېۋەز تېرىش ۋە بابكارلىق تېخنىكىسىغا ۋارىسلىق قىلغانلىقى ۋەتىنىمىزنىڭ دېھقانچىلىق ۋە توقۇمىچىلىق ئىشلىرىغا

قوشقان مۇھىم تۆھپىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ*.

پىلە بېقىش ۋە يىپەك رەخت توقۇش تېخنىكىسىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم مۇۋەپپەقىيىتى. شىنجاڭ «يىپەك يولى» نىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. ئۇ ئېلىمىزنىڭ يىپەك توقۇلمىلىرىنى توشۇيدىغان ئاساسلىق يول بولغاچقا، شىنجاڭدا تاۋار - دۇردۇن مەھسۇلاتلىرىمۇ تەرەققىي قىلغان. سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە، ئۇيغۇر توقۇمىچىلىق ئۇستىلىرى ئەتلەس توقۇشنىڭ يېڭى ھۈنەر - سەنئىتىنى ئىجاد قىلغانىدى. ئەتلەس مەشۇت يىپقا زەر يىپ ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلىدىغان بولغاچقا، ۋالىلداپ جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ يېڭى ھۈنەرگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ، بۇنداق ئەتلەسلەرگە «ناشىشە» دەپ نام بەرگەن ھەمدە، ئوردىغا ئاتاپ ئەتلەس توقۇيدىغان «بېشبالىق جۇجۇقى» تەسىس قىلغانىدى. مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىن بۇيان، ئۇيغۇر بابكارلىرى ئىلغار توقۇمىچىلىق تېخنىكىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى ياخشى كۆرىدىغان گۈل نۇسخىلىرىنى زېھىن قويۇپ ئىجاد قىلىپ چىققانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «خوتەننىڭ پىلىچىلىكى تازا گۈللەنگەن، توقۇلغان مەشۇت رەختلىرى تولىمۇ پەتلىك، جۇلالىق» بولۇپلا قالماستىن، قەشقەر خەلقىمۇ «ھۈنەرگە ئۇستا، ئۇلارنىڭ ئويغان قاشتېشى، سوققان ئالتۇن بېزەكلىرى كۆزنى چاقنىتاتتى»، ئۇلار يەنە «تاۋار - دۇردۇن پاتلاش» نى ئىجاد

* سابىت: «ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلما ماتېرىياللاردىن شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زاماندىكى كېۋەز تېرىش ۋە توقۇمىچىلىق ئىشلىرىغا بىر نەزەر» («شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، خەنزۇچە، 275 -، 284 - بەتلەر).

قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ تاۋار - دۇردۇنلىرىغا ھۆسن قوشقاندى*.

شىنجاڭ مەملىكىتىمىز بويىچە قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە چىقىدىغان مەشھۇر رايونلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا مەملىكىتىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە بازىسى بولۇپ، «قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە ماكانى» دېگەن ئاتاققا ئىگە. زامان - زامانلاردىن بۇيان، ئۇيغۇر خەلقى ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىدە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا مەشھۇر نۇرغۇن ياخشى سورتلارنى تېرىپ ۋە يېتىشتۈرۈپ چىقتى. قۇمۇلنىڭ قوغۇنى، تۇرپاننىڭ كىشمىش ئۈزۈمى، كورلىنىڭ نەشپۈتى، قاغىلىقنىڭ ئانارى، كۇچانىڭ ئۆرۈكى، ئاتۇشنىڭ ئەنجۈرى، ئىلىنىڭ ئالمىسى ۋە شىنجاڭنىڭ بادىمى ناھايىتى يۇقىرى شۆھرەتكە ئىگە.

ئۈزۈم سورتىدىن كىشمىش ئۈزۈم، مۇناقى، قىزىلساي، قاشقىر، سايىۋا قاتارلىقلار بار. بۇ سورتلارنىڭ بەزىلىرى كۆز چاقنىتىدىغان مەرۋايىتتەك سۈزۈك، بەزىلىرى يېشىل ياقۇتقا ئوخشىشىدۇ، بەزىلىرى كەھرىۋادەك قىزغۇچ بولۇپ، ئۈزۈمنىڭ سورتى 50 خىلدىن ئاشىدۇ. كىشمىش ئۈزۈمنىڭ پوستى نېپىز، ئېتى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، تەمى ھەسەلدەك تاتلىق، شېكەر تەركىبى 24% تىن يۇقىرى، ئوزۇقلۇق ماددىسى مول، قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن، شېكەر تەركىبى 75% — 80% كە يېتىدۇ، بۇ ئۈزۈم ھەممە يەردە ئالقىشقا ئىگە. پىچان رايونىنىڭ ئېرىق ئېلىپ تۈپى بىلەن كۆچۈرۈش، ئارتۇق شاخلىرىنى كېسىۋېلىپ

---

* ۋېي چاڭخۇڭ: «يېپەك توقۇمىچىلىقى ۋە پىلىچىلىكنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى» («شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، خەنزۇچە، 1979 - يىلى 1 -، 2 - سان، 137 -، 143 - بەتلەر). لىيۇ شىڭگەن: «قەدىمكى غەربىي شىمال مىللەتلىرىنىڭ يىپەك يولىدا قوشقان تۆھپىسى» («شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، خەنزۇچە، 1980 - يىلى 3 - سان، 93 - بەت).

كۆچۈرۈش، تەكنى پەس باراڭغا ئېلىش ياكى ئاقلىقتا قويۇۋېتىش، ھارام شاخلىرىنى پۇتىۋېتىش، چۈنەك ئېلىپ سۇغىرىش، چۆرىسىدىن ئايلاندۇرۇپ ئوغۇت بېرىش، تەكنى يۆگەپ تۇپى بويىچە كۆمۈش قاتارلىق تېخنىكىلىق تەدبىرلىرى شۇ جاينىڭ مۇھىت شارائىتىغا مۇۋاپىق شەكىللەنگەن ئۈزۈم ئۆستۈرۈش تەجرىبىلىرىدۇر.

ئۇيغۇرلاردا قوغۇن كەڭرى تېرىلىدۇ، سورتىمۇ ناھايىتى كۆپ، قوغۇن شاپىقىغا قاراپ تورلۇق قوغۇن، سىدام قوغۇن دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ؛ يېتىلىش ۋاقتىغا قاراپ يەنە چىلگە، يازلىق قوغۇن، قىشلىق قوغۇن دەپ ئايرىلىدۇ. دائىم ئۇچرايدىغان ياخشى سورتلاردىن قىزىلچۈرۈك، قارىقاش، مىجىگەن، تورشاپاقلار بار. ئۇيغۇرلاردا قوغۇن تېرىش ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، قوغۇنچىلارنىڭ يەر راسلاش، ئوغۇتلاش، ئۇرۇق چىلاش، تېرىش، توپا يۆلەش، سۇغىرىش، پېلەك تاراش، پېلەكنىڭ ئۇچىنى پۇتاشتىن تارتىپ تاكى ئۈزۈش، ئۇرۇق ئېلىش ھەتتا قاق سېلىشقىچە بىر يۈرۈش تېخنىكىلىق تەجرىبىسى بار. پىچاننىڭ دۈگخۇ قوغۇنى ئەڭ ياخشى قوغۇن سورتلىرىدىن بىرى بولۇپ، شورلۇقراق يەرگە تېرىلىدۇ، سۇغىرىلمايدۇ، پۈتۈنلەي ئۇزۇن يىلتىزى ئارقىلىق بىر مېتىردىن ئارتۇق چوڭقۇرلۇقتىكى يەر ئاستىدىن سۇ ئىچىپ ئۆسىدۇ، خەمەكلەيدۇ. بۇنداق قوغۇننىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، يەرلىك قوغۇنچىلارنىڭ ئېيتىشىدەك، «ھەم سۇ خالىمايدۇ ھەم سۇدىن ئايرىلالمايدۇ». شۇڭا قوغۇننى يوغان ھەم تاتلىق قىلىش ئۈچۈن، مەلۇم دەرىجىدىكى نەملىككە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. بۇ — ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ باغۋەنچىلىك جەھەتتىكى ئالاھىدە ئىجادىيىتى.

ئۇيغۇر دېھقانلىرى يېتىشتۈرگەن ياڭاق سورتلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ، ئاساسلىق سورتلاردىن قەغەز ياڭاق، خەسە ياڭاق،

شۆپۈكسىز ياڭاق، سوقا ياڭاق، چىلگە ياڭاق دېگەنگە ئوخشاش سورتلار بار. بۇ ياڭاقلار شاكىلى نېپىز، دانىسى يوغان، ياغ تەركىبى يۇقىرى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. مەسىلەن، «ياغلىق ياڭاق» تىن قول بىلەن سىقسا ياغ چىقىدۇ، ياغ تەركىبى 79% ئەتراپىدا بولۇپ، خاسىيەت، كۈنجۈت، قىچىلاردىن كۆپ، بۇنداق ياڭاق ياغ تارتىدىغان ياخشى خام ئەشيا ھېسابلىنىدۇ. «مول ھوسۇللۇق ياڭاق» نىڭ بىر تۈپىدىن 10 مىڭ تالدەك ياڭاق چىقىدۇ، ھەر يىلى مېۋە بېرىدۇ. يەنە كېلىپ ئادەتتىكى ياڭاقلاردىن بىر يېرىم ئاي بالدۇر پىشىدۇ*.

سۇ ئىنشائاتى — يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ جان تومۇرى، شىنجاڭنىڭ سۇ مەنبەسى مول. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سۇ مەنبەسىدىن پايدىلىنىش چارىسى ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ: بىرى، ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىپ، تاغدىكى قار سۈيىدىن پايدىلىنىش؛ يەنە بىرى، كارىز كولاپ، يەر ئاستى سۈيىدىن پايدىلىنىش.

كارىز — شىنجاڭنىڭ ئۆزىگە خاس سۇغىرىش ئىنشائاتى. كارىزنىڭ سۇ مەنبەسى قارلىق تاغلاردىن ئېقىپ چۈشۈپ، تاغ باغرىدىن ئۆتۈپ تاش قاتلىمىغا سىڭىپ كەتكەن ئېقىن ياكى تۇرغۇن سۇلاردىن كېلىدۇ. كارىز ئادەتتە ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ: بىرىنچى قىسمى — يەر ئاستى سۈيىنى يىغىپ ئاققۇزۇپ بېرىدىغان تەشمە ئېرىق بولۇپ، يەر ئاستى سۈيى تەشمە ئېرىققا سىرغىپ چۈشىدۇ ۋە ئۇ يەردىن سۇ ئىشلىتىلىدى-

---

* «شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك جۇغراپىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 115 -، 116 - بەتلەر. «شىنجاڭ مەنزىرىلىرىدىن خاتىرە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 225 -، 260 -، 276 -، 277 - بەتلەر.

غان يەرگە ئېقىپ بارىدۇ. تەشمە ئېرىقنىڭ بەزىلىرى بىر كىلومېترغىمۇ يەتمەيدۇ، بەزىلىرى ئون كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. سۇنىڭ سىڭىپ كېتىشىنى ئازايتىش ئۈچۈن، بەزىدە ئاستىغا كىگىز سېلىنىدۇ.

كارىزنىڭ ئىككىنچى قىسمى — يەر ئۈستىگە چىققان يەر سۇغىرىدىغان ئۈستى ئوچۇق ئېرىق.

ئۈچىنچى قىسمى — تىك قۇدۇق. تىك قۇدۇق يەر ئۈستىدىن يەر ئاستىغا تىك قېزىلىدۇ. تەشمە ئېرىقنى قېزىشتىن بۇرۇن، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنىنى تېپىش، تەشمە ئېرىقنىڭ ئورنىنى بەلگىلەش، شۇنىڭدەك تەشمە ئېرىقنى قېزىشتا چۈشۈش - چىقىش ۋە شامال ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تىك قۇدۇق قېزىش كېرەك. تىك قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى تەشمە ئېرىق بىلەن يەر يۈزىنىڭ ئارىلىقىغا قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ، چوڭقۇرلىرىنىڭ 100 مېترغا يېتىپ بارىدۇ، تېيىزلىرىنىڭ ئاران ئون مېتر كېلىدۇ. تىك قۇدۇقلارنىڭ ئارىلىقى بىر خىل بولمايدۇ، قۇدۇقنىڭ ئاغزى كۆپىنچە تاش ياكى دەرەخ شېخى، قومۇش بىلەن يېپىلىدۇ.

چوڭ كارىزلارنىڭ سۈيى بىلەن كۈنىگە 60 نەچچە مو، كىچىك كارىزلارنىڭ سۈيى بىلەن كۈنىگە ئۈچ مودىن بەش موغىچە يەر سۇغارغىلى بولىدۇ، سۇ ئۆزى ئېقىپ چىقىپ ئېتىزغا قۇيۇلىدۇ. كارىز بىلەن چوڭقۇر يەر قاتلىمىدىكى يوشۇرۇن سۇدىن پايدىلانغىلى بولىدۇ، كارىزنى خالىغان يەردىن قېزىشقا بولىدۇ، بىر كارىز ئۆز ئالدىغا بىر سۇغىرىش رايونى بولىدۇ. كارىزنى بىر قەدەر ئاسان قازغىلى، ئۇزاققىچە ئىشلەتكىلى بولىدۇ. سۇ يەر ئاستىدا ئاققانلىقتىن، ئاسان پارغا ئايلانمايدۇ، قۇم - بوراندا كۆمۈلۈپ قالمايدۇ، شۇ جايىنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا باب كېلىدۇ. كارىز سۈيى بىلەن يەر سۇغىرىش ھەق-

ۋەتەن يەر شارائىتىغا ماسلاشقان بىر خىل سۇغىرىش ئۇسۇلى-
شىنجاڭدا تەخمىنەن 1600 دىن ئارتۇق كارىز بار. بۇ كارىز-
لار ئاساسەن تۇرپان ئويمانلىقى بىلەن قۇمۇل ئويمانلىقىدا
بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 5000 كىلومېتىردىن ئا-
شىدۇ. بەزىلەر ئۇنى سەددىچىن سېپىلى، بۈيۈك قانال بىلەن
قوشۇپ ئېلىمىزنىڭ ئۈچ چوڭ ئىنشائاتى دېيىشكە بولىدۇ،
دەپ قارىماقتا*.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مۇنەۋۋەر ئۇيغۇر ئاگرونومى
لومىڭشەن (لۇمۇر تۈۋرۈك) يازغان «دېھقانچىلىق ۋە پىلىچىلىك
ئاساسلىرى» («دېھقانچىلىق ۋە پىلىچىلىك قامۇسى» مۇ دېيىلىدۇ)
دېگەن كىتاب ـــ ئېلىمىزدە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان
مۇھىم ئۈچ يېزا ئىگىلىك كىتابىنىڭ بىرى، شۇنداقلا «مەۋسۇم»
(قەمەرىيىنىڭ ھەربىر ئېيىدىكى ھاۋا كىلىماتى ۋە ئىقلىمى)
بويىچە يېزىلغان، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى بايان قىلىدىغان،
بۈگۈنكى كۈنگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ قەدىمكى يېزا ئىگىلىك
كىتابىدۇر. ئۇنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، تېرىقچىلىق،
سۇ ئىشلىرى، ھاۋا رايى، قوغۇن، كۆكتات، مېۋىلىك دەرەخ، بامبۇك،
دورائۆسۈملۈكلىرى يېتىشتۈرۈش، پىلە قۇرتى، ھەسەل ھەرىسى بېقىش،
چارۋىچىلىق، ھاراق چىقىرىش ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق
مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشكە ئوخشاش ساھەلەرنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدا بىر يىلنى 12 ئايغا بۆلۈپ، بىر
ئاينى بىرلىك قىلىپ، ھەربىر ئايدا ئېلىپ بېرىلىدىغان دېھقان-
چىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپ
چىقىرىش پائالىيەتلىرى بىردىن بىردىن تىزىپ چىقىلغان ھەم

* فەن چۈيۈ: «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى
دەۋردە يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى جەھەتتە قوشقان تۆھپىسى»، 689 ــ
691 - بەتلەر، «شىنجاڭ مەنزىرىلىرىدىن خاتىرە»، 100 - بەت.

ھەربىر يېزا ئىگىلىك پائالىيىتىدىن كېيىن كونكرېت ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى چۈشەندۈرۈلگەن. كىتابنىڭ سۆزى ئېنىق، ئىخچام، ئاممىباب، چۈشىنىشلىك. لومىڭشەن ئۆز ئەسىرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئورۇق تاللاش، تېرىش، ئوغۇتلاش، سۇغىرىش، پەرۋىش قىلىش، ئۇلاش ۋە يىغىش - ساقلاش تېخنىكىسىنى مەۋسۇملەر بويىچە بايان قىلىپلا قالماي، شىنجاڭ رايونىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىنىمۇ يەكۈنلىگەن، شۇنىڭدەك قەدىمدىن داۋام قىلىپ كەلگەن ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە يەكۈنلەشكىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. كىتابتا فېئودال خۇراپاتلىققا ياتىدىغان مەزمۇنلار باشقا كىتابلاردىن جىق ئاز. بۇ كىتاب شۇ زاماندىكى ئۇششاق دېھقان ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا باب كەلگەنلىكتىن، ئېلىمىزنىڭ ئاگرونومىيە تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ*.

ئۇيغۇرلارنىڭ تىبابەتچىلىكى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن بىرمۇنچە ئۇيغۇر تىببىي ئالىملىرى مول تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، خېلى قىممەتلىك ئەسەرلەرنى قالدۇرغانىدى. ئەپسۇسكى، ئۆتمۈشتىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ نابۇت قىلىشى، جاھانگىرلارنىڭ ۋەيران قىلىشى ۋە ئوغرىلىشى ئارقىسىدا، نۇرغۇن كىتابلار يوقىلىپ كەتتى؛ بەزىلىرى ھېلىغىچە چەت ئەل كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلانماقتا. مەسىلەن، ھازىر بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تىببىي ئەسەرلەر ئىچىدە، تۆرلۈك كېسەللەرنى داۋالاشنىڭ رېتسېپلىرىنى بايان قىلىدىغان بىر ئاممىباب

---

* يەن چۈگنيەن: «ئۇيغۇر ئاگرونومى لومىڭشەن» («مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى ئىلمىي ژۇرنىلى»، خەنزۇچە، 1978 - يىل، 2 - سان، 50 - بەت).

تىببىي كىتاب بار، بۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يېزىلغان ئۇيغۇرچە تىببىي ئەسەر بولسا كېرەك. بۇ ئەسەردىن ئاران 201 قۇر قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇتۇق ۋە پۇچۇلغان يەرلىرى بولسىمۇ، لېكىن كىتابنىڭ مەزمۇنى بىرقەدەر كەڭ، ئۇ كىلىنىكىدا ئۇچرايدىغان كېسەللىك ئالامەتلىرى ۋە ھەر خىل كېسەللىكلەر، دورا بىلەن داۋالاش، داۋا ئۇسۇلى ۋە باشقا ماتېرىياللارنى، شۇنىڭدەك يەنە كىلىنىكىدا ئۇچرايدىغان ئىچكى كېسەللىكلەر، تاشقى كېسەللىكلەر، تېرە كېسەللىكلىرى، ئاياللار كېسەللىكلىرى، كۆز كېسەللىكلىرى، چىش كېسەللىكلىرى، ئۇرولوگىيە، قۇلاق، بۇرۇن، كېكىردەك كېسەللىكلىرى ۋە روھىي كېسەللىكلەرنىڭ ئالامەتلىرى بولۇپ جەمئىي 41 خىل ماتېرىيالنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ قىممەتلىك كىلىنىكا قوللانمىسى ھېسابلىنىدۇ*.

مىلادى 659 - يىلى (تاڭ گاۋزۇڭنىڭ شيەنچىڭ 4 - يىلى)، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ تارقىتىلغان دورىگەرلىك ئەسىرى «يېڭى ئۈسۈملۈك دورىلىرى» ئېلىمىزنىڭ تۇنجى دورىگەرلىك قامۇسى بولۇپ، ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەن 850 خىل دورا ئىچىدە 114 خىلى شىنجاڭدىن چىققان. مەسىلەن، ئاق قىچا، بېدە، ئانار، زاراڭزا ۋە باشقىلار. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خۇلاسە خاراكتېرلىك تىببىي كىتاب «كېسەلگە شىپا قىممەتلىك رېتسېپلار» (سۇن سىمياۋ يازغان) نىڭ 15 - جىلدىدا ۋە «تاشقى كېسەللىكلەرگە ئائىت مەخپىي

* چېن زۇڭجېن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تىببىي كىتابلاردىن قىسقارتىلغان تەرجىمىلەر»، خۇاڭ ۋۇلى: «‹قەدىمكى ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنىڭ ھەر خىل كېسەللەرنى داۋالاش قوللانمىسى› نىڭ تىبابەتچىلىك تارىخىدىكى قىممىتى»، ھەر ئىككى ئەسەر «جۇڭخۇا تىبابەتچىلىك تارىخى ژۇرنىلى» نىڭ 1984 - يىلى، 14 - توم، 4 - سان، 233 -، 238 - بەتلىرىگە بېسىلغان.

رېتسېپلار» (ۋاڭ تاۋ يازغان) نىڭ 14 - جىلدىدا «شىجۇ بەھرى ھايات دورىلىرى» دىكى رېتسېپلار بار. سۇن سىمياۋنىڭ «ئاددىي بەھرى ھايات دورىلىرى» دېگەن كىتابى «شىجۇ بەھرى ھايات دورىلىرى» دىكى رېتسېپلارغا ئاساسەن دورا قوشۇش ياكى ئېلىۋېتىش يولى بىلەن يېزىلغان. بۇ شۇ چاغدا شىنجاڭ تىبابەتچىلىكىنىڭ خېلى سەۋىيىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىپلا قالماستىن، خەنزۇ تىبابەتچىلىكىنىڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدىن ئۆگەنگەنلىكىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. خەنزۇلارنىڭ بەزى داڭلىق تىببىي كىتابلىرى، مەسىلەن، «ئىچكى كېسەللىكلەر دەستۇرى»، «دېھقانچىلىق پىرى تۈزگەن ئۆسۈملۈك دورىلىرى دەستۇرى»، «ئۆسۈملۈك دورىلىرى قامۇسىنىڭ تولۇقلىمىسى» شىنجاڭغىمۇ يېتىپ كەلگەن. «قىيىن كېسەللىكلەر دەستۇرى» بىلەن «ئۆسۈملۈك دورىلىرى قامۇسىنىڭ تولۇقلىمىسى» نى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كاتىنتا تەرجىمان ئەنسارى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان*.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمى نۇرغۇن يىللىق جۇغلىنىش نەتىجىسىدە تەدرىجىي بىرقەدەر مۇكەممەل نەزەرىيە سىستېمىسىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ئادەم بەدىنىنىڭ تاشقى مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى «ئوت، يەل، سۇ، تۇپراق» نى ماددىغا ۋەكىل قىلىپ، «قان، خىلىت، بەلغەم، سەپرا» دىن ئىبارەت «تۆت خىلىت بەدەن سۇيۇقلۇقى تەلىماتى» ئارقىلىق چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلار يەنە كېسەللەرگە دىئاگنوز قويۇش ۋە ئۇلارنى داۋالاشنىڭ بىر يۈرۈش ئۇسۇلىنى ئىجاد قىلغان. ئۇلار ئىچكى كېسەللىكلەرنى دورا ئىچكۈزۈشنى ئاساس قىلىپ،

* دەي يىڭشىن: «جۇڭگو تىبابەتچىلىك ئىلمىدىن شىنجاڭنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرى بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋىتىگە بىر نەزەر» («شىنجاڭ تارىخى توغرىسىدىكى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، 224 — 237 — بەتلەر).

دورا بىلەن ھوردىتىش، دورىدا ئۇلتۇرغۇزۇش، قان ئېلىش، ئىسسىق، سوغۇق ئۆتكۈزۈشكە ئوخشاش 11 خىل ئۇسۇل بىلەن داۋالايدۇ. جىگەر - ئۆت كېسەللىكلىرىنى، تاش ئۇيۇپ قېلىش، قان تولغاق، بەرەس قاتارلىق بىرنەچچە ئون خىل كېسەللىكنى داۋالاشتا، ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنىڭ ساقايتىش نىسبىتى ناھايىتى يۇقىرى. تاشقى كېسەللىكلەر جەھەتتىمۇ دورا ئىچكۈزۈش، ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، بوغۇش ۋە جەرراھلىقتىن ئىبارەت ئالتە خىل داۋالاش ئۇسۇلى بار. دورىگەرلىك جەھەتتە، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە دورىلار ئادەتتە ئاساسىي دورا، قوشۇمچە دورا دەپ ئايرىلىدۇ، كىلىنىكىدا دائىم مۇرەككەپ دورىلار ئىشلىتىلىدۇ، مۇرەككەپ دورىلار كۆپ بولغاندا 50 خىل، ئاز بولغاندا يەتتە خىل دورىدىن تەركىب تاپىدۇ، ئادەتتە بىر خىل دورا يالغۇز ئىشلىتىلمەيدۇ. دورىنىڭ تۈرى قەنت شەربىتى، مېۋە شەربىتى، كۇمىلاچ، تالقان، مەلھەم، ماي قاتارلىقلار بولۇپ ئون نەچچە خىلغا يېتىدۇ*. سۆك، يۆەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بەرەسنى داۋالاش ئۇسۇلى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ھازىر قەشقەر، خوتەندىكى مىللىي شىپاخانىلار بەرەسنى داۋالاشتا ياراتقان ئاجايىپ نەتىجىلىرى بىلەن خېلى يۇقىرى شۆھرەتكە ئىگە. ئۇرپانىدا قۇمغا كۆمۈپ داۋالاش ئۇسۇلى بار. كېسەل كىشى يا ئۆرە، يا يېنىچە يېتىپ، يا يۈكۈنۈپ، يا ئولتۇرۇپ، بەدىنىنىڭ بىر قىسمىنى قىزدىق قۇمغا كۆمۈپ داۋالايدۇ. بۇنداق داۋالاش ئۇسۇلى ھەر خىل ئۆگە يالluغلىرى (رېماتىزم)،

---

* سۈن جيەندې: «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ۋە يېپەك يولى» («جۇڭخۇا تىبابەتچىلىك تارىخى ژۇرنىلى»، 1982 - يىلى، 12 - جىلد، 3 - سان، 184 — 186 - بەتلەر).

سوزۇلما خاراكتېرلىك بەل - پۇت ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ سۆڭەك نېرۋىسى ئاغرىقى، تومۇر ياللۇغى، سوزۇلما خاراكتېرلىك دوۋسۇن ياللۇغى (ئاياللارنىڭ) قاتارلىق كېسەللەرنى داۋالاشتا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم بېرىدۇ، نېرۋا سىستېمىسىدىكى بەزى كېسەللەرگە ۋە يېنىك، ئوتتۇراھال يۇقىرى قان بېسىمى كېسەللىكىمۇ خېلى پايدا قىلىدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدا، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى يېڭىباشتىن گۈللەندى ۋە يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. مەخسۇس شىپاخانىلار قۇرۇلۇپ، كېسەل كاردىۋاتلىرى تەييارلىنىپلا قالماي، بەلكى بىر قىسىم زامانىۋى تىبابەتچىلىك ئۈسكۈنىلىرى بىلەن جابدۇقلاندۇرۇلدى، شۇنىڭدەك بىر قىسىم ئىختىساسلىق تىببىي خادىملار يېتىشتۈرۈلدى، بىر قىسىم ئۇيغۇرچە تىببىي كىتابلار رەتلەپ نەشر قىلىندى.

## 2 - بۆلۈم ئەدەبىيات، تىياتىر، مۇزىكا، ئۇسسۇل

### 1. ئەدەبىيات

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇزۇن تارىخقا ۋە مول مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، شۇنداقلا ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى — ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، قەدىمىي ئەنئەنىگە ئىگە، ئۇنىڭ شەكلى خىلمۇخىل، مەزمۇنى ئامىباب، ئۇزۇلۇشى مۇكەممەل، ئۆزى گۈزەل. خەلق ئېغىز

ئەدەبىياتى ھېكايە، شېئىر، چۆچەك، رىۋايەت، مەسەل، لەتىپە، ئەپسانە، تېپىشماق قاتارلىق نۇرغۇن ژانىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، مەزمۇنى مول ۋە رەڭدار. خەلق چۆچەكلىرىدىكى باش قەھرى-مانلارنىڭ تولىسى ئېزىلگەن، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغان يىللىقچى، پادىچى، ئوتۇنچى، موزدوز، سەيپۇڭ (زىردىپ)، يېزا ئايىلى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ كۈرەشلىرىنىڭ تىغ ئۇچى كۆپىنچە پادىشاھ، قازى، موللا، باي، بەگ، خوجا، مەككار سودىگەر ۋە جازانىخور قاتارلىق ھۆكۈمران تەبىقىلەرگە قارىتىلغان. چۆچەكلەردە كۆپىنچە، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەمگەكچى-لەرنى دەھشەتلىك قاقتى - سوقتى قىلغانلىقى، ئەمگەكچىلەر تۈرلۈك پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ، ھۆكۈمرانلارنىڭ سۈيىقەست ۋە ھىيلە - مىكىرلىرىنى يەم - پاراسەت بىلەن ئېچىپ تاشلىغانلىقى ۋە مەغلۇپ قىلغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئۈجمە سايىسى» دېگەن چۆچەكتە ئۈجمىنىڭ سايىسىنى سېتىپ كەمبەغەللەرنى قاقتى - سوقتى قىلغان پىخسىق، ئاچكۆز سەلەي باينى ياش يىگىت ئەپچىلەمنىڭ باشقا كەمبەغەللەر بىلەن بىرلىكتە ئۇستىلىق بىلەن ھەيدەپ چىقىرىپ، باينى بابلاپ، كەمبەغەللەرنىڭ دەردىنى ئېلىپ بەرگەنلىكى ھېكايە قىلىنىدۇ. بۇ چۆچەكتە ھۆكۈمرانلارنىڭ دۆتلۈكى، ئاچكۆزلۈكى مەسخىرە قىلىنىدۇ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ باتۇرلۇقى، زېرەكلىكى مەدھىيىلىنىدۇ. يەنە ئەمگەك قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىدىغان، ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبى-لىرىنى ئۆگىتىدىغان، گۈزەل تۇرمۇش توغرىسىدىكى ئارزۇ - ئىستەكلەرنى بايان قىلىدىغان ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەيدىغان، شۇنىڭدەك ئىشقىي تۇرمۇشنى تەسۋىرلەيدىغان چۆچەكلەرمۇ بار. مەسىلەن، «ئۈچ ۋەسىيەت» دېگەن خەلق چۆچىكى كىشىلەرنى ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، بەخت - سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە

دالالەت قىلىدۇ؛ «ئىككى ھۇرۇن» دېگەن چۆچەك كىشىلەرنى بىكار تەلەپ بولماي، ئەمگەكنى سۆيۈشكە دالالەت قىلىدۇ؛ «ئەقىللىق چىمەنخان»، «دېھقان قىزى»، «دانىشمەن مەلىكە» دېگەن چۆچەكلەردە ئاياللارنىڭ ئەمگەكچانلىقى، پەم - پاراسىتى ۋە ئالىيجاناب ئەخلاقى قىزغىن ماختىلىدۇ ۋە مەدھىيىلىنىدۇ*.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئىچىدە يەنە نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى، موللا زەيدىنىڭ ھېكايىسى، سەلەي چاققاننىڭ ھېكايىسى، ئەقلىيە ھېكايىلىرى، ھايۋانات ھېكايىلىرى ۋە ئەپسانىۋى ھېكايىگە ئوخشاش كۆپلىگەن ئېنىق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ھېكايىلەر بار. مەسىلەن، «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى» ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا كەڭ تارقىلىپ، كەڭ ئامما تەرىپىدىن قىزغىن ئالقىشلىنىپ كەلمەكتە. بۇ ھېكايىلەردە نەسىردىن ئەپەندى دېگەن ئوبدۇرما شەخس باش قەھرىمان قىلىنغان ھەزىلە ۋە تەنقىد بىلەن خاراكتېرلەنگەن قىسقا - قىسقا خەلق ھېكايىلىرىدۇر. بۇ ھېكايىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ئۆزگىچە، تىلى قىزىقارلىق بولۇپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىشچان، باتۇر، خۇشخۇي، يۇمۇرىستىك، ئەقىللىق، ھەققانىيەتچىل بولۇشتەك خىسلەتلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، فېئودال ھۆكۈمرانلار پاش قىلىنغان ۋە مەسخىرە قىلىنغان. نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بەش قولدەك تونۇش بولۇپلا قالماستىن، مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ ئومۇمىي تۈردە ئالقىشقا ۋە

* لىيۇ فاجۈن تۈزگەن «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىن تاللانما» نىڭ كىرىش سۆزى، شاڭخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى 1980 - يىل نەشرى، 1 — 10 - بەتلەر؛ ئابدۇكېرىم: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكلىرى» («شىنجاڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»، 1 - توپلام، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل نەشرى).

قەدىر - قىممەتكە ئىگە. دۇنيادىكى باشقا ئەللەردىمۇ بۇ ھېكايىلەرنىڭ تەرجىمىسى ۋە ئۇلارنى تەتقىق قىلىدىغان ئەسەرلەر بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ياپونىيىگە ئوخشاش ئەللەردە ئۇلارنىڭ تەرجىمە نۇسخىسى بار①.

ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۆرەش تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى. شۇنداقلا، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەقىل پاراسىتىنىڭ جەۋھىرىدۇر. كىشىلەر كۆپىنچە ئەنە شۇ ماقال - تەمسىللەر ئارقىلىق ھەقىقەتنى ئاچىدۇ. سىنىپىي زۇلۇمنىڭ ماھىيىتىنى پاش قىلىدۇ، خەلقنى ياشاش ۋە كۆرەش قىلىشقا دالالەت قىلىدۇ ۋە باشلايدۇ. مەسىلەن، «خەلق گەپ قىلماس، قىلسا بوش قىلماس»، «باي قەيەردە، ۋاي شۇ يەردە»؛ «چاشقاندەك دۈشمەنگە يولۋاستەك ئېتىل»؛ «دوستقا ھومايىا، دۈشمەنگە ھىجايما» دېگەنگە ئوخشاش. ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرىنىڭ مەزمۇنى مول، تېمىسى كەڭ بولۇپ، ئەدەبىي جەھەتتە گەۋدىلىك مىللىي ئۇسلۇب ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇلارنىڭ تىلى ساددا، تەمسىلى جانلىق، تاۋۇشى قاپىيىلىك، جۈملىسى تەكشى بولۇپ، ئەستە قالدۇرۇش ئاسان، قۇرۇلما جەھەتتىن قارىغاندا، كۆپىنچىسى جۈپ سۆزنى ئاساسىي شەكىل قىلغان. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس سۆزى، لېكسىكىسى، گرامماتىكىسى بىلەن تۈزۈلگەن مەسنەۋى شەكلى ئۆزىنىڭ «سىپتا، تەكشى، گۈزەل» لىكىنى نامايان قىلىدۇ②.

① گې باۋچۈەن: «نەسرىدىن ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ھېكايىلىرى توغرىسىدا» («نەسرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرى»، جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەشرىياتى، 1981 - يىل نەشرى، 1 — 8 - بەتلەر).

② جاۋ شىجيې: «ئەقىلنىڭ چېچىكى — ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش»، («شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1980 - يىل 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىكى سانى، 4 - بەت).

ئۇيغۇرلارنىڭ چۆچەك، رىۋايەت، مەسەل، ئەپسانىلىرىمۇ مول مەزمۇن ۋە ئەقلىيلىككە ئىگە بولۇش بىلەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ نۇرىنى چاقنىتىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. سيۇژىتلارنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە پېرسوناژلارنى سۈرەتلەشتە، كۆپىنچە سىلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ مۇھەببەت بىلەن نەپرىتى ئېنىق ئايرىلىپ تۇرىدىغان سىنىپىي ھېسسىياتىنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ. ئۇسلۇب جەھەتتە كۆپىنچە غەمكىن، يارقىن، ئەگرى - توقايلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېزىلىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىش ئورنىدىن ۋە كۆلىپەتلىك تۇرمۇش ئازابىغا ئۇچرىغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئىپادىلەش ماھارىتى جەھەتتىكى يۇمۇرلۇق، يېپىقلىق ۋە تىل جەھەتتىكى جانلىقلىق، تەسىرلىكلىك، تەسەۋۋۇرغا باي، مۇبالىغە قىلىشقا ماھىر بولۇشقا ئوخشاشلارمۇ ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدۇر.

ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئۇيغۇر خەلقى بىلەن خەنزۇ خەلقىنىڭ ئۈزلۈكسىز كەلدى - باردى قىلىشى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ئارقىسىدا، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خەنزۇ ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىدى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى يېقىن مۇناسىۋەت ۋە ئورتاقلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىكى ئىخچام، يىغىنچاقلىقتا ۋە يېپىقلىقتا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، ۋەقەلىكنىڭ ئوخشىشىپ كېتىشىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى «ئۈچ ۋەسىيەت» تىكى ياغاچ ئۇشتۇش ۋەقەسى خەنزۇلارنىڭ رىۋايىتىدىكى «ساداق ئۇشتۇش ھېكايىسى» گە قۇرۇلما، ۋەقەلىك جەھەتتە ئاساسەن ئوخشىشىدۇ. ئۇيغۇر مەسەللىرىدىن «كاككۇك بىلەن پاقا»، خەنزۇ مەسەللىرى-

دىن «قۇدۇقتىكى پاقا» غا بەك ئوخشىشىدۇ.

ئۇيغۇرلار مول ئەدەبىي مىراسقا ۋە گۈزەل ئەدەبىيات سىستېمىسىغا ئىگە خەلق، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي شەكلى — شېئىر، بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەنلىرى «ئوغۇزنامە»، «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ۋە باشقىلار.

«ئوغۇزنامە» قەدىمكى ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە كەڭ تارقالغان، ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئېپوس. ئۇ يىراق ئۆتمۈشتىن تارتىپ زاماندىن - زامانغا ئۆتۈپ، ھەرقايسى دەۋرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى قوبۇل قىلىپ، تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان ھەم تۈرلۈك تارىخىي دەۋرلەردە شۇ دەۋردە ئىشلىتىلگەن يېزىق بىلەن خاتىرىلىنىپ كەلگەن ئەسەر. ئۇنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ قەدىمكى نۇسخىسى XV ئەسىردە تۇرپاندا كۆچۈرۈلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسىنىڭ فراگمېنتلىرىدۇر.

«ئوغۇزنامە» نىڭ مەزمۇنى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ، بىرىنچى قىسمى قەدىمكى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ قەدىمكى ئەپسانە، رىۋايەتلىرى بولۇپ، ئۇلار شۇ زاماندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە ئىدىيە - ئېتىقادىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئىككىنچى قىسمىدا ئاساسەن ئوغۇزخاننىڭ جەڭ تارىخىي بايان قىلىنىدۇ ۋە بەزى ئۇلۇسلارنىڭ نامى شەرق ئەللىرىدىكى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلى بىلەن چۈشەندۈرۈلىدۇ، ئەسەردىكى باش قەھرىمان ئوغۇزخان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بەگلەر قەدىمكى دەۋردىكى ئۇلۇسلار ۋە ئۇلۇسلار ئىتتىپاقىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. خەلق ئىچىدىكى تارىخىي داستانلارغا خاس بەدىئىي ۋاستە ئارقىلىق تارىختىن نۇرغۇن ھېكايە سۆزلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى، ئەدەبىياتىنى ۋە تىلىنى تەتقىق قىلى-

ـھسىز ئۈچۈن يۇقىرى قىممەتكە ئىگە*.

«قۇتادغۇبىلىك» قاراخانىيلار دەۋرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان داستان بولۇپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ناھايىتى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە. ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپ مىلادى 1012 - يىلى ياكى 1013 - يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ بالاساغۇن دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1068 - يىلى بالاساغۇندىن قەشقەرگە كەلگەن. 1069 - يىلدىن باشلاپ سەككىز ئاي ئىچىدە قەشقەردە «قۇتادغۇبىلىك» نى يېزىپ پۈتتۈرگەن ھەم قاراخانىيلار سۇلالىسى شەرقىي قىسىم خانلىقىنىڭ مۇئاۋىن خاقانى تاۋغاچ بۇغراخانغا تەقدىم قىلغان. بۇغراخان بۇ كىتابنىڭ قەدىر - قىممىتىگە يېتىپ، ئاپتورغا «خاس ھاجىپ» دېگەن مەرتىۋىنى بەرگەن. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن، شائىر ئوردىدا نوپۇزلۇق، ھۆكۈمدارغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان شەخسكە ئايلانغان.

«قۇتادغۇبىلىك» ناھايىتى قىيىنغا توختايدىغان ئارزۇ ۋەزنىدە، مۇتاقارىب بەھرىدە ۋە مەسنەۋى (ئىككىلىك) شەكلىدە يېزىلغان داڭلىق كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەر، ئۇنىڭدا رۇبائىي دەپ ئاتىلىدىغان تۆتلىك شېئىرمۇ بار. بۇ داستان 85 باب تېكىست، ئۈچ پارچە قوشۇمچە، 13 مىڭ 290 مىسرادىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى پارچە كىرىش سۆز بار. «قۇتادغۇبىلىك» ناھايىتى مول مەزمۇنغا، يۈكسەك ئىدىيىۋىلىككە، بەدىئىيلىككە ئىگە مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەر. ئۇ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ

* ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى»، 1980 - يىل 1 - سان، 86 - 87 - بەتلەر؛ «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە»، گېڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپ ئېلان قىلغان، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، ئىدېئولوگىيىسى ۋە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، پەلسەپە، لوگىكا، ئەخلاق، ئېستېتىكا، سىياسىي، قانۇن، سوتسىئولوگىيە جەھەتلەردىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. داستاندا تۆت شەخسنىڭ ئوبرازى يارىتىلىپ، گەپ دىئالوگ شەكلىدە باشلانغان. بىرىنچى شەخس — پادىشاھ كۈن تۇغدى بولۇپ، ئادالەت ۋە قانۇنغا ۋەكىللىك قىلىدۇ؛ ئىككىنچى شەخس — ۋەزىر ئاي تولدى، قۇتقا ۋەكىللىك قىلىدۇ؛ ئۈچىنچى شەخس — ئاي تولدىنىڭ ۋارىسى ئۆگدۈلمىش بولۇپ، ئەقىل - پاراسەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ؛ تۆتىنچى شەخس — زاھىد ئۇدغۇرمىش بولۇپ، «قانائەت» ياكى «ئۇدۇنيا» نىڭ سىمۋولىدۇر. دېمەك، بۇ داستاننىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى ئادالەتنى تەشەببۇس قىلىش، ئەقىل - ئىدراكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، كىشىلەرنى قانائەتچان، باتۇر بولۇشقا دەۋەت قىلىش، بىلىم ئېلىشقا، ئالغا بېسىشقا رىغبەتلەندۈرۈشتۇر.

«قۇتادغۇبىلىك» — ئۇيغۇر خەلقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىنكى تۇنجى شېئىرىي ئەسەر، ئۇ ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان، ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپلا قالماستىن، شەرق مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنىمۇ قوبۇل قىلغان، بولۇپمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى كۆپرەك قوبۇل قىلغان. تۈركىيە تارىخشۇناسى ناجىپ قاسىم: «بۇ كىتابتا لياۋ سۇلالىسى پەيلاسوپلىرىنىڭ ئىدىيىۋى تەسىرى بار، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان پەيلاسوپلارنىڭ ئۇسلۇبىمۇ بار» دەيدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» دۇنياغا كېلىش بىلەنلا ئەتراپتىكى دۆلەتلەرگە تەسىر كۆرسەتكەن، ھەتتا كېيىنكى چاغلاردىكى چىڭگىزخانمۇ «قۇتادغۇبىلىك» نى ئۆلگە قىلىپ، «چىڭگىزخان قۇتادغۇبىلىكى» نى يازدۇرغان. ئۆز ۋاقتىدا بىرى «قۇتادغۇبىلىك»

كە يازغان كىرىش سۆزدە: «چىنلىقلار بۇ كىتابنى ‹قائىدە ـ يوسۇن مىزانى›، ‹دۆلەتنىڭ ئەينىكى› دەيدۇ، پارسلار بۇ كىتابنى ‹تۈرك خانلىرى ھەققىدە قىسسە› دەيدۇ، يەنە بەزىلەر بۇ كىتابنى ‹پەند ـ نەسىھەت توپلىمى› دەيدۇ» دېگەنىدى.

«قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى نامايەندە بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان. مەسىلەن، مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» دېگەن دىداكتىك داستانى مەيلى مەزمۇن، شەكىل جەھەتتە بولسۇن ياكى تىل جەھەتتە بولسۇن، «قۇتادغۇبىلىك» كە بەك ئوخشىشىدۇ.

XIX ئەسىردىن بۇيان، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ قوليازمىسىنىڭ تېپىلىشىغا ئەگىشىپ، دۇنيادىكى شەرقشۇناسلار، تۈركلوگلار بۇ كىتابقا بەك ئەھمىيەت بەردى. بىرمۇنچە ئالىملار مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ باردى. بۇ كاتتا ئەسەر نېمىس، رۇس ۋېنگىر، تۈركچە تەرجىمە قىلىندى، «تۈركىي تىل بويىچە ئىلىم ساھەسىدە ئەڭ كۆپ مۇھاكىمە، مۇزاكىرە قىلىنغان ئەسەر» دەپ قارالدى.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك») — XI ئەسىردە ئۆتكەن تۈركىي تىللار تىلشۇناسى مەھمۇد قەشقەرى يازغان تۈركىي تىللار لۇغىتى.

مەھمۇد قەشقەرى ھازىرقى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى
ىدا دۇنياغا كەلگەن، تۇغۇلغان ئېنىق ۋاقتى
ب تىللار دىۋانى» دا بېرىلگەن مەلۇماتتىن
ئەسىرنىڭ بېشىدا تۇغۇلۇپ، 70 ـ، 80 ـ يىللار
ت بولغان. ئۇ قەشقەردە سىستېمىلىق تەربىيە
الڭ، ئوتتۇرا ئاسيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى
ۋادىسىدىن ماۋرائۇننەھر رايونىغىچە بولغان

جايلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ تىلىدىكى پەرقلەرنى خاتىرىلىگەن. ئۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ كىرىش سۆزىدە «تۈركلەرنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن ئاياغ كېزىپ چىقتىم. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل (چىيىل)، ياغما، قىرغىز قەبىلىلىرىنىڭ تىل ۋە شېئىرلىرىنى خاتىرىلەپ چىقتىم» دەپ يازىدۇ. كېيىن ئۇ باغدادقا بېرىپ، 1072 –، 1074 – يىللىرى بۇ كىتابنى ئەرەب تىلىدا يازغان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭ، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، ئادەمنىڭ بەدىنى، يېمەك – ئىچمەك، كىيىم – كېچەك، لازىمەتلىك، ئۇچار قۇش – چارپاي، قۇرت – قوڭغۇز، دەل – دەرەخ، گۈل – گىياھ، مېتال – مەدەن قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لۇغەتكە كىرگۈزۈلۈشكە تېگىشلىك شەيئىلەر، تارىخىي ئەڭگىمىلەر ۋە تۈركىي تىللاردىكى ھەرىكەت، ھالەتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلۈكلەر قالدۇرماي كىرگۈزۈلگەن ۋە تەپسىلىي ئىزاھلانغان. يەر – جايلارنىڭ ئۆزگىرىشى، مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى، تاغ – دەريالارنىڭ ئورنى، ئېغىز – ئۆتكەللەرنىڭ شارائىتى، شەھەرلەرنىڭ جايلاشقان ئورنى، يوللارنىڭ يىراق – يېقىنلىقى، شۇنىڭدەك جايلارنىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە ئۆرپ – ئادەتلىرى، ئەڭگىمە ۋە تارىخىي ۋەقەلەرنى ئاپتور ئۆزىنىڭ كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرى بويىچە كەڭ دائىرىدە توپلاپ، تېگىشلىك جايلىرىغا كىرگۈزگەن ۋە تەپسىلىي چۈشەندۈرگەن.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا 200 كۇبلېتتىن ئارتۇق قەدىمكى ئۇيغۇرچە بېيىتلەر ۋە ماقال – تەمسىل كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلار بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى مۇھىم ئورنىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مەزمۇنغا باي، رەڭدار، تىلى پىششىق، ئۇسلۇبى گۈزەل بۇ بېيىتلار ۋە ماقالىلەردە ئەمگەكچى خەلقنىڭ

گۈرىشى ۋە تۇرمۇشى كۆيلەنگەن، گۈزەل تەبىئىي مەنزىرە تەسۋىرلەنگەن، ئەمگەكچى خەلقنىڭ تەجرىبىسى ۋە ئەقىل - پاراسىتى نامايان قىلىنغان، چوڭقۇر پەلسەپىۋى قائىدىلەر ۋە ئەخلاقىي قاراشلار ئىپادىلەنگەن. بۇ ئەينى زاماندا ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ، ئىقتىسادىنىڭ، مەدەنىيىتىنىڭ خېلى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ بېيىتلار ۋە ماقاللار ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تارىخىي، مەدەنىيىتى، تىلىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم قىممەتكە ئىگە.①

«ئەتەبەتۇل ھەقايىق» — «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانىدىن» كېيىن، قاراخانىيلار دەۋرىدە دۇنياغا كەلگەن يەنە بىر قىممەتلىك ئەدەبىي مىراس، يىرىك دىداكتىك داستان. ئاپتور ئەخمەت يۈكنەكى ئەما شائىر ئىدى. ئۇنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» نى يازغان ئېنىق ۋاقتى نامەلۇم، بۇ ئەسەر XII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېزىلغان بولسا كېرەك.

«ئەتەبەتۇل ھەقايىق» تا، ئاساسلىقى، شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئىسلام دىنى ئاساسىدىكى ئەخلاق كۆز قارىشى بايان قىلىنىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ بەزى تەرەپلىرى «قۇتادغۇبىلىك» كە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. پۈتۈن كىتاب ئىسلامىيەت ئەسەرلىرىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان شەكىل بويىچە يېزىلىپ، كىرىش ۋە تېكىستتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. كىرىش قىسمى ئاللاغا، پەيغەمبەر ۋە ئەۋلىيا - ئەنبىيالارغا، ساھابىلەرگە ئوقۇلغان ھەمدۇ - سانانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تېكىستتە بىلىم، جاھانسازلىق پەلسەپىسى، دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشى، مەردلىك ۋە

*ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا»؛ جاڭ گۇاڭدا: «مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› ۋە ئۇنىڭدىكى يۇملاق خەرىتە توغرىسىدا»؛ «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئۇغۇزنامە»، گېڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپ ئېلان قىلغان مىللەتلەر نەشرىياتى، 980ر - يىل نەشرى.

پىخسىقلىق، كەمتەرلىك ۋە مەغرۇرلۇق، كەڭ قورساقلىق ۋە ئاچكۆزلۈك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جاھانسازلىق يوللىرى بايان قىلىنىدۇ، كىشىلەر بىلىم ئېلىشقا، ئۆزىدە گۈزەل ئەخلاق يېتىلدۈرۈشكە، تەربىيىلىنىپ ياخشى ئادەم بولۇشقا دالالەت قىلىنىدۇ. پۈتۈن كىتاب 14 بابقا بۆلۈنىدۇ، 480 مىسرانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (ئىلاۋىدىكى ئۈچ پارچە شېئىرنى قوشقاندا 512 مىسرا بولىدۇ). پۈتۈن شېئىر ئاساسەن ئەرەب، پارس شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان. باشتىكى بەش بابى 11 بوغۇمدىن تۈزۈلگەن ئىككىلىك شېئىر بولۇپ، قۇر ئاتلاپ قاپىيە چۈشىدۇ؛ كېيىنكى توققۇز بابى 11 بوغۇمدىن تۈزۈلگەن تۆتلىك شېئىر بولۇپ، 1-، 2-، 4- مىسرالىرى قاپىيە چۈشىدۇ. قاپىيەلەردە كۆپىنچە ئوخشاش سوزۇق، ئۈزۈك تاۋۇشلار ئىشلىتىلگەن، بەزىدە ئوخشاش سۆزلەر ئىشلىتىلگەن، بەزىدە ئاھاڭداش سۆزلەر ئىشلىتىلگەن. تىل ماھارىتى جەھەتتە كامىل بولغاچقا، كىتابخانلار پەلسەپىۋى قائىدە سۆزلەۋاتىدىغۇ دەپ زېرىكىش ھېس قىلمايدۇ.

«ئەتەبەتۇل ھەقايىق»تا جەمئىيەتتىكى ئادالەتسىزلىك ئۈستىدىن شىكايەت قىلىنىدۇ، ئەمگەكچى خەلققە خەيرخاھلىق قىلىنىدۇ. مەسىلەن: «بۇ ھۈنەرۋەنلەر بۇ دۇنيا ئالدىدا نېمە گۇناھ ئۆتكۈزدى؟ نېمىشقا بۇ دۇنيا ئۇلارنى ئۆزلۈكسىز قىينايدۇ؟ پەسلەرنى كۆتۈرۈپ، ئەزىزلەرنى يەرگە ئۇرىدۇ؟ ئەمىسە بۇ قۇتسىز دۇنيا قېرىپ ئەقلىدىن كەتتىمۇ؟!»

بۇ كىتابتا يەنە ئۆگىنىش ۋە بىلىم ئىگىلەش بەختكە ئېرىشىشنىڭ يولى دەپ قارىلىپ، كىشىلەرنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىشى، بىلىم تەھسىل قىلىشى دەۋەت قىلىنىدۇ. مەسىلەن: «سۆزۈمگە بىلىمدىن ئاساس سالىمەن، ئەي دوستۇم، بىلىملىككە ئۆزۈڭنى باغلا. سائادەت يولى بىلىم بىلەن ئېچىلىدۇ، بىلىم ئال، سائادەت يولىنى ئاچ.» «ئالىملار بىلىم بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، بى-

لىمىسىزلىك ئەرنى يەرگە چۆكۈردى. بىلىمنى زېرىكمەي ئىزدە، شۇنى بىلگىنكى، ھەق رەسۇل: ‹بىلىم چىندا بولسىمۇ ئىزدەڭلار› دېگەن».

دەۋر چەكلىمىسى ۋە سىنىپىي چەكلىمە تۈپەيلىدىن، ئاپتور ئەسەردە يەنە «ھەممە ئىش قادىر ئاللانىڭ ئىلكىدە بولىدۇ»، «باينىڭ باي بولۇشى، كەمبەغەلنىڭ كەمبەغەل بولۇشى تەقدىرگە پۈتۈلگەن»، «ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشنىڭ دەرەختكە قونۇشى ياكى قەپەزگە سولىنىشى تەقدىرگە باغلىق» دېگەنگە ئوخشاش ئىدېئالىستىك قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان، كىشىلەرنى ئاللاغا شەكسىز چوقۇنۇشقا، ئېتىقاد قىلىشقا، تەقدىرگە تەن بېرىشكە دالالەت قىلغان. لېكىن بۇ قاراشلار كىتابنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى ئەھمىيىتى ۋە بەدىئىي قىممىتىگە دەخلى يەتكۈزمەيدۇ①.

تارىخنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا كېيىن يەنە بىر مۇنچە مۇنەۋۋەر ئەسەر ۋە داڭلىق شائىرلار مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن، XIV ئەسىردە ئۆتكەن يۈسۈپ سەككاكىنىڭ لىرىك شېئىرى، XV ئەسىردە ئۆتكەن شائىر لۇتفىنىڭ لىرىك شېئىرى ھەم «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانى ۋە باشقىلار. ئۇلار مول تەسىرات ۋە تەسىرلىك ئوبرازلار ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ غەمكىن، چىگىش ھېسسىياتىنى بايان قىلغان، بۇ ئەسەرلەر خېلىلا بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە②.

---

① ئابلەت ئۆمەر: «ئەخمەد يۈكنەكى ۋە ئۇنىڭ داستانى ‹ئەتەبەتۇل ھەقايىق›» «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1981 - يىل، 3 - سان، ۋېي سۇيىي: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسەر ‹ئەتەبەتۇل ھەقايىق›»، «كىتابلارغا باھا» (شىنجاڭ) 1980 - يىل، 3 - سان، 50 -، 53 - بەتلەر.

② جاڭ يۈ: «شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ ئەدەبىياتىغا نەزەر» («شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى»، 1981 - يىل 1-سان، 185 -، 190-بەتلەر).

XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىغىچە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا خىرقىتى، زەلىلى، نۆبىتى. بولۇپ. يەنە ئۈچ لىرىك شائىر مەيدانغا چىقتى.

خىرقىتى (1634 — 1724) نىڭ ئەسلى ئىسمى مۇھەممەت ئىمىن غوجامقۇلى، خىرقىتى ئۇنىڭ تەخەللۇسى. خىرقىتى 1634 - يىلى ھازىرقى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ باغچى يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ 37 يېشىدا، يەنى 1670 - يىلى لىرىك داستان «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» نى ئىجاد قىلغان. بۇ داستان 27 بابقا بۆلۈنىدۇ، 2000 مىسرادىن ئاشىدۇ. ۋەقەلىك «ساباھ»، «قىزىلگۈل»، «بۇلبۇل» دىن ئىبارەت ئۈچ ئوبراز بىلەن باشلىنىپ، بۇلبۇلنىڭ قىزىلگۈلگە ئاشىق بىقارار بولغانلىقى، ساباھنىڭ ئوتتۇرىدا يول ماڭغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ. داستاندا جانلىق، تەسىرلىك، ئىنچىكە تەسۋىرلەر، شەخسلەشتۈرۈش ۋاستىسى ئارقىلىق ئۈچىنىڭ پىسخىك پائالىيىتى، مىجەز - خۇلقى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ زىددىيەتلىك مۇناسىۋەت سۈرەتلىنىدۇ، گۈزەل كىشىلىك تۇرمۇش مەدھىيىلىنىدۇ، مۇھەببەت كۈيلىنىدۇ، شۇ ئارقىلىق ھەقىقەتكە، بەختلىك تۇرمۇشقا يېتىش ئۈچۈن چوقۇم بەدەل تۆلەش لازىملىقى توغرىسىدىكى ئاساسىي ئىدىيە ئېچىپ بېرىلىدۇ. داستاننىڭ تىلى تەسىرلىك، قىزىقارلىق، مەنىسى چوڭقۇر؛ داستاندىكى ئۇزۇن تەسۋىرلەر ئىنچىكە بولغىنى بىلەن چېچىلاڭغۇ ئەمەس. خىرقىتىنىڭ داستانى يارقىن، مەنىلىك، ئوبرازلىق، تەسىرلىك بولۇپ، شېئىرىيەتتە يېڭى ئۇسلۇب ياراتتى، كېيىنكى شائىرلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلدى*.

* لى گوشياڭ، لياڭ شۆجۈڭ: «ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرى خىرقىتىنىڭ لىرىك داستانى ‹مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە› دىن تاللاپ تونۇشتۇرۇش» («شىنجاڭ ئەدەبىياتى»، خەنزۇچە نەشرى 1980 - يىلى، 1 - سان، 76 -، 80 - بەتلەر).

زەلىلى (1685 — 1759) يەكەندە تۇغۇلغان، ئۇنىڭ ھاياتىدىكى پائالىيەتلىرىدىن بىلىدىغانلىرىمىز ناھايىتى ئاز. ئۇ ئىدىيىۋىلىكى كۈچلۈك، بەدىئىيلىكى يۇقىرى مۇنەۋۋەر لىرىك شېئىرنى كۆپ يازغان. شېئىرىيەتتە ئۇ قوللانغان ژانىر بەك كۆپ، ھەر بىر خىل ژانىرنى بىمالال تەتبىق قىلغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تىلى ئۈزۈپ يۈرگەن بۇلۇتتەك، ئېقىن سۇدەك راۋان، يارقىن، تەبىئىي، ناز - كەرەشمىدىن خالىي، ھېكايەتلىرى يوسۇنلۇق، ئېنىق، چۈشىنىشلىك، گېپى ئوچۇق، ھەم بەك قىزىقارلىق، شېئىرلارنىڭ تېمىسى كەڭ، ئاپتور ئۆزىنىڭ تۇرمۇش، ۋەتەن، مۇھەببەت توغرىسىدىكى ھېسسىياتى ۋە قارىشىنى يازغان، يا قىزغىن مەدھىيە ئوقۇغان، يا چوڭقۇر سېغىنىش ئىزھار قىلغان. ئۇ سېلىشتۇرۇش ۋاستىسىنى قوللانغانلىقتىن، ئاددىي بىر ئىشلارمۇ ئۇنىڭ قەلىمى بىلەن ئاجايىپ جانلىنىپ، كىتابخانلارغا كۈچلۈك ئېستېتىك لەززەت بەرگەن. مەسىلەن، «پەرىشاندۇر كۆڭۈل كاككۇك تارىدىن ئايرىلدى»؛ «دىمان ئاشۇپتە بولغاي بى ۋەتەن ئەلۋەتتە - ئەلۋەتتە»*.

بىز نۆۋىتىنىڭ تۇغۇلغان ئېنىق ۋاقتى، ھاياتىدىكى پائالىيەتلىرى توغرۇلۇق ھېچنېمە بىلمەيمىز، ئۇنىڭ شېئىرىدا بېرىلگەن مەلۇماتقا ئاساسەن ئۇنىڭ XVIII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تۇغۇلغانلىقىنى پەرەز قىلىمىز. ئۇنىڭ مۇناجات ژانىرىدىكى شېئىرلىرىنىڭ تىلى نەپىس، تەسىرلىك، ئۇنىڭدىن چىن مۇھەببەت تەپچىپ تۇرىدۇ. قىلچە قۇرۇق تەسۋىر تېپىلمايدۇ. بۇ شېئىرلار ئاھاڭى تورلۇق، ئوبرازى تەسىرلىك بولۇپ،

*لى گوشياڭ: «XVIII ئەسىردىكى ئۇيغۇر شائىرى زەلىلىنىڭ شېئىرلىرىدىن تاللاپ تونۇشتۇرۇش». «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، خەنزۇچە نەشرى، 1980 - يىل 9 - سان، 78 — 80 - بەتلەر).

كىشىگە تېتىقسىز، يېقىمسىز تۇيۇلمايدۇ①.

بۇ ئۈچ لىرىك شائىرنىڭ لىرىك شېئىرلىرى ئۇزۇندىن بۇيان كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى بوغۇپ كەلگەن ئېغىر دىنىي ئاسارەتنى بۇزۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە يەنە بىر قېتىم گۈللەنگەن يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدا سىياسىي ۋەز سۆزلەنگەنمۇ ئەمەس، ئىلاھقا مەدھىيە ئوقۇلغانمۇ ئەمەس، مۇھەببەت شېئىرى شەكىل ئارقىلىق، ئاددىي كىشىلەرنىڭ مۇھەببەت يولىدىكى ئوي - خىيالى، خۇشاللىقى ۋە خاپىلىقى، يىغىسى ۋە كۈلكىسى بايان قىلىنغان. بۇ شېئىرلاردا ئىپادىلەنگەن مۇھەببەت چىگىش ھەم قىزغىن، مۇھەببەت ئىزھار قىلىش ئۇسۇلى ئەگىتمە، يېپىق، تىلى گۈزەل، قايتا - قايتا ئوقۇسا، كىشىلەرگە كۈچلۈك بەدىئىي تەسىر كۆرسىتىدۇ②.

ئابدۇرېھىم نىزارى XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ياشىغان داڭلىق شائىر. ئۇ 1770 - يىلى شىنجاڭ قەشقەر بۇلاق بېشىدا بوياقچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1848 - يىلى قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ئاساسلىق ئەسىرى — «مەفتە داستان». بۇ توپلام شائىرنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ۋايىغا يەتكەن دەۋردىكى ئەسەرلىرىدۇر. ئۇنىڭ داستانلار توپلىمى «رابىيە - سەئىدىن»، «پەرھات ۋە شېرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «ۋامۇق - ھۇزرا»، «مەھزۇن - گۈلنىسا» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 4800

---

① لى گوشياڭ: «ئۇيغۇرلارنىڭ XVIII ئەسىردىكى ئۈچ لىرىك شائىرى ھەققىدە»، («غەربىي شىمال مىللەتلەر شۆيۈەنى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1979 - يىل 1 - سان، 65 -، 76 - بەتلەر).

② جاڭ يۆ: «شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلىرى ئەدەبىياتى توغرىسىدا پاراڭ».

مىسرا شېئىردىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ شېئىرلار ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان، بۇ شېئىرلاردا ئاساسەن چىن مۇھەببەت، دوستلۇق، ساداقەت مەدھىيىلىنىدۇ، ئىشچانلىق، باتۇرلۇققا ئوخشاش ئالىيجاناب خىسلەتلەر كۈيلىنىدۇ. داستاندىكى باش قەھرىمانلارنىڭ بىرىمۇ پاجىئەلىك تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئاپتور مۇھەببەت پاجىئەسى ئارقىلىق فېئوداللىق تۈزۈمنى سۆكىدۇ، ئادەمدە ئەركىنلىك ھوقۇقى، بەختلىك تورمۇش كەچۈرۈش ھوقۇقى بولۇشى لازىملىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ، شۇڭا بۇ داستانلار فېئوداللىققا قارشى دېموكراتىيە خاھىشىغا، تەرەققىيپەرۋەرلىك ئەھمىيىتىگە ئىگە.

ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ئېپىك داستانى «رابىيە - سەئىدىن» ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى توزۇماس چېچەك. بۇ داستاندا مۇھەببەت رىشتى ئۇتقا قىلىنىپ، فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ چىرىكلىكى غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلىنغان، فېئودال ۋاڭ - گۇڭلارنىڭ زالىملىقى رەھىمسىز ئۇچۇقدالغان، رابىيە - سەئىدىن دېگەن ئىككى ياشنىڭ ساپ، چىن مۇھەببىتى ۋە فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارغا باتۇرلارچە قارشى چىققان ئېسىل پەزىلىتى قىزغىن مەدھىيىلەنگەن. رابىيە بىلەن سەئىدىننىڭ ئوبرازى چوڭقۇر تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولغان، خورلۇقنى تۇيغۇچە تارتقان، ئۆمرى ھەسرەتتە ئۆتكەن يىگىت - قىزلارنىڭ ئورتاق تەقدىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ داستاننىڭ ماتېرىياللىرى راست ھېكايىدىن ئېلىنغان. بۇ ھېكايە جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى ئارىسىدا ھازىرغىچە كەڭ تارقىلىپ كەلمەكتە.

ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ئىجادىدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈلگەن. ئۇ مول، زور ئەھمىيەتكە

ئىگە ئىجتىمائىي تېمىنى شېئىرىيەتكە ئېلىپ كىرىپ، شېئىر ئىجادىيىتىنى خەلقنى، رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش يولىغا سېلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن*.

XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا، چاررۇسىيىنىڭ ئىلىغا تاجاۋۇز قىلغانلىقىغا قارشى شېئىر، قوشاقلار مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن، موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپنىڭ ئىلىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى 1864 - يىلىدىكى كەڭ كۆلەملىك قوزغىلىڭىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئېپىك داستانى «غازات دەر مۈلكى چىن». شائىر 1822 - يىلى ئىلىدا تۇغۇلغان. شائىر بۇ داستاندا ئاددىي تىل ئارقىلىق ئەمگەكچى خەلقنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى قەھرىمانە كۈرەشلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن. شۇنىڭدەك، ئۆز مىللىتى ئىچىدىكى ھۆكۈمرانلار- نىڭ ھوقۇق تالىشىش يولىدا قىلغان ھەرخىل جىنايى ھەرىكەت- لىرىنىمۇ رەھىمسىز سۆككەن. بۇ شېئىرلار توپلىمى ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن بىزنى نۇرغۇن قىممەتلىك تارىخىي پاكىتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. يەنە ئالايلى، شائىر سېيىت مۇھەممەت شىنجاڭ ئالتوپىلاڭ بولۇپ تۇرغان، چاررۇسىيە ئىلىنى بېسىۋالغان دەۋردە ياشىغان. شائىر 1864 - يىلدىكى ئىلى دېھقانلىرى قوزغىلىڭىنى ئۆگىنىپ، چاررۇسىيىنىڭ ئىلىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قۇل قىلغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، چاررۇسىيىنىڭ تەھدىتى بىلەن يەتتە سۇ ئۆلكىسىگە بارغانىنىڭ دەردىنى تارتىپ، «تەمەخورنىڭ تەلىپى» دېگەن داستانىنى ۋە قىسقا لىرىك شېئىرلارنى يازغان. شائىر

* «ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ مۇھەببەت داستانلىرىدىن تاللانما» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

قاراڭغۇ فېئوداللىق جەمئىيەتتە ھۆكۈمران سىنىپلارغا يېلىنىش بىلەن ئىجاتلىق يولى تاپقىلى بولمايدىغانلىقىنى يالقۇنلۇق تىل ۋە قانلىق پاكىتلار بىلەن كۆرسەتكەن. شائىر ئەمىنلىكنى كۆزلەپ، خورلۇققا سەۋر قىلىش باتۇرلۇق ئەمەس، ھەقىقىي باتۇرلۇق مەردانىلەرچە ئۆلۈش. دەرۋەقە، كۈرەش «ھالاكەت» كە ئېلىپ بارىدۇ، لېكىن، خەلق بىردەك ئىتتىپاقلاشسىلا غەلىبىگە ئېرىشىدۇ، دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن. شائىر خەلقنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، خەلقنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى پىكىر - ھېسسىياتىنى ھەققىي تۈردە ئەكس ئەتتۈرگەن، قاباھەتچىلىككە قارشى رەھىمسىز كۈرەش قىلغان. تېخىمۇ قىممەتلىكى شۇكى، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيە ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى تىلەش نىيىتى گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ مەزگىلدە چارروسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق كېڭەيمىچىلىك جىنايىتىنى بايان قىلىدىغان، خورلانغان، بۇلانغان، قىرىلغان، قوغلانغان ۋە خانىۋەيران بولغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ غەزىپىنى ۋە قارشىلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، روسىيىگە ھەيدەپ ئاپىرىلغان كىشىلەرنىڭ يۇرتىدىن ئايرىلىپ، قۇلغا ئايلىنىپ قالغاندىن كېيىنكى ئازاب - ئوقۇبىتى ھەم ۋەتەنگە، ئۆز قەدىردانلىرىغا بولغان سېغىنىشىنى ئىزھار قىلىدىغان بىر قىسىم قوشاقلار مەيدانغا كەلگەن*.

XX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئىچىدە ئىنقىلابىي

---

* خاندەمىر: «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى موللا بىلال بىننى موللا يۈسۈپ» («تىل - يېزىق ۋە تارىخ مەسىلىسى»)؛ لەن يى: «خەلقنىڭ غېمىنى يېيىش، خەلق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش — سېيىتنىڭ شېئىرى ‹تەمەخورنىڭ تەلىپى›» («گۈلىستان»، 1980 - يىل، 4 - سان، 25 -- 26 - بەتلەر).

پائالىيەتلەرنى پائال قانات يايدۇردى.

جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە شىنجاڭدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى، ئىنقىلابىي ئىدىيە ۋە ئىنقىلابىي ئەدەبىياتنىڭ ئۇرۇقىنى شىنجاڭنىڭ زېمىنىغا چاچتى. ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇن ياش شائىرلىرى ۋە يازغۇچىلىرى ئىلغار ئىدىيىنى قوبۇل قىلىپ، نۇرغۇن نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ، خەلق ئاممىسىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىگە پائال قاتنىشىشقا، ۋەتەنگە خىيانەت قىلىپ تەسلىم بولۇشقا قارشى تۇرۇشقا، شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل قانلىق ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشقا قوزغىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىۋاستە يېتىشتۈرۈشى بىلەن ئۆسۈپ يېتىلگەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەنە شۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بىر بايراق ئىدى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1922 - يىلى ئىلىنىڭ نىلقا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1932 - يىلى غۇلجىدىكى تاتار مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن، تۆت يىلدىن كېيىن ئىلى رۇس ئوتتۇرا مەكتىپىگە كىرگەن. مەكتەپتە رۇس كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان تەسىر ئالغان ۋە ئىجادىيەت پائالىيىتىنى باشلىغان. 1937 - يىلدىن باشلاپ «ئىلى گېزىتى» دە شېئىر ئېلان قىلغان. 1939 - يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۆلكىلىك سىفەن مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن. 1941 - يىلدىن 1943 - يىلىغىچە «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدە ئىشلىگەن. بۇ مەزگىلدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىنقىلابىي ئىدىيىسىدىن تەربىيە ئېلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش — ۋەتەننى قۇتقۇزۇش

تېما قىلىنغان نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن
«يىللارغا جاۋاب»، «تۈن يېرىم ئىزلار باسقاندا»،
«لىبىمنىن شۇنداق ئۆگەتكەن»، «قىزىل گۈلگە
پۈركەلگۈچە يەر - جاھان»، «ماي - كۆرەشچان ئاي» نى،
داستانلىرىدىن «مۇھەببەت ھەم نەپرەت» نى؛ سەھنە ئەسەرلى-
رىدىن «چىمەنگۈل»، «كۆرەش قىزى»، «بوراندىن كې-
يىنكى ئاپتاپ»، «سامساق ئاكاڭ قايىنايدۇ» نى؛ نەسىرلىرىدىن
«ئەجەل ھودۇقۇشىدا»،«‹پادىشاھ ساھورايلىرى› ئېغىر ھالسىرايدۇ»
لارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. 1943 - يىلى، ئۇ ئاقسۇ گېزىتخا-
نىسىغا يۆتكىلىپ بارغاندىن كېيىن، ئىنقىلابىي پائالىيەتنى
داۋاملاشتۇردى. 1945 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى
بىلەن دېھقانلارنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ ۋە
تەشكىلاتچىلىق قىلغانىدى، بەختكە قارشى مەخپىيەت ئاشكارىلىنىپ
قېلىپ، قولغا ئېلىنىپ 1945 - يىل 9 - ئايدا، 23
يېشىدا مەردانىلارچە قۇربان بولدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ سادىق
ۋەتەنپەرۋەر جەڭچى ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ياش ھاياتىنى ۋەتەنىنىڭ
ئازادلىق ئىشىغا تەقدىم قىلدى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى شىنجاڭدى-
كى ھەر مىللەت خەلقى ئىچىدە زور تەسىر قوزغىغانىدى، ھازىرقى
زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس سېلىپ بەرگەنى-
دى. مۇتەللىپنىڭ 1938 - يىل 10 - ئايدا يازغان «جۇڭگو»
دېگەن شېئىرىدا ئۇنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەنىنى كۈيلەش، ھەر مىللەت
خەلقىنى ۋەتەنىنى قۇتۇلدۇرۇش يولىدا باتۇرلارچە كۆرەش قى-
لىشقا ئۈندەشتىن ئىبارەت ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى ئىپادىلەن-
گەن. شائىر مۇنداق دەپ يازىدۇ:

جۇڭگو......
جۇڭگو! ئانا ۋەتىنىمىز سەندۇ،

چۈنكى بىز مىليونلىغان خەلق
سېنىڭ ئۇماق قوينۇڭدا،
ساپ ھاۋاڭدا چوڭ بولغان؛
تېپىپ سېنىڭدە ئەقىل،
ئۆزىمىزنى تونۇپ ئوك بولغان.
ئىخ!
شۇڭلاشقا جۇڭگو،
بىزنىڭ بويىنىمىزدا تۈگمەس قەرزىڭ بار،
ئۇنى بىز مۇكەممەل قىلىمىز ئادا،
بۇ يولدا جېنىمىز پىدا.

1942 - يىلدىن كېيىن، شېڭ شىسەينىڭ ئەكسىيەتچىل قىياپىتى ئاشكارىلاندى، كوممۇنىستلار تۇتقۇن قىلىندى، قىرىلدى. تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، شىنجاڭ بىردىنلا بۇ دۇنيانىڭ دوزىخىغا ئايلاندى. مۇتەللىپنىڭ 1943 - يىلى يازغان «يىللارغا جاۋاب» دېگەن شېئىرى ئىنقىلابىي قۇربانلارغا بىلدۈرگەن تەزىيە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قايتۇرۇپ ئۇرۇلغان نەشتەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىش ئىرادىسى بىلدۈرۈلگەنىدى. ئاپتور مۇنداق دەپ يازىدۇ:

ئاخشام بەخت ئۈچۈن قۇربان بولغانلار،
قەبرىسىنى يادلاپ گۈللەر ياپىدۇ.
......

قېرىنداشىمەن كۈرەشنىڭ كەسكىن چېغىدا،
شېئىرىم يۇلتۇز بولۇپ يانار ئالدىمدا،
......

يىللار، مەيدەڭنى تۇتۇپ قاقاقلاپ كۈلمە،
ئالدىڭدا قىزىرىشتىن ئارتۇق كۆرسەمەن ئۆلۈمنى.
قېرىتسەمەن دەپ ئارتۇق كۆڭۈل بۆلمە،
ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئوغلۇمنى.
......

ئازادلىقتىن كېيىن، بۇ سادىق ۋەتەنپەرۋەر جەڭچىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، 1952 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇنىڭ «مۇھەببەت ھەم نەپرەت» دېگەن شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدى.

نىم شېھىت (1906 — 1972 - يىللىرى) — ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يەنە بىر مەشھۇر شائىر. ئۇ 30 - يىللارنىڭ بېشىدا شېئىر ئىجادىيىتىگە كىرىشىپ ھەم ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىققا قارشى كۈرەشكە قاتنىشىپ، كونا جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى پاش قىلىدىغان، يورۇقلۇقنى كۈيلەيدىغان، ئەركىنلىككە تەلپۈنىدىغان نۇرغۇن لىرىك شېئىرلارنى يازغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىكى فېئودال ئىستىبداتلىققا قارشى تۇرىدىغان، مۇھەببەت ئەركىنلىكىنى كۈيلەيدىغان داستانلارنى توپلاپ رەتلىگەن. مەسىلەن، «مادارا ئەئىزەم» «ئەنۋارۇلھۇدا» دېگەن ئىككى شېئىرلار توپلىمى كېيىن گومىنداڭ تەرىپىدىن چەكلەنگەن. ئۇ ئاقسۇ گېزىتخانىسىدا مۇتەللىپ بىلەن بىللە ئىشلىگەن مەزگىلدە، مۇتەللىپتىن تەسىر ئالغان. ئۇ ۋەتەننى سۆيەتتى، ۋەتەننىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇ 1942 - يىلى يازغان «بۈيۈك ۋەتەن» دېگەن شېئىردا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

بۈيۈك جۇڭگو سېنىڭ بەش مىڭ يىللىق ئۇزۇن
تارىخىڭ بار،

كۆمۈش سۇلار، ئالتۇن تاغلار، پايانسىز ئورمان،
باغلىرىڭ بار.
تۆرلۈك مەدەن، نېفىت، كۆمۈر، ھېچ تۈگىمەس
بايلىقىڭ بار،
يەر شارىنى تويدۇرغۇدەك كەڭرى مۇنبەت تۇپرا-
قىڭ بار.
......

بۈيۈك ۋەتەن، مېنىڭ ئانام،
سېنىڭ بارلىقىڭ خەلققە بولغاچ،
مەنسۇپ غەلىبە چوقۇم خەلققە،
ۋەتەن سەن گويا ئويغانغان يولۋاس.
......

ئازادلىقتىن كېيىن، شائىر ئۇلۇغ ۋەتەننى، ئۇلۇغ كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ داھىيسى ماۋجۇشىنى تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلىدى. رېئال كۆرەشتىكى چوڭ تېمىلارنى ئاددىي، ئېنىق تىل بىلەن، تەبىئىي، يارقىن تۈس بىلەن، يېقىملىق ھەم يوشۇرۇن مەنىلىك ئۇسلۇب بىلەن لىرىك شېئىر بىلەن ئىپادىلىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھەم قايناق، كۆتۈرەڭگۈ، ھەم يالىڭاچ ئەمەس. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك شېئىرىيىتىگە ۋە خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدە ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىش، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىش رولىنى ئوينىغانىدى.*

* گې يىڭ تەرجىمە قىلغان: «نىم شېھىت شېئىرلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

## 2. تىياتىر

تىياتىر ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئۆزىگە خاس يەرلىك تۈسكە ئىگە يېڭىدىن گۈللەنگەن بىر تارمىقى.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن بۇرۇن، يەكەن، كۇچا، ئىلى، چۆچەك قاتارلىق جايلاردا توي - مەرىكە بولغاندا، خەلق ئىچىدىكى ئەلنەغمىچىلەر جەمئىيەتتىكى بەزى نامۇۋاپىق ئەھۋاللارنى ئۇچۇقدايدىغان، پاش قىلىدىغان ۋە رەھىمسىز مەسخىرە، مازاق قىلىدىغان كىچىك ئوپېرالارنى تەييارلاپ ئوينايتتى. بۇ ئويۇنلار سەھنە تېخنىكىسى جەھەتتە تېخى جىق خام بولسىمۇ، لېكىن تىياتىر سەنئىتى جەھەتتە تاشلانغان دادىل قەدەم ئىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيىتىگە ئەگىشىپ، تىياتىر پائالىيىتى جانلىنىشقا باشلىدى. 1934 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ قارىمىقىدا سانايىنەپىسە شىنجاڭ مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە پائالىيەت ئېلىپ باردى. ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئىلى قاتارلىق جايلاردا كۇلۇب بىنا قىلىنىپ، تىياتىر سەنئىتى تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋە بەزى تەرەققىيپەرۋەر خەنزۇ دراماتورگلىرى ئۇيغۇرلاردىن بىر تۈركۈم تىياتىر خادىملىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى، تەجرىبە تىياتىر ئۆمىكى قۇردى. ئۇيغۇرلارغا ياردەملىشىپ بىر قىسىم مۇنەۋۋەر تىياتىر-لارنى توپلىدى، رەتلىدى ۋە ئىجاد قىلدى ھەم سەھنىلەشتۈر-دى. مەسىلەن، 1939 - يىلى، جاۋ دەن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدىكى سانايىنەپىسىدىن خەمىت ھېكىم يازغان چوڭ تىپتىكى مۇزىكىلىق دراما «ئانارخان»، مۆمىن يازغان كومېدىيە

«قابىل پېرىخۇن» نى رېپېتىتسىيە قىلىش ۋە سەھنىلەشتۈرۈشكە كونكرېت ياردەم بەرگەن ۋە يېتەكچىلىك قىلغانىدى. 1940 - يىلى جاۋ دەننىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى مەدەنىيەت كۇلۇبىدا «چېلىش، ۋەتەن» دېگەن چوڭ تىپتىكى درامىنى ئويناپ چىقتى. بۇ دراما ئۈرۈمچىنى چاڭ كەلتۈردى، بېلەت قولدىن قولغا تېگىشمەي كەتتى، ھەر كۈنى نەچچە يۈز تاماشىچى بېلەت ساقلاپ كۇلۇبنىڭ ئالدىدىن كەتمىدى. شېڭ شىسەي قوراللىق ساقچى چىقىرىپ بۇ درامىنى چەكلىدى، ئۇنى نەنمېندىكى مەدەنىيەت كۇلۇبىدا قويدۇرمىدى. 1940 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1941 - يىلىنىڭ بېشىغىچە ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارمىقىدىكى سانايىنەپىسە ئۈرۈمچىدە «غېرىب - سەنەم»، «ئارشىن مال ئالان» ئوپېرالىرىنى ئوينىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۈرۈمچىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ سەھنە تىياتىرلىرى يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇكتەك كەينى كەينىدىن مەيدانغا چىقتى. ھەممىدىن ئاۋۋال لۇتپۇللا مۇتەللىپ «چىمەنگۈل» دېگەن چوڭ تىپتىكى دراما بىلەن «سامساق ئاكاڭ قاينايدۇ» دېگەن كومېدىيىنى يازدى؛ ئەخمەت زىيائىنىڭ «رابىيە - سەئىدىن» دېگەن سەھنە ئەسىرى، قاسىمجان قەمبىرىنىڭ «زەينەپكە تۆھمەت» دېگەن سەھنە ئەسىرى، شۈكۈر يالقىنىڭ «شاڭخەي كېچىسى» دېگەن درامىسى ۋە «شارلاتان» دېگەن كومېدىيىسى مۇشۇ مەزگىلدە مەيدانغا كەلگەن. بۇ تىياتىرلار سەھنىدە ئوينالغاندىن كېيىن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن، شۇ مەزگىلدە ئۈرۈمچىدىكى تىياتىر سەھنىلىرى مىسلىسىز گۈللەنگەنىدى.

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارمىقىدا سانايىنەپىسە قۇرۇلۇپ، تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنىڭ ئاكتىپ قوللىشى ئارقىسىدا، ئۇزۇنغا قالمايلا بىر تۈركۈم سەنئەت ماھىرلىرىنى جەلپ قىل-

دى ۋە ئۇيۇشتۇردى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى بىلەن سانايىنەپىسنىڭ
يېتەكچىلىكىدە، غۇلجا شەھرىدە مەكتەپلەرنى ئاساس قىلىپ،
نۇرغۇن سەنئەت گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلۇپ، ئىلىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى
داڭلىق سەنئەتچىلىرىدىن زور بىر تۈركۈم كىشى يىغىلدى.

سانايىنەپىسە دائىم چوڭراق باغ ۋە مەكتەپلەردە سەھنە
ياساپ ئويۇن قويىاتتى. سانايىنەپىسە باشتا ئاساسەن خەلق ئى-
چىدىكى ناخشا - ئۇسسۇللارنى ۋە جەمئىيەتتىكى قاراڭغۇلۇقنى
پاش قىلىدىغان كىچىك كومېدىيىلەرنى ئوينىدى. كېيىن «قان-
لىق داغ»، «يېتىملار يېشى»، «يالغان تېۋىپ» ۋە «ئەمەت بەگ»
دېگەن تىياتىرلارنى، ئاندىن يەنە گوگولنىڭ «ئۆيلىنىش»،
«هاراق ئىچكەنىڭ جاجىسى» دېگەن دراممىلىرىنى ئوينىدى.
1936 - يىلى سەنئەت ئىشلىرى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ راۋاجلان-
دى، ھەر مىللەتنىڭ كۇلۇبلىرى قۇرۇلۇپ، چوڭ تىپتىكى سەھ-
نە تىياتىرلىرىنى ئويناشقا ئورۇن بار بولدى. شۇ يىل ئاخىرىدا،
سانايىنەپىسە «قانلىق داغ»، «ئارشىن مال ئالان» دېگەن تىيا-
تىرلارنى ۋە كوللېكتىپ رەتلىگەن، ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن ئوپېرا
«غېرىب - سەنەم»، «پەرھاد - شىرىن»، «نوزۇگۇم» لارنى مۇ-
ۋەپپەقىيەتلىك سەھنىلەشتۈردى. كېيىن يەنە بىر تۈركۈم ئايال
ئارتىستلار ئارقا - ئارقىدىن سەھنىگە چىقىپ ئويۇن ئوينىدى.
1942 - يىلىدىن كېيىن، يەنە بىر تۈركۈم تىياتىر سەھنىلەش-
تۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئەسەرلىرىدىن
باشقا يەنە، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ قاتارلىق كىشىلەر تەرجىمە
قىلغان «جۇڭگو پارتىزانلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى»، «ئۆزىنىڭ مۇھەب-
تى» دېگەن ئەسەرلەر، زۇنۇن قادىرنىڭ «غۇنچەم»، «باي بىلەن
مالاي»، «پىرىخۇن»، «يۇسۇپ ئەخمەت» دېگەن درامىلار بار.
بۇ ئەسەرلەردىن بەزىلىرىدە پاك مۇھەببەت، نىكاھ ئەركىنلىكى

ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ مەدھىيىلەنگەن، بەزىلىرىدە پاجىئەلىك سىنىپىي زۇلۇمنىڭ ماھىيىتى پاش قىلىنغان. شۇ زامانلاردا بۇ ئەسەرلەر خەلقنى تەربىيىلەش ۋە ئويغىتىش، ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشقا قوزغاشتا چوڭ رول ئوينىغان. 1944 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، سانايىنەپەسىنىڭ خىزمىتى ۋاقتىنچە توختىدى، سەنئەتچىلەرنىڭ كۆپ قىسمى گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشكە ئاتلاندى. 1946 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئۇرۇشتىن بۇرۇن سەنئەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەرنى يىغىپ، يېڭىدىن سانايىنەپەسە قۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي سانايىنەپەسىنىڭ نامى ئىتتىپاق تىياتىرىغا ئۆزگەرتىلدى. ئىتتىپاق تىياتىرى ھال سوراش ئۆمىكى تەشكىللەپ، بورتالا، جىڭ، كەڭساي، شىخو، ماناس قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرىدىن ھال سوراپ ئويۇن قويۇپ بەردى*.

ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىدا، «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلسۇن، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايرىسۇن» دېگەن فاڭجېننىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۇيغۇرلاردىن بىر تۈركۈم تىياتىر خىزمەتچىلىرى يېتىشتۈرۈلۈپ، ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئاساس سېلىندى. زۇنۇن قادىرنىڭ «غۇنچەم» دېگەن دراممىسى (1956 - يىلى مەملىكەت بويىچە دراما ئىجادىيىتى بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن)، بۇرھان شەھىـ

* سىراجىدىن زۇپەر: «يولداش جاۋ دەننىڭ شىنجاڭدىكى ھاياتىدىن پارچىلار» «شىنجاڭ ئەدەبىياتى»، 1980 - يىل 12 - سان، 52 -، 55 - بەتلەر؛ ئابدۇۋەلى جارۇللايوۋ، مەتتىمىن ھوشۇر: «ئىلىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تىياتىرچىلىق تارىخى توغرىسىدا مۇلاھىزە» «شىنجاڭ سەنئىتى»، 1981 - يىل 3 - سان، 81 -، 84 - بەتلەر.

دىنىڭ «يالقۇنتاغ غەزىپى» دېگەن ئوپېراسى ھەمدە «غېرىب - سەنەم» قاتارلىق ئوپېرالار تەسىرى بىرقەدەر چوڭ ئەسەرلەردۇر. ھەرقايسى شەھەرلەردە تىياتىرخانىلار ياسىلىپ، ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلاندى.

## 3. مۇزىكا

ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، قەدىمكى شىنجاڭ مۇزىكىچىلىقىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجىدۇر. كۇسەن مۇزىكىسى، سۇلى مۇزىكىسى، قوچۇ مۇزىكىسى، ئۇدۇن مۇزىكىسى، ئىۋىرغول (قۇمۇل) مۇزىكىسى ۋە ياپىبان مۇزىكىلىرى داڭلىق مۇزىكىلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدە داڭقى ۋە تەسىرى ئەڭ چوڭى كۇسەن مۇزىكىسى. بۇ مۇزىكىلار ئۆز ۋاقتىدا دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدا تارقىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ مۇزىكىچىلىقىغا، مەدەنىيىتىگە مۇھىم تۆھپە قوشقان. قەدىمكى زاماندا ئۇيغۇر ئالىملىرى مۇزىكىچىلىق توغرىسىدا نۇرغۇن مەخسۇس ئەسەرلەرنى يازغان. مەسىلەن، «مۇزىكا قامۇسى»، «مۇزىكا توغرىسىدا»، «مۇزىكىنىڭ ئاچقۇچى»، «تاۋارىخى مۇسىقىيۇن» ۋە باشقىلار. لېكىن بۇ ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى يوقىلىپ كەتكەن، بىزگە يېتىپ كەلگەنلىرى كۆپ ئەمەس.

خوتەنلىك موللائىسمەتۇللا موللانېمەتۇللا مۆجىزى 1855 — 1856 - يىللىرى (ھىجرىيە 1271 - يىلى) يازغان «تاۋارىخى مۇسىقىيۇن» — ئۇيغۇر مۇزىكىسى توغرىسىدا ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان بىردىنبىر كىتاب. ئاپتور بىلىملىك ئالىم ۋە مۇزىكانت بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدىكى خوتەن خانى تەرىپىدىن «بۇلبۇللار شاھى»، «تالانتلىق ئاقىل ئەدىب» دەپ تەرىپلەنگەن. «تاۋارىخى مۇسىقىيۇن» دا، ئاساسلىقى، بەزى ئاتاق-

لىق مۇزىكانت قوشۇمچە ئالىملارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق، ئۇيغۇر مۇزىكىسى ۋە مۇقامنىڭ تەرەققىياتى قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ؛ بەزى مۇزىكانتلار توغرىسىدىكى ئەڭگىمىلەر ئارقىلىق، مۇزىكا ۋە سازنىڭ كىشىلەر روھىغا كۆرسىتىدىغان زور تەسىرى چۈشەندۈرۈلىدۇ. مەزكۇر كىتابتا، قەدىمىي ئۇيغۇر سازى قالۇننى ئوتتۇرا ئەسىردە دۇنياغا تونۇلغان ئالىم ئەبۇناسىر فارابى ئىجاد قىلغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ، «مۇشاۋرەك»، «بايات»، «دوگا»، «سىگاھ»، «پەنجىگاھ» مۇقاملىرىنىڭ «باتۇر»، «چەبلىشچى» تەخەللۇسلۇق ئالىم، مۇزىكانت پالۋان مۇھەممەت كۈچتۈڭگۈرنىڭ ئىجادى ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ. كىتابتىكى مۇقاملاردىن «مۇشاۋرەك»، «بايات»، «پەنجىگاھ»، «چاھار زەرب»، «يىراق گوبى» «ئىشرەت ئەنگىزى» قاتارلىقلار يېزىلغان بولۇپ، ھازىرقى ئون ئىككى مۇقامدىكى ناملار بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. XVI ئەسىردىكى ئايال مۇقامچى، خانىش ئامانىساخان ۋە مۇزىكانت، ئىسلاھاتچى قادىرخان بۇ كىتابتا تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنغان. شۇڭا بۇ كىتاب ئۇيغۇر مۇزىكىسىنى تەتقىق قىلىشتا مەلۇم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە*.

ئۇيغۇر مۇزىكىسى تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئەنئەنىۋى مۇزىكا — چوڭ تىپتىكى يۈرۈشلۈك مۇزىكا — «ئون ئىككى مۇقام» دۇر. بۇ مۇزىكا تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا تارقالغان، ھەرقايسى جاينىڭ ئېيتىش ئۇسلۇبى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. لېكىن ھەممىسىدە ئاساسىي ئاھاڭ ساقلانغان.

* ئەنۋەر بايتۇر، خەمىت تۆمۈرلەر ئېلان قىلغان «تاۋارىخى مۇسىقىيۇن»، 1982 - يىل مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى؛ ياڭ جىنشياڭ تەرجىمە قىلغان «تاۋارىخى مۇسىقىيۇن»، «شىنجاڭ ئەدەبىياتى»، 1982 - يىل، 1 - سان، 1 — 7 - بەتلەر.

خاتىرىلەرگە قارىغاندا، XVI ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد ھۆكۈمدارى ئابدۇرەشىد خاننىڭ خانىشى ئاماننىسا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇستا مۇقامچىلارنى يىغىپ، مۇزىكانت، مۇقامچى قادىرخاننىڭ باشچىلىقىدا مۇقامنىڭ خەلق ئىچىدە چېچىلىپ ياتقان «چوڭ نەغمە»، «مەشرەپ»، «داستان» دىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىسمىنى بىر قېتىم سىستېمىلىق پىششىقلاپ رەتلەپ، قېلىپلاشتۇرۇپ، يۈرۈشلەشتۈرگەن. پۈتۈن مۇقام 170 نەچچە كۇپلېت سەلىقە ۋە مەرغۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھەممىنى چېلىپ بولۇشقا 24 سائەت كېتىدۇ. ئۇ مۇقەددىمە، تەزە، داستان، مەشرەپ ۋە سەنەملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ مۇزىكىمۇ، ئۇسسۇلمۇ بولۇشتەك مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇنىڭ فورمىسى كۆپ، رىتىمى مۇرەككەپ، ناخشا ئاھاڭى بەك مول. بۇ — ئۇيغۇرلارنىڭ بىرنەچچە يۈز يىللىق كۈرەش تۇرمۇشى ۋە مىللىي سەنئەت شەكلىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك مۇجەسسەملەشتۈرگەن كاتتا، مۇكەممەل مۇزىكىلىق ئېپىك داستان بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقى ئىجاد قىلغان، ئىسلامىيەت سىستېمىسىدىكى مۇزىكىلار ئىچىدە تۈرى ئەڭ كۆپ، يۈرۈشلۈك نەغمىسى ئەڭ تولۇق، مۇزىكا جەھەتتىكى قۇرۇلمىسى ئەڭ مۇكەممەل بىر خىل سەنئەت، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزۇن تارىخ جەريانىدا قەدىمكى زامان مۇزىكىسىغا ۋارىسلىق قىلىپ، چەتتىن كىرگەن سەنئەتنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى تەدرىجىي يۇغۇرغان، تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىنىڭ مەھسۇلى*.

ئۇيغۇرلارنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرىمۇ مول ۋە رەڭدار، تۈرى كۆپ، ياسىلىشى سىپتا. ئۇلار قۇرۇلما ۋە چېلىش ئۇسۇلى بو-

---

* جۇچىڭباۋ: «مۇقام توغرىسىدا قىسقىچە ئىزدىنىش» «شىنجاڭ ئەدەبىياتى»، 1981 - يىل 2 -، 3 - سان ۋە 1982 - يىل 1 - سان.

پىچە، پۇۋلەپ چالىدىغان، غىرداپ چالىدىغان، چېكىپ چالىدى-
غان، ئۇرۇپ چالىدىغان تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ، ئۇلارنىڭ تەركىبى
بىرقەدەر مۇكەممەل، ئىجادچانلىقى بىرقەدەر كۈچلۈك. پۇۋلەپ
چالىدىغان ئەسۋابلار نەي، سۇناي، كارناي، بالىمان (ئادەتتە
پىپى دېيىلىدۇ)، قومۇش نەي قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ،
ئۇلار ئىشلىتىلىش دائىرىسى بىرقەدەر كەڭ، ئۇزۇن تارىخقا
ئىگە چالغۇ ئەسۋابلاردۇر. بەزىلەر نەينى مىلادى III ئەسىردىن
بۇرۇن تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردا تارقالغان دەيدۇ.
شەكلى قەدىمكى كۆسەن نەغمىسىنى ئورۇندىغاندا ئىشلىتىلگەن
بىلى دېگەن سازغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر خىل بالىمان بار.
قىللىق چالغۇ ئەسۋابلار ساتار، غىجەك، قۇمۇل غىجىكى قاتار-
لىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇلارمۇ ئۇزۇن تارىختا ئىگە.
ساتار تەخمىنەن X - XII ئەسىرلەردە باربىت (ھازىرقى دولان
راۋابى) ۋە قەدىمكى تۈركلەرنىڭ قوبۇزدېگەن چالغۇ ئەسۋابى ئاساسىدا
ياسالغان بولۇپ، «ئون ئىككى مۇقام» دا ئىشلىتىدىغان مەخسۇس
چالغۇ، غىجەك قەدىمكى زاماندا «خارجاك» دېيىلەتتى، ئۇ ياغاچ-
تىن يېرىم شار شەكلىدە ياسالغان بولۇپ، ئۇيغۇر ئوركېستىرى
ناخشا، ئۇسسۇلغا تەڭكەش قىلغاندا ياكى ئۆز ئالدىغا چالغاندا
ئىشلىتىدىغان مۇھىم چالغۇ. قۇمۇل غىجىكى ئېرخۇغا ئوخشىشىپ
كېتىدىغان، قۇمۇل خەلقىنىڭ مۇزىكا تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇن
تۇتىدىغان چالغۇدۇر. چېكىپ چالىدىغان چالغۇ ئەسۋابلار دۇتار،
تەمبۇر، راۋاب، قالۇن ۋە چاڭ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئا-
لىدۇ. بۇلار ئۇيغۇرلار ئىچىدە چوڭ - كىچىك، قېرى - ياش
ھەممە كىشى ياخشى كۆرىدىغان چالغۇلاردۇر. دۇتار ئىككى تار-
لىق چالغۇ بولۇپ، كۆپىنچە ئۆزى چېلىپ، ئۆزى ئېيتقاندا ئىش-
لىتىلىدۇ، ئاۋازى پەس، يېنىك، يېقىملىق، ھەممە ئۆيدە بولى-
دۇ. تەمبۇر مىللىي تۈسى ئېنىق، ئاۋازى جاراڭلىق ھەم يېقىم-

لىق چالغۇ بولۇپ، كۆپىنچە يالغۇز ۋە ناخشىغا تەڭكەش قىلىپ
چېلىنىدۇ. تەمبۇرنىڭ دەستىسى ئۇزۇن، قارنى ياغاچ تاختا بى-
لەن قاپلىنىدۇ، دەستىسى ۋە بېشىغا سۆڭەكتىن نەقىش سېلىنىدۇ،
بېشى نوگايىغا ئوخشىشىدۇ، چىرايلىق ھەم كۆركەم بولىدۇ. ئۈچەي
تارا بىلەن پەدە باغلىنىدۇ، پەدىنى يۆتكەشكە بولىدۇ. بەش
تال سىم تارا سېلىنىدۇ، ئوڭ چەتتىكى ئىككى تال تارا چېلىش
تارىسىدۇر، كۆپىنچە تەمبۇرچىلار پولات سىمنى ئۇچلۇق قىلىپ
ئېگىپ ناخۇل ياسايدۇ ۋە ئوڭ قولىنىڭ ئىككىنچى بارمىقىنىڭ
تىرنىقىغا ئۆتكۈزىۋالىدۇ، ئۇنىڭدىن چىققان ئاۋاز ناھايىتى يې-
قىملىق بولىدۇ. راۋابمۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدە بىرقەدەر ئومۇملاشقان
سازلارنىڭ بىرى، جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپتە تېخىمۇ كۆپ.
راۋاب قەشقەر راۋابى، دولان راۋابى، پادىچى راۋابى دەپ ئاي-
رىلىدۇ. راۋاب كۆپىنچە باشقا چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن بىللە
ناخشا ـ ئۇسسۇلغا تەڭكەش قىلىپ چېلىنىدۇ، يالغۇزمۇ، باشقا
سازلارغا قوشۇلۇپمۇ چېلىنىدۇ. قەشقەر راۋابىنىڭ بېشى، دەس-
تىسى ۋە ئەگمىسىگە ھايۋان سۆڭىكىدىن چىرايلىق ھەم مول
مىللىي پاسوندا گۈل چىقىرىپ نەقىش قويۇلىدۇ، ئۇنىڭ ئۆزى
ھەم مىللىي ساز، ھەم نەپىس سەنئەت بۇيۇمى. قالۇنمۇ ئۇي-
غۇرلارنىڭ قەدىمىي چالغۇلىرىدىن بىرى. ئۇ قەدىمكى زاماندا ئوت-
تۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا «يەتمىش ئىككى تارلىق باربىت»
دەپ، چېك سۇلالىسى دەۋرىدە «كارناي» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ
چالغۇ كۆپىنچە مۇقامدا چېلىنىدۇ، نەغمىدە باشلامچىلىق رول ئوي-
نايدۇ، چېلىش ۋاقتىدا ئوڭ قول بىلەن زەخمەك تۇتۇپ چالىدۇ،
سول قول بىلەن تەڭشەك تۇتۇپ ئاۋازنى تەڭشەيدۇ. قالۇننىڭ
ئاۋازى جاراڭلىق، يېقىملىق بولۇپ، قەدىمكى «جېڭ» غا ئوخ-
شىشىپ كېتىدۇ، ئاۋازى ئۇنىڭدىن جاراڭلىق. ئۇرۇپ چالىدىغان
چالغۇ ئەسۋابلىرى داپ، ناغرا، ساپايى ۋە چاقچۇق (ئادەتتە

تاش دېيىلىدۇ) لارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. داپ ئۇيغۇرلارنىڭ
قەدىمىي چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرى، داپ تىيانشاننىڭ جەنۇ-
بىي ۋە شىمالىغا كەڭ تارالغان، ئوركېستىر ئومۇمىي نەغمىسىدە
ۋە ناخشا - ئۇسسۇلدا كەم بولسا بولمايدىغان چالغۇ ئەسۋابى.
ناغرىنىڭ ئاۋازى چوڭ، يىراق - يىراقلارغا ئاڭلىنىدۇ،
ناغرا ئوركېستىرنىڭ ئومۇمىي نەغمىسىدە چېلىنىدۇ، ئالاھىدە
مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە. ساپايى بىلەن چاقچۇق ئۆزىنى ئۆزىگە
ئۇرۇپ ئاۋاز چىقىرىدىغان چالغۇ ئەسۋابى. ساپاي كۆپىنچە
مەشرەپتە سورۇننى قىزىتىپ بېرىش ئۈچۈن چېلىنىدۇ.
چاقچۇق دېگىنىمىز ئىككى دانە قاتتىق ياپراقچە تاش بولۇپ،
ھەر بىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون سانتىمېتىر كېلىدۇ، ئىككى تاشنىڭ
بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇشى بىلەن ئاۋاز چىقىدۇ، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن
خىل رىتىملىق ئاۋاز چىقىپ، ئوركېستىرنىڭ نەغمىسىنى رەڭدار،
مول مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي چالغۇ
ئەسۋابلىرى ئازادلىقتىن كېيىن تەرەققىياتقا ئېرىشتى، بەزى چال-
غۇ ئەسۋابلىرى ئىسلاھ قىلىنىپ، ئاۋازىنى دەللەشتۇرۇش، كۆ-
چەيتىش ۋە ئاۋازىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش جەھەتلەردە مە-
لۇم نەتىجە ھاسىل قىلىندى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېڭى تۇرمۇشى
ۋە روھىي قىياپىتىنى ئىپادىلەيدىغان نەغمىلەردە تېخىمۇ ياخشى
رول ئوينايدىغان بولدى*.

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا
كۆپلىگەن خەلق ناخشىلىرىنى ئىجاد قىلغان ۋە توپلىغان. ئۇ-
لارنىڭ مەزمۇنى مول، شەكلى خىلمۇخىل، ئۇلار ئېنىق مىللىي
ئۇسلۇب ۋە رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. بۇ خەلق ناخشىلىرى
كۆپرەك ھەرخىل مەشرەپ بەزمىلىرىدە ئېيتىلىدۇ.

* ۋەن تۇڭشۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرى» شىنجاڭ خەلق
نەشرىياتى، 1986 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى ئەنئەنىۋى ئادەت ۋە مۇزىكا شەكلى بويىچە ئايرىغاندا ئۇنى ئۈچ خىلغا ئايرىش مۇمكىن: بىرىنچى خىلى، قوشاق. ئۇ ئادەتتە ئىككى مىسرالىق ياكى تۆت مىسرالىق بېيىتتىن تەركىب تاپقان بولىدۇ ۋەياكى تۆت مىسرانى ئاساس قىلىپ، ئاز - تولا كېڭەيتىلگەن شەكىلدىمۇ بولىدۇ. بۇنداق قوشاق تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا كەڭ تارقالغان. بۇنىڭ ئىچىدە تارىخىي تېمىدىكى، مەسىلەن، چاروسىيىنىڭ ئىلىنى ئىشغال قىلىۋېلىپ، خەلقنى مەجبۇر كۆچۈرگەنلىكىگە قارشى قوشاقلار، ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغانلىقىغا قارشى قوشاقلار بار. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ فېئوداللار بەگلەرنىڭ ۋە پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى جەبرى - جاپالىق تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان قوشاقلار بار، يەنە مۇھەببەت تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ۋە فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىگە قارشى تۇرىدىغان قوشاقلارمۇ بار. ئىككىنچى خىلى، داستان. بۇ بىر خىل ئېپىك ناخشا بولۇپ. مەخسۇس پېرسوناژلار ئوبرازى كۈيلىنىدىغان ۋە ھېكايەت قىلىنىدىغان ئېپوستۇر. ناخشا تېكىستىنى كۆپىنچە ئاتاقلىق شائىرلار خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەرگە ئاساسەن يېزىپ چىقىدۇ، ئۇنىڭ تىلى جانلىق، ۋەزىنلىك بولغاچقا، ئۇيغۇر خەلقى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ. ئۈچىنچى خىلى، ئەمگەك قوشاقلىرى. ئۇ ئەمگەك قىلىش جەريانىدا ئېيتىدىغان بىر خىل قوشاقتۇر، لېكىن ئەمگەك قوشاقلىرىغا ئوخشاش روشەن ئەمگەك رىتىمى بولمايدۇ، ئاھاڭى رىتىمسىز بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇقىم تاكت بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە تۇرمۇش ئادىتىگە سىڭىپ كەتكەن قوشاقلارمۇ بار. مەسىلەن، «ئەللەي ناخشىسى»، ئۆلەڭلەر قاتارلىقلار. خەلق ناخشىلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان بىر تەركىبىي قىسىم بولۇپ قالدى. ھەر دائىم دوست - بۇرادەرلەر يىغىلغاندا، ئەزىز مېھمانلار كەلگەندە، ياكى ھېيت - بايراملار يېتىپ كەلگەندە، ئەر -

ئاياللار، قىرى - ياشلار خەلق سازەندىلىرىنىڭ تەڭكەش قىلىشى بىلەن ناخشىلارنى ئېيتىپ، ئۇسسۇللارنى ئويناپ، داقا - دۇمباقلارنى چېلىپ توختىمايدۇ. بەزى چاغلاردا تاڭ ئاتقىچە ئوينايدۇ①.

يېقىنقى زاماندا، ئۇيغۇرلاردىن داڭلىق مۇزىكانتلارمۇ چىققان. مەسىلەن، تاشۋاي (1880 — 1916)، ئۇ قەشقەرنىڭ شەھەرئەتراپىدىكى سەمەن يېزىسىدا بىر كەمبەغەل ھاممال ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئاتا - ئانىسىدىن كىچىك قېلىپ، سەرگەردانلىق تۇرمۇشتا چوڭ بولغان. ئۇ ئاتا - ئانىسىدىن قالغان بىردىنبىر مىراس — بىر كونا راۋابنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، ئۇنى چېلىپ تىلەمچىلىك قىلىش بىلەن جەبرى - جاپالىق مۇزىكانتلىق ھاياتىنى باشلىغان. ئۇ خەلق ئىچىدىكى مۇزىكىلارنى پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئۆگەنگەن ھەم كۆپلىگەن يېڭىش، رەتلەش ئىشلىرىنى ئىشلىگەن. ئۇنىڭ ئىجاد قىلغان «تاشۋاي» پەدىسى خەلقنىڭ بېشىغا دەرت - ئەلەم كەلگەن دەۋردە ئىجاد قىلىنغانلىقتىن، بۇ پەدىنىڭ ئاساسىي ئاھاڭىدا نالە-زار ۋە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقنايدۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنى مول بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان، ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان مۇزىكا ئىجادىيىتىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئەسەرلەرنىڭ بىرىدۇر②.

## 4. ئۇسسۇل

ئۇيغۇرلارنىڭ «ناخشىچى، ئۇسسۇلچى مىللەت» دېگەن

---

① گۈەن يېۋېي: «ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ناخشىلىرى» خەنزۇچە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1981 - يىل 8- ئاينىڭ 29 - كۈنىدىكى سانى، 4 - بەت

② پەتتارجان ئابدۇللا، ئەمەت ئۆمەر: «تاشۋاي» «شىنجاڭ گېزىتى»، 1979 .- يىل 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، 4 - بەت: غەيرەت ئابدۇللا: «تاشۋاي — بىر ئۇيغۇر خەلق مۇزىكانتى ھەققىدە ھېكايە» «شىنجاڭ سەنئىتى»، 1982 - يىل، 1 - سان، 12 -، 19 - بەتلەر.

نامى بار. زامان - زامانلاردىن بۇيان، كىشىلەر شادىيانە بايرام كۈنلىرىدە، ئەمگەكتىن بوشىغان چاغلاردا، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، تۇرمۇش ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلىپ كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتى ۋەتىنىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالقىشى ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولۇپ كەلدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتى ئۇزۇن تارىخىي ئەنئەنىگە ئىگە. قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مال بېقىش، ئوۋ ئوۋلاش ئەھۋالىنى ۋە مول ھوسۇل خۇشاللىقىنى دائىم ناخشا ئېيتىش ۋە ئۇسسۇل ئويناش بىلەن ئىپادىلەيتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خەلق ئۇسسۇللىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپلا قالماي، شىنجاڭ رايونىنىڭ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ، شەرق ۋە غەربتىكى نۇرغۇن ئەللەرنىڭ مۇزىكىلىق ئۇسسۇللىرىنىڭ جەۋھىرىنى، بولۇپمۇ قەدىمكى شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولغان كۇسەن، سۇلى، قۇجۇلارنىڭ مۇزىكىلىق ئۇسسۇللىرىنىڭ جەۋھىرىنى قوبۇل قىلدى. ئۆز زامانىدا كەڭ تارقالغان «غۇزچە مەرغۇللۇق ئۇسسۇل»، «غۇزچە ئۆركەش ئۇسسۇلى»، «رىدە شېخى ئۇسسۇلى» ۋە سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ «چوقان ئۇسسۇلى» (يەنى «ساماكا» قاتارلىقلار) ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئۇسسۇلى سەنئىتىنى بېيىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئۇسسۇلىدا باش بىلەن قولنىڭ ھەرىكىتى قالتىس بولىدۇ. بويۇن ئېتىش، باشنى ئىرغاڭلىتىش، سەكرەش، قولنى ھەر خىل ئويناتىش ۋە باشنى كۆتۈرۈش، كۆكرەكنى چىقىرىش، بەلنى تىكلەش، شۇنىڭدەك كۆز ھەرىكىتىنى ئەپچىل ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇسسۇل قويۇق تۈس ئېلىپ، ئالاھىدە ئۇسلۇبقا ئىگە بولۇپ، ھەر خىل ئىچكى

ھېسسىيات ۋە ھەر خىل پېرسوناژلارنىڭ خۇلق - مىجەزىنى
ئىپادىلەيدۇ. بەدەننى بوش تىترىتىش — ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇلىدا
ئالاھىدە تۇسكە ئىگە بولغان بىر خىل رىتىملىك ھەرى-
كەتتۇر. تىزنى رىتىملىك ئۆزمەي بوش تىترىتىش
ياكى ھەرىكەتنى ئۆزگەرتىدىغان چاغدىكى بىر دەقىقىلىك
تىترىتىش ئۇسسۇلنىڭ ھەرىكىتىنى لەرزانلاشتۇرىدۇ ۋە گۈزەل-
لەشتۈرىدۇ، ھەرىكەتنىڭ ئۇلىنىشىنى تەبىئىيلەشتۈرىدۇ. ئايلى-
نىش — ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇلىدا كەڭ قوللىنىلىدىغان ماھارەت
بولۇپ، ئۇنىڭدا چاققان، ئۆزگىرىشچان بولۇش، گېزى كەل-
گەندە جىم تۇرۇش، گېزى كەلگەندە قۇيۇندەك پىرقىراش،
گېزى كەلگەندە چىپ توختاش تەلەپ قىلىنىدۇ. ھەر خىل
ئۇسسۇللارنىڭ ئۆزىگە خاس پىرقىراش ھەرىكىتى بولىدۇ،
ئادەتتە پىگۇرىلىق پىرقىراش ئۇسسۇلنىڭ ئەۋجىگە چىققانلىقى
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇلىنىڭ ھەر خىل
شەكىللىرىدە مۇئەييەن رىتىم بولىدۇ. كېيىش، بۆلۈشنىڭ
رىتىمى ھەمدە سۇس ھەرىكەتنى كۈچەيتىشنىڭ بەدىئىي بىر
تەرەپ قىلىنىشى كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. بۇ كۆپ ھاللاردا
ئۇسسۇلنىڭ ئۇسلۇب جەھەتتىكى پەيزى تازا گەۋدىلەنگەن
يېرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇلىنىڭ تۈرى كۆپ، ئورتاق ئۇسلۇبىمۇ
بار، ھەر جاينىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىمۇ بار. مەزمۇن
جەھەتتە كۆپرەك خەلقنىڭ جاپالىق ئەمگىكى، يىگىت - قىز-
لارنىڭ پاك مۇھەببىتى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ فېئودال ھۆكۈمران-
لار سىنىپىغا بولغان ئۆچمەنلىكى ۋە ئەركىن بەختلىك تۇرمۇش
توغرىسىدىكى ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئىپادىلەيدۇ؛ ئىشچان،
باتۇر ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئوچۇق چىراي، خۇش - چاق-
چاق، ساددا، ئاقكۆڭۈل مىجەز - خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

سەنەم ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئەڭ ئومۇملاشقان، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى شەھەر - بازار ۋە يېزىلارغا كەڭ تارقالغان، كەڭ ئامما ياخشى كۆرىدىغان خەلق ئۇسسۇلىنىڭ بىر خىل شەكلى. ھېيت - بايرام، توي - تۆكۈنلەردە، ئۇرۇغ - تۇغقان، ئەل ئاغىنىلەر جەم بولغاندا سەنەم ئۇسسۇلىنى ئوينايدۇ. سەنەم ئۇسسۇلى ئىنتايىن ئەركىن، شوخ ئوينىلىدۇ، تۇراقلىق فورما يوق، خالىغان كىشى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئويناۋېرىدۇ، ھەرىكىتى مۇزىكىنىڭ رىتىمىگە چۈشىسىلا بولىدۇ. بىر كىشى يالغۇز ئوينىسىمۇ، ئىككى كىشى بىر - بىرىگە قارىشىپ ئوينىسىمۇ، تۆت - بەش كىشى تەڭ ئوينىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. سەنەمنىڭ ھەرىكىتى مۇزىكىنىڭ رىتىمىغا ئەگىشىپ ئوتتۇراھال سۈرئەتتىن بارا - بارا تېز سۈرئەتكە ئۆتىدۇ. مۇزىكا بىلەن ئۇسسۇل تازا قىزىغاندا، كۆپچىلىك قىزغىنلىق ئۇرغۇپ تۇرغان ئاۋاز بىلەن: «قايناڭ»، «بارىكاللا» دەپ توۋلايدۇ. بۇ چاغدا ئادەم ئاۋازى، نەغمە ئاۋازى قوشۇلۇپ، تەنتەنە ساداسى ياڭرايدۇ، بۇنىڭ بىلەن سورۇننىڭ قىزغىنلىقى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئەھلى سورۇن ھاياجان، خۇشاللىققا چۆمىدۇ. ئۇسسۇل ھەرىكىتىنىڭ لىرىكىسى گۈزەل، جىلۋىسى كۆپ، ھەر بىر جاينىڭ سەنىمى ئۇسلۇب جەھەتتە ئېنىق ئالاھىدىلىككە ئىگە، مەسىلەن، «قەشقەر سەنىمى»، «ئىلى سەنىمى» ۋە باشقىلار.

دولان ئۇسسۇلى ئۇيغۇرلاردا تارىخى ئۇزۇن، شەكلى مۇكەممەل، ھەرىكىتى مەردانە، شوخ بىر خىل خەلق ئۇسسۇلى بولۇپ، قويۇق يايلاق پۇرىقىغا ئىگە. ئۇنىڭدا ئوۋچىلىق، ئۇرۇش تۇرمۇشىنىڭ ئىزلىرى ساقلانغان. قەدىمدىن بۇيانقى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ باتۇر، جەڭگىۋارلىقى ئىپادىلەنگەن بۇ ئۇسسۇل يەكەن دەرياسى بويىدىكى مەكىت، مارالبېشى،

يەكەن، ئاۋات قاتارلىق جايلاردا ئومۇملاشقان. دولان ئۇسسۇلى ئاساسەن ئىككى كىشى بىر گۇرۇپپا بولۇپ جۈپلىشىپ ئوينايدىغان ئۇسسۇل شەكلى، هازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگىنى تۆت يۈرۈش هەرىكەت، ئاخىرى رىقابەت خاراكتېرلىك پىرقىراش بىلەن تۈگەيدۇ. دولان مۇقامىنىڭ رىتىم بويىچە ئوينىلىدۇ.

**سَاما** ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ هېيتتا كوللېكتىپ ئوينايدىغان بىر خىل خەلق ئۇسسۇلى بولۇپ، هەرىكىتى نەپىس، مەزمۇت، بۇ ئۇسسۇل قەشقەر، يەكەن تەرەپلەردە ئومۇملاشقان. سامانى ئاساسەن ئەرلەر ئوينايدۇ. ئايرىم جايلاردا ئاياللارمۇ ئوينايدۇ. لېكىن ئاياللار ئاياللار بىلەن ئوينايدۇ.

**شادىيانە** ئۇيغۇرلارنىڭ بايرام ۋە كاتتا يىغىلىشلاردا كوللېكتىپ ئوينايدىغان بىر خىل خەلق ئۇسسۇلى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ هەممە يېرىدە ئومۇملاشقان، جەنۇبىي شىنجاڭدا تېخىمۇ گەۋدىلىك. شادىيانە «شادلىق» دېگەنلىك بولىدۇ. هەر هېيتتا ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى بىر يەرگە يىغىلىپ، ناغرا، سۇنايغا تەڭكەش بولۇپ، هەر خىل خەلق ئۇسسۇللىرىنى ئوينايدۇ، ئاخىرىدا شادىيانىنى ئويناپ، ئۆزلىرىنىڭ چەكسىز شاد - خۇراملىقىنى ئىپادىلەيدۇ. كاتتا قۇتلۇق مەرىكىلەردىمۇ شادىيانىنى ئويناپ، قۇتلۇقلايدۇ.

**نازىركوم** ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزگىچە بىر خىل خەلق ئۇسسۇلى بولۇپ، تۇرپاندا پەيدا بولغان، پىچان، توقسۇن، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا ئومۇملاشقان. بۇ ئۇسسۇل توي - تۆكۈن، هېيت - بايراملاردا ئوينىلىدىغان ئەڭ قىزىق سەنئەت نومۇرى، مەشرەپ بەزمىلىرىدىكى ئەڭ پەيزىلىك ئويۇن بولۇپ، كۆپرەك سەنەمدىن كېيىن ياكى تۇرپان مۇقامىدىن كېيىن ئوينىلىدۇ. بۇ ئۇسسۇلنى كۆپرەك ئەرلەر، يەنە كېلىپ

ئىختىيارىي ھالدا ئىككى كىشى بىر گۇرۇپپا بولۇپ ئوينايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى خەلق ئۇسسۇللىرى ئىچىدە يەنە بەزى قولىدا سايمان تۇتۇپ ئوينايدىغان خەلق ئۇسسۇللىرىمۇ بار. مەسىلەن، تەخسە ئۇسسۇلى، ساپايى ئۇسسۇلى، چاقچۇق ئۇسسۇلى ۋە باشقىلار. ئۇلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى سايمان بىلەن گۈزەل ئۇسسۇل ھەرىكىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، يېقىملىق ئاۋازلارنى چىقىرىپ، بەدىئىي تەسىر قوزغاش كۈچىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ ئۇسسۇللارنىڭ تارقىلىش دائىرىسى كەڭ، تېخنىكىلىق تەلىپى كۈچلۈكرەك، ئۇلار ئامما ئىچىدە تازا ئومۇملاشقان. ئۇلارنى كۆپىنچە كەسپىي ياكى يېرىم كەسپىي خەلق سەنئەتكارلىرى ئوينايدۇ*.

## 3 - بۆلۈم ھۈنەر - سەنئەت

ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر- سەنئىتىمۇ ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى چېمەنلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر خىل ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى خۇددى كىمخابتەك كۆزنى چاقنىتىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا مەشھۇر قاشتېشى، ئويمىسى، مىس بۇيۇملار، گىلەم، دوپپا ۋە بىناكارلىق سەنئىتى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە.

شىنجاڭ ئەزەلدىن قاشتېشى بىلەن مەشھۇر، «كۈئېنلۇن قاشتېشى» بىلەن «خوتەن قاشتېشى» پۈتۈن مەملىكىتىمىزگە داڭلىق. بۇ قاشتاشلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىچكىرىگە توشۇلغان،

* يۈشۈەنيەن: «ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇلى» «مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1978 - يىل 1 - سان، خەنزۇچە نەشرى، 70 - 75 - بەتلەر، 2 - سان 51 - 61 - بەتلەر.

بىر قىسمى شۇ جايدا ھەر خىل قاشتېشى بۇيۇمى قىلىپ
ئىشلەنگەن. ھازىر بېيجىڭ قەدىمكى خان ئوردىسى مۇزېيىدا
ساقلىنىۋاتقان «ئۇلۇغ يۇ ھەزرەتىنىڭ سۇنى تىزگىنلىشى»
دېگەن مەزمۇندا ئويۇلغان يوغان قاشتېشى خوتەننىڭ ئاق
قاشتېشىدىن ئويۇلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قاشتېشى ئويما
ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار ئىشلىتىشكە
باب، چىرايلىق، نەپىس، چوڭ سۈپەت، ياسىلىشى ئۆزگىچە بولۇپ،
ئاساسەن تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە بېزەكلەردۇر. ئۇلارنىڭ بەزىـ
لىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرغا يېتىپ كەلگەن ساپال قاچىلىرىغا
ئوخشىشىپ كېتىدۇ، قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇلارنىڭ
ئىچىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەنلىرىدىن «ھىجرىيە 492 –
يىلى (مىلادى 1098 – يىلى)» دېگەن خەت ئويۇلغان ئۈچ
تۇمشۇقلۇق ئاق قاشتېشى ئاسما چىراغ ۋە چىڭ سۇلالىسى
دەۋرىگە مەنسۇپ ئۇزۇن تۇمشۇقلۇق ئاق قاشتېشى چىراغ، ئاق
قاشتېشى دېرىزە گۈلى، قاشتېشى قەدەھ، خۇمىرا، قەلەمدان،
قەغەز باستۇرغۇچ ۋە ئاق، قارا قاشتېشىدىن ئويۇلغان تەخسە
ۋە باشقىلار بار. بۇ ئۆلمەس تەۋەررۇكلەرنى ياساش ئۇسۇلى
جەھەتتىن چېكىش، سىركەش، يانچىش، ئويۇش، يونۇشقا
ئوخشاش بىرنەچچە خىلغا ئايرىش مۇمكىن. باشتا سىركەش
بىلەن چېكىشنى ئاساس قىلغان، كېيىن ئويۇش، تېشىشكە
ئۆتكەن. مەسىلەن، قاشتېشىدىن ئىشلەنگەن ئۈچ تۇمشۇقلۇق
ئاسما چىراغنى ئالساق، ئۇ يۇمشاق ئاق قاشتېشىدىن ئىشلەنـ
گەن بولۇپ، ھەممە يېرى سۈپسۈزۈك، پەقەت داغ يوق،
ئۇزۇنلۇقى 13.5 س.م، ئېگىزلىكى 12.8 س.م،
ئۈستى قوغۇنغا ئوخشىشىدۇ. چۆرىسى 12 ئۆرۈم قىلىپ چېقىرىلـ
غان، ئاستىدا ياغ قۇيۇپ، پىلىك سالىدىغان ئۈچ ئاغزى،
ئاغزىدا ئىشلەتكەنلىكىنىڭ ئىزناسى بار. چىراغنىڭ ئۈستىدە
بىر يۇمىلاق تۆشۈك بار. بۇ تۆشۈكنىڭ شوينا ئۆتكۈزۈپ،
چىراغنى ئېسىپ قويۇش ئۈچۈن تەشكەن تۆشۈك ئىكەنلىكى

ئېنىق. چىراغنىڭ بىر تەرىپىگە «ھىجرىيە 492 - يىلى» دېگەن خەت ئويۇلغان، چىراغ قەدىمىي شەھەر قەشقەردىن تېپىلغان. ئۇ قاراخانىيلار دەۋرىدىن قالغان تارىخىي يادىكارلىق ئىكەن. بۇ چىراغ ئىستېمال قىممىتىگە ئىگە كەشپىيات، شۇنداقلا ئالاھىدە ھۈنەر بىلەن ئۆزگىچە ئىشلەنگەن مىللىي سەنئەت بۇيۇمى. يەنە ئۇزۇن تۇمشۇقلۇق چىراغ بىلەن ئاق قاشتېشىدىن ئىشلەنگەن دېرىزە گۈلىنى ئالايلى، ئۇلار پۈتۈنلەي دېگۈدەك سۈركەش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان. چېك دەۋرىگە مەنسۇپ قاشتېشى تەخسە ئاساسەن مېتال ئەسۋاب بىلەن ئويۇپ ئىشلەنگەن. ئازادلىقتىن كېيىن دۆلەت قاشتېشى قېزىش، پىششىقلاپ ئىشلەشنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، قاشتېشى ئويمىچىلىق زاۋۇتى قۇردى. ئۇيغۇرلاردىن ئويمىچىلىق ئىشچىلىرىنى يېتىشتۈردى. قاشتېشى مەھسۇلاتىنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، ئادەم، ئۇچار قۇش، ھايۋان، گۈل - گىياھ، يېزىقچىلىق ئەسۋابلىرى، زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئەسەرلەر ئەپچىل ھەم نەپىس، پاكىزە ھەم سۈزۈك، بەزىلىرى قويۇق تۇرمۇش پۇرىقىغا، كۈچلۈك مىللىي تۈسكە ۋە ئالاھىدە مەھلىيا قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا كەڭ سېتىلماقتا*.
ئۇيغۇرلار ئوڭايلىقچە سۇنمايدىغان بۇيۇملارنى ئىشلىتىشكە ھەم چۈگۈن، مىس قاچىغا ئوخشاش تۇرمۇش جابدۇقلىرى ۋە زىننەت - بۇيۇملىرىغا ئامراق، شۇڭا مىسكەرلىك ھۈنىرى ۋە مىسكەرلىك سەنئىتى مۇشۇنداق ئاساستا تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان. ئۇيغۇرلار مىسكەرلىك سەنئىتىدە مىسنى خام ئەشيا قىلىدۇ. مىسكەرلەر

---

* ليۇفاڭ: «ئۇيغۇرلارنىڭ قاشتېشى ئويمىچىلىقى» «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1979 - يىل 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىكى سانى، 3 - بەت. چىنلى: «ئۈچ تۇمشۇقلۇق ئاق قاشتېشى ئاسما چىراغ» خەنزۇچە «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1980 - يىل 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى 4 - بېتى؛ «شىنجاڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى قوللانمىسى»، 89 - 90 - بەتلەر.

مىسنى ئوتقا سالماي سوقۇپ شەكىلىنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن، سوركەپ سىلىقلاپ پارقىرىتىپ تەييارلىغان مىس قاچا، مىس زىننەت - بۇيۇملىرىنىڭ يۈزىگە پەم بىلەن يەككە ياكى بىر يۈرۈش گۈل نۇسخىلىرىنى ئويىدۇ. گۈل چىققاندىن كېيىن نۇسخىلىرىغا، ئومۇمەن ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرمىقى ۋە شېخىنى، ئانار، سەبدە گۈل، ياۋا سەبدە، ئەنجۈر، مودەن گۈللىرىنى تېما قىلىدۇ. تېخنىكا جەھەتتە قاپارتىش، يىمىرىش، سىزىق چىقىرىش ۋە تۆشۈك چىقىرىشقا ئوخشاش ئۇسۇللارنى قوللىنىدۇ. ھەربىر قاتار ياكى ھەربىر گۈل ئارىلىقىغا كۆپىنچە ئەگرى سىزىق ياكى ئوخشاش بولمىغان گېئومېتىرىيىلىك نۇسخىلارنى چىقىرىدۇ، نۇسخىلار گۈل - گىياھ بىلەن گېئومېتىرىيىلىك نۇسخىلار بىر - بىرىگە جۇلا بېرىپ، ئۆزئارا تەڭكەش بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قاتلاملىرى ئېنىق، ئاساسلىق گۈللەر گەۋدىلەندۈرۈلگەن. سىزىقلىرى راۋان، كۆرۈملۈك، گۈللىرى زىچ ھەم نەپىس بولۇپ، كۈچلۈك ئىپادىلەش كۈچىگە ئىگە. ئازادلىقتىن كېيىن، مىس بۇيۇملار ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئالاھىدە كېرەكلىك تاۋار قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن كېڭەيتىپ ئىشلەپ چىقىرىلدى*.

ئۇيغۇر گىلىمى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر بۇيۇمى. ئۇ رەسساملىق ۋە نەققاشلىق، توقۇمىچىلىق، كەشتىچىلىك، بوياقچىلىققا ئوخشاش ھۈنەرلەرنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن، ئۇنىڭ تۈرى كۆپ، گۈل نۇسخىلىرى چىرايلىق، رەڭگى ئوچۇق، تېگى زىچ، يۈزىنىڭ جۇلاسى تەكشى، ئارقىقى چىڭ ھەم يۇمشاق، چىدامىلىق بولۇپ، ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. گىلەم كۆپىنچە گۈلىنىڭ مەزمۇنى، مەنبەسى، ئىشلىتىلىش ئورنى ۋە خەلق ئىچىدىكى

---

* لىيۇ يۈڭنېڭ: «ئۇيغۇرلارنىڭ مىس ئويمىچىلىقى» «شىنجاڭ گېزىتى» 1979 - يىل 6 - ئاينىڭ 17 - كۈندىكى سانى، 4 - بەت

قىزىقارلىق ئەڭگىمىلەرگە ئاساسەن تۈرگە ئايرىلىدۇ ۋە ئاتىلىدۇ. گۈل نۇسخىلىرى ئاساسەن مۇنداق بىرنەچچە خىلغا بۆلۈنىدۇ: (1) كەلكۈن نۇسخا: مەنىسى كەڭ دېگەنلىك بولىدۇ. پۈتۈن گىلەمنىڭ يۈزىنى قاپلىغان تۆت بەرگىلىك گۈللەر ۋە باشقا سىزىقچىلار ھەر خىل رەڭدىكى كۆپ قاتلاملىق كاتەكچىلەر ئىچىگە ئېلىنىپ، تۆت تەرەپكە چاچراۋاتقان بۇژغۇندەك كۆرۈنىدۇ. بۇنداق گىلەم ھەرقانداق سورۇنغا باپ كېلىدۇ. (2) چاچما نۇسخا: بۇ چاچما گۈل بولۇپ، بەلگىلەنگەن دائىرە ئىچىدە ئىككى ياكى ئۈچ نۇسخىنىڭ مۇۋاپىق بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان مەركىزىي گەۋدىدۇر. ئۇيغۇرلار ئۇنى ئايگۈل دەيدۇ. (3) ئانارگۈل نۇسخىسى: ئانارگۈل نۇسخىسى ئۇيغۇرلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نۇسخىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ھەر خىل سەنئەت بۇيۇملىرىدا كەڭ قوللىنىلىدۇ. بۇ نۇسخا ئانارنىڭ ئۆزگەرگەن چېچىكى، شېخى، يوپۇرمىقى، غۇنچىسى، مېۋىسىدىن تەركىب تاپقان. پۈتۈن گۈللەر ئۆزئارا ماسلاشقان، تەڭكەش بولغان قويۇق زىننەت ئۇسلۇبىغا ئىگە. (4) بەش چېچەك گۈل نۇسخىسى: بۇ نۇسخىدا گۈللەر تۆتاش ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، ئۆزگىرىش چوڭراق بولىدۇ، رەڭ بوياقلىرى لاتاپەتلىك، سىپتا، مول باھار پەيزىگە ئىگە، گويا يۈك ـ باراقسان ئېچىلغان باھار گۈللىرىگە ئوخشىشىدۇ. (5) ئەدىيال نۇسخا: بۇ زىچ جايلاشتۇرۇلغان ئەترگۈل، چوغلۇق، مودەنگۈل، تۈگمىگۈل، مىزانگۈل، نىلۇپەرگە ئوخشاش ھەر خىل گۈللەردىن ۋە ئۇششاق شاخ، يوپۇرماق ۋە پۈتاق، چىۋىقلاردىن تەركىب تاپقان نۇسخا. ئۇنىڭ گۈلى چوڭ سۈپەت، رەڭ جۇلاسى ئوچۇق، كۆزنى قاماشتۇرىدۇ. (6) قەدىم نۇسخا: بۇ نۇسخا ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ ئۇزاق مۇددەت مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ئارقىسىدا مەيدانغا كەلگەن، قەدىمكىنى تەقلىد قىلىپ ئىشلەنگەن نۇسـ

خىلارنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ، ئادەتتە قىزىل ياكى كۆك ئارقاق ئۈستىگە ئوچاق، داشقان، لوڭقا، كومزەك، پۇل، ساز، شاھمات، كىتاب، سۈرەت، گۈل، دەرەخ شېخى، ئۇچار قۇش، قۇتلۇق ھايۋان، تاغ - دەريا، مەنزىرىلەرنىڭ سۈرىتى چۈشۈ- رۈلۈپ، قەدىمكىنى تەقلىد قىلىپ توقۇلغان. بۇنداق گىلەم كۆركەم، زىننەت قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، كۆپىنچە زىننەت ئۈچۈن ئېسىلىدۇ. (7) شام نۇسخا: بۇ مەككىگە ھەج قىلىشقا بارغان مۇسۇلمانلار ئېلىپ كەلگەن گىلەم نۇسخىسى بولۇپ، رەڭ جۇلاسى سىپايى، بۇنداق گىلەم ئۇلۇغلىنىپ، جايناماز ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. (8) ئىران نۇسخا: بۇ نۇسخا ئىران، تۈركىيە، تۈركمەنىستان، ئافغانىستان قاتارلىق جايلاردىن ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، ھۈنەرۋەنلەر تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلىپ، ئۇيغۇر ئۇسلۇبىغا ئىگە گېئومېترىيىلىك نۇسخىغا ئايلاندۇرۇلغان. ئۇنىڭ گۈللىرى ھەم، سالماق، سىپتا، چوڭ سۈپەت. (9) جاي- ناماز گىلەم: بۇ ئەسلىدە خاس نامازدىلا ئىشلىتىدىغان گىلەم ئىدى. كېيىن ھەم تامغا ئاسىدىغان، ھەم جايناماز قىلىنىدىغان بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، سەنئەت گىلىمى ئازادلىقتىن كېيىن قوشۇلغان سورتلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭدا ھازىرقى زامان رەسىمى بىلەن ئەنئەنىۋى گىلەم نۇسخىلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ، مەنزىرە، ئاسار ئەتىقىلەر، قەدىمىي يادىكارلىقلار چۈشۈرۈلگەن، ئۇ خۇددى بىر پارچە گۈزەل ماي بوياق رەسىمگە ئوخشاش، كىشىگە راستەكلا كۆرۈنىدۇ، مول تۇرمۇش پۇرىقىغا ۋە زىننەت لەززىتىگە ئىگە بەزى نۇسخىلار يەنە ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلار ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ نۇسخىلىرىنىڭ بىرلەشتۈ- رۈلگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇڭا بۇنداق نۇسخىمۇ ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالقىشىغا ئىگە.

ئۇيغۇر گىلىمى ئاساسەن ئۈرۈمچى، قەشقەر، خوتەن،

ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ. ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە ئاسىيا قىتئەلىرىدىكى نۇرغۇن ئەللەرگە سېتىلىدۇ.*

ئۇيغۇرلارنىڭ دوپپىسىمۇ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرىدىنىڭ بىرىدۇر. ھېيت - بايرام، توي - تۆكۈن، تەنتەنىلىك مەرىكىلەرگە كىشىلەر نەپىس تىكىلگەن چىرايلىق دوپپىلىرىنى كىيىپ بارىدۇ. بىر - بىرىدىن چىرايلىق ھەر خىل دوپپىلار كۆزنى قاماشتۇرۇپ، كىشىنى تاڭ قالدۇرىدۇ. دوپپا يەنە كېلىپ كىشىگە سوۋغا، قىلىنىدىغان، بېزەك ئۈچۈن قويۇلىدىغان سەنئەت بۇيۇمى. شۇڭا، ئۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولۇپلا قالماي، ئىچكى ئۆلكىلەردىمۇ ۋە چەت ئەللەرگىمۇ سېتىلىدۇ. ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ گۈلى خىلمۇخىل، شەكلى ھەرياڭزا. دوپپىلارنىڭ گۈلىنى تىكىش ئۇسۇلىغا قاراپ، مەشۇت يىپتا تىكىلگەن سىدام گۈل، مەشۇت يىپتا تىكىلگەن تۆگۈنچەك گۈل، ئۈنچە ئۆتكۈزۈپ تىكىلگەن گۈل، كاتەكچە گۈل، كالۋۇتۇن گۈل، كرېست گۈل، ئىلما گۈل، مەخمەلگە تۆنەپ تىكىلگەن گۈل، سانجىپ ئىلىپ، ئۆتكۈزۈپ، چۆرىدەپ تىكىلگەن ئۇنىۋېرسال گۈل دېگەنگە ئوخشاش تۈرلەرگە ئايرىش مۇمكىن. مۇتلەق كۆپ قىسىم دوپپىلار قول بىلەن لوقچۇپ تىكىلگەن تۆت پارچە گۈلىنى دوپپىنىڭ چوققىسىنى مەركەز قىلىپ بىرلەشتۈرۈپ، قېلىپقا سېلىپ، ئاخىرىدا جىيەك ئورنىتىش بىلەن دوپپا ئۆرە بولۇپ پۈتۈپ چىقىدۇ، يەنە دوپپىنى قاتلاپ ئېلىپ يۈرۈشكىمۇ بولىدۇ. دوپپىنىڭ گۈل نۇسخىسى ئۆزگىرىشچان، پاسونى يېڭى. ئۇلارنى گۈلىنىڭ غولىغا قاراپ مۇنداق بىرنەچچە خىلغا ئايرىش مۇمكىن: يالغۇز گۈلگە مۇۋاپىق نۇسخا: بىر ئۈچ بۇرجەك ئىچىگە ئې-

* جيا يىڭيى، جاڭ خېڭدې: «شىنجاڭ گىلىمىنىڭ قىسقىچە تارىخى» يېنىك سانائەت نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى، 73 -، 79 - بەتلەر.

لىنغان بىر ياكى ئىككى يالغۇز گۈل ياكى بىر يالغۇز گۈل؛ بىر گىرۋەكلىك گۈلدىن تەشكىل تاپقان بىر گۇرۇپپا گۈل، بۇنداق گۈل ئاددىي، تۈزۈلۈشى ھەم بولۇپ، ئادەتتە مەنپۇر دېيىلىدۇ. بۇنداق گۈل كۆپىنچە تۇتۇق رەڭلىك مەخمەلگە ئىكىلىدۇ، تېگىنىڭ رەڭگى بىلەن گۈلنىڭ رەڭگى كۈچلۈك سېلىشتۇرما بولۇپ، كۆزنى قاماشتۇرىدۇ. چاچما گۈللۈك چىمەن نۇسخا: بۇ نۇسخىدا، چاچما گۈللەر قاتار تىزىلىدۇ، بىرنەچچە يەردە شاخ بىلەن چېتىلىدۇ ياكى سىزىق بىلەن ئايرىلىدۇ، بەزىلىرىدە يېرىقلىق سىزىق ياكى چېكىت سىزىق ئىشلىتىلىدۇ، تېگى بىلەن غول سىزىق بىر - بىرىگە سېلىشتۇرما بولۇپ، ئاسماننى قاپلىغان يۇلتۇزغا، زېمىننى قاپلىغان گۈلگە ئوخشىشىدۇ. بۇنداق چاچما گۈللۈك دوپپا تېگى قېلىن، قىرلىرى ئىنك، پىششىق بولىدۇ. بادام گۈل: بۇنداق گۈل بادامنىڭ پوستىنى تەقلىد قىلىپ، شەكلىنى ئۆزگەرتىش ۋە قوشۇش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنىدۇ، بادام نۇسخىنىڭ تۈرى كۆپ، گۈلى ساددا، سىپايە، سىپتا، چوڭ سۈپەت بولۇپ، كۆپرەك ئەرلەر كىيىدۇ. كرېست شەكلىدىن تۈزۈلگەن گۈل: بۇ ھەربىر بەرگە ئىچىدە كرېست شەكىللىك قۇرۇلمىنى غول قىلغان، «✳»، «#»، «⊞» شەكىللىك سىزىقچىلار بىلەن تولدۇرۇلغان گۈل بولۇپ، ئۇنىڭ ئوڭ، سول ئىككى تەرىپىدىكى سىزىقچىلار ماسلاشقان، زىچ جايلاشقان، رەڭگى ئوتتاشتەك، ھەربىر بىرلىك ئىچىدىكى گۈللەر ماسلاشقان، شاخ يېپەكلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن بىر خىل گۈلنى شەكىللەندۈرگەن. ھەربىر جاينىڭ دوپپىسى يەنە رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. خوتەن رايونىدا كاتەكچە گۈللۈك ئايالچە دوپپا ئەڭ داڭلىق. ئۇنىڭ شەكلى ياپپاڭ، تۆت بۇرجەكى كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئۇنى ئاياللار بەك ياخشى كۆرىدۇ. قەشقەر رايونىدا تېگى قارا، گۈلى ئاق، ئۈستى چوڭ، ئاغزى

كىچىك، قىرلىرى كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان ئەرەنچە بادام دوپپا ئالاھىدە ئورۇنىدا تۇرىدۇ. كۇچا رايونىدا ئۈنچە، كۆمۈش قاداق قادالغان، ئۈستى كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان ئايالچە دوپپا كۆپرەك بولىدۇ، بۇنداق دوپپىنىڭ ئۈنچىلىرى قاتار تىزىلغان، كۆمۈش ياپراقچىلىرى چاقناپ تۇرغان، جۇلاسى يالتىراپ تۇرغان گۈللىرى كۆپتۈرمە نەقىشقا ئوخشىشىدۇ. تۇرپان دوپپىسىنىڭمۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بولۇپ، گۈلىنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى كەڭ، ھەممە يېرى سىدام گۈل ۋە قىرغاق گۈلى بىلەن بېزەلگەن، بوش يېرى ئاز، گۈل دوپپىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلىگەن، خۇددى گۈلنىڭ تاجىسىغا ئوخشاش، كۆزنى چاقنىتىپ، كىشىگە باياشاتچىلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. ئىلى رايونىنىڭ دوپپىسى يايپاڭ، يۇمىلاق، رەڭگى سۇس، يارىشىملىق كېلىدۇ، يىغىنچاق، ئاددىي يالغۇز گۈللۈك دوپپا كۆپرەك. دوپپىنىڭ گۈللىرى سىپتا، چوڭ سۇپەت، گۈل نۇسخىسى چەتنىڭ بەزى تەسىرلىرىنى قوبۇل قىلغان. قۇمۇل رايونىنىڭ دوپپىچىلىقى خەنزۇ ۋە باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچرىغاچقا، خەنزۇلار رايونىنىڭ بېزەش ۋاستىلىرىنى قوبۇل قىلغان. قۇمۇل دوپپىسىنىڭ گۈلى كۆپ، رەڭگى ناھايىتى ئوچۇق. كېرىيە، نىيە، چىرىيە، چەرچەن تەرەپلەردە تەخسىگە ئوخشايدىغان، نوقۇل بېزەك خاراكتېرىنى ئالغان بىر خىل دوپپا بار. بۇنداق دوپپىنىڭ دىئامېترى ئون سانتىمېتىرغىمۇ يەتمەيدۇ، ئۇنى ئوتتۇرا ياشلىق ئاياللار بىلەن قېرى ئاياللارلا كىيىدۇ، ئىلگەك بىلەن روملىغا قادىۋالىدۇ، خۇددى بېشىغا قىسىۋالغان گۈلگە ئوخشىشىدۇ، مول زىننەت تۈسىگە ئىگە. ئۆزى زېرەك، قولى ئەپلىك ئۇيغۇر ئاياللىرى دوپپا تىكىش ئۇستىلىرىدۇر، ئۇلار تەبىئەتتىكى مول، رەڭدار گۈللەرنى ئەينەن ئىپادىلەش ئاساسىدا، يۈكسەك دەرىجىدە خىللاپ، ئومۇملاشتۇرۇپ، مۇبالىغە قىلىپ، ئۆزگەرتىپ، قويۇق مەھەللىۋى پۇراق ۋە

كۆچىلۈك مىللىي تۈسكە ئىگە دوپپا گۈلىگە ئايلاندۇرىدۇ. كۆپرەك ئۇچرايدىغان گۈل نۇسخىلىرى گۈل، مېۋە، ئۇچار قۇش، ھاشارات سۈرەتلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە شاپتۇل چېچىكى، ئۆرۈك چېچىكى، ئانار چېچىكى، كېۋەز غوزىسىنىڭ گۈلى، بادام، ئانار، شاپتۇل، ئۈزۈم، بۇغداي باشقى، پۇرچاق، قۇش، قۇشقاچ، توخۇ، ئۆردەك، پىلە، كېپىنەك، يۇلتۇز، ئاي، قار ئۇچقۇنى قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا، گېئومېترىيىلىك نۇسخىلارنى كۆپلەپ قوللىنىپ، گۈللەرنى تېخىمۇ ئۆزگىرىشچان قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ دوپپىسىدىكى گۈل ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىسى ۋە ئۇسلۇبىنى ساقلاپ ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپلا قالماي، خەنزۇلارنىڭ بەزى ئەنئەنىۋى گۈل نۇسخىلىرى، مەسىلەن، دېڭىز دولقۇنلىرى، باراقسان نىلۇفەر، بەرغەمۇتلارنىمۇ قوبۇل قىلىپ، گۈل نۇسخىلىرىنى تېخىمۇ بېيىتىپ ۋە رەڭدار قىلىپ، گۈزەل مىللىي مىراسنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلىغان ۋە يېڭىلىق ياراتقان.*

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيىدە ياستۇق، تەكيىي باشقا قويىدىغان سەرەمجان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سەنئەت بۇيۇمى قاتارىدا تىزىپ قويۇلىدۇ. شەھەردە كۆپىنچە مېھمانخانىدىكى كارىۋات ياكى چامادانىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئۈستىگە بىر قەۋەت ئۈچۈق رەڭلىك ھىلھىلە ياغلىق يېپىپ قويۇلىدۇ. ياستۇقنىڭ گۈلى غۇۋا، ئەمما گۈزەل، ئازادە كۆرۈنۈپ، ئۆيگە ھۆسن بېرىدۇ. يېزىلاردا ياستۇقنى مەرەپكە ياكى كاڭغا تىزىپ قويىدۇ. ياستۇقنىڭ پاسونى كۆپ، تولاراق ئۇچرايدىغىنى چاسا ياستۇق، جۈغى خەنزۇلارنىڭكىدىن كۆپ چوڭ. ياستۇققا بېجىش، لۇقچۇش، تۆنەش ئۇسۇلى بىلەن نۇرغۇن گۈزەل گۈللەر تىك-

* شىيې كەي قاتارلىقلار: «شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ دوپپا گۈلىدىن توپلام» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى.

لىدۇ. ياستۇق كۆلدە كۆپرەك گۈل - گىياھ، ئۇچار قۇشلار ئۇلگە قىلىندۇ. گۈللەر رەڭگارەڭ، تەسەۋۋۇرغا باي، ئەپچىل، گۈللەرنىڭ بەزىلىرى غۇنچىلاپ ئېچىلاي دەپ قالغان، بەزىلىرى بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە غۇنچە، بەرگە، ياپىراق تومۇرلىرىنى، سىزىقچىلارنىڭ قۇرۇلمىسىنى، رېڭىنىڭ ئاچ - توقلۇقىنى، يىڭنە ئىزىنىڭ زىچ - شالاڭلىقىنى، ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ قېنىق - سۇسلۇقىنى پەرقلەندۈرۈش بىلەن ھەرخىل كۆرۈنۈشلەرنى ھاسىل قىلالايدۇ. ياتلىق بولىدىغان قىزنىڭ جابدۇقى ئىچىدە، ياستۇق كەم بولسا بولمايدىغان نەرسىدۇر*.

ئەتلەس رومانىتىك تۈسكە باي، ئۇيغۇر ئاياللىرى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مەشۇت رەخت. ئۇ ئۆرۈشنى بوغۇپ، بوياش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، گۈلنىڭ تەلىپى بويىچە ئۆرۈش يىپىنى بوغۇپ تۇرۇپ بويىلىدۇ. بوياش جەريانىدا گۈلگە بوياقنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەبىئىي جۇلا پەيدا بولۇپ، قۇرۇق قەلەمدە سىيپىغاندەك ئۈنۈم بېرىدۇ. گۈللەر بىر - بىرىگە ئۆتۈشكەن، تارقاق، لېكىن مالىماتاڭ ئەمەس ھەم گۈللەرنىڭ قاتلاملىق كۆرۈنۈشىنى ۋە رېڭىنىڭ ئۆتكۈنچى يۈزىنى ئاشۇرغان، ھەم گۈللەرنىڭ ئۆزگىرىشچانلىق ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. ئەتلەس چىققان جايىغا قاراپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. بىر خىلى خوتەن، لوپ ئەتلىسى. بۇنىڭدا ئاق بىلەن قارىنىڭ ماسلىشىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بوشلۇق بىلەن گۈلنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق. گۈللەرنىڭ ئوبرازى جۇشقۇن ھەم كۆركەم بولۇپ، كۆپىنچىسىنىڭ تېگى قارا، گۈلى ئاق ياكى گۈلى قارا

* تيەن چى: «ياستۇق گۈلى» «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى» نىڭ 1981 - يىل 6 - سانى، مۇقاۋىنىڭ 3 - بېتى؛ «شىنجاڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى قوللانمىسى»، 99 -، 100 - بەتلەر.

تېگى ئاق، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ قىزىل، سېرىق، كۆك گۈل چىقىرىدىغانلىرىمۇ بار. گۈللەر شالاڭ بولسىمۇ كۆرۈمسىز ئەمەس، ساددا بولسىمۇ ئاددىي ئەمەس. ھەربىر كىيىملىك ئەتلەسنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى بار، ئوخشاشلىرى ناھايىتى ئاز. يەنە بىر خىلى قەشقەر، يەكەن ئەتلىسى. بۇنداق ئەتلەس گۈلىنىڭ ئوچۇقلۇقى بىلەن داڭلىق. ئۇنىڭ يۈزىدە قاتار تىزىلغان، كەڭ ـ تارلىقى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان سوزۇنچاق گۈل بار، قۇرۇلمىسى زىچ، ھىم، دائىم يېشىل، كۆك، شاپتۇل چېچەكى، ئاچ سېرىق، ئاچ سۆسۈنە، قارا، ئاق رەڭ ئىشلىتىلىدۇ. سوزۇنچاق گۈللەرنىڭ تىزىلىشى بىلەن رەڭگى كۈچلۈك سېلىشتۇرما بولۇپ، ھەر خىل جۇلا بېرىپ، كۆزنى قاماشتۇرىدۇ. ئەتلەس توقۇشتا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان گۈل نۇسخىسى بادامگۈل، تاختىگۈل ۋە تارغاقگۈل. ئازادلىقتىن كېيىن، يىپەك توقۇمىچىلىقىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەتلەس توقۇش تېخنىكىسى ياخشىلاندى، گۈل، تۈس جەھەتتە نۇرغۇن يېڭىلىقلار يارىتىلدى.*

ئۇيغۇرلارنىڭ باسما گۈللۈك رەختىمۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ياخشى كۆرىدىغان تىپىك قول ھۈنەر سەنئەتى بۇيۇمى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى قول بىلەن ئىشلىنىدىغان، ئۆزى ئىجاد قىلغان گۈل بېسىش، بوياش تېخنىكىسىنى مىللىي ئۇسلۇبىدىكى گۈل بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ، زىننەت قىممىتىگە ۋە قويۇق مەھەللىۋى پۇراققا ئىگە قىلغانلىقىدا. بۇنداق گۈللەرنى تامغىدا باسقان كۆپ رەڭلىك باسما گۈل ۋە كاۋاك قېلىپتا باسقان بىر خىل رەڭدىكى باسما گۈل دەپ ئىككى خىلغا ئايرىش مۇمكىن. تامغىدا باسقان كۆپ رەڭ-

* «شىنجاڭ مەنزىرىلىرى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 - يىل نەشرى، 310 - 311 - بەتلەر).

لىك گۈل، گۈل نۇسخىسىنى قېلىپقا سىزىپ قاپارتمىسى ئېنىق بولغان گۈللەر ئويۇپ چىقىلغاندىن كېيىن، تامغىغا بوياقنى سۈركەپ ئاق رەختنىڭ ئۈستىگە بېسىش بىلەن پۈتۈپ چىقىدۇ. بۇنداق كۆپ رەڭلىك باسما رەخت تولاراق كىيىم ئەستىرى، زەدىۋال، مەرەپ ياپقۇچ، دېرىزە پەردىسى، شىرە يوپۇقى، داستىخان، بوغجىما، بەلباغ، كۆرپە كىرلىكى ياكى جايناماز قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. كاۋاك قېلىپتا بېسىلغان بىر خىل رەڭدىكى گۈللۈك رەخت مۇنداق بېسىلىدۇ: گۈلنى قېلىن قەغەز تاختا ياكى تۈنىكىگە سىزىپ، گۈلنى ئويۇپ ئېلىۋەتكەندىن كېيىن قېلىپ ھاسىل بولىدۇ، گۈل باسىدىغان چاغدا قېلىپنى ئاق رەختنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، گەج لاي (گەجگە ئاق ئۇن ۋە ئاز مىقداردا تۇخۇم ئېقى ئارىلاشتۇرۇپ ياسىلىدۇ) نى ئويۇپ ئېلىۋېتىلگەن گۈلنىڭ ئورنىغا سۇۋاپ، قېلىپ چىقىرىۋېلىنىدۇ، گەج قۇرۇغاندىن كېيىن رەختنى بوياققا سالىدۇ، قۇرۇغاندىن كېيىن گەجنى سويۇۋەتسە، بوياق بىلەن ئاقنىڭ ئارىلىقىدىن گۈل چىقىدۇ. بۇنداق گۈللۈك رەخت كۆپرەك زەدىۋال، كارىۋات ئەدىيالى، رەڭلىك ئەدىيال قىلىنىدۇ. بۇ ئىككى خىل گۈللۈك رەختنىڭ ھەر ئىككىسى ئۇزۇن تارىخقا، ئېنىق مىللىي ئۇسلۇبقا، قېنىق مەھەللىۋى تۈسكە ۋە قويۇق زىننەت قىممىتىگە ئىگە. بۇنداق گۈللەرنىڭ نۇسخىلىرى كۆپرەك رېئال تۇرمۇش ۋە تەبىئەتتىكى خىلمۇخىل نەرسىلەردىن ئېلىنىدۇ. ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان غول گۈل نۇسخىلىرى شاخ - يوپۇرماق، غۇنچە، پىلەكلىك گىيالاردىن ئىبارەت. ئادەتتە ئىشلىتىلىدىغان گۈللەر بادامگۈل، ئانارگۈل، مودەنگۈل، نىلۇفەر گۈل ۋە قەدىمكى نەرسىلەرنىڭ سۈرىتىدىن ئىبارەت. ساز، شاھمات، كىتاب سۈرەتلىرىگە ئوخشاش گۈللەرمۇ باسما گۈللۈك رەختنىڭ گۈلىگە ئۈستىلىق بىلەن قو-

بۇل قىلىنغان*.

پېچىسار پىچىقى ئاساسەن پېچىسار ناھىيىسىدىن چىققانلىقى ئۈچۈن شۇنداق نام ئالغان. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ داڭلىق ئەنئەنىۋى قول سەنئىتى بۇيۇملىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بىر نەچچە يۈز يىللىق ئىشلەپچىقىرىش تارىخىغا ئىگە. ئۇنىڭ شەكلى چىرايلىق، يۈزى تەكشى، پارقىراق، بىسى ئۆتكۈر، ئۇنىڭ دەستىسىگە كۈمۈش، تۇچ، قاشتېشى، سۆڭەك، سەدەپ قاتارلىق نەرسىلەردىن نەقىش قويۇلۇپ، مىللىي ئۇسلۇبتا گۈل چىقىرىلغان، نەپىس تېرە غىلاپلىرى بار، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك. ئازادلىقتىن كېيىن، بۇ ئەنئەنىۋى مەھسۇلات تېز تەرەققىي قىلدى، مەھسۇلات مىقدارى كۆپ ئاشتى، سۈپىتى ئۆستى.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ «كەشتە كىگىز» دەپ ئاتىلىدىغان كەشتىلەنگەن كىگىز بىلەن «تەگلىمات» دەپ ئاتىلىدىغان گۈل قويۇلغان كىگىزى ۋە «باسما گۈللۈك كىگىز» دەپ ئاتىلىدىغان گۈل بېسىلغان كىگىزلىرىمۇ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە قول ھۈنەر سەنئىتى بۇيۇملىرىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كەشتىلەنگەن كىيىم - كېچەك، قوندۇرۇلغان گۈل، سىزىلغان رەڭدار گۈل، نەقىشلىك ساندۇق، بەلباغ ۋە ساپال بۇيۇملار ھەم تۇرمۇش بۇيۇمى، ھەم نەپىس ئىشلەنگەن سەنئەت بۇيۇمى بولۇپ، ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ كامالىغا يەتكەن ھۈنىرىنى نامايان قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن بۇيان، ئۇلارنىڭ گۈزەل سەنئىتى شەكىل جەھەتتە ناھايىتى كۆپ ئۆزگەردى. ئىسلام دىنى بۇتقا چوقۇنۇشقا قارشى تۇرغانلىقتىن، گۈزەل سەنئەت گۈل تەرەپكىلا تەرەققىي قىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە،

---

* «ئۇيغۇرلارنىڭ باسما گۈللۈك رەختلىرىدىكى گۈللەردىن تۇپلام» نىڭ كىرىش سۆزى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىل نەشرى. «شىنجاڭ مەنزىرىلىرى».

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى گۈل بېزەكلىرى ئەزەلدىنلا ناھايىتى گەۋدىلىك بولغاچقا، تەدرىجىي ھالدا ئالاھىدە بىر خىل شەكىل ۋۇجۇدقا كەلگەن. بۇ ئالاھىدىلىك مەسچىت، قەبرىلەرنىڭ قۇرۇلۇشىدىكى بېزەكلەردە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسىدە گەج ئارىلاشمىسى ۋە رەڭلىك ساپال خىشلاردىن ئۆرنەك بويىچە جۈپلەپ ھەر خىل تىزىلما ۋە چاپلانمىلار چىقىرىلغان. تام ۋە تورۇس، پېشايۋان ۋە تۈۋرۈكلەرنىڭ ھەممىسىگە رەڭدار، ئوچۇق گۈل سىزىلغان. بەزى پېشايۋان ۋە تۈۋرۈكلەردە نەپىس ئويما نەقىشلەرمۇ بار. بېزەكلەرنىڭ تېمىسى ئۆسۈملۈك ۋە گېئومېترىيىلىك نۇسخىلارنى ئاساس قىلغان. گۈللەر كۆپىنچە ئىككى بۇلۇڭ ۋە تۆت بۇلۇڭلارنى جۈپلەش، توغرىلاش، گىرەلەشتۈرۈش، ئۇلاش، ئايلاندۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن چىقىرىلغان. گەج بىلەن چىقىرىلغان گۈللەر ئۆزىگە خاس گۈل سىزىش ۋە ئويۇش تېخنىكىسى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئالاھىدە بېزەكچىلىك ئۇسلۇبىنى نامايان قىلىدۇ. ئۇنىڭدا تامنىڭ تورۇسقا تۇتىشىدىغان يېرىگە، مەرەپنىڭ چۆرىسىگە باب كېلىدىغان لېنتا شەكىللىك گۈللەر، تامنىڭ يۈزىگە باب كېلىدىغان ئۇچى ئۇچلۇق ئەگمە شەكىللىك گۈللەر ۋە تورۇسقا باب كېلىدىغان يۇمىلاق، كۆپ بۇرجەكلىك گۈللەر بار. تېما جەھەتتە مودەنگۈل، نىلۇفەر، ئاپتاپپەرەس، سەبدە گۈل، مېيخۇاگۈل، قىزىلگۈللەر ئاساس قىلىنىدۇ. گەج گۈللەر ئادەتتە قاپارتىش ئۇسۇلى بىلەن چىقىرىلىدۇ، ئايرىم جايلىرىغا (مەسلەن، مەرەپ شەكىللىك گۈللەرنىڭ چۆرىسىگە) چوڭقۇر ئويۇش، ئۆتتۈشمە قىلىپ ئويۇش ئۇسۇلىمۇ قوللىنىلىدۇ. رەڭلىك گۈللەر مەسچىتلەرنىڭ كەڭ تورۇس، خار، جەگلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ. تېما، گۈل بىلەن گەج بېزەك ئوخشاش بولىدۇ، ئىگانىدا بىر پۈتۈن مەنزىرىنىڭ سۈرىتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ياغاچ ئويمىنىڭ بى-

ناكارلىقتا ئىشلىتىلىشى گەج گۈل ۋە رەڭلىك سۈرەتتىن بۇرۇن
بولغان، يېقىنقى يۈز يىلدىن بۇيان ئاندىن ئۇنىڭ ئورنىنى
رەڭلىك سۈرەت ئالدى. ياغاچ ئويما تۈۋرۈك، خاۋ، جەگە ۋە
ئىشىك - دېرىزىگە ئىشلىتىلىدۇ، ياغاچقا ئويۇلىدىغان گۈل
كۆپرەك شاپتۇل، ئۈرۈك، ئۈزۈم، ئانار، نىلۇفەرلەرنى يەككە
گۈلنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قىلىدۇ. خىشنى جۈپلەپ چىقىرىدىغان
گۈللەر خىش بىلەن قوپۇرۇلىدىغان تامنىڭ يۈزىگە، ئۇل تامغا،
تۈۋرۈك ۋە پەلەمپەيىنىڭ دوكاللىرىغا ئىشلىتىلىدۇ. خىشنىڭ رەڭ-
گى توق سېرىق، خىشنىڭ ئارىلىقىغا سىلىنغان گەج ئاق، قارا،
توق يېشىل بولىدۇ. خىشتىن چىقىرىلغان گۈللەرنىڭ كۆپى گېـ
ئومېترىيىلىك گۈللەر؛ يەككە گۈللەرنىڭ ئۆزئارا كىرىشتۈرۈلۈشى
بىلەن ئۆزگىرىشچان، مۇكەممەل تۆت بۇرجەك چاتما گۈل ھا-
سىل بولىدۇ. قېلىپلىق خىش ياكى قىبۇجا خىشلارنى ئۇلاپ
ياكى ئارىلاپ تىزسا، كۆچلۈك نۇر چاقنىتىدىغان گۈل ھاسىل
بولىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن پېشايۋان ۋە ئىشىك - دېرىزىنىڭ چۆ-
رىسى زىننەتلىنىدۇ. كاھىش بىلەن گۈللۈك چاقچۇق ئاساسەن
مەدرىس ۋە قەبرىستانلىقلارنىڭ دەرۋازىسىغا، قەبرە تېمىغا،
گۈمبەز، مۇنارىلەرگە ئىشلىتىلىدۇ*. قۇمۇل شەھرىنىڭ غەربىي
جەنۇبىدىكى قۇمۇل ۋاڭىنىڭ قەبرىسى بېشىرۋاڭ تەختىنىكى مەز-
گىلىدە (1820 — 1866 - يىللىرى) ياسالغان. قەبرىنى يا-
ساشقا 20 يىل كەتكەن. قەبرىنىڭ ئاستى چاسا، ئۈستى يۇ-
مىلاق، ئېگىزلىكى 20 غۇلاچ، ئۈستى گۈمبەزگە ئوخشاش يا-
سالغان، ناھايىتى ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك. قەبرىنىڭ تېمى پۈ-

* جۇڭگو بىناكارلىق تېخنىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەركىزى
بىناكارلىق تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئورنى تۈزگەن «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار-
نىڭ بىناكارلىق بېزەكلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل
نەشرى، 10 -، 12 - بەتلەر.

تۈنلەي تېگى ئاق، گۈلى كۆك چاقچۇق خىش بىلەن ئېتىلگەن، كۆرۈنۈشى سىپايى، چوڭ سۇپەت. ۋاڭ قەبرىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاتار تىزىلغان، ياغاچ قۇرۇلمىلىق، ئۈچمىراۋان گۈمبەز شەكلىدە، پۈتۈنلەي خەنزۇلارنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا ياسالغان ئىككى قەبرە بار. قەبرىلەرنىڭ ئارقىسىدا مىڭدىن ئارتۇق ئادەم سىغىدىغان كاتتا مەسچىت بار. مەسچىت ئىچىگە ناھايىتى چىرايلىق چاقماق گۈل چىقىرىپ، كۆك خىش ياتقۇزۇلغان، تۆت تېمىغا قۇرئان كەلىمىلىرى رەڭلىك قىلىپ يېزىلغان. ۋاڭ قەبرىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە تېخنىكىسىنىڭ جەۋھىرىنى ئىپادىلەيدۇ*.

ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ نەپىس سەنئەت ئىشلىرى خېلى تەرەققىي قىلدى، خەلق ئىچىدىكى ھۈنەرۋەنلەر پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ئېتىبارىغا ئېرىشتى، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللار توپلىغان تېخنىكىسى ۋە تەجرىبىلىرىنى ياشلارغا ئۆگەتتى، يېڭىدىن بىر تۈركۈم ياش گۈزەل سەنئەت خىزمەتچىلىرى ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە شىنجاڭدىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ گۈزەل سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا بەلگىلىك رول ئوينىدى.

* «قۇمۇل ۋاڭى قەبرىسىنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى» «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى» 1981 - يىلى، 3 - سان، 22 - بەت.

# ئون ئالتىنچى باب
# ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ۋە دىنىي ئېتىقادى

## 1 — بۆلۈم ئائىلە، نىكاھ ۋە دەپنە ئىشلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلىسى ئەر - خوتۇن مۇناسىۋىتى ئاساسىدىكى كىچىك ئائىلىدۇر. ئائىلە ئەزالىرى ئادەتتە ئۈچ ئەۋلاد بىۋاستە ئۇرۇق - تۇغقانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كۆپ پەرزەنتلىك ئائىلىدە، ئوغۇل بالاغەتكە يېتىپ ئۆيلەنگەندىن كېيىن، ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئۆز ئالدىغا ئۆي تۇتىدۇ. لېكىن ئاتا - ئانىلار ئادەتتە ئەڭ كىچىك ئوغلىنى قېرىغاندا ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان، ئۆلۈمىنى ئۇزىتىدىغان يۆلەنچۈك قىلىش ئۈچۈن ئۆز يېنىدا ئېپقالىدۇ. يالغۇز ئوغۇل ئۆي ئايرىپ چىقمايدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ئۈچ ئەۋلاد بىۋاستە قانداش تۇغقانىنىڭلا ئېنىق نامى بار. مەسىلەن، «دادا»، «چوڭ دادا»، «ئانا»، «چوڭ ئانا»، «ئاكا»، «ئۇكا»، «ئاچا»، «سىڭىل» دېگەنگە ئوخشاش. بۇلاردىن باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭمۇ ئېنىق نامى بار، لې-

كىشى ئانچە قوللىنىلمايدۇ، ئادەتتە يېشىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ، ئاتا، ئانا، ئاكا، ئۇكا، ئاچا، سىڭىل دەپ ئاتايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسمى ئادەتتە ئۆز ئىسمى بىلەن ئاتىسىنىڭ ئىسمىدىن تەركىب تاپىدۇ، يەر نامىنى قوشۇپ ئاتايدىغان ئەھۋالمۇ بار. ئۆز ئىسمى ئالدىدا، ئاتىسىنىڭ ئىسمى كەينىدە بولىدۇ. مەسىلەن: «ئوسمان تۇرسۇن» دېگەندىكى «ئوسمان» ئۆز ئىسمى، «تۇرسۇن» ئاتىسىنىڭ ئىسمىدۇر. ئەرلەرنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا كۆپىنچە «ئاخۇن» قوشۇلىدۇ، مەسىلەن، «ئوسماناخۇن» دېگەنگە ئوخشاش. ئاياللارنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا كۆپىنچە «خان» قوشۇلىدۇ، مەسىلەن، «ئايخان» دېگەنگە ئوخشاش.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى مىراس ئادەتتە بىۋاستە تۇغقانلارغا تەقسىم قىلىناتتى، لېكىن ئۆلگۈچىنىڭ ۋەسىيىتىگە بىنائەن شىرەم تۇغقانلىرىغىمۇ تەقسىم قىلىناتتى. مىراس تەقسىم قىلىش پرىنسىپى ئەرلەرنى ئەزىز، ئاياللارنى خار كۆرىدىغان قاراشنى ئىپادىلەيتتى. ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەت بويىچە، بىۋاستە ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ھەممىسى مال - مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن قىز بالىغا ئوغۇلنىڭكىدىن يېرىم ھەسسە ئاز تەقسىم قىلىناتتى. ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى مىراس ئۇلارنىڭ پەرزەنتى بار - يوقلۇقىغا قاراپ تەقسىم قىلىناتتى. ئەر ئاۋۋال ئۆلۈپ كەتسە، پەرزەنتى بولسا، ئەردىن قالغان مىراسنىڭ سەككىزدىن بىر قىسمى خوتۇنغا، قالغىنى پەرزەنتلىرىگە تەقسىم قىلىناتتى. پەرزەنتى بولمىسا، تۆتتىن بىر قىسمى خوتۇنغا، قالغىنى ئەرنىڭ ئاغا - ئىنىلىرى ۋە باشقا تۇغقانلىرىغا تېگەتتى. خوتۇن ئاۋۋال ئۆلۈپ كەتسە، پەرزەنتى بولمىسا، مىراسنىڭ يېرىمى ئەرگە، قالغىنى خوتۇنىنىڭ بىۋاستە يېقىن تۇغقانلىرىغا تېگەتتى. پەرزەنتلىرى بولسا، مىراسنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى ئەرگە، قالغانلىرى پەر-

زەنتلىرىگە تېگەتتى. بېقىۋالغان ئوغۇل - قىزىنىڭ مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى يوق ئىدى. ئاتىسى ئۆگەي پەرزەنتلەر پەقەت ئۆز ئانىسىنىڭ مال - مۈلكىگىلا ۋارىسلىق قىلالايتتى، ئۆگەي ئانىسىنىڭ مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلالمايتتى*. ناۋادا ئۆلگۈچىنىڭ يا ئاتا - ئانىسى، يا پەرزەنتى، يا بىر تۇغقان ئاغا - ئىنىسى، ئاچا - سىڭلىسى ۋە ياكى جىيەنى بولمىسا، ئۇنىڭ مال - مۈلكى مەسچىتنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتۈپ كېتەتتى.

ئازادلىقتىن بۇرۇن، ئائىلىدە ئاتا ياكى ئەر كىشى ئائىلە باشلىقى ھېسابلىناتتى، ئائىلىدىكى بارلىق ئىشلار ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە بولاتتى. ئائىلىدە ئەر بىلەن خوتۇننىڭ ئورنى باراۋەر ئەمەس ئىدى، ئاياللار ئەرلەرنىڭ سۆزىنى قول قوشتۇرۇپ ئاڭلىشى لازىم ئىدى. ئاياللار ئۆيگە باغلىنىپ قالغان بولۇپ، ئىختىيارىچە تالا - تۈزگە چىقىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشىغا يول قويۇلمايتتى، ئۇلاردا ئائىلىنىڭ مال - مۈلكىنى سورۇشتۇرۇش ياكى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى يوق ئىدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتنىشىشىغىمۇ رۇخسەت قىلىنمايتتى. ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرى، يۈرۈش - تۇرۇشلىرى يەنە دىنىي قائىدە - يوسۇنلارنىڭ قوپال مۇداخىلىسىگە ئۇچرايتتى، ئۇلار سىرتقا چىقسا چۈمبەل تارتىشى، رومال ئارتىشى، بالاغەتكە يەتكەن ئەرلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى لازىم ئىدى. ئاتىلىق ھوقۇقى، ئەرلىك ھوقۇقى ۋە دىنىي جەھەتتىكى چەكلىمىلەر ئاياللارنى ناھايىتى بەك ئازابلايتتى. ئىجتىمائىي -

* چېن گۇجۇڭ: «ئۇيغۇرلارنىڭ مىراس تۈزۈمى» «جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل نەشرى، 202 - 206 - بەت.

ئىقتىسادىي بازىسىنىڭ ۋە سىنىپىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئائىلە مۇناسىۋىتىدىمۇ غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى، ئاياللار ئەرلەر بىلەن پۈتۈنلەي باراۋەر هوقۇققا ئېرىشتى، شۇنىڭ بىلەن يېڭى، ئىناق ئائىلە شەكىللەندى.

ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ تۈزۈمى ئاساسەن بىر ئەر، بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمدۇر. نىكاھ دائىرىسى ئادەتتە ئۆز مىللىتى ئىچىدە بولىدۇ. ئازادلىقتىن ئىلگىرى، جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدا بىر ئەر ئىككى - ئۈچ خوتۇن، ھەتتا تۆت خوتۇن ئالىدىغان ئەھۋالمۇ بولغان، لېكىن بۇنداقلار ئىنتايىن ئاز ئىدى. ئەر ئۆلگەندىن كېيىن، ئەرنىڭ ئاغا - ئىنىلىرى ئۇنىڭ خوتۇنىغا ئۆيلىنىشكە بولمايدۇ، خوتۇن ئۆلگەندىن كېيىن، پەرزەنتلەرنى نەزەردە تۇتۇپ ۋە ئائىلە مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئېرى خوتۇنىنىڭ ئاچىسى ياكى سىڭلىسىغا ئۆيلىنىسە بولىدۇ. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن خوتۇن ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتسىمۇ ياكى باشقا ئەرگە تەگسىمۇ بولىدۇ. باشقىلار بۇنىڭغا ئارىلىشالمايدۇ. ئېرى ياكى خوتۇنى ئۆلگەنلەر ئادەتتە بىر يىلدىن كېيىن قايتا نىكاھلىنالايدۇ. ئازادلىقتىن بۇرۇن دىنىنىڭ نىكاھلىنىش دائىرىسىگە قويىدىغان چەكلىرىمۇ ناھايىتى قاتتىق ئىدى، ئىسلام دىندىكىلەرنىڭ باشقا دىندىكىلەر بىلەن نىكاھلىنىشى مۇتلەق چەكلىنەتتى، ۋولۇپمۇ ئاياللارنىڭ باشقا دىندىكىلەر بىلەن نىكاھلىنىشى قاتتىق چەكلىنەتتى، خىلاپلىق قىلغۇچىلار شەرىئەتنىڭ جازاسىغا تارتىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، نىكاھلىنىشتا تەبىقە كۆز قارىشىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى، بايلار بىلەن كەمبەغەللەرنىڭ نىكاھلىنىشى ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدىغان ئەھۋال ئىدى. لېكىن فېئوداللىق ئىمتىيازغا ئىگە بايلار دىتىغا يېقىپ قالغان كەمبەغەللەرنىڭ قىزلىرىنى خالىغانچە كىچىك خوتۇنلۇققا ئالاتتى ۋە خالىغانچە تاشلىۋېتەتتى.

ئازادلىقتىن بۇرۇن، ياشلارنىڭ نىكاھ ئىشلىرىغا ئاتا-ئانىلىرى ئارىلىشاتتى، قىز-ئوغۇللارنىڭ ئادەتتە نىكاھ ئەركىنلىكى بولمايتتى. نىكاھلىنىش يېشى دىنىنىڭ تەسىرىگە بىۋاستە ئۇچرايتتى، دىندا ئوغۇل 12 ياشقا، قىز توققۇز ياشقا كىرسە بالاغەتكە يەتكەن ھېسابلىنىپ، چوڭلار قاتارىدا تولۇق دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشى زۆرۈر دەپ بەلگىلەنگەن، شۇڭا نىكاھلىنىشمۇ بولۇۋېرەتتى. قىزلارنىڭ يېشى بىرئاز چوڭىيىپ ياتلىق قىلىنمىسا، ئاتا-ئانىلىرى گەپ-سۆزگە قالاتتى. ئاتا-ئانىلار بالدۇرراق ئەۋلاد قالدۇرۇش ۋە قېرىغاندا باققۇچىسى بولۇشنى كۆزلەپمۇ پەرزەنتلىرىنىڭ بالدۇرراق نىكاھلىنىشىنى خالايتتى. شۇڭا ئۇيغۇرلاردا بالدۇر نىكاھلىنىدىغان، يەنى ئومۇمەن ئوغۇللار 16 — 18 ياشلاردا، قىزلار 15 — 17 ياشلاردا نىكاھلىنىدىغان ئەھۋال شەكىللەندى. بۇنىڭ بىلەن يىگىت-قىزلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى سالامەتلىكىگە ئېغىر زىيان يەتتى، ئاياللار بالدۇر قېرىپ كېتىدىغان ئەھۋال ئېغىر ساقلاندى. ئەۋلادلارنىڭ ئۆسۈپ-يېتىلىشىگىمۇ تەسىر يەتتى. ئازادلىقتىن كېيىن، نىكاھ قانۇنىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، بالدۇر نىكاھلىنىش ھادىسىلىرىمۇ تەدرىجىي ئۆزگەرمەكتە.

نىكاھلىنىش جەريانى ئادەتتە تونۇشتۇرۇش، چاي ئىچۈرۈش ۋە توي قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئوغۇل تەرەپ ئوغلىغا لايىق تاللىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تۇغقىنى ياكى دوستىدىن بىرنەچچە كىشىنى قىز تەرەپكە ئەلچىلىككە ئەۋەتىدۇ، قىز تەرەپنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئوغۇلنىڭ ئانىسى كىيىملىك رەخت، چاي، قەنت-گېزەك قاتارلىق سوۋغاتلارنى ئېلىپ ئۈچ-تۆت ئايال تۇغقىنى ياكى دوستى بىلەن قىزنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ ۋە قىزنىڭ ئانىسى بىلەن بىۋاستە

كۆرۈشۈپ، چوڭ چىيىنىڭ ۋاقتىنى بېكىتىدۇ (بۇ ئادەتتە كىچىك
چىيى دەپ ئاتىلىدۇ). چاي ئىچۈرىدىغان چاغدا، ئوغۇلنىڭ ئاتا-
ئانىلىرى يېقىن تۇغقانلىرى بىلەن تويلۇق رەخت، يېرىم قوينىڭ
گۆشى، ماي، گۈرۈچ، نان، سەۋزە، قەنت - گېزەك قاتارلىق
سوۋغاتلارنى ئېلىپ قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، قىزنىڭ ئاتا -
ئانىسى ۋە يېقىن تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشىدۇ. قىز تەرەپنىڭ
داستىخىنىغا داخىل بولغاندىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپ ئېلىپ بار-
غان نەرسىلەرنى ئوتتۇرىغا بىر - بىرلەپ نامىنى ئاتاپ تۇرۇپ
كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن توي كۈنى ۋە تويغا كېتەرلىك
نەرسە - كېرەكلەر ئۈستىدە پۈتۈشىدۇ (بۇ ئادەتتە چوڭ چىيى
دەپ ئاتىلىدۇ). توي مەرىكىسى بۇرۇن ئادەتتە ئىككى كۈن ئۆت-
كۈزۈلەتتى، ھازىر كۆپىنچە بىر كۈن ئىچىدىلا قىزنى ئوغۇلنىڭ
ئۆيىگە كۆچۈرۈپ بولىدۇ. توي مەرىكىسىنى ئۆتكۈزۈشتە، ئوغۇل
تەرەپ بىر كۈن ئىلگىرى تويلۇق ۋە تويغا كېرەكلىك نەرسىلەر
(ئادەتتە قوي، گۈرۈچ، ياغ، سەۋزە، نان، چاي، قەنت،
تۇز، ئوتۇن ياكى كۆمۈر قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نى
قىزنىڭ ئۆيىگە يەتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك. توي كۈنى، توي
قىلىدىغان يىگىت، يىگىت قولدىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا قىزنىڭ
ئۆيىگە نىكاھ ئوقۇتقىلى بارىدۇ. پاتىھە ئوقۇلىدىغان چاغدا،
ئەرلەر سول تەرەپتە، ئاياللار ئوڭ تەرەپتە ئۆرە تۇرىدۇ، ئاخۇن
ياكى ئىمام نىكاھ پاتىھەسىنى ئوقۇپ بولۇپ، توي قىلىدىغان
قىز - يىگىتتىن رازىلىق سورايدۇ. ئۇلار رازىلىقىنى بىلدۈرگەندىن
كېيىن، ئاخۇن ياكى ئىمام تۇز سۈيىگە تەگكۈزۈلگەن ئىككى
بۇردا ناننى قىز بىلەن يىگىتكە ئۇزىتىدۇ، ئۇلار ناننى ئىككى
قوللاپ ئېلىپ، شۇ سورۇندىلا يەپ، جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە
بولىدىغانلىقىنى، ئۆمۈرلۈك ئەر - خوتۇن بولىدىغانلىقىنى بىلدۈر-
دۇ. كەچقۇرۇن، يۈزى چۈمكەلگەن يېڭى كېلىن داقا - دۇمباق،

ناغرا ـ سۇناي ساداسى ئىچىدە مەپە ياكى هارۋا بىلەن (هازىر شەهەرلەردە كۆپىنچە پىكاپ بىلەن) ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈلىدۇ. يېڭى كېلىن ئوغۇلنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، جىن ـ ئالۋاستىلارنى قوغلاش ئۈچۈن هولا سېلىنىدۇ، مېهمانلار بىر تۇتام ئوتنى ئېلىپ يېڭى كېلىننىڭ بېشىدىن ئۈچ قېتىم ئۆرۈيدۇ، قىز بارلىق مېهمانلارغا سۆيۈنچە بەرگەندىن كېيىن، ئوتنى بىر ئايلىنىپ ئاندىن يېڭى هۇجرىغا كىرىدۇ. يېڭى كېلىن ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈلگەن كۈنى، قىز تەرەپ قىزنىڭ جابدۇقىنى ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىدۇ هەم ئاياللاردىن بىر كىشىنى قىزغا يەڭگە قىلىپ ئەۋەتىدۇ. يەڭگە بولغۇچى قىزنىڭ يېنىدا ئىككى ـ ئۈچ كۈن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ. ئارقىدىنلا ئوغۇلنىڭ ئۆيىدە يۈز ئاچقۇ بولىدۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە يېڭى كېلىن يەڭگىسىنىڭ هەمراهلىقىدا قېيىن ئاتا، قېيىن ئانىسىنىڭ ئالدىغا سالامغا كىرىدۇ، قېيىن ئاتا، قېيىن ئانا قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ ۋە سوۋغات قويىدۇ، شۇ كۈنى ئەتىگەندە قىزنىڭ ئۆيىدىن پولۇ ۋە پېتىرمانتا ئېتىپ كۈيئوغۇلغا ناشتىلىق ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىنىڭ غەمخورلۇقىنى بىلدۈرىدۇ. ئاندىن يىگىت بىرىنىڭ هەمراهلىقىدا قېيىن ئاتا ـ قېيىن ئانىسىنىڭ ئالدىغا سالامغا بارىدۇ، قىزنىڭ ئۆيىدىكىلەرمۇ قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ ۋە سوۋغات قويىدۇ. توي ئۆتۈپ بىر هەپتىدىن كېيىن (بۇ ۋاقىت هەرقايسى جايلاردا ئوخشاش ئەمەس)، قىز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە (ئازنا قىلىپ) بارىدۇ، ئوغۇل تەرەپ سوۋغا ـ سالام ئەۋەتىدۇ، قىز تەرەپ قەنت ـ گېزەك ۋە پولۇ بىلەن مېهمان قىلىدۇ. قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى كۈيئوغۇلغا كىيىم قاتارلىق سوۋغاتلارنى بېرىدۇ. قۇدىلار بىر ـ بىرىنى مېهمانغا چاقىرىشىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن، توينى يېڭىچە ئۆتكۈزىدىغان كەيپىيات بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بەزى ئۆرپ ـ ئادەتلەر

ھېلىمۇ ساقلىنىپ كەلمەكتە، بەلكى خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلى-
نىشىغا ئەگىشىپ، توي بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ قىزىق، داغدۇغىلىق
ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى*.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، نىكاھنىڭ سودا خاراكتېرى روشەن
ئىدى، چاي ئىچكۈزگەندە ئوغۇل تەرەپ كېلىشىم بويىچە قىز
تەرەپكە نۇرغۇن سوۋغا ئېلىپ بېرىشى، توي قىلغاندىمۇ نۇرغۇن
نەرسە - كېرەكلەرنى ئاپىرىشى كېرەك ئىدى، ھەتتا قىزنىڭ
مېھمان چاقىرىشىغا كېتىدىغان خىراجەتلەرمۇ ئەر تەرەپنىڭ
ئۈستىگە چۈشەتتى. بۇ خىراجەت ئۈچۈن يا پۇل، يا ماددىي نەرسە
(مەسىلەن، قوي، بۇغداي، گۈرۈچ قاتارلىقلار) بېرەتتى. شۇڭا
توي قىلىش كەمبەغەللەر ئۈچۈن ئىنتايىن ئېغىر يۈك ئىدى.
ئۇلار توي قىلىش ئۈچۈن قاتتىمۇ قەرزگە بوغۇلۇپ
كېتەتتى، ھەتتا خانىۋەيران بولاتتى. فېئوداللىق سودا خاراك-
تېرىدىكى بۇنداق نامۇۋاپىق نىكاھ تۈزۈمى ئاستىدا، توي
قىلغاندىن كېيىن ئاياللار ئەرلەرنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ،
ئېرىنىڭ خالىغانچە باشقۇرۇشىغا بويسۇناتتى. ئەر — خوتۇنىنىڭ
ئىككىنچى خۇداسى دەپ قارىلاتتى. ئەرنىڭ گېپى چەكسىز نوپۇزغا
ئىگە ئىدى، خوتۇن ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن،
غىدىڭ - پىدىڭ قىلىشقىمۇ ھەددى ئەمەس ئىدى. دېمەك،
خوتۇن كىشى پۈتۈنلەي ئەركىشىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ
قېلىپ، مۇستەقىل كىشىلىك سالاھىيىتىنى يوقاتقانىدى. نامۇۋاپىق
نىكاھ تۈزۈمى ۋە ئىجتىمائىي، ئائىلىۋى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن،
نىكاھتىن ئاجرىشىش ئەھۋالى ناھايىتى ئومۇملاشقانىدى.
نىكاھتىن ئاجرىشىش ھوقۇقى ئەرنىڭ قولىدا بولۇپ، ئاياللاردا

* «يىپەك يولى توغرىسىدا پاراڭ»، شىنخۇا نەشرىياتى، 1981 - يىل نەشرى، 149 -، 150 - بەت، «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نىكاھ، ئائىلە ئىشلىرى»، جۇڭگو ئاياللار نەشرىياتى، 1986 - يىل، 133 -، 140 - بەت.

نىكاھتىن ئاجرىشىش ئەركىنلىكى يوق ئىدى. ئەر كىشىدە خوتۇننى خالىغانچە قويۇۋېتىش ھوقۇقى بولۇپ، «تالاق» دەۋەتسىلا نىكاھتىن ئاجرىشىپ كەتكەنگە ھېساب بولاتتى. نىكاھتىن ئاجراشقاندا، خوتۇن كىشى ئۆزى ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى ئەكىتەتتى، ئېرىمۇ مەلۇم مىقداردا پۇل ياكى نەرسە - كېرەككىلەرنى بېرەتتى. نىكاھتىن ئاجراشقان ئايال ئۈچ ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتقاندىن كېيىن ئاندىن قايتا ياتلىق بولالايتتى. بۇ مەزگىل ئىچىدە، ئايال ھامىلدار بولسا، تۇغۇلغان بالا بۇرۇنقى ئېرىنىڭ بولاتتى. نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ يارىشىپ قېلىشنى خالىسا، ئاخۇن چاقىرىپ نىكاھ پاتىھەسىنى ئوقۇتۇشى، يەنە بىر قېتىم توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈشى كېرەك ئىدى. ئەگەر نىكاھتىن ئاجرىشىش ۋاقتىدا ئەرنىڭ ئاغزىدىن «ئۈچ تالاق» دېگەن سۆز چىقىپ كەتسە، بۇنداقلارنىڭ نىكاھىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى خېلى قىيىن بولۇپ، تېخىمۇ مۇرەككەپ جەرياننى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلەتتى.

فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، نامۇۋاپىق فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىمۇ يوقالدى. يېڭى نىكاھ تۈزۈمى ئۇيغۇر قىز - يىگىتلىرىنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكى ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. ھازىر نىكاھلىنىش، ئاجرىشىش ۋە يارىشىش قانۇننىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈم ئۇزىتىشى ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە بولىدۇ، مېيىت يەرگە كۆمۈلىدۇ، ئادەم ئۆلگەندە دەرھال يەرلىككە قويۇلۇشى، ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر - ئىككى كۈن ياكى ئۈچ كۈندىن ئۆتكۈزۈلمەسلىكى لازىم. ئۆلگۈچى جان ئۈزۈش ئالدىدا، تۇغقانلىرى كېلىپ رازىلىق ئالىدۇ، پەرزەنتلىرى ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى ئاڭلايدۇ ۋە ئاخۇن ۋەسىيەتكە مۆھۈر بېسىپ گۇۋاھ

بولىدۇ. جان ئۈزگەندىن كېيىن ئاخۇن ئۇنىڭ ئاغزىغا دېمىدە تېمىتىپ، ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشىنى تىلەيدۇ. مەزىن ياكى ئىمام مېيىتنى سۇغا ئالىدۇ، ئۆلگۈچى ئايال بولسا، شۇ يەردىكى مەسچىت تەۋەسىدىن ياشانغان ئايالدىن بىرنى چاقىرىپ سۇغا ئالدۇرىدۇ، مېيىت ئۈچ قېتىم يۇيۇلىدۇ، ئاندىن ئاق رەخت بىلەن كېپەنلىنىدۇ، ئەركىشى ئۈچ پارچە رەخت بىلەن، ئايال كىشى بەش پارچە رەخت بىلەن ئورىلىدۇ، ئاندىن ئۈستىگە ئەتىر چېچىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مېيىتنى جىنازىغا سېلىپ، ئەرلەر كۆتۈرۈپ مەسچىتكە ئاپىرىدۇ، مەسچىتتە ئالدى بىلەن «ئىسقات» قىلىنىپ ئۆلگۈچى ئۈچۈن ئاخىرقى قېتىم سەدىقە بېرىلىدۇ، ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى تەييارلاپ قويغان پۇل ياكى نەرسىلەرنى ئاخۇن ۋە باشقىلارغا بىر دۈلۈشتىن ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ، ئۆلگۈچىنىڭ ھايات چېغىدا ئادا قىلالمىغان پەرزىنى ئادا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن جامائەت سەپراس بولۇپ، ئاخۇنغا ئەگىشىپ ناماز چۈشۈرىدۇ. ناماز چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن مېيىت زاراتگاھلىققا ئاپىرىلىدۇ. يەرلىكنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتىر، كەڭلىكى بىر مېتىر ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ، يەرلىكنىڭ يان تەرىپىدىن ئىچ گۆر كولىنىپ مېيىت شۇ يەرگە قويۇلىدۇ. مېيىتنى يەرلىككە قويۇشتىن ئاۋۋال ئاخۇن قىرائەت قىلىدۇ، جامائەت بىر سىقىمدىن توپا ئېلىپ، دۇرۇت ئوقۇپ سۈف دېگەندىن كېيىن مېيىتنىڭ يېنىغا چېچىپ ئۆلگۈچى بىلەن ۋىدالىشىدۇ. مېيىت كۆمۈلگەندىن كېيىن، توپا بېشىغا بىر تال شاخ قاداپ بەلگە قىلىپ قويىدۇ. مېيىتنى ئۇزىتىشقا ئەرلەر بارىدۇ، ئۆلگۈچىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى بېلىگە ئاق باغلاپ قارىلىق تۇتىدۇ. ئاياللار (جۈملىدىن ئۆلگۈچىنىڭ خوتۇنى) بېلىگە ئاق باغلىغاندىن باشقا، بېشىغا ئاق رومال ئارتىدۇ، لېكىن ئۇلار زاراتگاھلىققا بارمايدۇ، يىراقتا تۇرۇپ ياكى

ئۆيدە ئولتۇرۇپ يىغا - زارە قىلىدۇ. بايلار ئۆلسە، ئۇنىڭ مېيىتىنى ئېلىپ ماڭغاندا، جامائەت قوشاق قوشۇپ يىغلايدۇ. ئۆلگۈچى ئائىلە باشلىقى ياكى ئائىلىنىڭ مۇھىم ئەزاسى بولسا، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر 40 كۈنگىچە چاچ - ساقىلىنى ئالدۇرماي-دۇ، باش تارىمايدۇ، ناخشا ئېيتمايدۇ، ئۇسسۇل ئوينىمايدۇ، يەتتە كۈن قارىلىق تۇتۇپ، ئۆلگۈچىنى ياد ئەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئادەم ئۆلۈپ 3-، 7-، 40- كۈنلىرى ۋە يىلى توشقاندا ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى قارىلارنى تەكلىپ قىلىپ قۇرئان ئوقۇتىدۇ، پولۇ ئېتىپ ئۆلگۈچىنىڭ ھەققىگە نەزىر قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ھېيت - ئايەملەردە ۋە باشقا كۈنلەردە زاراتگاھلىققا بېرىپ ئۆلگۈ-چىنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىدۇ ياكى ئۆيلىرىدە مەۋلۇت ئوقۇتۇپ، قىرائەت قىلدۇرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈم ئۇزىتىشى ئومۇمەن بىرقەدەر ئاددىي، تېجەشلىك بولىدۇ، لېكىن ھەشەمەتچىلىك ۋە ئىسراپچىلىق بىلەن ئۆتكۈزىدىغانلارمۇ بولىدۇ، مەسىلەن، نەزىرنىڭ قېتىم سانى كۆپ، كۆلىمى بىرقەدەر چوڭ بولۇپ، نۇرغۇن مېھمان چاقىرىلىدۇ، بەزى نەزىرلەرگە نەچچە يۈز ھەتتا مىڭلىغان ئادەم چاقىرىلىدۇ*.

## 2 - بۆلۈم كېيىنىش، ئوزۇقلىنىش، ئۆي تۇتۇش ۋە باشقا تۇرمۇش ئادەتلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچىكى خىلمۇ خىل ھەم گۈزەل

* جاۋيىڭ: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈم ئۇزىتىش ئادىتى» «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1983 - يىل 18- سان، 28 -، 30- بەتلەر.

بولىدۇ. ئەرلەر تېشىغا پېشى تىزىدىن ئاشىدىغان، يېڭى كەڭ، ياقىسىز، تۈگمىسىز چاپان كىيىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدىن بەلباغ باغلايدۇ، ئۇنىڭغا يېمەكلىك ۋە باشقا نەرسىلەرنى تۈگكىلى بولىدۇ. كۆڭلەك قىسقىراق بولىدۇ، كۆپىنچىسىنىڭ ئالدى ئوچۇق بولمايدۇ، ياشلار كىيىدىغان كۆڭلەكنىڭ كۆپىنچىسىگە كانىۋا ئىشلىنىدۇ. ئاياللار ئومۇميۈزلۈك ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىدۇ، تېشىغا جىلىتكە ياكى كاستيوم كىيىدۇ. ئۇلار ئۇسما قويۇشنى، خېنە يېقىشنى، ھالقا، بىلەيزۈك، ئۈزۈك سېلىشنى، ئۈنچە ـ مارجان، كەھرىۋا ئېسىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەر ـ ئاياللار ئۆتۈك، ئۇنىڭ ئۈستىگە كالاچ كىيىدۇ، ئۆيگە كىرگەندە كالاچنى سېلىۋېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۆي پاكىز تۇرىدۇ. قىشتا پىيما كىيىدۇ. ئەر ـ ئاياللار ئومۇميۈزلۈك ياخشى رەختلەردىن كىيىم كىيىشنى، بولۇپمۇ ئاياللار رەڭگى ئوچۇق تاۋار ـ دۇردۇندىن، مەسىلەن، ئەتلەسكە ئوخشاش يىپەك رەختلەردىن كىيىم كىيىشنى ياقتۇرىدۇ. قىسقا، كىچىك كىيىم كىيىشنى خالىمايدۇ، چاپىنىنىڭ پېشى ئادەتتە تىزىدىن ئاشىدۇ، ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقى ئوشۇقىدىن ئاشىدۇ. كالتە ئىشتان بىلەن سىرتقا چىقىشنى بەك ئېغىر ئالىدۇ. ئەر ـ ئاياللار سىرتقا چىققاندا گۈللۈك دوپپا كىيىدۇ، قىشتا كۆپىنچىسى تۇماق كىيىدۇ. چېكىلىكى يوق گىرۋەكلىك تۇماق مىللىي تۈسكە ئىگە. جەنۇبىي شىنجاڭدا ئاياللار سىرتقا چىققاندا بېشىغا دوپپا كىيگەندىن باشقا، يەنە ئاق رومال ياكى قوڭۇررەڭ چۈمبەل سالىدۇ. قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردا بىر قىسىم ئاياللار ھېلىمۇ يۈزىنى يېپىپ يۈرىدۇ.

ئاياللارنىڭ چاچ پاسونى كىچىك قىزلارنىڭ چېچى ئادەتتە ئۇششاق ئۆرۈلىدۇ، بەزىلىرىنىڭ ئون نەچچە ئۆرۈم، بەزىلىرىنىڭ نەچچە ئون ئۆرۈم بولىدۇ. بۇخىل چاچ پاسونى جەنۇبىي

شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭدا ئوخشاش، لېكىن توي قىلغاندىن كېيىنكى چاچ پاسونىدا پەرق بار. جەنۇبىي شىنجاڭدا، توي قىلغان ئاياللار چېچىنى تۆت ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈيدۇ. ماڭلىيىدىكى ئىككى ئۆرۈمى كىچىكرەك، ئارقا تەرىپىدىكى ئىككى ئۆرۈمى چوڭراق بولىدۇ. ئاندىن ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئىككى چوڭ ئۆرۈم قىلىدۇ. بۇنداق پاسوندىكىلەر شىمالىي شىنجاڭدا كۆپ چېلىقمايدۇ، شىمالىي شىنجاڭدا ئادەتتە ئىككى ئۆرۈم قىلىپلا ئۆرۈيدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەك جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى، ئۇلار يازدا يىپەك رەختلەردىن، قىشتا تېرە - يۇڭ رەختلەردىن كىيىم كىيىدۇ، ئاياللار قىممەت باھالىق زىننەت بۇيۇملىرىنى ئاسىدۇ. دىنىي زاتلارنىڭ كۆپىنچىسى سەللە ئورايدۇ، چاپىنىنىڭ ئۈستىدىن بەلباغ باغلىمايدۇ، شۇ ئارقىلىق ئادەتتىكى مۇسۇلمانلاردىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئەمگەكچى خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى يىپ رەخت، چىبەرقۇت ۋە يىپەك رەختلەردىن كىيىم كىيىگەندىن باشقا، يەنە بىرمۇنچە كىشىلەر سارجىدىن ۋە باشقا توقۇلمىلاردىن ئىشلەنگەن رەختلەردىن كىيىم كىيىدىغان بولدى، كىيىم پاسونىمۇ زامانىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇرلار يېمەك - ئىچمەك جەھەتتە ئۇن غىزاسىنى ئاساس قىلىدۇ، قوي گۆشى، كالا گۆشىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق تائاملىرى نەچچە ئۇن خىلدىن كەم ئەمەس. نان، پولۇ، مانتا، لەڭمەن قاتارلىقلار دائىم يەيدىغان غىزادۇر. نان بۇغداي ئۇنى ياكى قوناق ئۇنىدا يۇغۇرۇلغان خېمىردىن ياسىلىدۇ، تونۇردا پىشۇرۇلىدۇ، شەكلى يۇمىلاق بولىدۇ، چوڭ - كىچىكلىكى، قېلىن - نېپىزلىكى بىرخىل بولمايدۇ، ناننى خېلى

ئۇزاق ساقلىغىلى بولىدۇ. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق
ئوزۇقىدۇر. پولۇ گۈرۈچ، قوي گۆشى، قوي يېغى، سەۋزە
بىلەن دەملەپ پىشۇرۇلىدىغان، ئۇيغۇرلار بەك ياخ-
شى كۆرىدىغان ئېسىل تائام بولۇپ، ھېيت - ئايەملەردە
ياكى توي - تۆكۈنلەردە مېھمانلار كۆپىنچە پولۇ بىلەن
كۈتۈلىدۇ. مانتا قاسقاندا پىشۇرۇلىدۇ، سامسا خېمىردىن ئېچىل-
غان جىلىت، قوي گۆشى، قوي يېغى، پىيازدا قىلىنغان قىيما
بىلەن ياسىلىدۇ، خېمىرى نېپىز، گۆشى جىق، ياغلىق، مەززىلىك
بولىدۇ. ئۇن ئېشى لەغمەن، قورۇما چۆپ (بوسو)، سۇيۇقئاش
قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قارائاش غىزاسى ئاساسەن
ئۇماچ، زاغرىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلارنىڭ داغلىق يېمەكلىكلى-
رىدىن تونۇر كاۋىپى، قوي گۆشى شورپىسى، كاۋاپ قاتار-
لىقلار بار.

ئۇيغۇرلار قارا چاينى ياخشى كۆرىدۇ، تاش چاي
ئىچىدىغانلارمۇ بار. شارائىتى بارلىرى كالا سۈتى ياكى ئۆچكە
سۈتى بىلەن سۈتلۈك چاي قىلىپ ئىچىدۇ. كۆكتاتنى ئازراق
ئىستېمال قىلىدۇ، يازدا مېۋە - چېۋىنى كۆپ يەيدۇ. تاماق
سايمانلىرىدىن چىنە، چوكا، قوشۇق، ياغاچ قوشۇق قاتارلىق-
لارنى ئىشلىتىدۇ. لېكىن نۇرغۇن يېمەكلىكلەرنى قول
بىلەن يەيدۇ. ئۇلار ئادەتتە بىر كۈندە ئۈچ ۋاخ تاماق يەيدۇ.
ئەتىگەندە نان بىلەن چاي ئىچىش، چۈشتە تۈرلۈك غىزا، قورۇما
يېيىش، كەچتە يەنە نان بىلەن چاي ئىچىش ئۇلارنىڭ ئەڭ
ئومۇملاشقان ئادىتىدۇر.

تاماق ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا داستىخان سېلىنىدۇ، بىر ئۆيدى-
كىلەر داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرىدۇ. تاماقتىن ئاۋۋال ۋە
تاماقتىن كېيىن قول يۇيۇلىدۇ، قول ئۈچ قېتىم يۇيۇلىدۇ.
پولۇ يېيىشتىن ئاۋۋال تىرناق ئېلىنىدۇ. ناننى ئۇشتۇپ يېگەن

ئۈستىگە قويۇپ يەيدۇ. مېھماننى ئۆينىڭ تۆرىگە باشلايدۇ. تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، ياشتا ئەڭ چوڭى باشلاپ دۇئا قىلىپ بېرىدۇ. مېھمانلار ساھىبخان قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئورنىدىن قوزغىلىدۇ. بۇنداق قىلمىسا ئەدەبسىزلىك بولىدۇ.

يېمەك - ئىچمەكتە، توڭگۇز گۆشى، ئېشەك گۆشى، ئىت گۆشى، قېچىر گۆشىنى يېيىش مەنئى قىلىنىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا ئات گۆشىنى يېمەيدۇ (شىمالىي شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ياكى دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق ئارىلاش رايونلاردا بۇنداق چەكلىمە يوق). ئۇچار قۇشلاردىن پاختەكنىڭ گۆشىنى يېمەيدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا كىشىلەر پاختەكنى «ئىلاھىي قۇش» دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇرلار ھارام بولۇپ قالغان مالنىڭ گۆشىنى يېمەيدۇ. ئادەتتە ئايەت ئوقۇماي ئۆلتۈرگەن مال ۋە ئۆي قۇشلىرىنىڭ گۆشىنىمۇ يېمەيدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ مېھمان كۈتۈشتە ۋە مېھمان بولۇشتا بىر يۈرۈش قائىدە - يوسۇنى بار. تاماق ۋاقتىدا، مېھمان لېگەن-تەخسىدىكى تائاملارنى خالىغانچە مالتىلماسلىقى، قازان بېشىغا ئىختىيارىيچە بارماسلىقى، ئادەتتە قاچىسىدىكى تاماقنى ئاشۇرۇپ قويماسلىقى، تاماقنى چېچىۋەتمەسلىكى كېرەك. ناۋادا چېچىلىپ كەتسە، تېرىۋېلىپ ئالدىدىكى داستىخانغا قويۇپ قويۇشى لازىم. بىر لېگەندە پولۇ يېگەندە قولىغا ئالغان پولۇنى لېگەنگە قايتا سالماسلىقى كېرەك. تاماق يەۋاتقاندا ياكى باشقىلار بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا مىشقىرماسلىق، تۈكۈرمەسلىك، ئۇسۇرماسلىق كېرەك، بۇنداق قىلىقلار چوڭ ئەدەبسىزلىك دەپ قارىلىدۇ. تاماقتىن كېيىن چوڭلار دۇئا باشلىغاندا، ئەقەللىسى ئۇياق - بۇياققا قارىماسلىق ياكى ئورنىدىن تۇرماسلىق

كېرەك*.

ئازادلىقتىن بۇرۇن، كەمبەغەللەر بىلەن بايلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك جەھەتتىكى پەرقى ناھايىتى چوڭ ئىدى. يىل بويى جاپالىق ئىشلەيدىغان مېھنەتكەشلەرنىڭ نامراتلىق دەستىدىن يەيدىغىنى زاغرا، ئىچىدىغىنى ئۇماچ ئىدى. ھەتتا قورسىقى تويۇپ ئۆتمەيتتى. ئاق ئاش دىدارىنى زادى كۆرمەيتتى. لېكىن پومېشچىكلار، دىنىي يۇقىرى تەبىقىلەر ۋە بايلارنىڭ تۇرمۇشى ئەيش-ئىشرەتتە ئۆتەتتى. ئازادلىقتىن كېيىن، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ياخشىلاندى، يېمەك-ئىچمەك جەھەتتىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولدى. ئاق ئاشلىق، گۆش، سۈت، چاي، قەنت قاتارلىقلار ئەمگەكچى خەلقنىڭ دائىملىق يېمەك-ئىچمىكى بولۇپ قالدى. كۆكتاتنى ئاز ئىستېمال قىلىدىغان ئادەتمۇ زور دەرىجىدە ئۆزگەردى، كۆكتاتلارنىڭ تۈرى ۋە ئىستېمال مىقدارى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيى ئادەتتە ئېغىز ئۆي، تاماق يەيدىغان ئۆي ۋە ئىچكىرىكى ئۆي (قىشلىق ئۆي) دىن ئىبارەت پاراللېل سېلىنغان ئۈچ ئۆيدىن تەركىب تاپىدۇ. كۆپ جايلاردا مۇشۇنداق شەكىل ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن ئەينى بىر خىل شەكىلدىكى ئۆيلەرنىڭ كونكرېت جايلاشتۇرۇلۇشىدا خېلى چوڭ پەرق بار. ئۆي-جاي ئادەتتە ھويلا ۋە ئۆيدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھويلىغا قارىتىپ سېلىنغان ئۆينىڭ ئالدىدا كۆپىنچە پېشايۋان بولىدۇ. ئىشىكتىن چىققاندا ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئۆينىڭ ئالدى تېمىغا يۆلەپ سۇپا سېلىنىدۇ. پېشايۋاننى بويلاپ تال قويۇپ بىدىشكە ئېلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن ياز كۈنى سايىدايدىغان باراڭ ھاسىل بولىدۇ. بالىخانىنىڭ

* ليۇشىگەن: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش» «شىنجاڭ ياشلىرى» 1980-يىل 8-سان، 47-، 48-بەتلەر.

ئالدىدىكى پېشايۋان كۆپىنچە يول ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. ئۆگزە
كۆپىنچە دەم ئالىدىغان ئورۇن ياكى نەرسە - كېرەكلەرنى قو-
يىدىغان جاي قىلىنىدۇ، ئۆگزىنىڭ چۆرىسىگە رېشاتكا بېكىتى-
لىدۇ. ئۆيلەر كېسەك بىلەن ياغاچتا سېلىنىدۇ. ئۆينىڭ ئىچىدە
بىر نەچچە گەز ئېگىزلىكتە توپا بىلەن تىندۇرۇلغان سۇپا بولى-
دۇ، ئۆينىڭ ئاستىغا خىش ياكى تاختاي ياتقۇزۇلىدۇ. ئىشىك-
تىن كىرىپلا سۇپىغا چىقىدۇ، سۇپىغا كىگىز ياكى گىلەم سېلىنى-
دۇ، تامغا گىلەم تارتىلىدۇ. ئادەتتە ئۆي ئىچىدە ئۈستەل،
ئورۇندۇق، كارىۋات بولمايدۇ (ئايرىم ئۆيلەر بۇنىڭ سىرتىدا).
ئۆينىڭ ئىچكى تېمىدا ئۇدۇل ئوچاق بولىدۇ، قىشلىقى ئوت
قالاپ ئىسسىنىدۇ. غەربىي تامدا قاچا - قۇچا، يېمەكلىك ۋە
باشقا نەرسىلەرنى قويىدىغان تەكچە (ئويۇق) بولىدۇ. ئۆينىڭ
تورۇسى زىچ خار ياغاچ، بىلەن ۋاسا - جۇپ قىلىپ يېپىلىدۇ.
ئۆيلەر پاراللېل سېلىنغاچقا ۋە جايلارنىڭ ماتېرىيالى ۋە تېخنىكىسى
ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۆيلەرنىڭ ئىسكەتى ئوخشاشمايدۇ. قەش-
قەردە ئادەم زىچ، يەر قىس بولغاچقا، بۇ شەھەردە ئىككى - ئۈچ
قەۋەتلىك ئۆي سېلىنغان كىچىك ھويلىلار كۆپ بالىخانىلىق
ئۆي، كىچىك ھويلا ۋە كوچىغا سىندۇرۇپ سېلىنغان ھۇجرى-
لار بۇ شەھەرنىڭ ئۆي - جاي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىدۇر.
ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسى «دالان ئۆي، مېھمانخانا» ۋە «مېھمان-
خانا، تاماق يەيدىغان ئۆي» شەكلىدە سېلىنىدۇ، ھويلا بىر
ياكى بىر نەچچە مۇكەممەل بىرلىكتىن تەركىب تاپىدۇ. قەشقەر،
خوتەن، كۇچا قاتارلىق جايلاردا ئايۋاننى مەركەز قىلىپ
سېلىنىدىغان ئىمارەت شەكلى بار. جۇغراپىيىلىك شارائىت ۋە
ئەنئەنىۋى ئۆي سېلىش ئۇسۇلى تۈپەيلىدىن، ئۇ يەرلەردە ھوي-
لىنىڭ ئۈستىگە لاپاس ياسىلىدۇ، شامال ئۆتۈشسۇن، ئاپتاپ
چۈشسۇن دەپ لاپاسنىڭ تۆت تەرىپىگە ۋادەك قويۇلىدۇ. ئۆي-

لەرنىڭ كۆپىنچىسى ئېگىز ئۆي — ئىچكىرىكى ئۆي شەكلىدە بولىدۇ. تۇرپان ياز كۈنى ئىسسىق، ھۆل - يېغىن ئاز، قىش كۈنى سوغۇق، ھاۋاسى قۇرغاق، تۇپىسى ياخشى بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغاچقا، ئۇ يەردە گەمە ياكى يېرىم گەمە كېمىر ئۆيلەر تەرەققىي قىلغان، ھويلىلارنىڭ كۆپىنچىسى تاشقىرىقى ھويلا، ئىچكىرىكى ھويلا دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ ھەم بوشلۇقلار يەر شارائىتىغا قاراپ جانلىق ئايرىلىدۇ. ھويلىغا ئېرىقتىن سۇ باشلاپ، ئاق تېرەك، تال قويۇپ، ھويلىنى ئازادە - ھاۋالىق قىلىپ بېزەيدۇ. ئىلى، چۆچەك قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئۆگزىسى قىيپاش بولىدۇ، ئۆيلەر خىش بىلەن ياغاچتا ياسىلىدۇ، ھويلا - ئارام، دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار بىلەن كۆكەرتىلىدۇ، ئىمارەت باغ ۋە گۈللۈكنىڭ بېزىشى بىلەن ناھايىتى يېقىملىق ھەم جىمجىت كۆرۈنىدۇ*.

ئۇيغۇرلار نەچچە ئون ئۆيلۈك ھەتتا نەچچە يۈز ئۆيلۈك كىشى بىر مەھەللىگە توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىدۇ. لېكىن يەككە-يېگانە ئولتۇرىدىغانلارمۇ بولىدۇ. ئۇيغۇرلار دەل - دەرەخ، گۈل گىياھ ئۆستۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارنىڭ تۇرار جاي مۇھىتى ئازادە بولىدۇ. مەھەللىلەردە سۇلار تەرەپ - تەرەپكە شىرقىراپ ئېقىپ تۇرىدۇ، دەل - دەرەخلەر باراقسان بولۇپ كەتكەن، ھويلىلارنىڭ ئىچى ۋە سىرتى دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلارغا پۈركەلگەن بولۇپ، مەنزىرىسى كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. تۇرار جايلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئادەم ئولتۇرىدىغان ئۆيىنى مەركەز قىلغان ھويلىسى بولىدۇ. بەزى جايلاردا ھويلىنىڭ دەرۋازىسىنى غەربكە قارىتىش مەنئى قىلىنىدۇ، ھويلىنىڭ يان تەرىپىدە ئېغىل، ھاجەتخانا بولىدۇ. ھويلىنىڭ ئىچى

* «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر بىناكارلىقى»، 7 —، 9 - بەتلەر.

ئېشىنى دائىم سۈپۈرۈپ ناھايىتى پاكىز تۇتىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ بىناكارلىقى ماتېرىيال ئىشلىتىش، تېخنىكىلىق بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ شەكلى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە. مەسىلەن، بېزەش تېخنىكىسى جەھەتتە، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالغا ئاساسەن، خىش، كاھىش بىلەن بېزەش، سۇۋاش، گەج بىلەن گۈل چىقىرىش، تامغا ئويۇق چىقىرىش، مورىلىق ئوچاق سېلىش، ئىشىك - دېرىزە، تۈۋرۈك، جەگىلەرگە نەقىش ئىشلەپ، گۈل چىقىرىش ۋە رەڭلىك رەسىم سىزىشقا ئوخشاش خىلمۇ خىل بېزەش ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىدۇ. بېزەك نۇسخىلىرى جەھەتتە ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، گېئومېترىيىلىك نۇسخىلار ۋە گۈل - گىيالارنىڭ رەسىم نۇسخىلىرىنىلا ئىشلىتىدۇ، ئادەم، ھايۋان ۋە باشقا ئوبرازلارنىڭ سۈرىتىنى ئىشلەتمەيدۇ. باي ئائىلىلەرنىڭ ئۆيى ھەشەمەتلىك بولۇپ، مېھمانخانا، كارىدور، ئايۋانلىرى تولۇق يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن بولىدۇ. ئۆي قۇرۇلۇشىغا قىممەت باھالىق ماتېرىياللارنى ئىشلىتىدۇ، ئۆيلىرى ئېگىز، كەڭ - كۇشادە بولىدۇ. كۆپىنچە ئۆيلەرنىڭ ئىچى ئاپئاق ئاقارتىلىدۇ، بەزى ئۆيلەرنىڭ تاملىرىغا يەنە گۈل - گىياھلارنىڭ رەسىمى ۋە گېئومېترىيىلىك نۇسخىلار سىزىلىدۇ. ئادەتتىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆيى پاكار، تار بولىدۇ.

روزى ھېيت بىلەن قۇربان ھېيت ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق ئەنئەنىۋى بايرىمىدۇر. بۇ ئىككى بايرام ئىسلام دىنىدىن كەلگەن، ئۇلارنىڭ ۋاقتى ھىجرىيىە بويىچە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇ بايراملار بەزىدە قىشتا، بەزىدە يازدا كېلىدۇ.

روزى ھېيت بىر ئاي روزا تۇتۇپ ئېغىز ئاچقان كۈندە ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئىسلام دىنىدا بالاغەتكە يەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى بىر يىلدا بىر ئاي روزا تۇتۇشى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن.

روزاتۇتقان مەزگىلدە، كۆن چىقىشتىن ئاۋۋال ۋە كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن تاماق يېيىشكە بولىدۇ. كۈندۈزى ھېچقانداق نەرسە يېيىشكە، ئۇسسۇزلۇق ئىچىشكە بولمايدۇ. دىندارلار مەسچىتكە يىغىلىپ ھېيت نامىزى ئوقۇيدۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ ھېيت پائالىيىتى قىزىپ كېتىدۇ. ھەممە ئائىلە بايراملىق يېمەك - ئىچمەكلەرنى تەييارلايدۇ ۋە ئۆزئارا ھېيتلىشىدۇ. ئەر - ئايال، ياش - قېرىلارنىڭ ھەممىسى كوچىلارغا چىقىپ ھېيت ئوينايدۇ، روزا ھېيت ئادەتتە ئۈچ كۈن بولىدۇ.

قۇربان ھېيت روزى ھېيتتىن 70 كۈن كېيىن بولىدۇ. تۇرمۇش شارائىتى ياخشىراق ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسى بىردىن قوي سويۇپ قۇربانلىق قىلىدۇ. قۇربانلىققا سويغان مالنىڭ گۆشىنى سېتىشقا بولمايدۇ، بېرىشكە تېگىشلىك قىسمىنى مەسچىتكە ۋە ئىمام - مەزىنگە بېرىپ، قالغان گۆشتە مېھمان كۈتىدۇ ۋە ئۇنى ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلىرىگە سوۋغا قىلىدۇ. بۇ بايرامدىمۇ كىشىلەر ئۆزئارا ھېيتلىشىدۇ، مېھماننىڭ ئالدىغا پىشۇرۇلغان گۆش قويىلىدۇ. قۇربان ھېيت روزى ھېيتتىنمۇ بەك قىزىيدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بەزى جايلاردا دۇئا ئايىمى، بارات ئايىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. دۇئا ئايىمى ئەرۋاھلارنى جىن - ئالۋاستىلاردىن ئامان ئۆتكۈزىدىغان ئايەم. بارات ئايىمى «ياغلىق قاپاق ئايىمى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بارات ئايىمى رامىزاندىن يېرىم ئاي بۇرۇن ئۆتكۈزۈلىدۇ. بارات كېچىسى كىشىلەر ياغلىق قاپاقنى كۆيدۈرۈپ، پۈتۈن مەھەللىنى ئايلىنىدۇ، دىندارلار قىرائەت قىلىپ تۈنەيدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئويۇنلىرى ۋە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى مەزمۇنغا باي، خىلمۇخىل بولىدۇ. مەسىلەن، «مەشرەپ» ئۇيغۇرلار ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان بىرخىل ئويۇن ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ناخشا -

ئۇسسۇل ۋە ھەر خىل خەلق ئويۇنلىرى بىلەن خەلق ئۆرپ - ئادىتى بىرلەشتۈرۈلگەن بىر خىل ئويۇن شەكلى. مەشرەپ ھېيت مەشرىپى، سەيلە مەشرىپى، توي مەشرىپى، قاتار مەشرەپ دېگەنگە ئوخشاش تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. مەشرەپنىڭ مەزمۇنى ئومۇمەن ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: 1. نەغمە، ئۇسسۇل قىسمى، 2. ئويۇن قىسمى، 3. ئەدەب، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى جازالاش قىسمى. نەغمە چوڭ تىپتىكى يۈرۈشلۈك ئەنئەنىۋى مۇزىكا — ئون ئىككى مۇقامنى ئاساس قىلىدۇ. مۇقامنىڭ مۇقەددىمىسىنى بىر كىشى ئېيتىدۇ، ئارقىدىن بىرقانچە كىشى داپ چالىدۇ، مەشرەپ قاتناشقۇچىلىرى، ئەر - ئايال جۈپ - جۈپ بولۇپ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ، ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىدۇ، رىتىمى بارغانسېرى تېزلىشىدۇ، ھەممە كىشى ئۆز ئالدىغا پىرقىرايدۇ، چارچىغان، بېشى قېيىپ كەتكەنلەر مەيداندىن چىقىدۇ، ئاخىردا مەيداندا بىر - ئىككىلا كىشى قالغاندا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر دورەملىك نەغمە تۈگەيدۇ. ئاندىن كېيىن يەنە بىر دورەم باشلىنىپ، بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىنىدۇ، ئارقىدىن ئويۇن باشلىنىدۇ. ئويۇنلارنىڭ مەشھۇرراقى دەرە (پوتا) ئويۇنى، چاي تۇتۇش، بېيىت ئېيتىش ئويۇنلىرىدۇر. دەرە ئويۇنى چاققانلىق تەلەپ قىلىدىغان، كومېدىيە خاراكتېرىنى ئالغان بىرخىل ئويۇندۇر. بولۇپمۇ قىز - يىگىتلەر ئارىسىدا ئوينىلىدىغان، ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ تىل بىلەن بايان قىلىپ بولالمايدىغان ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئويۇندۇر. چاي تۇتۇپ بېيىت ئېيتىش ناھايىتى قىزىقارلىق ئويۇن، بەزىدە لەتىپە ئېيتىشمۇ بىر خىل ئويۇن بولىدۇ، قىزىقچىلارنىڭ قىزىق سۆز - ھەرىكەتلىرىمۇ ئالقىشلىنىدۇ. مەشرەپنىڭ 3 - قىسمىدا ئەخلاق مىزانىغا خىلاپلىق قىلغانلار ۋە يامان ئادەتتىكى بار كىشىلەر، مەسىلەن، ھۇرۇن، ھاراقكەش، ئوغرى، زىناخورلار جازاغا تارتىلىدۇ. ئادىل ۋە ئىناۋەتلىك كىشىلەردىن «مىرشاپ»، «قازىبەگ» (پاششاپ)

سايلىنىدۇ. ئادەتتە ئاۋۋال ئائىلە باشلىقى تەربىيە ئېلىشقا تېگىشلىك «جاۋابكار» نىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ كۆپچىلىكنىڭ سوئال - سوراقلىرىغا جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئارقىدىن «قازىبەگ» نىڭ ھۆكۈمىگە بىنائەن ئەيىبلەنگۈچى جازاغا تارتىلىدۇ، ئەيىبلەنگۈچى يا يېمەك - ئىچمەك، مېۋە - چېۋىلەر بىلەن كۆپچىلىكنى مېھمان قىلىپ سەۋەنلىكنى تۈزىتىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، يا ئەيىبلەنگۈچىگە ئىبرەت بولغۇدەك، كۆپچىلىكنى كۈلدۈرگۈدەك چارە بىلەن جازا بېرىلىدۇ. مۇشۇنداق جازالار ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئەخلاقنى قوغداش مەقسىتىگە يېتىدۇ. شۇڭا «مەشرەپ» يالغۇز كۆڭۈل ئاچىدىغان ئويۇن ئەمەس، بەلكى سەنئەت ۋە ئەخلاق - پەزىلەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلىدىغان مەكتەپتۇر*.

قارلىق تاشلاش — ھەر يىلى تۇنجى قېتىم قار ياغقاندا ئاغىنىلەردىن بىرنەچچە كىشى مەسلىھەتلىشىپ، بىرلىكتە «قارلىق» يازىدۇ. «قارلىق» تا، ئالدى بىلەن قار يېغىش مۇناسىۋىتى بىلەن «قارلىق» تاشلىنىدىغان ئائىلىگە ئامانلىق تىلەيدۇ، ئاندىن قارلىقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن قارلىق تاشلاش ئويۇنىنىڭ ئادىتى بويىچە بىر ئاخشام بەزمە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ ھەمدە بەزمىنىڭ مەزمۇنىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. قارلىق يازغۇچىلاردىن بىرى قارلىقنى «قارلىق» تاشلىنىدىغان ئۆيگە ئېلىپ بارىدۇ ۋە ئۆي ئىگىسى ئاسانلىقچە بايقىيالمايدىغان جايغا تىقىپ قويىدۇ، ئۆي ئىگىسى «قارلىق» ئاپارغۇچى ئۆيدىن چىقىپ كەتكۈچە قارلىق تاشلىغانلىقىنى بىلمىسە، قارلىقتىكى تەلەپ بويىچە قارلىق بەزمە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئەگەر «قارلىق» ئاپارغۇچى شۇ مەيداندا تۇتۇۋېلىنسا، «قارلىق» ئاپارغۇچى ئۆز ئۆيىدە بەزمە بېرىدۇ. قار-

---

* ئابدۇشۈكۈر تۇردى: «ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرى توغرىسىدا» «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1983- يىل 1- سان، 58 -، 66 - بەتلەر.

لىق بەزمىسى. بېيىت ئېيتىش، ناخشا - ئۇسسۇل، نەغمە - ناۋا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ*.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى چېلىش، دارۋازلىق، گاگار ئويناش، مۇز تېيىلىش ۋە دۆمبەرە (پوتا ئويۇنى) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرلار مېھماندوست، قائىدە - يوسۇنلۇق كېلىدۇ. كىشىگە ئەدەب - قائىدە بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. مەسىلەن، چوڭلارنى ھۆرمەتلەيدۇ، يول يۈرگەندە چوڭلارغا يول بوشىتىپ بېرىدۇ، سۆزلەشكەندە چوڭلارغا ئاۋۋال سۆز بېرىدۇ، چوڭلارنى تۆرگە ئولتۇرغۇزىدۇ، كىچىكلەر چوڭلارنىڭ ئالدىدا ھاراق ئىچمەيدۇ، تاماكا چەكمەيدۇ، ئۇرۇق - تۇغقان، دوستلار بىلەن ئۇچراشقاندا قول ئېلىشىپ ھال - ئەھۋال سورىشىدۇ، «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» ياكى «ياخشىمۇسىز» دېيىشىپ، ئوڭ قولىنى كۆكرىكىگە قويىدۇ ۋە ياكى ساقىلىنى سىيپايدۇ (ساقىلى بولمىسىمۇ شۇنداق قىلىدۇ)، تازىمىدىن كېيىن ئارقىسىغا بىر قەدەم يېنىپ تۇرۇپ، قارشى تەرەپنىڭ بالا - چاقىسىنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى سورايدۇ، ئاياللار تىنچلىق - ئامانلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن ئىككى قولىنى تىزىغا قويۇپ ئېگىشىپ تۇرۇپ خەيرلىشىدۇ.

ئۆيدە ئولتۇرغاندا، يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ، پۇتىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ئولتۇرۇشنى، پۇتىنى كىشىگە قارىتىشنى ئېغىر ئالىدۇ. كىشىگە نەرسە سۇنۇش ياكى چاي سۇنۇشتا ئىككى قوللاپ سۇنىدۇ. كىشىگە بىر قوللاپ نەرسە سۇنۇش ياكى كىشى سۇنغان نەرسىنى بىر قول بىلەن ئېلىشنى ئەدەبسىزلىك دەپ قارايدۇ، بەڭ چېكىش، قىمار ئويناش، ھاراق ئىچىش، مۇشتلىشىش، يالغان گەپ قىلىش قاتارلىقلار گۇناھ ھېسابلىنىپ، جامائەت

---

* تىيىپجان ئېلىيوپ: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرى» «شىنجاڭ ئەدەبىياتى» 1963 - يىل 1 - سان، 43 -، 45 - بەتلەر.

تەرىپىدىن ئەيىبلىنىدۇ.

زاراتگاھلىق (مازار)، مەسچىت، كۆل ۋە ئاشخانا قاتارلىق جايلارغا چوڭ - كىچىك تەرەت قىلىش، خالىغانچە تۈكۈرۈش ۋە بۇلغانغان نەرسىلەرنى ئېلىپ كىرىش مەنئى قىلىنىدۇ.

شىمالىي شىنجاڭدا چوڭلار ئالدىدا بىھۇرمەت، قوپال ۋە مازاق گەپلەرنى قىلىش چەكلىنىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدا بۇنداق چەك ئانچە قاتتىق ئەمەس. بەزى جايلارنىڭ يەنە ئۆزگىچە ئۆرپ - ئادەتلىرى بار، مەسىلەن، خوتەندە پىلە بېقىش جەھەتتە تەقىپ قىلىنىدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار*.

ئۇيغۇرلار بالا تۇغۇلۇپ يەتتە كۈندىن كېيىن ئىسىم قويىدۇ. ئىسىم قويۇش ۋاقتىدا، بوۋاقنىڭ يۈزى ئاق لاتا بىلەن يېپىلىپ ئاخۇنغا بېرىلىدۇ، ئاخۇن بالىنىڭ ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان توۋلايدۇ، سول قۇلىقىغا قۇتلۇقلاش سۆزلىرىنى قىلىدۇ، ئارقىدىن ئات قويىدۇ ۋە تەبرىكلەيدۇ. بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى بىر قوي سويۇپ، گۆشنى پارچىلاپ ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلىرىگە بېرىدۇ. تۇغقانلىرىدىن بىرى بىر پارچە لاتىنى بالىنىڭ بوينىغا چىگىپ قويىدۇ. ئوغۇل بالا يەتتە ياشقا كىرگەندە خەتنە قىلىنىدۇ، قىزلار يەتتە ياشقا كىرگەندە قۇلىقى تېشىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەب - قائىدىلىرى دىن بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئازادلىقتىن بۇرۇن كەمبەغەل ئەمگەكچىلەر پومېشچىكلارنى، دىنىي كەسىپتىكىلەرنى كۆرگەندە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇشى (ئاتلىق بولسا ئاتتىن چۈشۈشى)، ئېگىلىپ تۇرۇپ تەزىم قىلىشى، ئۇزىراپ كەتكۈچە قاراپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى. كەمبەغەللەر بايلار بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرالمايتتى. ئەم-

---

*لىيۇشىڭەن: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش» «شىنجاڭ ياشلىرى» 1980 - يىل 9 - سان، 46 - بەت.

گەكچى خەلق ئارىسىدىكى ئەدەب - قائىدە، باراۋەرلىك، مېھرىبانلىق، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرگە كۆيۈنۈش روھىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئەمگەكچىلەر ئۇچراشقاندا ھەر دائىم قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ھال - ئەھۋال سورىشىدۇ، چوڭلارنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدۇ. ئاياللار ئىچىدە يەنە چوڭلار كىچىكلەرنى سۆيۈپ قويىدىغان ئادەت بار. ئازادلىقتىن كېيىن، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، بەزى تەبىقچىلىك، فېئوداللىق تۈسىنى ئالغان ئەدەب - قائىدىلەر تەدرىجىي تۈگىدى. باراۋەرلىك، مېھرىبانلىق ۋە بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەشنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئەدەب - قائىدىلەر ساقلاپ قېلىنىدى ھەمدە ئۇنىڭغا يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلدى.

## 3 - بۆلۈم دىنىي ئېتىقادى

ئۇيغۇرلار تارىختا تۈرلۈك دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان. XV ئەسىرگە كەلگەندە، ئىسلام دىنى باشقا دىنلارنى سىقىپ چىقىرىپ، ئۇيغۇرلار رايونىدا تەدرىجىي ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلەپ، ئومۇمىي خەلق ئېتىقاد قىلىدىغان دىنغا ئايلانغان. ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارغا سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش ئۆرپ - ئادىتى قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

ئىسلام دىنىدا تۈرلۈك مەزھەپلەر بار. ئۇيغۇرلارنىڭ زور كۆپچىلىكى سۈننىي مەزھىپىنىڭ ئىلىم ئەلفىخ مەزھىپىدىن بىرى بولغان ھەنەفىيە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ، تەسەۋۋۇپ مەزھىپىنىڭ تارمىقى - سۇفىزم مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىغانلارمۇ خېلى بار، شىنجاڭدا ئۇلار ئىشانلار دەپ ئاتىلىدۇ.

سۈننى مەزھەپىدىكىلەر ئۆزلىرىنى مۇتتەسىلچىلەر، مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئېتىقادچىلىرى كۆپ بىر مەزھەپ دەيدۇ. بۇ مەزھەپتىكىلەر خۇدا (ئاللا، بىردىنبىر ئىلاھ)غا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا ئىشىنىدۇ، «قۇرئان» غا ئىخلاس قىلىدۇ، شەرىئەت (ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنى، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئائىلىسى ۋە شەخسىي تۇرمۇشىغا دائىر قانۇن-مىزانلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى) كە قاتتىق ئەمەل قىلىدۇ، بەش پەرز (ئىمان ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، ئۆشرە-زاكات بېرىش، ھەج قىلىش) نى ئادا قىلىدۇ، بىر كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيدۇ، يەتتە كۈندە بىر قېتىم جۈمە نامىزى ئوقۇيدۇ. ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى دىنىي زاتلار ئادەتتە ئىمام (مۇسۇلمانلارنىڭ رەھبىرى ياكى مەزھەپلەرنىڭ ئىجادچىلىرى) ئەزەم ياكى چوڭ ئىمام دەپ ئاتىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئەزەم چوڭ ئىمامنى، يەنى ھەنەفىيە مەزھىپىنىڭ ئىجادچىسى ئەبۇ ھەنىفەنى كۆرسىتىدۇ.

مەسچىت — ئىسلام دىنىدىكىلەرنىڭ پائالىيەت مەركىزى. مەسچىت ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى دىنىي ئىشلارنى باشقۇرىدۇ، ھەر دەرىجىلىك دىنىي خادىملارنى بەلگىلەيدۇ. مەسچىتلەرنىڭ تۈرى ۋە چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولمايدۇ، مەھەللە مەسچىتى قاتارلىق مەسچىتلەر بولىدۇ. مەسچىتلەردە سانى ئوخشاش بولمىغان، مەخسۇس ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدىغان دىنىي خادىملار بولىدۇ، قازى كالان — مەھكىمە شەرئىيىنىڭ مەسئۇلى؛ قازى رەئىس — شەرىئەتنى ئىجرا قىلىشقا مەسئۇل؛ ئەلەم — بەلگىلىمە، مۇراسىم ۋە ئۆرپ-ئادەتنى باشقۇرىدۇ، مۇپتى — دىنىي ئىشلارنى، مىراس دەۋاسىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ؛ ئىمام — كوللېكتىپ نامازغا باشچىلىق قىلىدۇ؛ خاتىپ — جۈمە نامىزىغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ، مۆھتەسىپ — دىنىي تەپتىش بولۇپ،

دىنىي شەرىئەتكە خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا چارە كۆرىدۇ؛ خەلىپەت — دىن دەرسى ئوقۇتقۇچىسىدۇ. ھەربىر ۋەزىپىگە قويۇلغان ئادەمنىڭ سانىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مەسچىتلەرنىڭ ئومۇمەن ئۆزىگە چۇشلۇق مال - مۈلكى يەنى يەر، ئورمان، ئىمارەت، دۇكان، چارۋا ۋە يايلاقلىرى بولىدۇ. بۇ نەرسىلەرنى دىن مۇخلىسلىرى ھەدىيە قىلغان ۋە ئۆشرە - زاكاتقا ئالغان ياكى باشقا يول بىلەن توپلىغان.

ئازادلىقتىن بۇرۇن، مەھكىمە شەرئىي تەسىس قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان باشقا مىللەتلەرگە ئوخشىمايدىغان روشەن ئالاھىدىلىكى ئىدى. مەھكىمە شەرئى بارلىق ھەق تەلەپ دەۋالىرىنى، جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنى بىر تەرەپ قىلاتتى، ئۆلۈم جازاسى، قاماق جازاسى، جەرىمانە، تەن جازاسى قاتارلىق جىنايى ئىشلار جازالىرىنى ھۆكۈم قىلالايتتى.

ئۇيغۇرلاردىن ئىشانلارغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى خوتەن، قاراقاش، يەركەن، كۇچا قاتارلىق جايلاردا. قەشقەر، قەشقەر يېڭىشەھەر، قەشقەر كونىشەھەر، تۇرپان ۋە ئىلى قاتارلىق جايلاردىمۇ بار. مۇرتلار ئىچىدە ياشانغانلار بولۇپلا قالماي، ياشلار ۋە ئاياللارمۇ بار. ئۇلارنىڭ ئېتىقادى ۋە نۇقتىئىنەزەرى ئىنتايىن مۇرەككەپ، لېكىن ئۇلار ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزلىرىنى ئەنئەنىۋى سۈننىي مەزھىپىگە مەنسۇپمىز دەپ ھېسابلايدۇ، ئاللاغا ۋە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا، شۇنىڭدەك «قۇرئان» بىلەن «ھەدىس» كە ئېتىقاد قىلىدۇ، ئىسلام دىنىنى ئۆزلىرىنىڭ پائالىيىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم مىزانى دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەمما «قۇرئان» بىلەن «ھەدىس» نى ئىزاھلاشتا، پانىي دۇنيا بىلەن باقىي دۇنياغا بولغان كۆز قاراش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە ئىدىيىۋى سىستېمىسى بار.

ئۇلار كۈندىلىك تۇرمۇشتا «بۇ دۇنيالىق كىرەك ئەمەس، ئۇ- دۇنيالىق كىرەك» دېگەننى، نەپسنى، دۇنيانى دوست تۇتماي، غۇربەتچىلىكتە ئۆتۈشنى تەرغىپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئىدىيەۋى سىستېمىسى ۋە ھەرىكىتى «تەرىقەت» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار ئومۇمىي جەھەتتە خۇدا دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ئىگىسى دېگەننى تەرغىپ قىلىسىمۇ، لېكىن كونكرېت ئىشقا كەلگەندە، يەنە ھەربىر ئىخلاسمەن مۇرىتنىڭ ئىشان (ئۇستاز دېگەن مەنىدە، ئىشان مەزھىپىنىڭ نامىمۇ مۇشۇنىڭدىن كەلگەن) نىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىستىقامەت قىلىپ، «ئاللاھ بىلەن بىر تەن بولۇش» نى تەرغىپ قىلىدۇ ۋە ئىشاننى پانىي دۇنيادىكى ئەۋلىيا، خۇداغا ئەڭ يېقىن كىشى، ئىنسان بىلەن خۇدا ئوتتۇ- رىسىدىكى ئالاقىچى، شۇڭا ئىشانغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن چو- قۇنۇش كىرەك، ئۇنىڭغا شەرتسىز ئىتائەت قىلغاندىلا، ئاندىن بۇ دۇنيادىكى «گۇناھ» دىن خالاس بولغىلى، جەننەتكە كىرگىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ قاراشلىرى سۈننىي مەزھە- پىدىكىلەرنىڭ «خۇدادىن باشقا ئىلاھ يوق» دېگەن پرىنسىپقا خىلاپ كېلىدۇ.

ئىشانلارنىڭ ئۆز ئىچىدە يەنە نۇرغۇن مەزھەپ بار. ئا- ساسلىقلىرى قادىرىيە (جەھەرىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، نەقشبەندىيە (خۇپىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، سۇھراۋاردىيە، چىستىيە قاتارلىق تۆت مەزھەپتىن ئىبارەت. بۇلار خۇيزۇلارنىڭ جەھەرىيە تۈزۈ- مىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

مازار — ئاتالمىش ئەۋلىيالارنىڭ، پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى- نىڭ زاراتگاھلىقى، ئىشانلارنىڭ پائالىيەت مەركىزى، ئادەتتىكى زاراتگاھلىقلارغا ئوخشاشمايدۇ. مازارلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ۋە ياندىش قۇرۇلۇشلىرى بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدۇ، ئادەتتە گۈمبەز شەكىللىك قەبرە، مەسچىت ۋە خانىقا (ئىشانلار ئوپچە پائالى-

يەت قىلىدىغان سورۇن) دىن تەركىب تاپىدۇ. بەزى مازالار
ئادەمنىڭ ئاياغ ئىزى باسمىغان دەشتى قۇملۇقنىڭ ئىچىدە بو-
لىدۇ. مازارنى باشقۇرغۇچىلار شەيخ دېيىلىدۇ، ئۇنىڭ ئورنى
ئىشاندىن تۆۋەن تۇرىدۇ، ئىشاننىڭ كىچىك يارەمچىسى خە-
لىپە دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ ئىشاننىڭ چوڭ شاگىرتىدۇر. يۈگۈر -
يېتىم ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مۇرىتى سوپى دېيىلىدۇ، ئىشان-
لارنىڭ ھۆكمەت ئوقۇشىغا رىياسەتچىلىك قىلىدىغان مۇرىتى
ھاپىز دېيىلىدۇ، ھۆكمەت ئوقۇيدىغان ئايال مۇرىت بۇۋى دەپ
ئاتىلىدۇ، ئادەتتىكى ئىخلاسمەنلىرى مۇرىت دېيىلىدۇ. خانىقا ئا-
دەتتە ئىنتايىن ئاددىي بىر قەۋەتلىك ئۆي بولۇپ، ئىچىگە
شىران (خاسىيەتلىك تائام، قوناق ئۇنىدىن ئېتىلگەن ئۇماچ)
ئېتىش ئۈچۈن ئىككى داشقازان ئورنىتىلىدۇ، بىر قوشۇق شىرانغا
داخىل بولغانلار خۇددى ئىلاھنىڭ خەيرى ـ ساخاۋىتىگە ئېرىش-
كەندەك بولۇپ، كۆڭلى ئەمىن تاپىدۇ ۋە قانائەت ھاسىل قىلىدۇ.

مازارنى تاۋاپ قىلىش ئىشانلار پائالىيىتىنىڭ مۇھىم
ئالاھىدىلىكى، مازارنى تاۋاپ قىلىش يېزىدىكى مۇرىتلارنىڭ
كەم بولسا بولمايدىغان دىنىي پائالىيىتى بولۇپ قالغان. ما-
زارنى تاۋاپ قىلىشقا بارىدىغانلارنىڭ سانى بەزىدە نەچچە
ئون مىڭغا يېتىدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن، دىنىي قائىدىلەرنى ئىسلاھ قىلىش
ئارقىلىق، فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى ۋە بەزى دىنىي
ئىمتىيازلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئۇيغۇر خەلقى دىنىي تۈزۈم-
دىن ئازاد بولدى. ھۆكۈمەت دىنىي زاتلارغا بىر قاتار سىيا-
سەتلەرنى قوللاندى، يەنە دىنىي زاتلار ئىچىدىكى خېلى تەسىر-
گە ئىگە كىشىلەرنى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي مەسلىھەت
كېڭەشلىرىگە قاتناشتۇردى ۋە سىياسىي جەھەتتە ئورۇنلاشتۇردى.

# چوڭ ئىشلار يىلنامىسى

### مىلادىدىن III ئەسىر ئىلگىرى چىن سۇلالىسى — غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى

دىڭلىڭ - تۇرا)لار شەرقىي تارماق ۋە غەربىي تارماق دەپ ئىككى تارماققا بۆلۈنۈپ كەتتى. شەرقىي تارمىقى بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدا، ھۇنلارنىڭ شىمالىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى؛ ئۇلارنىڭ غەربىي تارمىقى بالقاش كۆلى بىلەن ئېرتىش دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى جايلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى.

### مىلادىدىن 71 يىل ئىلگىرى، خەن ۋۇدىنىڭ بېنشى 3 - يىلى

دىڭلىڭلار بىلەن ئۇسۇنلار ھۇنلارغا بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىپ، نەچچە ئون مىڭ كىشىنى ئۆلتۈردى.

### مىلادىدىن 60 يىل ئىلگىرى خەن شۈەندىنىڭ شېنجۆ 2 - يىلى

غەربىي خەن ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرتتا قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قۇردى. ھۇنلارنىڭ چاكارلار كاھىبىگى ئۆز رولىنى يوقاتتى.

### مىلادىدىن 57 يىل ئىلگىرى خەن شۈەندىنىڭ ۋۇفىڭ 1 - يىلى

ئۇغۇزخان ۋىلى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ھۇنلارنىڭ

ئوگقول بېلىكخانىنى مۇستەقىل بولۇشقا قۇتراتتى. ھۇن تەگرىقۇتى تۈز ئوگقول بېلىكخانىنى ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈردى. ئوغۇزخان ساراسىمىگە چۈشۈپ قېچىپ كەتتى ۋە ئۆزىنى ئوغۇز تەگرىقۇتى دەپ ئاتىدى، كېيىنكى ھۇن تەگرىقۇتى قۇتىئۇش غەربتە ئۇسۇنلارنى يەگدى، شىمالدا ئۇغۇزلارنى تەسلىم قىلدۇردى. ئۇغۇز قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئاتلاندۇرۇپ، دىگلىگلارنى، خاكاسلارنى يەگدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇغۇزلار شىمالىي ھۇنلارنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى.

**مىلادى 85 — يىلى شەرقىي خەن سۇلالىسى جاگدى خانىنىڭ يۈەنخې 2 — يىلى**

دىگلىگلار سىيانپىلار بىلەن بىرلىكتە ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلدى. ھۇنلار مەغلۇپ بولۇپ غەربكە كۆچۈپ كەتتى.

**مىلادى IV ئەسىر شەرقىي جىن سۇلالىسى، 16 پادىشاھلىق**

دىگلىگلار جەنۇبقا كۆچتى. شەرقىي دىگلىگلار ئۇرقۇن دەرياسى ۋادىسىدا، غەربىي دىگلىگلار تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى جايلار بىلەن غەربىدىكى ئوتلاقلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. «دىگلىگ» دېگەن نام «تېلى» دېگەن نامغا ئۆزگەردى. ئۇلار ئېگىز هارۋىلاردا يۈرگەنلىكتىن، قاگقىللار دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولدى. «يۈەنخې» (ئۇيغۇر) دېگەن نام پەيدا بولدى، ئۇلار قاگقىللارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، سېلىنگا دەرياسى بويلىرىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى.

**مىلادى 429 — يىلى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى تەيۋۇدىنىڭ شېنلۇ 2 — يىلى**

بايقال كۆلىنىڭ ئەتراپلىرىدا ياشايدىغان شەرقىي قاڭقىللاردىن بىرقانچە يۈز مىڭ كىشى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىغا تەسلىم بولدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى بىر مىليوندىن ئارتۇق ئات، كالا، قويغا ئىگە بولدى. قاڭقىللاردىن تەسلىم بولغانلارنى گوبىينىڭ جەنۇبىدىكى جايلارغا كۆچۈرۈپ دېھقانچىلىققا سېلىپ ۋە چارۋا باقتۇرۇپ، ئۆزلىرىگە ئولپان تۆلەشكە مەجبۇر قىلدى.

**مىلادى 487 - يىلى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شياۋ ۋېندىنىڭ تەيخې 11 - يىلى**

قاڭقىللارنىڭ پۇۋۇرغۇر قەبىلىسىنىڭ يولباشچىسى ئاپۇرغۇر بىلەن چوڭچى يۈز مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ ئالدىنقى قوش ئېلىنىڭ غەربىي شىمالىغا كۆچۈپ كېلىپ ئۆزىنى خان دەپ ئاتىدى.

**مىلادى 490 — 508 - يىللىرى شىمالىي ۋېي سۇلالىسى شياۋ ۋېندىنىڭ تەيخې 14 - يىلىدىن شىمالىي ۋېي سۇلالىسى شۈەنۋۇدىنىڭ يۇڭپىڭ 1 - يىلىغىچە**

490 - يىلى، ئاپۇرغۇر شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پايتەختىگە سودىگەر ئەۋەتىپ، ئىككى تال ئوقيا ئوقى تەقدىم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىمۇ قاڭقىللارنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ كېلىش ئۈچۈن ئالۋاچ ئەۋەتتى.

كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، يەنپتاللار چوڭچىنى ئۆلتۈرۈپ، ئوغلى مەتەيىنى ئەسىر ئالدى. ئۇلارنىڭ قوۋمى شۇنىڭ بىلەن پىتىراپ كەتتى. بەزىلىرى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەل بولدى. بەزىلىرى جۇرجانلارغا تەسلىم بولدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تەسلىم بولغانلارنى گاۋپىڭ قورۇلىغا

ئورۇنلاشتۇردى.
قاڭقىللارنىڭ خانى ئاپۇرغۇرپاجىئەلىك تۈردە ئۆلتۈرۈلگەن-دىن كېيىن، ئۇنىڭ جەمەتىدىن بالىيان بىرقانچە يىل يولباش-چى بولدى. يەپتاللار مەتەينى قاڭقىللارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. قاڭقىللار بالىياننى ئۆلتۈرۈپ، مەتەينى خان قىلىپ تىكلىدى، مەتەي خان بولغاندىن كېيىن، جۇرجانلارنىڭ يولباشچىسى تۇغ قاغان بىلەن بارىسكۆلنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا جەڭ قىلىپ يېڭىلىپ قېلىپ، 300 چاقىرىمدىن كۆپرەك چېكىندى. تۇغ قاغاننىڭ قوشۇنلىرى ئېۋىدرغولنىڭ شىمالىدىكى جايلارنى بېسىۋالدى.
508 - يىلى، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى مۇڭۋېينى 3000 ئەسكەر بىلەن قوچۇ خانىنى كۈتۈۋېلىشكە ئەۋەتتى. شىمالىي ۋېي قوشۇنلىرى ئېۋىدرغۇلغا كەلگەندە، تۇغ قاغان قورقۇپ قاچتى. مەتەي ئۇنىڭ قاچقانلىقىنى ئاڭلاپ دەرھال قوغلاپ، ئۇنىڭ قوشۇننى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى ۋە تۇغ قاغاننى بارىسكۆلنىڭ شىمالىدا ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى مۇڭۋېيغا تەقدىم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە، شىمالىي ۋېي پادىشاھىغا ئەلچى ئەۋەتىپ بەش ئارغىماق، ئالتۇن - كۈمۈش، بۇلغۇن تېرىسى ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلارنى تەقدىم قىلدى. شىمالىي ۋېي پادىشاھمۇ لياڭ باۋزىنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، بىر چالغۇ ئەسۋابى، 80 مۇزىكانت، ئون توپ قىزىل چوز، 60 توپ رەڭگارەڭ شايى سوۋغا قىلدى.
**مىلادى 516 — 525 - يىللىرى شىمالىي ۋېي سۇلالىسى شياۋ مىڭدىنىڭ شىپىڭ 1 - يىلىدىن**
**جېڭگۇاڭ 6 - يىلىغىچە**
شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شياۋ مىڭدىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، مەتەي جۇرجانلارنىڭ يولباشچىسى چون

بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قېلىپ ئۆلتۈرۈلدى. بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مەتەينىڭ ئىنىسى يىڭۇ شىمالىي ۋېي ئوردىسىغا سالامغا ئەلچى ئەۋەتتى. شىمالىي ۋېي ئوردىسى ئۇنىڭغا «كۆنۈپپېتىشنى تىنچىتقۇچى سانغۇن»، «بالىقاش ئىنانچىلىقىنىڭ تۆھپىدار بېگى»، «قاڭقىل خانى» دېگەن ئاتاقلارنى بەردى.

جېڭگۇاڭ يىللىرى، يىڭۇ جۇرجانلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قېلىپ، ئىنىسى يۇج تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

**مىلادى 603 – يىلى سۈي ۋېندىنىڭ رېنشۇ 3 – يىلى**

تۈركلەرنىڭ بىلگە (داتۇ) خاقانى سۈي سۇلالىسى قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. ئۇنىڭ قوۋمى پىتراپ كەتتى. تېلى، بارغۇت قاتارلىق ئون نەچچە قەبىلە ئىسيان كۆتۈردى. بىلگە خاقان ئازارلارغا قېچىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئادەملىرى چىمەن خاقانغا ئىتائەت قىلدى. بۇ چاغدا تۇغلا دەرياسىنىڭ شىمالىدا كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان، تېلىلارنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۇيغۇرلار بارغۇت، تۇڭرا، بايئىرقۇ قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ، تۈركلەرنىڭ زۇلۇمىغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. ئۇلارنىڭ يولباشچىسى «ئىركىن» دېيىلەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتايتتى.

**مىلادى 605 – يىلى سۈي ياڭدىنىڭ دايې 1 – يىلى**

غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى نىزۇك قارا ئەسكەر باشلاپ كېلىپ تېلى قەبىلىلىرىگە ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇلارغا ئېغىر ئالۋان - ياساق سالدى ھەمدە ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تېلى قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولغان سىر - تاردۇشلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارنىڭ قەبىلە

ئاقسا قالىدىن نەچچە يۈز كىشىنى تۇتۇپ كېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، تېلى قەبىلىلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، غەربىي تۈركلەرگە قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۇلار ئېلتەبىر چۆبەغالىنىنى ئېل ئېتمىش باغا قاغان قىلىپ تىكلىدى؛ يەنە سىر - تاردۇشلارنىڭ ئېلتەبىرى ئىشبارانى قاغان قىلىپ تىكلىدى. ئۇلار نىزۇك قارا قاغان بىلەن جەڭ قىلىپ ئارقا - ئارقىدىن غەلىبە قىلدى. ئېل ئېتمىش باغا قاغان ئىنتايىن باتۇر بولغانلىقتىن، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى، ئېۋىرغول، قۇجۇ، ئاگىنى قاتارلىق جايلار ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىشتى. بۇ چاغدا ئۇيغۇرلار سۈكۈن ئېركىن (تەخمىنەن 605 — 616 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) نى قاغان قىلىپ تىكلىدى، ئۇلار سىر - تاردۇشلارنىڭ شىمالىدىكى سېلىنگا دەرياسى بويىدا ئوت - سۇ قوغلىشىپ ياشايتتى. ئۇلارنىڭ ئەسكىرى 50 مىڭ، ئاھالىسى 100 مىڭ ئىدى.

**مىلادى 627 - يىلى تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 1 - يىلى**

سۈكۈن ئېركىننىڭ ئوغلى بۇسات تېكىن باتۇر، ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر بىر ئادەم ئىدى. سۈكۈن ئېركىن ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار بۇساتنى خاقان قىلىپ تىكلىدى (616 — 636 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان).

**مىلادى 629 - يىلى تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 3 - يىلى**

ئۇيغۇرلار تاڭ ئوردىسىغا ئولپان بېرىشكە باشلىدى.

**مىلادى 630 - يىلى تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 4 - يىلى**

بۇسات تېكىن 5000 ئاتلىق ئەسكەرگە قوماندانلىق قىلىپ شەرقىي تۈركلەرنىڭ يۇقۇق شاتنىڭ قوماندانلىقىدىكى 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى بىلەن مازۇڭشەن تېغىدا ئۇرۇش قىلىپ، تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلدى ۋە تۇغلا دەرياسى بويىدا قارارگاھ قۇرۇپ، ئۆزىنى «ئالىپ ئېلتەبىر» دەپ ئاتىدى. شۇنىڭ

بىلەن ئۇيغۇرلار ناھايىتى كەڭ شۆھرەت قازاندى.

**مىلادى 646 – يىلى تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 20 – يىلى**

ئۇيغۇرلارنىڭ يولباشچىسى تۇەبېد (تەخمىنەن 636 — 648 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) بارغۇت، توڭرا قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ، سىر - تاردۇشلارنىڭ قاغانى ئىستەمىخاننى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. ئارقىدىنلا جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلەپ ۋولانتاغدىن ئۆتۈپ، خۇاڭخېنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا يېتىپ باردى ۋە تاڭ ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق يوللىدى. تاڭ تەيزۇڭ قەبىلە يولباشچىلىرىنى قوبۇل قىلدى ۋە كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنى كۈتۈۋالدى.

**مىلادى 647 – يىلى تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 21 – يىلى**

تاڭ ئوردىسى ئۇيغۇرلار رايونىدا دەشتىي ماكان تۇتۇق مەھكىمىسىنى قۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ يولباشچىسى ئۇلۇغ ئېلتەبىر تومىدنى «مەرىپەت قۇچقان ئۇلۇغ سانغۇن» قوشۇمچە «دەشتىي ماكان تۇتۇقبېگى» دېگەن مەنسەپ بىلەن تارتۇقلىدى، ئۇنىڭغا زەر نەقىشلىك ھېكمەتلىك ئالتۇن بېلەق سۆرەتلىك تەنتەكىنى بەردى ھەمدە كالۇۋتۇنلۇق قىزغۇچ كىمخاب تون، مىسران قىلىچ، قىممەتلىك بۇيۇم قاتارلىقلارنى ھەدىيە قىلدى. بۇ چاغدا تومىد ئۆزىنى خاقان دەپ جاكارلىغان ۋە تۈركلەرنىڭكىدەك مەنسەپلەرنى تەسىس قىلغان، ئالتە تاشقى بۇيرۇق، ئۈچ ئىچ بۇيرۇق ۋە شۇنىڭدەك تۇتۇق، سانغۇن، ئەمىر قاتارلىق ئەمەلدارلارنى تەيىنلىگەنىدى. تاڭ تەيزۇڭ ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرىنى زىياپەت بېرىپ مېھمان قىلدى. ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى ئولپان تاپشۇرۇشقا ئوڭاي بولۇشى ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇبىي، تۈركلەرنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا، يەنى ئۆتۈكەن تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىن چوڭاي

تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدىكى چوڭگەك بولاقچە بولغان ئارىلىقتا «تەڭرى قاغان يولى» ياساشنى، يولبويى 68 ئورۇندا جام-رابات قۇرۇپ بېرىشنى تەكلىپ قىلدى، تاڭ تەيزۇڭ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى.

**مىلادى 648 - يىلى تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 22 - يىلى**

تۇمىد ئۆزىنىڭ جىيەنى ئۇغۇر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. يەنرەن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن بېگى يۈەن لىچىن ئۇغۇرنىڭ بېشىنى ئېلىپ، تۇمىدنىڭ ئوغلى بايانىنى يولباشچى (648 — 661 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) قىلىپ تىكلىدى. تاڭ ئوردىسى بايانغا «سول قول ھىمايىچى ئۇلۇغ سانغۇن» «ئۇلۇغ ئېلتەبىر»، «ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا مەسئۇل پەۋقۇلئاددە يالۋاچ»، «دەشتى ماكان تۇتۇقبېگى» قاتارلىق مەنسەپ - ئاتاقلارنى بەردى.

**مىلادى 651 - يىلى تاڭ گاۋزۇڭنىڭ يۇڭخۇي 2 - يىلى**

غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى شات بىلگە (ئاسنا قۇلى ياكى ئىشبارا قاغان) بېشبالىق ئايمىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، جىنلىن قەلئەسىنى ۋە بارىسكۆل ناھىيىسىنى ئېلىپ نەچچە مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە تۇتقۇن قىلدى. تاڭ ئوردىسى ئۇلۇغ سانغۇن لياڭ جيەنفاڭ بىلەن چۆبە ئالىپنى 30 مىڭ ئەسكەر بىلەن ئۇلارنى جازالاشقا ئەۋەتتى. ئۇيغۇرلاردىن بايان 50 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر بىلەن ئۇلارغا ياردەم بەردى.

**مىلادى 661 - يىلى تاڭ گاۋزۇڭنىڭ لۇڭسۇ 1 - يىلى**

ئۇيغۇرلارنىڭ يولباشچىسى بايان تاڭ سۇلالىسىنىڭ كورىيىگە قارشى ئۇرۇشىغا قاتناشتى ۋە شۇ يىلى ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئوغلى بىرۇت تەختتە ئولتۇردى (661 — 680 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان).

**مىلادى 663 - يىلى تاڭ گاۋزۇڭنىڭ لۇڭسۇ 3 - يىلى**

تاڭ ئوردىسى يەنە قوررۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ نامىنى دەشتى ماكان قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى دەپ ئۆزگەرتتى. مەھكىمە مەركىزى ئۈيغۇرىيىدە تەسىس قىلىندى. گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئايماق - دىيارلارنىڭ ھەممىسى دەشتى ماكان قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارايدىغان بولدى.

**مىلادى 669 - يىلى تاڭ گاۋزۇڭنىڭ زۇڭجاڭ 2 - يىلى**

تاڭ ئوردىسى دەشتى ماكان قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى ئەنبېي قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى دەپ ئۆزگەرتتى.

**مىلادى 680 - يىلى تاڭ گاۋزۇڭنىڭ يونلۇڭ 1 - يىلى**

ئۇيغۇرلارنىڭ يولباشچىسى بىرۇق ئۆلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى دۇكىچ ئولتۇردى (680 — 715 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان).

**مىلادى 715 - يىلى تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ كەييۈەن 3 - يىلى**

ئۇيغۇرلارنىڭ يولباشچىسى دۇكىچ ئۆلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى ئۆگتېبىر ئولتۇردى (715 — 719 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان).

**مىلادى 719 - يىلى تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ كەييۈەن 7 - يىلى**

ئۇيغۇرلارنىڭ يولباشچىسى ئۆگتېبىر ئۆلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى ئۆگتېنان ئولتۇردى (719 — 727 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان).

**مىلادى 727 - يىلى تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ كەييۈەن 15 - يىلى**

ئۇيغۇرلارنىڭ يولباشچىسى ئۆگتېنان لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ تۇتۇقبېگى ۋاڭ جۈنيېنىڭ تۆھمەت چاپلىشى بىلەن شاڭجۇ ئايمىقى (ھازىرقى گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ شاڭسى ناھىيىسى) غا پالىنىپ شۇ يەردە ئۆلۈپ كەتتى. ئودنان (727 — ?) ئۇيغۇرلارغا يولباشچى بولدى. ئۆگتېنانىنىڭ قوۋمىدىن قوشۇخان ئۆز ئادەملىرىنى باشلاپ كېلىپ، ۋاڭ جۈنيېنى

ئۆلتۈرۈپ، چاڭئەننىڭ غەربىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئولپان تاپشۇرىدىغان يولىنى توسۇۋەتتى.

**مىلادى 742 – يىلى    تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ تيەنباۋ 1 – يىلى**

ئۇيغۇرلار باسمىل، قارلۇقلار بىلەن بىرلىشىپ تۈركلەرگە هۇجۇم قىلىپ، قۇتلۇق يابغۇنى ئۆلتۈردى. باسمىللارنىڭ ئاقساقىلىنى ئېل ئېتمىش خاقان قىلىپ سايلىدى. ئۇيغۇرلار بىلەن قارلۇقلار ئوڭ، سول يابغۇ بولدى. ئارقىدىنلا تۈركلەرنىڭ ئۆزمىش خاقانىنى قوغلىۋەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ يولباشچىسى (يابغۇسى) كۆل بىلگە (قوشۇخاننىڭ ئوغلى) تاڭ ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى. تاڭ ئوردىسى ئۇنىڭغا «ساداقەتمەند خان» دەپ نام بەردى. كۆل بىلگە يۈكسەك شۆھرەت قازاندى. ئۇ 742 — 747 – يىللىرى تەختتە ئولتۇردى.

**مىلادى 744 – يىلى    تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ تيەنباۋ 3 – يىلى**

كۆل بىلگە باسمىللارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئېل ئېتمىش قاغانىنى ئۆلتۈردى. ئۆزىنى قۇتلۇغ بىلگە كۆل قاغان دەپ ئاتىدى. تاڭ ئوردىسى كۆل بىلگىگە «سۆيىنگىل خاقان» دەپ نام بەردى. ئۇيغۇرلار ئۆتۈكەن تاغلىرى بىلەن ئورقۇن دەرياسى ئارىسىدىكى جايلاردا قارارگاھ قۇرۇپ، جەنۇبتا تۈركلەرنىڭ ئەسلى زېمىنىنى ئىگىلىۋالدى. ياغلۇقار قاتارلىق توققۇز ئوغۇز قوۋمىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. كېيىنچە باسمىل، قارلۇقلارنىمۇ ئۆزلىرىگە قوشۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار تەركىبىگە كىرگەن قوۋملار 11 گە يەتتى. بۇ ۋاقىت ئۇيغۇرلار تارىختا ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىل ئىدى.

**مىلادى 745 – يىلى    تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ تيەنباۋ 4 – يىلى**

كۆل بىلگە كېيىنكى تۈركلەرنىڭ قاغانى بولمىش (بومىن) نى ئۆلتۈرۈپ، تاڭ ئوردىسىغا تۆھپە مەلۇم قىلدى. تاڭ ئوردىسى ئۇنىڭغا «سولقول پەخرىي ھىماتچى ئۇلۇغ سانغۇن» دەپ

نام بەردى. بۇ چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى كېڭىيىپ، «شەرقتە سىرۋېيلەرگىچە، غەربتە ئالتاي تاغلىرىغىچە، جەنۇبتا گوبىي دەشتىگىچە بولغان بۇرۇنقى خۇن زېمىنىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان» ئىدى.

**مىلادى 747 – يىلى    تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ تيەنباۋ 6 – يىلى**

كۆل بىلگە ئۆلدى. ئوغلى مويۇنچۇر ئۇنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. (747 — 759 – يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) ۋە قارا قاغان دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ نامى: «تەڭرى قوت بولمىش ئېل ئېتمىش بىلگە خاقان» ئىدى.

**مىلادى 756 – يىلى    تاڭ سۇزۇڭنىڭ جىدې 1 – يىلى**

ئۇيغۇرلار تاڭ ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆكلۈك – سۆيگىن توپىلىڭىنى تىنچىتىشقا ياردەم بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. تاڭ سۇزۇڭ دۇڭخۇاڭ (دەشت ئاتا) ئىنانچىسى چېك سەي قاتارلىقلارنى ئۇيغۇرلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ قارا قاغانى گولىچىنى ئەسكەر بىلەن ياردەمگە ئەۋەتتى ھەمدە خوتۇنىنىڭ سىڭلىسىنى ئۆز قىزى قاتارىدا چېك سەيگە ياتلىق قىلدى. تاڭ سۇزۇڭ بۇ ئۇيغۇر قىزىغا «بىلگە قونچۇي» دەپ نام بەردى.

**مىلادى 756 – يىلى    تاڭ سۇزۇڭنىڭ جىدې 2 – يىلى**

ئۇيغۇرلارنىڭ قارا قاغانى ئۆزىنىڭ ئوغلى يابغۇنى 4000 ئاتلىق خىل ئەسكەر بىلەن ئەۋەتىپ، تاڭ ئوردىسىغا ياردەم بېرىپ ئۆكلۈك – سۆيگىن توپىلىڭىنى تىنچىتىپ، چاڭئەن بىلەن لوياڭنى قايتۇرۇۋالدى.

**مىلادى 758 – يىلى    تاڭ سۇزۇڭنىڭ چەنيۈەن 1 – يىلى**

تاڭ ئوردىسى قارا قاغانغا «باتۇر – ھەيۋەت كۆل بىلگە خاقان» دەپ ئاتاق بەردى. تاڭ سۇزۇڭ ئۆزىنىڭ كىچىك قىزى، مەلىكە نىڭگونى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى. قارا قاغان مەلىكىگە «خاتۇن» دەپ نام بەردى.

مىلادى 759 — يىلى تاڭ سۇزۇڭنىڭ چەنيۈەن 2 — يىلى

قارا خاقان ئۆلدى، ئۇنىڭ ئورنىغا كىچىك ئوغلى ئىدىس كىن (759 — 779 - يىلى تەختتە ئولتۇرغان) ئولتۇردى ۋە «بۆكۈ قاغان» (بۆكۈتېكىن) دەپ ئاتالدى. بارغۇت مېھرىنىڭ قىزىنى خوتۇنلۇققا ئالدى.

مىلادى 762 — يىلى تاڭ دەيزۇڭنىڭ باۋيىڭ 1 — يىلى

بۆكۈ قاغان ئەسكەر چىقىرىپ، تاڭ ئوردىسىغا ياردەم بىرىپ سى چاۋيى توپىلىڭىنى باستۇرۇپ، لوياڭ ۋە خېبېي قاتارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋالدى.

مىلادى 763 — يىلى تاڭ دەيزۇڭنىڭ گۇاڭدې 1 — يىلى

تاڭ ئوردىسى بۆكۈ قاغانغا تەڭرى ئېتمىش باھادىر دانىش مەن، تۆھپىكار بىلگە خاقان (تەڭرى بولمىش خاقان)، خوتۇنىغا «مېھىر - شەپقەتلىك، ساھىبجامال بىلگە خاتۇن» دەپ نام بەردى. ئۇنىڭ ئەئيانلىرىغىمۇ تۆھپىلىرىگە قاراپ ئوتتۇغات - نام بەردى. مانى دىنى ئۇيغۇرلارغا كىرىشكە باشلىدى.

مىلادى 769 — يىلى تاڭ دەيزۇڭنىڭ دالى 4 — يىلى

تاڭ ئوردىسى بارغۇت مېھرىنىڭ كىچىك قىزىغا «چۇڭخۇي مەلىكە» دەپ نام بېرىپ، بۆكۈ قاغانغا ياتلىق قىلدى. بۆكۈ قاغان ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئىككى تاڭ مەلىكىسىگە ئۆيلەندى.

مىلادى 779 — يىلى تاڭ دەيزۇڭنىڭ دالى 14 — يىلى

بىر تۈركۈم مانى مۇرىتلىرى بۆكۈ قاغاننى تاڭ سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىشقا قۇتراتتى. بۇيىرۇق (باش ۋەزىر) تون باغا ئۇنى ئۆلتۈردى ۋە ئۆزىنى «ئالىپ قۇتلۇق بىلگە قاغان» دەپ ئاتىدى (779 — 789 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان).

مىلادى 780 — يىلى تاڭ دېزۇڭنىڭ جيەنجۇڭ 1 — يىلى

تاڭ ئوردىسى تون باغاغا «ئادالەت يولىدا خىزمەت كۆر-

سەتكەن باھادىر قاغان» دەپ نام بەردى.

مىلادى 788 ـ يىلى تاڭ دېزۇڭنىڭ جېنيۈەن 4 ـ يىلى

تاڭ دېزۇڭ قىزى شيەنئەن مەلىكىنى تۇن باغا قاغانغا ياتلىق قىلدى. تاڭ ئوردىسى ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانىنى «تەڭرىگە يېقىن، ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك قۇتلۇق بىلگە قاغان» دەپ، قۇنچۇيىنى «ئەقىل ـ ئىدراكلىك، ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك، ۋاپادار خاتۇن» دەپ ئاتىدى.

مىلادى 789 ـ يىلى تاڭ دېزۇڭنىڭ جېنيۈەن 5 ـ يىلى

تۇن باغا ئۆلدى، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى تالاس ئولتۇردى. ئۇ پان تېكىن دەپ ئاتالدى. تاڭ ئوردىسى ئۇنىڭغا «ئاي تەڭرى قۇت بولمىش كۆلۈگ بىلگە، ساداقەتمەنىد، دىيانەتلىك خاقان» دەپ نام بەردى. تىبەتلەر چۆل تۈركلىرى، قارلۇقلار، ئاق تۈركلەر بىلەن بىرلىشىپ، بېشبالىققا ھۇجۇم قىلدى. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئۇلۇغ بۇيرۇقى ئېل ئۆگە ئەسكەر باشلاپ كېلىپ تاڭ ئوردىسىغا ياردەم بەردى.

مىلادى 790 ـ يىلى تاڭ دېزۇڭنىڭ جېنيۈەن 6 ـ يىلى

تالاس كىچىك خاتۇن تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى. تەختكە ئۇنىڭ ئىنىسى ئولتۇردى. كېيىن ئۇمۇ ئۇلۇغ بۇيرۇق تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، تالاسنىڭ ئوغلى ئاچۇر تەختكە چىقىرىلدى (790 — 795 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان). ئۇ بۇ چاغدا 15 ياشتا ئىدى. تاڭ ئوردىسى ئۇيغۇرلارغا 300 مىڭ توپ تاۋار ـ تورقا تەقدىم قىلدى. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئۇلۇغ بۇيرۇقى ئېل ئۆگە تىبەتلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، بېشبالىقنى تارتقۇزۇپ قويىدى. قارلۇقلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆتۈكەن تاغلىرىنىڭ غەربىدىكى بۇت بۇلاق ۋادىسىنى بېسىۋالدى. ئۇيغۇرلار جەنۇبقا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى ۋە زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتتى.

**مىلادى 791 ـ يىلى تاڭ دېزۇڭنىڭ جېنيۈەن 7 ـ يىلى**

تاڭ ئوردىسى ئاچۇرغا «ساداقەتمەنـد خاقان» دەپ نام بەردى. ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى لىڭجۇ، بېشبالىق قاتارلىق جايلاردا تىبەتلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ يولباشچىسى شاڭزىننىڭ يۈرىكىنى تاڭ ئوردىسىغا تەقدىم قىلدى.

**مىلادى 795 ـ يىلى تاڭ دېزۇڭنىڭ جېنيۈەن 11 ـ يىلى**

ئاچۇر ئۆلدى. ئاۋسارلاردىن بولغان ئىچ بۇيرۇق قۇتلۇق تەختكە ئولتۇردى (795 — 805 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان). تاڭ ئوردىسى ئۇنىڭغا «ئاي تەڭرى قۇت بولمىش ئالىپ قۇتـلۇق بىلگە دىيانەتلىك قاغان» دەپ نام بەردى.

**مىلادى 805 ـ يىلى تاڭ شۇنزۇڭنىڭ يوڭجېن 1 ـ يىلى**

قۇتلۇق ئۆلدى. تاڭ ئوردىسى ئۇنىڭ ئوغلىغا: «تەڭرى قۇت كۈللۈگ بىلگە قاغان» دەپ نام بەردى (ئۇ 805 — 808 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇردى).

**مىلادى 806 ـ يىلى تاڭ شيەنزۇڭنىڭ يۈەنخې 1 ـ يىلى**

مانى دىنى ئۇيغۇرلاردىن يەنە تاڭ سۇلالىسى زېمىنىغا تارقالدى.

**مىلادى 808 ـ يىلى تاڭ شيەنزۇڭنىڭ يۈەنخې 3 ـ يىلى**

تەڭرى قاغان ئۆلدى. تەختكە «دىيانەتلىك قاغان» ئولـتۇردى. تـاڭ ئوردىسـى ئۇنىـڭغا «ئاي تـەڭرىـدە قۇت بـولمىـش ئالىـپ بىلگـە دىيـانەتلىـك قاغـان» دەپ نام بەردى (ئۇ 808 — 821 ـ يىللىرى تـەختتە ئولتۇرغان). «توققۇز ئۇيغۇر بىلگە قاغان ئابىدىسى» گە ئۇنىڭ تۆھپىلىرى يېزىلغان. ئۇ تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە تىبەتلەرنى يېڭىپ بېشبالىق، كۇسەن قاتارلىق جايـلارنـى قايتۇرۇۋالغان، ئۇنىـڭ تەسىر كۈچى ئوتتۇرا ئاسىياغىچە كېڭەيگەنىدى.

**مىلادى 821 ـ يىلى تاڭ مۇزۇڭنىڭ چاڭچىڭ 1 ـ يىلى**

«دىيانەتلىك قاغان» ئۆلدى. تاڭ ئوردىسى ئۇنىڭ ئوغـ
لىغا «تەڭرى ئۇلۇغ بولمىش ئالىپ بىلگە پەزىلەت قۇتـ
قان قاغان» (821 — 824 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) دەپ
نام بەردى. تاڭ ئوردىسى تاڭ شيەنزۇڭنىڭ قىزىغا قونچۇي
(مەلىكە) دەپ ئاتاق بېرىپ، پەزىلەت قۇتـقان قاغانغا ياتلىق
قىلدى. قۇنچۇيغا «ۋاپادار، زېرەك، ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك خاتۇن» دەپ
نام بەردى.

**مىلادى 824 - يىلى تاڭ مۇزۇڭنىڭ چاڭچىڭ 4 - يىلى**

«پەزىلەت قۇتقان» قاغان ئۆلدى. تەختكە ئۇنىڭ ئىنىسى
قازار تېكىن چىقتى. تاڭ ئوردىسى ئۇنىڭغا «ئاي تەڭرى قۇت
بولمىش ئالىپ بىلگە ئەدەب قۇتـقان قاغان» دەپ نام بەردى
(ئۇ 824 — 832 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان).

**مىلادى 827 - يىلى تاڭ ۋېنزۇڭنىڭ تەيخې 1 - يىلى**

تاڭ ۋېنزۇڭنىڭ دەسلەپكى يىللىرى، تاڭ ئوردىسى ئۇيغۇر-
لارغا 500 مىڭ توپ تاۋا - تورقا بەردى.

**مىلادى 832 - يىلى تاڭ ۋېنزۇڭنىڭ تەيخې 6 - يىلى**

«ئەدەب قۇتقان قاغان» قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن
ئۆلتۈرۈلدى. تەختكە ئۇنىڭ ئوغلى قۇت تېكىن ئولتۇردى
(832 — 839 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان).

**مىلادى 833 - يىلى تاڭ ۋېنزۇڭنىڭ تەيخې 7 - يىلى**

تاڭ ئوردىسى قۇت تېكىنگە «ئاي تەڭرى قۇت بولمىش
ئالىپ بىلگە، ئىناۋەت قۇتقان قاغان» دەپ نام بەردى.

**مىلادى 839 - يىلى تاڭ ۋېنزۇڭنىڭ كەيچېڭ 4 - يىلى**

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىچ بويرۇقى ئىنەيۈن كۆل بىلەن
سايغا تېكىن توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولغاندا، «ئىناۋەت قۇتقان
قاغان» تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. بويرۇق چۇرۇق ئەسكەر باشلاپ
كېلىپ، چۆل تۈركلىرىدىن قوي يەشىنگە 300 ئات پارا بېرىپ،

ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە قاغانغا ھۇجۇم قىلدى. قاغان
مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلدى. قۇۋ تېگىن قاغان بولدى (ئۇ
839 — 840 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان). مۇشۇ يىلى، ئۇيـ
غۇرلاردا ۋابا تارقىلىپ، جۇدۇن ۋە ئۇدا قەھەتچىلىك بولۇپ،
قوي - كالىلار قىرىلىپ كەتتى، دۆلەتنىڭ كۈچى زەئىپلىشىپ
كەتتى.

مىلادى 840 - يىلى تاڭ ۋېنزۇڭنىڭ كەيچېڭ 5 - يىلى

ئۇيغۇر ساڭغۇنى قارا باغا قىرغىزلارنىڭ 100 مىڭ كىـ
شىلىك ئاتلىق ئەسكىرىنى باشلاپ كېلىپ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگە
ھۇجۇم قىلىپ، قۇت تېگىن قاغاننى ئۆلتۈردى، بويرۇق چۇرۇقـ
نى يوقاتتى. ئۇلارنىڭ قارارگاھىغا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى.
ئۇيغۇرلار تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. بويرۇق جىج ئۆزىنىڭ
جەمەتلىرى پان تېگىن، نارۇ، كېپىن قاتارلىق بەش قېرىندىشىـ
نى ۋە 15 قەبىلىنى باشلاپ غەربكە — قارلۇقلار تەرەپكە
كەتتى، بىر بۆلۈك ئادەم تىبەتلەر تەرەپكە، يەنە بىر بۆلۈك
ئادەم ئەنشى تەرەپلىرىگە كەتتى. قاغاننىڭ ئىنىسى ئونمۇس
قاتارلىقلار ۋە يەشىن، بارغۇت، ناگچۇر تېگىن قاتارلىقلار ئۆز-
لىرىنىڭ قوۋملىرىنى باشلاپ تيەندې قورۇلىغا يېتىپ كەلدى
ۋە شۇ يەردە سودا - سېتىق قىلىپ تۇرمۇش كۆچۈردى ھەمدە
بەيئەت قىلىشقا ئىجازەت سورىدى.

مىلادى 841 - يىلى تاڭ ۋۇزۇڭنىڭ خۇيچاڭ 1 - يىلى

ئۇيغۇرلارنىڭ قارارگاھ ئەتراپىدىكى 13 قەبىلىسى ئۇكا
تېگىننى قاغان قىلىپ تىكلەپ، «ئۇكا قاغان» دەپ ئاتىدى.
(841 — 846 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) ۋە جەنۇبتىكى
سوزىشەن تاغلىرىدا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. تاڭ ئوردىسى سىلاۋچى
ئەۋەتىپ ھال سورىدى.

مىلادى 846 - يىلى تاڭ ۋۇزۇڭنىڭ خۇيچاڭ 6 - يىلى

ئۇكا قاغاننىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملىرىدىن قاچىدىغىنى قېچىپ، ئۆلىدىغىنى ئۆلۈپ ئاران 3000 ئادىمى قالدى. بويرۇق يېغىنچۇر ئالتۇنتاغدا ئۇكا قاغاننى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ ئىنىسى ئىنان تېكىننى قاغان قىلىپ تىكلىدى.

مىلادى 848 – يىلى    تاڭ شۈەنزوڭنىڭ داجۇڭ 2 – يىلى

ئىنان قاغان قۇمۇقلارنىڭ خانى سوسلاننىڭ ھىمايىسىدە ياشاپ كېلىۋاتاتتى. يۇجۇ ئايىمىقىنىڭ ھىراۋۇلى جاڭ جۇڭۇۋ قومۇقلارنى تارمار قىلدى. ئۇيغۇرلار باشپاناھسىز قالغانلىقتىن تۇزۇپ كەتتى. ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ ئاران 500 دەك ئادىمى قالدى، ئۇلار شىرۋېيلەرگە بەيئەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شىرۋېيلەرنىڭ يەتتە قوۋمى قالدۇق ئۇيغۇرلارنى بۆلۈشۈۋېلىپ قۇل قىلىۋالدى. قىرغىزلارنىڭ بويرۇقى ئابۇ 70 مىڭ ئەسكەرنى باشلاپ كېلىپ شىرۋېيلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى قۇتۇلدۇرۇپ، گوبىنىڭ شىمالىغا قايتىپ كەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ قالغان بىر قىسمى تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن تاغ ئارىلىقىغا، ئورمانلىقلارغا كىرىپ كەتتى.

مىلادى 866 – يىلى    تاڭ يىزوڭنىڭ شيەنتوڭ 7 – يىلى

ئۇيغۇرلارنىڭ يولباشچىسى بۆگۈ تېكىن بېشبالىقتا تىبەت-لەرنى يېڭىپ، تۇرپان، چادىر قاتارلىق شەھەرلەرنى تارتىۋالدى ھەمدە تىبەتلەرنىڭ سانغۇنى شاڭكوڭرىنىڭ بېشىنى ئېلىپ تاڭ ئوردىسىغا ئەۋەتىپ بەردى.

مىلادى 933 – يىلى    لياۋ تەيزوڭنىڭ تيەنشەن 8 – يىلى

ئۇيغۇر خانى ئارسلان خان لياۋ سۇلالىسىگە ئولپان تاپ-شۇرۇشقا باشلىدى.

مىلادى 943 – يىلى    كېيىنكى جىن سۇلالىسى چۇدىنىڭ
تيەنفۇ 8 – يىلى

ئاۋۋال قوز ئوردىدا، ئۇنىڭدىن كېيىن بالاساغۇن بىلەن

قەشقەردە قارارگاھ قۇرغان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانى بازىر خاننىڭ كىچىك ئوغلى ساتۇق ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئەڭ ئاۋۋال مۇسۇلمان بولدى. X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۇ تاغىسى ئوغۇلچاقنى مەغلۇپ قىلىپ، قەشقەرنى بېسىۋالدى. تەخمىنەن مۇشۇ يىلى، ئۆزىنى بۇغراخان دەپ ئاتىدى (ئۇ 943 — 956 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان).

**مىلادى 951 – يىلى كېيىنكى جۇ پادىشاھى تەيزۇنىڭ گۇاڭشۇن 1 – يىلى**

قۇجۇ ئۇيغۇرلىرى تۇتۇقنى كېيىنكى جۇ ئوردىسىغا ئەۋەتىپ، ئىچكىرى رايونلار بىلەن ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈردى. كېيىنكى جۇ ھۆكۈمىتى تەدبىر قوللىنىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان سودىنى كەڭ قويۇۋەتتى. ئۇيغۇر سودىگەرلىرى قاشتېشى، ئات، يۇڭ – تېرە، دورا – دەرمەك سودىسى ئارقىلىق ئىچكىرىنىڭ ئالتۇن – كۈمۈش ۋە پۇللىرىغا ئىگە بولۇپ تۇردى.

**مىلادى 956 – يىلى كېيىنكى جۇ پادىشاھى شىزۇڭنىڭ شيەندى 3 – يىلى**

ساتۇق بوغراخان ۋاپات بولۇپ، ئاتۇشتىكى مەشھەتكە دەپنە قىلىندى. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى بايتاش (مۇسۇلمانچە ئىسمى مۇسابىننى ئابدۇكېرىم) تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنى ئارسلان خان دەپ ئاتىدى. ئۇ قەشقەردە تۇردى. ساتۇقنىڭ كىچىك ئوغلى سۇلايمان بالاساغۇندا تۇردى.

**مىلادى 960 – يىلى سۇڭ تەيزۇنىڭ جيەنلۇڭ 1 – يىلى**

200 مىڭ چېدىرلىق تۈرك ئىسلام دىنىغا كىردى. مۇسا ئارسلان خان ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ جاكارلىدى.

**مىلادى 962 – يىل سۇڭ تەيزۇنىڭ جيەنلۇڭ 3 – يىلى**

قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىن ئارسلان تۇتۇق قاتارلىق 42

ئادەم سۇلى ئوردىسىغا زىيارەتكە كەلدى.

مىلادى 971 – يىلى سۇڭ تەيزۇنىڭ كەيباۋ 4 – يىلى
لياۋجىڭزۇڭنىڭ باۋنىڭ 3 – يىلى

قاراخانىيلارنىڭ ئارسلان خانى مۇسا بۇددىستلارنىڭ مەركىزى بولغان خوتەن ۋىيسارا جەمەتىنىڭ سۇلالىسىنى ئىستېلا قىلىش ئۇرۇشىنى قوزغىدى. بۇ ئۇرۇش 20 نەچچە يىل داۋام قىلدى.

مىلادى 981 – يىلى سۇڭ تەيزۇڭنىڭ تەيپىڭ شىڭگو 6 – يىلى

قۇجۇ خانى ئارسلان خان مەسئۇدنى سۇڭ ئوردىسىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. سۇڭ ئوردىسىمۇ ۋاڭ يەندىنى قۇجۇغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى.

مىلادى 982 – يىلى سۇڭ تەيزۇڭنىڭ تەيپىڭ شىڭگو 7 – يىلى

ۋاڭ يەندې بېشبالىقتا ئۇيغۇرلارنىڭ خانى بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ ئەلتىرە، ئالتۇن كەمەر، كىمخاب قاتارلىق بۇيۇملارنى ئۇيغۇرلارنىڭ يولباشچىلىرىغا تەقدىم قىلدى. 983 – يىلى، ۋاڭ يەندې سۇڭ سۇلالىسىگە قايتىدىغان چاغدا، قۇجۇ خانى 100 نەچچە ئادەمنى ئۇنىڭغا قوشۇپ، سۇڭ ئوردىسىغا رەھمەت تەزىمگە ئەۋەتتى.

مىلادى 990 – يىلى سۇڭ تەيزۇڭنىڭ چۇنخۇا 1 – يىلى

قاراخانىيلارنىڭ خانى بۇغرا قاراخان ھەسەن (ھارۇن) ئىسفىجاب شەھىرىنى بېسىۋالدى.

مىلادى 992 – يىلى سۇڭ تەيزۇڭنىڭ چۇنخۇا 3 – يىلى

قاراخانىيلارنىڭ خانى بۇغرا قاراخان ھەسەن ماۋرائۇننەھرگە بېسىپ كىرىپ، سەمەرقەند بىلەن بۇخارانى ئىشغال قىلدى. سامانىيلار سۇلالىسى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن زاۋاللىققا يۈز تۇتتى.

مىلادى 999 – يىلى سۇڭ جېنزۇڭنىڭ شيەنپىڭ 2 – يىلى

ئارسلان خان ئېلىك ناسىر سامانىيلارنىڭ پايتەختى بۇخارانى ئېسىۋالدى، سامانىيلار سۇلالىسى ئۆزۈل - كېسىل مۇنقەرز بولدى.

**مىلادى 1001 - يىلى سۇڭ جېنزۇڭنىڭ شيەنپىڭ 4 - يىلى**

ئادەتتە، بۇغرا قاراخان ھەسەننىڭ ئوغلى يۈسۈپ قادىرخان مۇشۇ يىلى خوتەننى ئېلىۋالدى، خوتەن شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قاراخانىيلارنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولدى، دەپ قارىلىدۇ.

**مىلادى 1005 - يىلى سۇڭ جېنزۇڭنىڭ جىڭدې 2 - يىلى**

سامانىيلارنىڭ خان جەمەتىدىن مۇنتاسىر (ئىسمائىل) قاراخانىيلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلدى. يۈسۈپ قادىرخان قاراخانىيلار ھۆكۈمرانى تۇغان ئەھمەدنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقىرىپ، شەرقىي قاراخانىيلارغا ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. تۇغان ئەھمەد پايتەختنى بالا ساغۇنغا كۆچۈردى.

**مىلادى 1006 — 1008 - يىللىرى سۇڭ جېنزۇڭنىڭ جىڭدې 3 - يىلىدىن داجۇڭ شياڭفۇ 1 - يىلىغىچە**

ئېلىك ناسىرخان غەزنەۋىيلەرگە ئىككى قېتىم ئىستىلا ئۇرۇشى قوزغىغان بولسىمۇ، ھەر ئىككى قېتىمقى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدى.

**مىلادى 1009 - يىلى سۇڭ جېنزۇڭنىڭ داجۇڭ شياڭفۇ 2 - يىلى**

خوتەن قاراخانى لاچىن قاتارلىقلارنى سۇڭ سۇلالىسىگە يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلاردىن ئولپان تاپشۇرۇشقا ئەۋەتتى.

**مىلادى 1010 - يىلى سۇڭ جېنزۇڭنىڭ داجۇڭ شياڭفۇ 3 - يىلى**

كۇسەن ئۇيغۇر خانى لى يەنفۇ، ئەنفۇ، سوجىن قاتارلىق-

لارنى سۇڭ سۇلالىسىگە سودا قىلىشقا ئەۋەتتى. سۇڭ سۇلالىسىگە ئېلىپ بېرىلغان ماللارنىڭ ئىچىدە مۇشكى ـ ئەنبەر، گۈللۈك چىت، ئارغىماق، نار تۆگە، ئۇيغۇر قويى، قاشتېشى ئورنىتىلغان ئېگەر ـ جابدۇق، ھېقىق، قاشتېشى بار ئىدى.

**ملادى 1012 ــ 1013 ـ يىللىرى سۇڭ جېنزۇڭنىڭ داجۇڭ**
**شياڭفۇ 5 ـ يىلىدىن**
**6 ـ يىلىغىچە**

تۇغان خان ئەھمەد يەتتىسۇ رايونىغا بېسىپ كىرگەن 100 مىڭ چېدىرلىق كاپىر چارۋىچىلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، زور غەلىبە قازاندى. 1013 ـ يىلى، كۇسەن خاقانى لى يەنچىڭ قاتارلىق 36 كىشىنى سۇڭ سۇلالىسىگە ئارغىماق، ئوقيا، ئېگەر ـ جابدۇق، قاشتېشى، مۇشكى ـ ئەنبەر سودىسى قىلىشقا ئەۋەتتى.

**ملادى 1024 ــ 1025 ـ يىللىرى سۇڭ رېنزۇڭنىڭ**
**تيەنشېڭ 2 ـ يىلىدىن**
**3 ـ يىلىغىچە**

يۈسۈپ قادىرخان بالا ساغۇندا ئۆزىنى سۇلتان دەپ جاكارلىدى ۋە «شەرق خانى» (مەلىكۇل سىن ۋە مەشرىق) دەپ شۇنىڭدىن كېيىن، مەنسۇر بىننى ئەلىنى تەختتىن چۈشۈشكە ئاتالدى. مەجبۇرلاپ، پايتەختنى قەشقەرگە يۆتكىدى.

**ملادى 1025 ـ يىلى سۇڭ رېنزۇڭنىڭ تيەنشېڭ 3 ـ يىلى**

خوتەن خانى رومى يىدۇر، جىنسەن، ئەندىر، چادىر قاتارلىقلارنى قاشتېشى ئورنىتىلغان يۈگەن، ئېگەر ـ جابدۇق، قاشتېشى كەمەر، غۇز كىمخاپ، نار تۆگە، مۇشكى ئەنبەر، كۆكتاش قاتارلىق ماللار بىلەن سۇڭ سۇلالىسىگە سودا قىلىشقا ئەۋەتتى.

سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى بىلەن يۈسۈپ قادىرخان ماۋرائۇننەھىردە ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئەلى تېكىننىڭ ماۋرائۇننەھىردە كۆتۈرگەن توپىلىڭىنى باستۇردى.

**ملادى 1032 ـ يىل سۇڭ رېنزۇڭنىڭ تيەنشىڭ 10 ـ يىلى**

يۈسۈپ قادىرخان كېسەل بولۇپ ئۆلدى. چوڭ ئوغلى سۇلايمان بىننى يۈسۈپ تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، «ئىمادۇر دۆلە» دەپ ئاتالدى. ئۇ پايتەختنى يەنە بالاساغۇنغا يۆتكەپ، ئىنىسى ياغان تېكىننى ئورۇنباسار قاغان قىلىپ، تالاستا تۇرغۇزدى.

مىلادى 1041 — 1042 - يىللىرى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭدىڭ 2 - يىلىدىن
چىڭلى 2 - يىلىغىچە

ئالىپ تېكىن بىلەن بۆرى تېكىن ماۋرائۇننەھىردە ئىسيان كۆتۈرۈپ، بۇخارا بىلەن ئۆز كەنتىنى بېسىۋالدى ۋە سۇلايمان بىننى يۈسۈپ ھاكىمىيىتىدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزگەنلىكىنى جاكارلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، قاراخانىيلار سۇلالىسى رەسمىي پارچىلىنىپ كەتتى.

مىلادى 1043 — 1044 - يىللىرى سۇڭ رېنزۇڭنىڭ چىڭلى
3 - يىلىدىن 4 - يىلىغىچە

شەرقىي قاراخانىيلار ئوردىسى شاھزادىلەر يىغىنىنى چاقىرىپ، زېمىن تەۋەلىكىنى بۆلۈشنى قارار قىلدى. شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ زېمىنى يەتتىسۇ، ئىلى ۋادىسى، قەشقەر (خاقانىيە)، خوتەن ۋە پەرغانىنىڭ شەرقىي قىسمى قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇنىڭ شەرقتىكى چېگرىسى كۇچانىڭ غەربىدە بولۇپ، بالاساغۇن بىلەن قەشقەرنى پايتەخت قىلغانىدى. قەشقەر ئوردۇكەنت دېيىلەتتى. ئۇ سۇلالىنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە دىنىي مەركىزى ئىدى.

بالقاش بىلەن بالاساغۇن ئارىلىقىدا چارۋىچىلىق قىلىدىغان 10 مىڭ چېدىرلىق تۈرك ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى.

مىلادى 1056 — 1057 - يىللىرى سۇڭ رېنزۇڭنىڭ جىايۇ
1 - يىلىدىن 2 - يىلىغىچە

شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ قاراخانى سۇلايمان بىننى

يۈسۈپ بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى مۇھەممەد بىننى يۈسۈپ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىدى، سۇلايمان مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشتى ۋە تەختنى مۇھەممەدكە بىكارلاپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. مۇھەممەد بىننى يۈسۈپ قاراخان بولدى. 1058 – يىلى ئوردىدا سىياسىي ئۆزگىرىش بولۇپ، خانىش ھاكىمىيەتكە ئارىلىشىپ، تەختنى كىچىك ئوغلى ئىبراھىمغا ئېلىپ بەردى.

غەربىي قاراخانىلارنىڭ خانى تاۋغاچ ئىبراھىم قاراخان فەرغانە ئۆلكىسىنى تارتىۋالدى ۋە پۇل ئىسلاھاتىنى يولغا قويدى.

**مىلادى 1059 – يىلى سۇڭ رېنزۇڭنىڭ جىيايۇ 4 – يىلى**

ئىبراھىم بارسىغان شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇپ ئۆلدى، ئۇنىڭ تاغىسى ماھمۇد بىننى يۈسۈپ تەختكە ئولتۇردى ھەمدە پايتەختنى يېڭىباشتىن قەشقەرگە كۆچۈردى. جىيەنى ھاسان بىننى سۇلايماننى ئورۇنباسار خاقانلىققا تەيىنلەپ، بالاساغۇندا تۇرغۇزدى.

**مىلادى 1063 – يىلى سۇڭ رېنزۇڭنىڭ جىيايۇ 8 – يىلى**

خوتەن خانى لاچىننى سۇڭ ئوردىسىغا ئولپان تاپشۇرۇشقا ئەۋەتتى ۋە خوتەن خانىغا ئوتتۇغات بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. سۇڭ ئوردىسى خوتەن خانىغا: «بەيئەت قىلغان، ئىتائەتمەن، گارۇدا قاراخان» دەپ نام بەردى.

**مىلادى 1068 – يىلى سۇڭ شېنزۇڭنىڭ شىنىڭ 1 – يىلى**

ماھمۇد بىننى يۈسۈپ غەربىي قاراخانىلارغا ھۇجۇم قىلىپ، فەرغانە ئۆلكىسىنى تارتىۋالدى. ئۇرۇش توختىغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ كېلىشكەن سۈلھى بويىچە: خوجەندنىڭ غەربىدىكى جايلار غەربىي قاراخانىلارغا قارايدىغان، خوجەندنىڭ شەرقىدىكى جايلار شەرقىي قاراخانىلارغا قارايدىغان بولدى.

**مىلادى 1069 — 1070 – يىللىرى سۇڭ شېنزۇڭنىڭ شىنىڭ**

2 - يىلىدىن 3 - يىلىغىچە بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى يېزىپ پۈتتۈردى.

**مىلادى 1074 - يىلى سۇڭ شېنزۇڭنىڭ شىنىڭ 7 - يىلى**

قەشقەرلىق مەھمۇد زور ھەجىملىك ئىلمىي ئەسەر «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى يېزىپ پۈتتۈردى.

ماھمۇد بىننى يۈسۈپ ۋاپات بولدى. تەختكە ئۇنىڭ ئوغلى ئۆمەر بىننى ماھمۇد ۋارىسلىق قىلدى، ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەيلا تەختنى ھاسان بىننى يۈسۈپكە تارتقۇزۇپ قويدى.

**مىلادى 1102 - يىل سۇڭ سۇلالىسى چۇڭنىڭ 1 - يىلى**

ھاسان بىننى يۈسۈپ ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئەھمەد بىننى ھاسان تەختكە ئولتۇردى ۋە ئارسلان قاراخان دەپ ئاتالدى. 1105 - يىلى، ئۇ ئەرەب خەلىپىلىكىگە ئەلچى ئەۋەتتى.

**مىلادى 1124 - يىلى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنخې 6 - يىلى**

لياۋ سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتىدىن يەلىغ تاشىن لياۋ پادىشاھى تيەنزۇ بىلەن پىتىشالماي، غەربكە كەتتى.

**مىلادى 1128 - يىلى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ جيەنيەن 2 - يىلى**

ئەھمەد بىننى ھاسان ۋاپات بولدى. تەختكە ئۇنىڭ ئوغلى ئىبراھىم بىننى ئەھمەد ۋارىسلىق قىلدى، بۇ چاغدا قاراخانىيلار زەئىپلىشىپ كېتىۋاتاتتى. دۆلەت ئىچىدىكى قارلۇقلار بىلەن قاڭلىلار ئىسيان كۆتۈرگەندە، ئىبراھىم قاراخانىڭ ئۇلارنى باستۇرۇشقا كۈچى يەتمىدى.

**مىلادى 1132 - يىلى سۇڭ گاۋزۇڭنىڭ شياۋشىڭ 2 - يىلى**

يەلىغ تاشىن 1130 - يىلى ئۆز قەبىلىسىنى باشلاپ غەربكە كېتىۋېتىپ، قوجۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقىدىن ئۆتكەندە، كاتتا ئىلتىپات بىلەن كۈتۈۋېلىندى. مۇشۇ يىلى، يەلىغ تاشىن كىرماندا ئىمپېراتور بولۇۋېلىپ، ئۆزىنى «تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن خان»

دەپ ئاتىدى. تارىختا ئۇنىڭ قۇرغان دۆلىتى قاراقىتان (قاراخىتاي) دەپ ئاتالدى.

**مىلادى 1134 – يىلى سۇڭ گاۋزۇڭنىڭ شياۋشىڭ 4 – يىلى**

شەرقىي قاراخانىيلار قارلۇقلار بىلەن قاڭقىللارنىڭ هۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقتىن، يەللىغ تاشىدىن ياردەم سورىدى. يەللىغ تاشى تەكلىپكە بىنائەن بالاساغۇنغا كىرىپ ئورۇنلاشتى ھەمدە، يەتتىسۇ ئۆلكىسىنى پۈتۈنلەي بېسىۋالدى. يەللىغ تاشى ئىبراھىم بىننى ئەھمەدنىڭ قاراخانلىق نامىنى بىكار قىلدى ۋە ئۇنىڭغا «ئىلىك تۈركمەن» دەپ نام بېرىپ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلارنى باشقۇرۇشنى بۇيرۇدى. يەللىغ تاشى بالاساغۇننى پايتەخت قىلىپ، يىلنامىنى «كانگىيە» دەپ ئۆزگەرتتى.

**مىلادى 1141 – يىلى سۇڭ گاۋزۇڭنىڭ شياۋشىڭ 11 – يىلى**

قاراقىتانلارنىڭ قوشۇنى سەلجۇقىي تۈركلىرىنىڭ قوشۇنى بىلەن سەمەرقەندنىڭ شىمالىدىكى كاتىۋان يايلىقىدا تۇتۇشۇپ قالدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا سەلجۇقىي تۈركلىرى قاتتىق مەغلۇپ بولدى. ماۋرائۇننەھر پۈتۈنلەي دېگۈدەك قاراقىتانلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىندى. غەربىي قاراخانىيلار قاراقىتانلارنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالدى.

**مىلادى 1209 – يىل چىڭگىزخاننىڭ 4 – يىلى سۇڭ نىڭزۇڭنىڭ جيادىڭ 2 – يىلى**

قوچۇ خانى ئىدىقۇت بارچۇق ئارت تېكىن قاراخىتايلارنىڭ زۇلمىغا چىدىماي، قاراقىتانلارنىڭ قوچۇدىكى كەنجى باسقىقىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. 1210 – يىلى چىڭگىزخاننىڭ هۇزۇرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

**مىلادى 1211 – يىل سۇڭ نىڭزۇڭنىڭ جيادىڭ 4 – يىلى**

نايمان خانى كۈچلۈك قاراقىتان خانى گورخاندىن

تەختنى تارتىۋالدى.

شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانى مۇھەممەد بىننى يۈسۈپ قەشقەردە ئاقسۆڭەكلەر تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى. سۇلالە شۇنىڭ بىلەن مۇنقەرز بولدى. قوچو ئۇيغۇر ئىدىقۇتى كورۇلۇن دەرياسى بويىغا بېرىپ چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشتى. چىڭگىزخان ئۇنىڭغا 5 ـ ئوغۇللۇق نامىنى بەردى.

**مىلادى 1212 ـ يىل سۇڭ نىڭزۇڭنىڭ جيادىڭ 5 ـ يىلى**

خارەزىم شاھى مۇھەممەد سەمەرقەندنى بېسىۋېلىپ، قاراخانىيلارنىڭ سۇلتانى ئوسماننى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى.

**مىلادى 1218 ـ يىلى چىڭگىزخاننىڭ 13 ـ يىلى**

موڭغۇل قوشۇنلىرى تارىم ئويمانلىقىنى بېسىپ ئۆتۈپ، كۈچلۈكنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى. قاراقىتان خانلىقى مۇنقەرز بولدى.

**مىلادى 1219 ـ يىلى موڭغۇلىيە چىڭگىزخاننىڭ 14 ـ يىلى**
**سۇڭ نىڭزۇڭنىڭ جيادىڭ 12 ـ يىلى**

چىڭگىزخان ئەسكەر باشلاپ غەربىي يۇرتقا يۈرۈش قىلدى. قوچو ئۇيغۇر ئىدىقۇتى بىر تۈمەن كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ موڭغۇللار بىلەن بىللە غەربنى ئىستېلا قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشتى.

**مىلادى 1225 ـ يىلى موڭغۇلىيە چىڭگىزخاننىڭ 20 ـ يىلى**

چىڭگىزخان ئۆزى بېسىۋالغان زېمىننى ئوغۇللىرىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەردى. ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي بىلەن ئۈچىنچى ئوغلى ئوگەدايغا غەربىي يۇرتتىكى كەڭ زېمىن سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلدى. قوچو ئىدىقۇتى موڭغۇللارغا ھەممىدىن ئاۋۋال ئىتائەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئىدىقۇت زېمىنى يەنىلا ئۇنىڭ ئۆزىگە قارايدىغان بولدى.

**مىلادى 1251 ـ يىلى موڭغۇلىيە شيەنزۇڭنىڭ 1 ـ يىلى**

موڭغۇللار بېشبالىق قاتارلىق جايلاردا ۋاقىتلىق دىۋانىيىگى

ۋازارىتى قۇرۇپ، غەربىي يۇرتنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئەمەلدار قويدى. قوجۇ ئىدىقۇتى سالۇن تېكىن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئىنىسى ئۆگىنىچ تەختكە ئولتۇردى.

مىلادى 1274 - يىلى يۈەن شىزۇنىڭ جىيۈەن 11 - يىلى

يۈەن سۇلالىسى خوتەن، يەكەن قاتارلىق جايلاردا 13 جام - رابات قۇردى. خوتەنىنىڭ قاشتېشى ئالۋىنىنى بىكار قىلدى.

مىلادى 1275 - يىلى يۈەن شىزۇنىڭ جىيۈەن 12 - يىلى

چاغاتاينىڭ نەۋرىسى دوۋاخان قاتارلىقلار 120 مىڭ ئەسكەرنى باشلاپ كېلىپ، قوجۇنى ئالتە ئايغىچە قورشىۋالدى. قورشاۋ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىدىقۇت قوملىنى ئىگىلەپ تۇردى.

مىلادى 1279 - يىلى يۈەن شىزۇنىڭ جىيۈەن 16 - يىلى

يۈەن ئوردىسى ئۇيغۇرلاردىن يەرنىڭ مو سانىغا قاراپ باج - سېلىق ئېلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى.

مىلادى 1289-يىلى يۈەن شىزۇنىڭ جىيۈەن 17 - يىلى

يۈەن سۇلالىسى بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى قۇرۇپ، جىمسارنى مەركەز قىلغان ھالدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل قىلدى ھەمدە ئۇيغۇرلار تەۋەسىدە پۇل - ئاقچا مەھكىمىسى قۇرۇپ، كېيىن يەنە پۇل - ئاقچا خەزىنىسى قۇرۇپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ پۇلى — جوڭتۇڭ پۇلى بىلەن جىيۈەن پۇلىنى تارقاتتى.

مىلادى 1281 - يىلى يۈەن شىزۇنىڭ جىيۈەن 18 - يىلى

يۈەن ئوردىسى چېگرىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇش، ھەربىي - مەمۇرىي پەرمانلارنى يەتكۈزۈش، قاتناش - نەقلىيات، ئارقا سەپ تەمىناتىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن، سەنشىنىڭ تەيخېلىڭ دېگەن يېرىدىن تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى بېشبالىققا قەدەر 30 ئورۇندا جام - رابات قۇردى.

ميلادى 1283 - يىلى يۈەن شىزۇنىڭ جىيۈەن 20 - يىلى
يۈەن ئوردىسى بېشبالىق، خېجۇ ئايمىقى قاتارلىق جاي-
لاردا ھۆدەيچى مەھكىمىسى قۇردى.

ميلادى 1286 - يىلى يۈەن شىزۇنىڭ جىيۈەن 23 - يىلى
يۈەن ئوردىسى بېشبالىقتا ئەمىر - لەشكەر مەھكىمىسى
قۇردى. بۇ ھەم ھەربىي ئورگان، ھەم شۇ جايدا تۇرۇشلۇق
قوشۇنلارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكىنى ھەل قىلىدىغان ھەربىي بوز
يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ئورگان ئىدى.

ميلادى 1295 - يىلى يۈەن چېڭزۇڭنىڭ يۈەنجېن 5 - يىلى
يۈەن ئوردىسى بېشبالىقتا باش ئەمىر - لەشكەر مەھكىمىسى
قۇردى.

ميلادى 1324 - 1328 - يىللىرى يۈەن تەيدىڭ 1 -
يىلىدىن 5 - يىلىغىچە
ئۇيغۇرىيە كېيىنكى چاغاتاي خانلىقىغا تەۋە بولدى.

ميلادى 1348 - يىلى يۈەن شۇندىنىڭ جىجېڭ 8 - يىلى
دوغلات قەبىلىسىنىڭ يولباشچىسى بۇراقخان چاغاتاي
ئەۋلادىدىن تۇغلۇق تېمۇرنى خان قىلىپ تەختكە ئولتۇرغۇزدى.

ميلادى 1362 - يىلى يۈەن شۇندىنىڭ جىجېڭ 22 - يىلى
تۇغلۇق تېمۇر ۋاپات بولدى. جامالىدىن ئىسيان
كۆتۈردى.

ميلادى 1389 - يىل مىڭ سۇلالىسى خۇڭۋۇ 22 - يىلى
تۇغلۇق تېمۇرنىڭ ئوغلى قىزىرخوجا بۇراقخاننىڭ ئوغلى
خۇدايداد تەرىپىدىن چاغاتاي خانلىقىنىڭ تەختىگە يۆلەپ
چىقىرىلدى. قىزىرخوجا بېشبالىقنى پايتەخت قىلدى.

ميلادى 1391 - يىلى مىڭ تەيزۇنىڭ خۇڭۋۇ 24 - يىلى
قىزىرخوجا مىڭ ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتتى. مىڭ ئوردى-

سىمۇ ئۇنىڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ، مىڭ ئوردىسىنىڭ سىياسىتىنى چۈشەندۈردى.

**مىلادى 1393 – يىلى مىڭ تەيزۇنىڭ خۇڭۋۇ 26 – يىلى**

قىزىرخوجا تۇرپان بىلەن قاراغوجىنى بېسىۋېلىپ، بۇددا دىنىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. تۇرپان بۇددىستلىرىنى پۈتۈنلەي ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلدۇردى، ئىسلام دىنى پەيدىنپەي ھۆكۈمرانلىق ئورۇنغا ئۆتتى.

**مىلادى 1403 – يىلى مىڭ چېڭزۇنىڭ يۇڭلې 1 – يىلى**

قۇمۇل خانى ئۆڭكې تېمۇر مىڭ سۇلالىسىگە 4740 ئات سېتىپ بەردى. مىڭ ئوردىسى بۇ ئاتلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى چېگرىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلىرىگە بۆلۈپ بەردى.

**مىلادى 1404 – يىلى مىڭ چېڭزۇنىڭ يۇڭلې 2 – يىلى**

مىڭ ئوردىسى قۇمۇل خانى ئۆڭكې تېمۇرغا «ساداقەتمەن خان» دەپ نام ۋە ئالتۇن مۆھۈر ئىنئام قىلدى.

**مىلادى 1405 – يىلى مىڭ چېڭزۇ يۇڭلې 3 – يىلى**

قىزىر خوجا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئوغلى سامساق خوجا تەختكە ۋارىسلىق قىلدى.

**مىلادى 1406 – يىل مىڭ چېڭزۇنىڭ يۇڭلې 4 – يىلى**

مىڭ ئوردىسى قۇمۇلدا ۋۇمۇل ساقچىسىنى تەسىس قىلدى ۋە ۋېيۇرغا، مىڭبېشى، يۈزبېشى، دورغا، ئاشچىباشى قاتارلىق ئەمەلدارلارنى تەيىنلەپ، بۇ جاينىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلدى.

**مىلادى 1407 – يىلى مىڭ چېڭزۇنىڭ يۇڭلې 5 – يىلى**

سامساق خوجا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى ماھمۇد ۋارىسلىق قىلدى. ماھمۇد ئىخلاسمەن مۇسۇلمان بولغانلىقتىن، كىشىلەرنى ئۆز ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە زورلىدى.

**مىلادى 1408 يىلى مىڭ چېڭزۇنىڭ يۇڭلې 6 – يىلى**

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرى باتەي، لى دا قاتارلىقلار قەشقەرگە يېتىپ كەلدى.

**مىلادى 1415 ـ يىلى مىڭ چېڭزۇنىڭ يۇڭلې 13 ـ يىلى**

ماھمۇد ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ تەختىگە جىيەنى نەقشىجاھان ۋارىسلىق قىلدى.

**مىلادى 1416 ـ يىلى مىڭ چېڭزۇنىڭ يۇڭلې 14 ـ يىلى**

بېشبالىق مىڭ ئوردىسىغا مۇسىبەت خەۋىرىنى ئەلچى ئارقىلىق يەتكۈزدى، مىڭ ئوردىسى ئادەم ئەۋەتىپ تەزىيە بىلدۈردى ھەمدە ئۇنىڭ جىيەنى نەقشىجاھانغا خان دەپ نام بېرىپ، نەقىشلىك كەمەر، ئوقيا ـ قىلىچ، ساۋۇت ـ دۇبۇلغا تەقدىم قىلدى.

**مىلادى 1418 ـ يىلى مىڭ چېڭزۇنىڭ يۇڭلې 16 ـ يىلى**

نەقشىجاھان ئىنىسى ئۇۋەيسخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇۋەيسخان ئۆز قەبىلىسىنى باشلاپ غەربكە كۆچۈپ، ئىلى ۋادىسىغا يېتىپ كەلدى ۋە ئىلىنى ئىلىبالىق دەپ ئاتىدى.

**مىلادى 1429 ـ يىلى مىڭ شۈەنزۇڭنىڭ شۈەندې 4 ـ يىلى**

ئىسان بۇقا ئىلىبالىقنىڭ خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى دوغلات قەبىلىسىدىن بولغان خۇدايداتنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىۋېلىپ، بىر ـ بىرىگە بويسۇنمايدىغان نۇرغۇن يۇرت، ئايماقلارنى شەكىللەندۈردى.

**مىلادى 1439 ـ يىلى مىڭ يىڭزۇڭنىڭ جېڭتوڭ 4 ـ يىلى**

ئۇيرات موڭغۇللىرى مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىن باشلاپ پەيدىنپەي تەرەققىي قىلىپ، تەسىرىنى شىمالىي شىنجاڭغىچە كېڭەيتتى، ئۇيراتلارنىڭ خانى ئىسان بۇقا تەيجى ۋاڭ دەپ ئاتالدى ۋە قۇەۋلنى پەتىھ قىلىپ، قۇمۇل ۋاڭى بىلەن ۋاڭنىڭ ئانىسىنى تۇتۇۋېلىپ، قايتىپ كەتتى.

**مىلادى 1473 – يىلى مىڭ شيەنزۇڭنىڭ چېڭخۇا 9 – يىلى**

تۇرپان سۇلتانى ئەلى قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىپ، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئانىسىنى ۋە قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئالتۇن مۆھۈرىنى بۇلاپ كەتتى.

**مىلادى 1488 – يىلى مىڭ شياۋزۇڭنىڭ خۇڭجى 1 – يىلى**

مىڭ ئوردىسى قۇمۇلغا تۇتۇقبەگ تەيىنلىدى، ئۇيغۇر خانجاھان «ساداقەتمەن خان» بولدى. بۇ چاغدا تۇرپان سۇلتانى ئەلى ۋاپات بولغانىدى. يۇنۇسخاننىڭ 2 – ئوغلى ئەھمەد خانجاھاننى ئۆلتۈرۈپ، تۇرپاننى پايتەخت قىلىپ، ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى.

**مىلادى 1493 – يىلى مىڭ شياۋزۇڭنىڭ خۇڭجى 6 – يىلى**

ئەھمەد 3 – قېتىم قۇمۇلغا بېسىپ كىرىپ، ساداقەتمەن خان سانبانى بۇلاپ كەتتى.

**مىلادى 1497 – يىلى مىڭ شياۋزۇڭنىڭ خۇڭجى 10 – يىلى**

ئەھمەد سانبانى قايتۇرۇپ بەردى. مىڭ ئوردىسى تۇرپان رايونى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

**مىلادى 1504 – يىلى مىڭ شياۋزۇڭنىڭ خۇڭجى 17 – يىلى**

ئەھمەد ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى مەنسۇر سۇلتان بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنىلىرى بىلەن جەڭگى – جېدەل قىلىپ، بىر – بىرىنى قىرىشتى. ئۇنىڭ ئىنىسى سەئىدخان ئوتتۇرا ئاسىياغا قېچىپ كەتتى.

**مىلادى 1514 – يىلى مىڭ ۋۇزۇڭنىڭ جېڭدې 9 – يىلى**

سەئىدخان ئوتتۇرا ئاسىيادىن قوشۇن باشلاپ كېلىپ، قەشقەرگە بېسىپ كىردى ۋە قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى ئابابەكرىنى مەغلۇپ قىلدى، ئارقىدىنلا ئاتۇش، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى ۋە يەكەننى پايتەخت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئابابەكرىنىڭ قەشقەردىكى 48 يىللىق ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلدى. سەئىدخان جەنۇبىي شىنجاڭ-

نىڭ غەربىي قىسمىنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ قالدى ھەمدە ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى شىمالىي شىنجاڭغىچىلىك كېڭەيتتى. تارىختا بۇ ھاكىمىيەت يەكەن خانلىقى ياكى سەئىدىيە خانلىقى دەپ ئاتالدى.

مىلادى 1516 – يىلى مىڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭدې 11 – يىلى

سۇلتان سەئىدخان مەنسۇرخان بىلەن كۇچادا ئۇچراشتى. بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىش ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. تارىم ئويمانلىقى يەنە بىرلىككە كەلدى، شۇنىڭ بىلەن، سۇلتان سەئىدخاننىڭ دۆلەت زېمىنىنى كېڭەيتىشى ئۈچۈن تىنچ شارائىت يارىتىلدى.

مىلادى 1517 – يىلى مىڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭدې 12 – يىلى

قىرغىزلار فەرغانە رايونىغا بېسىپ كىردى، سۇلتان سەئىدخان ئەسكەر چىقىرىپ ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قوزغاپ، غەلىبە قىلدى.

مىلادى 1519 – يىلى مىڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭدې 14 – يىلى

سۇلتان سەئىدخان بەدەخشانغا ئۈنجى قېتىم بېسىپ كىردى.

مىلادى 1522 – يىلى مىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ 1 – يىلى

سۇلتان سەئىدخان سىر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى جايلارغا بېسىپ كىرىپ، بۇ جايلارنى ساقلاشقا چوڭ ئوغلى ئابدۇرەشىدخاننى قالدۇردى.

مىلادى 1533 – يىلى مىڭ شىزۇڭنىڭ جياچىڭ 12 – يىلى

سۇلتان سەئىدخان لاداق ئىستىلاسىدا سەپەر ئۈستىدە ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئولتۇردى. ئۇ يەنىلا يەكەننى پايتەخت قىلدى.

مىلادى 1559 – يىلى مىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ 38 – يىلى

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان خوتەندە ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ

ئورنىغا ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇكەرىمخان ئولتۇردى، ئۇ تەختكە چىقىپلا تۇرپانغا يۈرۈش قىلدى ۋە بۇ رايوننى يېڭىباشتىن ئۆزىنىڭ تەۋەلىكىگە كىرگۈزدى.

**مىلادى 1591 – يىلى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەنلى 19 – يىلى**

ئابدۇكەرىمخان ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى ماھمۇد ۋارىسلىق قىلدى. بۇ چاغدا سەئىدىيەخانلىقىنىڭ كۈچى ئۇلغايغان، خانلىقنىڭ مىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىسى ئىنتايىن قويۇقلاشقانىدى. ئىسلام دىنىدىكى خوجىلارنىڭ تەسىرى يەكەنگە كىرىشكە باشلىدى.

**مىلادى 1609 – 1610 – يىللىرى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەنلى 37 – 38 – يىللىرى**

ماھمۇد ۋاپات بولدى، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى ئەھمەد ئولتۇردى. دۆلەتتە يېغا كۆتۈرۈلدى.

ئەھمەدخان خوجا ئىسھاقنى ئوردىغا تەكلىپ قىلدى.

**مىلادى 1618 – 1619 – يىللىرى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەنلى 46 – 47 – يىللىرى**

ئەھمەدخان بارچۇقتا شىكار قىلىۋاتقاندا، ئىسيانچى ئەمىر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئىسيانچىلار ئابدۇرەشىدخاننىڭ نەۋرىسى قۇرەيشىنى خان قىلىپ تىكلىدى. ئەھمەدخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇلېتىپخان قەشقەردە ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلدى ھەمدە يەكەنگە يۈرۈش قىلىپ ئىسيانچىلارنى يوقاتتى.

**مىلادى 1646 – يىلى چىڭشىزۇ شۇنجىنىڭ 3 – يىلى**

تۇرپان، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى خانلار چىڭ ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى.

**مىلادى 1680 – يىلى كاڭشىنىڭ 19 – يىلى**

XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خوجىلار ئىككى مەزھەپكە، يەنى ئاقتاغلىقلار مەزھىپى بىلەن قاراتاغلىق-

لار مەزھىپىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇ ئىككى مەزھەپ ئۆزئارا ھوقۇق - مەنپەئەت تالىشىپ، ھاكىمىيەتنى ئۆز قولىدا تۇتۇشقا ئۇرۇنۇپ، ئىككى سىياسىي گۇرۇھ بولۇپ شەكىللەندى. XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۇلارنىڭ زىددىيىتى كۈندىن - كۈنگە كەسكىنلەشتى. يەكەن خانلىقىنىڭ خانى ئىسمايىل قاراتاغلىقلار مەزھىپىنى قوللاپ، ئاقتاغلىقلار مەزھىپىنىڭ ساھىبكالانى ئاپئاق خوجىنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقاردى. ئۇ ئاۋۋال ئوتتۇرا ئاسىياغا قېچىپ باردى، كېيىن تىبەتكە دالاي لامانىڭ ئالدىغا باردى. ئاپاق خوجا دالاي لامانىڭ خېتىنى ئېلىپ ئىلىغا بېرىپ، جۇڭغارلارنىڭ باشلىقى غالدانخان بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەسكەر چىقىرىشنى ئىلتىماس قىلدى. شۇ يىلى (يەنە بىر ئېيتىلىشتا 1678 - يىلى) غالدان 12 مىڭ ئاتلىق چېرىك بىلەن ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان ئارقىلىق قەشقەر، يەكەنگە يۈرۈش قىلدى ۋە ئاقتاغلىقلارنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، يەكەننى بېسىۋالدى. يەكەن خانلىقى شۇنىڭ بىلەن مۇنقەرز بولدى. ئىسمايىلخان بالىۋاقىلىرى بىللە ئەسىرگە چۈشۈپ، ئىلىغا ئېلىپ كېتىلدى. ئاپئاق خوجا خانلىق تەختىگە ئولتۇردى. جۇڭغارىيە موڭغۇللىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى.

**مىلادى 1697 - يىلى كاڭشىنىڭ 36 - يىلى**

جۇڭغارىيە خانى غالدان ئۆلدى. سېۋېن ئارۇبدە تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭ ئوشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جۇڭغارىيە موڭغۇللىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدى.

**مىلادى 1700 - يىلى كاڭشىنىڭ 39 - يىلى**

سېۋېن ئارۇبدە ئەسكەر چىقىرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىستىلا قىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى قاراتاغلىقلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. جۇڭغارىيە خانى قارا-

تاغلىقلاردىن دانىيال خوجىنى خان قىلىپ تەيىنلىدى. قەشقەرىيە ھەر يىلى جۇڭغارىيىگە 100 مىڭ تەڭگە ئولپان تۆلەيدىغان بولدى.

مىلادى 1755 – يىلى چيەنلۇڭنىڭ 20 – يىلى

چىڭ ھۆكۈمىتى جۇڭغارىيە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىپ، جۇڭغارلارنىڭ قەشقەرىيىگە بولغان 70 نەچچە يىللىق ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەردى.

مىلادى 1759 – يىلى چيەنلۇڭنىڭ 24 – يىلى

چىڭ ھۆكۈمىتى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەسكەر چىقىرىپ، بۇرھانىدىن خوجا، خوجا جاھانلارنى مەغلۇپ قىلىپ، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈردى.

مىلادى 1762 – يىل چيەنلۇڭنىڭ 27 – يىلى

چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈپ، «ئىلى قاتارلىق جايلارنىڭ ئىشلىرىنى بىر تۇتاش ئىدارە قىلىدىغان جياڭجۈن» (ئىلى جياڭجۈنى) بەلگىلەپ، ئۇنى شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئالىي مەمۇرىي، ھەربىي ئەمەلدار سۈپىتىدە ئىلىدىكى كۈرە قەلئەسىدە تۇرغۇزدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا مەسلىھەتچى ئامبال، زەڭگى، خان ئامبال ۋە ئاغلاقچى ئامبال قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇيغۇرلار رايونىدىكى نەسەبىي بەگلىك تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بەگلەرنىڭ ھوقۇقىنى چەكلىدى ۋە تارقىتىۋەتتى.

مىلادى 1765 – يىلى چيەنلۇڭنىڭ 30 – يىلى

ئۇچتۇرپاندىكى ئۇيغۇر خەلقى فېئودال خوجىلار ۋە چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلمىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى بۇ قوزغىلاڭ يېرىم يىلدىن ئۇزاقراق داۋام قىلدى.

مىلادى 1815 - يىلى چىڭ رېنزۇڭ جياچىڭنىڭ 20 - يىلى

قەشقەردىكى ئۇيغۇر خەلقى زىياۋۇدۇننىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇردى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ سالنامىلىرىدە بۇ ۋەقە «زىياۋۇدۇن ۋەقەسى» دەپ ئاتالدى.

مىلادى 1820 - 1828 - يىللىرى جياچىڭنىڭ 25 - يىلىدىن داۋگۇاڭنىڭ 8 - يىلىغىچە

ئۇرھانىدىن خوجىنىڭ نەۋرىسى جاھانگىر خوجا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشىدىن پايدىلىنىپ، قەشقەرگە كۆپ قېتىم تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. 1826 - يىلى، چىڭ ھۆكۈمىتى قوشۇن يۆتكەپ، تازىلاش يۈرگۈزدى. 1828 - يىلى جاھانگىر خوجا تىرىك قولغا چۈشۈپ، بېيجىڭغا يالاپ ئېلىپ بېرىلدى ۋە ئۆلۈمگە بۇيرۇلدى.

مىلادى 1847 - يىلى داۋگۇاڭنىڭ 27 - يىلى

جاھانگىر خوجىنىڭ جىيەنى مەمتىمىن خوجا (كاتتا تۆرە) بىلەن ۋەلىخان تۆرە باشچىلىق قىلغان يەتتە خوجا قوقەندىن ئەسكەر باشلاپ كېلىپ، قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالدى. چىڭ ھۆكۈمىتى ئەسكەر يۆتكەپ كېلىپ ئۇلارنى باستۇردى.

مىلادى 1857 - يىلى شيەنفېڭنىڭ 7 - يىلى

ۋەلىخان تۆرە چېگرىدىن يەنە ئۆتۈپ پاراكەندىچىلىك سالدى. بۇ، خوجىلار يېغىلىقىنىڭ كېڭىيىشى ۋە داۋامى ئىدى. بۇ يېغىلىق تۆت ئايدەك داۋام قىلىپ، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇنى تەرىپىدىن باستۇرۇلدى.

كۇچادىكى ئۇيغۇر خەلقى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئېغىر ئالۋان - ياساقلىرىغا چىدىيالماي قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭ گەرچە باستۇرۇۋېتىلگەن بولسىمۇ،

ئەمما، چىڭ ھۆكۈمىتىنى ئاز - تولا يول قويۇشقا مەجبۇر قىلدى.

مىلادى 1864 - يىلى تۇڭجىنىڭ 3 - يىلى

كۇچادىكى ئۇيغۇرلار ۋە خۇيزۇلار ئالۋان - ياساققا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭنىڭ يالقۇنى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا كېڭىيىپ، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى كۆلىمى ئەڭ زور دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ئايلاندى.

مىلادى 1865 - يىلى تۇڭجىنىڭ 4 - يىلى

شىنجاڭدا كۇچادىكى راشىدىن خوجا (خان خوجا)، ئۈرۈمچىدىكى تۇدىلىق (تومىڭ يەنى داۋۇت خەلىپە)، خوتەندىكى ھەبىبۇللا مۆپتى (ھەزرىتى پاشاھىم) قەشقەردىكى سىدىقبەگ بىلەن جىن شياڭيىن، ئىلىدىكى مەزەم زات قاتارلىق بىر - بىرىگە بويسۇنۇشمايدىغان فېئودال تەپرىقىچى ھاكىمىيەتلەر بارلىققا كەلدى.

سىدىقبەگ بىلەن جىن شياڭيىن ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقەن خانلىقىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. قوقەن خانى جاھانگىر خوجىنىڭ ئوغلى بۇزرۇكخان تۆرە بىلەن قوقەنلىك قوشبېگى ياقۇپ بەگنى قوشۇن باشلاپ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىشقا ئەۋەتتى.

مىلادى 1865 - 1867 - يىللىرى تۇڭجىنىڭ 4 - 6 - يىللىرى

ياقۇببەگنىڭ قوشۇنى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، كۇچا، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ، كورلا قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالدى. ياقۇببەگ ئۆزىنى «بەدۆلەت» دەپ ئاتىدى. ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى تارىختا «يەتتە شەھەر خانلىقى» دەپ ئاتالدي.

مىلادى 1870 – يىلى تۇڭجىنىڭ 9 – يىلى

ياقۇببەگ قوشۇنلىرى تۇرپان، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالدى. ئۇنىڭ تەسىر كۈچى ماناسقىچە يېتىپ باردى. تيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىنىڭ ھەممىسى، تيانشاننىڭ شىمالىدىكى قىسمەن جايلار ئۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى.

مىلادى 1875 – يىلى گۇاڭشۈينىڭ 1 – يىلى

چىڭ ھۆكۈمىتى ئەسكەر چىقىرىپ، ياقۇببەگنى يوقىتىش قارارىغا كەلدى. زو زۇڭتاڭنى خان مۇپەتتىش قىلىپ، شىنجاڭ-نىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلدى.

مىلادى 1876 – يىلى گۇاڭشۈينىڭ 2 – يىلى

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئۈچ يۆنىلىش بويىچە ياقۇببەگ قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىپ، فۇكاڭ، گۇمۇدى، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋالدى.

مىلادى 1877 – يىلى گۇاڭشۈينىڭ 3 – يىلى

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى داۋاملىق تۈردە جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلەپ، تۇرپان، توقسۇن، داۋانچىڭ قاتارلىق جايلارنى ئارقا-ئارقىدىن تارتىۋالدى. ياقۇببەگ كورلىدا زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋال-دى (باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ياكى كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن دېگەن گەپلەرمۇ بار). چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى غەلبىلىك ئىلگىرىلەپ، كورلا، كۇچا، باي، ئاقسۇلارنى قايتۇرۇ-ۋالغاندىن كېيىن، ئۇدۇل بېرىپ، ياقۇببەگ 13 يىل بېسىپ ياتقان قەشقەرنى ئالدى، ئاندىن كېيىن يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋالدى. 1878 - يىلى 1 - ئايغا كەلگەندە (گۇاڭشۈينىڭ 3 - يىلى 12 - ئايدا)، ھەربىي ھەرىكەتلەر ئاياغلاشتى.

مىلادى 1884 – يىلى گۇاڭشۈينىڭ 10 – يىلى

چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇشنى ئەستىقلاپ،

لىيۇ جىڭتاڭنى شىنجاڭنىڭ سەييارە تەپتىش - سىلاۋچېنسى، ۋېي گۇاڭشۇنى شىنجاڭنىڭ پەرمانبېگى قىلىپ تەيىنلىدى. 1885 - يىلى، لىيۇ جىڭتاڭ بىلەن ۋېي گۇاڭشۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ دىخۇا (ئۈرۈمچى) غا يېتىپ كېلىپ، سەييارە تەپتىش مەھكىمىسى بىلەن پەرمانبېگى مەھكىمىسىنى قۇردى. ئۆلكە مەركىزى دىخۇا (ئۈرۈمچى) بولدى. شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەربىي مەھكىمە، نەسەبىي بەگ ۋە جاساقلىق تۈزۈملىرى بىكار قىلىنىپ، زاپاس ھەربىي تۈزۈمدىكى ۋىلايەت، مەھكىمە، ئايماق، ناھىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

**مىلادى 1911 - يىلى شۈەنتۇڭنىڭ 3 - يىلى**

شىنخەي ئىنقىلابى پارتلىدى. لىيۇ شەنجۈن باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابچىلار دىخۇادا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭغا گېلاۋخۇيچىلار قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ ئەزالىرىدىن 100 نەچچە ئادەم قاتناشتى.

**مىلادى 1912 - يىلى مىنگونىڭ 1 - يىلى**

ياڭ زەنشۇ قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابچىلار ئىلىدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئۇلار ئىلىدا تۇرۇشلۇق مانجۇ قوشۇنلىرىنى ناھايىتى تېز تارمار كەلتۈرۈپ، ئىلى جاڭجۈنى چى رۇينى ئۆلتۈرۈپ، ئىلىنى ئىشغال قىلدى، «خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، مۇسۇلمان، تاڭغۇت بەش مىللەتنىڭ ئورتاق يۈكسىلىش ئۇيۇشمىسى» ۋە شىنجاڭ ئىلى ئۇلۇغ تۇتۇق مەھكىمىسىنى قۇردى. ئىلى ئىنقىلابىي ئارمىيىسى شەرققە داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، جىڭدا مانجۇ قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈردى. شىنجاڭنىڭ سەييارە تەپتىشى يۈەن داخۇانى جۇمھۇرىيەت جاكارلاشقا مەجبۇر قىلىپ. چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەردى. شىنجاڭنىڭ تەپتىش بېگى، قوشۇمچە دىخۇانىڭ باشلىقى ياڭ زېڭشىن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تۇتۇقبېگى

بولدى.

قۇمۇل، تۇرپانلاردا تۆمۈر خەلپە، مۇيدىن خوجا باشچىلىقىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ فېئوداللىق زۇلۇمغا قارشى دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. 1913 - يىلى، بۇ قوزغىلاڭ ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن باستۇرۇۋېتىلدى.

خوتەن چىرادا ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ھالدا، چار روسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇشتەك جاھانگىرلىككە قارشى كۈرەش — مەشھۇر «چىرا ۋەقەسى» پارتلىدى.

## مىلادى 1924 - يىلى مىنگونىڭ 13 - يىلى

ياڭ زېڭشىن ماشياۋۇنىڭ قولى ئارقىلىق مافۇشىڭ (ماتىتەي) نىڭ قەشقەردىكى كۈچىنى يوقىتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتتى.

## مىلادى 1928 - يىلى مىنگونىڭ 17 - يىلى

فەن ياۋنەن قاتارلىق كىشىلەر باشچىلىقىدىكى كونا ھاكىمىيەتنى ئىسلاھ قىلىشنى ياقلايدىغان بىر قىسىم ئىلغار، ياش ئەمەلدارلار 7 - ئىيۇل كۈنىدىكى زىياپەتتە سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، ياڭ زېڭشىننى ئۆلتۈردى. بۇ — شىنجاڭ تارىخىدا «7 - ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دەپ ئاتالدى. سىياسىي ئۆزگىرىش تېزلا باستۇرۇلدى. مەمۇرىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى جىن شۇرېن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تارتىۋالدى ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە رەئىس بولدى.

## مىلادى 1931 - يىلى مىنگونىڭ 20 - يىلى

1 - ئايدا، جىن شۇرېن يەرلەرنى ھۆكۈمەت ئىلكىگە ئېلىۋېلىپ، قۇمۇل ۋاڭلىقى بىكار قىلىندى. قۇمۇلنى قۇمۇل، ئاراتۈرۈك، بارىكۆل قاتارلىق ئۈچ ناھىيىگە ئايرىدى ۋە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قۇردى.

2 - ئايدا، قۇمۇلنىڭ ئاستانە دېگەن يېرىدە تۇرۇشلۇق

ھەربىي قىسىمدىكىلەرنىڭ ئۇيغۇر قىزلىرىنى مەجبۇرىي خوتۇنلۇققا ئېلىش ۋەقەسى يۈز بەردى. بۇ ئىش قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ جىن شۇرېنغا قارشى قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشىغا سەۋەبچى بولدى.

خوجىنىياز باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر خەلقى ئاستانە قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشۇپ، قۇمۇلدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى ھەمدە گەنسۇدىكى ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرلىشىپ جىن شۇرېن قوشۇنلىرىغا زەربە بەردى. قوزغىلاڭ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغىچە كېڭەيدى.

**مىلادى 1932 – يىلى    مىنگونىڭ 21 – يىلى**

جىن شۇرېن شېڭ شىسەينى «شەرقىي يۆنىلىش باندىتلارنى تازىلاش باش قوماندانى» لىققا تەيىنلەپ، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇردى. خوجىنىياز قاتارلىقلار تۇرپان، پىچان، توقسۇن قاتارلىق جايلاردا جىن شۇرېن قوشۇنلىرىغا ئۈزلۈكسىز تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ تۇردى.

**مىلادى 1933 – يىلى    مىنگونىڭ 22 – يىلى**

4 – ئاينىڭ 12 – كۈنى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىدىكى ياش ئەمەلدارلاردىن تاۋمىڭيۈ، چېن جۇڭ، جاڭ شېن، لى شياۋتيەن قاتارلىقلار دىخۇادا تۇرۇشلۇق ئاق گۋاردىيىچى «ھەقىقەتكە قايتقان قوشۇن» بىلەن بىرلىشىپ، ھەربىي – سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، جىن شۇرېننى قوغلىۋەتتى، ليۇ ۋېنلۇڭنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە رەئىس قىلىپ سايلىدى، شېڭ شىسەي ۋاقىتلىق چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى بولدى.

11 – ئايدا، سابىت داموللا قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى قۇرۇپ، جاھانگىرلارنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، جۇڭگودىن ئايرىلماقچى بولدى، ئەمما بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ئىككىنچى يىلى 2 – ئايدا يوقۇتۇلدى.

**مىلادى 1934 – يىلى مىنگونىڭ 23 – يىلى**

8 – ئاينىڭ 1 – كۈنى، شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى بىرلەشمىسى («فەندىخۈي») قۇرۇلدى. شېڭ شىسەي پەخرىي خۈيجاڭلىقىنى ئۈستىگە ئالدى.

**مىلادى 1935 – يىلى مىنگونىڭ 24 – يىلى**

جۇڭگو گوڭچەنداڭى شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلىش ۋە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، 1930 – يىلدىن ئېتىبارەن، بىر تۈركۈم كومپارتىيە ئەزالىرىنى شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتتى. شۇ يىلى 6 – ئايدا، يۈشيۇسۇڭ (يەنە بىر ئىسمى ۋاڭ شيۇچېڭ) قاتارلىقلار شىنجاڭغا كېلىپ، تەشۋىق – تەرغىبات، تەشكىلات خىزمىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتتى.

**مىلادى 1936 – يىلى مىنگونىڭ 25 – يىلى**

شېڭ شىسەي ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش، گوڭچەنداڭنى ھىمايە قىلىش پوزىتسىيىنى قوللاندى، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ تۈرتكىسى ۋە تەسىرى بىلەن «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، شۇرالار بىلەن ياخشى ئۆتۈش، مىللەتلەر ھوقۇقتا باپباراۋەر بولۇش، پاك بولۇش، تىنچلىق، قۇرۇلۇش» سىياسىتىنى تۈزدى. بۇ سىياسەت «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» دەپ ئاتالدى. بۇ سىياسەت شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىجابىي رول ئوينىدى.

**مىلادى 1937 – يىلى مىنگونىڭ 26 – يىلى**

4 – ئايدا، جۇڭگو ئىشچى – دېھقان قىزىل ئارمىيىسى غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسىنىڭ سول تارماق قوشۇنى ئۇرغۇن جەڭلەرنى قىلىپ، شىنجاڭغا يېتىپ كەلدى، كېيىنرەك دىخۇاغا كىرىپ ئورۇنلاشتى. ئۇلار تۇرۇشلۇق ئورۇن «يېڭى ئەسكەرلەر

گازارمسى» دەپ ئاتالدى.

10 - ئايدا، جۇڭگو گوڭچەنداڭى دىخۋا شەھرىدە 8 - ئارمىيىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىنى قۇردى. بىر تۈركۈم كومپارتىيە ئەزالىرى ئارقا - ئارقىدىن شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلدى.

مىلادى 1938 — 1942 - يىللىرى منگونىڭ 27 — 31 يىللىرى

جۇڭگو گوڭچەنداڭى چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلارنى شىنجاڭغا خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتتى، ئۇلار پارتىيىمىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتۇلدۇرۇش ئون چوڭ پروگراممىسى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ سىياسىتى بويىچە، ھەرقايسى تارماقلاردا ئورغۇنلىغان پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئۇيغۇرلار ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پائال تۈردە پۇل ۋە ماددىي نەرسە ئىئانە قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ئاكتىپ ياردەم بەردى.

مىلادى 1942 - يىلى منگونىڭ 31 - يىلى

شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل قىياپىتىنى ئاشكارىلىدى. 9 - ئايدا، چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلارنى قولغا ئالدى ھەمدە باشقا 150 كومپارتىيە ئەزاسىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى باشتا نەزەربەند قىلىپ، كېيىن ھەپسىگە ئالدى.

مىلادى 1943 - يىلى منگونىڭ 32 - يىلى

چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق بىر قىسىم كوممۇنىستلار شېڭ شىسەي تەرىپىدىن مەخپىي تۈردە ئۆلتۈرۈلدى.

مىلادى 1944 - يىلى منگونىڭ 33 - يىلى

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شېڭ شىسەينى شىنجاڭدىكى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك - ئورمانچىلىق مىنىستىرى قىلىپ تەيىنلىدى، شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن چوڭچىڭغا ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن كەتتى. ئارقىدىنلا، ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىككە تەيىنلەندى.

9 - ئايدا، گۇڭخا (ھازىرقى نىلقا) ناھىيىسىدىكى خەلق «ئات ئالۋىنى»غا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

11 - ئايدا، غۇلجا خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، غۇلجىنى ئىشغال قىلدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. بۇ ئۇيغۇر، قازاق خەلقىنى ئاساس قىلغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن جاھانگىرلىككە قارشى قوراللىق كۈرىشى، جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. قوزغىلاڭ تېزلا ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىگە كېڭىيىپ، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» دەپ ئاتالدى.

مىلادى 1945 - يىلى مىنگونىڭ 34 - يىلى

4 - ئايدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى مىللىي ئارمىيىنى قۇرۇپ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارغا شىمال، ئوتتۇرا، جەنۇبىي يۆنىلىشلەردىن ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى.

8 — 9 - ئايلاردا، شىمالىي ۋە ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى مىللىي ئارمىيە قوشۇنلىرى شەرققە قاراپ ئىلگىرىلەپ، ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا يېتىپ كەلدى؛ جەنۇبىي يۆنىلىشتىكى مىللىي ئارمىيە قوشۇنلىرى تىيانشاندىكى مۇز داۋاندىن ئۆتۈپ، ئىككى قېتىم ئاقسۇنى قورشىۋالدى. باي بىلەن ئاقسۇ كونىشەھەرنى ئىشغال قىلدى.

10 - ئايدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئارقا - ئارقىدىن

غەلىبە قىلغۋاتقان ۋەزىيەتتە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىلاجسىز شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى بىلەن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋەكىلى تىنچلىق سۆھبىتى ئۈرۈمچىدە باشلاندى.

مىلادى 1946 – يىلى مىنگونىڭ 35 – يىلى

6 – ئايدا، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى بىرلىكتە بىتىمگە ئىمزا قويدى. بۇ بىتىم «11 بىتىم» دەپ ئاتالدى. بىتىم بويىچە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى، جاڭ جىجوڭ رەئىس، ئەخمەتجان قاسىمى، بۇرھان شەھىدى مۇئاۋىن رەئىس، لىيۇ مېڭچۇن باش كاتىپ، ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋ قاتارلىقلار مۇئاۋىن باش كاتىپ بولدى.

مىلادى 1947 – يىلى مىنگونىڭ 36 – يىلى

2 – ئاينىڭ 25 – كۈنى، گومىنداڭ تەرەپ دىخۇادا «25 – فېۋرال» قانلىق ۋەقەسىنى پەيدا قىلدى. تىنچلىق بىتىمىنى ئاشكارا يىرتىپ تاشلىدى.

5 – ئايدا، مەسئۇد شىنجاڭ ئۆلكىسىگە رەئىس بولدى، ئۇ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى.

7 – ئايدا، تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىدىكى ئۇيغۇر خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈردى، قوزغىلاڭ گومىنداڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن باستۇرۇلدى. بىر قىسىم قوزغىلاڭچى ئامما چېكىنىپ غۇلجىغا كەتتى.

8 – ئايدا، ئۈچ ۋىلايەتتىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قاتناشقان خادىملار ئارقا – ئارقىدىن غۇلجىغا يېتىپ كەلدى. بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئۈزۈل – كېسىل بەربات بولدى.

مىلادى 1949 – يىلى مىنگونىڭ 38 – يىلى

1 - ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىندى. مەسئۇد ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەردى. بۇرھان شەھىدى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە رەئىس بولدى.

5 - ئايدا، جۇ ئېنلەينىڭ يولىيورۇقى بىلەن، جاڭ جىجۇڭ تاۋسىيۈغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئۇنى ھەقىقەتكە قايتىشقا ۋە ھەربىيلەر ئارىسىدا تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە دالالەت قىلدى. بۇرھان شەھىدىمۇ شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش يولىغا مېڭىشىنى تەشەببۇس قىلدى.

8 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋەكىلى دېڭ لىچۈن موسكۋادىن غۇلجىغا كېلىپ، ئۈچ ۋىلايەتتىكىلەر بىلەن ئالاقە باغلىدى، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 1 - سانلىق يىغىنىغا ۋەكىل ئەۋەتىشنى تەكلىپ قىلدى ھەمدە شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىنى ئىلگىرى سۈردى.

8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، ئىسقاقبېك مونونوۋ، دەلىلقان سۈگۈرباييۋ ۋە لۇجى قاتارلىق يولداشلار جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن غۇلجىدىن بېيجىڭغا يولغا چىقتى. 27 - كۈنى، ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ھادىسىگە ئۇچراپ، مىللىي ئازادلىق ۋە خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىي ئىشلىرى يولىدا شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى.

9 - ئاينىڭ 25 - 26 - كۈنلىرى، تاۋسىيۈ، بۇرھان شەھىدىلەر ئارقا - ئارقىدىن ئومۇمىي تېلېگرامما يوللاپ، ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلىدى.

9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، رەئىس ماۋ زېدۇڭ بىلەن باش قوماندان جۇدې بۇرھان شەھىدى، تاۋسىيۈ ۋە شىنجاڭدىكى

ھەقىقەتتە قايتقان ھەربىي - مەمۇرىي خادىملارغا جاۋاب تېلېگىراممىا يوللاپ، ئۇلاردىن ھال سورىدى ۋە ئۇلارنى رىغبەتلەندۇردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇيغۇرلار ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى تىنچ يول بىلەن ئازادلىققا ئېرىشتى.

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. ئۇيغۇرلار ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىللە سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت يېڭى تارىخىي باسقۇچقا كىردى.

12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى.

**مىلادى 1950 - يىلى**

1949 - يىلى 10 - ئايدىن 1950 - يىلى 1 - ئايغىچە، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، 6000 چاقىرىمدىن كۆپرەك يول بېسىپ، شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىش ۋەزىپىسىنى ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىلا ئورۇنداپ بولدى. مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مىللىي ئارمىيىسىمۇ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن ئۇچراشتى ھەمدە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5 - كورپۇسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

**مىلادى 1955 - يىلى**

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى رەسمىي قۇرۇلدى. دۇڭ بىۋۇ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋە رەئىس ماۋ زېدۇڭغا ۋەكالىتەن يىغىنغا قاتنىشىپ تەبرىكلىدى.

## ئاساسلىق پايدىلىنىلغان كىتابلار


«تارىخنامە» (خەن) سىماچيەن تۈزگەن

«خەننامە» (شەرقىي خەن) بەن گۇ تۈزگەن

«كېيىنكى خەننامە» (جەنۇبىي سۇلالىلەر. سۇڭ) فەن خۇا تۈزگەن

«جەنۇبىي چى پادىشاھلىقىنىڭ تارىخى» (لياڭ) شياۋزىشيەن تۈزگەن.

«ۋېينامە» (شىمالىي چى) ۋېي شۇ تۈزگەن

«جۇنامە» (تاڭ) لىڭخۇ دېفېن تۈزگەن

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» (تاڭ) لى يەنشۇ تۈزگەن

«سۈينامە» (تاڭ) ۋېي جېڭ قاتارلىقلار تۈزگەن

«كونا تاڭنامە» (كېيىنكى جىن) ليۇ شۈن قاتارلىقلار تۈزگەن

«يېڭى تاڭنامە» (سۇڭ) ئوۋياڭشيۇ، سۇڭ چى قاتارلىقلار تۈزگەن

«كونا بەش دەۋر تارىخى» (سۇڭ) شۆجۈجېڭ قاتارلىقلار تۈزگەن

«يېڭى بەش دەۋر تارىخى» (سۇڭ) ئوۋياڭشيۇ قاتارلىقلار تۈزگەن

«سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» (يۈەن) توتو قاتارلىقلار تۈزگەن

«لياۋ سۇلالىسى تارىخى» 〃 〃 〃 〃
«جىن سۇلالىسى تارىخى» 〃 〃 〃 〃
«يۈەن سۇلالىسى تارىخى» (مىڭ) سۇڭ ليەن، ۋاڭ ۋېي
تۈزگەن
«مىڭ سۇلالىسى تارىخى» (چىڭ) جاڭ تىڭيۈ قاتارلىق-
لار تۈزگەن
«يېڭى يۈەن سۇلالىسى تارىخى» (چىڭ) كې شياۋ-
ۋېن تۈزگەن
«ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»
(سۇڭ) سىماگۇاڭ تۈزگەن
«‹ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر› نىڭ
داۋامى» (چىڭ) بى يۈەن تۈزگەن
«‹ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەرنىڭ
داۋامى› نىڭ تولۇقلىمىسى» (جەنۇبىي سۇڭ)لى شۇ تۈزگەن
«مىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى» (مىڭ دەۋرىدە ھۆكۈ-
مەت تەرىپىدىن يېزىلغان)
«بۈيۈك تاڭ يارلىقلىرى توپلىمى» (سۇڭ) سۇڭ مىڭچيۇ
تۈزگەن
«كىتابلار جەۋھىرى» (سۇڭ) ۋاڭ چىنرو قاتارلىقلار
تۈزگەن
«تاڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر» (سۇڭ) ۋاڭ بۇ
تۈزگەن
«بەش دەۋر تارىخىغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر» (سۇڭ)
ۋاڭ بۇ تۈزگەن
«‹سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر›دىن تاللانمىلار»
(چىڭ) شۈي سۇڭ رەتلىگەن
«كۆنپېتمىشتىنكى ئەللەرنى زىيارەت قىلىش خاتىرىسى»

(يۈەن) يەللىغ چۇساي
تۈزگەن
«پىركامىل ئەزەم چاڭ چۈن ھەزرەتىنىڭ كۈنپېتىشتىكى ئەل-
لەرنى زىيارەت قىلىش خاتىرىسى» (يۈەن) لى جىچاڭ
تۈزگەن
«غەربىي يۇرتتىكى ۋاسساللار تەزكىرىسى» (مىڭ)
چېن چېڭ تۈزگەن
«خانلىق زېمىن ھەققىدە تەپسىرات» (مىڭ) جاڭ تيەنفۇ
تۈزگەن
«جاھاننەما» (مىڭ) چېن شۈن قاتارلىقلار تۈزگەن
«قۇمۇل ۋاڭىغا ھەمدەم بولۇش خاتىرىسى» (مىڭ)
ماۋ بىنشېڭ تۈزگەن.
«ۋاسساللارنى تىنچىتىشنىڭ باش - ئاخىرى» (مىڭ)
شۇجىن تۈزگەن
«ياقا - يۇرتلارنىڭ تارىخى» (مىڭ) ياڭ يىكۇي
تۈزگەن
«يات قوۋملار توغرىسىدا خاتىرە» (مىڭ) شېن فەنشاڭ
تۈزگەن
«بۇددا پېشىۋالىرىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» (سۇڭ)
شى جىپەن تۈزگەن.
«ئاجايىبات - غارايىباتلار» (سۇڭ) چېڭ داچاڭ تۈزگەن
«قاراقۇرۇم مېتال، تاش پۈتۈكلىرى» لو جېنيۈ سېلىش-
تۇرۇپ، تولۇقلاپ چىققان
«سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر»
(يۈەن) تاۋ زۇنيى تۈزگەن
«تۆۋەنكى جايلاردا تېرىقچىلىقنىڭ خارابلاشقانلىقى ھەققىدە
خاتىرىلەر» (يۈەن) تاۋ زۇنيى تۈزگەن

«بەي جۇيىسىنىڭ چاغچىلىق يىللىرىدا يېزىلغان نەزمە ـ بېيتلىرى» (تاڭ) بەي جۇيىي تۈزگەن

«خۇيچاڭ يىللىرىدا يېزىلغان شېئىرلار» (تاڭ) لى دېيۇ تۈزگەن

«گۇيىزەي قىرائەتخانىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەر توپلىمى» (يۈەن) ئۇۋياڭشۈەن تۈزگەن

«داۋ يۈەن ھەزرەتنىڭ ماقالىلىرى توپلىمى» (يۈەن) يۈجى تۈزگەن.

«ئەلنامە» (مىڭ) تەن چيەن تۈزگەن

«جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» (چىڭ) فۇ خىڭ قاتارلىقلار تۈزگەن

«مۇسۇلمان يۇرتلىرىنى تىنچىتىپ، ئاسىيلار ئەۋلادلىرىنى يوقىتىش تەدبىرلىرى» (چىڭ) ساۋ جېنيۇڭ قاتارلىقلار تۈزگەن

«شەنشى، گەنسۇ، شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان ئوغرىلىرىنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» (قىسقارتىلىپ: «شەنشى، گەنسۇ، شىنجاڭنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» دەپمۇ ئېلىنىدۇ) (چىڭ) يىسۇ قاتارلىقلار تۈزگەن

«بۈيۈك چىڭ ئوردىسىنىڭ تارىخىي خاتىرىلىرى» (چىڭ دەۋرىدە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تۈزۈلگەن)

«شەرقىي قەسىردە ساقلانغان خاتىرىلەر» (چىڭ) ۋاڭ شيەنچەن قاتارلىقلار تۈزگەن

«گۇاڭشۈي خان‌دەۋرانىدا يېزىلغان، شەرقىي قەسىردە ساقلانغان خاتىرىلەر» (چىڭ) جۇ شۇپىڭ تۈزگەن

«چىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» جاۋ ئېرگۇڭ قاتارلىقلار تۈزگەن

«زەپەرنامە» (چىڭ) ۋېي يۈەن تۈزگەن.

«مۇسۇلمانلارنى تىنچىتىش تەپسىراتى» (چىك)
ياڭ يۈشيۇ تۈزگەن
«خۇنەندىكى مۇھارىبىيە خاتىرىلىرى» (چىك)
ۋاڭ دىڭئەن تۈزگەن
«كۇنپىتىشتىكى جايلارنى ئىستېلا قىلىش خاتىرىسى» (چىك)
زىڭ يۈيۇ تۈزگەن
«شىنجاڭنى ئەمىن تاپقۇزۇش ئۇرۇشلىرى ھەققىدە خاتىرىلەر»
(چىك) ۋېي گۇاڭشيۇ تۈزگەن
«زىياۋۇدۇن ۋەقەسى ھەققىدە خانغا يوللانغان مەكتۇپ»
«چىڭگونىڭ خانغا يوللىغان نامىلىرى»
«مەرىپەتلىك، مەدەتكار چاڭ ھەزرەت ئۆزى كۆرۈپ بېكىتكەن
يىلنامە» (چىك) چاڭ لىڭ تۈزگەن
«مەرىپەتلىك، قەيسەر نا ھەزرەتنىڭ خانغا يوللىغان نامىلىرى»
(چىك) نا يەنچېڭ تۈزگەن
«مەرىپەتلىك، مەدەتكار زو زۇڭتاڭ ھەزرەتلىرىنىڭ مەكتۇب -
نامىلىرى توپلىمى. خانغا يوللانغان مەكتۇبلار» (چىك)
زو زۇڭتاڭ تۈزگەن
«مەدەتكار، پىداكار ليۇ ھەزرەتنىڭ مەكتۇب - نامىلىرى
توپلىمى. خانغا يوللانغان مەكتۇبلار» (چىك) ليۇ جىڭتاڭ
تۈزگەن
«جەسۇر، پىداكار تاۋ ھەزرەتنىڭ مەكتۇپ - نامىلىرى توپ-
لىمى. خانغا يوللانغان مەكتۇبلار» (چىك) تاۋ مو تۈزگەن
«چىڭ سۇلالىسىنىڭ خارجى ئىشلار تارىخىغا ئائىت ماتېرىيال-
لار» (چىك) ۋاڭ يەنۋېي تەھرىرلىگەن
«غەربىي يۇرت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر تەپسىراتى»
(چىك) جۇڭ يۇڭ تۈزگەن
«غەربىي يۇرتتىكى دەريا - شاخابچىلار تەپسىراتى»

(چىڭ) شۆي سۇڭ تۈزگەن
«شىنماۋ (توشقان يىلى) يىلىدا قىلىنغان سەپەردە ئامبالغا
ھەمدەم بولۇش خاتىرىسى» (چىڭ) تاۋ باۋلىيەن تۈزگەن
«مۇشەققەتلىك سەپەر» (چىڭ) لىن زېشۈي تۈزگەن
«دەريا - ئەزىم، تاغ - ئېدىرلار تەپسىراتى» (چىڭ) پېي
جىڭفۇ تۈزگەن
«موڭغۇل دالاسىدىكى ساياھەت خاتىرىسى» جاڭ مو
تۈزگەن
«چېگرا مۇداپىئەسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر» (چىڭ)
بى چاڭ تۈزگەن
«مۇسۇلمانلار يۇرتىغا ئائىت قائىدە - نىزاملار» (چىڭ)
توجىڭ قاتارلىقلار تۈزگەن.
«مۇسۇلمانلار يۇرتى ھەققىدە تەپسىرات» (چىڭ) سۇ ئېردې
تۈزگەن
«غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» (چىڭ)
فۇخۇەن قاتارلىقلار تۈزگەن.
«غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم» (چىڭ)
چۈنيۈەن (يەتمىش بىرىنچى) تۈزگەن
«مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» (چىڭ)
خې يىسىڭ تۈزگەن
«ئۈچ ئايماق ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە» (چىڭ) خې نىڭ تۈزگەن
«غەربىي چېگرىنىڭ ئىشلىرىنى ئومۇمىي جەھەتتىن باشقۇرۇش
ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات» (چىڭ) ۋاڭ تىڭكەي تۈزگەن
«شىنجاڭ ھەققىدە ئومۇمىي مەلۇمات» (چىڭ) سۇڭ يۈن
قاتارلىقلار تۈزگەن
«دەۋرانىمىزدىكى ۋاسسالار ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات»
(چىڭ) چى يۈنشى تۈزگەن

«غەربىي چېگرا ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات» (چېك) چى يۈنشى تۈزگەن

«شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» (چېك) ۋاڭ شۈنەن تۈزگەن

«دىڭگەن ئەپەندىنىڭ ماقالىلىرى» (چېك) گوڭ زىجېن تۈزگەن

«گۇەنتاڭ ھۇجرىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەر» ۋاڭ گوۋېي تۈزگەن

«ئۇيغۇر تەتقىقاتى» ليۇيىتاڭ تۈزگەن

«ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللاردىن قىسقىچە مەلۇمات» فېڭ جياشېڭ، چېڭ سۇلو، مۇگۇاڭۋېنلار تۈزگەن

«ئۇيغۇر تارىخى» لى فۇتۇڭ يازغان

«شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى تۈزگەن

«قاراخانىيلار تارىخىدىن ئومۇمىي بايان» ۋېي لياڭتاۋ يازغان

«قەدىمكى تۈرك تىلىدا يېزىلغان ۋەسىقىلەردىن تاللانمىلار» مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى تۈزگەن

«تۈرك تارىخى» چېڭ جۇڭمىيەن يازغان

«ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە ئەسەرلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» گېڭ شىمىن يازغان

«قۇتادغۇبىلىك»    يۈسۈپ خاس هاجىب يازغان
«تۈركىي تىللار دىۋانى»    مەھمۇد قەشقەرى يازغان
«تارىخى ھەمىدى»    موللا مۇسا سايرامى يازغان
«ئوغۇز نامە»    كېلىك شىمىن قاتارلىقلار ئىزاھلىغان
«تەۋارىخى مۇسقىيۇن»    موللا ئىسمەتۇللا مۆجىزە يازغان. ئەنۋەر بايتۇر قاتارلىقلار ئىزاھلىغان.
«ئەتەبەتۇل ھەقايىق»    موللا ئەھمەد يۈكنەكى يازغان
«ئابدىرىيىم نىزارى داستانلىرىدىن تاللانما»
«ل. مۇتەللىپ شېئىرلىرىدىن تاللانما» جاڭ شىرۇڭ ياڭ جىنشاڭ تۈزگەن
«لىمشەھىت شېئىرلىرىدىن تاللانما»
«جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى» (بىرىنچى قىسىم) ماۋشىك تەھرىرلىگەن
«ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»    لى گوشياڭ يازغان
«قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ‹بۇددىساتىۋا، ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى بۈيۈك نوم ئۇستازىنىڭ تەرجىمھالى› ئۈستىدىكى تەتقىقات»    فېڭ جياڭشېڭ يازغان
«غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ خەنزۇلىشىشى ھەققىدە ئىنىقلىما» چېن يۈەن يازغان
«ئىستىغپارە ھۇجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار»    ياڭ زېڭشىن تۈزگەن
«جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇش تارىخى» زېڭ ۋېنۋۇ يازغان
«مەرىپەتلىك، مەدەتكار زو زۇڭتاڭ ھەزرەتلىرى غەربىي - شىمالدا»    چىلىك خەنسەي يازغان
«زو زۇڭتاڭ ۋە شىنجاڭ»    دۇ جىڭگو يازغان
«شىنجاڭدىكى ساياھەت خاتىرىسى»    شېي بىن يازغان
«شىنجاڭغا ساياھەت»    ۋۇ كېچىن يازغان

«شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش خاتىرىسى»     فېڭ يۈجېن
يازغان
«شىنجاڭ مەسىلىسى»     چېڭ لودىڭ يازغان
«شىنجاڭنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»
خۇڭ دىچېن يازغان
«شىنجاڭنىڭ ئون يىلى»     جۇ دۇڭجياۋ يازغان
«شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭغا كەلتۈرگەن كۈلپەتلىرىدىن
خاتىرە — 2»     جۇ دۇڭجياۋ يازغان
«غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەر ۋە دىنلارغا ئائىت تارىخىي
ماتېرىياللاردىن ئۈزۈندىلەر»     (شىنجاڭ قىسمى)
گەنسۇ ئۆلكىلىك
كۇتۇپخانا تۈزگەن.
«چاررۇسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىي - شىمال
چېگرا رايونلىرىغا تاجاۋۇز قىلىش تارىخى»     مەزكۇر كىتابنى
يېزىش گۇرۇپ-
پىسى يازغان
«جۇڭگو - روسىيە مۇناسىۋىتىگە ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار»
(شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئەسى) تەيۋەن
مەركىزىي تەتقىقات ئاكادېمىيىسى
يېقىنقى زامان تارىخى تەتقىقات
ئورنى تۈزگەن
«شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»     بۇرھان شەھىدى يازغان
«جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»     جاڭ جىجۇڭ يازغان
«شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى»

جاڭ داجۇن يازغان
«قولچوماق گېنېرال» سۇڭ شلىيەن
«شىنخەي ئىنقىلابى» (يەتتىنچى قىسىم) جۇڭگو تارىخشۇناسلىق جەمئىيىتى
تۈزگەن
«شىنخەي ئىنقىلابى توغرىسىدا ئەسلىمىلەر» (5 - قىسىم) مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقات كومىتېتى
تۈزگەن
«شىنخەي ئىنقىلابى شىنجاڭدا» ۋېي چاڭخۇڭ تۈزگەن
«جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى» ج ك پ شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى تەشۋىقات
بۆلۈمى، تەتقىقات ئىشخانىسى تۈزگەن
«شىنجاڭ يىلنامىسى» (1985 -، 1986 - يىللىق) ش ئۇ ئا ر
تەزكىرە كومىتېتى تۈزگەن
«شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى» (1 — 15، 20 - توپلام) سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ تارىخى
ماتېرىياللىرى كومىتېتى تۈزگەن
«ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى» (1 — 21) سىياسىي - كېڭەش ئۈرۈمچى شەھەر-
لىك تارىخ ماتېرىياللىرى كومىتېتى
تۈزگەن
«شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات» ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيە-

سى ئىقتىسادىي تەتقىقات ئورنى تۈزگەن

«شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ماقالىلەر توپلىمى» نىڭ داۋامى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزۈپ نەشر قىلغان

«ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر ماتېرىياللار» (1 ـ قىسىمدىن 8 ـ قىسىمغىچە) (شىفىگراف نۇسخىسى) شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جەمئىيەت تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن

«شىنجاڭ ئىنقىلابىي قۇربانلىرى» (1 ـ قىسىم) ش ئۇ ئا ر خەلق ئىشلارنازارىتى تۈزگەن

«شىنجاڭ تۈرمىلىرىدىكى كۆرەش توغرىسىدا ئەسلىمىلەر» فاڭ جىچۈن يازغان

«شىنجاڭ مەنزىرىلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزۈپ نەشر قىلغان

«شىنجاڭ توغرىسىدا مەلۇمات» دىڭ كېي، شېڭ ۋېيفىڭ

«شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى ۋە تائاملىرى ھەققىدە قىسقىچە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزۈپ نەشر قىلغان

«جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نىكاھ ـ ئائىلە ئىشلىرى» يەن رۇشىيەننىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن

«ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى» ۋەن تۇڭشۇ تۈزگەن

«شىنجاڭ گىلەمچىلىكىنىڭ قىسقىچە تارىخى» جىيا يىڭيى، جاڭ خېڭدې تۈزگەن

| | |
|---|---|
| «شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مىمارچىلىقى» | جۇڭگوبىناكارلىق تېخنىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەركىزى تارىخ تەتقىقات ئورنى تۈزگەن |
| «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى» | گې باۋچۇەننىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن |
| «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» | ئابدىكېرىم، لېتىپجانلار توپلىغان |
| «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىن تاللانمىلار» | لىيۇفا جۈن تۈزگەن |
| «شىنجاڭدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىن قىسقىچە تەپسىرات» | لىيۇ شىگەن يازغان |
| «شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ دوپپا نۇسخىلىرى» | جاڭ خېڭدې قاتارلىقلار توپلاپ، رەتلىگەن |
| «ئۇيغۇر گۈل نۇسخىلىرى توپلىمى» | خەن لېيەنفېن، لىيۇ دىڭجۈن، شىې كەي قاتارلىقلار توپلاپ رەتلىگەن |
| «جامىئۇل تاۋارىخ» | (پېرسىيە) رەشىددىن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن |
| «تارىخى رەشىدى» | مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگانى |
| «تارىخى جاھانكۇشاي» | (ئىران) جۇۋەينى |

«جامىئۇت تاۋارىخ» ئىبنى ئاسىر
«ھۇدۇدۇلئالەم»
«ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىغا دائىر 12 لېكسىيە»
(سوۋېت ئىتتىپاقى) W. بارتولد
«قەدىمكى تۈركچە ۋەسىقىلەر» (سوۋېت ئىتتىپاقى)
مالوۋ
«دوسان موڭغۇل تارىخى» فېڭ چېڭجۈن تەرجىمىسى
«قەدىمكى ئۇدۇن» (ئەنگلىيە) ستەيىن يازغان
«ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمكى زامان تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات»
(روسىيە) پىرشىناد يازغان
«مانىزىمنىڭ جۇڭگودا تارقىلىشى ئۈستىدە تەتقىقات»
(فىرانسىيە) چاۋانس يازغان
«غەربىي يۇرتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدە ئومۇمىي
بايان» (ياپونىيە) ئۇداكىيو يازغان
«غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» (ياپونىيە)
ئۇدا كىيۇ يازغان
«تاڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ئۈستىدە تەتقىقات» (ياپونىيە)
ئۇدا كىيۇ يازغان
«ماتېپۇرىسنىڭ جۇڭگو توغرىسىدىكى ئەسلىمىلىرى»
(ئىتالىيە) ماتتئورىس، جىنگ يازغان
«جۇڭگودا مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە
ئۇنىڭ غەربكە تارقىلىشى» (ئامېرىكا) كاد يازغان
«موڭغۇل ئىستېلاسىدىن بۇرۇنقى تۈركىستان» (ئەنگلىيە)
بارت يازغان
«قەدىمكى جۇڭگوغا قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى»
(ئەنگلىيە) ئىر يازغان

«روبلىرنىڭ شەرققە قىلغان ساياھىتى» (فرانسىيە)
روبلىر يازغان
«جۇڭگو، ئىران» (ئامېرىكا) روففېر يازغان
«شىنجاڭدىكى مەدەنىيەت خەزىنىلىرى» (گېرمانىيە)
لىكوك يازغان
«تۈركىي يېزىقتىكى تۇرپان تېكىستلىرى» (گېرمانىيە)
ۋ. باڭ، ئا. گابائىن يازغان
««قۇتادغۇبىلىك» كە كىرىش سۆز» (روسىيە) رادلوۋ
يازغان
«بۇددىزم غەربىي يۇرتتا» (ياپونىيە) خاتانىساتورۇئاكى
«پارىژدا ساقلىنىۋاتقان دۇڭخۇاڭ تېكىستلىرى» (فرانسىيە)
پېللىئوت
تۈزگەن
«غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيىسىدىن مۇھىم نەمۇنىلەر»
(فرانسىيە) گولۇب تۈزگەن
«قەدىمكى ئۇدۇن تىلىدىكى ۋەسىقىلەر» (ئەنگلىيە)
بېلى يازغان
«قەدىمكى ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرىدىن خاتىرىلەر» (روسىيە)
رادلوۋ
يازغان
«X ئەسىردىن XIV ئەسىرگىچە بولغان ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ
ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمى» (سوۋېت ئىتتىپاقى)
تېخونوۋ
«تىل - يېزىق ۋە تارىخ مەسىلىلىرى» (ماقالىلەر توپلىمى)

(سوۋېت ئىتتىپاقى) مالوۋ قاتارلىقلار يازغان
«سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىنىڭ تارىخىنى توغرا شەرھلەش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى» (ماقالىلەر توپلىمى) (سوۋېت ئىتتىپاقى) سايىمبايوۋ قاتار-
لىقلار يازغان
«زو زۇڭتاڭنىڭ تەرجىمھالى» (ئامېرىكا) بارس
يازغان
«ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمھالى» (ئەنگلىيە) چارلىز بولگى
يازغان
«قەشقەرىيە» (روسىيە) كروپاتكىن يازغان
«ماردىز قەشقەردە» (ئەنگلىيە) سكرىنىن يازغان
«جۇڭگونىڭ سەددىچىن سېپىلى سىرتىدىكى غەربىي زېمىنى» (روسىيە) ن. ۋ. بوگياۋلىيانسكى يازغان
«مېنىڭ غەربىي سىبىرىيىدە خىزمەت ئۆتىگەن چاغلىرىمدىكى ئەسلىمەم» (روسىيە) باۋىكوۋ يازغان
«جۇڭغارىيە تارىخى» (سوۋېت ئىتتىپاقى) زىلاتكىن
تېرىپتىيېۋ
«ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىستېلا قىلىنىش تارىخى»
(سوۋېت ئىتتىپاقى) تېرىپتىيېۋ يازغان
«XVIII — XIX ئەسىردىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» (ياپونىيە) ساكۇچى تۇرۇ يازغان
«قەدىمكى تىيانشان توغرىسىدا تارىخ - جۇغراپىيە جەھەتتىن ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات» (ياپونىيە) ماتسۇدا توشىئۇ يازغان

# ئاخىرقى سۆز

«ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ھازىر كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن، «يېزىقچىلىق گۇرۇپپىسى» دىكى يولداشلار كۆپچىلىككە ئۇنىڭ يېزىلىش جەريانى ھەققىدە تۆۋەندىكىچە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتۈشنى لازىم تاپتۇق.

شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ئۇزاق ۋاقىت ماتېرىيال جۇغلاش نەتىجىسىدە، نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ جاپالىق خىزمەت قىلىشى، ئەجىر سىڭدۈرۈشى بىلەن، بولۇپمۇ ئۇيغۇر، خەنزۇ ئالىملىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا يېزىپ چىقىلدى. ئەگەر، ئۇيغۇر، خەنزۇ ئالىملىرى ھەمكارلاشمىغان ۋە تۈزگۈچىلەر كۆڭۈل بۆلمىگەن، قوللىمىغان ۋە ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا مېھنەت سىڭدۈرمىگەن بولسا، بۇ كىتابنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى تەس ئىدى.

بۇ كىتابنىڭ ئەسلى نۇسخىسى «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى ۋە قىسقىچە تەزكىرىلىرى توپلىمى» ئىدى. خۇددى، «نەشر قىلىش ھەققىدە ئىزاھات» تا دېيىلگىنىدەك، «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى ۋە قىسقىچە تەزكىرىلىرى توپلىمى» نى يېزىش ئىشى 1958-يىلى 10-ئايدىلا باشلانغانىدى. شۇ چاغدا بۇ ۋەزىپىنى «جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى» ئۆز زىممىسىگە ئالغانىدى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، بىر تۈركۈم يولداشلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ

تارىخىنى ۋە ھازىرقى ھالىتىنى تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇردى. ئۇلاردىن ئاساسەن، ئابدۇۋايىت، چېڭ سولۇ، ئابدۇغېنى ليۇ يۇڭچيەن، نازىرووۋ، ۋاڭ يۈشېڭ، دۇڭ ۋېنفاڭ، چېن گۈيلەن، قاسىم، خۇاڭ جىكۇن، تۇرسۇن، ئابلىمىت، جۇ باۋيۈ، جاۋ دېئەن، ليو جىشياۋ، قۇربان، دېڭ جېڭچىڭ قاتارلىق يولداشلار تەكشۈرۈشكە قاتناشتى؛ فېڭ جياشېڭ، لۇ جىپىڭ، گو پىڭلياڭ، دىڭ جېڭچىڭ قاتارلىق يولداشلار ۋەسىقە - ماتېرىياللارنى تېپىپ ئوقۇپ چىقىشقا قاتناشتى. كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش ۋە ۋەسىقە - ماتېرىياللارنى ئوقۇپ چىقىش ئىشى تاماملانغاندىن كېيىن، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ قارارى بويىچە، فېڭ جياشېڭ نىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاساسەن دېڭ جېڭچىڭ نىڭ قەلەم تەۋرىتىشى بىلەن كىتاب ئورىگىنالى يېزىلىشقا باشلىدى، ئورىگىنال 1961 - يىلى 9 - ئايدا تاماملاندى ھەمدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئالاقىدار يولداشلارنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، مەتبەئەگە بېرىلدى. مانا بۇلار بىز بۈگۈن كىتابخانلارغا تەقدىم قىلغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن بۇ كىتابنىڭ يېزىلىشىغا سەۋەب بولغان ئەھۋال ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئەھۋاللاردۇر.

قولىڭىزلاردىكى ئۇشبۇ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» نى 1981 - يىلى دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى قارىمىقىدىكى مىللىي مەسىلىگە ئائىت بەش كىتاب تەھرىرىيىتى ئۇيۇشتۇرغان يېزىقچىلىق گۇرۇپپىسى يېزىپ چىقتى. شۇ چاغدىكى يېزىقچىلىق گۇرۇپپىسى چېڭ سولۇ، ئۇيغۇر سايرانى، رېڭ يىفېي يولداشلاردىن تەركىب تاپقانىدى. 1983 - يىلى 1 - ئايدا،

چېڭ سولو، رېڭ يىفېيلەر بۇ كىتابنىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالىنى يېزىپ پۈتتۈردى، يولداش چېڭ سولو كىتابنىڭ 1 — 8 - بابلىرىنى (قەدىمكى زامان تارىخى قىسمىنى)، يولداش رېڭ يىفېي 9 — 16 - بابلىرىنى (يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخى، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەت، دىن ۋە چوڭ ئىشلار يىلنامىسى، ئاساسلىق پايدىلىنىلغان كىتابلار كاتالوگى قاتارلىق قىسىملىرىنى) يازدى. دەسلەپكى ئورىگىنال يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئۇيغۇر، خەنزۇ مۇتەخەسسىسلەرنى، ئالىملارنى بېيجىڭغا تەكلىپ قىلىپ، بېيجىڭدىكى مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار بىلەن بىللە، كىتابنىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالىنى مۇھاكىمە قىلىشقا قاتناشتۇردى. شۇ قېتىمقى مۇھاكىمىدە كىتابنىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىندى. بۇ مۇھاكىمىگە ئۇيغۇرسايرانى، ئىمىن تۇرسۇن، سابىت، تىيىپجان ھادى، مۇختەبەر، ئابدىرىشىت ئىسلام، ھامۇت راخمان، تۇرغۇن ئالماس، مۇسا رېھىم، ئىمىن ئەخمىدى، قاسىم ئارىش، ئابدۇۋەلى ئەلى (ۋەلى)، خەمىت تۆمۈر، شەمشىدىن، ئەنۋەر بايتۇر، ئابلىمىت يۈسۈپ، قادىر نىياز، سۇڭ شۇخۇا، دۇ رۇڭكۈن، چېن يۇگلىن، جۇ گۇيىۋەن، چېن چىڭيىن، لىيۇ جىشاۋ، سۇ بېيخەي، جى داچۈن، شۇ بوفۇ، دېڭ بو، ۋېي لاڭتاۋ، يىن چىڭ، چېڭ سولو، رېڭ يىفېي، جۇنىڭ، موگۇاگۇيىن، چېن جۇنمۇ، خەن گوگاڭ قاتارلىق يولداشلار قاتناشتى. مۇھاكىمە جەريانىدا، ئالىملار كىتاب ئورىگىنالىغا يەنە تۈزىتىش كىرگۈزۈش كېرەك، دەپ قارىدى. كېيىن، يولداش شۇ بوفۇ شىنجاڭدىن كېلىپ، كىتابنى تۈزىتىش تېزىسىنى يېزىقچىلىق گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىلەن بىللە مۇزاكىرە قىلىپ تۈزىتىش كىرگۈزۈش تېزىسىنى تۈزۈپ چىقتى.

1985 - يىلى 12 - ئايدا، يېزىقچىلىق گۇرۇپپىسى

كىتابنىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالىنى تېزىس بويىچە ئۆزگەرتىپ چىقتى ۋە ئۆزگەرتىلگەن نۇسخىسىنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، يەنە بىر قېتىم پىكىر ئالدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي ئىشلار كومىتېتى يىغىن ئېچىپ، كىتابنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسىنى مۇھاكىمىگە قويدى. شۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنىغا بادە، مايىن، جاڭ ياڭۇۋ، ئۇيغۇرسايرانى، ۋاڭ گۇيچىڭ، مەمتىمىن توختى، سىرىنجاپ، ئىبراھىم مۇتىي، ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىن، شەرىپىدىن ئۆمەر، ئابلەت ئۆمەر، مەمتىمىن روزى، موھىددىن ۋېلىم، قاسىم ئارىش، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، قېيۇم خوجا، سابىت، ئىمىن تۇرسۇن، ماموت سابىت، خېۋىر تۆمۈر، خەمىت سۇلتان، قادىر نىياز، گو پىڭلياڭ، شۇ بوفۇ، جى داچۈن، ليو جىشياۋ، سۇڭ شۇيىڭ، ۋېي چاڭخۇڭ، شۈي خەيشېڭ، سۇ بېيخەي، ليۇ ۋەنيۇ، رېڭ يىفېي، مەھەممەت نىياز، دېڭ بو، خۇ شاۋمېي، لېي يۇڭياۋ، ليو ۋېيشىن قاتارلىق يولداشلار قاتناشتى. مۇھاكىمە يىغىنىدا كىتابنىڭ قەدىمكى زامان قىسمىنىڭ 1 -، 2 - بابلىرى (ئېتنىك مەنبەسى مەسىلىسى)نى ئۇيغۇر سايرانى، قاسىم ئارىش، قېيۇم خوجا، شۇ بوفۇ قاتارلىق يولداشلارنىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆزگەرتىپ يېزىپ چىقىشى قارار قىلىندى. ئۆزگەرتىش جەريانىدا، ئۇيغۇرسايرانى، قېيۇم خوجا، قاسىم ئارىش، ئىمىن تۇرسۇن، ھەبىبۇللا خوجا قاتارلىق يولداشلار نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللارنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرچە ماتېرىياللارنى ئاختۇرۇپ كۆرۈپ قەدىمكى زامان قىسمىنىڭ يېڭى ئورىگىنالىنى يېزىپ چىقتى. ئۇنى شياۋ جۇڭيى، رېشات نۇرەخمەت، دولقۇن، ليۇ ۋەنيۇ خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلدى. ۋېي لياڭتاۋ، ليۇيىنشېڭ يولداشلار ئالاقىدار ماتېرىياللار بىلەن تەكشىلىدى

1987 - يىلى 6 - ئايدا، دۆلەت مىللىي ئىشلار

كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش ئىسمايىل ئەمەت خىزمەت بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مايىن، ئۇيغۇر سايرانىلارنىڭ مەسئۇللىقىدا، «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ۋە ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىدىكى ئۇزاقىچە مۇنازىرە بولۇۋاتقان بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەستايىدىل مۇھاكىمە ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭغا رېڭ يىفېي، شۇ بوفۇ، گوپىڭلىياڭ، ئەنۋەر بايتۇر، ليۇ ۋېيشىڭلار قاتناشتى. مۇزاكىرە ئارقىلىق پىكىردە بىرلىككە كېلىندى. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (قەدىمكى زامان قىسمى) نى بېكىتىش توغرىسىدا پىكىر تەييارلاپ چىقىلدى. «بېكىتىش پىكرى» تەييارلاپ چىقىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن تۆمۈر داۋامەت، ھامىدىن نىياز، بادەي، ئىسمايىل ياسىنوۋ، ئىمىنوۋ ھامىت، ساۋدانوۋ، ئىسمايىل مەخسۇت، مۇسايوۋ، تۇرسۇن ئاتاۋۇللا، ئەنۋەرخان بابا ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي ئىشلار كومىتېتىدىن ئابلايوۋ، چىن گوشۆ قاتارلىق رەھبىرى يولداشلار يىغىلىپ «بېكىتىش پىكرى» مەخسۇس مۇزاكىرە قىلىندى. مۇزاكىرىدە «بېكىتىش پىكرى» دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان روھقا ھەممەيلەن بىردەك قوشۇلدى. «بېكىتىش پىكرى» ماقۇللانغاندىن كېيىن، يېزىقچىلىق گۇرۇپپىسى «بېكىتىش پىكرى» گە ئاساسەن، ئورگىنالنى يەنە ئۆزگەرتىپ يېزىپ چىقتى.

1987 - يىلى 12 - ئايدىن 1988 - يىل 4 - ئايغىچىلىك بولغان ئارىلىقتا، يېزىقچىلىق گۇرۇپپىسى بېيجىڭدا تۆتىنچى قېتىم ئۆزگەرتىلگەن نۇسخىنى بېكىتىش يىغىنى ئاچتى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا مايىن، جاڭ ياگۇۋ، ئۇيغۇر سايرانى، چىڭ سولو، رېڭ يىفېي، چىن چىرىن، ئەنۋەر بايتۇر، شۇ بوفۇ، لى كەي، جىن خۇي، ليۇ ۋېيشىن قاتارلىق يولداشلار قاتناشتى.

بېكىتىش يىغىنىدا، چىڭ سولو، ئۇيغۇر سايرانى، رىڭ يىفېي، شۈ بوفۇ، لى كەي، ئەنۋەر باتۇرلارنىڭ پۈتۈن كىتابنى يەنە بىر قېتىم تۈزىتىپ چىقىشى ياكى ئۆزگەرتىپ يېزىپ چىقىشى، ئەڭ ئاخىرىدا رىڭ يىفېي، لى كەيلەرنىڭ ئورىگىنالنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ چىقىشى قارار قىلىندى. ھازىر ئالدىمىزدا تۇرغان بۇ كىتاب شۇ قېتىمقى تۈزىتىش ياكى ئۆزگەرتىپ يېزىش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلدى.

«ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» كىتاب بولۇپ پۈتۈپ چىققۇچە قايتا - قايتا ئۆزگەرتىش ۋە ئەستايىدىل پىششىقلاش جەريانىنى بېسىپ ئۆتتى. بۇ جەرياندا، يېزىقچىلىق گۇرۇپپىسى ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى، ئۇيغۇر، خەنزۇ ۋە باشقا مىللەتتىن بولغان مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. شۇڭا، بىز بۇ كىتابنىڭ بېكىتىلىشى، نەشر قىلىنىشى ۋە تارقىتىلىشىنى ھەر مىللەت ئالىملىرىنىڭ ئورتاق ھەمكارلىقىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ نۇرغۇنلىغان رەھبىرىي يولداشلار ۋە ھەر مىللەت مۇتەخەسسىس، ئالىملىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىنىڭمۇ نەتىجىسى، ئەلۋەتتە. ھازىر بۇ نەتىجە ۋۇجۇدقا چىقىرىلدى، چوڭ ئىشتىن بىرى تاماملاندى. بىز بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، بۇ كىتابقا كۆڭۈل بۆلگەن، بۇ كىتابنى يېزىپ چىقىشقا ياردەم بەرگەن يولداشلارغا چىن كۆڭلىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز، كىتابتىكى خاتالىقلارنى، مۇۋاپىق بولمىغان يەرلىرىنى كىتابخانلارنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشىنى سورايمىز.

**«ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»نى**
**يېزىش گۇرۇپپىسى**

بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1989 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى، 1989 - يىل 8 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据新疆人民出版社1989年8月第一版，1989年8月第一次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: ۋەلى
قۇربان ۋەلى

ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى

«ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» نى يېزىش گۇرۇپپىسى
ئېزىز يۇسۇپ، تۇرسۇن پالتا
تەرجىمە قىلغۇچىلار: جۇمەخۇن، روزى تۇردى، زاھىد رەھىم،
ئابلەت نۇردۇن، ۋەلى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى № 54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتر 1/32
باسما تاۋىقى: 26 قىستۇرما ۋارىقى: 13
1989 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى
1990 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3,000
ISBN 7 — 228 — 01252 — 6/K·109
باھاسى: 10.50 يۈەن

责任编辑：外力，库尔班·外力

维 吾 尔 族 简 史 （维吾尔文）
《维吾尔族简史》编写组
艾则孜·玉苏甫，吐尔逊·帕力塔，居马洪，肉孜·吐尔地，
扎依提·热依木，阿不来提·努尔丁，魏力 等译

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华书店发行 新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米 32开本 26印张 13插页
1989年11月第1版 1990年5月第1次印刷
印数：1——3,000

ISBN 7-228-01252-6/K·109 定价：10.50元